ئەبۇ جەئفەر مۇھەممەد بىننى جەرىر تەبەرى

# تارىخى تەبەرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىمىن تۇرسۇن

ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى

# مۇندەرىجە

تارىخچى تەبەرى ۋە «تارىخ تەبەرى» ........ (1)
ئاساس قىلىنغان نۇسخا ........ (8)

## بىرىنچى جىلد

تەرجىمان ۋە مۇئەللىپنىڭ كىرىش سۆزى ........ (11)
فەسلى دەستان. مەقالەئى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام يەر يۈزىگە كەلگەنلەرى ........ (14)
بەيتۇل - مەئمۇرنى بىنا قىلغان بەيانى ........ (15)
فەسلى دەستان. مەقالەئى ھەزرەتى ئادەم ۋە شىش ئەلەيھىسسەلام پەيغەمبەرلىكلەرى ........ (20)
فەسلى دەستان. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيسىسسەلامنىڭ ۋە فاتلەرى زىكرى ........ (21)
فەسلى دەستان. ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسەلام پەيغەمبەر بولغانلەرى زىكرى ........ (22)
فەسلى دەستان. مەقالەئى ئاتەشپەرەست پەيدا بولغانى بەيانى ........ (24)
فەسلى دەستان. كەيۇمەرسنىڭ پادشاھلىقى بەيانى ........ (26)
فەسلى دەستان. تەھمۇرس پادشاھ زىكرى ........ (35)

## جەمشىدنىڭ پادشاھلىق زىكرى

فەسلى دەستان. بەنبۇرەست پادشاھلىقى زىكرى ........ (38)

فەسلى دەستان. ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام پەيغەمبەرلىكلەرى
زىكرى ...... (38)
فەسلى دەستان. قىسسەئى فەرىدۇن بىننى ئابتىين بىننى ئەفىسا ......
...... (45)
فەسلى دەستان. پادىشاھ گۇش زىكرى ...... (46)
قىسسەئى نەمرۇد بىننى كەنئان بىننى گۇش...... (47)
قىسسەئى شەدىد ...... (48)
فەسلى دەستان. ئەلقىسسە شەدداد ...... (49)
فەسلى دەستان. قىسسەئى سەمۇد ...... (51)
فەسلى دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ...... (52)
نەمرۇدنىڭ ئۆلگەنى ...... (58)
ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلامنىڭ تۇغۇلغانلەرى ...... (60)
ھەزرەتى ئىبراھىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلام خانەئى كەئبەنى بىنا
قىلغان زىكرى ...... (62)
ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلام زىكرلەرى ...... (63)
ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىسسەلام زىكرلەرى ...... (64)
فەسلى دەستان. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلام زىكرلەرى ...... (65)
فەسلى دەستان. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام زىكرلەرى ...... (67)
ھەزرەتى يۇسۇف بىرلە زىلەيخا زىكرلەرى ...... (73)
فەسلى دەستان. قىسسەئى ئەييۇب ئەلەيھىسسەلام ...... (94)
فەسلى دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھىسسەلام...... (100)
فەسلى دەستان. قىسسەئى پادىشاھ مەنۇچىھرە...... (105)
فەسلى دەستان. ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ تۇغۇلغانلەرىنىڭ
زىكرى ...... (114)
ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ھىجرەت قىلغانلەرى...... (120)
ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ مىسىرغا كەلگەنلەرىنىڭ زىكرى ......
...... (127)
قىسسەئى ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ مىسىردىن چىققانلەرى
ۋە فىرئەۋن ئەلەيھىل لەئنەنىڭ غەرق بولغانى...... (133)

# ئىككىنچى جىلد


فەسلى دەستان. ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلام كۇھى تۇردا مۇناجاتغە بارغانلەرى ۋە قەۋملەرى گاۋ سالاپەرەست بولغانلەرىنىڭ قىسسەسى ........ (141)

فەسلى دەستان. ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەفاتلەرى زىكرى ........ (146)

فەسلى دەستان. بەلئەم باغۇرنىڭ قىسسەسى ........ (148)

فەسلى دەستان. كەيقۇباد پادشاھلىقى ........ (153)

فەسلى دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھىسسەلام ........ (154)

فەسلى دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھىسسەلام ........ (155)

فەسلى دەستان. ھەزرەتى لوقمان ھەكىم قىسسەلەرى ........ (158)

فەسلى دەستان. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام قىسسەلەرى ........ (159)

قىسسەئى بىلقىس ........ (160)

فەسلى دەستان. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەفاتلەرى قىسسەسى ........ (165)

فەسلى دەستان. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام روزگارلەرىداقى ئەجەم پادشاھى زىكرى ........ (166)

فەسلى دەستان. كەي خۇسراۋ پادشاھلىقى زىكرى ........ (172)

فەسلى دەستان. قىسسەئى رەجئەم پادشاھ ........ (179)

فەسلى دەستان. قىسسەئى پادشاھ لەھرە سب ........ (182)

فەسلى دەستان. قىسسەئى پادشاھ گۇشتاسىب ........ (184)

فەسلى دەستان. قىسسەئى بەھمەنە بىننى ئىسفەندىيار روينەتەن ........ (186)

فەسلى دەستان. قىسسەئى سەبا پادشاھلارى ........ (188)

فەسلى دەستان. قىسسەئى بەھمەن بىننى ئىسفەندىيار ئوغلى داراب ........ (191)

فەسلى دەستان. يۇنان پادشاھلارى زىكرى ........ (201)

دەستان. ئەجەم پادشاھلارى ۋاقىئەسى................ (204)
دەستان. ئەشكانى پادشاھلارى ................ (206)
دەستان. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھىسسەلام................ (207)
دەستان. قىسسەئى مەريەم بىنتەئىمران ........ (208)
دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىسسەلام................ (211)
دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسەلام................ (212)
دەستان. قىسسەئى ھىجرەت مەريەم ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسەلام ...... (215)
دەستان. قىسسەئى زىكرىيا ئەلەيھىسسەلامنى شەھىد قىلغانى زىكرى
................................................ (218)
دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ پەيغەمبەرلىكلەرنىڭ
زىكرى ................................................ (219)
دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئاسمانغە
چىققانلەرى ................................................ (222)
فەسلى دەستان. ھەزرەتى مەريەمنىڭ ۋەفاتلەرى ۋە ھەزرەتى يەھيانىڭ
ئۆلتۈرۈلگەن قىسسەلەرى ................................ (225)
دەستان. قىسسەئى پادشاھان روم ۋە شام ........................ (228)
فەسلى دەستان. ئىسكەندەردىن كېيىن دەريانى دىجلەنىڭ بويانىدا تا
پەيغەمبەرىمىز ۋەقتلەرىغەچە ئۆتكەن پادشاھلار بەيانى ............ (231)
فەسلى دەستان. قىسسەئى ئەل-ئەبرەش ........................ (234)
دەستان. خۇزەيمە ئەل-ئەبرەشنىڭ ئۇمەر بىننى تەرب بىرلە جەڭ
قىلغان ۋاقىئەسى ................................ (239)
دەستان. ئۇمەر بىننى ئەددىنىڭ زەببا بىرلە زەفەر تاپغانىنىڭ
قىسسەسى ................................................ (243)
دەستان. قىسسەئى جابىر بىننى رەبىئ ........................ (247)
دەستان. قىسسەئى ئەسھابى كەھف ................................ (249)


## ئۈچىنچى جىلد


فەسلى دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىسسەلام ........ (259)

دەستان. قىسسەئى شەمئۇن ئەلەيھىسسەلام .......................... (265)
دەستان. قىسسەئى ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىسسەلام .............. (266)
دەستان. قىسسەئى ئەردەشىر بابەك ................................ (275)
دەستان. قىسسەئى ھورمۇز ............................................ (275)
دەستان. قىسسەئى بەھرام بىننى ھورمۇز ........................ (278)
دەستان. قىسسەئى بەھرام بىننى بەھرام............................ (279)
دەستان. قىسسەئى شافۇر ئوغۇللارى ................................ (285)
دەستان. قىسسەئى ئەردەشىر بىننى ھورمۇز ...................... (286)
دەستان. قىسسەئى بەھرام گور ........................................ (287)
دەستان. قىسسەئى يەزدگەرد بىننى بەھرام بىننى يەزدگرد ...... (299)
دەستان. قىسسەئى ھورمۇز بىننى يەزدگەرد بىننى بەھرام گور
........................................................................... (300)
دەستان. قىسسەئى فىرۇزنىڭ خۇشنەۋاز بىرلە جەڭ قىلغانى...... (300)
دەستان. قىسسەئى سوفرا ۋە خۇشنەۋاز ............................ (302)
دەستان. قىسسەئى قۇباد بىننى فىرۇز .............................. (303)
دەستان. قىسسەئى نوشىرۋان .......................................... (305)
دەستان. قىسسەئى ھىميەر ۋە ئانىڭ ھەج قىلغانى ۋە كەئبەغە ياپۇغ
ياپغانى ..................................................................... (308)
دەستان. قىسسەئى رەبىئە بىننى ئەننەسر ئەل-لەخمى ............ (311)
دەستان. قىسسەئى ھۇسسان بىننى تۇببەئ بۇرادەرلەرى بىرلە...... (312)
دەستان. قىسسەئى ئەھلى نەجران .................................... (314)
دەستان. قىسسەئى يەمەن مۇلكى ھىميەر پادىشاھلارىدىن ھەبەش
پادىشاھلارىغە يۆتكەلگەن ۋاقىئەسى ................................ (316)
دەستان. ئەبرەھە مەككەنى خەراب قىلغالى فىل ئالىپ بارىپ
ئۆزىنىڭ ھىلاك بولغانى ................................................ (320)
دەستان. قىسسەئى سەيف زۇليەزەن ................................ (329)
دەستان ...................................................................... (330)

## تۆتىنچى جىلد


دەستان. زىكرى قىسسەئى مەۋلۇدى ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ........................................ (347)
دەستان. قىسسەئى بەھىرا راھىب ........................ (352)
دەستان. قىسسەئى ھورمۇز بىننى نوشىرۋان ..................... (353)
دەستان. قىسسەئى بەھرام چوبىن ........................ (355)
دەستان. قىسسەئى پەرۋىز بىننى ھورمۇز .................... (358)
دەستان. پادىشاھى روم ۋە پەرۋىز ........................ (360)
دەستان. قىسسەئى ھىجرەت ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ .................. (363)
دەستان. ھىجرەت يىلىدا بولغان ۋاقىئەلەرى زىكرى ............... (365)


## غازاتقە فەرمان كەلگەن زىكرى


فەسلى دەستان. جەڭگى بەدرىدىن ئىلگەرى بولغان غازاتلار زىكرى ........................................................ (367)
فەسلى دەستان. زىكرى غەزۋەئى ئەنۋا ..................... (368)
فەسلى دەستان. غەزۋەئى ئەنۋات ........................ (368)
ۋاقىئەئى زاتىل ئۇشرە .............................. (369)
فەسلى دەستان. بەدرى غازاتىنىڭ زىكرى ..................... (369)
غەزۋەئى بەتەنۇل-نەھۋە ۋاقىئەسى ........................ (370)
قىبلەنىڭ يۆتكەلگەنى ۋاقىئەسى ......................... (371)
فەسلى بۇبابدا روزەنىڭ فەرز بولغان زىكرى .................. (372)
ئىككىنچى بەدرى غازاتىنىڭ زىكرى ........................ (373)
دەستان. قىسسەئى كەئىب بىننى ئەشرەق ..................... (388)
ۋاقىئەئى غەزۋەئى فۇرۇد ............................ (389)
دەستان. سەلام بىننى ئەسفىنى ئۆلتۈرگەن قىسسەسى ............... (389)
فەسلى دەستان. ۋاقىئەئى غەزۋە رەجەئ ..................... (390)
فەسلى دەستان. غەزۋەئى ئوھۇد ......................... (392)

غەزۋەئى زاتۇر رىقائ ………… (399)
غەزۋەئى بەدرىل مەۋئىد ………… (400)
فەسلى دەستان. قىسسەئى بىئرىل مەئنۇيە ………… (400)
فەسلى دەستان. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھلەرىغە ئالغانى
زىكرى ………… (404)
دەستان. غازاتۇل جەندەل ۋاقىئەسى ………… (405)
غەزۋەئى خەندەك ………… (406)
فەسلى دەستان. غەزۋەئى بەنى لىھيان ………… (412)
غەزۋەئى فۇرۇد ………… (413)
غەزۋەئى بەنى مۇستەلەق ………… (414)
ئايشەسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە بۆھتان بولغانىنىڭ زىكرى ………… (416)
دەستان. ۋاقىئەئى سۇلۇھ ھۇدەيبىيە ………… (421)
غەزۋەئى خەيبەر ………… (430)
غەزۋەئى فەدەك ………… (433)
دەستان. غەزۋەئى ۋادەئى قورا ………… (434)
دەستان. زىكرى ئۇمرە ئەل-قەزا ………… (436)
دەستان. غەزۋەئى مۇتە ۋاقىئەسى ………… (438)
دەستان. ۋاقىئەئى فەتھ مەككە ………… (440)
دەستان. زىكرى غەزۋەئى تەبۇك ………… (461)
دەستان. ھەزرەتى ئەلىنى بەنى تەيگە ئىبەرگەنلەرىنىڭ زىكرى ………… (464)
ئەرەبنىڭ قەبىلەلەرىدىن كەلگەن ۋەفد زىكرى ………… (466)
دەستان. مۇسۇلمان بولغان ئەرەب قەبىلەلەرىغە ھاكىم قويغانى زىكرى
………… (473)
دەستان. غەزات ۋە سەرىييەلەرىنىڭ زىكرى ………… (474)
فەسلى دەستان. ئەزۋاج مۇتەھھەراتلار زىكرى ………… (475)
دەستان. چەھارپايلەرىنىڭ زىكرى ………… (479)
دەستان. سىلاھ-ياراغلەرىنىڭ زىكرى ………… (480)
فەسلى دەستان. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ
سىفەتلەرىنىڭ زىكرى ………… (480)

ئانھەزرەتنىڭ مۇبارەك ئىسىملەرى زىكرى ........................ (481)
ۋەفاتنامە ئانھەزرەت ........................................ (481)
قىسسەئى غەزۋەئى ئۇسامە بىننى زەيد ........................... (496)
قىسسەئى ئەسۋەد كەززاب ..................................... (498)
ۋاقىئەئى ئەھلى مۇرتەد ..................................... (501)
ئەلقىسسە تۇلەيھەدىن قالغان مۇرتەدلەرنىڭ ۋاقىئەسى ................ (509)
قىسسەئى سەلما بىنتە مالىك .................................. (510)
قىسسەئى شۇجائ سەئلەبى ...................................... (513)
قىسسەئى مۇسەيلەمە كەززاب .................................. (523)
قىسسەئى ئەلار بىننى خىزرۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ .................. (534)
قىسسەئى مۇرتەدان ئۇممان ۋە مەھرە .............................. (538)
قىسسەئى مۇرتەدان تەھامە ..................................... (540)
دەستان. يەمەن مۇرتەدلەرىنىڭ قىسسەسى ........................... (541)
دەستان. خالىد بىننى ۋەلىدنىڭ ئىراقنى فەتھ قىلغانلەرىنىڭ زىكرى
........................................................ (545)
فەسلى قىسسەئى فەتھ ئۇبۇللە ................................... (547)
فەسلى ۋاقىئاتى مەدار زىكرى ................................... (549)
قىسسەئى دىلجە ............................................. (550)
قىسسەئى جەڭگى لەبس ......................................... (552)
فەسلى ھەزرەتى خالىدنىڭ ھىيرە ۋە سىۋادنى سۇلۇھ بىرلە فەتھ
قىلغان زىكرى ............................................... (553)
فەسلى قىسسەئى فەتھ ئانبار ................................... (556)
قىسسەئى فەتھ ئەينۇل سەمەر ................................... (557)
ۋاقىئەئى فەتھ دۇمەتۇل جەندەل ................................. (558)
ھەزرەتى خالىدنىڭ شامغە بارغانلەرىنىڭ زىكرى ...................... (562)
قىسسەئى فەتھ يەرمۇك ........................................ (563)
مۇسەننى بىننى ھارىسە ئەجەم بىرلە جەڭ قىلغان قىسسەسى ............ (567)
فەسلى ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەفاتلەرى
زىكرى ..................................................... (568)

فەسلى ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇنىڭ خىلافەتلەرى زىكرى .............. (570)

فەسلى دەستان. ھەزرەتى ئۆمەر زەمانەلەرىدە شامنىڭفەتھ قىلىنغانى .............. (577)

فەسلى دەستان. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەفاتلەرى زىكرى .............. (583)

فەسلى. ئۆمەر خەتتابنىڭ نەسەبلەرى زىكرى .............. (584)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ .............. (586)

فەسلى. ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭنەسەبلەرى زىكرى .............. (590)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ئەمىرۇل مۆئمىنىن ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ .............. (591)

فەسلى. زىكرى ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەسبۇنەسەبلەرى .............. (593)

زىكرى خىلافەت ھەزرەتى ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ .............. (598)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇئاۋىيە .............. (599)

فەسلى دەستان. زىكرى بەيئەت مۇئاۋىيە بىننى ئەبى سەفيان .............. (600)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت يەزىد بىننى مۇئاۋىيە .............. (604)

فەسلى دەستان. زىكرى ئەبۇلەيلى بىننى يەزىد بىننى مۇئاۋىيە .............. (605)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مەرۋان بىننى ھەكىم .............. (606)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ئابدۇلمۇلك .............. (607)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ۋەلىد بىننى ئابدۇلمۇلك .............. (611)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت سۇلەيمان بىننى ئابدۇلمۇلك .............. (612)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ئۆمەر ئابدۇلئەزىز .............. (613)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت يەزىد بىننى ئابدۇلمۇلك .............. (614)

فەسلى دەستان. زىكرى يەزىد ۋە مۇسلەمە ۋاقىئەسى .............. (615)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ھىشام بىننى ئابدۇلمۇلك ...... (616)
فەسل دەستان. زىكرى خىلافەت ۋەلىد بىننى ئابدۇلمۇلك ........ (616)
زىكرى خىلافەت يەزىد بىننى ۋەلىد ........ (618)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ئىبراھىم بىننى ۋەلىد ........ (618)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مەرۋان بىننى مۇھەممەد ........ (619)
فەسلى دەستان. زىكرى خۇلەفائى ئەبباس ........ (620)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ئەبۇجەئفەر مەنسۇرى ........ (625)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مەھدى ........ (627)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەن ھادى بىننى مەھدى ........ (628)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ھارۇن ئەر-رەشىد ........ (629)
زىكرى خىلافەت مۇھەممەد ئەمىن ........ (636)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مەئمۇن ........ (638)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇئتەسىم ........ (642)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت ۋاسىق بىللاھ ........ (645)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇتەۋەككىل بىللاھ ........ (645)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇنتەسىر ........ (647)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇستەئىين بىللاھ ........ (648)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇئتەز ........ (649)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇھتەدى بىللاھ ........ (649)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇئتەمەد بىللاھ ........ (650)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇئتەزەد بىللاھ ........ (651)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇكتەفى بىللاھ ........ (652)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇقتەدىر بىللاھ ........ (654)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت قاھىر بىللاھ ........ (656)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت رازى بىللاھ ........ (657)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇتتەقى بىللاھ ........ (658)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇستەكەفى بىللاھ ........ (658)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇتىئ بىللاھ ........ (660)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇتائىئ بىللاھ ........ (661)

فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت قادىر بىللاھ ........................ (661)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت قايىم بىللاھ ........................ (662)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇقتەدى بىللاھ ........................ (663)
فەسلى دەستان. زىكرى خىلافەت مۇستەزىر بىللاھ ........................ (663)

# قوشۇمچە

گەرەب قەبىلىلىرى ........................................ (665)
يەر ناملىرى ........................................ (673)
سۆزلۈك ........................................ (693)

# تارىخچى تەبەرى ۋە «تارىخ تەبەرى»

«تارىخ تەبەرى» ـ دۇنياغا مەشھۇر ئەسەردۇر. تۈركى، لاتىن ۋە فرانسوز، رۇس تىللىرىغا كەينى ـ كەينىدىن تەرجىمە قىلىنىپ، دۇنياغا كەڭ تارقالغان. يېقىندا ئۇنىڭ بەزى باب ـ فەسىللىرى خەنزۇچىغىمۇ تەرجىمە قىلىنغان.

بۇ مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد بىننى جەرىر بىننى يەزىد ئەل-تەبەرى (ئۆزىنىڭ ئىسمى مۇھەممەد، كۇنىيتى "ئەبۇجەئفەر"، يۇرتى تەبەرىستانىنىڭ نامىنى ئۆزىگە "تەبەرى" دەپ تەخەللۇس قىلغان). مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ تارىخچى خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ جەنۇبى بويىدىكى تەبەرىستان (كۇشان ئىمپېرىيىسى زامانىدىكى ھىرقانىيە) نىڭ ئامۇل دېگەن يېرىدە ھىجرى 224 — (مىلادى 838 —) يىلى تۇغۇلغان. بۇ دەۋر ئابباس خەلىفىلىرىدىن ئەل ـ مۇئتەسىمنىڭ خەلىفىلىك دەۋرى ئىدى. ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد 7 يېشىدىن باشلاپ مەدرىسلەردە باشلانغۇچ دىنىي تەلىماتنى ئۆگىنىدۇ. 12 يېشىدا، ئاتىسى جەرىر بىننى يەزىد ئۇنى رەي شەھىرىگە (تەبەرىستانىنىڭ جەنۇبىدا، قەزۋىن بىلەن دامغان شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى مەدەنىيەت مەركىزى، تېھرانغا توغرا كېلىدۇ) يۇقىرىراق مەدرىسىدە ئوقۇشقا ئېۋەتىدۇ. رەيدە ئاساسەن فىقھ (ئىسلام دىنىنىڭ ھوقۇق ئىلمى) دىن دەرس ئالىدۇ. شەرىئەت ئەھكاملىرىنى شەرھلەشنى مەقسەت قىلىپ، مەشھۇر تۆت ئىمامدىن بىرى بولغان ئەھمەد بىننى مۇھەممەد ھەنبەلى تەلىماتىنى مەزكۇر ئىمامنىڭ ئۆزىدىن ئۆگىنىش ئۈچۈن 17 يېشىدا باغدادقا ماڭىدۇ. يولدا ئىمام ھەنبەلىنىڭ (780 — 855) ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇ يەرگە بارماي بەسرەگە بارىدۇ. ئۇ يەردە مەخسۇس «ھەدىس» تەھسىل قىلىدۇ. كېيىن، باغدادقا كېلىپ، «قۇرئان» تەفسىرلىرىنى ۋە ئىمام

شافىئىنىڭ فىقھە تەلىماتىنى تەتقىق قىلىدۇ؛ «قۇرئان» نى قىرائەت قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. يىگىتلىك قىرانىغىچە باغدادتا ئىلىم ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئەينى زاماندا، ئىمام شافى مەزھەبىدىكى بىلىم ئىگىلىرىنىڭ تولىسى مىسىرغا يىغىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىمام شافى تەلىماتى بويىچە بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەقسىدىدە مىسىرغا سەپەر قىلىدۇ. شام (بۈگۈنكى سۈرىيە - دەمەشق) غە كېلىپ، بىر قانچە ۋاقىت ھەر خىل بىلىملەردىن خەۋەردار بولىدۇ. ئۇ يەردىن بېيرۇتقا كېلىپ، رامىزان ئېيىدا «قۇرئان» خەتمىسىگە قاتنىشىدۇ. چىرايلىق ۋە ئاھاڭدار قىرائىتى بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. شام ۋە بېيرۇتتا، نۇرغۇن تارىخىي رىۋايەتلەر ۋە مەلۇماتلارغا قىزىقىپ، بۇ ساھەدە نۇرغۇن بىلىم ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن فۇستاتقا (مىسىر مەركىزى قاھىرەگە) بېرىپ، ئەدەبىي مەھارەت، ئۇسۇلى تەلىم، شافى ھەم مالىك فىقھە تەلىماتلىرىنى بىر قانچە يىل بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. ئاندىن باغدادقا كېلىپ ئىلمىي تەتقىقات ۋە كىتاب تەھرىرلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. بۇ جەرياندا خەلىفە مۇقتەدىرنىڭ ۋەزىرلىرىدىن ئەبۇل ھەسەن بىننى ئەل-فرات ۋە يەھيا بىننى خاقانلارنىڭ ۋەزىرزادىلىرىگە دەرس بېرىش ۋاستىسى بىلەن، خەلىفىلىكنىڭ ئەمىر - ئەمەلدارلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ باغدادنىڭ يەئقۇبى گۈزەرىدە ئۆي - جاي سېلىپ، ماكانلىشىدۇ ۋە ئەسەر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، كۈنىگە 40 بەت كىتاب يازغانىكەن.

ھازىرغىچە كىشىلەرگە مەلۇم بولغان مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەبۇجەئفەر مۇھەممەد تەبەرى ھىجرى 310 — يىلى شەۋۋال ئېيىنىڭ 28 — كۈنى (مىلادى 923 — يىلى فېۋرالنىڭ 18 — كۈنى) ۋاپات بولغان. لېكىن «تارىخ تەبەرى» نىڭ مۇشۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىدىكى مەلۇماتقا قارىغاندا، تەبەرى خەلىفە مۇقتەدىرنىڭ خەلىفىلىكتىن ئېلىپ تاشلىنىپ، قايتا تىكلەنگەن ۋاقتىدا ھايات ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ؛ چۈنكى خەلىفە مۇقتەدىر ھىجرى 317 — يىلى مۇھەررەمنىڭ 10 — كۈنى تەختتىن چۈشۈرۈلۈپ، ئورنىغا مۇئتەسىد خەلىپىلىككە ئولتۇرغۇزۇلغان؛ لېكىن ئۇ بىر كۈنلا خەلىفە بولۇپ، يەنە مۇقتەدىر تەختكە چىقىرىلغان. مۇقتەدىر تەختتىن چۈشۈرۈلگەن كۈنى، ئاپتورنىڭ يېزىشىچە: «مۇھەممەد تەبەرىكىم، ساھىبى تارىخدۇرلەر،

ئۇلەرنىڭ (مۇقتەدىرنىڭ) قاشلەرىغە كەلدىم ئەرسە، ئەيدى: خەبەر نەدۇر؟ ئەيدىم: ئىبنى مۇئتەزگە بەيئەت قىلدىلەر. ئەيدى: ۋەزىر كىم بولۇر؟ ئەيدىم: «مۇھەممەد داۋۇد جەرراھ......» . تارىخچى تەبەرى خەلىفە مۇقتەدىر بىلەن ئەشۇنداق ئەھۋاللاشقان. بۇ مەلۇماتقا قارىغاندا، تەبەرى تەخمىنەن ھىجرى 318 — يىلىغىچە ياشىغان بولۇشى مۇمكىن.

تەبەرى فىقھ، ھەدىس، تەفسىر، تارىخ ۋە باشقا ساھەلەردە يېتىلگەن ئالىم. ئۆز ئۆمرىدە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازىدۇ. ھازىرغىچە مەلۇم بولغىنى 26 خىلدىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھەجمى ئەڭ چوڭ ھەم ئىلىم ساھەسىدە كەڭ تارقالغان ئەسەرى ئىككى بولۇپ، بىرى «تەفسىر» (قۇرئاننىڭ شەرھى) ، يەنە بىرى «تارىخ تەبەرى» دۇر.

ئەرەبلەر ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ نەسەب بىلىمگە چوڭ ئەھمىيەت بەرگەن. ھەتتا، دەسلەپكى خەلىپىلەر دەۋرىدىكى تېئوكراتىك① ۋە ھەربى ئىدارە قىلىشنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجلىرى نەسەبچىلىكنىڭ ئەھمىيىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. چۈنكى ئۇ چاغلاردا، ھۆكۈمران دائىرىلەردە، نەسەب جەدۋەللىرى، ئوردا سىجىللىرى②بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، قەبىلىلەر ئارىسىدىكى ئىختىلاپ ۋە سۈرگۈنلەردە ئۆز تەھتىنى ئېنىقلاشتىمۇ نەسەبچىلىك رول ئوينايتتى. شۇڭا، ئۇ زامانىدىكى تارىخچىلار نەسەبلەر ئاساسىدا، كۆپرەك پەيغەمبەرلەر ۋە پادشاھلارنىڭ ۋەقەلىرىنى خرونولوگىيىلىك ئۇسۇل بىلەن يېزىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى. مۇھەممەد بىننى جەرىر تەبەرىمۇ كىتاب يېزىشتا شۇ ئۇسۇلدىن ئىجادىي پايدىلانغان. «قۇرئان تەفسىرى» دىمۇ ئەڭ قەدىمكى رىۋايەتلەرنى زەنجىر سۈپىتىدە تەتبىق قىلغان. تەبەرىنىڭ تەفسىرى كېيىنكى تەفسىرچىلەرگە ماتېرىيال مەنبەسى بولغان.

«تارىخ تەبەرى» نىڭ تولۇق ئىسمى «پەيغەمبەرلەر ۋە پادشاھلار تارىخى» (يەنى «تارىخ ئەل - رۇسۇل ۋەل - مۇلۇك») ، يەنە بىر نامى «مىللەتلەر ۋە پادشاھلار تارىخى» (يەنى «تارىخ ئەل - ئۇمەم ۋەل - مۇلۇك») . ئادەتتە قىسقارتىلىپ «تارىخ تەبەرى» دەپ مەشھۇر بولغان. بۇ كىتاپتا، ئالەم ئاپەرىدە

---

① تېئوكراتىيە - سىياسى ھاكىمىيەت روھانىلار قولىدا بولغان ئىدارە قىلىش ئۇسۇلى.
② سىجىلات (سىجىل) - ھۆكۈمنامىلار يېزىلغان قەغەز، دەپتەر.

بولغاندىن تارتىپ ئادەم يارىتىلغان ۋە ھەزرەتى ئادەمدىن بۇيانقى پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋەقەلىرى، جۇملىدىن ئەرەبىستاننىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى قەدىمكى پادىشاھلىقلارنىڭ ئەھۋاللىرى، ئىران - ئەجەم سۇلالىرىنىڭ ۋە ئەرەب قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى نۇقتىلىق بايان قىلىنغان. يەھۇدى ۋە خىرىستىيان دىنلىرىدىكى رىۋايەتلەردىن تارتىپ ئۆز زامانىسىدا كەڭ تارقالغان ھەر خىل ئەسانىرىلەرنىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلمىغان. تەبەرى ئۆز زامانىسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ھەر قانداق تارىخ ئەسەرلىرىنى، جۇملىدىن مۇھەممەد ئىبنى جەھىم بەرمەكى، مۇھەممەد ئىبنى ئەل سائىب ئىبنى ئەل-كەلەبى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ۋەھەب ئىبنى مۇنەببىھ، ئەبۇ يەزىد ئەل - ھەسەن قاتارلىق تارىخچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇمكىن بولۇشىچە توپلاپ مەنبە قىلغان. شۇنىڭدەك ئۆزى ساياھەت قىلغان جايلاردىن ۋە ئىلىم تەھسىل قىلغان بىلىم يۇرتلىرىدىن ئاڭلىغان - بىلگەن ۋەقەلەرنى توپلاپ، ئۇلاردىن ئەتراپلىق پايدىلانغان. تەبەرى تەفسىر ۋە ھەدىس شەرھىلىرىدىمۇ رىۋايەت-قىسسىلەر، تارىخ ۋە تەزكىرىلەر، شېئىر - داستانلار، ھىكايە ۋە مەسەللەر، ماقال - تەمسىللەر، لەۋھە ۋە تاش پۈتۈكلەر، خۇتبە - ئەھدنامىلەر، خەت - چەكلەرنىمۇ تەتقىق ۋە تەتبىق قىلىپ كىتابلىرىغا كىرگۈزگەن. تارىخ كىتابىدا بولسا، ئالەم يارىلىشىدىن تا ئۆز زامانىسىغىچە پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخىنى ھىجرەتتىن ئېتىۋارەن يىللارغا تەقسىم قىلغان. يەنى ئىسلام كالىندارى «ھىجرىيە يىلى» (مىلادى 622 — يىلى 7 — ئاي 16 — كۈنى) ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، سالنامە ئۇسلۇبى بويىچە، ھىجرىيەنى تەتبىق قىلىپ، مۇھىم ۋەقەلەرنى يىلمۇ - يىل بايان قىلغان. پەيغەمبەرلەر تارىخىدا مۇھەممەد پەيغەمبەرنى، پادىشاھلار تارىخىدا ئەجەم - ئەرەپ پادىشاھلىرىدىن ئاباس خەلىفىلىرى دەۋرىنى، مىللەتلەر تارىخىدا ئەرەبلەرنى نۇقتە قىلىپ يازغان. تەبەرى يازغان بۇ تارىخنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئەڭ قەدىمكى رىۋايەتلەرنى ساقلاپ قېلىشنى كۆزدە تۇتقان، ھەتتا بۇلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرۇپ ئۇيغۇنلاشتۇرماي، قارىمۇ - قارشى بولسىمۇ ئەينەن يازغان. ئۆزى باغدادلىق بولغانلىقىدىن مەدىنە ۋە باغدادنى مەركەز قىلغان ھالدا، ئەرەب - ئەجەم رايونلىرىدىكى ۋەقەلەرنى قالدۇرماي يازغان؛ ئەجەملەرگە ئالاقىدار بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىقلىرىنىڭ تارىخىنى قەيت قىلغان. جۇڭگو تارىخچىلىرى بۇ ئەسەرنى جۇڭگونىڭ «تارىخنامە» سى بىلەن بىر قاتاردا

قويىدۇ.

«تارىخ تەبەرى» ۋۇجۇدقا كەلگەندىن كېيىن، كۆپ كۆچۈرۈلگەن ۋە باشقا تىللارغا كەينى - كەينىدىن تەرجىمە قىلىنغان ۋە چاپ قىلىپ نەشر قىلىنغان. مەقرىزى (1364 — 1442 - يىللىرى) نىڭ ئېيتىشىچە: پەقەت مىسىردىكى فاتىمىيە سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن ئاجىز (975 — 995) نىڭ كۇتۇپخانىسىدىلا ئەرەبچە كۆچۈرمىسىدىن 20 نەچچە پارچە ساقلانغان. ھەر قايسى جايلاردا كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، پارىژ، ئىستانبۇل، تۇنىس، كالكوتتا، بېرلىن، لوندون، ئامستېردام كۇتۇپخانىلىرىغا چۈشكەن.

«تارىخ تەبەرى»نى سامانىلار ئەۋلادىدىن خوراسان شاھى ئەبۇ سالىھ مەنسۇر بىننى نوھ بىننى ئەھمەد بىننى ئىسمائىل بىننى ئەھمەد ئەل - سامانىنىڭ پەرمانى بويىچە ئەبۇئەلى مۇھەممەد ئەل - بەلئەمى (مىلادى 996 — يىلى ئۆلگەن) ئەرەبچىدىن پارسىچىغا تەرجىمە قىلغان؛ جىرجىس نەسرانى (1273 — يىلى ئۆلگەن) لاتىن تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئوسمان سۇلتانلىرىدىن ئەھمەد پادشاھ زامانىسىدا (1524 — يىلى ئۆلگەن)، ئوسمانلىق تۈركچىسىگە تەرجىمە قىلىنغان. ھىجرى 928 — 938 يىللىرى (مىلادى 1524 —1531 يىللىرى) ئوسمانلىق تۈركچىسىگە قايتا تەرجىمە قىلىنغان (بۇ نۇسخە ھىجرى 1260 — (مىلادى 1844 — ) يىلى نەشر قىلىنغان بولۇپ «تارىخ جەئفەرى» دەپ نام بېرىلگەن.) 1874 — يىلى پارسىچىدىن فرانسۇزچىغا تەرجىمە قىلىنىپ زوتېنبېرگ تەرەپىدىن 4 توم قىلىپ نەشر قىلىنغان.

پارسىچە تەرجىمىسىنىڭ كانپوردا قايتا چاپ قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ نەشر سۆزىدە ئېيتىلىشىچە، مەۋلاناشاھ ئابدۇلقادىر ۋە مەۋلانا رافىئىددىنلەر بۇ تارىخنى پارسىچىدىن ھىندىچىگە تەرجىمە قىلغان.

نەشرگە تەييارلانغان بۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىنى ئابدۇرەسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم پارسىچىدىن تەرجىمە قىلغان. ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى تىل ۋە ئۇسلۇب جەھەتتە ئۆز زامانىسىدىكى باشقا تەرجىمە كىتابلىرىغا قارىغاندا ناھايىتى يەڭگىل ھەم چۈشۈنۈشلۈك قىلىپ ئىجادىي ھەم تۈزەتمىلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنغان. ئەمما قايسى پارسىچە نۇسخىغا ئاساسەن، قاچان ۋە قەيەردە تەرجىمە قىلىنغانلىقى قەيت قىلىنمىغان. مەۋلانا

ئابدۇرەسۇلنىڭ بۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھازىر قولىمىزدىكى بىر قەدەر مۇكەممەل نادىر نۇسخىدۇر. بۇ تەرجىمىنى مەۋلانا مۇھەممەد ھامىد ئەلخان ساھىب ھامىد شاھ ئابادىنىڭ كانپۇر شەھىرىدە ھىجرى 1334 — (مىلادى 1916 —) يىلىدىكى پارىسچە چاپ نۇسخىسىغا سېلىشتۇرغاندا بىر مۇنچە پەرقلەر بارلىقى مەلۇم بولدى: پارىسچە چاپ نۇسخىدا قىسقارتىلغان جايلار ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىدا بىر قەدەر تولۇقراق؛ شۇنىڭدەك، پارىسچە چاپ نۇسخىدا تولۇقراق بولغان جايلار ئۇيغۇرچە قولىيازمىدا قىسقارتىلغان. مەسىلەن، خەلىفە ئۆمەر زامانىسىدا فەتھى قىلىنغان جايلار (ھەلۋان، مۇسۇل، كۇفە، جەزىرە، ئەھۋاز، بەھرەيندىن فارىسغە قىلىنغان خۇرۇج، ئىسكەندەرىيە، ئىسفەھان، ھەمەدان، رەي، جۇرجان ۋە تەبەرىستان، ئازەربەيجان، خوراسان، فارىس شەھەرلىرى، كېرمان، ساكىستان، كەمىرانلار توغرىسىدىكى ۋاقىئەلەر، شۇنىڭدەك خەلىفە ئۆمەرنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدىكى بايان، ئۆمەر ۋاپاتىدىن كېيىن، كىمنى خەلىفە قىلىش توغرىسىدىكى تالاش - تارتىشلار قىسقارتىۋېتىلگەن. ھەزرەتى ئوسمان زىكرى قىلىنغان باپتا: مۇغەيرە بىننى شەئبەتۇلكۇفى، ئۆمرۇ بىننى ئەل - ئاس، مۇئاۋىيە بىننى سەفياننىڭ بەھرگە يۈرۈشى، سەئد بىننى ئەبى ئەل - ئاسنىڭ خوراسانغا يۈرۈشى، ئەبۇزەر غەفارى ھادىسىلىرى، ھەزرىتى ئوسماننىڭ كۇفەدىن شامغا بارغانلىقى ۋە ھەزرەتى ئوسماننىڭ بېشىغا چۈشكەن پىتنە ۋە ھادىسىلەر، قەتلى قىلىنغانلىقى زىكرى قىلىنماي قىسقارتىۋېتىلگەن. ھەزرەتى ئەلى زىكرى قىلىنغان باپتا: ھەزرەتى ئوسمان ئۆلگەندىن كېيىنكى ئەھۋاللار، تالاش - تارتىشلار، ھەزرەتى ئەلى خەلىفە بولغاندىن كېيىن جاي - جايلاردا يۈز بەرگەن باش - باشتاقلىقلار، ھەزرەتى ئايشەنىڭ خۇرۇجلىرى، ھەزرەتى ئايشە بىلەن ئوسمان بىننى ھەنىف ئوتتۇرىسىدا بەسرەدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەر، مىسىردىكى مۇختارلىق ۋەقەسى، شامدا ئۆمرۇ بىننى ئەل - ئاس ھەم سەففىن ۋەقەلىرى، خاۋارىجلار توغرىسىدىكى خەۋەرلەر، مۇھەممەد بىننى ئەبى بەكرنىڭ قەتلى قىلىنىشى، بەسرەدە ئابدۇللاھ بىننى ئۆمەرۇل ھۇزرەمى ۋەقەسى، بەنى ناجىيە خەۋەرلىرى، مۇئاۋىيە بىننى ئەبى سەفياننىڭ بۆلگۈنچىلىكى، ھەزرەتى ئەلىنىڭ قەتلى قىلىنىشى قىسقارتىۋېتىلگەن.

تېخىمۇ مۇھىمراق پەرق شۇنىڭدىكى، قۇتەيبە بىننى مۇسلىمنىڭ ماۋەرا ئۇننەھرگە قىلغان ھەربى يۈرۈشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ بۇخارا، بەلخ ھەم

خوراساندىكى ۋەقەلىرىدىن ھېچ نەرسە تەرجىمە قىلىنماي قىسقارتىۋېتىلگەن. شۇنىڭدەك ئەبۇ مۇسلىمنىڭ خوراساندىكى (ئابباسىلار سەلتەنەتىنى تىكلەش ئۈچۈن) خۇرۇجلىرىمۇ تولۇق بايان قىلىنمىغان. «تەبەرى تارىخى»نىڭ مەزكۇر ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 8 — 9 — ئەسىرلەردە ئىسلامنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تارقىتىلىشىغا دائىر سىياسىي ۋەقەلەرنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتىكى مۇھىم ماتېرىياللارنى قىسقارتىۋەتكەنلىكى بىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

ئەمما تەرجىمان ئابدۇرەسۇل ئىسلام تارىخىنى ئوبدان بىلگەنلىكى ئۈچۈن، پەيغەمبەرلەر تارىخىغا دائىر ئاپتور تەبەرىنىڭ بەزى بايانلىرىغا تۈزىتىشلەر كىرگۈزۈپ تەرجىمە قىلغان. مەسىلەن: تەرجىمان ئابدۇرەسۇل: «بۇ تارىخ كىتابىدا ھەزرەتى ئەييۇبنىڭ قىسسىلىرىنى ھەزرەتى يۇسۇفنىڭ ۋاقىئەلىرىدىن ئىلگىرى زىكرى قىلىپدۇر...... بۇ خاتادۇر. ۋە يەنە...... ھەزرىتىشۇ ئەيبنى ھەزرەتى يۇسۇفدىن ئىلگىرى زىكرى قىلىپدۇر، بۇ ھەم خاتادۇر. چۈنكى ھەزرەتى شۇئەيب ھەزرەتى مۇسانىڭ ۋاقتىلىرىدە ئەردىلەر. قۇرئاندا ھەم بۇ تەرتىبدەدۇر. مەن تەرتىبى تارىخ راست بولغاي دەپ ئۇنى ھەزرەتى يۇسۇفدىن كېيىن زىكرى قىلدىم» دەيدۇ. مۇنداق تۈزىتىپ تەرجىمە قىلغان ئورۇنلار بىر قانچە جايدا ئۇچرايدۇ. (مەسىلەن، مەنۇچىھرە بىلەن ئەفراسىياب جەڭلىرى توغرىسىدا).

تەرجىمان تەرجىمە قىلىش جەريانىدا بەزى نەرسىلەرنى قىستۇرۇپ قويغان. بۇنىڭ بىر مىسالى شۇكى، «داراب» قىسسەسىدە، فىردەۋسىدىن نەقلى كەلتۈرگەن:

سەن ئەي پۈزمۈردە ھۇشيار بول،
بۇدۇر شاھى ئىران نىگەھدار بول.
يەنە كەلدى ۋەيرانەدىن بۇ سەدا،
خىرەد كۆزىنى ياپماغىل دەپ نىدا.
كى يوقدۇر ئاڭا كىمسە جۇفت يار،
كىرىپ خىيمە سىرە فەناھىڭغە زار.

بۇنداق قىستۇرما ئاپتور جەرىرى ياشىغان دەۋرگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. چۈنكى فىردەۋسى تەبەرىدىن 100 يىل كېيىن ئۆتكەن؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە، «شاھنامە»دە بايان قىلىنغان ۋەقەلەردىن قارىغاندا، فىردەۋسى ئۆز داستانىنى

يېزىشتا تەبەرى تارىخىدىن كۆپ پايدىلانغان بولسا كېرەك.

بۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسىغا يەنە، خوجا زەھۇرىددىن نىشاپۇرى ۋە ئەبۇھامىد مۇھەممەد بىننى ئىبراھىملار يازغان سالجۇقىلار تارىخىنى (يەنى تەبەرىدىن كېيىنكى 280 يىللىق تارىخنى) تەرجىمە قىلىپ قوشۇپ قويغان. بىز پەقەت تەبەرىنىڭ ئۆزى يازغان تارىخىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنىلا نەشرگە تەييارلىدۇق. ئۇيغۇر يېزىق ئەدەبىي تىلىنىڭ 18-19-ئەسىرلەردىكى ھالىتىنى تەتقىق قىلغۇچى ۋە مەزكۇر تىلنى ئۆگىنىشنى ھەۋەس قىلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، تەرجىمە نۇسخىسىنى مەتنە ئۇسۇلى بىلەن ئەينەن بېرىشنى لايىق تاپتۇق.

كىتابخان ۋە تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ تەنقىدىي كۆزلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ، سەھۋەنلىكلەرگە ئەپۇ قەلىمى بىلەن تۈزىتىش بېرىشلىرىنى تىلەيمەن.

ئېھترام بىلەن: ئىمىن تۇرسۇن.

# ئاساس قىلىنغان نۇسخا

«تارىخ تەبەرى»، ئابدۇرەسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم بۇ نۇسخىنى ھىجرى 1257 — (مىلادى 1841 — ) يىلى موللا ئۇشۇر بىننى موللا مۇشتەرى بىننى موللا شەمس كۆچۈرگەن. ھىجرى 1315 — (مىلادى — 1897 ) يىلى موللا مۇھەممەد بۇ نۇسخىنى مۇھەممەد تۆمۈر خەزىنەچى بەگنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە «ئەللىك توققۇز جۇزئى، تۆرت يۈز يەتمىش ئىككى ۋاراقنى سەھھاف قىلىپ» راستلاپ تۈپلىگەن.

كىتابىنىڭ بېتى 33×25 س.م، ھەر بەتتە 17 قۇر (26×18 س.م)، قارا قىرىمدا شىرازلانغان، پاتلانغان خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن.

قەدىمكى مىللى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسىنىڭ ئارخىپىدا ساقلاقلىق.

قوللىرىدىكى نەشر نۇسخىسىدا، ئەسلى قولىيازمىنىڭ باش تەرەپىدىن بەزى جايلار ۋە قەدىمكى پەيغەمبەرلەرگە دائىر ئايرىمچە رىۋايەتلەر ئىخچاملاندى.

# بتیسویں جلد



# بىسمىللاھىر-رەھمانىر-رەھىم

ھەمد بىھەد ۋە سىپاس بىئەدەد ئۇل قادىرى بىچۇن ۋە خالىقى كىن نەمۇن ئافەرىنەندە، ئاسمانۇ زەمىن بەخشەندەۋۇ بەخشايەندە، ئىنسۇجىنۇ پەيدا كۇنەندە؛ مەكانۇ مەكىن دەرگاھى بولغاي-كىم، ...... ۋە مەئبۇد بەرھەق ئۇلدۇرۇر، ۋۇرنا مەئدۇد ئۇل رەسۇلى ئەسىب، مەھمۇد روھى شەرىف ۋە جىسمى لەتىفلەرى ئەداسى بىرلە، ئىنسۇجان ۋە كەۋنى مەكان ۋە زەررىياتى ئادەم ۋە تەھەللى ئالەم، ئانىڭ خاكراھى بولغاي-كىم، ئەفزەلى ئەنبىيا ۋە بەرگۇزىدەئى بەرايا ۋە سەنەدىدەئى خۇدايا ۋە شەفائەت خاھى... جەزائۇلدۇر. ۋە ئەلا... ۋە ئەسھابەھىل - مۇتەئەددىبىن، بەئادابىھى ئەجمەئىن. ئانداغ ئەيتۇر: بەندەئى فەقىر قەلىلۇل - بىزائەت ۋە ئەدىمۇل - ئىستەتائەت ئابدۇرەسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم بۇ تارىخنامەئىندۇركىم، جەئفەر مۇھەممەد بىننى جەرىر - تەبەرى جەمىئ قىلغاندۇلەر، ئايەت ...... ۋە شىئىرلار ۋە مەسەل - مىسالالار بىرلە پەيغەمبەرلەر ۋە پادىشاھلار سەرگۇزەشتەلەرى زىكر تاپغاندۇر. ئەمما فارسى تىل بىرلەن تەرتىب بەرىپ تەسنىف قىلغان ئىكەنلەر. بەئزەن ئادەملەر ئاندىن بىبەھرە قالغاندۇرلەر. بۇ كىتابدىن ئانىڭ غەرەزى ھاسىل بولماغان جەھەتدىن تۇركى تىلغا تەرجىمە قىلىش ئارزۇسى بىلەن... خىرەد مەند دانىش مەرغۇب ۋە كۆڭۈلگە مەتلۇب ۋە مەھبۇب بولغاي ئەردى. بۇ ئىلتىماسىنىڭ قەبۇلى زەرۇر بولغان ۋەجھىدىن تۇركى تىلغا تەرتىب بەرمەككە شۇرۇئ قىلىندى. ھەق تەئالانىڭ كەرەمىدىن ئۇمىد ئۇلكىم، تائىنلار تەئنى، مۇتەئەسسىفلەر تەئەسسۇفىدىن ئۆز ھىفز ھىمايەتىدە ئاسراغاي ۋە مۇنەسسىف يارانلاردىن تەۋەققۇئ ئۇمىدئۇلكىم، سەھۋە - خەتاسىنى ئەفۇ قەلەمى بىرلە ئىستىللاھ بەرگەيلەر. «لىللاھىل-مۇۋەففەق ۋەل-مۇئەييىن».

* * *

بىلمەك كېرەككىم، روزكار ئالەم تارىخى ئەسناف بەنى ئادەم ئاراسىدا، خاھ مۇسۇلمان خاھ تەرسا ۋە جوھۇد بولسۇن، بۇ بابدا زىكر تاپقان سۆزلەرنى ئىختىلافى بىرلە بەيان قىلىنۇر.

ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىدىن تا قىيامەتغىچە قانچە مۇددەتدۇر ۋە ھەزرەتى رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەقتلەرىغىچە قانچەدۇر، ھەر پەيغەمبەرلەرنىڭ ئارالەرىدە نەچچە روزكار كەچىپدۇر - ھەممەسى مەزكۇر بولۇر. بىللاھىل - ئىسمەت ۋەل - مۇۋەففىق.

ئەھلى دانىشلەر ئانداغ ئەيتىبدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ خۇرۇجلەرىدىن تا ھەزرەتى مۇھەممەد رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روزكارلەرىغە ئالتە مىڭ ئون ئۈچ يىل كەچتى. بەئزى ئۆلۇمالار بەش مىڭ توققۇز يۈز يىل ھەم دەپدۇرلەر. ئول كىمەرسە ئىكىم، يەر يۈزىگە كەلدى — ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئەردىلەر، كەيۇمەرس ئادەم ئاتادىلەر ۋە يەر يۈزىگە پادشاھ بولدىلەر.

مۇھەممەد بىننى ئەل - جەھىم بەرمەكى ۋە داۋۇد بىننى ساھۇنى مۇنداغ دەپدۇرلەر: بەھرام بىننى بەھرام ئەسفىھانى نامەسىدە ۋە مەردان شاھنامەسىدە مۇنداغ مەزكۇردۇر — ھاشىم ۋە قاسىم ئەسفىھانى ھەم بۇ سۆزگە مۇتتەفىقدۇر. ھەرزەمانىكىم، پەيغەمبەرلەردىن ۋەيا پادشاھلاردىن قالىپ، نەچەند مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن، پەيدا بولغان دىنى ئايىن رەسم - رۇسۇمنى ئۇنۇتۇپ، ھەر كىم كېيىن پەيدا قىلسا، بۇرۇنقى رەسمنى بۇزۇپ، دىنى ئايىنغەتەغيىر بەرۇر. ئانداغكىم، ئادەمدىن تا نوھغە، نوھدىن ئىبراھىمغە، ھەزرەتى ئىبراھىمدىن ھەزرەتى مۇساغە، ھەزرەتى مۇسادىن ھەزرەتى ئەيساغە، ھەزرەتى ئەيسادىن تا ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا سەلەۋا تىللاھى ئەلەيھىم ئەجمە ئىنغە ھەم دىنى ئايىن بۇزۇلۇپ، بۆلەك رەسم تەرىقە پەيدا بولدى. كۇبرالار گۇرۇھىدىن ھەم ئەيتىپدۇرلەر: ھەق تەئالا، ئول كىمەرسەئىكى، بۇ جەھاندا پەيدا قىلدى يەرگە، ئۇ بىر كىمەرسەئەردى — ئول كىمەرسەنى كەيۇمەرس ئاتادىلەر. كەيۇمەرسنىڭ مەئناسى زىندە گويا ۋە مىيرادۇر؛ گورشاھ ھەم ئاتادىلەر، گورشاھنىڭ مەئناسى تاغ پادشاھى دىگەن بولۇر؛ بىر مەئناسى تاغدۇر. ئول كەيۇمەرس تاغنىڭ شىكافىدا قالىپ، ئوتتۇز يىل يالغۇز - تەنھا يۈردى. ئاندىن ئانىڭ پۇشتىدىن يەرنىڭ شىكافىغە ئابى مەنى

تۆكۈلدى، قىرىق يىل ئاندا تۇردى؛ قىرىق يىلدىن كېيىن ئىككى سۈرەت شول يەردىن ئۈندى، دەمدىن دەمگە چوڭۇپ ئۆسەر ئەردى ۋە هالدىن هالغە يۆتكەلۇر ئەردى. تا ئەللىك يىل ئۆتتى، ئاندىن ئىككى دەرەخت بولدى. ئادەم. هەياتىدا بىرى نەر ۋە بىرى مادە، ئانى مەبنىي ۋە مۇشابىھ ئاتادىلەر؛ ئەھلى ئىسلام ئادەم ۋە ھەۋا دەرلەر. بۇلار ھەركەتىدىن نەسىل ۋە فەرزەندلەر پەيدا بولدى، بارچە خەلايىق بۇ ئىككىسىنىڭ ئۇرۇغىدۇرلەر. ئەيتىپدۇرلەر: بۇ جەھاننىڭ تا قىيامەتغىچە مۇددەتى توققۇز مىڭ يىلدۇر. ئەيتىپدۇرلەر: هەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام هەزرەتى هاۋا بىرلەر بىهىشت ئىچىدە ئۈچ مىڭ يىل تۇردىلەر، ئۈچ مىڭ يىل يەر يۈزىدە بولدىلەر، هىچ ئافەت، غەم ۋە غۇسسەنى بىلمەس ئەردىلەر. ئاندىن دىۋ پەيدا بولدى، بەنى ئادەمغە تەئسىر قىلدى ۋە شەررى توقۇر بولدى، غەم ۋە غۇسسە يۈزلەندى. جوهۇدلەر «تورات»دىن نەقىل قىلۇر كىم، هەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىدىن تا مۇهەممەد رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككەدىن هىجرەت قىلۇر ۋەقتىغىچە تۆرت مىڭ قىرىق يىل ئۈچ ئاي كەچتى. تەرسالەر «ئىنجىل»دىن رەۋايەت قىلۇر كىم، هەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامدىن تا مۇهەممەد رەسۇلىللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇرۇجلەرىغە بەش مىڭ يۈز يەتمىش ئىككى يىل ئەردى. هەزرەتى ئابدۇللاھ بىننى ئەبباسىدىن رەۋايەتدۇر كىم، هەزرەتى ئادەمدىن تا نوهغە ئىككى مىڭ ئىككى يۈز ئەللىك ئالتە يىل ئەردى؛ توفاندىن تا ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىغە مىڭ يەتمىش توققۇز يىل كەچتى؛ هەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىدىن تا هەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەزىغە بەش يۈز ئاتمىش بەش يىل ۋە موسا ئەلەيھىسسەلامدىن تا زۇلقەرنەين رومىنىڭ زەمانىغىچە يەتتە يۈز ئون يەتتە يىل ئەردى؛ ئىسكەندەرنىڭ ۋەقتلەرىدىن تا ئەيسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىغە ئۈچ يۈز ئاتمىش توققۇز يىل كەچتى. ئەھلى ئالەم ئاراسىدا بۇ مەشهۇردۇر كىم، هەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسەلامدىن تا پەيغەمبەر ئاخىر زەمانغە هىچ پەيغەمبەر يىرق ئەردى……

# فەسلى دەستان
# مەقالەئى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام
# يەر يۈزىگە كەلگەنلەرى

ئانداغ كەلتۈرۈپدۇركىم، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام بەھار فەسلىدە ئازىنە كۈنى يەتتە سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، يەر يۈزىگە تۈشتىلەر. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئافەرىدە بولغانلەرى ۋە بېھىشتىدە تۇرغانلەرى، يەر يۈزىگە تۈشمەكلەرى، ئاخىرەت كۈنلەرىدە بىر كۈن ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام بىر تاغ ئۈزرە تۈشتىلەر ۋە ھەزرەتى ھەۋا بىر دەريا لەبىگە، — بۇ مەككەگە يەتتە فەرسەڭ يول ئەردى؛ ئىبلىس بىر شەھەرگە تۈشتى ۋە يىلان ئەسفىھاندا بىر تاغقە تۈشتى، سەرانىدىب تاغىدىن پەستدۇر. بەس، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئول تاغ ئۈزرە فەرىشتەلەر تەسبىھىنى ئىشتىپ، گۇناھلەرىغە، ھەسرەتلەرىغە يىغلار ئەردىلەر. ئاندىن، ھەق تەئالا ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلامدىن بىر دانە بۇغداي ئىبەردى ۋە فەرمان قىلدىكىم: سەنىڭ فەرزەندلەرىڭ روزى مەئاشى بۇدۇر ۋە مۇنى تارىپ ھوسۇل قىل. بەس، ھەزرەتى ئادەم تارىپ ھوسۇل ئالدىلەر ئەرسە، سوردىلەر: مۇنىڭدىن يەيمۇ؟ ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: مۇنى تاشنىڭ ئاراسىغە ئالىپ ئۇند قىلغىل، ئاندىن خېمىر قىلغىل ۋە بىر چوقۇرغە ئوت قالاپ، ئاتا كۆمگىل، تاكىم پىشغاي، ئاندىن كېيىن يېگىل. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام بۇ تەرىقە بىرلە نان قىلىپ يېدىلەر.

ھەزرەتى ھەۋا ھەر بارە ئىشتىھالەرى كەلسە، ئول دەرىيادىن بىر بالىق ئالىپ، ئافتابدا قىزىغان تاش ئۈزرە قويۇپ، پۇشۇرۇپ يەر ئەردىلەر.

بەس، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئول تاغ ئۈز رەسىدە يۈز يىل گۇناھلەرىغە يىغلاپ، نالە ۋە زارى قىلدىلەر؛ كۆزلەرىنىڭ ياشى ئارىق بولۇپ ئاقار ئەردى ۋە ئانىڭدىن دەرەختلەر ـ گىياھلەر ئۈندى. خۇداي تەئالا ئول تاغدىن تۆمۈر كانى چىقاردى، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ئول تۆمۈردىن دېھقانلىق ئەسبابىنى راست قىلىپ، بىر نەۋئىنى ئالىپ كەلىپ، دېھقانچىلىق تەرىقەسىنى تەئلىم بەردىلەر ۋە ئەيدىلەر: يا، ئادەم! بۇ دانە

بائىسىدىن بېھىشتىدىن جۇدا بولدۇڭ ۋە بۇ مۇشەققەتكە مۇبتىلا بولدۇڭ، ۋەگەر نە مۇنداغ بولماس ئەردىڭ.

بۇ يىللەردە، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام دېھقانلىق قىلۇر ئەردىلەر. ئاندىن كېيىن، ھەق تەئالانىڭ لۇتۇف ئىنايەتى يۈزلەندى ئەرسە، نەچەند كەلىمە كۆڭۈللەرىگە سالدى، ئانىڭ بىرلە تەۋبەلەرى قەبۇل بولدى... ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام كەلدىلەر، ئەيدىلەر: يا، ئادەم! ھەق تەئالا ئەيتۇر «مەن ئادەمنى ئۆز قۇدرەتىم بىرلە ياراتتىم، ئاڭا جان ئەتا قىلدىم، بېھىشتىدە ئورۇن بەردىم ۋە فەرىشتەلەرنى سەجدە قىلدۇردۇم؛ مۇنچە كەرەم - ئېھسانلەر بىرلە، نېچۈكدىن نالە - فىغانلەر قىلۇر؟» ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: ئەي جەبرائىل! نېچۈكدىن يىغلامايكىم، ھەق تەئالاغە ئاسى ۋە نافەرمان بولدۇم، خۇداي تەئالا دەرگاھىدىن يىراق ۋە بېھىشتىدىن جۇدا بولدۇم. جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: يا، ئادەم! غەم يېمەگىل، خۇدانىڭ لۇتفى - ئىنايەتى يۈزلەندى، بۇ كەلىمەلەرنى ئەيغىل، تاكىم تەۋبەڭ قەبۇل شەرەفىگە يەتكەي: («سبحانك لااله الا انت ربى علمت سوء وظلمت نفسى فاغفرلى وانت الراحمين» ۋە يەنە «سبحانك ربى علمت سوء وظلمت نفسى تب على وانت تواب الرخيم») ۋە يەنە ئەيدىلەر: خۇداۋەندە مەنى ئۆز قۇدرەتىڭ بىرلە ياراتتىڭ، ماڭا جان ئەتا قىلدىڭ ۋە يەنە چەندان لۇتۇف - ئېھسانلەر قىلدىڭ، ئەمدى، گۇناھىمنى ھەم مەغفىرەت قىلماساڭ، كىم قىلۇر ۋە ئۆزۈڭ ئەيدىڭ «سبقت رحمتى على غضبى» يەئنى «مەنىڭ رەھمەتىم غەزەبىمگە مۇقەددەمدۇر» چۇن بۇ سۆزلەرنى ئەيدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام تەۋبەلەرى قەبۇل بولغانىدىن بىشارەت كەلتۈردىلەر.

## بەيتۇل-مەئمۇرنى بىنا قىلغان بەيانى

ئانداغ كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ قەدلەرى ئانداغ بەلەندكىم، ئاسمانغە يەتەر ئەردىلەر ۋە فەرىشتەلەرنىڭ تەسبىھ ئاۋازىنى ئېشىتۇر ئەردىلەر. بېھىشت ئارزۇسىدىن بۇ ئالەمدە ئارام ئالمادىلەر. خۇداي

تەئالا قەدلەرىنى ئاتمىش گەز قىلدى، فەرىشتەلەر ئاۋازى ئۇلفەتىدىن مەھرۇم قالدىلەر. ھەق تەئالاغە مۇناجات قىلىپ ئەيدىلەر: «خۇداۋەندا، بىر گۇناھكى مەندىن ۋاقىئ بولدى، ئانىڭ جەزاسىغە بېھىشت نېئمەتلەرىنى مەندىن ئالدىڭ ۋە مەنى ئاسى ئاتادىڭ، ۋە يەنە چەندان بەلالەرغە مۇبتىلا قىلدىڭ؛ ئەمدى، قەددىمنى پەست قىلدىڭ، فەرىشتەلەر ئاۋازىدىن مەھرۇم قىلدىڭ؛ پەرۋەردىگارا! ئۆز فەزلى كەرەمىڭ بىرلە ماڭا رەھم قىل، مەنىڭ گۇناھىمنى كەچۈرگىل، ماڭا بۇ ئالەمدە ئارام بەرگىل!» خۇداي تەئالا دۇئالەرىنى مۇستەجاب قىلىپ، قىزىل ياقۇتدىن بىر ئۆي ئافەرىدە قىلدى، تاكىم ئانىڭ بىرلە كۆڭۈل غەممىنى چىقارغايلەر، ئول ئۆيگە «بەيتۇل - مەئمۇر» ئات قويدىلەر. ھەزرەتى ئەمىرىل - مۆئمىنىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيتۇرلەر: «بەيتۇس - سۇراھ» ھەم ئاتادىلەر. كەئبە مۇئەززەم ئورنىدا قويدىلەر. ھەجەرىل - ئەسۋەدنى بېھىشتدىن كەلتۇرۇپ، ئۆيىنىڭ تامىغە قويدىلەر، ئول ئاق مەرۋارىددىن ئەردى، ئول ئۆي قىزىل ياقۇتدىن، ئافتابدەك شۆئلە بەرۇر ئەردى. خۇداي تەئالا جەبرائىل ئەلەيھىسسەلامدىن فەرمان ئىبەردىكىم، «ئول ئۆي مېنىڭ ئۆيۈم، ئانى تەۋاف قىلسۇن، تاكىم كۆڭلى ئارام ئالغاي». ئانداغكىم فەرىشتەلەر ئەرشنى تەۋاف قىلۇرلەر. بەس، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ھەجنىڭ ئەركانى ۋاجىباتىنى تەئلىم بەردىلەر ۋە ئانىدىن ئەرەفاتغە ئالىپ چىقدىلەر. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئەندۇھلەرى تولالىقىدىن ھەزرەتى ھەۋانى ياد قىلماس ئەردىلەر.

ھەزرەتى ھەۋا جىددە تاغىدا تائەتلەرى زىيادەلىكىدىن مەككە تەرەفىگە يۈردىلەر، بىلمەس ئەردىلەر قايان بارۇرلەر. ناگاھ ئەرەفاتغە يەتدىلەر ۋە ئاندا ھەزرەتى ئادەمنى كۆردىلەر، بىر - بىرلەرىنى تانىدىلەر، بۇ ۋەجھىدىن ئول تاغ «ئەرەفات» ئاتاندى. بەس، ئادەم ئەلەيھىسسەلامغە مەككەدە تۇرماق مۇيەسسەر بولمادى. بەيتىل - مەئمۇرنى تەۋاف قىلىپ، ھەزرەتى ھەۋانى ئالىپ، ھىندىستانغە ياندىلەر ۋە ئول تاغدا بولدىلەر. ھەر يىل ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام بەيتىل - مەئمۇرنى ساغىنىپ، ھىندىستاندىن مەككەگە بارىپ ئەركەن، ھەجنى تەمام قىلىپ يانار ئەردىلەر. تا قىرىق يىل بۇ مىنۋالدا ئۆتتى. ھەر يەرگە قەدەم قويدىلەر، ئول يەر شەھەر ۋە ئاباد بولدى. ئىككى قەدەملەرى ئاراسى ئۈچ كۈنلۈك يول ئەردى، دەشت - بەيابان بولدى. ئول

بەيت تا ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىغىچە بار ئەردى. بەس، توفان چىقار ۋەقتدە، ھەق تەئالا ئاسمانغە ئىلتتى، ئورنىغە بىر تاغ خۇدانىڭ فەرمانى بىرلە كەلىپ تۇردى. تاكىم توفان سۇيىدىن ئاندا يەتمەگەي. ئول تاغ ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىغە ئاندا ئەردى. مەككەنىڭ ئورنىنى ھىچ كىم بىلمەس ئەردى. ھەق سۇبھانە ۋەتەئالانىڭ فەرمانى بىرلە ئول تاغ ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ۋەقتلەرىدە ئورنىغە باردى. كەئبەنىڭ ئورنى زاھىر بولدى ئەرسە، ئىبراھىم ئەلەيھىسنسەلام خۇدا ئەمرى بىلە تاش خانەئى كەئبەنى بىنا قىلدىلەر. مۇندىن خەبەر بەرۇر كىم، «ازابوا ءنالابراھيمكان البيت». بەئزەلەر: بەيتىل - مەئمۇر ئاسماندا ئەمەس ئەردى، ئادەم ئەلەيھىسسەلام خۇدانىڭ ئەمرى بىلە قىزىل ياقۇتتىن بىنا قىلغان ئەردىلەر. ۋەقتىكى، ھەزرەتى ئادەمنىڭ تەۋبەلەرى قەبۇل بولدى، بۇ ئالەمدە ئارام ۋە قەرار ئالدىلەر؛ ھەق تەئالا بىھىشتدىن مىۋە گۇنا - گۇن ۋە كۇللىھاي رەنگارەڭ ئىبەردى، ئانداغكىم، ئامرۇد، بادرىڭ؛ ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئول ئامرۇدنى ئاندا تىكتىلەر ئەرسە، ئۇلۇغ دەرەخت بولدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئەسالەرى ئامرۇد شاخىـــدىن دەپدۇرلەر. ھەق تەئالا بىھىشتدىن ئىبەرگەن مىۋەلەردىن ئون قىسىم مىۋەنىڭ پوستى بار ئەردى، ئىچىدە ئۇرۇغى يوق ئەردى. بۇ — ياڭاق، بادام، پىستە، گۇنار، بەللۇت، سىياھ تۇت، ئانار، جوزھىندى، مور؛ ۋە يەنە ئوننىڭ پوستى يوق، ئۇرۇغى باردۇر، ئول — ئۆرۈك، شاپتالۇ، ئەين ئالۇ، خورمە، جىگدە، سىبەك ...... ، مىسىل، شاھلۇك؛ ئون مىۋەنىڭ پوستى ھەم يوق، بۇلەر — ئالما، ئامرود، بىھى، ئۈزۈم، ئۇجمە، ئەنجىر، قاغۇن، خىيار، بادرىڭ. بۇ مىۋەلەرنى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ھىندىستاندا دەرەخت تىكتىلەر. ئاندىن ھەممە ئالەمغە يايىلدى. بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر كىم، خۇداي تەئالا ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامغە فەرمان قىلدىكىم، «ئادەمغە ئەيغىل، بارىپ خانەئى كەئبەنى بىتا قىلسۇن، سەن ئول يەرنى كۆرسەتىپ، بىنايى كەئبەنى تەئلىم بەرگىل.» بەس، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام فەرمان كەلتۇردىلەر. ھەزرەتـــى ئادەم ئول ئۆيىنـــى ھەزرەتـــى جەبرائىـــل ئەلەيھىسسەلامنىڭ تەئلىملەرى بىرلە، كۇھى ھەرا، كۇھى زەيتا ۋە تۇرى سىينا، كۇھى جودى — بۇ تۆرت تاغنىڭ تاشلارىدىن بىنا قىلدىلەر. بۇ

تاغلارنىڭ ئۆزگە تاغلارگە قەدرى ۋە شەرافەتى مەئلۇم بولدى. بۇ ئۆي تەمام بولدى ئەرسە، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ھەجەرىل ئەسۋەدنى ئول ئۆينىڭ بىر تامىدە قويدىلەر، ئايدەك تابىش قىلۇر ئەردى. كافىرلار ئىلكى تولا تەگدى ئەرسە، تىيرە بولدى. ئاندىن ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ئەركانى ھەجنى تەئلىم بەردىلەر. ئاندىن ندا قىلدىلەركىم، «ئەي ئادەم ئۇرۇغى! سىزلەرگە ھەق تەئالا بىر ئۆي بىنا قىلدى ۋە ئانى تەۋاف قىلماقغە فەرمان قىلدى؛ ھەر كىمگەكى ھەق تەئالا تەۋاف قىلماقنى روزى قىلدى، ئاناسى سۈلبىدە ئول نىدانى ئىشتىپ جەۋاب بەرگەنلەردۇر كىم ( «لبيك اللهم لبيك لاشريك لك لبيك ان الحمد والنعمه لك والملك لاشريك لك» ) . ئادەم ئەلەيھىسسەلام تا ۋەفات بولغۇنچە ھىندىستاندىن كەلىپ، ھەج ئەدا قىلۇر ئەردىلەر. قەبرەلەرى ھەم كۇھــــى سەرانديبدەدۇر. ۋە يەنە ئول نىمەرسەكىم، ھەق تەئەلا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامغە بەردى، تۆمۇر ئەردى، ئانىگدىن ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام دىھقانلىق ئەسبابىنى ئەتتىلەر. ۋە يەنە بىر تونۇر ئەتتىلەر، ئول تونۇر ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ توفانلەرىغىچە بار ئەردى. ئول توفان تونۇردىن چىقتى. ئول تونۇر ئەردىكىم، ھەق تەئالا خەبەر بىرىپدۇر «وفارالتنور» . ئەمىرىل مۆئمىنىن ئەلــــى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيتىپدۇرلەر: «وفارالتنور سۇبھ ۋەقتىــــدۇر.» ئاندىن كيىن، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام بىر قوي كەلتۈرۈپ، يۇڭىنى ئالىپ، ھەزرەتى ھەۋاغە ئىگىرمەكنى، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىـــسسەلامغە توقۇماقنى تەئلىم بەردىلەر. ئانىگدىن بىرنى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام كۆڭلەك كىيدىلەر، بىرنى ھەزرەتى ھەۋا كىيدىلەر، ئانداغكىــم باشدىن ئاياغلەرىنى ياپتى. ئول ئۆيكىم يەر يۈزىدە بىنا قىلدى، خانەئى مۇبارەك ئەردى ... مەككەنى بەككە ئاتاپدۇر، بەككە دەپ خەلايىق تولا يىغىلغان يەرنــى ئەيتۇرلەر. مۇندىن ئەۋۋەل ھېچ كىم ئۆينى بىلمەس ئەردى. ئاندىن ھەق تەئالا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامغە روي زەمىــــنىـــــى بەردى. ھەر مەخلۇق مەۋجۇدىكى يەر يۈزىدە بار ئەردى، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامغە فەرمان بەردار قىلدى، تاكىم خاھلاغانىنى يىدىلەر ۋە بەئزەنى ئىشلەتتىلەر......

ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ھەزرەتى ھەۋادىن ئۈچ فەرزەندى بولدى، بىر يىلدىن تولا ئۆمۈر كۆرمەي ئۆلدى. تۆرتىنچى فەرزەندى ھامىلە بولدى

ئەرسە، ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسەلامغا ئېيدى: «ئەي ئادەم، مەن فەرزەندلەرىڭ ئۈچۈن بىسيار غەمكىندۇر مەنكىم، ھىچ بىرى تۇرمايدۇر.» ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئېيدىلەر: «ئۆلمەك ۋە تىرىلمەك خۇدانىڭ ئەمرىدۇر - ھۆكمىدۇر.» ئىبلىس ئېيدى: «مەنىڭ كۆڭلۈمگە فال كەلۇركىم، ھەۋانىڭ قۇرساقىداقى بۇ فەرزەندنىڭ سەھەت ۋە سالىم، خۇشرۇي ۋە ئۆمرى ئۇزۇن ئوغۇلدۇر». ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئېيدىلەر: «ھەق تەئالادىن ئۈمىدىم باردۇر.» ئىبلىس ئېيدى: «ئەگەر شۇنداق بولسا، بۇ ئوغۇلۇڭنى ماڭا بەرگەيسەن ۋە ماڭا بەندە قىلىپ، ئەبدۇل - ھىرىس ئات قويغايسەن» ئىبلىسنىڭ ئاتى ھىرىس ئەردى. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئىبلىسنىڭ سۆزىنى قەبۇل قىلدىلەر. بەس، ھەۋا بىر ئوغۇل تۇغدىلەر، ناھايىتى خۇشرۇي ۋە تەندۇرۇست. ئىبلىس ئېيدى: «ئەي ئادەم، كۆرمەسمۇ سەنكىم، مەنىڭ فالىم راست كەلدى، ۋەئدەگە ۋەفا قىلغىل، ماڭا ۋە ساڭا فەرزەند بولغاي» ...... ھەزرەتى ئادەم بىرلە ئىبلىسنىڭ ئاراسىدا دوستلۇق ۋاقىئ بولۇپ، ئۆز فەرزەندلەرىنى ئاڭا فەرزەند قىلغانلەرى خۇداي تەئالا دەرگاھىدا ناپسەند بولدى. چۈنكى پەيغەمبەرلەردىن گۇنا سەغىرە، گۇناھ كەبىرە بولۇر. ئىبلىس ئادەم ئەلەيھىسسەلامغە بۇ جەھاندا فەرىب بەرمەكى بۇ ئەردى...... بەس ئول فەرزەندلەرى ۋەفات بولدى. ھەق تەئالا يەنە فەرزەند بەردى ۋە ئاڭا شىش ئات قويدىلەر؛ ئول پەيغەمبەر بولدى ۋە ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامدىن كېيىن يەر يۈزىگە خەلىفە بولدىلەر. ئاندىن كېيىن ھەممە پەرزەندلەرى تۇردى، ھابىل ۋە قابىل. بەس، شىش ئەلەيھىسسەلامدىن كېيىن ھەزرەتى ئادەمنىڭ ھەممە ئىككى فەرزەندلەرى بولدى، بىرى ئوغۇل، بىرى قىز؛ بىرىنى بىرىگە ئالىپ بەردىلەر. بەس، قابىل بىرلە بىر قىز تۇغۇلدى، بىسيار خۇشرۇي. ھەزرەت ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئانى ھابىلغە ئالىپ بەرۇر بولدىلەر ئەرسە، قابىل ئېيدى: «بۇ مەنىڭ ھەمراھىم» ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئېيدىلەر: «ئىككۆ قۇربانلىق قىلىڭلار، قايسىڭلارنىڭ قەبۇل شەرافەتى تاپسە، ئانىڭ بولسۇن». قۇربانلىق قەبۇل بولغانى نىشان ئول ئەردىكىم، ھەركىم قۇربانلىق قىلىپ، ئەگەر قەبۇل بولسە، ئاسماندىن ئىككى قاناتى كۆك، ئۆزى قىزىل بىر نەرسە كەلىپ، ئول قۇربانلىقنى كۆيدۇرۇپ كەتەر ئەردى ۋە ئەگەر قەبۇل بولماسا ئاڭا كەلمەس ئەردى ۋە قۇربانلىق ئىگەسى شەرمەندە بولۇر

ئەردى. بەس، قابىل ۋە ھابىل ئىككۆلەن قۇربانلىق ئالىپ باردىلەر. ھابىل قويچى ئەردى، بىر سېمىز فاقلان كەلتۇرۇپ قۇربانلىق قىلادۇرغان يەردە قويدى. ئول قابىل دېھقان ئەردى، ئول ھەم ئاندا قويدى. ئول ئوت مەسەللىك نەرسە كېلىپ ھابىلنىڭ قۇربانىنى كۆيدۇردى، قابىلنىڭ قۇربانىغە باقمادى ئەرسە، قابىل ئەيدى: «ئەي ھابىل، مەن سەنى ئۆلتۇرۇرمەن». ھابىل ئەيدى: «ھەق تەئالا پەرھىزكارلار قۇربانلىقىنى قەبۇل قىلۇر، ئەگەر سەن خۇدادىن قورقماي، مەنى ئۆلتۇرۇر بولساڭ، مەن پەرۋەردىگار ئالەمدىن قورقۇپ، ساڭا قول سۇنماسمەن.» بەس، قابىل ھابىلنى ئۇيقۇلۇغ تاپىپ، بىر تاش بىلە باشىغە ئۇرۇپ ئۆلتۇردى. يەر يۈزىدە فەرزەندى ئادەمدىن ئول خۇنى ناھەقكى ۋاقىئ بولدى — بۇ ئەردى...... ۋەقتىكى، ھابىلنى ئۆلتۇردى ئەرسە، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامدىن قورقۇپ، ھابىلنى كۆتەرىپ يۈرۈر ئەردىلەر ۋە بىلمەس ئەردىكىم، نېچۈك ياشۇرغاي. بەس، ھەق تەئالا ئىككى ساغىزغاننى ئىبەردى، بىرى بىرىنى ئۆلتۇردى، تۇمشۇقىدا چۇقۇر كاۋلاپ كۆمدى. قابىل مۇنى كۆردى، ھابىلنى يەرگە كۆمۈپ پىنھان قىلدى. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ھەممە پەرزەندلەرىنى قابىلغە تاپشۇرۇپ، ھەجگە بارغان ئەردىلەر. قاچانكىم يانىپ كەلدىلەر ئەرسە، ھابىلنى كۆرمەدىلەر؛ ئەيدىلەر «ھابىلنى يوق قىلىپدۇر» دەپ، ئاڭا لەئنەت ئوقۇدىلەر. بەس، قابىل مەلئۇن بولدى ئەرسە، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام قاشلارىدا بولالمادى، ئول ھەمزادىنى ئالىپ يەمەن تەرەفىگە كەتتى ۋە ئاندا ئۆلدى......

## فەسلى دەستان
## مەقالەئى ھەزرەتى ئادەم ۋە شىش ئەلەيھىسسەلام پەيغەمبەرلىكلەرى

بەياندا كەلتۇرۇپدۇركىم، ھەق تەئالا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامغە يۈز يىگىرمە يىلدا ئاتمىش سەھىفە ئىبەردى. بەئزەن يىگىرمە دەپدۇرلەر. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام بۇ سەھىفەلەرنى كەلتۇرۇپ، ھۇرۇفى

مۇنەججىمنى ئۆرگەتتىلەر. ۋەقتىكى، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۆمرىلەرى، تەۋبەلەرى قەبۇل بولغاندىن كېيىن يۈز ئوتتۇز يىل ئۆتتى. قابىل ھابىلنى ئۆلتۈرۈپ بەش يىلدىن كېيىن، ھەق تەئالا ھەزرەتى ئادەمگە بىر ئوغۇل ئەتا قىلدىكىم، يالغۇز تۇغۇلدىلەر. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام كەلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «يا، ئادەم! بۇ ئوغلۇڭ ھابىلنىڭ ئىۋەزىدۇر، مۇڭا شىش ئات قويغىل». «شىش» ئىبران تىلىدۇر، ئەرەبى تىلدا «ھەيبە - تۇللاھ» دېمەك بولۇر.

بەس، ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسەلام چوڭ بولدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ھەممە فەرزەندلەرىگە ئۇلۇغ قىلىپ، ئۆز ئورۇنلەرىدە يەر يۈزىگە خەلىفە قىلدىلەر. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ۋەفات بولغانلەرىدىن كېيىن، ھەممە فەرزەندلەرىگە پەيغەمبەر بولدىلەر. تەمامى ئەۋلادى ئادەمنىڭ نەسەبى نەسەبلەرى ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسەلامغە يەتەر. چۈنكى ھەزرەتى ئادەمنىڭ ئۆزگە فەرزەندلەرىنىڭ نەسلى قالغان ئەمەسدۇر ......

# فەسلى دەستان
# ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ
# ۋەفاتلەرى زىكرى

ئۆلۇمالەر ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۆمۈرلەرىدە ئىختىلاف قىلىپدۇرلەر، تولارىق مىڭ يىلغە ئىتتىفاق قىلىپدۇرلەر. كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەق تەئالا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ زەررىيەلەرىنى گۇرۇھ - گۇرۇھ تائىفە كۆرسەتتى ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام تائىفەلەرىنى كۆردىلەر، بۇلار ئاراسىدا بىرلەرىنى كۆردىلەر كىم بىسيار يىغلادىلەر. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسساالامنىڭ ئول تاغ ئۆززەسىدە يىغلاغانلەرى يادلەرىغە كەلدى؛ ئەيدىلەر: «ئىلاھا، بۇ كىمدۇر؟» «بۇ سەنىڭ فەرزەندلەرىڭدىن بىر پەيغەمبەردۇركىم، ئاتى داۋۇد، مۇنىڭدىن بىر گۇناھ

ۋاقىتى بولۇر».

هەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھلەرى كەلدى. ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا! مۇنىڭ ئۆمرى قانچەدۇر؟» خىتاب كەلدى: «قىرىق يىلدۇر». ئەيدىلەر: «خۇداۋەندا، مەنىڭ ئۆمرۈمدىن ئاتمىشنى ئاڭا بەرگىل، تاكىم يۈز يىل بولسۇن.» ھەق تەئالا بۇ دۇئالەرنى مۇستەجاب قىلدى. ۋەقتىكى، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆمرىلەرىدىن توققۇز يۈز قىرىق يىل ئۆتۈپ ئەردى. ھەزرەتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام جان ئالغالى كەلدىلەر. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئەيدىلەر كىم: «ئەي مەلەكىل - مەۋت! غەلەت قىلىپسەنكىم، ھەق تەئالا ماڭا مىڭ يىل ئۆمۈر ۋەئدە قىلىپ ئەردى، ھۇنۇز ئاتمىشى يىل باردۇر!» ھەزرەتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئەيدىلەر: «مەن غەلەت قىلمادىم، لېكىن سەن ئۆمرۈڭدىن ئاتمىشنى فەرزەندىڭ داۋۇدغە بېرىپ ئەردىڭ» دېدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام تاندىلەر. فەرمان كەلدىكىم: «ئەي، مەلەكىل - مەۋت، يانغىل! تاكىم مىڭ يىل تەمام بولسۇن؛ داۋۇدنىڭ ئۆمرى ھەم يۈز يىل بولسۇن». خەبەردە ئانداغ كەلىپدۇركى، ۋەقتىكى، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئاغرىدىلەر ئەرسە، يىگىرمە كۈندىن كېيىن ھەق تەئالا ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ئىبەردى ۋە فەرمان قىلدىكىم، «شىشنى خەلىفە قىلسۇن!» بەس، ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسالامنى چىرلادىلەر ۋە خەلىفە قىلدىلەر، ئانچە ئەيتۇر سۆزلەرنى ئەيدىلەر. ئەرتەسى — يىگىرمە بىرىنچى كۈنى ۋەفات بولدىلەر.

## فەسلى دەستان
## ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولغانلەرى زىكرى

ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ۋەفات بولدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسالامنى ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسالامغە ئىبەردى ۋە فەرمان قىلدىكىم: «ئەۋۋەل كىتابلەركى ئىبەرىپ ئەردىم، ئانداقى ئەمر نەھىلەرنى فەرزەندلەرىگە يەتكۈرۈپ، شەرت ئالسۇنكىم، فەرامۇش

قىلماغايلەر.» ئانداغكىم، ئادەم ئىبلىسنىڭ مىكرى بىرلە ئەھدىنى ئۇنۇتۇپ بېھىشتىدىن چىقتى. ۋە يەنە فەرمان ئىبەردى: «ئادەمنى يۇپ - تاراپ، كەفەن قىلىپ، دەفن قىلسۇن.» بەس، شىش ئەلەيھىسسەلام فەرمانىنى بىجا كەلتۇردىلەر. ئانداغكىم، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ھەزرەتى ئادەمنى يۇپ، كەفەن قىلماقنى تەئلىم بەردىلەر. بېھىشتىدىن كەفەن كەلتۇرۇپ يۆرگەپ، ئەيدىلەر «نەمازىنى ئۆتەگىل.» ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: «سەن ئۆتەگىل». ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: «ئاتاڭ ئورنىدا خەلىفەدۇرسەن، نەمازىنى ئۆتەمەك ساڭا لازىمدۇر.» بەس، شىش ئەلەيھىسسەلام ھەزرەتى ئادەمگە نەماز ئۆتەدىلەر ئوتتۇز تەكبىر بىرلە؛ ئاندىن تۆرت تەكبىر ۋە بۇ تەرىقەدە دەفن قىلماق فەرزەندلەرىگە سۈننەت قالدى. ئوتتۇز تەكبىر بىرلە ئۆتەمەك ھەزرەتى ئادەمنىڭ شەرافەتلەرىگە ئەردى. ئاندىن كېيىن، كۆتەرتىپ دەفن قىلدىلەر. ئۆلۇمالەر ئىختىلاف قىلىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئادەمنىڭ قەبرەلەرى قايدا ئەردى؟ بەئزەلەر ھىندىستاندا سەرانىدىپ تاغىدا، دىگەر گۇرۇھى مەككەدە ئەبۇ قەيس تاغىدا دەپدۇرلەر. ۋە يەنە كەلتۇرۇپدۇر: ھەزرەتى ھەۋا ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامدىن كېيىن بىر يىلدىن كېيىن ۋە فات بولدىلەر. ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسلام ئۇلەرنى ھەم ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام بىرلە بىر يەردە دەفن قىلدىلەر.

ۋە يەنە ئانداغ رەۋايەت قىلىپدۇرلەركىم، ھەق تەئالا ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام زەمانەلەرىدە توفان ئىبەرۇر بولدى. ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام ھەزرەتى ھەۋا بىرلە ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۇستىخانلەرىنى ئاچىپ، كېمەگە سالدىلەر. قاچانكىم كېمەدىن چىقتىلەر ئەرسە، ھەر ئىككۆلەرىنى بەيتىل - مۇقەددەسدە دەفن قىلدىلەر، قەبرەلەرى ئاندادۇر.

بەس، شىش ئەلەيھىسسەلام ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئورۇنلەرىدا خەلىفە بولدىلەر. بۇ ۋەقتدە ھەزرەتى ئادەمنىڭ فەرزەندلەرى قىرىق مىڭ بولۇپ ئەردىلەر ۋە بۇلارنىڭ ھەممەسىگە ئۇلۇغ بولدىلەر. تەمام ئۆمۇرلەرىنى مەككەدە ئۆتكەردىلەر. ھەر يىل ھەج تەۋاف قىلۇر ئەردىلەر. ئالەمنى ئابادلىق قىلدىلەر. ئۆمۇرلەرىدىن ئالتە يۈز ئەللىك يىل ئۆتتى

ئەرسە، فەرزەند تاپتىلەر، ئاڭا ئانۇش ئات قويدىلەر. ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۆمۈرلەرى توققۇز يۈز ئون ئىككىـــگە يەتكەندە ئانۇشنى ئۇنۇش ئات قويدىلەر، ئۆز ئورۇنلەرىدە خەلىفە قىلدىلەر. ئانىڭ فەرزەندى بىسيار ئەردى. فەرزەندلەرىدىن بىرى ھەممەدىن ئالىم ۋە فازىل بولدى ۋە ئاتى قەينان ئەردى. ئۇنۇش توققۇز يۈز ئەللىك يىل ياشادى، ئاندىن ئۆلدى. قەينان خەلىفە بولدى، بۇ ئىككىسى پادشاھ بولدىلەر، پەيغەمبەر بولمادىلەر. قەيناننىڭ ئەۋلادى تولا بولدى. فەرزەندلەرى ئاراسىدىن مەھلائىل ئاتلىغ بىرىنى خەلىفە قىلدىلەر. قەينان سەككىز يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر كۆردى، ئاندىن مەھلائىل ئوغلىنى ئۆز ئورنىدا قويدى، ئول توققۇز يۈز يىگىرمە ئالتە يىل تىرىكلىك قىلدى، قىزى تولا بولدى، بىر ئوغۇل تاپتى، ئاتىنى ئەخنۇخ قويدى. ئول ئىدرىس ئەلەيھىسسەلامدۇر. ئەخنۇخ ئىبران تىلىندۇر، ئىدرىس ئەرەبىدۇر. شىـــش ئەلەيھـــىسسەلامدىن ئىـــدرىس ئەلەيھىسسەلامغىچە ھىچ پەيغەمبەر كەلمەدى.

## فەسلى دەستان
## مەقالەئـى ئاتەشپەرەسـت پەيدا بولغانى بەيانى

بىلمەك كېرەك، ئول كىمەرسەكىم، ئوتغە تاپىندى ـ قابىل ئەردى، ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتىلەرىغىچە تىرىك ئەردى. ئانىڭ چەندان فەرزەندى بولدىكىم، ئەدەدىنى كىشى بىلمەس ئەردى. ئول ئەۋلادى بىرلە شامنىڭ تاغلارىدا ئەردى. نەھايىتى پىر بولدى ئەرسە، بىر كۈن ئىبلىس كەلدى، ئەيدى: «ئەي، قابىل! بىـــلۇرسەنمۇكىـــم، ھابىـــلنىـــڭ قۇربانلىــقىنــى نېچۈكدىــن ئىختىيار قىلدى ۋە سەنىــڭ قۇربانلىقىڭغە نە ۋەجھەدىــن باقمادى؟» قابىل ئەيدى: «بىلمەسمەن.» ئىـبلىـــس ئەيدى: «ھابىل ئوتغە تابىنغان جەھەتدىن قۇربانلىقىنى قەبۇل قىلدى. سەن ھەم ئوتغە باش ئۇرغىل، تاكىم، سەندىن خۇشنۇد بولغاي. بۇ يەر يۈزىكىم، سىنىڭ ئەردى، ساڭا ۋە ئەۋلادىڭغە بولغاي.» قابىل ئوتغە سەجدە قىلدى ۋە ھەممە

فەرزەندلەرىنى ئوتغە باش ئۇرماققا بۇيرۇدى. ھەممە ئاتەشپەرەست بولدىلەر، ئەۋلادى بىرلە ئاتەشپەرەستلىكدە ئۆلدى. ئانىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى، بىسيار شوخ ۋە ئويۇن - كۈلكىگە مايىل بولدىلەر. ئەسبابى نەغمە تەييار قىلىپ ئەردى. ئۇلارنىڭ ئىشى ھەمىشە شەراب ئىچمەك ئەردى، ئوتغە تاپىنماق ۋە بى نىكاھ خاتۇن ئالماق. يەنە بىر تائىفە - ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئەۋلادلەرىدىن - بۇلارنىڭ ئەيش ۋە نەشاتلەرىنى ئىشىتىپ، ئۇلارغە قوشۇلدىلەر. خاھ ئاناسى، خاھ بىر تۇغقانى بولسۇن، خاھلاغانلەرىنى ئالدىلەر. بۇ تەرىقەدە، تا يۈز يىلدىن كەمرەك مەھەلدە، ھەممە فەرزەندى ئادەم ئەلەيھىسسەلام ئاتەشپەرەست بولدىلەر.

بەس، ھەق تەئالا ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلامنى ئۇلارغە پەيغەمبەر ئىبەردى. ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلام ئۇلارنى ئىمان ئىسلامغە تەكلىف قىلدىلەر، ئول يامان ئەفئاللەرىدىن نەھى قىلدىلەر. ئازراقى ئىمان كەلتۇردى، ئاتەشپەرەستلىكدىن تاندىلەر. تولاراقى ئاتەشپەرەستلىكدە قالدى. ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلام ئۇلار بىرلە جەڭ قىلدىلەر ۋە ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر. ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلام ئۈچ يۈز ئاتمىش بەش يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ئۇلارغە ئوتتۇز سەھىفە كەلتۇردىلەر.

ئول كىشىكىم، ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلامغە ئىمان كەلتۇرىدى، ئول تائىفەلەردىن بىرى ئەردىكىم، ھەمىشە زۇھد - تەقۋا قىلۇر ئەردى ۋە ئۇلارغە ھەرگىز قوشۇلماس ئەردى. ئول كىمەرسەكىم، ئىگىن تىكمەكنى چىقاردى. مۇندىن ئىلگەرى قوي يۇڭىنى ئىگىرىپ، يا تىۋە، يا كالا تىرەسىنى ياپىنۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلام ئىگىن پىچىپ كۆڭلەك - ياپچان قىلىپ كىيدىلەر. تەمام خەلايىق بۇلاردىن ئۆرگەندىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرنى ئاسمانغە ئىلتتى.

ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلامنىڭ بىر ئوغلانلەرى بار ئەردى، ئاتى «مەتەۋ شالەخ» ئاتلىغ، ئول يەتتە يۈز يىل ئۆمۈر كۆردى ۋە ئاخىر ئۆمرىدە بىر ئوغۇل تاپتى، مەلىك شاھ ئات قويدى، ئىككى يۈز ئون توققۇز يىل ئۆمۈر كۆردى، ئاندىن ئۆلدى. مەلىك مۇسۇلمان بولدى، خەلقنى ھەق تەئالانىڭ قۇللۇقىغە باشلادى ۋە تولا خەلايىق مۇنىڭ سۆزى بىرلە ئاتەشپەرە

ستلىكدىن ياندىلەر. ئول مەلىكنىڭ بىر ئوغلى بولدى، ئاڭا نوھ ئات قويدى، يەتتە يۈز سەكسەن يىل ياشادى. ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىدە خەلايىق ھەر تەرىقە ئەردىلەر. بەئزى ئاتەشپەرەست ۋە بەئزى بۇتپەرەست، بەئزى تائىفە ئايغە تاپىنۇر ئەردى؛ بەئزى ئافتابغە تاپىنۇر ئەردى. ھەق تەئالا ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنى پەيغەمبەر ئىبەردى. ھەزرەتى ئىدرىسدىن تا ھەزرەتى نوھغىچە ھىچ پەيغەمبەر كەلمەدى. ئەمما پادشاھ بولدىكىم، بەئزەسى تەمام جەھانغە پادشاھلىق قىلدى ۋە بەئزەسى بىر مۇنچە خەلايىققە ھۆكۈم سۈردى.

# فەسلى دەستان
# كەيۇمەرسنىڭ پادشاھلىقى بەيانى

مۇنىڭ بارەسىدە خىلاف تولادۇر، ھەركىم بىر تەرىقە ھىكايە قىلىپدۇر. ئول ئادەمنى گىل شاھ ھەم دەپدۈرلەر. چۈنكى گىلدىن ياراتىلدى، گىلغە پادشاھ بولدى. «كەيۇ مەرس» ئەجەم تىلىدۇر، «زىندە گويا» دېمەك بولۇر. تائىفە ئەخبار ۋە ئەھادىس دەنالەرى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ نەبرەلەرى دەپدۈرلەر. كەيۇمەرس جۇفتى بىرلە مەبنىي ۋە مۇشابىھدىن ئەردى، ئادەم سۆرەتىدە يەردىن ئۈنگەن. ھەق تەئالا دىۋ - پەرىگە قەھر قىلماق ئۈچۈن ئاڭا جان ئەتا قىلدى...... ئانۇشكىم كەيۇمەرس ئولدۇر. ئالەمگە پادشاھ ئول بولدى. بىننى مۇقەننەئ ئەيتۇر: ۋەقتىكى، كەيۇمەرس پادشالىقغە ئولتۇردى ئەرسە، سىپاھ ۋە لەشكەرى تولا ئەردى. دىۋ - پەرى بىرلە جەڭ قىلدىلەر. ئۆلۇمائى ئىسلام ئەيتۇرلەر: كەيۇمەرس ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام فەرزەندلەرىدىن ئەردى. ۋەقتىكى، ھەزرەتى شىش ئەلەيھىسسەلام ۋەفات بولدىلەر. بۇلار ئاراسىدا خىلاف - نىزائ پەيدا بولدى. كەيۇمەرس فەرزەندلەرىنى باشلاپ تاغقە كەتتى ۋە ئاندا ۋەتەن تۇتۇپ، ئەۋلادى تولا بولدى. ئاندا شەھەرلەر، ۋەتەنلەر بىنا قىلدىلەر. كەيۇمەرس خۇشرۇي ئەردى، ئانى كەھۇ مەرس ئاتابدۇر. ئاندا دىۋلەر ۋەتەن تۇتغان ئەردى. ھەق تەئالانىڭ ئەمدادى بىرلە ئانى قوغلادى. ئانىڭ سىلاھ ۋە ياراغى سالغۇ ۋە

تاياق ئەردىكىم، ئاڭا ئىسمى ئەئزەم پىتىكلىك ۋە ھەر يەرگە بارسا ئىسمى ئەئزەم خاسىيەتىدىن دېۋلەر قاچار ئەردى. كەيۇمەرسنىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى، دەلىر ۋە مەردانە، ھۇشەڭ ئاتلىغ؛ ھەمىشە ھەق تەئالاغە قۇللۇق قىلۇر ئەردى. ھەر بار ئاتاسى قاشىغە كەلسە سورار ئەردىلەركىم: «قايسى ئىش ياخشىدۇر؟» ئاتاسى ئەيتۇر ئەردىكىم: «خەلققە بىئازارلىق، خۇداغە قۇللۇق ۋە پەرھىزكارلىق.» ھۇشەڭ ئەيدى: «تائەتدە ئۆز ئىختىيارىچە قىلسە بولۇر، ئەمما بىئازارلىق كۆڭلىگە سالماغۇنچە بولماس.»

بەس، ئول دېۋلەركىم، كەيۇمەرسدىن شىكەست تاپغان جەھەتدىن ھۇشەڭنى تەنھا كۆرۈپ ئۆلتۇرمەككە قەسد قىلدىلەر، تاكىم ئاتاسى كۆڭلى شىكەست تاپغاي. مۇڭا قۇدرەت تاپماي يۈرۈر ئەردى. بىر كۈن ھۇشەڭ باشىنى سەجدەگە قويۇپ ئەردى، دېۋلەر مەھەل تاپىپ، تاغنى كۆتەرىپ باشىغە سالىپ ھەلاك قىلدىلەر. كەيۇمەرسنىڭ كۆڭلى ساف ۋە ئوچۇق ئەردى. بۇ ۋاقىئەدىن كۆڭلىگە غەم پەيدا بولدى، ئەمما بائىسىنى بىلمەس ئەردى. ھەر قاچانكىم كۆڭلى غەمكىن بولسە، ئول فەرزەندى قاشىغە بارىپ، كۆڭلى غەمىنى چىقارۇر ئەردى. ھەر تەئامكى فەرزەندلەرى كەلتۇرسە، ئانى ئالىپ قويۇپ، ئول ئوغلىغە ئالىپ بارۇر ئەردى؛ ئول ئازراق يەپ، قالغانىنى قۇشلارغە بېرۇر ئەردى ۋە ئاڭا بىسيار ئۇلفەت ئالغان ئەردى. كەيۇمەرس بۇ نەۋبەت بىسيار تەئاملەر ئالىپ، ئوغلى قاشىغە بارغالى چىقتى. يولدا بىر جۇغز ھەيبەتلىك ئاۋاز قىلدى. كەيۇمەرس يەتىپ باردى، ئۈچۈپ يىراققە بارىپ، يەنە ئاۋاز قىلدى. كەيۇمەرس ئۆزىگە ئەيدى: «مەنىڭ بۇ غەمىم ۋە بۇ جۇغزنىڭ ئاۋازى بىر ۋاقىئەدىن خەبەر بېرۇركىم يالغان ئەمەسدۇر.» بەس، ئەيدى: «ئەگەر بۇ خەبەرنىڭ ياخشىلىقىدۇر، تا جەھان باقىدۇر. سەندىن ياخشى فال قالغاي؛ ئەگەر يامان خەبەر ئەيتۇرسەن، سەندىن فالى شۇم قالغاي.» كەيۇمەرس تاغ باشىغە چىقتى، ئوغلىنى ئۆلۈك تاپتى. ئاندا بىسيار يىغلادى. بۇ ئەردىكى، جۇغزدىن خەلق نەفرەت قىلۇرلەر ۋە ئاۋازىدىن شۇم فال ئالۇرلەر. كەيۇمەرس بىلمەدىكىم، فەرزەندىنى نېچۈك قىلغاي. بەس، ھەق تەئالا ئول تاغدا بىر چاھ پەيدا قىلدى، ئاندا كۆمدى. ئاتەشپەرەستلەر ئەيتۇرلەر: كەيۇمەرس ئول تاغدا بىر زەرب ئۇردى، ئول تاغ يارىلدى ۋە شىكاف بولدى. ئاندا كۆمۈپ، ئول شىكاف ئۆزەسىدە ئوت

ياندۇردى، تاكىم دېۋلەر ئۇستىخاننى ئالماغايلەر. ئۇل ئوت تا بۇ ۋەقتىغىچە ھەر كۈن ئون مەرتەبە ھەۋاغە ئۆرلەپ، ئۇل قۇدۇغقە پەيۋەست بولۇر. بەس، كەيۇمەرس ئوغلىنى دەفن قىلىپ، ئۈچ كۈن ئۇل قۇدۇغ باشىدا يىغلاپ دۇئا قىلدىلەركىم: «خۇداۋەندا! فەرزەندىمنى ئۆلتۇرگەن كىشىنى ماڭا كۆرسەتكىل.» بىر كېچە تۇشىدە كۆردىكىم، بىر پىرى مەردى كەلدى، ئەيدى: «ھەق تەئالا ساڭا چەندان فەرزەند بېرىپدۇر ۋە يەنە ھەم بېرۇر. سېنى جەھانغە پادشاھ قىلىپ، تەمام خەلايىقنى فەرمانبەردار قىلىپدۇر. بىر قەزايى ئىلاھىغە مۇنداغ ناسىپاسلىق قىلماغايسەن!» كەيۇمەرس ئەيدى: «مەن خۇدانىڭ قەزاسىغە رازىدۇرمەن، قايداغ خاھلاسا قىلۇر. ئەمما تىلەرمەنكى، فەرزەندىمنى بۇ ھالدا كىم ئۆلتۇرۇپدۇر، ئانى بىلسەم». ئۇل پىر ئېيدى: «گۇرۇھى دېۋلەر ئۆلتۇردى، مەكانى فەلان يەردەدۇر» — دەپ كۆرسەتتى. بەس، كەيۇمەرس ئۇيقۇدىن ئويغانىپ شۇكر بېجا كەلتۇردى، نالە - فىغان قىلغانىغە تەۋبە قىلىپ، ئۆزرەلەر ئەيتدى. ئۇل قۇشلار كىم ھۇشەڭغە ئۇلفەت ئالغان ئەردى، ئۇل تەئاملەرنى ئاڭا بەردى. ئاندىن ئانداغ غەزەب بىرلە قوپتىكىم، ھەر كىشى كۆرسە ھەيبەتىدىن قورقۇپ (ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ فەرزەندلەرى ئاراسىدا ھەممەدىن دىلاۋەرلىك، قۇۋۋەتلىك ۋە ياخشىراقى ئۇل ئەردى، مۇسۇلمان ھەم خىرەدمەند ئەردى) تاغلاردا شىر - فەلەڭ مەسەللىك دەررەندەلەر قاچار ئەردىلەر. ئانىڭ يەنە بىر ئوغلى بار ئەرسە، ئۆزگەلەردىن ئۇلۇغ، خۇشرۇي ۋە ھۇشلۇغ، ئانى ھەممە فەرزەندلەرىگە سەردار قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «ھەر ئىشكىم قىلۇرسىزلەر مۇنىڭ فەرمانى بىرلە قىلىڭلار. بۇرادەرىڭلەرنى دېۋلەر ئۆلتۇرۇپدۇر. ماڭا ئۇلارنىڭ مەكانىنى كۆرسەتتىلەر. مەن فەرزەندىم ئىنتىقامىنى ئالغالى بارۇرمەن. ۋەگەرنە سىزلەردىن ھىچ بىرىڭلەر قالماغايسىزلەر!» ھەممە فەرزەندلەرى ئەيدى: «بىز ھەم خىزمەتىڭدە بارساق ۋە يار - ياۋەرلىك قىلساق.» كەيۇمەرس ئەيدى: «ماڭا پەرۋەردىگارىم ياۋەرلىكى كىفايەتدۇر. سىزلەر مەن كەلگۈنچە بۇ تەرىقەدە بولۇڭلار!» دەپ نەماز پىشىن ۋەقتىدە چىقتىلەر ئەرسە، يولدا بىر ئاق خورۇس بىر مەكيان بىرلە تۇرۇپدۇر. بىر يىلان ئۇل خورۇسغە قەسد قىلۇر ۋە خورۇس ئۇل يىلانغە پەنجە قويۇپ، ياخشى ئۇن بىرلە قىچقىرىپ ئەردى. كەيۇمەرس تەئەججۇب قىلىپ ئەيدى: «ئەجەب

قۇشىدۇركىم ئادەم مەسىلىلىك، جۇفتىغە مېھرىبانلىق قىلىۇر ئەردى، ياخشى ئاسرار ئەردى، ئادەم فەرزەندىنىڭ دۇشمەنى بىرلە جەڭ قىلىۇر!» بەس، كەيۇمەرس بىر تاش بىرلە ئول يىلاننى ئۆلتۈردىلەر. خورۇس ھەق تەئالا بەرگەن ئاۋاز بىرلە خۇش ئاۋازلىق قىلدى. كەيۇمەرس بەنەھايەت خۇشلاپ، ئوزۇقىدىن بىرمۇنچە خورۇسنىڭ ئالدىدا قويدى. خورۇس باشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ، جۇفتىنى چىرلادى، تا جۇفتى كەلمەگۈنچە يېمەدى. كەيۇمەرس ئەيدى: «ئەجەب خۇش سۇخەن، مۇرۇۋۋەتلىك قۇش ئەركەن. مۇندىن ماڭا ياخشى فالدۇركىم، دۇشمەن تەلەبىدە بارۇرمەن. بۇ فەرزەندى ئادەم دۇشمەنى بىرلە جەڭ قىلىۇر!» دەپ، ئول خورۇسنى جۇفتى بىرلە فەرزەندلەرىگە كەلتۈردى. ۋە ئەيدى: «مۇنى ياخشى ئاسراڭلار كىم، بۇ ئادەمىزاد مەسىلىلىك قۇشدۇر؛ مۇنىڭدىن ياخشى فال ئالۇرمەن.» مۇندىن قالىپدۇركىم، خورۇس ئاۋازىنى ياخشى كۆرەرلەر. خۇسۇسەن ئاق خورۇس ياخشىدۇر. ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەر ئۆيدەكىم ئاق خورۇس بولسە، ئول ئۆيگە دېۋ كەلمەس. خورۇسنىڭ نەمازشام ۋەقتىدە چىرلاغاننى شۇم دەپدۇرلەر. ئانداغكى، كەيۇمەرس ئول خوزۇسنى ساقلادى. تا ئاخىرى بىر كۈن نەمازشام ۋەقتىدە قىچقىردى. ئەيدى: «ئەجەبدۇركى، ھەرگىز بۇ ۋەقتىدە چىرلارغان ئەرمەس ئىدى. كۆرەرمەنكىم، مۇندىن كېيىن ماڭا مۇكافاتى بولغۇسىدۇر.» بەس، كەيۇمەرس فات فۇرسەتدە ۋەفات بولدى. ئاندىن بارى نەماز شام ۋەقتىداقى ئاۋازىدىن يامان فال ئالۇر. ئىگەسىگە لازىمدۇركى ئول خورۇسنى ئۆلتۈرگەي، تاكىم ئول فال ئىگەسىدىن ئۆتكەي.

بەس، كەيۇمەرس ئول دېۋلەرنى ئىزدەپ، ئول يەردە تاپتىكىم، ھالا شەھەرى بەلخدۇر. ئول قەۋم بىر دەريا لەبىدە مەكان تۇتۇپ ئەردى. كەيۇمەرس ئۆلارنى تاپىپ ئۆلتۈردى، قالغانى قاچىپ دەشت - بايابان يولىنى تۇتتى. ئۈچ دېۋنى تۇتۇپ ئىسمى ئەئزەم بىرلە بەند قىلدىلەر. بۇ ئىنتىقام ئالغانىغە شاد - خورام بولۇپ، ئارزۇ قىلدىكىم، ئاندا بىر شەھەر بىنا قىلىپ، مەكان قىلغايلەر. بەس، ئول دېۋلەرگە بۇ ئەھاتدە شەھەر ئەتكىل دەپ بۇيرۇدى ئەرسە، ئاندا شەھەر ئەتتى ۋە ئىمارەتلەر بىنا قىلدى. ئاندىن كېيىن بىر دېۋگە ئەمر قىلدى: «بارىپ فەرزەندلەرىمگە خەبەر بەرگىل، ھەر قايسى قۇدرەتى باردۇر كەلسۇن، تاكىم مەنزىل - مەكان مۇندا

قىلغايمىز.» ئۇل دېۋگە مۇھىر باسىپ بەردىلەر. ئۇل دېۋ بارىپ، ئۇلارغە خەبەر بەردى ۋە مۇھرنى كۆرسەتتى ئەرسە، ئۇلاردىن چوڭ ۋە تەۋانەلەرى كەيۇمەرس قاشىغە كەلدىلەر. ئاڭا تەھسىن ۋە ئافەرىنلەر قىلىپ، ئاندا شەھەرلەر ۋە جاي - مەكانلەر، ئىمارەتلەر بىنا قىلدىلەر. زەن - فەرزەندلەرىنى ئاندا كۆچۈرۈپ كەلدىلەر، بەئزى ئاجىزلەر ۋە زەئىفلەرى دەماۋەندە ۋە تەبەرىستاندا قالدىلەر. كەيۇمەرسنىڭ بىر قارىنداشى بار ئەردىكىم، قەينان بىننى ئانۇشى، مۇۋلادىغە پادىشاھ ئەردى. بۇلار بىر - بىرىگە نەھايەت مېھرىبان ئەردى، گاھى بۇ ئانى ئىزدەپ بارۇر ئەردىلەر ۋە گاھى ئۇل مۇنى كۆرگەلى كېلۇر ئەردى.

كەيۇمەرس سەييارەلىق بىرلە ئالەمنى سەير قىلۇر ئەردىلەر. ھەر يەردە شەھەرلەر بىنا قىلىپ، ئاندا فەرزەندلەرىنى ئولتۇرغۇزۇر ئەردىلەر. چەندان مەھەل ئۆتتىكىم، بىر - بىرلەرىنى كۆرمەدىلەر. ئۇل بۇرادەرلەرى كەلدى، سورۇدىكىم، كەيۇمەرس قاياندۇر؟. ئەيدىلەر: مەشرىق تەرەفىدە بىر شەھەر بىنا قىلىپدۇر، نەچەند مەھەلدۇركىم، جەمىئ فەرزەندلەرى بىرلە ئاندادۇر. ئۇل بۇرادەرى ئاندا باردى. كەيۇمەرس شەھەر ۋە ئىمارەت ئىشىدىن فارىغ بولۇپ، بىر ئېگىز يەردە ئولتۇرۇر ئەردىلەر. يىراقدىن بىر ئادەم پەيدا بولدى. فەرزەندلەرىدىن سورۇدىلەر: «سىزلەر ھېچ بىرىڭلەر بىر تەرەفكە بارغانمۇ؟». ئەيدىلەر: «يوق». «ئۇل كىمەرسە كېلۇر، كىمدۇر؟» ئەيدىلەركىم: «بىر پىرى بىزگە مىكرو قىلىپ كېلۇر بولغاي». كەيۇمەرس سىلاھ كىيىپ، قولىغە ياراغ ئالىپ، ئۇل تەرەفكە يۇردى. بىر مۇنچە يول بارىپ، بۇرادەرىنى تانۇدى. ئارقەسىدىن بىر ئوغلى كېلىپ سورۇدى: «ئەي ئاتا، دېۋمۇ، دۇشمەنمۇ؟». كەيۇمەرس سىريان تىلىچە ئېيدى: «ئەمەس، بەلكى بۇرادەرىمدۇر» دىدى. ئەرەبى تىلدا «بەل ئەخ» بولادۇر. بۇ سۆزلەر بىرلەر ئۇل شەھەرگە «بەلخ» ئات قويدىلەر. ئەبۇ يەزىد ھەكىم كەلتۇرۇپدۇر: تەمام شەھەرلەرنىڭ قەدىمراقى بەلخدۇر. بەئزىلەر «بەھراست» دەپدۇرلەر. ئاندىن كېيىن ھەر پادىشاھ شەھەرلەردە كەنتلەر ھەر نەرسەئىنى پەيدا قىلىپدۇر، ئەسلىسىنى كەيۇمەرس بىنا قىلغاندۇر. بەس، كەيۇمەرس بۇرادەرىنى تاپتىلەر ئەرسە، نەھايەت شادلىق بىرلە مېھماندارلىق قىلدى ۋە ئەيدى: «بۇ شەھەرنىڭ تالىئى ئەجەب تۇشۇپدۇركىم، ھەر كىشى بۇ شەھەردە

بولسﻪ، ھەمىشە ئىشى تەمام بولغۇسىدۇر. دوستى بىرلە شادكام، چۈنكى بۇ شەھەر پۈتكەن كۈنى ھەق تەئالا مۇنداغ شادلىق كەرامەت قىلدى، مۇندىن كېيىن ھەم بۇ تەرىقە شادلىق بولغاي».

كەيۇمەرسنىڭ بىر قىزى بار ئەردى، ئانىڭ ھەم ئول كۈن تويىنى قىلدىلەر. نەچەند كۈن ئۆيلۈك قىلىپ ئاندا ئولتۇرغۇزدىلەر. ئول كۈيۈ ئوغلىنى خەلىفە قىلىپ، ئۆزى بۇرادەرى بىرلە دېۋلەر ئۆزەسىگە جەڭ قىلغالى باردىلەر. ئول دېۋلەر بەلخ تاغىدا مەكان قىلىپ ئەردىكىم، ئانى «دەرەگىر» دەر ئەردىلەر. ئول دەرە ئىچىدىن بىر دەريا ئاقار ئەردى. كەيۇمەرس بۇرادەرى بىرلە دەريانىڭ بىر تەرەفىدىن، بىر ئوغلى جەمىئ فەرزەندلەرى بىرلە يەنە بىر تەرەفىدىن رەۋان بولدىلەر. ئەيتىپدۇرلەر: ئول ۋەقتدە دېۋ - پەرىلەر ئاشكارا ئادەمگە كۆرۈنۈپ يۈرەر ئەردى. ئانىڭ بىرلە دوست - دۈشمەنلىك، جەڭ - خۇسۇمەت، سۇلھ ۋە ئەداۋەت ۋاقىئ بولۇر ئەردى. قاچانكىم، كەيۇمەرس دېۋلەر بىرلە جەڭ قىلغالى تۇردىلەر، دېۋلەر ئوت تاشلادى، كەيۇمەرسنىڭ بۇرادەرىگە ئوت ئالدى. كەيۇمەرس فەرياد قىلدى: «ئۆزۈڭنى دەرياغە تاشلاغىل! » دېدىلەر. دەرھال دەرياغە تاشلادىلەر، ئوتدىن خەلاس بولدىلەر. دېۋلەر بىر كاۋاك تاش كەلتۈرۈپ، دەرياغا سالدى؛ ئانداغكىم، سۇ بىر تەرەفدىن كىرىپ يەنە بىر تەرەفدىن چىقتى. بەلخ خەلقى ئانداغ نەقىل قىلۇرلەركىم، ئول تاش بىر خاتۇن ئەردى، دېۋلەرنىڭ پادشاھى ئەردىلەر. ھەر كېچە بىر كىشىنى تۇتۇپ ئالىپ، بامداد ۋەقتى قويۇپ بېرۇر ئەردى. ئاخىرىلئەمر، بىر ساھىبى دۇئا كىشى دۇئا قىلىپ، ئول خاتۇن تاش بولغاندۇر. بەس، ۋەقتىكى، ئول تاشنى دېۋلەر سۇغە سالدى، دەريانىڭ سۇيى ئاز قالدى. بۇرادەرى كەيۇمەرس ھەر تەرەفكە يۈگۈردى، دېۋلەر دەريادىن چىقغالى قويمادى. ئاخىرىلئەمر، سۇدا ئۆلەر ھالغە يەتتى. كەيۇمەرس بۇ ھالنى كۆرۈپ ھەق تەئالاغە مۇناجات قىلىپ، دېۋلەرگە ھەملە قىلدىلەر ئەرسە، دېۋلەر ھەممە قاچتى. كەيۇمەرسنىڭ فەرزەندلەرى دېۋلەرنى قوغلاپ تاپىپ ئۆلتۈردىلەر؛ تولاراقىنى ئەسىر قىلدىلەر. كەيۇمەرس ئەسىر بولغان دېۋلەرنى ئىسمى ئەئزەم ئوقۇپ بەند قىلدىلەر، تاكىم قاچارغە ۋە زەرەر يەتكۈرۈرگە قۇدرەتى قالمادى ئەرسە، ئۆزلەرىگە خىزمەتكار قىلدىلەر.

بەس، كەيۇمەرس شاد - خۇرام فەتھ نۇسرەت بىرلە بەلخغە يانىپ كەلدى

ئەرسە، دېۋلەردىن بىرىگە ئەمر قىلدىكىم، بۇرادەرىنى كۆتەرىپ ئۆيىگە يەتكۈرۈپ قويدى. ئاندىن، كەيۇمەرسنىڭ دېۋلەرنى قوغلاپ فەتھ نۇسرەت بىرلە يانغاننى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ تەمامىي فەرزەندلەرى ئىشىتىپ، كەيۇمەرس قاشىغە جەمئ بولدىلەر. ئول شەھەرلەر، ئىمارەتلەر كىم كەيۇمەرس بىنا قىلغان ئەردى، ئاندا قەرار ۋە مەكان تۇتتىلەر. فەرزەندى ئەۋلادلەرى تولا بولدى ئەرسە، كەيۇمەرس ھەم ئالەمنى سەير قىلىپ، ھەر شەھەردە خۇتبە ئوقۇدىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «ھەق تەئالا ئۆز فەزلى كەرەمى بىرلە گۇناھىمنى مەغفىرەت قىلدى. ئانداغكىم ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھلەرىنى كەچۈردى.» ئول كىمەرسەكىم، ئادەم فەرزەندىدىن خۇتبە ئوقۇدى، ئۇلەر ئەردىلەر. ئاندىن قەيىنانغە ئەيدى: «سەن ئاتاڭنىڭ ئۆز ئورنىدا خەلىفەسەن، ھەركىمنى خاھلاساڭ خەلىفە قىلغىل ۋە مېنى پادىشاھ بىلگىل. خۇداي تەئالا مېنى سىزلەرگە پادىشاھ قىلىپدۇر، ھەركىم نا فەرمانلىق قىلسە، ئاڭا جەزا بېرۇرمەن». ...... كەيۇمەرس ئەيدى: «ھەركىمدىن ياخشى پەند ئىشىتسەڭلار قەبۇل قىلىڭلار، سۆزىگە باقىڭلار؛ ھەر يەردە بولساڭلار ھەق يادىدا بولۇڭلاركىم، ھەممە ئاپەتلەردىن ساقلاغۇچى ئولدۇر». بەس، ھەممە خەلق قەبۇل قىلىپ، ئول كۈن پادىشاھ كۆتەردىلەر. ئول كۈن يۈز ئىككى ياشدا ئەردىلەر. ئاندىن كېيىن ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆردى. بەس، بەلخغە كەلدى، ئول كۈن قىزى مارىيە بىر ئوغۇل تۇغدى، نەھايەت خۇشرۇي. كەيۇمەرس ئاڭا سىيامەك ئات قويدى. ھەممە پادىشاھلارنىڭ ئاتاسى ئولدۇر. ئانى ئاتاسى قاشىغە كەلتۈردى، كۆردىكىم، بىنەھايەت خۇشرۇي. مارىيەگە ئەيدى: «بۇ فەرزەندنى ياخشى ئاسراغىل، مۇنىڭدىن بىسيار ياخشىلىق مەئلۇم بولادۇر. ئول ئۆيدە بىر ئاق خورۇس ساقلاغىلكىم، دېۋ - پەرى زەرەر يەتكۈرمەگەي». مارىيە شاد بولۇپ، بۇ سۆزلەرنى قەبۇل قىلدى. سىيەر ئەجەمدە كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، دېۋلەر سىيامەكنىڭ ۋۇجۇدىغە كېلىپ، تەمامى پادىشاھلارنىڭ ئاتاسى بولغاي، دەپ ئاڭلادى، مۇنى ئۆلتۈرمەك ۋە يوق قىلماق قەسدىغە تۇشتى. ئاخىر بىر يىلاننى تۇتۇپ، سىيامەكنى ئاسرايدۇرغان ئۆيگە تاشلادى. خورۇس ئول يىلاننى كۆرۈپ ئىزتىراب بىرلە قىچقىردى، ئىز تىرابىغە قالدى. مارىيە ئەيدى: بى ۋەقت خورۇس ئاۋاز قىلادۇر، بىر ۋاقىئ بولغاندۇر، دەپ چىراغ كەلتۈردى؛

كۆردىكىم، بىر يىلان تۇرۇپدۇر. ئۇل يىلاننى ئۆلتۈردىلەر. كەيۇمەرس بۇ ۋاقىئىنى ئاڭلاپ، دەرغەزەب بولۇپ، ئەيدىلەركىم: «نىچۇكدىن مۇنىڭ قاشىدا چىراغ قويمايسىزلەر، زىنھار قاراڭغۇلۇقدا قويماڭىزلەر! ھەر فەرزەندىكى يارۇغلۇقدا چوڭۇسا زىرەك ۋە دانا بولۇر، تىيرە ۋە قاراڭغۇلۇقدا چوڭ بولسە، ئەبلەھ - نادان بولۇر». سىيامەك بۇ تەرىقە ئىھتىيات ۋە رىئايە بىرلە پەرۋەرىش تاپتى ئەرسە، جۇۋانە بولدىكىم، سۇرەت ۋە سىيرەتدە مەردانەلىك، غەيرەتدە كەيۇمەرسدەك شەجائەتلىك بولدى. مادامىكى، ئاتاسى خىزمەتىدە ئەردى، ھەر پەند - نەسىھەت قىلسە ياد ئالۇر ئەردىلەر. بىر كۈن كەيۇمەرس قاشىدا ئەردى. كەيۇمەرس ئەيدى: «مەن ئارزۇ قىلۇرمەنكىم، مۇنى ئۆز لايىقەتىدە بولسە ئۆيلەسەم» . بەس، ئىتتىپاق بىرلە ھەممە ئەيدىلەر: «مۇنىڭ لايىق مۇناسىبى باردۇركىم، فەراھىدنىڭ قىزى ۋە سىپاھىنىڭ نەبىرەسىدۇر» . كەيۇمەرس فەراھىد ئۆيىگە باردى. ئۇل قىزنى كۆرۇپ، بىر مۇنچە سوۋال - جاۋاب ئالدىلەر ئەرسە، پەسەند بولدى. ئانى سىيامەككە ئالىپ بەردىلەر. ئانىڭدىن فەرزەند بولدىكىم، ئانىڭ مانەندى يوق ئەردى. ئاڭا ئوشەھەڭ ئات قويدىلەر. بىر كۈن سىيامەك بىر تەرەفدىن كېلۇر ئەردى. دېۋلەرگە يولۇقۇپ، جەڭ قىلدى، ھەممەسىگە شىكەست بەردىلەر. ئەمما ئۆزلەرى يارالىغ بولۇپ، ئۆيلەرىگە كەلدىلەر. كەيۇمەرسكە خەبەر بەردىلەر. كەيۇمەرس سىيامەكنى بۇ ھالدا كۆرۇپ، بىسيار غەمناك ۋە ئەلەمناك بولدى. ئەيدى: «دەرىغ! سەندەك جەۋانىغەكىم، ئۆلۈمگە چارە يوقدۇر!». سىيامەك كۆزىنى ئاچىپ، كەيۇمەرسنى كۆردىلەركىم، نالە - فىغانلەر قىلۇر. ئۇل ھەم يىغلاپ ئەيدى: «ئەي، پەدەر! بۇ ئوغلۇمنى خۇدانىڭ ئەمرى بىرلە ساڭا تاپشۇردۇم، تاكىم دۇشمەندىن ساقلاغايسەن ۋە مېنىڭ ئىنتىقامىمنى ئۆلاردىن ئالغايسەن» . كەيۇمەرس ئانداغ ئەيدى: «بىلگىلكىم، ھەممە كۆڭۈلنى فەرزەند ھەققىدە بەردىڭ، ئافەرىدە قىلىپدۇر، مېنىڭ غەمىم سەندە، سېنىڭ غەمىڭ فەرزەندىڭدە» . بەس، سىيامەك ۋەفات بولدى ئەرسە، بەلخنىڭ تاغىدا دەريايى مەرۋەرى دەپ باردۇر، ئانىڭ لەبىدە گۆرىستانلىق قىلىپ، ئاندا قويدىلەر، ئۆزلەرى ھەم ئاندا ۋەتەن تۇتۇپ ئوغلىنى ساقلار ئەردىلەر.

ئوشەھەڭ ھىكمەت بىرلە تاغدىن تۆمۈر چىقاردى، ئۆز ئەقلىچە سلاھ پەيدا قىلدىلەر. سىپەھراتى تىغ - تەبەر تەييار قىلدى. بۇلارنى ۋەھى ئىلھام

بىرلە قىلدىلەر، كۆرگەن ۋە ئىشتكەن ئەمەس ئەردىلەر. ئول كۈن بۇ ئىشلەرنى ئۇلار پەيدا قىلدىلەر، ئانىڭدا كۆردىلەر. ئوشەڭ «نىياۋەند» ئاتادىلەر. «نىياۋەند» تەمامى سىـــلاھ دېمەك بولۇر. بەئزىلەر مۇنـــى تەھمۇرسىنىڭ لەقەبى دەپدۇرلەر. بەس، سىيامەكنى ھەلاك قىلغان دېۋلەر ئانىڭ ئۇستىخانىنى ئالغالى كەلدى. كەيۇمەرس ئوشەڭ بىرلە جەمـــئ لەشكەرنى تاغنىڭ دامانەسىدە قويغان ئەردى. ئوشەڭ تاغدا ئولتۇرۇر ئەردى. ناگاھ كەيۇمەرس ئاۋازىنى ۋە لەشكەرنىڭ غەۋغاسىنى ئىشتىپ، خۇداغە مۇناجات قىلىپ ئەيدىلەر. ھەممە فەرزەندلەرى ئاگاھ بولۇپ، تاغقە چىقىپ جەڭ قىلدىلەر. ھەممە دېۋلەرنى ئول ئەترافدىن قاچۇردىلەر؛ ئۆلتۈرۈپ، تولاراقىنى ئەسىر قىلىپ ئالدىلەر. ئوشەڭ تۆمۈردىن زەنجىر قىلىپ، تۆمۈردىن كۈفلەر ئېتىپ، دېۋلەرنى ئول كۈفلەرگە سالدىلەر. ئول ۋەقتدىن بارى زىنداندە سالماق پەيدا بولدى. كەيۇمەرس ئول ھۆنەرلەرنى ئوشەڭدىن كۆرۈپ، بىسيار شاد بولدى. بەس، ئۇلەرنى تىرىكلىكلەرىدە خەلىفە قىلىپ ئۆز ئورۇنلەرىدە ئام مەملەكەت ئىشىنى ئۇلەرغە بۇيرۇدىلەر. ۋە يەنە، «نامەئى بەھرەمىنل - مۇند» دە كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ئوشەڭنىڭ ئاتاسى مەبنى، ئاناسى مۇشابىھ ئەردى. ۋەقتىكى، ئوشەڭنىڭ ئاياغى چىقتى. كەيۇمەرس ئۆزىدىن جۇدا قىلمادى. قاچانكىم يەتتە ياشغە كەلدى. ھەمىشە بەلخ تاغلارىدە ئۆزلەرىگە ھەمراھ ئالىپ يۇرەر ئەردىلەر. بىر كۈن تاغ باشىدە ئەردىلەر. بىر شىر ئوشەڭگە ھەملە قىلدى. ئوشەڭ ئول فەتھ - نۇسرەتكىم، ھەق تەئالا ئاڭا بەرگەن ئەردى. ئانىڭ ئەمدادى بىرلە، شىرنىڭ ئىككى قولاقىدىن تۇتۇپ بىر تاشغە ئۇردى، شىرنىڭ دەندانلەرى يۇتۇلۇپ كەتتى؛ ئاندىن، تاغدىن ئالىپ تاشلادى. بەس، ئوشەڭ يۈگۈرۈپ، كەيۇمەرسكە يەتتى. كەيۇمەرس ئېيدى: «نېچۈكدىن كېيىن قالدىڭ؟ ئول دۇشمەنلەردىن قورقمايمۇ سەن - كىم، ئاتاڭنى ئۆلتۈردىلەر.» ئوشەڭ ئەيدى: «قورقماق ۋە ئېھتىيات قىلماق خۇدانىڭ قەزاسىنى ياندۇرالماس».. بۇ سۆزى كەيۇمەرسكە خۇش كەلدى ۋە تەئەججۇب قىلىپ يانىپ تۇشتى. كەيۇمەرس ئول شىرنى كۆرۈپ ئەيدى: «تانۇرسەنمۇ، نېچۈك ھەيۋاندۇر؟» ئوشەڭ ۋاقىئەنى بەيان قىلدى. كەيۇمەرس ئەيدى: «بىلمەيسەنمۇ؟ تەمامى دەررەندەلەرنىڭ قۇۋۋەتلىك پىر - زورى بۇدۇر.» ئوشەڭ ئەيدى: «ئول ۋەجھدىن ئۆلدى!» بەس، كەيۇمەرس

ئانىڭ تولا ئەجايىبلەرىنى كۆردى. بۇ ۋەجھىدىن پارس خەلقى ئانى پەيغەمبەر دەپدۇرلەر. كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، تەمامى روي زەمىنىنى تەسەررۇف قىلغان پادشاھلارنىڭ بىرى كەيۇمەرس ئەردىلەر. ئۇلارنى «سەيياھ» ھەم دەپدۇرلەر. ئۇلەرنىڭ مەنزىل - مەكانلەرى تاغلاردا ئەردى، خەلقغە كىم قوشۇلۇر ئەردىلەر. بەلەند قەد ۋە ھەيبەتلىك ئەردىلەر. كۆرگەن كىشىلەر قورقار ئەردىلەر. يۇڭنى ئىگىرىپ - توقۇپ، ئىگىن قىلماقنى ئۇلار چىقاردىلەر. ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلامدىن ئىگىن تىكمەكنى ئۆرگەنىپ ئەردىلەر. يەتتە يۈز يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. ئاندىن بۇ ئالەمدىن ۋەفات بولدىلەر. كوفە، سوس شەھەرىنى ئۇلار بىنا قىلغان ئەردىلەر. ئارىقلەر چىقارىپ، سۇلارنى ئاقىتىپ ئاباد قىلدىلەر. پادشاھ ئوشھەڭ ئەيتىپدۇرلەر. ئوشھەڭ مەھلائىلنىڭ ئوغلى تەمام روي زەمىنغە پادشاھ ئەردى. ئالەمنى ئاباد قىلدىلەر ۋە دىنى ئىسلامدا ئەردىلەر، خەلايىقنى ھەق تەئالانىڭ قۇللۇقىغە باشلادىلەر. ئول كىمەرسە ئىكىم، ياغاچ يونۇپ، ئىشىك ئەتتىلەر - ئۇلار ئەردىلەر. ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مىس كانىنى ئۇلەر پەيدا قىلدىلەر؛ خىشت فەرش قىلماق، زىلچە - گىلەم، لىباس مەتائلەر ئەتىپ ئۆي - ئىمارەتلەرىگە يافماقنى ئۇلەر پەيدا قىلدىلەر. ھەر كىمكى ياخشى ئىشلەرنى ئۆزىگە نىسبەت قىلۇر، ئۇلەردىن ئەردى. سەگلەرنى شىكارغە ئۆرگەتتى. ئالەمنى ئەدل بىرلە ئاباد قىلدى. تەمامى خەلايىق ياخشىلىقغە ئىقرار قىلىپ، فەرمانبەردار بولدىلەر. تەرسالەر پىر... داد... ئەيتىپدۇرلەركىم، بەش يۈز يىل پادشاھ بولدى، ئاندىن ۋەفات بولدى. ئۇلەرنىڭ ئۆمۈرلەرىدە ئىختىلاف بىسياردۇر.

## فەسلى دەستان
## تەھمۇرس پادشاھ زىكرى

ئەيتىپدۇرلەركىم، ئوشھەڭدىن كېيىن تەھمۇرس پادشاھلىققغە ئولتۇردى. تەرسارنى بۇتپەرەست دەپدۇرلەر. ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىسسەلامنىڭ دىنلەرىدە ئەردىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرغە ئانچە قۇدرەت

بەردىكىم، ئىبلىس تەمامى دىۋلەر فەرمانبەردار بولدىلەر. ئۇلارنى ئابادلىقدىن چىقارىپ، باياۋان، دەرىيالارغە ئىبەرۇر. پادىشاھ زىننەتنىكىم ئات مىنمەك، ئىگەر توقۇماقدۇر. ئول چىقاردى. ئىشەكنى ئاتغە جۇفت قىلىپ خېچىرنى ئول پەيدا قىلدى. تەھمۇرسىنىڭ پادىشاھلىقى تۆرت يۈز يىل ئەردى. ئاندىن كەمرەك ھەم دەپدۇرلەر. خىلاف بىسياردۇر.

## جەمشىدنىڭ پادىشاھلىق زىكرى

تەھمۇرسىدىن كېيىن جەمشىد پادىشاھ بولدى. ئانى تەھمۇرسىنىڭ ئىنىسى ۋە بەئزىلەر تۇقغانى دەپدۇرلەر. ئول كىمەرسە ئىكىم سىلاھ - ياراغ ئەتتى - ئول ئەردى. مۇندىن ئىلگەرى تاياق - تاش بىرلە جەڭ قىلۇر ئەردىلەر. ئول شەمشەر، تەبەر، گۇرز، سىپەر، پىچاق، خەنجەر ئەتمەكنى ئۇلەر بۇنياد قىلدىلەر. بۆز، شىشى، دەرايى، لەۋدان توقۇماقنى ئول پەيدا قىلدى. ھەرنەۋئى رەڭ بوياماقنى ئول چىقاردىلەر. دىۋلەرنى بۇيرۇپ غەۋۋاسلىق قىلدۇرۇپ، دۇر - گەۋھەر، گىل، سۇنبۇل، يىپار، زەئفىران، ئۇد، سەندەل — بۇ مەسەللىك نەرسە بىرلە خۇشبۇي قىلماقنى رەسم - ئايىن تۈزدى. ھەر نەۋئى جەۋاھىرلارنى ئول تاپتى ۋە خەلايىقغە ئۆرگەتتى. شەھەردىن شەھەرگە يول ئاچتى. رەڭگارەڭ نەقشلەر قىلىپ سىرلاماقنى ئول پەيدا قىلدى. تەمامى خەلايىقنى تۆرت تائىفە قىلدى: بىر جەمەئنى ئالىم ۋە مەكتەبدار، دىگەر گۇرۇھنى لەشكەر - سىپەھدار، ۋە بەئزىنى دېھقان - زىرائەتكەر، دىگەر قەۋمنى ھۈنەرمەند - پېشەۋەر تەئىن قىلىپ بۇيرۇدىكىم، «ھەر قايىسىڭلار ئۆز ھۈنەرىڭلەردىن ئۆزگە ئىش قىلماڭلار». ئاندىن ئۇلۇمالەرنى يىغدى، ئەيدىكىم: «بۇ پادىشاھلىقىمنى قايىسى ئىش باقى ۋە پايندە قىلۇر؟» ئەيدىلەر: «خەلايىقغە داد - ئەدل قىلماق». بەس، ئول داد - ئەدل قىلدى. ئالىملارغە ئەيدىلەر: «مەن دادخاھ سورار كۈندە مېنىڭ قاشىمدە بولغايسىزلەر، تاكىم، ئەدل قىلادۇرغان ئىشلەرنى ماڭا كۆرسەتكەيسىزلەر». ئول كۈنى دادخاھ سورغالى ئولتۇردىلەر. ئول كۈن نەۋروز كۈنى ئەردى. نەۋروزلۇق قىلدىلەر. نەۋروز قىلماق شۇندىن قالدى.

ئەيتىپدۇرلەر: يەتتە يۈز يىل تىرىكلىك قىلدى، ھېچ كۈن ئاغرىمادى، ھېچ كۈن ئاڭا دۈشمەن كەلمەدى، ھېچ غەم - ئەلەم كۆرمەدى. بىر كۈن تەنھا، بىخەبەر ئولتۇرۇر ئەردىلەر. ئىبلىس تۈڭلۈكدىن تۈشۈپ، ئالىدا تۇردى. جەمشىد قورقتى. ئىبلىس ئەيدى: «سەن كىم؟» جەمشىد ئەيدى: «مەن ئەۋلادى ئادەم ئەلەيھىسسەلامدىن بىرىدۇرمەن.» ئىبلىس ئەيدى: «غەلەت ئەيدىڭ. سەن ئادەم فەرزەندى ئەمەسسەن. يەر يۈزىگە كەلگەنىڭ بۇيانى چەندان ئادەملەر ئاغرىدى، ئۆلدى. ئەگەر سەن ئادەم فەرزەندى بولساڭ ئاغرىماسمىدىڭ؟ ئۆلەر ئەردىڭ. سەن ئۆزۈڭنى بىلمەسسەنكى، ئاسماندا ئەردىڭ، خەلايىقنى سەن يارانقاندۇرسەن، ئاسمان ئىشلەرىنى پۈتكەرىپ، يەر يۈزىگە كەلدىڭ. ئەمدى، يەر يۈزىنىڭ ئىشىنى راست قىل. مەن - سىنىڭ فەرىشتەلەرىڭدىن بىرىدۇرمەن. مەندە سىنىڭ ھوقۇقۇڭ بىسياردۇر. سەن ئۆزۈڭنى فەراموش قىلىپدۇرسەن. مەن سىنى ئاگاھ قىلغالى كەلدىم. سەن خەلايىققە نەھايەت داد - ئەدل قىلدىڭ. ئەمدى ئۇلارغە فەرمان قىلغىلكىم، ساڭا قۇللۇق قىلسۇنلەر. ھەر كىم ساڭا ئىمان كەلتۇرسە، ئاڭا ياخشى ئەجر بەرگىل. ھەر كىم فەرمانىڭنى تۇتماسا، ئانى ئوتغە كۆيدۇرگىل». جەمشىد ئەيدى: «مىنىڭ خۇدالىقىمغە دەلىل نەدۇر؟» ئىبلىس ئەيدى: «فەرىشتە ئادەمگە كۆرۈنمەس. مەنكى فەرىشتەدۇرمەن. مىنى سەن مۇئايەنە كۆرەرسەن.» دەپ ئالىدىن غايىپ بولدى. جەمشىد بۇ سۆزلەرنى مەئقۇل كۆردى. خەلايىقنى يىغىپ ئەيدى: «ئاسمان - زەمىن خۇداسىدۇرمەن. يەر يۈزىگە سىزلەرنىڭ ئىشىڭلەرنى پۈتكەرگەلى، راست قىلغالى كەلدىم. چەندان نېئمەتلەرنى سىزلەرگە بەردىم. ئاغرىغ - ئۆلۈمنى سىزلەردىن كۆتەردىم. ئاسمانغە يېتەرمەن. ماڭا سەجدە قىلىڭلار! مىنىڭ خۇدالىقىمغە ئىقرار قىلىڭلار! ھەركىم خۇدالىقىمغە پۈتمەي، ئىقرار قىلماسا، ئانى ئوتغە كۆيدۇرۇرمەن! ئىقرار قىلىڭلار ۋە پۈتۈڭلەر! ھەر كىم ماڭا ئىمان كەلتۇرسە ياخشى ئەجر بېرۇرمەن، بىسيار ئىمان كەلتۇرمەگەنلەرنى ئوتغە كۆيدۇرۇپ جەزا بېرۇرمەن!». بەس، بۇ مەزمۇندە ئەتراف ئالەمگە نامە ئىبەردى. تەمام خەلق باش ئۇرۇپ سەجدە قىلدى.

## فەسلى دەستان
## بەنبۆرەست پادىشاھلىقى زىكرى

جەمشىدنىڭ پادىشاھلىقى يەتتە يۈز يىل ئەردى. مەشرىق تەرەفىدە بىر كىنارەدىن بىر پادىشاھ خۇرۇج قىلدى. ئاتى بەنبۆرەست ئەردى. لەشكەرى ئەزىم يىغىپ، جەمشىد ئۆزەسىگە كەلدى. جەمشىد تەبەرستاندا ئەردى، بۇ ھەم لەشكەر چىقاردى. جەڭ قىلدىلەر. ئاخىر جەمشىدنىــڭ لەشكەرىگە شىكەست بەردى. جەمشىد قاچىپ بىر يىل پىنھان بولدى. ئاخىر، بەنبۆرەست پادىشاھلىقدە بەرقەرار بولدى. جەمشىد خەبەرىنى ئالىپ، تۇتۇپ ئالــىپ كېلىپ، باشىدىن ئاياغىغە ئەررە قويۇپ، ئىككى پارە قىلىپ ئۆلتۈردى. پارىس خەلقى ئەيتىپدۇرلەر: جەمشىد قاچىپ، زابىلــــستانغە باردى. زابىلىستان پادىشاھىنىڭ بىر قىزى بار ئەردى، ئاتاسى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلغان ئەردى، ئانى ئالدى. ئانداغكى، ئاتاسى ئاگاھ بولمادى. ئانىڭدىن بىر ئوغۇل تاپتى. ئاتىنى «تۇر» قويدىلەر. ئول قىزنىڭ ئاتاسى ئاگاھ بولدى ئەرسە، ئاندىن قاچىپ ھىندىستانغە باردى. ئاندا ئۆلدى. ئول تۇردىن بىر ئوغۇلى بولدى، ئاڭا «دەستان» ئات قويدى. دەستاننىڭ بىر ئوغلى بولدى، ئانى «فەرامۇزا» ئاتادى. بۇلارنىڭ قىسسەسى ۋە ھىكايەلەرى تولادۇر. ئەبۇل - مۇئەيد بەلخ «شاھنامە»سىدە بەيان قىلىپدۇر.

## فەسلى دەستان
## ھەزرەتــى نوھ ئەلەيھىـــسسەلام
## پەيغەمبەرلىكلەرى زىكرى

بەس، ھەق تەئالا نوھ ئەلەيھىسسەلامنى بەنبۆرەستكە پەيغەمبەر ئىبەردى. (ئۇلار بۇتپەرەست ئەردى). ۋەددە، سۇۋاڭ، يەغۇس، يەئۇق، نەسرە — بۇ بەش بۇتلارنىڭ ئاتىدۇر، ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ قەۋملەرى تاپىنۇر ئەردى.

ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام مىڭ يىلدىن تولاراق

ئۆمۈر كۆردىلەر، ئەللىك ياشىدە پەيغەمبەر بولدىلەر، توققۇز يۈز ئەللىك يىل خەلايىقنى ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر. ھېچ كىشى ئىمان كەلتۈرمەدىلەر. مەگەر ئازراق كىشى مۆئمىن بولدى. بەس، توفان بەلاسى كېلۈر بولدى ئەرسە، نوھ ئەلەيھىسسەلام مۆئمىنلەر ۋە يەنە جاندارلاردىن خاھلاغانلەرىنى ئالىپ كېمەگە كىردىلەر.

بۇ توققۇز يۈز ئەللىك يىلدە ئۈچ فەرىقە خەلايىق ئۆتتى. ھەر كىم فەرزەندى بولسە، ئانى ئالىپ نوھ ئەلەيھىسسەلام قاشلەرىغە بارۇر ئەردىلەر، فەرزەندىغە ئەيتۇر ئەردىلەر: «بۇ ئادەمنى تانۇپ قويغىل، بۇ ساھىر - يالغانچىدۇر، ھەرگىز سۆزىنى قەبۇل قىلماغىل. ئەگەر فەرزەند تاپساڭ، ئاڭا ھەم مۇنداغ ۋەسىيەت قىلغىل». نوھ ئەلەيھىسسەلام گاھى شەھەرگە كىرىپ، خەلقنى ئىمانغە تەكلىف قىلۇر ئەردىلەر. خەلايىق يىغىلىپ ئۆلارنى قوغلاپ چىقارۇر ئەردىلەر. نوھ ئەلەيھىسسەلام سەبىر قىلۇر ئەردىلەر. نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ كۆجىلەرى كافىر ئەردى. ئانىڭدىن ھەق تەئالا تۆرت ئوغۇل كەرامەت قىلدى. بىرى سام، شىككىنچى ھام، ئۈچىنچى يافەس، تۆرتىنچى كەنئان. بۇلاردىن ئۈچى مۇسۇلمان؛ ئىمان كەلتۈرمەگەنى كەنئان ئەردى. بەس، نوھ ئەلەيھىسسەلام ئۆمۈرلەرى ئوزاق ۋە رەنج - ئەلەملەرى تولاراق، سەبىر - تاقەتلەرى تاق بولدى ئەرسە، دۇئا قىلدىلەر. ھەق تەئالا دۇئالەرىنى ئىجابەت قىلدى ئەرسە، خىتاب كەلدى: «يا، نوھ! ساج دەرەختى سالغىل، تاكىم ئول دەرەخت چوڭ بولغاندا، بۇلارنى ھەلاك قىلغۇمدۇر.» دەرەخت ساج قىرىق يىلدا چوڭ بولۇر ئەردى... بەس، نوھ ئەلەيھىسسەلام دەرەخت سالدىلەر. بۇ قىرىق يىلدا ھەم خەلقنى ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر. بەس، ئول دەرەخت چوڭ بولدى. ھەق تەئالا ۋەھى قىلدى: «مەن بۇ كافىرلارنى سۇ بىرلە ھەلاك قىلۇرمەن. بۇ سۇنى يەردىن چىقارۇرمەن ۋە ئاسماندىن تۆشۈرۈرمەن!».

نوھ ئەلەيھىسسەلام ئول ۋەقتدە كۇفەدە ئەردىلەر. ئۆيلەرىدە تانۇر بار ئەردى. خۇداي تەئالا فەرمان قىلدىكىم، ئول ئەزابىنىڭ نىشانەسى ئولدۇركىم، تانۇر قىزىغلىغ ۋە نان پۇشۇرۇغلۇغ ھالدا، ئاندىن سۇ قايناپ چىققاي، نوھ ئەلەيھىسسەلام قورقتىلەر، ئەھلى ئەياللەرى ھەم ھەلاك بولغاي ... ھەق تەئالا ۋەئدە قىلدى: «سىنى ۋە ئەھلى ئەيالىڭنى خەلاس

قىلۇرمەن.» ۋە يەنە فەرمان قىلدىكىم: «ئول دەرەخت ساجنى كېسىپ كېمە ئەتكىل.» نوھ ئەلەيھىسسەلام كېمەنى بىلمەدىلەر ئەرسە، جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام تەلىم بەردىلەر... بەس، ئول دەرەختدىن تەختەلەر يۇندىلەر، مىخلەر بىرلە بەركىتتىلەر. كېمە راست بولدى...... ئەيتىپدۇرلەر: نوھ ئەلەيھىسسەلام ئول كېمەنى قىرىق يىلدە تەمام قىلدىلەر. ئۇزۇنلۇقى مىڭ ئىككى يۈز گەز، كەڭلىكى ئاتمىش گەز ئەردى، ئۈچ قات ئەردى: ئاستىنداقىدا ھەيۋانلەر، ئاراداقىدا ئادەملەر، ئۈستۈن تەبەقەدە قۇشلار. ئاندىن كېيىن، خىتاب كەلدىكىم: «ھەممە نەرسەدىن بىر جۇفت كېمەگە ئالىپ كىرگىل!».

بەس، توفان ۋەقتى بولدى ئەرسە، ھەق تەئالا كەئبەنى، ھەجەرىل - ئەسۋەدنى ھەۋاغە چىقاردى، بىر تاغقە فەرمان قىلدى تاكىم خانەئى كەئبەنىڭ ئورنىدا كېلىپ تۇردى، تاكىم ئەزاب سۇيىدىن ئاڭا يەتمەگەي. نوھ ئەلەيھىسسەلامغە فەرمان بولدى: ئادەم ئەلەيھىسسەلامنىڭ جەسەدلەرىنى كېمەگە ئالىپ كىردىلەر، كېمەدىن چىققاندا دەفن قىلدىلەر. بەس، توفاننىڭ كېلۇر كۈنى بولدى ئەرسە، نوھ ئەلەيھىسسەلام فەرزەندلەرىنى ۋە مۆئمىنلەرنى چىرلادىلەر. كۆجىلەرى ئول تانۇرنى قىزىتىپ، نان ياقىغلىغ ئەردى، سۇ قايناپ چىقتى. نوھ ئەلەيھىسسەلام بىلدىلەر خۇدانىڭ قىلغان ۋەئدەسى يەتتى. ھەممەلەرى كېمەگە كىردىلەر. بۇلار سەكسەن كىشى ئەردىلەر. بەئزى ئۆلۇمالەر ئەيتىپدۇرلەر: نوھ ئەلەيھىسسەلام ئۈچ ئوغۇللەرى بىرلە، ئۆزگەسى سەكسەن ئەردىلەر... تەمامى خەلايىقنىڭ نەسەبى نوھ ئەلەيھىسسەلامغە يېتەر.

بەس، قىرىق كېچە - كۈندۈز يەردىن بۇلاق ئۆرلەدى ئەرسە، كېمەنى كۆتەردىلەر. نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ بىر ئوغلى كەنئان كافىر ئەردى. ئول ئەيدى: «تاغقە چىقارمەنكىم مېنى سۇدىن ساقلار.» چۇنكى ئول قويچى ئەردى. ھەر بار سەل كەلسە، قويلارىنى تاغقە ئالىپ چىقىپ قۇتۇلۇر ئەردى، مۇنى ھەم شۇنداغ گۇمان قىلدى...... سۇ مەۋج ئۇردى، ئانى غەرق قىلدى ...... سۇ يەر يۈزىگە تولدى. ھەممە جاندار سۇ ئۆزرەسىدە يۈردىلەر. خۇداي تەئالا ئاسمانغە فەرمان قىلدى، تا ھەممە جانۋارلارنى نوھ ئەلەيھىسسەلام قاشلەرىغە جەمئ قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەر نەۋئىدىن بىر جۇفت كېمەگە ئالىپ كىردىلەر. ئۆزگەسى غەرق بولدى. ئانداغ كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ئېشەك

كېمەگە كىرگەلى كەلدى. ئىبلىس قۇيرۇغىدىن تۇتۇپ تارتتى. نوھ ئەلەيھىسسەلام ئېشەككە ئەيدىلەر: «ئەي مەلئۇن كىرگىل!» ئىبلىس ئېشەك بىرلە كېمەگە كىردى. نوھ ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: «سەن بى ئىجازە، نە ۋەجھىدىن كىردىڭ؟» . ئىبلىس ئېيدى: «كىرگىل، ئەي مەلئۇن دىدىڭ. سېنىڭ ئەمرىڭ بىرلە كىردىم» . ئاندىن، تەمامى قۇشلاركىم، ئۆزەسىگە يىغىلدىلەر. ئانىڭدىن ھەم ھەر نەۋئى جۇفتلۇغ كېمەگە ئالىپ كىردىلەر. بەس، سۇ ئانداغ ئۆرلەدى، ھەرچەند ئىگىز، تاغلاردىن قىرىق گەز يۇقارى تۇردى. نوھ ئەلەيھىسسەلام ئالتە ئاي كېمەدە بولدىلەر. بۇ ئالتە ئايدا، ئاسماندىن ۋە يەردىن سۇ ئۈزۈلمەدى. نوھ ئەلەيھىسسەلام كېمەگە كىرەردە كۇفەدە ئەردىلەر. بەس، كېمە ئاندىن مەككەگە باردى. مەككەنىڭ ئۆزەسىدە چۆرۈلۈپ تەۋاف قىلدى. ئاندىن مەغرىب تەرەفىگە يۈردى. ئاندىن يۈرۈپ مەشرىق ھەددىنى سەير قىلىپ، زەمىنى شامغە كەلدى. بەس، كېمەنىڭ مۇنداغ يۈرگەنىدىن غەرق بولغاي دەپ قورقتىلەر ئەرسە، خۇداي تەئالا نوھ ئەلەيھىسسەلامغە ۋەھى قىلدىكىم: «مېنى بۇ ئىسىملەر بىرلە ياد قىلساڭلار: يا اهيا شراهيا ازونى اطباٴوث.» نوھ ئەلەيھىسسەلام بۇلارنى ئوقۇدىلەر، كېمە توختادى. قاچانكىم، ئالتە ئاي تەمام بولدى، كېمە جودى تاغى ئۆزرە تۇردى …… بەس، سۇلار تاغلاردىن پەست بولدى. نوھ ئەلەيھىسسەلام كېمەدىن چىقتىلەر. ئول كۈن ئەشۇر ئەردى. ھەممە مۇئمىنلەر ئول كۈن روزە تۇتۇپ ئەردىلەر، ئانىڭ خاسىيەتىدىن سەلامەت چىقتىلەر. رەجەبنىڭ ئونى كۈنى كېمەگە كىرگەن ئەردىلەر، چىقاردا ھەيۋانلار ئىككىسى زىيادە بولۇپ چىقتى. بىرى خوك، يەنە بىرى مۈشۈك. ئىلگەرى بۇلار يوق ئەردىلەر، كېمەدە ئافەرىدە بولدى. ئول ۋەجھەدىن ئادەم ھەيۋانات بەۋلى ۋە شاشەسىنىڭ بەد بۇيلۇقىدىن رەنجۇر بولدىلەر. ھەق تەئالا نوھ ئەلەيھىسسەلامغە فەرمان قىلدى: «فىلنىڭ ئۇچاسىنى سىلاغىل.» نوھ ئەلەيھىسسەلام فىلنىڭ ئۇچاسىنى سىلادىلەر، تونگۇز فىلدىن تۇشتى، ھەممە نەجاسەتنى يىدى. ئىبلىس ئەلەيھىل ـ لەئنە تونگۇزنىڭ پېشانەسىنى سىلادى، ئەتەس ئۇردى، خۇداي تەئالانىڭ قۇدرەتى بىرلە ساچقان تونگۇزدىن پەيدا بولدى. يەنە ساچقان تولا بولدى ۋە خەلقنىڭ تەئامىنى يىدى، كېمەنى تەشمەكدىن ۋەھىم بولدى. فەرمان كەلدى، شىرنىڭ پېشانەسىنى سىلادى، شىر ئەتەس ئۇردى، بۇرنىدىن

مۆشۈك تۇشتى، ساچقانلارنى يىدى. نوھ ئەلەيھىسسەلام يەر يۈزى قۇرۇغۇنچە قىرىق كۈن تاغ تۆپەسىدە تۇردىلەر. ھەر سۈيىكى يەردىن چىقىپ ئەردى، ئول سۇپات يەرگە سىڭدى. ئاسماندىن تۇشكەن سۇ ئاچچىغ شور ئەردى، پات يوق بولمادى...... ۋەقتىكى يەر قۇرۇدى ئەرسە، ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام ئول مۆئمىنلەر بىرلە تۇشتىلەر. ئول تاغ تۆپەسىدە بىر قورغان بىنا قىلدىلەر. ھەممەلەرى سەكسەن كىشى ئەردىلەر: قىرىق ئەر، قىرىق مەزلۇم. ئاندا سەكسەن ئۆي بىنا قىلدىلەر. ئول قورغان ھالا ھەم باردۇر. ئانى «سوقىل ـ سەمانەين» ئاتابدۇرلەر.

ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام توفاندىن كېيىن ئۈچ يۈز يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھىسسەلام يەر يۈزىگە تۇشكەندىن توفان بولغۇنچە ئىككى مىڭ ئىككى يۈز يىلدۇر، ئۈچ مىڭ بەش يۈز يىل ھەم دەپدۇرلەر. ئاتەشپەرەستلەردىن ئۆزگەلەر ۋە تەمامىي ئۆلۇمالار توفانغە قايىلدۇر. نېچۈنكى، توفاندىن كېيىن ھەر مۇسھەفكى، پەيغەمبەرلەرگە كېلىپدۇر، ئاندا توفاننىڭ زىكرى باردۇر. ئول ئاتەشپەرەستلەر ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنى، توفاننى بىلمەسلەر. چۈنكى ئۆلار ئاراسىدا نوھ ئەلەيھىسسەلامدىن، توفاندىن ھىچ سۆز ـ ئەخبار يوقدۇر. ئۆلار ئەيتۇرلەر: بۇ ئالەمكى باردۇر، تەمامى خەلايىق ئوتغە تاپىنىپدۇرلەر، ھەممە پادشاھلار ھەم ئوتغە باش قويغاندۇرلەر. تا يەزدگىر شەھريارنىڭ ۋەقتىدە نامۇسۇلمانلار پەيدا بولدى. بەئزەنلەر ئەيتىپدۇرلەر: «توفان ھەممە ئالەمدە بولمادى، ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام ھەم تەمامى روي زەمىنگە پەيغەمبەر ئىدىلەر؛ توفان ھەم ئاندا ۋاقىئ بولدى، ئۆزگەلەر ئاندىن ئاگاھ بولمادىلەر.» ئەۋۋەلقى سۆز دۇرۇستراقدۇر......

بەس، ئول سەكسەن كىشى ھەم ئۆلدىلەر. ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۈچ ئوغلانلەرى قالدى. سامنىڭ ئەۋلادى ئەرەب، ئەجەم خەلقى ۋە پەيغەمبەرلەر، ياخشى خەلقلەردۇر. هامنىڭ ئۇرۇغى ھەبەش پادشاھلارى ۋە زەنگبار، ھىند كافىرلار ۋە فىرئەۋنلەر، ستەمكارلار بولدى. يافەسنىڭ زەررىيەسىدىن تۈرك، سەقلاب، يەئجۇج ـ مەئجۇج، ئول خەلقلەر كىم ئۆلاردا ياخشىلىق يوقدۇر. ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام ۋەفات بولغاندىن كېيىن، بۇ ئەۋلادلەرى ئالەمگە پەراكەندە بولدىلەر؛ ھەر تائىفە جەھاننىڭ بىر

تەرەفىنى ئالدى.

بەس، توفاندىن كېيىن تا مىڭ يىلغىچە ئالەمدە ھېچ پادىشاھ بولمادى. ئاندىن كېيىن، ھام نەسلىدىن بىر پادىشاھ پەيدا بولدى، زەھھاك ئاتلىغ. ئول جادۇگەر ئەردى. تەمامى ئالەمنى ئالدى. ئانى پارس خەلقى ئەژدەرھا ئاتار ئەردىلەر. بۇ زەھھاكنى ئول ۋەجھىدىن ئەژدەرھا ئاتار ئەردىلەركىم، ئىككى ئۆشنىدىن ئىككى ئۇلۇغ يىلان چىقىپ ئەردى. ئول يىلاننى باشىغە يۆرگەپ، تەلپەكى بىرلە پۆركەپ قويار ئەردى. قاچانكىم باشىدىن تەلپەكى تۈشسە خەلق قورقار ئەردى. ئەرەب تىلىدە زەھھاك دەرلەر. ئاتەشپەرەستلەر بەنبۇرەست بۇدۇر دەپدۇرلەر. ئول بىنەھايەت ستەمكار ئەردى. ھېچ زەماندا ئانىڭ ۋەقتىدەقىدەك كىشى ئۆلتۇرۇلگەن ئەمەسدۇر. تەمامى جەھان پادىشاھلارىنى ئۆلتۇردى. خەلقنى بۇتپەرەستلىككە باشلادى. قامچى سوقماق، دارغا ئاسماقنى ئول چىقاردى. مىڭ يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئالەم خەلقى ئانىڭدىن بىزار بولدى. سەككىز يۈز يىل ئۆتتى ئەرسە، ھەق تەئالا ئانى ھەلاك قىلماقنى ئىرادە قىلدى. ئول يىلانكىم ئۆشنىدىن چىقىپ ئەردى، رىشتە بولدى. ئانىڭ دەرد - رەنجىگايى ئارام بولدى. ئانىڭ ئىلاجىنى ھېچكىم بىلمەدىلەر. بىر كېچە تۈشىدە بىر كىشى ئەيدى: «ئول دەردىڭگە ئادەمنىڭ باشى بىرلە دەۋا قىلغىل.» يەنە بىر رەۋايەتدە، شەيتان تەبىب سۈرەتىدە كېلىپ ئەيدى: «مۇنىڭ ئىلاجى ئادەمنىڭ مېڭەسىدۇر.» زىنداندىن ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرۈپ، مېڭەسىنى سۈرتتى، دەردى پەست بولدى. ھەر كۈن ئىككى كىشىنى ئۆلتۈرۈپ مېڭەسىنى ئىشلەتتى. تا ئىككى يۈز يىل بۇ تەرىقە بىرلە بىسيار خەلايىقنى ئۆلتۈردى. ئاخىر ئەسفەھاننىڭ كەنتىدە بىر كىمەرسە بار ئەردى، كاۋە ئاتلىغ؛ ئانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى، نەۋجەۋان. زەھھاكنىڭ كىشىلەرى ئاندا باردى. ئول ئىككى ئوغلىنى تۇتۇپ زەھھاككە كەلتۈردى، ئۆلتۈردىلەر. ئول كاۋە ئوغلانلەرىنى ئۆلتۈرگەننى ئاڭلاپ، بىتاقەت بولۇپ، شەھەرگە يۈردى. ئول تۆمۈرچى ئەردى. كۆرۈكىنى بىر ياغاچقە كۆتەرىپ، فەرياد، ۋا - ۋەيلە قىلىپ شەھەرگە كىردى. فەرياد قىلدى: «ئەي خەلايىق! بۇ جەۋر - ستەمنى تاكى كۆتەرۈرمىز، كىشى بولغايمۇ كىم، ماڭا يار - ياۋەر بولغاي! خەلايىقنى بۇ زۇلۇم - ئەلەمدىن خەلاس قىلغايمەن.» بەس، ھەممە خەلايىق ئاڭا ئىتائەت قىلدىلەر. بەس، كاۋە

زەھھاكنىڭ ئەسفىھانغە قويغان كىشىلەرىنى ئۆلتۈردى. شەھەرنى ئالىپ ئولتۇردى. خەزىنە ـ سىلاھلارنى خەلققە بەردى. ھەممە خەلايىققە راست، كاۋە ئۆز ئورنىدا ھاكىم قىلىپ، ئۆزى ئەھنۆزگە باردى. ئاندا، ھەر كىمكى زەھھاكنىڭ كىشىسى ئەردى، ھەممەسىنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ئاندا بىر ئەمىر تەئىن قىلدى. ئاندىن ئۆتۈپ، ھەر يەرگە، ھەر شەھەرگە باردى، ئانى ئالدى؛ ھەر يەردە خاھلاغان كىشىنى لەشكەر قىلدى.

زەھھاك خەبەر تاپىپ، بىسيار لەشكەر ئىبەردى. كاۋە جەڭ قىلىپ ئانى ھەم ئالدى، تولاراقىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ئۆتۈپ ياۋۇق يەتتى ئەرسە، خەلققە ئەيدى: «بىز زەھھاككە ياۋۇق يەتتۇك، تولا ئىھتىمالى، ئول بىزنى ئالۇر. چۈنكى بۇ مۇلك ئانىڭدۇر. بىزگە ھەم بىر كىشى بولغاي ئەردىكىم، پادىشاھ قىلغاي ئەردۇك، تاكىم، ئانىڭ ھۆكمى بىرلە خەلق ئاراسىدا بولغاي ئەردى.» ھەممە ئەيدىلەر: «پادىشاھلىققە سەن لايىقدۇرسەن. سىنىڭ بىرلە بىز بۇ راھەتكە يەتتۇك. سەن كىفايەتدۇرسەن.» كاۋە ئەيتتى: «مەن پادىشاھلىققە ياراماسمەن. چۈنكى مەن پادىشاھ نەسلىدىن ئەرمەسمەن. مېنىڭ غەرەزىم مۇلكدە ئەرمەس، بەلكى قەسدىم خەلقنى زەھھاك زۇلمىدىن خەلاس قىلماقدۇر. ئەگەر مەن پادىشاھ بولسام، ئالەمدە شور ـ غەۋغا تولا بولۇر. بىر كىشى تاپىڭلار، ئانى تەختدە ئولتۇرغۇزالى. مەن ئانىڭ ئالدىدا سىپەھسالار بولغايمەن.» بەس، ئىككى ئاي ئىزدەپ، بىر كىشىنى خەبەر ئالدىلەركىم، جەمشىد ئورۇغىدىن جۇۋان، خىرەدمەند ۋە ئاقىل، ھۇشمەند، ئاتى فەرىدۇن ئەيتىپدۇرلەر. فەرىدۇننىڭ باباسى ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامغە ئىمان كەلتۈرگەن، كېمەدە ھەمراھ بولغان ئەردى. كېمەدىن چىقىپ، ئانىڭ فەرزەندلەرى بولدى. فەرىدۇن ئانىڭ نەسلىدىندۇر. زەھھاكغە خەبەر قىلغان ئەردىلەركىم، جەمشىد ئورۇغىدىن فەرىدۇن ئاتلىغ بىر كىشى قالىپدۇركىم، سەن ئانىڭ قولىدا ھەلاك بولغايسەن. زەھھاك فەرىدۇننى ئىزدەر ئەردىلەر. فەرىدۇن قاچىپ، تەبەرىستانغە بارغان ئەردى. زەھھاك ھەم ئانىڭ جۇستۇجويىدا تەبەرىستان تەرەفىگە بارغان ئەردى. بەس، كاۋە فەرىدۇننىڭ خەبەرىنى ئالىپ، بىسيار شاد بولدى. ئانى ئىزدەپ تاپتىلەر. كاۋە تەمامى لەشكەر، پادىشاھلىق ۋە جەھاندارلىقنى ئاڭا تاپشۇردى. ئۆزى قول باغلاپ تۇرار ئەردى: «زەھھاك بىرلە جەڭ قىلىپ تاكىم ئانى ئالغايمىز،

سىنى تەمامى ئالەمگە پادىشاھ قىلغايمىز.» فەرىدۇن قەبۇل قىلىپ، زەھھاك تەرەپكە يۈردىلەر. كادەنى سىپەھدار قىلدى. زەھھاك ھەم بۇلار تەرەپكە كەلدى. ئاخىر، روبەرو بولۇپ جەڭ قىلدىلەر. فەرىدۇن زەپەر تاپىپ، زەھھاكنى تۇتۇپ ئۆلتۈردىلەر. ئول كۈن كادە فەرىدۇن باشىغە تاج قويدى. تەمامى ئالەم پادىشاھلىقىنى ئاڭا تاپشۇردى. ئول ماھتاب كۈنلەرى ئەردى. ئاڭا «مىھرگان» ئات قويدى. ئول كۈنى ئەيد قىلدىلەر. فەرىدۇن ھەم پادىشاھلىققە ئولتۇردى.

## فەسلى دەستان
## قىسسەئى فەرىدۇن بىننى ئابتىين بىننى ئەفسا

قاچانكىم، فەرىدۇن پادىشاھ بولدى، كادە لەشكەر تارتىپ، تەمامى ئالەمغە يۈردى. ھەر يەردە زالىم ۋە مۇخالىف بولسا، ئانى ئۆلتۈردى. ھەر قايدا جەڭ قىلۇر بولسا، ئول ئەلەمنى ئالىدا كۆتەرۇر ئەردىلەر ئەرسە، زەپەر تاپار ئەردى. بەس، كادە لەشكەر تارتىپ يۈردى. فەرىدۇن ئەسفىھاننى ئاڭا بىرىپ ئەردى. ئون يىل ئەسفىھاندا بولدى. ئاندىن ئۆلدى، فەرزەندلەرى قالدى ئەرسە، فەرىدۇن ھەم مەملىكەتنى ئۇلارغە بەردى. مەگەر ئول ئەلەمنى خەزىنەگە ئالدى. ھەر جەڭگە بارسا، ئول ئەلەمنى ئالىدا كۆتەرۇر ئەردى ئەرسە، زەپەر تاپار ئەردى. ئاندىن كېيىن، ھەر پادىشاھغە قالسا، ئانى ئەزىز تۇتۇپ، ھەر قايسى پادىشاھ جەۋاھىر بىرلە ياسار ئەردى. تا، يەزدگىر شەھرىيارنىڭ ۋەقتىدە، مۇسۇلمانلار ئانىڭ خەزىنەسىنى تاراج قىلىــــپ، ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئول ئەلەمنى كەلتۈردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇيرۇدىلەر، تا ئول جەۋاھىرلارنى ئالىپ، ئانىڭ تىرەسىنى ئالىپ ئوتغە كۆيدۈردىلەر.

ئەيتىپدۇرلەر: ئەفرىدۇن كادەدىن كېيىن ئىككى يۈز يىــل ئۆمۈر كۆردى. ئالەمنى داد - ئەدلىگە توشقاردى. تەرسالار ئاتەشپەرەست ئەردى دەپدۇرلەر؛ ھىند خەلقى بۇتغە تاپىنۇر ئەردى دەپدۇر. لېكىن بۇلار سۆزى

راست ئەمەسدۇر. ھەق سۆز بۇدۇركىم، ئەفرىدۇن ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام دىنلەرىدە ئەردى. ھۆكۈما - ئالىملارغە بىسيار ئىززەت ۋە تەۋازۇئ قىلىپ ئۇلۇغلار ئەردىلەر. ئەۋۋەل پادشاھكى نۇجۇم ئىلمىنى بىلدى ئول ئەردى. تىب ئىلمىدە ھەم بىسيار رەنج - رىيازەتلەر چەكتى، تەرياق ياساماقنى ئول پەيدا قىلدى. فىلغە مىنمەكنى ۋە فىلغە جەڭ قىلماقنى ئول ئۆرگەرتتى. ئانىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئەردى: ئۇلۇغى تۇر، ئوترانچىسى سەلىم، ئاندىن ئەيرۇج. بەس، ئەفرىدۇن جەھاننى فەرزەندلەرىگە تەقسىم قىلدى. تۇرك، خەزەرج، ماچىن ۋە مەشرىق زەمىننى تۇرغە بەردى، ئاڭا فەغفۇر ئات قويدى. روم، روس، ئالان ۋە مەغرىب زەمىننى سەلىمگە تەئىن قىلدى، ئانى قەيسەر ئاتادى. ئىقلىملار ئوتراسىكىم ئىران ئاتارلار. ئىراقەين، پارس، خوراسان زەمىنى ۋە ھىجاز تا يەمەن سەرھەددىغىچە ئەيرۇج نامزەد قىلدى. ئەيتىپدۇرلەر: تۇر ۋە سەلىم ئاتاسىدىن كېيىن ئەيرۇجكە ھەسەد قىلدى، ئانى ئۆلتۈرمەككە مەسلەھەت قىلدىلەر. ئانى جەڭ ۋە خۇسۇمەتكە تەكلىف قىلدىلەر. ئول جەڭ قىلغالى ئۇنامادى. ئانى ھىچ جەڭ - جىدەل بولماي، تۇتۇپ ئۆلتۈردىلەر. جەھاننى ئىككى ھەسسە قىلىپ ئالدىلەر. پادشاھلىق قىلالمادىلەر. ھەر تەرەفدىن پادشاھلار خۇرۇج قىلدىلەر. ئاخىر، ئىقلىمى بابىل ۋە يەنە ئۆزگەسى ئۇلار تەسەررۇفىدىن چىقتى. ھەر ئىككىلەسى ئۆلدى. پادشاھلىق پەرزەندلەرىگە قالمادى.

## فەسلى دەستان
## پادىشاھ گۇش زىكرى

ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام ئۇرۇغىدىن گۇش ئاتلىغ بىر كىشى پادشاھ بولدى. ئىرانى زەمىن ھەممەسى ئانىڭ تەسەررۇفىدە بولدى. بۇتلارغە تاپىنۇر ئەردى. قىرىق يىل پادشاھ بولدى. بەس، ئۆلدى ئەرسە، پادشاھلىق ئوغلى نەمرۇدغە قالدى. يەنە بىر رەۋايەت ئولكىم، ئەيرۇجنى بۇرادەرلەرى ئۆلتۈرگەندە، فەرىدۇن تىرىك ئەردى. بۇ قەۋل دۇرۇستراقدۇر. بەس،

ئەفرىدۇن ھەق تەئالاغە نالە قىلىپ ئەردى: «پەرۋەردىگار، ماڭا ئانچە ئۆمۈر بەرگىلكىم، ئەيرۇج نەسلىدىن بىرى ۋۇجۇدغە كېلىپ، بۇرادەرلەرىدىن ئىنتىقام ئالغاننى كۆرگەيمەن.» بەس، ئەفرىدۇننىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى. ئەيرۇجنىڭ كۈشك ئاتلىغ بىر قىزى قالغان ئەردى. ئول ئوغلىغە ئالىپ بەردى. ئانىڭدىن بىر قىز تۇغدى، رەۋشەنڭ ئات قويدى. ئول رەۋشەنىڭنىڭ ھەم بىر قىزى بولدى. فەرەۋشەنڭ ئاتادى. ئول ھەم بىر قىز تۇغدى، ئەفرەڭ ئاتادى. ئەفرەڭدىن بىر ئوغۇل ۋۇجۇدغە كەلدى، ئول بىر تۇغقان ھەمشىرەسىنى ئالدى، ئانىڭدىن مەنۇچېھرە تۇغۇلدى.

# قىسسەئى نەمرۇد بىننى كەنئان بىننى گۇش

بۇ نەمرۇد بۇتپەرەست ۋە ستەمكار ئەردى. بۇتخانەلەر پەيدا قىلدى. تەمامى مەملىكەتنى تا ئىقلىمى بابىلغىچە بۇتغە تاپىنماقغە بۇيرۇدى. ئانىڭ قاشىدا بىر كىشىسى بار ئەردى، بارەج ئاتلىغ، ئەرەبى تىلدا ئازەر دەپدۇرلەر؛ سام بىننى نوھ ئەلەيھىسسەلام ئۇرۇغىدىن ئەردى. بەس، نەمرۇد ئازەرنى چىرلاپ ئۆزىگە ياۋۇق خاس قىلدى. بۇتخانەلەرنى ئاڭا تاپشۇردى ۋە ئانى خەزىنەدار قىلدى. بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ۋەزىر ئەمەسدۇر، ئول ئازەرنىڭ نەسەبى تارەج بىننى تاخۇر بىننى بېسارۇغ بىننى ئەرغىۋان بىننى فالىئ بىننى ئامىر بىننى شالەخ بىننى قەينان بىننى ئەرفەخشەد بىننى سام بىننى نوھ ئەلەيھىسسەلام. ئازەر ئوتتۇز يىل بۇتخانەلەرنى ئاسرادى. ئانىڭ بىر ئوغلى بولدى، ئىبراھىم ئاتلىغ، خەلىلۇر - رەھمان سەلەۋاتۇللاھ ئەلەيھ. ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام زەمانەلەرىدىن تا ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرىغىچە مىڭ ئىككى يۈز يىل ئەردى. بۇلار ئاراسىدا ھود بىننى ھەزرەتى سالىھ ئەلەيھىسسەلامدىن ئۆزگە پەيغەمبەر كەلمەدى......

ھەزرەتى ھود ئەلەيھىسسەلام ئول مۆئمىنلەر بىرلە ئەللىك يىل تىرىكلىك

قىلدىلەر، ئاندىن ئۆلدىلەر، ئۆمۈرلەرى يۈز ئەللىك ئەردى. ھەزرەتى ھود ئەلەيھىسسەلامدىن كېيىن تا يۈز يىلغىچە ھىچ پەيغەمبەر كەلمەدى. ھەممە پادشاھلار ئۆتتى، بەئزى بۇتپەرەست، جەممى ئاتەشپەرەست، بىر تائىفە ئافتاپپەرەست ئەردى. تاكىم ھەق تەئالا سالىھ ئەلەيھىسسەلامنى سەمۇد قەۋمىغە ئىبەردى.

## قىسسەئى شەددىد

شەددىد بىننى شەدداد ئاد قەۋمىنىڭ ئىنىسى ئەردى. بەس، ئاد قەۋمى (ئەقىم بورانى بىرلە) ھەلاك بولدى ئەرسە، يەنە بىر تائىفە بار ئەردى. زەمىنى شامدا ئاد خەلقىنىڭ ئەۋلادى ئەردى، بۇلار بىسيار خەلق ئەردىلەر. بۇلار پادشاھى شەددىد بىننى شەدداد ئاد ئىملاقىنىڭ ئوغلى ئەردى؛ ئۈچ يۈز يىل پادشاھلىق قىلدى. ئەيتىپدۇرلەر: قازى قويدى، بەيتىل مالدىن ۋەزىفە تەئىن قىلدى. ئول قازى بىر يىل بەيتىل مالدىن ئالىپ يىدى. ھىچ دادخاھ كەلمەدى. قازى شەددىدغە ئەيدى: «مىنىڭ ئايلىق ئالىپ يىمەكىم ھەلال ئەمەسدۇركىم، مەن ھىچ ئىش قىلماسمەن.» شەددىد ئەيدى: «توختاپ تۇرغىل.» قازى بىر نەچچە كۈن ئولتۇردى ئەرسە، ئىككى دادخاھ كەلدى. بىرى يەنە بىرىدىن بىر مۇنچە يەر ئالىپ ئىكەن، ئاندا گەنج تاپىپدۇرلەر. ئالغۇچى ئەيتادۇركىم: «مەن بۇ يەرنى ھەر نەرسەسى باردۇر، ئانىڭ بىرلە ئالغاندۇرمەن». ساتقۇچى ئەيتۇركىم: «مەن يەرنى ساتغان، بۇ گەنجنى ساتغان ئەمەسدۇرمەن.» قازى سورادىكىم «ھەر قايسىڭىزلەرنىڭ فەرزەندى بارمۇ؟» ئەيدىلەر: «بىرىمىزنىڭ قىزى، بىرىمىزنىڭ ئوغلى بار.» بەس، قازى بىرىنىڭ قىزىنى بىرىنىڭ ئوغلىغە ئالىپ بەردى. بۇ گەنجنى بالالەرىغە تەقسىم قىلىپ بەردى. ھەزرەتى ھۇد ئەلەيھىسسەلام ئول شەددىد قاشىغە كېلۇر ئەردىلەر، ئانى ئىمانغە تەكلىف قىلۇر ئەردىلەر، ئۇناماس ئەردى. ئاخىر كافىر ئۆلدى.

# فەسلى دەستان

## ئەلقىسسە شەدداد

شەدداد بىننى ئاد بىننى ئىملاق ئۇنىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولدى. بۇتپەرەست ئەردى. ھەزرەتى ھۇد ئەلەيھىسسەلام ئاڭا ھەم كەلدىلەر، ئىمانغە تەكلىف قىلدىلەر، بۇتپەرەستلىكدىن مەنئ قىلدىلەر. شەدداد ئەيدى: «ئەگەر ئىمان كەلتۈرسەم خۇدايىڭ نىمە بىرۈر؟» ھەزرەتى ھۇد ئەلەيھىسسەلام «بىھىشتى جاۋىدان» دەپ، بىھىشت سۈفەتىنى بەيان قىلدىلەر. شەدداد ئەيدى: «مەن بۇ ئالەمدە شۇنداغ بىھىشت ئىتۈرمەن» دەپ ئەزم قىلدى. بۇ شەدداد تەبەرستان، گورگان، خوراسان، تا ھىندىستانغىچە پادىشاھ ئەردى. ئىككى يۈز ئاتمىش پادىشاھغە ھۆكمى يۈرۈر ئەردى. بۇ پادىشاھلارغە نامە ئىبەردىكىم، ئانچە ئالتۇن - كۈمۈش، لەئل - جەۋاھىر، دۇر - مەرۋارىد، سىزلەردە، ئۈمەرا - ۋەزىر، يۈرتىڭىزلەردە باردۇر، ئىبەرگەيسىزلەر. ئول خۇشبۇي نەرسەلەردىنكىم، ئۇد، ئەنبەر، زەئفەر - نەرسەلەردىن، ئانچەكى قۇدرەتىڭلەر باردۇر جەمئ قىلىپ ئىبەرىڭلەر!» دەپ. ئاندىن كېيىن، خەلقنى بۇيرۇدىكىم، ئەتراف - جەۋانىبدىن دۇررئى - جەۋاھىرلار كەلتۈردىلەر. ۋە يەنە ئەمر قىلدىكىم، ھەر نەۋئ ھۆنەرمەند - پېشەۋەرلەر ۋە تەمامى ئاقىل - دانىشمەندلەرنى جەمئ قىلدىلەر. ئاندىن كېيىن، ھەممە ۋەزىرلىرىنى چىرلاپ، ئۇلاردىن ئون ئالتەسىنى ئىلغاپ، مۇنەججىم - ستانشۇناسلارغە قوشتىلەر. ئۇلارنى باشلاپ، ئالەمنىڭ تۆرت تەرەفىدىن چىقتىلەر، تاكىم بىر جاي خۇش ھەۋا، فەرەھ ئەفزاي كۆرگەيلەركىم، ئاندا شەدداد لەئىن بىھىشت قىلغاي. بەس، بۇ خەلق شام سەرھەددىدە بىر يەرنى مۇقەررەر قىلدىلەر ئەرسە، ئاندا بىر قورغان ئەتتىلەر. تامىنىڭ بىر خىشتى ئالتۇندىن، بىرى كۈمۈشدىن؛ ئاندا ساراي - ئەيۋانلار، راۋاق - تاقلار بىنا قىلدىلەر. تۈركۈكلەرى سەنگى تۈردىن، تام - تارۇسلەرى ئالتۇندىن: ئاڭا رەڭگارەڭ لەئل - جەۋاھىر، دۇررئى - گەۋھەر بىرلە نەقشلەر قىلدى؛ ھەر

تەرەپ ئارىقلاردا سۇلار رەۋان قىلدىلەر. دەرەختلەر تىكتىلەر، شاخى ئالتۇن - كۇمۇش، يافراغلارى زۇمۇررەد - فىرۇزەدىن. مىۋەلەرى مەرۋارىد - ياقۇتدىن؛ بەرگلەرىدە قۇشلار. ئاندا ئون مىڭ كۇنگىرە ئەتتىلەر ئالتۇن - كۇمۇشدىن، تەمامى لەئل جەۋاھىرلار بىرلە ياساغلىغ. ئەيتىپدۇرلەركىم، قاچانكىم، ئافتاب ئاڭا تابىش قىلسا كۆزنى خىرە قىلۇر ئەردى. شەددادنىڭ ئىككى يۈز ۋەزىرى بار ئەردى، بۇلارغە ئىككى يۈز ئايۋان - ساراي، راۋاقلار بىنا قىلدۇردى؛ ۋە يەنە مىڭ سىپاھدار - سەرھەنگى بار ئەردى، ئۇلارغە ھەم ئىمارەتلەرنى قىلدى. بۇ بەش يۈز يىلدا تەمام بولدى. ئالەمنىڭ تەمامى ئالتۇن - كۇمۇش، لەئل - جەۋاھىرى ئاندا سەرپ بولدى. شەدداد ھەزەرى مەۋتدە ئەردى. «تەمام بولدى» دەپ ئاڭا خەبەر قىلدىلەر ئەرسە، تەمامى ۋەزىر سەرھەڭلەرى ئۈچ مىڭ لەشكەرنى ئالىپ يۈردى. بىر مەنزىل يول يۈرۈپ ئەردى. بىرلا كىيىك ئۇچرادى - كۇمۇشدىن، باشى ئالتۇندىن، كۆزلەرى ياقۇتدىن، ئاياغلەرى فىروزە. ئول كىيىك كۆزىگە بىسيار مەرغۇب كۆرۈندى، ئارقاسىدىن يۈردى. ئاخىرى، قوغلاپ لەشكەرىدىن جۇدا بولدى. ئول كىيىك ناپەيدا بولدى. بىر ئاتلىغ كۆرۈندىكىم، ئالىغە كېلۇر. ياۋۇق يېتىپ ئەردى: «ئەي بەندەئى زەئىف، مۇنچە رەنج - مۇشەققەت تارتىپ، ئەندىشە قىلۇرسەنكىم ئۆلۈمدىن ئامان يوقدۇر.» شەددادنىڭ كۆزىگە ئالەم قاراڭغۇ بولدى، ئەيدى: «سەن كىمدۇر سەن؟» ئەيدىلەركىم: «مەن مەلەكىل مەۋتدۇرمەن.» شەدداد ئەيدى: «نە تىلەرسەن؟» مەلەكىل مەۋت ئەيدىلەر: «جان تىلەرمەن». شەدداد ئەيدى: «ماڭا بىر مۇنچە ئامان بەرگىلكىم، ئول بىھىشتىمنى بىر كۆرگەيمەن». ھەزرەتى مەلەكىل مەۋت ئەيدىلەر: «ئامان يوقدۇركىم، ئارقاڭغە باقغىل!» شەدداد ئارقاسىغە باقىپ، يەنە قارادى ئەرسە، ھەزرەتى ئەزرائىل ئەلەيھىسسەلامنى كۆرۈپ قورقىنجىدا جانى چىقتى ۋە ئاتىدىن يىقىلدى. ئارقاسىدىن سىپاھ - لەشكەرى يېتىپ كەلدى. ئۇلارغە ئاسماندىن بىر ئاۋاز ئىشىتىلدى. ئول ئاۋاز ھەيبەتىدىن ھەممە يەكسان ئۆلدىلەر، ھىچ بىرى قالمادى. ھەزرەتى ھود ئەلەيھىسسەلام تۆرت يۈز يىل ئىلگەرى ۋەفات

بولۇپ ئەردىلەر. شەددادنىڭ نەسەبى: شەدداد بىننى ئاد بىننى ئىملاقدۇر.
ھەزرەتى ھود ئەلەيھىسسەلامنىڭ نەسەبلەرى: ھەزرەتى ھود بىننى خالىد بىننى خەلۇد بىننى ئائىم بىننى ئىملاق بىننى ئاد.

## فەسلى دەستان
## قىسسەئى سەمۇد

سالىھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام سام بىننى ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ فەرزەندلەرىدىن ئەردى. مۇنىڭ نەسەبى: سەمۇد بىننى خاسىر بىننى ئادەم بىننى سام بىننى ھەزرەتى نوھ. ئول سەمۇد قەۋمى ھەممە بۇلارنىڭ ئەۋلادى زەمىنى ھەجەرە ئەردىلەر - زەمىنى شام بىلەن ھىجازنىڭ ئاراسىدادۇر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك غازاتىغە بارۇردا، زەمىنى ھەجەرەدىن ئۆتتىلەر. سەھابەلەرغە ئەيدىلەر: «بۇ سەمۇد قەۋمىنىڭ مەكانىدۇر. ئول سەمۇد قەۋمى شام تاغلارىغە ياۋۇق ئەردىلەر، ئۇلار ئاد قەۋمىدەك پۇر - زور، قۇۋۋەتلىك ئەردىلەر. ئول تاغلاردىن تاشلارنى يونۇپ، مەھكەم ئىمارەتلەرنى قىلدىلەر.» ئۇلارنىڭ بىر ئۇلۇغ بۇلاق سۇيى بار ئەردىكىم، ھەممەسىگە كىفايەت قىلۇر ئەردى. بۇلارنىڭ ھەممەسى بۇتپەرەست ئەردىلەر. بەس، خۇداي تەئالا ھەزرەتى سالىھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنى ئۇلارغە ئىبەردى...... . ھەزرەتى سالىھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ نەسەبلەرى سالىھ بىننى ئۇبەيد بىننى ئەسف بەرخىيا بىننى سام بىننى نوھ ئەلەيھىسسەلام ...... . ھەزرەتى سالىھ ئەلەيھىسسەلام كىچىكلەرىدىن بۇتغە تاپىنماس ئەردىلەر. كافىرلار ئەقلىغە كەلگەندە تاپىنۇر دەپ ئۇمىد تۇتار ئەردىلەر، بۇلەر چوڭۇپ، بۇتپەرەسلىكدىن مەنئ قىلدىلەر. ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلام بۇلار ئاراسىدا چەندان يىل يۇرۇپ ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر. ھىچكىم ئىمان كەلتۇرمەدى...... ناگاھ ئاسماندىن بىر ئاۋاز كەلدى، ئانىڭ ھەيبەتىدىن يەكسان ئولدىلەر...... سالىھ ئەلەيھىسسەلام مۇئمىنلەر بىرلە بىرمۇنچە روزگار يۇردىلەر. ئۇلەر ھەم ۋەفات بولدىلەر. ھەزرەتى سالىھ ئەلەيھىسسەلامدىن كېيىن، تا ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ

زۇھۇرلەرىغىچە ھېچ پەيغەمبەر كەلمەدى. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋاقىئەلىرىدىن بىر مۇنچە سۆز ئۆتۈپ ئەردى. ئاڭلاغىل، پادىشاھدىن پادىشاھغە، نەمرۇد بىننى كەنئانغە يېتىپ ئەردى.

## فەسلى دەستان
## قىسسەئى ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، زەمىنى بابىل ھالا باغداد شەھەرىدۇر. ئىراق جەھاننىڭ ئوتراسى، شەھەرلەرنىڭ ئوبدانراقى ئەردىكىم، نەمرۇد بىننى كەنئاننىڭ تەسەررۇفىدا ئەردى. ئاتاسى كەنئان بىننى كۇش بىننى ھام بىننى نوھ ئەلەيھىسسەلام. بۇ ئاتا - باباسى ھەم بابىلغە پادىشاھ ئەردى. ھەممە بۇتپەرەست ئەردى. ئالتۇندىن بۇتلار ئېتىپ، بۇتخانەلەر قىلىپ، بىر سەرھەڭى بار ئەردى. ئەرەبى تىلدا ئازەر، ئىبران تىلىدا تارەخ① دەرئەردىلەر. ئول ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئوغلانلەرى بىرلە سامنىڭ ئۇرۇغىدىن ئەردى. ئازەر نەمرۇدنىڭ بۇت ۋە بۇتخانەسى ھەم ئاندا يىغقان گەنج - خەزانەسىغە سەربان - نىگاھبان ئەردى.

ئەيتىپدۇرلەركىم، نەمرۇد تەمامى ئالەمغە پادىشاھ ئەردى. ئەمما راستى ئولدۇركىم، پادىشاھى بابىل ئەردى. ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى نوھ ئەلەيھىسسەلامدىن تۆرت كىشىدىن ئۆزگە تەمامى ئالەمگە پادىشاھلىق قىلمادى. ئىككىسى مۇسۇلمان ئەردى: ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام ۋە زۇلقەرنەين؛ ئىككىسى كافىر ئەردى: نەمرۇد ۋە بۇختىن-نەسر.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەقتلەرى يەتتى ئەرسە، نەمرۇدنىڭ مۇنەججىملەرى ئەيدى: «بۇ يىل بىر ئوغۇل ۋۇجۇدغە كەلدىكىم، تەمامى بۇتلارىڭنى ئوشاتور، بۆلەك دىن پەيدا قىلۇر؛ ھەلاك بولۇرغە سەبەب ئول بولۇر.» نەمرۇد تەمامى مەزلۇملەرنى ئۆيىدە ساقلادى. ھەر يەردە خاتۇنلار

① نارەخ - «قىسسەئى نەمرۇد بىننى كەنئان بىننى گۇش» سىرلەۋھەسىدە «بارەج» دەپ ئىككى يەردە يېزىلغان.

ئوغۇل تۇغسە خەۋەر قىلدىلەر، ئانى ئۆلتۈردى. بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئانالەرى ھامىلە بولدىلەر، ئاغىرلاشتىلەر. ئازەر ئەيدى: «كاشكى بۇ فەرزەند قىز بولغاي ئەردى» ۋەقتىكى، كۆزى يارۇدى ئەرسە، ئوغۇل تۇغدىلەر. ئانالەرى دەرھال پىنھان قىلدىلەر، ئاتاسىغە ئەيدىلەركىم: «بىــــر ئۆلۈك تۇغۇپ ئەردىم، گۆردە قويدىلەر». ئازەر ئەيدى: «خوب قىلىپسەن». بەس، ئانى ئۆيدە ساقلامادىلەر، بىر تاغقە ئالىپ بارىپ، تاغنىڭ شىكافىدە قويۇپ، شىكافغە بىر تاش قويدىلەر. ئەيدىلەركىم: «مۇندا بىر دەررەندە يىگەننى بەھراق، كۆزۈمدە ئۆلتۈرگۈنچە». بەس، ئانالەرى بىرەر بارىپ ئېمىتىپ كېلۇر ئەردىلەر. ۋەقتىكى بارسەلەر كۆرەرلەركىم تىرىك، ئىلىكلەرىنى ئېمىپ ياتىپدۇرلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرغە ئۇششاق ئىلىكلەرىنى رىزق بەردى، ئانىڭ بىرلە غىز قىلدىلەر. ھەر كۈن ئانچە چوڭ بولدىلەركىم، ئۆزگە بالالار بىر ئايلىق ئانچە بولغاي. ئون بەش ئايدا، ئول غار ئىچىدە ئون بەش ياشداقى بالادەك بولدىلەر. بىر كۈن ئانالەرىغە ئەيدىكىم: «مېنى بۇ غاردىن چىقارغىل.» ئانالەرى، شەفەق غايىب بولغان ۋاقىت ئەردى، غاردىن چىقاردىلەر. ئاسماننىڭ يۇلتۇزلارىنى تاماشا قىلدىلەر...... ھۆكۇمالار ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى ئىبراھىــــم ئەلەيھىســـــسەلام زاتلەرى زەيتۇن مەسەللىكدۇركىم، زەيتۇن خاھ سىقسا، خاھ سىقماسا ياغ چىقىپ تۇرار. مۇنداغ، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامغە ھىچ كىم تەئلىم بەرمەي ۋە ھىچ كىشىدىن ئىشىتمەي، خۇدانى تانۇماقنــى بىـــلگۇردى...... «مەن راست دىندەدۇرمەن، خۇداغە ھىچ شىرىك كەلتۇرمەسمەن» دېدىلەر. شول سائەتدە، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام كۆڭۈللەرىگە ئىمان ۋە مەئرىفەت بەرقەرار بولدى. ئەرتەسى ئانالەرى كېلىپ، ئاتالەرى قاشىغە ئالىپ باردى. ئەيدىلەر كىم: «بىزنىڭ فەرزەندىمىزدۇر». بۇنى پىنھان قىلىپ ساقلاغانلەرىنــى ئەيتمادىلەر. ھەق تەئالا ئانىڭ كۆڭلىگە مېھر - مۇھەببەتنى سالدى. ئەيدى: «خوب كەلتۇرۇپسەن». بەس، ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئاندا چوڭۇدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا ۋەزى ئىبەردىكىم، نەمرۇدنى قەۋمى بىرلە ئىمانغە دەئۋەت قىل، مۇسۇلمانلىقنى ئاڭا ئەرز قىلغىل!» بەس، ھەزرەتى ئىبراھىــــم ئەلەيھىسسەلام فىكىر قىلدىلەركىم، بۇ سۆزنى نە تەرىقە بىـــــرلە ئاراغە سالغايمەن. بەس، بىر كۈن ئۇلارنىڭ ئىـــيدى بولدى. رەسملەرى ئول

ئەردىكىم، ئىيد بولسە، تەمامىي شەھەردىن تاشقارى چىقار ئەردىلەر، ئاغرىقدىن بۆلەك ھىچكىم قالماس ئەردى.

بەس، ئازەر ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغە ئەيدى: «سەن ھەم ئىيدگاھغە چىقغىل». ئەيدىلەركىم: «مەن كىسەلدۈرمەن، چىقالماسمەن». چۇنكىم، ئول زەماندا، نۇجۇم ئىلمى مۆئتەبەر ۋە ھەر ئىشغە مۇنەججىملەر ھۆكۇم قىلۇر ئەردىلەر. يەنە ئانداغ ئەيدىلەركىم، ئىيد كۇنى گۇناگۇن تەئاملەرنى قىلىپ، بۇتلارغە ئالىپ كېلىپ، بۇتلارغە سەجدە قىلىپ، ئول تەئاملەرنى بۇتلەر ئالىدا قويۇپ، ئىيدگاھغە چىقار ئەردىلەر. ئىيدگاھدىن يانىپ ھەم سەجدە قىلىپ، ئول تەئاملەرنى ئالىپ چىقار ئەردىلەر. ئول تەئاملەردىن خەير - بەرەكەت ئۇمىد تۇتار ئەردىلەر. ئۇلار ئىيدگاھغە چىقتىلەر. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: «مەن بۇتلارىڭغە سىزلەر يانغۇنچە نە ئىشلەرنى قىلغۇمدۇر!». بۇ سۆزلەرنى بىر - ئىككى كىشى ئىشىتىپ، ئانچە قۇلاق سالمادى. ئازەر ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنى «سەن ئىيدگاھغە چىقالماساڭ، بۇ بۇتخانەنى ساقلاغىل.» دەپ، ئىيدگاھغە چىقىپ كەتتى. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام بىر پالدۇ ئالىپ، بۇتخانەغە كىردىلەر. ئاندا بىر ئۇلۇغ بۇت بار ئەردى، ئاندىن ئۆزگەسىنى قول - پۇتىنى كەستىلەر؛ ئەيدىلەركىم: «ئەي بۇتلار، بۇ تەئامنى يەرسىزلەرمۇ؟ نىچۈكدىن سۆزلەمەسسىزلەر؟». ئاندىن، ئول پالدۇنى ئول بۇتنىڭ ئۆشنىدە قويدىلەر، تاكىم ئانىڭ بىرلە سۆزلەرىگە ھۆججەت قىلغايلەر. بەس، ئول كافىرلار ئىيدگاھدىن يانىپ، بۇتخانەلەرىگە كەلدىلەر، بۇتلارنى بۇ ھالدا كۆردىلەر: «بىزنىڭ خۇدالەرىمىزغە بۇ ئىشنى كىم قىلىپدۇر؟ بەس، ئول ئۆزىگە زالىم، زىيانكار بولۇپدۇر». بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ سۆزلەرىنى ئىشىتكەن كىشىلەر ئەيدى: «بىز ئىبراھىم ئاتلىغ بىر ئوغۇلدىن ئىشىتىپ ئەردۇك، ئول بۇتلارنى يامان ئەيتۇر ئەردى. شايەدكى بۇ ئىشلەرنى ئول قىلغاندۇر». نەمرۇد ئەيدى: «تاراستى مەئلۇم بولماغۇنچە ھىچكىمگە ئەقۇبەت قىلماسمەن. ئانى كەلتۇرۇڭلەر، شايەدكى ئىقرار قىلغاي!». بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنى كەلتۇردىلەر. ئەيدىلەركىم: «ئايا، بىزنىڭ خۇدالارىمىزغە بۇ ئىشلەرنى سەن قىلدىڭمۇ؟». ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: «بەلكى قىلدى،

بۇ ئىشلەرنى ئۇلارنىڭ ئۇلۇغىدىن سوراڭلار، ئەگەر سۆزلەيدۇرغان بولسە». كافىرلار ئەيدىلەر: «ئۆزۈڭ بىلەسەن، بۇلار سۆزلەمەسلەر». ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: «سىزلەر ھەم بىلۇرسىزلەركىم، ئۇلار سۆزلەمەس، زەرەر ۋە مەنفەئەت يەتكۇرەلمەسلەر، نىچۇكدىن خۇدا دەپ باش ئۇرارسىزلەر». بەس، ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام بۇ سۆزلەرنى ئەيدىلەر ئەرسە، كافىرلار بىلدىكىم، بۇتلارنى بۇ سىندۇرۇپدۇر. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئاشكارا ئىمانغە تەكلىف قىلدىلەر، بۇتپەرەستلىكدىن مەنئ قىلدىلەر...... ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئاتالەرىغە ئەيدىلەر: «ئەي ئاتا، نىچۇكدىن بەندەلىك قىلۇرسىزلەر ئول بۇتلارغە، كۆرمەس- ئىشتمەس، ھىچ سۇد - مەنفەئەت ئانىڭدىن بولماس». ئازەر ئەيدى: «نەمرۇدنىڭ پادشاھلىقىدىن قۇتۇلسام ئىمان كەلتۇرەي». ...... ۋەقتىكى، خۇداي تەئالاغە دۇشمەنلىكى مەئلۇم بولدى ئەرسە، ئانىڭدىن بىزار بولدىلەر، بەس، ئازەر ئۆلدى. نەمرۇد ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامغە ئەقۇبەت قىلماق تەدبىرىغە تۇردى. ......

ھەزرەتى ئىبرھىم ئەلەيھىسسەلامنى بەلايى ھىجرەتكە مۇبتەلا قىلدى. ئانداغكى، يار - دوستلارىدىن جۇدا قىلىپ، غەرىبلىقغە سالدى...... بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئوتدىن چىقىپ، خەلقنى ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر ئەرسە، ئىمان كەلتۇرمەدىلەر. بىر مۇنچە خەلق نەمرۇددىن پوشىدە ئىمان كەلتۇردىلەر. بۇ ئىشلەرنى نەمرۇد خەبەر تاپىپ، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامغە ئەيدى: «ئەي ئىبراھىم، مىنىڭ پادشاھلىقىمنى ۋەيران قىلۇرسەن، ئەمدى بىزنىڭ ئارامىزدىن چىقغىل! ھەر يەردە بولساڭ، ساڭا خۇدايىڭ نىگاھباندۇر». بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ھىجرەت قىلۇر بولدىلەر. ئۇلارنىڭ بۇرادەرزادەلەرى بار ئەردى لوت ئاتلىغ. ئانى چىرلادىلەر ۋە ئىمانغە تەكلىف قىلدىلەر ئەرسە، ئىمان كەلتۇردىلەر...... ھەزرەتى لوت ھەم ھەمراھلىقنى قەبۇل قىلدىلەر. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئاتالەرى بىرلە بىر تۇغقان بىر قىز بار ئەردىلەر سارە ئاتلىغ، ئانى نىكاھلەرىغە ئالدىلەر. ئۇلار ھەم ئىمان كەلتۇردىلەر. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام سارەنى ھەمرالىقغە دەلالەت قىلدىلەر ئەرسە، قەبۇل قىلدىلەر. ئاندىن، ئول شەھەردەكى مۆئمىنلەرگە خەبەر قىلدىلەر. ھەر

قايسىنىڭ زەن - فەرزەندى، خېش - ئەقرەباسى مەنئ قىلدىلەر ئەرسە، ئۆلاردىن بىزار بولدىلەر…… بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام شەھەرى بابىلدىن چىقىپ، ھەزرەتى لوت، ھەزرەتى سارە ۋە ھەممە مۆئمىنلەر بىرلە زەمىنى شامغە كەلدىلەر. ئاندا مۇرران ئاتلىغ بىر شەھەردە بولدىلەر. ئانىڭ پادىشاھى ھەم بۇتپەرەست ئەردى. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئانىڭدىن ۋەھىم قىلىپ، ھەزرەتى سارە بىرلە مىسىرغا كەتتىلەر. ھەزرەتى لوت ئەلەيھىسسەلام مۇئەتفىكات دېگەن يەرگە باردىلەر. مەئنىسى «يالغانچىلار» دېگەن بولۇر. ئول فەلستىن دېگەن شەھەرنىڭ بىر تەرەفىدە ئون كەنت بار ئەردى. ھەممە ئابادلىق، ھەركەنتنىڭ ئاراسىدا يۈز مىڭدىن تولاراق خەلق بار ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ھەزرەتى سارە بىرلە مىسىرغە يەتتىلەر، بىر يەرگە تۈشتىلەر. ئاندا ھېچكىمنى بىلمەس ئەردىلەر. ھەززەتى سارە بىسيار خۇشرۇي ئەردىلەر، ئانداغكىم، يۈزلەرى تالۇن ئايدەك تابىش قىلۇر ئەردىلەر. بەس، مىسىر خەلقىغە خەبەر تۈشتىكىم، بىر مەردۇ غەرىب كېلىپدۇر، ئانىڭ بىرلە بىر مەزلۇم باردۇركىم، ئالەمدە ئاندىن خۇشروي بولماغاي، خەلايىق تاماشاغە چىقتىلەر ئاخىر، بۇ خەبەر پادىشاھغە يەتتى ئەرسە، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنى چىرلادى ۋە ئەيدىكىم: «قاندىن سەن؟» . ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: «بابىلدىن» . ئەيدىلەر: «بابىلدىن مۇندا نېچۈك ئىشغە كەلدىڭ؟» . ئەيدىلەر: «سېنىڭ داد - ئەدلىڭ ۋە ياخشى سۈفەتىڭنى ئىشىتىپ، مۇندا تۇرغالى كەلدىم» . يەنە سورادى: «ئول مەزلۇم سېنىڭ نىمەڭدۇر؟» ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەر: «ئەگەر ھەمخانەم دېسەم، بۇ مېنى ئۆلتۇرگەي» دەپ «سىڭلىم» دېدىلەر. ئانداغ ئىرادە قىلدىلەر مۇسۇلمانلەر بىر - بىرىگە بۇرادەردۇر…… بەس، پادىشاھ ئەيدى: «ئول مەزلۇمنى ماڭا ئىبەرگىل، تاكىم كۆرگەيمەن» دەپ. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام بىرلە بىر كىشى ئىبەردى. ئۆيگە كەلدىلەر ھەزرەتى سارەگە ئەيدىلەر: «بۇ پادىشاھ سېنى مەندىن ئالغۇدەك. سېنى مەن سىڭلىم دېدىم. سەن ھەم ئانداغ دېگىل» دەپ سارەنى خۇداغە تاپشۇردىلەر. ئۆزلەرى نەمازغە تۇردىلەر. بەس، ئول كىشى ھەزرەتى سارەنى پادىشاھغە كەلتۇردى ئەرسە، پادىشاھ كۆردىكىم، ئالەمدە مۇنداغ خۇشرۇي بولماغاي. ئەيدى: «ئول

كىشى سىپىنىڭ نىمەڭ؟» ھەزرەتى سارە ئەيدىلەركىم: «ئاغامدۇر.» پادىشاھ ئەيدى: «مەن ساڭا ئانىڭدىن ئوبدان ئاغادۇرمەن». دەپ قول سۇندى ئەرسە، ھەزرەتى سارە مۇناجات قىلدىلەر، ئىككى قولى قۇرۇدى، ھېچ قايان مىدراتالمادى...... ھەزرەتى سارە دۇئا قىلدىلەر، قولى ساقايدى ئەرسە، يەنە قول سۇندى، يەنە قۇرۇدى. بۇ تەرىقە ئۈچ مەرتەبە قولى قۇرۇپ، دۇئا قىلدىلەر، ساقايدى ئەرسە، پادىشاھ ھەزرەتى سارەگە بىر كەنىزەك بەردى، ئاتى ھاجەر ئەردى، بىر ياساۋۇل قوشتى ۋە ئەيدى: «بۇ مەزلۇمنى كەنىزەك بىرلە بۇرادەرىگە تاپشۇرغىل ۋە ئەيغىلكىم، مېنىڭ ھۆكمۇم يۇرۇيدىغان يەردىن ئالىپ چىقسۇن!» ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام قاشلارىغە كەلدىلەر، تېخى نەمازدا ئەردىلەر؛ نەمازدىن ياندىلەر. ھەزرەتى سارە ۋاقىئەنى بەيان قىلدىلەر...... ئەرتەسى سارە، ھاجەر بىرلە مىسىردىن شام تەرەفىگە، فەلىستىنگە كەلدىلەر. ئاندا ھېچ بىر ئادەم يوق ئەردى. ھەزرەتى سارە بىرلە ھاجەرنى ئولتۇرغۇزدىلەر. ئاندا سۇ ھەم يوق ئەردى. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام بىر قودۇغ قازدىلەر، سۇ چىقتى؛ بىر مۇنچە تەئاملەر بار ئەردى، تۈگەدى. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام سارەگە ئەيدىلەركىم: «سىزلەر مۇندا تۇرۇڭلار، مەن سىزلەرگە تەئام كەلتۇرەي» دەپ، بىر تاغار ئالىپ، بۇ شەھەرنىڭ ئاراسى خىلە بار ئەردى، بىر فەرسەڭ يول باردىلەر، باقتىلەركىم، پۇللەرى يوق ئەردى. ھەيران بولدىلەر، تەئام ئالماقنىڭ سۇرەتىنى تاپمادىلەر، ئاخىر تاغارغە قۇم ئالىپ كەلدىلەر. ھەزرەتى سارە يىراقدىن كۆرۈپ، ھەق تەئاللا رىزق بېرىپدۇر دەپ خوشھال بولدىلەر. بەس، ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئول تاغارنى كەلتۇرۇپ قويدىلەر، ھېچ دېمەي ئۇيقۇلاپ قالدىلەر. بەس، ھەزرەتى سارە ئەيدىلەر: «ئەي، ھاجەر قوپغىل، ئىبراھىم نىمە كەلتۇرۇپدۇر، كۆرگىل.» بەس، ھەزرەتى ھاجەر قوپۇپ، تاغارنى باقتىلەركىم، ھەزرەتى سارە، ھەزرەتى ھاجەر بۇغداي ئالىپ، يارمە تارتىپ، تەئام پىشۇرۇپ، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنى ئويغاتتىلەر. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئەيدىلەركىم: «نىمە يەيكىم، تەئام يوقدۇر» . ھەزرەتى ھاجەر ئەيدىلەر: «ئول كەلتۇرگەن بۇغدايدىن تەئام ئەتتۇك.» ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام قوپۇپ تاغارنى كۆردىلەركىم، جىق بۇغداي بولۇپدۇر. بىلدىلەركىم، خۇدانىڭ قۇدرەتى ۋە لۇتف كەرەمىدۇر. ھەزرەتى

ساره ھېچ دېمەي، ئۇل تەئامدىن يېدىلەر. كېيىن ئۇل بۇغدايدىن تارىدىلەر. ئۇل قۇدۇقنىڭ سۇيى ھەر تەرەفكە ئاقتى. ھەق تەئالا بۇغدايغە بەرەكەت بەردى. ھەزرەتى ئىبراھىمنىڭ مال - ئەمۋاللەرىنىڭ تېگى بۇ ئەردى. بەس، بىسيار بۇغداي جەمىئ بولدى. ھەر تەرەفدىن خەلق كەلدى، ئاشا ساتتىلەر؛ قوي - كالا، قۇل - دىدەك ئالدىلەر. خەلايىق ھەر تەرەفدىن يىغىلدى. ئاندا بىر كەنت قىلدىلەر. ئۇل بۇلاقنىڭ سۇيى چەندان ئارىقلار بولۇپ ئاقتى. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام بىر مەسجىد بىنا قىلدىلەر؛ نەچچە يىل ئاندا روزگار ئۆتكەردىلەر. ئانىڭ بىلە مۇئەتفىكاتنىڭ ئاراسى بىر كۈنلۈك يول ئەردى. ھەزرەتى ئىبراھىم ۋە لوت بىر - بىرلەرىدىن خەبەر تاپتىلەر. ئاندىن كېيىن، ئۇل خەلق ھەزرەتى ئىبراھىمغە جەۋر - ستەم قىلۇر بولدى ئەرسە، ھەزرەتى ئىبراھىم كۆچۈپ فەلىستىننىڭ بىر ھەددى قەت دېگەن يەرگە بارىپ ئولتۇردىلەر...... ئۇل قەتدە قارار تاپتىلەر؛ مال - ئەمۋاللەرى زىيادە بولدى. ئۇل كەنت ئىككى بايابان ئاراسىدا ئەردى...... ھەزرەتى لوت مۇئەتفىكات كەنتدە بولدىلەر. ئاندىن ئۆيلەندىلەر. ئۇل تائىفە ھەم بۇتپەرەست ئەردىلەر.

## نەمرۇدنىڭ ئۆلگەنى

ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئۇل نەمرۇدنىڭ شەھەرىدىن چىقتىلەر، ئۇل مۆئجىزە - كەرامەتلەر، ئۇل ئەجايىب ئىش - ئەلامەتلەرنى كۆردى؛ ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامدىن كۆرۈپ ئەردى. كۈندىن - كۈنگە كۇفرى تۇغيانى، كىبىر - ئۇنۇۋانى زىيادە بولۇر ئەردى. ئەيدىكىم: «ماڭا ئۇل ئارزۇ بولادۇركىم، ئاسمانغە چىقسا، ئۇل خۇداكىم مۇنچە قۇدرەتلىغدۇر، مۇنى كۆرسەم، نېچۈك نەرسەدۇر». ۋەزىرلەرى ئەيدى: «ئاسمانغە چىقىپ بولماس.» نەمرۇد ئۆزىچە تەدبىر قىلدى. بىر مۇنارە ئەتتۇردى...... ئۆزەسىگە چىقىپ ئاسمانغە قارادى، يىراق - يېقىنلىقدا ھېچ تەفاۋۇت كۆرمەدى. ھەيران بولۇپ يانىپ تۇشتى. تاڭلاسى ئۇل مۇنارە يىقىلدى ئەرسە، خەلق ئانداغ قورقتىلەركىم، ھەممە بىھۇش بولدىلەر. ئۆز تىللەرىدىن ياڭىلدىلەر؛ ئۇلارنىڭ تىلى سىريانى ئەردى، ھۇشلەرىغە كېلىپ ھەركىم بىر تىلدا سۆزلەدىلەر، ھېچكىم بىر - بىرىنى سۆزىنى ئاڭلامادىلەر؛

تا يەتمىش ئىككى تىلدا سۆزلەدىلەر. ئاندىن بارى ئالەمدە زەبانلەر مۇختەلىف بولدى …… . نەمرۇد مۇتەھەييىر بولدى…… . ئاندىن بۇيرۇدىكىم تۆرت كەركەسنىڭ تۆرت ئۇششاق بالالارىنى كەلتۇرۇپ ساقلادى. تا ئون يىل پەرۋەرىش قىلدى. چوڭ بولدى. ئاندىن بىر قەفەس ئەتتۇردى، ئانچەكىم ئىككى كىشى كىرىپ ئولتۇرغۇدەك، ئاڭا ئىككى ئىشىك ئەتتۇردى، بىرىنى ئاستىن تەرەفىدە، يەنە بىرىنى ئۇستۇن؛ ئانىڭ تۆرت بۇرجىغە تۆرت ئۇزۇن ياغاچنى مەھكەم قىلدى، ئول ياغاچلار ئۇچىغە گۆشت بەركىتتى. ئول كەركەسلەرنى ئۇچ كۇن ئاچ قويدى. ئاندىن بىر خاس كىشىلەرى بىرلە قەفەسكە كىرىپ ئولتۇردى. ئاستىنداقى ئىشىكنى ئەتتى. بۇيرۇدىكىم ئول تۆرت كەركەسنى قەفەسنىڭ تۆرت بۇرجىغە باغلادى ئەرسە، ئول كەركەسلەر گۆشتلەرنى كۆرۇپ ئۇچۇپ قەفەسنى ھەۋاغە كۆتەرىپ چىقتى…… . ئۇچ كېچە - كۇندۇز ئۆرلەدى، ئالەمنى قاراڭغۇلۇق كۆردى، نەمرۇد قورقتى. ئىشىكلەرنى ئەتتى. ھەمراھى بىرلە قوپۇپ، ئول گۆشت باغلاغان ياغاچلار ئۇچىنى تۆبەن قىلىپ بەركىتتى ئەرسە، كەركەسلەر ھەۋادىن تۆبەن يۇردىلەر …… . نەمرۇد يەرگە تۇشتى ئەرسە، قىلغان ئىشلەرىغە خەلقدىن خىجىل ۋە شەرمەندە بولدى. بەس، نەمرۇدنىڭ پادىشاھلىقى تۆرت يۇز يىلدىن ئۆتتى …… . ھەق تەئالا پاشالارنىڭ زەئىفراقىكىم، ئانىڭدىن ئاجىززراق پاشا بولماغاي، ئاڭا فەرمان قىلدى، تا نەمرۇدنىڭ ئۇستۇن لەبىنى چاقتى، ئاندىن ئاستىن لەبىنى چاقتى، لەبلەرى بىنەھايەت دەرد قىلدى. يەنە بىر كۇن كېلىپ بۇرنىغە كىردى، مىڭەسىگە باردى، ئاندا مەكان تۇتتى. مىڭەسىنىڭ قىنچىشىغە تاقەت قىلالمادى. ئاخىر بىر تۆمۇر چوماق ئەتتۇرۇپ قويدى، ھەركىم قاشىغە ئىلگەرى كىرسە، ئول چوماق بىرلە باشىغە بىر ئۇرار ئەردى. تولاراق ۋە قاتتىغراق ئۇرسا خوب كۆرەر ئەردى. تا تۆرت يۇز يىل بۇ ئەزابدا قالدى. چەندان مۇلۇكلەرى ھەم بار ئەردى. بەس، نەمرۇد ئۆلدى…… ئول مۇلۇك نەمرۇد تائىفەسىدىن بىرىگە قالدىكىم، ئاتى قۇببۇت ئەردى، نەمرۇدنىڭ تۇغقانلارىدىن ئەردى؛ يۇز يىل پادىشاھ بولدى، ئاندىن ئۆلدى. ئاندىن ئانىڭ ئوغلى سەكسەن يىل پادىشاھلىق قىلدى ئەرسە، مۇنىڭ ئوغلى يىگىرمە يىل بولدى. نەمرۇددىن كېيىن ئۇچ يۇز يىل ئانىڭ ئەۋلادى پادىشاھ بولدى. ئاندىن كېيىن جەھان ئەجەم پادىشاھلارى تەسەررۇفىدە بولدى.

# ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلامنىڭ تۇغۇلغانلىرى

ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئۇل قەتدە، سارە ۋە ھاجەر بىرلە مەكان تۇتتىلەر. ئەمۋال ۋە چەھارپايلارى، يەر - سۇ - زىرائەتلەرى بىنەھايەت تولا بولدى. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام، ھەزرەتى سارە تولا ئاززۇ قىلۇر ئەردىلەركىم ئوغۇل تاپغايلەر. چەندان يىللار ئۆتتى، فەرزەندلەرى بولمادى. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام نەزر قىلدىلەركىم، ئەگەر ئوغۇل تاپسام ئانى خۇدا يولىدا قۇربانلىق قىلغايمەن. بەس، سارە ھەزرەتى ئىبراھىمغە ئەيدىلەركىم: «سىبنىڭ مەندىن فەرزەندىڭ بولمادى، ئاخىر، ئىختىيار قىلساڭ، ھاجەرنى ساڭا بەردىم»، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ھاجەرنى ئالدىلەر. ئۇل خۇشروي ۋە ياش ئەردىلەر. ھەزرەتى ئىسمائىلنى تۇغدىلەر. ئىسمائىل ئەرەبدۇر، ئىبران تىلىدە ئەشمۇئىلدۇر. بەس، بىر يىل بولدى ئەرسە، ھەزرەتى سارەنىڭ رەشكلەرى كەلدى. تاقەت قىلالماي ئاند ئىچتىلەركىم: «مەن ھاجەرنىڭ ئەئزالەرىنى كەسمەسەم» دەپ. بەس، ھەزرەتى سارە ئەندىشە قىلدىلەر «قايسى ئەزاسىدىن كەسكەيمەن. ئەگەر ئىلىك - ئاياغى يا بۇرۇن - قۇلاغىدىن كەسسەم زىيادە گۇناھ بولۇر» دەپ قورقتىلەر. خۇداي تەئالا فەرجىدىن كەسمەكنى كۆڭۈللەرىگە سالدى. بەس، بىر مۇنچە كەستىلەر، تاكىم شەھۋەتلەرى كەم بولدى. ھەق تەئالا ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامغە ھەم خەتنە قىلماقنى ۋاجىب قىلدى، ئۇلار ھەم خەتنە قىلدىلەر. خەتنە قىلماق ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامدىن سۇننەت قالدى. ئەمما ئەر كىشىگە ۋاجىبدۇر، چۇنكى غۇسلە قىلغاندا خەتنەگاھىغە سۇ يەتمەي جۇنۇبى ناپاك قالۇر؛ تىرناق ئالماق ھەم بۇ ۋەجھەدىندۇر. مەزلۇم كىشىگە ۋاجىب ئەمەس، سۇننەتدۇر. چۇنكى، مەزلۇم كىشىنى خەتنە قىلسا، شەھۋەتى ۋە ئەر كىشىگە مەيلى - رىغبەتى كەم بولۇر؛ مەزلۇم كىشىنىڭ شەھۋەتكە مەيلى ئون بەرابەر ئەر كىشىدىن زىيادەدۇر. بۇ ۋەجھەدىن ھەزرەتى سارە ھەزرەتى ھاجەرنى خەتنە قىلدىلەر...... بەس، ھەزرەتى سارە ھەزرەتى ھاجەر بىرلە بىر يەردە بولماقغە تاقەت قىلالمادىلەر؛ ئىبراھىم

ئەلەيھىسسەلامغا ئېيتتىلەر: «مەن ھاجەر بىرلە بىر يەردە بولماقتىن قورقارمەنكىم، مەندىن يەنە بىر ئىش ئۆتكەي...... بەس، بۇ ھاجەرنى بالاسى بىرلە بىر يەرگە ئېلىتىپ قويغىل»، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ھاجەر بىرلە ھەزرەتى ئىسمائىلنى بىر ئېشەككە مىندۈرۈپ ۋە يەنە بىر مۇنچە تەئام، بىر تۇلۇمدا سۇ ئۇلاغدا قويدىلەر. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام بايابانغا يۈزلەندىلەر. بەس، ھىجاز تەرەفىگە يۈردىلەر، مەككە يېرىگە يەتتىلەر. كۆردىلەركىم ھەممە تاغ - تۈز ۋە بايابان، نە سۇ بار، نە ئىمارەت، نە ئادەم، نە گىياھ...... ھاجەرنى ئېشەكدىن تۈشۈردىلەر ئۇل يەرگە. ھالاخانەئى كەئبە ۋە چاھى زەمزەم ئاندادۇر. ھەزرەتى ئىسمائىلنى ئالىپ قوچاقلارىدە قويدىلەر، ئۇلار ئىككى ياشىدا ئەردىلەر. ئۇل تەئامنى مىشەكدەكى سۇنى ئالىپ قويۇپ ياندىلەر...... ئۇل سۇلەرى تۈگەدى. ھەزرەتى ھاجەر تەشنا بولدىلەر. قوپۇپ كۇھى سەفاغە چىقتىلەر، ھېچ ئادەم ۋە ئابادانلىق كۆرۈنمەدى؛ ئاندىن تۈشۈپ كۇھى مەرۋەگە چىقتىلەر، تەمامى ئالەم دەشت، ھېچ ئادەم كۆرۈنمەدى. ئاندىن يانىپ، يەنە كۇھى سەفاغە چىقتىلەر. بۇ تەرىقەدە يەتتە مەرتەبە تاغلارغە چىقىپ تۈشتىلەر. ھېچ نەرسە كۆرۈنمەدى. ھەزرەتى ئىسمائىل تەشنالىكدىن يىغلاپ، ئاياغلارىنى يەرگە ئۇردىلەر، ئانداغكى گۆدەكلەر ئادەتىدۇر. بەس، ئاشۇقلەرى يەرگە تەگدى ئەرسە، ئاندىن بىر بۇلاق جارى بولدى. بەس، ھەزرەتى ھاجەر ھەزرەتى ئىسمائىلنىڭ يىغلەرىنى ئىشتىپ تاغدىن تۈشتىلەر، ھەزرەتى ئىسمائىل قاشلەرىغە كەلدىلەر. كۆردىلەركىم سۇ چىقىپدۇر، ئاقىپ بارۇر. بىسيار شاد بولدىلەر. دەرھال، سۇ زايىئ بولماسۇن دەپ، چۆگرەسىگە تۇفراق يىغىپ بەركىتتىلەر ئەرسە، سۇ توختاپ تۇردى...... ھەزرەتى ئىسمائىل بەش ياشىدا ئەردىلەر، ھەزرەتى ئىسھاق ۋۇجۇدغە كەلدىلەر. ھەزرەتى ئىسھاق مۇندا ئون ياشغە يەتكەندە، ئاندا ھەزرەتى ئىسمائىل ئون بەش ياشار ئەردىلەر. ھەزرەتى ھاجەر قەزا بولدىلەر.

بەس، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھىسسەلام ئۇلارغە خۇشخەبەر ئېيتتىلەركىم، سارەدىن بىر ئوغۇل تاپارسەنكىم، ئاتى ئىسھاقدۇر، ئاندىن كېيىن بىر ئوغۇل بولۇر، ئاتى يەئقۇپ ۋە ئانىڭ نەسلىدىن بىسيار پەيغەمبەرلەر زۇھۇر قىلۇرلەر. ھەزرەتى سارەنىڭ كۆلكۇسى كەلدى. ئېيتتىلەر: «ئۇل خاتۇنكىم پىر بولغاي، كۇيۈسى ھەم پىرى سەپىد بولغاي،

بۇلاردىن فەرزەند بولماقى نېچۇكدۇر! » . چۈنكى، سارە يەتمىش ياشقا كىرگەن بولسا، هەزرەتى ئىبراهىم ئون بەش ياش ئۇلۇغ ئەردىلەر......

# هەزرەتى ئىبراهىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيهىسسەلام خانەئى كەئبەنى بىنا قىلغان زىكرلەرى

ئانداغ خەبەر بېرىپ زاهىر قىلدى: ئىبراهىمغە خانەئى كەئبە ئورنىنى ۋە ئاڭا بىنا قىلماقغە فەرمان قىلدى. ئانداغكى ئادەم ئەلەيهىسسەلامغە بەيتىل - مەئمۇرنى ئەتا قىلدى، تاكىم تەمامى ئەۋلادلەرى تا هەزرەتى نوھ ئەلەيهىسسەلامنىڭ توفانلەرىغىچە، ئول ئۆيىنى تەۋاف قىلۇر ئەردىلەر. هەق تەئالا ئىرادە قىلدى ئىبراهىم ئەلەيهىسسەلامغە هەم بىر ئۆي بىنا بولغاي ۋە ئۇلارغە بۇ ئۆي فەخر - سەنەد بولغاي...... ئىسمائىل ئەلەيهىسسەلام ئول ۋەقتدە ئۆيلەنگەن ۋە فەرزەندلەرى بولغان، مەككەدە ۋەتەن تۇتۇپ ئولتۇرغان ئەردىلەر...... .

بەس، ئىبراهىم ئەلەيهىسسەلام بىر تاغقە كەلدىلەر...... ئىبراهىم ۋە ئىسمائىل ئەلەيهىسسەلام ئۆي ئەتكەلى تۇردىلەر...... ئول تاغلاردىن تاش كەلتۇرۇپ، خانەئى مۇئەززەمنى بىنا قىلدىلەر...... . هەق تەئالا ...... ئىبراهىم ئەلەيهىسسەلامغە ئەركانى هەجنى تەئلىم بەردى، ئانداغكىم، ئىهرام باغلاغىل، كۇهى مىناغە، ئەرەفاتغە چىققىل؛ ئاندا تاش ئاتغىل، قۇربانلىق قىلىپ ئىهرامدىن چىققىل. ئىبراهىم ئەلەيهىسسەلام هەج تەۋاف قىلدىلەر، قۇربانلىق قىلدىلەر. خانەئى كەئبەنى ئىسمائىل ئەلەيهىسسەلامغە تاپشۇرۇپ، ئەيدىلەر: «ئەي فەرزەند! بۇ سېنىڭ ئەۋلادلەرىڭنىڭ مەكانىدۇر تا قىيامەتكىچە.» ئاندىن ئۆزلەرى ئەتراف - جەۋانىب، شام، يەسرىبلەرنى سەير قىلىپ بەيابانىنى كۆردىلەركىم، هەممە تاغ - تاش، نەسۇ بولغاي نە مەئاش، نە سەبزە، نە ئافتاب تابىشىغە سايە ۋە پەناھ بولغاي...... . ئىبراهىم ئەلەيهىسسەلام ئاندىن كېيىن شامغە ياندىلەر، هەر يىل هەج مەۋسۇمىدە ئىسهاق ئەلەيهىسسەلام بىرلە كېلىپ، هەج تەۋاف قىلىپ، ئىسمائىل ئەلەيهىسسەلامنى كۆرۈپ يانار ئەردىلەر. تا نەچەند يىل بۇ تەرىقە روزگار

ئۆتكەزدىلەر. ۋەقتىكى، ھەزرەتى سارە يۈز ئوتتۇز ياشقا كەلدىلەر ئەرسە، فەنا گۈلەخنىنى تاشلاپ، بەقا گۈلشەنىغە رىھلەت قىلدىلەر...... ۋە يەنە ئەيتىپدۇرلەر: ئىسھاق ئەلەيھىسسەلام ھەزرەتى سارەنىڭ ھەياتلەرىدە بىر خاتۇن ئالدىلەر، قەيفا ئاتلىغ؛ ئانىڭدىن ئىككى ئوغۇل تاپتىلەر، بىرى ئەيس ۋە يەنە بىرى يەئقۇب...... ھەزرەتى سارە شامدا ۋەفات تاپتىلەر. ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام يەر ساتىپ ئالىپ دەفن قىلدىلەر...... ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ھەزرەتى سارەدىن كېيىن زەمىنى كەنئاندىن بىر خاتۇن ئالدىلەر، يەقتەرنىڭ قىزى قۇتۇر ئەردى. ئانىڭدىن ئالتە ئوغۇل بولدى، بۇلارنىڭ ئاتى: بورا، زۇمران، مەدىن، ئەسبەق، سودەم...... ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلام ۋە ئىسھاق ئەلەيھىسسەلام بىرلە سەككىز بولدىلەر. بۇلاردىن فەرزەند بىسيار بولدى، ئالەمگە فەراكەندە بولدىلەر......

ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ئىككى يۈز ياشدا ئەردىلەر، بەئزىلەر يۈز يەتمىشدە ھەم دەپدۇرلەر...... بەس، مەلەكۇل مەۋت ئول ۋەقتدە جانلەرىنى قەبز قىلدىلەر. ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىسسەلام غۇسل قىلىپ، نەماز ئۆتەپ، سارەنىڭ يانلەرىدە دەفن قىلدىلەر.

## ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلامنىڭ زىكىرلەرى

بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام ۋەفات بولغانلەرىدە، ھەزرەتى ئىسمائىل مەككەدە ئەردىلەر. ۋەفاتلەرىنى ئىشتىپ، مەككەدىن زەمىنى شامغە كېلىپ، ئاتالەرىنى زىيارەت قىلدىلەر...... ئاندىن ھەر يىل كېلىپ ئاتالەرىنى زىيارەت قىلىپ يانار ئەردىلەر. ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلام مەككەدە بىر خاتۇن ئالغان ئەردىلەركىم، جۇرھەم قەبىلەسىنىڭ ئۇلۇغىنىڭ قىزى ئەردى، ئاتى مەساس بىنتە ئەممە ئەردى. ئانىڭدىن ئون ئىككى ئوغلانلەرى بولدى. بۇلارنىڭ ئاتى: سابىت، قەيدا (قەيزەر)، زەبۇل، مەسمەئ، ساماس، ئازەر، قۇتۇر، ئاقەس، يەلدا، فەھا...... يەمەننىڭ مەغرىب تەرەفىدە بىر تائىفە فىرئەۋنلەر بار ئەردى. ئىمالىقدىن ھەزەرموتغە ھەم

بۇتپەرەست ئەردىلەر...... ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلام ئۇلارنى ئىمانى ئىسلامغە تەكلىپ قىلدىلەر ئەرسە، ئۇلار ئىمان كەلتۇردىلەر. ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلام ئۇلار ئاراسىدا ئەللىك يىل بولدىلەر...... ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلام يۈز ئوتتۇز يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. ئاخىر ئۆمۈرلەرىدە مەككەگە ياندىلەر. بىر قىزلەرى بار ئەردى، ئانى ئەبەسغە نىسبەت قىلدىلەر ۋە ئانىڭ بىرلە ئۆز مەكانىغە ئىبەردىلەر. ئۆزلەرى مەككەدە تۇردىلەر. كىيىنكى يىلدا ۋەفات بولدىلەر. فەرزەندلەرى مەككەدە ھەزرەتى ھاجەرنىڭ يانلەرىدە دەفن قىلدىلەر. فەرزەندلەرىدىن سابىت ۋە قەيزەرنى مەككەدە ئولتۇرغۇزدىلەر. ئەرەب ۋە زەمىنى ھىجاز خەلقى بۇ ئىككىسىنىڭ ئەۋلادى. ئۆزگە فەرزەندلەرى شام، يەمەن، مىسىر ۋە مەغرىب باردىلەر، ئەۋلادى نەسىللەرى ئاندا بىسياردۇر.

# ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىسسەلامنىڭ زىكرلەرى

ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلامدىن كېيىن ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىسسەلام پەيغەمبەر بولدىلەر...... بىر كۆجەلەرى بار ئەردى، كەنئان سەردارىنىڭ قىزى ئەردى. ئانىڭدىن ئىككى ئوغۇللەرى بار ئەردى، بىرى ئەيس، يەنە بىرى يەئقۇب. ئەيس ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىسسەلامنىڭ قىزلەرىنى ئالدى ئەرسە، ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىسسەلام ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامغە ئەيدىلەر: «ئەي ئادەم ئوغلى، ئاغاڭ ئاتاسى بىرلە بىر تۇغقانىنىڭ قىزىنى ئالدى. سەن كەنئاندىن ئاناڭ بىرلە بىر تۇغقانىنىڭ قىزىنى ئالغىل.» دىدىلەر...... بەس، ئەيسنىڭ ئەۋلادى ئانچە تولا بولدىكىم، تەمامى كەنئانغە، دەريا لەبىگە تولدى. ھەممەئى مەغرىب زەمىنى ۋە ئىسكەندەرنى ئەيسنىڭ نەسلى تۇتتى. ئانىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى روم ئاتلىغ، بۇ روم ئول يەردە مەكان تۇتتى، ئول بىسيار كەڭرۇ - ۋەسىئ يەر ئەردى. بۇ رومنىڭ فەرزەندلەرى ئول يەرنى تەمام تۇتتىلەر. ئول روم سارىغشىن كىشى ئەردى. بۇ ۋەجھىدىن ئەرەبلەر روم خەلقىنى «بەنىيۇل ئەسفەر» دەرلەر. بەس، ئىسھاق ئەلەيھىسسەلام يۈز ئاتمىش يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. ئاندىن خۇدانىڭ رەھمىتىگە ئۇلاندىلەر. ئەيس ئۇلارنى ھەزرەتى سارە ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلام يانلەرىدە

قويدىلەر.

# فەسلى دەستان
# ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامنىڭ زىكرلەرى

بەس، ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىسسەلام ۋەفات بولدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامغە ۋە ھەم - قورقۇنجى پەيدا بولدىكىم، ئەيس بۇلارنى ئۆلتۈرگەي. بەس، كۈندۈز پىنھان بولدىلەر، كېچە چىقتىلەر، تا بىر يىل بۇ مىنۋالدە ئۆتتى ئەرسە، ئاندا بولمادىلەر. ئانالەرى ئەيدىكىم: «مىنىڭ بۇرادەرىم ئولىيان شامدا بىسيار دەۋلەتمەند ۋە ئۇلۇغدۇر. ئاتاڭ ھەم ئانىڭ قىزىنى ئالغىل دەپ ئەردى، ئاندا بارغىل؛ ئەگەر قىزىنى بەرسە ئالغىل، ئەگەر بەرمەسە ھەم جانىڭدىن ئەمىنرەك ئاندا بولغايسەن». بەس، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلام كېچە چىقىپ كەتتىلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامنى ئەرەب بۇ ۋەجھدىن «بەنى ئىسرائىل» دەرلەر. چۈنكى ئەرەب كېچە يۈرگەننى «ئەسىر» (ئىسرا) دەرلەر؛ كۈندۈز يۈرگەننى «سەير» ئاتارلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلام ئول بۇرادەر خالەلەرى قاشىغە باردىلەر ۋە ئاندا بولدىلەر. ئانىڭ ئىككى قىزى بار ئەردى. بىرىنىڭ ئاتى لەيان، بىرى راھىل ئاتلىغ. راھىل كىچىك ۋە خۇشرۇي ئەردىلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلام ئۇلارنى ئالۇر بولدىلەر. ئەيدىلەركىم: «ئەي ئولىيان، ئاتام ۋەسىيەت قىلىپ ئەردىلەر، سىنىڭ قىزىڭنى ئالغايمەن.» ئەيدىلەركىم: «ئەي ئوغلۇم، قانچە ئەمۋالىڭ بار؟ مەن ساڭا قىزىمنى ساڭا بەرگەيمەن؟» ھەزرەتى يەئقۇب ئەيدىلەركىم: «ئەي بۇرادەر، مىنىڭ ئەمۋالىم يوقدۇر، مىنى قوي باقغالى ئىجارىگە ئالساڭ، تاكىم ئول ئەجرەگە يىغىلىپ قىزىڭنىڭ ھەققى كەبى ئول بولغاي». ئولىيان قەبۇل قىلدى؛ ئەيدىلەر: «قايسى قىزنى ئالۇرسەن؟». ھەزرەتى يەئقۇب ئەيدىلەر: «راھىلنى». ئولىيان يەتتە يىل قوي باقىشنى شەرت قىلدى. ھەزرەتى يەئقۇب قوي باقىپ، يەتتە يىل تەمام بولدى. ئول قىزنى كېچە ھەزرەتى يەئقۇب ئۆيلەرىگە كەلتۈردىلەر. كۆردىلەركىم راھىلە ئەمەس. ھەزرەتى يەئقۇب ئولىيان قاشىغە باردىلەر، ئەيدىلەركىم: «مەن راھىلەنى ئالۇر ئەردىم». ئولىيان ئەيدى: «ئەي ئوغلۇم، مەن خەلقدىن نامۇس قىلۇرمەنكىم، ئۇلۇغى تۇرۇپ، كىچىكىنى كۈيۈگە بەرگەيمەن، خەلقلەر مىنى ئەيب قىلۇرلەر.

ئەگەر خاھلاساڭ، يەنە يەتتە يىل قوي باقىسىل، راھىلەنى ھەم ساڭا بېرەي.» بۇ ئىككى بىر تۇغقاننى ئالماق ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسەلامنىڭ شەرىئەتلىرىدە رەۋا ئەردى، تا موسا ئەلەيھىسسەلام ۋەقتلەرىغىچە؛ ئۇلارنىڭ ۋاقتلەرىدە ھەرام دەپ ۋەھى كەلدى: «تورات» دە ھەم بۇ ھۆكۈمدە ئەردى؛ بىزنىڭ «قۇرئان» دە ھەم ئىككى بىر تۇغقاننى نىكاھىدا جەمئ قىلماڭلار دەپ نەھى نازىل بولدى. بەس، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلام يەتتە يىل قوي باقتىلەر. ئۇليان ئەيدىكىم: «ھەر ئىككى قىزىمغە بولۇر، ئاڭا ياخشى ئىش قىلاي». بەس، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامغە بىسيار ئەمۋال ۋە قوي بەخش قىلدىلەر. ھەر ئىككى قىزلەرى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۆيلەرىدە بولدىلەر. بۇلارنىڭ مال - ئەمۋاللەرى ئۇلاردىن تولا بولدى. يەنە يەتتە يىل ئاندا بولدىلەر. ئۇلۇغ كۆجىلەرىكىم، ئۇلاردىن ئالتە ئوغۇل بولدىكىم: روبىل، شەمئۇن، يەھۇدا، لاۋى، سالون، سىھرا؛ راھىلدىن نەچەند يىللەر ئۆتتى، ھىچ فەرزەند بولمادى. راھىلىنىڭ كەنىزەكى بار ئەردى خۇشرۇي. ئۇلارنى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامغە بەخش قىلدى، ئەيدى: «مەندىن ھىچ فەرزەنتىڭ بولمادى». بەس، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامنىڭ زۇلفەدىن ئىككى ئوغۇللەرى بولدىلەر. يەنە بىر كەنىزەكلەرى بار ئەردى، ئۇلەردىن ئىككى ئوغۇل تاپتىلەر. بەس، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئون ئوغلانلەرى بولدىلەر. راھىلە بىر ئوغۇل تۇغدىلەر، ئاڭا يۇسۇف ئات قويدىلەر. ئوغۇللەرى ئون بىر بولدى. ھەزرەتى يۇسۇف بىسيار خۇشرۇي ئەردىلەر، ئۇلەرنى ئۇلۇغ تۇتار ئەردىلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس① يىگىرمە يىل شامدا بولدىلەر. مال - ئەمۋاللەرى بىسيار بولدى. ئارزۇ قىلدىلەر كەنئانغا يانغايلەر. ئانالەرى ئاندا قالىپ ئەردى، ئۇلەرنى ھەم كۆرگەيلەر. بەس، ئوليانديىن رۇخسەت تىلەدىلەر، ئۇلەر ھەم رۇخسەت بەردىلەر ۋە مال - ئەمۋال ھەم بەردى. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-م مال - ئەمۋال، زەن - فەرزەندلەرىنى ئالىپ كەنئان تەرەفىگە يۈردىلەر. ئەمما ئەيسىدىن②ھەم ۋەھم قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-م كەنئانغە ئىككى كۈنلۈك يول قالغاندا، بىر يەرگە تۈشتىلەر ئەيس (غەيز) ھەم شىكارغە چىقىپ ئول يەرگە يەتكەن ئەردى. يىراقدىن قويلارنى كۆرۈپ، خەبەر ئالاي دەپ كەلدى. ھەزرەتى

---

① ئەلەيھىس-ئەلەيھىسسەلامنىڭ قىسقارتىلمىسى.

② ئەيس-يۇقۇرىدە «عيص» دەپ يېزىلغان، بۇ يەردە بىر قانچە يەردە «عيص» (غەيز) دەپ يېزىلغان.

يەئقۇب ئەلەيھەس ئانى يىراقدىن كۆرۈپ تانۇدىلەر، ئۆزلەرىنى خەلقنىڭ ئارقاسىدا پىنھان قىلدىلەر. ئەيدىلەركىم: « ئەگەر ئول كىمەرسە كېلىپ سورسالەر ئەيغىل: سىنىڭ بىر قويچى خىزمەتكارىڭ بار ئىكەن، شامدا يەئقۇب ئاتلىغ، ئول قويلارىڭنى كەلتۇرۇپدۇر، بۇ قوي سىنىڭدۇر» . بەس، ئەيس يېتىپ كەلدى، قويچىدىن سورادىكىم: «بۇ قويلار كىمنىڭدۇر؟» . قويچى ئول تەرىقە جەۋاب بەردى ئەرسە، ئەيس ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. نىڭ ئاتلەرىنى ئىشتىپ، كۆزلەرىدىن ياش رەۋان بولدى ۋە بىسيار ساغىنىپ ئەردى، ئەيدى: «يەئقۇب ئەيسغە قويچى ۋە خىزمەتكار بولغۇچى كىشى ئەرمەسدۇر، ئەيسنىڭ بۇرادەرىدۇر، ئەيسدىن شەرافەتلىك ۋە ئۇلۇغدۇر» . ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھەس ئەيسدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، قوپۇپ مۇلاقەت بولۇپ، شەھەرگە كىردىلەر. ئاندا بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، راھىلە بىر ئوغۇل تۇغدىلەر، ئاڭا بۇنيامىن ئات قويدىلەر. راھىلە بۇ تۇغۇتىدا ئۆلدىلەر. بۇنيامىن راھىلەنىڭ ھەمشىرەسىنىڭ قولىدا قالدىلەر.

بەس، يەئقۇب ئەلەيھىس ھەق تەئالا پەيغەمبەرلىك بەردى، ئول خەلق ئۆلارغە ئىمان كەلتۇردىلەر. بەس ئەيس (غەيز) بىلدىلەركىم، ئەمدى مۇندا تۇرۇپ بولماس. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسغە ئەيدىلەر: «سىزلەر چەندان يىل غۇربەتدە ئەردىلەر، مەن مۇندا ئەردىم. ئەمدى مەن غۇربەتنى ئىختىيار قىلدىم. سىزلەر بۇ خەلقغە پەيغەمبەردۇرلەر، مۇندا بولماق لازىمدۇر.» دەپ چىقىپ، بىر يەرگە باردىلەر، ئاندا ۋەتەن تۇتۇپ، ئاندا ئۆلدىلەر. ئوغلى ئاندا جاي - مەكان قىلدى، ئۆلار نەسلى ئاندا تولا بولدى. ئاڭا روم ئات قويدىلەر، ھالاھەم روم ئولدۇر. ئانىڭ ئەۋلادىدىن ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھىس. دىن ئۆزگە پەيغەمبەر بولمادى. ئۆزگە پەيغەمبەرلەر ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھەس نىڭ ئەۋلادلەرىدىندۇر.

## فەسلى دەستان
## ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ زىكىرلەرى

... ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. كەنئاندا بولدىلەر. ئوغلانلەرى ئون ئىككىگە يەتتى. ھەممەدىن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. خۇشرۇي ۋە ياخشى سىيرەتلىك ئەردىلەر. بەش ياشلەرىدە ئانالەرى ۋەفات بولغان ئەردىلەر.

بۇرادەرلەری بۇنيامىن شىرخور ئەردىلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. نىڭ بىر سىئىللەری بار ئەردىلەر، ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىس. نىڭ فەرزەندلەرىنىڭ ھەممەسىدىن ئۇلۇغ ئەردىلەر. بىر كۈن ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. ئۆيلەرىگە كەلدىلەر. ھەممە فەرزەندلەرىنى كۆردىلەر. بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. غە مىھرۇ مۇھەببەتى ئۆرلەدى. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. ئەيدىلەركىم: «ئەي بۇرادەر، سىنىڭ چەندان فەرزەندلەرىڭ باردۇر، ھەممەسىگە بۇ ھەمخانەڭ پەرۋەرىش قىلماس. بىر فەرزەندىڭنى ماڭا بەرگىل، فەرزەندىم يوقدۇر». ئەيدىلەركىم: «ھەر قايسىنى خاھلاساڭ ئالىپ بارغىل.» بەس، ئول مەزلۇم ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. نى ئالىپ باردىلەر. بىسيار ياخشى ئاسراپ پەرۋەرىش قىلۇر ئەردى. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس ساغىنسالار ئول سىئىللەرىنىڭ ئۆيلەرىگە بارىپ، كۆرۇپ يانار ئەردىلەر. تاكىم ئون ئىككى ياشغە كەلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. نىڭ مۇھەببەتلەری زىيادە بولدى. سىئىللەرىغە بارىپ ئەيدىلەركىم: «يۇسۇفنى ماڭا ئىبەرگىل، ئانىڭسىز بولماقىم مۇشكۇلدۇر.» دەپ بىسيار تەڭ قىلدىلەر. سىئىللەری ئەيدىلەركىم: «بىر ھەفتە سەبر قىلغىل، ئاندىن كېيىن ساڭا ئىبەرگەيمەن.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. قەبۇل قىلىپ ياندىلەر. ئول سىئىللەرىنىڭ ئاتلەری ئەليا ئەردى. ئۇلار شەرىئەتلەرىدە، ھەركىم ئوغرىنى تاپسە، ئول ئوغری مال ئىگەسىگە بولۇر ئەردى. بەس، ئەليا ھەزرەتى ئەلەيھىس. غە ھىلە قىلدىلەر. ئانداغكىم، ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىس. مىدىن قالغان بىر كەمەند بار ئەردى. ئول ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىس. نىڭ ئەردىلەر، ئۇلەردىن ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىس. قالغان ئەردى. ئەيتىپدۇرلەركىم زەبىھ قىلغان ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىس. دۇرلەر. چۈنكىم ئول كەمەربەندنى قۇربانلىق قىلغان كۈنى ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىس. ھەمراھ ئەردى. ئىلىك - ئاياغلەرىنى باغلاردا، ھىچ نەرسە تاپمادىلەر. ئول كەمەربەند بىرلە باغلاپ، ئۇلەردىن قالىپ ئەردىلەر. ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىس. دىن ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھىس. ئول كەمەربەندنى تەبەررۇك بىلىپ ئۇلۇغ تۇتار ئەردىلەر. فەرزەندلەرىدىن قايسى ئۇلۇغ بولسە، ئۇلەر ساقلار ئەردىلەر. بەس، ئەليا ئىسھاق ئەلەيھىس. نىڭ ئۇلۇغ فەرزەندلەری ئەردىلەر. ئول كەمەربەندنى ساندۇغقە سالىپ يىغار ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى يۇسۇف

ئەلەيھىس. نى ۋەئدە قىلغان كۈنى ئىبەرۈر بولدىلەر. ئۇل كەمەربەندنى ئىگىنلەرى ئىچىدىن بەللەرىگە باغلاپ ئىبەردىلەر. ئەيدىلەركىم: «ھىچ كىشىگە ئېيتماغىل.» ئاندىن كېيىن ئەليا ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. نىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر، ئەيدىلەركىم: «ئۇل ئابا ۋە ئەجداددىن قالغان تەبەررۇك كەمەربەندنى ئوغرى ئالىپدۇر.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. پەرىشان بولۇپ، ئەيدىلەر: «ھەر كىمنىڭ ئۆيىنى ئىزدەگىل!» بەس، تەمامى خەلقنى ئىزدەدىلەر، تاپمادىلەر. ئەليا ئەيدىلەركىم: «يۇسۇف كىچىك ـ گۆدەك، ئۇل نە بىلسۇن!» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. ئەيدىلەركىم: «ئەلبەتتە ئانى باقىڭلار!» بەس، باقىپ، ئۇل كەمەربەندنى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. نىڭ بەللەرىدىن تاپتىلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. خىجىل بولدىلەر. ئەليا ئەيدىلەركىم: «بۇ ئوغۇل دوزلۇق قىلىپدۇر، ھىچ چارە يوقدۇركىم، ئىككى يىل ماڭا بەندەلىك قىلسۇن.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. قەبۇل قىلدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. يەنە ئىككى يىل ئەليا قاشىدا بولدىلەر. بۇ ئىككى يىلدا ئەليا ئۆلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. ئۆيلەرىگە ئالىپ كەلدىلەر، ھەممە فەرزەندلەرىدىن ئۇلۇغ تۇتار ئەردىلەر. بۇرادەرلەرى ھەسەد قىلۇر ئەردىلەر. بىر كۈن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. ئاتالەرىغە ئەيدىلەركىم: «ئەي ئاتا، مەن بىر تۈش كۆرۈپدۇرمەن. ئون بىر يۇلتۇز، ئافتاب ۋە ئاي ئاسماندىن تۈشۈپ ماڭا سەجدە قىلدىلەر». يەئقۇب ئەلەيھىس. بۇ تۈشنىڭ تەبىرىنى بىلىپ ئەردىلەر: «ئەي ئوغلۇم، بۇ تۈشۈڭنى بۇرادەرلىرىڭگە ئەيتماغىل، ئۇلار ساڭا بىر مىكر قىلغايلەر». ئاندىن كېيىن، ئۇل تۈشلەرىگە تەئبىر بەردىلەر، ئانداغكىم: «سېنى ھەق تەئالا بارچەدىن ئىلغاپ رەھمەتىغە خاس قىلۇر، تەئبىر ئىلمىنى ساڭا تەئلىم بېرۇر، ھەممە نېئمەتلەرىنى ساڭا تەمام قىلۇر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. نىڭ ئەۋلادلەرى ھەممە ساڭا تابىئ بولۇر، ئانداغكى ئاتالەرىڭ ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ئەلەيھىس. غە تەمام قىلغان ئەردى». بەس، بۇ ۋاقىئە ئاغىزدىن ئاغىزغە يايىلدى، بۇرادەرلەرىگە ئىشتىلدى؛ تۈشكە ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. نە تەرىقە تەئبىر ئەيتىپدۇرلەر ئانى بىلدىلەر ئەرسە، غەم ـ ئەندۇھى زىيادە بولدى. ئەيدىلەركىم: «يۇسۇف، بىننى يەمىن ئاتامىز ئالدىدا ئۇلۇغ ۋە قەدىرلىغدۇر، بىزدىن زىيادە دوست تۇتادۇرلەر. بىز مۇڭا بىر تەدبىر

قىلغايمىز؛ ئۇل بىردۇر، بىز ئۇن كىشىدۇرمىز. ئانى ئۆلتۈرەلى يا يىراق يەرگە تاشلايلى، ئاتامىز ئانى كۆرەلمەگەي، ئاندىن كېيىن تەۋبە قىلغايمىز، ئاتامىزنىڭ خىزمەتىدە فەرمانبەردار بولغايمىز. بەس، خۇداي تەئالا گۇناھلەرىمىزنى ئەفۇ قىلغاي؛ سالىھلاردىن بولغايمىز.» بۇلار ئاراسىدا يەھۇدا ھەممەدىن ئۇلۇغ ئەردىلەر ۋە ھەممەلەرى ئۇلارنىڭ فەرمانلەرىنى تۇتار ئەردىلەر، ئۇلارنىڭ سۆزلەرى بىرلەن مەسلەھەت قىلۇر ئەردىلەر. ئۇل ئەيدىلەركىم: «يۇسۇفنى ئۆلتۈرمەگىلار، كىشى ئۆلتۈرمەك ئۇلۇغ گۇناھدۇر. ئانى يولغە ياۋۇق قۇدۇغقە سالىڭلار، تا كارۋانغە يولۇقۇپ يەنە بىر شەھەرگە ئالىپ كەتكەي». ھەممەلەرى مۇڭا ئىتتىفاق قىلدىلەر. ئاتالەرى قاشىغە كېلىپ، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس.نى سەھراغە ئالىپ بارماقغە تىلەدىلەر. بۇلارنىڭ بىر فەرسەڭ يەردە ماللەرى بار ئەردى. بىر كۇن ئاندا چىقىپ، سەيد قىلىپ، ئوق ئاتىشىپ، ئاخشامغە ئۆيگە كېلۇر ئەردىلەر. ئاتالەرى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس.نى ئۇلار بىرلە چىقارماس ئەردىلەر. بەس، ھەممەلەرى جەمئ بولۇپ ئىجازە تىلەدىلەر. يەھۇدا ھەممەدىن گۇستاخ ۋە دەلىر ئەردىلەر. ئەيدى: «ئەي پەدەر، نەۋاقىئدۇر، بىزدىن يۇسۇفغە ئەمىن بولماسسەن ۋە بىزنىڭ بىرلە چىقارماسسەن؟! بىز ئانى ئوبدان ساقلاغۇچىدۇرمىز. تاڭلا بىزنىڭ بىرلە چىقارغىل، تاكىم شادلىق، غەمدىن ئازادلىق، ئويناپ كەلگەيمىز، ئانى ياخشى ئاسراغايمىز.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. ئەيدىلەر: «قورقادۇرمەن، مېنى بۇ غەم كۇلبەسىدە تەنھا قويغايسىزلەر. ئۆزۈڭلەر شىكارغە مەشغۇل بولۇپ، يۇسۇفدىن بىخەبەر بواغايسىزلەر ۋە غافىل بولغايسىزلەر، ئانى كەرك زالىم يىگەي، مېنىڭ جانىمنى ھىجران تانۇرىدا ئۆرتەگەيسىزلەر.» بۇلار ئەيدىلەركىم: «بىز-ئۇن كىشى، ئەگەر ئۇل بىر كىشىنى ئاسرايالماساق، ئەلبەتتە زىيانكارلاردىن بولغايمىز.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. ئۇلارنىڭ سۆزلەرىنى قەبۇل قىلدىلەر. ئەرتەسى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس.نى ئۇلار بىرلە ئىبەردىلەر.

ئۇلار ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس.نى ئالىب قويلارى تۇرغان قۇدۇغدىن ئۇچ فەرسەڭ يىراق ئالىپ باردىلەر. ئاندا بىر قۇدۇغ بار ئەردى. بەيتىل - مۇقەددەس يولىدا، ئاندا يەتتىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. ئۇل ۋەقتدە ئۇن يەتتە ياشدا ئەردىلەر. بەس، بۇلار ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىم نى قۇدۇغقە

سالغالى قەسد قىلدىلەر ئەرسە، كۆڭلەكلەرىنى تارتتىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. ئەيدىلەركىم: «ئەي بۇرادەرلەرىم، بۇ قۇدۇغدا سەتر ئەۋرەت لازىم، نىچۇك سەتر ئەۋرەت قىلۇرمەن!» ئۇلار ئەيدىلەر: «ئول يۇلدۇزلار، ئافتاب، ئاينى قىچقىرغىل، ساڭا كۆڭلەك بەرسۇن!» دەپ، كۆڭلەكلەرىنى ئالدىلەر. ئول قۇدۇغقە بەرەھنە سالدىلەر. ئول قۇدۇغنىڭ سۇيى بىسيار ئەردى. ئاندا بىر ئۇلۇغ تاش بار ئەردى، سۇدىن بەلەندرەك ئەردى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. ئول تاشغە تۇشۇپ ئولتۇردىلەر، خۇداغە ھەمدۇ سەنا ئەيتتىلەر، دۇئا - مۇناجات قىلدىلەر. ئىلھام كەلدى: «ئەي يۇسۇف، بىر كۇنى بولۇركىم سىنى يۇسۇف دەپ گۇمان قىلماسلەر!». بەس، ئۇلار يۇسۇف ئەلەيھىس. كۆڭلەكلەرىنى ئالىپ، قانغە بوياپ، ئاخشام سارى ئول كۆڭلەكنى ئالىپ ئاتالەرى قاشىغە كەلدىلەر، نالە - فەرياد، فىغان قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەي پەدەر، بىز ئىلگەرى بارىپ، يۇسۇفنى مەتائىمىز قاشىدا قويۇپ ئەردۇك، بۆرى يەپدۇر. سەن بىزلەرنى ھەرگىز راستگوي بىلمەسسەن. ھەر چەند راست ئەيتساق يۇتمەسسەن» دەپ، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. كۆڭلەكلەرىنى كۆرسەتتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. كۆردىلەر، ئەسلا يۇرتۇقى يوق، بىلدىلەركىم تۆھمەت قىلۇرلەر، يالغان ئەيتۇرلەر، بۇ ـ ھەممە ئۇلارنىڭ ئىشىدۇر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. ئەيدىلەركىم: «بۆرى يۇسۇفكە سىزلەردىن مىھرىبان ئەركەندۇركىم، كۆڭلەكنى يىرتماي، ئازار بەرمەي يەپدۇر، ئۆزۈڭلەرگە يانغاي! مەن سەبر قىلۇرمەن. ياخشىسى ئولدۇركىم، نە سۆزىدە، نە قىلادۇرغان ئىشىدە ھىچ ئارامىلىق بولماغاي، جەزىم بولغاي!» بەس، يەھۇدا ئۆزگە بۇرادەرلەرىدىن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. غە مىھرىبانراق ئەردى. ئەرتەسى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. غە بىر مۇنچە تەئام ئالىپ، قۇدۇغ باشىغە باردىلەر. ئول تەئامنى سالدىلەر، ئەيدىلەركىم مىنى بۇرادەرلەرگە ئەيتىپ، بۇ قۇدۇغدىن يەنە بىر تەرەفكە ئالىپ بارغايلەر. بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. ئۇمىد تۇتۇپ تۇردىلەر ۋە ئۇلاردىن كۆز تۇتار ئەردىلەركىم، كارۋان كېلىپ، ئانى قۇدۇغدىن چىقارىپ ئالىپ، مىسىر تەرەفىگە كەتكەي. بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. ئۈچ كۇن قۇدۇغدا قالدىلەر. تۆرتىنچى كۇنى ئەرەبدىن بىر كارۋان مىسىر تەرەفىگە بارۇر ئەردى. ئول قۇدۇغقە ياۋۇق كېلىپ تۇشتى. ئىككى كىشىنى قۇدۇغقە سۇغە

بۇيرۇدىكىم، بىرى مالىك ۋە يەنە بىرى بەشەرى، بۇ ھەر ئىككىلەسى ھىندۇ
ئەردى، ئازادگەردە. بەس، مالىك قۇدۇغ باشىغە كەلدى. قۇدۇغقە ساغۇ
سالدى ئەرسە، يۇسۇف ئەلەيھىس. ساغۇنىڭ باغىنى تۇتتىلەر. مالىك ۋە
بەشەرى ھەرچەند زور قىلدى، تارتىپ ئاالمادى. مالىك باشىنى قۇدۇغقە
سالىپ قارادى ئەرسە، ھەزەرتى يۇسۇف ئەلەيھىس. نى كۆردىكىم يۈزلەرى
ئايدەك تابىش قىلۇر ئەردى. بەشەرىغە ئەيدى: «يا بەشەرى، مۇندا بىر ئوغۇل
باردۇركىم، ساغۇنىڭ باغىنى مەھكەم تۇتۇپدۇر.» بەس، ئىككۆلەن يەنە كۈچ
قىلىپ تارتتىلەر ۋە ئالدىلەر. مالىك ئەيدى: «سەن كىمسەن؟». ھەزرەتى
يۇسۇف ئەلەيھىس. ئەيدىلەركىم: «مەن بىر ئوغۇلدۇرمەن، كەنئاندىن،
بۇرادەرلەرىم مېنى بىگۇناھ بۇ قۇدۇغقە سالدىلەر». مالىك ھەزرەتى يۇسۇف
ئەلەيھىس. غە مېھرىبانلىق قىلدى. بەس، بەشەرى ئەيدى: «ئەگەر بۇ ئوغۇلنى
ھەمراھلەرىمىز قۇدۇغدىن ئالغاننى ئاڭلاسا، بىزدىن ئالۇرلەر؛ يا شېرىك
بولۇرمىز، بىز بۇ ئوغۇلنى مىسىردا تولا بەھاغە ساتارمىز، ئۇلارغە
ئەيتماغايمىز. قۇدۇغ باشىدا بىر تائىفە خەلق بار ئىكەن، ئانىڭدىن ئالدۇق
دىگەيمىز،» دەپ، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. نى ھەمراھلەرى قاشىغە ئالىپ
باردىلەر. ئەرتەسى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. نىڭ بۇرادەرلەرى كەلدىلەر،
كۆردىلەركىم ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. قۇدۇغدا يوقدۇر. بۇلارنىڭ ئىزىچە
كارۋان قاشىغە كەلدىلەر، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. نى ئاندا كۆردىلەر.
ئەيدىلەركىم: «بۇ قۇلنى كىم مۇندا كەلتۇرۇپدۇر؟» مالىك ئەيدى: «مەن
كەلتۇردۇم.» بۇلار ئەيدىلەركىم: «بۇ بىزنىڭ قۇلىمىزدۇر، قاچىپ
ئەردى.» مالىك ئەيدى: «ماڭا ساتىڭلار، مەن مىسىرغە ئالىپ كېتەي».
بۇلار «خوبدۇر» دەپ يىگىرمە دىرەمگە ساتتىلەر. دىرەملەرنى ئالدىلەر. بۇلار
ئون كىشى ئەردىلەر، ئىككى پۇلدىن تەگدى، تەقسىم قىلىپ ئالدىلەر.
كارۋانلار ياسۇف ئەلەيھىس. نى مىسىرغە ئالىپ يۈردىلەر.

بەس، مالىك يۇسۇف ئالەيھىس. نى مىسىرغە يەتكۇردى، خەرىدارغە ئەرز
قىلدى. بەس، مىسىرنىڭ پادشاھى بار ئەردى رەييان ئاتلىغ، ئاتاسى ۋەلىد
بىننى ئوز بىننى ئاراسىيە بىننى قاران بىننى لاۋەر بىننى نوھ ئەلەيھىس.
ئانىڭ بىر خەزىنەدارى بار ئەردى، ئەزىز ئاتار ئەردىلەر، ئۇلۇغ كىشى ئەردى،
ئاتلەرى ئامىر. بەئزىلەر ئەسفەين بىننى جەيب ئەردى دەپدۇرلەر. بۇ-ئەزىز

ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. نى ساتىپ ئالىپ ئۆيىگە ئىبەردى. ئۆلەرنىڭ فەرزەندى يوق ئەردى، بىر خاتۇنى بار ئەردى زىلەيخا ئاتلىغ؛ ئۇلۇغ دەۋلەتمەند كىشىنىڭ قىزى ئەردى. مىسىردە ئانىڭدىن خۇشروي كىشى يوق ئەردى. زىلەيخاغە ئەيدى: «بۇ ئوغۇلنى ياخشى ئاسراغىل، بىزگە مەنفەئەتى بولۇر»...... .

ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىس. ئون يەتتە ياشدا مىسىرغە باردىلەر. ئالتە يىل ئەزىز مىسىرنىڭ ئۆيلەرىدە بولدىلەر. يەتتە يىل زىنىدە مەھبۇس بولدىلەر. ئوتتۇز ياشلەرىدە خۇداي تەئالا پەيغەمبەرلىك ۋەھى ئىبەردى.

## ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام بىرلە زىلەيخا زىكرلەرى

بەس، زىلەيخا ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. غە مۇھەببەت قىلدى، سەبىر - تاقەت قىلالمادىلەر. ئۆزلەرىگە مەيل - رىغبەت ئىزھار قىلدىلەر، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. قەبۇل قىلمادىلەر. بىر كۈن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئۆيدە ياتىپ، ئۇيۇقلاپ ئەردىلەر، زىلەيخا سارايىنىڭ ئىشىكىنى ئاچىپ، يۇسۇف ئەلەيھ.س. نى ئويغاتىپ، ئۆزىنى سىناپ ئەيدى: «ئەي يۇسۇف، كەلگىل، ئارزۇ - ئىشتىياق بىرلە ئۆزۈمنى ئاراستە قىلىپدۇرمەن.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «سىنىڭ كۆيۈگۈڭ مىنى ساتىپ ئالىپدۇر، ماڭا ياخشىلىق قىلىپدۇر. مەن ئاڭا بىۋەفالىق قىلماسمەن.» بەس، زىلەيخا ئۆزىنى يىغالمادى، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. غە بىسيار مەيل - رىغبەت قىلدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ھەزرەتى پەرۋەردىگار ئالەمنىڭ دەلىلى ۋە بۇرھانىنى كۆردىلەر ئەرسە، ئەسلا قەسد ۋە مەيل قىلمادىلەر. ئەگەر ھەق تەئالا دەلىل كۆرسەتمەسە، ئىھتىمالى، مەيللەرى بولغاي ئەردىلەر، ئول دەلىل - بۇرھان بۇ ئەردىكىم، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. نى كۆردىلەركىم، بۇلەرغە باقىپ قوللەرىنى تىشلەر ئەردىلەر. بەئزىلەر: ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. كىرىپ كەلدىلەر، ئەگەر بۇ ئىشنى قىلساڭ، ئول قۇشدەك بولۇرسەنكىم، ھەۋاغە ئالىپ چىقىپ، قانات -

قۇيرۇغىنى يۇلۇپ تاشلاغايلەر؛ ئۇل يەرگە تۇشكەيسەن، ئانداغ دەرەجەئى نەبۇۋەتدىن تۇشكەيسەن. بىر تائىفەلەر ئەيتىپدۇرلەر: ئۇل بۇرهان ئولدۇركىم، بىر ئاۋاز ئىشىتتىلەر: «ئەي يۇسۇف، زىناغە مەيل قىلۇرسەنمۇكىم، پەيغەمبەرلەر گۇناهى كەبىرەدىن پاكدۇرلەر!» هەركىم هەزرەتى يۇسۇف ئەلەيهىسسەلامنى زىناغە مەيل قىلدىلەر دىسە، كافىر بولۇركىم، ئۇزلەرى پەيغەمبەر بولدىلەر، دادالەرى ۋە ئىككى بابالەرى پەيغەمبەر ئەردىلەر؛ ئۇلاردىن گۇناهى كەبىرەكى نىچۇك ۋاقىئ بولۇر. خۇداي تەئالا قۇرئاندا ئۇلەرنى ياخشى ياد قىلىپدۇركىم، «يۇسۇفنى يامان ئىش ۋە زىنادىن ساقلادىمكى، هەر ئايىنە ئۇل مىنىڭ مۇخلىس بەندەلەرىمدىندۇر.» بەس، هەزرەتى يۇسۇف ئەلەيهـ.س. زىنادىن قاچىپ يۇردىلەر؛ ئارقالەرىدىن يىتىپ ياقالەرىدىن تۇتتى ئەرسە يىرتىلدى. بەس، زىلەيخا كۇردىكىم، ئىشىكدە ئەزىز مىسرى تۇرار ئەردىلەر زىلەيخانىڭ بىر خەۋىشاۋەندى بىرلە. بەس، زىلەيخا ۋە هەزرەتى يۇسۇف ئەلەيهـ.س. خىجىل بولدىلەر. هەزرەتى يۇسۇف ئەلەيهـ.س. قەسد قىلدىلەر بىر بەهانە قىلغايلەركىم، زىلەيخا هەم رەسۋا بولماغاي. بەس، زىلەيخا بۇلەر سۇزلەگۇچە، «ئەي ئەزىز، سىنىڭ ئەهلىڭگە يامان ساغىنغاننىڭ جەزاسى نەدۇركىم، يا زىندانغە سالغىل، يا ئەزاب قىلغىل!» ئاندىن كىيىن هەزرەتى يۇسۇف ئەلەيهـ.س. ئەيدىلەركىم: «زىلەيخا مىنى گۇناهغە تەرغىب قىلدى، مەن ئاندىن قاچتىم.» ئۇل زىلەيخانىڭ تۇغقانى ئەيدى: «ئەگەر كۇڭلەك ئارقادىن يىرتىلغان بولسا، زىلەيخا يالغانچى، يۇسۇفنىڭ سۇزى راستدۇر.» مەگەر كۇڭلەك ئارقالەرىدىن يىرتىلىپدۇر. بىلدىلەركىم، يۇسۇف ئەلەيهـ.س. نىڭ سۇزلەرى راستدۇر. بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: زىلەيخاغە تۇغقانىراق بىر مەزلۇمنىڭ بۇشۇكدە بىر بالاسى بار ئەردى. خۇداي تەئالا ئۇل بالاغە زەبان بەردى، تاكى هۇكۇمنى ئۇل بالا قىلۇر. ئاندىن، كۇجىنى رەسۋا بولماسۇن دەپ ئەيدى: «ئەي يۇسۇف، بۇ سۇزدىن يانغىلكىم، كىشى ئاڭلاماسۇن.» زىلەيخا ئەيدى: «گۇناه سەندەدۇر، سەن گۇناهىڭغە مەغفىرەت تىلەگىل، خۇداي تەئالا گۇناهىڭنى كەچۇرگەي.» بەس، يۇسۇف ئەلەيهـ.س. نىڭ بۇ سۇزى مىسردا فاش بولدى، مىسرنىڭ خاتونلارى زىلەيخاغە تەئنە - مەلامەت قىلىپ، ئەيدىلەر: «ئەزىز مىسرنىڭ كۇجى

ئۆزىنىڭ قۇلىغە گىرىفتار بولۇپدۇر، ئانىڭ مۇھەببەتى ۋالە شەيدا قىلىپدۇر. زىلەيخا شەرم تۇتماي، ئۆزىگە مەيل - رىغبەت ئىزھار قىلىپدۇر، قۇلى ئىختىيار قىلغانى يوق، مۇنداغ ھەم بولۇرمۇ؟» بەس، زىلەيخا بۇ مەلامەتنى ئىشىتىپ، ئول مەلامەتگوي خاتونلارنى چىرلاتىپ، مىھمان قىلدى. تەفسىر كىتابلارىدا كەلتۇرۇپدۇرلەر، ئول خاتونلار بەش خاتون ئەردى: بىرى ياساۋۇلىنىڭ، يەنە بىرى مۇھتەسىبىنىڭ كۆجى ئەردى؛ ۋە يەنە بىرى باۋۇرچى كۆجى. زىلەيخا بۇ خاتونلارنى تەكلىف قىلدى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى ياساپ؛ زىننەت - ئارايىشلار بېرىپ، ئۇلار روبەروسىدا ئۆيدە ئولتۇرغۇزدىلەر؛ ھەر قايسىغە مۇھازىردىن كېيىن، قاغۇنلار، ئالما، ئامرۇد —بۇ مىۋەلەرنى كەلتۇردى؛ بىرەر پىچاق بەردى. بۇلار ئىلىككە پىچاق ئالدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى چىرلادى. ئول خاتونلارنىڭ نەزەرىدە تۇرغۇزدى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.نىڭ جەماللەرى ئافتابدەك، ئۆيگە تابىش قىلدى. ئول خاتونلار قارالاپ كۆزلەرى تىيرە بولدى؛ ئۆزلەرى بىھۇش، ئەقىللەرى خىيرە بولدى؛ بۇ ھەيرانلىقدا كۆزلەرى يۇسۇف ئەلەيھ.س.دا ھەممە قوللارىنى توغرادىلەر، قانلار ئاقتى تۇيمادىلەر…… زىلەيخا ئەيدى: «بۇدۇركىم، سىزلەر مۇنىڭ جىھەتىدىن مېنى مەلامەت قىلۇر ئەردىڭلەر.» بەس، ئول خاتۇنلار زىلەيخا ئالىدا ئىقرار قىلدىلەر. زىلەيخا ئەيدى: «مەن ئانى ئۆزۈمگە چىرلادىم، ئول ئۇنۇمادى. ئەگەر ئەمدى فەرمانىمنى تۇتماسا مەن ئانى زىندانغە سالۇرمەن. خار - زار قىلۇرمەن!» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا! ماڭا زىندان ياخشىراقدۇر بۇلەرنىڭ ئەمرىدىنكىم مېنى بۇيرۇرلەر. خۇداۋەندا، ئەگەر سەن مېنى بۇلەر مىكرىدىن ياندۇرماساڭ، ئۆزۈمدىن ئەمىن ئەمەسمەنكىم، مەيل ۋاقىئ بولغاي، جاھىللاردىن بولغايمەن». ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئۆزلەرىدىن ئەمىن بولماي، خۇداي تەئالاغە نالە - فەرياد قىلدىلەر. دۇئالەرى ئىجابەت بولدى. ئانداغكى…… ئاندىن كېيىن زىلەيخا ئۆزىنى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.غە كەررۇ بىرلە ئەرز قىلدى. لېكىن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.غە نەۋازىشلەر قىلۇر ئەردىلەر، ھەر بار ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى خىلۋەتدە تاپسا، ئەيتۇر ئەردى: «ئەي يۇسۇف، نە ياخشى كۆزلەرىڭ باردۇر؟» ئەيتۇر ئەردىلەركىم: «بۇ كۆز گۆردەقى قۇرتلارىنىڭ

تۇئمەسسىدۇر.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ‍ىس. زىلەيخانىڭ مىرادىغە قەدەم قويمادىلەر. زىلەيخا ئەندىشە قىلدىكىم، بىر ئاي زىندانغە سالغايمەن، تاكىم ئىنقىياد تارتىپ فەرماندار بولغاي. لېكىن ئەزىز مىسرى بىلۇركىم، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ‍ىس. بىگۇناھدۇرلەر، ئۇلەرنى زىندانغە سالغالى رىزا بەرمەس، ئەيدىلەر؛ زىلەيخا ئەيدى: «ئەي ئەزىز! بۇ كەنئانى قۇل مىنى رەسۋا قىلدى، ھەركىم بىر - بىرىگە سۆز ئېيتسا، شۇبۇ سۆزنى ئەيتىپتۇرلەر.» ئەزىز زىلەيخانىڭ ئەمە زادەسىدىن مەسلەھەت سوردى ئەرسە، ئۇل ئەيدى: «راستى ئۇلكىم نەچەند كۈن زىندانغە سالغايمىز، بۇ سۆز خەلق ئاراسىدا باسىلغاي.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ‍ىس. نى زىندانغە ئىبەردىلەر. نەمازغە تۇردىلەر؛ نەمازدىن يانىپ، ئەھلى زىندانغە پەندى نەسىھەت قىلدىلەر، ئۇلارنى ياخشى سۆز بىرلە شاد - مەسرۇر قىلدىلەر. گاھ ئۇيقۇلار ئەردىلەر. گاھ زىندانىلەر تۇشىگە تەئبىر ئەيتۇر ئەردىلەر. ھەر كۈن زىندانىلەر تۇشلەر بەيان قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ‍ىس. تەئبىر ئەيتۇر ئەردىلەر. ھەركىم بىمار بولسە، ئۇلەردىن سورار ئەردىلەر، ئۇلەر سۆزلەرى شىفاتاپار ئەردى. خۇداي تەئالا خەبەر بېرىپدۇركىم، پادشاھنىڭ ئىككى كىشىسى زىندانغە تۇشۇپ ئەردى. بۇلارنى زىندانغە سالماقغە سەبەب ئۇل ئەردىكىم، روم پادشاھى بىر كىشىدىن زەھەر ئىبەردى، ئەيدىكىم: «بۇ زەھەرنى پىنھان ئالىپ بارىپ، شاھ رەييانىنىڭ بىر خاس كىشىسى - مەھرەم كىشىسىگە بەرگىل، ئانى بىسيار ۋەئدە بىرلە فىرىفتە قىلغىل، تاكىم، بۇ زەھەرنى پادشاھغە بېرىپ ھەلاك قىلغاي.» بەس، ئۇل كىشى مىسرغە كەلدى، بىر بىۋە زەننىڭ ئۆيىگە تۇشتى. ئۇل بىۋە زەن بىرلە ئاشىنا بولدى. ھەر بار ئۇل بىۋە زەن پادشاھدىن نالە - شىكايەت قىلىپ ئەيتۇر ئەردى: «مىنىڭ ئېرىم مىسرنىڭ ئۇلۇغلارىدىن ئەردى. ئۆلدى ئەرسە، ئۆي بارقىنى ئالىپ مىھمانخانە قىلدى.» ئۇل كىشى ئەيدى: «شايەدكى سەن ۋە ئۆيۈڭ پادشاھدىن قۇتۇلغاي. بىر پادشاھى ئادىل بولغاي.» ئۇل بىۋە زەن بۇ سۆزنىڭ ھەقىقەتىنى سوردى. ئۇل كىشى بىۋە زەنگە ئان بېرىپ ئەيدىكىم: «مەن پادشاھغە بەرگەلى زەھەر كەلتۇردۇم، تا بىر مەھرەم كىشىسىنى تاپىپ، پادشاھغە زەھەر بەرگەيمىز.» ئۇل بىۋە زەن ئەيدى: «بۇ ئىشنى پادشاھنىڭ شەرابدارى يا نانبايىدىن ئۆزگە كىشى قىلالماس.» بەس، ئۇل كىشى

شەرابدارغە ئەيدى ئەرسە، قەبۇل قىلمادى. ئاندىن نانبايغە ئەيدى، ئول قەبۇل قىلدى، ئاڭا بىسيار مال ئەلۋان، كۈمۈشلەر بەردى ۋە ئەيدى: «ئەگەر سەن بۇ ئىشنى بىجا كەلتۈرسەڭ، پادشاھى روم سىنى ئۆز ئورنىدا مىسرغە پادشاھ قىلادۇر. ئەلبەتتە بۇ ئىش ۋۇقۇئىغە ئىھتىمام قىلغايسەن.» ئاندىن كېلىپ بىۋە زەنگە ئەيدى: «سىنىڭ ئىشىڭنى يۈتكەزدىم. ئول ئىككىنىڭ بىرى قەبۇل قىلدى.» ئاندىن ئول كىشى رومغە ياندى. ئول بىۋە زەن پادشاھ قاشىغە كېلىپ، خىلۋەت قىلىپ، پادشاھغە بۇ ئەسراردىن خەبەر بەردى. پادشاھ ئول ئىككىسىنى كەلتۈرۈپ، سەۋال قىلدى ئەرسە، ئىقرار قىلمادىلەر. بۇ ۋەجھىدىن زىندانغە سالدىلەر، نەچەند مۇددەت زىنداندا قالدىلەر. بەس، بۇ ئىككىسى ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ۔س. نى مۇنداغ سۈرەت، پاك سىيرەت بىرلە كۆرۈپ، سوردىلەر: «بۇ كىمنىڭ فەرزەندىدۇر، نىچۈك تۆھمەت بىرلە گۇناھكارلار قەيدىنىڭ بەندىدۇر؟» زىندان بەندلەرى ئەيدى: «ئەزىز مىسرنىڭ غۇلامى، خاتۇنلار مىكرىدۇر۔تۆھمەتىدۇر.» بەس، ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ۔س. نىڭ تەئبىر ئىيتقانلەرىنى ئەيدىلەر. بۇ ئىككۆلەن ئەيدى: «بۇ ئوغۇلنى ئازمايىش قىلالىكىم، تەئبىرنى بىلىپ ئەيتۇر يا يوق! بىر كۆرمەگەن تۈشدىن تەئبىر سورايلى، نەدەيدۇر.» بەس، شەرابدار ئەيدى: «مەن تۈش كۆرۈپدۇرمەنكىم، ئۈزۈمنى سىقىپ شەراب قىلۇرمەن.» نانباي ئەيدى: «مەن تۈش كۆردۈم: بىر تەبەقدە باشىمدا نان كۆتەرىپ بارۇر ئەردىم، ھەۋادىن قۇشلار كېلىپ يەپ كەتتى. بىزنىڭ بۇ تۈشۈمىزگە تەئبىر ئەيغىلكىم، سىنى ھەممەدىن ياخشىراق كۆرەرمىز.» ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ۔س. بىلدىلەركىم، بىرىنىڭ تۈشى ياماندۇر، ئەندىشە قىلدىلەركىم، بۇلارغە زىندان غەمىدىن زىيادە غەم بولماغاي، يەنە بىر سۆزگە مەشغۇل بولغايلەر، دەپ ئەردىلەر: «ئايا! سىزلەرگە نەچەند ئاجىز نەرسەلەرنى ئىگەمىز، خۇدايىمىز دەپ باش ئۇرغانىڭلار ياخشىراقمۇ؟! ئول خۇداۋەندى يىگانە، قەھھارغە پەرسەتىش قىلغانىڭلارمۇكىم؟!، ئول قادىردۇر، ھەر قايداغ ھۆكۈم ۔ فەرمان ئانىڭدۇر؟ ئول خۇداۋەند يىگانەدىن ئۆزگە قۇللۇق قىلماغايسىزلەر.» بۇلار بۇتپەرەست ئەردىلەر، بۇ سۆزلەرگە قۇلاق سالمادىلەر، «تۈشۈمىزگە تەئبىر ئەيغىل» دەپ تەڭ قىلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ۔س. ئەيدىلەر: «پادشاھ سىنىڭ ئىلگەركى

مەنسەپنى بېرىپ شەرابدار قىلۇر.» نانبايغە ئەيدىلەركىم «سېنى دارغە ئاسارلەر، گۆشتىنى داردا قۇشلار يىگەي.» بۇلار ئەيدى: «بىز بۇ تۈشنى كۆرمەگەن ئەردۇك، سېنى ئازمايىش قىلماقغە يالغان ئەيتىپ ئەردۇك.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «قازا يا ئىلاھى مۇنداغ جارى بولدى، بۇ ئىش سىزلەرگە كەلمەي قالماس. ئەرەبدە مەسەل باردۇركىم ھەمىشە تىلنىڭنى ئېھتىيات بىرلە تۇتغىل، بەلا تىلنىڭغە مۇئەككىلدۇر (حفظ لسانك ان البلاءالموءكل فى المنطق)، ھەر ياخشى - يامان فالكىم تىلغە كەلتۈرۈرسەن بولماي قالماس.» «قۇرئان» دا ھەم كېلىپدۇركىم، ئۈچ فال مۇۋافىق ھال ۋاقىئ بولۇپدۇر: بىرى ئۇلكىم، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئوغلانلارىغە ئەيدىلەركىم، قورقامەنكىم يۇسۇفنى بۆرە يىگەي، سىزلەر بىخەبەر بولغايسىزلەر. بۇ فالغە مۇۋافىق ئوغلانلەرىنى بۆرى يىدى دەپ خەبەر كەلتۈردىلەر؛ يەنە ھەزرەت يۇسۇف ئەلەيھ-س. بۇ خاتۇنلار مىكر - فىتنەسىدىن زىندانغە تۈشكەنىم ياخشىراق دىدىلەر، بۇ سۆز ۋۇقۇئغە كەلدى، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. زىندانغە تۈشتىلەر؛ يەنە بۇ ئىككى ئادەم يالغان تۈشنى ئۆزىگە فال قىلدى ئەرسە، ئانداغ ۋاقىئ بولدى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. ئول شەرابدارغە ئەيدىلەركىم: «ئەگەر پادشاھ خىزمەتىگە بارساڭ مېنى ياد قىلغىل ۋە ئەيغىلكىم بۇ غەرىبنى زىندانغە بىگۇناھ سالىپدۇرلەر دەپ مەئلۇم قىلغىل.» مۇندىن ھەق تەئالا خەبەر بېرىپدۇركىم، بەس، شەيتان ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ بۇ سۆزىدىن شەرابدارنى فەرامۇش قىلدى. بەس، «يوسف بضع سنين» زىنداندا قالدى. «بضع» دەپ بەشدىن زىيادە، ئوندىن كەم ئەدەدنى ئەيتۇرلەر. مۇفەسسىرلەر «بضع سنين» يەئنى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. زىنداندا قالدى دەپدۇر، چۇنكى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. زىنداندىن چىقماقغە ئىختىيار قىلدىلەر، خۇدانىڭ قازا - ئىرادەسىگە تاپشۇرمادىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا دەرگاھىدا ناپەسەند كەلدى، يەتتە يىل زىنداندا قالماقلىق بىلە ئىتاب قىلدى. گۇمان قىلماغايلەر، شەرابدارنى شەيتان فەرامۇش قىلىپ، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ زىنداندا قالماقلەرىغە بائىس بولغاي؛ بۇ گۇمان مۇسۇلمانلارغە خەتادۇر. شەيتان فەرامۇش قىلغانىنىڭ مەئنىسى ئانداغكىم. فەرامۇشلۇقدىن شەيتان شاد بولدى ...... يەتتە يىلدىن كېيىن ھەق تەئالا ئىرادە قىلدىكىم، ھەزرەتى يۇسۇف

ئەلەيھ.س. غە گۇمان قىلماغان سەۋەب بىرلە شادلىق بەرگەي. بەس، پادىشاھى مىسىرغە بىر تۈش كۆرسەتتى. ئول تۈش بىرلە ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. غە فەرەھ - شادلىق كەرامەت قىلدى. ئانداغ خەبەر بېرىپدۇركىم، پادىشاھى مىسىر ھەممە ھۆكۇما، مۇنەججىملەر جەمئ قىلىپ ئەردى: «مەن بىر تۈش كۆردۇم، يەتتە سېمىز ئۇينى يەتتە ئورۇق ئۇي يېدى، يەتتە ئۆل بوغداي باشىنى يەتتە قۇرۇغ باش چۆرگىشىپ قۇرۇتتى. ئەگەر سىزلەر ھۆكۇما، تەئبىر ئىلمىغە دەنا بولساڭىزلەر تەئبىر ئەيتىڭىــــزلەر.» بۇ ھۆكۇما - مۇنەججىملەر تۈش تەئبىرىنى بىلمەدىلەر. ھەيران بولدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «بۇ مىزاجىنىڭ ئىختىلافىدا كۆرگەن تۈشدۇر، مۇنىڭ تەئبىرىنى بىلمەسمىز.» بەس، ئول شەرابدار كۆردىكىم، پادىشاھنىڭ تۈشدىن كۆڭلى بىسيار غەم ۋە ئاشۇفتەدۇر. ھېچ كىم تەئبىرىنى بىلمەيدۇرلەر. بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. خاتىرىغە كېلىپ، ئەيدى: «يالغان تۈشكە مۇنداغ راست تەئبىر ئەيدى، شايەدكى بۇ تۈش تەئبىرىنى ئول بىلگەي.» بەس، پادىشاھغە ئەيدى: «بۇ تۈش تەئبىرىنى بىر كىمەرسە بىلگەيكىم، ئانى مەن بىلۈرمەن، مېنى ئاڭا ئىبەرگەيل.» بەس، پادىشاھ: «بارغىل!» دەپ ئەمر قىلدى ئەرسە، ئول زىندانغە كېلىپ قىچقىردىكىم: «ئەي راستگوي، ماڭا پادىشاھ تۈشىنىــــڭ تەئبىرىنى خەبەر بەرگىل.» ئول تۈشنى تەقرىر قىلدى. بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. خۇدانىڭ قازاسىغە رىزا بېرىپ، سەبەبنى كۆڭۈللەرىدىن چىقارىپ، سەبەبنى مۇسەببەبۇل - ئەسبابغە تاپشۇرۇپ ئەيدىلــەر، ئېيتمادىلەركىم، زىنداندىن چىقىپ ئەيتاي. بەس، ئەيدىلەر: «ئول يەتتە سېمىز ئۇي يەتتە يىل كەڭرۇلۇك، توقلۇق ۋە مەئاش فەراۋان بولماقى نەمۇنەدۇر؛ يەتتە ئۆل باش بۇ يىللاردا مىۋەلەر، نېئمەتلەر بىسيار ۋە بىشۇمار بولماقدىن نىشانەدۇر؛ ۋە يەنە ئول ئورۇق ئۇيكىم ئول يەتتەنى يىگەندۇر، بۇ يەتتە يىلدىن كېيىن يەتتە يىل قەھتلىك، تەڭلىكدىن ئەلامەتدۇر؛ ئول يەتتە قۇرۇغ باش سىزلەرگە كېلەدۇرغان تەڭلىك كۈنۈڭلەردىن تەنبىھ - خەبەردۇر؛ مۇندىن كېيىن يىللار كەلگەيكىم ھەق تەئالا خەلقنىڭ فەريادىغە دانەلەرنى يەردىن ئۈندۈرگەي، مىۋەلەرنى دەرەختلەردىن چىقارغاي، ناز - نېئمەت، مىۋەھاي لەززەت بىنەھايەت كەڭرۇلۇك ۋە فەراۋان بولغاي.» بۇ قەھتلىكدىن كېيىن فەرراخلىق بولماق تۈشنىڭ تەئبىرى ئەمەس، لېكىن

ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ-س. مۈنچە مىھنەت ۋە تەڭلىكدىن خەبەر بەردىلەر ئەرسە، شادلىقدا ھەم خەبەر ئەيتغايلەر، تائىنكى خەلايىق غەم - ئەندىشەگە قالماغايلەر. بۈ تەڭلىك مۈنداغ باقى قالغاي، ۋە يەنە بۈ تەرىقە تەئبىر ئەيتماقنىڭ بىر تەرىقەسىدۈركىم، ئەگەر يامان تۈشكە تەئبىر ئەيتسە ئارقاسىدىن ياخشى فال ئەيتغاي. ئەگەرچە تۈشدە ئاڭا دەلىل ۋە ئىفادە بولماسا، ئىشىتكۈچى ئەزەلى شاد بولغاي. ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ-س. بۈ تەرىقە تەئبىر ئەيتتىلەر ۋە يەنە بۈ تەڭلىكدىن تەدبىر ھەم ئەيدىلەر: «ئانداغكى، بۈ يەتتە يىل فەرراخلىقدا زىرائەتلەرنى قىل يىسىزلەر، ئورۈپ باشنى يىغقايىسىزلەر، تا ساسىماغاي، مىتە ھەم يىمەگەي.»

بەس، ئول شەرابدار كېلىپ، پادشاھغە ۋاقىئىنى بەيان قىلدى. پادشاھ بىسيار شاد بولۇپ، ئەيدى: «مۈنداغ ئالىم، دانىشمەندنىڭ جايى نېچۈك زىندان بولغاي، بارىپ ئالىپ°كەلگىل!» دەپ، ئول شەرابدارنى بۈيرۈدى. بەس، ئول زىندانغە كەلدى ئەرسە، ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ-س. بىلدىلەر. ھەق تەئالا بىسەبەب ئۆز فەزل كەرەمىدىن شادلىق، خالاسلىق كەرامەت قىلدى. بۈلەر ھەم ئۆزلەرىگە سەبر ۋە مەردانەلىك پېشە قىلدىلەر. ۋە يەنە پادشاھ قاشىدا بولادۈرغان ھاللەرنى ئەندىشە قىلدىلەركىم: «مېنى پادشاھ ئالىم ۋە دانىشمەند بىلىپ ئالىپ بارۈر، خاتۈنلار تۆھمەتىدىن زىندانغە تۈشكەنىمدىن ئاگاھ بولۇر، خۈشرۈي يىگىتلەرگە خاتۈنلار تۆھمەتى ياۋۇق مەھكەمدۈر. بەس، پادشاھ كۆڭلىدە زىيانكار ۋە خىيانەتدار گۈمان قىلۇر. مېنىڭ پادشاھ ئالىدا ئانچە قەدر - قىممەتىم بولماغاي.» دەپ ئۆزلەرىنىڭ بىگۈناھلىقلەرىنى، ئاندىن زىنداندىن چىقماقنى ئىرادە قىلدىلەر. بەس، ئەيدىلەر: «ئەي شەرابدار، ئول پادشاھنىڭ قاشىغە بارغىل، تا ئول قولىنى كەسكەن خاتۈنلاردىن سورراسۈنلەركىم، مېنى نېچۈك گۈناھ بىرلە زىندانغە سالىپدۈر. ئول خاتۈنلار تۆھمەتىنىڭ راستلىقىغە گۈۋاھلىق بەرسۈن. مەن چەندان يىلدۈركىم، بىر خاتۈن تۆھمەتى بىرلە زىنداندا زۈلۈم - سىتەم تارتارمەن. ئانىڭ راستى ھەم مەئلۈم بولسۈن، ئاندىن چىقغايمەن.» بەس، شەرابدار پادشاھ قاشىغە باردى، بۈ ۋاقىئەنى بەيان قىلدى. پادشاھ ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ-س. نىڭ سەبرۈتاقەت، مەردانەلىكدىن تەئەججۈب قىلىپ، تەھسىن - ئافەرىن قىلدىلەر...... بەس، ئاندىن كېيىن پادشاھ ئول

خاتۇنلارنى، زىلەيخانى ھازىر قىلدى. ئەيدىكىم: «ئەي خاتۇنلار! يۇسۇف سىزلەرگە قەسد ۋە مەيل قىلدىمۇ يا سىزلەر ئاڭامۇ؟» بەس، خاتۇنلار ئەيدىلەر: «مەئازەللاھكى، بىز يۇسۇفدىن ھەرگىز يامان ئىش ۋە خىيانەت ئەندىشە بىلمەدۇك.» زىلەيخا ئەيدى: «مەن يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى ئۆزۈم خاھلاپ، مەيل - رىغبەت قىلدىم. ئانىڭدىن مەيل - خاھىش كۆرمەدىم. ئول راستگويلاردىن ئەردى.» بەس، ئول خاتۇنلار پادشاھ ئالىدا ئىقرار قىلدىلەر ئەرسە، شەرابدار ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. قاشلەرىغە باردى ۋە ئەيدى: «زىلەيخا ئۆز گۇناھىغە ئىقرار قىلدى، سىنىڭ پاك ۋە بىگۇناھلىغىڭ پادشاھ ئالىدا مەئلۇم بولدى.» بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. شاد - خۇررام بولدىلەر. بەس، ھەممە خەلق ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى بىگۇناھ ۋە پاكلىق بىرلە بىلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئۆزلەرىدە بىر ئەجەب پەنداشەت بولماقلەرىدىن قورقۇپ ئەيدىلەر: «مەن گۇناھدىن، يامان ئىشدىن ئۆزۈمنى يىغالمادىم، نەفسىم گۇناھغە مايىل ۋە راغىبدۇر. مەگەر پەرۋەردىگارىم ئۆز رەھم شەفقەتى بىرلە مىنى گۇناھ - مەئسىيەتدىن ساقلادى.» ئاندىن پادشاھ ئەمر قىلدى: «يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى كەلتۇرۇڭلار! مەن ئۆزۈمگە خاس مەھرۇم قىلۇرمەنكىم، ئانداغ ئاقىل - خىرەد مەندكىمدۇر.» بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى ئەزىز مىسرى ئازاد قىلدى. ئاندىن، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى پادشاھ ھۇزۇرىغە كەلتۇردىلەر. ئەۋۋەل پادشاھ ئۇلەرنى سىتايەش قىلدىلەر، ئۆزر ئەيتتىلەر. ئەيدى: «بۈگۈن ماڭا سەندىن ئەزىزراق، دوستراق ھېچ نەرسە يوقدۇر.» بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «ئەي پادشاھ! ئول تۇشكىم سەن كۆردۇڭ، ئانىڭ تەئبىرىنى كۆرمەي چارە يوقدۇر. بەس، بۇ يىلدا ئانچەكى قۇدرەت باردۇر، مەئاش جەمئ قىلماق لازىمدۇر؟ خەزىنە ۋە ئانبارلارنى يىغماق ۋاجىبدۇر. ئانى تازا ساقلاماقىغە بىر كىشى بولغاي. مىنى خەزىنەدار قىلغىلكىم، مەن تازا ساقلاماقنىڭ تەرىقىنى بىلۇرمەن. خىيانەت ھەم قىلماسمەن.» پادشاھ خەزىنەسىنى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.غە تاپشۇردى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. بۇ خەزىنەدارلىقنى دۇنيا ئۈچۈن، يا ئۇلۇغلۇق ئۈچۈن ئىختىيار قىلمادىلەر، بەلكى پادشاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلماق ئۈچۈن ئەردىكىم، بۇلەرنى زىنداندىن خالاس قىلدىلەر، ئازاد

بولماقلەرىغە باﺋىس بولدى. بەس، بۇ خىزمەت بىرلە پادشاھنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغايلەر، پادشاھنىڭ ئول ۋەقتدە مۇندىن ئۆزگە خىزمەتى يوق ئەردى. بەس، پادشاھ ئانبارلارغە خەزىنەدار قىلدى ئەرسە، ھەرنە مەئاش جۇملەسىدىن بار ئەردى، بۇ يەتتە يىلدا جەمئ قىلدىلەر؛ ئانبارلارنى توشقازىپ مەھكەم قىلدىلەر. بۇ ھەممەسى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ تەسەررۇفلەرىدە ئەردى. ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. زىنداندىن چىقىپ، ئىككى يىلدىن كېيىن، ئەزىز مىسىر ئۆلدى. پادشاھ تەمام خەزىنەدارلىقنى يۇسۇف ئەلەيھ-س. غە تاپشۇردى. بەس، نەچەند روزگار ئۆتتى ئەرسە، پادشاھ ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. غە ئەيدى: «ۋەفادار ۋە ھەقگۇزارلىقكىم ئەزىز مىسىرغە قىلدىڭ. ماڭا ئارزۇ بولۇدۇركىم ساڭا زىلەيخانى ئالىپ بەرسەم.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «فەرمان سېنىڭدۇر.» بەس، پادشاھ زىلەيخانى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. غە ئالىپ بەردى. بەس، بىر يەردە بولدىلەر. زىلەيخا ئەيدى: «ئەي، يۇسۇف ئەلەيھ-س. رۇخسەت بەرگىل، تاكىم كۆڭلۈم ئەسرارىنى ساڭا ئەيتغايمەن. ئانداغ گۇمان قىلماغىلكىم، ساڭا گىرىفتار ۋە مەيلان يەنەغە بولماغاندۇرمەن. بۇ بەلاغە قالماقىمغە ئىككى ئۆزرۇم باردۇر: بىرى ئولكىم، جەھەندا سەندەك ياخشى ۋە خۇشروي جۇۋان يوقدۇر، ھەركىم ساڭا گىرىفتارلىق بىقەرار قىلسە مەئزۇردۇر؛ ۋە يەنە ئولكىم، مېنىڭ جۇفتۇم ئەزىز مىسرى نامۇراد ئەردى. مەندەك جۇۋان - ھۇشدار ئانداغ مەردۇناكار بىرلە سەبر - تاقەت قىلدىم. ھەرگىز سەندىن ئۆزگەگە مەيل - رىغبەت قىلمادىم. ئانداغكى، خۇدانىڭ مېھرى بىرلە ئانادىن تۇغۇلغاندەك، ئۆزۈمنى پاك ساقلادىم.» يۇسۇف ئەلەيھ-س. بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ شاد - خۇررام بولدىلەر. ئانىڭ بىرلە قاۋۇشتىلەر ئەرسە بىكر تاپتىلەر، تا ئاخىر ئۆمرىغە ئانداغ بىكر ئەردىلەر. مۇنداغ، ھەق تەئالا پەيغەمبەرلەرغە كۆجىلەرىنى زىنادىن پاك ۋە مەئسۇم ساقلار، ئەگەرچە كافىر بولسە ھەم، نوھ ۋە لوت ئەلەيھ-س. نىڭ كۆجىلەرىدەك ۋە يەنە ھىچ پەيغەمبەرلىكلەرىدىن ئىلگەرى ھەم بۇتغە تابىنمادىلەر.

ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ زىلەيخادىن ئىككى ئوغۇللەرى بولدى، بىرى ئەفراھىم، بىرى مىيشا. ۋە يەنە نەچەند روزگاردىن كېيىن، ھەزرەتى

يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى ۋەزىر قىلدى، تەمامى مەملىكەت ئىشىنى ئۇلەرغە تاپشۇردى، ئۇلەردىن بىمەسلىھەت ئىش قىلمادى. ئانداغكى، يەتتە يىل فەراخلىق، كەڭرۇلۇك بىرلە ئۆتتى ئەرسە، قەھتلىك، تەڭلىك يىللارى يەتتى. تۆرت يىل ھىچ غەم يېمەدىلەر، ئانچە يىغقان مەئاشلارىنى يېدىلەر، قالغان ئۈچ يىل نەچە قەھتلىك بولدى. روبى زەمىندە پادشاھى مىسىردىن ئۆزگەدە بۇغداي يوق ئەرمىش دەپ، بۇ خەبەر ئالەمدە فاش بولدى. ئەتراف - جەۋانىبدىن خەلق مال - ئەمۋال ئالىپ، مىسىرغە يۈزلەندىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. بۇغداي ساتىپ، مال - ئەمۋاللارىنى پادشاھنىڭ خەزىنەسىغە يىغدىلەر. كەنئاندا ھەم قەھتلىك ئەردى. ئانداغ خەبەر ئىشىتتىلەركىم، پادشاھى مىسىرنىڭ مەئاشى بارئىمىش، خەزىنەدارى مۇسۇلمان ۋە ئىبراھىم ئەلەيھ.س.نىڭ دىنىلەرىدە كىشى ئەرمىش، خەلايىقغە بىسيار ياخشىلىق قىلۇر ئىمىش. بەس، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. ھەزرەتى يۇسۇف فىراقلەرىدە يىغلاپ كۆزلەرى نابىينا بولغان ئەردى. ئوغلانلارىغە ئەيدىلەر: «مىسىرغە بارىپ، بىر مۇنچە مەئاش ساتىپ ئالىپ كېلىڭلار. مەن ئىشىتىپدۇرمەنكىم، پادشاھى مىسىرنىڭ خەزىنەدارى ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س.نىڭ دىنىلەرىدە ئەرمىش. ئاتا بىز ھەم ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س.نىڭ فەرزەندلەرىدىندۇرمىز دىگەيسىزلەر، تاكىم سىزلەرگە دوستلۇق بىرلە مەئاش بەرگەي.» ئەيتىپدۇرلەر، ئوغلارىنى ئىبەردىلەر. بۇن يامىنكىم ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. بىرلە بىر ئانادىن ئەردى، ئۇلەرنى يۇسۇفنىڭ يادكارى دەپ ئالىپ قالدىلەر. بۇلار مىسىرغە كېلىپ، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. قاشلەرىغە باردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. تانۇدىلەر. ئۇلار مۇنداغ ئۇلۇغ ئىززەتدە كۆرۈپ، گۇمان قىلدىلەركىم، بىر كىمەرسە سوردىكىم: «نە ئىشغە كەلدىلەر؟». بۇلار ئەيدى: «مەئاش ئالغالى كەلدۇك.» ۋە يەنە بۇلارنى قورقۇتماق ئۈچۈن ئەيدى: «سىزلەر جاسۇس كۆرەنۇرسىزلەركىم، خەبەر ئالغالى كەلگەن بولغايسىزلەر.» ئەيدىلەر: «بىز ھىچ پادشاھنى بىلمەسمىزكىم، سەھرا خەلقىدۇرمىز. كەنئاندىن بىز ئون بۇرادەردۇرمىز. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئوغلانلارى، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س.نىڭ نەبىرەلەرىدۇرمىز. تەمامى خەلقغە قەھت بولغاندەك بىزگە ھەم قەھت بولدى.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. بۇرادەرلەرىدىن

خەبەر ئالماق ئۈچۈن ئەيدىلەر: «ئەگەر ئۇن بىر بۇرادەردۇرسىزلەر، نېچۈكدىن ئۇن كەلدىڭلار؟» ئەيدىلەر: «ئول بىر بۇرادەرىمىز بىزدىن كىچىكرەك ئەردى، ئاتامىز بىزدىن مىھرىبانراق ئەردى، ئانى قاشىدا ئالىپ قالدى.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «ئاتاڭىزلار پەيغەمبەر بولسە نېچۈكدىن كىچىكنى ئۇلۇغىدىن دوست تۇتارمۇ؟» بۇلار ئەيدىلەر: «ئانىڭ ھەمزاد يەنە بىر بۇرادەرى بار ئەردى، يۇسۇف ئاتلىغ، ئاتامىز ئانى بىنەھايەت دوست تۇتار ئەردى، ئانى بۆرى يىدى ئەرسە، ئانىڭ ئورنىدا مۇنى كۆرۈپ، ئۆزىدىن جۇدا قىلماقغە تاقەتى يوقدۇر.» ئاندىن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «سىزلەرگە بۇغداي بېرۇرمەن، بەشەرتىنكى، يەنە بىر نەۋبەتدە ئول بۇرادەرىڭلەرنى ئالىپ كېلىڭلار.» ئاندىن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ھەر قايسىغە بىر ئۇلاغ بۇغداي بۇيرۇدىلەر. بۇلار بىر مۇنچە زىيادە بەرمەكنى تەلەپ قىلدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «پادىشاھ مۇندىن زىيادە بەرمەكنى بۇيرۇمادى، ئەگەر يەنە بىر نەۋبەت كەلسەڭلار زىيادە قىلىپ بېرۇرمەن.» بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: شەمئۇننى بۇن يامىنغە گۆرۇ ئالىپ قالدىلەر. بۇ قەۋل دۇرۇست ئەمەسدۇر. چۈنكى، ئەگەر مۇنداغ بولسە، ئۇلار ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. دىن گۇمان قىلۇر ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئۇلارغە قەۋل تۇتتۇردىلەر: «ئەگەر ئول بۇرادەرىڭلارنى ئالىپ كەلسەڭلەر بۇغداينى زىيادە قىلىپ بېرۇرمەن. ۋەگەرنە ئەسلا بەرمەسمەن.» بۇلار ئەيدىلەر: «بارىپ ئاتامىزدىن دەرخاست قىلالى، شايەد ئالىپ كەلگەيمىز.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. بىلدىلەركىم، بۇلارنىڭ ئەمۋالى كامدۇر، ئەگەر پۇل تاپالماسالەر كەلمەس. چاكەرلەرىگە بۇيرۇدىلەركىم: «بۇلارنىڭ پۇللارىنى ئاغلاتماي تاغارغە سالغىل». چاكەرلەر ئانداغ قىلدىلەركىم، بۇلار يانىپ كەنئانغە كەلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. غە ئەيدىلەر: «بۇن يامىننى بىزنىڭ بىرلە يەنە بىر نەۋبەت ئىبەرگىل، بىزگە زىيادە بۇغداي بەرمەكنى بۇ ۋەجھىدىن قىلدى. بىز بۇ نەۋبەت ئالىپ بارىپ، بىر خەرۋار بۇغداي زىيادە كەلتۇرگەيمىز. بىز بۇن يامىننى ياخشى ئاسراغايمىز، ئانى زايىئ قىلماغايمىز». ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «بۇن يامىن ئۈچۈن ئايا ئەمىن بولۇرمەنمۇ سىزلەردىن ئانداغكى ئىلگەركى بۇرادەرىڭلەردىن ئەمىن بولغان ئەردىم.» بۇلار ئەيدىلەر:

«ئەي ئاتا، ئىبەرمەي چارە يوقدۇر، چۈنكى پادشاھ بىزگە ئول بۇرادەرىڭلەرنى ئالىپ كەلمەسەڭلەر بۇغداي بەرمەسمەن دەپ قەۋل تۇتتۇردى.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر ئەرسە، بەس، ئاللاھ تەئالا نىگاھباندۇر، ياخشى رەھىم - شەففەت قىلغۇچىدۇر. بەس، بۇلار قاچىلارىنى ئاچتىلەر ئەرسە، كۆردىلەركىم، ئالىپ بارغان پۇللارىنى ياندۇرۇپ ئىبەرىپدۇر. ئەيدىلەر: «ئەي پەدەر، ئول پادشاھ سىنىبىڭ ئەۋلادىڭدىن بولغانى، ۋەگەرنە بىزگە بۇ ياخشىلىقنى قىلماس ئەردىكىم، پۇلىمىزنى ياندۇرۇپ ئىبەرىپدۇر. بىز بۇ نەۋبەت بۇن يامىننى ئالىپ بارىپ، ئەھلى ئەيالغە مەئاش كەلتۇرگەيمىز، ئانى ياخشى ئاسراغايمىز. بىر ئۇلاغ بۇغداي زىيادە ئالىپ كەلگەيمىز.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «مەن بۇن يامىننى ئىبەرمەسمەن، تاكى سىزلەر ئانى سەلامەت كەلتۇرمەككە ئاند ئىچمەگۇنچە؛ ئەگەر سەلامەت كەلتۇرمەسەڭىزلەر ھەممە ھەلاك بولغايسىزلەر.» بەس، بۇلار ھەممەلەرى ئاند ئىچتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ئاللاھ تەئالا بۇ سۆزۈڭلەرگە گۇۋاھدۇر.» ۋە يەنە ئەندىشە قىلدىلەركىم، بۇلار ئون بىر ئوغۇل بىر دەرۋازەدىن چۇغلاشىپ كىرسەلەر كۆركۆتكەي دەپ ئەيدىلەر: «ئەي ئوغلانلارىم، بىر دەرۋازەدىن يەكبارە كىرمەگەيسىزلەر. ھەر قايسىڭلار بۆلەك دەرۋازەدىن كىرىڭلار.» ۋە يەنە كۆڭۈللەرىدە ئەيدىلەر: «ئەگەر قەزايى ئىلاھى جارى بولغان بولسە، تەدبىر - ھىلەنىڭ ھىچ مەنفەئەتى يوقدۇر.» دەپ خۇداغە تەۋەككۇل قىلىپ، بۇن يامىننى بۇلار بىرلە ئىبەردىلەر.

ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ھۇنۇز نابىينا بولماغان ئەردىلەر. بەس، بۇلار ئول دىرەملەرنى ئالىپ مىسرغە كەلدىلەر. ھەر قايسىلارى بۆلەك دەرۋازەدىن كىرىپ، بۇن يامىننى ئالىپ، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. قاشلەرىغە كىردىلەر. ئەيدىلەر: «ئول سەن ئەيتغان بۇرادەرىمىز بۇدۇر.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. بىسيار شاد بولدىلەر. ئەمما ئۆزلەرىنى ئاشكارا قىلمادىلەر. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى بىر مىھمانخانەگە تۇشمەككە بۇيرۇدىلەر ئەرسە، بۇن يامىن تەنھا قالدى. ئەيدىلەر: «بۇ مىنىڭ قاشىمغە تۇشسۇن.» بۇن يامىن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نى تانۇمادى ئەرسە، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. يالغۇز مەندىن قورقماغاي دەپ، خىلۋەت قىلىپ

ئەيدىلەر: «مەن بۇرادەرىڭ يۈسۈفدۇرمەن. بەس، خۇدانىڭ رەھمىتىدىن نەۋمىد بولماغىلىكىم، بۇرادەرلەر ماڭا ئانچە قىلغۇلۇقلارنى قىلدىلەر. لېكىن مەن تىرىكدۇرمەن.» بەس، بۇن يامىن بىسيار شاد بولدىلەر. ئۇلەرغە چەندان خەبەرلەر ئەيتتىلەر. ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «مېنى ئۇلارغە ئەلھال ئەيتماغىل، تاكى بىر تەدبىر بىلە سېنى ئالىپ قالغايمەن.» بەس، ئۇلارغە بۇغداي بۇيرۇپ بەردىلەر ئەرسە، چاكىرلەرىغە ئەيدىلەر: «پادىشاھنىڭ بىر ئالتۇن پەيمانى بار ئەردى، بۇن يامىننىڭ قاچاسىغە ئانى ئاڭلاتماي سالىڭلار.» بەس، چاكىرلار ئانداغ قىلدىلەر. يەنە بىر قەۋلىدە ئالتۇن جام ئەردى دەپدۇرلەر. بەس، ئۇلار بۇغداينى قاچىلاپ ئالغاندىن كېيىن، مۇنادىي قىلدىلەر: «ئەي كارۋان خەلقى! ئايا سىزلەر ئوغرىسىزلەرمۇكىم، پادىشاھنىڭ ئالتۇن قاچاسىنى ئالغايسىزلەر!» بۇ سۆزنى چىن كۆڭۈللەرى بىرلە ئەيتمادىلەر. چۇنكى ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ-س. بىلۇر ئەردىلەركىم، بۇلار دوزئەمەسدۇرلەر، دوزلۇق ئۇلارغە ئەمەسدۇر...... بەس، ھەزرەتى يۈسۈف ئەلەيھ-س. نىڭ كىشىلەرى ئول جامنى ئىزدەدىلەر. بۇلار ئەيدىلەر: «نىمە ئىزدەرسىزلەر؟» . ئۇلار ئەيدى: «پادىشاھنىڭ جامنى ئىزدەرمىز. ھەركىم ئول جامنى تاپىپ كەلسە، ئاڭا بىر ئۇلاغ بۇغداي بەرمەككە زامىندۇرمەن.» بۇلار ئەيدىلەر: «قەسەم بەخۇداكى، بىز مىسرغە فەساد ئىشلەر قىلغالى ۋە ئوغۇرلۇق قىلغالى كەلگەن ئەمەسدۇرمىز. ئۆزۈڭلەر ھەم بىلۇرسىزلەر.» بەس، ئۇلار ئەيدىلەر: «ئەگەر جام سىزلەردىن چىقسە، بۇ سۆزۈڭلەر يالغان بولسە، جەزاسى نەدۇر؟» بۇلار ئەيدىلەر: «ھەركىمنىڭ يۈكىدىن ئول جام چىقسە، ئول كىشى سىزلەرگە بولسۇن.» ئانداغكى، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىدە ئوغرىنىڭ ھۆكمى بۇ ئەردى؛ ئەمما مىسر پادىشاھى بىر پۇل ئوغۇرلاغانغە ئىككى پۇل بۇيرۇر ئەردى. بەس، ئەۋۋەل بۇلارنىڭ يۈكلەرىنى باقتىلەر ئەرسە، ئول جامنى بۇن يامىننىڭ يۈكىدىن تاپتىلەر ئەرسە، بۇلار خىجىل بولۇپ ئەيدىلەر: «ھەر بەلاكىم بىز كۆرەرمىز، سەندىن ۋە بۇرادەرىڭدىن كۆرەرمىز.» بۇن يامىن ئەيدىلەر: «مەن، بۇرادەرىم سىزلەرنىڭ بەلا - مىھنەتىڭلەردىن قۇتۇلماسمىز. بۇرادەرىمنى ئالىپ بارىپ، بۆرى يىدى دەپ زايىئ قىلدىڭلار. مېنى ئالىپ كېلىپ دوزلۇق بەدنامى بىرلە بۇ خەلقغە بېرۇرسىزلەر.» ئول بۇرادەرلەر

ئەيدىلەر: «ئول جامنى يوكۇڭدە كىم قويغاندۇر؟» بۇن يامىن ئەيدى: «مەن بىلمەسمەنكىم، سىزلەرنىڭ قاچاڭلارغە پۇل سالغان كىشى قويغان بولغاي.»

بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. بۇ تەدبىر بىلە بۇرادەرلەرنى ئالىپ قالدىلەر. ھەق تەئالا خەبەر بىرىپدۇر: يۇسۇف ئەلەيھ-س.غە بۇ تەدبىرنى مەن تەئلىم بەردىم، بولماسا پادىشاھنىڭ دىنىچە بۇرادەرىنى ئالالماس ئەردى. بەس، بۇلار ئۆزلەرىنى يۇسۇف ئەلەيھ-س.غە راست بىلدۇرمەك ئۇچۇن ئەيدىلەر: «بۇ ئوغۇرلۇق قىلسە ئەجەب ئەمەسدۇركىم، مۇنىڭ بۇرادەرى ھەم ئوغۇرلۇق قىلغان ئەردى.» بۇ سۆزدىن ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھ-س. نىڭ كەمەر بەندلەرى ۋاقىئەسىنى قەسد قىلدىلەر. بەس، يۇسۇف ئەلەيھ-س. بۇلارنىڭ يالغانچىلىقلەرىنى ئەسلا زاھىر قىلمادىلەر. كۆڭۈللەرىدە ئەيدىلەر: «سىزلەر ھەرنە قىلغۇلۇقنى ماڭا قىلدىڭلار، ئانچە بۆھتان ۋە يالغاننى ماڭا ئەيتۇرسىزلەر. ھەق تەئالا سىزلەرنىڭ قىلغان - دىگەنىڭلەرگە دانادۇر.» بەس، بۇلار يەنە ئەيدىلەر: «ئەي ئەزىز، ئەگەر سەن بۇرادەرىمىزنى ئالساڭ ھەقدۇركىم، بىزنىڭ شەرىئەتىمىزدە ھەم ئانداغ. لېكىن بىزنىڭ ئاتامىز باردۇركىم، بىر ئوغلىنى بۆرى يىگەن ئەردى، ئانىڭ فىراقى ئوتىغە مۇنىڭ جەمالى زۇلالى بىرلە تەسكىن بېرۇر ئەردى. بۇ بۇرادەرىمىز ئورنىدا بىزنىڭ ھەر قايسىمىزنى خاھلاساڭ، ئانى بىزنىڭ بىرلە ياندۇرساڭ. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «مەئازەللاھكى، مەن بىرنىڭ جەزاسىغە يەنە بىرنى ئالماسمەن». بەس، بۇلار بىلدىلەركىم بۇ سۆزلەر قەبۇل بولمايدۇر. بەس، زور كۈچ بىرلە ئالماق مەسلەھەت قىلدىلەر. بۇلارنىڭ ئۇلۇغى روبىل ئانداغ ئەردىكىم، ئەگەر غەزەبى كەلسە، بەدەنىدەكى تۈكلەرى ئىگىنىدىن تىشىپ چىقار ئەردى؛ ئەگەر قىچقارسا ئاۋازىنى ئىشىتكەنلەر ئۆلەر ئىدى. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئەۋلادلارىدىن بىر كىشى ئەئزاسىنى تۇتماغۇنچە ئاچچىغى باسىلماس ئەردى. بەس، روبىل ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. قاشلەرىغە كەلدى، ئەيدىلەر: «ئەزىزى مىسر، مېنىڭ بۇرادەرىمنى بەرگىل، ۋەگەرنە مېنىڭ غەزەبىم كېلۇر، بىر ئاۋاز قىلۇرمەن، سەن ۋە تەمامى مىسر خەلقى ھەلاك بولۇرلەر!» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. بىلۇر ئەردىلەر، باقتىلەركىم، تەمامى ئەئزاسىدىن تۈكلەرى چىقىپدۇر. ئوغلانلەرى ئەفرائىنغە

ئەيدىلەر: «سەن ئاھستە بارىپ، روبىلنىڭ بازۇسىنى تۇتقىل.» ئەفرائىن بارىپ، روبىلنىڭ ئۆشنىدىن تۇتتى ئەرسە، ئاچچىغى باسىلدى. بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «مەن بۇ ئوغۇلدىن قولۇمنى يىغماسمەن، ھەرنە قولۇڭدىن كەلسە قىلغىل!» بەس، روبىل ئانچە قىچقىرماقغە زور قىلدى ئەرسە، ئاۋازى چىقمادى. ھەيران قالىپ ئەيدى: «ماڭا ئانداغ مەئلۇم بولۇركىم، بۇ ئۆيدە يەئقۇب ئەلەيھ-س. نىڭ ئەۋلادلارىدىن كىشى بولغايكىم، مىنى ئول تۇتۇپدۇر، مىنىڭ غەزەبىم ۋە قۇۋۋەتىم كەم بولۇپدۇر.» بەس، ئاندىن كىلىپ، بۇرادەرلەرىگە ۋاقىئەنى بەيان قىلدى ئەرسە نەۋمىد بولدىلەر. ۋە يەنە بىر رەۋايەتدە ئانداغ كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. بۇن يامىنغە ئۆزلەرىنى ئاشكارا قىلمادىلەر. لىكىن ئول سائىنى بۇن يامىندىن تاپىپ ئالدىلەر ئەرسە، ئول سائىنى بىر قاقتىلەر، بىر ئاۋاز چىقتى، قۇلاق سالىپ ئەيدىلەر: «بۇ سائ ئەيتۇر، سىزلەر ئون ئىككى بۇرادەر ئىكەنسىزلەر، بىرىڭلارنى ساتىپسىزلەر.» بۇن يامىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ قوپۇپ تەئزىم قىلىپ ئەيدى: «ئەي پادشاھ، سورغىلكىم بۇرادەرىم تىرىكمۇ؟» . ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. يەنە قاقىپ ئەيدىلەر: «تىرىكدۇركىم سەن ئانى كۆرەرسەن دەيدۇر» . يەنە ئەيدىلەر: «ئەي پادشاھ يەنە سورغىلكىم، بۇ سائىنى كىم ئوغۇرلاپ ئىكەن؟» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. يەنە قاقتىلەر ئەرسە: «بۇ سائىم غەزەب قىلىپ ئەيتۇر، مەندىن نە سورارسەن، ئۆزۈڭ كىمنىڭ يۈكىدىن ئالدىڭ، بىلۇرسەن!؟» بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. بۇن يامىننى بەرمەدىلەر ئەرسە، بۇلار ئەيدىلەر: «ئەمدى بىز نىچۈك قىلۇرمىز، ئاتامىز قاشىغە قايداغ بارۇرمىز، نىچۈك جەۋاب بىرۇرمىز!» بۇلارنىڭ ئۇلۇغى روبىل ئەردى. بەئزىلەر يەھۇدا ئەردى دەپدۇرلەر. ئەيدى: «بىلۇرمۇ سىزلەر، ئاتاڭلار نىمە دەپ ئەردى، نىچۈك ئەھد - مىساق ئالىپ ئەردى: بۇ ئوغلۇمنى ئالىپ كەلمەسەڭلار ھەممە ھەلاك بولۇرسىزلەر! ئىلگەرى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. غە نە ئىش قىلدىڭلار! مەن تا ئاتامنىڭ ئەمرى بولماغۇنچە مۇندىن ھىچ قايان بارماسمەن، تا ماڭا مۇندا ئەجەل يەتكەي ئۆلگەيمەن. ئەمدى سىزلەر بارىڭلار، بۇن يامىن دوزلۇق قىلدى، بىز ئانى ساقلاماق ئەردۇك، ئانچەكى قۇدرەتىمىز بار ئەردى ساقلادۇق؛ ئانىڭدىن مۇنداغ ئىشلارنى بىلمەدۇك؛ ئەگەر بۇ سۆزۈمىزگە باۋەر

قىلماساڭ كارۋان خەلقىدىن سورغىلكىم، بىز ئۇلار بىرلە ھەمراھ ئەردۇك. ئول ساڭ كىمىنىڭ يۈكىدىن چىقىپدۇر، ئەيتۇرلەر. بىز راستگويدۇرمىز.»

ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ھەر باركى سىزلەر مىنىڭ قاشىمدىن بارۇرسىزلەر، بىرىڭلار يوق بولۇپ كېلۇرسىزلەر. ئىلگەرى بارىپ شەمئۇننى يوق قىلدىڭلار.» بۇلار ئەيدى: «شەمئۇننى ئىلگەرى گىرەۋ ئالىشىپ قالدى. بۇن يامىن دوزلۇق قىلدى. يەھۇدا كەلمەدى، تۇرۇپ قالدى.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «بۇ سىزلەرنىڭ ئىتتىفاق بىرلە قىلغان ئىشىڭلاردۇر. بەس، مەن سەبر قىلۇرمەن، شايەدكى ھەق تەئالا ھەممە فەرزەندلەرىمنى قاۋۇشتۇرغاي!» بەس، بۇلاردىن يۈز ئۆيرۈدىلەر، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نى يادلانىپ، دەردۇ ھەسرەت تارتتىلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. نىڭ كۆزلەرى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ غەملەرىدە يىغلاپ، كۆزلەرى ئاقارىپ ئەردى. بۇلار ئەيدىلەركىم: «ئەي ئاتا، قاچانغە يۇسۇفنى ياد قىلۇرسەنكىم كۆزلەرىڭ ئاقاردى، پىرى زەئىف بولدۇڭ، تېخى مۇنداغ دەرسەن. ئۆلمەكنى ئەندىشە قىلماسسەن.» بەس، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «مەن بۇ غەممىنى سىزلەرگە ئەيتماسمەن، ھەق تەئالاغە ئۆز ھالىمنى ئەرز قىلۇرمەن. ھەق تەئالادىن ھەرنە كەلسە بىلۇرمەن. سىزلەر بىلمەسسىزلەر.» چۈنكى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ئول تۈشنىڭ راستلىقىنى بىلۇر ئەردىلەر. ۋە يەنە ھەزرەتى ئەزرائىل ئەلەيھ-س. دىن تۈشلەرىدە سورغان، ئەيدىلەركىم: «فەرزەندىم جانىنى قەبز قىلدىڭىزمۇ؟» ئۇلەر: «قەبز قىلمادىم» دىگەن ئەردىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نى تىرىك بىلۇر ئەردىلەر.

بەس، ئەيدىلەر: «سىزلەر مىسرغە بارىپ، يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ، ئول بۇرادەرىڭلارنىڭ خەبەرىنى ماڭا كەلتۇرۇڭلار. خۇدانىڭ رەھمەتىدىن نەۋمىد بولماڭلار.» بۇلار بىر مۇنچە پۇل تاپىپ، ۋە يەنە بىر مۇنچە ياغ، يۇڭ ئالىپ، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. قاشلەرىغە باردىلەر. ئەيدىلەر: «ئەي ئەزىز، بىزنى ئەھلى ئەيالىمىز بىرلە قەھت، ئاچلىق بىسيار تەڭ قىلدى. بىز ئازغىنە بىر مۇنچە سەرمايە تاپىپ كەلدۇك، بىزگە مەئاش بەرگىل، سەدەقە قىلغىل. ھەق تەئالا سەدەقە قىلغۇچىلارغە ياخشى ئەجرۇجەزا

بىرۇر.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. بۇرادەرلەرىدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتىلەر ئەرسە، بىردىلەركىم، قەھت بۇلارنى ۋە ئاتالەرىنى تەڭ قىلىپدۇر. سەبر - تاقەت قالغانى يوق. بەس، ئۆزلەرىنى ئاشكارا قىلدىلەر. ئەيدىلەركىم: «ئاپا، بىلۇرمۇ سىزلەركىم، يۇسۇفكە، بۇرادەرىگە نەئىشلار قىلدىڭلار؟ ئانى قۇدۇغقە سالدىڭلار، ئاتاسىدىن، بۇرادەرىدىن جۇدا قىلدىڭلار! يۇسۇفنى ھەق تەئالا ئۆز پەناھىدا ساقلادى، مەلىك - پادىشاھلىقنى كەرەم قىلدى.» بەس، بۇلەر ئەيدىلەر: «ئايا، سەن يۇسۇفدۇرمۇسەن!» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «مەن-يۇسۇف، بۇرادەرىم بۇدۇرلەر.» ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالا بىزنىڭ ئارامىزدىن سىنى ئىلغاپ ئۇلۇغقە لايىق قىلىپدۇر. بىز سىنىڭ ھەققىڭدە يامان ئىشلار قىلدۇق. بەدكىرداردىن بولدۇق.» بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. بىلدىلەركىم، بۇلار قورقتىڭلار. ئەيدىلەركىم: «مەن سىزلەرنىڭ قىلغانىڭلارغە مۇئاخەزە قىلماسمەن، سىزلەرنى ھەق تەئالا مەغفىرەت قىلغاي.» ئاندىن كىيىن يەئقۇب ئەلەيھ-س. دىن خەبەر سوردىلەر. بۇلار ئەيدىلەركىم: «قاچانكىم بىزلەر ئاتامىز قاشىغە باردۇق، بۇن يامىن شىنىڭ قاشىڭدا قالدى ئەرسە، ئانىڭ غەمىدە يىغلاپ، كۆزلەرى نابىينا بولدى.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «بۇ كۆڭلەكىمنى ئالىپ بارىڭلار، يۇزلەرىگە ياقىڭلار، تاكى مىنىڭ ئىدىمنى ئالىپ، كۆزلەرى ئاچىلغاي. ۋە يەنە ھەممە ئەھلى ئەياللەرنى مۇندا ئالىپ كىلىڭلار.»

بەس، كارۋان مىسردىن چىقتى ئەرسە، بۇلار ھەم ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. بەرگەن بۇغداينى، ئول كۆڭلەكنى ئالىپ چىقتىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا شامالغە فەرمان قىلدىكىم، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. يىدلەرى كەنئانغە يەتتى. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س.غە ئول يىد كەلدى ئەرسە، ئەيدىلەركىم: «مەن يۇسۇفنىڭ بۇيىنى ئالۇرمەن، مىنى ئۇجۇقۇيدۇر دىگەيسىزلەر.» قاشلەرىداقىلەر ئەيدى: «قەسەم بەخۇدايىكى، سەن ئىلگەركى ئارزۇ، ھەسرەتدە يۇسۇفنى ئۇنۇتماسسەن. قىرىق يىلدۇركىم ئارام قەرار ئالماسسەن. يۇسۇف ئەلەيھ-س. تىرىكدۇر يا يوق». قاچانكىم، ياۋۇق يەتتىلەر، يەھۇدا ئول كۆڭلەكنى ئالدى، ئەيدى: «ئول كۈن ئول قانلىغ كۆڭلەكنى ئاتام ئالدىدا قويۇپ، يۇسۇفنى بۆرى يىدى دەپ خەبەر قىلغان مەن

ئەردىم. ئەلھال ھەم خۇشخەبەر ئېلىپ بارۇرمەن» دەپ ئىلگەرى يۈردى. كۆڭلەكنى يۈزىگە ياپتى ئەرسە، ھەق تەئالا كۆزلەرىنى بىينا رەۋشەن قىلدى، ھەم پەيغەمبەرلىكلەرىگە مۆئجىزە ئەردى. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. ئېيدىلەر: «مەن سىزلەرگە ئېيتىپ ئەردىم: خۇدادىن كەلگەن نەرسەنى مەن بىلۇرمەن، سىزلەر بىلمەسسىزلەر.» بەس، بۇلار ئېيدى: «بىزگە ھەق تەئالادىن مەغفىرەت تىلەگىل، بىز گۇناھكاردۇرمىز.» ئېيدىلەركىم: «ۋەقتى بولغاندا مۇناجەت قىلىپ ئامىرزىش تىلەگەيمەن.» ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. كېچە نەماز ئۆتەپ، دۇئا - مۇناجات قىلۇر ئەردىلەر. ئېيتىپدۇرلەركىم، ئازىنە كېچەسى ئامۇرزىش تىلەمەكنى ئىرادە قىلدىلەر. ھۆكۇمالار ئېيتىپدۇرلەركىم ئاستەلىك زاھىر بولۇر، جۇۋانلەردىن شىتاب بىلگۇرۇر. ئانداغكىم، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.نى ئول سائەت خۇداي تەئالا مەغفىرەت قىلغاي، دىدىلەر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. مەغفىرەت تىلەمەكنى ۋەئدە قىلدىلەر.

بەس، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. ھەممە ئەۋلادلارى بىرلە مىسرغە كەلدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئېيدىلەركىم: «ئىنشائاللاھ تەئالا، ئەمدى غەم - غۇسسەدىن ئەمىن بولغايمىز». ئاتالەرىنى تەختدە ئولتۇرغۇزدىلەر ئەرسە، ئاتا - ئانالەرى ئون بىر بۇرادەرلەرى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س.غە سەجدە قىلدىلەر. مۇندا ئاتالەرى دەپ ئانالەرى بىرلە بىر تۇغقانىنى ئېيتىپدۇرلەر. ھەزرەتى يۇسۇف، ئەلەيھ.س. ئاتالەرىغە ئېيدىلەر: «ئەي ئاتا، بۇ ئول تۇشۇمنىڭ تەئبىرىدۇر». خەبەردە ئانداغ كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. ھەزرەتى يۇسۇفنى تاپتى ئەرسە، ئېيدىلەر: «ئەي ئوغلۇم، ئاغالارىڭ قىلغان ئىشلارنى ماڭا بەيان قىلغىل.» ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ئېيدىلەر: «ئەي ئاتا، ئاغالارىم قىلغاننى سورماغىل، لېكىن خۇدانىڭ سەنەئى ۋە ئىرادەسىنى سورغىل، ھەق تەئالا ماڭا ئانچە فەزل - كەرەملەر قىلدى». ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. خاھلامادىلەركىم ئاغالارى قىلغاننى ئاتالەرىغە زىكر قىلغايلەر. تاكىم ئاتالەرى ئۇلارنى دۇشمەن تۇتغاي. بۇ نەھايەت كەرەم ۋە جۇۋانمەردلىكدۇر. ۋە يەنە: «شەيتان بۇرادەرلەرىم كۆڭلىنى دۇشمەن قىلدى، ھەق تەئالا ماڭا مۇلۇك بەردى، تەئبىر ئىلمىنى ئەتا قىلدى» دەپ بۇرادەرلەرىنىڭ جەفا،

خەتالەرنى شەيتانغە نسبەت قىلدىلەر، تاكىم ئۇلارنىڭ كۆڭۈللەرى ئازۇردە ـ رەنجۇردە بولماغاي. بۇغايەت لۇتىف ـ مەرھەمەتدۇر، مەردانەلىكدۇر. بەس، ھەرەتى يۇسۇف ئەلەيھ ـ س. نىڭ بۇ ئالەمغە ياخشىلىقى تەمام مۇيەسسەر بولدى؛ ھەممە غەمدىن خەلاس بولدىلەر ئەرسە، ئاخىرەت غەمىنى يەپ ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، مۇلۇك، پادشاھلىق بەردىڭ، تەئبىر ۋە ھىكمەت ئىلمىنى كەرەم قىلدىڭ. ئاسمان ـ زەمىننىڭ پەرۋەردىگارى، ئىككى جەھاننىڭ ئىگەسى، كارگۇزارى سەن. مېنى دىنى ئىسلام بىرلە بۇ ئالەمدىن ئالىپ بارغىل، مېنى سالىھ بەندەلەرىڭغە قوشغىلكىم، ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ئەلەيھ ـ س. دۇرلەر. خەبەردە كەلتۇرۇپدۇرلەركىم: ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ ـ س. ئول تۇشنى كۆرۇپ، تا تەئبىرى ۋاقىئ بولغۇچە قىرىق يىل ئۆتتى. دىگەر گۇرۇھى سەكسەن يىل ئەردى دەپدۇرلەر. قىرىق يىل بولماقى دۇرۇستراقدۇر. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ ـ س. مىسرغە كېلىپ، يىگىرمە يىل تىرىكلىك قىلدىلەر، ئاندىن ۋەفات بولدىلەر، ئۆمۇرلەرى يۈز قىرىق يەتتە ئەردى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ ـ س. غە ۋەسىيەت قىلدىلەركىم: «مېنى شامدا، ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ئەلەيھ ـ س. نىڭ قاشلەرىدە دەفن قىلغايسەن.» بەس، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ ـ س. ئۇلارنى ھەزرەتى ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ئەلەيھ ـ س. نىڭ ئاياغلەرىدە دەفن قىلدىلەر. يانىپ مىسرغە كەلدىلەر. ئاندىن كېيىن يىگىرمە ئۈچ يىل ئۆمۇر كۆردىلەر. خۇداي تەئالادىن پەيغەمبەرلىك ۋەھى كەلدى. پادشاھى مىسرنى ئىمانغە تەكلىف قىلدىلەر ئەرسە، مۇسۇلمان بولدى. ئول بۇرادەرلەرى مىسردا ئۆيلەندىلەر. بۇرادەرلەرىنىڭ ۋە ئۆزلەرىنىڭ ئەۋلادى بىنەھايەت تولا بولدى. ھەتتاكى مىسرغە غەلەبە قىلدى. ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ ـ س. مىسرغە كەلگەنلەرىدە يەتمىش كىشى ئەردىلەر. ۋەقتىكى ھەزرەتى موسا ئەلەيھ ـ س. بەنى ئىسرائىلنى مىسردىن ئالىپ چىقتىلەر. مىسردا تۇرۇپ قالغاندىن ئۆزگەسى مىڭ يەتتە يۈز كىشى ئەردىلەر.

بەس، ئول شاھ رەييان ئۆلدى ئەرسە، ئانىڭ تۇغقانلارىدىن بىرى پادىشاھ بولدى، نەسەبى ئىمالىقدىن قالۇس مۇسئەب بىننى مەئۇنە بىننى تەمەرىبىننى سەلۋان بىننى ئۆمەر بىننى لەئوي بىننى سام بىننى ھەزرەتى نوھ ئەلەيھ ـ س. ئۇلار كافىر ئەردى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ ـ س. غە ئۇلارنى ئىمانغە تەكلىف

قىلماقچى بولغاندا ئۇلارغا ۋەھىي كەلدى، ئىمانغا تەكلىپ قىلدىلەر مۇسۇلمان بولغاي؛ كافىر ئۆلدىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ ئۆمۈرلەرى يۈز يىگىرمەگە يەتتى ئەرسە، يەھۇدانى ۋەسى قىلدىلەركىم، ھەممە بۇرادەرلەرىنىڭ ئۇلۇغى ئەردى، ئىلىم - دانىشدە ھەم زىيادە ئەردى. ئەيدىلەر: «مېنى مىسردا قويغىل. مېنىڭ ئەۋلادىمدىن موسا بىننى ئۇمران ئاتلىغ بىر پەيغەمبەر زۇھۇرغە كىلۇر. فەرزەندىن فەرزەندكە ۋەسىيەت قىلسۇنلەر، تاكىم، ئول پەيغەمبەر خۇرۇج قىلىپ، بەنى ئىسرائىلنى مىسردىن ئالىپ چىقارلەر. ئاندا مېنىڭ جەسەدىمنى ئالىپ چىقىپ، ئىبراھىم ۋە ئىسھاق ئەلەيھ-س. قاشلارىدا دەفن قىلسۇنلەر.» يەھۇدا ئۇلەرغە سەنگى رۇخامدىن ساندۇق ئېتىپ نىل دەرياسىدا دەفن قىلدىلەر. بالادىن بالاغە ۋەسىيەت قىلدىلەر، تا ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غىچە. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. مىسردىن بەنى ئىسرائىل بىرلە چىقغانلەرىدە، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ تابۇتلەرىنى ئالىپ چىقىپ، شامدا ئاتا - ئەجدادلارى قاتارىدا دەفن قىلدىلەر. ھەق تەئالا ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. نىڭ ئوغلانلارىدىن خۇشنۇد، ئۇلەرنى ھەزرەتى يۇسۇف، ئىسھاق ۋە ئىبراھىم ئەلەيھ-س. بىرلە بىر يەردە جەمئ قىلىپدۇرلەر. ئۇلارنى «قۇرئان»دا بىر قاتار بىر يەردە ياد قىلىپدۇر. چۇنكى ھېچكىم ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ بۇرادەرلەرىنى دۇشمەن تۇتمادىلەر. ئەگەر دۇشمەن تۇتسە دوزاخغە بارۇر، ئۇلار بىھىشتىدۇرلەر. ۋە يەنە ھەق تەئالا ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغە ئەيتۇر: بۇ خەبەرلەر ھەم غەيبدىندۇركىم، ساڭا ۋەھى قىلدىم، سەن ئاندا يوق ئەردىڭكىم، ئۇلار يۇسۇفنى زىندانغا سالدىلەر، مىكرلەر قىلدىلەر؛ مەن ھەممەسىنى ساڭا بەيان قىلدىم، تاكىم ئوقۇپ، ئۇلار ۋاقىئەسىنى كۆرگەندەك بىلگەيسەن. ۋە يەنە ھەق تەئالا ئەيتۇر: ھەر ئايىنە ئۇلارنىڭ قىسسەلەرىدە ئاقىللارغە ئىبرەتىدۇركىم باردۇر. بۇ يالغان باغلاغان قىسسەلەر ئەمەسدۇر. «تورات» دا ھەم بۇ قىسسەنى ھەق تەئالا مۇنداغ ياد قىلىپدۇر، «قۇرئان» دا ھەم مۇنداغ ياد قىلماقنى ئىرادە قىلىپدۇر. ھەر نەرسەنى ھەق تەئالا پەيغەمبەرىگە بەيان

قىلىپدۇر، ئۇل پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئۇل باشلاغۇچى، مۆئمىنلەرگە رەھمەت قىلغۇچىدۇر.

# فەسلى دەستان
# قىسسەئى ئەييۇب ئەلەيھىسسەلام

مۇھەممەد بىننى جەرىر - تەبەرى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى بۇ كىتابدا ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. نىڭ قىسسەلەرىنى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. ۋاقىئەلەرىدىن ئىلگەرى زىكر قىلىپدۇرلەر؛ ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. نى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. نىڭ ۋەقتلەرىدە ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. دىن ئىلگەرى دەپدۇرلەر؛ ئەيتىپدۇرلەر ئەييۇب بىننى رەئۇىل بىننى غەيز—بۇ خەتادۇر. يەنە بىر رەۋايەتدە، ئەييۇب بىننى مەۋس بىننى راھ بىننى ئەيس بىننى ئىسھاق ئەلەيھ.س. ئانداغ كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. نىڭ كۆچىلەرى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. نىڭ قىزلەرى لەيا ئەردى. بۇ دۇرۇست ئەمەس. چۇنكى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. تىرىك ئەردىلەر، ئەيسىنىڭ ئوغلى چوڭۇدى ئەرسە، قىزلەرىنى ئەرگە بەردىلەر. دۇرۇست ئۇلكى ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. نىڭ كۆچىلەرى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. نىڭ ئوغلانلەرى ئەفراھىمنىڭ قىزى رەھىمە ئەردىلەر. ۋە يەنە بۇ كىتابدا، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. نى ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. دىن ئىلگەرى زىكر قىلىپدۇرلەر، بۇ ھەم خەتادۇر. چۇنكى ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. ھەزرەتى موسا سەلەۋاتىللاھى ئەلەيھى نىڭ ۋەقتلەرىدە ئەردىلەر، «قۇرئان» دە ھەم بۇ تەرتىبدەدۇر. مەن (ئابدۇرەسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم—ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلغۇچى) تەرتىبى تارىخ بولغاي، دەپ ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. دىن كېيىن زىكر قىلدۇق.

بەس، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. بىننى مەۋس بىننى راھ بىننى ئەيسدۇرلەر. ئۇلەرنىڭ ئىككى ئوغۇللەرى بار ئەردى، ھەر ئىككىسىلەرى پەيغەمبەر ئەردىلەر. ئەيسىنىڭ ئۇرۇغىدىن تا ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. غىچە ھېچ پەيغەمبەر كەلمەدى. ئۇل ھەزرەتى ئەلەيھ.س. خۇداي تەئالانىڭ ياخشى،

پاك بەندەلەرىدىن ئەردىلەر. ھەق تەئالا جەللە جەلالە ئۇلەرنى ھىچ پەيغەمبەرگە ئىبەرمەگەن بەلالەر بىرلە ئازمايىش قىلدى. ئۇلەر ھەم ھىچ كىم قىلالماس سەبر ـ تاقەتنى بىجا كەلتۇردىلەر. خۇداي تەئالا «قۇرئان» دا قىلىپدۇركىم، مەزمۇنى بۇدۇر: ئول ئەييۇب نەياخشى بەندەدۇركىم، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھىس. شامدا سانىيە ئاتلىغ بىر كەنتدە ئەردىلەركىم، ھالا ئول سانىيە بىر شور زەمىندۇر، دەمەشقنىڭ ئەرمۇنتىيەنىڭ ئاراسىدا. ئول سانىيە نەچەند كەنتدۇر، ھەممە ئاباد. خۇداي تەئالا ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھىس. نى ئول كەنتلەرگە پەيغەمبەر قىلدى. يەتتە يىل ئول خەلقنى ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر. ئۇلاردىن ئۈچ كىشى ئىمان كەلتۇردى. ھەق تەئالا ئۇلارغا بىسيار مال ـ ئەمۋال كەرەم قىلدى. ئول سانىيەنىڭ سەھرا ـ يازى ۋە كەنتلەرى ئۇلارنىڭ بولدى. ئۇلارنىڭ چەندان جۇفت ئۆيلارى بار ئەردى، ئول كەنتلەردە زىرائەت قىلۇر ئەردىلەر. ھەر كەنتنىڭ دىھقانلىق ئەسبابىنى بىر ئىشەك كۆتەرۇر. مىڭ ئاغىل قويلارى بار ئەردى، ھەر ئاغىلدا مىڭ قوي دەپدۇرلەر. بەئزى رەۋايەتدە، ئول خەلق ھەممەسى ئۇلەرنىڭ كىشىلەرى ئەردى دەپدۇرلەر. يەتتە ئوغۇل، ئۈچ قىزلەرى بار ئەردى، ھەممەسى چوڭ ـ كىچىك ئون ياشدىن ئۆتكەن ئەردىلەر. مەكتەبدار كەلتۇرۇپ، ئۇلارغە، ئىبراھىمغە كەلگەن مۇسھەفنى ئوقۇتۇر ئەردىلەر. ھىچ بەندە خۇداغە قۇللۇق، ئىبادەتنى ئۇلەرغە يەتكۇزمەدىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرغە نەز ـ نىئمەتنى مۇنداغ فەراۋان قىلدى؛ فەرىشتەلەر ئاراسىدا ئۇلەرغە سەنا ئەيتماق بىرلە ئۇلۇغ ـ مۇكەررەم قىلدى، ئاسمان فەرىشتەلەرى دۇرۇد ئەيتۇر ئەردىلەر. ئىبلىس لەئىن بۇ ھەللەرىغە ھەسەد قىلىپ ئەيدى: «پەرۋەردىگارا، مۇنداغ ناز ـ نىئمەت، مەرھەمەتكە كىمدۇركىم ئىبادەت قىلماغاي. مىنى ئەييۇب ئەلەيھىس. نىڭ مال ـ ئەمۋاللەرىغە مۇسەللەت قىلغىل، مەن ئانى ھەلاك قىلاي. ئاندا كۆرگىلكى ئول كافىر بولۇر.» ھەق تەئالا مىنىڭ خاس بەندەلەرىمگە غالىب بولالماسسەن دەپ ئەردى، بۇ سۆزنىڭ ھەقلىغىنى ئىبلىسغە بىلدۇرمەك ئۈچۈن، ئىجازە بەردى ئەرسە، ئىبلىس بىر ئاۋاز قىلدى، ھەممە جىن ـ شەياتىنلار يىغىلدىلەر. ئۇلارغە ئەيدىلەر: «ماڭا ياۋەر بولۇڭلار، مەن ئەييۇب ئەلەيھىس. نىڭ ھەممە مال ـ ئەمۋالىنى ھەلاك قىلاي، تاكىم كافىر بولسۇن». بەس، ھەر يەردەكىم ئەييۇب ئەلەيھىس. نىڭ مال ـ ئەمۋاللەرى بار ئەردى. ئۇلارغە

دېۋ - شەيتانلارنى ئىبەردى، ئۆزى ئاغىللارغا كەلدى، قويلار ئاغزىدىن پۇردەدى، ھەۋادىن بىر ئوت كېلىپ، تەمامى قوي ۋە قويچىلارنى كۆيدۈرۈپ كەتتى؛ ئۆزى بىر قويچىلار چوڭىنىڭ سۈرەتىدە ئەييۇب ئەلەيھ-س. قاشلەرىغا كەلدى، ئەيدى: «خۇداي تەئالا بىر ئوت ئىبەرىپ تەمامى چهار پايلارنى، پادابانلارنى كۆيدۈردى، مەندىن ئۆزگە ھېچكىم تىرىك قالمادى.» ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ئول ھەممەسىنى خۇدا بەرگەن ئەردى، يەنە ھەر نەرسە خاھلاسا قىلۇر. ئەگەر سېنىڭ ھەم بىر ياخشىلىقىڭ بولماسا سەن ھەم كۆيەر ئەردىڭ. تا مەن ھەم سېنىڭ ياخشىلىقىڭدىن قالىپدۇرمەن.» ئىبلىس غەمكىن بولۇپ ياندى، ئەيدى: «خۇداۋەندا، سېنىڭ ئىرادەڭنى بىلۇركىم، سەن ئاڭا رىزق روزى بەرمەي قويماسسەن. ئاڭا ئېئتىماد قىلۇر. ئەمدى مېنى فەرزەندلەرىگە مۇسەللەت قىل، تاكى ئۇلارنى ھەلاك قىلغايمەن.» فەرمان كەلدىكىم: «ئەي مەلئۇن، ھەرنە قىلساڭ قىل!» بەس، ئىبلىس مەكتەبخانەگە كەلدى، يەرنى تەبرەتتى، مەكتەبخانە يىقىلىپ، ھەممە فەرزەندلەرى مەكتەبدار بىرلە ھەلاك بولدىلەر. ئىبلىس ئول مەكتەبدار مولانىڭ سۈرەتىدە بولۇپ، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ-س. نىڭ قاشلەرىغا كەلدى. ئېيدى: «ئەي ئەييۇب، خۇداي تەئالا يەرنى تەبرەتىپ، مەكتەبخانە فەرزەندلەر ئۆزەسىگە يىقىلىپ، ھەممەسىنى ھەلاك قىلدى. مەن تىرىك قالدىم، ساڭا خەبەر قىلغالى كەلدىم. ھېچ يەر تەبرەمەدى، مەگەر ئول مەكتەب لەرزەگە كەلدى. بارىپ كۆرگىل، سېنىڭ فەرزەندلەرىڭ تۇفراق ئاراسىدا نېچۈك خار - زار ئۆلۈپدۇر، بىسيار دەرد - ھەسرەت تارتغايسەن.» ئەييۇب ئەلەيھ-س. كۆزلەرىدىن ياش رەۋان قىلمادى. ئەمما خۇداي تەئالانىڭ ئىرادەسىگە كۆڭۈل باغلاپ، فەرياد - فىغان، جەزەئ - فەزەئ قىلمادىلەر. ئاڭا ئەيدىلەركىم: «مۇنداغ مۇبالىغە قىلۇرسەن، مەگەركى ئىبلىسدۇرسەن.» ئىبلىس يەنە مەئيۇس بولۇپ ياندى. يەنە ئەيدى: «خۇداۋەندا، ماڭا ئەمدى تەنىگە يول بەرگىل.» ھەق تەئالا ئەيدى: «ئەقلى، تىلى، كۆڭلىدىن ئۆزگەسى ساڭادۇر.» بەس، ئىبلىس ياندى. ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ-س. نەمازدا ئەردىلەر، باشلەرىنى سەجدەگە قويدىلەر ئەرسە، ئىبلىس سەجدەگاھلەرىدە يەرگە چۆكۈپ تۇردى. دىماغلەرىغا پۇردەدى ئەرسە، تەمامى بەدەنلەرىگە ئوت تۇتاشتى، ھەممە ئەئزالەرى قىزاردى. ھەر تەرەفدە

يارالار پەيدا بولدى. قان، يىرىڭ، زەردابلار ئاقا باشلادى؛ باشدىن ئاياغلەرىغە قۇرتلار پەيدا بولدى. يۈز - كۆز، كۆڭۈللەرىدىن ئۆزگە ئەئزالەرى سەلامەت قالمادى. كۆجىلەرىدىن بۆلەك ھەم ھىچكىم قاشلەرىدە قالمادى. ئانچە بار ئەمۋاللەرىنى خەرج قىلىپ تەمام قىلدىلەر. كەنت - سەھرالارغە چىقىپ، بىرەر نەرسە تىلەپ كەلتۈرۈپ، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ-س. غە نەفەقە قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ-س. نىڭ ئۇستىخانلارىدىن ئۆزگە بەدەنلەرىنى تەمام قۇرتلار يىدى. ھەربار بەدەنلەرىدىن قۇرتلار يەرگە تۈشسە كۆجىلەرىگە ئەيتۇر ئەردىلەر: «ئول قۇرتلارنى ئالىپ ئورنىدا قويغىل، ئول ئۆز رىزقىنى يىگەي، ئانىڭ ئەجرى بولغاي.» تا ئانچە بولدىلەركىم، بەدبۇيلۇقلارىدىن خەلق ئازار تاپتىلەر، ئۇلارنى كەنتدىن چىقارىپ يىراق خىزمەتكارلەرىنىڭ ئۆيىدە قويدىلەر. ئەيدىلەر: «مۇندا ئۆلۈپ قالغاي.» بەس، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ-س. يەتتە يىل بۇ بەلاغە مۇبتەلا بولدىلەر، كۈندىن كۈنگە زىيادە بولۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ-س. سەبىر قىلىپ، ھەمدۇسەنا، شۇكرلەر ئادا قىلۇر ئەردىلەر؛ خۇدا زىكرىدىن ئۆزگە سۆزنى تىللەرىغە جارى قىلمادىلەر؛ خۇدا يادىدىن ئۆزگە فىكر - ئەندىشە كۆڭۈللەرىگە كەلتۈرمەدىلەر. ئۇلەردىن بىھەد سەبىر - تاقەت ۋاقىئ بولدى ئەرسە، فەرىشتەلەر تەئەججۇب قىلىپ، ھەيران قالدىلەر. ئىبلىس شەرمەندە، مۇتەھەييىر بولدى ئەرسە، كۆجىلەرىنى جۇدا قىلماقغە تەدبىر قىلدى. تاكىم يالغۇز قالغايلەر. ئاب، تەئام كەلتۈرمەككە كىشى بولماغاي. بۇ تەڭلىكدىن نالە - فىغان قىلغايلەر. بەس، بىر كۈن رەھىمە دەرياغە سۇغە بارۇر ئەردىلەر. ئىبلىس بىر پىر سۆرەتىدە يولۇقتى، ئەيدى: «سەن يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ ئوغلى ئەفراھىمنىڭ قىزى ئەمەسمۇ؟» بۇلەر ئەيدىلەر: «شۇنداغ.» ئەيدى: «بۇ نەھالدۇركى سەندىن كۆرەرمەن.» رەھىمە ئەيدى: «مىنىڭ شەۋھەرىم ئەييۇب ئەلەيھ-س. بۇ بەلاغە مۇبتەلا بولۇپدۇر، ئانىڭ خىزمەتىنى قىلۇرمەن.» ئىبلىس ئەيدى: «ئاڭا ياۋۇق بارماغىل، خىزمەت قىلماغىل، ئاغرىغى يۇغقاي.» رەھىمە ئەيدىلەر: «ئانىڭ خىزمەتىنى قىلماسغە چارە يوقدۇر، چۇنكى خۇدانىڭ پەيغەمبەرىدۇر ھەم مىنىڭ شەۋھەرىمدۇر. ئانىڭ ھەققى مەندە بىسياردۇر، نەز - نىئمەت، دەۋلەت - ئىززەتدە ھەمراھ بولۇپ، مۇنداغ شىددەت، مىھنەتدە نىچۇكدىن جۇدالىق ئىزدەگەيمەن.»

بەس، ئىبلىس ئۆلەردىن ئۆمىد ئۈزۈپ ياندى. رەھىمە ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س.غە كېلىپ، ۋاقىئەنى ئەيدى. ھەزرەتـــى ئەييۇب ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «ئول ئىبلىسدۇر، زىنھار ئانىڭ سۆزىنى ئىشىتمەگەيسەن».
بەس، يەنە بىر كۈن ئىبلىس بىر خۇشروي يىگىت سۆرەتىدە رەھىمەگە ئۇچرادى. رەھىمە بىسيار خۇشروي ئىدىلەر. (ئىبلـــس) ئەيدى: «ئەي جۇۋان، سەن كىمدۇرسەن؟» رەھىمە ئەيدىلەر: «مېنىڭ ئېرىم باردۇركىم بەلاغە مۇبتەلا بولغاندۇرلەر. مەن خەلقدىن تىلەب تەئام كەلتۇرۇپ ئانى باقارمەن.» ئىبلىس ئەيدى: «ئەي مەزلۇم، مۇنداغ خۇشرويلۇق بىرلە ئانداغ ئەرنى نەقىلۇرسەن، چىقغىل، مەن ئالاي. مەن پالانى كەنتدىندۇرمەن، مال ـ ئەمۋاللارىم بىنەھايەتدۇر، ھەممەسىنى ساڭا بەرگەيمەن، سېنى ياخشى ئاسراغايمەن.» رەھىمە ئەيدىلەركىم: «مېنىڭ كۈيۈگۈم پەيغەمبەردۇر. مەن ئۆلەردىن ئاجراماسمەن.» ئىبلىس يەنە نەۋمىد بولۇپ ياندى. رەھىمە كېلىپ يەنە ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س.غە ئەيدىلەر ئەرسە، ھەزرەتـــى ئەييۇب ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «ئول شەيتاندۇر، ئاڭا سۆزلەمەگىل دىمەدىمۇ! ئەمدى ئاڭا سۆزلەسەڭ ئەدەب بېرۇرمەن.» بەس، نەچەند كۈن ئۆتتى ئەرسە، ئىبلىس يەنە فەرىشتە سۆرەتىدە كەلدى، ئەيدى: «بىلۇرسەنمۇكىم، ھەق تەئالا ئەييۇب ئەلەيھ.س.غە چەندان نەز ـ نېئمەت، ئەيش ـ ئىشرەت، راھەت، زەن ـ فەرزەند بېرىپ ئەردى، ئۇلارنىڭ ھەممەسىنى ئالدى. ئەمدى ئانى دوزاخقە سالۇر. ئەمدى سەن ئانىڭدىن ئۆزۈڭنى جۇدا قىلغىل، تاكىم بىللە دوزاخقە بارماغايسەن، ئاخىرەتدە ھەم ئەزابغە قالماغايسەن.» رەھىمە بۇ سۆزنى يەنە كېلىپ ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س.غە ئەيدىلەر. ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. نىڭ غەزەبلەرى كېلىپ قەسەم ياد قىلدىلەركىم، «مەن بۇ بەلادىن خەلاس بولۇپ ساقايىپ، سېنى يۈز تاياق ئۇرماسام» دەپ. بەس، چەندان روزگار ئۆتتى، رەھىمە ئول تەرىقە خىزمەت قىلۇر ئەردىلەر. ئول كەنتدىن ئۈچ كىشىكىم ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س.غە ئىمان كەلتۇرگەن ئەردىلەر: بەللەدە، نەفەرە، ئەماتەرە ئاتلىغ، بۇلار كۆرگەلى كەلدىلەر. ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س.نى كۆرۈپ ياندىلـەر ئـەرسـە، «خـۇداي تـەئـالا مـۇنـــىڭدىـن پەيغەمبەرلىكنى ئالىپ لەئنەت قىلىپدۇر.» دىدىلەر. بۇ يەتتە يىل تەمام بولغاندىن كېيىن ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. بۇلارنىڭ

سۆزلەرىنى ئىشىتىپ بىسيار غەمكىن بولدىلەر. ھەق دەرگاھىدىن يىراق بولماقلەرىدىن قورقۇپ ئەيدىلەركىم: «پەرۋەردىگارا، ماڭا بۇ سۆز نەھايەتى يامان قاتتىغ كەلدى، سەن خۇداۋەند ئامۇرزكار سەن، ماڭا ئافىيەت بەرگىل، بۇ قاتتىغ سۆزدىن مېنى خەلاس قىلغىل!» ھەق تەئالا بۇلەرغە جەۋاب ئەيدى: «بەس، ئىجابەت قىلدىم ئەييۇبنىڭ دۇئاسىنى، ئانىڭ زەرەر ۋە يامانلىقىنى بىر تەرەف قىلدىم.» ۋە يەنە خىتاب كەلدى: «ئاياغىڭنى يەرگە سوقغىل!» بەس، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. يەرگە تەپتىلەر، ئاندىن بىر بۇلاق چىقتىكىم، ئاندىن تاتلىغراق، ئوبدانراق سۇ سولماغاي. ۋە يەنە فەرمان كەلدىكىم، «ئول سۇ بىرلە تەمامى بەدەنىڭنى يۇغىل!» بەس، رەھىمە ئول سۇدىن باشلەرىغە قۇيدىلەر، ئۆزلەرى تەمام بەدەنلەرىنى يۇدىلەر. ئول ھەممە قۇرتلار، قان ـ يىرىڭلاردىن ئايرىلدىلەر. شول سائەت گۆشت ـ پوست پەيدا بولدى. ۋە يەنە فەرمان بولدىكىم: «ئول سۇدىن ئىچكىل!» بەس، ئىچتىلەر ئەرسە، دەرھال سەھەت تاپىپ تەندۇرۇست بولدىلەر. ئول كەنت ھالا شامدا باردۇركىم، «قەرىيەئى ئەييۇب» ئاتارلەر. ئول بۇلاق ھەم باردۇركىم «چەشمەئى ئەييۇب» دەرلەر. ھىچ ئاغرىغ يوقدۇركىم، ئول سۇدىن ئىچىپ شىفا تاپماغاي.

بەس، ھەق تەئالا ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. نىڭ قەسەملەرىنى بىجا قىلماقنى ئىرادە قىلدى، رەھىمەگە رەھىم ـ شەفقەت قىلماقنى خاھلادىكىم، چەندان خىزمەتلەر قىلغان ئەردى. فەرمان كەلدىكىم: «ئەي ئەييۇب، قولۇڭغە سەغىت ئالغىل، ئانىڭ بىرلە سوقغىل. ئاند ئىچكەنىڭ ھانىس بولماغاي.» سەغىت ئول ياغاچ دەررە دۇركىم نازۇك، ئانىڭدا سوقسا دەرد بولماغاي. بەس، ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. مۇنداغ دەررە بىرلە رەھىمەنى يۈز تاياق سوقتىلەر. ئول ئاندلەرىدىن خەلاس بولدىلەر، ھىچ زەخمەت بولمادى. چەندان ۋەقت بىر مۇشكۈل ئاند ئىچكەن كىشىلەرگە بۇ ئايەتنى دەلىل قىلدىلەر. چۇنانچە بىر كىمەرسە بۇ ئۆيگە كىرسەم دەپ ئاند ئىچسە، كىرمەي چارەسى بولماسا، پۇت ـ قولىنى باغلاپ ئالىپ كىرسە، ئۆزى كىرگەن زەمان بولماغاي. بۇ ھىلە بىرلە ئاند ھانىس بولماس. ئەبۇ ھەنىفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيتىپدۇرلەركىم، نەمازدا قۇرئان ئوقۇسام دەپ ئاند ئىچسە، ئىمامغە ئىقتىدا قىلىپ نەماز ئۆتەسە، ئاند ئىچكەنى يالغان بولماس. بەس، خۇداي

تەئالا «قۇرئان» دا خەبەر بېرىپدۇر: ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. غە ھەر نەرسەئىكى مال - ئەمۋال، فەرزەند، خورد، خىزمەتكارلارىدىن ھەلاك - يوق بولۇپ ئەردىلەر، ئانىڭ ئىۋەزىنى، بەدەلىنى تەمام بەردىم؛ ئاڭا لۇتف كەرەم، رەھمەت قىلدىم. ئابىد، ئاقىللارغە پەند - نەسىھەت، يادىكار قالغايكىم، مېنىڭ دەرگاھىمدا ھىچكىمنىڭ رەنج - مۇشەققەتى، ياخشى ئەمەلى زايىئ بولماس. مۇندىن كېيىن ھەزرەتى ئەييۇب ئەلەيھ.س. نەز-نېئمەت، ئەيش - راھەت بىرلە ئۆمۈر ئۆتكەردىلەر. ھەممە ئۆمۈرلەرى توقسان ئۈچ يىل ئەردى، ئاندىن كېيىن ۋەفات بولدىلەر. ئوغلانلەرىدىن بىرلەرى ھەربىل ئاتلىغ ئەردىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرغە پەيغەمبەرلىك كەرەم قىلدى، زۇلكەفىل ئاتادى. يەنە بىر ئوغلانلەرى بار ئەردىلەر بەشر ئاتلىغ. ھەق تەئالا بۇلەرنى پەيغەمبەر قىلدى، يەتمىش بەش ياشلەرىدە بۇ ئالەمدىن باردىلەر. بۇلارنىڭ ئىيدان ئاتلىغ بىر ئوغلانلەرى بار ئەردى، ئۇلەرنى ۋەسىيەت قىلدىلەر. ھەزرەتى بەشر ئەلەيھ.س. دىن كېيىن ئەيسىنىڭ ئەۋلادىدىن ھىچ پەيغەمبەر بولمادى.

# فەسلى دەستان
# قىسسەئى ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھىسسەلام

ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س. نىڭ مەدەين ئاتلىغ بىر ئوغلانلەرىنىڭ ئەۋلادلارىدىن ئەردىلەر. ئۇلەرنىڭ ئاتلەرى ئىبران تىلىدا نەشرۇن ئەردى؛ ئەرەبى تىلدا شۇئەيب بىننى شەمئۇن بىننى ئەففان بىننى سابىت بىننى مەدەين بىننى ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س. ئاتالەرى ھەزرەتى لوت ئەلەيھ.س. نىڭ فەرزەندلەرىدىن ئەردىلەر. بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س. نىڭ ئەۋلادلەرىدىن ئەمەس ئەردىلەر. لېكىن ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س. غە ئىمان كەلتۇرگەنلەردىن بىرلەرىنىڭ ئەۋلادلارىدىن ئەردىلەر، زەمىنى بابىلدىن. ئول ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س. ھىجرەت قىلغانلەرىدە، شامغە كەلگەن ئەردىلەر. خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرلەرىدىن ھىچ قايسىلەرى نابىنا ئەمەس ئەردىلەر. مەگەر ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. نابىينا

ئەردىلەر. قەۋملەرى ئاراسىدا باۋۇجۇد زەئىپ، نابىينالىقلەرى بىرلە پەيغەمبەر بولدىلەر. سۆزلۈك، سۇخەنۋەر ئەردىلەر. خۇداي تەئالا ئۇلەرنى ئىككى سۆرەدە زىكر قىلىپدۇر. ئۇلەر شامنىڭ شەھەرلەرىدىن مەدەين ئاتلىغ شەھەرگە پەيغەمبەر ئەردىلەر. ئول شەھەر ھالا ھەم ئاباد - خۇررەمدۇر. خۇداي تەئالا ئۇلەرنى «ئەسھاب ايكە» ئاتابدۇر. ھەق تەئالا ئۇلارغە فەراۋان نېئمەت بېرىپ ئەردى. ئۇلار بۇتپەرەست ئەردىلەر. تەرازۇنى كەم تۇتار ئەردىلەر. ھەركىم ئىككى تاش تۇتار ئەردىلەر، ئاغىر ئالىپ يىنىك ساتار ئەردىلەر. مۇھەممەد بىننى جەرىر: ئەسھاب ايكە بۆلەك، ئەھلى مەدەين بۆلەك، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. ھەر ئىككىسىگە پەيغەمبەر ئەردىلەر؛ ئۆلۇمالار ۋە ئەخبار تارىخ دەنالارى ئەسھاب ايكەنى ئەھلى مەدەين دەپدۇرلەر؛ چۇنكى ھەق تەئالا ئەھلى مەدەينگە ئەسھاب ايكە ئات قويۇپدۇر؛ ئۇلارنىڭ تەرازۇ ۋە پەيمانەلەرنى كەم تۇتماقلارى بىرلە سۇفەت قىلىپدۇر. مۇندىن مەئلۇم بولادۇركىم، ئەسھاب ايكە ۋە ئەھلى مەدەين بىر يەردە بىر تائىفە خەلقدۇرلەر. بۇ ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. نىڭ قىسسەلەرىدە بىر نۇكتە باردۇر. ئانداغكى، ھەق تەئالا «قۇرئان» دا، ھەزرەتى نوھ ئەلەيھ.س. نى قەۋملەرىغە بۇرادەر دەپ ياد قىلىپدۇر؛ ئانداغكى بۇرادەرىڭلار نوھنى پەيغەمبەر ئىبەردىم دەپدۇر؛ بۇ تەرىقە سالىھ ئەلەيھ.س. نى سەمۇدغە، ھەزرەتى لوت ئەلەيھ.س. نى ۋە ھەزرەتى ھود ئەلەيھ.س. نى ئادغە بۇرادەر دەپ ياد قىلىپدۇر. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. نى بۇرادەر زىكر قىلماپدۇر. چۇنكى بۇ بۇرادەرلىكدىن تۇغقانچىلىق مۇراد ئەردى. دىندە بۇرادەرلىك مۇراد ئەمەس ئەردى. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. ئەسھاب ايكەگە تۇغقان ئەمەس ئەردىلەر، بۇ ۋەجھىدىن بۇرادەر دەپ زىكر قىلمادى. ھەق تەئالا پەيغەمبەرىگە ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. نىڭ قەۋملەرىنىڭ ئەيتغان سۆزلەرىنى ۋە قەۋملەرىنىڭ جەۋابىنى بەيان قىلدىكىم: «مەن ئەھلى مەدەينگە شۇئەيبنى ئىبەردىم. ئەي قەۋم، ئول خۇداۋەندكە بەندەلىك قىلىڭلاركىم، سىزلەرگە ئانىڭدىن ئۆزگە خۇدا يوقدۇر. خۇدادىن سىزلەرگە بىرلىكنى بەيان قىلغۇچى كەلدى. تەرازۇ ۋە پەيمانەنى راست تۇتۇڭلار، خەلقغە پەند ئۇرماڭلار. خۇداي تەئالا يەر يۈزىنى مۇنداغ سەبز - خۇررەم، ناز - نېئمەت بىرلە ئىسلاھ بېرىپدۇر. سىزلەر تەرازۇ، پەيمانەنى كەم تۇتماقلىق بىرلە فەساد قىلماڭلار. بۇ راستلىقىڭلار

سىزلەرگە ياخشىراقدۇر». بەس، بۇلاردىن بەئزىلەر ئىمان كەلتۈردىلەر، بەئزىلەرى فەرمانلەرىنى تۇتمادى. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. نىڭ پەيغەمبەرلىكلەرىنىڭ خەبەرىنى ئالىپ، شامدىن، ھەر شەھەردىن سۆزلەرىنى ئىشىتكەلى ۋە كۆرگەلى خەلق كېلۇر بولدى ئەرسە، قەۋملەرى يولغە چىقىپ، كەلگەن خەلقنى مەنئ قىلۇر ئەردى: «كۆرمەڭلار، ئانىڭ سۆزىگە ئۇتمەڭلار!» خەلقنى سۆز بىرلە فىرىفتە قىلىپ يولدىن چىقارۇر. بەس، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. قەۋملەرىغە ئەيدىلەر: «يولغە چىقىپ ئولتۇرماڭلار، خەلقنى قورقۇتماڭلار، راست يولدىن چىقارىپ كەج ۋە غەلەت يولغا باشلاماڭلار.» ئاندىن، خۇدانىڭ نېئەتلەرىنى ياد بېرىپ ئەيدىلەر ۋە بۇرۇنقى قەۋملەرغە كەلگەن ئەزابدىن قورقۇتۇپ ئەردىلەر: «سىزلەر ئاز خەلق ئەردىڭلار، ھەق تەئالا جەمائەڭلارنى تولا قىلدى. فىكر - ئەندىشە قىلىڭلاركىم، فەساد قىلغانلار ئاخىرى نېچۇك بولدىلەر.» ئاندىن، مۆئمىنلەر كۆڭلىنى خوش قىلماق ئۈچۈن ئەيدىلەر: «ئەگەر بەئزى تائىفە ئىمان كەلتۇرمەسەلەر، ئەي مۆئمىنلەر، سىزلەر سەبر قىلىڭلار، تاكى ھەق تەئالا ئۇلارنىڭ ۋە بىزنىڭ ئارامىزدا بىر ھۆكۈم قىلۇر، ئۆزى ئىرادە قىلغان ۋەقتدە، ئۇلارنى ھەلاك قىلىپ، بىزنى ئۇلاردىن خەلاس قىلۇر.» بەس، بۇ قەۋملەرىنىڭ ئۇلۇغ ۋە مۇتەكەببىرلەرى ئەيدىلەر: «ئەي شۇئەيب ئەلەيھ.س. بىز سىنى مۆئمىنلەر بىرلە شەھەردىن چىقارۇرمىز، ئۆز دىنىمىزغە كىرگۇزۇرمىز.» ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «ئەگەر بىز سىزلەرىنىڭ دىنىڭلارغە كىرسەك خۇداغە يالغان ئەيتغان بولۇرمىز. چۈنكى، ئانىڭدىن ئۆزگە خۇدا يوق دەپ ئەردۇك، ۋە يەنە بىر خۇدا بار دىسەك ئاڭا شېرىك قىلغان بولۇرمىز. بىز سىزلەرىنىڭ دىنىڭلارغە ياناماسمىز، مەگەركى خۇدا ئىرادە قىلسە. خۇداي تەئالا ھەممەگە ئالىمدۇر. بىز خۇداي تەئالاغە تەۋەككۇل قىلدۇق. پەرۋەردىگارا، بىزنىڭ قەۋمىمىز ئاراسىدا ھۆكۈم قىلغىل، سەن ياخشى ھۆكۈم قىلغۇچىسەن. ئولكى راست يولغا كىرىپدۇر، ئاڭا نۇسرەت بەرگىل. غەلەت يولغە كىرگەنلەرىنى ھەلاك قىلغىل.» بەس، ئول قەۋم ئۇلۇغ - ئۇششاقلارىنى يىغىپ ئەيدىلەر: «ئەگەر سىزلەر شۇئەيبغە تابىئ بولساڭىزلەر دىن - دۇنيادا زىيانكار بولۇرسىزلەر». ھەر چەند ئول

قەۋم خەلقنى مەنئ قىلسەلەر ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئىمانغە تەكلىف قىلىپ ئېيتۇر ئەردىلەر: «بۇ يەر يۈزىدە فەساد قىلماڭلار، ئەگەر راستلىق بىرلە بولساڭلار ھەق تەئالا سەۋاب ئەتا قىلۇر، مال - ئەمۋالىڭلارنى زىيادە قىلۇر.» ئۇلار ئېيدىلەر: «ئەي شۇئەيب، ئايا، بىزنى نېچۈك دىنغە بۇيرۇرسەنكىم، بىزنىڭ ئاتا - بابامىز بۇ دىندە بۇتغە تابىنىپ ئۆتۈپدۇر. بىز مۇندىن يانماسمىز. ۋە يەنە بىزنى ئۆز مال - ئەمۋالىمىزدىن مەنئ قىلۇرسەنكىم، ھەرنە خاھلاساق قىلۇرمىز؛ خاھ كەم بولسۇن، خاھ زىيادە. خىرەدمەنددۇرسەن ۋە راست يولدادۇرسەن؟!-ئىستىھزا ۋە تەمەسخۇر قىلۇر ئېيدىلەر، — ئانداغكىم، سەن نەھايەتى بېھۇش، بېئەقىلدۇرسەن.» خىرەدمەند سەن دىگەنىنىڭ ئورنىدا، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئېيدىلەر: «خۇداي تەئالا ماڭا راست يول كۆرسەتىپدۇر، ماڭا ھىدايەت ئەتا قىلىپ ياخشى روزى بېرىپدۇر. مەن سىزلەرگە مالىڭلاردىن مەنئ قىلىپ، خىلاف قىلماقنى ئىرادە قىلمادىم. سىزلەرگە قۇدرەتىمنىڭ بارىچە ياخشىلىقىڭلارنى خاھلادىم. ماڭا تەۋفىق خۇدادىن، ئاڭا تەۋەككۇل قىلدىم، كۆڭۈل باغلادىم. تاكى مېنى سىزلەردىن ئۆز پەناھىدا ساقلار.» ۋە يەنە ئېيدىلەر: «ئەي قەۋم، فىكر قىلىڭلاركىم، ماڭا ئەداۋەت، مۇخالەفەت قىلۇرسىزلەر. بۇ سەبەبدىن ئەزاب - ئۇقۇبەتكە قالۇرسىزلەر. خۇداي تەئالانىڭ ئەزابىكىم، ھەزرەتى نوھ، ھود، سالىھ ئەلەيھ-س. نىڭ قەۋملەرىغە كېلىپ ئەردى، سىزلەرگە ھەم كېلۇر. پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغفىرەت تىلەڭلار، ئاڭا تەۋبە قىلىڭلار. خۇداي تەئالا ئامۇرزكار ۋە مېھرىباندۇر.» بۇلار ئېيدىلەر: «ئەي شۇئەيب، بىز سۆزۈڭنىڭ تولاسىنى ئاڭلاماسمىز. بىز سېنى زەئىف - ئاجىز كۆرەرمىز. ئەگەر سېنىڭ قەۋمىڭ بولماسا ئەردى، بىز سېنى كېسەك ئاتىپ ئۆلتۈرۈر ئەردۇك. سەن بىزگە غالىب ئەمەسسەن.» ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئېيدىلەر: «ئايا، مېنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانىم سىزلەرگە خۇداي تەئالادىن غالىبراقمۇ، ھەق تەئالانى كېيىن قويارسىزلەر، ئانىڭدىن ئەندىشە قىلماسسىزلەر. پەرۋەردىگارىم سىزلەرنىڭ قىلغانىڭلارنى تەمام ئالۇر. ئەي

قەۋم، سىزلەر ھەم ئۆز ئىشىڭلارنى قىلىڭلار، مەن ھەم ئۆز غەممىنى قىلىۋرمەن. ئاخىر نەكۆرەرسىزلەر، پات - يېقىن بىلۋرسىزلەر. ئەزاب كېلۋركىم، خەلاس بولۋر، كىم گىرىفتار بولۋر، كىم راستگويدۋر، كىم يالغانچى، ھەممەنى بىلۋرسىزلەر.» بۇلار ئەيتۇرلەر ئەردىلەركىم: «ئەي شۇئەيب، مۇنداغمۇ تولا سۆزلەرمۇسەن! مەگەركى سېنى ياد قىلىپدۇرلەر، دىۋانە بولۇپسەن. سەن ھەم بىزگە ئوخشا ئادەمسەن. خۇدا سېنى پەيغەمبەر قىلغاي، بىزنى نېچۇكدىن قىلماغاي! سېنى يالغانچىلاردىن گۇمان قىلۇرمىز. ئەگەر راستگويسەن ئاسماندىن بىزگە بىر پارە تۇشۇرگىل، تاكىم سېنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭنى بىلگەيمىز.» ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. ئەيتۇر ئەردىلەركىم: «خۇداي تەئالا ئۆزى بىلۋركىم نى دەرسىزلەر ۋە قىلۋرسىزلەر.» ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. بۇلارنىڭ ئىشىنى خۇداغە قويدىلەر. بەس، ھەق تەئالا ھېچ پەيغەمبەرنىڭ قەۋملەرى بىرلە سۆزلەشكەنلەرىنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. نىڭ سۆزلەشكەنلەرىدەك تەمام بەيان قىلمادى. بەس، ئول قەۋمغە ئەزاب ۋەقتى بولدى ئەرسە، ھەق تەئالا ئۇلارنى ئەمەلى تەرىقە قىلدى. بىرىنى ئاۋاز بىرلە ھەلاك قىلدى، يەنە بىرىنى بۇلۇت سايەسىدە ئوت ياغدۇرۇپ ئەزاب قىلدى. ئانداغكى ھەق تەئالا بۇلارغە ئەزاب ئىبەرمەكنى ئىرادە قىلدى ئەرسە، بۇ شەھەرگە قىزىغ سالدى، تاكىم ئۇلارنىڭ سەبر - تاقەتى قالمادى، ھېچ پەناھ ھەم تاپالمادىلەر. شەھەردىن بىر فەرسەڭ يىراق بىر بۇلۇت پەيدا بولدى، ئافتابنى ياپتى. بۇلار كۆرۈپ، ھەر قايسىكىم قۇدرەتى بار ئەردى، شەھەردىن چىقىپ، ئول بۇلۇت سايەسىگە كىردىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا ئول بۇلۇتدىن ئوت ئىبەردى، يەردىن ھەم ئوت چىقاردى؛ ھەر كىمكى ئول بۇلۇت ئاستىدا ئەردى، كۆيۈپ كەباب بولدىلەر. ئولكى ئاجىزلار، مەزلۇملەر، كىچىك بالالار شەھەردە قالىپ ئەردى. بەس، ئۇلارغە ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. بىر ئاۋاز قىلدىلەر، ئول ئاۋاز ھەيبەتىدىن يەكسان ئۆلدىلەر. مۆئمىنلەر بىرلە ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. دىن ئۆزگە

كىشى قالمادى. ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بېرۇر، تەفسىرى ئۇلكىم، قاچانكىم مېنىڭ ئەمر - فەرمانىم كەلدى ئەرسە، شۇئەيىبغە ئول مۆئمىنلەر بىرلە ئۆز رەھىم - شەفقەتىمدىن نەجاتلىق بەردىم. بەس، ئول قەۋم جەھانغە ئەسلا كەلمەگەندەك ھەلاك - يوق بولدىلەر.

بەس، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھىس. قىزلەرىنى ھەزرەتى موسا ئەلەيھىس. غە بەردىلەر.

# فەسلى دەستان
# قىسسەئى پادىشاھ مەنۇچىھرە

ئانداغ كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەر پەيغەمبەركى زەمىنى شامدىن چىقىپ، مەغرىب زەمىنغە كەلدىلەر. ھەمە ئەجەم پادىشاھلارى ئىقلىمى ئىراقدا ئەردىلەر، ئول شەھەردە بولدىلەركىم ھالا شەھەرى باغداددۇر؛ ئەھۋاز، كۇفە، بەسرە شەھەرلەرىدە ھەم بولدىلەر؛ بەئزىلەر زەمىنى پارىسدا ھەم ئۆلتۇردىلەر، دەپدۇرلەر. ھەركىمكى ئەجەم پادىشاھى ئەردى، ئەرەب خەلقى ئاڭا تابىئ ئەردىلەر؛ گاھى يەمەن پادىشاھى فەرمانىدا بولدىلەر. ئول كىشىكى دەجلە، فرات دەرياسى سەرھەددىغە پادىشاھ بولدى، ئانىڭ فەرمانى ئەرەب، مەغرىب زەمىنغە يۇرمەدى. بۇ مەنۇچىھرە ئەجەم پادىشاھلارىنىڭ ئۇلۇغى ئەردى، مۇنىڭ ئەمرى تا يەمەن، مەغرىب زەمىنغىچە يۇرۇر ئەردى. مىسىر پادىشاھلارى ئىمالىق نەسلىدىن ھەمە فىرئەۋنلەر ئەردى، نە مەشرىق، نە مەغرىب پادىشاھلارىنىڭ ھىچ بىرىگە فەرمان تۇتمادىلەر، زەمىنى ھىجاز، شام ۋە يەمەن ئۇلار تەسەررۇفىدە ئەردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھىس. ئۇلار مۇلكىدە ئەردىلەر، ئاندىن چىقتىلەر.

مەنۇچىھرە ئادىل ۋە تەدبىرلىك پادىشاھ ئەردى. مەشرىق، تۇرك پادىشاھلارى بىرلە بىسيار جەڭلەر قىلدى. ئانىڭدىن بىر خۇتبە يادىكار قالىپدۇركىم، ھەمە پادىشاھلارغە ئانى ئوقۇماق، بىلمەك ۋاجىبدۇر. بۇ كىتابدا ياد قالىپدۇر. ئەيتىپدۇرلەركىم، مەنۇچىھرە فەرىدۇننىڭ ئوغلى ئەيزەجنىڭ ئەۋلادى: مەنۇچىھرە بىننى مەشھۇر بىننى رەبىئ بىننى ۋەيرەك

بىننى شىروبىشەك بىننى ئەيرەك بىننى بىتەك بىننى فەرۋشەك بىننى فەرۋكۆرك بىننى ئەيزەج بىننى ئەفرىدۇن. ئالىملار ۋە ئەھلى تارىخلار ئانىڭ نەسەبىدە ئىختىلاف قىلىپدۇرلەر بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: فەرىدۇننىڭ ئوغلى ئەردى، ئانداغكى فەرىدۇن ئەيزەجنىڭ قىزىنى ئالدى، ئاتى كۆشەك، ئۇلار ئاتەشپەرەست ئەردىلەر؛ ئانىڭدىن بىر قىز بولدى، روشەڭ ئات قويدى، ئانى جۇفت قىلدى، ئول بىر قىز تۇغدى، فەرۋشەڭ ئاتادى. ئانىڭ بىرلە بولدى، ئانىڭدىن بىر قىز تاپتى، ئانى ھەمخانە قىلدى؛ ئانىڭدىن بىر قىز ۋۇجۇدغە كەلدى، ئاتىنى ۋەيرەك قويدى، ئانى ھەم ئۆي قىلدى. ئانىڭدىن بىر قىز تۇغۇلدى، بىر ئوغۇل تۇغدى. ئول قىزنى بۇ ئوغۇلغە ئالىپ بەردى. ئانىڭدىن مەنۇچىھرە بولدى. تىخى ئەفرىدۇن تىرىك ئەردى. مەنۇچىھرەنى ئەفرىدۇننىڭ ئالدىغە ئالىپ كەلدىلەر ئەرسە، ئەفرىدۇن كۆرۈپ ئەيدى: «بۇ ئۇلۇغ پادشاھ بولغۇسىدۇر.» مەنۇچىھرە يىگى تۇغۇلغان ئەردى، باشىغە تاج قويدىلەر ياخشى فال بولغاي دەپ. قاچانكىم مەنۇچىھرە چوڭ بولدى ئەرسە، تەمام پادشاھلىقنى ئالدى. ئاتاسى قىساسىغە مۇسەلىم ۋە تۇرنى ئۆلتۇردى. داد - ئەدل قىلدى. ئىران زەمىنىدە تۇغۇلغان ئەردى، ئاندا پايتەخت قىلدى. بەئزىلەر دەماۋەندىدە ئەردى دەپدۇرلەر. يۈز يىگىرمە يىل پادشاھ بولدى. ھەر شەھەرگە تەسەررۇفى يۈردى ئەرسە، چۆرەسىگە خەندەق قازدى. بۇ رەسىم ئانىڭدىن قالدى. شەھەر ۋە سەھرا خەلقىغە ئەيدى: «جەھان ئابادلىقى دىھقانلار، سەبزلەر بىرلەدۇر. بەس، فۇقرالار دىھقانلار فەرمانىدا بولۇڭلار، تاكى جەھان ئاباد - فەرراخلىق بولغاي.» قاچانكىم، پادشاھلىق قىلدى ئەرسە، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ پەيغەمبەرلىكلەرى زۇھۇر قىلدى. فىرئەۋن غەرق بولدى ئەرسە، شام ۋە مەغرىبدە ئاۋازلەرى پۈر بولدى. مەنۇچىھرە ھەم ئىشىتتى. لىكىن ئۆز ئىشىغە مەشغۇل ئەردى. مەشرىق زەمىننى خەراب قىلىپ ئەردى. بۇ ۋەجھىدىن ئەفراسىياب ئاتلانىپ شامغە كېلىپ ئەردى. بۇ ئەفراسىياب فەسھەنىڭ ئوغلى، ئۇلۇغ پادشاھ ئەردى. تەمامى تۈركىستان، مەشرىق زەمىنى ئانىڭ فەرمانىدا ئەردى. پايتەختى بەلخ ئەردى. ماۋەرائۇننەھرنى، دەرىيايى جەيھۇندىن ئۆتۈپ بايابانى مەرۋ، تا سەھرايى بەلخقە، شاپۇردىن تا سەرخەس، ئەقبەئى مۇزدوران سەرھەددىغىچە بۇ ئۈچ دەرىيانى ھەممە تۈرك خەلقى تۇتقان ئەردى. ئەفراسىياب لەشكەرى ئەزىم

بىرلە مەنۇچىھرە ئۆزەسىگە كەلدى. مەنۇچىھرە جەڭ قىلىپ، چەندان مەرتەبە شىكەست تاپتى. ئاخىر، ئەفراسىياب مەنۇچىھرەنى تەبەرىستان شەھەرىگە قاباپ، لەشكەرى چۆرەسىنى ئالىپ تۇشتى. تەبەرىستان سەرھەددىغە ھەممە جاڭگال - دەرەختلىق ئەردى. ئەفراسىيابنىڭ لەشكەرى ئاندا ھىچ ئىش قىلالماي تۇرالمادى.

(تەرجىمان ئابدۇرەسۇل بىننى مەۋلانا مۇھەممەد رەھىم) : بۇ كىتابدىن ئۆزگە ئەخبار كىتابلارىدا ئانداغ كۆرۈپدۇرمەنكى، مەنۇچىھرە، تەبەرىستاننىڭ قورغانىكىم شەھەرى ئامۇل دەرلەر، ئاندا ئەردى؛ ئول ئانداغ شەھەر ئەردىكىم ھىچ تەئام، شەراب، ئىگىن - ئاياغ، نەقىش كۆنلەر ئوتتۇن - ياغاچ، يازلىقىدا مىۋە - باغ ھاجەت ئەمەس ئەردىكىم سەھرادىن كەلتۈرگەيلەر. چۈنكى ھەممە ئاندا مۇھەييا ئەردى. بەس، ئەفراسىياب ئون يىل تەبەرىستاننى مۇھاسىرە قىلدى. مەنۇچىھرە لەشكەرى بىرلە شەھەرى ئامۇلدا بولدى. ئول شەھەرنىڭ مەتائ - زىلچەلەرى ۋە رەڭگارەڭ مىۋەلەرى بار ئەردى، يەنە ھىچ شەھەردە يوق ئەردى. بەس، مەنۇچىھرە ئول مەتائ - زىلچەلەردىن، ئول گۈل - مىۋەلەردىن تۆھفەلەر تەرتىب بېرىپ، ئەفراسىيابغە ئەلچى چىقاردى. ئەيدىكىم، تاكى بۇ شەھەردە ياتارسەن. سېنىڭ مۇندا تۇرغانىڭدىن بىزگە ھىچ تەڭلىك ۋە زىيان يوقدۇر. ھەرنەكى ئادەمگە كېرەكدۇر شەھەرىمىزدىن چىقادۇر. بەس، ئەيتىپدۇرلەركىم ئول شەھەر دەريا لەبىدە ئەردى. ھەمىشە گەرمدار، دەركار قىلۇر ئەردىلەر. ئاش - تەئاملارىغە تۇز ئورنىدا فىلفىل سالىپ يەر ئەردىلەر.

بەس، ئەفراسىياب ۋە تۈرك خەلقى ھەم ئاندا مەلال بولۇپ ئەردىلەر. مەنۇچىھرە بىرلە سۇلھ قىلىپ، ئانداغكى دەريايى جەيھۇننىڭ ئۇيانى تۈركلەرگە بولسۇن، بۇيانى ئىرانلارنىڭ بولسۇن، بۇ تەئىن بىرلە سۇلھ قىلدىلەر. مۇڭا سۇلھنامە پىتىپ، ئەھد باغلادىلەر. ئەرەش ئاتلىغ بىر كىمەرسە بار ئەردىكىم، ئانىڭدىن تەيراندازراق كىشى يوق ئەردى. ئانى بەلەند يەر ئۆزەسىگە چىقاردىلەر. ئول ئوق ئاتتى ئەرسە، ئوق يەمەن سەر ھەددىغە يەتتى. ئەفراسىياب ئەيدى: «مۇنچە مۈلكنى مەنۇچىھرەگە بەرمەك لازىم بولدى» دەپ بىسيار دەرد تارتتى. لېكىن ئەھد باغلاغان ئەردى، فايدا بەرمەدى. ناچار دەيايى جەيھۇندىن ئۆتۈپ ياندى. بۇ بۆلۈشكەنگە فاسىلە تەئىن

قىلىپ كەتتى. مەنۇچېــــھرە قورغاندىن شەھەرى رەيگە كەلدى. تەختكە ئولتۇردى. دەريايى جەيھۇندىن تا يەمەن سەرھەددىغە ئانىڭ تەسەررۇفىــدە بولدى؛ مەغرىب زەمىنىگە ھۆكمى يۈردى. شەھەرلەر ئەترافىدا كەنتلەر بىنا قىلدۇردى. دىھقانلار تەئىن قىلدى. ئىمارەتلەر قىلدى. دەريايى جەيھۇندىن بەلخنىڭ سەھرالەرىغە بىسيار ئارىقلار چىقارىپ، مەغرىب تەرەفىدىن دەريايى فراتنى ئول پەيدا قىلدى. جەھاننى بىنەھايەت ئاباد قىلدى. خەلقدىن خىراج كەم قىلدى. سىپاھ - لەشكەرىگە ۋەزىفەنى زىيادە قىلدى. تەيراندازلار، شەمشەرگۇدازلار، نەيزەبازلارنى گۇرۇھ - گۇرۇھ ھەر قايىسىنى بۆلەك تائىفە تەئىن قىلدى. ئانىڭ ھۆكمىنى ھەممە پادشاھلارغا جارى قىلدى. يوللار كۈشاد، نەرخ ئەرزان بولدى. نەچەند مۇددەتتىن كېيىن ئەفراسىياب ئۆلدى ئەرسە، ئوغلى تەختغە ئولتۇردى. نەچەند يىلدىن كېيىن تۇرك خەلقى دەريايى جەيھۇندىن ئۆتتىلەر ئەرسە، مەنۇچېھرە بۇلارنىڭ ئالدىغە چىقتى؛ ئول تەئىن قىلىشغان يەردە روبەرو بولدىلەر. مەنۇچېھرەنى كۆرۈپ قاچتىلەر.

مەنۇچېھرە سىپاھ - لەشكەرىنىڭ سەردار، ئۇلۇغلارىغە نەسىھەت قىلىپ ئەردى: ئەي خەلق! ئالەمدە سىزلەردىن ئۆزگە كىشى بولماغاي؟ ئاپداغ ئەرمەس، بۇ ئالەمدە خەلايىق بىسياردۇر. ھەركىم ئۆز ئىشىنى قىلۇر. ئادەمدە بىر جۇنبىش - غەيرەت بولۇر. سىز ھەمىشە ئەيش - راھەت بىستەرىدە ئاسايىش ۋە غەفلەت تەكيەسىگە يۆلەنىپ ئويىقۇلۇغسىزلەر. ئادەم ئول ۋەقت ئادەمدۇركىم، جۇنبىش - غەيرەت بولسە، ھەر ئىشغە بىر ھىممەت بولسە، بەس، سىزلەر ئۆلۈكلەردەك بىخەبەرسىزلەر. بۇ سىپاھى تۇرك ئەھدىنى ئوشاتىپ، بىر كەنارەنى ئالىپدۇر. ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلىپ، ئۆزۈڭلەرنى كۆرسەتمەگەن جەھەتدىن سىزلەرگە قەسد قىلىپدۇر. ئول خۇداۋەندكىم ماڭا بۇ مۈلكنى بېرىپدۇر. مەن ئانىڭ شۈكرانەسىگە مەملەكەتىمنى ياخشــى ساقلارمەن. فەقىر ۋە رەئىييەلەرنى ياخشى ئاسرارمەن. داد - ئەدل بىرلە جەھاننى ئاباد قىلماقغە بەل باغلاپمەن. تاكىم ھەق تەئالا ماڭا بۇ ئالەمدە مۈلك ۋە مەملەكەتنى زىيادە قىلۇر، ئاخىرەتدە ئەجرەلەر ئامادە قىلۇر. مەن ھەرگىز خۇداغە ناشۈكر، ناسىپاسلىق قىلماسمەن. بۇ خەلقنى، پادشاھلىقىمنــى زايىئ، بەرباد ئېبەرمەسمەن. تاكىم خۇداۋەندە ئالەم بۇ جەھاندا مەندىن مۈلكنى ئالماغاي، ئول دۇنيادا ئەزاب - ئىقاب سالماغاي. ھەق تەئالا مېنى پادشاھلار

نەسلىدىن ياراتىپدۇر. ماڭا مۈلك، پادىشاھلىق بېرىپدۇر، ھەممە خەلايىقنى ماڭا رەئىييە ۋە لەشكەر قىلىپدۇر. مەن ھەرنە دىگۈلۈكنى دەرمەن، بۇيرۇغۇلۇقنى بۇيرۇرمەن. بەس، تەمامى لەشكەر ئۆزرلەر ئەيتىپ؛ فەرماندارلىق ئىزھار قىلىپ، تەۋبە قىلدىلەر.

خۇتبەئى مەنۇچىھرە. بەس، يەنە بىر كۈن ئەردى. مەنۇچىھرە سىپاھ - لەشكەر، تەمامى خەلايىقنى يىغدى. ھەر قايسىغە ئۆز مۇناسىبەتىدە ئورۇن بەردى. ئۆزى تەختغە ئولتۇردى. ئول زەماندا ھەممە ئۆلۇما - ھۆكۈمالار ئۇلۇغلەرى ئەردى. بەس، كۆردىكىم، تەمامى خەلايىق ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپدۇرلەر. ئاندىن، تەختدە قوپۇپ تۇردى، يارلىغ قىلدىكىم، ھېچ كىشى ئورنىدىن تەبرەمەسۇن. تاكىم ھەممە خەلق ئۆزۈمنى كۆرۈپ، سۆزۈمنى ئىشىتسۇن. ئاندىن خۇتبە ئاغاز قىلدى، ھەق تەئالاغە ھەمد - سەنا ئادا قىلدى. ئاندىن ئەيدى: ئەي خەلق، ئاگاھ بولۇڭلاركىم، بۇ ئالەمدە مۇنچە ئەنۋائ مەخلۇقلار. ئەسناف مەۋجۇدلەركىم، كۆرەرسىزلەر. ئۇلارنىڭ بىر خالىقى باردۇر، ھەممەسىنى ئول خالىق ياراتغاندۇر، ھەممەگە ناز - نېئمەت ئانىڭ دەرگاھىدا تەئىن ۋە تەقسىم تابغاندۇر. بەس، ئول - ئافەرىنىغە قۇللۇق قىلغايسىزلەر. نېئمەتلەرىگە شۇكرىبجا كەلتۇرگەيسىزلەر، ئانىڭ قەزاسىغە رىزا بەرگەيسىزلەر. ھەرنەكى خۇدا ئىرادە قىلىپدۇر، ئانى تارتماي چارە يوقدۇر. ئول خالىقى ئالەم تەسەررۇفىدە ھەممە مەخلۇقات ئاجىز ۋە ناچىزدۇر؛ ئول تەۋانا ۋە قادىردۇر. مەخلۇق خالىقدىن قاچماق مۇمكىن ئەمەسدۇر. ئانىڭ ئىشلەرى، سۇفەتلەرىنى فىكر - ئەندىشە قىلماق كۆڭۈلنى ياروتۇر. ئانىڭ قۇدرەتىنى تەفەككۇر قىلماي غافىل بولماق كۆڭۈلنى تىيرە قىلۇر، ئەقىلنى خىرە قىلۇر. بۇرۇنقىلار ھەممە كېتىپدۇرلەر، بۇ ئالەم بىزگە قالىپدۇر. بىز ھەم كەتمەي چارە يوقدۇركىم، ئۇلار دەرەختدۇرلەر، بىزلەر شاخ. ئەگەر دەرەختنى كەسسەلەر شاخ قاچان باقى تۇرغاي. يافراغ، شاخ ۋە بۇ مەسەللىك بىز ھەم باقى قالماغايمىز. ھەق تەئالا ئۆز فەزل - كەرەمىدىن بۇ مۈلكنى ماڭا بېرىپدۇر. ئاڭا شۇكرلەر ئەيتۇرمەن. ئانىڭدىن تەۋفىق، ھىدايەت تىلەرمەن؛ جۇرم يەقىن تەلەب قىلۇرمەنكىم، ياخشى - يامان ھەرنىكىم كېلۇر، ئانىڭدىن دەپ بىلگەيمەن. مېنىڭ بارۇر يېرىم ئانىڭ دەرگاھىدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركىم، پادىشاھنىڭ رەئىييەدە ھەققى باردۇر؛ سىپاھ -

رەئىييەنىڭ ھەم پادىشاھدا ھەققى بولۇر. پادىشاھنىڭ سىپاھدا ھەققى ئۇلدۇركى، ئانىڭ فەرمانىدىن چىقماغاي؛ دۇشمەنى بىرلە جەڭ قىلۇردىن ۋە بەئزى مەھەلدە پادىشاھنى نەسىھەت بىرلە جەڭدىن ياندۇرغاي؛ پادىشاھنى دۇشمەندىن ساقلاغاي. سىپاھنىڭ ھەققى پادىشاھدا ئۇلكىم، ھەر كۈن تەئىن قىلغان ۋەزىپەسىنى ئۆكسۈتمەگەي ۋە تەئخىر قىلماغاي. سىپاھ پادىشاھغە قۇشنىڭ قاناتى تەمسىللىك ۋە قۇيرۇغى مەسەللىكدۇر. قانات ـ قۇيرۇغسىز قۇش ھىچ ئىشغە ياراماغاي. مۇندىن سىپاھ ھەم پادىشاھدىن ئايرىلسە ھىچ نەرسەگە چىداماغاي. ئەمما پادىشاھ ھەققى رەئىييەدە ئانداغدۇركىم، ئانىڭ فەرمانىدا بولغايلەر، ئالەمنى ئاباد قىلماقغە كۈشەش قىلغايلەر. دىھقانلار زەبت زىرائەت، باغ ۋە ئىمارەت قىلماقغە جەھد ـ ئىستىقامەت قىلغايلەر؛ خىراجنى تەئخىر قىلماغايلەر. ئەمما رەئىييەنىڭ ھەققى پادىشاھدا ئەدل قىلماق، زۇلم ـ ستەمنى بىر تەرەف قىلماق، خىراجنى ئاستە ۋە مۇلايىمەتلىك بىرلە ئالماق؛ زالىم ۋە ستەمكارلارنى يوق قىلماق؛ ئۇلارنى قىلالمايدۇرغان ئىشغە بۇيرۇماسلىق، مۇلكنى ئاباد قىلماقلەرىدە، يا زىرائەت ئىشلارىدا پۇل ھاجەت بولسا دەرىغ تۇتماسلىق، تاكىم ئىش ۋەقتىدىن ئۆتمەگەي؛ ئەگەر زىرائەت ۋە مەھسۇلاتلەرىغە ئافەت يەتسە، خىراج ۋە ئۆشر ئالماسلىق، تاكى سەرمايەسىز قالماغاي. ۋە يەنە خىراجنى ئانچە ئالماغايكىم، ئۇلارنىڭ ھالى تەڭلىككە قالماغاي، ۋە يەنە بىلگەيسىزلەركىم، پادىشاھلاردا ئۈچ خىسلەت باردۇر: ئەۋۋەل ئۇلكىم، راستگوي بولغاي، ھەرگىز يالغان سۆزلەمەگەي؛ ئىككىنچى، سەخى ۋە جۇۋانمەرد بولغاي، بىخىل بولماغاي؛ ئۈچۈنچى، غەزەبناك بولماغاي، خەلقغە پات غەزەب قىلماغاي. چۈنكى ھەممە رەئىييەلەر ئانىڭ تەسەررۇفىدەدۇر. قاچان خاھلاسا غەزەب قىلماقغە قۇدرەتى باردۇر. ناز ـ نىئمەت، مال ـ ئەمۋال، ھۆزۈر ـ راھەتكىم پادىشاھنىڭ باردۇر، رەئىييە ـ فۇقرانى ھەم ئانداغ قىلغاي. ئۇل نەرسەلەركىم، پادىشاھلىق ۋە سەلتەنەتكە كېرەك، ئانىڭدىن رەئىييەدە بولماقى لازىم ئەمەسدۇر. چۈنانچە، ياخشى ئات ۋە سىلاھ ـ ئالات، دۇرر ـ گەۋھەر، لەئل ـ جەۋاھىر، ھەر نەۋئ نەرسەلەركىم، خەلايىق ئىشلەتۇر، ئانىڭدىن خەلقنى مەنئ قىلماغايلار. ۋە يەنە پادىشاھ خەلقنىڭ گۇناھىنى ئەفۇ قىلغاي، ئۇقۇبەت قىلماغاي؛ قىلادۇرغان گۇناھىنى بىلىپ ئۇقۇبەت قىلغاي، لېكىن ئۇقۇبەت

قىلماقغە شىتاب قىلماغاي. ھەر ئىشدە تەئجىل قىلماق ئاخىر فەساد ۋە پۇشمان كەلتۈرۈر. تاكى ۋاجىب بولماغۇچە ئۇقۇبەت قىلماغاي، ئەفۇ قىلغاي. ئەگەر پادىشاھنىڭ دورغالارىن بىركىمەرسە نالە ـ شىكايەت قىلسە ھەرگىز يۈز كۆرمەگەي، ئىككىسىنى، قامتۇ قىلىپ، راستىنى ئالىپ ھۆكۈم قىلغاي. ئەگەر كىشىنىڭ نەرسەسىنى بىر زالىم ناھەق ئالغان بولسە. زەبت بىرلە ئالىپ بەرگەي؛ ئەگەر ئانىڭدا يوق بولسە، ئۆز خەزىنەسىدىن بەرگەي، تا رەئىييە خەراب ـ نامۇراد بولماغاي. ئەگەر بۇيرۇغان ئىشدە زۇلم ۋە زىيادەلىك قىلسە ئانى ئول ئىشدىن ئەزل قىلىپ ئەدەب بەرگەي. ئەمەلدارلارغە تەئىن ۋە قارارغا نىشان ـ دەستەك بەرگەي، تاكىم كەنتلەرنى خەراب قىلماي ئاباد قىلماق ئانىڭ گەردەنىگە بولغاي. ئىنسافلىغ ياخشى ئەمەلدارلار مەنسەبىنى ئالماغاي. ئەگەر كىشى خۇنى، ناھەق قىلسە قىساس بۇيرۇغاي، ئانى مال ۋە ياخىزمەت بىرلە ئەفۇ قىلماغاي. ئەگەر ۋارىسلاردىن ئۆلتۈرگەن بولسە. خۇنى بەھا ئالغاي، قىساس قىلماغاي. ئول مەجلىسدە مۇنازىئەت دەئۋاسىنى قەتئى قىلىپ، خەت مۆھۈر بەرگەي. بىلىڭلەركىم داد ـ ئەدل بۇدۇر. سىزلەرگە ۋاجىبدۇركىم، فەرمان تۇتغايسىزلەر. بۇ دۇشمەن بىرلە جەڭ قىلىپ زەرەرنى دەفئ قىلغايسىزلەر. بۇ دۇشمەنلەر بىزگە قەسد قىلىپدۇر دەپ، ئەگەر بۇ دىيارنى ئۇلار ئالسە، تەنھا ماڭا بەلا كەلمەس، تەمامى خەلايىقكىم بۇ دىياردا باردۇر ھەمەسىگە كېلۇر. بەس، بىر ـ بىرىڭلەرگە پۇشت پەناھ بولۇپ، قۇۋۋەت بېرىپ، بۇ دۇشمەنلەر دەفئىگە سەئىلەر قىلىپ ئۆزۈڭلارنى ۋە بىزنى خەلاس قىلغايسىزلەر. مەن فەرمان قىلۇرمەنكىم، سىلاھ ـ ياراغ ۋە ھەممە جەڭ ئەسبابىنى راست قىلماقنىڭ تەدبىرىنى قىلۇرمىز. ماڭا بۇ مۇلكدىن نام ئىۋازە، ھۆكۈم رايلىقنى راست قىلماقدىن ئۆزگە سۇد يوقدۇر. ئەگەر يۇرت ئاباد ـ فەرراخلىق، نەرخ ئارزان بولسە، سىزلەرگە مەنفەئەت زىيادە بولۇر. مەن سىزلەردىن فەرماندارلىقدىن ئۆزگە نەرسەنى پىسەند قىلماسمەن. ھەركىم ماڭا فەرماندار بولسە، ئاڭا ياخشى ئەجر بېرۇرمەن. نافەرمانلارنى خەبەر ئالسام، تا جەزم قىلماغۇنچە ئۇقۇبەت قىلماسمەن. خىلافى مۇقەررەر بولغاندا، ئانىڭ جەزاسىنى بېرۇرمەن. بىلگەيسىزلەركىم، مۇسىبەتكە سەبردىن ياخشىراق داۋا يوقدۇر. ھەركىم جەڭدە دۇشمەن ئىلكىدە ئۆلسە، ھەق تەئالا خۇشنۇد بولۇر. ئۆزىنى

خۇداغە سىپارىش قىلماق ياخشى سۇفەتدۇر. ئەگەر خۇدا قەزاسى يەتكەن بولسە، ھىچ چارە يوقدۇركىم قاچماق مۇمكىن ئەمەسدۇر. بۇ ئالەمدە تامامى خەلايىق سەفەر رەختى باغلاغلىق مۇسافىرلاركىم ھەممىشە يۈرۈرلەر. ھەر نەرسەلەركى باردۇر، ئۇلارغە رىئايەتدۇر. ئاخىرەت ئالەمىگە ياخشى ئىش، خۇدا قەزاسىغە رىزا ۋە خاھىش، خۇدا نىمەتلەرىگە شۇكر - سەنا ۋە ستايەشدىن ئۆزگە نەرسەنى ئالىپ بارماق ئىمكانى يوقدۇر. ھەركىم سىزلەردىن ياخشى ۋە دۇرۇست نىيەتلىكدۇر خۇدانىڭ زەفەر ۋە نۇسرەتىگە ئول سەزاۋەردۇر. بىلىڭلاركىم، پادشاھ راست يولدا بولسە، داد - ئەدل قىلسە، سىپاھ ۋە رەئىييە ئانىڭ فەرمانىدا بولۇر بولسە، دۇشمەن مەغلۇب ۋە غەمكىن، مەملەكەت ئەمىن بولۇر. بۇ سىزلەرنىڭ ئىختىيارىڭلاردادۇر. ئەگەر فەرمان تۇتساڭلار دۇشمەن بىرلە جەڭ قىلىڭلار. مەن سىزلەرگە داد - ئەدل قىلىپ، راھى راست كۆرسەتۇرمەن. ھەق تەئالا سىزلەرگە زور بازۇ، كەرامەت قىلۇر. سىزلەركى سىپاھ - ئەمەلدارسىزلەر، فەقىر ۋە رەئىييەلەرگە زۇلم - ستەم قىلماڭلاركىم، رەئىييە مىنىڭ ۋە سىزلەرنىڭ تەئام ۋە شەرابىمىز، مىنەرگە ۋە ئىشلەتۇرگە ئالات ۋە ئەسبابىمىزدۇر، ھەر ۋەجھى بىرلەر رەئىييەنى شاد - ئاباد قىلىڭلار. تاكى خىراج مەھەللىدە قولغا كەلگەي؛ سىزلەرگە ئەلفە ھەم ۋەزىفە تەئخىرى مۇيەسسەر بولماغاي. ھەركىمنىڭ مۇلك ئاباد قىلماقغە نەفەقەسى بەيتىل مالدىن بولسە، ئانى پات بەرگەيسىزلەر. تاكى كىچىك دۇشمەن چوڭ بولغۇچە ئابادلىق قىلغايلەر. ھەر نىمەرسەئىكىم رەئىييەلەر گەردەنىدە باردۇر، ئانى ئالىپ مۇلك ئاباد قىلماقغە سەرف قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار تاپالماسالەر بەيتىل مالدىن قەرز بېرىڭلار، تاكىم ئۈچ يىلدا ئول قەرزنى ئالۇرسىزلەر. ھەر يىل رەئىييەلەرغە قايسى نەرسە ئاغىر كەلمەسە ئانى ئالغايسىزلەر. ئانچە راست يوللار كۆرسەتتىم بىلدىڭلار، ئانچە بۇيرۇغۇلۇقلارنى بۇيرۇدۇم ئىشىتتىڭلار! ھەممە سىپاھ - لەشكەرلەر يەكبارە فەريادلار قىلدىلەركىم: ھەممىز ئىشىتتۇك، فەرمان تۇتتۇق.

مەنۇچېھرە ئەيدى: «ئەي مۇئەييىدلەر، بۇلارغە گۇۋاھ بولۇڭلار! ھەر سۆزكىم مەندىن ئىشىتتىڭلار ئاڭا ۋەفا قىلماقنى مەندىن تەلەپ قىلىڭلار.» ئاندىن، تەختدە ئولتۇردى، فەرمان قىلدىكىم، تەئامھاي

گۆناگۆن كەلتۈردىلەر، ئۇل خەلقنى مىھمان قىلدى. ئاندىن، سىپاھ - لەشكەرىگە فەرمان قىلدى، تاكى تۈركلەر بىرلە جەڭ قىلىپ، ئۇلارغە شىكەست بەردى، ئۆز مەملەكەتلەرىدىن يىراق قوغلادىلەر. ئاندىن كېيىن، تەمامى مەشرىق ۋە مەغرىب ھەمەنى ئالدى. يەمەندە بىر پادشاھ بار ئەردى، ھىرسا بىننى قەھتان ئەۋلادىدىن ئەردى، ئانى ئارايىش ئاتادىلەر. چۈنكى ئۇل دۈشمەنلەر بىرلە تولا جەڭلەر قىلىپ، شىكەستلەر بېرىپ، غەنىمەتلەرنى ئالىپ كەلتۈرۈر ئەردى. مەنۈچىھرەنىڭ مەملەكەتى تا ھىندۇستانغە يەتتى ئەرسە، ئارايىش ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىپ، مال - ئەمۋال بىسيار ۋە غەنىمەت بىشۇمار ئالىپ، يەمەنگە كەلتۈردى. ئاندىن كۆھى تەيگە ئالىپ باردى. ئەنبار، مەۋسىل سەرھەددىدىن ئۆتتى، بار - رەيھاندا بولدى. بۇ شەھەرلەر ھەمە تۈركلەر تەسەررۇفىدە ئەردى. ئۇلارغە شىكەست بېرىپ، بۇ شەھەرلەرنى ئۇلاردىن خالى قىلدى. ئۇل بار - رەيھاندا ئىككى ئۇلۇغ تاش بار ئەردى. ئۇل تاشنى يۇندۇرۇپ، ئۆزىنىڭ نام - نەسەبىنى، ئاندا كەلگەن لەشكەرىنىڭ مىقدارى ۋە ھىسابىنى، ئانچەكى فەتھ - زەفەر تاپقانىنى ئۇل تاشغە پۈتتۈردى. ھالا ھەم ئۇل تاشنىڭ خەتنى ئوقۇپ، ئارايىشنىڭ ئۇلۇغلۇقىغە تەھسىنلەر قىلۇرلەر. ئۇل مۇنداغ ئۇلۇغلۇقى ۋە سىپاھنىڭ تولالىغى بىرلە مەنۈچىھرەگە فەرماندار ئەردى. ئارايىشدىن كېيىن ئوغلى ئەبرەھە پادشاھ بولدى، ئۇل ھەم نەھايەتى ئۇلۇغ پادشاھ ئەردى: ئاڭا تابىئ پادشاھلار، سىپاھلار بىسيار ئەردى. ئانى «زۇل مۇنار» ئاتار ئەردىلەر. ئانىڭ ئۈچۈنكى، مەغرىب زەمىنىگە لەشكەر تارتىپ باردى ئەرسە، بەناگاھ كېچە يانماق لازىم كەلسە، ئازغايمىز دەپ قورقۇپ، بىر مۇنار ئەتتۈردى. بۇ ۋەجھىدىن زۇل مۇنار ئاتار ئەردىلەر. بەس، ياندىلەر ئەرسە، يول ئازمادىلەر. بۇ زۇل مۇنار ھەم مۇنچە ئۇلۇغلۇق ۋە قۇدرەتى بىرلە مەنۈچىھرەگە تابىئ ئەردى. بۇ زۇل مۇناردىن كېيىن ئوغلى تەختغە ئولتۇردى. ئاتى ئەبرەھە ئەردى، ئاڭا «زۇل ئەزئار» ئەلقەب بولدى. ئۇل ۋەجھىدىنكىم، ئاتاسى بىسيار لەشكەر بىرلە مەغرىب زەمىنگە ئىبەردى ئەرسە، ھىچ كىمنىڭ قەدەمى يەتمەگەن يەرلەرگە ئۇل باردى. تولا خەلقلەرنى ئۆلتۈردى؛ بىسيار خەلقلەرنى ئەسىر قىلىپ، ئاتاسىغە كەلتۈردى؛ ئۇل ئەسىرلەر بىنەھايەت قارا ۋە بەدھەيئەت ئەردى. ئەھلى يەمەن بۇ خەلقدىن قورقتىلەر ئەرسە، ئۇل ئۇبەيدكە «زۇل ئەزئار» لەقەب قويدىلەر،

مەئنىسى «قورقۇنۇچى» دىمەك بولۇر. بەس، ئاتاسى ئۆلدى ئەرسە، ئول پادشاھ بولدى. ئانىڭ پادشاھلارى، سىپاھلارى بىسىيار بولدى. ئول ھەم مەنۇچېھرە تەسەررۇفىدە ئەردى. مەغرىب، يەمەن پادشاھلارى ئانىڭ فەرمانىدا ئەردىلەر. مەگەر مىسىر فىرئەۋنلەرى ھىچ پادشاھغە تەبئ بولمادى، ئۇلار ئىمالىق ئۇرۇغىدىن ئەردى. ئۇلارنى «ئەمارلىق» ئاتار ئەردىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئۇلارغە پەيغەمبەر ئەردىلەر. مەنۇچېھرە پادشاھى جەھان ئەردى. ئانىڭ پادشاھلىقىدىن ئاتمىش يىل بولۇپ ئەردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ۋۇجۇدغە كەلدى.

## فەسلى دەستان
## ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ تۇغۇلغانلەرىنىڭ زىكرى

ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. مەنۇچېھرەنىڭ زەمانىدا ئەردىلەر. مىسىردە ۋەلىد بىننى مۇسئەب ئاتلىغ بىرى فىرئەۋن ئەردى. مىسىر خەلقى ئىككى تائىفە ئەردىلەر: بىر تائىفە ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. نىڭ ئەۋلادلەرىنى «بەنى ئىسرائىل» ئاتار ئەردىلەر، ئۇلارنى «قىبتى» دەر ئەردىلەر، قىبتىلەر تولا ئەردى. ئاخىر ئۆمرىدە ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. غە ئىمان كەلتۇرۇپ، مۇسۇلمان بولدى. ئول ئۆلگەندىن كېيىن، ئىمالىق نەسلىدىن قابۇس بىننى مۇسئەب ئاتلىغ بىرى فىرئەۋن بولدى، ئۇلۇغ پادشاھ بولدى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. ئانى ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر، ئۇنامادى. بەس، ھەزرەتى ياسۇف ئەلەيھ-س. غە خاست بولدىلەر ئەرسە، قابۇس خەلقنى بۇتپەرەستلىككە باشلادى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىدىن يانماقغە ئەمر قىلدى، ھەمە قىبتىلەر قەبۇل قىلدىلەر. بەنى ئىسرائىل ئۇنامادىلەر. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىنى مەھكەم تۇتتىلەر ئەرسە، پادشاھ قىبتىلەرغە ئەيدى: «ئۇلارنى خار كۆرۈڭلار، ھىچ ئەجرە بەرمەي خىزمەتكە سالىڭلار» دەپ؛ ۋە يەنە بۇلارنى ئالبانغە قويدى. نەچەند يىلدىن كېيىن قابۇس ئۆلدى. بۇرادەرى ۋەلىد بىننى مۇسئەب ئەردى، ئول فىرئەۋن بولدى. ھەزرەتى موسا

ئەلەيھ‌ـس. نىڭ ۋەقتلەرىدە بۇ ئەردى. بۇ ھەمەئى فىرئەۋنلەردىن زالىم ئەردى، ستەمكاران ئەردى. بەنى ئىسرائىلغە ھەمەدىن دۇرۇشتراق ئەردى. ۋەقتىكى قابۇسنىڭ ئورنىدا پادشاھ بولدى. بۇرادەرى قابۇسنىڭ بىر كۆجى. بار ئەردى ئاتى ئايىسە بىنتە مەزاھىم بىننى ئۆبەيد بىننى رەييان. ۋەلىد ئايىسەنى ئالدى، ئاڭا نەھايەتى ئىززەت قىلىپ، ئۇلۇغ تۇتار ئەردى. ھەر ئىشنى ئانىڭ مەسلەھەتى بىرلە قىلۇر ئەردى. ئەيتۇر ئەردىكىم، بۇ پادشاھلىقىمدا ھىچ نەرسەگە ئايىسەنى قولۇمغە كەلتۇرگەندەك شاد ئەمەسمەن. بۇ ۋەلىد ھەم بۇتپەرەست ئەردى، خەلقنى بۇتپەرەستلىككە بۇيرۇر ئەردى. چۇن يىگىرمە يىل بولدى ئەرسە، ئەيدى: «مەن خۇدادۇرمەن، بۇتلاردىن ئۇلۇغدۇرمەن، چۇنكى ھەمە بۇتلار مىنىڭ تەسەررۇفۇمدادۇر. خاھلاسام ئۆلتۇرۇرمەن، خاھ ئەزىز قىلۇرمەن. بەس، ماڭا تابىنىڭىزلار.» مۇنىڭدىن ھەق تەئالا خەبەر بېرىپدۇركىم، مەئنى بۇدۇر: بەس، جادۇلارنى ۋە قەۋمنى يىغىپ ئەيدى: مەن خۇدايىڭلارنىڭ ئۇلۇغىدۇرمەن. بەس، قىرىق يىل بۇ سۆزدە ئەردى، ئاندىن كېيىن بۇتلارنى ئوشاتتى ۋە ئەيدى: «ئەي قەۋم، سىزلەرگە ئۆزۈمدىن ئۆزگەنى خۇدا بىلمەسمەن.» بەس، خەلقنى ئۆزىگە تابىنماقغە بۇيرۇدى. تەمامى قىبتىلەر ھەمە باش ئۇردىلەر. بەنى ئىسرائىل ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ‌ـس. نىڭ دىنلەرىنى مەھكەم تۇتۇپ، ئۇلارنى مىسردىن چىقارالمادى، چۇنكى تولا ئەردىلەر. فىرئەۋن بۇلارنى باغبان قىلدى. بىر گۇرۇھلارنى شەھەردە ئىمارەتلەر قىلغالى قويدى. مىسرنىڭ ئۇلۇغلارىغە ئەيدى: «بۇلارنى ئانچەكى خاھلايسىزلەر خىزمەت قىلدۇرۇڭلار، شەھەر - سەھرالاردا ئىشغە سالىڭلار، خىزمەتكە ياراماغانلاردىن ئالبان ئالىڭلار.» ھەر قىبتىلار بەنى ئىسرائىلدىن بىر - ئىككىلەرىنى خىزمەتكار قىلدىلەر، ئوتۇن توشۇغالى قويدىلەر، مەزلۇملارنى ھەم قىبتىلارنىڭ خاتۇنلارى خىزمەتكار قىلدى. ئەمما ئايىسە بەنى ئىسرائىلدىن ھىچكىمنى ساقلامادىلەر، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ‌ـس. نىڭ دىنلەرىدە ئەردىلەر، خۇداغە قۇللۇق قىلۇر ئەردىلەر. مۇنىڭدىن فىرئەۋن بىخەبەر ئەردى. بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ئايىسە بەنى ئىسرائىلدىن ئەردىلەر، فىرئەۋن خۇشروىلۇقلەرىدىن ئالىپ ئەردى دەپدۇرلەر. بۇ قەۋل دۇرۇست ئەمەسدۇر. لېكىن مۇسۇلمانلىقلەرىدە ھىچ شەك يوقدۇر. بەس، ئول يىلى بەنى ئىسرائىل بۇ تەڭلىكدە ئەردىلەر، دىنى

ئىسلامدىن يانمادىلەر.

بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھىس. نىڭ ۋۇجۇدلەرىغە كىلۇر ۋەقتلەرى ياۋۇشتى ئەرسە، فىرئەۋن تۇش كۆردىكىم، بەيتىل مۇقەددەس يىرىدىن بىر ئوت كىلىپ ھەمە قىبتىلەرنى كۆيدۇردى؛ بەنى ئىسرائىلغە زەرەر يەتكۇرمەدى. بەس، فىرئەۋن ئەرتەسى ھەمە مۇنەججىم - مۇئەببىر ۋە جادۇ - ساھىرلارنى يىغدى. بۇلاردىن تەئبىر سورىدى. ئەيدىلەر: «بەنى ئىسرائىلدىن بىر فەرزەند ۋۇجۇدغە كىلۇر، تەمامى قىبتىلار ئانىڭ قولىدا ھەلاك بولۇر.» مۇنەججىملەر ھەمە نۇجۇم ھۆكمىدە مۇنداغدۇر دىدىلەر. بەس، فىرئەۋن بۇيرۇدىكى، بەنى ئىسرائىل خاتۇنلارىنىڭ ھەر بىرىگە قىبتىلەر خاتۇندىن بىرى مۇئەككىل بولسۇن، ھەر خاتۇنكىم بەنى ئىسرائىلدىن ئوغۇل تۇغسە ئۆلتۇرسۇن. بەس، بۇ تەرىقەدە، قىبتىلار خاتۇنى بەنى ئىسرائىل خاتۇنىغە ئەزاب قىلدىلەر. ئوغۇل تۇغسەلەر ئۆلتۇرۇر ئەردىلەر. بەنى ئىسرائىل بۇ بەلالارغە سەبىر قىلدىلەر. ھەق تەئالا بۇ ۋاقىئەنى «قۇرئان» دا بەلايى ئەزىم دەپ ياد قىلىپدۇر. بەس، فىرئەۋن بەنى ئىسرائىل بالالارىنى بىنەھايەت ئۆلتۇردى. ئول يىل بەنى ئىسرائىلدىن ھەم تولا خەلق ئۆلدىلەر ئەرسە، مىسىر خەلقى فىرئەۋنغە ئەيدىلەر: «بەنى ئىسرائىلنىڭ تولا ئەۋلادى ئوغۇل فەرزەندلەرىنى ئۆلتۇرۇرمىز، بۇلار ئاز فۇرسەتدە ئۆلۇپ تۈگەگۇدەك. بۇ زۇلملارنىكىم ئۇلارغە قىلۇرمىز، بىزگە ھەم كىلۇر، بىز ھەم مۇندىن قورقارمىز؟» بەس، بۇيرۇدىلەركىم «بۇ يىل ئۆلتۇرمەگىلار.» قاچانكىم ئول يىل تەمام بولدى ئەرسە، ئول تۇشدىن قورقۇپ، يەنە ئۆلتۇرگەلى بۇيرۇدى. ئەھلى مىسىر يەنە يىغىلىپ كەلدىلەر، فىرئەۋنغە ئەيتىپ يەنە مەسلەھەتكە قەرار قىلدىلەركىم، بىر يىل ئۆلتۇرگەيلەر، بىر يىل ئۆلتۇرمەگەيلەر، تاكى بەنى ئىسرائىل مىسىردا تۈگەمەگەيلەر.

ھەزرەتى موسا، ھارۇن ئەلەيھىس. لارنىڭ ئاتالەرى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. نىڭ ئوغلانلەرى لاۋى ئۇرۇغىدىن ئەردىلەر. نەسەبلەرى مۇنداغكى، ھەزرەتى موسا ئەلەيھىس. بىننى ئىمران بىننى سىھر بىننى فاھىد بىننى لاۋى بىننى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھىس. ئىمران بەنى ئىسرائىل ئاراسىدا ئۇلۇغ ئەردى، فىرئەۋنغە جىزيە بىرۇر ئەردى. بىر خاتۇنى بار ئەردى، ئول

ھەم لاۋى ئۇرۇغىدىن، مۇسۇلمان ئەردى، ئاتى يوھىت ئەردى. بۇ بالالارنى ئۆلتۈرمەس بولغان يىلى بار ھامىلە بولۇپ، بىر ئوغۇل تۇغدى، ئاتا ھارۇن ئات قويدى. يەنە كېلۇر يىلغە بالالارنى ئۆلتۈرۈر يىلى ئەردى. يەنە بار ھامىلە بولۇپ، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نى تاپتى، ئۇلەرنى خەلقدىن پىنھان قىلدى. كۆڭلىگە ھەق تەئالا ئىلھام قىلدى، ئانداغ خەبەر بېرىپ ۋەھى قىلدى. موسا ئاناسىغەكىم، «ئەگەر مۇنى ئىمىتىپ باقغالى قورقساڭ دەرياغە سالغىل، قورقماغىل، غەم يېمەگىل، مەن ئانى ساڭا سەلامەت بېرۇرمەن، ئانى پەيغەمبەر قىلۇرمەن.» بۇ ۋەھى ئىلھام بىرلە ئەردى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نى ئانالەرى ئۈچ كۈن سۈت بېرىپ باقتىلەر. ئەخبار كىتابلارىدا ئۈچ ئاي باقتى دەپدۇرلەر. ئاندىن كېيىن ساندۇق قىلىپ، قىرىم بىرلە مەھكەم سىرلاپ، نىل دەرياسىغە سالدىلەر. بۇ ئىشلارنى ئىلھام ئىلاھى بىرلە قىلدىلەر. ئانداغكى، ھەق تەئالا «قۇرئان»دا خەبەر بېرىپدۇر، ۋە يەنە ئانداغ رەۋايەت قىلىپدۇرلەركىم، ئول ساندۇق ئەتكەن فىرئەۋن تائىفەسىدىن، لېكىن مۇسۇلمان ئەردى...... ئول ۋەقت قىبتىلەردىن ئول كىشىدىن ئۆزگە مۆئمىن يوق ئەردى. فىرئەۋنىنىڭ ئورداسى دەريا لەبىدە ئەردى، دەرەختلەر، باغ ۋە ئىمارەتلەر ئاراسىدا چىقىپ، فىرئەۋنىنىڭ سارايى ئالدىدىن ئۆتەر ئەردى. بېنەھايەت ئۇلۇغ دەريا ئەردى. بەس، ئول ساندۇقنى دەرياغە سالدىلەر ئەرسە، دەريا مەۋج ئۇردى. كۆزلەردىن غايىب بولدى ئەرسە، نالە - فەرياد قىلغالى قەسد قىلدىلەر. ھەق تەئالا بۇلەرنىڭ كۆڭلىگە سەبىر - ئارام سالدى. بەس، ئۆيگە ياندىلەر. مەريەم ئاتلىغ بىر قىزلەرى بار ئەردى، ئاڭا ئەيدىلەر: «سەن چىقىپ باقغىلكىم ساندۇق قايان بارۇر؟» مەريەم چىقىپ دەريا لەبىدە قاراپ تۇردىلەر. ساندۇق دەرەختلىقلەردىن ئۆتۈپ، فىرئەۋنىنىڭ ئىشىكىگە باردى. فىرئەۋنىنىڭ كەنىزەكلەرى ساندۇقنى كۆرۈپ، تۇتۇپ ئالدى؛ ئانى ئاچالمادى. مۇنىڭ ئىچىدە بىر نەرسە بولسە، فىرئەۋن مەندىن ياشۇرۇنغاندۇر دەپ گۇمان قىلماغاي، فىلھال، فىرئەۋنغە كىشى ئىبەردىلەركىم، دەريادىن بىر ساندۇق تاپىپ ئالدىم، ئاغزىنى ئاچالمادىم دەپ، فىرئەۋن ئايسە قاشلەرىغە كەلدى. ساندۇقنى ئاچتى ئەرسە، بىر بالا كۆردى. ئەيدى: «بۇ ئەجەبدۇر.» ئايسە ئەيدىلەر: «شايەدكى بەنى ئىسرائىلدىن بىر بىچارە بالانى دەرياغە

سالغاندۇركىم، كۆزۈمدە ئۆلتۈرگۈنچە دەريادا غەرق بولسۇن دېگەندۇرلەر.» فىرئەۋن ئەيدىكىم: «مۇنى ئۆلتۈرۈرمەن.» ئايسە ئەيدىلەر: «بىزنىڭ فەرزەندىمىز يوقدۇر، شايەدكى مۇنىڭ بىرلە كۆڭلۈمىز خۇش ۋە كۆزۈمىز روشەن بولغاي، مۇنى ئۆلتۈرمەگىل،» دەپ تەڭ قىلىپ تىلەپ ئالدىلەر، فىرئەۋن ئەيدى: «ئۆزۈڭ بىلگىل.» ئايسە ساندۇقتىن ئالدىلەر. ئۆزلەرى ئىگىن راست قىلىپ كىيدۈردىلەر. «موشا» ئات قويدىلەر، ئىبران تىلىدا «سۇ - دەرەخت» دېمەك بولۇر. دەرەختلەر ۋە دەريا ئىچىدە تاپتى ئەرسە، موشا ئات قويدىلەر. ئەرەبىدە موسا ئاتاندىلەر. ئاندىن، ئايسە ئىنىگە ئىزدەدىلەر. ھەر خاتۇننى ئالىپ كەلدى ئەرسە ئىمىتدىلەر. مەريەم ئىشىكدە تۇرۇپ، ئەيدىلەر ئاڭلادىلەركىم، ھېچ خاتۇننى ئەمگەلى ئۇنامايدۇرلەر. ئايسەنىڭ قاشىغە كەلگەلى ئەيمەنىپ، بۇ بالا تەشنەلىكدىن ئۆلگەي دەپ قورقۇپ، فىرئەۋننىڭ كەنىزەكلەرىگە ئەيدىلەر: «مەن سىزلەرگە بىر مىزلۇم خەبەر ئەيتايكىم ئول ئىمىتسە ئۇناغاي، ئول مەزلۇم ھەم سۆزۈڭلەرنى قەبۇل قىلغاي.» كەنىزەكلەر ئايسەگە ئەيدىلەر. ئايسە مەريەمنى چىرلاپ سوردىكىم: «بۇ بالا كىمنىڭدۇر، بىلۇرسەنمۇ؟» مەريەم ئەيدىلەر: «بىلمەسمەن.» ئايسە ئەيدىلەر: «بۇ بالا ئول خاتۇننى ئەممەگەينى نە بىلۇرسەن؟» مەريەم ئەيدىلەر: «ھېچ خاتۇن ئول فەرزەندكە نەسىھەت قىلمايدۇر، شايەدكى ئول كېلىپ نەسىھەت قىلسە، ئەمگەي.» بەس، ئايسە ئول مەزلۇمنى دەپ بىر كىشى قوشتىلەر. ئۇلار كېلىپ ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ ئانالەرىنى ئالىپ باردىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئانالەرى پىستاننى تاپتىلەر ئەرسە، ئەمدىلەر. بەس، ئايسە شاد بولدىلەر. ئۇلارغە ئەيدىلەركىم: «سەن بۇ فەرزەندنى مۇندا باقغىل، مەن سېنى ياخشى ئاسراغايمەن.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ ئانالەرى ئەيدىلەر: «مېنىڭ بالالارىم تولادۇر، ئانى مۇندا تۇرۇپ باقالماسمەن، ئەگەر ئىجازە بەرسەڭ ئۆيۈمگە ئالىپ بارىپ باقاي، ساڭا ھەر بار كېلىپ كۆرسەتكەيمەن.» بەس، ئايسە ئىجازە بەردىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نى ئالىپ ئۆيگە كەلدىلەر. ئوشۇل كۈنى ئەردىكىم، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نى دەرياغە سالىپ، يەنە ھەق تەئالا قاۋۇشتۇردى...... بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نى ئانالەرى پەرۋەرىش قىلدىلەر، ھەر ھەفتە ئايسەگە كۆرسەتىپ، يانار ئەردىلەر. تاكىم

بەش ياشغە كەلدىلەر ئەرسە، بىر كۈنى ئانالەرى ئايسە قاشغە ئالىپ كېلىپ ئەردىلەر. فىرئەۋن كىرىپ كەلدى. ئايسە ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نى فىرئەۋننىڭ قوچاغىدا قويدىلەر، ئەيدىلەركىم: «بۇ سىنىڭ فەرزەندىڭمۇ» . فىرئەۋن ئەيدى: «بۇ سىنىڭدۇر، ماڭا كېرەكى يوقدۇر.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. فىرئەۋننىڭ قوچاقىدا تۇرۇپ ساقالىنى يۇلدىلەر. فىرئەۋن قوللارىنى تۇتۇپ، ئەيدى: «بۇ ئول بالادۇركىم، مەن ئانى بەنى ئىسرائىلدىن ئىزدەر ئەردىم. بەس، مۇنى ئۆلتۈرۈرمەن.» ئايسە ئەيدىلەركىم: «سەبرقىل، تاكىم ئازمايىش قىلىپ كۆرەلى. ئەگەر بىلىپ مۇنداغ قىلسە، ئۇقۇبەتكە سەزاۋەردۇر» . بەس، بىر قاچادا ئوت كەلتۈرۈپ قويدىلەر ۋە يەنە بىر قاچادا قىزىل ياقۇت كەلتۈردىلەركىم ئوتدەك يالتىرلاپ تۇرادۇر ئەردى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نى ئىككى قاچانىڭ ئاراسىدا قويدىلەر. ئەيدىلەركىم: «ئەگەر ياقۇتغە قول سۇنسا ئەقلى باردۇر، ئەگەر ئوتنى تۇتسە، بىلۇرمىزكىم، ناداندۇر.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قەسد قىلدىلەركىم، ياقۇتنى ئالغايلەر. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. ھازىر ئەردىلەر، قوللەرىنى ئوتغە سۇندۇردىلەر. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. بىر چوغنى ئالىپ ئاغىزلەرىغە سالدىلەر ئەرسە، تىللەرى كۆيۈپ يىغلادىلەر. ئايسە دەرھال قۇچاقلەرىغە ئالىپ ئول چوغنى تاشلادىلەر. فىرئەۋنغە ئەيدىلەركىم: «كۆردۈڭمۇ؟ بىلمەي قىلىپدۇر.» فىرئەۋن چىقىپ كەتتى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نىڭ تىللەرىنىڭ ئۇچى تۇگمە بولۇپ ساقايدى، سۆزلەرى ناقىس بولدى. ئانداغكى تا چوڭ بولدىلەر ئەرسە. تىللەرى مۇلتۇك ئەردى. قاچانكىم، پەيغەمبەرلىككە فەرمان كەلدى ئەرسە، دۇئا قىلدىلەركىم: «خۇداۋەندا، تىلىمنىڭ گىرىھىنى يەزگىل، سۆزۈمنى خەلق ئاڭلاسۇنلەر.» خىتاب كەلدىكىم: «يا موسا! مەقسۇدۇڭ بېرىلدى.» ئاندىن تىللەرى تۈزەلدى.

بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نى ئانالەرى ئۆيگە ئالىپ باردىلەر. ئۆيدە پەرۋەرىش قىلۇر ئەردىلەر، ئون ياشغە كىردىلەر. ئانالەرىنىڭ ئۆيدىن فىرئەۋننىڭ ئۆيىگە ئاتلانىپ، نەۋكەرلەرى بىرلە بارىپ كېلۇر ئەردىلەر، ئۇلار فىرئەۋننىڭ ئوغلى دەر ئەردىلەر. فىرئەۋن ئاتلانسە ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نى ئارقاسىدا ئالىپ يۈرۈر ئەردى، تاكى ئۇلۇغ ۋە ئاقىل دەر ئەردىلەر. تىللەرىدىن ئىلىم - ھىكمەت تولا جارى بولۇر ئەردى. فىرئەۋن بۇ ۋەجھىدىن دوست تۇتار ئەردى. بەس، موسا ئەلەيھ.س. ئوتتۇز ياشغە يەتتىلەر ئەرسە، فىرئەۋن بىسيار جابدۇپ، توي قىلىپ ئۆيلەدى. مىسىردا

تەمامى خەلق مۇبارەكبادلىق قىلدىلەر. ھەمە سىپاھ ـ لەشكەر ئەيش ـ تەرەب بىرلە شادلىق قىلدىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نىڭ ئۈچ كۆجىلەرىدىن ئىككى ئوغۇللەرى بولدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. تا قىرىق ياشلارىغىچە دەۋلەت ـ ئىززەت بىرلە بولدىلەر.

## ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ھىجرەت قىلغانلەرى

بەنى ئىسرائىل تا ئول ۋەقتغە تەڭلىك ۋە خارلىقدا ئەردىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئۇلارغە ئاشكارا ياۋەرلىك قىلىپ، ئول تەڭلىكدىن خەلاس قىلمادىلەر. تاكىم فىرئەۋن بىلسە، ئۇلارنى قويماس ئەردى. تا قىرىق يىل بولدى ئەرسە، ھەق تەئالا ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نى فىرئەۋندىن جۇدا قىلغاي. بىر كۈن فىرئەۋن فەرشان قوپۇپ ئولتۇرۇپ، مەلال بولۇپ مىسردىن ئاتلانىپ چىقتى. مىسرنىڭ ئەتراپىدا بىسيار شەھەرلەر ۋە مەئمۇر ـ ئاباد كەنتلەر بار ئەردى. مىسردىن بىر فەرسەڭ يىراق بىر شەھەر بار ئەردى، زەيف ئاتار ئەردىلەر. ئاندا باردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. فىرئەۋننىڭ ئاندا بارغانىنى خەبەر ئالىپ، ئارقەسىدىن باردىلەر. تۈش ۋەقتى ئەردى، شەھەرگە كىردىلەر. تەمامى خەلق ئۆيگە كىرىپ ئۇيقۇغە مەشغۇل ئەردى. ئانداغكى ھەق تەئالا خەبەر بېرىپدۇر. مەئنى بۇدۇركى، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئىككى كىشىنى كۆردىلەر ئۇرۇشۇر ئەردىلەر، بىرى قىبتىدىن، بىرى بەنى ئىسرائىلدىن. قىبتى ئول بەنى ئىسرائىلنى سىرقۇپ بىر ئىشغە بۇيرۇر ئەردى، ئول ئۇناماس ئەردى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. يېتىپ كەلدىلەر ئەرسە، بەنى ئىسرائىل بۇلارغە نالە قىلدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قىبتىغە: «ئىنىم سوقماغىل» دەپ ئەردىلەر، باۋەر بولمادى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قىبتىنىڭ سىينەسىگە بىر مۇشت ئۇردىلەر، قىبتى ئۆلدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نەھايەت قۇۋۋەتلىك ئەردىلەر ئەرسە، ئول بەنى ئىسرائىل قاچىپ كەتتى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. پۇشمان بولدىلەر. ئەيدىلەركىم: «بۇ شەيتاننىڭ ئىشىدۇر.» ئول شەيتان دۇشمەن، زاھىر ۋە ئاشكارا يولدىن چىقارغۇچىدۇر؛ چۇنكى ھۇنۇز

پەيغەمبەر بولماغان ۋە كافىرلارنى ئۆلتۈرمەككە ئەمر كەلمىگەن ئەردى. بەس، ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، ئۆزۈمگە زۇلۇم قىلدىم. بەس، مېنىــى مەغفىرەت قىل» . بەس، خۇداي تەئالا مەغفىرەت قىلغۇچى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.-س. ئەيدىلەر: «بۇ گۇناھىمغە ئۇقۇبەت قىلمادى، مۇندىن كېيىن كافىرلاردىن ھىچ كىشىگە ياۋەرلىك قىلماغايمەن.» چۇنكى ئول بەنــى ئىسرائىل كافىر ئەردى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.-س. ئەيدىلەركىم، فىرئەۋن بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاسا ئۇقۇبەت قىلغاي دەپ بىسيار ئىــزدەدىلەر، تاپمادىلەر. فىرئەۋن ئول ئۆلتۈرگۈچىنى تاپغايمەن دەپ ئاندا تۇردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.-س. ئىشىتتىلەركىم، ئول كىشىنى نەھايەت ئىزدەرلەر. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.-س. ئەرتەسى قورقۇپ يۈرۈر ئەردىلەر، كۆردىلەركىم، ئىلگەركى كۈنى بەنى ئىسرائىلنى يەنە بىر قىبتى سوقۇپ تۇرادۇر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.-س. ئەيدىلەر: «نەھايەت بەد بەخت ئادەم ئىكەندۇرسەنكىم، سېنى ھەركۈن بىر ئادەم سوقادۇر» . بەس، ئول كىشىنى ئاجراتىپ قويغالى قەسد قىلدىلەر ئەرسە، قىبتى ئەيدى: تۈنەكۈن كىشى ئۆلتۈرگەندەك مېنى ھەم ئۆلتۈرەي دەپ قەسد قىــلدىــڭمۇ؟ بۇ شەھەردە زۇلــم ـ ستەم قىــلاي دەرمۇسەن؟» بەس، ئول قىبتى بەنى ئىسرائىلنــى قويا بەردى، بارىپ فىرئەۋنغە بۇ ۋاقىئەنى بەيان قىلدى. فىرئەۋن ئەيدى: «ھەمەمىزنى ھەلاك قىلادۇرغان بەنى ئىسرائىل ئولدۇر. بەس، ئانى تۇتۇپ كەلتۈرۈڭلار!» دەپ لەشكەر بۇيرۇدى. ئول ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.-س.غە ساندۇق ئەتكەن كىشى كېلىپ، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.-س.غە ئەيدى: «ئەي موسا، سېنى بۇ خەلق ئۆلتۈرمەككە قەسد قىلدىلەر. سەن بۇ شەھەردىن چىقىپ كەتكىل. مەن ساڭا نەسىھەت قىــلۇرمەن.» بەس، ھەزرەتــى موسا ئەلەيھ.-س. قورقۇپ بۇ شەھەردىن چىقتىلەر. ھىچ يەرنى ۋە ھىچ يولنى بىلمەس ئەردىلەر. دەشت بايابانغە تۈشۈپ، شام تەرەفىگە يۈردىلەر. شام ۋە مىسرنىڭ ئاراسى سەككىز كۈنلۈك يول ئەردى. شامنىڭ ياۋۇق شەھەرى مەداين ئەردى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.-س. مەداين تەرەفىگە يۈزلەندىلەر. بۇ سەككىز كۈندە يىگەلى گىياھدىن ئۆزگە نەرسە تاپمادىلەر. ئول مەداين خەلقى تەمام مەئىشەتلەرى قوي بىرلە ئەردى. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.-س. ئاندا ئەردىلەر. ئۆلەرنىڭ مىڭ قويلارى بار ئەردى. ھەمە سەھرادا قويچىلار قولىدا؛ بىر مۇنچە قوي

سۇتىنى ساغىپ ئىچكەلى، يۇڭىنى ئىگىرىپ كىيگەلى شەھەردە باقار ئەردىلەر. قويچى باقغالى ئۇناماس ئەردى. ئىككى قىزلەرى بار ئەردى، بىرىنىڭ ئاتلەرى سۇفۇرە، يەنە بىرىنىڭ ئاتلەرىنى ئۇبەيرە دەر ئەردىلەر. سۇفۇرە سارىغشىنراق كىشى ئەردىلەر؛ ئۇبەيرە بۇغداي ئۆڭلۇك؛ ھەر ئىككىلەسى خۇشرۇي ئەردىلەر. بۇ قويلارنى ئىككى قىزلەرى باقار ئەردىلەر. مەداينىدە بىر قۇدۇغ بار ئەردى، ھەمە خەلقلەر قويلارىنى ئاندا سۇغارۇر ئەردىلەر. ئول قۇدۇغ ئاغزىغە بىر تاش قويغان ئەردىلەركىم، قىرىق كىشى كۆتەرۇر ئەردىلەر. ئول قۇدۇغنىڭ بىر ساغۇسى بار ئەردىكى، ئانى ھەم قىرىق كىشى تارتار ئەردى. ھەر بار قويلارىنى سۇغارۇر ئەردىلەر شۇئەيب ئەلەيھ-س. نىڭ قىزلارى ھەر كۇن خەلقلەر قويلارىنى سۇغارۇردا قويلارىنى يىراق تۇرغۇزۇر ئەردىلەر؛ خەلقلەرنىڭ مالى ئىچىپ قالغان سۇدا قويلارىنى سۇغارۇر ئەردىلەر. بەس، موسا ئەلەيھ-س. ئول قۇدۇغ باشىغە كەلدىلەركىم، ھەمە خەلق يىغىلىپدۇرلەر، قىرىق كىشى ئول قۇدۇغنىڭ ئاغزىدىن تاشنى كۆتەرۇرلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئول قىزلارغە ئەيدىلەر: «سىز نىچۇكدىن يىراق تۇرارسىزلەر.» بۇلار ئەيدىلەر: «بۇ خەلقغە كەلگەن خۇدانىڭ پەيغەمبەرى ھەزرەتى شۇ ئەيب ئەلەيھ-س. نىڭ قىزلارىدۇرمىز. بۇ قويلار شۇنىڭ قويىدۇر، تا بۇ خەلق قۇدۇغدىن ياناماغۇنچە بىز سۇغارماسمىز. بىزنىڭ ئاتامىز پىر، نابىينادۇر. بۇ خەلقغە كەلگەن خۇدانىڭ پەيغەمبەرىدۇر.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «كېلىڭلار، مەن سۇ تارتىپ بېرەي، تاكىم پاتراق ئۆيۇڭلەرگە بارىڭلاركىم سىزلەر پوشىدەدۇرسىزلەر.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئول خەلق قاشىغە كەلدىلەر، ئەيدىلەر: «نىچۇكدىن سۇ تارتماسسىزلەر؟» ئۇلار ئەيدىلەركىم: «تا قىرىق كىشى بولماي، بۇ تاشنى كۆتەرىپ بولماس». بەس، موسا ئەلەيھ-س. كېلىپ، ئول تاشنى كۆتەرىپ يىراق تاشلادىلەر، سۇ تارتىپ ئۇ قىزلار قويلارىنى سۇغاردىلەر؛ ئەيدىلەر: «ئەمدى يانىڭلار». ئۆزلەرى بىر سايەدە ئولتۇردىلەر. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. قىزلارى يانىپ كەتتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «بۇگۇن سىزلەرگە نەۋاقىئ بولۇپدۇركىم، پات كەلدىڭلار؟» بۇلار ئەيدىلەركىم: «بىر كىمەرسە كېلىپ، يالغۇز تاشنى كۆتەرىپ، سۇ تارتىپ قويلارىمىزنى سۇغارىپ بەردى. بىزلەر ئانداغ كۈچ - قۇۋۋەتلىك

مەردانەنى كۆرگەنمىز يوقدۇر. ئەمما ئاچ ۋە پەيرەھنەدۇر.» بەس، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئۇلۇغ قىزلەرىكىم سۇفۇرە ئاتلىغ ئەردىلەر، ئۇلەرنى بۇيرۇدىلەر: «بارىپ ئالىپ كەلگىل، تاكىم تەئام بەرگەيمىز.» ئول قىزلەرى كەلدىلەر ۋە شەرم تۇتۇپ يىراق تۇرۇپ ئەيدىلەركىم: «ئاتام سىزلەرنى چىرلايدۇرلەر، ساڭا قوي سۇغارغانىنىڭ ئەجرىنى بىرۇر.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. يۇردىلەر. سۇفۇرە ئىلگەرى بارۇر ئەردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. بۇ خۇشروي، ياش - جۇۋاندۇركىم، مۇڭا كۆزۇم تۇشمەگەي، دەپ: «سەن كېيىن كەلگىل، مەن يول ئازسام ئاۋاز قىلغىل» دەپ، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئىلگەرى يۇردىلەر. بەس، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. قاشلەرىغە كەلدىلەر ئەرسە. ئەيدىلەركىم: «سەن كىمدۇرسەن؟» ئەيدىلەركىم: «مەن ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. نىڭ ئەۋلادىدىن ئىمرانىنىڭ ئوغلىدۇرمەن.» دەپ ۋاقىئەنى باشدىن ئاياغ بەيان قىلدىلەر. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «قورقماغىل، كافىرلار قولىدىن خەلاس بولدۇڭ.» بەس، موسا ئەلەيھ-س. تەئام ئەيدىلەر، ماندەلىكدىن ئۇيقۇلاپ قالدىلەر. سۇفۇرە ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. غە ئەيدىلەركىم: «ئەي ئاتا، بۇ كىشىنى ئىجارەگە ئالغىلىكىم، قۇۋۋەتلىك ۋە ئەمىن كىشىدۇر.» ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ئەي قىزىم، قۇۋۋەتىنى كۆرۇپسەن. ئەمىنلىكىنى نېچۇك بىلدىڭ؟» ئەيدىلەركىم: «بەس، ئانى چىرلاغالى باردىم ئەرسە، مۇڭا كۆزۇم تۇشمەگەي دەپ، مېنى ئارقەسىدىن كەلگەلى بۇيرۇدى.» بەس، شۇئەيب ئەلەيھ-س. نىڭ كۆڭۇللەرى نەھايەت مايىل بولدى. فىكر قىلدىلەركىم، ياش كىشىنى ئۆيلەمەي تۇرغۇزۇپ بولماس. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غە ئەيدىلەركىم: «ئەي موسا، مەن بۇ ئىككى قىزىمنىڭ قايسىنى خاھلاساڭ ئالىپ بەرگەيمەن، تاكى مېنىڭ قاشىمدا تۇرغايسەن.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «مەن مەردى غەرىپدۇرمەنكىم، ھىچ نەرسەم مەھر - كابىنغە يوقدۇر.» ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «سەككىز يىل قوي باقماقىڭنى خاھلايمەن. ئەگەر ئون يىل تەمام قىلساڭ ھەم ئىختىيار سىنىڭدۇر. مەن ساڭا ئاغىر - قاتتىغ ئىشنى خاھلاماسمەن. ئىنشائاللاھكى مېنى ياخشىلاردىن تاپارسەن.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «بۇ شەرت ئىككىمىزنىڭ ئاراسىدا ۋاقىئدۇر. ھەر قايسىنى

خاھلاساڭ ۋەفا قىلۇرمەن. بىزگە خۇداي تەئالا گۇۋاھدۇر.» بەس، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. سەككىز يىلنى ئىختىيار قىلدىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. قويلارنى ئالىپ سەھراغە چىقتىلەر. قاچانكىم سەككىز يىل تەمام بولدى ئەرسە، ئەيدىلەركىم: «يەنە ئىككى يىلنى ھەم تەمام قىلاي.» بەس، ئون يىل قوي باقتىلەر. ئاندىن ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. قاشلەرىغە كەلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئۇلۇغ قىزلەرى سۇفۇرەنى بەردىلەر. نەچەند روزگار بولدىلەر. بىر كۈن ئەيدىلەركىم: «ماڭا ئاتا - ئانامنى كۆرمەككە بىسيار ئارزۇ بولۇپدۇر. شايەدكى ھەق تەئالا فىرئەۋننى ھەلاك قىلدى بولغاي. ماڭا كۆجۈمنى قوشۇپ بەرسەلەر، ئالىپ بارسام.» ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «ئەي ئوغلۇم، مىنىڭ بۇ قويلاردىن ئۆزگە ئەمۋالىم يوقدۇر، قىزىمغە جابدۇغ قىلسام؛ بۇ يىل تۇرغايسەن، تاكىم قويۇمنىڭ بۇ يىل تۇغقان قوزىسىنى ساڭا بەرگەيمەن.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئول يىل تۇردىلەر. ئول يىل قويلار ھەمە ئىككىز ئەركەك تۇغدىلەر. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ھەممە قوزىلارنى ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غە بەردىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. يانغالى قەسد قىلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. يەنە ئەيدىلەر: «بۇ قوزىلار ھەمە ئەركەك بولدى، يەنە بىر يىل تۇرغىل، بۇ يىل تىشى قوزىسى ساڭا بولسۇن.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئول يىل ھەم تەۋەققۇف قىلدىلەر. ئول يىل تەمام قويلارى ئىككىزدىن تىشى قوزىلادى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غە ئانى ھەم تەمام بەردىلەر. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ قويلارى ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. نىڭ قويلاردىن تولا بولدى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. خوبلاشىپ يانغالى ئوغرادىلەر. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. نىڭ ئۆيلەرىدە بىسيار ئەسالار بار ئەردى. ئەسالار ئاراسىدا بىر ئەسا بار ئەردىكىم، ئامرۇد ياغاچىدىن، ئۇچى ئاچا ئەردى، ئانى بىر فەرىشتە ئادەم سۈرەتىدە، ئالىپ كېلىپ، ئامانەت قويۇپ ئەردىلەر. بىلمەس ئەردىلەركىم، ئول فەرىشتە ئەردى يا ئادەم. بەس، ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «ئەي موسا، بۇ ئۆيگە كىرىب بىر ئەسا ئالىپ چىقغىل، يولدا ھەمراھ قىلغايسەن.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. كىرىپ، ئول ئامرۇد ئەساسىنى ئالىپ چىقتىلەر. ھەزرەتى شۇئەيب

ئەلەيھ.س. ئول ئەسانى قوللەرىغە ئالىپ ئەيدىلەركىم: «بۇ ئەسا بىر كىشىنىڭ ئامانەت ئەساسىدۇر، بۇنى قويۇپ يەنە بىر ئاسانى ئالغىل.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نىڭ پەيغەمبەرلىكلەرىگە مۆجىزە ۋە ئەلامەت بولادۇرغان ئەسا ئەردى. ھەرچەند يەنە بىر ئەسانى ئالغالى قەسد قىلدىلەر، ئول ئەسا قوللەرىغە كەلدى؛ نەچەند مەرتەبە ئول ئەسانى ئالىپ چىقتىلەر، يەنە ياندۇردىلەر. ئاخىر ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «بۇ ئەساغە سەن سەزاۋەرسەن، ئالغىل.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئالىپ چىقتىلەر، ئەرسە، پۇشمان بولدىلەر. چۈنكى ئامانەت ئەردى، ئارقەلەرىدىن چىقىپ ئەيدىلەركىم: «ئەي ئوغلۇم، بۇ ئەسانى ماڭا بەرگىل». ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «بۇ ئەسانى ماڭا بېرىپ ئەردىڭ، ماڭا بولدى. ئەمدى مەن بەرمەسمەن». بۇ گۇفتە - گۇي بىلەن سۆز ئۇزاردى. ئاخىر، ئاڭا قەرار قىلدىلەركىم، ئەۋۋەل كىشىگە يولۇقسە، ئانى ھاكىم قىلغايمىز. بەس، بىر فەرىشتە ئادەم سۆرەتىدە بۇلارغە يولۇقتى ئەرسە، ئانىڭدىن سوردىلەر. ئول فەرىشتە ئەيدى: «ئەسانى يەرگە تىكىڭلار، قايسىڭلار ئالساڭلار شۇنىڭ بولسۇن.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قول سۇندىلەر ئەرسە، يۇلۇپ ئالدىلەر. فەرىشتە ئەيدىلەر: «بۇ ئەساغە موسا سەزاۋەردۇر.»

ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ھەزرەتى شۇئەيب ئەلەيھ.س. قاشلەرىدىن بالا - بارقەلەرىنى ئالىپ يۇردىلەر. بەش كۈن يول يۇرۇپ، كۆھى تۇرغا يەتتىلەر. كېچە قاراڭغۇ ۋە ساۋۇق ئەردى، بوران چىقتى. كۆچىلەرىگە ئەيدىلەر: «ئوت ياندۇرغىل، تاكى ئىسىنغايمىز.» كۆچىلەرى ھەرچەند پۇردەدىلەر، ئوت يانمادى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ھەيران بولدىلەر. بەس، كېچەدىن بىر مۇنچە ئۆتۈپ ئەردى. يىراقدىن بىر ئوت كۆرۈندى. كۆچىلەرىگە ئەيدىلەر: «مەن ئول ئوت قاشىغە باراي، شايەدكى كارۋان تۈشتى بولغاي، ئوت ئالىپ كەلگەيمەن، يا بىر نەرسە كەلتۈرگەيمەن، يا ئاندا يول تاپغايمەن.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەسانى ئالىپ باردىلەر، ياۋۇق يەتتىلەر ئەرسە، كۆردىلەركىم، ئوت بىر دەرەخت ئۆزەسىدە، ئول دەرەخت تىكەنلىك. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نىڭ ئەسالەرى ھەم ئول دەرەختدىن ئەردى؛ دۇرۇست ئولكىم ئامۇرد ياغاچى ئەردى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قورقۇپ يانغالى قەسد قىلدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا بىر نىدا ئىشىتتۈردىكىم:

«يا موسا، مەن پەرۋەردىگار ئالەمدۇرمەن!» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س.
بۇ نىدانى ئىشىتىپ سەجدە قىلدىلەر. چۈنكى جەزم قىلدىلەركىم، بۇ خۇدانىڭ
سۆزىدۇر....... بەس، ھەق تەئالا ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غە ئول مەھەلدە
تەۋھىد، شەرىئەت تەرىقەلەرىنى تەمام ھاسىل قىلدى...... ئانداغكى تەۋھىدنى
ئۈچ سۆز بىرلە بىلدۇردى. ئەسلى تەۋھىد ئول ئەردىكىم: مەن خۇدادۇرمەن،
مەندىن ئۆزگە خۇدا يوقدۇر، مەن پەرۋەردىگارىڭدۇرمەن. ۋە يەنە شەرىئەت
ئەھكامىدا ئەيدى: ماڭا قۇللۇق قىلغىل، نەماز ئۆتەگىل... ۋە يەنە ئەيدى:
تەھقىق قىيامەت بولۇر، خەلقغە ياخشى - يامان ئەمەلىغە باقىپ جەزا بېرىلۇر
...... پەيغەمبەرلىك نىدا كەلدى، فىرئەۋنغە پەيغام يەتكۇرمەككە ئەمر قىلدى.
ئەۋۋەل نىدايى تەۋھىد ئەردى؛ ئاندىن نىدايى شەرىئەتكىم دىن ئىشىنى راست
قىلماق؛ ئاندىن نىدايى نەبۇۋۋەت، پەيغام فىرئەۋنغە ۋە قەۋمىغە؛ ئاندىن
نىدايى مۆئجىزە قىلدىكىم، «يا موسا، ئەسانى تاشلاغىل!» تاكى موسا
ئەلەيھ-س. نىڭ كۆڭۈللەرى پەيغەمبەرلىككە جەزم قىلغاي، فىرئەۋنغە پەيغام
يەتكۇرمەككە نىشانە بولغاي...... ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەسانى يېرگە
تاشلادىلەر ئەرسە، مار - سۆئبان بولدى. «سۆئبان» دەپ ئانداغ يىلاننى
ئەيتۇرلەركى، چوڭ ۋە گەردەنى يوغان بولغاي. ھەررەتى موسا ئەلەيھ-س.
ئول يىلاننى كۆرۈپ قورقتىلەر. ھەق تەئالا خىتاب قىلدى: «قورقماغىلكىم،
ئانى يەنە ئەسا قىلۇرمەن.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ قورقىنجىلەرى
ئول ئەردىكىم، ھەق تەئالا قادىردۇر، بۇ ئەسانى يىلان قىلماق بىرلە ھەلاك
قىلغاي. ئانىڭ مۆئجىزە بولماقىنى بىلمەدىلەر. بەس، ھەزرەتــى موسا
ئەلەيھ-س. ئول يىلاننىڭ كەردەنىدىن تۇتۇپ ئالدىلەر ئەرسە ئەسا بولدى.
ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. بۇ ئەلاماتنى كۆرۈپ كۆڭۈللەرى توختادى ئەرسە،
يەنە بىر ئەلامات كۆرسەتمەككە فەرمان كەلدىكىم: «قولۇڭنى قوينۇڭغە سالىپ
چىقارغىل!» ھەزرەتــى موسا ئەلەيھ-س. ئوڭ قوللەرىنـــى قويۇنلەرىغە
سالدىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىــڭ مۇبارەك يۈزلەرى، ئەئزالارى
بۇغداي ئۆڭلۈك ئەردىلەر. قوللەرىنى چىقاردىلەر ئەرسە، ئول قاراڭغۇلۇقدا
دەرەخشان ئەردى. ھەق تەئالا يەنە خىتاب قىلدىكىم: «بۇ ئىككىسى سېنىڭ
پەيغەمبەرلىكىڭگە مۆئجىزە، دەلىل ۋە ھۆججەتدۇر. بەس، فىرئەۋن قاشىغە
بارغىل، ئانى راست يولغە باشلاغىل!» بەس، ھەق تەئالا ھەزرەتى موسا

ئەلەيھـس. غە تەمامى ئاداب تەرىقـەتنـى راست بىرىپ ئـەردى. بـەس بىلدىلەركىم، پەيغەمبەرلـەككە نىچۈك تەرىقەدە ۋە قايداغ ئەمر - پەيغام يەتكۈرمەك لازىم بولۇر، ھەمەسىنى ئول مەقامدا ھەق تەئالادىن دەرخاست قىلىپ ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، كۆڭلۈمنى كەڭ قىلغىل.» ۋە يەنە ئەيدىلەر: «خۇداۋەندا، ماڭا ئىشىمنى ئاسان قىل، تاكى ماڭا دۇشۋار كەلمەگەيكىم سەبر قىلالماغايمەن.» يەنە ئەيدىلەر: «تىلىمنىڭ گىرىھىنى كۈشادە قىلغىل، تاكى سۆز ئادا قىلغايمەن، ئۇلار ئاڭلاغاي.» ۋە يەنە ئەيدىلەر: «ماڭا بۇرادەرىم ھارۇننى ياۋەر قىلغىل، ماڭا پەيغەمبەرلىككە شېرىك قىلغىل، پەيغام - ئەمرىڭنى شېرىك ئىككۈلە يەتكۈرەلى ۋە ساڭا ئىككۆلە پەرسەتىش قىلالى، تاكى مەندىن قوللۇقۇڭدا تەقسىر ۋاقىئ بولسا، ماڭا ياۋەرلىك قىلغاي، تا ئانى تەمام قىلغايمىز.» بەس، خىتاپ كەلدىكى: «ئانچەكى تىلەدىڭ، ھەمەسىنى بەردىم.»

بەس، كۆڭۈللەرى ئانچە فەرراغ بولدىكىم، بىر يىل فىرئەۋننىڭ ئىشىكىدە تۇردىلەر. ھىچكىم ئىززەت قىلمادى. خەلقنى ئىمانغە تەكلىف قىلدىلەر، ئىبادەت قىلدىلەر، كۆڭۈللەرى مەلال بولمادى، زەبانلەرى دۇرۇست بولدى، ھەزرەت ھارۇن ئەلەيھـس. مىسىردا ئاتا - ئانالەرى قاشىدا ئەردىلەر.

ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامغە ئاداي نەبۇۋۋەت ۋە ھەمە نىئمەت مۇيەسسەر بولدى. مۇناجاتلارى تەمام بولدى ئەرسە، ئول مەقامدىن ئول مەرتەبەدە ۋە كەرامەت بىرلە يانىپ، كۆجىلەرى قاشىغە كەلدىلەر. ئۇلەر ئەيدىلەر: «نەبۇۋۋەت نۇرى كەلتۇردۇڭمۇ؟» ئەيدىلەر: «كەلتۇردۇم، تەمامى يارۇقلۇقدىن روشەن.»

## ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ مىسىرغە كەلگەنلەرىنىڭ زىكرى

بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھـس. ئەرتەسى ئول مەنزىللەرىدىن يۈرۈپ مىسىرغە كەلدىلەر. ئەھلى ئەيال ۋە مال - ئەمۋاللارى بىرلە كىچە شەھەرگە

كىردىلەر. ئۆيگە كەلدىلەر ئەرسە تانۇمادىلەر. چۈنكىم بۇلار كەتكەلى ئۇن ئىككى يىل بولۇپ ئەردى. ئاتالەرى ئۆلگەن؛ ئانالەرى، بۇرادەرلەرى هارۇن ئەلەيھ‍ـس. تىرىك ئەردىلەر. سوردىلەركىم: «سەن كىمدۇرسەن؟» ئەيدىلەركىم: «مەن يىراقدىن كەلگەن مۇسافىردۇرمەن، سىزلەرگە بۇ كېچە مىھمان بولغالى كەلدىم.» بەس، بۇلارنى بىر ئۆيگە تۈشۈردىلەر ۋە تەئام كەلتۈردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى هارۇن ئەلەيھ‍ـس. غە ئەيدىلەر: «ئولتۇرغىل، بۇ تەئامنى بىللە يەيلىك، تاكى مىھمانغە ئىززەت قىلغان بولغايسەن».

ئەيتىپدۇرلەركىم ئول تەئامكى ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‍ـس. غە قويدىلەر گۆشت ئەردى. بەس، ھەزرەتى هارۇن ئەلەيھ‍ـس. ئولتۇردىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‍ـس. ئۇلارغە سۆزلەدىلەر ئەرسە تانۇدىلەر.

بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‍ـس. تەئامدىن فارىغ بولۇپ، ھەق تەئالانىڭ پەيغامىنى ھەزرەتى هارۇن ئەلەيھ‍ـس. غە يەتكۈردىلەر. ئەيدىلەركىم: «بىجاندىل ئىششىتتىم.» ئەرتەسى هارۇن ئەلەيھ‍ـس. فىرئەۋننىڭ ئىشىكىگە بارغالى قوپتىلەر ئەرسە، ئانالەرى يىغلادىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‍ـس. ئەيدىلەركىم: «ئەي ئانا، غەم يەمەگىل، ھەق تەئالا فىرئەۋندىن بىزنى ئەمىن قىلدى.»

بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‍ـس. ھەر كۈنى بارىپ ئەيتۇر ئەردىلەركىم: «مەن خۇدانىڭ پەيغەمبەرىدۇرمەن.» ئول كافىرلار ئەيتۇر ئەردى: «خۇدا فىرئەۋندۇر.» موسا ئەلەيھ‍ـس. ئەيتۇر ئەردىلەر: «خۇداي تەئالا بۇ ئاسمان - زەمىننىڭ خۇداسىدۇر، فىرئەۋن خۇدا ئەمەس.» ساھىل ۋە دەربانلار: بۇ ئادەم دىۋانە بولۇپدۇر، دەر ئەردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‍ـس. ھەر كۈن بارىپ ئەيدىلەر ئەرسە، بۇلەرنى دىۋانە دەپ سۆزلەرىگە قۇلاق سالماس ئەردى، ھىچكىم فىرئەۋنغە ئەيتالمادىكىم ئىككى يىل بولدى. بىر كۈنى، فىرئەۋن ئۆز نەۋكەرلەرى بىرلە ئولتۇرۇر ئەردى، دىن ئىشىدىن سۆز ئاراغە تۈشتى، بىسيار سۆزلەر قىلدىلەر. «فىرئەۋن خۇدادۇرمەن دەيدۇر، — بىر مەسخەرە كىشىسى بار ئەردى ئول ئەيدى، «ئەجەبدۇركى ئىشىكدە بىر ئادەم فىرئەۋندىن ئۆزگە خۇدا بار دەيدۇر.» فىرئەۋننىڭ غەزەبى كەلدى، ئەيدى: «ئول كىمدۇر؟ مۇندا ئالىپ كىرگىل!» ئول مەسخەرە چىقىپ، ھەزرەتى موسا ۋە هارۇن ئەلەيھ‍ـس. نى ئالىپ كىردى ۋە ئەيدى: «مەن بىر كىشىنى شۇنداغ

دەيدۇر دەپ ئىدىم، بەس، بۇ ئىككىسى فىرئەۋن خۇدا ئەمەس دەيدۇر.» بەس، فىرئەۋن ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.غە باقتى ئەرسە، ئەيدى: «سەن كىمدۇرسەن؟» ئەيدىلەركىم: «مەن خۇدانىڭ پەيغەمبەرىدۇرمەن.» فىرئەۋن تانۇپ ئەيدى: «سەن ئول كىشى ئەمەسمۇسەنكىم، كىچىكىڭدىن پەرۋەرىش قىلدىم، بىزنىڭ ئارامىزدا چوڭ بولۇپ، چەندان يىل تۇردىڭ، مېنىڭ نېئمەتىم قەدرىنى بىلمەدىڭ. بىر قىبتىنى ئۆلتۇرۇپ قاچتىڭ.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «ئارى مەن شول كىشىدۇرمەن. ئول قىبتىنى قەست بىلەن ئۆلتۇرمەدىم، سىينەسىگە قولۇم بىرلە بىر سوقتۇم. خەتا بىرلە ئۆلتۇرگەنگە قىساس لازىم ئەمەسدۇر. سەن مېنى زۇلم بىرلە ئۆلتۇرگەلى ئىزدەدىڭ، قورقۇپ قاچتىم. ھەق تەئالا ماڭا ئىلىم - ھىكمەت بەردى، مېنى پەيغەمبەر قىلدى.» فىرئەۋن ئەيدى: «سېنى ئىبەرگەن خۇدايىڭ كىمدۇر؟» ئەيدىلەركىم: «ئاسمان - زەمىننى، ئاسمان - زەمىننىڭ ئاراسىداقى بارچە نەرسەلەرنى ياراتقان ئولدۇر ۋە ساقلاغۇچى ھەم ئولدۇر.» فىرئەۋن قاشىدا قىلارغە ئەيدى: «ئاڭلاماسمەن بۇ نەدەيدۇر؟!» ئۇلار ئەيدى: «سىزلەرنىڭ ۋە بۇرۇنقى ئاتا - باباڭىزلارنىڭ خۇدايى ئولدۇر دەيدۇر. فىرئەۋن مەسخەرە تۇتۇپ ئەيدى: «ھەر ئايىنە، ماڭا، سىزلەرگە دىۋانە پەيغەمبەر ئىبەرىپدۇر.» يەنە ئەيدى: «ئەگەر مەندىن ئۆزگە خۇداغە قۇللۇق قىلساڭ سېنى زىندانغە سالۇرمەن!» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «مەن ساڭا بىر ئەلامەت كەلتۇرۇپدۇرمەن، ئەگەر كۆرسەڭ، پەيغەمبەرلىكىمنى ھەق بىلۇرسەن.» فىرئەۋن ئەيدى: «كۆرەلىڭ.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەسالەرىنى تاشلادىلەر ئەرسە، بىر ئۇلۇغ يىلان بولدى، ئانداغكىم ئاغزىنى ئاچتى، ئۇستۈن لەبى راۋاقنىڭ كۆنگۈرەلەرىگە يەتتى، ئاستىن لەبى تەختىنىڭ ئاستىدا تۇردى؛ قەسد قىلدىكىم ھەمەنى بىردەم تارتغاي. فىرئەۋن قاشىداقى خەلق قورقۇپ سەكرىپ قاچتى. ئول كۈن تا كېچەسى بىرلە ئانداغ بولدى. بەس، فىرئەۋن تەخت ئاستىدا ياتىپ قىچقىردى: «يا موسا، ئول يىلاننى ئالغىل، ساڭا ئىمان كەلتۇرگەيمەن. قايداغ فەرمان قىلساڭ ئانداغ قىلغايمەن.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. يىلاننىڭ گەردەنىدىن تۇتتىلەر ئەرسە، ئەسا بولدى. فىرئەۋن تەخت ئاستىدىن چىقىپ ئولتۇردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.

قوللەرىنى ئىگىنلەرىنىڭ ياقاسىدىن چىقاردىلەر، ئانداغكىم ئايدەك تابىش قىلدى. فىرئەۋن خەلقىغە ئەيدى: «بۇ ئۇستاد جادۇدۇر، سىزلەرنى جادۇلۇق بىرلە بۇ شەھەرى مىسردىن چىقارماقىغە قەسد قىلىپدۇر. نېچۈك مەسلەھەت كۆرەرسىزلەر؟» بۇلار ئەيدى: «سىنىڭ ھەم ئۇستا جادۇلارىڭ باردۇر، ھالا مۇنى ياندۇرغىل، تاكىم ئۇلارنى يىغقايمىز، ئۇلەر غالىپ كەلمەس.» بەس، فىرئەۋن ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.غە ئەيدىلەر: «سەن يانغىل، سىنىڭ ئىشىڭدە مەسلەھەت قىلىپ كۆرەلىڭ.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ياندىلەر. بۇ خەبەر مىسردا فاش بولدى، ھەركىم كۆرگەلى كېلۇرئەردى. بەنى ئىسرائىل ھەمە يىغىلدىلەر، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.غە ئىمان كەلتۇردىلەر. ھەر كۈن ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. فىرئەۋنىڭ ئىشىكىگە بارۇر ئەردىلەر. فىرئەۋن نەھايەتى غەم ـ قايغۇدىن ئۆز ھالىدا بىسيار مەشغۇللۇقدا ھېچ جەۋاب بەرمەس ئەردى، ئۆزى سۆزلەمەس ئەردى. ئەمما ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. فىرئەۋنىڭ ئىشىكىدە خەلقنى ئىمانغە دەئۋەت قىلۇر ئەردىلەر، فىرئەۋندىن مەنئى قىلۇر ئەردىلەر. بۇ خەبەر فىرئەۋنغە يەتتى، فىرئەۋن تەمام ئۆزىگە تابىئ پادىشاھلارغە كىشى ئىبەردى. ئەتراف ـ جەۋانىبىدىن جادۇلارنى يىغدى. ئەيتىپدۇرلەركىم، ئوتتۇزمىڭ جادۇ يىغىلدى. بەس، فىرئەۋن بۇيرۇدىلەركىم: «بۇلاردىن ئۇستادلارنى ئىلغاڭلار.» بەس، يەتمىش ئىككى جادۇ يىغىلدى؛ بۇلاردىن رويى زەمىندە يوقدۇر. بۇلارنىڭ تۆرت ئۇستادى بار ئەردى، بۇلارنىڭ ئاتى شانۇن، ئانۇن، مەسئا، ھەتھەت. فىرئەۋن بۇ تۆرت جادۇنى چىرلاتىپ ئەيدىكى: «مۇندا بىر جادۇ پەيدا بولۇپدۇر، بىنەھايەت ئۇستاد، سىزلەر جادۇلۇقدا ئۇستادلىق كۆركۈتكەيسىزلەر.» بۇلار ئەيدى: «نە ھۇنەر قىلۇر؟» فىرئەۋن ئەيدى: «ئەسانى ئەژدەرى قىلۇر.» ئۇلار ئەيدى: «جادۇلۇقدا مۇندىن ئاسانى يوقدۇر.» فىرئەۋنغە ئەيدى: «ئەگەر بىز غالىپ كەلسەك ھەر ئايىنە ئەجر ئەزىم كۆرگۈمىزدۇر.» فىرئەۋن ئەيدىلەر: «ئارى، سىزلەرگە ئەتا ۋە كەرەملەر قىلىپ، سىزلەرنى ئۆزۈمگە خاس ـ ياۋۇق قىلغۇمدۇر.»

ئاندىن، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نى چىرلادى. ئەيدى: «يا موسا، بۇلار ھەم سەندەك جادۇلەركىم ساڭا غالىپ كېلۇرلەر.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «ھەرنە خاھلاساڭ قىلغىل.» فىرئەۋن ئەيدى: «ئىمىد كۈنى

تەقابىل بولۇڭلار، تاكى ھەممە خەلايىق كۆرگەي.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س.
فىرئەۋن ئالدىن جادۇلار بىرلە چىقتىلەر ۋە ئۇلارغە ئەيدىلەر: «مۇسۇلمان بولۇڭلار، جادۇگەرلىكدىن يانىڭلار، خۇداغە يالغان ئەقىدە باغلاماڭلار. خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىدۇرمەن، جادۇ ئەمەسمەن. خۇداي تەئالا سىزلەرگە ئەزاب قىلۇر، يالغانچىلار خۇداي تەئالانىڭ رەھمەتىدىن نەۋمىددۇرلەر.» ئۇلار ئەيدىلەر: «بىز جادۇلۇق قىلۇرمىز، قاچانكىم سەن غالىپ كەلسەڭ، ئاندا دىنىڭغە كىرگەيمىز.» بەس. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. يانىپ كەلدىلەر. ئول جادۇلار ياغاچ، يىپ يىغقالى تۇردىلەر. ئەيتىپدۇرلەركىم، يۈز ئۇلاغ ياغاچ ۋە يىپ يىغدىلەر. بەس، ئىيد كۈنلەرى يەتتى ئەرسە، فىرئەۋن مۇنادى قىلدۇردىكىم: «تەمامى مىسر شەھەرىنىڭ خەلقى يىغىلسۇنلەر، مەن بۇ جادۇلارىم بىرلە موسانى مۇلزەم قىلۇرمەن.» بەس، ئىيد كۈنى بولدى ئەرسە، فىرئەۋن يارلىغ قىلدىكىم، تەختنى سەھرادا قويدىلەر، ئۆزەسىگە كۈنلۈك ئەتتى. فىرئەۋن ئانداغ زىننەت - ئارايىش بىرلە چىقتىكىم، ھېچ كىم ئۆزىگە ئانداغ زىننەت بەرمەگەندۇر؛ ئانداغ تەمەننا قىلۇر ئەردىكىم، ئول كۈن جادۇلار ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س.نى مەغلۇپ قىلۇر. بەس، تەمامى خەلايىق يىغىلدىلەر. فىرئەۋن تەختدە ئولتۇردى، جادۇلار ئالدىدا تۇردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. كەلدىلەر ئەرسە، جادۇلار ئەيدى: «يا موسا، ئەۋۋەل سەن جادۇگەرلىك ياغاچىڭنى سالۇرسەنمۇ يا بىزمۇ؟» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «سەن سالغىن.» بەس، جادۇلار ياغاچلارىنى يەرگە سالدى ئەرسە يىلانلار كۆرۈندى، ھەر كىمگە قەسد قىلۇر ئەردى...... ھەممە خەلايىق يىلان دەپ قورقتىلەر...... بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەسانى يەرگە سالدىلەر، بىر يىلان بولدى، باشى ۋە قۇيرۇغى بىرلە فىرئەۋنىڭ ئۆزەسىدىكى قۇبىەگە ئۇرا باشلادى؛ ئول يىلانلارنى تەمام يۇتتى...... بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەسانى قوللەرىغە ئالدىلەر ئەرسە، يەنە ياغاچ بولدى. تەمام خەلايىق ھەيران ۋە دەرماندە، ئول جادۇلار مەغلۇب - شەرمەندە بولدىلەر. ھەق تەئالاغە بەندەلىك ئىزھار قىلىپ، ھەممەسى سەجدەگە يىقىلىپ ئەيدىلەركىم: «ئىمان كەلتۇردۇك ئول خۇداۋەندى ئالەمگەكىم، موسا ۋە ھارۇنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر.» فىرئەۋن ئەيدى: «ئايا سىزلەرمۇكىم مەن رۇخسەت بەرمەسدە، موساغە ئىمان كەلتۇرۇرسىزلەر......

مەندىن يۈز ئۆگۈردۈڭلارمۇكىم،...... ئەمدى مەن ھەر ئايىنە سىزلەرنىڭ ئىلىك ـ ئاياغىڭلارنى كېسىپ دارغا ئېسىپ جەزا بېرۈرمەن.»...... فىرئەۋن بۇيرۇدىكىم بۇلارنىڭ ئىلىك ـ ئاياغلارنى كېسىپ دارغە ئاستىلەر...... فىرئەۋن مەئيۇس ۋە مەغمۇم ـ مەھرۇم ئۆيگەياندى. خەلقلەر ھەمە موسا ئەلەيھ.س.غە يۈزلەندى، تەمامى بەنى ئىسرائىل ئىــمان كەلتۈردىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نىڭ قەۋملەرى تولا بولدى ئەرسە، فىرئەۋن قىرىق كۈن خىجالەتدىن ئۆيدىن چىقالمادى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ھەر كۈن بارىپ ئىمانغە تەكلىف قىلدىلەر. ئول بەدبەختنى كۆرمەس ئىدىلەر. يىگىرمە يىل بۇ تەرىقە ئۆتتى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئايات ۋە مۆئجىــزەلەر كۆرسەتىپ، خەلقنى ئىمانغە تەكلىف قىلۇر ئەردىلەر. فىرئەۋن خىجالەتدىن ھىچ چارە ـ تەدبىرنى بىلمەس ئەردى...... بەس، موسا ئەلەيھ.س. ئون توققۇز مۆئجىزە ۋە ئەلاماتلەركىم، ئۇلارغە كارامەت قىلىپ ئەردى، ھەر يىل بىر ئالامات كۆرسەتتىلەر، تاكىم ئىمان كەلتۈرگەيلەر، ھىچ قايسى مۇسۇلمان بولمادى. ھەر بار بەلا كەلسە ئەيتۇر ئەردى: يا موسا، ئەگەر سەن بىزدىن بۇ بەلانى دەفئ قىلساڭ، ساڭا ئىمان كەلتۈرۈرمىز، بەنى ئىسرائىلنى ساڭا بېرۈرمىز دەپ ئەھد قىلۇر ئەردىلەر، قاچانكىــم ئول بەلا كۆتەرىلسە، كۆڭۈللەرىنى تىندۇرۇپ، ئەھدلەرنى سىندۇرۇپ، مەھكەم بولۇر ئەردىلەر ...... ئول ئايات، ئەلامات، مۆئجىزە ـ كەراماتلاركىم فىرئەۋن قەۋمىغە كەلدى، ئەسا ۋە يەدى بەيزادىن كېيىن قەھتلىك ئەردى...... بەس، فىرئەۋن ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نى ئۆلتۈرمەككە قەسد قىلدى......

فىرئەۋن...... مەردۇد پىر بولغان، ئۆمرى تۆرت يۈز يىلغە يەتكەن ئەردى. ...... فىرئەۋن كالانى بېنەھايەت دوست تۇتۇپ، ھەر بار ياخشى سىمىز كالانى كۆرسە سەجدە قىلۇر ئەردى؛ خەلقنى ھەم سەجدە قىلماقغە بۇيرۇر ئەردى. مىسرنىڭ تولا پادشاھلارى كالاغە تابىنۇر ئەردى. فىرئەۋن مەنئ قىلماس ئەردى ۋە گۆشتىنى ھەم يېمەس ئەردى. بەس، فىرئەۋننىڭ خۇدالەرى دەپ كالانى ئىرادە قىلىپدۇرلەر. فىرئەۋن ئۆز قەۋمى بىرلە، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.نى ئۆلتۈرمەككە ئەھد قىلىشتىلەر. بەنى ئىسرائىل بۇ قەۋلنى ئىشىتتىلەر، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.غە نالە قىلىپ ئەيدىلەر: «ئۇلار بىزگە ئوغراماسدا بىز ئۇلار بىرلە جەڭ قىلغايمىز تاكى ۋەھىم ـ قورقۇنجى بىرلە

يۇرۇرمىز. بەس، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھ.س. مۇناجات قىلدىلەر. ئىلھام بولدىكىم، فىرئەۋننىڭ ھەلاك ۋەقتى ياۋۇشتى.

## قىسسەئى ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ مىسىردىن چىققانلەرى ۋە فىرئەۋن ئەلەيھىل لەئنەنىڭ غەرق بولغانى

بەس، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھ.س. تەمامى بەنى ئىسرائىلنى يىغدىلەر، ئۇلارنىڭ قېرى ـ ياشلىغ ۋە ئۇلۇغلارى بىرلە مىسىردىن چىقىپ كەتمەككە مەسلەھەت قىلدىلەر. بىر ئايدا سەفەر جابدۇغىنى راست قىلدىلەر. ئەمما، فىرئەۋن ۋە قىبتىلەر ئاگاھ ئەمەس ئەردىلەر. ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھ.س. بەنى ئىسرائىلنىڭ پىر، زەئىف، ناتەۋان، زەن ـ فەرزەند، فەقىر ـ دەۋلەتمەند ھەمەسىنى ئالىپ ھەر كېچە مىسىردىن چىقماققە ئوغرادىلەر ئەرسە، بىر بەھانە بولۇپ چىقىپ كەتمەك مۇيەسسەر بولمادى. ئاخىر، ھەزرىتى مۇسا ئەلەيھ.س. بەنى ئىسرائىلنىڭ پىر ـ كاردانلارىنى يىغىپ ئەيدىلەر: «نە بائىسدۇركىم بىزگە مۇندىن چىقماققە نەسىب بولمايدۇر!» بۇلار ئەيدىلەر: «بىزدە ھېچ مانىئ يوقدۇر، لېكىن ھەق تەئالانىڭ ئىرادەسى ـ خاھىشى مۇنداغدۇر. ئەمما بىزگە ئانداغ مەئلۇم بولادۇركىم، ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. نىڭ ۋەسىيەتلەرى مانىئدۇر. چۇنكى ھەمە فەرزەندلەرىگە ۋە تەمامى بەنى ئىسرائىلغە ۋەسىيە قىلغاندۇركىم، مىسىردىن چىقاردا، مېنىڭ تابۇتۇمنى ئالىپ چىققايسىزلەر ۋە شامدا ئاتا ـ ئەجدادلارىمنىڭ قاشلەرىدە دەفن قىلغايسىزلەر. بەس، بۇ بائىسدۇركىم، بىز مۇندىن چىقالماسمىز.» ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «ئۇلارنىڭ قەبرى قايدادۇر؟» بۇلار بىلمەدىلەر. نەچەند كۇن جۇستۇ جۇي قىلدىلەر، تاپالمادىلەر. ئاخىرى، قىبتىلەردىن بىر پىرى زەن بار ئەردىكىم، ئانى مەريەم بىنتە ماھۇش دەر ئەردىلەر؛ ئول ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھ.س. غە ئىمان كەلتۇرگەن ئەردى. بەس، ئول پىرى زەن ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھ.س. غە ئەيدى: «مەن ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. نىڭ قەبرىلەرىدىن نىشان بېرەي، بەشەرتى ئىككى ھاجەتىم بار،

ئانى رەۋا قىلغايسەن.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «نىمە ھاجەتىڭ بار؟» پىرى زەن ئەيتتى: «بىرى ئۆلكى، مىسىردىن چىقاردا مېنى ئالىپ چىققايسەن، ۋە يەنە ئاخىرەتدە بېھىشتكە ئالىپ كىرگەيسەن.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قەبۇل قىلدىلەر ئەرسە، ئەيدى: «ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. نىڭ قەبرىلەرى نىل دەرياسىنىڭ مىسىردىن چىقار يېرىدەدۇر.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. دۇئا قىلدىلەر، دەريانىڭ سۇيى يانىپ تۇردى. ئول پىرى زەن ئول يەرنى كۆرسەتىپ بەردى. ھەزرەتى يۇسۇف ئەلەيھ.س. نىڭ تابۇتلەرىنى تاپىپ ئالدىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. بەنى ئىسرائىلغە ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا قىبتىلەرىنى ھەلاك قىلۇر، ھەمە مال - ئەمۋاللارىنى سىزلەرگە ئەتا ۋە كەرەم قىلۇر. سىزلەر ئۇلارنىڭ ياخشى مەتائ - ئالاتلارىنى، ئالتۇن - كۇمۇش ئەسباب - قاچالارىنى ئارىيەت تىلەپ ئالىپ، كېچە خەلق ئۇيقۇلاغاندا، ئەھلى ئەيال ۋە ئەمۋاللارىڭلار ئالىپ شەھەردىن چىقىپ، پالانى يەردە جەمئ بولۇڭلار.» بەس، قىبتى بىنەھايەت زەردار - دەۋلەتمەند ئەردى. بەنى ئىسرائىلنىڭ ھەر قايسىلارى قىبتىلاردىن بىر ەر نەرسە ئارىيەت ئالدىلەر، تاكىم بىسيار مال جەمئ بولدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «ھەر قايسىڭلار ئۆيۈڭلەردە، بىر قوي يا تاخۇ، يا بىرەر نەرسەنى ئۆلتۇرۇپ، قانىنى قولۇڭلارغە نۇگۇرۇپ، ئۆيۈڭلەرنىڭ ئىشىك باشىغە نىشانە قىلىپ قويۇڭلار، تاكىم، ھەر قايسىڭلار ئۆيدىن چىققانىڭلارنى ئول نىشانە بىرلە بىلگەيسىزلەر.» بەس، بەنى ئىسرائىل بۇ تەرىقە بىرلە بىر - بىرلەرىدىن خەبەر ئالىپ، نىسفى شەبدە، بەتەمام شەھەرنىڭ تاشىدا جەمئ بولدىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. چىقىپ، بەنى ئىسرائىلنىڭ لەشكەرىنى سانادىلەر ئەرسە، يىگىرمە مىڭ ئالتە يۈز مەردى جەڭگە چىقىپدۇرلەر؛ ياشلەرى يىگىرمەنىڭ - ئاتمىشنىڭ ئاراسىدا؛ ئۇلكىم يىگىرمە ياشىدىن كىچىكدۇر، گۆدەك قاتارىدا سانادىلەر، قاتارىغە ئالدىلەر؛ ئاتمىش ياشدىن زىيادەنى قېرى سانادىلەر. بەس ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ھارۇننى يولباشچى قىلىپ، ئەيدىلەركىم: «دەريا تەرەفىگە يۈرۈڭلار!» بۇ لەشكەر ھارۇن ئەلەيھ.س. نىڭ ئارقەلەرىدىن گۇرۇھ - گۇرۇھ ۋە تائىفە - تائىفە يۈردىلەر، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئۆزلەرى ئارقەدىن يۈردىلەر. مۇھەررەمنىڭ توققۇزى يەكشەنبە كېچەسى ئەردى. بەس، قىبتىلار سەھەر ۋەقتىدە ئاگاھ

بولدىلەر ئەرسە، فىرئەۋنغە خەبەر قىلدىلەر. فىرئەۋن ئەيدى: «ئۇلارنىڭ ئارقەسىدىن بارىپ، ئالماي چارەمىز يوقدۇر.» بەس، ئول كۈن مىسردا ھەر ئۆيدە بىر ماتەم بولدى ئەرسە قىبتىلاردا، تا تۈش ۋەقتىغىچە ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. بەنى ئىسرائىل بىرلە يىراق ئوزادىلەر. فىرئەۋن ئول كۈن تەمامى مىسر تەئەللۇقىداقى شەھەرلەرغە كىشى ئىبەردى، ھەمە شەھەرلەردىن لەشكەر جەمئ قىلدى. ئەيدىكىم: «بىز ئۇلاردىن سەد چەندان زىيادەدۇرمىز، ئەلبەتتە ئۇلارغە غالىب كېلۇرمىز. ئۇلار بىزگە مىكر قىلىپ قاچتىلەر، جادۇ قىلىپ تەمام ئۆيلەرىمىزگە ئۆلۈم سالدىلەر. ئەمدى ھەمەمىز مۇكەممەل مۇسەللەھ جەمئ بولدۇق، ئەلبەتتە ئىنتىقام ئالۇرمىز.» بەس، ئەرتەسى، دۇشەنبە كۈنى لەشكەر تارتىپ ئاتلاندىلەر. فىرئەۋن ۋەزىرى ھاماننى لەشكەر باشى قىلدى، تاكىم ئىككى يۈز مىڭ لەشكەر ئاتلاندى. فىرئەۋن بەش مىڭ كىشى بىرلە ئوترادا يۈردى، بۇلار ئاراسىدا مىڭ يەتتى يۈز ئايغىر ئاتلىغ ئەردى، ئۆزگەسى بايتال ئەردى؛ بۇ لەشكەردە يەتمىش مىڭ قارا ئات ئەردى. بەس، كۈندىن تۆرت سائەت ئۆتۈپ ئەردى. فىرئەۋن لەشكەرى بىرلە مىسردىن چىقىپ يۈردى. تۈش ۋەقتىدە فىرئەۋن لەشكەرىنىڭ مۇقەددىمەسى ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. غە يەتتى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئىككى كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ ئەردىلەر، كافىرلار يىرىم كۈندە يەتتى. بەنى ئىسرائىل فىرئەۋننىڭ لەشكەرىنى كۆرۈپ ئەيدى: «يا موسا، نىچۈك قىلۇرمىزكىم، ئالدىمىزدا دەريا، ئارقەمىزدا كافىرلار لەشكەرى، بىزدىن ئون بەرابەر تولا؛ ھەمەمىزنى يەكسان ھەلاك قىلۇر.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «قورقماڭلاركىم، ھەق تەئالانىڭ نۇسرەتى بىزنىڭ بىرلەدۇر، بىزگە يول بېرۇر.» بەس، ھەق تەئالا ۋەھى ئىبەردىكىم: «يا موسا، ئەسانى سوقغىل!» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئەسانى دەرياغە سوقتىلەر ئەرسە، سۇ بۆلۈنۈپ ھەۋاغە ئۆرلەدى گويا تاغدەك بولۇپ تۇردى، دەريانىڭ تېگى ئېچىلدى. بەنى ئىسرائىل ئون ئىككى تائىفە ئەردىلەر، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. نىڭ ھەر قايسى ئوغلانلەرىنىڭ ئەۋلادى بىر تائىفە ئەردىلەر. ھەر تائىفەگە دەريادىن بىر يول ئاچىلدى. بەس، دەريا ئون ئىككى بۆلۈندى...... ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئاتلەرىنى يۈرۈتتىلەر، ھەمەلەر ئارقەلەرىدىن كىردىلەر، بۇ بەنى ئىسرائىل ئول ئون

ئىككى يولغا كىردىلەر...... ئۇل دەريانىڭ كەڭلىكى ئىككى فەرسەڭ ئەردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. بەنى ئىسرائىل بىرلە ئىككى سائەتدە ئۆتدىلەر. فىرئەۋن دەريانىڭ لەبىگە كەلدى ئەرسە، كۆردىكىم، سۇلار تاغدەك ھەۋاغە ئۆرلەپ تۇرۇپدۇر، دەريانىڭ تېگى قۇرۇپدۇر، بەنى ئىسرائىل ھەمە ئۆتۈپدۇر. فىرئەۋن بۇ ئەجايىبلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى ۋە قورقۇپ ھامانغە ئەيدى: «نېچۈك قىلۇرمىز؟» ھامان ئەيدى: «ئۆتەرمىز، ئۇلارنىڭ ئارقەسىدىن، ئۇلارنى يەكبارە شەمشەر بىرلە ئۆلتۈرۈرمىز ئۇلارنىڭ دەريادىن ئۆتۈپ قاچارغە يېرى يوقدۇر.» فىرئەۋن ئەيدى: «مۇنداغ ھەيبەتلىك سۇدىن مۇنچە لەشكەر بىرلە نېچۈك ئۆتەرمىز!» ھامان ئەيدى: «ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. جادۇلۇق بىرلە ئۆتۈپدۇر، سەن خۇدالىق دەئۋاسى بىرلە ئۆتەلمەسمۇسەن؟» فىرئەۋن «راست ئەيدىڭ» دەپ ئاتىنى دەرياغە ھەيدەدى، تەمام لەشكەرى ئارقەدىن كىردى...... بەس، بەتەمامى لەشكەر دەرياغە كىرىپ ئەردىكىم، فىرئەۋن دەريانىڭ لەبىگە يەتتى...... ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. دەريانىڭ لەبىدە تۇرۇپ ئەردىلەر، فىرئەۋننىڭ يۈزىگە تاپانچە ئۇردىلەر، ئاتدىن دەرياغە يىقىلدى...... بەس، فىرئەۋن لەشكەرلەرى بىرلە غەرق بولدى. بەنى ئىسرائىل دەريادىن سەلامەت ئۆتتىلەر. بۇ مۇھەررەم ئايىنىڭ ئاشۇرا كۈنى ئەردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ، بەنى ئىسرائىل ئۇل كۈن ھىچ تەئام يىمەگەن ئەردىلەر، تا نەماز دىگەرگە ياۋۇق بولۇپ ئەردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئۇل ۋەقتدە روزەنىيەت قىلدىلەر. ۋە ھەمە بەنى ئىسرائىلغە ھەم بۇيرۇدىلەر، تا ئافتاب ئولتۇرغۇنچە تەئام يىمەدىلەر. ھەق تەئالا تەمام ئۇل كۈننىڭ روزەسىنى قەبۇل شەرەفىگە يەتكۈردى. جوھۇدلار ئاشۇرا كۈنى روزە تۇتارلەر...... ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. تائىلاسى ئۇل يەردىن كۆچتىلەر، دەريا لەبىدە يۈرۈپ بىر تائىفە خەلقغە يەتتىلەر؛ ئۇلار ئىمالىق نەسلىدىن، فىرئەۋن قەۋمى قىبتىلاردىن ئەردى، ئەمما فىرئەۋنغە تابىئ ئەمەس ئەردى. ئۇل تائىفە ئۆيى باشى سۆرەتلىك ۋە كىچىك موزوي سۆرەتلىك بۇتلار ئېتىپ، ئۇلۇغلارى ئاڭا تابىنۇر ئەردى. بەنى ئىسرائىل ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غە ئەيتۇر ئەردى: «بىزگە مۇنداغ خۇدا قىلىپ بەرگىل، بىز ھەم بۇلاردەك ئۇل خۇداغە تابىنغايمىز.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ بەنى ئىسرائىلدىن كۆڭۈللەرى ساۋۇدى، ئەيدىلەر: «سىزلەر

نادان خەلق ئىكەنسىزلەر، بۇ تائىپەنىڭ قىلغان ئىشلەرى ھەممە باتىلدۇر، سىزلەرگە ئۇل خۇداۋەند ئالەمدىن ئۆزگە خۇدا يوقدۇر. ئايا! ئول پەرۋەردىگار ئالەمدىن ئۆزگە خۇدا ئىختىيار قىلۇرسىزلەرمۇكىم، بىزلەرنى بۇ زەمانە خەلقىدىن ئەفزەل قىلدى؛ دۇشمەنلەرىڭلەرنى نابۇد ـ ھەلاك قىلدى.»

ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئۇلارنى دەريا لەبىدىن ئالىپ ئۆتتىلەر ئەرسە، ئۇلار ئاراسىدا موسا بىننى زەفەر ئاتلىغ بىر كىمەرسە بار ئەردى، ئانى سامىرى ئاتار ئەردىلەر، ئول جەزم قەبىلەسىدىن ئەردى. ئول جەزم ئىراق زەمىنىدە بىر كەنتدۇركى خەلقى تەمام بۇتپەرەستدۇرلەر؛ ئۇلارنىڭ بۇتى ھەم موزوي ۋە كالانىڭ باشى سۆرەتلىك ئەردى. بۇ كىتابدا: سامىرى بەنى ئىسرائىلدىن ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.غە ئىمان كەلتۈرگەن ئەردى ۋە قىبتىلەردىن ئەمەس ئەردى. قاچانكىم، بەنى ئىسرائىل ئول سۆزنى ئەيتتىلەر ئەرسە، سامىرى بىلدىكىم، بۇلارنىڭ زاتىدا ياخشىلىق يوقدۇر، بۇلارنى گۇمراھ قىلسە بولۇر دەپ كۆڭلىدە جەزم قىلدى.

بەس، ھەق تەئالا ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.غە ۋەئدە قىلىپ ئەردى: كۇھى تۇردا ساڭا راز ئەيتۇرمەن ۋە «تورات»نى ئىبەرۇرمەن.

# تکمیلی جلد

# ئىككىنچى جىلد

# فەسلى دەستان
# هەزرەتى موسا ئەلەيهىسسەلام كۆھى تۇردا مۇناجاتغە بارغانلەرى ۋە قەۋملەرى، گاۋسالەپەرەست بولغانلەرىنىڭ قىسسەسى

ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بېرىپدۇر، تەفسىرى بۇدۇركىم: ۋەئدە قىلدىم موساغە ئوتتۇز كېچەنى، تەمام قىلدىم ئوتتۇز كېچەنى يەنە ئون كېچە بىرلە. بەس، پەرۋەردىگارى ئالەم ۋەئدە قىلغان ۋەقتى قىرىق كېچەدە تەمام بولدى. بەس، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. غە فەرمان بولدى، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قاشلەرىغە كېلىپ ئەيدىلەر: ئۈچ كۈن روزە تۇتقىل، زاھىر - باتىنىڭنى فەرىشتەلەردەك قىلغىل؛ ئاندىن تۇرى سىيناغە بارغىلكىم، ھەق تەئالا ساڭا راز ئەيتۇر ۋە «تەۋرات» نى ساڭا بېرۇر. بەس، تەمام «تەۋرات» يەكبار نازىل بولدى. «قۇرئان» بىزنىڭ پەيغەمبەرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغە بىر كۈن بىر ئايەت يا بىر سۈرە جۇدا - جۇدا نازىل بولدى، بۇ ۋەجھىدىن «فرقان» (فۇرقان) ئاتاندى. ھەق تەئالا خەبەر بېرىپدۇر، تەفسىرى بۇدۇركىم: ئۇلۇغ خۇداۋەندىكىم، فۇرقاننى بەندەسىگە ئىبەردىكىم، بەس، «فرقان» نىڭ مەئنىسى «متفرق» (مۇتەفەررىق) — جۇدا - جۇدا دىمەك بولۇر، يەنە بىر ۋەجھى، «فرقان» ئاتاماق ئۇلكى قۇرئاننى باتىلدىن، ھالالنى ھارامدىن ئايرىدى، بۇ ۋەجھى بىرلە «فرقان» «فارق» (فارىق) يەئنى «ئايرىغۇچى» دىمەك بولۇر.

بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. تەمامى بەنى ئىسرائىلنى جەمئ قىلىپ ئەيدىلەر: «مەن تۇرى سىيناغە بارۇرمەن، پەرۋەردىگارىمغە مۇناجات قىلۇرمەن.» ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ.س. نى ئۇلارغە خەلىفە قىلدىلەر ۋە

ئۇلەرغە ئېيدىلەر: «بۇ قەۋمغە راستلىق ۋە سەلاھلارىغە ھۆكۈم قىل، فەساد ئىشلارىنى تەبئىيەت قىلماغىل.» بۇلەر ئېيدىلەر: «يا موسا، سېنىڭ بىرلە بىزنىڭ ئۇلۇغلارىمىزدىن ھەمراھ بولغاي ئەردى، تاكىم سەن خۇدانىڭ سۆزىنى ئىشتىسەڭ ئۇلار ھەم ئىشتىپ، بىزگە گۇۋاھلىق بەرگەي ئەردى.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئېيدىلەر: «ھەركىمنى خاھلايدۇرسىزلەر ئىلغاپ ئىبەرىڭلار.» بەس، سامىرى بۇلاردىن بۇ سۆزنى ئىشتىپ بىلدىكىم، بىنەھايەت بىئەقىل ۋە ناداندۇرلار، خۇدانىڭ پەيغەمبەرىگە گۇۋاھ تىلەيدۇر، دەپ كۆڭلى دىلگىر بولدىكىم، بۇلارنى گۇمراھ قىلغاي. بەس، بەنى ئىسرائىلدىن يەتمىش كىشىنى نەھايەتى ئاقىل، خىرەدمەند دەپ ئىلغادىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. زۇلقەئدە ئايىنىڭ ئەۋۋەلى كۈنى يەتمىش كىشى بىرلە مۇناجاتغە باردىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئول يەتمىش كىشى بىرلە تۇرى سىينا بايابانىدا بىر ئاي روزە تۇتتىلەر. بەس، زۇلقەئدە ئايى تەمام بولدى ئەرسە، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. فەرمان كەلتۇردىلەر، يەنە ئون كۈن روزە تۇتغىل، تاكىم قىرىق كۈن تەمام بولسۇن···

بەنى ئىسرائىلغە سامىرى ئېيدى: سىزلەر قىبتىلەرنىڭ ئەمۋاللارىنى ئالدىڭلار، ئول ئەمۋال سىزلەرگە ھالال ئەمەس ئەردى······ ئول ئەمۋال ھەمە ئالتۇندىن، كۈمۈشدىن ئەردى. ··· ئول ئەمۋالنى قۇدۇغدىن ئالىپ يەردە قويدىلەر ئەرسە، سامىرى ھەمەسىنى كۆيدۇردى. سامىرى زەرگەر ئەردى. ئول ئالتۇندىن بىر موزوي ئەتتى. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. نىڭ ئىزلەرىدىن ئالغان تۇفراقنى ئاڭا دەمىدە قىلدى ئەرسە، گاۋساله ئاۋاز قىلدى ··· بەس، سامىرى بەنى ئىسرائىلغە ئېيدى: «خۇدايىڭلار شۇ بۇدۇر، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. فەراموش بولۇپ، خۇداي تەئالانى ئاندا ئىزدەب بارىپدۇر. خۇدا مۇندادۇر، سىزلەر مۇڭا سەجدە قىلساڭلار تاكىم ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نى سىزلەرگە كەلتۇرۇپ بېرۇر.» بەنى ئىسرائىل خۇدا ئەقىدە قىلىپ سەجدە قىلدىلەر. خەبەردە ئانداغ كېلىپدۇركىم، ئاتمىش مىڭ كىشىدىن ئون ئىككى مىڭ قالدى، ئۆزگەسى ھەمەسى سەجدە قىلدىلەر. ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ.س. ئۇلارنى خۇداي تەئالانىڭ تىزلۇغىغە دەلالەت قىلىپ ئەيتۇر ئەردىلەركىم: «ئەي قەۋم! بۇ سىزلەرگە فىتنەدۇركىم، مۇنىڭ بىرلە بەلاغە قالۇرسىزلەر. پەرۋەردىگارىڭلار ئەتا كەرەم قىلغۇچىدۇر. بەس،

مىنى تەبئىيەت قىلىڭلار، مىنىڭ ئەمرىمنى تۇتۇڭلار!» ئۇلار ئەيدىلەر: «بىز ھەرگىز بۇ خۇدادىن تانماسمىز تا موسا ئەلەيھ.س. كەلمەگۇنچە؛ ئەگەر سەن بۇ سۆزنى قويماساڭ سىنى ئۆلتۇرۇرمىز.»···

بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قىرىق كۇن تۇرى سينادا روزە تەمام قىلدىلەر. ھەق تەئالانىڭ ۋەئدەسى، قەرارى تولدى ئەرسە، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. تۇرى سيناغە مۇناجاتغە بارۇر بولدىلەر. زۇلھەججەنىڭ ئونى كۇنى سۇبھ ۋەقتىدە، بۇلارغە «مىنىڭ ئىزىمچە كېلىڭلار» دەپ كۇھى تۇرغە يۇردىلەر. بەس، مەقامى مۇناجاتغە يەتتىلەر······ بەس، يەتمىش كىشى تاغ باشىغە ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نىڭ قاشلەرىغە چىقتىلار ئەرسە، بىر ئاق بۇلۇت ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. نى ياپىپ ئالدى، بۇلارنىڭ كۆزلەرىدىن غايىب قىلدى؛ ھەر بار مۇناجات ۋەقتىدە ئول بۇلۇت ھەزرەتــــى موسا ئەلەيھ.س. غە تۇشەر ئەردى تاكىم ھىچ كىشى كۆرمەس ئەردى.··· ئانداغكى ھەق تەئالا ئەيتۇر، تەفسىرى بۇدۇركىم: مەن موساغە ھەر نەرسەدىن پەند ـ نەسىھەتلەرنى ۋە بارچە نەرسەلەر بەيانىنى تەختەلەرغە پۇتۇپ بەردىم؛ بەس، تەۋراتدە تەمام خەبەر ـ ھىكايەتلەر، پەند ـ نەسىھەتلەر، ئەھكامى دىن ۋە شەرىئەتلەر بار ئەردى. ئاندىن ھەزرەتــى موسا ئەلەيھ.س. غە خىــــتاب قىلدىكىم: بۇ تەختەلەرنى ئالغىل، قەۋمىڭغە بۇيرۇغىلكىم، مۇنىڭ ئىچىدەكى ئەمرنەھى بىرلە ئىش قىلسۇنلەر.······ بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. تەۋراتنىڭ تەختەلەرىنى ئالدىلەر؛ مۇناجاتلارى تەمام بولدى ئەرسە، ئول بۇلۇت باشلەرىدىن ئۆرلەدى، ئول يەتمىش كىشى ئاندا ئەردى، ھەزرەتــى موسا ئەلەيھ.س. نى كۆردىلەر······ بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. تەۋراتنى ئالــــىپ، ئۇلار بىــــرلە تاغدىن تۇشتىــــلەر. قەۋملەرىغە يۇزلەندىلەر. ئەيتىپدۇرلەركــــى، تەۋرات پۇتۇلگەن تەختەلەر يەتتە تەختە ئەردى. ھەمە ئالتۇندىن ۋە ھەمە تەۋرات نەقش قىلىنغلىغ ئەردى.······ بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. قەۋملەرىغە يانىپ كەلدىلەر ئەرسە، بۇلارنى گاۋپەرەست تاپتىلەر؛ بۇلارنى مۇنداغ ئۇلۇغ گۇناھدا كۆرۇپ بىنەھايەت غەزەبناك بولغانلەرىدىن تەۋرات تەختەلەرىنى يەرگە تاشلادىلەر، ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ.س. غە ئىتاب قىلدىلەر ۋە ئول قەۋملەرىغە سەرزەنىش قىلدىلەر. بەس، ئول تەختەلەردىن ئىككىسى سىندى، ئول سۆزلەر ئاندا پۇتۇكلۇك ئەردى ئاسمانغە چىقتى.

بەئزىلەر بىرى سىندى دەپدۇرلەر؛ بىر تائىفە ئەيتىپدۇرلەر: بىرى قالدى، ئۆزگەسى سىندى. دۇرۇست، ئولكىم، ئەھكامى شەرىئەت ۋە پەندى نەسىھەتلەر پۈتۈكلۈكلەرى خۇداي تەئالانىڭ خاھىشى بىرلە تازە قالدى، ئۆزگەسى بۇلارنىڭ گۇناھلارى شۇملۇقىدىن سىندى ۋە ئاسمانغە چىقتى. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ھەزرەتى ھارۇننىڭ ساقاللەرىدىن تۇتۇپ تارتتىلەر ئەرسە، بۇلەر ئەيدىلەر: «ئەي بۇرادەر، بۇ خەلقنىڭ ئەفئالىنى مەندىن گۇمان قىلماغىل، مەن بۇلار ئاراسىدا زەئىف ئەردىم. مىنى ئۆلتۈرگەلى قەسد قىلدىلەر.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «بۇ خەلق فەرمانىڭنى تۇتماغاندا، نە ۋەجھىدىن مىنىڭ قاشىمغە كەلمەدىڭ؟» ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «ئەي بۇرادەر، ساقالىمدىن تۇتماغىل. مەن قورقتۇم، ئەگەر بۇ مۇسۇلمانلارنى قويۇپ بارسام بەنى ئىسرائىلنى پەراكەندە قىلىپ، نىچۈكدىن كەلدىڭ، دەپ غەزەب قىلغايسەن ۋە مىنىڭ سۆزۈمگە باۋەر قىلماغايسەن. ئەمدى، دۇشمەنلەرنى شاد قىلماغىل، مىنى بۇ قەۋمى مۇخالىفلار قاتارىغە ئالىپ، بىدادلىق قىلماغىل.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. بىلدىلەركىم ھارۇندا گۇناھ يوقدۇر. بەس، ئۆزر ئەيتتىلەر، دۇئا قىلدىلەركىم: «پەرۋەردىگارا، مىنى ۋە بۇرادەرىمنى مەغفىرەت قىل، بىزنى رەھمەتىڭ پەناھىغە ئالغىل!»

بەس، ھەممەئى بەنى ئىسرائىل ھەيران ۋە قىلغان ئىشلارىغە خىجىل، پۇشمان بولۇپ، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. قاشلەرىغە يىغىلدىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. بۇلارغە سەرزەنىش قىلدىلەر...... بۇلار ئەيدىلەر: «بىز سىنىڭ ۋەئدەڭگە خىلاف قىلمادۇق، دىنىڭدىن يانمادۇق. ئول كۈنكى قىبتىلار ئەمۋالىنى ئالغانىمىزغە غەزەب قىلدىڭ. بىز سىنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن ئول نەرسەلەرنى تاشلادۇق. سامىرى ئول نەرسەلەرنى ئالىپ گاۋساله ئەتتى، ئاندىن ئاۋاز چىقتى، بىز بىلمەدۇك.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. سامىرىغە ئەيدىلەر: «بۇ نە ئىشدۇر؟» سامىرى ئەيدى: «مەن جەبرائىل ئەلەيھ-س. نىڭ ئىزلەرىدىن ئۆلۈك تىرىلمەكنى بىلىپ ئەردىمكى، ئۆلار بىلمەگەن ئەردىلەر. بەس، ئاندىن بىر چاڭگال تۇفراق ئالدىم، ئول گاۋسالەگە سالدىم، مۇنداغ يامان نەفسىم ياخشى خوب كۆرسەتتى.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «مەن سىنى ئۆلتۈرمەسمەن. تا تىرىك

بارسەن، خەلق ئاراسىدا بولماغىل، ساڭا ھېچكىم قوشۇلماسۇن ۋە سەن كىشىگە قوشۇلماغىل. ھەق تەئالا ساڭا جەزا بېرۇر، كۆرگىلكىم، مەن ئول گاۋسالە خۇدايىڭنى ئوتقە كۆيدۇرۇپ، كۈلىنى دەرياغە قويارمەن.» ......

بەس، بەنى ئىسرائىل ئۆز گۇناھلارىغە ئاگاھ بولۇپ ھەيران بولدىلەر، ئىستىغفار ئەيتتىلەر. ...... ۋە يەنە ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. دۇئا قىلدىلەر. فەرمان كەلدىكىم، ئول ئون ئىككى مىڭ مۇسۇلمانلار قولرىغە شەمشەر ئالىپ، ئول گاۋسالە پەرەستلەرنى ئۆلتۈرگەيلەر. بۇلارنىڭ تەۋبەسى بۇدۇر. خەبەردە ئانداغ كېلىپدۇركىم، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س. دىن ئىلگەرى شەرىئەتدە، ھەر كىمنىڭ بىر ئەئزاسىدىن گۇناھ سادىر بولسە، ئول ئەئزانى كەسمەي تەۋبە قەبۇل بولماس. بەس، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ.س. غە كەلگەن مۇسھەف ھۆكمى بىرلە ئول مەنسۇخ بولدى. ...... بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. ئۇلارغە ئەيدىلەر: «سىزلەر گاۋسالە ئالىدا باش قويدۇڭلار، گۇناھ باشىڭلاردا سادىر بولدى؛ تا باشىڭلارنى كەسمەي تەۋبەڭلار قەبۇل بولمايدۇركىم، سىزلەر ئۆزۈڭلەرگە زۇلۇم قىلدىڭلار. ئەمدى سىزلەرگە تەۋبە ئولدۇركىم، ئۆزۈڭلەرنى ئۆلتۈرگەيسىزلەر. خۇداي تەئالانىڭ رىزاسى بىرلە ئۆلگەن ياخشىراقدۇر.» بۇلەر ئەيدىلەركىم: «قەبۇل قىلدۇق، رىز بەردۇك.» ...... ئەرتەسى بامداد ۋەقتىدەكىم، ئۆز ئورنىدا يۈكۈنۈپ، يۈزلەرىنى ئاسمانغە قىلىپ، تەۋبە ـ تەزەررۇئ زارى بىرلە ئۆلۈمگە كۆز تۇتۇپ ئولتۇردىلەر. بەس، ئول ئون ئىككى مىڭ مۇسۇلمانلار قىلىچ ئالىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرگەلى تۇردىلەر. بەئزى ئوغلى ئاتاسىنى ۋە بەئزى ئاغاسىنى ئىنىسى ئۆلتۈردىلەر. ئۇلاردىن نالە ـ فىغانلار ـ ئەفغانلار بولدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. يۈزلەرىنى تۇفراقغە قويۇپ زارى بىرلە ھەق تەئالاغە مۇناجات قىلدىلەر. بەس، ھەق تەئالا بىر قارا بۇلۇت ئىبەردىكىم، ئۇلارنى ياپتى ئەرسە، ئۆلتۈرگۈچىلەر ئۇلارنى كۆرمەدىلەر. بامداد ۋەقتىدىن تا تۇشغىچە ئۆلتۈردىلەر، قان ئارىقلار بولدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. سەجدەدە يىغلادىلەر. بۇلارنىڭ زەن ـ فەرزەندلەرى، خىش ـ پەيۋەندلەرى چۆرەلەرىدە نالە ـ فىغانلار قىلىۇر ئەردىلەر. تۇش ۋەقتى بولدى ئەرسە، ھەق تەئالا بۇلارغە رەھم قىلدى. ئۆلگەنلەرنىڭ تەۋبەسى قەبۇل بولدى ئەرسە قىلىچ كەسمەدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. غە خەبەر قىلدىلەر، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س.

سەجدەدىن باش كۆتەرىپ، شۈكرلەر ئەيتىپ، ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالانىڭ سىزلەرگە رەھمى كەلدى، تەۋبەڭلارنى قەبۇل قىلدى.» بەس، شەمشەرلەرنى تاشلادىلەر، قالغانلار ئۆلۈمدىن قۇتۇلدىلەر. بەس، تۇشغىچە يەتتە مىڭ كىشى ئۆلۈپدۇر. ...... بەس، ھەق تەئالا ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غە فەرمان قىلدىكىم: تەۋراتنى ئۇلارغە ئوقۇغىل، تاكـــى ئۇلار ئەمرىمنـــى قەبۇل قىلسۇنلەر. بەس، ئۇلار تەۋراتداقى ئەھكامى شەرىئەتلەرنى ئىشىتتىـــلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «بىز ئەمرنى بىجا كەلتۇرەلمەسمىز، بىزگە بۇ كەلتۇرگەن شەرىئەتدىن گاۋسالەغە تابىـنماق ئاسان ئەردى.» ...... ھەزرەتـــى موسا ئەلەيھ-س. بۇلارنىڭ شەرىئەتنى قەبۇل قىلماغانلارىدىن غەمكىن بولدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا بىر تاغقە فەرمان قىلدىكىم، ئول تاغ زەمەنى شامدىن كېلىپ، بۇلار تۇشكەن يەرنى ئىهاتە قىلىپ، ھەۋادا بۇلار ئۆزەسىدە تۇردى ئەرسە، شەرىئەتنى قەبۇل قىلدىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. بۇلارنى مىسرغە ئالىپ باردىلەر. قىبتىلارنىڭ باغ - بوستان، مەنزىللەرىنى بۇلارغە ئالىپ بەردىلەر. بەنى ئىسرائىل ئول تەڭلىك، خارلىقكىم، مىسردا تارتىپ ئەردىلەر، ئاخىر مىراسخاھ بولدىلەر. زەمىنى شامدىن تا مەغرىبى زەمىن سەرھەددىغە مىسرغە تابىئ ئەردى، ھەمە بۇلارنىڭ بولدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. بەنى ئىسرائىل بىرلە چەندان يىل مىسردا بولدىلەر. خۇداي تەئالانىڭ نېئمەتلەرىنى ياد قىلىپ، ھەر كۈن ئۇلارغە پەند - نەسىھەت قىلۇر ئەردىلەر......

# فەسلى دەستان
# ھەزرەتى موسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەفاتـلەرى زىـكـرى

ۋەقتىكى، خۇداي تەئالا ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ۋە ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ-س. نى بۇ جەھان فانىدىن ئول ساراي باقىغە تەكلىف قىلۇر ۋەقتى بولدى ئەرسە، ئوتتۇز ئىككىنچى يىلى ۋەھى ئىبەردىكىم، مەن ھارۇننى پالانى ۋەقتدە دەرگاھىمغە چىرلارمەن. قاچانكىم، ئول ۋەقت يەتتى ئەرسە، ھەزرەتى

موسا ئەلەيھ‌ىس. ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ‌ىس. نى ئالىپ، بەنى ئىسرائىل ئاراسىدىن چىقتىلەر؛ نەچەند فەرسەڭ يىراق باردىلەركىم، خەلقنىڭ كۆزىدىن غايىپ بولدىلەر ئەرسە، بىر تەخت كۆرۈندىكىم، بىنەھايەت ئارەستە ـ ياساغلىغ تۆشەكلەر سالىغلىغ. ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ‌ىس. ئەيدىلەركىم: «ئەي بۇرادەر، ئول كىمنىڭدۇر؟» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. ئەيدىلەر: «ئاخىر ئولتۇرغۇچىنىڭدۇر.» ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ‌ىس. ئەيدىلەر: «ماڭا ئارزۇدۇركىم، ئاندا ئولتۇرسام، ئىگەسى ساڭا سۆزلەمەگەي.» بەس، ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ‌ىس. ئول تەختدە ئولتۇردىلەر ئەرسە، ئۇيقۇ ئىلتتى، جان ئەتا قىلدىلەر. ھەق تەئالا فەرمان قىلدىكىم، ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ‌ىس. نى ئول تەخت بىرلە ئاسمانغە ئىلىتتىلەر. دىگەر گۇرۇھ ئەيتىپدۇرلەر: ئول تەخت شول يەردە چۆكتى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. ئاندا نىشانە قىلدىلەركىم، ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھس. نىڭ قەبرەلەرى ئولدۇر...... ئاندىن ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. غە يەنە ۋەھى كەلدىكىم: «سىنى ئۈچ يىلدىن كىيىن پالان ۋەقتدە ئۆز دەرگاھىمغە كەلتۇرەرمەن.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. ھەزرەتى يۇشەئ بىننى نونغە ۋەسىيەت قىلدىلەركىم، قاچان ئول ۋەقىت يەتتى ئەرسە، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ‌ىس. بىرلە خەلقنىڭ ئاراسىدىن چىقتىلەركىم ئىككۆلەن قالدىلەر ئەرسە، بىر شامال كەلدى ۋە بۇ شامالدالدىن ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ‌ىس. نىڭ كۆڭۈللەرىگە ۋەھم پەيدا بولدى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. بىلدىلەركىم، بۇ ئەجەل شامالىدۇر. ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ‌ىس. بىلمەدىلەر، قورقۇپ ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. نى قۇچاقلەرىغە ئالدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھ‌ىس. كۆڭلەكلەرى ئىچىدىن غايىب بولدىلەر، كۆڭلەك قوللەرىدە قالدى، ھەزرەتى يۇشەئ ھەيران بولدىلەر...... تائىفە ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. بىر جەمىئ فەرىشتەلەر بىرلە ئۆتۈپ بارۇر ئەردىلەر، بىر گۆر كۆردىلەركىم، ياخشى تۆشەك سالىپ، ئاراستە قىلىپدۇر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. ئەيدىلەر: «بۇ كىمنىڭ گۆرىدۇر؟» ئۇلار ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالانىڭ ياخشى بەندەسىنىڭدۇر. ئەي موسا، خاھلايمۇسەنكىم، بۇ گۆر سىنىڭ بولغاي.» ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‌ىس. ئەيدىلەر: «خاھلارمەن.» بۇلار ئەيدىلەر: «كىرىپ ياتغىلكىم ساڭا ياراغاي.» بەس، ھەزرەتى موسا

ئەلەيھ-س. ئاندا كىرىپ ياتتىلەر ۋە ئۇيقۇلادىلەر ئەرسە، روھلەرىنى قەبز
قىلدىلەركىم، ئول فەرىشتە مەلەكىل مەۋت ئەردىلەر. كەلتۇرۇپدۇرلەركىم،
ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. يۇز يىگىرمە ياشدا ئەردىلەر، خۇداي تەئالانىڭ
رەھمەتىغە ئۇلاندىلەر.

## فەسلى دەستان
## بەلئەم باغۇرنىڭ قىسسەسى

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ۋەفات بولۇپ، بەنى
ئىسرائىل ئول قىرىق يىلنى باياباندا تەمام قىلدىلەر ئەرسە، ھەق سۇبھانە
ۋە تەئالا ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. غە پەيغەمبەرلىكنى ئەتا قىلدى ۋە فەرمان
قىلدىكىم: «بەنى ئىسرائىلنى باياباندىن چىقارىپ، ئول شەھەرلەرگە
يەتكۇرۇپ، ئول جەببارلارنى ئۇلتۇرۇپ، ئول شەھەرلەرنى فەتھ قىلغىل،
ئاندىن مىسرغە يانغىل.»

ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. بەنى ئىسرائىلدىن—ھەزرەتى يۇسۇف
ئەلەيھ-س. نىڭ ئەۋلادلارىدىن ئەردىلەر؛ نەسەبلەرى ئانداغكىم، يۇشەئ بىننى
نون بىننى ئەفراھىم بىننى يۇسۇف بىننى يەئقۇب ئەلەيھ-س. ھەزرەتى يۇشەئ
ئەلەيھ-س. نىڭ ئانالەرى مەريەم ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ خاھەرلەرى
ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. بىرلە بارغان بەنى ئىسرائىلدىن
قالماغان ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. بۇلارنىڭ
فەرزەندلەرىنى ئول باياباندىن ئالىپ چىقار بولدىلەر. كالەب بىننى يوقنيا
بىرلە لەشكەر راست قىلدىلەر. ئول باياباندىن چىقىپ، ئول شەھەرگە
يەتتىلەر، ئۇلار بىرلە جەڭ قىلىپ زەفەر تاپتىلەر؛ ئول شەھەردە جەببارلارنى
ھەمە ئۇلتۇردىلەر. ئول جەببارلاردىن ھەر قايسىغە بەنى ئىسرائىلدىن ئون
- يىگىرمەدىن كىشى تۇردىلەر، ھەر بىرىنىڭ گەردەنى زەربى شەمشەر بىرلە
كېسىلمەدى. بەس، ئول شەھەرنى فەتھ قىلدىلەر ئەرسە، ئاندىن بەلقاغە
باردىلەر، ئول ھەمەدىن ئۇلۇغ ۋە قورغانى مەھكەم، پادشاھى ئاندا
ئولتۇرۇغلۇغ ئەردى. ئاندا سىپاھ - لەشكەر بىسيار ئەردى. ئۇلار ئاراسىدا

بىر كىمەرسە بار ئەردى، مۇسۇلمان ۋە خۇداي تەئالانىڭ ئەمر - فەرمانىنى تۇتغان ئەردى، ئاتى بەلئەم بىننى باغۇر، ھەمىشە خۇداي تەئالاغە قۇللۇق قىلۇر ئەردى ۋە ئىسمى ئەئزەمنى بىلۇر ئەردى، خۇداي تەئالادىن ھەر نە تىلەسە ئىجابەت بولۇر ئەردى. بەس، بەنى ئىسرائىل ئول قورغانىنى مۇھاسىرە، ھەر كۈن ئول جەببارلار بىرلە جەڭ - مۇھارىبە قىلدىلەر. بۇ شەھەر خەلقى بەلئەمغە يىغىلدىلەر ۋە بۇ لەشكەرنىڭ يانماقىغە دۇئا ئىلتىماس قىلدىلەركىم، بەلئەم ئەيدى: «ئول لەشكەرى خۇدادۇر، ئاڭا يامان دۇئا قىلماق قاچان راۋادۇر؛ سىزلەر موسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىغە كىرىڭلار، ئۇلەرنى بەرھەق بىلىڭلار؛ مەن دۇئا قىلاي تاكى ئول لەشكەرلەرنى ھەق تەئالا ياندۇرغاي.» بەس، بەنى ئىسرائىل ئول شەھەرنى ئالتە ئاي مۇھاسىرە قىلدىلەر، ھەركۈن جەڭ - مۇجادىلە قىلدىلەر. ئول بەلئەمنىڭ دۇئا قىلماقىغە جىدەل -، مۇنازىرە قىلدىلەر ئەرسە، دۇئا قىلمادى. ئاخىر، پادشاھ دار ئەتتۇردى، بەلئەمنى ئاندا كەلتۇردى؛ ئەيدى: «ئەگەر دۇئا قىلماساڭ، بۇ لەشكەرنى ياندۇرماساڭ بۇ دارغە ئاسارمەن.» بەس، بەلئەم ئۆلۇمدىن قورقۇپ دۇئا قىلماقنى قەبۇل قىلدى. ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. لەشكەرنى دەرۋازەگە يىغىپ جەڭ قىلۇر ئەردىلەر. بەلئەم بىر ئېشەككە مىنىپ، دەرۋازەدىن چىقىپ، تاغ تەرەفىگە رەۋان بولدى؛ تاكى ئاندا چىقىپ دۇئا قىلغاي ۋە ئول جەببارلار ھاجەتىنى راۋا قىلغاي. بەس، ئېشەكى توختاپ تۇردى، ھەر چەند سەئي قىلدى ماڭمادى. بەنى ئىسرائىل جەڭ - ماجرا قىلۇر ئەردىلەر. پادشاھ راۋاقغە چىقىپ تاماشاھ قىلۇر ئەردىكىم بەلئەم نەئىش قىلۇر ۋە قايان بارۇر...... بەس، بەلئەم ئىسمى ئەئزەمنى يادىغە كەلتۇردى، تەھقىق بىلدىكى خەتا قىلىپدۇر. بەس، شەھەرگە ياندى. ...... بەلئەم بىلدىكىم، خۇدانىڭ قەھرى كېلىپدۇر. بەس، (بەلئەم پادشاھغە) ئەيدى: «ئەگەر دۇئا ئىجابەت بولماسا، مەن بۇ لەشكەرلەرنى مىكر - تەدبىر بىرلە ياندۇراي.» بەس، ئول كۈن ئاقشامغىچە جەڭ قىلدىلەر. تاڭلاسى پادشاھ بەلئەمنى تەدبىر قىل دەپ تەڭ قىلدى. بەلئەم ئەيدى: «ھەر لەشكەركىم ئاندا زىنا ئۆتسە، ھەق تەئالا فەتھ - نۇسرەتنى ئاڭا بەرمەس. بەس، بۇ شەھەردە خۇشرۇي مەزلۇملەر بىسيار كۆپ ۋە غالىبدۇر. بەنى ئىسرائىل مەزلۇملەرگە ھىرىس ۋە تالىبدۇر. بەس، ھۆكۈم قىلغايسەنكىم، ئول مەزلۇملەر

شەھەردىن لەشكەرگە بارغايلەر. ئەگەر ئۇل خەلق بۇلارغە مەيل قىلسە، بۇلار ھەم رىغبەت قىلغايلەر، تاكى ئۇلار ئاراسىدا زىنا ۋە مەئسىيەت ۋاقىئ بولغاي، زەفەر - نۇسرەت تاپماي يانغايلەر.» ئول پادىشاھ ئەمر قىلدى ئەرسە، مەزلۇملەر چىقىپ لەشكەرگە تارقادىلەر. ھەر قايسىنى بىر كىشى ئۆيگە ئالىپ بارىپ زىنا قىلدىلەر ئەرسە، ۋەبا كەلدى، ھەركىم ئول خاتۇن بىرلە ياتقان يەردە ئۆلدىلەر. بەنى ئىسرائىل بۇ ۋاقىئەنى كۆرۈپ ھەمە مەزلۇملەردىن تاندىلەر ۋە زىنادىن ياندىلەر. ······ بۇ لەشكەردە بىر كىمەرسە بار ئەردى ئەفتھات ئاتلىغ، ھەزرەتى ھارۇن ئەلەيھ-س. نىڭ فەرزەندلەرىدىن ۋە ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غە بۇرادەر؛ ئەيدىلەر بىسيار قۇۋۋەتلىك ئەردىلەر. ······ بەس بەنى ئىسرائىل ئەفتھاتنى ئۆزلەرىگە سەردار قىلدىلەر. ھالا جوھۇدلەر قۇربانلىقلەرىنىڭ كالا تىرەسىنى ئەفتھاتنىڭ ئەۋلادىغە نەسىبەسىنى بەرمەي، قۇربانلىق مەقبۇل بولماس دەپ ئەقىدە قىلۇرلەر. بەس، ۋەبا توختادى ئەرسە، لەشكەردىن ئىلغانىپ جەمئى قورغانغە تۇشتىلەر ئەرسە، تەمامى بەنى ئىسرائىل شەھەرگە كىردىلەر. پادىشاھ بىرلە بەلئەمنى تۇتۇپ ئۆلتۇردىلەر، شەمشەرلەر ئالىپ، تا ئاقشامغىچە قەتل قىلدىلەر. ئول كېچەسى شەنبە كېچەسى ئەردى. ······ تا بەنى ئىسرائىل ئول جەببارلارنى تەمام ئۆلتۈردىلەر، كېچەسى بولدى ئەرسە، فەتھ - نۇسرەت بىرلە قوندىلەر. ئەرتەسى يەكشەنبە كۇنى بولدى ئەرسە، ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. ئارام - فەراغەت بىرلە ئولتۇردىلەر. تەۋرات ھۆكمىدە غەنىمەت ھالال ئەمەس ئەردى ······ غەنىمەتلەرنى تەمام كۆيدۈردىلەر. ئول غەنىمەت كۆيدۈرگەن يەرنى «جازە» ئاتاپدۇرلەر. ······ ئول شەھەر ئەليانىڭ ئەردى، ئالەمدە ئاندىن ئاباد، نىئمەت - فەراۋان يەر يوق ئەردى. ······ رەۋايەت قىلغان كىشى ئەيتىپدۇر: بۇ جەڭ - مۇھارىبە ھەمە زەمىن شامدا بولماقى راستدۇر، ئۆزگە شەھەردە بارۇر، ئاتى «ئانى» دۇر؛ ئاندا بىسيار خەلق بۇتپەرەست ئەردىلەر. ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. بەنى ئىسرائىلنى ئاندا ئالىپ باردىلەر ۋە ئول شەھەرنى ئالدىلەر، ئون ئىككى كافىرنى ئۆلتۇردىلەر، پادىشاھنى تۇتۇپ شەھەرنىڭ دەرۋازەسىغە ئاستىلەر. ئول شەھەردە تاغلار بار ئەردى، بىر تاغ بار ئەردى «ئەما» ئاتلىغ ۋە يەنە بىرىنى «جەيئۇن» ئاتارئەردىلەر. ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. ئاندا لەشكەر تارتىپ باردىلەر، ئول خەلق مەسلىھەت قىلىپ، ھەزرەتى يۇشەئدىن

ئامان تىلەدىلەر ۋە ئۇلەرغە ئىمان كەلتۈردىلەر، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىنى قەبۇل قىلدىلەر.…… ئانىڭ ئارقەسىدە بىسيار تاغلار بار ئەردى، ئاندا خەلقغە بىنەھايەت فەراۋان نىئمەتلەر بار ئەردى. ئول خەلق ھەزرەتى يۇشەئدىن ئامان تىلەپ، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىغە كىردىلەر. ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. ئۇلاردىن ئۆتۈپ، مەغرىب ۋە يەمەن تەرەفىگە يۈردىلەر. ئول قول تەرەفىدە بەش شەھەر بار ئەردى، ئۇلارنى «ئەرمەنى» دەر ئەردىلەر. ھەر شەھەرنىڭ بىر پادىشاھى بار ئەردى. ئول بەش شەھەرنىڭ بەش پادىشاھى جەڭ قىلماقغە بەبئەت قىلىشتىلەر. ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. ئۇلارغە لەشكەر تارتىپ باردىلەر، ئۇلار بىرلە قاتتىغ جەڭ قىلدىلەر، ئاخىر ئۇلارغە شىكەست بەردىلەر. ئول بەش پادشاھ قاچىپ غارغە كىردىلەر. ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. ئول غارغە نىگاھبان قويۇپ، ئۆزلەرى قاچغان ئەرمەنىلەرنى قوغلاپ بارىپ، ئۇلاردىن تولاسىنى ئۆلتۈردىلەر…… ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. ئول قاچغانلارنى سەرئەنجام قىلىپ شەھەرگە ياندىلەر. ئول بەش شەھەرنى ئالدىلەر. ئول بەش شەھەرنىڭ پادشاھىنى كەلتۈرۈپ دارغە ئاستىلەر.

ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. ئاغرىپ ئەردىلەر. ئول ئاغرىقلەرىدە ۋەفات بولدىلەر. ئەيتىپدۈرلەركىم، ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. يۈز يىگىرمە يەتتە يىل ئۆمۈر كۆردىلەر، ئۇلار شامدا ۋەفات بولدىلەر.

ھەزرەتى يۇشەئدىن كېيىن، بەنى ئىسرائىل مەسلىھەت قىلىپ، شەمئۇن ئەۋلادىدىن ئىككى كىشىنى پادشاھ كۆتەردىلەر. بىرى كالەب، يەنە بىرى يوفىيا ئەردىلەر. تەمامى بەنى ئىسرائىل بۇلار فەرمانىدا بولدىلەر. بەس، بۇلار بەنى ئىسرائىلنى مەغرىب زەمىندىن ئالىپ ياندىلەر ئەرسە، بارەق پادشاھىغە كەلدىلەر. ئول كۇھىستانىكم، ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. غە ئىمان كەلتۈرگەن ئەردىلەر. ئەھدلەرىنى سىندۇرۇپ، بۇلار بىرلە جەڭ قىلدىلەر. بۇلار پادشاھى بارەقنى تۇتۇپ ئۆلتۈردىلەر؛ ئۆزگەلەرى ھەمە يەمەن، شام تەرەفىگە قاچىپ كەتتىلەر.

ئىلگەرى ئەيتىپ ئەردىم: ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ پەيغەمبەرلىكلەرى مەنۇچىھرە زەمانىدا ئەردى ۋە بۇ ۋاقىئەلەر تەمامى مەنۇچىھرە ۋەقتىدە ۋاقىئ بولدى. ئول پادشاھ ئادىل ئەردى. ئانىڭ تەھماسەب

ئاتلىغ بىر ئوغلى بار ئەردى. مەنۇچىھرەنىڭ بىر قىزلەرى بار ئەزدى، ئانى تەھماسەب ئالدى ئەرسە، بەس، مەنۇچىھرە غەزەپ قىلىپ، ئۆلتۈرگەلى كەلتۈردى. ۋەزىر - ئۇمەرالارى تەھماسەبنى تىنلەدىلەر، ئۆلتۈرمەكنى ئۇلارغە ئۆتتى. «مىنىڭ مۇلكۇمدىن چىقىپ كەتكىل» دەپ قوغلادى. ئول قىزنى ئالىپ قالدى، ئۆيدە ساقلار ئەردى. ئول قىز تەھماسەبدىن بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغۇل نارەسىدە ئەردى، تەھماسەب ئۆلدى. ئاندىن مەنۇچىھرا ئۆلدى:

ئەفراسياب كېلىپ ئەجەم ۋىلايەتلەرىنى تەسەررۇف قىلدى؛ زۇلۇم - ستەم بىنەھايەت قىلدى. مەنۇچىھرەنىڭ زەسم - تەرىقەسىنى ۋەيران قىلدى. شەھەرلەرنى خەراب ۋە خەلقلەرنى ھەيران - سەرگەردان قىلدى. دەريا ۋە ئارىقلار كۆيدى، خەلقغە قەھتلىك ۋە تەڭلىك تۈشتى. بۇ قەھتلىك بەش يىل قالدى. ئەفراسياب ئون ئىككى يىل پادشاھ بولدى.

تەھماسەبنىڭ ئوغلى چوڭ بولدى، ئاتى زەۋارە ئەردى، تەمامى خەلق ئاڭا بەيئەت قىلدىلەر. ئەفراسياب پىرلە جەڭ قىلىپ، ئىران زەمىنىدىن قوغلاپ چىقاردىلەر. ئول تۈركستانغە كەتتى، ئەجەم خەلقى ئانىڭ جەۋر - ستەمىدىن نەجات تاپتى. بۇلاردىن زەۋارە بىننى تەھماسەب پادشاھ بولدى، بىنەھايەت ئادىل، دادگىر؛ ھەرشەھەر - كەنتلەركىم، ئەفراسياب ۋەقتىدە ۋەيران بولۇپ ئەردى؛ ئاباد قىلدى. بەش يىل رەئىيىيە ۋە فۇقرانى خەرجدىن ئازاد قىلدى. تاكى فۇقراغە نېئمەتلەر فەراۋان، نەرخ ئەرزان بولدى. ئىراق كەنتىگە دەريايى دەجلەدىن ئارىق چىقارىپ، ئاڭا «زاب» ئات قويدى؛ ئانىڭ لەبىدە شەھەرلەر بىنا قىلدى، ئول شەھەرلەرنى «مەداينئول ئەسبە» ئاتارلەر. باغداددا ئۈچ كەنت پەيدا قىلدى. ھالا ئول كەنتلەر ئاباددۇركىم، باغدادنىڭ دەفتەرىدە، زابى ئەئلا، زابى ۋۇستا، زابى سۇفلادەرلەر. تاغلاردىن خۇشبۇي گىياھلار، خۇشرويى تەراۋەتلىك گۈللەر ئۈرۈغىدىن كەلتۈرۈپ، باغ - بوستانلار، ئىمارەت - شەھەرىستانلاردا تارىماق ۋە تىكمەكنى ئول چىقاردىلەر. ئۆزىگە خاس ھەلۋا مەسەللىك لەزىز تەئاملارنى ئەتمەكنى بۇنياد قىلدى. مۇندىن ئىلگەرى ھىچكىشى بىلمەس ئەردى. ھەرىيل تۈركستانغە لەشكەر تارتىپ بارىپ، ئۇلارنى تاراج قىلىپ، مال - ئەمۋاللارنى كەلتۈرۈپ، سىپاھ - لەشكەرىگە بېرۇر ئەردى، تاكى تەمامى سىپاھ - لەشكەر، غۇلام - نەۋكەر

نېئمەت ۋە دەۋلەتتە بىھاجەت بولدىلەر. جەھان ئانىڭ قولىدا بىنەھايەت ئاباد بولدى. بىر ۋەزىرى بار ئەردى، ئەفرىدۇن ئۇرۇغىدىن، ھەمىشە داد - ئەدل كېڭەش كۆرسەتۇر ئەردى. زەۋارە ئوتتۇز يىل پادىشاھ بولدى.

## فەسلى دەستان
## كەيقۇباد پادىشاھلىقى

خەبەر ۋە تارىخ دەنالارى ئانداغ ئەيتۇرلەركىم، كەيقۇباد مەنۇچىھرە فەرزەندلەرىدىن ئەردى. تۇركىستان ئوغلانلارىدىن بىرىنىڭ قىزىنى ئالدى، ئانىڭدىن بەش ئوغۇل بولدى. بىرى كەيكاۋۇس، ئىككىنچى كەيراش، ئۈچۈنچى كەي نەشىن، تۆرتىنچى كەي بەيارەس، بەشىنچى كەي ئەۋسەد. ئول كەيقۇ — باد پادىشاھ ئەردى ئەدل - داد، بۇ جەھاننى ئاباد قىلدى. بىنەھايەت ئاباد، تولا شەھەرلەر بىنا قىلدى؛ يوللارغە ھەد - فەرسەڭلەر پەيدا قىلدى.

ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. دىن كېيىن بەنى ئىسرائىل ۋاقىئەلەرى كەيقۇباد ۋەقتىدە ئەردى.

بەس، ھەزرەتى يۇشەئ ئەلەيھ-س. دىن كېيىــــن كالەب ۋە يوقيا ئەلەيھ-س. پەيغەمبەر بولدىلەر. بۇلاردىن كېيىن ھىرقىـــل ئەلەيھ-س. دۇرلەر.

قىسسە ئانداغ ئەردىكىم، ھىرقىل ئەلەيھ-س. بەنى ئىسرائىلنى غەزاتغە تەرغىب قىلدىلەر ئەرسە، ئۆلۈمدىن قورقۇپ قەبۇل قىلمادىلەر. ھەق تەئالا ئۇلارغە ۋەبا ئىبەردى، ھەر كۈنى چەندان خەلقلەر ئۆلدىلەر...... نەچەند يىلدىن كېيىن ھىرقىل ئەلەيھ-س. ئۆلدىلەر. بەنى ئىسرائىل بۇلاردىن كېيىن ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىــڭ دىنلەرىدىن ياندىلەر. تەۋراتدىن تاندىلەر. ھەمەسى بۇتپەرەستلىككە تۇردىلەر. ھەر شەھەردە بىر پادىشاھ ئولتۇردى، بۇ تەرىقەدە چەندان يىللار ئۆتتى ئەرسە، ھەق تەئالا ئىلياس ئەلەيھ-س. غە پەيغەمبەرلىك ۋەھى ئىبەردى.

# فەسلى دەستان
# قىسسەئى ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھىسسەلام

ھادىس ۋە ئەسەر ئالىملارى ئانداغ ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەق تەئالا ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. نى شامنىڭ شەھەرلەرىدىن بىر شەھەرگە پەيغەمبەر ئىبەردى. ئاندا بىر پادشاھ بار ئەردى، بۇتپەرەست ۋە ئانىڭ بەغل ئاتلىغ بىر ئۇلۇغ بۇتى بار ئەردى. خەلقنى ئاڭا سەجدە قىلدۇرۇر ئەردى. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. ئاندا باردىلەر، ئۇلارنى ھەزرەتى موسا ئەلەيھ.س. دىنىلەرىغە تەرغىب قىلدىلەر، بەغلغە تابىنماقدىن مەنئ قىلدىلەر. ...... پادشاھ ئىمان كەلتۈردى، خەلق مۇسۇلمان بولمادى. پادشاھ بۇ خەلقنى يەكسان ئۆلتۈرەلمەدى. بەس، ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. نى ۋەزىر قىلدى. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. خەلقنى ئىمانغە دەلالەت قىلدىلەر ۋە پادشاھ سىياسەت قىلدى، ھەرگىز بۇتپەرەستلىكنى تاشلامادىلەر. نەچەند يىلدىن كېيىن پادشاھ مۇرتەد بولدى، يەنە بۇتپەرەستلىككە تۈردى. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. ئول پادشاھدىن جۇدا بولدىلەر. ...... بەس، ئول يىل قەھتلىك بولدى. ئول كافىرلار بىزگە بۇ قەھتلىكنى ئىلياس سالدى دەپ، ئۇلەرنى ئۆلتۈرگەلى ئىزلەدىلەر. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. ياشۇندىلەر، ھەر كېچە ئۆيلەرىگە كېلۇر ئەردىلەر. بەس، ئۈچ يىل بۇ تەرىقەدە قەھتلىك بولدى؛ تەمامى چەررەندە - پەررەندەلەر ۋە خەلقلەر ئۆلدىلەر. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. ھەر يەردە بولسەلەر ئاندا تەئام پەيدا بولۇر ئەردى...... بىر كېچە ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. بىر پىرى زەئىنىڭ ئۆيىگە باردىلەر، ئانىڭ ئەلىيەسەئ ئاتلىغ بىر ئوغلى بار ئەردى، ئول گۆدەك ئاچلىقدىن ئۆلەر ھالدا ئەردى. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. ئول بالاغە نان بەردىلەر، ئول ناننى يەپ قوپۇپ ئولتۇردى. پىرى زەئن ئەيدى: «بۇ بالامنى تىرگۈزدۈڭ، مېنىڭ تەئامىم يوقدۇر، ئەمدى نە يەرگە بارساڭ ئالىپ بارغايسەن. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. قەبۇل قىلدىلەر. ئول كېچە ئاندا بولدىلەر. ئەرتەسى ئەلىيەسەئنى ئالىپ كەتتىلەر. ھەر يەرگە بارسالەر ھەمراھ قىلدىلەر. ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ.س. ئەلىيەسەئ بىرلە ئاشكارا بولدىلەر. ...... پادشاھ

ئەمما كۇفردىن يانمادىلەر. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ-س. نىڭ ئۇلاردىن كۆڭۈللىرى ساۋۇدى، ئۇلارغە خەلقدىن غايىب قىلىپ باياباندا جاي ئەتا قىلدىلەر. ھەزرەتى ئىلياس ئەلەيھ-س. ئەلەيھسەئىنى ئۆز ئورۇنلەرىدە قەۋملەرىغە خەلىفە قىلدىلەر. ھەق تەئالا ئەلەيھسەئغە پەيغەمبەرلىك كەرەم قىلدى.

# فەسلى دەستان
# قىسسەئى ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھىسسەلام

بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. پادىشاھلىقغە ئولتۇردىلەر. بەنى ئىسرائىل تەمام ئۇلەرغە يىغىلدىلەر. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. نىڭ ئاتالەرى ئىليا ئەردى. ئىليا بىننى ئەۋەيد بىننى ئابىر بىننى سەلماس بىننى مەھمۇن بىننى رام بىننى ئۆمەر بىننى فارىز بىننى يەھۇدا بىننى ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ-س. . ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. قىزىل يۈزلۈك، مىش كۆزلۈك، ئوترا بويلۇق، ئاز ساقاللىغ ئەردىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرنى ھەم پادىشاھ ھەم پەيغەمبەر قىلدى؛ پادىشاھلىقلەرىدە ئانچە قۇۋۋەت بەردىكىم، كافىر ۋە مۇسۇلماندىن ھىچكىم ئۇلەرغە خىلاف ۋە مۇنازىئەت قىلمادىلەر...... داۋۇد ئەلەيھ-س. نىڭ شەرىئەتلەرى يوق ئەردى. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ شەرىئەتلەرىگە ئەمەل قىلۇر ئەردىلەر. خۇداي تەئالا ئۇلەرغە «زەبۇر» ئىبەردى، ئول «زەبۇر»دا شەرىئەت ئەھكامى يوق ئەردى. «زەبۇر»دا ھەمد —سەنا، ستايەش خۇدا ۋە پەند - مۇۋائەزە ئەردى. ھەق تەئالا داۋۇد ئەلەيھ-س. غە ئانداغ ياخشى ئاۋاز كەرەم قىلىپ ئەردىكىم، ئاندىن ياخشى ئاۋاز ھىچكىم ئىشىتمەگەيلەر. ئەگەر سەۋتى - سەدا قىلسەلەر ھەۋادا قۇشلار ئىشىتىپ توختار ئەردى، ئۇلەرغە تەسبىھ ئەيتىپ تۇرار ئەردى. ھەزرەتى داۋود ئەلەيھ-س. بەندەئى فەرماندار، پادىشاھلىقدا ئادىل، نىكۇكار. توقسان توققۇز كۆجلەرى بار ئەردى. ئۈچ تەرىقە روزگار ئۆتكەزۇر ئەردىلەر. ئانداغكىم، بىر كۇن تائەت - ئىبادەت قىلۇر ئەردىلەر، بىر كۇن ئەدل ھىكمەت ۋە سەلتەنەت كۆرگۇزۇر ئەردىلەر، بىر كۇن ھالال جۇفتلەرى بىرلە ئەيش

- ئىشرەتتە دەپن بىرۇر ئەردىلەر. ھەمىشە «تەۋرات» يا «زەبۇر» ئوقۇر ئەردىلەر. «تەۋرات»دا بۇرۇنقى پەيغەمبەرلەر دەرەجە - مەرتەبەلەرىنى كۆرۈپ، ئەيتۇر ئەردىلەركىم: «پەرۋەردىگارا، مېنى ھەم ئول مەرتەبە - دەرەجەگە يەتكۈرگىل!» خۇداي تەئالا فەرمان قىلدى: «يا داۋۇد، ئۇلار بۇ مەرتەبەنى بەلاغە سەبىر قىلماقدىن تاپتىلەر. ئانداغكى، ئىبراھىمنى ئوتغە مۇبتەلا قىلدىم، ئىسمائىلنى ئۆلتۈرمەككە ئىبتىلا قىلدىم، يەئقۇبنى فىراق ئوتىغە گىرىفتار قىلدىم، يۇسۇفكە چاھ - زىندان ۋە قۇللۇق - بەندەلىكنى بەلا قىلدىم، موسانى ئىجارىگە كىرمەك ۋە جان ۋەھمى - فىرئەۋن بەلاسىغە مۇبتەلا قىلدىم، ئەييۇبنى قۇرت بەلاسىغە مۇبتەلا قىلدىم ۋە فەرزەندلەرىنى ھەلاك قىلدىم ئەرسە، بۇلار سەبىر قىلدىلەر.» ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، مەن ھەم سەبىر قىلۇرمەن، بەلا ئىبەرگىل، تاكى ئۇلارنىڭ مەرتەبە - دەرەجەلەرىنى تاپغايمەن.» ھەق تەئالا دۇئالەرىنى ئىجابەت قىلدى. نەچەند روزگار ئۆتتى ئەرسە، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. بۇ دۇئالەرىنى فەراموش قىلدىلەر. بەش، بىر كۈن نەماز ئۆتەر ئەردىلەر، ئىبلىس بىر كەبۇتەر سۆرەتىدە ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. نىڭ ئالدىلەرىدە ئولتۇردى. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. قول سۇندىلەر ئەرسە، ئۇچۇپ كەتتى. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. تۈگۈلۈكدىن باشلەرىنى چىقارىپ قارادىلەر ئەرسە، سارايلەرى ئۆگزەسىدە بىر مەزلۇم كۆردىلەر، باشىنى تاراپ ئولتۇرادۇر. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. نىڭ كۆڭۈللەرى ئانىڭ بىرلە قالدى. ئول مەزلۇم ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. غە باشىنى ئىرغاتتى ئەرسە، تەمام ئەئزاسىنى ساچى ياپىپ ئالدى. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. يانىپ ئولتۇردىلەر. ئەمما كۆڭۈللەرىگە ئىزتىراب تۈشتى. سوردىلەركىم: «ئول كىمنىڭ كۆجىدۇر؟» ئەيدىلەر: «ئورىيانىڭ ئوغلى غازى ئاتلىغ بىر كىمەرسەنىڭ كۆجىدۇر، ئورىيا ئەزديانىڭ ئوغلى؛ ئول مەزلۇمنىڭ ئاتى سانىئ، ئىلياسنىڭ قىزىدۇر، پەيغەمبەر نەسلىدىن، ئورىيا پادىشاھ ئۇرۇغىدىندۇر.» بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. سەئەرنىڭ كافىرلارى بىرلە غازات قىلغالى يۈزمىڭ لەشكەر ئىبەردىلەر. خاھەرزادەلەرى بار ئەردى بەماھ بىننى سوريا ئاتلىغ، ئانى سىپەھسالار قىلدىلەر. ئورىيا ھەم ئول لەشكەردە ئەردى. بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. بەماھغە نامە ئىبەردىلەركىم: «ئورىيانى تۇغدار قىلغىل.» رەسم

ئانداغ ئەردىكىم، تۇغدار ھەرگىز لەشكەردىن يانماس ئەردى، يا شىكەست تاپىپ ئۆلەر ئەردى، يا زەفەر تاپىپ لەشكەر بىرلە يانار ئەردى. نامە بەماھىغە يەتتى ئەرسە، ئورىيانى ئەلەمدار قىلدىلەر. بەس، لەشكەرلەر زەفەر تاپىپ ئۈچۈنچى كۈنى ئورىيا ئۆلدى. بۇ خەبەر كۆجىگە يەتتى ئەرسە، ماتەم تۇتۇپ ئەزادار بولدى. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. غە ۋەئدە قىلغان ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئىككى كىشى ئىبەردىلەر ئەرسە. ئول مەزلۇم ئەيدى: «قەبۇل قىلۇرمەن، بەشەرتىكى، مەندىن ئوغۇل بولسە، ئۆز ئورنىدا خەلىفە قىلسۇن.» بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. بۇ شەرتلەرى بىرلە نىكاھلەرىغە ئالدىلەر. بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. نىڭ يۈز كۆجىلەرى بولدى. «تەۋرات» ھۆكمىدە ھەر قانچە خاتۇن ئالماق رەۋا ئەردى، بەشەرتىكى ھەممەسىنى بەرابەر تۇتسەلەر. بەس، داۋۇد ئەلەيھ-س. ئول مەزلۇمدىن بىر ئوغۇل تاپتىلەر، سۇلەيمان ئات قويدىلەر. قاچانكىم چوڭ بولدىلەر ئەرسە، ئۆز ئورۇنلەرىدە خەلىفە قىلدىلەر. بەس، ئول مەزلۇم بار ھامىلە بولدى ئەرسە، ھەق تەئالا ئىرادە قىلدىكىم، ھەزرەتى داۋۇت ئەلەيھ-س. نى ئۆتكەن گۇناھدىن ئاگاھ قىلغاي. ...... خۇداي تەئالانىڭ دەرگاھىدا شەرمەندەلىكدىن ئول غەم - ئەندۇھ ئۆلەردىن كەتمەدى. ھەمىشە ئول تەرىقەدە نالە - ئەندۇھدە ئەردىلەر. ئول گۇناھلەرىنى ئالا قانلەرىغە پۈتۈپ ھەر بارە ئاڭا باقىب يىغلادىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئارزۇ قىلدىلەركىم، كەسبىدىن ھالال يىگەيلەر. دۇئا قىلدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا زىرىھ ئەتمەكنى بۇيرۇدىلەر. تۆمۈرنى قوللارىدا مۇم ۋە خېمىردەك مۇلايىم قىلدىلەر. جىبە ئەتمەكنى تەئلىم بەردىلەر، ھالقانى ھالقاغە قايداغ بەند قىلىنۇر ۋە ھالقانىڭ مىخلارى قايداغ ئېتىلۇر - ھەمەنى تەئلىم بەردىلەر. بۇ مەزمۇننى ھەق تەئالا «قۇرئان» دا خەبەر بېرىپدۇر...... ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. بىلمەس ئەردىلەر. لېكىن ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئەتكەن زىرىھلار خەزىنەدە بىسيار ئەردى، جەڭ كۈنلەرى خەلقغە كىيدۇرۇر ئەردىلەر.

ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئۆمۈرلەرى يۈز يىل ئەردى، قىرىق يىل پادشاھلىقدا ئەردىلەر. پادشاھلىقلارىدا ئون بەش يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بەنى ئىسرائىلغە ۋەبا كەلدى، ئۆلدىلەر. بەئزىلەر قەھەتلىك بولدى دەپدۇرلەر. بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. بەيتۇل مۇقەددەسدە

ئۆلتۈردىلەر. مەسجىدى بەيتۇل مۇقەددەس يوق ئەردى، بىر كەڭرۇ يەر ئەردى. بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. بەنى ئىسرائىل بىرلە جەمىئ بولدىلەر. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «بۇ مۇبارەك يەردۇركىم مۇندا بىر مەسجىد بىنا قىلىپ، خۇداي تەئالاغە ئىبادەت قىلغايمىز.» بەس، مەسجىد ئىبتىدا قىلدىلەر، تەمام بولماغان ئەردى، ئۆمۈرلەرى ئاخىر بولغان ئەردى. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. غە ۋەسىييەت قىلدىلەركىم: «بۇ مەسجىدنى تەمام قىل.» بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. دىۋلەرگە بۇيرۇدىلەر، ئول مەسجىدنى سەنگى رۇخامدىن ئەتتى. ھەر تۇركۇكى يىگىرمە گەزدۇر. ئوتتۇز گەز پۇتۇن تاشنى يونۇپ ئەتكەندۇرلەر. بۇ تەرىقە ھەزرەتى سۇلايمان ئەلەيھ-س. ئول مەسجىدنى تەمام قىلدىلەر. ئول مەسجىدكە بىر شەرافەت كىفايەتدۇركىم، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. بىنا قىلدىلەر. مەسجىدى دەمىشق ھەم ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ بىنالەرىدۇر. بۇ ئىككى مەسجىد ھالاھەم ئول تەرىقەدە تازادۇر. تاش تۇگرۇكلەردىن مەئلۇم بولۇپ تۇرادۇر، ئول ئادەمىزات قولىدىن كەلگۇدەك ئەمەس.

## فەسلى دەستان
## ھەزرەتى لوقمان ھەكىم قىسسەلەرى

ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. روزگارىدا، ھۆكەمائى ۋەقتى لوقمان ئەردىلەر. لوقمان ھەكىم شەھەرى ئاتەبەدىن ئەردىلەر. ئىلگەرى قۇل ئەردىلەر. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. پەيغەمبەر بولۇپ، ئوچۇنچى يىلى ھەق تەئالا ھىكمەت كەرامەت قىلدى. ئاندىن، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. نىڭ خىزمەتلەرىگە كەلدىلەر. ئوتتۇز يىل ھەمراھ بولدىلەر. ھەزرەتى داۋۇت ئەلەيھ-س. غە بۇلەرنىڭ ئىلىم - ھىكمەتلەرىدىن تولا مەنفەئەتلەر ھاسىل بولدى. تا ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. زەمانەلەرىغىچە تىرىك ئەردىلەر.

مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتىپدۇرلەر: بىر كۈن ھەزرەتى لوقمان ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. نىڭ قاشلەرىدە ئولتۇرۇپ ئەردىلەر. ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. زىرىھ ئەتتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى لوقمان بىلمەدىلەركىم نە

قىلۇرلەر. سورماق ئىلمۇ دانىشدىن ئەمەس دەپ، خاموش ئولتۇردىلەر. بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. زىرىھنى تەمام قىلىپ، ھەزرەتى لوقمانغە بۇيرۇدىلەركىم: «كىيگىل، تا كۆرەيكىم نىمە ئەيىبى باردۇر.» بەس، ھەزرەتى لوقمان كىيدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ھەرب - جەڭگە ياخشى ئىگىندۇر.» ھەزرەتى لوقمان ئەيدىلەر: «خاموشلۇق ھىكمەتدۇركىم ئانى ئەمەلگە كەلتۇرگۇچى كامدۇر.»

ھەزرەتى لوقماندىن ھىكمەت كىتابلارى بىسيار ئەردى. لېكىن مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتىپدۇرلەركىم، ھېچ نۇكتە ئول كىتابلاردىن مۇندا كەلتۈرمەپدۇر. چۇنكى غەرەزى بەيان تارىخ ئەردى، ھەر كىمنىڭ ئۆمرىنى ۋە قىلغان كارگەردارلارىنى ئەيتماق ئەردى.

# فەسلى دەستان
# ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىڭ قىسسەلەرى

بەس، ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. دىن كېيىن ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. تەختغە ئولتۇردىلەر. تەمامى بەنى ئىسرائىل بۇلەرنىڭ پادشاھلىقلەرىغە جاندىل بىرلە ئىتتىفاق قىلدىلەر. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. ئاتالەرى روزگارىدا پادشاھى خەلىفە بولغان ئەردىلەر. ...... ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. غە ھەم دادخاھ كەلسە، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. دىن سوراپ ئىتتىفاق بىرلە ھۆكۈم قىلۇر ئەردىلەر. ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بېرۇر، تەفسىرى بۇدۇركىم: داۋۇد ۋە سۇلەيمان ھۆكۈم قىلدى قوي يىگەن دىھقان زىرائەتىگە، مەن ئىككىلەسىغە ئىلمى ھىكمەت قىلىپ بەردىم. قىسسە ئانداغ ئەردىكىم، بىر كۈن ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئولتۇرۇر ئەردىلەر، خەلق ئۇلەرغە يىغىلدىلەر. بىر كىمەرسە ئەيدى: «يا داۋۇد ئەلەيھ-س.، بۇ ئادەم زىرائەتىمگە قوي سالىپ تولاسىنى يىدۇردى، مۇڭا نىمە ھۆكۈم قىلۇرسەن!» ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «زىرائەتنى قىممەت قىلىڭلار، نە مىقدار زىرائەتنىڭ قىممەتىگە نۇقسان

قىلىپدۇر، ئۇل مىقدارغە قوي ئالغىل.» بەس، بۇ ھۆكۈمنى ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‌ىس. غە ئەرز قىلدىلەر. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‌ىس. ئەيدىلەر: «بۇ ياخشى ھۆكۈمدۇر، لېكىن مۇندىن خوبراق يەنە بىر تەرىقە ھۆكۈم ھەم باردۇر. ئۇل زىرائەتنى قوي ئىگەسى باقسە، زىرائەت يىگەن قويلار زىرائەت ئىگەسىدە تۇرسە، تا زىرائەت ۋەقتىغىچە سۈت ۋە يۇڭى، قوزىسى مۇنىڭ بولسە، زىرائەت ۋەقتىدە ئۇل قويىنى ئالسە، بول زىرائەتنى ئالسە، ئىككىلەسىگە زىيان كەم بولغاي ئەردى.» ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ‌ىس. بىسيار شاد بولدىلەر، ئىلگەركى قەۋللەرىدىن يانىپ، بۇ قەۋلغە ھۆكۈم قىلدىلەر.

ئەيدىلەركىم، بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‌ىس. دۇئا قىلىپ ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، مېنى مەغفىرەت قىلغىل، ماڭا ئانداغ مۇلۇك بەرگىلكىم مەندىن كېيىن ھىچكىمگە مۇيەسسەر بولماغاي.» بەس، دۇئالەرى ئىجابەت بولدى. خۇداي تەئالا ئانچە مۇلۇك بەردىكىم، ئىلگەرى ھەم ئانداغ كىشىگە بەرگەن ئەمەس ئەردى. شامالنى مۇسەخخەر قىلدى، تەمامى زىنجاننى ئۇلەرغە فەرماندار قىلدى، تەمامى قۇشلار زەبانىنى تەئلىم بەردى، دىۋلەرنى مۇسەخخەر قىلدى. تاكى مەسجىدى بەيتۇل مۇقەددەس بىنا قىلدىلەر. ھەر ئىشكى ئادەم فەرزەندىنىڭ قۇدرەتى يەتمەس، ئانى دىۋلەرگە قىلدۇرۇر ئەردىلەر. ھەر كىمكى ئۇلەرنىڭ خاس تابىئلارى ئەردىلەر، ئۇلارغە كۆلدەك تاش ئاياقلارنى قىلدۇردىلەر ۋە ئۆزلەرگە مۇنداغ ياغاچ تاباقلارنى ئەتتۇردىلەر. بەئزى دىۋلەرنى غەۋۋاسلىقغە بۇيرۇدىلەر تاكى دۇرر-گەۋھەر، لەئل-جەۋاھىرلەرنى ئالۇر ئەردىلەر. ھەر بارە دىۋلەرگە غەزەب قىلسەلەر تاشنى ئىككى پارە قىلىپ، ئاراسىغە دىۋلەرنى ئالىپ دەرياغە سالۇر ئەردىلەر.

## قىسسەئى بىلقىس

ئانداغدۇركىم، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‌ىس. غازاتغە مايىل ئەردىلەر ...... بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‌ىس. غە بىر پادىشاھ بۇتپەرەستدىن خەبەر قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‌ىس. ئۇل بىساتدا ئولتۇرۇر ئەردىلەر (ئانداغ كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‌ىس. نىڭ

بىر بىشاتلەرى بار ئەردى، نەچەند فەرسەڭ، تەختلەرىنى ئاندا قويار ئەردىلەر ......) چەندان ئادەم ۋە پەرىلەرنــى ئاندا ئولتۇرغۇزۇپ، شامالغە ئەمر قىلدىلەر. شامال ئالىپ يۈردى. مەككەگە يەتتىلەر، «ئاندا قوي» دەپ فەرمان قىلدىلەر، تەۋاف ئادا قىلدىلەر. ئاندىن سەبا تەرەفىگە يۈزلەندىلەر، ئول بايابان تاغ ئەردى. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. زەمىنى سەباغە يەتتىلەر. ئاندا بىر مەزلۇم بار ئەردى، بىلقىس ئاتلىغ، مەھبۇبى زەمان ۋە مەلىكەئى دەۋران ئەردى. ئاتاسى ئەرەبدىن، ئاتى مەنسۇھ ئەردى؛ ئاناسى پىر ئەردى، ئاتى جەراد بىنتە بەلئەم، تەمامى سەبا خەلقى ئانىڭ فەرمانىدا ئەردى؛ بىسيار ئاقىلە ۋە تەدبىرلىك ئەردى، ئافتابپەرەست ئەردى. ھەزرەتــى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نى بىلمەس ئەردى. بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. بىر بايابانغە تۈشتىلەر، ئاندا قۇشلار ئارا ھۆد - ھۆدنى كۆرمەدىلەر. «نە ۋاقىتئەدۇر ھۆد ھۆدنى كۆرمەسمەن. مەگەركى ئول غايىبدۇر، مەن ئاڭا قاتتىغ ئەزاب قىلۇرمەن يا ئۆلتۇرۇرمەن! يا غايــب بولغانىــغە ۋەجھــى - دەلـــــل ئەيتسۇن! » بەس، ۋاقىتئدا ھۆد ھۆد ئانداغ ئەردىكىم، ھۆد ھۆد تەشنا بولۇپ، سۇ ئىزدەپ بارغان ئەردى؛ ئانداغ بوستان، گۇلى رەيھان، ئابى رەۋان مۇنداغ ياخشى مەكان - مەنزىللەرنى كۆردى. بىلقىسنى كۆردىكىم، بىر تەخت ئۈزرە ئولتۇرۇپدۇر؛ بىر ھۆدھۆد ئالىدا تۇرۇپدۇر. ئول ھۆدھۆد بول ھۆدھۆدغە ئەيدى: «قاندىن كەلدىڭ؟» ئەيدى: «ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. بىننى داۋۇد ئەلەيھ-س. قاشلەرىدىن كەلدىم، ئۇلەر ئانداغ پادشاھدۇرلەركىم، روي زەمىندە ئانداغ پادشاھ يوقدۇر.» ئـول ھـۆدھـۆد ئـەيدى: «مىنىـــڭ پادشاھىمدىن ئۇلۇغ ئەمەسدۇر.» بۇ ئەيدى: «سىنىڭ پادشاھىــڭنىـــڭ تەسەررۇفى قانچەلىك يەرگە يۈرۈر، قايسى دىندەدۇر؟» دەپ ھەمەنى سوراپ ئالدى. يانىپ ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. قاشلەرىغە كەلدى. ئەيدىلەر: «قايدا ئەردىڭ؟» ھۆدھۆد ئىيدى: «سەن بىلمەيدۇرغان يەرلەرنى كۆرۈپ، ساڭا خەبەر كەلتۇردۇم» دەپ ئول دىيارنىڭ ئاباد، خۇش ھەۋاء، باغ - بوستانلارىنىڭ فەرەھ - ئەفزالىقىنى بەيان قىلدى. ۋە يەنە ئەيدى: «ئول سەبا خەلقىنىڭ پادشاھىنى بىر مەزلۇم كۆردۇمكى، تەختدە ئولتۇرۇپدۇر. ئول قەۋمى بىرلە ئافتابغە باش ئۇردىلەر» دەپ، ھۆدھۆد ھەق تەئالانى تەئزىم بىرلە ياد قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتــى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. ھۆدھۆدغە غەزەب

قىلمادىلەر؛ شامالغە ئەمر قىلدىلەر، ئول بىساتنى زەمىنى سەباغە يەتكۈرۈپ قويدى.

بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‍ىس. ئەھلى سەبانى مۇسۇلمان قىلماقنى قەسد قىلدىلەر. ھۆدھۆدغە ئەيدىلەر: «بۇ سۆزنى راست ئەيدىڭ يا يالغان، ئەۋۋەل مېنىڭ نامەمنى ئالىپ بارغىل، ئۇلار ئاراسىغە سالغىل، ئۇلار نە جاۋاب ئەيتۇر، ئىشىتىپ يانغىل.» بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‍ىس. نامە پۈتۈپ مۆھۈر باسىپ بەردىلەر. ھۆدھۆد تۇمشۇقىدا كۆتەرىپ، شەھەرى سەباغە يەتتى، بوستانى بىلقىسغە كەلدى. ئول تەمامى كەنىزەكلەر بىرلە تەختدە ئولتۇرۇر ئەردى. بىلقىس قورقتى ۋە ئەيدىكىم: «ئۇلۇغ پادىشاھ بولغاي، ئاڭا قۇش فەرمان تۇتۇپ ئەلچى بولغاي.» بەس، دەرھال سەردارلارغە كىشى بۇيرۇدى. ئانىڭ مىڭ سەردارى بار ئەردىكىم، ھەر قايسىنىڭ مىڭ خىزمەتكارى بار ئەردى. تەمامى سەردارلارنى چىرلاپ ئەيدى: «ماڭا ئۆزۈمدىن ئۇلۇغ پادىشاھدىن نامە كېلىپدۇر» دەپ نامەنى ئاچتى. ئول نامەنىڭ مەزمۇنى بۇ ئەردىكىم: ئۆزۈڭنى مەندىن ئۇلۇغ بىلمەگىل، مېنىڭ دىنىمغە كىرگىلكىم دىنىم دىنى ئىسلامدۇر. كىبىر بىرلە مۇسۇلمانلىق ھەرگىز جەمئ كەلمەس. بەس، بىلقىس ئەيدى: «سىزلەر مەسلىھەت قىلىڭلار، مەن ھىچ ئىشنى سىزلەردىن بى ئىتتىفاق قىلمادىم.» بۇلار ئەيدىلەر: «تەمامى سىلاھ ـ لەشكەر، زور باز ۋە دىلاۋەرلىك بىزدە باردۇر. ئەمر ـ فەرمان سەندەدۇر. قايداغ فەرمان قىلۇرسەن؟» بىلقىس ئەيدى: «سىزلەر ئىشىتكەنمۇكىم، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ‍ىس. نە كىشىدۇر؟» بۇلار ئەيدىلەركىم: «ئۇلەر پادىشاھدۇرلەر. بەنى ئىسرائىلدىن بىر پادىشاھنىڭ ئوغلىدۇرلەركىم، تەمامى ئىنسۇ جىن، دىۋ ـ پەرى، شەياتىن، ھەمە زىبىجان ئانىڭ فەرمانىدەدۇر. ئۆزلەرى ھەزرەتى موسا ئەلەيھ‍ىس. نىڭ دىنلەرىدە. خەلقنى ئول دىنغە باشلار.» بىلقىس ئەيدى: «قورقارمەنكىم پادىشاھلار شەھەر ئالسەلەر خەراب قىلۇرلەر. ماڭا مەئقۇل ئولكىم، تۆھفە سوغا ئىبەرگەيمەن. ئەگەر قەبۇل قىلسە، ئاڭا باقىپ يەنە بىر مەسلىھەت كۆرگەيمەن.» بۇ سۆز ھەمەسىگە مەئقۇل، دىلپەزىر تۈشتى. بەس، بىلقىس ھەدىيە ـ سوغا راست قىلدى. ئەيتىپدۇر: ئىككى خىشت ئالتۇن، ئىككى خىشت كۈمۈش، يەنە بىر كۈمۈش قۇتى بار ئەردىكىم ئىچىدە بىر قىزىل ياقۇت ئەردىكىم ئاندىن چوڭ ياقۇت

بولماغاي. ھېچ ياقۇتنى تىشىپ ئىشلەتمەكنى بىلمەس ئەردىلەر ۋە ئالماسنى ھېچكىم كارغە كەلتۈرەلمەس ئەردىلەر. ئۇل قۇتىغە قۇفل سالىپ، ئەلچىسىگە بەردىلەر. ئەيدىلەركىم: «بۇ تۆھفە - ھەدىيەلەرنى ئالىپ بارغىل، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ ئالدىلەرىدە قويغىل. سورغىلكىم بۇ قۇتىدا نەباردۇر؟ ئەگەر ئاچىپ ئىچىدەكىنى بىلمەسە، يەنە ئالىپ كەلگىل. ئەگەر قۇفلىنى ئاچىپ ياقۇتنى ئالسە سورغىلكىم ياقۇت نىچۈك تىشىلۇر؟ ئەگەر بىلمەسەلەر ئالىپ مۇندا كەلتۈرگىل، مەن كۆرسەتىپ بەرگەيمەن.» يەنە يۈز قۇل، يۈز كەنىزەك ئىبەردى، ھەممەسى بىر دەك ئەردىكىم، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. غە ئەيتىل: بۇ غۇلاملارنى كەنىزەكدىن، بۇلار تىشىسىنى ئەركەكدىن ئىمتىياز قىلغىل. ئەگەر ئايرىپ بىلسە بېرىپ كەلگىل؛ ئەگەر ئىمتىياز قىلماسا ئالىپ كەلگىل. ۋە يەنە سورغىل: ئۇل نەدۇركىم تەشنانى قاندۇرۇر ئاسمان سۇيى، يەر سۇيى ئەمەسدۇر.» بەس، بىلقىسنىڭ ئەلچىسى بۇ تۆھفە - ھەدىيەلەرنى، بۇ سۆز - مەسئەلەلەرنى ئالىپ راۋان بولدى ئەرسە، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. دەرھال ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر ۋە ئەلچىنىڭ ئەھۋالىدىن ئاگاھ قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. تەخت - كۇرسىلەر قويۇپ، ئۆزلەرى باشلاپ تەمامى خەلق جابەجا ئۆز ئورنىدا ئولتۇرۇپ، تەمامى قۇشلار ھەۋادا سايە قىلىپ تۇرۇپ ئەردى. ئەلچى يېتىپ كەلدى. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ س. بۇيرۇدىلەر تاكىم ئورۇن بەردىلەر. ئەلچى مۇنداغ ئۇلۇغ دەرگاھ - دەبدەبە، بۇ تەرىقە بارگاھ - زەمزەمەنى كۆرۇپ، شەرم - ھەيادىن ... نۇن خىشتەك سارغارىپ، ئۇل خەۋىشلەرنى ياشۇردى. بىلقىسنىڭ ئەرز - پەيامىنى، كەنىزەك - غۇلامىنى كەلتۈرىدى. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ئۇل خىشت ھاي زەرىرىن ۋە سىيمىننى شەرم - ھەيادىن ياشۇردۇڭمۇ؟» ئەلچى ئۆز ھالىغە ئىقرار قىلدى. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ماڭا مال - دۇنيانى ۋەسىلە قىلۇرسەنمۇكىم. ھەق تەئالا ماڭا بەرگەن مۇلۇك - مال ئۇلۇغراقدۇر سەن كەلتۈرگەن نەرسەلەردىن. سەن ئەيتعان سۇ ياخشى خۇيدۇر ھېچكىم ئىچىپ قانماس، مەگەر ياخشى خۇي بىرلە زەھەر ئىچۇرسە سىيراب ۋە نافە بولۇر. ئۇل قۇتىدا بىر دانە ياقۇتدۇر ناسۇفتە؛ پادشاھىڭ ماڭا ياقۇت تەشمەكنى

تەئلىم بېرۇرمەن دەپ خىيال قىلىپتۇر.» دەپ دېۋلەرنى بۇيرۇدىلەر، ئالماس كەلتۈرۈپ، ئۇل ياقۇتنى تېشىپ بەردى؛ ئۇل كەنىزەكنى بىر - بىرىدىن ئايرىپ بەردىلەر. ئۇل تۇھفە - ھەدىيەلەرنى قولغە بېرىپ، ئەيدىلەر: «يانغىل، مەن ئانداغ سىپاھ - لەشكەر بىرلە بارۇرمەنكىم ئاڭا تاقەت كەلتۈرەلمەس. مەن ئۇلارنى خار - زار، شەھەردىن چىقارۇرمەن.» بەس، ئەلچى يانىپ باردى ئەرسە، بىلقىس تەمامى لەشكەرى بىرلە، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىس. غە ئىمان كەلتۈرگەلى بارۇر بولدى. بىلقىس ھەر بار سەفەر قىلسە يەتتە تۈمەن ئۆي بىرلە كۆچەر ئەردى، ئۇل ئۆيلەرگە قۇفىللارنى سالىپ، مىڭ كىشى مۇئەككەل قىلىپ ئەردى. بىلقىس شەھەرىنىڭ ۋە ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىس. تۇشكەن يەرنىڭ ئاراسى ئۇن ئىككى كۈنلۈك ئەردى. بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىس. ئىشىتتىلەركىم، بىلقىس بىر كۈنلۈك يەرگە كېلىپتۇر. قەسد قىلدىلەركىم، خۇداي تەئالانىڭ قۇدرەتىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرسەتكەيلەر، بىلقىس سىدق - ئىخلاس بىرلە ئىمان كەلتۈرگەي. بەس، ئىنسۇجىن، دېۋ - پەرى تەمامى خەلايىقلارنى يىغدىلەر. ئەيدىلەر: «كىمدۇركىم بىلقىسنى ئۆزىچە كېلىپ مۇسۇلمان بولماستا تەخت - بەختى بىرلە ماڭا كەلتۈرگەي.» بەس، ئەيتىپتۇر، ئىنسۇجىن ئۇلۇغىدىن بىرى ئەيدى: «سەن ئورنۇڭدىن قوپغۇنچە بىلقىسنى كەلتۈرگەيمەن.» ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىس. ھەركۈن خەلقىغە نەھار بېرىپ، چاشت ۋەقتىدە تەختىدىن قوپار ئەردىلەر. بىلقىسنى پەرىلەردىن يا دېۋلەردىن كەلتۈرمەكنى خاھلامادىلەر. ئەيدىلەر: «مۇندىن چۇستراق كەلتۈرمەكنى خاھلارمەن.»

بەس، ئادەمىزاددىن بىر كىمەرسە بار ئەردى، ئەشمۇئىل ئەۋلادىدىن، ئانالەرى ھەزرەتى يەئقۇپ ئەلەيھىس. ئۇرۇغلەرىدىن ئەردى، ئاتى ئاسەف بىننى بەرخىيا ئەردى. ئىسمى ئەئزەمنى بىلۇر ئەردىلەر. ئۇلەر ئەيدىلەركىم: «كۆز يۇمۇپ ئاچغۇنچە كەلتۈرۈرمەن.» بەس، ئاسەف سەجدەگە باش قويدىلەر، ئىسمى ئەئزەمنى ئوقۇپ دۇئا قىلدىلەر. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىس. بىلقىسنى تەختلەرى بىرلە ئالدىلەرىدە كۆردىلەر. بەس، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىس. ئەيدىلەر: «بۇ پەرۋەردىگارىمنىڭ فەزل - كەرەمىدۇركىم، مۇندا قۇدرەت - قۇۋۋەتىنىڭ دەخلى يوقدۇر.»......

بىلقىس ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىس. نىڭ ئالدىلەرىغە بارىپ ئىمان

ئەيتتى، مۇسۇلمان بولدى. بەس، بىلقىسنى ئۆيلەرىگە ياندۇردىلەر، لەشكەرىنى مۇسۇلمان قىلدىلەر، ئانى نىكاھلەرىغە ئالدىلەر. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. ئانىڭدىن بىر ئوغۇل تاپتىلەر. ئاتىنى راۋەد قويدىلەر.

ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ كۆجىلەرى بار ئەردى، ئۈچ يۈز ئازاد ۋە يەتتە يۈز كەنىزەك.

ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ بىر ئەنگۈشتەرى بار ئەردىكىم، ئاندا ئىسمى ئەئزەم يازىغلىغ ئەردى؛ تەمامى قۇشلار ھەۋادا، دىۋ - پەرىلەر دەشت - سەھرادا، ھەمىە چەررەندە - پەررەندەلەر خۇشىك - دەريادا، ئول ئەنگۈشتەرىنىڭ خاسىيەتىدىن ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. غە فەرماندار ئەردىلەر. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ بىر ئوغلانلەرى بار ئەردى، جەرارە ئاتلىغ؛ ھەر بار قەزاي ھاجەتدە ۋە مەھەل جەنابەتدە ئەنگۈشتەرنى ئول ساقلار ئەردى......

# فەسلى دەستان ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋەفاتلەرى قىسسەسى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ ئۆمۈرلەرى ئەللىك بەشكە يەتتى، قىرىق يىل پادشاھلىقدە ئۆتتى ئەرسە، ئاندىن ئەجەل يەتتى. دىۋلەرگە مەسجىدى بەيتۇل - مۇقەددەسنى ئەتكەلى بۇيرۇپ ئەردىلەر، ئۆزلەرى ھەم ئاندا باردىلەر، بىر - ئىككى ئاي ئاندا ئىبادەتكە مەشغۇل ئەردىلەر. بىر كېچە - كۈندۈزنى بىر رەكئەت نەماز بىرلە ئۆتكەزۈر ئەردىلەر. نەمازغە تۇرغانلەرىدە ھېچ ئافەرىدە ياۋۇق بارالماس ئەردىلەر. ئەگەر دىۋلەر ئالدىلەرىدىن ئۆتسە ئاسماندىن ئوت كېلىپ، ئول دىۋنى كۆيدۇرۇر ئەردى. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نەمازغە تۇرغاندا مىھرابلەرىدىن بىر دەرەخت ئۈنۈپ، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. غە سۆزلەر ئەردى. بەس، ھەر كۈن نەمازغە تۇردىلەر ئەرسە، بىر دەرەخت ئۈندى، ئەجەب نازۇك ۋە نەۋبەر. ئانىڭدىن سوردىلەر: «نە دەرەخت سەن، نەئىشغە يارارسەن؟» دەرەخت ئەيدى:

«مەن بەيتۇل مۇقەددەسنى خەراب قىلغالى يارارمەن. مېنى كېيىپ ئەسا قىلغىل، ئاڭا تايىنىپ تۇرۇپ نەمازئەدا قىلغىل.» ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. بىلدىلەركىم ئۆلۈم ياۋۇق يېتىپدۇر. چۈنكى مەن تىرىك باردۇرمەن، بەيتۇل مۇقەددەس ۋەيران بولماغاي.» بەس، ئۇل دەرەختنى ئەسا قىلدىلەر، ئاڭا تايىنىپ نەماز ئۆتەر ئەردىلەر. مەسجىدى بەيتۇل مۇقەددەس تېخى ناتەمام ئەردى. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ بىسيار ئىشلە گۆلۈكلەرى بار ئەردى. بەس، ئەندىشە قىلدىلەركى، مەندىن كېيىن دىۋلەر ئىشلەمەس، بۇ مەسجىد ناتەمام قالۇر. بەس، دۇئا قىلدىلەر: «خۇداۋەندا، بۇ مەسجىد تەمام بولغۇچە مېنىڭ ئۆلگەنىمنى دىۋ - پەرىلەردىن پىنھان قىلغىل.» ھەق تەئالا ئىجابەت قىلدى. قاچانكىم ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ ئۆمۈرلەرى تەمام بولدى ئەرسە، نەمازغە تۇردىلەر، ئۇل ئەسانى ئىلگەركىدەك تايانىپ تۇردىلەر؛ ئاندا جان ئەتا قىلدىلەركىم، ھەركىم كۆرسە، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. تىرىكدۇر دەر ئەردىلەر. دىۋلەر كېچە - كۈندۈز ئىشلەر ئەردى، تاكى مەسجىد تەمام بولغاي. ھەق تەئالا بىر قۇرتنى ئىبەردىكىم، ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈندە ئۇل ئەسانى يەپ، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. يىقىلدىلەر......

## فەسلى دەستان
## ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام روزگارلەرىداقى ئەجەم پادىشاھى زىكرى

ئەجەم پادىشاھلارى مەشرىقدىن تا تۇركىستان ۋىلايەتىغە مۇتەسەررۇف ئەردى. بەنى ئىسرائىلغە ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. دىن كېيىن ئوغلانلەرى رەجئىم پادىشاھ بولدىلەر، لېكىن پەيغەمبەر ئەرمەس ئەردىلەر. دىۋ - پەرى، جاندارلارغە فەرمانلەرى يۈرمەدى.

مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. ۋەقتلەرىدە ئەجەم پادىشاھلارىدىن كەيقۇباد پادىشاھ بولدى. ئاندىن كېيىن ئوغلى كەيكاۋۇس پادىشاھ بولدى، ئەجەم ۋىلايەتلەرىنى ئۇل تۇتتى.

مەشرىق زەمىننى تا تۈركىستانغە ئەفراسىياب تەسەررۇف قىلدى. مەغرىب زەمىن تا ھىجاز، يەمەنگىچە ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ.س. دا ئەردى. كەيكاۋۇس ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ.س. دىن بىر مۇنچە دىۋ تەلەب قىلدى، تاكىم ئول دىۋلەر مۇنىڭ بولغاي؛ دۇشمەنى بىرلە جەڭ قىلغاي؛ ۋە يەنە ئول دىۋلەر بىرلە شەھەرلەر بىنا قىلغاي. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ.س. كەيكاۋۇسنى دوست تۇتار ئەردىلەر، بۇ ۋەجھىدىن سۆزىنى قەبۇل قىلىپدۇرلەر؛ دىۋلەر ئۇلۇغلەرىنى چىرلاپ ئەيدىلەر: «سىزلەر بىلۇرسىزلەركىم، كەيكاۋۇس ئۇلۇغ پادشاھدۇر، ئارامىزدا دوستلۇق ھەم باردۇر. مەندىن بىر مۇنچە دىۋ دەرخاست قىلىپدۇر. مەن سىزلەر بىرلە مەسلەھەت قىلۇرمەن، بىر مۇنچە دىۋ ئانىڭ خىزمەتىدە بولغاي.» بۇ دىۋلەر ھەم قەبۇل قىلدى ئەرسە، دىۋلەردىن بەئزىسى ئاڭا فەرمانبەردار قىلدىلەر. ھىچ پادشاھ ئانىڭ بىرلە مۇزاھىم ئەمەس ئەردى. ھەر يەرگە لەشكەر تارتسە زەفەر تاپار ئەردى. گاھى بەلخنى، گاھى پارىسنى پايتەخت قىلۇر ئەردى.

ئىران سىپەھسالارى بار ئەردى رۇستەمى داستان ئاتلىغ، ئالەمدە ئانداغ پۇر زور پەھلىۋان يوق ئەردى. تەمامى ئالەم پەھلىۋانلارى ئاڭا ئىنقىياد قىلىپ، مۇسەللەم تۇتار ئەردىلەر؛ پۇشت ماپۇشت پەھلىۋان جەھانگىر ئەردىلەر. تەمامى ئىران پادشاھلارىغە مۇلۇك - مەملەكەت ئانىڭ ئابا - ئەجدادى بىرلە راست بولغان ئەردى. سىيستان، زابلىستان، كابىل ۋە ھىندىستان ۋىلايەتلەرىدىن بەئزىنى ئەجەم پادشاھلارى رۇستەمنىڭ ئابا - ئەجدادىغە بەرگەن ئەردى. ئەجەم پادشاھلارى رۇستەمنىڭ ئابا - ئەجدادىغە بىنەھايەت ئېتىقاد ۋە ئېئتىماد قىلۇر ئەردىلەر. ھەر يەردە دۇشمەنلەرى بولسە، بۇلەر لەشكەر تارتىپ بارىپ، دەفئ قىلۇر ئەردىلەر.

كەيكاۋۇسنىڭ بىر ئوغلى بولدى ئەرسە، ئاڭا سىياۋۇش ئات قويدى. ئانى سىيىستانغە ئالىپ بارغىل دەپ رۇستەمغە بەردى. ئالەمدە ئاندىن خۇشرۇي يوق ئەردى. رۇستەم ئانى سىيىستانغە ئالىپ باردى. ئانچەكى ئاداب ۋە تەرىقەئى پادشاھلىق، پەھلىۋانلىق، ھەرنەرسەكى پادشاھلىقغە كېرەكدۇر تەمام تەلىم بەردى. بەس، يىگىرمە ياشغە كەلدى ئەرسە، ئاتاسى قاشىغە كەلتۇردى. كەيكاۋۇس مۇنداغ خۇشرۇي، ئاداب تەمامى بىرلە كۆرۈپ، بىسيار شاد - خۇررام بولدى. كەيكاۋۇسنىڭ بىر كۆجى بار ئەردى، مازەندەران

پادىشاھىنىڭ قىزى ئەردى. كەيكاۋۇس مازەندەرانغە لەشكەر تارتىپ بارغاندا شىكەست تاپىپ، كەيكاۋۇسنى بەندكە تارتىپ ئەردى. رۇستەم خەبەر تاپىپ، مازەندەران پادىشاھىنى ئۆلتۇرۇپ، كەيكاۋۇسنى خەلاس قىلىپ، ئول پادىشاھنىڭ قىزىنى كەيكاۋۇسغە كەلتۇرۇپ ئەردى. كەيكاۋۇس ئول كۆچىنى بىسيار ئەزىز تۇتار ئەردى. ھەمىشە ئانىڭ بىرلە سۆھبەت قىلۇر ئەردى. بىسيار شوخ ۋە خۇشروي ئەردى. قاچانكىم سىياۋۇش پادىشاھانە لىباسلار كىيىپ، ئاتاسىغە تەئزىم ۋە سەلام قىلىپ كىردى ئەرسە، ئول مەزلۇم ئاشىق بىقەرار بولدى. ھەرچەند ئۆزىگە مەيل - رىغبەتكە خاھىش قىلدى ئەرسە، سىياۋۇش قەبۇل قىلمادى. ئەيدىكىم: «مەن ئاتامغە بىۋەفالىق قىلماسمەن.» ئول مەزلۇم مىكر - ھىلەلەر قىلدى؛ سىياۋۇشغە يالغان - بۆھتانلار باغلادى. ئاتاسى ئۆلتۇرگەلى قەسد قىلدى ئەرسە، سىياۋۇش رۇستەمنى ئاتاسى قاشىغە گۇناھىنى تىلەمەككە ئىبەرىپ ئەردى. ئول ۋەقت ئەفراسىيابغە لەشكەر تارتىپ ئەلچى ئىبەرىپ ئەردىكىم: «ماڭا خىراج قەبۇل قىلسۇن، بولماسا جەڭ قىلغالى بارۇرمەن.» رۇستەم كەيكاۋۇسغە ئەيتتى: «سىياۋۇشنىڭ گۇناھىنى ئۆتكىل، تاكى بۇ لەشكەرگە سىپەھسالار بولۇپ، بۇ جەڭنى ئول قىلغاي.» بەس، كەيكاۋۇس سىياۋۇشنى سىپەھسالار قىلىپ جەڭگە ئىبەردى ۋە ئەيدى: «ئەگەر ئەفراسىياب جەڭگە تۇرسە، سەن ھەم جەڭ قىلغىل؛ ئەگەر خىراج قەبۇل قىلسە جەڭ قىلماغىل.» بەس، سىياۋۇش لەشكەر تارتىپ ئەفراسىياب ئۆزەسىگە باردى. ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلىپ، بىسيار خەلقنى ئۆلتۇردى. ئاخىر، ئەفراسىياب سۇلھ قىلماقغە ئەلچى ئىبەردى ئەرسە، سىياۋۇش سۇلھ قىلدى. ئاتاسىغە نامە ئىبەردىكىم ئەفراسىياب بىرلە سۇلھ ۋاقىئ بولدى دەپ. كەيكاۋۇس جەۋاب ئىبەردىكىم: «مەن سۇلھكە رازى ئەمەسدۇرمەن.» سىياۋۇش ئەيدى: «ئەمدى سۇلھ قىلدىم، ئەمدى بىۋەفالىق قىلىپ، ئەھدىمنى ئۇشاتىپ، سۇلھدىن يانماسمەن.» دەپ ئاتاسى قاشىغە بارالمادى. ئول ئەلچىنى ئارادا قويۇپ، ئەفراسىياب بىرلە ئىتتىفاق بولماقغە تەھقىق قىلىشتىلەر. بەس، سىياۋۇش ئەفراسىياب قاشىغە كەلدى ئەرسە، ئەفراسىياب بىنەھايەت پىش كەلدى. قىزىنى بەردى. تەئزىم - ئىكرام ھەددىدىن ئاشۇردى. رۇستەم باشلىغ ئول لەشكەر يانىپ كەتتى.

بەس، نەچەند روزگار بۇ تەرىقە ئۆتتى ئەرسە، ئەفراسىياب سىياۋۇشنى

ھەر تەرىقە - تەرزدە، ھەر نەۋئ پەھلىۋان - مەردانەلىكدە ئازمۇدە قىلىپ، مۇنىڭ شۇجائەت ۋە مەردانەلىكىدىن كۆڭلىگە قورقۇنچ پەيدا بولدى. سەردارلارنى، بۇرادەرلەرنى چىرلاپ مەسلەھەت قىلدى. ئاخىر، ئۆلتۈرمەككە مۇقەررەر قىلدىلەر. سىياۋۇش قاشىغە تەشت كەلتۈردىلەر. سىياۋۇشنى تۇتۇپ، باشىنى ئول تەشت ئۆزرە قويۇپ، باشىنى كەستىلەر. سىياۋۇشنىڭ كۆجى ھامىلە ئەردى، ئاڭا دارۇ بەردىلەر تاكىم ھامىلەسى تۈشكەي، كارگەر بولمادى. ئول ۋەزىركىم، ئەفراسىياب بىرلە سىياۋۇش ئاراسىدا سۇلھ قىلىپ ئەردى. ئاتى پىران ۋەيس ئەردى. ئول كېلىپ، ئەفراسىيابغە بىسيار مەلامەتلەر قىلدى. ئەيدىكىم: «بىر پادىشاھزادە ساڭا خىزمەت قىلسە، ئانى قايسى گۇناھ بىرلە ئۆلتۈرۈرسەن! ئەمدىكىم ئۆلتۈردۈڭ، ئەگەر كەيكاۋۇس، رۇستەم خۇن تەلەب قىلسە، ئانىڭدىن قاچان سەلامەت قۇتۇلۇرسەن! تۇران بۇ بەھانە بىرلە ۋەيران بولۇر. ئەمدى سىياۋۇشنى ئۆلتۈردۈڭ، قىزىڭنى ماڭا بەرگىل؛ ئەگەر ئوغۇل تۇغسە، ئانى كەيكاۋۇس ۋە رۇستەمگە ئىبەرگەيمەن، تاكىم قەھرۇغەزەبى كەم بولغاي.» بەس، ئەفراسىياب قىزىنى پىران ۋەيسكە بەردى، ئەيدىكىم: «ئەلبەتتە، ئوغۇل تۇغسە ئۆلتۈرگەيسەن.» بەس، پىران ۋەيس ئول دۇختەرنى ئۆيگە ئالىپ باردى. توققۇز ئاي بولدى ئەرسە، بىر ئوغۇل تۇغدى، گۇياكى سىياۋۇشدەك؛ پىران ۋەيسنىڭ ئۆلتۈرمەككە كۆڭلى بولمادى. ئاڭا كەيخۇسراۋ ئات قويدى. خەلقدىن پىنھان قىلدى. ئەفراسىيابغە ئوغۇل تۇغقانىدىن خەبەر قىلمادى. تا نەچەند يىل ئۆتتى ئەرسە، ئەفراسىياب بىر كۇن ئول قىزىنى سورىدى ئەرسە، پىران ۋەيس ئەيدى: «بىر ئوغۇل تۇغدى، لېكىن ئۆلتۈرمەككە تاقەت قىلالمادىم.» ئەفراسىياب ئەيدى: «كەلتۈرگىل، تاكى كۆرگەيمەن.» پىران ۋەيس كەيخۇسراۋنى ياخشى ئىگىنلەرنى كىيدۇرۇپ، ئەفراسىياب قاشىغە كەلتۈردى. كەيخۇسراۋنى كۆرۈپ، سىياۋۇشنى ياد قىلىپ يىغلادى. كەي خۇسراۋنى كەنارىدە ئولتۇرغۇزۇپ، يۈز - كۆزىگە سۆيۈپ، مېھرىبانلىق قىلدى. پىران ۋەيسكە ئەيدى: «مۇنى قويچىغە بېرىپ، ياخشى ئاسراپ پەرۋەرىش قىلدۇرغىل؛ بىلمەگەيكىم ئاتاسى كىمدۇر.» بەس، پىران ۋەيس ئانى ياخشى پەرۋەرىش قىلدۇردى. تاكىم يەتتە ياشغە كەلدى ئەرسە، بىر كۇن ئەفراسىياب پىران ۋەيسنى چىرلاپ ئەيدى:

«ماڭا بۇ كېچە ئۇل ئەندىشەدە ئۇيقۇ كەلمەدىكىم، بۇ گۆدەك پادىشاھزادەلىكنى بىلدى بولغاي. ئەمدى ھەرنە قىلسام راۋادۇركىم، ئانى كەلتۈرگىل.» پىران ۋەيىس بېرىپ، كەي خۇسراۋنى كۆردىكىم چەۋگەن ئويناپ يۈرەدۇر. پىران ئاتدىن تۈشۈپ، كەي خۇسراۋنى قۇچاقىغە ئالىپ، مېھرىبانلىق قىلىپ يىغلادىلەر. كەي خۇسراۋ پىران ۋەيىسدىن ئىبا قىلىپ ئەيدى: «ئەي خەلايىقلار ئۇلۇغى، ساڭا ئار ئەمەسمۇكىم، مېنىڭدەك يېتىمنى قۇچاغىڭغە ئالغايسەن.» پىران ۋەيىسنىڭ كۆڭلى تەڭ ۋە مەلۇل بولۇپ ئەيدىكى: «سەن قويچىنىڭ ئوغلى ئەمەسسەن، بەلكى پادىشاھزادەدۇرسەن» دەپ ئاتىغە مىندۈردى. ئەفراسىياب قاشىغە ئالىپ باردى. ئەيدى: «مەن سېنى ئەفراسىياب قاشىغە ئالىپ بارۇرمەن. ئۇل سەندىن ۋەھىم - ئەندىشە قىلۇر. ئۇل سەندىن ھەرنە سوئال قىلسە، ھەررەڭ نامەئقۇل جەۋاب بەرگىل.» بەس، پىران ۋەيىس كەي خۇسراۋنى ئەفراسىياب قاشىغە ئالىپ كىردى. ئەفراسىيابنىڭ كۆزى كەي خۇسراۋغە تۈشتى ئەرسە، مۇنىڭ خۇشرويلۇقىغە ھەيران قالدى، ئەيدى: «قويدا نەچچە ساغلىق، نەچچە پاقلان باردۇر؟» كەي خۇسراۋ ئەيدى: «مەن قايىسى كۈنى چەندان ياغاچ يۇندۇم، چەندان رۇئىن ئەتتىم. بىر بۆرگەنى ئۆلتۈردۈم.» ئەفراسىياب ئەيدى: «مۇنى ئاتاسىغە بەرگىلكىم، ھېچ ئىشىغە ياراماس، كۆڭلى بىر يەردە ئەمەسدۇر. مەن مۇندىن سوئال قىلدىم، بۇ ئاندىن جەۋاب ئەيتادۇر.» بەس، پىران ۋەيىس كەي خۇسراۋنى ئاتاسىغە تاپشۇردى.

نەچەند مۇددەتدىن كېيىن سىياۋۇشنىڭ ئۆلتۈرگەن خەبەرى كەي كاۋۇسغە يەتتى ئەرسە، تەئزىيەت تۇتۇپ، نالە - زارى قىلدى؛ تا ھەمە ئىران خەلقى قارا ئىگىن كىيىپ ماتەمدار بولدىلەر. نەچەند يىل تەمامى ئىرانىلەر چوڭ - كىچىك، ياخشى - يامان ئەسلا شادلىق قىلمادى. لەشكەر - سەردارلاردىن گۇدەرز كېشۋەد ئاتلىغ بىر كىمەرسە بار ئەردى. بىر كىچە تۈش كۆردىكىم، بىر كىمەرسە ئەيتۇر: ئوغلۇڭ كەيۇنى ئىبەرسەڭ سىياۋۇشنىڭ ئوغلى كەي خۇسراۋنى تاپىپ كەلتۈرەدۇر. بەس، ئۇيقۇدىن ئويغانىپ، ئوغلىنى چىرلادى، تۈشىنى ئاڭا ئەيدى ئەرسە، كەيۇ ئەيدى: «شايەدكى، مەن بارىپ كەي خۇسراۋنى كەلتۈرگەيمەن.» دەپ كەي كاۋۇس قاشىغە باردى. بۇ ۋاقىئەنى تەقرىر قىلدى. كەي كاۋۇس كەيۇنى بۇيرۇدى. كەيۇ بارىپ يەتتە يىل تۈركىستاندا كەي خۇسراۋنى ئىزدەدى. ئاخىر كەي

خۇسراۋنى تاپىپ، ئاناسى بىرلە ئىران تەرەپكە ئالىپ يۈردى. تا دەريايى جەيھۇن لەبىگە يەتتى ئەرسە، مەللاھلەر كىمەنى بەرمەدى ۋە ئەيدى: «بۇ ئۈچيۈلەن تۆرت نەرسەدىن بىرىنى بىرىنگلار، دەريادىن ئۆتكەرۈرمەن. يا بۇ ئوغۇلنى بىرىنگلار، يا بۇ مەزلۇمنى بىرىنگلار، يا بۇ ئوغۇل مىنگەن ئاتنى، يا بۇ ئوغۇل كىيگەن زىرىھنى بىرىنگلار.» بەس، كەيۇنىڭ بۇ سۆزگە غەزەپى كېلىپ ئەيدى: «سەن بىزنى بۇ سۇدىن ئۆتەلمەس گۇمان قىلۇرسەنمۇ؟!» بەس، ئۈچيۈلەن دەرياغە كىردىلەر. ئاتلارىنى يۈزدۈرۈپ دەريادىن ئۆتتىلەر.

ئەفراسىياب بۇ ۋاقىئەدىن ئاگاھ بولۇپ، ئۈچ يۈز مەرد ـ مەردانە، دىلاۋەر زەمانەنى ئىلغاپ، پىران ۋەيسنى باش قىلىپ، ئارقەدىن ئىبەردى. بۇلار يېتىپ، كەيۇ بىرلە جەڭ قىلدىلەر. كەيۇ بۇلارغە غالىپ كەلدى، بەئزىنى ئۆلتۈردى، بەئزىسى قاچىپ كەتتى. پىران ۋەيسنى تۇتۇپ، ئۆلتۈرگەلى قەسد قىلدى ئەرسە، كەي خۇسراۋ ئەيدى: «مۇنى قويغىلكىم، ماڭا تولا ياخشىلىق قىلغاندۇر.» كەيۇ ئەيدى: «مەن ئاند ئىچىپ ئەردىمكى، تۇرانىلار قانىنى تۆكمەي قويماغايمەن.» كەي خۇسراۋ ئەيدى: «قۇلاغىنى خەنجەر بىـــرلە تەشكىل، تاكى ئاندغە ۋەفا قىلغان بولغايسەن.» بەس، كەيۇ پىران ۋەيسنىڭ قۇلاغىنى تېشىپ، ئەگەرنىڭ قاشىغە قاداپ قويدى ۋە ئاند بەردىكىم: «بۇ خەنجەرنى قۇلاغىڭدىن كۆجۈك گۈلچىھرەدىن ئۆزگە كىشى ئالماغاي.» بىر سائەت ئۆتۈپ ئەردى، ئەفراسىياب لەشكەر بىرلە يېتىپ كەلدى. پىران ۋەيسنى بۇ ھالدا كۆرۈپ ئەيدى: «بۇ نەھالدۇر؟» پىـــران ۋەيس ئـەيدى: «مـەن ئەيتامادىمۇكىم، ئىرانىلار سىياۋۇش خۇنىغە نە ئىشلارنى قىــلغايلەر!» ئەفراسىياب ئاچچىغلاپ ئەيدى: «بۇ ئىشلارنى ساڭا قىلغۇچى يالغۇز بىر ئاتلىغ ئەمەسمۇ؟» پىران ۋەيس ئەيدى: «ئارى، بىر ئاتلىــغدۇر.» ئەفراسىياب ئەيدى: «ئول قايدادۇر؟» ئەيدى: «دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى.» ئەفراسىياب دەرد تارتىپ ياندى. ئەيدىكىم: «مېنىڭ قولۇمدىن تىرىك قۇتۇلدى.»

بەس، كەيۇ كەيخۇسراۋ بىرلە ئىرانغە كەلدىلەر. كەي كاۋۇس بىسيار شادلىق قىلدى. رۇستەم، تۇس نەۋدەر، گۇدەرز، كەيۇ — پەھلىۋانلارنى بىسيار لەشكەر بىرلە تۇركستانغە بۇيرۇدى. ئەيدىكىم: «بارىپ ئەفراسىيابدىن سىياۋۇشنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىڭلار!» رۇستەم باشلىغ تەمامــى لەشكەر تۇركستانغە كەلدىلەر. رۇستەم ئەفراسىياب لەشكەرىگە شىـكەست بېرىپ،

تۈركستاننى غارەت قىلدىلەر، ئانچە خەلايىقنى ئۆلتۈردىلەركىم، ھىساب ۋە ئەدەدكە راست كەلمەگەي، ۋە يەنە بىسيار خەلقلەرنى ئەسىرقىلىپ، فەتھ - نۇسرەت بىرلە يانىپ، كەي كاۋۇسغە كەلتۈردى. ئاندىن كېيىن، كەي كاۋۇس لەشكەر ئالىپ يەمەنگە باردى. يەمەن پادىشاھى فالەنج بولۇپ ئەردى. ھەمىر بىننى قەھتان ئەرەبدىن لەشكەر بىرلە كېلىپ، كەي كاۋۇس لەشكەرىگە شىكەست بەردى. كەي كاۋۇسنى ئەسىر قىلىپ، بىر قۇدۇغدا بەندكە تارتتى. بۇ خەبەر رۇستەمگە يەتتى ئەرسە، بىسيار لەشكەر بىرلە كەي كاۋۇسنى ئالغالى يەمەنگە كەلدى. كەي كاۋۇسغە سۆز ئىبەردىكىم: «ئەگەر مەن مۇندا بۇلار بىرلە جەڭ قىلىپ، بۇلارنى ئۆلتۈرسەم، قورقارمەنكىم، ساڭا ئاندا زەرەر يەتكۈرگەيلەر.» كەي كاۋۇس جەۋاب ئىبەردىكىم: «مەندىن قورقماغىل، ھەرنە قولۇڭدىن كېلۇر، قىلغىل.» بەس، رۇستەم جەڭ قىلىپ، يەمەننىڭ ئۇلۇغىكىم، ھەمىر ئەردى، شەھەردىن قوغلاپ چىقاردى؛ بىسيار لەشكەرىنى ئەسىر قىلدى. ئاخىر، يەمەن پادىشاھى ئەلچى ئىبەردىكىم: «مەن كەي كاۋۇسنى ئىبەرسەم، ئول ئەسىرلەرنى ياندۇرۇپ ئىبەرسە، بىزنىڭ دىيارىمىزدىن يانىپ كەتسە.» رۇستەم ھەم بۇ سۆزنى قەبۇل قىلىپ، كەي كاۋۇسنى ئالىپ، ھەر قايسى ئۆز ئورنىدا بەرقەرار بولدى. كەي كاۋۇس يۈز ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردى. ئاندىن ئۆلدى.

## فەسلى دەستان
## كەي خۇسراۋ پادىشاھلىقى زىكرى

بەس، ئاندىن كېيىن كەي خۇسراۋ تەختغە ئولتۇردى. تەمامى سىپاھ ۋە رەئىيەنى يىغىپ، ئۆز ئاتىغە خۇتبە ئوقۇدىلەر. ئاندىن ئەيدىلەر: «مەن ئاتامنىڭ خۇننى ئەفراسىيابدىن تەلەب قىلىپ، لەشكەر ئىبەرۇرمەن.» دەپ سىپەھسالارغە كىشى ئىبەردى. ھەر تەرەفدىن لەشكەر يىغدى. بۇلار ئاراسىدىن يۈزمىڭ كىشىنى ئالغاپ، تۇس بىننى نەۋذەرگە تاپشۇردى. بۇلارغە ئەيدى: «تۈركستاندا ھەر شەھەرگە بارۇرسىزلەر، پادىشاھىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى خەراب قىلغايسىزلەر، تاكىم ئەفراسىيابغە يەتكۈچە.» ۋە يەنە

سىياۋۇش ئاناسىدىن قاچىپ بارغاندا تۈركستان شەھزادەلىرىدىن بىر خاتۇن ئالىپ ئەردى، ئانىڭدىن فۇرۇد ئاتلىغ بىر ئوغلى بولۇپ ئەردى. قاچانكىم، سىياۋۇش كەي خۇسراۋنىڭ ئاناسىنى ئالغاندا، فۇرۇدنى ئاناسى سىياۋۇش قاشىغە ئىبەرىپ، بۇ فۇرۇد ئۆز شەھەرىدە چوڭۇپ، پادىشاھلىقغە يېتىپ ئەردى. مۇنى كەي خۇسراۋ ھەم بىلۇر ئەردى. تۇسغە ئەيدى: «ئەگەر فۇرۇدنىڭ شەھەرىگە بارساڭ ئاڭا ئازار بەرمەگىل.»

بەس، تۇس ۋە فەرىبەرز تۈركستانغە لەشكەر تارتىپ يۈردىلەر. قاچانكىم، فۇرۇدنىڭ شەھەرىگە يەتتى ئەرسە، فۇرۇد لەشكەر چىقاردى. تۇس ئەيدى: «سەن بىزنىڭ پادىشاھىمىزنىڭ بۇرادەرىدۇرسەن، بىزگە ساڭا ياخشىلىق قىلماقغە يارلىغ قىلىپدۇر. بىز ساڭا ئازار بەرمەسمىز، بۇ لەشكەرىڭنى ياندۇرغىل، ئۆز پادىشاھلىقىڭدا ئولتۇرغىل.» فۇرۇد بۇ سۆزنى قەبۇل قىلماي، جەڭگە تۇردى. ئاخىرىلئەمر، فۇرۇد ئۆلدى. بۇ خەبەر كەي خۇسراۋغە يەتتى ئەرسە، دەردناك بولۇپ، فەرىبەرزگە نامە ئىبەرىدىكىم: «تۇسنى تۇتۇپ بۇيان ئىبەرگىل، ئۆزۈڭ تەنھا لەشكەرنى باشلاپ، ئەفراسىياب بىرلە جەڭ قىلغىل.» بەس، فەرىبەرز فەرماننى بىجا كەلتۇردى. لەشكەر تارتىپ، ئەفراسىياب قاشىغە يۈردى. ئەفراسىياب ھەم خەبەر تاپىپ، لەشكەر يىغدى. پىرانىنى سىپەھسالار قىلدى. گۇدەرز يەتمىش يەتتە ئوغلى بىرلە كەي خۇسراۋ لەشكەرىدە ئەردى. كەي خۇسراۋ گۇدەرزنى بىسيار ئۇلۇغ تۇتار ئەردى. بەس، ئىككى لەشكەر قاۋۇشتىلەر ئەرسە، گۇدەرز ئۆز ئەۋلادىنى ئالدىغە سالىپ، بىنەھايەت قاتتىغ جەڭ قىلدى. ئاخىرىلئەمر، لەشكەرى تۈرك زەفەر تاپىپ، ئىران لەشكەرىگە شىكەست بەردى. فەرىبەرز تۇغ ـ ئەلەمنى ياندۇردى ئەرسە، لەشكەرلەر يەكپارە قاچتى. تۈرك لەشكەرى قوغلاپ ئۆلتۇردى. قاچانكىم، لەشكەر تەفرىقە بولدى ئەرسە، گۇدەرز ئەۋلادى بىرلە تۇرۇپ قالدى. جەڭ قىلىپ يەتتە ئوغلى ئۆلدى ۋە يەنە ئۆز ئەۋلادىدىن يەتمىش كىشى ھەلاك بولدى. بەس، گۇدەرز نەھايەت زور پەھلىۋانلىقىدىن قالغان ئەۋلادىنى لەشكەر ئاراسىدىن سالامەت ئالىپ چىقتى. فەرىبەرز بىرلە تاپىشىپ، كەي خۇسراۋگە يانىپ كەلدىلەر. كەي خۇسراۋ بۇ ۋاقىئەدىن بىسيار دەردناك بولۇپ، خاب ـ خوردىن قالدى. فەرىبەرزنى چىرلاپ مەلامەت قىلىپ ئەيدى: «بۇ شىكەست نافەرمانلىقىڭدىن ۋاقىئ بولدى. چۈنكى سىپەھسالار

پادىشاھنىڭ فەرمانىدىن تەجاۋۇز قىلىپ، شىكەست ۋە ھەلاكلىق بولغۇسىدۇر.» گۇدەرز مەلامەت قىلىپ ئەيدى: «گۇناھ سەندەدۇر، سەن ئەلەمنى ياندۇرماساڭ لەشكەر شىكەست تاپماغاي ئەردى.» بەس، كەي خۇسراۋ گۇدەرزگە ئىلتىفاتلەر قىلدى ۋە ئەيدى: «سىنىڭ قۇدرەتىڭنى بىلمەك ماڭا ۋاجىبدۇر. بۇ لەشكەر، خەزىنە - خىراجلاركىم، مىنىڭ تەسەررۇفۇمدادۇر، ھەمەسى سىنىڭدۇر. قايداغ خاھلاساڭ تەسەررۇف قىل؛ بارىپ ئاتامنىڭ، فەرزەندلەرىڭنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىل!» گۇدەرز بىسيار شاد بولدى. كەي خۇسراۋغە دۇئا - ئافەرىنلەر ئوقۇپ، ئەيدى: «پادىشاھا فەرمان سىنىڭدۇر، مەن بەندەئى فەرمانىڭدۇرمەن. ئەفراسيابدىن قىساس ئالماي چارە يوقدۇر.»

بەس، بەتەمام ئىران لەشكەرى بەلخنىڭ دەرۋازەسىنىڭ ئالىدا بىر كەڭرۇ دەشت باردۇركىم، «شاھ ئەسىر» ئاتارلەر؛ ئاندا جەمئ بولدىلەر. ئاندا يەسال قىلىپ لەشكەر تارتتىلەر. ئەفراسياب ھەم تەمامى تۇركستان لەشكەرىنى يىغدى. كەي خۇسراۋ ئىران ۋە تۇركستان ئاراسىغە چىقىپ تۇشتى ۋە لەشكەرىگە ئەيدى: «بىزگە مەسلەھەت ئولدۇركىم، يەكپارە تۇركستانغە ئۆتۈپ تۇشكەيمىز. لەشكەرنى تۆرت بۆلۈپ، تۆرت تەرەفكە يۇرۇتكەيمىز. تۇرك لەشكەرىنى ئاراغە ئالغايمىز.» بەس، بۇ تەدبىر بىرلە جەمئ لەشكەرگە گۇدەرزنى سىپەھسالار قىلدى. بىر ئۆلۈغ ئەلەمى بار ئەردى، فەرىدۇندىن قالغان، ئانى گۇدەرزگە بەردى؛ فەرىبەرزنى ئاڭا فەرماندار قىلىپ بىر تەرەفكە رەۋان قىلدى، ئەيدى: «سىزلەر جەيھۇن يولىغە بارىڭلار.» يەنە بىر گۇرۇھ لەشكەرىگە رىگە شادران ئاتلىغ بىر پەھلىۋاننى لەشكەردار قىلدى، ئاڭا گۇستەھەمنى يار - مەدەدكار قىلىپ، يەنە بىر تەرەفكە بۇيرۇدى. قالغان لەشكەرنى رۇستەمى داستانغە تاپشۇردىكىم، جەھان پەھلىۋانى ئول ئەردى. يەنە سىياۋۇش كۆچىنىڭ قەياش قەبىلەسىدىن بار ئەردى، ئۆلار نەزەر قىلىپ ئەيدىكىم: «ھەركىشى سىياۋۇش خۇنىنى تەلەب قىلسە، بىز ئاڭا قولۇمىزدىن كەلگەنچە ياۋەرلىك قىلغايمىز.» كەي خۇسراۋنىڭ يۇرگەنىدىن ئاگاھ بولۇپ، بۇلار ھەم تەمامى جەمائەلەرىنى يىغىپ، كەي خۇسراۋ قاشىغە كەلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «بىزنى ھەم جەڭگە بىر تەرەفكە بۇيرۇغىل.» بەس، كەي خۇسراۋ ئول مەزلۇمگە بىر خەنجەرى بار ئەردى، ئانى بەردى، ئۆز جامائەسى بىرلە

بسىيار لەشكەر قوشۇپ، تۈركىستاننىڭ بىر تەرەپىگە بۇيرۇدى. ئۆزى جەمئى لەشكەر بىرلە ئاندا تۇردى. پىكىر قىلدىكىم، بۇ لەشكەردىن ھەر قايسىغە شىكەست يەتسە ئۆزى مەدەد - ياۋەرلىك قىلغاي. قاچانكىم، بۇ خەبەر ئەفراسىيابغە يەتتى ئەرسە، ئەفراسىياب ھەم ئۆزى بىر يەردە بەرقەرار بولدى. تەمامى تۈركىستان لەشكەرىگە پىران ۋەيسنى سىپەھسالار قىلدى؛ بۇرادەرلەرىنى پىران ۋەيسكە تابىئ قىلىپ، تۆرت تەرەپىگە بۇيرۇدى. ئەفراسىيابنىڭ بىر بۇرادەرى بار ئەردى، بارسەخان ئاتلىغ، ھەمەدىن ئانى دوست تۇتار ئەردى. ئەيتىپدۇرلەر، سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەن ئول ئەردى. گۈرۈھى ئەيتىپدۇرلەر: ئاتى گەرسىۋەز ئەردى. كەي خۇسراۋ بارچەدىن زىيادە ئانى ئىزدەرئەردىلەر. بەس، ئەفراسىياب لەشكەرىنى ھەر تەرەپكە يۈرۈتتى ئەرسە، ئول بۇرادەرىنى ئۆزى بىرلە تۇرغۇزدى. ئەفراسىيابنىڭ ھەم ئانچە لەشكەرى بار ئەردىكىم، ئەدەدىنى بىلىپ بولماس ئەردى. ئول پىران ۋەيسكە ئەيدى: «كەي خۇسراۋ لەشكەرىنىڭ تولاسى بەرزۇ گۇدەرز بىرلەدۇر، ئەلەم - كاۋيانىي ھەم ئانىڭدادۇر. سەن ئانىڭ سەرراھىنى تۇتغىل، ئاڭا شىكەست بەرگىل. ئۆزگەسىدىن ئەندىشە قىلماغىل.» بەس، پىران ۋەيس، ئەفراسىيابنىڭ بۇرادەرلەرى ۋە ئۆزىنىڭ بۇرادەرلەرى گۇدەرز تەرەپىگە يۈردى. كەي خۇسراۋغە خەبەر يەتتىكىم، پىران ۋەيس لەشكەرى گەران بىرلە گۇدەرزگە يۈزلەندى. كەي خۇسراۋ غەمكىن بولدىكىم، پىران ۋەيس جەڭدە ئۆلگەي. بەس، گۇدەرزگە ئەلچى ئىبەردىكىم: «پىران ۋەيسنىڭ مەندە ھەققى بىسىياردۇر، مېنى پەرۋىش قىلماقدا، ئاتا - ئانامنىڭ ھەققىدە تولا رەنج تارتغاندۇر. ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلماقغە ئېھتىيات قىلسۇن، لەشكەرىنى ياندۇرسۇن، ئانىڭ ھەققىنى ئادا قىلغايمەن.» گۇدەرز كەي خۇسراۋنىڭ سۆزىگە ئىلتىفات قىلمادى. چۈنكى ئەفراسىياب پىراننى بۇرادەرلەرىدىن ياۋۇق بىلۇر ئەردى؛ ئۆزىدىن كېيىن پادىشاھلىقنى ئاڭا تەئيىن قىلىپ ئەردى. بەس، لەشكەر تارتىپ گۇدەرز بىرلە جەڭگە تۇردى، رەئىدىنىنىڭ زەخمى بىرلە ھەلاك بولدى؛ بۇرادەرلەرى ھەم ئەفراسىيابنىڭ بۇرادەرلەرى بىرلە ھەمە ئۆلدىلەر. سىياۋۇشنى ئۆلتۈرگەن بارسخان ئەسىر بولدى. گۇدەرز ئانچە مال ئالدىكىم، ھىسابىنى كىشى بىلمەس ئەردى. گۇدەرز فەتھنامە پۈتۈپ كەي خۇسراۋغە ئىبەردى. كەي خۇسراۋ لەشكەرىنى گۇدەرز قاشىغە ئالىپ باردى. لەشكەر

گاھغا يېتىپ، يارلىغ قىلدىكىم، ھەركىم ئۆز ئەلەمى ئاستىدا قەرار ئالسۇن! ئۆلتۈرگەن دۈشمەننى ۋە ئالغان ئەسىرىنى جۇغلاسۇن!» بەس، كەي خۇسراۋ ھەر ئەلەم ئاستىغا كىشى ئىبەرىپ، ھەركىمنىڭ قىلغان ئىشىنى، ئۆلتۈرگەن كىشىسىنى ۋە ئالغان ئەسىرىنى خەبەر ئالدى. ھەر تەرەفدىن ئەلچىلەر كەلدى. تۆرت تەرەفدە ئەفراسىياب لەشكەرىنى بىنەھايەت ئۆلتۈردىلەر؛ ئۆلارنى ھەددىن زىيادە تەڭ ۋە بىچارە قىلدىلەر. بۇ خەبەر ئەفراسىيابغە يەتتىكىم، كەي خۇسراۋ ئانىڭ لەشكەرىگە بىسيار شىكەست بەردى، لەشكەرىنىڭ ئۈچ ھەسسەدىن بىرىنى بەتەمام سەردارلار بىرلە بارسخاننى تۇتۇپ ئۆلتۈردىلەر. بەس، ئەفراسىيابغە جەھان قاراڭغۇ بولدى؛ يىمەك - ئىچمەكتىن قالدى. شەيدا ئوغلى شېدە باشلىغ بىسيار لەشكەرى بار ئەردى. ئول شېدە جادۇگەر ئەردى. ئانى چىرلاپ، لەشكەرىنى ئاڭا سىپارىش قىلدى؛ كەي خۇسراۋ تەرەفىگە بۇيرۇدى. بەس، شېدە كەي خۇسراۋغە يەتتى ئەرسە، كەي خۇسراۋنى دىلاۋەر تىلەدى. پەھلىۋانلار ئەيدى: «ساڭا ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلماق ئاردۇر، تا بىرىمىزگە فەرمان قىلغىل، تاكى جان تېنىمىزدە باردۇر، جەڭ قىلۇرمىز.» كەي خۇسراۋ بىسيار شاد بولدى، پەھلىۋانلارغا ئافەرىن ئوقۇدى. ئەيدى: «ئانىڭ بىلەن جەڭ قىلماسام ماڭا ئەيبدۇركىم، مېنى مۇبارىز تىلەيدۇر.» بەس، سىلاھ كىيدى، ئاتلانىپ شېدەنىڭ ئالدىغا باردى. ئەيدى: «ئىككەۋ بىرگۇشەگە بارالىكىم، بىزگە كىشى يارى بېرىشمەگەي.» بەس، بىر گۇشەگە باردىلەر. شېدە ئەيدى: «كەلگىل، تا كۈشتىن ئالىشالى.» بەس، ئىككۆلە ئاتدىن تۈشتىلەر، ئاتلارىنى باغلاپ، پەشلەرىنى قىستۇرۇپ بەرابەر تۇردىلەر. كەيخۇسراۋ شېدەگە قەسد قىلدى. ھەر قايسى بىر - بىرىنىڭ كەمەرىگە قول سالىپ، زور قىلىشتىلەر. شېدە كەي خۇسراۋنىڭ قۇۋۋەتىنى بىلدى ئەرسە، پۇشمان بولدى. ئۆزىگە ئېدىكىم: «دەرىخ، مۇنىڭدىن كۈشتىنگىرلىك تەلەب قىلماسام ياخشى ئەركەن.» بەس، كەي خۇسراۋغە ئەيدى: «ئەمدى ئاتلانىپ جەڭ قىلالى.» كەي خۇسراۋ بىلدىكىم، تەڭلىكدىن خەلاسلىق تىلەيدۇر. بەس، قۇچاقىغە تارتىپ ئالدى، يەردىن ئۈزۈپ ئانچە كۆتەرىپ يەرگە ئۇردىكىم، ئۇچاسىنىڭ ئۇستخانلارى رىزە - رىزە بولدى. بەس، خەنجەرنى ئالىپ، سىنەسىگە ئۇرۇپ ئىككى پارە قىلدى. يانىپ ئۆز ئورنىغا بارىپ تۇردى. قاراپ تۇرغانلاردىن بارىپ،

ئەفراسىيابغە خەبەر قىلدى. ئەفراسىياب باشىدىن تاجىنى ئېلىپ تاشلادى. ئۆزىنى يەرگە ئۇردىكىم بىھوش بولدى. بەس، ھوشىغە كېلىپ ئاند ئىچتىكىم: «ئوغلۇمنىڭ خۇنىنىــــــى ئالماغۇنچە ئارام ئالماغايمەن!» بەس، بەتەمام لەشكەرىنى جەڭگە بۇيرۇدى. كەي خۇسراۋ ئالدىغە ئانچە لەشكەر بىــرلە باردىكىم، ئەدەدىنى خۇدادىن ئۆزگە بىلگۈچى يوق. كەي خۇسراۋ سىپاھ - لەشكەرىنى جۇغلاپ، پادىشاھزادە، سىپەھسالارنى يىغىپ تۇردى. ئانداغ جەڭ قىلدىلەركىم، ھېچ ۋەقتدە ھېچ زىيجان ئانداغ جەڭ كۆرمەگەندۇر. بەس، بىر - ئىككى كۈندە ئەفراسىياب لەشكەرىدىن يۈزمىڭگە ياۋۇق كىشى ئۆلدى. ئەفراسىياب شىكەست تاپىپ قاچا باشلادى. كەي خۇسراۋ ئارقەسىدىن قوغلاپ، شەھەر بەشەھەر ئىزدەر ئەردى، ھېچ يەردىن خەبەر ئالمادى. ئەفراسىياب ھەيران ۋە سەرگەردان، ھەرقايان بارسا، كەي خۇسراۋنىڭ لەشكەرلەرى يولۇقۇر ئەردى. ئاقىبەت، لەشكەرىدىن ئاجراپ، نەچەند كىشى بىرلە كەڭ دىگەن يەرگە باردى. ئاندا بىر مۇنچە لەشكەر يىغدى. بۇ خەبەر رۇستەمگە يەتتى ئەرسە، رۇستەم ئاتا ئاتلاندى. كەي خۇسراۋغە نامە ئىبەردىكىم: «مەن ئەفراسىيابنىڭ خەبەرىنى كەڭدە دەپ ئىشىتتىم، پادىشاھ ئاندا كەلسۇنلەر.» بەس، رۇستەم ئاندا يەتتى ئەرسە، ئەفراسىياب قورقۇپ قورغانغە كىردى. رۇستەم قورغاننى مۇھاسىرە قىلدى. مەنچەنەق راست قىلىپ، قورغانغە ئوت تاشلادى. يەكپارە ئوت ئالىپ قورغان ۋەيران بولدى. رۇستەم ئانــــىڭ لەشكەرىنى غارەت قىلدىلەر. چەندان مال غەنىمەت ئالدىلەركىم، نەھايەتى يوق ئەردى. نەچەند مۇددەتدىن كېيىن كەي خۇسراۋ يېتىپ كەلدى. ئەفراسىيابنى ئىزدەپ تاپمادىلەر. يانىپ ئەفراسىيابنىڭ تەختى بەختىغە تۇشۇپ ئولتۇردى. تەمامى گەنج - خەزىنەلەرنى تەسەررۇف قىلدى. ئەفراسىيابنىڭ تەمامى ئەھلى ئەيالى نالە - زارى بىرلە، كەي خۇسراۋ ئالدىغە كېلىپ، ئەفراسىيابنى تەئنە - ناسەزا قىلدىلەر. ئەيدىلەركىم: «بىز سىياۋۇشنى بى گۇناھ ئۆلتۇرمەگىل، مۇبادا جەزاسىغە گىرىفتار بولۇرسەن، دەپ ئانچە ئەيتتۇق، باۋەر بولمادى. ھالا بۇ كۈندە ئانچە جەزا تارتتىكىم، ھېچ يەردە ئارام يوقدۇر. ئەمدى، سەن بىزگە فەرزەنددۇرسەن. ھەرچەند بىزدىن كۆڭلۈڭ ئازۇردە بولدى ئەرسە، مۇرادىڭنى قولغە ئالدىڭ. ئەفراسىياب سەندىن قاچىپ، پىنھانىمان بولدى. بىز بىچارە مەزلۇمدۇرمىز. بىزگە رەھم قىل.» كەي خۇسراۋنىڭ بۇلارغە كۆڭلى

ئۆرتەنىپ يىغلادى؛ ئۇلارغا دىل ـ ئاسالىق قىلىپ ئەيدى: «سىزلەر ماڭا ئەزىز ئىگەچى ـ سىڭىلدۇرسىزلەر. كۆڭلۈڭلارنى مەلۇل ـ غەمكىن قىلماڭلار. ھەر قايسىڭلار ئورنۇڭلاردا ئولتۇرۇڭلار.» دەپ، ئاندىن مۇنادىي قىلدۇردىكىم، ھەر كىشىكى بۇلارنىڭ ئىشىكىگە بارۇر ۋە يا بىر نەرسە بۇلاردىن ئالۇر، يا بۇلارغە تەئەددى ـ ھەقارەت بىرلە نەزەر قىلۇر، مال ـ ئەمۋالى ماڭا ھالالدۇركىم ئۆلتۇرۇرمەن، تاراج قىلۇرمەن!

ئاندىن كېيىن، ئۆز مەنزىلىگە كەلدى. نەچەند مۇددەت ئۆتتى ئەرسە ئازەر بارەيھانغە ئاتلاندى. ئاندا بىر ئىمارەت قىلدى، ئانى ھەسب ئاتارلەر. ئول خەلقغە قەبلە بولدى. ھەركىمكى پارس خەلقى مەزھەبىدەدۇر، ھالا ھەم قەبلە ئەقىدە قىلۇرلەر. كەي خۇسراۋ ئاندا ئولتۇرۇپ، خۇدا تەئالادىن ئەفراسيابنى تاپماقنى تەلەب قىلدى.

نەچەند مۇددەت ئۆتتى ئەرسە، ئەفراسياب تەنھا، بىچارە دەرۋىش، دەرماندە بۇرۇئ تاغىغە ياۋۇق گۇزەرى تۇشتى. بىر غاردا ۋەتەن تۇتتى. ئۆزىنىڭ خۇداسىغە نالە ـ زارى قىلدى؛ ئەيدى: «دەرىغا، ئول پادشاھلىغىم، ئول تاجۇتەخت، گەنج ـ خەزىنەلەرىم، ئەھلى ئەيالىم كەي خۇسراۋ ئىلكىدە نابۇد بولدى!» بەس، ئەفراسياب ئول غاردا بۇ تەرىقە فىغان، نالە ـ زارى قىلۇر ئەردى. ئاندا بىر پەرھىزكار زاھىد بار ئەردى، بۇ نالە ـ فىغانلارنى ئىشىتىپ بىلدىكىم ئەفراسيابدۇر. قوپۇپ غارغە كىردى، قولىنى باغلاپ ئالىپ چىقتى. ئول يالبارىپ، «مەن نېچۇك كىشىدۇرمەن، مەندىن نە تىلەرسەن!» دەر ئەردى. زاھىد ئىشىتمەس ئەردى. ئاخىر، سۆدرەپ دەريانىڭ لەبىگە باردى. زاھىدنىڭ قولىدىن ئاجراپ، ئۆزىنى دەرياغە تاشلادى. ئول زاھىد كەي خۇسراۋغە خەبەر ئىبەردى. كەي خۇسراۋ ئۆزى ئاتلانىپ كەلدى. گۇرۇھى ئەيتىپدۇرلەركىم، سىياۋۇشنى ئۆلتۇرگەن بارسخان تېخى تىرىك، كەي خۇسراۋ ئىلكىدە ئەسىر ئەردى. ئانى كەلتۇرۇپ، دەريانىڭ لەبىدە ئەزاب قىلدىلەر ئەرسە، ئانىڭ ئاۋازىنى ئىشىتىپ دەريادىن باشىنى چىقاردى. بىر كىمەرسە كەمەند تاشلاپ گەردەنىدىن تارتىپ، دەريانىڭ لەبىگە چىقاردى. كەي خۇسراۋ ئەفراسيابغە شەمشەر تارتتى ئەرسە، ئەفراسياب ئەيدى. «سېنىڭ ئاناڭ مېنىڭ قىزىم ئەردى، ئانى بىر كۆرگۈنچە ئامان بەرگىل.» كەي خۇسراۋ ئەيدى: «ساڭا ئامان يوقتۇر» دەپ شەمشەر بىرلە

باشىنى كەستى. بارسخاننى ئىككى پارە قىلدى. ئاندىن دەريادا غۇسل قىلىپ تەھارەت قىلدى. ئاندىن يانىپ كەلدى.

بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەركىم، بەلخغە كەلدى. بەئزىسى پارسغەياندى دەپدۇرلەر. ئاندىن سىپاھ ـ لەشكەرىنى يىغىپ ئەيدى: «بۇ ئالەمدە ئانچەكى ئاررزۇ ـ مەقسۇدۇم بار ئەردى. خۇداي تەئالا ماڭا مۇيەسسەر قىلدى. ئەمدى تائەت ـ ئىبادەتكە باش قويارمەن. مەن بۇ پادىشاھلىق، سەلتەنەتنىڭ ئۆھدەسىدىن چىقالماسمەن.» بەس، تەمامى لەشكەر مەلۇل ـ غەمكىن بولدىلەر، ھەر چەند سۆز ئەيدىلەر، قەبۇل بولمادى. ئەيدى: «بىلىڭلاركىم، ماڭا ئۆلمەي چارە يوقدۇر. ماڭا ئۆلگەندىن كېيىن پەيرەۋ باش قىلۇرسىزلەر، ھالا ئول ئىشلەرنى قىلغايسىزلەر.» بەس، بۇلار ئەيدىلەركىم باۋەر بولمايدۇر. ئاخىرى ئەيدىلەر: «ئۆزۈڭلار بىر كىشىنى نامزەد قىلىڭلار، تا ئانى پادىشاھ قىلغايمىز.» بەس، لەھرەسب ئاندا ھازىر ئەردى، كەي خۇسراۋ ئەۋلادىدىن ئەردى. ئانى پادىشاھ قىلدىلەر، باشىغە تاج كىيدۇردىلەر. ئول كېچە كەي خۇسراۋ غايىب بولدى، ھىچ كىم كۆرمەدىلەر، بىلمەدىلەركىم قايان بولدى. بۇ لەھرەسب قىسسەسى كېيىن كېلۇر. ھالا، بەنى ئىسرائىل پادىشاھلارى زىكرىغە ياندۇق.

# فەسلى دەستان
# قىسسەئى رەجئىم پادىشاھ

سۇلەيمان ئەلەيھ.س. دىن كېيىن ئوغلانلەرى رەجئىم پادىشاھ بولدىلەر. ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ.س. نىڭ مۇلۇكلەرى زەمىنى شامدىن ھىجاز، يەمەن، تا مەغرىب زەمىن سەرھەددىغە ئەردى. ئەمما رەجئىم شامنىڭ بەئزەسى ۋە بەنى ئىسرائىلنىڭ بەئزەسىگە ھۆكۈمران ئەردى ۋە يەنە يۈز يىل پادىشاھ بولدى. ئول ئۆلدى ئەرسە، بەنى ئىسرائىلغە ھەر تەرەفدىن پادىشاھلار خۇرۇج قىلدى. رەجئىمنىڭ بىر ئۇغلى بار ئەردى، ئەۋائىل ئاتلىغ، ئول ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. نىڭ ئەۋلادلارىدىن ئىككى گۇرۇھغە سەرْدار بولدى، يەھۇدا نەسلىدىن، يەنە بىرى بۇن يامىن ئۇرۇغىدىن ئەردى. ئوتتۇز يىل بۇ ئىككى

گۆرۈھغە مىھتەر بولدى، ئۇل ئۆلدى ئەرسە، ئوغلى ئاسا ئاتاسى ئورنىدا ئۇل ئىككى تائىفەگە ھاكىم بولدى؛ قىرىق بىر يىل ھۆكۈم سۈردى. ھىندىستاننىڭ رەزەج ئاتلىغ بىر پادىشاھى بىرلە جەڭ قىلدى. خۇداي تەئالا ئاساغە فەتھ - نۇسرەت بەردى ئەرسە، رەزەجگە شىكەست بەردى...... ھەزرەتى ئاسا مۇنادىي قىلدىلەر، تاكى تەمامى خەلايىق چىقىپ ئۇل كافىرلار مال - ئەمۋال، سىلاھ - ياراغىنى ئالدىلەر. ھەزرەتى ئاسا يانىپ تەختىدە ئولتۇردىلەر، ئاندىن يىگرمە يىل ئۆمۈر كۆردىلەر، ئاندىن ۋەفات بولدىلەر ئەرسە، ئوغلانلەرى بەھۆە ساقەت بىننى ئاسا بىننى ئەۋائىل بىننى رەجئىم بىننى ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىس. ، ئۇل يىگرمە بەش يىل پادىشاھ بولدى. ئانىڭدىن كېيىن كېلىيا ئاتلىغ بىر مەزلۇم پادىشاھ بولدى، تەمامى بەنى ئىسرائىل پادىشاھزادەلەرىنى ئۆلتۈردى. يەتتە يىل پادىشاھ بولدى، بىر پادىشاھزادە بار ئەردى، نەۋاش ئاتلىغ؛ بۇ نەۋاش ھەرماينىڭ ئوغلى ئەردى. ئۇل مەزلۇم نەۋاشنى ئۆلتۈرگەلى ئىزدەدى. نەۋاش پىنھان بولدى. بۇ يەتتە يىلدا ئوغۇرلۇقچە خەلقنى ئۆزىگە تابىئ قىلدى. ئاندىن ئۇل مەزلۇمنى ئۆلتۈردى ئەرسە، پادىشاھلىقغە ئولتۇردى. ئانىڭ داداسىنىڭ ئاتاسى بار ئەردىكىم، ئۇل ماماسى بۇرادەرلەرى بىرلە ئىتتىفاق قىلىپ، نەۋاشنى ئۆلتۈرمەككە قەسد قىلدىلەر. نەۋاش ئاگاھ بولۇپ، بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، قىرىق يىل پادىشاھ بولدى. ئاندىن، ئەمساتىب ئاتلىغ بىر كىشى توققۇز يىل پادىشاھ بولدى. ئاندىن كېيىن ئوغلى نەۋشا ئون ئالتە يىل ھۆكۈمەت سۈردى. ئاندىن ھەرقىل بىننى ئاھار سەلتەنەت تەختىغە ئولتۇردى. بىنەھايەت ئۇلۇغ، دادگىر ئەردى. ھەق تەئالا ئاڭا پەيغەمبەر ئىبەردى، شۇئەيا ئاتلىغ. ئۇل شۇئەيا ئەلەيھىس. غە ئىمان كەلتۈردى. بەنى ئىسرائىل تەمامى ئۇلەر فەرماندا بولدى، بۇتپەرەستلىكدىن ياندىلەر. ھەرقىل توكۇر ئەردىلەركىم پايچەلەرى ئاغرىغ ئەردى، ئۇلاغقە مىنالماس ئەردىلەر. زەمىنى بابىلدا بىر پادىشاھ بار ئەردى سەنجارىب ئاتلىغ. ئاڭا خەبەر بەردىلەركىم، بەنى ئىسرائىل پادىشاھلىقى بىر ئاقساق كىمەرسەگە قالىپدۇر. بەس، سەنجارىب لەشكەر يىغدى. شامغە ئاتلاندى ئەرسە، مۇنەججىم، كاھىنلارى ئەيدى: «ئەي پادىشاھ! ھەرقىل پادىشاھدۇركىم ئادىل، ھەزرەتى مۇسا ئەلەيھىس. غە ئىمان كەلتۈرگەن. ئۇل پەيغەمبەر، خۇداغە مۇناجات قىلۇر، سىن ئاڭا بەرابەر

بولالماسىەن. » سەنجارىبغە باۋەر بولمادى. لەشكەر تارتىپ شامغە يۈردى......
ئانىڭ بىر ۋەزىرى بار ئەردى بۇختۇن نەسسەر ئاتلىغ؛ بۇ ئول بۇختۇن
نەسسەردۇركىم، شام ۋە بەيتۇل مۇقەددەس ئانىڭ ئىلكىدە ۋەيران بولدى،
تەمامى بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلەر ئەۋلادلارىنى ئول ئۆلتۈردى ۋە ئەسىر
قىلدى. ئول بۇختۇن نەسسەر سەنجارىب بىرلە كېلىپ ئەردى...... بەئزىلەر
ئەيتىپدۇرلەركىم، بۇختۇن نەسسەر پىسر ئەردى. بەس، سەنجارىب تەمام
لەشكەرى بىرلە بەيتۇل مۇقەددەسغە كەلدى ئەرسە، سەنجارىبنىڭ لەشكەرىگە
ھەق تەئالا دۇشەنبە كېچەسى ئۆلۈم سالىپدۇر، بەتەمام ئۆلۈپدۇر. بەس،
پادشاھ ھەرقىل، ھەزرەتى شۇئەيلە، تەمام رەئىيە ۋە فۇقرا شەھەردىن
چىقتىلەر، ھەمە خەلق كۆردىلەركىم، ئول لەشكەرنىڭ مۇنداغ ئۇلۇغ تولالىقى
بىرلە ئۆلۈپدۇرلەر. بەس، پادشاھ بۇيرۇدىكىم: «سەنجارىبنى ئۆلۈكلەر
ئارالىدىن ئىزدەپ تاپىڭلار.» ئاخىر، بىر غاردا بۇختۇن نەسسەر بىرلە
تاپتىلەركىم، نە سپاھ لەشكەرى، نە ھەمراھ - چاكەرى بار. بەس، پادشاھ
بۇيرۇدىكىم، سەنجارىب بىرلە بۇختۇن نەسسەرنىڭ بوينىغە تۆمۈر زەنجىر
سالدىلەر. ئول زەنجىر بىرلە شەھەرنىڭ كوچاسىدا ئالىپ يۈردىلەر؛ تا
يەتمىش كۈن يۈردى ئەرسە، ھەر كۈن بىر ئارپا نان بەردىلەر. بەس، پادشاھ
بۇيرۇدىكىم، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەي ئازادە قىلغىل، تا ئۆز قەۋمىغە خەبەر
قىلغاي ۋە ھەمە پادشاھلار بەيتۇل مۇقەددەسدىن نەۋمىد بولغاي. بەس،
پادشاھ بۇلارنى ئۆز دىيارىغە ياندۇردى...... ئون بەش يىلدىن كېيىن ھەر
قىل ئەلەيھ-س. ، ھەزرەتى شۇئەيا ئەلەيھ-س. بىرلە ئاخىرەت سەفەرى
قىلدىلەر ئەرسە، بەنى ئىسرائىلدىن مىيشا ئاتلىغ بىر پادشاھ تەختغە
ئولتۇردىلەر، ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. ئاندىن كېيىن ئوغلى بوسيا
ئوتتۇز يىل پادشاھ بولدى. ئاندىن ئانىڭ ئوغلى ئاقىم ئون ئىككى يىل
دادخاھ سوردى. ئاقىمدىن كېيىن ئوغلى ھەشەش ئۈچ ئاي كامران بولدى
ئەرسە، بەنى ئىسرائىل فەساد ئاشكارا قىلدىلەر...... ئاندىن بۇختۇن نەسسەر
كەلدى، ئول پادشاھنى ئەسىر قىلدى؛ كۆزىگە مەيل تارتتى، فەرزەندلەرىنى
ئالدىدا تۇرغۇزۇپ ئۆلتۈردى. مەسجىدى بەيتۇل مۇقەددەسنى، ئول
شەھەرلەرنى خەراب - ۋەيران قىلدى. بەنى ئىسرائىلنىڭ تەمام
پادشاھزادەلەرىنى ئەجەم پادشاھىغە ئالىپ باردىكىم، ئول ۋەقتدە گۇشتاسىب

بىننى لەھرەسپ پادىشاھ ئەردى. بەيتۇل مۇقەددەس ۋىلايەتىنى گۇشتاسپ بۇختۇن نەسسەرگە بەردى؛ بەئزى بۇشتاسپ ئاتاپدۇرلەر.

# فەسلى دەستان
# قىسسەئى پادىشاھ لەھرەسپ

ئانداغ ئەيتىپدۇرلەركىم، قاچانكىم لەھرەسپ ئەجەمدە پادىشاھ بولدى، باشىغە تاج قويدى. بىر تەخت ئەتتۇردى ئالتۇندىن، تۆرت پۇتىنى ياقۇتدىن؛ ئول تەختدە ئۆزى ئولتۇردى. سىپاھ لەشكەرىنى مەردۇمەردانەلەرنى ئىلغاپ، ئىنئ - روزانە بۇيرۇدى بۇختۇن نەسسەرنى لەشكەر بىرلە ئىراق زەمىنگە بۇيرۇدى ۋە ئەيدى: «زەمىنى ئىراق شامدىن يەمەن، ھەددى مەغرىب زەمىن تا روم سەرھەددىغە ساڭا؛ مەن بەلخدە ئولتۇرۇرمەن. تاكى تىرىكلەر ئەھۋالىدىن خەبەر ئالادۇرمەن.» بەس، بۇختۇن نەسسەرلەشكەرى تەمام بىرلە بەلخدىن يۈردى. تا دەريايى دەجلەگە باردى؛ دەجلەدىن ئۆتۈپ دىمەشقغە باردى. ئەھلى دەمەشق بىرلە سۇلھ قىلدى. نەچەند شەھەرلەرنى ئالدى. بىر سەردارنى بەيتۇل مۇقەددەسغە ئەلچى ئىبەردى. ئول ۋەقتدە بەنى ئىسرائىلغە ھەزرەتى داۋۇد ئەلەيھ-س. نىڭ ئەۋلادلارىدىن بىرى پادىشاھ ئەردى. ئول ئەلچى بىرلە سۇلھ قىلدى. ئول ئەلچى بەنى ئىسرائىلنىڭ ئۇلۇغلارىنى گۆرۆھ ئالىپ ياندى. چۇن شەھەرى تەبەرىيەگە يەتتى ئەرسە، خەبەر كەلدىكىم، بەنى ئىسرائىل سۇلھغە پۇشمان بولۇپ، ئول پادىشاھنى بىزگە خىيانەت قىلدىڭ دەپ ئۆلتۈرۈپ، جەڭ - مۇھارەبەگە تۇرۇپدۇر. ئول ئەلچى بۇ خەبەرنى بۇختۇن نەسسەرغە ئىبەردى. بۇختۇن نەسسەر جەۋاب ئىبەردىكىم: «ھەر يەرگە يەتىپسەن ئاندا توختاغىل، تا مەن يېتىپ ئۇلار ئۆزەسىگە بارۇرمەن.» بەس، ئول ئەلچى بەنى ئىسرائىلدىن ئالغان كىشىلەرنى ئۆلتۈردى. ئاندىن، بۇختۇن نەسسەر لەشكەرى بىرلە بەيتۇل مۇقەددەسغە كەلدى، تىغ تارتىپ بەيتۇل مۇقەددەس خەلقىنى قەتل ئام قىلدى؛ زەن - فەرزەندلەرنى ئەسىر - بەندە قىلدى.

بۇ ۋەقتدە بەنى ئىسرائىلغە ئەرمىيا ئاتلىغ بىر پەيغەمبەر ئىبەردى.

ھەزرەتى ئەرمىيا بۇلارنى فەساد ئىشلاردىن نەھى قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «سىزلەرگە بۇختۇن نەسسەر ئاتلىغ بىر پادىشاھ مەشرىق تەرەفىدىن كېلۇر، سىزلەرنى تەمام ئۆلتۇرۇر؛ زەن - فەرزەندىڭلەرنى ئەسىر قىلۇر. سىزلەر فەساد ئىشلارنى قىلماڭلار.» بۇلار ھەزرەتى ئەرمىيا ئەلەيھ-س. نى زىندانغە سالدىلەر ۋە نەچەند يىل قالدىلەر. تاكى بۇختۇن نەسسەر كەلدى، خەلايىقلارنى ئۆلتۇردىلەر، شەھەرنى خىراب - ۋەيران قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەرمىيا ئەلەيھ-س. نى زىنداندىن چىقاردىلەر. ئەيدىكىم: «نە كىشى سەن؟» ئەيدىلەر: «مەن خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىدۇرمەن، بەنى ئىسرائىلغە كېلىپ ئەردىم، بۇ ۋاقىئەلەرنى خەبەر بەردىم، مېنى زىندانغە سالدىلەر.» بۇختۇن نەسسەر بۇلەرغە ئىززەت - ئىكراملار قىلدى، بۇلارغە زۇلم - تەئەددى قىلماقدىن قول يىغدىلەر ئەرسە، بەيتۇل مۇقەددەس شەھرىنىڭ بۇختۇن نەسسەرنىڭ ئىلكىدىن قۇتۇلغان زەئىف - بىچارەلەرى ھەزرەتى ئەرمىيا ئەلەيھ-س. غە يىغىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەرمىيا دۇئا قىل، بىزنىڭ گۇناھىمىزنىڭ مەغفىرەتىنى خۇدادىن ئىلتىجا قىل.» بەس، ھەزرەتى ئەرمىيا ئەلەيھ-س. دۇئا قىلدىلەر. ھەق تەئالا فەرمان قىلدىكىم: «ئەگەر مېنىڭ مەغفىرەتىمنى ئۈمىد تۇتسەلەر بەيتۇل مۇقەددەسدە بولماقىنى خاھلاسالەر ئول مەسجىدىمگە پەرسەتىش قىلسۇنلەر.» بۇلار ئەيدىلەر: «ئاندا نېچۇك بولۇرمىز، مەسجىدنى نېچۇك بىلۇرمىزكىم ھەمە ۋەيران - باياباندۇر.» بەس، ئەرمىيا ئەلەيھ-س. نىڭ قاشلەرىدىن كەتتىلەر، مىسرغە باردىلەر. پادىشاھى مىسرغە ئەيدىلەر: «بەنى ئىسرائىل ھەمە پەيغەمبەرزادە، پادىشاھزادەلەردۇرمىز. بۇ بىزگە مەشرىق تەرەفىدىن بىر پادىشاھ زالىم كېلىپ، بەيتۇل مۇقەددەسنى بەتەمام خەراب قىلدى؛ ھەمە خەلقلەرنى ئۆلتۇردى. بىز سېنىڭ پەناھىڭغە سىغىنىپ كېلىپدۇرمىز.» بەس، ئول پادىشاھ بىنەھايەت ئىززەت - ئىكرام قىلدى. بۇختۇن نەسسەر بۇ ۋاقىئەنى ئىشتىپ، مىسرغە نامە ئىبەردىكىم: «مېنىڭ نەچەند چاكەرىم قاچىپ، سېنىڭ قاشىڭغە بارىپدۇر. ئۇلارنى ماڭا ئىبەرگىل. ۋەگەرنە مەن لەشكەرىم بىرلە بارىپ مىسرنى لەشكەرىمنىڭ ئاياغىدا نابۇد قىلۇرمەن.» ئول پادىشاھ جەۋاب ئىبەردىكىم: «بۇلار ھەمە پەيغەمبەرزادە، شاھزادە ۋە ھەمەدىن ئازادەلەر؛ ساڭا چاكەر ۋە نەۋكەر ئەمەسدۇرلەر. مەن بۇلارنى ھەرگىز ساڭا ئىبەرمەسمەن.» بۇختۇن نەسسەر تەمامى لەشكەر بىرلە

مىسرغە كەلدى. ئۇل پادىشاھ بىرلە جەڭ قىلىپ، شىكەست بەردى؛ بەنى ئىسرائىلنى ئەسىر قىلدى. ئۇلاركىم، زەمىنى شام ۋە مىسردىن قاچىپ چىقىپ ئەردىلەر. ھىجازغە كەلدىلەر، ئۇل يىل بەنى ئىسرائىل جوھۇدلار بىرلە مەدىنەنىڭ سەرھەددىغە كەلدىلەر. ئاندا نەچەند شەھەر بىنا قىلدىلەر: خەيبەر، خەيربەت، ۋادىلقەرى ئاتاپدۇرلەر. ئاندا بولدىلەر.

بۇختۇن نەسسەر مىسردىن يانىپ مەغرىب تەرەفىگە يۈردى، تاكى مەغرىب زەمىنگە بارىپ ھەمە شەھەرلەرنى خەراب قىلىپ، پادىشاھلارنى ئۆلتۈردى. خەلقنى ھەمە قەتل قىلدى. ئاندىن يانىپ ئىراقغە كەلدى. ئاندىن دەريايى دەجلە لەبىگە تۈشتى. ئاندا ھەمە شەھەرلەردىن ئالغان ئەسىر - بەندەلەرى، تەمام خەزىنە - دەفىنەلەرى ھەمراھ ئەردى. ھەزرەتى دانىيال ئەلەيھ.س. نى ھەمە ئەھلى فەلەستىن بىرلە ئەسىر ئالىپ ئەردى، ئۇلار ئاراسىدا ئەردىلەر. ئانىڭ شۇم ۋە نامۇبارەك قەدەمى يەتكەن شەھەرلەر چەندان خەراب ئەردى، ھىچ چەررەندە - فەررەندە يوق ئەردىلەر. بۇلار ئاراسىدىن ھەزرەتى ئەرمىيا ئەلەيھ.س. نى بىلىپ ئەردىلەركىم، ئۇلەرنى بەندە قىلماغان ئەردى. ئەرمىيا ئىبرانى تىلىدۇر، ئەرەبى تىلدا ئاتلارى ئەزىر. ھەزرەتى ئەرمىيا ئەلەيھ.س. بەيتۇل مۇقەددەسكە كەلدىلەر. كۆردىلەركىم، ئۇل شەھەرلەر ھەمە خەراب - ۋەيراندۇر؛ كەنتلەرى قالۇق ۋە ئادەم فەرزەندى يوق؛ دەرەختلەرنىڭ مېۋەلەرى تۆكۈلۈپ تۇرۇپدۇر، ھىچ زىيجانغە ئانىڭدىن خەبەر يوق. بەس، چاشت ۋەقتى ئەردى، ھەۋا قىزىغ، تەنھا ۋە مەلالەتدىن كۆڭۈللەرى غەملىك، بىر دەرەخت سايەسىدە ئۇيقۇلادىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا جانلەرنى ئالدى، ئۇلەر ئاندا ئۆلۈك يۈز يىل قالدىلەر.

بەس بۇختۇن نەسسەر زەمىنى بابىلغە كەلدى، لەھرەسىب بەلخدە ئۆلگەن ئەردى، ئوغلى گۇشتاسىب پادىشاھ بولغان ئەردى. بۇختۇن نەسسەرنى ئاتام دەر ئەردى. بەس، گۇشتاسىب ھەمە بەنى ئىسرائىل ئۇلۇغلارىنى بەيتۇل مۇقەددەسكە ئىبەردى، تاكى ئۇل شەھەرلەرنى ئاباد قىلغايلەر.

## فەسلى دەستان
## قىسسەئى پادىشاھ گۇشتاسىب

بەس، گۇشتاسىب بەلخدە پادىشاھلىقغە ئولتۇردى ئەرسە، ئاگاھ ئەرز قىلدىلەركىم، زەمىنى شام، بەيتۇل مۇقەددەس، زەمىنى فەلستىن - بۇ

شەھەرلەرنى بۇختۇن نەسسەر ۋەيران قىلغان، خەلقى ئەتىراپ - جانىبقە پەراكەندە بولغان، ئاندا سەبىائ - دەررەندەلەر ئەشيان ۋە مەكان تۇتقاندۇر. بەس، گۇشتاسىپ بىسيار مەلۇل بولدى. چۈنكى ئەجەمنىڭ پادشاھلارى تەجەممۇلنى دوست تۇتار ئەردى. بەس، بۇختۇن نەسسەرنى كەلتۈرۈپ، ئورنىغە كىشى ئىبەردىكىم، ئاتى كۇرەس ئەردى؛ ئەيدى: «سەن بارىپ، ئول ئەسىرلەرنى بەيتۇل مۇقەددەسكە ئىبەرگىل؛ بۇيرۇغىل شامدا ھەر جاي ۋە مەقامدا ھەر ۋەيرانەلىككى بار ئەردى ئاباد قىلسۇنلەر. مەن ئۆز خاھىشلەرىچە ئۆز ئەۋلادلارىدىن پادشاھ قويارمەن.» بەس، ئول كۇرەس زەمىنى بابىلغە كەلدى، تەختغە ئولتۇردى، مۇنادىي قىلدۇردىكىم: بەنى ئىسرائىلدىن بەيتۇل مۇقەددەسكە بارسۇن، ئول دىيارنى ئاباد قىلسۇن! بەس، ئانچەكى بەنى ئىسرائىلدىن ئەسىرلەر بار ئەردى، ھەمە يىغىلدىلەر. بىسيار خەلقلەر جەمئ بولدىلەر. كۇرەس ئۇلارغە لۇتف - مەرھەمەتلەر قىلدى، ئۆز ۋەتەنلەرىگە ياندۇردى. ھەزرەتى داۋۇت ئەلەيھ-س. نىڭ ئەۋلادلارىدىن بىرىنى پادشاھ قىلدى. بەس، بەيتۇل مۇقەددەسكە كېلىپ، ئانچە ئاباد قىلدىلەركىم، ئىلگەركىدىن زىيادە ئاباد بولدى.

بەس بۇختۇن نەسسەر بەلخدە گۇشتاسىپ قاشىدا بولدى ئەرسە، گۇشتاسىپ سەرزەنىش قىلدى؛ ...... ئەمما ئۇقۇبەت قىلمادى. چۈنكى بۇختەن نەسر گۇدەرز ئەۋلادىدىن، ئەجەم ۋىلايەتىدە ئۇلۇغ ئەردى. لەھراسىبغە ۋە پادشاھلارغە خىزمەت قىلغان ئەردى. ئانىڭ قىسسەسى يەنە كېلۇر. گۇشتاسىپ بىنەھايەت ئادىل ئەردى. مەشرىقدىن مەغرىبغە تەمام ئالەمنى ئاباد قىلدى. ئاتەشپەرەستلەر دىنىغە ھىچ پادشاھ مۇنىڭدەك نۇسرەت بەرمەدى. ئاتەشپەرەستلەرنىڭ بىر پەيغەمبەرى بار ئەردى زەردۇشت ئاتلىغ. ئول ھەزرەتى ئەزىر ئەلەيھ-س. نىڭ شاگىردلەرىدىن ئەردى، ھەزرەتى ئەزىرغە خىلاف قىلدى ئەرسە، ئۇلەردۇئايى بەد قىلدىلەر. خۇداي تەئالا ئانى خەلققە بائىسى فىتنە قىلدى. بەنى ئىسرائىل ئانى قوغلادىلەر ئەرسە، ئىراقغە باردى. گۇشتاسىپ قاشىدا بولدى ۋە پەيغەمبەرلىك دەئۋا قىلدى، ئەيدى: «مېنى خۇداي تەئالا ساڭا پەيغەمبەر ئىبەردى. بۇ ئاتەشپەرەستلىكنىڭ خۇداي تەئالاغە خۇش كەلدى.» بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ئاتەشپەرەستلىكنى، مۇغ خەلقى دىنىنى ئول پەيدا قىلدى. ناسەزا ئىشلارنى ئول پەيدا قىلدى. بۇ زەردۇشت

ھەزرەتى ئەزىرئەلەيھ-س. دىن نەچەند ئەلامەتلەرنى كۆرۈپ ئۆرگەنىپ ئەردى؛ چەندان رەمزلەر ۋە يەنە سىھر - جادۇلۇقدىن ھەم بىلۈر ئەردى. ئول كىتابىنى «ياژىندە ۋاستا» ئاتادى، بىسيار چوك كىتاپ ئەردى.

بەس، گۇشتاسبدىن كېيىن بەھمەن پادشاھ بولدى.

## فەسلى دەستان
## قىسسەئى بەھمەن بىننى ئىسفەندىيار روينەتەن

بەس، بەھمەن تەختغە ئولتۇردى ئەرسە، تەمام پادشاھلارغە ئەلچى ئىبەردى. ھەمە جەھان پادشاھلارى ئاڭا ئىتائەت قىلدىلەر. بەنى ئىسرائىل شامدا بىسيار بولۇپ ئەردىلەر. تەمام شەھەرلەرنى ئاباد قىلىپ ئەردىلەر؛ ھەزرەتى ئەزىر ئەلەيھ-س. ۋەفات بولغان ئەردىلەر. بەنى ئىسرائىلدىن ئۆزلەرىگە بىرنى پېشۋا تىكىپ، «تەۋرات» ئەھكامىنى تاشلاغان ئەردىلەر. بەھمەن ئەلچى ئىبەردى. ئول پادشاھلەرى بەھمەننىڭ ئەلچىسىنى ئۆلتۈردى ئەرسە، بەھمەن غەزەب قىلىپ، بۇختۇن نەسسەرنى چىرلادى؛ ئەيدى: «بابىل، ئىراق ۋە شام تا مەغرىب زەمىنغە پادشاھلىقنى ساڭا بەردىم. ۋە يەنە شامغە بارغىل، بەيتۇل مۇقەددەسنى خەراب قىلغىل، ئىلگەرى ھەم ۋەيران قىلىپ ئەردىڭ. لەشكەرىمدىن خاھلاغانچە ئالىپ بارغىل.» بۇختۇن نەسسەر لەشكەردىن ئەللىك مىڭ كىشىنى ئىلغاپ ئالدى؛ پەھلىۋانلاردىن ئۈچ يۈز، دانىشمەند ۋەزىرلەردىن ئۈچ كىشى ئالدىكىم، بىرى دارىئوش- مەھدىنىڭ ئوغلى، يەنە بىرى ئانۇرنىڭ ئوغلى، ئۈچۈنچى ئاخنوس. بىر يىلدا بۇ لەشكەرنى جابدۇپ راست قىلدى. ۋە يەنە سەنجارىبنىڭ ئۇرۇغىدىن بىرى بابىلدا قالغان ئەردى، ئول مىسرغە پادشاھ بولغان ئەردى. بەس، ئول ئادەم بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ مىسردىن بىسيار لەشكەر بىرلە كەلدى. بەس، بۇختۇن نەسسەر ئاڭا بىسيار ئىززەت - ئىكرام قىلدى؛ ئاڭا لەشكەر بېرىپ، بەيتۇل مۇقەددەسكە چاپاۋۇل ئىبەردى. ئاندىن ئۆزى باردى. بەيتۇل مۇقەددەسنى ئانچە غارەت - تاراج قىلدىلەركىم ئۆلەرغە چوك ئادەم ۋە مەزلۇم كىشى ھەم

قىزبالادىن بۆلەك يۇزمىڭ ئوغۇل بالا ئەسىر تۇشتى. ئاندىن يانىپ شامنىڭ دەشتىگە تۇشتى ئەرسە، بۇختۇن نەسسەر يارلىغ قىلدى، سۇرىدە تۇفراغ ئالىپ بەيتۇل مۇقەددەس شەھەرىگە سالسۇن. بەس، ھەركىمدە بىر سۇر بار ئەردى، تۇفراق ئالىپ سالدىلەر. شەھەر تۇفراق ئاستىدا قالدى. ئانداغكى، ئىراقغە كېلىپ تەختكە ئولتۇردى. ئول بەھمەن ئەلچىسىنى ئۆلتۇرگەن پادشاھ بۇئىيا بىننى قاقىم ئەردى. ئانى ئوغلى بىرلە تىرىك ئالىپ كېلىپ ئەردى. ئوغلىنى ئۆلتۇرۇپ، ئانىڭ كۆزىگە مەيل تارتىپ، ئەلچىنى ئۆلتۇرگەن بۇدۇر دەپ، بەھمەنگە ئىبەردى. بەھمەن بىسيار ستايەشلەر قىلىپ، ئىراق ۋە بابىلنى ئاڭا جولدۇ قىلىپ بېرىپ نامە ئىبەردى. بۇختۇن نەسسەر تەختىدە بەرقەرار بولدى ئەرسە، يۇزمىڭ ئوغۇلنى بەنى ئىسرائىلدىن ئىلغاپ، بەندەلىك تەرىقەسىدە ئۆزىنىڭ خىزمەتىگە قويدى. ھەزرەتى دانىيال ئەلەيھىس. بۇ ئوغۇللار جۇملەسىدە نارەسىدە ئەردىلەر. ۋە يەنە ئالتە مىڭ ئوغۇلنى سەرھەڭلەرغە بەخشىش قىلدى. قىرىق يىلدىن كېيىن ئىراقدا ئۆلدى. ئانىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى، ئورنىدا ئول پادشاھ بولدى. بەھمەن ھەم پادشاھلىقنى ئاڭا بەردى. ئول يىگىرمە ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردى. ئانىڭدىن كېيىن ئوغلى بەلت نەسسەر تەختغە ئولتۇردى. بىر يىل پادشاھ بولدى ئەرسە، فەسادلار قىلدى. بەھمەندىن يۇز ئۆيۇرمەك قەسد قىلدى. بەھمەن ئاگاھ بولۇپ، دارنوش دانىشمەندكە نامە ئىبەردى، بەلت نەسسەرنى ئۆلتۇرۇپ، تاج - تەختى ۋە مۇلك - ۋىلايەتىگە تەسەررۇف قىلغايسەن. دارنوش بەلت نەسسەرنى ئۆلتۇرۇپ، ئۈچ يىل پادشاھ بولدى. بۇ خەبەر بەھمەنگە يەتتى ئەرسە، بىسيار شاد بولدى؛ نامە ئىبەردىكىم، پادشاھلارنىڭ ئىشىنى ۋە ئەدەبلەرىنى بىجا كەلتۇرۇپ، مۇنداغ داد - ئەدل قىلغاي. ئۈچ دانىشمەندلەردىن بىرى بەھمەن قاشىدا ئۆلدى ئەرسە، يەنە بىرى — ئاخىنوسنى ئالىپ كەلدى. ئول بەھمەن قاشىدا ئەردى. ھىندىستان پادشاھى بەھمەنگە ياغى بولدى. بەھمەن ئاخىنوسغە لەشكەر بېرىپ، ھىندىستانغە بۇيرۇدى. ئاخىنوس بارىپ جەڭ قىلىپ، ئول پادشاھنى ئۆلتۇردى ئەرسە، بەھمەن ھىندىستاننى ئاڭا بەردى. دارنوش ئىراقدا ئۆلدى. بەھمەن ئىراق، بابىلنى ھەم ئاڭا سپارىش قىلدى. ئەيدىكىم: «ھىندىستانغە كىشى قويۇپ، ئىراقدا ئولتۇرغايسەن. چۇنكى سەندەك دانىشمەند جەھاننىڭ ئوتراسىدا بولغاي.» بەس، ئاخىنوس ئىراقدا بولدى. نەچچەند يىل بولدى ئەرسە، ئالەمنى ئاباد

قىلدى، ئۇل بەنى ئىسرائىللارنى ئازاد قىلدى؛ ئىززەت - ئىكرام بىرلە شاد قىلدى. ئانىڭ بىر ئۇلۇغ كۆجىدىن گۇناھ ۋاقىئ بولدى ئەرسە، ئانى ئۆلتۇرۇپ، بەنى ئىسرائىلدىن ئەسىرۇ ئاتلىغ بىر خاتۇن ئالدى. ئانىڭدىن بىر ئوغۇل تاپتى، ئاڭا ئۇل دانىشمەند كىبىرسىنىڭ ئاتىنى قويدى. ئەيدىكىم: «ئۆز قەۋمىمدىندۇر، پەيغەمبەرزادەدۇر.» بەس، ئاخىنوس ئۆلدى ئەرسە، ئوغلى پادىشاھ بولدى. بەنى ئىسرائىلنىڭ ئالىملارى ۋە ئۇلۇغلارىغە بىنەھايەت ئىززەت قىلۇر ئەردى. ئەمما، بەھمەندىن قورقۇپ، بەيتۇل مۇقەددەسكە ئىبەرەلمەس ئەردى. بەنى ئىسرائىلغە ئانامىنىڭ قەۋمى دەپ، بىنەھايەت پىش كېلۇر ئەردى.

ھەزرەتى دانىيال ئەلەيھ-س. چوڭ بولدىلەر، ئۇلەرنى ھەق تەئالا كىبىرسىغە پەيغەمبەر ئىبەردى. ئانى ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر ئەرسە، مۇسۇلمان بولدى، ئاتەشپەرەستلىكدىن ياندى. ئەمما بەھمەندىن پىنھان تۇتار ئەردى. قاچانكىم ئون ئۇچ يىل ئۆتتى، بەھمەن ئۆلدى، ئاندىن كېيىن دىنى ئىسلامنى ئاشكارا قىلدى، تەمام خەلقنى دىنى ئىسلامغە بۇيرۇدى. ھەزرەتى دانىيال ئەلەيھ-س. نى قازى قىلدى. تەمامى خەلقغە تەۋرات شەرىئەتى ھۆكمىنى جارى قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى دانىيال ئەلەيھ-س. رۇخسەت تىلەيدىلەركىم، بەيتۇل مۇقەددەسكە بارغايلەر؛ ئۇل مەسجىد ۋە شەھەرلەرنى ئاباد قىلغايلەر. رۇخسەت بەرمەدى، ئەيدى: «ئەگەر سەندەك ياخشىلاردىن يۈزمىڭ بولسە، ھەمەسى ماڭا كېرەكدۇر.» ئەمما بەنى ئىسرائىلنىڭ ھەمەسىنى بەيتۇل مۇقەددەسكە ياندۇردى. بۇختۇن نەسىر ئەسىر قىلغالى يەتمىش يىل بولۇپ ئەردى. بۇلار بارىپ، يەنە ئاباد قىلدىلەر. ھەزرەتى داينال ئەلەيھ-س. يىگىرمە ئىككى يىل كىبىرسىنىڭ قاشىدا بولدىلەر، ئاندىن (كىبىرس) ۋەفات بولدىلەر ئەرسە، بەيتۇل مۇقەددەسكە كەلدىلەر. نەچەند يىل ئاندا خۇدا ۋەندى ئالەمگە ئىبادەت قىلدىلەر.

## فەسلى دەستان
## قىسسەئى سەبا پادىشاھلارى

كەيكاۋۇس زەمانىدىن تا روزگارى بەھمەن كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، قاچانكىم، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. بىلقىسنى ئالدىلەر، سەبا ۋىلايەتىدىن تا مەغرىب زەمىن سەرھەدىغە ئۇلەرنىڭ ئەردى. بەس، ۋەفات

بولدىلەرئەرسە، ئەرەبدىن ياسىر بىننى ئۆمەر بىننى بەڭغەر ئاتلىغ بىركىمەرسە، سەبا ۋىلايەتىگە پادىشاھ بولدى. سەبا خەلقىدىن ئۇلۇغ پادىشاھلار ئەۋلادىدىن ئەردى. ئول خەلقنى ئەتراف - جەۋانىبدىن يىغىپ، دۇشمەن مۇخالىفلاردىن ئاسراپ، ئاباد قىلدى؛ ئەلۋان تۇرلۇك نېئمەتلەر فەراۋان قىلدى ئەرسە، ئەرەب خەلقى ياسىرنى - نەئىم ئاتادىلەر. يەمەن پادىشاھلارى ھەمە ھەمىدەلەر ئەردىلەر. بۇ ھەم ھەمىدە نەسلىدىن ئەردى.

بەس، سەبا ۋىلايەتىدىن پادىشاھلىقى ئاشىپ، تەمام يەمەن پادىشاھلىرىنى ئالىپ، تا ھەددى مەغرىبغە پادىشاھ بولدى. بۇ ۋىلايەتلەرنى ئاباد قىلدى. ھەر بار بايابانلارنى سەير قىلۇر ئەردى. تا بىر كۈن بايابانىدا قۇم دەرياسىغە كەلدىكىم، سۇدەك رەۋان يۇرۇپ تۇرار ئەردى؛ ئاندىن ئۆتمەك ئېھتىمالى يوق ئەردىكىم: «ئەلبەتتە ئېھتىيات بىرلە يول تاپىڭلار، ئۆتكەيمىز.» ھىچ يەردە قۇم يوق يول تاپمادىلەر. ھەمراھ بىر خىشاۋەندى بار ئەردى، ئۆمەر ئاتلىغ، بىنەھايەت دەلىر - مەردانە. ئاڭا ئەيدى: «بۇ قۇمدا مېنى باشلاپ يۇرگىل، ئارقاڭدىن ئۆتكەيمەن.» بەس، ئۆمەر ئول قۇمغە كىردى ئەرسە، دەرياغە چۆمگەندەك يوق بولۇپ كەتتى. بەس، ياسىر ئول يەردە بىر بۇت ئەتتۇردى مىسدىن، ئانى بىر تاش ئۆزرە تۇرغۇزدى، سىينەسىگە بۇ خەتنى نەقش قىلدۇردىكىم: «مۇنى يەمەنگە پادىشاھ ياسىرىن نەئىم ھەمىدە قويغاندۇر، مۇندا كېلىپ يول تاپالماي يانغاندۇر؛ ھەر كىم مۇندا بۇ قۇمغا دەلىر بولماغاي، ئەلبەتتە بۇ يەردىن يانغاي.»

ئاندىن، يانىپ يەمەنگە كەلدى، ئاندا ئۆلدى. ئانىڭدىن كېيىن تەبەئ ئاتلىغ بىر كىشى پادىشاھ بولدى. تەبەئ بىننى زەيد بىننى ئۆمەر بىننى تەبەئ. بۇ - تەبەئ ئۆلارنىڭ لەقەبىدۇر، بى دوغالات ئەردى، ھەركىمكى يەمەنگە پادىشاھ ئەردى، تەبەئلەرنىڭ ئەۋلادى ئەردى. ئۆلارنىڭ ئاتى تەبەئ بولسۇن خاھ بولماسۇن، تەبابغە دەرئەردىلەر. ئانداغكى، ئادلاردىن كېيىن مىسرغە پادىشاھ بولغانلارغە ئىملاق ئات قويدىلەر، ئۆلارنى ئىمالىقە ئاتادىلەر. بۇ كېيىنكى تەبەئ ئەردىكىم، ياسىردىن كېيىن پادىشاھ بولدى، كۇننيەتى ئەبۇكەرب ئەردى. قاچانكىم يەمەنگە پادىشاھ بولدى ئەرسە، ھەر تەرەفكە يۈزلەنسە، نۇسرەت تاپار ئەردى؛ ھەر شەھەرنى ۋە پادىشاھنى خاھلاسا ئالۇر ئەردى. ئانى يەمان ئاتار ئەردىلەر. گۇشتاسىب زەمانىدە يەمەنگە پادىشاھ

ئەردى. بەھەن روزگاردا ئىراقغە لەشكەر تارتىپ باردى ئەرسە، بىر بايابانىدىن چىقىپ، كۆھى تەيدىن ئۆتۈپ، بىر يەرگە كەلدى، كۆردىكىم خىيرە ئاتارلەر. بىر گۆشەدىن ئاندا كېلۇر ئەردى، ئاندا يول يۇتۇردى ئەرسە، ھەيران بولدى. ئول يەرگە خىيرە ئات قويدى. ئاندىن يول تاپىپ ئۆتۈپ ئىراقغە كەلدى. گۆشەئى ئەنباردىن ئۆتۈپ، دەريايى دەجلەگە كەلدى. مەۋسىل يولى بىرلە لەشكەرنى باشلاپ ئازەربايجانغە كېلىپ، ئانداقى تۇركلەر بىرلە جەڭ قىلدى؛ ئۆلارنىڭ تولاسىنى ئۆلتۇرۇپ، ئەسىر قىلىپ، ئول ئەنبار ۋە مەۋسىل يولى بىرلە يەمەنگە يانىپ كەلدى. ئانىڭ لەشكەرىدە ھەر يەردىن بار ئەردى: ئەرەبدىن بەنى ئەلا، لەھم، ھەلام ۋە قۇزائە خەلقىدىن ئاڭا لەشكەر ئەردى. ھەر ديارلارنى ئالىپ يانسە، ئول لەشكەردىن بىر مۇنچەسىنى ئاندا قويار ئەردى. تاكىم ئاندا ئىمارەت قىلىپ ئولتۇرۇر ئەردى. ھەمە پادىشاھلار ئانىڭدىن قورقار ئەردى. بەس، ھەمە پادىشاھلار ئاڭا ئەلچى ئىبەردىلەر؛ چەندان تۆھفە - سوغالار قىلدىلەر. ئۇد، ئەنبەر، مىشك، زەفەر، ھەردياردىن تۇرفە - ئەجايىب مەتائلارنى ئەلچىلەردىن ئىبەردىلەر.

بەس، ھىندىستان پادىشاھىنىڭ ئەلچىسىگە ئەيدى: «بۇ تەرىقە ئەجايىب نەرسەلەر ھىندىستاندادۇرمۇ؟» ئەلچى ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، بۇ نەرسەلەر ھىندىستاندا يوقتۇر، لېكىن چىنىستاندادۇر. نە ياخشى دياردۇركىم ھەمە شەھەرلەرى ئاباد، خەلقى غەم - مىھنەتدىن ئازاد، سۇلارى ھەمىشە جارى ۋە تازا، ئەجايىب نەرسەلەر بىئەندازە.» بەس، ئول ئەلچى ئۇنداغ تەۋسىف قىلىپ ياندى. تەبەئ چىنىستانغە قەسد قىلدى. تەمام ھەمىرلەر لەشكەرىنى يىغىپ، كابىل بىلە ھىندىستاندىن ئۆتۈپ، ئول ۋىلايەت سەرھەدىغە تۇشتى. سابىت ئاتلىغ بىر سەردارىنى بىسيار لەشكەر بىرلە چىنغە ئىبەردى. چىن ماچىن پادىشاھى ئاڭا شىكەست بەردى. بەس، تەبەئ ئۆزى ئاتلانىپ، تۇركىستانىنىڭ يولى بىرلە تۇبەتكە كەلدى. ئەرەبدىن ئون ئىككى مىڭ كىشىنى تۇبەتدە قويدى. بۇ فىكىرىدەكىم، ئەگەر شىكەست تاپساق مۇڭا قوشۇلغايمىز. ئاندىن بارىپ ئول پادىشاھ بىرلە جەڭ قىلدى. بىسيار خەلقىنى، پادىشاھىنى ئۆلتۇردى؛ تەمام شەھەرلەرنى تاراج قىلدى، ئالغان ئالتۇن - كۇمۇش، لەئل - جەۋاھىرنىڭ نەھايەتىنى كىشى بىلگەلى بولماس ئەردى. ئاندىن ھىندىستان يولى بىرلە يەمەنگە كەلدى. ئاندىن ئۆلدى. ئول تۇبەتدە قويغان لەشكەرى

ئاندا قالدى. هالاھەم تۈركىستاندا ئەرەب خەلقى باردۇركىم، بۇ تەبەئ بارىپ كەلگۈچە يەتتە يىل ئۆتتى.

# فەسلى دەستان قىسسەئى بەھمەن بىننى ئىسفەندىيار ئوغلى داراب

ئەجەم پادشاھلارى ۋاقىئەسىدە ئۆتتىكىم، گۇشتاسىبدىن كېيىن بەھمەن پادشاھ بولدى. بۇ بەھمەننىڭ لەقەبى ئەردەشىر ئەردى. ئادىل ئەردى، ئەمما ئاتەشپەرەست ئەردى، تەۋازۇئلۇغ ئەردى. ھەر نامە ئىبەرسە، ئەۋۋەلىدە ئەيتۇركىم: «مەن ئەردەشىر ئابدۇللاھ خادەمۇللاھ ئەسسائىي لىئەمر ئىبادۇللاھ، يەئنى ئەردەشىر خۇدانىڭ بەندەسى، خىزمەتكارى، خۇدانىڭ بەندەلەرىنىڭ ئىشى ـ ھاجەتىگە سەئى قىلغۇچى» دىگەن بولۇر. ئانىڭ ھىكمەت كىتابلارى بار ئەردى. ئانىڭ ۋەقتى ئەردەشىر زەمانىدىن ئابدان ئەردى. كۇننيەتى ئەبۇ ساسان ئەردى. ئوغلىنىڭ ئاتى ساسان ئەردى. بىر قىزى بار ئەردى ھۇماي ئاتلىغ؛ ئاناسى بار ئەردى ئەسبورەيان ئاتلىغ، بەنى ئىسرائىل پادشاھى تالۇتنىڭ فەرزەندلەرىدىن. ئول ئىسفەندىيارنى رۇستەمنىڭ ئۆلتۈرگەننى بىلۇر ئەردى. بىنەھايەت تەدبىرلىك ۋە ئاقىل ئەردى. قاچانكىم، ئول سەلتەنەت تەختىدە بەرقەرار بولدى ئەرسە، ئاناسى ئەيدى: «ئەي بەھمەن، ئەمدى ئاتاڭ ئىسفەندىيارنى تەلەب قىلغايسەن.» بەس، بىجاندىل قەبۇل قىلدى. لەشكەر تارتىپ سىيىستانغە باردى. رۇستەمنىڭ ئوغلى فەرامەرز بىرلە جەڭ قىلىپ، ئانى ئۆلتۈردى. تەمامى زابۇلىستاننى ۋەيران قىلدى. بىسيار مال ـ ئەمۋاللارنى ئالىپ بەلخغە كەلدى. نەچەند يىلدىن كېيىن رومىيەگە باردى. لەشكەر بىرلە جەڭ قىلىپ، زەفەر تاپىپ ياندى. ئاخىر ئۆمرىدە ھۇماينى ئالدى. ئانداغكى، مۇغلار دىنى بۇ ئەردى. ھۇماي بەھمەندىن ھامىلە بولدى. بەھمەننىڭ ئۆلەر ۋەقتى يەتتى. ھۇمايغە ئەيدى: «مەندىن كېيىن پادشاھلىقنى خاھ قىز خاھ ئوغۇل بولسۇن، قورساغىڭداقى بالاغە بەرگەيسەن.» بەس، تەمام خەلقنى يىغىپ گۇۋاھ

قىلىپ، قىزىنى تەختقە ئولتۇرغۇزدى، تاجنى بالاسىغا قويدى. تامام خەلق ئانىڭ ياخشىلىقىدىن، داد - ئەدلىدىن يەكسان قەبۇل قىلدىلار. بەھمەن ئۆلدى، ئۆلۈم مەئرىكەسىنى ئوزاتىپ، ماتەمدارلىق رەسىم تەرتىقەسىنى تۈگەتىپ، ھۇماينى تەختقە ئولتۇرغۇزدىلار. بائىتتىفات ئەيدىلەركىم: «بۇ مەلىكە بىنەھايەت ئادىلدۇر. ئەگەر بالاسى تۇغۇلۇپ، چوڭ ئوپ، ياخشى كىشى بولسە خوبدۇر، ۋەگەرنە مۇنداغ بولماسا، بۇ مەلىكە بىزگە كىفايەتدۇر.» بەھمەننىڭ يەنە ئىككى قىزى بار ئەردى، بىرى دوخت، يەنە بىرى قەرەڭ؛ بۇلار ھەم ھۇمايغە مۇۋافىق بولدىلار. ئوغلى ساسان كۆردىكىم، تامام خەلق ھەمشىرەسى ھۇماينى تەختقە ئولتۇرغۇزدى ئەرسە، پادشاھلىقدىن مۇتلەق نەۋمىد بولۇپ، خەلق ئاراسىدىن چىقىپ، بىر تاغدا سەۋمەئە ئېتىپ، ئىبادەتغە مەشغۇل بولدى. نەچەند قويلارى بار ئەردى، ئانى باقىپ يۈرۈر ئەردى. خەلق گۇمان قىلۇرئەردىكىم، ساسان ئاخىر جەڭ قىلىپ، پادشاھلىقنى ئالۇر. بەس، ساسان بۇ ئەتۋار بىرلە كۆرۈپ ئۇمىد ئۈزدىلەر. ئەيدىلەر: «بۇ پادشاھ نەسلى ئەمەس.»

بەس، ھۇماي توققۇز ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى ئەرسە، فىكر قىلدىكىم، پادشاھلىق قولۇمدا تۇرماس، مۇنى ئۆلتۇرگەيمەن. يەنە تاقەت قىلماي، ئانى پىنھان قىلدى. خەلقغە «بويۇمدىن تۇشتى» دەپ بىلدۇردى. ئانى ساندۇق ئەتتۇرۇپ، بىسيار جەۋاھىر - گەۋھەر هاي پۇر قىممەت بىرلە ساندۇقغە سالىپ، شىكافلارىنى مەھكەم قىلىپ، دەريايى بەلخغە تاشلادىلەر. دەريا لەبىدە بىر ئۇشتەگەر ئۆز مەشغۇللۇقىدا ئەردى. ساندۇق ئاقىپ كەلدى. دەرھال ئۆزىنى دەرياغە تاشلاپ، ساندۇقنى ئالىپ چىقتى، ئىگىنىگە يۆرگەپ ئۆيىگە ئالىپ كەلدى. كۆجى ئەيدى: «بۇگۇن نېچۇكدىن پات كەلدىڭ؟» ئول ساندۇقنى ئالىپ كۆرسەتتى. ئىشىكنى ئېتىپ، ساندۇقنى ئاچتىلەر. كۆردىلەركىم بىسيار مال بىرلە بىر بالانى قويۇپدۇرلەر. كۆجىگە ئەيدى: «ھەق تەئالا بىزگە بۇ ئوغۇلنى بېرىپدۇر، كۆرگىلكىم، خۇدايىم نە ئەتا ۋەكەرەم قىلىپدۇر.» ئول بالانى ياخشى پەرۋەرىش قىلدىلەر. سۇدىن تاپقان ۋەجھىدىن «داراب» ئات قويدىلەر. تا سەككىز ياشغە كەلدى ئەرسە، بىر كۈن ھۆنەر ئۆرگەتمەك ئۇچۇن دوكاندا قويدى. داراب دوكاندا ئولتۇرماي قاچتى. ئاتاسى سوقتى. داراب ئەيدى: «سەن ئاتام ئەمەس، سېنىڭ ھۆنەرىڭنى

ئۆرگەنمەسمەن. مېنى مەكتەپكە بەرگىن. تا ئىلىم - ئەدەب دانىش كەسىپ قىلۇرمەن.» بەس، دارابنى مەكتەپكە بەردى. ئىلىم - ھېكمەت بەركەمال بولدى. ئاندىن ھۇماينىڭ سىپەھسالارىغە نەۋكەر بولۇپ، لەشكەردارلىق، خەنجەرگۇدازلىق رەسم - ئايىنلارنى تەئلىم ئالدىلەر. بەس، يىگىرمە ياشقە كىردى، جۇۋانە بولدىكىم، مانەندى بولماغاي، پەھلىۋان چىقتىكىم، ھەمتا ۋە رابەندى چىقماغاي؛ بىنەھايەت خۇش فەھم ۋە ھىممەتلىك، دىلاۋەر شۇجائەتلىك ئەردى. بىر كۈن ئەندىشە قىلدىكىم: «مەن بۇ ئادەمنىڭ ئوغلى ئەمەسدۇرمەن، چۈنكى ئانىڭ مېھرى مېنىڭ كۆڭلۈمدە يوقتۇر، مېنىڭ ھېچ ئەۋزائ - ئەتۋارىم ئانىڭدا يوقدۇر.» بىر كۈن، ئۆشتەگەر داراب بىرلە جېدەل قىلدى ۋە ئەيدى: «مەن ئاتاڭدۇرمەن، مېنىڭ فەرمانىمنى تۇتماسسەن! بارىپ ئاناڭدىن سورغىلكىم ئاتام كىمدۇر دەپ؟» ئۆشتەگەر دوكانغە چىقتى، داراب ئۆيگە كەلدى، ئىشىكنى ئەتتى؛ شەمشەرنى قولغە ئالدى، ئول مەزلۇمنى قورقۇتۇپ ئەيدى: «راست ئەيغىلكىم، ئاتام كىمدۇر؟ ئەگەر راست ئەيتۇرسەن مەندىن قۇتۇلۇرسەن، ۋە گەرنە مەن بۇ شەمشەرى زەھەر ئالۇدە بىرلە سەندىن دەمار روزگار چىقارۇرمەن. باشىمنى ئالىپ كەتكەنىمچە بارۇرمەن!» بەس، ئول مەزلۇم ئەۋۋەلدىن ئاخىرغە بەيان قىلدى. داراب شەمشەرنى غىلافغە سالىپ، ئەيدىكىم: «ئول دۇررگەۋھەردىن ھېچ نەرسە قالدىمۇ؟» ئەيدى: «باردۇر.» داراب ئەيدى: «كەلتۇرگىل.» مەزلۇم بارىپ بىر مۇنچە دىنار، بىر مۇنچە دۇرر - گەۋھەر كەلتۇردى. داراب ئالىپ چىقىپ، سىلاھ ۋە ئات - ياراغ ئالىپ، ئۆزىنى جابدۇدى. مۇسەللەھ ۋە مۇكەممەل بولۇپ، ئۆزىنى ياقاغە ئالغاي.

ھۇماي بەلخدىن ئول سىپەھسالارغە نامە ئىبەردىكىم ئاڭا نەۋكەر بولۇپ ئەردى. ئەيدىكىم: «لەشكەر ئالىپ پالان كۈنى كەلگەي ۋە پالان يەردە تاپشغايمىزكىم مەن رومغە قەسد قىلىپدۇرمەن.» سىپەھسالار دارابغە خەبەر ئىبەردىكىم، مۇندا كەلگەيسەن. بەس، داراب فەرمان تۇتۇپ، ياراغ - جابدۇغىنى ئالىپ، ئول ئاتا - ئاناسى بىرلە خوبلاشىپ، ئول سىپەھسالار لەشكەرى بىرلە بەلخكە كەلدى. بەس، لەشكەرنى قەرارگاھدا تۇشۇرۇپ، بىر كۈن يەسال قىلدىلەر ئەرسە، ئۈچ يۈز مىڭ ئاتلىغ سەرھىساب باردى. ھۇماي لەشكەرگە روزانە بىرۇر ئەردى. بەس، سىپەھسالار دارابنى ھۇماي قاشىغە

ئېلىپ باردى، تاكىم ئاڭا ھەم روزانە تەئىن قىلغان. بەس، ھۇمايىنىڭ نەزەرى دارابغە تۇشتى ئەرسە، كۆزىدىن ياش رەۋان بولدى؛ ئانالىق مېھرى - شەفقەتى تومۇرى ھەركەتكە كەلدى، مۇھەببەت شىرى پىستانلىرىدىن ئاقا باشلادى. ئەيدى: «بۇ جۇۋان كەيانىي مەنزەر قايدىندۇر؟» سىپەھسالار ئەيدى: «بىلمەسمەن، ئەمما نەچەند مۇددەتدۇركىم ماڭا نەۋكەرلىك قىلۇر، رومغە بارماقغە دەلالەت قىلۇر.» ھۇمايىنىڭ كۆڭلى ئۆرتەندىكىم، ئەگەر مەن ئوغلۇمنى پەرۋەرىش قىلسام ئەردى، ھالا مۇنداغ بولغاي ئەردى.» بەس، دارابغە سەرپاي قىلدى. ئاندىن لەشكەرگە يارلىغ قىلدىكىم: «تەمام لەشكەر دۇشنەۋازنىڭ بولسۇنلەر مەندىن ئۆزگەگە تابىـ.» بۇ دۇشنەۋاز لەشكەرنى ئېلىپ يۇردى تاكى رومغە يەتتىلەر ئەرسە، قەيسەرى رومنىڭ ھەم لەشكەرى مۇھەييا ئەردى. چىقىپ لەشكەر ئالدىغا تۇشتى. ئەرتەسى ئىككى تەرەفدىن سەف ئارەستە قىلدىلەر ۋە جەڭ تۇزدىلەر. ئىككى لەشكەر ئېلىشىپ ئانداغ جەڭ قىلدىلەركىم، زەمانەنىڭ كۆزى مۇنداغ جەڭنى دۇبارە كۆرمەگەندۇر. داراب ئانچە شۇجائەتلىك، پەھلىۋانلىق كۆرگۈزدىكىم، تەمامىي لەشكەر تەھسىن - ئافەرىنلەر قىلىپ، ھەيران بولدىلەر. تاكى نەمازدىگەر ۋەقتى ئەردى، روم لەشكەرىگە شىكەست يەتتى، ھەرتەرەفگە قاچىپ كەتتى. دارابنى دۇشنەۋاز قاشىغە كەلتۇردىلەر. ئانىڭدىن بىنەھايەت رىزا ۋە خۇشنۇدلۇق قىلدىلەر. دۇشنەۋاز بىسيار ئىززەت - ئىكرام قىلدى؛ بىسيار تۆھفە - سوغا كەرەم - ئەتا قىلدى. داراب بىر نەيزەدىن ئۆزگەنى قەبۇل قىلمادى. دۇشنەۋاز تەئەججۇبكە قالدى، ئەيدى: «بۇ پادىشاھزادە بولغاي.» ئەيدى: «ئەي داراب، ئەسلى نەسەبىڭنى ماڭا ئەيغىـــل.» داراب ئەيدى: «مەردۇغەرىبدۇرمەن، بىلمەسمەنكىم كىمنىڭ ئەۋلادىدۇرمەن.» بەس، ئانىڭ خەيمەسىدە ۋە ئاڭا تابىـ - زىممەسىدە بولماقنى خاھلامادى. ھەر تەرەفكە باقىپ، كوھنەتاق كۆردى. ئاتغە مىنىپ ئاندا باردى. ئاتنى باغلاپ تاقغە كىردى، توقۇمىنى ئاستىغە سالىپ ياتتى. ئول كېچە ۋەھىملىك قاراڭغۇ كېچە ئەردى. يامغۇر ياغىپ ھەۋا گۇركۇرەر ئەردى. بەس، ئاندا ياتىپ ئۇيقۇلادى ئەرسە. ھەۋادىن ئۈچ نەۋبەت ئاۋاز كەلدىكىم: «ئەي تاق، ھۇشيارلىق، ئاگاھلىق بىرلە پەناھى بولكىم، سىنىڭ ئاستىڭدا ياتغان ئىران زەمىنى شاھىدۇر. بەس، دۇشنەۋاز بۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ ھەيران قالدى، نەچەند كىشى ئىبەردىكىم: «باقىڭلار،

ئانداكىم ياتىپدۇر! » بەس، كېلىپ كۆردىلەر، دارابنى ئويغىتىپ ئەيدىلەركىم: «سېنى دۇشنەۋاز چىرلايدۇر. » داراب قوپۇپ ئاتىنى مىنىپ يۈردى ئەرسە، بىر ئاۋاز چىقتى، كۆردىلەركىم، خۇداي تەئالانىڭ فەرمانى بىرلە تاق يىقىلىپدۇر. بەس، دۇشنەۋاز بىنەھايەت تەئزىم - ئىكراملار قىلدى، ئۈزرلەر ئەيتتى ۋە تەلەك قىلدى: «ئەيغىل، كىمنىڭ ئەۋلادى سەن؟ » داراب ۋاقىئەنى بەيان قىلدى. دۇشنەۋاز بىسيار خىجىل بولدى. ئول كېچە خىزمەتكارلىق قىلدى. ئەرتەسى سىپەھسالارنى چىرلاتىپ ئەيدى: «ئول ئۇشتەگەرنى ئەر - خاتۇن مۇندا كەلتۈرگەيسەن. » سىپەھسالار كىشى بۇيرۇدى. بەس، ئول كۇن قەيسەرى روم بىرلە سۇلھ قىلدىلەر. قەيسەر خىراج قەبۇل قىلدى. ئاندىن ئول ئۇشتەگەر ئادەم ئەر - خاتۇن كېلىپ، داراب ۋاقىئەسىنى بەيان قىلدى. دۇشنەۋاز ھۇمايغە نامە ئىبەردىكىم: بۇ سۇفەتلىك جۇۋانە لەشكەرگە كېلىپدۇر ۋە ئانىڭ باقغان ئاتاسى ئانى تابغان ۋاقىئەسىنى بۇ تەرىقە بايان قىلدى. بەس، بۇ نامە ھۇمايغە يەتتى ئەرسە، نامەنى ئوقۇپ، بىسيار شاد بولدى. بىلدىكىم ئوغلىندۇر. جەۋاب ئىبەردىكىم: بۇ خەت يېتەر زەمان ئول ئوغۇلنى ئاتا - ئاناسى بىلە مۇندا كەلتۈرگەيسەن. بەس، دۇشنەۋاز نامە كېلىشى بىرلە لەشكەرنى ئاندا تۇرغۇزۇپ بەلخغە ياندى. ھۇماي ئول كۇن تەمام ئەركان دەۋلەتنى يىغىپ، ئالتۇن تەختغە ئولتۇردى. بەس، دارابنى ھۇماي ئالدىغە كەلتۈردىلەر. ھېچكىم گۇمان قىلماس ئەردىكىم ھۇمايىنىڭ ئوغلى بولغاي. بەس، ھۇماي تەختدىن تۇشۇپ، دارابنىڭ ئالدىغە كېلىپ، قۇچاقىغە ئالىپ يۈز - كۆزىگە بوسە قىلىپ، ئەيدى: «ئەي خەلايىق! بىلىڭلار ۋەئاگاھ بولۇڭلاركىم، بەھمەندىن بولغان ئوغلۇم شۇ بۇدۇر. ئول كۇنكى مۇنى تۇغدۇم ئەرسە، پادىشاھلىقنى قولۇمدىن ئىبەرمەكنى كۆڭلۈم خاھلاماي، مۇنى ساندۇقغە سالىپ، دەرياغە تاشلاپ ئەردىم. ئاخىر، پۇشەيمان بولۇپ، دەرد - ھەسرەتلەر تارتار ئەردىم. بۇ ئادەم دەريادىن ئالىپ پەرۋەرىش قىلىپ ئىكەن. خۇداي تەئالا ماڭا ۋە سىزلەرگە رەھمەت قىلدى. » ئول زەمان باشىدىن تاجنى ئالىپ دارابغە كىيدۈردى. ئەيدى: «بۇ ئەردەشىر ماڭا بەرگەن ئەمانەتنى ئىگەسىگە يەتكۈردۈم. » خەلق ھەيران قالدىلەر. لەشكەردىن غەۋغا چىقتى، تەمام لەشكەر دارابنىڭ باشىدىن دۇرر - گەۋھەر ساچتىلەر. ھۇماي تەمام خەزىنەلەر ئاچقۇسىنى دارابغە تاپشۇردى. داراب باشىغە تاج قويۇپ

سەلتەنەتدە بەرقەرار بولدى. نەچەند مۇددەتدىن كېيىن ھۇماي ۋەھم قىلدىكىم، بىركۈن داراب گىننىسنى چىتاروۇر ۋە مېنى ئۆلتۈرۈر دەپ، بەئزى سەردار ـ ئەمىرلەر بىرلە پارسغە بارماقغە ئىجازە تىلەدىلەر. داراب ھەم رۇخسەت بەردى ئەرسە، ھۇماي پارسغە باردى. دارابىنىڭ كۆڭلىدە ھىچ گىنە ـ غەش يوق ئەردى. ئاناسىدىن خۇشنۇد رىزالىق قىلىپ، پارسنى ئاناسغە بېرىپ، نامە ئىبەردى. ھۇماي پارس خەلقىغە داد ـ ئەدل قىلىپ، خىراجنى ئۆتۈپ، ئابادلىق قىلدى؛ ئەستەرەخدە ئىمارەتلەرنى قىلدۇرۇپ ئولتۇردى. ئۈچ يىل پارسغە پادشاھلىق قىلدى، ئاندىن ئۆلدى. داراب ئۆلۈم خەبەرىنى ئىشىتىپ پارسغە كەلدى. ئاندا بىر شەھەر بىنا قىلدى، ئاتى داراب ئات قويدى. ئول ئۆشتەگەرنى كۆچى بىرلە كەلتۈرۈپ ئىلتىفاتلار ۋە بىسيار خەير ـ ئىھسانلار قىلىپ، بېنەھايەت مال ـ ئەمۋاللارنى بېرىپ، تەبەرستانغە ئىبەردى.
ئەيتىپدۇرلەر: شىراز شەھەرنى ئول بىنا قىلدى ۋە بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ئاناسى ھۇماي بەنا قىلدى دەپدۇرلەر، گۇرۇھى ئەيتىپدۇرلەر: بەھمەن بىنا قىلدى. بەس، داراب پارسدىن ئىراق ۋە بابىلغە باردى. ئەجەم پادىشاھلارى تولاراق ئاندا ئولتۇرۇر ئەردىلەر. ئەجەم مۇلكى ئانىڭ ئەردى تا بەلخغىچە ئۆزگە پادىشاھلار ئانىڭ مۇلكىدىن پەرۋان ئەردىلەر، ئاڭا ئىتائەت قىلدىلەر ۋە خىراج بەردىلەر. ھىند، روم ئاڭا مۇسەخخەر ئەردى؛ رومدا بىر شەھەر بار ئەردى، ئانى يۇنان دەر ئەردىلەر. روم پادشاھى فىلىقۇس ئەردى، ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھ.س. نىڭ ئوغلانلەرى غەيسىنىڭ ئەۋلادىدىن ئەردىلەر. يۇنان پايتەختى مەقدونىيە ئەردى. چۈن، فىلىقۇس يۇناننى ئالدى ئەرسە، مەقدونىيەدە ئولتۇردى. ھەركىم مەقدونىيەگە پادشاھ بولسە، روم ئاڭا تابىئ ئەردى. يۇنان شەھەرىدە ھۆكۈمالار بار ئەردى، ھۆكۈمايى يۇنان دەرئەردىلەركىم، ئىلىم ـ ھىكمەت ئالەمدە ئۇلاردىن پەيدا بولدى. ئول ھىكمەت ئىلمىنى «ئىلمى ھەقىقەت» ئاتار ئەردىلەر. ئول ھۆكۈمالار ئارستالىس، بۇقرات، ئەفلاتون، مەقۋات، پلىنابىس، ھىرمۇس، جالىنوس، ئائارمون — بۇلار ھۆكۈمايى يۇنان ئەردىلەر. بۇلار سۆزلەرى نۇجۇم، مەنتىق، ھەندەسە، فەلەسەفە كىتابلارىدا بىسياردۇر. لېكىن ئول شەھەرلەر ۋەيراندۇر، ئول ھۆكۈمالاردىن ھىچ نەرسە قالماپدۇر. ئول شەھەرلەر فىلىقۇسغە ئابا ـ ئەجدادىدىن مىراس قالغان ئەردى. روم، يەمەن، جەنۇب

دىيارلارى، مەغرىب زەمىن سەرھەددىنىڭ ئابادراقى ئول ئەردى. بەس، تەمام جەھان پادىشاھلارى دارابغە خىراج بەردىلەر ئەرسە، فىلىقۇسغە ھەم نامە ئىبەردى. ئەيدىكىم: «كۆرۈپ تۇرارسەن، يەمەن، تۈرك، ھىند — تەمام ئەترافدىن ماڭا خىراج بېرۇرلەر؛ تەمام پادىشاھلار ماڭا ئىتائەت قىلۇرلەر؛ سەن ھەم باج - خىراج بەرگىل، يا خىراج بەرگىل يا جەڭگە مۇھەييا بولغىل.» فىلىقۇس ھۆكۈمالار بىرلە مەسلەھەت قىلدى. ھۆكۈمالار ئەيدى: «خىراج ئىبەرگىل، بىھۇدە جەڭ - جىدەل بولماغاي.» بەس، فىلىقۇس ھەم خىراج ئىبەردى. ئاندىن كېيىن داراب فىلىقۇسنىڭ قىزىنى ئالماقغە كىشى ئىبەردى ئەرسە، قىزىنى بەردى. نەچەند روزگار ئۆتتى ئەرسە، ھامىلە بولدى. بەس، بىر كېچە دارابغە ئاغزى بەدبۇي بۇرادى ئەردى، كۆڭلى ساغۇدى. ئانى ياندۇرۇپ ئاتاسىغە ئىبەردى. يەنە بىر خاتۇن ئالدى، ئانىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغدى، ئاڭا دارا ئات قويدى. ھۇمايدىن كېيىن ئون ئىككى يىل ئۆمۇر كۆردى. دارانى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلدى، ئاندىن ئۆلدى. فىلىقۇسنىڭ قىزى بىر ئوغۇل تۇغدى، ئانى ئىسكەندەر ئاتار ئەردىلەر، ئول زۇلقەرنەين ئەردى. داراب ئىسكەندەر زۇلقەرنەين بىرلە جەڭ قىلغان دارانى دارائى ئەسغەر دەر ئەردىلەر؛ دارابنى دارائى ئەكبەر دەر ئەردىلەر. قاچانكىم، دارا تەختغە بەرقەرار بولدى ئەرسە، تەمام مەملىكەتى ئەجەم ئانىڭ تەسەررۇفىدا بولدى؛ ھەمە پادىشاھلار خىراج قەبۇل قىلدىلەر. پادىشاھى يۇنان زۇلقەرنەيىننىڭ باباسى ئەردىلەر. دارا ئىراق، بابىلدا ئولتۇرۇر ئەردى. بەس، يۇنان پادىشاھلارى ئۆلدى ئەرسە، ئىسكەندەر تەختغە ئولتۇردى ۋە داراغە خىراج ئىبەرمەدى ئەرسە، دارا ئەلچى ئىبەردىكىم: «ئەي ئىسكەندەر، سەن ئاتاڭدىن ئۇلۇغ كۇچلۇغ ئەرمەسسەن. ئاتاڭ ئاتامغە خىراج بەرگەن ۋە ماڭا ھەم خىراج ئىبەرگەن ئەردى. سەن ھەم خىراج ئىبەرگىل.» فىلىقۇس داراغە بىرمىڭ ئالتۇن تۇخۇم ۋە يەنە نەچەند ئۇشتۇرمۇرغ تۇخۇمى خىراج بېرۇر ئەردى. ئىسكەندەر جەۋاب ئىبەردىكىم: «ئول تۇخۇم قويادۇرغان قۇش بۇ جەھاندىن پەرۋاز قىلىپدۇر.» بەس، ئەلچى ئىبەردى، ئاڭا بىر گوي، بىر چەۋگەن ۋە بىر پاتمان كۇنجۇد بەردى ۋە ئەيدى: «ئىسكەندەرگە ئەيغىلكىم، سەن كىچىك، نادان، پادىشاھلىق ۋە سەلتەنەت ئىشىنى كۆرمەگەن ۋە بىلمەگەنسەن: بۇ گوي - چەۋگەننى ئىبەردىمكىم، مۇنى ئويناغايسەن؛

ئەگەر خىراج قەبۇل قىلماساڭ، لەشكەرىمنىڭ ئەدەبىنى بۇ كۈنجۈد ھىسابىدا بىلگەيسەن.» بەس، ئەلچى ئىسكەندەرگە كەلدى ۋە بۇ سۆزلەرنى ئەيدى ئەرسە، ئىسكەندەر ئەيدى: «بۇ گوينى ماڭا ئىبەرىپدۇر، گوياكى تەمامى روي زەمىنى ماڭا بىرىپ، ئۆزىنى مەملەكەتدىن چىقارىپدۇر. چۈنكى روي زەمىن گوي مەسەللىك مۇدەۋۋەردۇر؛ بۇ چەۋگەن ئانداغ نەرسەدۇركىم، مۇنىڭ بىرلە ھەر نەرسەنى ئۆزگە تارتغالى بولۇر؛ بۇ چەۋگەننى ماڭا قۇۋۋەت زورباز بەرگەندۇركىم، سىنىڭ پادىشاھلىقىڭنى، لەشكەر - سىپاھلارىڭنى ئۆزۈمگە تارتارمەن.» ئاندىن، ئىبەرگەن كۈنجۈدنى يەرگە تۆكتۇردى، ئەللىك - ئاتمىش توخىنى ئالىپ كىرىپ قويۇپ ئەردى، ھەمەسىنى بىر سائەتدە يەپ تۈگەتتى. ئاندىن كېيىن، بىر پەيمانە قىچى ئۇرۇغى كەلتۇرۇپ ئەيدى: «ئەگەر سىنىڭ لەشكەرىڭ بۇ مىقدار بولسە، مىنىڭ سىپاھىم بۇ مىقداردۇر، بىلگىل مۇنىڭ ئەدەدى، ئانىڭدىن تولادۇر.»

بەس، ئەلچى يانىپ كەلدى ئەرسە، دارا لەشكەر يىغدى، سەككىز يۈزمىڭ كىشى خەتكە ئالدى. بەس، ئىسكەندەر ئۆزەسىگە ئاتلاندى. ئىسكەندەر ھەم لەشكەرنى كۆردى سەككىز يۈزمىڭ كىشى ئەردى. بۇ ھەم چىقىپ يۈردى. ئىسكەندەر ئۈچ يىل پادىشاھلىق قىلىپ ئەردى؛ دارا پادىشاھلىقىغە ئون تۆرت يىل ئۆتۈپ ئەردى. دارانىڭ كىبىر - ئىنادى ۋە زۇلم - بىدادىدىن تەمام خەلق ئازۇردە ئەردى؛ ھەمە خەلايىق ئانىڭ جەۋرىدىن رەنجۈر ۋە پۇژمۇردە ئەردى. بەس، ئىككى لەشكەر بىر - بىرىگە ئىراق ۋە شام ئاراسىدا جەزىرەئى ئىراقغە يىتىشتىلەركىم، مەۋسىل شەھەرلەرىنىڭ ئەترافى ئەردى. ھەر ئىككى لەشكەر ئاندا تۇشتىلەر. بىر ئاي جەڭ قىلدىلەر. بىسيار خەلق ئىسكەندەر پەناھىغە قاچىپ كىردىلەر؛ ئانىڭ بەدخۇي، زالىم، ستەمكارلىقىدىن خەبەر بەردىلەر. دارانى بۇرادەرىم دەپ بىلۇر ئەردى، دارا ھەم گۇمان قىلۇر ئەردى. ئىسكەندەر ئانچە مىقدار سەئى قىلدىكىم سۇلھ قىلغايمىز، قەبۇل قىلمادى. بەس، ئىسكەندەر تەدبىر قىلدىكىم، دارانى ئۆز سىپاھى قولىدا ھەلاك قىلغاي. بەس، دارانىڭ لەشكەرىدىن قاچىپ كەلگەنلەردىن سوردىلەركىم: «داراغە ياۋۇق، ئىئتىمادلىق كىمدۇر؟» بۇلار ئەيدىلەر: «ئىككى ۋەزىرى بار ئەردىكىم ياۋۇق ۋە مۇقەررەب كىشى، ئەمما دارادىن خەلاسلىق ئىزدەيدۇر.» بەس، ئىسكەندەر ئول ئىككى ۋەزىرغە تىل

ئىبەردىلەر. بۇ سۆز بىرلە دارانى ئۇل ۋەزىر ئۆلتۈردى؛ يەنە بىر رەۋايەتدە، ئىسكەندەر بۇ ۋاقەئەدىن بى خەبەر ئەردىلەر، ئەمما ئۇل ئىككى ۋەزىر دارادىن بىزار بولغان ئەردى. چۈنكى ئۇن مەرتەبە ئىسكەندەر بىلە جەڭ قىلىپ، شىكەست تاپىپ يانغان ئەردىلەر ۋە يەنە جەڭ قىلماققە بىتاقەت بولغان ئەردىلەر. بۇ ئىككى ۋەزىر مەسلەھەت قىلىپ ئەيدىلەر: «بۇ ئادەمنىڭ بەختى پەست ۋە دەۋلەتى يانىپدۇر، پادشاھلىققە لايىقى ھەم يوقدۇر. مۇنـــى ئۆلتۈرۈپ خەلاس بولغان ياخشىدۇر.» بۇ فىكردە ئەردىلەر. بىر كۈن جەڭگە تۇردىلەر ئەرسە، دارانىڭ لەشكەرى شىكەست تاپىپ، ھەر تەرەفكە تەفرىقە بولدى. بەس، بۇ ئىككى ۋەزىر دارانىڭ بىرى ئوڭ يانىدا، بىرى چەپ يانىدا؛ بىرىنىڭ ئاتى ماقىيار، يەنە بىرىنىڭ ئاتى جانوسار ئەردى. بۇ ئىككىسى ئىككى تەرەف داراغە پىچاق سالدىلەر، دارا ئاتدىن يىقىلدى ئەرسە، قاچىپ ئىسكەندەر قاشىغە كەلدىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «بىز دارانى ئۆلتۈرۈپ كەلدۇك.» بەس، ھەزرەتى ئىسكەندەر نەچەند خاس كىشىلەرى بىرلە پىيادە قاشىغە كەلدىلەر. كۆردىلەركىم، دارا خۇن ئالۇدە ياتىپدۇر، جان ئاغزىغە يىتىپدۇر. بەس، ئىسكەندەر دارانىڭ باشىنى قۇچاقىغە ئالدىلەر، يۈزىدىن تۇفراقنى ئەرتىپ يىغلادىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «ھەرگىز ساڭا بۇ ھالنى رەۋا كۆرمەدىم. ھەرچەند سۈلھ - ئىتتىفاق سۆزىنى ئەيدىم، سۇد قىلمادى. بۇ ئىشدىن مەن بىخەبەر ئەردىمكى، ئۆز كىشىلەرىڭ قىلدى. ئەمدى، ھەر ھاجەت ۋەسىيەتىڭ بولسە، بۇيرۇغىل بىجا كەلتۈرگەيمەن.» بەس، كۆزىنى ئاچتى، ئەيدى: «ماڭا يىغى - نالەدىن باشقا ھىچ سود يوقدۇر. سەن ئانچە نەسىھەت قىلدىڭ، قەبۇل قىلمادىم. ماڭا جەھاندىن نەسىبە مۇنچەلىكدۇر. ساڭا ئۈچ ۋەسىيەتىم باردۇر: بىرى ئولكىم، مېنى ئۆلتۈرگەن كىشىدىن خۇنۇمنى ئالغايسەن؛ ئىككىنچى ئۇلۇغ ياخشىلارنى خار - بىئېئتىبار قىلماغايسەن، پەست ۋە يامانلارنى ئۇلۇغ ۋە سەردار قىلماغايسەن؛ ئۈچۈنچى مېنىڭ تەختى - بەختىمنـــى ۋەيران قىلماغايسەن تاكى سەندىن ھەم ئاتىم ئۆچمەگەي.» ئىسكەندەر ئەيدىلەر: «قەبۇل قىلدىم.» لېكىن يەنە ئەيدى: «قىزىم روشەڭنى ئەقدە نىكاھىڭغە ئالىپ، ئانى ئىززەت - ئىكرام قىلىــپ، ھەمە ھەمخانەلەرىڭدىن ئۇلۇغ كۆرگەيسەن. ئانىڭدىن فەرزەند تاپساڭ ئىران زەمىنىنىڭ پادشاھلىقىنى ئاڭا بەرگەيسەن. مېنىڭ بۇ ۋەسىيەتلەرىمنى قەبۇل قىلغىل. تاكى ئاسان جان

بەرگەيمەن؛ بۇ جەھان فانىغا كۆڭۈل باغلىماغايسەن، زىنھار مېنىڭ قانىمنى زايىئ قىلماغايسەن.» دەپ كۆزلىرىدىن ياش رەۋان بولدى؛ نەچچەند ئاھى سەرد تارتتى، ئاندىن جان بەردى. ھەزرەتى ئىسكەندەر ئانى تا بۇتغە سالدىلەر، تەئزىيەت ئىشلىرىنى تەمام قىلىپ دەفن قىلدىلەر. ئۈچ كۈن ماتەمدار بولدىلەر. تۆرتىنچى كۈنى تەختتە ئولتۇردىلەر؛ ئۆزلىرىنىڭ ۋە دارانىڭ لەشكەرىنى سەرھىساب باردىلەر، مىڭ مىڭ يەنە ئالتە يۈزمىڭگە قەلەم يۈردى. ئاندىن خۇتبە ئوقۇدىلەر، داد - ئەدل ۋە ياخشىلىق ۋەئدەلىرىنى قىلدىلەر. ئاندىن ئول ئىككى ۋەزىرنى كەلتۈرۈپ، دارغا ئاستۇرۇپ، مۇنادى قىلدۇردىلەركىم: ھەر كىشى ئۆز پادىشاھى ھەققىنى فەراموش قىلىپ، خىيانەت قىلسە، جەزاسى ئۇشبۇدۇر. ئاندىن، روشەڭنى ئالدىلەر. سىپاھ ۋە رەئىيەدىن خىراج - ئۇشرەنى يىغدىلەر، ھېچ كىمنى گۇناھكار ۋە ئەسىر قىلمادىلەر، ھېچ يەرنى تالان - تاراج قىلمادىلەر؛ ھەر دىياردا زالىم - ناپكارلار بار ئەردى، ئۆلتۈردىلەر؛ ئەمەلدارلار دەفتەرىنى كۆيدۈردىلەر. ئەجەم ھۆكۈمالارىنى يىغىپ، ھىكمەت كىتابلارىنى پۈتۈپ، يۇنان تىلىغە ئۆيرۈپ، يۇنانغە ئىبەردىلەر، تاكى بىھىكمەت ئىش قىلماغايلەر. ئاندىن ھەر شەھەرگە بارىپ، ئول شەھەرنىڭ سەردار - ئۇلۇغلارى مەنسەبىنى ئالىپ، تايىف پادىشاھلارىدىن بىرىنى قويدىلەر، تاكى ئۇلار گىنە - ئىنتىقام ئالماقغە بۇيرۇغايلەر ۋە ئول شەھەرلەرنى زەبت قىلغۇدەك دۈشمەندىن ساقلاغۇدەك پادىشاھى يوق ئەردى. بۇ سەبەبدىن پادىشاھلىق ئىشى پات خەراب بولۇر، ھەرۋەقت بىر - بىرى بىرلە جەڭ قىلۇر ئەردىلەر؛ پادىشاھلار بىر - بىرىگە مۇخالىف ئەردىلەر. بەس، ئىسكەندەر ئەجەم ۋىلايەتىدە تايىف پادىشاھلارىدىن شەھەرلەرگە پادىشاھ قويۇپ، بەلخكە كەلدىلەر. ئاندىن كېيىن ھەر شەھەرگە كەلدىلەر، ئۆز پادىشاھىنى ئورنىدا قويۇپ ئۆتتىلەر. روشەڭنى يۇنانغە ئىبەردىلەر. ئاندىن ئەسفەھاندا بىر شەھەر بىنا قىلدىلەر. يەنە خوراساندا بىر شەھەر بىنا قىلدىلەر. ئاندىن ئۆتۈپ ھىندىستانغە باردىلەر؛ پادىشاھى ھىندىستان بىرلە جەڭ قىلدىلەر، ئانى ئۆلتۈرۈپ، ئورنىغە پادىشاھ قويۇپ، تۈبەتكە باردىلەر. ئاندىن ئۆتۈپ خىتاي بىرلە مەشرىق زەمىنىگە باردىلەر. ھەر شەھەرگە باردىلەر، زالىم پادىشاھلارنى ئۆلتۈرۈپ، خەزىنە - دەفىنەلەرنى ئالىپ، ئورنىغە ئادىل پادىشاھنى قويدىلەر. ھەر شەھەرنى

خەراب قىلدىلەر، ئانىڭ بەدەلىدە يەنە بىر شەھەرنى بىنا قىلدىلەر. ئاندىن يانىپ مەغرىب زەمىنىگە كەلدىلەر. ئاندا زۇلۇماتنى ئىشتىپ ئەردىلەركىم، زۇلۇماتدا چەشمەئى ھەيات باردۇر؛ ھەركىم ئول چەشمەدىن ئىچسە، تا قىيامەتغىچە ئۆلمەگەيلەر. بەس، ھەزرەتى ئىسكەندەر نەچەند خاس كىشىلەرى بىرلە زۇلۇماتغە كىردىلەر. بەئزىلەر تۆرت يۈز كىشى ئەردىلەر دەپدۇرلەر، ئاندىن زىيادە ھەم دەپدۇرلەر. ئون سەككىز كۈن يۈردىلەر، ھىچ نەرسە تاپمادىلەر. ئاندىن يانىپ چىقىپ، ئىراقغە كەلدىلەر. ئاندا بىر شەھەردۇر، ئانى شەھەرى روز ئاتارلەر، ئاندا كەلدىلەر ئەرسە ئۆلدىلەر. تابۇتغە سالىپ ئانالەرى قاشىغە ئالىپ باردىلەر، ئاندا دەفن قىلدىلەر، ئوتتۇز ئالتە يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. ھەزرەتى ئىسكەندەرنى ئول ۋەجھىــــدىن زۇلقەرنەين ئاتادىلەركىم: «قەرن» دەپ باشنى ئەيتۇرلەر؛ بۇ ئالەمنىڭ بىر باشــــى مەغرىبدۇر، بىر باشى مەشرىق. بەس، ھەزرەتى ئىسكەندەر مەشرىقدىن مەغرىبغە يۈردىلەر ئەرسە، زۇلقەرنەين ئاتادىلەر. چۈنكى جەھان ئىككى باشىنى ئالدىلەر.

## فەسلى دەستان
## يۇنان پادىشاھلارى زىكرى

مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتۇر: ئۇلار تەقرىرىنى بەيان قىلۇرمەن، ۋەقتىكى زۇلقەرنەين ۋەفات تاپتىلەر ئەرسە، تابۇتلەرى بىرلە پادىشاھزادىلەر ۋە يۇنان لەشكەرى بولۇپ، سەككىز يۈز مىڭ كىشى يۇنانغە كەلدىلەر. ئاندا دەفن قىلدىلەر. ئاندىن كېيىن، دەريايى دەجلەنىڭ بۇيان تەرەفىكىم ئەجەم ۋىلايەتىدۇر. ئانداغكى، ئىراق، بابىل، ئەسفىھان، كۇھىستان، تەبەرىستان، كىرمان، خوراسان -- بۇ شەھەرلەر ھەمە تايىف پادىشاھلارىنىڭ تەسەررۇفىدا ئەردى. ھەر شەھەرگە بىر پادىشاھ پەيدا بولدى، ھىچكىم بىر - بىرىگە تابىئ ۋە فەرماندار بولمادى؛ كىشى كىشىگە خىراج بەرمەدى. دەريايى دەجلەنىڭ ئول تەرەفى زەمىن ئىراقدىن تا مەۋسىل، جەزىرە، كۇفە، بادىيە، شام، ھىجاز، مىسر، يەمەندىن تا مەغرىب زەمىن سەرھەدىغە يۇنان پادىشاھلارىنىڭ

قولىدا ئەردى. ھەمە زۇلقەرنەيننىڭ خىش ـ ئەقرەبا ۋە قەياش ـ قەبىلەلەرى ئەردىلەر. ھەزرەتى ئىسكەندەرنىڭ بىر ئوغلانلەرى بار ئەردى. ئانى كىچىكىدە ئارىستالىس ھەكىمغە بېرىپ ئەردىلەر. ئانى ئارىستالىس چوڭ‌ئوتۇپ، ئىلىم ـ ھىكمەت ئۆرگەتىپ، كەمالغە يەتكۇرۇپ ئەردىلەر. تەمام يۇنان لەشكەرى ئاڭا يىغىلدىلەر. تەمام مەملەكەتنى ئاڭا تاپشۇردىلەر ئەرسە، قەبۇل قىلمادى ۋە ئەيدى: «مەن پەرۋەردىگارىم قۇللۇقىنى قىلۇرمەن، ئاخىرەت ئىشلەرىنى پۈتكەزۇرمەن؛ ماڭا بۇ ئالەم فانىي كېرەك ئەمەستۇركىم، ھەرچەند پادىشاھلىقدا ئۇلۇغ بولسام، ئاتامدىن زىيادە بولالماسمەنكىم، ئاخىر ئۆلۇمدۇر.» بەس، خەلق ئاراسىدىن چىقىپ، ئىبادەتغە مەشغۇل بولدى. سىپاھ ـ لەشكەر ناچار زۇلقەرنەيننىڭ ئەۋلادىدىن لەۋئۇس ئاتلىغ بىر كىمەرسەنى پادىشاھ قىلدىلەر؛ تەمام سىپاھ ئاڭا يىغىلدىلەر؛ ھەمە يۇنان مەملەكەتىنى تەسەررۇف قىلدى. بەنى ئىسرائىلنى بەيتۇل مۇقەددەسدە ياخشى ئاسرادى، ئۇلار ئاراسىدىن بىرىنى سەردار قىلدى. تەۋرات شەرىئەتىنى بەرپا قىلدى. يۇنان خەلقى ھەمە زەنادىقە ۋە فەلاسەفە مەزھەبىدە ئەردىلەر، ئىلىم ـ ھىكمەت بىلۇر ئەردىلەر. ئۇلارنىڭ مەزھەبى ئول ئەردىكىم، ھېچ پەيغەمبەرگە، كىتابغە قايىل ئەمەس ئەردىلەر. ئەيتۇر ئەردىلەركىم: بىز خۇداي تەئالانى ھىكمەت بىرلە تانۇرمىز، جۈز پەيغەمبەر بىرلە تانۇماسمىز ۋە يەنە قىيامەتكە پۈتمەسمىز دەر ئەردىلەر. ئەيتۇر ئەردىلەركىم: دۇنيا ۋە ئاخىرەت يوق بولۇر، بۆلەك ئالەم ۋە ئادەم پەيدا بولۇر، ھەر نەرسەكى مۇندىن ئۆزگەدۇر، تەغىير قىلىنۇر، ئانى ئەقىلنىڭ كۆزى بىرلە يەئنى خىيال تەسەۋۋۇر بىرلە كۆرگەلى ۋە بىلگەلى بولۇر. ھەر نەرسەكىم، ئاڭا ئەقىللەرى دەلىل قىلمايدۇر، ئاڭا پۈتمەس ئەردىلەر. ۋە يەنە ئەيتۇر ئەردىلەركىم: بۇ ئالەم قاچاندىن بارى باردۇر ۋە يەنە نە ۋەقتغىچە بولۇر؛ ھەركىمكى بۇ ئالەمدە بولۇر، ئالەمى نەفس ۋە ئالەمى مۇجەررەداتدىن كېلۇر؛ قاچانكىم ئۇلار يەنە ئەۋۋەلقى ئالەمى، مۇجەررەدات ۋە غەيب ئالەمىگە قوشۇپلۇر، تىرىلمەك يوقتۇر؛ بۇ — ھەمە پەيدا بولماق ۋە يوق بولماق فەلەكنىڭ گەردىشىدىندۇر، بۇ فەلەك ھەرگىز قەرار ئالماس، ۋەيران بولماس. بىز ئەقلىمىز بىرلە ئانچە بىلۇرمىزكىم، بۇ فەلەككە بىر پەيدا قىلغۇچىي ۋە مۇنداغ گەردىشكە كەلتۇرگۇچى باردۇر؛ بەس، مۇندىن زىيادە زات ۋە سۇفات ئاللاھغە قايىل

ئەمەس ئەردىلەر. بۇ ھەمە فەلاسەفە ۋە گۇمراھلار مەزھەبىدۇر، يۇنان خەلقىنىڭ ھۆكۇما ۋە پادىشاھلارى بۇ مەزھەبدە ئەردىلەر. ھەركىم مۇنداغ ئەقىدە قىلسە، فەلاسەفە ۋە گۇمراھ مەزھەبلەرىدىن بولۇر. بەس، بۇ لەۋئۇسنى يۇنان تىلىچە بەتلىمۇس ئاتار ئەردىلەر. مەئنىسى ئۇلۇغ دىمەك بولۇر. ئانداغكىم، ئەجەم پادىشاھلارىنى كەسرا ئاتارلەر، روم پادىشاھلارىنى قەيسەردەرلەر. بەس، بەتلىمۇس پادىشاھ بولدى ئەرسە، بەنى ئىسرائىلنى شامدا قويدى. مۇسۇلمانلار ۋە ئالىملارنى ئۇلۇغ بىلىپ، ئىززەت قىلۇر ئەردىلەر. ئىلمى فەلاسەفە، نۇجۇم، ھىكمەت، ئىلمى تىب بىسيار ئەردى. يۇنان مۇلكى ئىككى يۈز قىرىق يىل بەتلىمۇس تەسەررۇفىدە بولدى.

بۇلار ئەۋۋەلى لەۋئۇس ئەردى، دەريايى ،،ەجلەدىن تا مەغرىبغە بۇلەر پادىشاھ ئەردى. لەۋئۇس ئوتتۇز سەككىز يىل پادىشاھ بولدى. بەس، بۇلەر بۇ ئالەمدىن باردىلەر ئەرسە، ئىككىنچى بەتلىمۇس يانۇس ئەردى. مەن تەفسىر - سيەر كىتابلارىدا كۆرۈپدۇرمەنكىم، بۇ داقيانۇس ئول پادىشاھدۇركىم، ئەسھاب كەھف ئانىڭدىن قاچتىلەر، چەندان يىللار ئۆتتى، پىنھان قالدىلەر. مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتۇرلەركىم، ئەسھاب كەھف ۋاقىئەلەرىنى كيىن بەيان قىلىپدۇرلەر. ئەمما مەھەللى بۇ ئەردىكىم يانۇس قىسسەسىدە كەلتۇرگەي ئەردى. بەس، يانۇس قىرىق يىل پادىشاھ بولدى. ئاتى ئانۇس ئەردى، تۆرت يىل ھۆكۇم سۇردى. ئاندىن يەنە بىرى تەختغە ئولتۇردى، فىراقا ئاتلىغ، ئوتتۇز ئىككى يىل پادىشاھلىق سۇردى. ئاندىن، ئاخسەدار ئاتلىغ بىرى كامران بولدى، ئون بىر يىل مۇلك قولىدا تۇردى. ئاندىن كيىن يەنە بىرى مۇتەسەددى تەخت بولدى، ئانى بەتلىمۇس ئاتادىلەر، ئول پادىشاھلىقنى تاشلاپ خەلقدىن پىنھان بولدىلەر، بىلمەدىلەركىم قايان بولدى. ئاندىن قالۋانتەرى ئاتلىغ بىرى سەلتەنەتكە تۇردى، ئون يەتتە يىل تەسەررۇف قىلدى. بەس، مۇنىڭ بىرلە ئىككى يۈز قىرىق يىل تەمام بولدى ئەرسە، پادىشاھلىق روم خەلقى تەسەررۇفىدە بولدىكىم غەيز بىننى ھەزرەتى ئىسھاق ئەلەيھ.س. نىڭ ئەۋلادلەرىدىن نائوستۇس ئاتلىغ بىركىمەرسە ئەللىك ئالتە يىل پادىشاھ بولدى. مۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن قىرىق ئىككى يىل ئۆتۈپ ئەردى، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. ۋۇجۇدلەرىغە كەلدىلەر.

بەس، ھەزرەتى ئىسكەندەرنىڭ ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نىڭ ئارالەرىدە

ئۈچ يۈز يىل ئۆتتى. ئاڭلىشىمچە، بۇ تەمام يۇنان پادىشاھلارىنىڭ زىكرى ئەردى.

ئەمدى، دەرياىي دىجلەنىڭ ئۇيانى تا تۈركىستان ۋىلايەتىغە زەمىن ئەجەم ئەردى. ئاڭلىشىمچە، ئانىڭ پادىشاھلارىنىڭ ۋاقىئەسىنى بەيان قىلۇرمەن.

## دەستان
## ئەجەم پادىشاھلارى ۋاقىئەسى

بىلگىلىكىم، ھەزرەتى ئىسكەندەر دەرياىي دەجلەنىڭ ئۇيانى تا خوراسان، بەلخغىچە تايىف پادىشاھلارىنىڭ ئىلكىدە قويغان ئەردىلەر. قاچانكىم، ھەزرەتى ئىسكەندەر ۋەفات بولدىلەر ئەرسە، بەش يۈز يىگىرمە ئۈچ يىل ئول ۋىلايەت تائىف پادىشاھلارىنىڭ تەسەررۇفىدە قالدى. ھىچ كىشى بۇلارغە غالىب بولمادى. قاچانكىم، بەش يۈز يىل ئۆتتى ئەرسە، ئەردەشىر بابەك بۇلاردىن غالىب كېلىپ، بۇلارغە قەھر قىلىپ، دەرياىي جەيھۇندىن دەرياىي دەجلەغە پادىشاھلىقنى ئالدى. بۇ يىللاردا، رومدىن نەچەند پادىشاھلار كېلىپ، دەرياىي دەجلەدىن زەمىن ئىراق، مەداين، رەي، ئەسفىھاننى ئالدىلەر. لېكىن، تايىف پادىشاھى ئۇلارغە ئىتائەت قىلمادىلەر، ئەمما ئۇلۇغ پادىشاھ دەرئەردىلەر. بۇ پادىشاھلارنىڭ ئەۋۋەلى دارا ئەكبەرنىڭ ئوغلى، ئەشك ئەردى. بۇلەرنىڭ قىسسەسى ئەۋۋەل ئاڭلادۇركىم. ھەر ۋەقتىكى، يۇنان ۋىلايەتى روملارىنىڭ تەسەررۇفىدا بولدى ئەرسە، رومدىن ئابتىمۇس ئاتلىغ بىر پادىشاھ دەرياىي دەجلەدىن ئەھۋاز - ئەھۋاز پارس شەھەرىنى ئالدى. تەۋايىف پادىشاھلارى كۆردىلەركىم، بىر ئادەم پادىشاھلىق دەئۋا قىلۇر، ئەشك رەي ئەردى. ئاندىن چىقىپ، لەشكەر يىغىپ، ھەر تەرەفكە نامە ئىبەردى ئەرسە، ھەر پادىشاھ ھەر تەرەفدىن لەشكەر ئىبەردىلەر، ياراغ - جابدۇغ بەردىلەر. ئاندىن لەشكەر تارتىپ، ئابتىمۇس بىرلە جەڭ قىلىپ، ئانى ئۆلتۈردى. دەرياىي دەجلەدىن رەيغىچە پادىشاھلىقنى تەسەررۇف قىلدى. تايىف پادىشاھلارى ھەمە ئىتائەت

قىلدىلەر. ئاتاسى دارا پادىشاھلىققا لايىق ئەردى. ھەر تەرەپتىن نامە ئىبەردىلەر، نامەلەرنىڭ ئەۋۋەلىغە ئۇلۇغلاپ، ئانىڭ ئاتىنى پۈتۈدىلەر. ئەشك ھەم بىسيار شاد بولدى؛ بۇلەردىن پادىشاھلىقنى ئالماققا خىيال قىلمادى. بۇلەر بۇ تەرىقەلىك مەدارا قىلىپ، نەچەند يىل پادىشاھلىق قىلدىلەر. بۇ ئەسنادا، رومدىن قۇستەنتىن ئاتلىغ بىر ئۇلۇغ پادىشاھ ئەشككە قەسد قىلدى. تاكى ئابتىمۇسنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغاي. ئانىڭ شەھەرى روم ئەردى. رومدا ئانداغ ئۇلۇغ شەھەر يوقدۇر. بەس، قۇستەنتىن بىنەھايەت لەشكەر بىرلە ئەشك ئۈزرە ئاتلاندى. ئەشك بىلدىكىم، ئاڭا تەقابىل بولغالى بولماس. دەرھال تايىف پادىشاھلارىغە كىشى ئىبەردى. ئۇلار ھەم ھەر تەرەفدىن لەشكەر ئىبەردىلەر. تۆرت يۈز مىڭ لەشكەر يىغىلدى. بۇ لەشكەر ئاراسىدا خەزەر شەھەرىنىڭ پادىشاھى كېلىپ ئەردى. بۇ خەزەر دىيارىدۇركىم، ئىراق زەمىندە دەريايى دەجلەنىڭ لەبىدە نەچەند شەھەرلەردۇر، بىر تەرەف كۇفە، بىر تەرەفى بادىيە. بۇ شەھەرلەرنى خەزەر ئاتارلەر. بۇ پادىشاھ تايىف پادىشاھلارىنىڭ ئاراسىدا بىنەھايەت مۆئتەبەر ئەردى. مۈنىڭدىن قورقۇپ سۆزىنى تۇتار ئەردىلەر، ياخشى سىتايەشلەر قىلۇر ئەردىلەر. ئەيتىپدۇرلەركىم، تايىف پادىشاھلارىدىن شاھپۇز ئاتلىغ بىر پادىشاھ بىسيار لەشكەر بىرلە خەزەرغە كەلدى. ئىككى يىل خەزەر شەھەرىنى مۇھاسىرە قىلدى. بۇ پادىشاھ بىرلە جەڭ قىلىپ، شەھەرنى بەرمەدى. ئاخىر ئالالماي، يانىپ كەتتى: بەس، خەزەر پادىشاھى ئەشكنىڭ قاشىغە كەلدى. ئەشك قەدرىنى بىلىپ، بىنەھايەت ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ، لەشكەرنى ئاڭا تاپشۇردى. ئەيدى: «سەن بارىپ قۇستەنتىنغە شىكەست بەر.» ئول روم لەشكەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئەسىر قىلىپ، قۇستەنتىن قاچىپ رومغە باردى. بۇ پادىشاھ ئارقەسىدىن رومىيەگە بارىپ، رومىيەنى ئالىپ ۋەيران قىلدى. ئاندىن يانىپ ئەشك قاشىغە كەلدى ئەرسە، ئىلتىفاتلار قىلىپ، تەمامى لەشكەرنى ئۆز دىيارىغە ياندۇردى. ئول قۇستەنتىن ئاندىن كېلىپ، رومدا شەھەر بىنا قىلدى. ئاڭا قۇستەنتىنە ئات قويدى.

بەس، ئەجەم ۋىلايەتىدە دەريايى دەجلەدىن رەيغىچە تايىپ پادىشاھلارىنىڭ تەسەررۇپىدا ئەمەس ئەردى، بۇ ئەشكلەر قولىدا ئەردى، بۇ پادىشاھلارنى ئەشكانى ئاتادىلەر.

## دەستان
## ئەشكانى پادىشاھلارى

ھەزرەتى نوھ ئەلەيھ.س. نىڭ ئوغلانلەرى يافەسنىڭ ئەشكانى ئاتلىغ ئوغلىنىڭ ئەۋلادى ئەردى. بۇ ئەشك ئون يىل پادىشاھ بولدى. ئاندىن كېيىن شافۇر پادىشاھ بولدى. ئەشكنىڭ ۋەقتىدە ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. شەھىد قىلدىلەر. ھەق تەئالا شافۇرنى ئۆلەرغە مۇسەللەت قىلدى. تا بەئزىسىنى يەكسان ئۆلتۈرۈپ، بەئزىسىنى ئەسىر قىلدى. شافۇر قىرىق يىل پادىشاھ بولدى ئەرسە، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. زۇھۇرغە كەلدىلەر.

شافۇردىن كېيىن ئىنىسى تەختغە ئولتۇردى، ئانى «زۇل ئەكبەر» ئاتار ئەردىلەر. ئاندىن بۇلار نەسلىدىن يەئرى ئاتلىغ بىر كىمەرسە يىگىرمە يىل پادىشاھ بولدى. مۇنىڭدىن كېيىن جەۋدەر «زول ئەسغەر» ئون توققۇز يىل دادخاھ سوردى. مۇنىڭدىن كېيىن ئەردەدان ئەل - ئەكبەر ھۆكۈمران بولدى. ئاندىن كېيىن كىسرا قىرىق يىل سوردى. ئاندىن كېيىن يەلاش يىگىرمە تۆرت يىل سەلتەنەت كۆرگۈزدى. مۇنىڭدىن كېيىن ئەردەدان ئەل - ئەسغەر ئون ئۈچ يىل تاجدار بولدى. مۇنىڭ ۋەقتىدە ئەردەشىر خۇرۇج قىلدى، ئانى ئۆلتۈرۈپ تەمام ئەجەم ۋىلايەتىنى تەسەررۇپ قىلدى؛ تايىپ پادىشاھلارىنى مەقھۇر قىلىپ، پادىشاھلىقنى ئۇلاردىن ئالدى؛ دەريايى جەيھۇندىن دەريايى دەجلەدىن تا مەۋسىل، شام، خەزەر — بۇ دىيارلارنىڭ ھەمەسىن ئالدى. زۇلقەرنەيىننىڭ زەمانلارىدىن تا مۇنىڭ دەۋرىغە بەش يۈز يىگىرمە ئۈچ يىل ئەردى. بۇ مۇلكى ئەجەم بۇ ئەشكانىلەردە ئەردىلەر. بۇلار ھىكايەلەرىنى ئۈچ رەۋايەت كەلتۈرۈپدۇرلەر. ئەمما دۇرۇستراقدۇركىم

زىكرى قىلدى، بۇلار مەشھۇر پادىشاھلاردۇر، بۇلارنىڭ زىكرى بىسياردۇر.

## دەستان
## ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھىسسەلام

ئىشتىمەك كېرەككى: ئەردەشىردىن ئىلگەرى بۇ پادىشاھلار دەۋرىدە بەنى ئىسرائىل ئاراسىدا بىسيار ۋاقىئەلەر ئۆتكەن ئەردى. بىرى، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھىسسالام. ئىنىڭ پەيغەمبەرلىكلەرى قىسسەسىنى كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، شام ۋىلايەتى يۇنانىلەر تەسەررۇفىدە ئەردىكىم، ئۇلارنى بەتلىمۇس ئاتار ئەردىلەر. بەنى ئىسرائىلنى ياخشى ئاسرار ئەردى؛ تەمام بەنى ئىسرائىل نازۇ نىئمەت، ئەيشۇ ئىشرەت ۋە راھەتتە ئەردىلەر. مەسجىدى بەيتۇل مۇقەددەس ئاباد بولدى. بۇلارغە ئۆزلەرىدىن كىمنى خاھلاسەلەر مۇتەسەددى قىلۇر ئەردىلەر؛ بۇلاردىن ئابىد ـ سالىھلار بىسيار بولدى. ئەيتىپدۇرلەركىم، تۆرت مىڭ ئابىدلار مەسجىددىن چىقماي، كۈندۈز روزە، كېچە تائەت قىلۇر ئەردىلەر. بۇلار ئالدىدا پەيغەمبەر يوق ئەردى، پەيغەمبەر ئارزۇ قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھىسسالام. بۇ ئابىدلاردىن بىرى ئەردىلەركىم، ھەق تەئالا بۇلارغە كەرامەت قىلدى ئەرسە، بىجاندىل ئىمان كەلتۈردىلەر. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھىسسالام. ئىنىڭ ئاتالەرى ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام. ئىنىڭ ئوغلانلەرى رەجئىمنىڭ ئەۋلادى ئەردىلەر. ئۇلار — تۆرت مىڭ ئابىدلار دۇنيانىڭ ئەشغالى ۋە غەم ـ خىيالىدىن مۇجەررەد ئەردىلەر. بۇلاردىن ئۆزگە بىسيار ئابىدلار مەسجىدكە كېلىپ ئىبادەت قىلىپ كېتەر ئەردىلەر. بەنى ئىسرائىلدە رەسم ـ ئادەت ئول ئەردىكىم، كىمەرسە خۇداي تەئالانىڭ دەرگاھىغە ياۋۇقلۇق قىلسە، كۆچى ھامىلە بولغاندا، ئەيتۇر ئەردىكىم: «پەرۋەردىگار، ئەگەر ئوغۇل تاپسام سىنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن مۇجەررەد قىلماقنى نەزرە قىلدىم.» كۆچى ھەم مۇنداغ نەزرە قىلۇر ئەردى. ئەگەر قىز تۇغسە بۇ نەزرە ئاڭا لازىم ئەمەس ئەردى. ئەگەر ئوغۇل تۇغسە، شول سائەت مەسجىد ئالىپ بارىپ، بىر ئابىدغە تاپشۇرۇر ئەردى، ئاناسى ئىمىتىسەكدىن، ئۇيقۇلاماقدىن ئۆزگە مەھەلدە ئىشى بولماس ئەردى؛

مەسجىددىن ھەرگىز چىقارماس ئەردى. تاكى سۇتدىن ئايرىلىپ، ئاناسى پەرۋەرىشدىن قالىپ، تىلى چىقىپ، تۆرت ياشغە كەلسە، ئابىدلار ئاڭا تەۋراتنى ئۆرگەتىپ، دىن ئىشىنى ۋە ئىبادەت تەرىقىنى تەئلىم قىلۇر ئەردى. بۇ تەرىقە بىرلە چوڭۇپ، ئىبادەتدىن ئۆزگە ھىچ نەرسەنى بىلمەس ئەردى. كىچىكلىكىندىن تا قېرىپ ئۆلگۈچە ئانىڭدىن گۇنا - مەئسىيەت سادىر بولماس ئەردى. ئاخىر ئول مەسجىددە ئۆلەر ئەردى. بەنى ئىسرائىلدىن ھەركىم ئۆلسە، تا ئول مەسجىدكە نەزرە قىلماي ۋە يا ۋەقف - ئەۋقاف قىلماي چارە يوق ئەردى. ئول ئابىدلارنىڭ يىمەك - كىيىمەكلەرى ئاندىن ئەردى.

بەس، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. پەيغەمبەر بولدىلەر ئەرسە، ئابىدلار ئۆزلەرىگە ئىمام - پېشىۋا قىلدىلەر. ئۆلەرنىڭ فەرمانى بىرلە ئىبادەت قىلدىلەر. بۇ ئابىدلارنىڭ ئۇلۇغىدىن بىر كىمەرسە بار ئەردى، ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. نىڭ ئەۋلادلارىدىن، ئانى مەئمۇر بىنىنى قەتل دەرئەردىلەر، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. غە تۇغقان ئەردىلەر. ئانىڭ ئىككى قىزى بار ئەردى، بىرىنىڭ ئاتى ئەل - مۇسبەد ئەردى، ئانى ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. غە بەردىلەر، مۇنىڭدىن ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ-س. ۋۇجۇدغە كەلدىلەر. ۋە يەنە بىرىنىڭ ئاتى ھەنە ئەردى، ئانى، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. نىڭ ئەممەزادەلەرى بار ئەردىكىم ئىمران بىننى ماسان ئاتلىغ، ئاڭا بەردىلەر ئەرسە، ئانىڭدىن ھەزرەتى مەريەم تۇغۇلدىلەر.

## دەستان
## قىسسەئى مەريەم بىنتە ئىمران

بەس، بۇ ئىمراننىڭ ھەنەدىن بىسيار فەرزەندى بولدى. ئاخىر نەۋبەت ھامىلە بولدى ئەرسە، مۇجەررەد قىلماقغە نەزرە قىلدى...... بەس، ھەنە قىز تۇغدىلەر ئەرسە، خۇداي تەئالانىڭ دەرگاھىدا قىز فەرزەندىمنى نەزرە قىلدىم دىگەنىگە خىجىل ۋە شەرمەندە بولۇپ ئەردىكىم: «پەرۋەردىگارا، قىز تۇغدۇمكى، سىنىڭ دەرگاھىڭدا ئىبادەتكە بىر سەبىل كەمال يارامىس.» ھەق تەئالا فەرمان قىلدىكىم: «خۇدايىڭ ھەرنە تۇغماقىڭنى بىلۇر ئەردى.» بەس،

خۇداي تەئالا ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. غە ۋەھى ئىبەردىكىم: «ھەنەگە ئەيغىل! مەن بۇ قىزىڭنى ئوغۇل ئورنىدا قەبۇل قىلدىمكى، ئانى مەسجىدكە ئىلتىپ، مۇجەررەد قىل؛ ئۆلۇمالاردىن بولۇر، ئەر، مەزلۇمدەك ئەمەسدۇر.» مۇندا لەتىفە باردۇركىم، ھەزرەتى مەريەمنىڭ ئانالەرى قىز تۇغدىلەر ئەرسە، كۆردىلەركىم، ئىبادەتكە كامىل ئەمەسدۇر. چۇنكى ھەيز ۋەقتىدە مەسجىدde بولالماس ۋە مۇسھەف ئوقۇيالماس. بەس، نۇقسان ۋە تەقسىراتغە ئىقرار قىلىپ، خىجىل - شەرمەندە بولۇپ، دۇئا ۋە زارى قىلدىلەر. ھەق تەئالا ئول قىزلەرنى ئوغۇل ئورنىدا قەبۇللۇق شەرەفىگە يەتكۇرۇپ، مەسجىدde بولماق، نەزرەگە ۋە ئىبادەتكە لايىق بولماقغە فەرمان قىلدى. بەس، ھەزرەتى مەريەمنى ئانالەرى مەسجىدكە ئالىپ باردىلەر ئەرسە، ئابىدلار تەئەججۇب قىلىپ، مەنئ قىلدىلەر. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. غە ئەيدىلەركىم: «ئىمران ئەجەب بىدئەت پەيدا قىلىپدۇركىم، قىزىنى مۇجەررەد قىلىپدۇر.» ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ئول خۇدانىڭ فەرمانى بىرلە قىلىپدۇر.» بەس، ئول ئابىدلار خۇداي تەئالانىڭ فەرمانىنى ئىشىتتىلەر ئەرسە، بۇ ئابىدلار ھەر قايىسى مەريەمنى پەرۋىش قىلماقنى ئەزم قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «مۇنى پەرۋەرىش قىلماقغە ھەمەدىن مەن سەزاۋەردۇرمەن. چۇنكى مۇنىڭ ئاناسىنىڭ ھەمشىرەسى مىنىڭ قولۇمدادۇر.» ئابىدلار ئەيدىلەر: «مۇنى سەزاۋار كىشى پەرۋەرىش قىلۇر بولسە، ئاناسىدىن لايىق كىشى يوقدۇر. بەس، ئاناسىغە تاپشۇرماق لازىمدۇر.» دەپ، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. نىڭ سۆزلەرىنى قەبۇل قىلمادىلەر. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «قۇرئە سالغايمىزكىم، كىمنىڭ ئاتىغە چىقسە، شول پەرۋەرىش قىلغايلەر.» بەس، ھەمە ئەيدىلەر: «رەۋا بولغاي.» بەس، ئول ئابىدلار ھەر قايىسلەرىنىڭ تەۋراتنى پۈتۈگەن قەلەملەرى بار ئەردى، ئانى كەلتۇرۇپ، قەلەمگە ئۆزىنىڭ ئاتىنى پۈتۈپ، ھەمەسىنى يىغىپ، ھەمەسىنى بىر دەستار بىرلە ياپتىلەر. ئارادىن بىرلەرىنى بۇيرۇدىلەركىم: مۇندىن قولۇڭنى سالىپ قەلەمنى ئالغىل، تا كىمنىڭ قەلەمى چىقسە، بىلگەيمىزكىم، ئول سەزاۋاردۇر. بەس،

ئۈچ مەرتەبە بۇ تەرىقە بىرلە قۇرئە سالدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. نىڭ ئاتلەرى چىقتى. بەس، ئابىدلار بىلدىلەركىم، زىكرىيا ئەلەيھ.س. سەزاۋاردۇرلەر.

بەس، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. ھەزرەتى مەريەمنى پەرۋەرىش قىلۇر بولسەلەر ئەرسە، مەسجىددە بىر قۇببە ئەتتۇرۇپ، ئىشىكىگە قۇفل سالىپ، ئاندا پەرۋەرىش قىلدىلەر. بەش ياشدا ئەردىلەر، ئاندا بىر مىھراب ئەتتۇرۇپ، ئول مىھرابدا تەۋراتنى تەئلىم بەردىلەر. ھەزرەتى مەريەم ئول مىھرابدا كېچە ـ كۈندۈز ئىبادەتكە مەشغۇل ئەردىلەر. ھەزرەتـــى زىكرىيا ئەلەيھ.س. ئۆمۈرلەرى يەتمىشكە يەتكەن ئەردى، ئەسلا فەرزەندلەرى يوق ئەردى. ھەزرەتى مەريەمنى فەرزەند ئورنىدا پەرۋەرىش قىلۇر ئەردىلەر. ھەر كۈن قۇببەنىڭ ئىشىكىنى ئاچىپ، ئاب ـ تەئام بېرىپ، تائەت ـ ئىبادەت تەئلىم قىلىپ، يەنە ئىشىكنى ئېتىپ، ئاچقۇنى ئۆزلەرى ئالۇر ئەردىلەر. بەس، بىر كۈن، قىش كۈنى ئەردى. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. ھەزرەتى مەريەمنىــڭ قاشلەرىغە كىردىلەر، ئون ئىـككــى ياشغە كىــرىپ ئەردىلەر. بەس، كۆردىلەركىم مىھرابدا مېۋە تۇرۇپدۇر؛ كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئول مېۋە ئۈزۈم ئەردى. بەس، ھەق تەئالا ئۇلەرغە زىمىستاندا ھۆل مېۋە بەردى، تاكى مۆئجىزە ۋە كەرامەت بولغاي، تۆھمەت ۋە گۇمان بولماغاي. بەس، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. مىھرابدا مېۋە كۆردىلەر ئەرسە، بىلدىلەركىم، بۇ خۇداي تەئالانىڭ قۇدرەتىدۇر. بەس، ئەيدىلەر: «يا مەريەم، بۇ مېۋە قايدىندۇر؟ بۇ مەھەلدە روي زەمىندە مۇنداغ مېۋە يوقدۇر.» ھەزرەتى مەريەم ئەيدىلەر: «بۇ خۇداي تەئالانىڭ دەرگاھىدىندۇركىم، ھەق تەئالا ھەر كىمگە خاھلاسا بىھىساب رىزق روزى بېرۇر.» بەس، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. تا ئول كۆڭگىچە بۇ تەرىقە مېۋە كۆردىلەركىم، بۇ خۇداي تەئالانىڭ قۇدرەتىدۇر. كۆڭۈللەرىگە يەتتىكىم، بۇ زىمىستاندا مۇنداغ مېۋە تازە قىلماقغە قادىردۇر. بەس، زىكرىيا ئەلەيھ.س. مۇناجات قىلدىلەر، دۇئا قىلىپ فەرزەند تىلەدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، ئۆز فەزلى ـ كەرەمىڭدىن ئەۋلادى پاك كەرامەت قىل! سەن

دۇئا تەلەبنى ئىشتىپ ئىجابەت قىلغۇچىسەن.»

# دەستان
# قىسسەئى ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىسسەلام

ئىشتمەك كىرەك: قاچانكىم ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. ھەق تەئالاغە پىنھان دۇئا قىلدى ئەرسە، خۇداۋەند ئالەم ئۇلەرغە رەھمەت قىلدى. پىنھان دۇئا قىلماق شەرم ـ ھەيادىن ئەردىكىم، ھەر ئىككىلەرى پىر ـ زەئىف بولغان ئەردىلەر؛ ئاشكارا فەرزەند تىلەمەكدە ھەيا تۇتتىلەر. ۋە يەنە ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، ھەر ئايىنە مەن پىر ـ زەئىفدۇرمەن، پىرلىقنىڭ ئاق ئەلەمىنى باشىم ئۈزرە كۆتەرىپدۇرمەن. سەندىن دۇئا ـ ھاجەت تىلەپ، ھەرگىز نەۋمىد بولغان ئەمەسدۇرمەن. پەرۋەردىگارا، مەن بەنى ئىسرائىلدىن قورقارمەنكىم، ئۇلارغا ھىچ پەيغەمبەر بولماي، دىن ـ ئايىنلارىنى يۇتتۇرۇپ، سىنىڭ كىتابىڭنى زايىئ قىلغايلەر. ماڭا ئۆز دەرگاھىڭدىن مۇتەسەددى كەرەم قىلغىلكىم، مىنىڭ ھەمەئى ئەۋلادى يەئقۇبنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئاڭا قالغاي، ئانى نىكۇكار ۋە پىسەندىدە قىلغىل.» بەس، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. مىھرابدا، نەمازدا تەلەب ـ نىيازدا ئەردىلەر. ھەق تەئالا ھەزرەتى جەبرائىلدىن بىشارەت ئىبەردى. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. كېلىپ نىدا قىلدىلەركىم: «يا زىكرىيا، بىشارەت بىرۇرمەنكىم، ساڭا خۇداي تەئالا بىر ئوغۇل ئەتا قىلۇر، ئاتى يەھيادۇر. مۇندىن ئىلگەرى ھىچكىمنىسى يەھيا ئاتاماغاندۇرمەن.» ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. ئىككى پىرزەئىفدىن تۇغۇلدىلەرئەرسە، گويا ئىككى ئۆلۈكدىن تىرىك ۋۇجۇدغە كەلدى، بۇ ۋەجھىدىن يەھيا ئات قويدىلەر، يەئنى تىرىك دىمەك بولۇر. بەس، تا بىلگەيلەركىم، ئۇلۇغلۇقنىڭ ئەسلى ھەلىمدۇر، ۋە يەنە ئەيدىلەركىم، يەھيانى ئانداغ ئۆزىگە ھازىر ياراتتىم، ھەرچەند شەھۋەتكە غالىبلىقى بىرلە ھەرگىز مەزلۇم كىشىگە مەشغۇل بولمادى؛ خەلايىقلار ئۆزىنى مەزلۇملەر ئىشغالىدا ھىلاك قىلۇرلەر. ئول مەزلۇم كىشى سۆھبەتىدىن ئۆزىنى ياندۇرۇپ ئادەت قىلدى، تاكى خاتۇن

هاجەت بولمادى...... بەس، ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. ۋۇجۇدغە كەلدىلەر ئەرسە، خۇداي تەئالا ئۇلەرغە پەيغەمبەرلىك كەرەم قىلدى.

# دەستان
# قىسسەئى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسەلام

ئىشتمەك كېرەك. ئەھادىس ۋە ئەخبار كىتابلارىدا، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نىڭ ۋۇجۇدغە كەلمەكلەرى بەيانىدا ئىختىلاف ۋاقىئ بولۇپدۇر. بەئزىلەر ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. نى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. دىن ئالتە يىل كېيىن ۋۇجۇدغە كەلدىلەر دەپدۇرلەر. گۇرۇھى ئۈچ يىلدىن كېيىن ھەم دەپدۇرلەر...... ھەزرەتى مەريەم ئون ئۈچ ياشغە كەلدىلەر ئەرسە، ئىككى نەۋبەت ھەيز كۆردىلەر؛ كېيىنكى نەۋبەت ھەيزدىن پاك بولدىلەر ئەرسە، خۇداي تەئالا ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. غە فەرمان قىلدى، كېلىپ يەڭلەرىدە پۈدەدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. غە ھامىلە بولدىلەر. ئاتالەرى ئىمران ئۆلگەن ئەردى. ئىمراننى ھەزرەتى مەريەم تۇغۇلماسدا ئۆلگەن ئەردى دەپدۇرلەر. بەس، ھەزرەتى مەريەمنى مۇجەررەد قىلىپ، ھەزرەتى زىكريا ئەلەيھ.س. غە تاپشۇردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى زىكريا ئەلەيھ.س. دىن ئۆزگە كىشى ھەزرەتى مەريەم قاشلەرىغە كىرمەس ئىدىلەر. ئىمراننىڭ بىر بورادەرى بار ئەردى، يەئقۇب ئاتلىغ، ئول ھەم بىر ئوغلىنى ھەزرەتى مەريەم بىرلە تەڭ مۇجەررەد قىلىپ ئەردىكىم، ئاتى يۇسۇف ئەردى. ئول ھەم ئون ياشغە كەلگەن ئەردى. ھەزرەتى زىكريا ئەلەيھ.س. ئانى مەسجىدكە تەئىن قىلغان ئەردىلەر ۋە ئاڭا دۇرۇد ئۆرگەتىپ ئەردىلەر. ھەزرەتى زىكريا ئەلەيھ.س. يۇسۇفدىن ئۆزگە كىشىنى ھەزرەتى مەريەم قاشلەرىغە كىرگەلى قويماس ئەردىلەر ۋە ئۆزلەرىنىڭ بىر مەشغۇللۇقى بولسە، ئاچقۇنى يۇسۇفكە بېرۇر ئەردىلەر؛ ھەزرەتى مەريەمگە ئاب - تەئام بېرۇر ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى مەريەم ئىككىنچى نەۋبەت ھەيزدىن پاك بولغانلەرىدە، يۇسۇف سۇ كەلتۇرۇپ، ھوجرادا قويۇپ، ئىشىكنى ئىتىپ

چىقتى ئەرسە، ھەزرەتى مەريەم غۇسل - تەھارەت قىلىپ، باشلەرىنى تاراغالى ئافتابغە چىقتىلەر؛ باشلەرىنى تاراپ، ئىگىن - ئاياغلارىنى كىيىپ ئەردىلەر. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. كېلىپ، يۇسۇفنىڭ سۈرەتىدە بولۇپ تۇردىلەر. ھەزرەتى مەريەم زىكرىيا ئەلەيھ-س. دىن ۋە يۇسۇفدىن ئۆزگە كىشىنى كۆرمەگەن ئەردىلەر. گۇمان قىلدىلەركىم، يۇسۇفدۇركىم مېنىڭ باشىمنى بەرەھنە كۆرۈپ كۆڭلىگە ئەندىشە تۇشكەي دەپ، ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالانىڭ پەناھىغە سىغىنۇرمەن، ئەگەر سەن پەرھىزكار بولساڭ.» ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. بىلدىلەركىم مەريەم قورقتى. بەس، ئەيدىلەر: «مەن پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەلچىسىدۇرمەن، ساڭا بىر ئوغۇل فەرزەند بېرۇرمەنكىم، بۇ دۇنيانىڭ ئالۇدەلىكىدىن پاك ۋە پاكىزەدۇر. ھەق تەئالا سېنىڭ قۇرساقىڭدا ئافەرىدە قىلۇر. بەس، ھەزرەتى مەريەم بىلدىلەركىم، بۇ ئادەم ئەمەسدۇر. بەس، كۆڭۈللەرى توختادى ئەرسە، ئەيدىلەر: «ماڭا قاندىن فەرزەند بولۇركىم، ھىچ ئادەم ماڭا قوشۇلغان ئەمەسدۇركىم، مەن شەرىئەتدىن چىقغان ئەمەسدۇرمەن.» ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «ئانداغكى پەرۋەردىگارىڭ ئەيتۇر: مەن بۇ فەرزەندنى ئاتاسىز ياراتۇرمەن، خەلايىقغە قۇدرەتىمدىن ئەلامەت نىشانە قىلۇرمەن؛ مەن ئۆز فەزلىمدىن ئالەمگە رەھمەت ئافەرىدە قىلۇرمەن. خۇداي تەئالانىڭ ئەمرى جارى بولغاندۇركىم، ئەلبەتتە بۇ فەرزەندنى ئاتاسىز سەندىن ياراتۇر، ئانى ئەيسا مەسىھ ئاتار؛ سەن ھەم مۇنداغ ئات قويغىلكىم، ھەق تەئالا مۇنداغ ئاتاپدۇر.»...... بۇلەرنى مەسىھ ئاتاماق ئول ۋەجھىدىن ئەردىكىم، ھەر ئاغرىقنى مىساس قىلسەلەر ساقايۇر ئەردى؛ ھەر نابىينانىڭ كۆزىنى سىلاسالەر ساقايۇر ئەردىلەر. ۋە يەنە ئەيدىلەر: «بۇ ئوغلۇڭ خۇداي تەئالاغە ياۋۇق، دۇنيا ۋە ئاخىرەتدە خەلايىقغە روشەناس بولۇر...... ياخشى نېكۇكار-لاردىن بولۇركىم ھەق تەئالا ئاڭا ئىنجىل ئاتلىغ كىتاب ۋە ئەھكامى شەرىئەت، بەنى ئىسرائىلغە پەيغەمبەر قىلۇر.» ...... بەس، جەبرائىل خۇداۋەندى جەلىلنىڭ فەرمانى بىرلە ئاڭا پاك نەفەس دەمىدە قىلدى ئەرسە، ئول پاك نەفەسدىن ھامىلە بولدى.

بەس، جوھۇدلەر ئۈچ تائىفە: بەئزىسى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى ئۈچۈنچى خۇدا دەپ ئەقىدە قىلدى؛ ھەر تائىفە ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى خۇدا دەپ، ئاسماندىن تۈشۈپ مەريەمنىڭ قۇرساقىغە كىرىپ، ئادەم

سۆرەتىدە چىقىپ، خەلقلەرغە كۆرەنۈپ، يەنە ئاسمانغە چىقىپدۇر دىدى.

بەس، بۇ تائىفەلەر خۇداي تەئالانى تانۇماسلىقلارىدىن، قۇدرەتلەرىدىن ئاگاھ ئەمەسلىكلەرىدىن مۇنداغ ئەقىدە قىلدىلەر؛ ۋە يەنە بىر تائىفە ئەھلى ئىسلامدۇركىم، ئەيتۇرلەر: ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ۔س. خۇداي تەئالانىڭ فەرمانى ۋە قۇدرەتىدۇركىم، ھەزرەتى مەريەم قۇرساقلەرىدە ئاتاسىز مەۋجۇد بولماقنى ئىرادە قىلدى ئەرسە، مەۋجۇد بولدىلەر. ئانداغكىم، ئاسمان - زەمىن ۋە مەكان - مەكىنىنىڭ ئەسلى ۋە مادەسى يوق ئەردى؛ ھەق تەئالانىڭ ئىرادەسى بىرلە مەۋجۇد بولدىلەر.

ھەزرەتى مەريەم ھامىلە بولدىلەر، نەچەند ۋەقت ئۆتتى ئەرسە ھەملىلەرى زاھىر بولدى. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ۔س. دىن ۋە مەسجىددەكى ئابىدلاردىن ئۇياتىپ، پىنھان تۇتار ئەردىلەر، ئاخىر قۇرساقلەرى چوڭۇدى ئەرسە، يۇسۇفكە ئەيدىلەر: «ماڭا بىر فەرىشتە كەلدى، خۇداي تەئالانىڭ ئەمرىنى كەلتۇردى، مەن ھامىلە بولدۇم. ھىچ ئادەم ماڭا قول سۇنغان ئەمەسدۇر.» يۇسۇف ھەزرەتى مەريەم بىرلە بىرىيەردە چوڭ بولغان ۋە ھەمھال ئەردىلەر؛ بىلۇر ئەردىلەر ھىچ ئادەم بۇلەرنى كۆرگەن ئەمەسدۇر. بەس، تۇغار ۋەقتلەرى يەتتى ئەرسە، شەھەردىن چىقتىلەر ۋە بىرمۇنچە يۇزدىلەر ئەرسە، ئاغرىغلەرى تۇتتى. يىراقدىن بىر دەرەخ كۆردىلەركىم قۇرۇغ ۋە شاخلارى سۇنۇق، ئول خورما دەرەختى ئەردى. ھەزرەتى مەريەم ئول دەرەخت تۇپىگە يەتتىلەر ئەرسە، ئاغرىغلەرى زىيادە بولدى. بەس، ئاندا ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ۔س. ۋۇجۇدلەرىغە كەلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى مەريەم ئاغرىغلەرىنىڭ شىددەتىدىن بۇ ۋاقىئەنىڭ شەرم - خىجالەتىدىن ئەيدىلەر: «كاشكى ئۆلگەي ئەردىم، بۇ خەلقىنىڭ كۆڭلىدىن فەرامۇش بولغان ئەردىم.» بەس، ھەق تەئالا ئول دەرەختىنىڭ ئاستىدىن ندا ئىبەردىكىم: غەمكىن بولماغىل، ھەرئايىنە پەرۋەردىگارىڭ ئولتۇرغان يېرىڭدىن چەشمە چىقاردى.» بەس، ئاندىن بىر بۇلاق قايناپ چىقتى ۋە جارى بولدى ئەرسە، ھەزرەتى مەريەم ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ۔س. نى يۇدىلەر؛ ئۆزلەرى غۇسل - تەھارەت قىلدىلەر. ئاندىن، خىتاب كەلدىكىم: «بۇ دەرەختنى ئىرغاتقىل، ساڭا مىۋەلەر تۇشكەي.» بەس، ھەزرەتى مەريەم ئول دەرەختنى ئىرغاتتىلەر ئەرسە، ئول دەرەخت يافراغ چىقاردى، مىۋە زاھىر قىلدى، شۇل

سائەت پىشىپ تۈپىگە تۈشتى. بەس، ھەزرەتى مەريەم ئۇل خورمەدىن يىدىلەر، ئىلگەركى قۇۋۋەتلەرىگە كەلدىلەر. مۇندىن ئەردىكىم، كۆزى يارۇغان مەزلۇملەرگە خورمە بەرمەك تەرىقەنى خەلايىق تەئلىم ئالدىلەر. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى ئالىپ مەسجىدكە كەلدىلەر ئەرسە، ئۇل ئابىد ۋە زاھىدلار ھەيران قالدىلەر. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. ھەم تەئەججۇب قىلدىلەر؛ ئۇل ئابىدلار ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. غە مەلامەت قىلىپ ئەيدىلەر: «سەن مەريەمنى نىچۇكدىن كۈيۈگە بەرمەدىڭكىم، ئۇل زىنا قىلىپدۇر.» ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. ھاشاكىم ئاڭا ھىچ كىمەرسە قول سۇنماغاندۇر، ئاندىن ھەزرەتى مەريەمگە مەلامەت قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەجايىب - غەرايىب ئىشلارنى پەيدا قىلدىڭ. ئەي هارۇننىڭ ھەمشىرەسى! ئاتاڭ بەدكار ئەمەس ئەردى، ئاناڭ ھەم فاھىشە ۋە زىناكار ئەمەس ئەردى. سەن بۇ بەچچەنى قايدىن كەلتۇردۇڭ!»...... بەس، ھەزرەتى مەريەم سۆزلەمەدى، ئىشارەت قىلدىلەر. بەس، بۇلار ئەيدىلەر: «يا مەريەم، بىزگە فەرىب بېرۇرسەنمۇ؟ بۇ گۇدەكنىكىم بۇگۇن تۇغۇپ، نىچۇك سۆزلەگەي!» بەس، ھەق تەئالا دەرھال ھەزرەتى ئەلەيھ.س. غە زەبان ئەتا قىلدى، ھەزرەتى مەريەمنى، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. نى ۋە يۇسۇفنى تۆھمەتدىن پاك ۋە مۇبەررا قىلدى.

بەس، تەرسالار ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نىڭ سۆزلەرىگە ئىنكار قىلدىلەر، ھەق تەئالاغە نا لايىق ئەقىدە قىلدىلەر؛ ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى خۇداي تەئالانىڭ ئوغلى دەپ ئەقىدە قىلدىلەر.

## دەستان
## قىسسەئى ھىجرەت مەريەم ۋە ئەيسا ئەلەيھىسسەلام

خۇداي تەئالا ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. غە ئۇلۇغلۇق كەرامەت قىلماقنى ئىرادە قىلدى ئەرسە، بەلايى ھىجرەتكە مۇبتەلا قىلدى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. بىر ئايلىق بولۇپ ئەردىلەر، بەيتۇل مۇقەددەسدىن مىسرغە ھىجرەت قىلدىلەر.

ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، ئول ۋاقتدە دەريابى دەجلەدىن مىسر، يەمەن تا مەغرىب زەمىن سەرھەدىغا يۇنان پادىشاھلارى تەسەررۇف قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىيارلەرىغە ئەۋس توس ئاتلىغ پادىشاھ ئەردى. ئەيتىپدۇرلەر: بۇ دىيارغا رومىن شافور ئاتلىغ بىر كىشى پادىشاھ ئەردى، ئەللىك يىل پادىشاھلىق قىلدى. قاچانكىم، مۇنىڭ پادىشاھلىقتىن قىرىق يىل ئۆتتى ئەرسە، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ۋۇجۇدلەرىغە كەلدىلەر. بۇ مەھەلدە بەيتۇل مۇقەددەسكە ھىردوس ئارلىغ بىر كىمەرسە پادىشاھ ئەردى. بۇ ھىردوس بەنى ئىسرائىلنى ۋە ئول ئابىدلارنى، ھەزرەتــــى زىكرىيا ئەلەيھ-س. نى، بەيتول مۇقەددەسنى بىسيار ياخشى كۆرۇپ، ئىززەت قىلۇر ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ۋۇجۇدغە كەلگەنلەرىنى ئىشىتتى ئەرسە، تەئەججۇب قىلدى. قاچانكىم، ئول كۈن ئۆتتى ئەرسە، شامدىن جەمىئ مۇنەججىملەر بەيتۇل مۇقەددەسغە ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى كۆرگەلى كەلدىلەر. نۇجۇم ۋە ھىكمەت كىتابلارىدا كۆرگەن ئەردىلەركىم، پالانى ۋەقتدە، بەيتۇل مۇقەددەسدىن بىر ئاتاسىز ئوغۇل پەيدا بولۇر، ئۇنىڭدىن ئالەمدە ئەلامەتلەر ئاشكارا بولۇر. بەس، بۇ ئۇمىد بىرلە كۆرگەلى كېلىپ ئەردىلەر. ئۈچ نەرسە بۇلارغە تۆھفە كەلتۇرۇپ ئەردىلەركىم، بىرى ئالتۇن، يەنە بىرى مومىيا، يەنە بىرى كوندۇر. ئۇلارنى چىرلادى ۋە ئەيدى: «نە ئىشغە كېلىپسىزلەر؟» بۇلار ئەيدى: «بىز نۇجۇم - ھىكمەت كىتابلارىدا كۆرۇپ، بىلىپدۇرمىزكىم، بۇ ۋەقتدە بەيتۇل مۇقەددەسدىن بىر ئاتاسىز ئوغۇل پەيدا بولۇر، ئانى كۆرگەلى ۋە سوغا - تۆھپەلەرنى بەرگەلى كېلىپدۇرمىز.» ئەيتىپدۇرلەر، بۇ مۇنەججىمنى ئەجەم پادىشاھلارىدىن بىــرى ئىــــبەرىپ ئەردىكىم، بۇ ۋاقىئەنى ھەزرەتى دانىيال ئەلەيھ-س. نىڭ كىتابلەرىدە كۆرۇپ ئەردى. بەئزىلەر شامىنىڭ پادىشاھلارىدىن بىرى ئىبەرىپ ئەردى دەپدۇرلەر. بەس، ھىردوس ئەيدى: «بۇ تۆھفەلەرنى كەلتۇرمەكنىڭ نە مەئنىسى باردۇر؟» بۇلار ئەيدىلەر: «ئالتۇن گەۋھەرلەر بىھتەرى ۋە ياخشىسىدۇر، بۇ ئوغۇل ئالەم خەلقىنىڭ زۇبدەسى ۋە ياخشىسىدۇر؛ بۇ مومىيا تەمامى بەدەننىڭ ئاغرىغىنى ۋە سۇنۇقىنى دۇرۇست قىلۇر، بۇ ئوغۇل ھەم ھەمە ئاغرىغ - جاراھەتلەرغە دۇئاسى بىرلە شىفا بېرىپ تەندۇرۇست قىلۇر؛ بۇ كوندۇر ئانداغ نەرسەدۇركىم كۆيدۇرسە بۇيى ئاسمانغە چىقار، بۇ مەسەللىك بۇ ئوغۇل ھەم

چوڭۇپ ھەق تەئالا ئاسمانغە چىقارۇر. بۇ ئۈچ نەرسە مۇڭا مۇناسىبدۇر.»
ھىردوس ئەيسا ئەلەيھ.س. نى بەيتۇل مۇقەددەسدىن ئالىپ چىققىل، دەپ بۇيرۇدىلەر. ھەزرەتى مەريەم بىر ئېشەككە مىندىلەر، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى قۇچاقلەرىغە ئالدىلەر، يۇسۇفنى ھەمرا قىلىپ، بەيتۇل مۇقەددەسدىن، شام ۋىلايەتىدىن مىسرغە باردىلەر. ئاندا بىر كەنتدە بولدىلەر. بىسيار تەڭلىك ۋە دىشۋارلىقدا تۇردىلەر. ئول كەنت بىسيار ئاباد، نېئمەتى فەراۋان، سۇلار ھەر تەرەف جارى - رەۋان ئەردى. بۇلارغە ھىچكىم پېش كەلمەدى. ھەزرەتى مەريەم بۆشۇكنى كۆتەرىپ يۈرۈپ، باش تېرىپ، روزگار ئۆتكەردىلەر. بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ئول كەنت شامنىڭ ۋىلايەتىدىن دەمەشقنىڭ كەنتلەرىدىن بەلەند ۋە دەرەختلىق ئەردى. بەس، ھەزرەتى مەريەم ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى ئول كەنتدە نەچەند مۇددەت بۇ نەۋئ مىھنەت بىرلە پەرۋەرىش قىلدىلەر. ئاندا بىر دىھقان بار ئەردى، بىسيار سەخى ۋە جۇۋانمەردى دەرۋىش - غەرىپ ئەردى؛ ئۆيىدە چەندان غەرىب ۋە دەرۋىش - دىلرېشلار تۇرۇپ، روزگار كەچۈرۈپ كېتەر ئەردىلەر. بىر كۈن ئۆيىدە مىھمانسىز بولماس ئەردى. بەس، ھەزرەتى مەريەم ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى ئالىپ ئاندا باردىلەر ئەرسە، بىسيار پېش كېلىپ، ئىززەت - ئىكراملار قىلدى. ئەيتۇر ئەردى: «بىچارە مەزلۇم بىر نارەسىدە يىتىم مەرھۇم بىرلە كەنتىمىزگە كېلىپدۇر.»

بەس، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. ئون ئىككى ياشغە كەلدىلەر. ئول مۆئجىزەئىكىم ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. دىن ۋاقىئ بولدى. ئول ئەردىكىم، بىر كېچە ئول دىھقاننىڭ خەزىنەسىدىن بىر مۇنچە دىنارىنى ئوغرى ئالدى، دىھقان بىلمەدىكىم نە كىشى ئالدى بولغاي، ھەيران - پەرىشان بولدى. ھەزرەتى مەريەم غەمكىن بولدىلەر. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. ئانالەرىنى پەرىشان كۆرۈپ ئەيدىلەركىم: «ئەي ئانا، نېچۈك پەرىشاندۇرسەن؟» بۇلەر ئەيدىلەر: «بۇگۇن بۇ دىھقاننىڭ بىر مۇنچە ئەمۋالى يىتىپدۇر. قورقارمەنكىم مۇندا تۇرالماغايمىز.» بەس، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. دىھقاننىڭ قاشىغە باردىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «بۇ كېچە ھەر مۇسافىركىم سىنىڭ ئۆيۈڭدە قونۇپدۇر، ئۇلارنى يىغقىل.» بەس، دىھقان تەمام دەرۋىشلەرنى ۋە مۇسافىرلارنى يىغدى. بۇلار ئاراسىدا بىر نابىنا بار ئەردىكىم ئۆزگە ئەئزاسى

سالىم - تەندۇرۇست ئەردى. ۋە يەنە بىر توكۇر - ئۇدرام بار ئەردىكىم كۆزى تازە - دۇرۇست ئەردى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئول ئۇدرامغە ئەيدىلەر: «سەن ئول قاراغۇنىڭ بوينىغە مىنگىل.» قاراغۇنىڭ بوينىغە توكۇر مىندى ئەرسە، نابىناغە ئەيدىلەر: «مۇنى كۆتەرىپ قوپغىل.» نابىنا ئەيدىكى: «مەن زەئىــــفدۇرمەن، كۆتەرىپ قوپالماسمەن.» ھەزرەتـــى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «بۇ نابىنا توكۇرنى بۇ تەرىقە بىرلە بىلىگە ئاغرامچى باغلاپ، خەزىنەگە سالىپ، دىنارلارنى ئالىپ، يەنە تارتىپ، دىنارنى سارايىنىــــڭ ئىشىكىدە كۆمۈپدۇر.» بەس، بۇلار ھەم ناچار ئىقرار قىـــلدىلەر. بۇ دىنارلارنى دىھقانغە ئىيسار قىلدىلەر. دىھقان بىسيار شاد بولدى، بۇ غەمدىن ئازاد بولدى. بۇ دىنارنىڭ نىسفىنى ھەزرەتى مەريەمگە نىياز قىلدى، ئۇلەر قەبۇل قىلمادىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. غە بەردى، ئۇلەر ھەم ئالمادى. بەس، ھەزرەتى مەريەمگە ئەيدى: «سىزلەر مىنىڭ ئۆيۈمدە بەرقەرار بولۇڭلار، مۇندىن ئۆزگە يەرگە بارماڭلار.» ھەزرەتى مەريەم قەبۇل قىلدىلەر …… بۇ تەرىقە ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. دىن ھەركۇن مۆئجىـــزە - ئەلامەتلەرنى كۆرەر ئەردىلەر. تاكى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئوتتۇز ياشغە كىردىلەر، شامنىڭ خەلقىغە چەندان مۆئجىزە - ئايەتلەر زاھىر بولدى.

ھەق تەئالا ئۇلەرغە پەيغەمبەرلىك ۋەھى ئىبەردى، بەيتۇل مۇقەددەسكە بارماقغە فەرمان قىلدى.

## دەستان
## قىسسەئى زىكرىيا ئەلەيھىسسەلامنى شەھىــد قىــلغانــى زىــكرى

قاچانكىم، ھەزرەتى مەريەم ئەيسا ئەلەيھ-س. نى ئالىپ شامغە باردىلەر ئەرسە، بەنى ئىسرائىل ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ-س. غە ئەيدىلەر: «سەن پەيغەمبەر ئەردىڭ، مەريەم بىلەن زىنا قىلىپ كافىر بولدۇڭ، ئانى سىرىمى فاش قىلۇر دەپ شامغە ئىبەردىڭ. ئەمدى سىنى ئۆلتۈرۈرمىز.» ئاندىن، ھىردۇسغە ئەيدىلەر: «زىكرىيانى ئۆلتۈرمەك لازىمدۇر، مەريەم بىرلە زىنا

قىلىپدۇر.» بەس، ھىردۇس ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نــى سوردى. ئەيدىلەر: «ئانى بىر تەرەفكە ئىبەرىپدۇر.» بەس، ھىردۇس غەزەپ قىلىپ ئۆلتۈرمەككە بۇيرۇدى. ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. بۇلاردىن قاچىپ، شام تەرەفىگە يۈزلەندىلەر. بەنى ئىسرائىل ئارقەلەرىدىن ئىزدەپ چىقتى. بەيتۇل مۇقەددەسنىڭ شەھەرى ئالدىدا بىر كاۋاك دەرەخت بار ئەردى، ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. ئول دەرەختغە كىردىلەر. بەنى ئىسرائىل ئول دەرەخت تۈپىگە كېلىپ، ئىزلەرىنى يۈتۈردىلەركىم قايان بولدى. ئىبلىس پەيدا بولۇپ ئۇلارغە ئەيدى: «ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. بۇ دەرەختغە كىرگەندۇرلەر، بۇ دەرەختنى ئەررە بىرلە كېسىڭلار، ئەگەر مۇندا بولسە چىقغاي.» بەس، بۇلار ئەررە كەلتۈردىلەر، ئول دەرەختنى كەستى، ھەزرەتــــى زىكرىيا ئەلەيھ.س. ئول دەرەختنىڭ ئاراسىدا كېسىلدىلەر، قانلەرى ئاقتى، ھىچ كىم ئاگاھ بولمادى.

زىكرىيا ئەلەيھ.س. نى شەھىد قىلدى ئەرسە، ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. پىنھان بولدىلەر، تاكىم ھىردۇس ئۆلدى؛ ئانىڭ ئوغلى كىلادۇس پادىشاھ بولدى، ئول ھەم ئۆلدى، ئانىڭ ئوغلى ھىردۇس ئەسغەر تەختغە ئولتۇردى. باسىنى ھىردۇس ئەكبەر ئاتار ئەردىلەر. تاكى ئوتتۇز يىل تەمام بولدى ئەرسە، ھەق تەئالا ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. غە پەيغەمبەرلىك كەرامەت قىلدى. ئول ۋەقتدە «تەۋرات» شەرىئەتىنى تۇتار ئەردىلەر. بۇلەر «ئىنجىل» شەرىئەتىگە دەئۋەت قىلدىلەر ئەرسە، بەنى ئىسرائىل قەبۇل قىلمادى.

## دەستان
## قىسسەئى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ پەيغەمبەرلىكلەرىنىڭ زىكرى

قاچانكىم، ھەق تەئالا ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. غە بەيتۇل مۇقەددەسكە بارەاقنى فەرمان قىلدى ئەرسە، بەنى ئىسرائىلغە كەلدىلەر. ھەق تەئالا «ئىنجىل»نى ئىبەردى. ھەزرەتــــى ئەيسا ئەلەيھ.س. بەيتۇل مۇقەددەس مەسجىدىگە بارىپ، خەلقنى ئىمانغە تەرغىپ قىلدىلەر. ئەۋۋەل كىمەرسەئىكىم

ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. غە ئىمان كەلتۈردى ۋە تەسدىق قىلدى ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ-س. ئەردىلەر...... پەيغەمبەرلىكلەرىگە مۆئجىزە - ئەلامەتلەر كۆرسەتتى. بەنى ئىسرائىل ئەيدىلەر: «مۇندىن ئۆزگە يەنە ئەلامەتلەر كۆرسەتكىل.» ھەزرەتى ئەيسە ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «كۆزىنىڭ ئەسلا ئورنى يوق، ئانادىن تۇغما نابىنانى كۆزلۈك بىينا قىلۇرمەن.» بەس، بەنى ئىسرائىلدىن بۇ تەرىقە نابىينا كەلتۈردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەيسە ئەلەيھ-س. دۇئا قىلدىلەر، دىيدەئى بىينا ھاسىل بولدى. ئەگەر كۆزى تۇتۇلغان قاراغۇنى بىينا قىلسەلەر مۆئجىزە بولماغاي ئەردى. كېيىن بولغان قاراغۇلارغە تەبىبلار ئىلاج قىلۇرلەر. ۋە يەنە «پېسە بولغانلارنى ھەم ساقايتۇرمەن» دىدىلەر ئەرسە، بىر پېسەنى كەلتۈردىلەر؛ دۇئا قىلدىلەر، ئۇلەر ھەم ساقايدىلەر. تەبىبلەر پېسەگە ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىغە قايىل ئەردىلەر. بەس، بۇ ئىككىگە ئىلاج قىلدىلەر ئەرسە، پەيغەمبەرلىكلەرىگە مۆئجىزە - ئەلامەت بولدى. بەنى ئىسرائىل ئەيدىلەر: «يەنە ھەم ئەلامەتىڭ بارمۇ؟» ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالانىڭ فەرمانى بىرلە ئۆلۈكنى تىرگۈزۈرمەن. ئۆلگەنلەردىن ھەركىمنى خاھلاساڭلار ئەيتىڭلار، تىرگۈزگەيمەن.» بەنى ئىسرائىل ئەيدىلەر: «بۇرناقى ئۆلۈكلەردىن بىرىنى ئەيغايمىز، تاكىم كۆرگەيسەن.» ھەزرەتى نوھ ئەلەيھ-س. نىڭ ئوغلانلەرى سامدىن ئىلگەرى ئۆلگەن كىشىنى تاپمادىلەر. بەس، ئەيدىلەر: «بىز تەۋراتدا كۆرۈپدۇرمىزكىم، سام بىننى نوھنىڭ گۆرىنى پالانى سەھرادادۇر، ئانى تىرگۈزگىل.» سام بەنى ئىسرائىلنىڭ بابالارىدىندۇر. نوھ ئەلەيھ-س. نىڭ نەسلىدۇر. بەس، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئاۋاز قىلدىلەر: «يا، سام بىننى نوھ! خۇدانىڭ فەرمانى بىرلە قوپغىل!» سامنىڭ قەبرەلەرى تەبرەدى، ئاندىن يارىلدى. سام گۆردىن چىقىپ ئولتۇردىلەر، يۈز - كۆزىدىن تۇفراقنى ئەرتتىلەر، ساقاللەرى ئاقارىپدۇر. بەنى ئىسرائىل ئەيدىلەركىم: «بۇ سام ئەمەسدۇركىم، ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھ-س. دىن ئىلگەرى ھېچ كىمنىڭ ساقالى ئاق ئەمەس ئەردى، مۇنىڭ ساقالى ئاقدۇر.» ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «سەن كىمدۇرسەن؟» بول ئەيدىلەر: «مەن ھەزرەتى نوھ ئەلەيھ-س. نىڭ ئوغلانلەرى سامدۇرمەن.» يەنە ئەيدىلەركىم: «مەن كىمدۇرمەن؟» بول ئەيدى: «سەن ھەزرەتى ئەيسا بىننى مەريەم، خۇداي

تەئالانىڭ پەيغەمبەرىدۇرسەن.» يەنە ئەيدىلەر: «نىچۇكدىن ساقالىڭ ئاقاردى؟» بول ئەيدىلەركىم: «ئۆلگەندە ساقالىم قارا ئىدى، ھالا سەن ئاۋاز قىلدىڭ ئەرسە، سۇرى ئىسرافىل گۇمان قىلدىمكىم، قىيامەت بولۇپدۇر. بەس، بۇ ۋەھىمەدە ساقالىم ئاقارىپتۇر.» ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «يا، سام! ئىختىيار قىلۇرسەنمۇكىم، دۇئا قىلسام ياكى يەنە بۇ ئالەمدە تىرىك بولغايسەن.» بۇلەر ئەيدى: «ئەي پەيغەمبەرى خۇدا، ھەرچەند ئۇزاق ئۆمۈر كۆرسەم، ئاخىر ئۆلۇمدۇر، جان ئاچچىغىدۇر. خاھلاماسمەنكىم، دۇبارە جان ئاچچىغى تارتغايمەن. دۇئا قىلىكى، ئىلگەركىدەك گۆردە بولغايمەن.» بەس، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. دۇئا قىلدىلەر، سام گۆرغە كىردىلەر ۋە يەر ھەمۋارە بولدى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ يەنە بىر مۆئجىزەلەرى ئول ئەردىكىم، بەنى ئىسرائىلدىن ھەركىم ئۆيدە قانچە تەئام يەپدۇر ۋە قانچە زەخىرە قىلىپدۇر، ئانى خەبەر بېرۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئەيتۇر ئەردىلەر: بۇ مۆئجىزەلەردە سىزلەرگە ئەلەمەت-نىشانەدۇر، ئەگەر پۇتسەڭلار «تەۋرات» غە مۇۋافىق راستگوي بولسام، سىزلەرگە بەئزى ھەمرام نەرسەلەرنى ھەلال قىلۇرمەن. ئانداغكىم، خۇداي تەئالا خەبەر بېرۇر، تەفسىرى بۇدۇر: ھەرام قىلدىم جوھۇدلارغە ھەر جاڭگاللىغ ۋە تۇمشۇقلۇغ قۇشلارنى؛ ۋە يەنە قوي - كالانىڭ گوشت -ياغى، ئۇستىخاننىڭ يىلىكىنى ھەلال قىلدىم. «تەۋرات» شەرىئەتىدە قوي - كالانىڭ چەرپۇسى ھەرام ئەردى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. غە «ئىنجىل» كەلدى ئەرسە، بۇلار «ئىنجىل» شەرىئەتىدە ھالال بولدى. ۋە يەنە «تەۋرات» دا شەنبە كۇنى بالىق تۇتماق، ھەر نەۋئى ئىشلارنى قىلماق ھەرام ئەردى، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. «ئىنجىل» ھۆكمى بىرلە ھالاللىقغا بۇيرۇدىلەر……بەس، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. بۇ مۆئجىزە-ئەلامەتلەر ۋە بۇ ئەھكەم شەرىئەتنى كۆسەتتىلەر ئەرسە، جوھۇدلارغە بىسىيار دىشۋار كۆرۇندى، ئىمان كەلتۇرمەدىلەر؛ ئەيدىلەركىم: «بۇ ساھىر -جادۇدۇر.»

خەبەردە كېلىپدۇركىم، ئەيسا ئەلەيھ-س. ئىككى يىل بەنى ئىسرائىل ئاراسىدا بولدىلەر. تەرىقەلەرى ئولدۇركىم، ئىككى كۇن بىر يەردە قونماس ئەردىلەر. ھەر كىمنىڭ ئۆيىگە بارىپ خۇدانىڭ ئەمرتەھبىينى يەتكۇرۇر ئەردىلەر. ھىچكىم ئىمان كەلتۇرمەس ئەردى. ئەيسا ئەلەيھ-س. ئۇلارنىڭ

كۇفرلىقدا مەھكەملىكىنى كۆردىلەر ئەرسە، بۇلار ئاراسىدىن چىقتى. مىسر، شام، يەمەن مەغرىب زەمىن سەرھەدىغە باردىلەر. ھىچ شەھەر قالمادى ئاندا بارىپ خۇدانىڭ ئەمرىنى يەتكۇزدىلەر. بەيتۇل مۇقەددەسدىن ئون ئىككى شۇستەگەر كىشىدىن ئۆزگەسى ئىمان كەلتۇرمەدى. ئەيسا ئەلەيھ.س. بەيتۇل مۇقەددەسدىن تەنھا چىقىپ ئاۋاز قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «بۇ دۇنيادىن يۈز ئۆرۈپ، خۇداي تەئالانىڭ دەرگاھىغە يۈزلەنىپ ماڭا ياۋەر ھەمراھ بولغاي!» بەس، ئول شۇستەگەرلەر ئەيدىلەركىم: «بىز ياۋەر ھەمراھدۇرمىزكىم، خۇدايى تەئالاغە ئىمان كەلتۇرۇپ، ئانىڭ دەرگاھىغە يۈزلەنىپدۇرمىز......» بەس، بەنى ئىسرائىل ئول شۇستەگەرلەرنى مەنئ قىلمادىلەر، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. بىرلە چىقىپ كەتتىلەر. ئاندىن ھەر شەھەرگە باردىلەر، بەئزىلەر مۇسۇلمان بولدىلەر، بەئزىلەر كافىر قالدى. بەس، ئول شۇستەگەرلەر ئەفزەل ۋە سابىقلاردىن بولدىلەر.

# دەستان

# قىسسەئى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئاسمانغە چىقغانلەرى

مۇھەممەد بىننى جەرىر كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. ئۇچ يىل ئول خەلقنىڭ ئاراسىدا بولدىلەر. ئەخبار كىتابلارىدا ئىككى يىل تۇردىلەر دەپدۇرلەر. بەس، ئاخىر ئۆمرىدە يەنە بەيتۇل مۇقەددەسكە كەلدىلەر ئەرسە، بەنى ئىسرائىلنىڭ جوھۇدلارى يىغىلىپ، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى ئۆلتۇرگەلى قەسد قىلدىلەر. ھىردۇس ئەسغەركىم پادىشاھ ئەردى، يۇنانىلار مەزھەبىدە ئەردى. ئاڭا ئەيدىلەر: «ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. جادۇدۇر، خەلقلەرنى گۇمراھ قىلۇر، ئانى ئۆلتۇرمەك لازىمدۇر.» بەس، ھىردۇس ئۆلۇمگە بۇيرۇدى ئەرسە، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى ئىزدەدىلەر. ئۇلەر پىنھان بولدىلەر. ھىچ يەردىن تاپمادىلەر. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. بىر كىچە ھەۋارىلەرنىڭ ئۆيىدە ئەردىلەر. ئۇلارغە ئەيدىلەر: «سىزلەر بۇ كىچە ماڭا دۇئا قىلىڭلار.» بەس،

ھەۋارىلەر دۇئاغە مەشغۇل بولماي، ياتىپ ئۇيقۇلادىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ئەيدىلەر: «سىزلەر ماڭا دۇئا بىرلە يارى بەرمەدىڭلار، غەفلەتكە مەيل قىلدىڭلار. سىزلەردىن كىمەرسە بولۇرمىكىن مەندىن بىزار بولۇپ، كۇفرغە رىزا بېرۇرلەر ۋە يەنە بىرىڭلار مېنى ئاندەك بەھاغە ساتىپ، دۇشمەنگە كۆرسەتۇر.» بەس، ئەرتەسى ھەۋارىلەردىن شەمئۇن ئاتلىغ بىرى تاشقارى چىقتى ئەرسە، جوھۇدلار ئانى تۇتتىلار. ئەيدىلەر: «سەن ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ ھەمراھىسەن. راست ئەيغىلكىم قايدادۇر؟ ۋە گەرنە سېنى ئۆلتۇرۇرمىز.» شەمئۇن ئەيدى: «مەن ئانىڭدىن بىزارمەن، يار - ھەمراھ ئەمەسمەن» دەپ كافىر بولدى. ئاندىن يەنە بىر ھەۋارى چىقتى ئەرسە، ئانى تۇتتى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى سوردى ئەرسە، ئەيدى: «بىر نەرسە بەرسەڭلار مەن ئانى كۆرسەتىپ قويارمەن.» بەس، ئاڭا ئۈچ دىرھەم بەردى ئەرسە، ئول بەدبەخت ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى ئۈچ دىرھەمگە ساتتى ۋە جوھۇدلارغە ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى كۆرسەتتى. جوھۇدلار ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى تۇتتىلەر، بىر رىسمان بىرلە تەمام ئەئزالارىنى باغلادىلەر. ھەۋارىلەر قاچتى. جوھۇدلەر ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. غە ئەيدىلەر: «سەن جادۇلۇق بىرلە خەلقغە فەرىب بېرۇرسەن. ئۆلۇكلەرنى تىرگۈزۈرسەن، نېچۈكدىن بىزدىن قۇتۇلماسسەن، بۇ بەنددىن خەلاس بولماسسەن!» بەس، ئۇلەرنى دارغە كەلتۇردىلەر، تاكىم دارغە ئاسغايلەر. تەمام جوھۇدلار ئاندا يىغىلدىلەر. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى يەزدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى ئول جوھۇدلارنىڭ كۆزىدىن پىنھان قىلدى. سۆرەت ھەيئەتلەرىنى، يەسۇغ ئاتلىغ جوھۇدلارنىڭ ئۇلۇغى بار ئەردى، ئاڭا تەبدىل قىلدى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. غايىب بولدىلەر ئەرسە، جوھۇدلار ئەيدى: «جادۇگەرلىك قىلىپ، كۆزۈمىزدىن غايىب بولدى. بىر سائەت سەبر قىلغايمىزكىم، جادۇگەرلىككە بەقا يوقدۇر، ئاخىر جادۇسى باتىل بولۇپ، ئۆزى زاھىر بولغاي.» بەس، بىر زەماندىن كېيىن، يەسۇغنى كۆردىلەر ئەرسە، ئانى تۇتتىلەر. ئول ھەر چەند «مەن يەسۇغ، ئەيسا ئەمەسمەن!» دىدى، باۋەر قىلمادى. سەن جادۇ قىلىپ ئۆزۈڭنى ياشۇرۇپ ئەردىڭ، ئەمدى جادۇگەرلىكىڭنىڭ مەھەللى ئۆتۇپدۇر» دەپ، ئانى دارغە ئاستىلەر. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نى ھەق تەئالا ئاسمانغە چىقاردى.

بەس، يەسۇغ يەتتە كىچە ـ كۈندۈز داردا تۇردى. ھەر كىچە ھەزرەتى مەريەم كېلىپ، دارنىڭ ئاستىدا تۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇچە يىغلار ئەردىلەر. تا يەتتىنچى كىچەسى ھەق تەئالا ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس. نى ئاسماندىن تۈشۈرۈپ، ھەزرەتى مەريەمگە كۆرسەتتى، تاكى كۆرۈپ كۆڭۈللەرى تەسكىن تاپتىلەر. ئول كىچە ھەزرەتى مەريەمنىڭ قاشلەرىدە بولدىلەر. يەھيا ئەلەيھىس. نى، قالغان ئون ھەۋارىلەرنى چىرلادىلەر. بۇ ھەۋارىلەردىن يەتتە كىشىنى تاپتىلەر، بۇلاردىن شەمئۇننى ۋە ئول جوھۇدلارنى باشلاپ كەلگەن مەلئۇننى سوردىلار. بۇلار ئەيدىلەر: «ئۇلار قىلغان ئىشلارىغە پۇشمان، گۇناھ قىلغانلەرىنى بىلىپ ھەيران بولۇپ، ئاخىر ئۆزلەرىنى ئۆلتۈردىلەر.»

بەس، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس. ھەزرەتى يەھياغە، ئول يەتتە ھەۋارىغە ۋەسىيەت قىلدىلەركىم: «مېنىڭ دىنىمغە خەلقنى تەرغىپ قىلىڭلار.» ئاندىن بۇلارنىڭ ھەر قايىسىنى بىر تەرەفكە بۇيرۇدىلەر. تاكىم ھەر تەرەفدە، ھەر كوشەدە خەلقنى دىن ـ ئىمانغە باشلاغايلەر. بەس، ئىككىلەرىنىكىم بىرىنىڭ ئاتى فەرتۇس، يەنە بىرىنىڭ ئاتى يەئفۇس ئەردى، رومىيەدىن تا يۇنان، مەغرىب زەمىن سەرھەدىغە بۇيرۇدىلەر. ۋە يەنە بەرلەرىنىكىم ئاتى توماس ئەردى، زەمىن بابىل ۋە ئىراقدىن تا مەشرىق زەمىنغە ئەمر قىلدىلەر. يەنە بىرلەرىكىم قەرۋان ئاتلىغ، كەھف شەھەرلەرىگە تەئىن قىلدىلەركىم، ئول شەھەرنى مەجلىس ئاتار ئەردىلەر. ۋە يەنە بىرىنى ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىس. بىرلە بەيتۇل مۇقەددەسكە خەلىفە قىلدىلەركىم، ئاتلەرى يەئقۇب؛ ۋە يەنە بىرىنى زەمىن ھىجاز ۋە مۇلكى ئەرەبكە قويدىلەركىم، ئاتلەرى تەلىماس ئەردى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس. ھەزرەتى يەھيانى، ئول يەتتە ھەۋارىلەرنى خەلىفە تەئىن قىلىپ، ۋەسىيەتلەرىنى تەمام قىلدىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى مەريەم بىرلە ۋىدائ قىلىپ، سۇبھ ۋەقتى ئەردى، دۇئا قىلدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا يەنە ئاسمانغە ئىلتتى. تەرسالار بۇ كىچەنى بىسيار ئۇلۇغ تۇتارلەر ۋە ئىيد كىچەسى بىلۇرلەر. ئۆيلەرىنى ۋە ئىبادەتخانەلەرىنى خۇشبۇي نەرسەلەر بىرلە دۇد بىرۇرلەر.

بەس، ئول ھەۋارىلەر ئەرتەسى جوھۇدلار ئاراسىدا بۇ ۋاقىئەنى بەيان قىلدىلەر ئەرسە، بۇلارنى تۇتۇپ ئەزاب قىلدىلەر؛ ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس. دىن تاندۇرغالى ئانچەكى زۇلۇم ـ جەفالار قىلدىلەر. بۇ خەبەرنى روم پادشاھى

ئىشتىپ، لەشكەر تارتىپ، بەنى ئىسرائىلدىن بىسيار خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇل ھەۋارىلەرنى ئۇلاردىن قۇتقارىپ ئالدى. ئۇل ھەۋارىلەركىم، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. رومغە تەئىن قىلىپ ئەردىلەر، ئۇلارنى رومغە خەلىفە قىلدى. ئۆزگەلەرگە ئەيدى: «ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نىڭ ئەمرلەرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئالەمگە پەراكەندە بولۇڭلار.»

بەس، ھىردۇسكىم، بەيتۇل مۇقەددەسكە پادشاھ ئەردى. ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. بىرلە يەئفۇسنىڭ سۆزلەرىنى راست بىلىپ، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نىڭ دىنلەرىغە كىردىلەر. ئۇل كۈن روم ۋە شامدا تەرسالىق ئاشكارا بولدى. بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى جوھۇدلار دارغە ئاستىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا داردىن ئاسمانغە ئىلتتى. بۇ سۆز دۇرۇست ئەمەسدۇر. ئەيتىپدۇرلەر: ئۇل ياغاچكىم، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى ئاستىلەر، ئانى روم پادشاھى رومغە ئالىپ بارىپ، ئۆزىگە قىبلە قىلدى؛ ئۇل چەلىپاكىم تەرسالار نەماز ئۆتەردە ئالدىغە تىكەرلەر.

# فەسلى دەستان
# ھەزرەتى مەريەمنىڭ ۋەفاتلەرى ۋە ھەزرەتى يەھيانىڭ ئۆلتۈرۈلگەن قىسسەلەرى

بەس، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نىڭ دىنلەرىنى قەبۇل قىلىپ، بۇلارغە ئىززەت ـ ئىكرام قىلدى. ئالتە ئايدىن كېيىن ھەزرەتى مەريەم ۋەفات بولدىلەر. بەس، ھىردۇس ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. نىڭ ئەمرلەرىدىن چىقماس ئەردى. ھىردۇسنىڭ بۇرادەرىنىڭ بىر قىزى بار ئەردى. يەنە بىر رىۋايەتدە ئۆزىنىڭ قىزى دەپدۇرلەر. ھىردۇس ئۇل قىزغە ئاشىق بولدى. ئانى ئالغالى قەسد قىلدى. ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. شەرىئەتدە رەۋا ئەمەس دەپ مەنئ قىلدىلەر ئەرسە، ئۇل قىز ئاتاسى بىرلە ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ.س. نى دۈشمەن تۇتتى. ھەركۈن ھىردۇس بۇ قىزغە ھەرنىمە تىلەسە بېرۈر ئەردى. بەس، ئاناسى بۇ قىزغە ئەيدى: «ئەگەر پادشاھ سەندىن نىمە تىلەرسەن

دىسە، يەھيا ئەلەيھىس. نى ئۆلتۈرمەكنى تىلەرمەن دىگىل.» بىر كۈن بۇ قىزغە «نەتىلەرسەن؟» دىدى. بۇ قىز «يەھيا ئەلەيھىس. نى ئۆلتۈرمەكنى تىلەرمەن» دىدى. پادىشاھ ئەيدى: «ئەگەر ئانداغ بولسا ئانداغ نەرسەنى تىلەگىلىكىم بەرگەيمەن. ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىس. خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىدۇرلەر، ئانى ئۆلتۈرگەلى بولماس.» يەنە بىر كۈن يەنە شۇ بۇ سۆزنى ئەيدى، پادىشاھ قەبۇل قىلمادى. بەس، بىلدىكىم، يەھيا ئەلەيھىس. نى ئۆلتۈرمەيدۇر. ئاخىر بىر كۈن پادىشاھ شەراپ ئىچكەلى ئولتۇردى ئەرسە، ئول مەككارە قىزىنى ياساپ، زىب - ئەرايىشلەر بىرىپ، پادىشاھنىڭ نەزەرىدە جىلۋە قىلدۇرۇپ، پادىشاھغە ساقى قىلدى؛ چۈن پادىشاھ مەست بولدى ئەرسە، ئول قىزنى خىلۋەت خانەگە چىرلادى. ئاڭا قول سۇندى. قىز ئەيدى: «مەن ساڭا بويۇن سۇنماسمەن. تا يەھيا ئەلەيھىس. نى ئۆلتۈرۈپ باشىنى ئالدىمدا قويماغۇنچە.» پادىشاھ مەستلىكدە ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىس. نى ئۆلتۈرگەلى بۇيرۇدى. ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىس. نى شەھىد قىلىپ، باشلەرىنى ئول دوختەر بەدكار ئالىدا قويدى...... پادىشاھ تەئەججۇپ قىلىپ، قىلغان ئىشىغە پۇشمان بولدى.

ئەجەم پادىشاھلارىدىن خەردۇس ئاتلىغ بىر پادىشاھ بار ئەردى، ئاڭا خەبەر يەتتى. بەنى ئىسرائىل پەيغەمبەرلەرىنى ئۆلتۈرۈپدۇر: بىرى، يەھيا ئاتلىغ پەيغەمبەركىم باشىنى كىسىپدۇرلەر؛ ۋە يەنە بىرى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس. ئەردىلەر، ئانى دارغە ئاسىپدۇرلەر؛ ۋە يەنە زىكرىيا ئاتلىغ پەيغەمبەرنى شەھىد قىلىپدۇرلەر. بەس، خەردۇس بۇ ۋاقىئەنى ئاڭلاپ، بىنەھايەت ئاچچىغلاپ، لەشكەر تارتىپ، بەيتۇل مۇقەددەسكە كەلدى. شەھەرىنىڭ ئالدىغە تۈشتى. بىر سىپەھسالارى بار ئەردى. ئاڭا ئەيدىكىم: «بۇ خەلقنى ئانچە ئۆلتۈرمەكنى نەزرە قىلدىمكى، ئۇلارنىڭ قانى ئاقىپ دەرۋازىدىن چىقىپ يۈرمەگۈنچە سەن توختاماغىل، سەن لەشكەر بىرلە شەھەرگە كىرىپ بۇلارنى يەكبارە قەتل ئام قىلغىل. قان دەرۋازىدىن ئاقىپ چىقماغۇنچە قولۇڭنى يىغماغىل.» بەس، بىيۇرزادان شەھەرگە كىردى. ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىس. نىڭ خۇنلەرىنى كۆردىكىم قايناپ تۇرار ئەردى. سوردىكىم: «بۇ نەدۇر؟» بۇلار ئەيدى: «بۇ بىزنىڭ خۇداي تەئالاغە مەقبۇل بولغان قۇربانلىقىمىزنىڭ قانىدۇر.» بەس، بىيۇرزادان بۇ سۆزگە پۇتمەي

تەفتىش قىلدى. ئاخىر راستىغا كېلىپ، ئەيدىلەر: «بۇ ئول پەيغەمبەرنىڭ قانى ئەردىكىم، بىز ئانى ئۆلتۈرۈپدۇرمىز. بۇ قەھر - غەزەبكىم، سىزلەردىن بىزلەرگە كېلىپدۇر. بۇ خۇننىڭ جەزاسىدۇر.» بەس، سوردىكىم: «بۇ خۇننى نېچۈك ئىشلار بىرلە پەست قىلغالى بولۇر؟» ئەيدىلەر: «تاكىم ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىس. نىڭ قاتىلى قانىنى مۇڭا قۇيماي پەست بولماس.» ھىردۇس، ئول قىز ۋە ئول يەھيا ئەلەيھىس. ئۆلتۈرگەن كىشى قاچىپ ئەردى. بۇلارنى بىلمەدىلەر ئەرسە، بىيۇرزادان بەنى ئىسرائىلدىن ئەر - خاتۇن ھەر كىمنى ئۆلتۈرۈپ، ئول قانغا قۇيدى ئەرسە، پەست بولمادى، تا يەتمىش مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى. ئاخىر بىر پىر - زەن ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىس. نىڭ قاتىللارىنى خەبەر بەردى. ئانى ئۆلتۈرۈپ قانىنى قۇيدى ئەرسە پەست بولدى. بەس، خەردوسغا كىشى ئىبەردىكىم، مۇنچە خەلقلەرنى ئۆلتۈردۇم. ئەمدى قايداغ فەرمان قىلۇرسەن؟» خەردوس جەۋاپ بەردىكىم: «تا قان لەشكەرگە ئاقىپ چىقماغۇنچە سۆزىنى قەبۇل قىلماسمەن.» بەس، بىيۇرزادان بەنى ئىسرائىلغا رەھم قىلىپ ئەيدى: «ئەگەر خەردۇس بۇيۇرغاندەك قىلسام، سىزلەردىن ھىچ بىرىڭلار تىرىك قالماسسىزلەر. ئەمدى، سىزلەر بەتەمام ئۇلاغ، چھارپايىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار، تا ئانى قوشۇپ ئۆلتۈرگەيمەنكىم، قان دەرۋازەدىن ئاقىپ چىققاي.» بەس، ئۇلار تەمام چھارپايلارنى يىغدىلەر؛ دەرۋازە ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىيەكبارە ئۆلتۈردىلەر ئەرسە، قان دەرۋازەدىن چىقىپ، لەشكەرگاھغا يەتتى. ئاندىن، خەردوس يارلىغ قىلدىكىم: «ئەمدى قويسۇن، قالغانلارنى ئەسىر قىلسۇن، مەسجىدنى ۋەيران قىلسۇن!» ۋە يەنە بۇيرۇدىكىم: «تەمام ئۆلۈكلەرنى مەسجىدكە سالسۇن!» بەس، شەھەردە مۇنادى قىلدۇردى: «ھەركىم ئۆلۈكنى مەسجىدكە سالسەلەر ئانى ئازاد قىلۇرمەن!» بەس، بەتەمام ئۆلۈكلەرنى سالدۇردى، بۇختۇن نەسسەر خەراب قىلغاندىن يامانراق خەراب قىلدىلەر؛ تەمام پەيغەمبەرزادەلەرنى ئەسىر - بەند قىلىپ، ئالىپ يانماقغا ئوغرادى ئەرسە، بىيۇرزادان مۇسۇلمان بولدى. خەردوسدىن ئايرىلدى. خەردوس قالغان ئەسىرلەرنى ئالىپ مۇلكىغا ياندى. ئاندا ئۆلدى ئەرسە، ئەسىر بولغان بەنى ئىسرائىللار يەنە بەيتۇل مۇقەددەسكە كەلدىلەر. بەيتۇل مۇقەددەسنى ئاباد قىلدىلەر. ئول كىشىكىم، ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھىس. دىن كېيىن بەيتۇل

مۇقەددەسنى بۇختۇن نەسسەر خەراب قىلدى دەپدۇر. غەلەت ئەيتۇركىم، خەردۇس ئەردى، ئول تائىفىنىڭ پادشاھلارىدىن ئەردى. بۇختۇن نەسسەر زۇلقەرنەيندىن ئىلگەرى ئەردى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. ۋە ھەزرەتى يەھيا ئەلەيھ-س. ھەمئەسر ئەردىلەر. زۇلقەرنەيننىڭ ۋە بۇلارنىڭ ئارالارىدا ئۇچ يۇز ئەللىك يىل ئۆتتى دەپدۇرلەر، ۋە بەئزىلەر ئۇچ يۇز ئاتمىش يىل ھەم دەپدۇرلە. مۇھەممەد بىننى جەرىر كەلتۇرۇپدۇرلەر: بۇختۇن نەسسەر بەنى ئىسرائىلنى ئەسىر قىلغاندا، جەمئى پەيغەمبەرزادە ھەزرەتى دانىيال ئەلەيھ-س. دىن سوردىكىم: «نېچۈك دىندەسىزلەر؟» بۇلەر ئەيدىلەر: «بىز خۇداي ئالەمگە تابىنۇرمىز؟» بەس، بۇختۇن نەسسەر بىرزىندان قازدۇردى ۋە بۇلارنى ئاڭا سالدۇردى. بىركۇن تۇردىلەرئەرسە، بىر شىرنى ئۇلار قاشىغە زىندانغە سالدۇردى. ئەرتەسى زىندانغە كەلدى، كۆردىكىم ئۇلار سەلامەتدۇرلەر، شىر بۇلاردىن قاچىپ تۇرۇپدۇر. بۇلار ئالتە كىشى ئەردىلەر. كۆردىلەركىم يەتتە كىشى بولۇپدۇر. بۇلارنى چىقارىپ سوردى: «ئول بىر كىشى كىمدۇر؟» ئول فەرىشتە ئەردى، بۇختۇن نەسسەرنىڭ يۇزىگە بىر تەپانچە بەردىلەر ئەرسە، بۇختۇن نەسسەر ۋەھشى ھەيۋانلاردىن بولۇپ، بەيابانغە كەتتى. يەتتە يىل باياباندا يۇرۇپ ئۆلدى. بۇ قەۋل دۇرۇست ئەمەسدۇر. مۇھەممەد بىننى جەرىر ئېيتۇر: ھەر پادشاھ زالىم - ستەمكار ئەردى، بەنى ئىسرائىل ئانى بۇختۇن نەسسەر ئاتار ئەردىلەر. بۇ ئىستىئمال بىرلە، خەردۇسنى بۇختۇن نەسسەر دىدىلەر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## دەستان

## قىسسەئى پادشاھان روم ۋە شام

قاچانكىم، زۇلقەرنەيندىن كېيىن تا ئەردەشىر بابەك زەمانىغە پادشاھلار ئىككى تائىفە ئەردىلەر. دەجلەنىڭ ئول تەرەفىنى يۇنان پادشاھلارى تۇتتىلەر. ئۇلەرنى بەتلىمۇس دەر ئەردىلەر؛ ئول بەتلىمۇسلەردىن كېيىن روم پادشاھلارى تەسەررۇف قىلدىلەر ئەرسە، ھەمە روم ۋە شامنىڭ پادشاھلارى بىر بولدىلەر. بۇلارنىڭ ئەۋۋەلى ئەۋستوس ئەردى، قىرىق يىل پادشاھ بولدى

ئەرسە، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. ۋۇجۇدلەرىغە كەلدىلەر. ئاندى، ئون تۆرت يىل پادىشاھ بولدى، ئەللىك ئالتە يىلدىن كېيىن ئۆلدى. تەيبارىئوس تەختغە ئولتۇردى، مۇنىڭ زەمانىدە ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. ئاسمانغە چىقتىلەر؛ ھەزرەتى زىكرىيا ئەلەيھ.س. نى شەھىد قىلدىلەر. روم، شام ۋە بەيتۇل مۇقەددەس تا پەيغەمبەرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋەقتلەرىغىچە روم پادىشاھلارىنىڭ تەسەررۇفىدە ئەردى. بۇلارنىڭ ئاخىرى ھىرقىل ئەردى. ئول تەيبارىئوس ۋەقتىدىن تا ھىرقىل زامانىغە بەش يۈز سەكسەن بەش يىل كەچتى. ئەيتىپدۇرلەر: بۇ يىللاردا ئەللىك بەش پادىشاھ ئۆتتى. بۇلاردىن بىرىنىڭ ئاتىنى ۋە پادىشاھلىق مۇددەتىنى ئەيتۇرمەن.

بىلمەك كېرەككىم، تەيبارىئوس يىگىرمە ئۈچ يىل پادىشاھ بولدى. مۇنىڭ پادىشاھلىقىدىن ئون سەككىز يىل ئۆتۈپ ئەردى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. ئاسمانغە چىقتىلەر. تەيبارىئوسدىن كېيىن ئوغلى جاسىيوس ئون تۆرت يىل تەختغە ئولتۇردى. بۇ ئۆلدى ئەرسە، ئىنىسى ئون تۆرت يىل مۇلۇككە مۇتەسەررۇف بولدى. ئاندىن كېيىن فىرۇزى ئاتلىغ پادىشاھ ئون تۆرت يىل ئىگە بولدى. ئول ھەۋارىلەردىن ئىككىسىنى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. روم ۋە شامغە خەلىفە قىلىپ ئەردىلەر. بۇلار تىرىك ئەردى. بەس، فىرۇزى پادىشاھلىقىنى خەبەر ئالدىلەر ئەرسە، ئانىڭ قاشىغە كەلدىلەر. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نىڭ دىنىلەرىغە تەكلىف قىلدىلەر. ئول كافىر بەدكار ئۇلارنى دارغە ئاستى. ئاندا شەھىد بولدىلەر. ئاندىن ئۆزى ئۆلدى. ئورنىدا ئاتلانۇس ئاتلىغ بىر كىمەرسە تۆرت ئاي پادىشاھلىق قىلدى. ئاندىن، ئاسغىنايۇس ئۈچ يىل شەھرىيار بولدى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. ئاسمانغە چىقىپ قىرىق يىل ئۆتۈپ ئەردى. ئول تەرسا ئەردى. ئوغلى ئاۋستۇسنى بۇيرۇدىكىم، بەنى ئىسرائىلدىن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، بەيتۇل مۇقەددەسنى ۋەيران قىلغاي. بەس، ئاۋستۇس بارىپ ئانداغ قىلدى. ئاتاسى ئورنىدا ئىككى يىل پادىشاھ بولدى. ئاندىن دەۋزەخقە كىتتى. ئاندىن مەتلىيۇس ئون ئىككى يىل كامران بولدى. ئاندىن مەردىمايۇس يىگرمە يىل

دەۋر سۈردى. ئاندىن ئافتىنۇس يىگرمە يىل، ئاندىن بەتىيايۇس يەتتە يىل سوردى. ئاندىن بەتىنۇس تۆرت يىل دادخاھ سوردى. ئانىڭ دەۋرى ئۆتتى ئەرسە، فىلىئۇس يەتتە يىل جەھاندار بولدى. ئانىڭ ۋەقتى كەتتى ئەرسە، قاقىنۇس ئالتە يىل، ئانىڭ نەۋبەتى تۈگەدى ئەرسە، فافۇس بەش يىل شەھرىيار بولدى. ئانىڭدىن قالدى ئەرسە، فاقۇس ئون بەش يىل يۇرتنى تۇتتى. ئول ئۆتتى، تودرۇس بىر يىل مىھتەر بولدى. ئاندىن كېيىن جالۇس بەش يىل ئۇلۇغلۇق قىلدى. ئاندىن كېيىن مىلئون ئالتە يىل ساھىبى مەملەكەت بولدى. ئانىڭ كەينىدىن فورىئوس يىگرمە يىل كوس نەۋبەت چالدۇردى. ئانىڭ ئارقەسىدىن نوروس ئىككى يىل مەملەكەتنى قولغە ئالدى. ئاندىن مەتمابوس ئالتە يىل پادىشاھلىق ئەنگۇشتەرىنى ئىلكىگە سالدى. ئاندىن سولۇك، قىتفىتوس ئوتتۇز يىل باشىغە تاج قويدى. ئاندىن فەتىتوس، ئاندىن ئىلىيانوس، ئاندىن سابوس بىر يىل، ئاندىن تىيادادوس ئون يەتتە يىل، ئاندىن فىدىئوس ئون يىل، ئاندىن بىنادادوس سەككىز يىل، ئالتبانوس سەككىز يىل، ئاندىن ئارقيانوس يەتتە يىل، ئاندىن ئالۋان ئون ئالتە يىل، ئاندىن رابوز ئون سەككىز يىل، ئاندىن سەتاۋۇس ئون يىل، ئاندىن فىتىئانوس ئون يىل، ئاندىن تىنارنوس ئالتە يىل، ئاندىن قومىيا يەتتە يىل ئالتەئاي، ئاندىن ئوغلى ھىرقىل ئوتتۇز يىل--بۇلەر سەلتەنەت سۈردىلەر. بۇ ھىرقىل زەمانىدە ھەزرەتى پەيغەمبەرىمىز سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇھۇر قىلدىلەر. ئاڭا ئەلچى ئىبەردىلەر.

ئول بوختۇن نەسسەركىم، ئەسەد ئىسكەندەردىن ئىلگەرى بەيتۇل مۇقەددەسنى ۋەيران قىلدى. ئانىڭ زەمانىدىن تا پەيغەمبەرىمىزنىڭ ھىجرەتلەرىغە مىڭ يەتتە بىر مۇنچە يىل ئۆتتى. ئىسكەندەرنىڭ ۋەقتلەرىدىن تا ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس. ۋۇجۇدلەرىغە كەلگۈنچە ئۈچ يۈز يىل ئۆتتى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس. تۇغۇلغان زەمانىدىن تا ئاسمانغە چىققۇنچە ئوتتۇز ئىككى يىل ئەرى. ئاسمانغە چىققانلەرىدىن تا پەيغەمبەرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغىچە بەش يۈز سەكسەن بەش يىل ئەردى. ئىسكەندەرنىڭ

زەمانلەردىن تا رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمغىچە توققۇز يۈز
يىگىرمە يىل ئەردى.

## فەسلى دەستان
## ئىسكەندەردىن كېيىن دەرياىى دىجلەنىڭ بۇيانىدا تا پەيغەمبەرىمىز ۋەقتلەرىغەچە ئۆتكەن پادىشاھلار بەيانى

بىلمەك كېرەككىم، ئىسكەندەردىن كېيىن، دىجلەنىڭ بۇيانى تا رەيغىچە
ئەشكانىلارنىڭ تەسەررۇفىدە ئەردى. رەيدىن تا جەيھۇنغىچە تايىف
پادىشاھلارىنىڭ ئىلكىدە ئەردى. بۇلار ئەشكانىلارنى ئۇلۇغ تۇتار ئەردىلەر.
لېكىن مۇلۇكلەرىنى بەرمەس ئەردىلەر. ئەشكابىلار ھەم ئۇلارنىڭ مۇلكىگە
قەسد قىلماس ئەردىلەر. ئۇلارنىڭ تەئزىم ۋە تەۋازۇئلەرىغە قەنائەت قىلىپ،
جىدەل - مۇنازەئەت قىلىپ ئۇلارغە ئازار بەرمەس ئەردىلەر. قاچانكىم
ئەشكابىلارغە دۈشمەن پەيدا بولسە، سىپاھ - لەشكەر ئىبەرىپ، يارى بېرۇر
ئەردىلەر. بۇ ئەشكانىلارنىڭ ئاراسىدا ئەرەبدىن سەئد بىننى ئەدنانىنىڭ ئەۋلادى
بار ئەردىكىم، ئۇلارنى بۇختۇن نەسسەر ئەسىر قىلىپ، ئىراقنىڭ ئانبار
دىگەن كەنتىدە قويغان ئەردى. ئۆزگە ئەرەپلەر زەمىن ھىجاز، بادىيە ۋە
يەمەندە ئەردىلەر. ئول كەنتنى ئانبار ئول ۋەجھدىن ئاتادىلەر: بۇختۇن
نەسسەر ئەسىرلەرنى ئاندا كەلتۇرۇپ، ئانبارخانەلەرنى قىلدۇرۇپ قويغان
ئەردى. ۋە بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ئەشكابىلارنىڭ ئانبارخانەسى ئەردى. بۇ
قەۋل دۇرۇستراقدۇر. ئەجەم خەلقىنىڭ ئاندا ۋەتەنى يوق ئەردى. ئەشكانىلار
سەۋاد ۋە ئىراق زەمىن ھوسۇلىنى ئاندا يىغىپ، ئۇلۇغ ئانبارخانەلەرنى
ئېتىپ، سىپاھ - لەشكەرگە روزانە ئاندىن بېرۇر ئەردى. ئاندىن ئىلگەرى
ھەم ئەجەمنىڭ ئۇلۇغلارى ئاندا ئانبارخانەلەرنى قىلغان ئەردىلەر. ئول
ئەرەبلەركىم، زەمىن ھىجاز، بادىيەدە ئەردىلەر. ئۇلارنىڭ ئاراسىدا ھەرب
- جەڭ پەيدا بولۇپ، قەھت ۋە تەڭلىك تۈشۈپ، پەراكەندە بولدىلەر. بۇ
ئەرەبنىڭ ئۇلۇغلارى ۋە پادىشاھلارى ئەشكابىلاردىن قورقۇپ، ئەرەب تەرەفىگە

بارالمادىلەر. ئاخىر بەھرەين ۋە يەمامەدە تۇردىلەر. ئول بەھرەين، يەمامە نەچەند شەھەرلەردۇر؛ بادىيەدە بىرىنى ھەجىر ئاتارلەر؛ يەنە بىرىنى ئەخشا دەرئەردىلەر. ۋە يەنە سەككىز شەھەر ئەردىكىم قەرمەتىيلەر مەزھەبىدە ئەردى. بۇ ئەرەب پادىشاھلارىدىن ئىككىسىكىم، ئاتى مالىك ۋە ئۆمەر، بىر تۇغقان ئەردى. قەھەر بىننى تەخەمىنىڭ ئوغلى ئەردىلەر. يەنە بىرىنىڭ ئاتى مالىك بىننى زەھىر بىننى ئۆمەر بىننى مىھر بىننى تەمىم؛ ۋە يەنە بىرى خەفاد ئەردىكىم خەفاد بىننى ئەلجۇنۇن بىننى ئۆمەر بىننى ئەدنان؛ ۋە يەنە بىرى سىغەر زەھرانىل - ھارىس بىننى ئاياب؛ ۋە يەنە سالىھ بىننى سۇبھ بىننى ئەل - ھارىس. بۇ پادىشاھلار بىرلە بىسيار سىپاھلار بار ئەردى. ئەرەبدە يەنە بىر پادىشاھزادە بار ئەردى، نەبى خۇدەيمە بىننى قەھەر بىننى غانىم بىننى دوسەن ئەردىلەر، ئاتاسىنى خۇدەيمەل ئەبرەس دەرئەردىلەر؛ تەمامى بەدەنى پېسە ئەردىلەر. ئەرەب خەلقى ئانىڭدىن قورقۇپ، خۇدەيمەل ئەبرەش ئاتار ئەردىلەر. ۋە بەئزىلەر خۇدەيمەل ۋۇساھ دەرئەردىلەر. ئاڭا ھەم ئەيش نىشات تەڭ بولدى ئەرسە، مالىك بىننى زەھىر بەھرەيندىن نامە ئىبەردى، بەھرەينگە تەكلىف قىلدى. ئاندىن تەمام قەۋمى بىرلە بەنىيۇل ئەرزەدكاغە كەلدى. مالىك بىننى زەھىر شاد بولۇپ، سەمەر ئاتلىغ بىر خاھەرنى ئاڭا بەردى. چەندان ۋەقت ئاندا بولدىلەر. بىر كۈن ئىككۆلەن بەيئەت قىلدىلەركىم، ئەشكانىلار ۋە تەۋايىفلار ئەگەر بىزگە قەسد قىلسە، ئىتتىفاق بولغايمىز ۋە بىر - بىرىمىزگە يار بولۇپ، مىكر - ھىلەدىن يىراق بولغايمىز. بۇلارنى «تەنۇخى» ئاتار ئەردىلەر، «تەنۇخ» بەرمەگەنىنىڭ ئاتىدۇر. بەس، نەچەند يىل ئاندا تۇردىلەر. گاھى ئانبارغە كىشى ئىبەرىپ، بۇختۇن نەسسەر ئەسىر قىلغان ئەرەبلەر ئەۋلادىدىن تەئام ئالىپ كېلۇر ئەردىلەر. پادىشاھ ئەشكانىلاردىن ھىچ خەبەر ئاڭلاماس ئەردىلەر. تا بىركۈن پادىشاھى ئەشكانىلار سەھراغە چىقتىلەر، كۆردىلەركىم بىر جەمئى خەلق بىر مەملەكەتدە ئولتۇرۇپدۇرلەر، بۇلارنى ئەرمانى دەر ئەردىلەر، ئاد ۋە سۇمۇد نەسلىدىن ئەردىلەر. ئاد نەسلىنى ئەرمانى ئاتار، چۇنكى ئاد—ئەرمىنىڭ ئوغلى، ئەرم سام بىننى نوھ ئەلەيھ-س. نىڭ قەبىلەسىنى قەبىلەئى ئاد دەر ئەردىلەر. ئادنىڭ ئىككى قەبىلەسىدىن نەچەند پادىشاھلار چىقىپ، ئەشكانىلارنىڭ مۈلكىنى ئالىپ ئولتۇرغان ئەردىلەر. بۇلارنىڭ ئاتىنى ۋە پادىشاھلىق

مۇددەتنى كەلتۈرمەيدۇ. چۈنكى، تايىق پادىشاھلارى بۇلارغا مۈلكنى بەرمەي جەڭ قىلىپ، ئانچە مۇددەت پادىشاھلىق قىلغان ئەمەسدۇرلەر. بەس، بۇ ئەشكانىلار ھەم بۇلار بىرلە جەڭ قىلدىلەر. بەس، ئۇلارغا قۇۋۋەت تاپماي ياندىلەر ئەرسە، بەھرەيىنداقى ئەرەپ پادىشاھلارى بۇلارنىڭ نەۋمىد يانغاننى بىلدىلەر ئەرسە، خەبەر ئالدىلەركىم، بۇ مۈلۈك ئەشكانىلارغا بولمايدۇر؛ تايىق پادىشاھلارى ئۇلارغا ھەم ئىتائەت قىلمايدۇر. بەس، بەھرەيىندىن ئانبارغا كەلدىلەر. ئول كىمەرسەئىكىم، ئىراق زەمىنىگە كەلدى. خەفاد ئۆز قەۋمى بىرلە ئەردى. ئاندىن، مالىك ۋە ئۆمەر بىننى قەھەر، بۇلاردىن كېيىن مالىك بىننى زەھىر، خۇدەيمەل ئەبرەش—بۇلار ھەم ئۆز قەۋمى بىرلە كەلدى. ئاندىن كېيىن، ئاتقان بىننى ئۆمەر ۋە زەھىر بىننى ئەلھارىس، سۇبھ تەمام خەلقنى ئالىپ، بىسيار لەشكەر بىرلە يىغىلدىلەر. ئانباردا ئولتۇرۇغلۇق ئەرەبلەر ھەم بۇلارغا ياۋەر بولدىلەر ئەرسە، ئەرمانىلەر قولىدىن مۈلۈكنى ئالىپ، ئۇلارغا قەھر قىلىپ، تەفرەقە ۋە فەراكەندە قىلدىلەر. ھالا ھەم ئىراق كەنتلەرىدە تەفرەقەدۇرلەر.

بەس، ئەرەب پادىشاھلارى ئۇقبە ھۇلۋاننىڭ بىر تەرەفىكىم، زەمىن ئىراقدىن ئانبار، جەزىر، مەۋسىل، دىجلە، تا شام سەرھەدىغە تەسەررۇف قىلدىلەر. ئۇقبە ھۇلۋاننىڭ بۇ تەرەفىكىم، ھەمەدان، رەي، ئەسفەھان، كۇھىستان، خوراسان تا جەيھۇن لەبىگە تايىق پادىشاھلارى تۇتتىلەر؛ بۇلار ئەجەم ئەردىلەر، ئەرەبكە ئىتائەت قىلمادىلەر. ھەركۈن بۇلار بىر - بىرلەرى بىرلە جەڭ قەتل - قەتتال قىلۇر ئەردىلەر. ئانداغكى، ئەرەب خەلقىنىڭ رەسمى بۇدۇر. ۋە يەنە مۇنداغ، بۇ ئەرەب پادىشاھلارىنىڭ دوست - يار، ئاشنا ۋە ھەمدىيارلارىكىم، يەمەن ۋە ئەدندىن لەھيان، بەنى جەراھىم، بەنى جەئفەر، بەنى تەۋق، بەنى كەلاب ۋە بەنى تەمىم -- بۇ قەبىلەلەردىن ئۆز تابىئلارى بىرلە ئىراقغە كېلە باشلادىلەر، تاكىم ئىراق زەمىنىنىڭ تەمام شەھەرلەرى ئەرەب خەلقىغە پۇر بولدى. تايىق پادىشاھلارى بۇلارغا قۇدرەتى يەتمەدى. ئىراق زەمىنى بۇلارنىڭ تەسەررۇفىدە قالدى. تا ئەردەشىر بابەك كېلىپ، ئىراق زەمىننى تەۋايىفلاردىن ئالدى، ئەرەبلەردىن ھەم؛ بۇ ئەرەبلەر ۋە تەۋايىفلار ئاراسىدا بىسيار جەڭلەر بولغان. بۇ كىتابدا ئەرەب پادىشاھلارى نام - نەسەبىنى ئەيتمەيدۇرلەر. جەڭ ۋاقىئەلەرىنى زىكر قىلمايدۇرلەر. ئەمما

بەئزى ھادىسەلەرنىم، بۇلار ئاراسىدا بولغان ئەردى. ھەر قايسىدىن پارەئى زىكر قىلىپدۇر.

ئول كىمەرسەئىكىم، ئەرەبدىن پادىشاھ بولدى مالىك بىننى قەھەر بىننى تەيمۇللاھ بىننى ئەل - ئەسەد ئەردى. بۇ ئىراق زەمىننى ئالدى؛ مۇھەيرەنى پايتەخت قىلدى. بۇ ئەرەب پادىشاھلارى تەمام بۇتپەرەست ئەردى. شام ۋە روم پادىشاھلارى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىدە ئەردىلەر. تا چەندان يىل شەرىئەتى ئىنجىلنى بەرپا قىلدىلەر. ئاندىن كېيىــــن شام پادىشاھلارى ھەم تەرسالىقدىن يانىپ بۇتپەرەسلىككە تۇردىلەر. بۇ مالىك بىننى قەھەر ھەم بۇتپەرەستلىكنى ئاشكارا قىلدى. تەمامى ئەرەب ئاڭا تابىئ بولدىلەر. ئاندىن، ئىنىسى ئۆمەر ئىبنى قەھەر تەختكە ئولتۇردى. ئاندىن، خۇزەيمە ئەل - ئەبرەش تەسەررۇف قىلدى.

# فەسلى دەستان
# قىسسەئى ئەل - ئەبرەش

قاچانكىم، خۇزەيمە ئەل - ئەبرەش پادىشاھ بولدى ئەرسە، پادىشاھلارنىم، ئىراق، ھىجاز، مەجرۇندا ئەردىلەر، ھەمە ئاڭا مۇتىئ ۋە فەرمانبەردار بولدىلەر. ئول پادىشاھلاركىم يەمەن ۋە رومدا ئەردىلەر، ھەمە ۋە يەنە تايىف پادىشاھلارى ئىتائەت قىلمادىلەر. بۇ - خۇزەيمە ئەل - ئەبرەش ھەمە پادىشاھى ئەرەبدىن تەدبىر ۋە كېڭەشدە زىيادە ئەردى؛ سىپاھ - لەشكەرى ھەيبەت ۋە ئۇلۇغلۇقى ھەم تولا ئەردى. ئول چەندان جەڭلەرنى قىلدى. بىرى ئولكىم، جەمائەئى ئەرەب بەنى ئاياددىن، سەۋادنىــــڭ سەرھەدىدە بۇلاق چىقارىپ، بىسيار كەنتلەرنى قىلىپ ئولتۇرغان ئەردىلەر. بۇلار بۇ كەنتلەرنى ئاياغ ئاتار ۋە بۇلارنىڭ پادىشاھى ئىمالىقدىن ئەردى. بەنى ئاياد خۇزەيمەنىڭ تۇققان قاياشلارىدىن ئەردى. ئاتاسى ئاندىن ئەردى. بۇ خەلق ئۇلۇغىنىڭ ئاتى نەسر بىننى رەبىئە بىننى ئۆمەر بىننى ئەل - ھارىس بىننى مەسئۇد بىننى مالىك بىننى ئىمارە بىننى مەنار بىننى لەج — بۇلار ئەرەبنىڭ ئۇلۇغلارىدىن ئەردىلەر. ئاياد چەشمەسى ھەم بۇلارنىڭ ئەردى. نەسر بىننى رەبىئەنى

ئۆزلەرىگە ھاكىم قىلدى. نەسر بىننى رەبىئەنىڭ بىر كىچىك ئوغلى بار ئەردى، ئەددى ئاتلىغ؛ ئەرەبدە ئاندىن خۇشروي ئوغۇل يوق ئەردى. بۇنىڭ خەبەرى خۇزەيمەگە يەتتى ئەرسە، كىشى ئىبەردىكىم نەسر ئوغلى ئەددىنى ماڭا ئىبەرسۇن، مەن ئانى فەرزەندلەرىمدەك فەرۋەرىش قىلاي. بەس، نەسر ئىبەرمەدى. خۇزەيمە يەنە كىشى ئىبەردىكىم، بىز قاياش قەبىلەدۇرمىز، بىر ئوغۇل بارەسىدىن ئارامىزدا جەڭ ـ خۇسۇمەت بولماقى خوب ئەمەسدۇر. نەسر تېخى ھەم ئىبەرمەدى ئەرسە، خۇزەيمە لەشكەر تارتىپ باردى. خۇزەيمەنىڭ ئالتۇندىن ئىككى بۇتى بار ئەردى. بىرىنى زەيران، يەنە بىرىنى زەيرى ئاتار ئەردى. لەشكەرگە بارسە، ئانى بىر تۆۋەگە يۈكلەپ، پەھلىۋانلاردىن ئون كىشىنى ئاڭا نىگاھبان قىلۇر ئەردى. بۇ تەرىقە بىرلە ھەمراھ ئالىپ بارىپ، ئانىڭدىن مەدەد تىلەر ئەردى. ئۆزى كاھىن ۋە مۇنەججىم ئەردى. قاچانكىم، لەشكەر تارتىپ ئاياغ تەرەفىگە باردى ئەرسە، ھەي ئابادغە يېتىپ تۈشتى؛ بىر دەشتنى لەشكەرگاھ قىلدى، ئانىڭ بىر تەرەفــــگە بۇتلارىغە دىبا ۋەئەتلەسدىن خەيمە تىكتى. ئانى بۇ قەلەمۇندەك رەڭگارەڭ زىۋەرلەر بىرلە ئارايىش بەردى. ئول ئون كىشىنى نىگاھبان قىلدى. بۇ خەلقنىڭ لەشكەرىكىم ئەردى، بىلدىلەركىم تەقابىل بولالماسلەر. بەس، ئون كىشىنى ئىبەردىلەر. بۇ ئون كىشى بارىپ، ئول ئون كىشىگە شەراب بېرىپ، ھەمەسىنى مەست قىلىپ، بۇتلارىنى ئوغۇرلاپ، ئالىپ كەلدىلەر. ئەرتەسى خۇزەيمەگە كىشى ئىبەردىلەركىم: «سىنىڭ خۇدالارىڭ بىزنىڭ قاشىمىزغە كېلىپدۇر. بىز سىنىڭ قاشىڭغە يانماقغە دەلالەت قىلۇرمىز، قەبۇل قىلمايدۇر. بىزنى سىنىڭ بىرلە جەڭ قىلماقغە بۇيرۇر، بىزگە زەفەر ۋە نۇسرەت بەرمەكنى ۋەئدە قىلۇر. سەن بىزگە بىسيار سىياسەت قىــلۇرسەن.» بەس، خۇزەيمە بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، بۇتلارنىڭ خىيمەسىگە يۈگۈردى. بۇتلارىنى كۆرمەدى ئەرسە، نىگاھبانلاردىن سوردى، ئەيدىلەر: «بىلمەسمىز.» بەس، خۇزەيمە ھەيران بولدى. سۇلھغە كەلدى. ئەيدى: «مەن بىر ئوغۇل جەھەتدىن كېلىپ ئەردىم. ھەر قانچە مال خاھلاساڭلار ئالىڭلار، ماڭا بۇتلارىمنى، ئول ئوغۇلنى بېرىپياندۇرۇڭلار.» بەس، بۇلار نەسرگە ئەيدىلەرئەرسە، قەبۇل قىلدى. خۇزەيمە بىسيار مال بەردى. نەسر ئەددىنى ئىبەردى. خۇزەيمە ئەددىنى ئالىپ، تەمام لەشكەرى بىرلە ۋەتەنىگە ياندى. ئەددىنى شەرابدار قىلدى،

ئانىڭ قولىدا شەراب ئىچەر ئەردى، ئانىڭدىن ياۋۇقراق كىشى يوق ئەردى. خۇزەيمەنىڭ ئارقاش ئاتلىغ بىر ھەمشىرەسى بار ئەردىكىم، ئول بىسيار خۇشروي ئەردى. ئول ئەددىگە ئاشىق بولدى، ئانچە مەيل - رىغبەت قىلدى ئەرسە، ئەددى قەبۇل قىلمادى. ئەيدى: «مەن خۇزەيمەگە بىۋەفالىق قىلماسمەن.» ئارقاش ئەيدى: «ماڭا خاستىگار بولغىل.» ئەددى ئەيدى: «ئۆزۈمگە قاتتىغ غەزەبنى كەلتۇرمەسمەن.» بەس، چەندان روزگار ئۆتتى ئەرسە، ئارقاشنىڭ ئىشق - مۇھەببەتى كۈندىن - كۈنگە زىيادە بولدى. بىر كۈن خۇزەيمە شەراب ئىچەر ئەردى، ئەددى پىيالە تۇتار ئەردى. ئارقاش ئەددىغە ئەيدى: «پادىشاھغە بىنەھايەت ئىچۈرگىل، بىغايەت مەست بولسۇن. بۇ ئولتۇرغانلارغە شەرابغە سۇ قوشۇپ بەرگىل، تاكىم پادىشاھ مەست بولغاندا مىنى ئەرز قىلغىل ۋە بۇلارنى گۇۋاھ قىلغىل، تاكىم ساڭا قەبۇل قىلۇر.» بەس، ئەددى ئانداغ قىلدى، ئارقاشنى ئاڭا بەردى. ئارقاش كەمالىغە يەتكەن قىز ئەردى. بەس، ئەددى ئول ئارقاش بىرلە قاۋۇشتى، بىسيار زەۋق - شەۋق ۋە لەززەت تاپتى. چەندان مەرتەبە قاۋۇشتى ئەرسە، بار ھامىلە بولدى. بەس، بىر كۈن خۇزەيمە ئەددىدىن ئۇد، ئەنبەر بۇيىنى ئالدى ۋە سوردىكىم: «بۇ نەياخشى ئىددۇر؟» ئەددى ئەيدى: «بۇ ھەمخانەمنىڭ بۇيىدۇر.» خۇزەيمە ئەيدى: «قايدىن ئۆيلەندىڭ؟» ئەددى ئەيدى: «پادىشاھ خىزمەتكارلارنى گۇۋاھ قىلىپ، ھەمشىرەسىنى ماڭا بەردى.» بەس، خۇزەيمە بىسيار پەرىشان بولدى، ئەندىشەدىن باشىنى تۆبەن سالىپ، خىجالەتدىن باشىنى يەردىن ئالالمادى. ئەددى قورقۇپ چىقىپ، سىلاھىنى ئالىب، ئاتىغە مىنىپ، ئۆز يۇرتىغە كەتتى. بەس، خۇزەيمە باشىنى كۆتەرىپ، ئەددىنى كۆرمەدى ئەرسە، ئارقاشنى چىرلادى. ئەيدى: «شەرم تۇتماي، بىر غۇلام ئەئرابىغە تېگىپسەن.» ئارقاش ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، مەن سىنىڭ فەرمانىڭدادۇرمەن. مىنى ئۆزۈڭ بەردىڭ. ئەگەر مەندىن سورساڭ ۋە مەسلەھەت سورساڭ ئەردى، مەن ھەرگىز قەبۇل قىلماس ئەردىم. نەقىلايكىم، فەرمانىڭدىن چىقالمادىم!» خۇزەيمە ئەيدى: «ھىچ ۋاقىئ يوق، ئول ھەم پادىشاھزادە، ئۆز قەۋمىنىڭ ئۇلۇغىدۇر.» بەس، ئەددىنى ئىزدەدىلەر ئەرسە، تاپمادىلەر. ئاخىر، خەبەر ئالدىلەركىم، ئۆز دىيارىغە كېتىپدۇر. بەس، خۇزەيمە مۇنىڭ كەتكەنىگە بىسيار غەمكىن بولدى. كىشى،

ئىبەرمەككە ھەمشىرەسىنىڭ ئەرىنى تەلەب قىلادۇر دىگەيلەر دەپ نامۇس قىلدى. ئاخىر، سەبرتەھەممۇل قىلدى. بەس، ئەددى ئۆز دىيارىغە ياندى. ئاناسى ئۆلگەن ئەردى. ئاندا بىر خاتۇن ئەددىگە ئاشىق بولدى. ئەددى ھەم ئانىڭ قاشىغە بارۇر ئەردى. ئول مەزلۇمنىڭ بۇرادەرلەرى ئاگاھ بولۇپ، ئەددىنىڭ قەسدىگە تۇشتىلەر. تا بىركۇن ئەددى ئۆزىنىڭ دوستلارى، ئول مەزلۇمنىڭ بۇرادەرلەرى بىرلە شىكارغە چىقتى. ئۇلار مەھەل تاپىپ، ئەددىنى ئاغدىن يىقتىپ تاشلادى. ئەددى ئۆلدى. ئارقاش توققۇز ئايدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى، ئاتاسىدەك خۇشروي ئەردى. تا، بەش ياشغە كىردى ئەرسە، بىسيار زىب - ئارايىش بېرىپ، خۇزەيمەگە ئىبەردى. خۇزەيمە بىسيار شاد بولۇپ، بىنەھايەت لۇتف - ئىھسانلار قىلدى. ئۆمەر ئات قويدى. خۇزەيمەنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى، ئۆمەر بىرلە ھەمسال ئەردى. ئۇلار بىرلە بەرابەر پەرۋەرىش قىلۇر ئەردى، بەلكى ئۇلۇغراق تۇتار ئەردى. ئانىڭدىن ئەقل - ھۇش ئەسەرى زاھىر بولۇر ئەردى. ئانىڭ ھەر سۆزىنى ئەرەب خەلقى مەسەل قىلۇر ئەردى. ئول مەسەلدىن بىرى بۇدۇركىم، ھەرىيلى بەھار ۋەقتىدە سەھراغە چىقىپ چادىر تىكىپ، تومۇزغــــچە ئاندا بولۇر ئەردى. يەردە بولادۇرغان ھەرنەۋئ دارولارنى ئالىپ كېلۇرئەردى. بەس، بىر كۇن خۇزەيمە ئوغلانلارى بىرلە سەھرادا ئەردى. ئوغلانلارى بىردىن ئوت تەرەر ئەردىلەر. سەمارۇغنى يەردىن يۇلۇپ، يەر - يەرگە يىغار ئەردىلەر. سەمارۇغ ئول نەرسەدۇركىم، ئەرەب ئانى خام يەرلەر، پۇشۇرۇپ ھەم يەرلەر. بەس، خۇزەيمەنىڭ ئىككى ئوغلى تاپىغانلارىنى يىدىلەر، قالغانىنى ئالىپ، ئۈچۈيلەن خۇزەيمە قاشىغە كەلدىلەر. خۇزەيمە ئەيدى: «ئەي ئۆمەر، سىنىڭ تەرگەنىڭ تولاراقدۇر؟» ئۆمەر ئەيدى: «ھەركىم قولىنى ئاغزىدىن ساقلاسا، ئانىڭ يىغقانى تولاراق بولۇر.» بۇ سۆز ئەرەبدە، تا بۇ ۋەقتغىچە مەسەلدۇر. بەس، خۇزەيمە ئۆمەرنىڭ سۆزىدە مۇنداغ فەساھەت كۆرۈپ، بىسيار شاد بولدى. بۇيرۇدىكىم، بويىنىغە ئالتۇن تەۋق ئېتىپ سالدىلەر، ئول تەۋق ھەمىشە بويىنىدا ئەردى. بۇ ۋەجھدىن ئۆمەر زۇل - تەۋق ئاتادىلەر. ئاندىن كېيىن، ئەرەب پادشاھلارى تەۋق سالماقنى رەسىم قىلدىلەر. تاكىم ئون ياشغە كەلدى ئەرسە، بىركېچە، ئانى دېۋلەر ئوغۇرلادى. ئانى ئىزدەپ تاپمادىلەر، خۇزەيمە بىنەھايەت غەمكىن بولدى. ئەتراف جەھانغە ئىزدەپ كىشى ئىبەردى. ئول

يىل تاپمادىلەر. ئۇل ئۆمەر باياباندا ۋەھشىلەر بىرلە ئوت يەپ يۈردى. ساچ، تىرناقى ئۆزاپ، ئادەم ھەيئەتىدىن چىقىپ ئەردى. ئانى تانۇمادىلەر. بەس، ئون يىلدىن كېيىن، دىۋانەلىكدىن نەۋئىي ساقايدى. گاھى يولغە ئولتۇرۇر ئەردى، خەلقنى كۆرسە قاچار ئەردى. ئاندىن كېيىن، ياخشى بولدى ئەرسە، خەلقنىڭ ئاراسىغە كىرىپ يۈردى. بەس، شامدىن ئەئقىل، مالىك ئاتلىغ ئىككى بۇرادەر خۇزەيمە خىزمەتىگە كەلگەلى چىقتىلەر. بۇلار بىرلە ھەمراھ خوش ئاۋاز مۇغەننى مەزلۇملەرى بار ئەردى، بۇلارغە خىزمەت قىلىپ كېلۇر ئەردى. ئىشىتكەن ئەردىكىم، خۇزەيمەنىڭ بىر ھەمشىرەزادەسىنى دىۋ ئالىپ قاچىپدۇر. بەس، بادىيەدە بىر مەنزىلگە تۈشتىلەر. ئول مەزلۇمنىڭ بىر پاقلان كەبابى بار ئەردى. ئانى كەلتۈرۈپ، بۇلار يەپ ئولتۇرۇر ئەردىلەر. ئۆمەر بىننى ئەددى يىراقدىن پەيدا بولدى. بەرەھنە ۋە ژۇلىدەموي؛ بۇلار كۆرۈپ قورقتىلەر. بەس، ياۋۇق كېلىپ، بۇلارغە سەلام قىلدى، كېلىپ ئولتۇردى. بۇلار ئەيدىلەر: «كەل، تا بىرنەرسە بەرگەيمەن.» ئول مەزلۇم بىر ئۇستىخاننى سەگكە تاشلاغاندەك ئالىپ تاشلادى. ئۆمەر ئانى مىلچىپ، ئاندىن بۇلارنىڭ تەئامىغە قول سۇندى ۋە ئەيدى: «بەندەگە پايچە نەرسەدە بۇي تەمەئ قىلۇر.» بۇ سۆز ھەم ئەرەبدە مەسەل بولدى. بەس، ئول مەزلۇم مەنئ قىلدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «قويغىلكىم، يىگەيسەن!» بەس، بۇلار شەراب ئىچەر بولدىلەر. ئول مەزلۇم بۇلارغە شەراب تۇتتى، ھەربار شەراب تۇتار بولسە، غەزەل ئوقۇپ، نەغمە - نەۋا بىرلە تۇتار ئەردى. بەس، شەرابنى تۇتۇپ، ئۆمەرگە يەتكەندە، پىيالەنى قويدى. ئۆلارھەم تۇتمادى. ئول مەزلۇمنىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى. ئۆمەر ئاتلىغ. بەس، ئۆمەر ئەيدى: «نىگە بىزدىن ياندۇرۇپسەن! جامنى ئەي ئۆمەر دەۋرى باقى ئالغىل، ئولڭ قولغە جامنى تۇتغىل. بۇ ئۈچەدە ھېچ يامانلىق يوق. ئولكى، ھەمراھىڭدۇرلەركىم، مۇقەررەر قىلمايسەن، ئۆلار ئەشامىى ئەيدىلەر.» بۇلار ئەيدىلەر: «ئەي جوۋانمەرد، سەن كىمدۇرسەن. قايدىن سەن؟» ئۆمەر ئەيدى: «ئەگەر مېنى تانۇماس بولساڭلار مېنى ۋە نەسەبىمنى، بەس، مەندۇرمەن ئۆمەر بىننى ئەددى.» بەس، بۇلار يۈگۈرشۈپ قوپتىلەر، قوچاقلەرىغە ئالدىلەر؛ ساچىنى تۈشۈرۈپ، تىرناقلارىنى ئالىپ، ياخشى تىگىن كىيدۈردىلەر. ئەيدىلەر: «پادشاھغە مۇندىن ئۇلۇغ تۆھفە - سوغا تاپالماسمىز.» بەس، ئۆمەرنى

خوٚزەيمەگە ئالىپ باردىلەر ئەرسە، تانوٚمادى. چوٚنكى رەڭ - رويى بوٚزوٚلوٚپدوٚر، بەشەرەسى موٚتەغەييىر بولوٚپدوٚر ئەردى. ئەيدىكىم: «بىلمەسمىز بوٚ ئوٚمەردوٚر يا يوق.» بوٚلار ھەمە ھالىنى، تەمام ئەۋسافىنى بەيان قىلدىلەر. خوٚزەيمە ئوٚمەرنى ئاناسىغە تىبەردى، ئاناسى كوٚروٚپ تانوٚدى، بىسيار شاد بولدى. ئول تەۋقنى ساقلار ئەردى، ھەر بار ئوٚمەرنى يادلانسە، ئول تەۋقنى كوٚروٚپ يىغلار ئەردى. بەس، ئول تەۋقنى كەلتوٚروٚپ، بوينىغە سالدىلەر ئەرسە، سىغمادى. ئوٚمەر ئەيدى: «ئوٚمەر تەۋقدىن چوڭ بولوٚپدوٚر.» بوٚ سوٚز ھەم خەلق ئاراسىدا مەسەل بولدى. پادشاھ ئول ئىككى بوٚرادەرگە ئەيدى: «مەندىن ھەرنەرسە خاھلايسىزلەر تىلەڭلار.» بوٚلار ئەيدىلەر: «بىز سىنىڭ خىزمەتىڭگە كىلىپدوٚرمىز.» بەس، ئوٚلارنى خاس مەھرەم قىلدى. خوٚزەيمە تا ئوٚلگوٚنچە، بوٚلەرغە ۋەزىرلىق ساھىب تەدبىر بولدىلەر. خوٚزەيمە ئوٚلارغە ئىززەت قىلوٚر ئەردى. ئەددىدە بوٚ ۋاقىئە مەشھوٚردوٚر. بەس، خوٚزەيمە ئوٚمەر بىننى ئەددىنى فەرزەندلەرى بىرلە پەرۋەرىش قىلوٚر ئەردى، ئانىڭسىز بىر نەفەس قەرارى يوق ئەردى.

## دەستان

## خوٚزەيمە ئەل - ئەبرەشنىڭ ئوٚمەربىننى تەرب بىرلە جەڭ قىلغان ۋاقىئەسى

ئانداغ كەلتوٚروٚپدوٚركىم، ئەرەب پادشاھلارىدىن ئوٚمەر بىننى ھىسام ئاتلىغ بىر پادشاھ بار ئەردى. ئەماتىقە ئەۋلادىدىن، جەزىرەگە پادشاھ ئەردى. جەزىرە ئىراق ۋە شامنىڭ ئاراسىدەدوٚر، ئىراقغە باروٚردا ئوڭ قولغا كىلوٚر. يەتتە شەھەردوٚركىم، مەۋسىل، جەزىلە، شەۋق ئەھبە؛ ھەر شەھەرلەرنىڭ ئاراسى باياباندوٚر. شەھەردىن شەھەرگە يوللار ۋە سەھرالار بىسياردوٚر. بوٚ ھەمەسىنى جەزىرە ئاتارلەر. شەھەرى شامزە ھەم جەزىرەگە تەئەللوٚقدوٚر. بەس، خوٚزەيمە لەشكەر تارتىپ، جەزىرەگە باردى ئەرسە، ئوٚمەر بىننى تەرب ھەم لەشكەر يىغىپ ئالدىغە چىقتى. قاتتىغ جەڭلەر قىلدىلەر. ئاخىر ئوٚمەر لەشكەرىگە شىكەست بىرىپ، ئوٚمەرنى ئوٚلتوٚروٚپ ئەردى. ئوٚزگەلەر ھەم

قاچىپ دەشت ـ سەھرالارغە يۈزلەندى. ئۆمەر بىننى تەربىنىڭ بىر قىزى بار ئەردى، ئاقىل ـ خىرەدمەند، نابىلە ئاتلىغ. بۇلارنىڭ ئەرەكتەسى ساقالىنى تارار ئەردى. بۇلارنىڭ ئەرەكتەسىنى ئازىپ، مەزلۇملەرىنى زەبىبا ئاتار ئەردىلەر. بەس، خۇزەيمە ياندى ئەرسە، تەمام سىپاھ جەزىرەگە يىغىلدىلەر. زەبباغە ئەيدىلەر: «خۇزەيمە ئاتاڭنى ئۆلتۈردى، خەزىنەسىنى تاراج قىلدى.» بەس، زەببا خەزىنەسىگە كىردى، كۆردىكىم بىسيار مال قالىپدۇر. بەس، ئەمۋالنى لەشكەرگە ئىھسان قىلدى. ئۇلاردىن ئۆزىگە ئىتائەت قىلماقنى تەلەپ قىلدى؛ ھەمە سىپاھ ئاڭا ئىتائەت قىلدىلەر. ئىتتىفاق بولۇپ، ئاتاسىنىڭ خۇنىنى تەلەب قىلماقغە بەيئەت قىلدىلەر. ئول تەختغە ئولتۇردىلەر. زەببا بۇ تەدبىر بىرلە مۇلۇكنى ئالدى. بەش يىل پادشاھ بولدى. تەمام مەملەكەت تەسەررۇفىغە كىردى ۋە تەمام سىپاھ ئىتتىفاق ـ يەكرەڭ بولدىلەر. ئانىڭ بىر ھەمشىرەسى بار ئەردى، زەينەب ئاتلىغ، بىنەھايەت ئاقىل، تەدبىرلىك ئەردى. زەببا ئول ھەمشىرەسىگە دەريايى فىراتنىڭ لەبىدە بىر ئالى رەۋاق ئەتتۈردى. ھەر تەرەفكە ئەرچە قىلدۇردى ئەرسە، بىنەھايەت خۇش ھەۋا ۋە فەررۇخ ئەفزا بولدى. زەببا ئول ھەمشىرەسى بىرلە ئاندا بولۇر ئەردى. بەس، مەملەكەت ئىشى تەمام بولدى ئەرسە، قەسد قىلدىكىم لەشكەر تارتىپ، خۇزەيمە بىرلە جەڭ قىلغاي، ئاتاسى قانىنى ئالغاي. بەس، ئول ھەمشىرەسىدىن كېڭەش سوردى. ئول ئەيدى: «بۇ جەڭ يۆتەلدۈركىم ھەركىمنى تۈتار ۋە مۇنىڭ دىشۋارلىغى ئاياغسىز تاغقە چىققانچە بار، ھەركىمنىڭ ئاياغى باشغە بارسە جەڭدە قايداغ ئورنىدىن قوپار. بەس، مەزلۇم سەن، ئول ئەردۈر. زەفەر تاپماق ئاڭا مۇقەررەردۇر. ئەگەر زەفەر تاپسە، بۇ مۇلۇك قولدىن چىقار. مەزلۇم كىشى جەڭ قىلماق ۋە خۇن تەلەب قىلماق قايدا بار. جەڭ قىلماغىل، لېكىن مىكر بىرلەن بىر مەقسۇدنى قولغە كەلتۈرگىل.» زەبباغە بۇ تەدبىر خۇش كەلدى. مۇنىڭ فىكرىدە تەدبىرگە تۈردى. ئەلچى ۋە نامە ئىبەردىكىم: «مەن با ۋۇجۇد ئاجىز ۋە زەئىفلىقىم بىرلە مۇلۇكنى تەسەررۇف قىلدىم، سىپاھ ـ لەشكەرىمنى پەراكەندە قىلمادىم. لېكىن مەزلۇم كىشىنىڭ پادىشاھلىق قىلماقى ۋە ئەر كىشىگە ھۆكۈم سۈرمەكى ئەيىبدۇر، قاباھەتدۇر، ئەرەكتەلەرگە ھەقارەتدۇر. مەن ئۆزۈمنى سەندىن ئۆزگەگە قەبۇل قىلماسمەن. چۈنكى سەن

پادىشاھلارنىڭ ئۇلۇغىسەن. ھەسەب ـ نەسەبدە سەندىن ئۇلۇغ كىشى يوقدۇر. سەن ئەركىشى سەن. قەدەم رەنج قىلىپ مۇندا كەلسەڭ، تاكىم مەملەكەت بىرلە ئۆزۈمنى تاپشۇرسام.»

بەس، خۇزەيمە بۇ نامەنى ئوقۇدى ئەرسە، بارماقىنى مەسلەھەت كۆردى. تەمام لەشكەرنى يىغىپ، بۇ نامەنى ئۇلارغا ئوقۇپ، كېڭەش سورىدى؛ بىتەمام سىپاھ ـ لەشكەرى بارماقىغا ئىتتىفاق ۋە مەسلەھەت كۆردىلەر. بىر سەردارى بار ئەردى، قەيسەر بىننى سەئىد ئاتلىغ، بەنى لەھمىدىن ئەردى. ئانىڭدىن كېڭەش سوردى. «بۇ مەسلەھەت شەب زەبانلىغ، بۇ سۆز مىكرى ئاشكارادۇر.» بۇ سۆز ئەرەبدە مەسەل قالدى. «نە ئەردى؟ بۇ تەدبىر ئۆيدە كارگەردۇر، تۇزدە كارغا كەلمەس. بۇ ئىش زىياندىن ئۆزگە ئەمەس.» ئاندىن، خۇزەيمە ئۆمەر بىننى ئەددى بىرلە مەشۋەرەت قىلدى. ئول ئەيدى: «بۇ سۆز راست ئەمەسدۇر، لېكىن بولسە بولغاي، ئەمما كۆڭلىنىڭ يامانلىقىدا گۇمان يوقدۇر.» قەيسەر ئەيدى: «ئول مەزلۇمنىڭ ئاتاسىنى ئۆلتۈرۈپ، ئانىڭدىن نېچۈك ئەمىن بولۇرسەن! كىشى ئىبەرگىل، ئەگەر سېنى ئىختىيار قىلسە، ئۆزى كەلگەي.» خۇزەيمە ئەيدى: «قەيسەر ئىتائەت قىلمايدۇر.» بەس، خۇزەيمە مۇلۇك ـ مال ۋە ئەھلى ئەيالىنى ئۆمەر بىننى ئەل ـ ھەبەشكە تاپشۇردى. ئۇلۇغ ۋە مەردانە كىشى ئەردى. ئۆزى نەچەند خاس كىشىلەرنى ۋە قەيسەرنى ئالىپ، تا ئىراق زەمىنىدىن چىقىپ، دەريايى فراتنىڭ لەبىگە باردى. ئاندىن شەھەرى ھەرمىلەگە يەتتى ئەرسە، كۆڭلىگە قورقۇنچ، گۇمان تۈشتى. پۇشەيمان بولۇپ قەيسەرگە ئەيدى: «تەدبىر ئۆيدە قالدى.» بۇ سۆز ھەم ئەرەبدە مەسەل قالدى. ئاندىن ئۆتۈپ، يەنە بىر مەنزىلگە تۈشتىلەر ئەرسە، زەببانىڭ ئەلچىلەرى بىسيار ھەدىيە ـ سوغا بىرلە ئالدىغە كەلدىلەر. خۇزەيمە قەيسەرگە ئەيدى: «نېچۈك دەرسەن؟» قەيسەر ئەيدى: «بۇ خەتەر، ئانىڭ ئۇلۇغلۇقىغە باقىپ، ھەدىيە كىچىك.» خۇزەيمە قەيسەرگە ئەيدى: «نېچۈك قىلۇرمىز؟» دەپ تۇتۇشغە، ئەلچىلەر ئەيدىلەر: «مەلىك زەببا ئەيتۇر، تەمام سىپاھ ـ لەشكەر بىرگە ياۋۇق تۈشسۈنلەر.» خۇزەيمەگە قەيسەر ئەيدى: «ناڭلا سىپاھ ـ لەشكەر ئالدىڭغە چىقىپ ئاتدىن تۈشۈپ تەمەللۇق قىلسەلەر، بىلگىلكىم ياخشىلىقدۇر؛ ئەگەر لەشكەر چەۋرەڭنى ئالسە يامانلىقدۇر.» خۇزەيمە ئەيدى: «مۇڭا تەدبىر نەدۇر؟»

قەيسەر ئەيدى: «غەزبا دىگەن ئاتىڭغە مىنىپ قاچقىل، تا بىر يەرگە يەتكەيسەن.» بۇ غەزبا خۇزەيمەنىڭ ئاتى ئەردىكىم، ئەرەبدە تەمام ئاتلاردىن چاققان ئەردى. بەس، ئەرتەسى خۇزەيمە ئاتلاندى ئەرسە، زەببانىڭ لەشكەرى ئاتدىن تۈشمەدى. بەس، خۇزەيمە غەزباغە مىنمەككە قەسد قىلدى ئەرسە قويمادىلەر. چۇنكى غەزبانىڭ سۇفەتىنى ئىشىتكەن ئەردىلەر. قەيسەر بۇ هالدىن ئاگاھ بولۇپ، غەزباغە ئۆزىنى ئالدى، يۈزنى ئۆرۈپ بىر قامچە سالدى، هىچكىم مۇنىڭ ئارقەسىغە كىرمەدى. قەيسەر بىلدىكىم، خۇزەيمە دۈشمەنگە گىرىفتار بولدى. قەيسەر ئول كۈن كېچەسى بىرلە يۈگۈرتۈپ، نەرەخ دىگەن كەنتكە يەتتى. نەمازشام ۋەقتىدە ئاتدىن تۈشتى ئەرسە، ئات ئۆلدى. ئول خەلق ئانى تانۇمادىلەر. ئەيدىلەر: «غەزبادىن هەم ئوبدان ئات ئىكەن، ئانىڭدىن يىلدام كېلىپدۇر.» بۇ سۆز هەم مەسەل بولدى. بەس، ئول كەنتنى «نەرەخۇل غەزبا» ئاتادىلەر.

بەس، خۇزەيمەنى لەشكەر ئاراغە ئالىپ، زەببانىڭ سارايىغە كەلتۈردىلەر. بەس، خۇزەيمەنىڭ يۈزى ياپىغلىغ ئەردى، ئانى ئالدۇردى، ساقالىنى كۆرۈپ ئەيدى: «مەن ساقاللىغ كىشىگە تەگمەسمەن. مەن سېنى مۇندا ئاتامىنىڭ خۇنىنى ئالغالى كەلتۈردۇم.» بەس، بۇيرۇدىلەركىم، بىر نىتەئ كەلتۈردىلەر. «نىتەئ» ئول نەرسەدۇركىم، پادىشاهلار چەرمدىن سۇپرا ئەتتۈرۈپ، گۇناهكارلارنى ئاندا ئۆلتۈرغۇزۇرلەر. بەس، خۇزەيمەنى نىتەئدە ئۆلتۈرغۇزدى. ئىككى بازۇسىنىڭ تومۇرىنى كەستۇردى، ئىككى ئالتۇن جام كەلتۈرۈپ تۇتتىلەر، ئول جام پۇر بولدى ئەرسە، خۇزەيمە پەست بولدى؛ جاملار تاشقالى تۇردى ئەرسە، زەببا ئەيدى: «قانىنى زايىئ قىلماغىلاركىم، پادىشاهلارنىڭ قانىنى زايىئ قىلماسلەر.» خۇزەيمە ئەيدى: «قان تەلەبىدە ئىكەنسەن، زايىئ قىلۇرسەن.» بەس، خۇزەيمە ئۆلدى. زەببا ئول جامداقى قاننى ئالدىدا قويدى. بىر مۇنچە پاختا كەلتۈرۈپ، ئول قاننى ئاڭا سىڭدۇرۇپ، ئانى قۇرۇتۇپ ئالدى. «ئاتامىنىڭ خۇنىدۇر» دەپ ساندۇقغە سالدۇرۇپ، خەزىنەدە ساقلار ئەردى.

بەس، بۇ خەبەر قەيسەرغە يەتتى ئەرسە، ئۆمەر بىننى ئەددى قاشىغە باردى. ئول بەهرەيندە ئەردى. بۇ خەبەرنى ئاڭا ئەيدى. ئۆمەر بىننى ئەل - هەبەش ئىشىتىپ پادىشاهلىقغە تۇردى. سىپاھ ئىككى بۆلۈندى. نىسفى

ئۆمەر بىننى ئەددىغە يۈزلەندى، نىسفى ئۆمەر بىننى ئەل - ھەبەشكە. بۇلار جەڭ - خۇسۇمەتكە تۇردىلەر ئەرسە، قەيسەر ئارادا يۇرۇپ، بۇلارنى سۇلھىكە كەلتۇردى. ئاخىر ئىتتىفاق بولۇپ مۇلۇكنى ئۆمەر بىننى ئەددىگە تاپشۇردىلەر. ئۆمەر بىننى ئەل - ھەبەش ئاڭا ئىتائەت قىلدى. تەمام سىپاھ - لەشكەر ئۆمەر بىننى ئەددىگە بەيئەت قىلدى. قەيسەرگە ھەمەلەرى ئىكرام تەۋازۇئ قىلدىلەر. بەس، قەيسەر ئەيدى: «مەن سىزلەرنى پەسەند قىلماسمەن، تا خۇزەيمەنىڭ خۇنىنى ئالماغۇنچە.» ئۆمەر بىننى ئەددىگە بۇ سۆز ناھايەت پەسەند بولدى. مۇڭا راغىب - تالىب بولدى.

## دەستان
## ئۆمەر بىننى ئەددىنىڭ زەببا بىرلە زەفەر تاپغانىنىڭ قىسسەسى

بەس، زەببا خەبەر ئالدىكىم، تەمام مەملەكەت ۋە پادىشاھلىق ئۆمەر بىننى ئەددىگە بەرقەرار بولدى. ھەمە لەشكەر ئاڭا ئىتائەت قىلدىلەر. زەببا قورقۇپ، غەم - ئەندىشەگە قالدى. زەببانىڭ بىر ھۆكۈماسى بار ئەردى، غەيبدىن ھەرنەۋئى خەبەرلەرنى ئەيتۇر ئەردى. بەس، زەببا ئانىڭدىن ئەھۋالىنى ۋە ئاقىبەتنى سوردى ئەرسە، ئەيدى: «سىنىڭ پادىشاھلىقىڭنى بىر پادىشاھزادە ئوغۇل ئالۇر، ئەمما سىنى ئۆلتۇرمەس، لىكىن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ئۆلتۇرۇرسەن.»

بەس، زەببا ئۆمەردىن ھەزەر قىلۇرئەردى. ئول ھەمشىرەسىنىڭ رەۋاقىدا مەكان تۇتتى، ھىچ تەرەفكە چىقمادى. شەھەرى ھەم بىغايەت مەھكەم ئەردى. بىر سۆرەتگەرى بار ئەردىكىم، ئانىڭ مانەندى يوق ئەردى. ئانى چىرلاپ بىنەھايەت مال - ئەمۋال ئىھسان قىلىپ، ئەيدىكىم: «سەن ئۆمەرنىڭ شەھەرىگە بارىپ، ئۇلەر بىرلە ئاشنا - دوست چىقىشىپ، ئۇلەرنىڭ ھەيئەت سۆرەتىنى، ھەرنەۋئى كىيەرلىباس - كىسۋەتىنى نەقش قىلىپ كەلگىل، تاكىم ماڭا قەسد قىلسە، مىكر - ھىلە ۋە ھەرنەۋئى تەرىقە ۋە ھىلەلەر بىرلە كەلسە، ئۇلارنى تۇتۇپ ھەزەر قىلغايمەن.» بەس، ئول نەققاش بارىپ، بىر

يىل ئۆمەرنىڭ ئىشىكىدە تۇردى. ھەر نەۋبە يۇرگەن - تۇرغاننى سۆرەت تارتىپ زەبباغە ئىبەردى. زەببا بۇيرۇدىكىم، (ئۆزى) ئولتۇرغان سارايىنىڭ ئىشىكىنى يان يەرنى نەقبە قىلىپ، ھەر شەھەرلەرگە يوللار قىلدىلەر. تاكىم مەھەل تاپسە، ئول يول بىرلە ھەر تەرەفكە قاچغاي.

قەيسەر ئۆمەرغە ھەر كۇن ئەيتۇر ئەردى: «خۇزەيمەنىڭ خۇننى تەلەب قىل، ئول خۇنى زايىئ بولغۇدەك پادشاھ ئەمەس ئەردى.» ئۆمەر ئەيدى: «نە قىلايكىم، زەببا مەندىن ھەۋاداقى قۇشلاردىن يىراقدۇر.» بۇ سۆز ھەم مەسەل بولدى. قەيسەر ئەيدى: «مېنى قامچىلاپ بۇرنۇمنى كېسىپ، قويا بەرگىل.» ئۆمەر ئەيدى: «مەن سېنى ھەرگىز ئانداغ قىلماسمەن.» قەيسەر ئەيدى: «مېنى ئۆزۈمگە قويغىل، ھەرنە خاھلاسام قىلايكىم، ساڭا ئەيىبى يوقدۇر.» ئۆمەر ئەيدى: «ئۆز خاھىشىڭنى قىل.» قەيسەر بۇرنىنى ئۆزى كەستى، ئۆزىنى ئۆزى قامچى سوقتى. خەلق ئەيدىلەر: «قەيسەر ئۆز بۇرنىنى بىر ئىش ئۈچۈن كەسكەندۇر» دىدىلەر. بۇ سۆز ھەم مەسەل بولدى. بەس، قەيسەرنىڭ بۇرنى ساقايدى ئەرسە، ئىراقدىن پىـــيادە، سەرۇپا بەرەھنە جەزىرەگە كەلدى. زەبباغە ئەيدىلەر: «بىر كىمەرسە كېلىـــپدۇر، ئاچ - يالاڭاچ، ياقاسى يىرتۇق، بۇرنى كېسۇك، ئۇچاسى يارا، چىرايى بۇزۇلۇق.» بەس، زەببا چىرلاتــپ سوردىكـــم: «بۇ نەھالدۇر؟» قەيسەر ئەيدى: «قاچانكىم، سەن خۇزەيمەنى مىكرفەرىب بىرلە ئۆلتۇردۇڭ ئەرسە، ئۆمەر بۇرنۇمنى كېسىپ، بۇ ھالدا قىلىپ، بىر يىلدۇركىم زىنداندا سالىپ ئەردى. مەن زىنداندىن قاچىپ، سېنىڭ خىزمەتىڭگە كەلدىم، تاكى ئۆمەرگە نەھايەت دەرد بولغاي.» بەس، زەببا ئاڭا نەۋاز ىشلەر قىلدى، خىزمەتىنى قەبۇل قىلىپ، ئىنئام - ئىھسان قىلىپ، ئۆيى تۇتۇپ بەردى. زەببا بىلدىكىم، ئاقىل ۋە تەدبىرلىكدۇر. زەببا ئانىڭدىن چەندان تەدبىر سوردى. ئول ياخشى، مەقبۇل جەۋاپلارنى بەردى ئەرسە، كۆڭلى ئەمىن بولدى. ئانى خاس ۋەزىر قىلدى. تا بىر يىل بولدى ئەرسە، بىر كۇن زەببا بىرلە قەيسەر ئولتۇرۇر ئەردى. ئىراق ۋە تايىف مەتائلارىدىن كەلتۇردىلەر. زەببا ئەيدى: «مۇنداغ مەتا ۋ مېنىڭ خەزىنەمدە، دىيارىمدا ھەم يوقدۇر.» قەيسەر ئەيدى: «ئەي مەلىكە، بۇ ئىراق زەمىنىنىڭ مەتائىدۇر. ئەگەر سورساڭ، ئۆزەمنـــى سوداگەر سۆرەتىدە قىلىپ، خەلقغە تانۇتماي، نەفىس ۋە ياخشى مەتائلارنى ئالىپ

كەلسەم؛ ساڭا كېرەك بولسە، ئالغايسەن، بولماغاننى ساتىپ، سۇد - مەنفەئەت قىلسام، تاكىم خەزىنەدە ھەرنەۋئى ماللار تولا بولغاي. مەن بۇ خىزمەتلەرنى قىلۇرمەن.» زەبباغە بۇ سۆز خۇش كەلدى، قەيسەرگە مال بىسيار بەردى. قەيسەر ئاندىن سۇد - ھايانلىغ نەرسەلەرنى خەرىد قىلدى. زەببانىڭ كارۋانى تىۋەلەرى بار ئەردى. ئانى بۇيرۇدى. قەيسەر كارۋاننى ئالىپ، ئۆمەر بىننى ئەددىنىڭ شەھەرىگە كېلىپ تۇشتى. نەفىس، زەرىف مەتائلارنى، ھەرنەرسەكىم سۇد - مەنفەئەتلىكدۇر، ساتىپ ئالدى. كېچە ئۆمەرنىڭ قاشىغە باردى، ئانى بۇ ۋاقىئەدىن ئاگاھ قىلدى. ئانىڭدىن ھەم ئۇلۇغ مەتائلارنى ئالدى. قاچانكىم قەيسەر كەيرەگە كەلدى ئەرسە، زەببانىڭ ھەمشىرەسى زەبباغە ئەيدى: «فەساد ئىشلارنى قىلدىڭ، مۇنچە ئەمۋالنى ئاڭا بەردىڭ، ئول ئەمدى ھەرگىز كەلمەس.» زەببا ئەيدى: «ئەگەر يانىپ كەلسە، ۋەفادار، راستگويدۇر؛ ئەگەر كەلمەسە، ئول تەدبىرلەركىم ماڭا ئەيدى، ئاڭا بەرابەر ئەمەسدۇر.» بەس، قەيسەر يانىپ كەلدى ئەرسە، زەببا بىسيار شاد بولدى. كەلتۇرگەن مەتائلارنى كۆرۈپ، بىنەھايەت زەۋق قىلدى. ئۆزىگە ئالىپ، قالغاننى ساتغالى بۇيرۇدى. ئانى ساتىپ بىسيار سۇد كۆردى. بەس، بىر - ئىككى يىل بۇ تەرىقە بارىپ، سودا قىلىپ كەلدى. تۆرتىنچى يىلى، زەببا قەيسەرگە مىڭ تىۋە بەردى. قەيسەر ئەيدى: «بۇ تىۋەگە تاغار ھەم خوبدۇر، ئەمما يۇڭدىن قەنەر توقۇلسە بىسيار خوبدۇر. ئەمما چوڭ ۋە كەڭ بولغاي، مەتائلار تولاراق ياتغاي ئەردى ۋە تىۋەگە يۈكلەمەك ئاسان بولۇر ئەردى.» بەس، زەببا بۇيرۇدىكىم، مىڭ جۇفت قەنەر توقۇدىلەر. مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتۇر: ئالەمدە قەنەر پەيدا قىلغان قەيسەر ئەردى. بەس، قەنەر توقۇدىلەر ئەرسە، يۈكلەرنى قەنەرغە سالىپ، مىڭ تىۋەگە يۈكلەپ، ئىراقغە كەلدى. ئۆمەرگە ئەيدى: «ئەگەر خەزىنەنىڭ يۈكىنى تەلەپ قىلساڭ مەھەل بۇدۇر.» ئۆمەر ئەيدى: «قايداغ؟» قەيسەر ئەيدى: «بۇ قەنەرلەر ھەر قايسىغە بىر كىشىنى سىلاھ - ياراغ بىرلە ئولتۇرغۇزغىل، تاكىم ئىككى مىڭ كىشى بولۇر. ئۆزۈڭ بىر قەنەردە ئولتۇرغىل، تاكىم زەببانىــــڭ شەھەرىگە كىرگەندىن كېيىن، بۇلارنى چىقارىپ، بىيەكبارە ئۆلتۇرگەلى تۇرالــى. زەببانىڭ سارايىنىڭ ئىچىدىن يولى باردۇر. سېنى نەقبەنىڭ ئاغزىدا قويالى؛ زەببا ئاندىن چىقار، سەن ئۆلتۈرگىل.» ئۆمەر ئەيدى: «خوبدۇر.» بەس،

بۇ تەدبىر بىرلە ھەر قەنەردە بىر كىشىنى ئۆلتۈرغۇزدىلەر، قەنەرنىڭ بەندىنى ئۆلتۈرغان كىشىگە بەردىلەر. تاكىم ئۆزىچە كىرىپ چىقتى. بەس، بۇ تەرىقە بىرلە زەببا شەھەرىگە يەتتىلەر ئەرسە، قەيسەر ئىلگەرى كىرىپ، زەبباغە خۇشخەبەر ئەيتتى. بەس، زەببا شادمانلىقدىن كارۋاننى كۆرگەلى چىقتى كۆردىكىم تىۋىلەر بىسيار ئاغىر يۈك بىرلە كېلىپدۇر. بەس، زەببا ياندى ئەرسە، كارۋان شەھەرىگە كەلدى. دەرۋازەدە بۇنت قەبىلەسىدىن بىر دەرۋازەبەند بار ئەردى. بۇ تىۋەلەرنىڭ يۈكىنى ئاغىر كۆرۈپ، بىر قەنەرغە بىر تاياق ئۇردى ئەرسە، ئىچىدەكى كىشى كەر - زەر - ھا قىلىپ ئەردى. ئول بۇنتى ئەيدى: «بۇ يۈكلەردە ياخشىلىق يوقدۇر.» بەس، تىۋىلەرنى شەھەرنىڭ ئوتراسىدا چۆكەردىلەر. ئول خەلقلەرنى چىقاردىلەر. نەئىرە تارتىپ، يەكبارە ئۆلتۈرگەلى تۇردىلەر. قەيسەر ئۆمەرنى نەقبەنىڭ ئاغزىغە قويدى. ئەيدى: «زەببا مۇندىن چىقار، ئۆلتۈرگىل.» بەس، زەببا ئاگاھ بولۇپ، نەقبە بىرلە قاچىپ، ئۆمەرنىڭ ئالدىغە چىقتى، ئۆمەرنى كۆردىكىم قولىغە شەمشەر ئالىپ تۇرۇپدۇر. قولىدا زەھەر ئالۇدە بەند قىلىغان ئەنگۈشتەرى بار ئەردى، دەرھال ئاغزىغە سالدى، چايناپ يۇتتى، ئەيدى: «سىنىڭ قولۇڭدا ئۆلگۈنچە ئۆزۈمچە ئۆلەي.» بەس، زەھەر ھەلقىغە يەتتى ئەرسە، يىقىلدى. ئۆمەر كېلىپ نەچەند شەمشەر بىرلە تەمام ئۆلتۈردى. ئاندىن، مۇنادى قىلدۇردىكىم: «ئەمدى كىشى كىشىنى ئۆلتۈرمەسۇن، ھەركىم ئورنىدا توختاسۇن!» ئاندىن، تەمام خەلايىق، سىپاھ - لەشكەر ھەممەسى ئۆمەرگە ئىتائەت قىلدىلەر. تەمام جەزىرە، ئىراق زەمىنىنى تەسەررۇف قىلدى. يۈز يىگىرمە يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئاندىن ئۆلدى. مۈلۈك ئانىڭدىن ئەۋلادىغە قالدى. ئۇلارنى مەلىكۇننەسر ئاتادىلەر. تارىخ ۋە ئەخبار كىتاپلارىدا كەلتۈرۈپدۇرلاركىم، بۇلارنىڭ ھىكايە ۋە ئاسارلارى بىسياردۇر. بۇ مۈلكى ئەرەب تا ئەردەشىر بابەك زەمانىغە، بۇلارنىڭ تەسەررۇفىدا ئەردى. ئەردەشىر كېلىپ، تەمام ئەرەبنى ئالدى، نەسر، تائىفە پادىشاھلارىغە قەھر قىلدى. ھىجاز ۋە بادىيەگە ئىبەردى. نەسر پادىشاھلارى بىسيار جەيرەدە بولغان ئەردى. ئەجەم پەدىشاھلارىدىن بىرىكىم، خۇزەيمە ئەردى، بەيان قىلدىم.

ئاخىر، نوئمان بىننى ئەل - مەنزۇر ئەردى. مۇنىڭ زەمانىدا ئەجەم

پادشاھلارى ھورمىز بىننى نوشىرۋان ئەردى. نوئمان بىننى ئەل - مەنزۇر بىننى ئۆمەر بىننى نەسر بىننى رەبىئە ئىسكەندەر زەمانىدىن تا ئەردەشىر بابەك ۋەقتىغە تۆرت يۈزيىل ئەردى. بۇ يىللاردا بۇ پادشاھلار ئىراق، شامدا چەندان جەڭلەر قىلدىلەر. چەندان ھادىسەلەر ۋە ئەجايىب ۋاقىئەلەر بولدىكىم، شەرھى ۋە بەيانغە راست كەلمەس. بۇ ۋاقىئەلەردىن بىرى ئولكىم، تەسىم ۋە خەدىشنىڭ ۋاقىئەسىدۇر.

# دەستان
## قىسسەئى جابىر بىننى رەبىئە

بۇ — تەسىم ۋە خۇزەيش ئەرەبلەردىن ئىككى قەبىلەدۇر. قاچانكىم، خۇزەيمە ئەل - ئەبرەش ئىراقغە پادشاھ ئەردى، خۇزەيشكە ئەملۇق ئاتلىغ بىر پادشاھنى قويغان ئەردى. ئول تەسىم قەبىلەسىدىن، بىسيار زالىم - ستەمكار، ئول قەبىلەگە غالىب ۋە جەفاكار ئەردى. زۇلمى ئاخىر ئاڭا يەتتىكىم، يارلىغ قىلدىكىم: «ھەركىم قىز بالاسىنى ئەۋۋەل ماڭا كەلتۈرسۈن، بىر كېچە - كۈندۈز قوندۇرۇپ ئاندىن بېرۇرمەن.» بەس، ئول خەلق بۇ زالىمنىڭ قولىدا بىچارە ۋە ھەيران بولدىلەر. تەسىم قەبىلەسىدىن نەۋكەرلەرى بار ئەردى، ئۇلار ھەم بۇ ئىشغە تۇردىلەر. تا نەچەند يىل بۇ تەرىقە بىرلە ئۆتتى ئەرسە، قەبىلەدە ئەسۋەد بىننى ئەمار ئاتلىغ بىر ئۇلۇغ كىشى بار ئەردى. بىركۈن قەبىلە سەردارلارىنى يىغدى ۋە ئەيدى: «ئەي يىگىتلەر، بىلۇرسىزلەرمۇ نېچۈك قاتتىغ كۈندەدۇرمىزكىم، سەگلەر ھەم بۇ ھالغە سەبر قىلمايدۇر. ئادەم نېچۈك سەبر قىلۇر! مەن سىزلەردىن ياۋەرلىك تىلەرمەن. تاكى مەن ۋە سىزلەر، بەلكى تەمام خەلايىق بۇ بەدكار قولىدىن قۇتۇلغايمىز.» بۇلار ئەيدىلەر: «ھەرنە مەقسۇد بولسە، ئەيغىل.» ئەسۋەد ئەيدى: «مەن پادشاھ بىرلە تەمام تەسىم خەلقىنى مېھمان قىلۇرمەن، سىزلەرنى ھەم ئەيتۇرمەن. ھەر ئىككى كىشى ئۇلارنىڭ بىرىگە تۇرۇڭلار. پىنھان شەمشەر ھەمايىل قىلىڭلار. ئۆيگە كىرەرمەن، پادشاھنى ئۆلتۈرۈرمەن. سىزلەر ھەم يەتىبارە ئۆلتۈرۈڭلار. بەس، ھېچ خەتەر

بولماغاي.» ھەمە ئەيدىلەر: «فەرمانبەرداردۇرمىز.» بۇ تەدبىر بىرلە پادشاھنى تەمام تابىئلارىنى لەشكەرى بىرلە ئۆلتۈردىلەر. تەسم قەبىلەسىدىن رىياھ ئاتلىغ بىر كىمەرسە قالىپ ئەردى، قاچىپ يەمەن پادشاھى قاشىغە باردىكىم، ئاتى ھۇسام بىننى تۇببەئ ئەردى، تەبابىئە پادشاھلارىدىن ئەردى. رىياھ يەمەننىڭ ئۇلۇغ سەردارلارىغە خەبەر بەردى. بۇلار ۋاقىئەدىن ھۇسامنى ئاگاھ قىلدىلەر ئەرسە، ھۇسام غەزەب قىلىپ، بىسيار لەشكەر بىرلە خۇزەيشغە ئاتلاندى. ئۇچ كۇنلۇك كېلىپ ئەردىلەر. رىياھ ئەيدى: «مېنىڭ بىر خاھەرىم خۇزەيشدە كۆيەۋدەدۇركىم، ئانداغ كۆزى ئىتتىك مەزلۇم جەھاندا يوقتۇر، ئۇچ كۇنلۇك يەردىن كۆرۈپ، ئۇلارغە خەبەر ئەيتۇر. مىش كۆزلۈك مەزلۇمدۇركىم، ئانى ئەرەبدە رىقائىل ـ يەمامە ئاتارلەر. سەن بۇ لەشكەرگە بۇيرۇغىل تاكى ھەركىم بىر دەرەختنى يۇلۇپ، ئالدىدا تۇتۇپ بارسۇن. ئەگەر ئول قاراسا دەرەختنى كۆرگەي، خەلقنى كۆرمەگەي.» يارلىغ قىلدىكىم ھەمە ئانداغ قىلدىلەر. ئۇچ كۇنلۇك ياۋۇق باردىلەر ئەرسە، خۇزەيش خەلقى يەمامەگە ئەيدىلەر: «چىقىپ قاراغىل، تا نە كۆرەرسەن.» يەمامە ئەيدى: «خەلقنى كۆرەرمەنكىم دەرەخت تۇپىدە ئۇستىخان مىلجىپ گۆشت يەرلەر؛ ئۆتۈكلەرى پايتەمالارى ھەم، ئول دەرەخت تۇپىدە تۇرادۇر.» بۇلار ئەيدى: «ھىچ نەرسە يوقدۇر.» بەس، بۇ لەشكەرنى ھەم ئاندا تۇرۇغلۇق گۇمان قىلدىلەر. بەس، مۇنداغ بىخەتەر ئەردىلەر. ھۇسام يېتىپ كەلدى، بۇلارنى تەمام ئۆلتۈرۈپ، خۇزەيشنى زەرب قىلدى. ئول يەمامەنى تۇتۇپ ئەيدى: «نېچۈك ھىلە قىلۇرسەنكىم، كۆزۈڭ مۇنداغ روشەندۇر.» «ھىچ كېچە سۇرمە تارتماي ياتماسمەن.» بەس، ھۇسام بۇيرۇدىكىم، ئانىڭ كۆزىنى ئويدىلەر، ئانىڭ كۆزىدىن قارا يوغان تومۇرلار چىقتى. بەس، ھۇسام يەمەنگە يۇردى ئەرسە، خۇزەيمە خەبەر ئالدى. ئارقەسىدىن لەشكەر ئىبەردى، ھۇسامغە يەتتىلەر ئەرسە، جەڭ قىلدىلەر. خۇزەيمەنىڭ لەشكەرىگە شىكەست بېرىپ، بىسيار كىشىلەرىنى ئۆلتۈردى. ئاندىن يەمەنگە يەتتى. ئەرسە، ھۇسام تەبابىئە پادشاھلارىدىن ئۇلۇغ پادشاھ ئەردى؛ نەسەبى ھۇسام بىننى تۇببەئ بىننى ئەسئەد. ئاتاسىنى تۇببەئى ئەل ـ ئەكبەر ئاتار ئەردىلەر. ھۇسامنىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى، تۇببەئى ئەل ـ ئەسغەر دەر ئەردىلەر. ئاندىن لەشكەر بىرلە مەككەگە كەلدى. تا مەۋسۇمى ھەجغە ئاندا تۇردىلەر. ئاندا ئىككى تاغ ئاراسىدا

بىردەريا بار ئەردى، سەئەبۇل مەتاڭ ئاتارلەر. ھەج مەۋسۇمى بولدى ئەرسە، باۋۇرچىلارنى بۇيرۇدى. ئاندا تۇشتىلەر، ئاندا تەئام ئەتتۇردىكىنىم تەمام ھاجىلەرغە يەتتى. ئول يىل ئۆزنگە كەلكەن ھۇللەلەردىن كەئبەگە ياپۇغ ياپتى. ئول ئانداغ ھۇللە ئەردىكىم، ھىچكىم بەھاسىنى بىلمەس، ھىچكىم كۆرگەن ئەمەس ئەردىكىم، بەس، يەسرىب، مەدىنە، ئەۋادەس، خەزەرەج خەلقى كېلىپ، جوھۇدلاردىن شىكايەت قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «جوھۇدلار شامدىن قاچىپ، بىزنىڭ ئارامىزغە كېلىپ، ئەمەس بولدىلەر. ئەمدى بىزگە زۇلۇم - ستەم قىلۇرلەر.» بەس، ھۇسام مەككەدىن لەشكەر بىرلە يەسرىب تەرەفىگە يۇردى، تاكىم ياۋۇق يېتىپ، بىر مەنزىلگە تۇشتى. ھالا ئول يەرنى مەنزەلىل مۇلك ئاتارلەر. ئاندىن مەدىنەگە لەشكەر ئىبەردىلەر. بەس، جوھۇدلارنى بىسيار ئۆلتۇردىلەر. ئاندىن مەككەگە بارىپ، ئاندىن يەمەنگە باردى. ئاندىن ئوغلىنى لەشكەر بىرلە ھىندىستانغە ئىبەردى. ئول ھىندىستاننى ئالىپ، ئاندىن چىن تەرەفىگە يۈزلەندىلەر ئەرسە، يەنە بىر تەرەفدىن بىر سەردارى بار ئەردى، شەمەر ئاتلىغ، ئانى بۇيرۇدى، ئاتى «زۇلجىناھ» يەئنى «قاناتلىغ» ئاتار ئەردىلەر. چۈنكى، لەشكەر ئانچە يىلدام يۈرۈر ئەردىكىم، ئۇچادۇر بەرابەر ئەردىلەر. ئول شەمەر تۈركستانغە باردى. ئاندىن ئۆتۈپ جەبىنغە باردى. ئاندا زەفەر تاپىپ ياندى. ئوغلى يانىپ، سەمەرقەندغە باردى. ئاندا بىر شەھەر بار ئەردى. بىسيار مەھكەم، ئانى ئالىپ خەلقلەرنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى خەراب قىلىپ، يەنە ئۆزىنىڭ ئاتىدا ئاباد قىلدى. ئاڭا شەمەر كېند ئات قويدى. ئول ۋەقتدە شەھەرنى بىر ئاتدا ئاتار ئەردىلەر. بەس، ئول شەھەردە خەلق بىسيار بولدى. ئارىقلاردا سۇلار جارى بولدى، باغلاردا مىۋەلەر فەراۋان بولدى. ئاندىن يەنە سەمەرقەند بولدى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## دەستان
## قىسسەئى ئەسھابى كەھف

بۇ ئەسھابى كەھف شامنىڭ بىر شەھەرىدىن نەچەند كىشى ئەردىلەر. ئول

شەھەرنىڭ پادىشاھى ھەمە خەلق بىرلە بۇتپەرەست ئەردى، ئاتى دەقيانوس، يۇنان پادىشاھلارىدىن ئەردى. ئول ۋەقتدە شام زۇلقەرنەيندىن كىيىن تا روملار ئالغۇنچە يۇنان پادىشاھلارى تەسەررۇفىدە ئەردى. بەس، ئەسھابى كەھف ھەمەلەرى ئول شەھەردە مۇسۇلمان بولدىلەر. ئۆزلەرىچە خۇداي تەئالانى تانۇدىلەر. بۇ خەبەرنى پادىشاھغە يەتكۈردىلەر. پادىشاھ بۇلارنى چىرلاپ، سوردىلاركىم: «كىمگە تابىنۇرسىزلەر، خۇدايىڭلار كىمدۇر؟» بەس، بۇلارنىڭ كۆڭلىدىن خۇداي تەئالا ۋەھمى قورقۇنچنى چىقاردى ئەرسە، قورقماي ۋە ئەندىشە قىلماي ئەيدىلەركىم: «بىزنىڭ خۇدايىمىز ئاسمان - زەمىننىڭ ۋە ئاسمان زەمىنداقى جەمىئ مەۋجۇداتنىڭ ئىگەسى ۋە پەرۋەرەندەسى، ئانىڭدىن ئۆزگە خۇدا يوقتۇر.» •••••• ئول ۋەقتدە روي زەمىندە ھىچ پەيغەمبەر يوق ئەردى. بۇلار ئۆز ئەقلىچە خۇداي تەئالانى بىلدىلەر. ھەمە پادىشاھلار ۋە پادىشاھزادەلەر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەيسا، يەھيا، زىكرىيا ئەلەيھىس. ئىلگەرى ئەردىلەر. بۇلار پادىشاھزادە ئەردىلەر. دەرھال ئۆلتۈرەلمەدىلەر. ئانىڭ بىر قازىسى بار ئەردى مۇسۇلمان، ئىسلامنى ئاشكارا قىلالماس ئەردى. بەس، پادىشاھ ئەيدى: «ئەي قازى، بۇلارنى نىچۈك قىلماقنى مەسلەھەت كۆرەرسەن.» قازى ئەيدى: «بۇلار پادىشاھزادەلەر-دۇرلەر، بۇلارنى ئۆلتۈرمەككە شىتاب قىلماغايسەن. بۇ كىچە ئامان بەرگىل، تاكىم فىكر قىلىپ راستغە يانغاي.» بەس، پادىشاھ ئامان بەردى؛ بىر مۇنچە پەند - نەسىھەتلەر قىلدى، باۋەر بولمادى. خۇداي تەئالا بۇلارنى جەۋان-يىگىتلەر دەپ ياد قىلىپدۇر. ئەلھەق بۇلار جەۋان ۋە مەردانە ئاشكارا قىلدىلەر. ۋە يەنە، ھەق تەئالا ئەيدى: «مەن ئۇلارغە راست يولنى كۆرسەتتىم، تاكى مېنى تانۇدىلەر.» بەس، كېچە بولدى ئەرسە، قاچىپ شەھەردىن چىقتىلەر. بۇ ئالتە كىشى ئەردىلەر: بىرىنىڭ ئاتى مەسلىنا، يەنە بىرىنىڭ ئاتى يەملىخا، يەنە بىرلەرى مەتبۇس، يەنە بىرلەرى سوستۇس، پىروس ئەردىلەر؛ ئۇلارغە ياۋۇق بىر تاغ بار ئەردى، سەجلوس دەر ئەردىلەر. ئاڭا يۈزلەندىلەر، ئول تاغقە ياۋۇق بىر قويچى بار ئەردى، يەنموس ئاتلىغ؛ ئاڭا ئەيدىلەركىم: «بۇ تاغدا بىز ياشۇنغۇدەك يەر بارمۇ؟» قويچى ئەيدى: «سىزلەر نە كىشىسىزلەر؟» بۇلار ئەيدىلەركىم: «بىز ئول كىشىدۇرمىزكىم، ئاسمان - زەمىننىڭ خۇدايىغە ئۇتكەن، پادىشاھدىن ۋە

بۇتلاردىن يۈز ئۆيرۈگەن، بىزنى ئۆلتۈرۈر ئەردىلەر، ئۇلاردىن قاچىپدۇرمىز. بىز پىنھان يەر ئىزدەرمىزكىم، نەچەند كۈن ئاندا بولغايمىز.» قويچى ئەيدى: «دىنىڭلار نىچۈكدۇر؟» بۇلار دىنلەرىنى ئەيتتىلار ئەرسە، ئىمان كەلتۈردى ۋە ئەيدى: «مەن ھەمراھ سىزلەر بىرلە بارۇرمەن. بۇ تاغدا بىر غار باردۇر، بىز ھەر بار يامغۇر ياغسە، قويلارىمىزنى ئالىپ، ئول غارغە كىرەرمىز.» بەس، قويچى قويلارىنى ھەمراھلارىغە تاپشۇردى، ئۇلار بىرلە ئۆزى يۈردى. ئول قويچىنىڭ بىر سەگى بار ئەردى، ئەرگەشتى. بەس، سەگنى كۆردىلەر ئەرسە، ياندۇرغالى ئوغراپ ئەردىلەركىم: «بۇ سەگنى ياندۇرغىل، تاكى بىزنى ئاشكارا قىلمۇرسەن.» قويچى سەگنى ھەرچەند سوقتى ئەرسە، يانمادى؛ ئاچچىغلاپ بەك سوقتى ئەرسە، ھەق تەئالا ئول سەگكە زەبان بەردى. بەس، سەگ ئەيدى: «نىچۈكدىن سوقارسىزلەر، مەن ھەم سىزلەر بىرلە بارۇرمەن، سىزلەر ئىمان كەلتۈرگەنگە ئىمان كەلتۈرۈرمەن.» بۇ ئۇلارغە مۆئجىزە - كەرامەت بولدى. بەس، غارغە كىردىلەر ئەرسە، جايى تاپتىلەركىم فەرراخ ھەم ۋەسىئ. بەس، ئاندا ياتتىلەر، سەگ ھەم باشىنى قولىنىڭ ئۈستۈنىدە قويۇپ ياتتى. ئانداغكى سەگلەرنىڭ ئادەتىدۇر. بەس، ھەق تەئالا ئۇلارغە ئۇيقۇ سالدى. ئاندا ئۇيقۇلادىلەر. ئۇيقۇدا جانلارى چىقتى. سەگ ھەم ئۆلدى. بەس، ئەرتەسى بۇلارنى ئىزدەدىلەر، تاپمادىلەر. شەھەردىن چىقىپ كىتىپدۇر دەپ، ئارقالەرىدىن كىشى چىقاردى. چۇنان جەھد - ئىستىقامەت بىرلە ئىزدەدىلەر، تاپمادىلەر. ئاخىر، نەۋمىد بولۇپ ياندىلەر.

بۇلار ئول غاردا ئۈچ يۈز يىل قالدىلەر. ھەق تەئالا ھەر بىرىگە بىر فەرىشتە ئىبەردىكىم، ئۇلارنى بىر تەرەفدىن ئول تەرەفكە ئۆيرۈپ قويارلەر، تاكىم گوشت - پوستلارى ساسىپ ئاجراماس. ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بىرۇر، تەفسىرى بۇدۇركىم: «ئۆيرۈرمەن ئۇلارنى ئوڭ - سولغە، چون ئافتاب چىقسە ئوڭ تەرەفلەرىدىن چەپ تەرەفلەرىغە ئولتۇرۇر ئەردى. ئانداغكى، ھەق تەئالا ئەيتىپدۇر، تەفسىرى بۇدۇر: كۆرەرسەن ئافتابنى قاچانكىم تۇغسە ئوڭ تەرەفدىن ئۆتەر. مۇفەسسىرلەر ئەيتىپدۇرلەر: ئول تاغ جەنۇب تەرەفىدە، غارنىڭ ئاغزى شىمال رودىيەدە ئەردى. بەس، ئافتاب قاتتىغ تەئسىر قىلماي، شامال تىگىپ تۇرسە، ئادەمنىڭ بەدەنى ساسىماس. بۇلار

ئاندا ياتتىلار. دەقيانوس ئۆلدى. ۋە يەنە نەچچەند پادىشاھى يۇنانلار ئۆتتى. مۇلۇك روملارغە قالدى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. زوھۇر قىلدىلەر. بۇلار ۋاقىئەلەرنى بەنى ئىسرائىلغە بەيان قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «ئۇلار تىرىلۇرلەر، خەلقلەر ئۇلارنى كۆرەرلەر؛ ۋە يەنە ئۆلەرلەر. ھەركىمكى كۆڭلىدە قىيامەتكە، قىيامەتدە تىرىلمەككە شەك ۋە گۇمانى بولسە. بۇلارنى كۆرۈپ، ۋاقىئەلەرنى ئىشىتىپ جەزم قىلۇرلەر» ھەق تەئالا بۇ قىسسەلەرنى «ئىنجىل» دە ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. غە خەبەر بەردىلەر. «قۇرئان» دە ھەم ياد قىلىپدۇر، تەفسىرى بۇدۇر: ئاندانغكى مەن ئۇلارنى تىرگۇزۇرمەن، خەلقلەرغە كۆرگۇزۇرمەن، تا بىلگەيلەركىم خۇداي تەئالانىڭ ۋەئدەسى ھەقدۇر، قىيامەت بولماقى راستدۇر. بەس، ھەمە خەلق ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىغە كىرگەن ۋە بۇلارنىڭ ۋاقىئەلەرىنى بىلگەن، «ئىنجىل»دە كۆرگەن ئەردىلەركىم، بىلمەس ئەردىلەركىم قايسى شەھەردەدۇرلەر ۋە قايسى تاغدادۇر، نېچۇك غاردىن چىقارلەر. چۇنكى «ئىنجىل» دە تەئىنى يوق ئەردى، ئەمما كۆز تۇتار ئەردىلەر.

بەس، ئۈچ يۈز توققۇز يىل بولدى ئەرسە، ھەق تەئالا ئۇلاردىن بىرنى تىرگۇزدىكىم، ئاتى مەسلىنا، ئۇلارنىڭ ھەمەدىن ئۇلۇغى ئەردى. كۆردىكىم، نەماز پىشىن بولۇپدۇر. بۇلارنى قىچقىردى ئەرسە، ھەمەلەرى قوپتىلەر، سەگ ھەم تىرىلدى. بىرى ئەيدى: «قانچە ياتىپدۇرمىز؟» بۇلەر ئەيدىلەر: «بىر كۇن، يا يېرىم كۇن.» بەس، گۇمان قىلدىلەركىم، سۇبھ ۋەقتىدە غارغە كىرىپ ئەردۇك، تۇش قارىلىپدۇر. ۋە يەنە ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالا بىلۇر قانچە ياتىپدۇرمىز.» بەس، بۇلار، دەقيانوس پۇلىدىن بار ئەردىكىم، ئەيدىلەر: «بىرىمىز شەھەرگە كىرىپ تەئام ئالىپ كەلگەيمىز، تا بۇ كېچە مۇندا تۇرغايمىز. بىزدىن ھېچكىم ئاگاھ بولماغاي.» بەس، يەملىخانى ئىبەردىلەر ئەرسە، شەھەرگە باردى. شەھەرنىڭ بازار - مەھەللەلەرىنى كۆرۈپ تانۇمادىلەر. لېكىن خەلقلەرنى تانۇنادىلەر. كۆردىلەركىم ھەمە خەلق نەماز ئۆتەرلەر، خۇداي تەئالاغە قۇللۇق قىلۇرلەر. تەئەججۇپ قىلىپ ئەيدى: «بىر كۇندە تەمام خەلق مۇنداغ مۇسۇلمان بولۇپدۇرلەر.» بەس، نانۋاي قاشىغە كەلدى، نان ئالغالى پۇل چىقارىپ نانۋايغە بەردى ئەرسە، نانۋاي كۆردىكىم، بۇ ۋەقتلەرنىڭ پۇلى ئەمەس. ئەيدى: «بۇ پۇلنى قايدىن ئالدىڭ؟» يەملىخا

ئەيدى: «بۇ شەھەرنىڭ پۇلىدۇر، بۇ مۆھۈر پادىشاھنىڭدۇر.» نانۋاي ئەيدى: «بۇ شەھەردە مۇنداغ پۇل يوقدۇر. سەن باياباندىن گەنج تاپىپسەنكىم، بۇرۇنقى پادىشاھلارنىڭ پۇلىدۇر.» يەملىخا ئەيدى: «ئەي خەلق، بۇ پۇلنى تۈنەكۈن مەن بۇ شەھەردىن ئالىپ بارىپ ئەردىم. بۇ دەقيانۇسنىڭ پۇلىدۇر.» بۇلار دەقيانوسنى بىلمەدىلەر. ئەيدىلەر: «سەن ئەيغان دەقيانوس ئۆلگەندۇر، ھالا بۆلەك پادىشاھدۇر.» يەملىخا ئەيدى: «قايسى دىندادۇركىم تابىنۇرلەر؟» ئەيدىلەر: «ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نىڭ دىنلەرىدەدۇر، خۇداي تەئالاغە قۇللۇق قىلۇر.» بەس، ھەمە خەلق بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ، پادىشاھنىڭ دەربانلارىغە ئەيتىپ، يەملىخانى پادىشاھنىڭ ئالدىغە ئالىپ باردىلەر. پادىشاھ بۇ ۋاقىئەنى تەمام ئىشىتتى، پۇلنى كۆردى ۋە ئەيدى: «بۇلار ئەسھابى كەھفدىندۇركىم، بۇلارنىڭ قىسسەسى «ئىنجىل»دە باردۇر.» بەس، شەھەرنىڭ ئۆلۇمالەرىنى، ئىنجىلخانلارنى ھازىر قىلدىلەر، تا يەملىخانىڭ سۆزىنى ئىشىتتىلەر؛ ئەيدىلەر: «مەن ھەمراھلارىم بىرلە دەقيانوسدىن قاچىپ، پالانى تاغدا بىر غارغە كىرىپ ياتىپ ئەردۇك. بۇگۈن ئۇلارغە تەئام ئالىپ بارغالى كېلىپ ئەردىم، تاكى كىچە چىقىپ كېتەر ئەردۇك.» ئالىملار ھەمە راست ئەيتۇر دىدىلەر. پادىشاھ يەملىخاغە ئەيدىلەر: «ئەي جۇۋانمەرد، ساڭا خۇشخەبەردۇركىم، دەقيانوس ئۆلگەندۇر، ئاڭا ئۈچ يۈز توققۇز يىل بولغاندۇر. بىزگە ھەق تەئالا ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. نى پەيغەمبەر ئىبەرگەندۇر؛ ئۇلار «ئىنجىل» ئاتلىغ كىتاب كەلتۇرگەن، ئاندا ۋاقىئەلەرىڭلارنى خەبەر بەرگەندۇر. بىز سىزلەرنى چىقغاي دەپ كۆز تۇتار ئەردۇك. ئەمدى ئەيغىلكىم ھەمراھلەرىڭ قايدادۇر؟» يەملىخا ئەيدى: «ئول غاردادۇرلەر.» بەس، پادىشاھ ئاتلانىپ، خەلق بىرلە شەھەردىن چىقىپ يۈردى. يەملىخا باشلاپ كېلۇر ئەردى، تاكىم غارغە ياۋۇق يەتتىلەر ئەرسە، يەملىخا ئەيدى: «مەن ئۇلارغە ئىلگەرى كىرىپ خەبەر قىلسام، تاكى دەقيانوس خىيال قىلىپ قورقغايلەر. سىنىڭ خەبەرىڭنى ئىشىتىپ شاد بولۇپ، ئىستىقبالىغە چىقغايلەر.» بەس، پادىشاھ رۇخسەت بەردى. بەس، يەملىخا غارغە كىرىپ، بۇلارنىڭ قاشلەرىغە بارىپ تۇردى. بۇلار يەملىخادىن سوردىلەر: «نە ھالدۇر؟» يەملىخا ئەيدى: بۇ ھال ـ ئەھۋالاتلار، پادىشاھدىن

ئۆتكەن ۋاقىئاتلاردىن ئاگاھ قىلدى ئەرسە، يىغلىدىلەر، ئۆلدىلەر؛ ھەمە ھەمراھلارى ھەم ئۆلدىلەر. پادشاھ ئول خەلق بىرلە غارنىڭ ئىشىكىدە تۇردىلەر، تاكىم كەچ - قاراڭغۇ بولدى. كېچەسى ھەم تۇردىلەر. تاڭ ئاتتى، ئافتاب چىقتى. يەملىخا چىقمادى، تاكىم تۇش ۋەقتى بولدى ئەرسە، پادشاھ ئەيدى: «غارغە كىرىڭلار!» ھىچكىم ۋەھىم قورقۇنچىدىن غارغە كىرمەدىلەر. بۇلار بىلمەك ۋە كۆرمەككە ھىچ ئىلاج قىلالمادىلەر. ئاخىر ئۇلارغە نىشانە ۋە ئەلامەت بولغاي دەپ، بىنا - ئىمارەت قىلۇر بولدىلەر. ئەيدىلەركىم، ئۇلارنى خۇداي تەئالا بىلۇركىم چەند - چونىنى. بۇلارغە نە تەرىقە ئىمارەت قىلۇرمىز.» بەس، بۇلارنىڭ تەدبىرلىك، ساھىب ئىختىيارلارى ئەيدىلەر: «مۇندا بىر مەسجىد بىنا قىلغايمىز، تاكىم خەلق نەماز ئۆتەگەيلەر، دۇئالارى مۇستەجاب بولغاي.» بەس، ئاندا مەسجىد بىنا قىلدىلەر، قاشىغە نەقىش قىلدىلەركىم، مۇندا ئەسھابى كەھف باردۇرلەر؛ ۋە يەنە بەئزى ۋاقىئەلەرىنى، غارغە كىرگەن ۋەقتلەرىنى، ئول ۋەقتداكى پادشاھنىڭ ئاتىنى، بۇلارنىڭ يانتغان مۇددەتىنى تاپىپ غارنىڭ ئىشىكىدە قويدىلەر.

بۇ قىسسە ئەسھابى كەھفنىڭكىم بەيان قىلدىم. تەفسىر - ئەخبار كىتابلارىدىن ئەردى. مۇھەممەد بىننى جەرىر بەئزى ئۇلۇمالاردىن بۇ كىتابىدا ئانداغ رەۋايەت قىلىپدۇرلەركىم، ئۇلار ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. دىن ئىلگەرى غارغە كىردىلەر، ئۇلاردىن كېيىن غاردىن چىقتىلەر. لېكىن بۇ ۋەقتلەر ھەمەسى تايىنق پادشاھ زەمانىدە ئەردى. ۋە بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. دىن كېيىن غارغە كىردىلەر، ئۇلەرنىڭ دىنلەرىدە ئەردى. ئول ھەۋارىلەركىم، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ.س. خەلقىغە قىلغان ئەردىلەر. ئۇلاردىن ئەسھابى كەھف شەھەرگە كەلدىلەر. ئول پادشاھنى، خەلقنى ئىمانغە دەئۋەت قىلدىلەر. ئۇلار ئىمان كەلتۇرمەدىلەر، ئەردەشىر بابەك زەمانىدىن ئىلگەرى غاردىن چىقتىلەر. ئول ۋەقتدە تايىنق پادشاھلارىدىن بىرى مۇسۇلمان بولدى. ۋە بەئزىلەر كەلتۇرۇپدۇرلەر: ئول شەھەرنىڭ پادشاھى بۇتپەرەست ئەردى. شەھەرنىڭ دەرۋازەسىدە بىر بۇت ئەتتۇرۇپ قويغان ئەردى، تاكىم ھەر كىشى شەھەرگە كىرەردە، ئول بۇتغە سەجدە قىلۇر ئەردى. بەس، ھەۋارىلەردىن بىرلەرى بۇ شەھەرگە كەلدى، كىرگەلى تۇردى ئەرسە، بۇتغە سەجدە قىلغالى بۇيرۇدى. ئول ھەۋارى شەھەرگە كىرمەي

ياندى. شەھەرنىڭ ھەممامى بار ئەردى، ئاندا باردى. ئول ھەممامچى، خىزمەت قىلىپ، ئەجرە ئالىپ، روزگار ئۆتكەزۇر ئەردى؛ كېچە نەماز ئۆتەپ، كۈندۈز روزە تۇتۇپ يۈرۈر ئەردى. بەس، ھەق تەئالا ئول ھەممامغە بەركەت بەردى. ئول ھەممامچى دەۋلەتمەند بولدى. ئول ھەۋارىنى دوست تۇتار ئەردى ۋە ئۆزىگە ياۋۇق قىلدى. نەچەند كۈن ئۆتتى ئەرسە، خەلق بىرلە ئاشنا بولدى. ئول سەرابچىنى ئىمانغە دەلىلىق قىلدى ئەرسە، مۇسۇلمان بولدى. نەچەند ئادەملەر بار ئەردىكىم، سەرابچىغە دوست ئەردىلەر. ئۇلار ھەم مۇسۇلمان بولدى. تا بىر كۈنى پادىشاھنىڭ ئوغلى بىر مەزلۇم بىرلە سەرابغە كىرگەلى چىقتىلەر ئەرسە، ئول ھەۋارى ئەيدى: «شەرم تۇتمايمۇسەنكىم بىگا نە مەزلۇم بىرلە ھەممامغە كىرەرسەن!» بەس، ئول ئوغۇل ھەۋارىنى ناسەزا ئېتىپ، ھەممامغە كىردى. ھەر ئىككىلەسىنىڭ نەفەسى تۇتۇلۇپ ئۆلدى. بەس، پادىشاھغە خەبەر بەردىلەركىم، ئوغلۇڭنى ھەممامدا ئۆلتۈرۈپدۇرلەر. بەس، پادىشاھ ئاتلاندى ئەرسە، ئول ھەممامچى خەبەر ئالىپ قاچتى. ئاندىن ھەۋارى ۋە پادىشاھ بۇلارنى ئىزدەپ تاپمادىلەر. سەرابچىنىڭ دوستى بار ئەردى، ئۇلەر ھەم مۇنى ئالىپ قاچتىلەر. ئول ۋىلايەتدىن چىقتىلەر. بۇلار بىر - بىرىگە يېقىلدىلەر. بۇلار بىر قويچىغە ئۇچرادىلەر. ئول ھەم مۇسۇلمان ئەردى، بۇلارغە ئەيدى: «قايان بارۇرسىزلەر؟» ئەيدىلەر: «پادىشاھدىن قاچىپ بارۇرمىز.» قويچى ھەم قورقۇپ، بۇلارنىڭ ئارقەسىغە كىردى، سىگ ھەم ئەرگەشىپ باردى. ئول سەرابچى، ئول ھەۋارى، ئول سەرابچىنىڭ دوستلارى، قويچى ئول غارغە كىردىلەر. ئەسھابى كەھف بۇلاردۇرلەر. بەس، پادىشاھ خەبەر تاپىپ، ئول غارغە كەلدى. ھەركىمنى بۇيرۇدىكىم كىرگىل دەپ، ۋەھم - قورقۇنچىدىن كىرەلمەدىلەر. نەچەند كىشىنى ھەم ئۆلتۈردى، بولمادى. ئاخىر بۇيرۇدىكىم: «غارنىڭ ئاغزىنى گەنج ۋە تۇفراق، تاش بىرلە ئېتىڭلار، تاكىم ئاچلىققە، ئۇسسالىققە ئۆلۈپ قالغاي.» بەس، غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ ياندىلەر. ئۈچ يۈز توققۇز يىل ئاندا ئۇيقۇلاپ قالدىلەر. ھەق تەئالا بۇلارنى چىقارماققە ئىرادە قىلدى ئەرسە، قويچى كېلىپ، غارنى ئاچىپ كىردى. كۆردىكىم بىر مۇنچە كىشى ياتىپدۇر. ئاندىن يانىپ چىقتى، قويلارىنى ئاندا قوندۇرۇپ، ئەرتەسى كەتتى. ئاندىن ھەق تەئالا بۇلارنى بىدار قىلدى. بۇلارنىڭ بىرلەرى شەھەرگە تەئامغە باردى. ئەيتىپدۇرلەر: بۇلارنىڭ

ئالىپ بارغان پۇللارى بىرى ئون دىرەملىك ئەردى، ۋەزنى يەتتە مىسقال. بەس، بۇلاردىن بىرى بارىپ، پۇلنى نانىۋايغە بەردى. نانىۋاي پادىشاھغە ئالىپ باردى. تا ئاخىر قىسسەدۇر. بەس، مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتۇرلەر: بۇ دۇرۇستراق. ئەمما ئىككى يەردە ئايەتكە مۇخالىفدۇر. بىرى ئولكىم، بۇلار دىنلەرىنــى ياشۇردى دەپدۇرلەر. ھەق تەئالا ئايەتدە خەبەر بېرۇر: مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قۇۋۋەت بەردىم، تاكىم قورقماي قوپۇپ، ئاشكارا دىن ئىمانلەرىنى ئەيدىلەر. ۋە يەنە بىر خىلاف ئولكى، غارنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ ياندىلەر دەپدۇرلەر. «قۇرئان» دا خەبەر بېرۇركى، ئافتاب ئوڭ يانلارىدىن تۇغۇپ چەپ تەرەفلەرىدە ئولتۇرۇپدۇر. ئەگەر غارنىڭ ئاغزى ئېتىكلىك بولسە، بۇ سۆزنىڭ ھىچ فايداسى يوق ۋە دەخلى يوقدۇر. ئەمما ئەسھابى كەھفنىڭ يەتتە ئىكەنلەرىگە ئالەم ئەھلى تەفسىر ئىتتىفاقدۇرلەر. شەك يوقدۇركىم سەككىزىنچى سەگدۇر. كەلام خۇداۋەندى ھەم مۇڭا ناتىقدۇر. ئول ئىختىلافكىم «قۇرئان» دا ۋارىد بولۇپدۇر. تەرسا ۋە مۇشرىكلارنىڭ سۆزى بىر سەبىل ھىكايە كېلىپدۇركىم، ئۇلار بىلمەي، بەئزىسى ئەسھابى تۆرت كەھف بەشىنچى سەگ دەپدۇرلەر. بىر تائىفە ئالتە، يەتتىنچى سەگ دەپدۇر. مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتۇرلەر: ئۇلار توققۇز تىن ئەردىلەر، يەتتەسىنىڭ ئاتىنى مەن بەيان قىلدىم؛ سەككىزىنچى بەتۇس، توققۇزىنچى دابۇس، ئەگەر مۇنداغ بولسە «عاشرهم كلهم» كەلۇر ئەردى. مۇھەممەد ئىسھاق رەۋايەت قىلىپدۇرلەر: ئۇلار سەككىزدەر ئەردىلەر، توققۇزىنچى سەگ. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

# ٹواخیبی جلد

# فەسلی دەستان

# قىسسەئى ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىسسەلام

ئەجايىب ۋاقىئەلەردىن بىرى ھەزرەتـــى يۇنۇس ئەلەيھ.س. نىـــڭ ھىكايەلەرىدۇر. كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، تايىـــف پادىشاھلارى روزىگارىدە، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ.س. بەنى ئىسرائىلدىن ئەردىلەر، پەيغەمبەر مۇرسەل ئەردىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرنى مەۋسىل ۋىلايەتىغە پەيغەمبەر ئىبەردى. ئول يەتتە شەھەر ئەردى، ھەمە بۇتپەرەست. ئۇلەر ئەمرىنى يەتكۈردىلەرئەرسە، ھىچكىم تەسدىق قىلمادى. چەندان روزگار ئۆتتى ئەرسە، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ.س. دۇئا قىلدىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرغە ۋەئدە ئىبەردىكىم، ئەگەر ئىمان كەلتۇرمەسە، بۇلارغە ئەزاب ئىبەرۇرمەن. بەس، يۇنۇس ئەلەيھ.س. بۇ ۋەئدەدىن خەبەر بەردىلەركىم: «ئەگەر ئىمان كەلتۇرمەسەڭلار فالان كۇنى خۇداي تەئالانىڭ ئەزابىدىن كۆز تۇتۇڭلار.» بۇلار ئىمان كەلتۇرمەدىلەر. قاچانكىم، خۇداي تەئالانىڭ ۋەئدەگاھى يەتتى ئەرسە، ھەزرەتـــى يۇنۇس ئەلەيھ.س. بۇلارنىڭ ئاراسىدىن چىقتىلەر. بەس، ئول كۇن ھەق تەئالا بىر ئەنۋائ ئوتلۇق بۇلۇت ئىبەردىكىم، ئوتلار زەبان ئۇرار ئەردى. بەس، ئول بۇلۇت بۇلارنىڭ ئۆزەسىدە كېلىپ تۇردى. پادىشاھ باشلىغ تەمام خەلق يىغىلدىلەر. بىلدىلەركىم ئەزاب كەلدى. بەس، پادىشاھ ئەيدى: «ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ.س. نى تاپىڭلار، ئاڭا ئىمان كەلتۇرەيلى!» ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ.س. بۇلاردىن قاچىپ ئەردىلەر. ئۇلاردىن قورقۇپ چىقمادىلەر، بىر دەريانىڭ لەبىگە باردىلەر. ئەزاب ئول كۇن ئۇلارنىڭ ئۆزەسىدە تۇردى. ئەرتەسى پادىشاھ ئەيدى: «ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ.س. بىزنى خۇداغە دەئۋەت قىلـــــىپ ئەردى. ئەمدى ئۆزى بولماسا ھەم خۇدايىـــــغە ئىـــــمان كەلتۇرگەيمىز.» بەس، چوڭ - كىچىك، سىپاھ ۋە رەئىيە بەتەمام شەھەرنىڭ

تاشىغە چىقتىلەر. بۇلار يۇزىمىگىدىن تولاراق كىشى ئەردىلەر. بەس، ئۇلار تەمام چھار-پايلارىنى سەھراغە ئالىپ چىقتىلەر. ئاناسىنى بالاسىدىن ئايرىپ قويدىلەر. پادىشاھ ئاتدىن تۇشۇپ، يۇزىنى مۇزەللەت ۋە خارلىق تۇفراغىغە سۇرتۇپ، ئەيدى: «پەرۋەردىگارا، ئەگەرچە يۇنۇس بولماسا ھەم سىنىڭ كەرەمىگىدىن نەۋمىد ئەمەسمىز؛ ساڭا ئىمان كەلتۇرۇرمىزكىم خۇداي بەرھەق! بەس، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. سىنىڭ پەيغەمبەرىڭدۇر.» دەپ، بۇتلارىنى كەلتۇرۇپ پارە - پارە قىلدىلەر. تەمام خەلايىق فىغان - نالەگە تۇردىلەر. چھار پايلار ۋە جاندارلار بالاسىنى ئىزدەپ فەرياد قىلدىلەر. ئادەم ۋە ھەيۋانلارىنىڭ غۇلغۇلە ۋە نالەسى فەلەككە يەتتى. ئانداغكى، ئاسمان - زەمىن نالە - زارىدىن لەرزەگە كەلدى. فەرىشتەلەر گىريە ۋە تەزەررۇئ بىرلە مەغفىرەت تىلەدىلەر. بۇ تەرىقە ئۇچ كېچە - كۇندۇز خۇرۇش ۋە فىغان قىلدىلەر. تۆرتىنچى كۇنى ھەق تەئالا ئۇلارغە ھەم شەفقەت قىلدى، گۇناھلارىنى ئەفۇ ۋە مەغفىرەت قىلدى؛ ئول ئەزابنى ئۇلاردىن رەد قىلدى. ھەق تەئالا ھىچ قەۋمغە ئەزاب ئىبەرىپ، ياندۇرغان ئەمەس ئەردى. ھەر ئۇممەت ئەزابنى كۆرۇپ، ئىمان كەلتۇرگەن، قەبۇل شەرەفىگە يەتكۇرگەن ئەمەس ئەردى. مەگەر ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. ئۇممەتلەرى ئىمانىنى قەبۇل قىلدى. ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بېرۇر، تەفسىرى بۇدۇر: ھىچ شەھەر ۋە كەنت يوقدۇركىم، خەلق ئەزابنى كۆرۇپ ئىمان كەلتۇرۇپ مەنفەئەت قىلغان بولغاي. مەگەر ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. قەۋملەرىكىم، ئۇلاردىن ئەزابنى كۆتەردىم ۋە ئۇلار ئىمانى مەقبۇل بولدى، خۇداي تەئالاغە تەسدىق قىلدىلەر. ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. يوق ئەردىلەركىم، ئۇلارغە دىن - شەرىئەتنى ئۆرگەتكەيلەر. بەس، بۇلار ئۇمىد تۇتار ئەردىلەركىم، ھەق تەئالا بىزگە ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. نى ۋەيا يەنە پەيغەمبەر ئىبەرگەي. بەس، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. ئول كېچە دەريا لەبىدە قەۋملەرىغە ئاچچىغلاپ، خۇداي تەئالانىڭ ئۇقۇبەتىغە گىرىفتار بولماقىغە غەم يىمەدىلەر ئەرسە، خۇداي تەئالا دەرگاھىدا خەتا ۋە نارەۋا بولدى. گۇمان قىلدىلەركىم، بۇ ئىشغە خۇداي تەئالا خۇشنۇد ۋە رىزا بولغاي. بەس، ئەرتەسى كېمە يەتتى ئەرسە، قەۋم كېلىپ، مىنى ئالىپ يانغايلەر دەپ قورقۇپ، كېمەگە كىردىلەر. كېمە يۇرۇپ دەريانىڭ ئوتراسىغە يەتتى ئەرسە، خۇداي تەئالانىڭ

تەقدىر قىلغان بالىق دەريا تېگىدىن چىقىپ، كېمەنىڭ ئالدىدا تۇردى، كېمە ھەم توختادى. خەلق ئۆزلەرىنى ئۆلۈمگە مۇقەررەر قىلىپ، دۇئا ۋە زارىغە تۇردىلەر. ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. شول سائەت بىلدىلەركىم، مېنىڭ قەۋمىمدىن ئايرىلغانىم ۋە ئۇلاردىن ياشۇنغانىم خۇداي تەئالانىڭ دەرگاھىدا خەتا ۋە گۇناھ بولۇپدۇر دەپ، كۆڭۈللەرىگە دەرد - ھەسرەت تۇشتى. كېمەدە خەلق بىسيار ئەردىلەر. «بۇ بالىق مېنى تەلەب قىلۇر، مېنى دەرياغە سالىڭلار، سىزلەر سەلامەت قالىڭلار.» بۇلار ئەيدى: «سەن نە كىشىسەن؟» ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىدۇرمەن. دەرياغە تاشلاڭلار.» بۇلار ئەيدى: «خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىنى تاشلاماسمىز.» بەس، كېمەدە ھەمە خەلق بالىقدىن لەرزەگە كەلدىلەر. ھەززەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىم: «مېنى نېچۈكدىن دەرياغە سالماسسىزلەر؟» بۇلار ئەيدىلەر: «بىز قۇرئە سالۇرمىز، كىمنىڭ ئاتىغە چىقسە، دەرياغە ئانى سالۇرمىز.» بەس، قۇرئەنى ئانداغ قىلدىلەركىم، كېمەدە بار كىشى بىرەر پارە ساپالغە ئاتىنى پۈتۈپ كەلتۈردى. ئەيدىلەر: «خۇداۋەندا، ھەركىمنى ئۆزۈڭ خاھلايسەن، ئانىڭ ئاتىنى دەريا لەبىگە چىقارغىل.» ساپاللارنى دەرياغە سالدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. نىڭ ئاتلەرى چىقتى. تا ئۈچ نەۋبەت قۇرئە سالدىلەر، ھەمەدە ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. نىڭ ئاتلەرىغە چىقتى. بەس، بۇلار ئەيدى: «ئۆزۈڭ بىلۇرسەن.» بەس، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. كېمەنىڭ لەبىگە چىقتىلەر، ئۆزلەرىنى دەرياغە تاشلادىلەر. ھەق تەئالا بالىقغە فەرمان قىلدىكىم «يۇتغىل.» بەس، بالىق يۇتتى. ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بېرىپدۇر، تەفسىرى بۇدۇر: ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. نى بالىق لوقمە قىلدى. ئول ئۆزىگە مەلامەت قىلۇر ئەردى. ھەق تەئالا ئول بالىقغە فەرمان قىلدىكىم: «ئەي بالىق، ساڭا ئول روزى ئەمەسدۇر، ئانى سەلامەت ساقلاغىل.» بەس، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. بالىقنىڭ قۇرساقىدا نەمازغە تۇردىلەر. ھېچ ئاسىب ۋە زەرەر يەتمەدى. ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بېرۇر، تەفسىرى بۇدۇر: بەس، ھەزرەتى يۇنۇس نەمازگۇزار بولماسا ئەردى، تا قىيامەت بالىقنىڭ قۇرساقىدا قالۇر ئەردى. بەس، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھ-س. قىرىق كېچە - كۈندۈز بالىقنىڭ قۇرساقىدا تۇردىلەر. ئول بالىق ئاب - تەئام يىمەدى. تاكىم ھەزرەتــــى يۇنۇس ئەلەيھ-س. غە ئازار يەتمەگەي. ئول

بالىقلاركىم ئانىڭ نەسلىدۇر، ھەممەسىنىڭ ئۇچاسى ئىگىز ۋە تۇزۇكدۇر؛ ئۇل بالىقلار سەييادلار ۋە مەللاھلار ئاراسىدا مەشھۇردۇركىم، ئانىڭ گۆشتىنى ھەرام بىلۇرلەر. ئەگەر ئادەمغە تۇتسە قويا بېرۇرلەر. بەس، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىس. قىرىق كۇن نەماز قىلدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا خەلاس قىلماقنى ئىرادە قىلدى؛ كۆڭۈللەرىگە سالدىكىم، خۇداي تەئالاغە مۇناجات قىلىپ ئەيدىلەركىم، ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بېرۇر، تەفسىرى بۇدۇر: بەس، مۇناجات قىلدى يۇنۇس قاراڭغۇلۇق بالىقنىڭ قۇرساقىدا، ئانداغكىم خۇداۋەندا، سەندىن ئۆزگە خۇدا يوقدۇر، پاك سەن، بەتەھقىق مەن زالىملاردىندۇرمەن. بەس، خۇداي تەئالا ئەيدى: دۇئاسىنى ئىجابەت قىلدىم، ئاڭا غەمدىن نىجات بەردىم. مۇنداغ ھەر مۆئمىن تەڭلىك ۋە قاتتىغلىقدا دۇئا قىلسە، ماڭا ھاجەت كەلتۇرسە، ئىجابەت قىلىپ، فەريادىغە يېتىشىپ، تەڭلىكدىن خەلاس قىلۇرمەن. بەس، ھەق تەئالا دەرياغە مۇئەككىل فەرىشتەگە فەرمان قىلدى، تاكىم ئۇل بالىقنى دەريا لەبىگە چىقاردى. ئۇل بالىق ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىس. نى كېمەگە كىرگەنلەرىدەك ئاغزىدىن ياندۇرۇپ قويدى. ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىس. ياڭى تۇغۇلغان بالادەك ئاجىز ۋە زەئىف بولۇپ ئەردىلەر. چۇنكى قىرىق كۇن غىزا قىلماغان ئەردىلەر. ئانداغكى، ھەق تەئالا ئەيتۇر، تەفسىرى بۇدۇر: تاشلادىم مەن يۇنۇسنى سەھراغە ۋە ھالەنكى ئاغرىق ئەردى. بەس، خۇداي تەئالا بىر كىيىككە فەرمان قىلدىكىم، تاكىم ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىس. نى ئەرتە - ئاخشام ئېمىتىپ ياندى. ئۇل يەردىن شەھەر ئۇچ كۇنلۇك ئەردى. قاچانكىم ئافتاب چىقىپ، بەدەنلەرى كۆيدى ئەرسە، خۇداي تەئالا قاپاق ئۇندۇردى؛ ئاندا بىر قۇرۇغان دەرەخت بار ئەردى، قاپاق ئاڭا يارماشىپ سايە بەردى. ئۇل كىيىك قىرىق كۇن كېلىپ سۇت بەردى ئەرسە، چەندان غەم يەرمەن ۋە مېنىڭ چەندان ھەزار بەندەلەرىمنى ئەزابغە قويۇپ كەتتىڭ؛ ھىچ غەم يېمەدىڭ. بەس، ئاندىن قەۋملەرىغە بارماقغە فەرمان كەلدى ئەرسە، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىس. شەھەرنىڭ كەنارەسىدە بىر قويچى ئۇچرادى، ئانىڭدىن سوردىلەر. ئەيدى: «بۇ شەھەرنىڭ پەيغەمبەرى ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىس. ئەردى، بۇلەرغە قەھر قىلىپ كەتتى ئەرسە، خۇداي تەئالا ئەزاب ئىبەردىكىم بۇلارنىڭ ئۆزەسىدە

تۇردى. بۇلار دۇئا ۋە زارى قىلدىلەر. خۇداي تەئالا ئىجابەت قىلىپ، ئەزابنى ياندۇردى. بۇلار ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنى تەلەپ قىلىشقا، تاكىم دىن - ئايىن ئۆگەنگەيلەر. » بەس، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام ئەيدىلەركىم: «يۇنۇس مەندۇرمەن. سەن ئۇلارغا خەبەر قىلغىل.» قويچى ئەيدى: «ئەي پەيغەمبەرى خۇدا، سەن قايدا بولۇرسەن؟» ئەيدى: «مەن بۇ تاغدا تۇرارمەن. يەنە «مېنىڭكىم سەگ باشلاپ بارۇر.» ئەيدىلەر: «بۇ ئەچكۈلۈك.» يەنە ئەيدى: «مېنىڭ سۆزۈمگە پۈتمەسلەركىم گۇۋاھ بولۇر بۇسەگلىك.» بەس، ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام. تاغقا يۈردىلەر، قويچى شەھەرگە باردى. ۋە ئۇلارغا خەبەر قىلدى. بەس، پادىشاھ، قەۋم - ھەمەلەر بۇ شەھەردىن چىقتىلەر. ئول سەگكە يەتتىلەر. قويچى ئەيدى: «ئەي سەگ، ماڭا گۇۋاھ بولغىل!» سەگ سۆزگە كەلدى ۋە گۇۋاھلىق بەردى. ئول ئەچكۈگە ئەيدى: «ئەي ئەچكۈ، يول باشلاغىل.» ئول ئەچكۈ يول باشلاپ، ئول قەۋم ئانىڭ ئارقەسىغە كىردى. تا ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام. نىڭ ئالدىلەرىغە باردى. كۆردىلەركىم، نەمازدا تۇرۇپدۇرلەر. بەس، نەمازغە سەلام بەردىلەر ئەرسە، ھەمە سەلام قىلدىلەر. جەۋاب بىرىپ، ئۇلار ھاللارىنى سوردىلەر. ئۇلار بىرلە شەھەرگە كىردىلەر. تەمام خەلايىق مۆئمىن ئەردىلەر. تا ئۆلگۈچە ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام. ئاندا ئەردىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەردىن خۇشنۇد بولدى ۋە ھەزرەتى يۇنۇس ئەلەيھىسسالام. نىڭ تەۋبەلەرىنى قەبۇل قىلدى.

بەس، ھەق تەئالا بۇ قىسسەنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەبەر بەردى ۋە ئەيدى: يا مۇھەممەد! قەۋمۇڭ ھەر چەند ئازار - رەنج يەتكۈرسە، سەبرە قىلغىل، ئۇلاردىن ئاچراماغىل؛ تاكىم ھەزرەتى يۇنۇس بىننى مەتەيدەك ئىتابغە سەزاۋار ۋە بالىق قورساقىندا مەھبۇسلۇقغە گىرىفتار بولماغىل!.

يەنە بىر قىسسەئى ئەجايىب ئەخباردىن ئۈچ پەيغەمبەرنىڭ قىسسەلەرىدۇر. كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، تايىف پادىشاھلارى زەمانىدا مەۋسىل، شام شەھەرلەرىدىن قەريەئى ئانتاكىيەگە ھەق تەئالا ئۈچ پەيغەمبەر

ئىبەردىكىم. بىرلەرىنىڭ ئاتلەرى سادىق، يەنە بىرلەرىنىڭ ئاتلەرى سۈدۇق، ئۈچۈنچى سەلۇم ئەردىلەر. ئول شەھەرنىڭ پادىشاھىنى ئانتەجىس ئاتار ئەردىلەر. ھەمە خەلقلەر بۇتپەرەست ئەردى. ھەق تەئالا بۇلارغە ئۈچ پەيغەمبەر ئىبەردى.

مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتۇرلەر: بەئزىلەر بۇلارنى ھەۋارىلەردىن ئەردىكىم، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. دىن كىيىن كېلىپ، ئول پادىشاھغە ئىمان ئەرزە قىلدىلەر. بەئزىلەر: ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ ۋەقتلەرىدە، ئۇلەرنىڭ ئەمرلەرى بىرلە كەلدىلەر دەپدۇرلەر. تەفسىردە ھەم ئۇلار ھەۋارىلەردىن دەپ كەلتۇرۇپدۇرلەر. بۇلارنىڭ ئاتلارى: بىرى يومار، بىرلەرى يونۇس، بىرى شەمئۇن. بۇلار كېلىپ، خەلقغە ئىمان تەكلىف قىلدىلەر. بىر يىل ئۆتتى، ھېچكىم ئىمان كەلتۇرمەدى. ئاندا بىر مۇسافىر خەرراد بار ئەردى، جەسىب بۇخار ئاتلىغ، ئول مۇسۇلمان ئەردى؛ شەھەرنىڭ تاشىدا ۋەتەن تۇتۇپ، ھەركۈن كەسب قىلىپ، نىسفىنى ئەھلى ئەيالىغە نەفەقە قىلىپ، نىسفىنى دەرۋىشلەرغە سەدەقە قىلۇر ئەردى. بەس، بىر يىل ئول شەھەردە يامغۇر ياغمادى ئەرسە، كافىرلار ئەيدىلەر: «بىز سىزلەردىن شۇم فال ئالۇرمىز، بىزنىڭ شەھەرىمىزدىن چىقىڭلار، سىزلەرنىڭ شۇملۇقۇڭلاردىن يامغۇر ياغمايدۇر.» بۇلار ئەيدىلەر: «شۇملۇقۇڭلار ئۆزۈڭلار بىرلەدۇركىم، خۇداي تەئالادىن ئۆزگەگە تابىنۇرسىزلەر.» بەس، ھەمە كافىرلار پەيغەمبەرلەرگە قەسد قىلدىلەر ئەرسە، جەسىب بۇخار ئىشىتتى ئەرسە، شەھەرگە كەلدى ۋە ئەيدى: «ئەي قەۋم، پەيغەمبەرلەرنى تەبئىيەت قىلىڭلار.» كافىرلار ئەيدى: «سەن تابىئدۇرسەنمۇ؟» جەسىب ئەيدى: «نېچۈكدىن ئول خۇداي تەئالاغە پەرسەتىش قىلمايسىزلەركىم، بىزنى ئافەرىدە قىلغاندۇر. بارۇر يېرىمىز ئانىڭ دەرگاھىدۇر.» بەس، ئول پەيغەمبەرلەرغە ئەيدىلەر: «ھەر ئاينە، مەن سىزلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭىزلەرغە ئىمان كەلتۇردۇم. بەس، مېنىڭ ئىمانىمغە ئىشىتىپ گۇۋاھ بولۇڭلار.» بەس، كافىرلار بەتەمام ئاڭا يىغىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «سەن باۋۇجۇد غەرىبلىقىڭ

بىرلە بىزنىڭ ئاب - تەئامىمىزنى يەپ، دۈشمەنگە ياۋەر بولۇرسەنمۇ؟ ! » بەس، جەسىبنى يىقىتىپ ئانچە سوقتىلەركىم، تەمام يىگەنى - ئىچكەنى ئاغزىدىن ياندى ئەرسە، شەھىد بولدى. جەسىب بۇخارىنىڭ قەبرى ئاتناكىيەدەدۇر.

# دەستان
# قىسسەئى شەمئۇن ئەلەيھىسسەلام

تايىف پادىشاھلارى زەمانىدە پەيغەمبەر ھەزرەتى شەمئۇن ئەلەيھ-س. ئەردىلەر. ئانالەرى ئۇلەرنى خۇداي تەئالانىڭ يولىدا نەزرە قىلغان ئەردىلەر. ھەق تەئالا ئۇلەرغە ئانچە قۇۋۋەت بەردىكىم، كىمەرسە ئۇلەرغە بەرابەر كەلمەس ئەردىلەر. ئۇلەرنى تۆمۈر زەنجىر بىرلە باغلاسالەر ھەم ئۈزەر ئەردىلەر. ئول خەلق بۇتپەرەست ئەردىلەر. شەمئۇن ئەلەيھ-س. نىڭ ئۆيلەرى شەھەرنىڭ تاشىدا ئەردىلەر. ھەركۈن بىر نەۋبەت كېلىپ، خەلقنى ئىمانغە تەكلىف قىلۇر ئەردىلەر، ھىچكىم قەبۇل قىلماس ئەردى. ئول كافىرلار بىرلە يالغۇز جەڭ قىلۇر ئەردىلەر. ھەربەلەرى تىۋەنىڭ ئۇستىخانى ئەردى. بىسيار دەۋلەتمەند ئەردىلەر. ئۇلەرغە ھىچ مىكر - فىرىب بەرابەر كەلمەس ئەردى. ئاخىر ئەيدىلەر: «مۇڭا خاتۇن بىرلە فىرىب بەرگەيمىز.» بەس، ئۇلەرنىڭ كۆجىلەرىگە بىسيار مال بەردىلەركىم، تاكىم ئۇلەرنى باغلاپ بەرگەي. بەس، ئاغرامچى راست قىلىپ بەردىلەر. بىركۈن ھەزرەتى شەمئۇن ئەلەيھ-س. ئۇيقۇلاپ ئەردىلەر. كۆجىلەرى مەھكەم باغلادى. شەمئۇن ئەلەيھ-س. ئويغانىپ بۇ ھالنى كۆرۈپ، زور قىلدىلەرئەرسە، ئاغرامچى ۋە بەندلەر ئۈزۈلدى. ئەيدىلەركىم: «مىنى نە ئۈچۈن باغلادىڭ؟» ئول ئەيدى: «ئازمايىش ئۈچۈن قۇۋۋەتىڭ نەمىقدار باردۇر، تاكى سەندىن دىلجەمئ بولغايمەن.» يەنە بىر كىچە تۆمۈر غول ۋە زەنجىر كەلتۇرۇپ بەردىلەر. بەس، ئۇيقۇلادىلەر ئەرسە، ئىلىك - ئاياغلارىنى مەھكەم قىلىپ باغلادى. يەنە ھەزرەتى شەمئۇن ئەلەيھ-س. ئويغانىپ، ئانى ھەم پارە - پارە قىلدىلەر. يەنە ئەيدىلەر: «بۇ نەئىشدۇر؟» ئەيدى: «كۆڭلۈم سەندىن ئەندىشە قىلماسۇن، تېخى ھەم ئازمۇدە قىلدىم. ئەمدى بىلدىمكى ئالەمدە بەرابەرىڭ يوقدۇر؟» ھەزرەتى شەمئۇن

ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «مېنى بىر نەرسەدىن ئۆزگەدە باغلاپ بولماس.» كۆجىلەرى ئەيدى: «ئول نەدۇر؟» ئەيدىلەر: «ئەيتماسمەن.» كۆجىلەرى بىسيار تەلەپ قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «مېنى ساچىم بىرلە باغلاسا ئۈزەلمەسمەن، ئاجىز بولۇرمەن.» شەمئۇن ئەلەيھ.س. نىڭ گىسۇلەرى ئانچە دەراز ئەردىكىم، يەرگە تېگەر ئەردى. بەس، ئۇيقۇلادىلەر ئەرسە، ئول زەن مەككار زۇلفلەرى بىرلە مەھكەم باغلاپ، كافىرلارغە خەبەر قىلدى. ئول بەدكار كافىرلار كېلىپ، قۇلاق - بۇرۇنلەرىنى كېسىپ، شەھەردە كوچالاردا ئالىپ چىقىپ، تا پادىشاھنىڭ ئىشىكىگە ئالىپ باردى. بۇ پادىشاھ ئورداسىدا كۆرۈپ تۇردى. ۋە يەنە خۇداي تەئالا زور قۇۋۋەت بەردىكى، بەندىن ئاجراپ، راۋاقنىڭ تۈگرۈكىنى يۇمەردىلەر، راۋاق يىقىلىپ بەئزى كافىرلار ئاندا ئۆلدى. ۋە يەنە دۇئا قىلدىلەر، خۇداي تەئالا ھەمە كافىرلارنى ھىلاك قىلدى.

# دەستان
# قىسسەئى ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىسسەلام

ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س.، كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، بۇلەر ھەم تايىف پادىشاھلارى روزگارلارى ھەزرەتى ئىيسا ئەلەيھ.س. دىن كېيىن ئەردىلەر. فىلەستىن خەلقىدىن ئەردىلەر. شەھەردىن شەھەرگە يۈرۈپ، سوداگەرلىك قىلىپ، ھەريىل باشىدا زاكات ئەدا قىلىپ، قالغان سۇد - ھايانىنى فۇقرالارغە سەدەقە قىلۇر ئەردىلەر. ئەيتۇر ئەردىلەر: «ئەگەر سەدەقە - زاكات جەھەتىدىن بولماسا، بۇ ئەمۋالنى ئەسلا تۇتماس ئەردىم.» مەۋسىلدە بىر پادىشاھ بار ئەردى، دادىيانە ئاتلىغ. شام ۋىلايەتى ھەم ئانىڭ ئەردى؛ جەببار ۋە مۇتەكەببىر، بۇتپەرەست كافىرلار ئەردى؛ ئاگا تەئەللۇق شەھەرلەر ھەم بۇتپەرەست ئەردى. ئانىڭ ئەفلۇن ئاتلىغ بىر بۇتى بار ئەردى. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. بىرلە ھەۋارىلەردىن چەندان مۇسۇلمانلار ھەمراھ ئەردى. شام پادىشاھلارى ھەمە بۇتپەرەست ئەردى. بۇلار قورقۇپ، دىنلەرىنى پىنھان تۇتار ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. ئۇلارغە

ئەيدىلەر: «ھەممە پادىشاھلاردىن دانىيانە ئۇلۇغدۇر، مەن ئاڭا بىسيار تۆھفە - پىشكەشلەر بېرىپ، تابىئ بولسام، تاكى ھەر يەردە ئەمىن يۈرگەيمەن، خەلق بىزگە دەخل قىلالماغاي.» بۇ ئالەم مەسلىھەت بىرلە مەۋسىلغە كەلدىلەر. ئول دادىيانە ئاڭلاغان ئەردىكىم، نەچەند كىشىلەر بار ئەرمىش، بۆلەك دىندە، بۇتپەرەست ئەمەس ئەرمىش. بەس، مۇنادى قىلدۇرۇپ، خەلقنى باشلاپ، شەھەرنىڭ تاشىغە چىقىپ، ئەفلۇن ئاتلىغ بۇتىنى ئالدىدا قويۇپ ئەردى. بىر ئۇلۇغ ئوت قالاپ، ئول بۇتغە سەجدە قىلماغانلارنى ئوتغە تاشلاتىپ، ئۇلۇغ سەردارلار بىرلە ئولتۇرۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. يەتتىلەر؛ پادىشاھنى بۇ ھالدا كۆردىلەر، كۆڭۈللەرىگە يەتتىكىم: «مەن ئانى ئىمانغە دەئۋەت قىلسام، مېنى ئەزاب بىرلە ئۆلتۈرۈر. شايەدكى، خۇداي تەئالا دەرگاھىدا ماڭا دەرەجە بولغاي.» بەس، يانىپ بارىپ، ئول مال - ئەمۋاللارنى ھەمراھلارىغە بېرىپ، يەنە پادىشاھنىڭ ئالدىغە كەلدىلەر. ئول غەزەب بىرلە ئولتۇرۇر ئەردى. ئالدىغە كېلىپ تۇرۇپ ئەيدىلەر: «نېچۈكدىن خۇداي تەئالانىڭ بەندەلەرىگە غەزەب قىلۇرسەن؟ سەن ۋە بۇ خەلق خۇداي تەئالانىڭ بەندەسىدۇر؛ ئول يارانتغان، ھەممەگە رىزق بەرگۈچى، تىرگۈزگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ئولدۇر. سەن بۇ خەلقدىن بىرى سەنكىم، قولۇڭدىن نەئىش كېلۇر؟! بىر بۇتنى كەلتۈرۈپسەنكىم، كۆرمەس ۋە ئىشىتمەس، ئانىڭدىن زەرەر ۋە مەنفەئەت كەلمەس. ئانى ئالتۇن - كۈمۈش بىرلە ئۆزۈڭ ياساپ، خۇدا دەرسەن؟ خەلقنى ئاڭا سەجدە قىلغالى بۇيرۇرسەن.» پادىشاھ ئەيدى: «سەن كىم، قايدىن ۋە كىمنىڭ ئوغلى سەن؟» بۇلەر ئەيدىلەر: «مەن - خۇداي تەئالانىڭ بەندەسى، بەندەئى خۇدانىڭ ئوغلى، ئاتىم جىرجىس. خۇداي تەئالانىڭ بەندەلەرىگە ھەق سۆزنى ئەيتماقغە ھەر مەجلىسدە قۇدرەت باردۇر. مەن خۇداي تەئالانىڭ بەندەلەرىنىڭ خار ۋە ئاجىزىدۇرمەن. ساڭا خۇدانى بىلدۈرگەلى، بۇتپەرەستلىكدىن مەنئ قىلغالى كېلىپدۇرمەن.» پادىشاھ ئەيدى: «سەن ئەگەر خۇداپەرەست بولساڭ، بىزنى بۇتپەرەستلىكدىن مەنئ قىلۇرسەن نېچۈكدىن بىزدەك زەردار - دەۋلەتمەند ئەمەسسەن؟ بۇ ئولتۇرغانلار كىمخابدىن پۇشلار، ھەممە بۇتپەرەستدۇرلەر، چەندان مىڭ - مىڭ مال - ئەمۋاللارى باردۇر. ئەنبىل ئاتلىغ بىر مەزلۇم بار ئەردى، ئۇلۇغلارنىڭ كۆجى ئەردى. ئاندا ئەردى. مەزلۇملاردىن بۇ بۇتپەرەستدۇرلەر، ئۇلەر مۇنداغ

دەۋلەتمەندۇر. خۇدانىڭ بەندەسى سەندەك ئاچ - يالاڭاچدۇر.» ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالانىڭ ئەتاسى باقىدۇر-ئول دۇنيادادۇر، بۇفانى دۇنيادا سىزلەرگەدۇر.» پادىشاھ ئەيدى: «مېنىڭ بىر مۇخلىس قۇلۇم بار، چەندان مىڭ ئەمۋالى باردۇر.» ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. ئەيدىلەر: «ئەگەر سېنىڭ مۇخلىسىڭ بولسە، مېنىڭ خۇدايىمنىڭ بەندەلەرىدىن ھەزرەتى ئەيسادۇر» دەپ، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس-س. نىڭ فەزىلەتلەرىنى بەيان قىلدىلەر. يەنە ئەيدىلەر: «ئەگەر سېنىڭ بۇتپەرەستلەرىڭدىن ئەنبىل بولسە، مېنىڭ خۇدايىمنىڭ مەريەمدۇرلەركىم، ئۇلەرنىڭ فەزىلەتلەرى بىنەھايەتدۇر.» پادىشاھ ئەيدى: «ئولكى مەن ئەيتۇرمەن ھەمە ھازىردۇر، سېنىڭ ئەيغانلارىڭ غايىبدۇر. ھەزرەتى ئىدرىس ئەلەيھىس-س. نى ھازىر قىل، كۆرەي تاكىم سەن ئەيتقاندەكمۇ؟» بۇلەر ئەيدىلەر: «سەن ئۇلەرنىڭ دىنلەرىغە كىرمەگۇنچە كۆرەلمەسسەن.» ئول ئەيدى: «مەن ساڭا دەلىل كۆرسەتتىم، سەن غايىبنى دەئۋا قىلۇرسەن؛ ساڭا دەلىل ۋە ھۆججەت لازىمدۇر، يا بىر دەلىل كۆرسەتكىل، يا بۇ بۇتقە سەجدە قىل. بولماسا قاتتىغ ئەزاب قىلۇرمەن.» ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. ئەيدىلەر: «مەن ئول خۇداغە سەجدە قىلۇرمەنكىم، تەمام ئاسمان - زەمىننى ئافەرىدە قىلغاندۇر.» بەس، ئول زالىم بۇيرۇدىكىم، بىر ياغاچ كەلتۇرۇپ يەرگە ئورناتتىلەر، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. نى ئول ياغاچقا بەركىتتىلەر؛ تۆمۈر تارغاق كەلتۇرۇپ بەدەنلەرىنى تارادىلەر، گوشت - پوستلارى ئۈزۈلۈپ تۈشتى، ئۆلمەدىلەر. يەنە بۇيرۇدى، بىر جۇبە كەلتۇرۇپ، ئانى كىيدۇرۇپ، سۇدا سۆرەدىلەر، تاكىم تاراغان گوشت تەمام تۆكۈلدى، ئۆلمەدىلەر. يەنە بۇيرۇدى، تۆمۈر مىخنى ئوتدا قىزىل چوغ قىلىپ باشلەرىغە قاقتى، ئۆلمەدىلەر. يەنە ئەيدى: «قازاننى قىزىغ قايناتىپ ئاڭا سالىڭلار.» بەس، قايناغان قازانغە سالدىلەر، ئاغزىنى ياپىپ سالدىلەر تاكىم سوغۇغاندا ئالدىلەر، ئۆلمەدىلەر. بەس، چىقارىپ ئەيدى: «يا جىرجىس، نېچۇك نەرسە سەن؟» ئەيدىلەر: «ئادەمدۇرمەن.» يەنە ئەيدى: «مۇنچە ئەزابلار قىلۇرمەن، نېچۇكدىن ئۆلمەسسەن؟» ئۇلەر ئەيدىلەر: «ئول خۇدايىكىم، سېنى ئاڭا تەكلىف قىلۇرمەن، ئول بۇ ئەزابلار دەردىنى ماڭا سالماس، تاكىم ساڭا ھۆججەت بولغاي.» ئاندىن، يەنە بۇيرۇدى، ئۇلەرنى زىندانغە سالدىلەرئەرسە،

قاشىداقىلار ئېيدىلەر: «ئاڭا بىر ئىش قىلغايمىزكىم، ئانىڭ بىرلە مەشغۇل بولغاي تاكىم زىنداندىقىلارنى ئازغۇرماغاي.» يەنە بۇيرۇدى. تۆرت مىخ بىرلە ئىلىك - ئاياغلەرىنى يەرگە قاقتى. ئالدىدا سەنگى رۇخامدىن بىر تۆرگۆك بار ئەردى. ئانى يىگىرمە كىشى كەلتۈرۈپ ئۈچالەرىغە قويىدى. ئول كۈن مۇنداغ تۇردىلەر. كېچەسى ھەق تەئالا بىر فەرىشتەنى ئىبەردى، ئول تاشنى ئالىپ تاشلاپ، ئىلىك - ئاياغلەرىنى مىخلاردىن چىقارىپ، يول باشلاپ، بېھىشتىدىن تەئام - شەراب كەلتۈرۈپ يېدۈرۈپ، ئەيدى: «ئەي جىرجىس، خۇداي تەئالا ساڭا ئەيتۇركىم، جىرجىس مېنىڭ دۇشمەنىمنىڭ ئەزابلەرىغە سەبرە قىلسۇن، ئۈلار تۆرت مەراتىبە ئۆلتۈرۈرلەر، مەن ئۈچ مەراتىبە تىرگۇزۇرمەن، ئاخىر دەرگاھىمغە ئىلتۇرمەن.» بەس، بامداد ۋەقتىدە بارىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇردىلەر ئەرسە، ئەيدى: «يا جىرجىس، سېنى زىنداندىن كىم چىقاردى، مۇنداكىم يول بەردىلەر؟» ئەيدىلەر: «ئول خۇداۋەندە بەرھەقكىم، جەمئى مەۋجۇداتنى يارانتغۇچى ئولدۇر.» يەنە بۇيرۇدى، بۇلەرنى بىر ياغاچغە باغلاپ، ئىككى پارە قىلدىلەر ۋە ھەر پارەلەرىنى يەنە يەتتە پارە قىلدىلەر؛ ئىككى يولدا شىرلارى بار ئەردى، ئاڭا تاشلادىلەر، ئول شىرلارى يېمەدى. كېچەسى ئول پارە گوشتلارنى خۇداي تەئالا دۇرۇست قىلىپ، يەنە جان ئەتا قىلدى. بامداد ۋەقتىدە بىر فەرىشتە كېلىپ، شىرلاردىن ئۆتكەزىپ قويىدى. يەنە كېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ ئەيدىلەر: «مېنىڭ خۇدايىم مۇنداغ قۇدرەتلىكدۇر.» پادىشاھ ئەيدى: «مۇڭا نە ئىلاج قىلۇرمەن؟» خەلق ئەيدى: «بۇ جادۇدۇر، مۇڭا جادۇلارنى كەلتۈرۈپ، بەرابەر قىلماق كېرەك.» بەس، جادۇلارنى يىغدى، سەردارلەرىغە ئەيدى: «ماڭا جادۇرگەرلىكدىن نەرسە كۆرسەتكىل.» بەس، ئول جادۇ بىركالا كەلتۈرۈپ بېرىڭلار دېدى. بىر كالا كەلتۈردىلەر. ئانى ئاغزىغە پۇردەدى ئەرسە، كالا بىرمۇنچە بۇغداي بولدى؛ بۇغدايىنى ئاندا تارىدى ئەرسە، ئۈنۈپ گىياھ بولدى، باش چىقارىپ پىشتى، ئورۇپ بۇغداي قىلىپ، ئۇن تارتىپ يېدى ئەرسە، پادىشاھ بىسيار شاد بولدى. ئەيدى: «جىرجىسنى سەن نابۇد قىلۇرسەن،» يەنە ئەيدى: «جىرجىسنى بىر تەك قىلۇرسەنمۇ؟» ئەيدى: «قىلۇرمەن.» بەس، جامدا سۇ كەلتۈرۈپ، ئاڭا دەم قىلىپ، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس. غە ئىچكىل دەپ بەردىلەر. ھەزرەتى جىرجىس

ئەلەيھىس. «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم» دەپ ئىچتىلەر، ھېچ ئەسەر قىلمادى. ئول جادۇ ھەيران بولدى ۋە ئەيدى: «ئەي پادشاھ، ئەگەر بۇ جادۇ بولسە ئەردى، مەن بەرابەر كېلۇر ئەردىم. لېكىن بۇ ئىشلەرى خۇدايىدۇر.» بەس، ئۆلتۈرغانلاردىن بىرى ئەيدى: «جىرجىس ئەلەيھىس. نىڭ ئىشلەرى جادۇ ئەمەسدۇر. چۈنكى جادۇ ئۆلۈپ تىرىلگەنى يوق. ھېچ جادۇنى كۆرمەدىمكى گوشت - پوستلارىنى سەگلەر يېگەن، ئۆلاغنى تىرگۈزگەن بولغايكىم، جىرجىس ئەلەيھىس. مۇنداغ قىلىپدۇرلاركىم: بۇ شەھەرىمىزدە بىر گەداي زەئىفەنىڭ بىر كالاسى بار ئەردى، ئانى ساغىپ، نىسفىنى ئىچىپ، نىسفىنى ساتىپ روزگار ئۆتكەزۇر ئەردى. قەزارا ئول كالاسى ئۆلۈپدۇر، ئانى زەئىفە ئالىپ چىقىپ، سەگلەرگە تاشلاپدۇر. ئانى سەگ - دەررەندەلەر يەپ كېتىپدۇر. نەچەند مۇددەتدىن كېيىن ئول مەزلۇم ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس. غە كېلىپ، بەيان قىلىپدۇر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس. نىڭ رەھمىلەرى كېلىپ، ئەسالەرىنى بېرىپدۇركىم: بۇ ئەسا بىرلە ئول كالانى سوقغىل تاكىم تىرىلگەي. ئول مەزلۇم زەئىفە ئەيتىپدۇر: ئانىڭ ئەئزالارىنى سەگلەر يەپ كەتكەندۇر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس. ئەيتىپدۇر: ئانداغ بولسە، بىر ئۇستىخانىدىن كەلتۈرگىل. ئول مەزلۇم باشى ۋە ئىككى ئاياغى ئۇستىخانىدىن كەلتۈرۈپدۇر. ئاڭا ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس. ئەسالەرى بىرلە سوقۇپ ئىكەنلەر، تىرىلىپدۇرلەر، ھالا ئول كالا باردۇر. ئەگەر خاھلاساڭ ئانى كەلتۈرەي، تا كۆرگەيسەن.» پادشاھ ئەيدى: «ساڭا تەئەججۇب كۆرۈندىمۇ؟» ئول ئەيدى: «ئارى، مەن ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس. غە ئىمان كەلتۈردۇم ۋە ئاڭا پىتتىم.» بەس، پادشاھ بۇ سۆزنى ئىشىتتى ئەرسە، تىلىنى كەستۇردى. بۇ ۋاقىئە شەھەردە فاش بولدى. ئول كۈن تۆرت مىڭ كىشى ئىمان كەلتۈردى. بەس، پادشاھ ئاگاھ بولۇپ، مىڭ كىشىنى گۇنا - گۇن ئەزابلار بىرلە ئۆلتۈردى.

بەس، پادشاھ بىر كۈن سارايدا ئولتۇرۇر ئەردى، قاشىدا ئون تۆرت كىشى كۇرسىدا ئولتۇرۇر ئەردى. ئاندا ياغاچ جاملار بار ئەردى. بۇلاردىن بىرى جىرجىس ئەلەيھىس. غە ئەيدى: «ئەگەر خۇدايىڭنىڭ قۇدرەتى بولسە، بۇ ئولتۇرغان كۇرسىلەرىمىزنى ھەر قايسىنى ئۆز جانىبىدىن دەرەختلەر ياشارتىپ، مېۋەلەر پىشسۇن؛ تاكىم ساڭا ئىمان كەلتۈرگەيمىز.» ئەيدىلەر:

«ئانداغ نەرسەنى تىلەرسەڭكىم، خەلققە دىشۋار، خالىقى ئالەم مۇنداغ قىلماققە مۇختار.» بەس، دۇئا قىلدىلەر ئەرسە، ئول ياغاچلار تەمام ياشاردى، بەرگ - يافراغ چىقاردى، ھەر قايىسى ئۆز ئەسلىدىن مىۋەلەر چىقاردى. پادشاھ ئەيدى: «بۇ جادۇغە كىشى بەرابەر كەلمەس دەر ئەردى.» ئول كىمەرسە ئەيدى: «ئەي پادشاھ مۇنى ماڭا بەرگىل، تا مەن ئەزابلار قىلغايمەنكى، مۇندىن كىيىن جادۇگەرلىك قىلماغاي.» بەس، چىقىپ روينەدىن چولڭ ۋە ئىچى كەڭ كالا سۆرەتى ئەتتۇردى، ئىچىگە گۇگۇرد توشقاردى، ئاڭا قورغۇشۇن - قەلىيە سالدى. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. نى ئىچىدە قويۇپ، ئاستىغە ئوت ياقتى. ئۈچ كىچە - كۈندۈز قىزىتتى ئەرسە، ئول نەرسەلەر كۆيۈپ - ئېرىپ، گۇداز بولدى. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. غە ئازار يەتمەدى. ئول سائەتدە شامال چىقتى، بىرقارا بۇلۇت پەيدا بولۇپ، ئانىڭدىن ئوت ياغدى؛ ھەيبەتلىك بوران چىقتى، ھەۋا گۇركۇرەپ، ئوتلار چاقنىپ، جەھان قاراڭغۇ بولدى. بەس، ئۈچ كىچە - كۈندۈز مۇنداغ بولدى ئەرسە، ھەيران بولدىلەر. بىلمەدىلەركىم نەۋاقىئە بولغۇسىدۇر. بەس، ھەق تەئالا ھەزرەتى مىكائىل ئەلەيھ.س. نى ئىبەردى، تا ئول سۆرەتنى كۆتەرىپ يەرگە ئۇردىلەر، بىر ئاۋاز چىقتىكىم، تەمام شام خەلقى ئىشتتىلەر ۋە ھەمە ئىشتكەنلەر بىھوش بولدىلەر. ئول سۆرەت سىندى ئەرسە، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. سەلامەت چىقىپ، پادشاھنىڭ قاشىغە كېلىپ تۇردىلەر. ھەۋا ئاچىلدى، ئافتاب چىقتى. ئول پادشاھ خەلقى بىرلە ھۇشىغە كەلدى ئەرسە، ئەيدى: «ئەي جىرجىس ئەلەيھ.س.، بىلمەسمەنكىم، بۇ ئىشلارنى سەن قىلدىڭمۇ يا خۇدايىڭ قىلدىمۇ؟ ئەمدى، دۇئا قىل، بۇ گۆرىستانداقى ئۆلۈكلەر تىرىلسۇن ۋە بىزگە سۆزلەسۇن، ساڭا گۇۋاھلىق بەرسۇن تاكى دىنىڭ تەمام بولغاي.» ئاندا بىر قەدىم گۆرىستان بار ئەردى. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. دۇئا قىلدىلەر ئەرسە، ئون يەتتە كىشى تىرىلىپ كەلدى: توققۇزى ئەر، بەش مەزلۇم، ئۈچ كىچىك بالا. بۇلار ئاراسىدا بىر كىشى بار ئەردى. پادشاھ ئاڭا ئەيدى: «ئاتىڭ نەدۇر؟» ئەيدى: «ئاتىم نوبىل.» يەنە سورىدى: «قاچان ئۆلگەن ئەردىڭ؟» ئەيدى: «پالان زەماندا.» ھىساب قىلدىلەر تۆرت يۈز يىل بولۇپدۇر. ئول كافىر ئەيدى: «ھىچ ئەزاب قالمادىكىم ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. غە قىلدۇق. مەگەر

ئاچلىق ئەزابى قىلمادۇق.» بەس، پادىشاھ بۇيرۇدىكىم، بىر پىرى زەنىنىڭ ئۆيىگە مەھبۇس قىلدىلەركىم، ئاندا نە تەئام بار، نە شەراب. بەس، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. سوردىلەركىم: «ھىچ تەئام بارمۇ؟» پىرى زەن ئەيدى: «ھىچ نەرسە يوقدۇر.» يەنە ئەيدىلەر: «خۇدانى بىلۇرسەنمۇ؟» ئەيدى: «بىلۇرمەن.» ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. ئىمان ئەرز قىلدىلەر، پىرى زەن ئىمان ئەيتتى. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. دۇئا قىلدىلەر. ئۆيىنىڭ بىر تۆرگۈگى بار ئەردى، ئۇل ياشارىپ، بەرگ-يافىراغلار چىقارىپ، ئەنۋائى تۈرلۈك مىۋەلەر زاھىر بولدى. ئۇ مىۋەلەردىن يىدىلەر. ئۇل تۆرگۈك ئۇلۇغ دەرەخت بولدى. نەچەند كۈن ئۆتتى ئەرسە، بىر كۈن پادىشاھ ئۇل يەر بىلە ئۆتتى، ئۇل دەرەختنى كۆردىكىم، ئەيدى: «مۇنداغ سەبزە خۇررەم دەرەخت كۆرگەنىم يوقدۇر.» ئەيدىلەر: «ئۇل جادۇ بۇ ئۆيدەدۇركىم، بۇ دەرەختنى ئۇل ئۈندۈرۈپدۇر، ئۆي ئىگەسى بىلە مىۋەسىنى يەيدۇرلەر.» پادىشاھ بۇيرۇدىكىم: «ئۇل ئۆيىنى ۋەيران قىلىڭلار، ئۇل دەرەختنى يۇلۇپ ئاتىڭلار!» بەس، كافىرلار قەسد قىلدىلەركىم، دەرەختنى يۇلغايلەر، دەرھال قۇرۇپ ئىلگەركى ھالىغە كەلدى. كافىرلار قوللارىنى يىغدىلەر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. نى ئالىپ چىقتىلەر. ئۇل پىرى زەنىنىڭ بىر ئوغلى بار ئەردىكىم، كۆز ۋە قۇلاقسىز، ئاياغسىز. ئۇل پىرى زەن ئەيدى: «يا جىرجىس، دۇئا قىل. تاكىم بۇ ئوغۇل تەندۇرۇست بولغاي.» بەس، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. دۇئا قىلدىلەر، يەنە تەندۇرۇست بولدى. ئاندىن، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. نى پادىشاھ قاشىغە ئالىپ باردىلەر. ئۇل پادىشاھنىڭ بىر ئەرابەسى بار ئەردىكىم، قىرىق ئادەم تارتار ئەردى؛ ھەر يەرگە بارسە، رەخت - مەتائلارنى ئاڭا قويارلەر. بەس، بۇيرۇدىلەركىم، ئۇل ئەرابەنىڭ غەلتەكىگە پىچاق، نەيزە، شەمشەر ۋە ھەرنەۋئ ھەربە باغلادىلەر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. نى مىخلار قاقىپ يەرگە بەركىتتىلەر. ئۇل ئەرابەنى ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. نىڭ ئۆزەلەرىدە يۈرۈتتىلەر، تاكىم تەمام ئەئزالەرى رىزە -رىزە بولدى، ئۇل ئەئزالەرىنى كۆيدۇردى؛ بەئزى كۈللەرىنى ساۋۇردىلەر، بەئزىنى دەرياغە قويدىلەر. بەس، خۇداي تەئالا شامالغە فەرمان قىلدىكىم، تەمام كۈللەرنى يىغدى. ئۇلار كۆرۈپ تۇردىلەر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. ئۇل كۈلدىن تىرىلىپ كەلدىلەر. ئۇل خەلق

بىرلە پادىشاھنىڭ قاشىغا كەلدىلەر ئەرسە، پادىشاھ قورقتى. ئۇلاردىن سوردىكىم: «نېچۈك ۋاقىئە بولدى؟» ئۇلار بەيان قىلدىلەر ئەرسە، ھەيران بولدىلەر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. غە ئەيدى: «ئەگەر خەلقلەر سېنى ماڭا غالىب كەلدى دىمەسە ئەردى، مەن ساڭا ئىمان كەلتۈرۈر ئەردىم. ئەمدى، سەن مېنىڭ بىرلە ئىش قىلغىل تاكىم سەن ۋە مەن ھەم خەلاس بولغايمىز.» ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. ئەيدىلەركىم: «نە تىلەرسەن؟» ئەيدى: «بۇتخانەگە كىرگەيسەن. ئول ئەفلونكىم بۇتلارنىڭ ئۇلۇغىدۇر، مېنىڭ فەرمانىمنى تۇتۇپ، ئاڭا بىر سەجدە قىلغايسەن، تا مەن سېنىڭ خۇدايىڭغە ئىمان كەلتۈرۈپ، دىنىڭغە كىرگەيمەن. خەلق سېنى ماڭا غالىب كەلدى دىمەگەيلەر.» ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. ئەيدىلەر: «رەۋا بولغايكىم، ئول بۇتخانە ۋە بۇتلاردىن مۆئجىزە كۆرسەتكەيمەن، تاكىم ئانىڭ بىرلە خۇدا ئەمەسلىكىنى بىلگەيلەر.» بەس، پادىشاھ بىسيار شاد بولدى، يۈز ـ كۆزلەرىگە سۆيدى. ئەيدى: «بۇ كېچە مېنىڭ بىرلە بولغىل، تاكىم تاڭلا بۇتخانەغە بارغايمىز.» بەس، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. ئول كېچە پادىشاھ بىرلە بولدىلەر. بۇ خەبەر شەھەردە فاش بولدىكىم، تاڭلا ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. پادىشاھنىڭ بۇتىغە ئىمان كەلتۈرۈر ئەرمىشلەر. بىسيار خەلقلەر مۇسۇلمان بولغان ئەردىلەر ئاشكارا ۋە پىنھان، ھەمە غەمكىن بولدىلەر. بەس، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. ئول كېچە پادىشاھنىڭ ئۆيىدە نەمازغە تۇردىلەر، بەلەند ئاۋاز بىرلە قىرائەت قىلدىلەر؛ ئۇلەردەك خۇش ئاۋاز يوق ئەردى. ئەرتەسى تەمام شەھەر خەلقى بۇتخانەنىڭ ئىشىكىگە يىغىلدىلەر. تا كۆرگەيلەر ئىش نە يەرگە يېتەر. ئول پىرى زەنكىم ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. ئانىڭ ئۆيىدە بولغان ئەردىلەر. ئىشىتتىلەر: پادىشاھ ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. نى مال ـ ئەمۋال بىرلە فىرىقتە قىلىپ دىنىنى ئالىپدۇر، بۇگۇن بۇتخانەگە بارىپ بۇتىغە سەجدە قىلدۇرۇر. بەس، ئول پىرى زەن بىسيار غەمكىن بولدى. ئول ئوغلىنىڭ ئاياغى ھۇنۇز ساقايماب ئەردى. بويىنىغا مىندۈرۈپ، ئاندا كەلدى. پادىشاھ ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. بىرلە كەلدىلەر، بۇتخانەگە كىردىلەر. ئول پىرى زەننىڭ ئوغلىنىڭ دەرھال ئىلىك ـ ئاياغى ساقايدى ۋە ئاناسىنىڭ بوينىدىن تۇشۇپ، بۇتخانەگە كىرىپ، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھ.س. نىڭ ئالدىلەرىدە تۇردى. ئۇلەر تانۇپ

ئەيدىلەر: «بۇ بۇتلارنى چىرلاغىل.» ئول ئوغۇل ئەيدى: «ھەزرەتى جىرجىس
ئەلەيھىس-س. سىزلەرنى چىرلايدۇرلەر! ئول خۇداۋەندىكى سىزلەرنى ئافەرىدە
قىلىپدۇر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. نىڭ ئالدىغە كېلىڭلار!» بەس،
ئول ئۆيدە يەتمىش بىر بۇت بار ئەردى، ھەممەسى ئالتۇن - كۇمۇش كۇرسىغە
قويۇغلۇغ؛ ھەممەسى كۇرسىدىن تۇشتى، يەر يۇتتى. پادىشاھ تەمام خەلق بىرلە
كۆردىلەر. ئول پادىشاھ ئەيدى: «ئەي جىرجىس، ماڭا فىرىب بېرىپ،
خۇدايىمنى ھىلاك قىلدىڭ.» ئۇلار ئەيدىلەر: «مەن مۇنى قەسد بىرلە قىلدىم.
تا بىلگەيسەنكىم، بۇلار خۇدا ئەمەسدۇركىم، نە سەندىن ۋە نە ئۆزىدىن ھىچ
زەرەر ۋە مەنفەئەت يەتكۇرەلمەس.» بەس، ئول مەزلۇم ئىمانىنى ئاشكارا
قىلدى ۋە ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، ھىچ ئەجايىب ئىشلار قالمادىكىم ھەزرەتى
جىرجىس ئەلەيھىس-س. دىن كۆردۇڭ. ئەمدى دۇئا قىلۇركىم سېنى ئول
بۇتلارىڭدەك يەر يۇتەر. ئەمدى نېچۇكدىن ئىمان كەلتۇرمەسسەن.» بەس،
ئولكى مۇسۇلمانلار شاد بولدىلەر، ئىمان ئىسلاملەرىنى ئاشكارا قىلدىلەر.
بەس، تۆرت مىڭ كىشى ئىمان كەلتۇرگەن ئەردىلەر. پادىشاھ ئول مەزلۇمگە
ئەيدى: «يەنتە يىلدۇركىم، بۇ جادۇ چەندان مىكر - ھىلەلەر قىلىپ، مېنى
فىرىفتە قىلالمادى. سەن بىر كۆرمەك بىرلە فىرىفتە بولۇپسەن.» بەس،
ئانى ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. نى باغلاغان ياغاچغە باغلاپ، تۆمۇر
تارغاقدا ئەزاب قىلدىلەر. ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. مۇناجات قىلىپ
ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، مەن بەلاغە سەبىر قىلدىم، سەن ماڭا سەبىر كەرامەت
قىلدىڭ. ئەمدى تىلەرمەنكىم، ماڭا دەرەجەئى شەھادەت بەرسەڭ ۋە يەنە
ئۆلمەكنىڭ ئاخىرى بۇدۇركىم، ۋەئدە قىلىپ ئەردىڭ. بۇ خەلقلەر يالغانچى
بىلدىلەر، ساڭا ئىمان كەلتۇرمەدىلەر. بۇ دۇشمەنلەرنى ئالدىمدا ھىلاك
قىلغىلكىم ماڭا زۇلۇم - سىتەم قىلدىلەر. پەرۋەردىگارا، مەندىن كېيىن
ھەركىم بىر بەلايىغە ۋە بىر غەمىگە گىرىفتار بولسە، سېنىڭ ئۇلۇغلۇقۇڭنى
ياد قىلىپ، دۇئا قىلسە، مېنىڭ رەھمەتىم ۋە شەفائەتىم بىرلە ئانى شاد -
مەسرۇر قىلغىل. مېنى قايداغ خەلاس قىلدىڭ ئۇلارنى ھەم خەلاس
قىلغىل!» بەس، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. دۇئانى تەمام قىلدىلەر، بىر
بۇلۇت پەيدا بولدى، ئول كاپىرلارنىڭ ئۆزەسىدە كېلىپ تۇردى؛ ئۇلارغە ئوت
ياغدۇردى ئەرسە، ھەزرەتى جىرجىس ئەلەيھىس-س. غە شەمشەر ئۇردىلەر، ئول

پىرى زەننى ھەم ئۆلتۈردىلەر. ئاندىن ئول كافىرلار تەمام كۆيدىلەر. ئول ئوغۇردا تۆرت مىلڭ مۇسۇلمان ھازىر ئەردىلەر.

مۇندىن كىيىن تايىق پادىشاھلارى تەمام بولدى ئەرسە، ئەردەشىر بابەك پادىشاھ بولدى.

## دەستان
## قىسسەئى ئەردەشىر بابەك

كەلتۈرۈپدۈرلەركىم، ئىسكەندەر زەمانىدىن تۆرت يۈز يىل ئۆتتى، تەرسالار قولىدا بەش يۈز يىگىرمە ئۈچ يىل، مۇغلار ۋەقتىدە ئىككى يۈز ئاتمىش ئالتە يىل ئۆتتى ئەرسە، ئەردەشىر بابەك خۇرۇج قىلدى. تەمام مەملەكەتلەرنى ئالدى. ئول زەمىنى پارىسدا ئەستەرەخ ئاتلىغ بىر كەنتدىن ئەردى. بەھمەننىڭ پەرزەندلەرىدىن، ئەردەشىر بىنى مەھرەس بىنى ساسان بىنى ئەل - ئەسغەر بىنى مەھرەش بىنى بەھمەن بىنى ئىسفەندىيار بىنى گوشتاسىب بىنى لەھرەسىب بىنى نەسخەدىن. (مۇندا ئالتە ۋەرەق يوق ئىكەن. مۇنىڭ ئىچىدە قىسسەئى ئەردەشىردىن كىيىن قىسسەئى شافۇر ھەم بارئىكەن) شافۇر-ئەردەشىرنىڭ ئوغلى، شافۇر ئوتتۇز بىر يىل پادىشاھ بولدى، ئاندىن ئۆلدى ئەرسە، ئوغلى ھورمۇز تەختكە ئولتۇردى.

## دەستان
## قىسسەئى ھورمۇز

مۇھەممەد بىنى جەرىر ئەيتۇرلەركىم، شافۇر ئۆز ۋەقتىدە ھورمۇزنى پادىشاھ قىلدى، چۈن ئاتاسىنىڭ ماتەمىنى تۇتۇپ، نەچەند كۈن ئۆتۈپ ئەردى؛ تەختىغە ئولتۇردى، باشىغە تاج قويدى. تەمام مەملەكەت ئاڭا مۇقەررەر بولدى. ھورمۇزنىڭ بىر قولى بار ئەردى، يەنە بىر قولىغە سەبەب ئول ئەردىكىم، ئەردەشىر تايىق پادىشاھلارىغە قەھر قىلۇردا، شافۇرنى لەشكەرىغە باش قىلىپ ئىبەردى. بەس، بىر شەھەرگە باردىلەركىم، ئانى ئەردەشىر جورە ئاتارلەر. ئول شەھەرنىڭ پادىشاھى بىرلە جەڭ قىلدى؛ ئاخىر

تۇتۇپ كەلتۇردىلەر، ئاتى مەھرەك ئەردى. مۇنەججىملەر ئەيدىلەر: «مۇنىڭ نەسلىدىن بىر فەرزەند بولۇركىم، سىنىڭ مۇلكۇڭ ئاڭا قالۇر.» بەس، ئەردەشىر ئانى ئۆلتۇردى؛ ھەمە ئەۋلادىنى تاپىپ، تەمام چوڭ - كىچىك ئەر - مەزلۇم ھەمەسىنى ئۆلتۇردى، تاكىم ئەمىن بولدى. بۇ مەھرەكنىڭ ئون ئىككى ياشىدا بىر قىزى بار ئەردى، قاچىپ شەھەردىن چىقىپ، بىر قويچىلارنىڭ چادىرىغە باردى ۋە ئەيدى: «مەن پادشاھ مەھرەكنىڭ قىزى ئەردىم، ئەردەشىردىن قاچىپ كەلدىم.» بەس، قويچىلارنىڭ بىرى ئەيدى: «مېنىڭ قىزىم بولۇڭ» دەپ، ئۆيگە ئالىپ كىردى. فەرزەندلەرى بىرلە فەرۋەرىش قىلدى. ئول بىنەھايەت خۇشروي ئەردى. بەس، تۆرت - بەش يىل ئۆتتى ئەرسە، بىر كۈن شافۇر شىكارغە چىقىپ، سىپاھ ۋە لەشكەردىن ئاجراپ، تەشنەلىككە ئالدىراپ، ئول قويچىلارنىڭ چادىرىغە كەلدى. سۇ تىلەدى ئەرسە، مەھرەكنىڭ قىزى سۇ ئالىپ چىقتى. شافۇر ئول قىزنى كۆرۈپ ھەيران قالدى؛ ئانىڭ جەمال تاماشاسىدا تەشنەلىكى قاندى. ئول قويچىغە ئەيدى: «بۇ كىمنىڭ قىزىدۇر؟» ئەيدى: «مېنىڭدۇر.» شافۇر ئاندا توختادى، تەمام سىپاھ - لەشكەرى ئاندا يىغىلدى. ئاندىن قويچىغە ئەيدى: «بۇ قىزىڭنى ماڭا بەرگىل.» قويچى بىلدىكىم پادشاھ شافۇردۇر. ناچار بەردى. شافۇر ئانى شەھەرگە ئالىپ باردى. ياخشى لىباسلار، زەرۇ زىۋەر، دۇرر - گەۋھەر بىرلە ئارايىش بەردىكىم، سۇفەتكە راست كەلمەس. ئانىڭ بىرلە نەچەند روزگار ئۆتتى ئەرسە، بار ھامىلە بولدى. نەھايەت ئىھتىيات ۋە رىئايە بىرلە تۇتار ئەردى. چۇن مۇددەت ھەملى يەتتى ئەرسە، ئوغۇل تۇغدى، ئاڭا شاھ ھورمۇز ئات قويدى. ئەردەشىرگە خەبەر قىلدىلەر ئەرسە، بىسيار شاد بولدى. ئەمما بىلمەس ئەردىكىم، ئاناسى كىمدۇر. بەس، بىر كۈن ھورمۇزنىڭ ئاناسى شافۇرغە نازى دىماغ قىلدى. شافۇر ئەيدى: «نىچۇكدىن تەكەببۇر قىلاسەن؟ بىلمەسمۇسەنكىم، پادشاھلارنىڭ ئالدىدا باي بەچچەلەرنىڭ ئەھۋالى نىچۇكدۇر؟» ئول قىز ئەيدى: «مەن ھەم پادشاھزادەدۇرمەنكىم، مەھرەكنىڭ قىزىدۇرمەن.» بەس، ۋاقىئەنى بەيان قىلدى ئەرسە، شافۇر فەرىشان بولدى. بىلدىكىم ئەردەشىر ئاڭلاسا دەرھال ئۆلتۇرۇر دەپ، ئانى ئەردەشىردىن پىنھان تۇتتىلەر. بەس، ھورمۇز بەش ياشغە كىردى، ئەردەشىرغە كۆرسەتمەدىلەر. قەزارا، بىركۈن ئەردەشىر

شىكاردىن يانىپ، شافۇرنىڭ سارايىغا تۇشتى، ھورمۇز ئويناپ يۇرۇر ئەردى. ئەردەشىر ئەيدى: «بۇ كىمدۇر؟» شافۇر ئەيدى: «پادىشاھنىڭ بەندەزادەسىدۇر.» ئەردەشىر ئالدىغا چىرلاپ، بىسيار يۇزىگە قاراپ ئەيدىلەر: «راست سىنىڭ ئوغلۇڭدۇر، ئەيغىل ئاناسى كىمدۇر؟» شافۇر تەئزىم قىلىپ ئەيدى: «ئول خەتايىكى مەن قىلىپ ئەردىم، ئەمدى پادىشاھغە راستىنى ئەيتۇرمەن. شەرتىكى، ئۆلتۇرمەسەلەر. ئەگەر ئۆلتۇرمەك لازىم بولسە، مىنى ئۆلتۇرۇپ، ئاندىن ئۆلتۇرسۇنلەر.» ئەردەشىر ئاند ئىچتىكىم: «ئۆلتۇرمەگەيمەن.» شافۇر ۋاقىئەنى بەيان قىلدى. ئەردەشىر ئەيدى: «ئەي ئوغلۇم، مەن بىسيار شاد بولدۇم، بىر ئالىمنى ئۆلۇمدىن ئازاد قىلدىڭكىم، مۇنەججىملەر ئەيتىپ ئەردىلەركىم، مەھرەكنىڭ نەسلىدىن بىر فەرزەند بولۇر، سىنىڭ مۇلكۇڭ ئاڭا قالۇر. مەن گۇمان قىلىپ ئەردىمكى بىگانە بولغاي. بەس، ئانىڭ نەسلىنى ئۆلتۇرۇپ ئەردىم. ئول مۇنەججىملەرنىڭ سۆزى يالغان بولدى دەپ، ئۆلارنى ئۆلتۇرمەككە قەسد قىلىپ ئەردىمكى، ئەلھەمدۇلىللاھكىم سەندىن بولۇپدۇر، مۇلكۇمغە سەزاۋاردۇر.» بەس، ئەردەشىر ھورمۇزغا بىسيار ئىنئاملار قىلدى. چۇن، ئەردەشىر ئۆلدى ئەرسە، شافۇر تەختغە ئولتۇردى. ھورمۇزنى خوراسانغە ئىبەردى. بەس، ئون يىل ئاندا تۇردى ئەرسە، لەشكەر بىسيار يىغىلدى؛ بىنەھايەت مال - ئەمۋال ھاسىل قىلدى. خەلق ھەسەد قىلىپ، شافۇرغە «لەشكەر يىغىپ، سىنىڭ بىرلە جەڭ قىلماق ۋە مۇلۇكنى سەندىن ئالماق قەسد قىلدى» ، دەپ يەتكۇردىلەر. شافۇر بۇ سىرنى پىنھان تۇتتى، ئەمما فىكر - ئەندىشە تەدبىر قەسدىدە ئەردى. بەس، ھورمۇزغە كەلسۇن دەپ كىشى ئىبەردى. ھورمۇز بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ، بىر قولىنى كېسىپ شافۇرغە ئىبەردى. چۇنكىم، ئەجەم خەلقى ئەيىبناك بولسە، ئول پادىشاھ بولالماس ۋە ئانى پادىشاھ قىلماس ئەردىلەر. نامە ئىبەردىكىم: «مەن ئىشىتتىم، پادىشاھغە مىنى پادىشاھلىق تەمەئىدە دەپ يەتكۇرۇپدۇرلەر. مەن ھەرگىز مۇنداغ ئىشلارنى قىلغان ئەرمەسدۇرمەن، سەندىن كېيىن ھەم پادىشاھلىق ئۇمىد تۇتماسمەن. بۇ قولۇمنى كېسىپ، ئۆزۇم ئەيبلىق قىلدىم، تا ساڭا مەئلۇم بولغايكىم، مەملەكەتكە لايىق ئەمەسدۇر. ھەركىمنى ئىختىيار قىلساڭ، ئانى تەئىن قىلغىل. ئاندىن دەرگاھىڭغە بارغايمەن.» شافۇر بۇ نامەنى كۆرۇپ، بىسيار فەرىشان بولۇپ،

كۆڭلى بىنەھايەت ئۆرتەندى. نامە ئىبەردىكىم: «ئەردەشىر ئۆزىنىڭ روھىغە ئاند ئىچتىكىم، ئەگەر ئۆزۈڭنى پارە - پارە قىلساڭ ھەم بۇ مۇلكۇمنى سەندىن ئۆزگەگە بەرمەسمەن. سىپنى ۋەلى مۇتەسەددى قىلۇرمەن. مۇندا كەلگەيسەن.» ھورمۇز ئاتاسى دەرگاھىغە كەلدى. ئاتاسى ئۆلدى ئەرسە، تەختغە ئولتۇردى. داد - ئەدل قىلدى. ئاتاسى ۋەقتىدە قىلەرنى ئۆز ئورنىدا قويدى. ئەيدى: «رەسم - تەرىقە ئىكىم، ئاتامنىڭ ۋەقتىدە قىلۇر ئەردىڭلار ئانداغ قىلىڭلار.»

ئەمەلدارلاردىن نوئمان بىننى مۇنزەر بىننى ئىمران بىننى ئەددىنى ئەردەشىر ئەرەبكە ئەمىر قىلىپ ئەردى. چۈن ئەردەشىر ئۆلدى ئەرسە، شافۇر ھەم ئانى قويدى. شافۇر سەككىز يىل پادىشاھ بولدى. ئۆمەر بىننى ئەددى ئۆلدى ئەرسە، ئوغلى مۇنزەرنى ئاتاسىنىڭ ئورنىدا قويدى ۋە ئەيدى: «مەن ھەم ئاتام قىلغاننى قىلۇرمەن.» ئول ئۈچ يىل پادىشاھ بولدى، ئاندىن بۇ ئۆلدى. ھورمۇز تەختغە ئولتۇردى. ئەرەب پادىشاھلىقىنى مۇنزەرنىڭ ئوغلى نوئمانغە بەردى. ھورمۇز بىر يىل پادىشاھ بولدى ئەرسە، ئۆلدى. ئوغلى بەھرام پادىشاھ بولدى.

## دەستان
## قىسسەئى بەھرام بىننى ھورمۇز

بەس، بەھرام تەختغە ئولتۇردى ئەرسە، ھىچ ئىشغە تەغىير بەرمەدى. نوئمان بىننى مۇنزەر ئەرەب دىنىدىن يانىپ، تەرسا ۋە بۇتپەرەست بولدى. ئەرەبدە ئون تۆرت يىل پادىشاھلىق قىلدى. ئەجەم پادىشاھلارىدىن تۆرت پادىشاھنى ئۆتكەزدى: ئەۋۋەل شافۇرنى، ئاندىن ھورمۇزنى، ئاندىن بەھرامنى. بەھرام بىنەھايەت ئاقىل، ھەلىم ۋە دانىشمەند پادىشاھ ئەردى، ئۆلدى ئەرسە، خەلق بىسيار غەمكىن بولدىلەر. ساماندىن مانى ئاتلىغ بىر كىمەرسە، زەنا دىقەدىن، شافۇر زەمانىدا كېلىپ تۇرغان ئەردى، ئاڭا بىسيار خەلق تابىئ بولغان ئەردى. ھورمۇز زەمانىدا ھەم شول تەرىقەدە قىلغان ئەردى. بەھرام ۋەقتىدە ئانىڭ باتىللىغى زاھىر بولۇپ، بەھرام ئانى تۇتۇپ

ئۆلتۈرۈپ، تېرەسىگە سامان تىقىپ، دەرۋازەلەرگە ئاستۇرۇپ، تابىئ بولغانلارنى تاپىپ، ئۆلتۈردى، تاكى ئۆلاردىن ئاردى.

بەھرام ئون يىل ئۈچ ئاي پادىشاھ بولدى. ئاندىن ئۆلدى. ئوغلى بەھرام ئورنىدا ئولتۇردى.

## دەستان
## قىسسەئى بەھرام بىننى بەھرام

ھورمۇز بىننى شافۇر قاچانكى شافۇرنىڭ تەختىغە ئولتۇرغانى ئالەمدە مەشھۇر بولدى ئەرسە، پادىشاھى تۈركى، روم ۋە ھىند ئىشتىپ ئەردىلەر: ئەجەم مۇلكى زايىئدۇركىم پادىشاھ يوقدۇر، بۆشۈكدەگى گۆدەكنى پادىشاھ قىلمىشلەر؛ ئول قاچان چوڭقۇپ مۇلۇكدارلىق قىلغۇر؛ مەئلۇم ئەمەسدۇركىم چوڭقۇغۇنچە مۇلۇك قولىدا تۇرار يا يوق. بەس، ھەر تەرەفدىن پادىشاھى ئەجەمغە قەسد قىلدىلەر. ھەريەركىم ئول پادىشاھلارغە ياۋۇق ئەردى، ئالدىلەر. ئەرەب پادىشاھلارىنىڭ ئۆزگەدىن زىيادە ئەردى، چۇنكى ياۋۇقراق، ئاچ ۋە نامرادراق ئەردى. بىر جەمەئى ئەرەبلەر ھەر قەبىلەدىن يىغىلىپ، پارسىغە كەلدىلەر؛ خەلقنى تالان - تاراج قىلىپ، قويلارىنى ئالىپ ياندىلەر. ھىچكىم مەنئ قىلمادى. ئول كىمەرسەئىكى، ئەقىل - فەراسەت زاھىر بولدى. ئول ئەردىكىم، شافۇر بىر كىچە ئۆگزەدە ياتىپ ئەردى. سەھەر ۋەقتىدە خەلقلەرنىڭ غەۋغاسى ئىشتىلدى. ئەيدى: «بۇ نە ماجرادۇر؟» ئەيدىلەر: «خەلق ئەيدىلەر: خەلق كۆبرۈكدىن ئۆتەردە، بىر تەرەفدە ئول تەرەفدىن ۋە يەنە بىر تائىفە بول تەرەفدىن كىرەرلەر. ئىككىسى قاۋۇشغاندا ئىزدەھام بولۇپ، غەۋغا قىلغۇر.» شافۇر ئەرتەسى ۋەزىرنى چىرلاپ ئەيدى: «يەنە بىر كۆبرۈك سالدۇرغىل، تا بىركۆبرۈكدىن بۇيان ئۆتكەيلەر، تا ئەنكى ئىزدەھام بولماغاي.» خەلق بۇ ئەقىل - فەراسەتكە ۋە ئىمتىيازىغە شاد بولدىلەر. ئول كۇن ئاخشامغە كۆبرۈك سالىپ تەمام قىلدىلەر. خەلق ئىككى كۆبرۈكدىن ئۆتتىلەر ئەرسە، ئىزدەھام ۋە غەۋغا بولمادى.

شافۇر چوڭ بولغۇنچە، ۋەزىر مەملەكەت ئىشىدىن ئەرزە قىلىپ تۇرار

ئەردى، ئۇل بىلىپ، ئىشنى تەدبىر بىلە پۈتكەزىپ تۇرار ئەردى. بىر كۈن ئەرز قىلدىكىم: «بۇ مەملەكەتنىڭ ئەترافىدا ئولتۇرغان لەشكەر، تەمام دۈشمەنلەركىم ئەرەب، روم ۋە تۈركلەر قاشىغە ئۆز مەنزىلىنى تاشلاپ كېتىپدۇرلەر. دۈشمەنلەر ئۇلارنىڭ ئورنىدا پادشاھلىق قىلىپ، مۈلۈكنى ۋەيران قىلىپدۇر.» شافۇر ئەيدى: «غەم يېمەگىلكىم، ئىشى ئاساندۇر، ھەر قايسىغە بىرەر نامە ئىبەرگىلكىم، مەن ئاڭلادىم، چەندان يىللاردىن بېرى سىزلەرنىڭ شەھەرىڭلار دۈشمەن ئىلكىدە قالىپدۇر؛ سىزلەرنىڭ ھەم شەھەرىڭلاردىن ھەر تەرەفكە كېتىپدۇر، دۈشمەن قاشىدا تۇرۇپدۇر. ھەركىم سىزلەردىن ئۆز شەھەرىنى ئىختىيار قىلسە، ئاڭا ئىجازە بەردىمكىم كەلسۈن؛ ھەركىم ئاندا تۇرۇپ قالسە ئاڭا تەدبىر قىلىپ ئۆز ئورنىدا كىشى قويۇپ، ئاڭا ئىنئام ـ ئېھسانلار ئۆز خەزىنەمدىن بېرۇرمەن.» بەس، بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، ھەمە لەشكەر ـ سىپاھلار تەھسىن قىلىپ، ئەيدىلەر: «پىر سالنىڭ تەدبىر قىلسە ۋە مەملەكەتدارلىقدا ھەرچەند تەجرىبە ـ ئازمۇدەلەر قىلغان بولسە ھەم مۇندىن زىيادە بولماس.» بەس، نامەلەر ئىبەردىلەر ئەرسە، تەمام سىپاھلارى ئۇياتىپ، شەرمەندە بولۇپ، كېلىپ مەھكەم تۇردىلەر. بەس، شافۇر ئون ئالتە ياشىغە كەلدى ئەرسە، سىلاھلار كىيىپ، سىپاھ ۋە رەئىيەلەرنى، ئۇلۇغ ـ كىچىكلەرنى يىغىپ ئەيدى: «ئاگاھ بولۇڭلاركىم، مەن ئابا ـ ئەجدادىم مەزھەبىدەدۇرمەن؛ ئۇلار تەرىقەلەرىنى مەھكەم تۇتارمەنكىم، مۈلۈك ئاباد قىلماق، داد ـ ئەدل قىلماق دۈشمەنلەرنى ئۆز مۈلكىدىن ئىخراج قىلماقدۇر. ئول دۈشمەنلەركىم ئەرەبدىن كېلىپ، پارىسدا فەسادلار قىلىپ، ئۇلارنى غارەت قىلىپدۇرلەر. مەن ئۇلارغە قەسد قىلىپدۇرمەن: بۇ لەشكەردىن مىڭ كىشى كىفايەتدۇركىم، ئۆزۈم ئىختىيار قىلىپ ئالغايمەن؛ ئۇلار بىرلە پادشاھلىقمنى راست قىلغايمەن. ئۆز ئورنۇمدا خەلىفە قويغايمەن.» ھەمە خەلقلەر قوپۇپ، شۈكرى سەنالار ئەيتىپ، ئەيدىلەركىم: «ھەزرەتىڭ بارماغايسەن. سىپاھ ـ لەشكەر ۋە مۇتىئ فەرماندار سەردارلار باردۇر، ئۇلارنى بۇيرۇساڭ، ئۆزۈڭ تەختدە بەرقەرار تۇرساڭ، تاكىم ئول سىپاھلار ھەر ئىشنى تۈگەتكەيلەر.» قەبۇل قىلمادى. مىڭ كىشى ئىلغادىكىم، ھەر قايسى بەش يۈز كىشىگە تەقابۇل بولۇر ئەردى، بۇ يۈزمىڭ كىشىدۇر. بەس، ئەيدى: «سىزلەرگە غەنىمەت ئالماقنى ھەرام قىلدىم، تاكىم

ئۆزۈم بەرمەگۈنچە؛ قاچانكىم بىر گۈرۈھقە زەفەر تاپساڭلار ھىچ بىرىنى تىرىك قويماغايسىزلەر؛ پۇل - مالغە باقماغايسىزلەر.»

بەس، لەشكەرنى ئالىپ، پارس شەھەرىگە يەتتى ئەرسە، ئانداقــــى ئەرەبلەرنى تەمام ئۆلتۈردى. ئاندىن بەھرەينگە باردى. ئاندا بەنى تەمىمدىن بەكر بىننى ۋايىل ۋە ئابدۇلقەيس بار ئەردى. ئۇلارنى ھەم ئۆلتۈرۈپ، ھىچكىم ئەمۋال ئالمادى. ئاندىن بادىيە بىرلە يەسرىب تەرەفىگە يۈزلەندى. مەدىنەدە ھەركىمكى ئەرەبدىن ئەردى، ئۆلتۈردى. ھەر قۇدۇغكىم ئەرەب خەلقى سۇ ئىچەر ئەردى، ئانى تىندۇرۇپ، ئاندىن شام ۋە ھەلەفكە كەلدى. ھەر ئەرەبكىم ئاندا ئەردى، ئۆلتۈردى. شام - ئىراقنىڭ ئاراسىدا بىر بايابان بار ئەردى. ئاندا تۇرۇپ، بىر شەھەر بىنا قىلدى، ئاتى بەرزەخ شافۇر ئات قويدى. ئەھۋازداقى خەلقلەرنى تالان - تاراج قىلىپ، مۈلۈكلەرنى ۋەيران قىلدى. ئاندىن يانىپ، پارسغە كەلدى، ئاندا بىر شەھەر بەرپا قىلدى، ئاتى شافۇر ئات قويدى. ئاندىن مەداينغە كەلدى. رومدا بىر پادشاھ بار ئەردى، قۇستانتىندىن، ئاتى ئارمانۇس، ئىلگەرى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس-س. نىڭ دىنلەرىدە ئەردى؛ كېيىن تەرسالىقنى تاشلاپ، بۇتپەرەستلىككە باشلاپ، روم خەلقىنى بۇتپەرەستلىككە بۇيرۇپ، تەرسالارنى ۋەيران قىلىپ ئەردى. بەس، شافۇر رومغە كېلىپ، بىر كەنارەدەكى مەملەكەتنى ۋەيران ۋە خەلقىنــى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن ئۆتتى ئەرسە، ئارمانۇس خەبەر تاپىپ، بىتەمام ئۆز تابىئىداقى شەھەرلەردىن لەشكەر يىغدى. ئەرەب خەلقىدىن قاچىپ قۇتۇلغانلار ھەمە رومدا ئەردىلەر. بىتەمام ئانىڭ قاشىغە كەلدى، شافۇر بىرلە جەڭ قىلىپ بارماقىغە رۇخسەت تىلەدىلەر. ئىجازە بەردى ئەرسە، زەمىنى ئەرەبكىم بەھرەين، بادىيە، يەسرىب، شام ۋە ھەرشەھەرىكىم ئاندا شافۇر ئەرەبلەرنى ئۆلتۈرگەن ئەردى. بىتەمام كىشى ئىبەرىپ كىشى يىغدىلەر. بەس، ئارمانۇس روم - ئەرەب لەشكەرلەرى بىرلە ئاتلاندى؛ روم لەشكەرى يۈز مىڭ ئەردى، ئەرەبلەر ئەدەدىنى كىشى بىلمەس ئەردى. ئەرەبلەرنى لەشكەرگە مۇقەددىمە قىلدى. ئۆز كىشىدىن سەرھەڭ رومىنى ئۇلارغە ھاكىم قىلدىكىم، ئاتى يوساس ئەردى. بۇلارنى يۈرۈتۈپ، ئۆزى روم لەشكەرى بىرلە ئارقەدىن يۈردى. ئۇلار ئىراق سەرھەدىغە يەتتىلەر ئەرسە، شافۇرغە خەبەر يەتتى. شافۇر قورقۇپ ھەيران بولدى. نەچەند كىشىنى جاسۇس ئىبەردى، تاكىم ئۇلارنىڭ

مىقدارىنى، سىلاھ - ياراغ ۋە ئىقتىداملارىنى ئاڭلاپ كەلگەيلەر. ئۇلار بارىپ، مۇختەلىف خەبەرلەرنى كەلتۈردىلەر. شافۇر مۇڭا قەنائەت قىلماي، نەچەند مەھرەملەرى بىرلە ئۆزى باردى. قاچانكىم لەشكەرگە ياۋۇق يەتتى ئەرسە، شافۇر ئون كىشىنى ئىبەردى. بەس، بۇلار ئەۋۋەل يوساسىنىڭ لەشكەرىگە يەتتىلەر ئەرسە، بۇلارنى تۇتۇپ، يوساسغە كەلتۈردىلەر. ئۇلەر بۇلارنىڭ ھەر قايسىنى يالغۇز چىرلاپ، سۆز سوردى ۋە ئەيدى: «سىزلەر نە كىشىسىزلەر ۋە نە ئىشغە كەلدىڭلار؟ ئەگەر ئەيتساڭلار ئىھسان قىلۇرمەن. ئەگەر ئەتماساڭلار ئۆلتۈرۈرمەن. ئەگەر سەن ئەيتماساڭ يەنە بىر ھەمراھىڭ ئەيتۇر. مەن ئانى خاسلاردىن قىلىپ، سېنى ئۆلتۈرۈرمەن.» بەس، بۇ مىكر - سىياسەتلەر بىرلە بۇلارنىڭ بىرىگە ئىقرار قىلدۇردى. ئەيدىكىم: «بىزنى شافۇر جاسۇسلۇقغە ئىبەرىپ، ئۆزى پالانى يەردە قالدى.» بەس، بۇ ۋاقىئەدىن شافۇر ئاگاھ بولۇپ، لەشكەرىگە ياندى. يوساس يۈزمىڭ كىشىنى شافۇرغە ئىبەردى، بۇلار بارىب شافۇرنى تاپالماي، قاچىپ ياندى ئەرسە، يوساس ئول ئون كىشىنى يالغان ئەيتىپسەن دەپ ئۆلتۈردى. ئاندى، بارىپ بۇ ۋاقىئەنى ئارمانۇسغە مەئلۇم قىلدى. ئارمانۇس بىتەمام لەشكەرى بىر بولدىلەر، ھەمە ئەرەبلەر يىغىلدى. شافۇر بىرلە جەڭ قىلماقنى تىلەدىلەر: «تاكىم كىينەمىزنى ئالغايمىز. ئارمانۇس رۇخسەت بەردى. يۈز يەتمىش مىڭ ئەرەب كېلىپ، شافۇر بىرلە جەڭ قىلىپ، شافۇرغە شىكەست بەردى؛ بىسيار خەلقنى ئۆلتۈردىلەر ۋە ئەسىر قىلدىلەر. شافۇر تەيغۇر (تەسفون) دىن قاچىپ، ئىراقغە ياندى. ئارمانۇس كېلىپ، شافۇرنىڭ گەنج - خەزىنەسىنى ئالدى. بەس، شافۇر ئەتراف - جەۋانىبغە نامە ئىبەردىكىم، لەشكەر يىغىپ، ئارمانۇس بىرلە جەڭ قىلغاي، تاكىم جەڭ قىلىپ، ئارمانۇسنى قاچۇرۇپ، تەيغۇر ۋە مەدايىننى ئالدى. ئارمانۇس قاچىپ، دەريايى دىجلە لەبىگە تۈشتى. شافۇر لەشكەرىنى ئالىپ بارىپ، ئانىڭ بەرابەرىغە تۈشتى. بىر ئاي ئاندا بولدىلەر. ئاخىر، ئەلچىلەر يۈرۈتۈپ، سۈلھغە كەلدىلەر. بىر كۈن نەمازدىگەر ۋەقتى ئەردى، ئارمانۇس ئۆز خاسلارى بىرلە ئايلانىپ، شافۇرنىڭ لەشكەرىنى سەرھىساب بارىپ تۇرار ئەردى. شافۇرنىڭ لەشكەرىدىن بىر پىرى مەرد كېلىپ، ئارمانۇسنىڭ قۇرساقىغە ئۇردى ئەرسە، ئاتدىن يىقىلدى، ئۆلدى. بۇلار ھەيران قالدىلەر. ئەرتەسى تەمام لەشكەر يىغىلىپ، يوساسنى

پادىشاھ بولماقغە ئىتتىفاق قىلدىلەر. يوساس ئەيدى: «سىزلەر ئارمانۇسنى تەرسالىقدىن چىقاردىڭلار. مەن مۇلكۇڭلارنى قەبۇل قىلماسمەن.» بۇلار تەمام ئاند ئىچتىلەر: «بىز ئاڭا زاھىردە تابىئ ئەردۇك، بىزنىڭ دىنىمىز تەرسالىقدۇر.» مۇلۇكنى قەبۇل قىلدى.

بەس، شافۇر ئاگاھ بولدىكىم، ئارمانۇس ئۆلۈپدۇر، گۇمان قىلدىكىم لەشكەر يانغاي. يەنە خەبەر يەتتىكىم يوساس پادىشاھ بولۇپدۇر. تەئەججۇب قىلدى. كىشى ئىبەردى. «ئەگەر پادىشاھ بولسە ۋە يا بىر سۆز ئاڭلاغۇچى ئۇلۇغى بولسە، ئەيغىل مۇندا كەلسۇن. ئەگەر سۇلۇھغە تۇرسە، سۇلۇھ قىلۇرمەن؛ ئەگەر جەڭ قىلسە جەڭگە تۇرارمەن.» بەس، بۇ سۆزلەرنى ئىشىتتىلەرئەرسە، يوساس ئەيدى: «ئۆزۈم بارۇرمەن.» رومىلار ئەيدى: «مەئقۇل ئەمەسدۇر.» يوساس ئۇنامادى. رومىنىڭ ئۇلۇغىدىن سەكسەن كىشى بىرلە شافۇرغە يۇردىلەر. شافۇر خەبەر تاپىپ، شاد بولۇپ، ئەللىك كىشى بىرلە ئالدىغە چىقتى. بەس، بىر يەرگە تۇشتىلەر ئەرسە، ھەر ئىككىسى ئاتدىن تۇشۇپ، ئاندا دىبا - ئەتلەسدىن بىساتلار سالىپ، بەرابەر ئولتۇردىلەر. شافۇر مەھازىر كەلتۇردى، شادلىق بىرلە يىدىلەر. ئەرتەسى شافۇر ئەيدى: «مېنىڭ كىچىكلىكىمدە ئەرەبلەر بىسيار بىئەدەبلىك قىلىپ، شەھەرلەرنى خەراب ۋە فەسادلار قىلغان ئەردى. بۇ جەھەتدىن جەڭ قىلماق قەسدىدە كېلىپ ئەردىم. ئەمدى سىنىڭ ئۇچۇن سۇلۇھ قىلدىمكى، ئول خەراب قىلغان شەھەرلە بەھاسىنى بېرىڭلار ۋەيا ئۇلارنىڭ ئورنىغە شەھەر تەسبىندىن قول يىغىڭلار. ئول شەھەر تەسبىن ئەھۋازدىن ئەجەمگە ياۋۇقراق تەئەللۇق ئەردى، كېيىن رومىلار ئالغان ئەردى.» يوساس قەبۇل قىلدى. ئاندىن سەكسەن مىڭ كىشى بىرلە سۇلۇھ قىلدىلەركىم، ئەرەبلەرنى ئۆزىگە قويغايلەر، رومىدا تۇرغۇزماغاي. بەس، رومىنىڭ لەشكەرلەرى ياندىلەر. ئەرەبلەرنى ئارالەردىن چىقاردىلەر. تەسبىن خەلقى ھەمە رومغە كەتتىلەر، شەھەرخالى قالدى. بەس، شافۇر پارس ۋە ئەستەرەخدىن ئون ئىككى مىڭ ئۆيلۇك كىشى ئاندا ئولتۇرغۇزدىلەر. ھەريەردە ئەرەبلەردىن قالسە ئىككى دالۇسىدىن ئاسىپ ئۆلتۇرۇرئەردىلەر. بەس، بۇ ۋەجھىدىن «شافۇر زۇلكىناف» ئاتادىلەر. ھەمە ئەرەبلەردىن قالسە، تۇگەتمەك قەسدىدە ئەردى. بەس، ئاندىن يانىپ ئەمىن بولدىلەر. يوساس بەش يىلدىن كېيىن ئۆلدى،

روملار يەنە بىر پادىشاھ تىكتىلەر ئەرسە، قاچقان ئەرەبلەر رومغە باردىلەر. شافۇر ئەلچى ئىبەردىكىم: «ئەرەبلەرغە رومدا ئورۇن بەرمەكچى ئەمەس ئەردىڭلار، ھالا تەمام ئەرەبلەر ئاندا ئەرمىش. يا ئەرەبلەرنى چىقارىڭلار ۋە يا جەڭگە مۇھەييا بولۇڭلار.» بەس، ئول پادىشاھ ئەرەبلەرنى چىقارمادى ئەرسە، شافۇر ئەجەم لەشكەرىنى يىغدىلەر. ئۆزى يالغۇز رومغە باردى، تاكى روم پادىشاھىنى كۆرگەي ۋە لەشكەرىنىڭ مىقدارىنى بىلگەي. بەس، دەرۋىش سۈرەتىدە بولۇپ، يۈرۈپ ھەممەنى كۆرۈپ بىلدى. بۇ ئەسنادا، روم پادىشاھىنىڭ جاسۇسلارى خەبەر كەلتۈردىلەركىم، شافۇر يەتكەن ئەرمىش، كىشى بىلمەيدۇركىم قايان بارىپدۇر. بەس، بۇ روم پادىشاھى قورقتى؛ ئەندىشەگە قالدىكىم ئول شافۇر رومدادۇر. بەس، بىر كۈن ئول پادىشاھ بىر مەئرىكە قىلۇر ئەردى، تەمامى سەرھەڭ ۋە سەردارلار ھازىر ئەردىلەر. شافۇر پادىشاھنىڭ رەسم - تەرتىقەسىنى ۋە مەجلىسىنىڭ تەرزىنى كۆرمەك ئۈچۈن، نەچەند دەرۋىشلەر بىرلە ئاندا باردى. يوساس بىرلە سۇلۇھ قىلغاندا كۆرگەن بىر سەردارى بار ئەردى، شافۇرنى كۆرۈپ تانۇدى ئەرسە، پادىشاھغە ئەيدى: «ئول شافۇردۇر.» دەرھال تۇتتىلەر. پادىشاھ بۇيرۇدىكىم بىر ئېشەك تېرەسىنى تولۇمچە سويۇپ كەلتۈردىلەر. شافۇرنى ئاڭا سولاپ، باشىنى چىقارىپ قويدىلەر. ئول تېرە قۇرۇپ، ئول شافۇرنى قاۋۇرۇپ، تەبرەيالماس قىلدى. ئاندىن لەشكەر يىغىپ، پارسغە كەلدى. شافۇرنى ئول تەرتىقەدە ئالىپ كەلدى. شەھەرنى ۋەيران قىلىپ، بىسيار خەلقنى ئۆلتۈردى؛ دەرەختلەرنى كېسىپ، ئاندىن يانىپ، ئەھۋازغە كېلىپ، ئانى ھەم بۇ تەرتىقە ۋەيران قىلدى. ئەمما شافۇرغە چەندان كىشى مۇئەككەل قىلىپ، ھەمراھ ئالىپ يۈردى. ۋەيەنە ھەركىمنى ئەسىر قىلسە، ئول مۇئەككەللەر ساقلار ئەردىلەر. بەس، بىر كېچە مۇئەككەللەر غافىل بولدىلەر. ئاندا تۇلۇمدا ياغ بەر ئەردى. شافۇر ئەھۋازلىغ ئەسىرلەرغە ئەيدى: «ئول ياغدىن ماڭا قۇيۇڭلار.» بەس، قۇيدىلەر. خۇداي تەئالانىڭ فەرمانى بىرلە، دەرھال يۇمشادى. شافۇر چىقىپ دەرۋازەگە باردى ۋە ئەيدى: «مەن شافۇردۇرمەن.» دەربانلار ھەم تانۇدى ۋە دەرۋازەنى ئاچتىلەر، شافۇر شەھەرگە كىردى. تەمام خەلايىق ئاڭا يىغىلدى، بىسيار شادلىق قىلدىلەر. ئول پادىشاھ شافۇرنىڭ قاچقانىدىن ۋە شەھەرگە كىرگەنىدىن ئاگاھ بولۇپ،

بىسيار ۋەھىمناك بولدى. ئۇل سەردارغە سىياسەت قىلدى. بەس، شافۇر لەشكەر يىغىپ، ئۆزى باشلاپ چىقىپ، سىپاھ رومغە شىكەست بەردى؛ ئانچە ئۆلتۈردىكىم ئەدەدىنى كىشى بىلمەس ئەردىلەر. شافۇر پادشاھى رومنى ئەسىر قىلدى، تۆمۈر قەفەسكە سالدى. ئۇل بىچارە روملار ۋەيران بولغان شەھەرلەرنى ئاباد قىلۇر ئەردىلەر. ئۇل پادشاھ ئون يىل شافۇرنىڭ قولىدا بەند ئەردى. بەس، تەمام شەھەرلەر ئىشى تەمام بولدى ئەرسە، شافۇر ئۇل پادشاھنى بەنددىن چىقاردى، پاشنەسىنى كېسىپ، بىر ئېشەككە مىندۇرۇپ رومغە ياندۇردى. بەئزىلەر شافۇرنىڭ بەندىدە ئۆلدى دەپدۇرلەر. تەمام ئەزەبلەر شافۇرنىڭ قاتىغە كەلدىلەر، شافۇر ھەمەگە ئامان بەردى.

يەزدگەردنى كېرمانغە ئىبەردى. ھالا ئۇل دنياردا ئۇلەرنىڭ ئەۋلادى باردۇر. ئەرەب مۈلكىدىن جەيرەنى بىننى ئەددىغە ئاتاسى بەرگەن ئەردى، بۇ ھەم ئاندا قويدى. بەس، ئۆمەر بىننى ئەددىنىڭ بىر ئوغلى قالدى، ئاتى ئەمىرۇل - قەيس ئەلەندى ئەردى. شافۇر ئاتاسى مۈلكىنى ئاڭا بەردى. ئەرەب، جەيرە ۋە بادىيە ئاڭا ئەردى. بەس، ئەمىرۇل - قەيس ئۆلدى ئەرسە، ئوغلى ئۆمەرنى پادشاھ قىلدى. شافۇردىن كېيىن قالدى ئەرسە، شافۇردىن كېيىنكى ئەجەم پادشاھلارى مۈلكىنى ئالمادىلەر.

## دەستان
## قىسسەئى شافۇر ئوغۇللارى

ئىشىتمەك كېرەككىم، شافۇر يەتمىش ئىككى يىل پادشاھ بولدى، ئۆلدى. ئانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى. ئۇلۇغى بەھرام، كىچىكى ھەم شافۇر؛ بىر بۇرادەرى بار ئەردى، ئاتى ئەردەشىر جىننى ھورمۇز، ئاتاسى ئەردەشىرنى قوغلاپ چىقارغان ئەردى، مۈلكىنى شافۇرغە ۋەسىيەت قىلغان ئەردى، شافۇر تېخى تۇغۇلغان ئەمەس ئەردى. بەس، ھورمۇز ئۆلگەندە، بۇ ئەردەشىر ئەجەمنىڭ ئۇلۇغلارى ۋە ياخشىلارىغە ئەيدى: «مۈلكىنى ماڭا بېرىڭلار.» قوبۇل قىلمادىلەر. ھورمۇزنىڭ ۋەسىيەتىنى تۇتۇپ سەبرە قىلدىلەر. تاكى شافۇر ۋۇجۇدغە كەلدى ئەرسە، مۈلكىنى ئاڭا بەردىلەر.

ئەردەشىر ئەجەمنىڭ ئۇلۇغلەرىغە كىينە تۇتتى، قاچانكىم ئۆلدى ئەرسە، ئەردەشىر پادشاھ بولدى. شافۇرنىڭ ئوغلى شافۇر كىچىك ئەردى.

## دەستان
## قىسسەئى ئەردەشىر بىننى ھورمۇز

بەس، ئەردەشىرنىڭ بۇرادەرى تەختخە ئولتۇردى. خەلقغە داد - ئەدل قىلدى. بىر يىلدىن كېيىن تەمام مەملەكەت تەسەررۇفىغە كىردى ئەرسە، ئەجەمنىڭ ئۇلۇغلارى ۋە دانىشمەندلەرىنىڭ ھەر قايسىنى بىر بەھانە بىرلە ئۆلتۇردى. تۆرت يىل پادشاھ بولدى. ئاندىن چىقارىپ شافۇر بىننى شافۇر بىننى ھورمۇزنى پادشاھ قىلدىلەر. بەس، بۇ شافۇر تەختخە ئولتۇردى، داد - ئەدل قىلدى؛ خەلق ئارام ۋە ھۇزۇر ئالىپ بىسيار شاد بولدىلەر. ئول ئەردەشىر مۇڭا ئىتائەت قىلدى. بەس، بەش يىل پادشاھ بولدى ئەرسە، بىركۈنى چادىردا ئولتۇرۇر ئەردى. ئۆزىنىڭ لەشكەرى چادىرنى باشىغا يۇرگەپ ئۆلتۇردىلەر. ئانىڭ ئورنىدا بەھرام پادشاھ بولدى. مۇنى كىرمان شاھ ئاتار ئەردىلەر. چۇنكى شافۇر ئاڭا كىچىكلىكىدە قۇدرەت بەرگەن ئەردى. تەمام خەلق ئاڭا ئىتائەت قىلدىلەر. ئون بىر يىل پادشاھ بولدى. ئانى سىپاھلارى بۇزۇلۇپ، تۇتۇپ ئوق بىرلە ئاتىپ ئۆلتۇردىلەر. ھېچكىم بىلمەدىكىم، بۇ فىتنە قايدىن ئەردى. بەس، ئانىڭ ئورنىدا يەزدگەرد بەزەكار ھۆكۈم سۈردى. ئانى ھەم بىنەھايەت زالىم ۋە بىھۇدە كارلىقدىن «بەزەكار» ئاتادىلەر. گۇرۇھى ئەيتىپدۇرلەر: ئول نەھايەت ئاقىل ۋە ئالىم، ھەلىم ۋە ئادىل ئەردى؛ پادشاھ بولۇپ، زەرى - ئەۋزائى بۇزۇلۇپ، زۇلۇم - ستەمكار بولدى، كىبىر ئەجەب قىلدى، تەمام خەلقلەرنى خار كۆردى، ئازگۇناھغە قاتتىغ ئەزاب قىلدى، گۇناھنى تىلەمەكنى قوبۇل قىلمادىلەر. ئەگەر كىشى يەنە بىرىگە شەفىئ بولسە ئۆتمەس ئەردى. ئاڭا خىزمەت قىلسە قەدرىنى بىلمەس ئەردى. ھەركىمگە بىر تۆھمەت قىلۇر ئەردى. خەلق ئەمىن بولمادىلەر، ھەمە ئازۇردە بولۇپ ھەر تەرەفكە سەفەر قىلغالى تۇردىلەر. مەرسى ئاتلىغ بىر ۋەزىرى بار ئەردى، بىنەھايەت ئۇلۇغ ۋە دەنا، ئانىڭ سۆزىگە

كىرمەس ئەردى. بەس، قان تولا تۆكتى ئەرسە، خەلق بىچارە بولدىلەر. پارىسدىن مەدايىنغە، مەدايىندىن كىرمانغە، كىرماندىن خوراسانغە، شەھەردىن شەھەرگە قاچىپ يۈرۈر ئەردىلەر. ھەر يەردە ئانىڭ جەۋرى يېتەر ئەردى. بەئزىلەر يەزدگەر «سەم» دەر ئەردىلەر. يىگىرمە يىل پادىشاھ بولدى.

بەس، ئاخىر ئۆمرى بولدى ئەرسە، بىركۈن دەريادىن بىر ياخشى سۆرەت يورغە ئات چىقىپ كېلىپ، سارايىنىڭ ئالدىدا تۇردى. ئاڭا خەبەر قىلدىلەر ئەرسە، ئەيدى: «ئانى تۇتۇڭلار!» ھېچكىم ياۋۇق بارالماس ئەردىلەر. يەزدگەرغە ئەيدىلەر، چىقىپ ئاتنى سىلاپ ـ قاشلاپ، يۈرگەن سالدى، ئىگەر توقۇدى، تۆشنى مەھكەم تارتتى. ئول ئات ئەسلا تەبرەمەدى. قۇيۇشقۇن سالغالى سۇندى ئەرسە، ئاتنىڭ كەينىدىن ئۆتدەك بىر نەرسە چىقىپ، يۈرەكىگە تەگدى، ئۆلدى. ئول ئات قاچتى، ئىگەرى بىر يەردە، يۈرگەنى بىرى يەردە تۈشۈپ قالدى. ئات قاچىپ كەتتى، ھېچكىم بىلمەدىكىم قايدىن كېلىپ قايدا باردى بولغاي.

بەس، ئاندىن كېيىن بىر ئوغلى بەھرام گور تەختغە ئولتۇردى. يەزدگەرد ئۆلگەندە بەھرام غايىب ئەردى.

## دەستان
## قىسسەئى بەھرام گور

ئانداغ ئەردىكىم، يەزدگەردنىڭ ھەرفەرزەندى بولدى، ئۆلدى، تۇرمادى. يەزدگەردنىڭ ۋەقتىدە ئەرەبكە نوئمان پادىشاھ ئەردى. يەزدگەردنىڭ فەرزەندى بولۇپ، تۇرماسلىقىغە بىنەھايەت دىلتەڭ ۋە مەلۇل ئەردى. ئاخىر، ھەق تەئالا ئاڭا بىر ئوغۇل ئىبەردىكىم پادىشاھلىقغە لايىق بولغاي. ئاڭا بەھرام ئات قويدى، ئاڭا تەدبىر قىلدى، ئەجەمدىن ئەرەبكە ئىبەرىپ ساقلاغاي. بەس، نوئمانغە كەلسۇن دەپ كىشى ئىبەردى. نوئمان جەيرەدىن بىسيار ۋەھم ـ قورقۇنج بىرلە كەلدى. يەزدگەرد ئاڭا ئىكرام ۋە تەۋازۇئلار قىلىپ، سەرۇ پاي خىلئەت بەردى ۋە ئەيدى: «بۇ ئوغلۇمنى ساڭا بېرۇرمەن، مۇنى جەيرەدە ياخشى ئاسراغىل. ئەگەر مەن ئۆلسەم مۈلكۈم مۇڭا مىراس قالغاي.» بەس،

مىننەت ۋە سەئادەت بىلىپ قوبۇل قىلدى. نەچەند. ئەسلى نەسەبدە ياۋۇق ئەردى؛ يەنە ئىككى مەزلۇم - ئەرەبنىڭ بۇزۇرگزادەلەرىدىن كەلتۇردى. بەش مەزلۇم ئاڭا پەرۋەرىشغە تەئىن قىلدى. جەيرە بىنەھايەت خۇش ھەۋا ئەردى. ئاندىن كېين بۇيرۇدىكىم، ئۇلۇغ ئىمارەت قىلغاي. ئاڭا لۇببى نەزىر گىلكار تەلەپ قىلدى. ئاخىر سەمنار ئاتلىغ بىر گىلكار كەلتۇردىلەر. ئول ئىمارەتكە تۇردىلەر. ئاڭا بىر بەلەند كۇرسى باغلادىلەر، ئۇزەسىگە راۋاق ئەتتىلەر. ئانداغ بەلەندكىم ئانىڭدىن بەلەند جەھاندا يوق. ئالتۇن - كۇمۇشنى بىھساب ۋە بىدەرىغ ئىشلەتتىلەر. ئانداغكىم كېچە ئايدەك تابىش قىلۇر، كۇندۇز كۆزنى خىيرە قىلۇر. بەش يىلدا تەمام بولدى. سەمنارگىلكار ئەيدى: «مەشرىقدىن مەغرىبغە مۇنداغ راۋاق يوقتۇر.» بەس، نوئمان سەمنارغە مال بىسيار ۋە ئىنئام بىشۇمار، خىلئەت پاي پۇربەھا ئىھسان قىلدىلەر؛ ئالتۇندا غەرق قىلدى. سەمنار ئەيدى: «ئەگەر مەن ئىلگەرى ئەمگەكىمنى زايىئ قىلماي، مۇنداغ قەدرىمنى بىلىشىڭنى بىلسەم ئەردى، بىر ئىمارەت قىلۇر ئەردىمكى، ئافتابدەك ئەرتەلىكدە قىزىل، تۇش ۋەقتىدە ياشىل، ئاخشاملىقدا سارىغ كۆرۈنگەي ئەردى؛ كېچە ماھى تابدەك ئاق تابىش قىلغاي ئەردى. نوئمان ئەيدى: «مۇندىن زىيادە ھەم ئېتەرسەنمۇ؟» سەمنار ئەيدى: «چەندان زىيادە قىلۇر ئەردىم.» نوئمان ئەندىشە قىلدىكىم، سەمنارنى پادشاھ ئالىپ بارىپ، مۇندىن ياخشى ئىمارەت قىلدۇرسە، بۇ ئىمارەتىمنىڭ رەۋاجى سىنغاي، ماڭا شىكەست بولغاي» بەس، خەلق ئەيدى: «نوئمان سىينىڭ ئەجرىڭنى زىيادە بەردى، ئەسلا قىسمادى.» نوئمان ئەيدى: «ئەي سەمنار، مۇندىن كېين ئوبدان ئەتمەكنى بىلۇر ئىكەنسەن، نېچۇكدىن ئەتمەدىڭ؟!» دەپ دەرھال بۇيرۇدى، ئانى راۋاقنىڭ ئۇزەسىدىن تاشلادىلەر، تا رىزە - رىزە بولۇپ ئۆلدى. ئەرەبدە زەربۇل - مەسەلدۇركىم، كىشىگە خىزمەت قىلىپ، ئەجرىنى ئالالماسا، سەمنارنى تەمسىل قىلۇرلەر. مۇنداغ يەنە بىر قىسسە ئەرەبدە مەشھۇردۇركىم، غەسسال پادشاھلارىدىن ھەرەس بىننى مارىيە ئەل - غەسسالى ئاتلىغ بىر پادشاھ شامنىڭ بەزىسىگە پادشاھ ئەردى. بەنى كەلەبنىڭ ئۇلۇغلارىدىن ئابدۇلئەزىز بىننى ئەمىر ئەل - قەيس ئاتلىغ بىر ئادەم ئاڭا بىر ئات بەردى. ھەرەس بىننى مارىيە ئول ئاتنى پەسەند قىلىپ، ئابدۇلئەزىزغە ئىلتىفات قىلىپ، قاشىدا تۇرغۇزدى. ئانىڭ ئىككى ئوغلى بار

ئەردى، بىرى ئابدۇلھەرەس دەپ، يەنە بىرىنى شەراھىل دەرئەردىلەر. بەس، پادشاھ بۇ ئوغۇللارنى ئالىپ چىقىپ، سىپاھگەرچىلىك قىلدۇردى، تاكىم ئۇلارغە ئىنىئام قىلغاي. پادشانىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى، ئابدۇلئەزىزنىڭ قەبىلەسىدىن ئىنەگەگە بەرگەن ئەردى. رەسم ئانداغ ئەردىكىم، پادشاھلار بالاسىنى ئۇلۇغلاردىن بىرىگە بېرۇر ئەردى، تاكىم چوڭئۇتۇپ، ئىلىم ئەدەب ۋە شۇجائەت - دىلاۋەرلىك ئۆرگەتىپ كەلتۇرۇر ئەردىلەر. بەس، پادشاھنىڭ ئوغلىنى ھەم ئول قەبىلەدە پەرۋەرىش قىلۇر ئەردى. خەبەر كەلدىكىم، ئول ئوغۇلغە بىر نەرسە چىقىپ ئۆلۈپدۇر. بەس، پادشاھ ئابدۇلئەزىزغە تۆھمەت قىلىپ، ئەيدى: «سىنىڭ خەلقىڭ مېنى ئوغلۇمنــى ئۆلتۇرۇپدۇر. سەن ئوغلانلارىڭنى، قەبىلە ئۇلۇغلارىنى باغلاپ، مۇندا ئالــىپ كەلگــــــل.» ئابدۇلئەزىز ئەيدى: «مەن ئۆز قەۋمۇمنى باغلاپ كەلتۇرەلمەسمەن.» پادشاھ ئاند ئىچتىكىم: «ئەگەر كەلتۇرمەسەڭ سېنى ئۆلتۇرۇرمەن.» ئابدۇلئەزىز ئەيدى: «سەندىن ماڭا جەزا يىتەركىم سەمنارغە نوئمان جەزا بەرگەندەك، ئول ياخشىلىق كۆركەتتىلەر ئەرسە ئۆلتۇردىلەر.» ئابدۇلئەزىز ئىككى ئوغلىنى قەبىلەسىغە ئىبەردى، تاكىم ئۇلار ئاگاھ بولۇپ، ھەزەر قىلغايلەر.

بەس، نوئمان بەھرامنى ئول راۋاقدا پەرۋەرىش قىلۇر ئەردى. ئول راۋاقنىڭ ئالدىدا بىر كەنت بار ئەردى، جەيرەدىن يەنە بىر تەرەفى بادىيە ئەردى، بىنەھايەت خۇش ھەۋا؛ يەنە بىر تەرەفى سەۋاد ئىراق ئەردى، بىغايەت ئاباد - خۇررەم، كەنتلەرى دەريايى فراتنىڭ ئالدىدا. ئول يەر تەمام يەرلەردىن پاكىز ۋە خۇش ھەۋا ئەردى. بەھرام ئول راۋاقدا ئەردى. تا ئون ياشغە كىردى. نوئمان بۇتپەرەست ئەردى. ئانىڭ بىر ۋەزىرى بار ئەردى تەرسا. بىركۈنى ئىككۆلەن راۋاقنىڭ ئۆزەسىدە، بەھار فەسلىدە ئەترافداقى سەبز - خۇررەم باغلار ۋە ئاقىن سۇلارنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرۇر ئەردىلەر. نوئمان يىگرمە ئىككى يىل پادشاھ بولغان ئەردى. ۋەزىرغە ئەيدى: «جەھاندا مۇندىن ياخشى مەنزىل كۆرگەن كۆز بولغايمۇ؟» ۋەزىر ئەيدى: «بۇ مەنزىلنىڭ مانەندى يوق، ئەمما ئەيىبى باردۇر.» نوئمان ئەيدى: «نىمە ئەيبدۇر؟» ۋەزىر ئەيدى: «بۇ مەنزىلدە دىن بولغاي ئەردى.» نوئمان ئەيدى: «قايسى دىن؟» ۋەزىر ئەيدى: «ھەق تەئالاغە پەرسەتىش قىلغاي ئەردى.» نوئمان راۋاقدىن تۈشتى، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس. نىڭ دىنلەرىغە كىردى. پادشاھلىقنى

تاشلاپ، پالاس كىيدى، بىر كىپچە چىقىپ كەتتى. بىلمەدىلەركىم قايان كەتتى. ئانىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى- مۇنزەر ئاتلىغ. يەزدگەرد مەملەكەتىنى ئاڭا بەردى. ئانى مائىس - سەمائ دەرئەردىلەر. مائىس - سەمائ ئاناسى، بەئزىلەر ئەيتىپدۇرلەر بەھرامنى ئانىڭ ئوغلى مۇنزەر پەرۋەرىش قىلدى دەپدۇرلەر. ئاتاسى بەھرامنى پەرۋەرىش قىلدى. بەئزى ئەھلــــى خەبەر ئەيتىپدۇرلەر: نوئماندىن كېين يەزدگەرد بەھرامنى مۇڭا بېرىپ ئەردى. ئەمما دورۇست ئولكىم، نوئمانغە بېرىپ ئەردى. مۇنزەر ھەم بەھرام بىرلە ھەم سال ئەردى. بەس، بەھرام ئون ياشغە كىردى ئەرسە: «بىر موللا بولغاي ئەردىكىم، ماڭا ئىلىم ئەدەب تەئلىم قىــلغاي.» مۇنزەر ئەيدى: «ھۇنۇز گودەكسەنكىم ئويۇن ۋە شادلىق قىلغايسەن، ئوقۇر ۋەقتىدە ئوقۇغايسەن.» بەھرام ئەيدى: «ئەگەر ياشغە كىچىكدۇرمەن، ئەمما ئەقلىم رەسادۇركىم بۇ ۋەقتىدە ئوقۇغايمەن، تاكى ئىش ۋەقتىدىن ئۆتمەگەي.» بەس، مۇنزەر مۇنىڭ ئەقىل - فەراسەتىگە بىــسيار شاد بولدى. بەس، روم، ئەرەب، ئەجەم ھۆكۇمالارىدىن مۇئەللىم كەلتۇردىلەر. ئىلىم تەئلىم قىلۇر ئەردى. قانچەكى ئۇستادى ئۆرگەتسە، ئانچە بىلۇر ئەردى. تا ئون بەش ياشدا ھەمە ئىلىمدا بەركەمال بولدى. مۇنزەر مۇئەللىم ھۆكۇمالەرىنى ئىنئام - ئىھسان بىرلە خۇشنۇد ياندۇردى. بەھرام يەنە ئەيدى: «مۇبارىز سەفىشكەن مۇبارىزلارنى كەلتۇرگىل، تاكى ئۇلاردىن دىلاۋەرلىك ئۆرگەنگەيمەن.» بەس، مۇنزەر ھەر يەردە چابۇكسۇۋار بولسە كەلتۇردى، تاكى بەھرامغا سىپاھگەرلىك تەئلىم بەردىلەر. بىركۇنى بەھرام ئەيدى: «ماڭا مىنگەلى بىرئات بولغايكىم ئانىڭدىن ياخشى ئات يەنە بولماغاي.» مۇنزەر شاد بولۇپ، مۇنادى قىــلدۇردى: ھەركىمنىڭ ياخشى ئاتى بولسە، كەلتۇرۇپ، بەھرامغە ئەرز قىلسۇن! بەھرام ئەيدى: «ئاتنى سىناماي تانۇپ بولماس.» بۇيرۇدىكىم، سەھرادا خىــيمە تىكتىلەر. بەھرام مۇنزەر بىرلە ئاندا چىقتىلەر. تەمام ئاتلارنى شەھسۇۋار يىگىتلەر مىنىپ يۇگۇرتتىلەر ئەرسە، مۇنزەرنىڭ بىر ئاتى تەمام ئاتلاردىن ئۆتتى. يەھرامغە ئول ئاتنى تۇتتى. ھەرباز شىكارغە چىقتىلەر، قەزارا بىر قۇلان باياباندا كۆرۇندى، بەھرام ئانىڭ قەسدىدە ئات سالدى. مۇنزەر تەمام لەشكەر بىرلە يۇردىلەر. بەھرامنىڭ قولىدا ئوق - يا بار ئەردى. بەس، قۇلانغە يىتىپ باردى ئەرسە، بىر شىر قۇلانغە ھەملە قىلىپ، ئۇچاسىغە

مىنىپ، يالىيىدىن تۇتتىكىم يىقىتتىغاي. بەھرام ئوق بىرلە شىرنىڭ ئۇچاسىغە ئۇردىكىم، شىر - قۇلاندىن ئۆتۈپ يەرگە قادالدى. ھەرئىككىلەسى يىقىلدى، شول سائەتدە ئۆلدى. مۇنزەر تەمام لەشكەر بىرلە ھەمراھ قالدىلەر. مۇنزەر بۇيرۇدىكىم، بەھرامنىڭ ئول شىرقۇلان بىرلە ئاتقان سۆرەتىنى راۋاقدا نەقش قىلدىلەر. ئاندىن بېرى «بەھرام گور» ئاتاندى.

بەس، مۇنزەر بەھرامنى كۆردىكىم كەمالىغە يېتىپدۇر. پادىشاھ مۇنى تەلەب قىلماي چارە يوقدۇر. بەش، بەھرام ئەيدىكىم: «ئەمدى ئاتام قاشىغە بارغايمەن. ئەگەر تىرىك بولسە خىزمەتىدە قول باغلاغايمەن، تاكىم ئانىڭدىن كېيىن مۇلۇك قولۇمدىن كەتمەگەي.» بەس، مۇنزەر سەفەر ئەسبابىنى تەرتىب بېرىپ، ئاتاسىغە ئىبەردى. چۇن، بەھرام ئاتاسىغە كەلدى ئەرسە، نەھايەت بەدخۇيلۇقدىن بەھرامغە قارامادى، فەرزەندلىك ياسۇنىدا بىلمەدى. بىر يىل ئاتاسىنىڭ خىزمەتىدە تۇردى، كۆڭۈل ئاغرىغى تولا بولدى. بەس، قەيسەرى روم ئىنىسىنى بىسيار تۆھفە بىرلە يەزدگەردغە ئىبەردى، تاكىم سۇلۇھ قىلغايلەر. يەزدگەرد ھەم ئاڭا بىسيار ئىكرام قىلدى. ئول ياندى ئەرسە، بەھرام ئەرز قىلدىكىم، ئەرەبغە ياندۇرغاي، چۇنكىم ئاندا خۇي ئالىپ ئەردى، مۇندا كۆڭلى تەڭلىككە قالىپ ئەردى. ئاتاسى ھەم رۇخسەت بەردى. بەھرام يانىپ، مۇنزەرنىڭ قاشىغە باردى، ئاندا شاد - خۇررەم يۈرۈر ئەردى. ئاتاسى مۇندا ئۆلدى ئەرسە، ئەجەم خەلقى مەسلەھەت قىلدىلەركىم: بىز يەزدگەردنىڭ زۇلۇم - ستەمىگە بىزار ئەردۇك، ئوغلى بەھرام ئەرەبدە چوڭۇپ، ئەرەبلەر خۇيىنى ئالغان؛ ئەگەر ئانى پادىشاھ قىلساق ئاتاسىدىن يامانراق زۇلۇم قىلۇر. بەس، مۇڭا ئىتتىفاق قىلىپ، ئەردەشىر ئۇرۇغىدىن كىسرا ئاتلىغ بىر كىشىنى پادىشاھ قىلدىلەر؛ مەداينىدە تەختدە ئولتۇرغۇزدىلەر. بۇ خەبەر بەھرامغە يەتتى ئەرسە، مۇنزەرنى چىرلاتىپ، ھەمە ئەرەبلەر يىغىلدىلەر. بەھرام ئەيدى: «بىلۇرسىزلەرمۇكىم، تەمام ئەجەم پادىشاھلارى مېنىڭ ئاتامغە تابىئ ئەردىلەر، ئاتامدىن كېيىن مۇلك مېنىڭ ئەردى. ئەجەم خەلقى مۇلۇكنى يەنە بىرىگە بېرىپدۇر. چۇنكى مەن غايىب ئەردىم. مېنىڭ ئەجدادىم سىزلەرگە ياخشىلىق قىلغان. سىزلەر مېنىڭ ھەققىمدە ياۋەرلىك قىلغايسىزلەر، تاكى مۇلكۇمنى ئالغايمەن.» مۇنزەر، تەمام ئەرەبلەر ئاڭا سەنالار ئەيتىپ، ستايەشلەر قىلىپ ئەيدىلەر: «ئەرەب - ئەجەم پادىشاھى سەن، بىزنىڭ

جانىمىزدىن تا مالىمىز ۋە خانىمانىمىز ساڭا فىدا بولسۇن. تا سەن مۈلكۈڭنى ئالماغۇنچە بىز ئارام ئالماغايمىز.» بەھرام مىننەتدار بولۇپ، سىتايىشلەر قىلىپ، نۇئماننىڭ ئوغلى مۇنزەر ئوغلى نۇئماننى ئەرەبدىن ئون مىڭ پەھلىۋانلار بىرلە بۇيرۇدىكىم: «مەدايىنغە بارغىل، ئەگەر كىسرا ئالىڭغە چىقسە جەڭ قىل. ئېھتىيات قىلكىم ئۆزۈڭنى ئەسىر قىلماغىل؛ ئەگەر غالىپ كەلسەڭ تولا ئۆلتۈرمەگىل، ئەسىر قىل.» بەس، نۇئمان مەدايىنغە بارىپ، سەۋادنىڭ ھەددىدە تۈشتى. ئەجەم پادىشاھى كىشى ئىبەردىكىم نۇئمان نەئىشغە كېلىپدۇر. نۇئمان ئەيدى: «كىسرا بىرلە جەڭ قىلغالى كېلىپدۇرمەنكىم ئاتام ئىبەرىپ ئەردى.» بەس، ئەجەملەر يىغىلىپ مۇنزەرگە ئەلچى ئىبەردىكىم، مۇنزەرنىڭ بىر ئىنىسى بار ئەردى، نەھايەت ئاقىل؛ ئانى بۇيرۇدىلەر: مۇنزەردىن سورغىلكىم نۇئماننى نېچۈك ئىشغە ئىبەرىپدۇر؟ مۇنزەر ئەيدى: «سىزلەر ئانىڭ مۈلك مىراسىنى كىسراغە ناھەق بېرىپسىزلەر، ئۆز ھەققىنى تەلەب قىلۇر، بەھرامغە بارسۇنلار، نە دەيدۇر؟» بەس، ئەلچىگە كىشى قوشۇپ، بەھرام قاشىغە ئىبەردى. بەس، ئول ئەلچى بەھرامنىڭ سۈرەتىنى ۋە ھەيئەتىنى كۆرۈپ، ھەيران قالدى. بەھرام ئول ۋەقتدە يىگىرمە ئۈچ ياشدا ئەردى. ئەيدى: «سىزلەر مېنىڭ مىراسىمنى ناھەق يەنە بىرگە بەردىڭلار، ھەق مېنىڭ ئىكەننى بىلۇر ئەردىڭلار. مېنى يەزدگەرددەك گۇمان قىلدىڭلار. مەن ئەگەرچە ئانىڭدىن ئەردىم. ئەمما ئانىڭ خۇيىدىن قاچىپ، مۇندا كېلىپ ئەردىم. خۇداغە ئەھد قىلدىمكى، ئەگەر مۈلك قولۇمغە كىرسە، ئانىڭ تەرىقەسىنى تاشلاپ، ھەر يامانلىقنىڭ ئورنىدا ياخشىلىق قىلغايمەن. ھەر نەرسەنىكىم بۇزۇپ - خەراب قىلىپ ئىكەن، ئانىڭ تەدارەكىنى قىلغايمەن.» بەس، ئەلچىلەر ياندى ئەرسە، يەنە مۇنزەر قاشىغە كەلدى. ئەيدى: ئەجەم خەلقى پادىشاھىنىڭ مۇنداغ ياخشىلىقىنى بىلسە ئەردى، ھەرگىز مۈلكنى يەنە غەيرىگە بەرمەس ئەردى. يانغىل، كۆرگەن - ئىشىتكەننى ئەيغىل.» بەس، ئەلچى يانىپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن بەھرام، مۇنزەر يۈزمىڭ لەشكەر بىرلە مەدايىنغە باردىلەر. قاچانكىم شەھەرگە ياۋۇق تۈشتىلەر ئەرسە، ئەجەمنىڭ ئۇلۇغ دانىشمەندلەرى، ھۆكۇما - خىرەدمەندلەرى چىقتىلەر. مۇنزەر بۇلارنىڭ ئالىغە كېلىپ، ئالىپ باردى. بەھرام ئۇلارغە ئەيدى: «مەن بىسيار لەشكەر بىرلە جەڭگە كەلدىم. چۈنكى

بىلۇرسىزلەركىم، مۈلك مېنىڭ مىراسىمدۇر. ئەرتە تەمام ئۇلۇغ - كىچىك سىپاھ - رەئىيەنى يىغىڭلار. چۈنكىم سىزلەر ھەممە بۇرادەر، ئۇرۇغ - تۇغقانلار ۋە ئاغا - ئىنىسىزلەر. بىقەدرى ئىمكان جەڭ قىلماسمەن، قان تۆكمەسمەن. ئۆز ھەققىمنى تەلەپ قىلۇرمەن. بىلۇرسىزلەركىم، مۈلۈك مېنىڭدۇر. مەن ئەرتە ئول پادىشاھلەرنىڭدىن سوراي. ئەگەر ئول مۈلكنى ھەق تەسەررۇف قىلغان بولسە، ئاڭا قوياي؛ ئەگەر ماڭا ھەق بولسە، ماڭا بولۇڭلار.» بەس، خەلايىق شاد بولدىلەر. ئۇلار بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ ياندىلەر. بەھرام مۇنزەر بىرلە ۋە ھەممە لەشكەرلەر بىرلە شەھەرنىڭ ئالىغە كېلىپ تۇشتىلەر. ئەرتەسى، تەمام ئەجەملەر كىسرا باشلىغىن چىقتىلەر. ئول ئالتۇن تەختنى كەلتۈردىلەر؛ ئول تاجكىم دانىشمەندلەرنىڭ قولىدا ئەردى، ئانى ھازىر قىلدىلەر. بەس، بەھرام ھېچ كىمگە باقمادى، مۇنزەرنى تەختغە ئولتۇرغۇزدى. ئۆڭ تەرەفىدە كىسرا باشلىغ ھەممە ئەجەملەرنى باشلاپ ئولتۇردى ۋە ئەيدى: «ھەركىمنىڭ بۇ مەجلىسدە ئەيتۇر سۆزى بولسە ئەيتغاي.» بەس، ھۆكۈمالار بىر - بىر سۆزگە كىردىلەر. ھەركىم سۆز ئەيتسە، ئول يەزدگەردنىڭ بەدكىردارلىغىنى ئەيتۇر ئەردىلەر ۋە ئەيدىلەر: «يەزدگەرد خەلقىغە بەدخۇي، بەدكىردارلىق، خۇنى ناھەق تولا قىلدى ئەرسە، مەملەكەت ۋەيران بولدى؛ خەلقنىڭ كۆڭلى ساۋۇدى. ئىتتىفاق قىلدىلەركىم، مۈلكنى فەرزەندىگە بەرسەك، ئول ھەم شۇبۇ تەرىقەدۇر. بەس، پادىشاھ ئەۋلادىدىن بۇ ئادەمنى كەلتۈرۈپ، مۈلكنى تاپشۇردۇق.» مۇنزەر ئەيدى: «بۇ سۆزگە جەۋاب پادىشاھدىن ئىشىتىڭلار.» بەس، بەھرام ئەيدى: «بۇ سۆزۈڭلار راستدۇر. مەن ھەم قاشىدا ئەردىم. ئانىڭ يامان ئەفئالى - كىردارىنى كۆرۈپ بىلىپ، خۇداي تەئالاغە ئەھد قىلىپ ئەردىم. ئەگەر مۈلك مېنىڭ قولۇمغە كىرسە، ئانىڭ تەرىقەلەرىنى بۇزغايمەن؛ ھەر بىر قىلغان يامانلىقى ئورنىدا ياخشىلىق قىلغايمەن؛ فۇقرا ۋە رەئىيەلەرنى ئازادە قىلغايمەن.» ۋە يەنە دانىشمەندلەرگە ئەيدى: «ئول تاجكىم سىزلەردە تۇرغاي. ئەگەر مەن پىسەند بولسام تەخت - تاجنى بەرگەيسىزلەر؛ ئەگەر يامان بولسام بىقىنىڭلاردىن بىزار چىقىپ كەتكەيمەن. ھەركىمگە خاھلىساڭلار بەرگەيسىزلەر.» ۋە يەنە ئەيدى: «مەن بۇ پادىشاھىڭلار بىرلە دىلاۋەرلىكدە ئازمايىش قىلۇرمەن. ئانداغكى، بۇ تاجنى ئىككى ئاچ شىرنىڭ ئاراسىدا قويالى، قايسىمىز ئالساق

ئاغا بولسۇن.» خەلق بۇ سۆزگە مۇتەھەييىر بولدىلەر. بەس، بۇ سۆز بىرلە تارقادىلەر. ئەرتەسى تەمام ئەجەملەر يىغىلدىلەر، دانىشمەندلەر ئول تاجنى كەلتۈردىلەر. بەستام ئاتلىغ شىربان بار ئەردى، ئىككى ئاچ شىرنى كەلتۈردى، بىرىنى تەختنىڭ بىر يانىدا، يەنە بىرىنى بىر يانىدا باغلاپ قويدىلەر. تاجنى ئاراسىدا قويدىلەر. بەھرام كىسراغە ئەيدى: «ئىلگەرى بارغىل.» كىسرا ئەيدى: «ئەۋۋەل سەن بارغىلكىم، پادىشاھلىق دەئۋاسى قىلۇرسەن ۋە مەندىن مۈلكنى ئالماقنى تەمەننا قىلۇرسەن.» بەس، بەھرام شىرغە يۈزلەندى ئەرسە، خەلق ئەيدىلەر: «خۇدادىن قورقغىل، مۈلك ئۈچۈن ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرمەگىل. بىز سەندىن بىزار ئەمەسمىز.» بەھرام دىلدە خۇدانىڭ ئاتىنى ياد قىلدى، خۇدادىن قۇۋۋەت ۋە نۇسرەت تىلەپ، شىرلارغە قەسد قىلدى. شىرلار ئاغا ھەملە قىلدى، بەھرام دىۋانە بارىپ، بىر گۈرزە ئۇرۇپ، قۇلاقلارىدىن تۇتۇپ، بىرىگە مىندى، يەنە بىرى ھەملە قىلدى ئەرسە، قۇيرۇغىدىن تۇتۇپ، بىرىنى بىرىگە ئۇرۇپ، ھەر ئىككىلەسىنى ئۆلتۈردى. تاجنى ئالىپ باشىغە كىيدى، تەختغە چىقىپ ئولتۇردى. خۇتبە ئوقۇدىكىم، ئانىڭ فەساھەت ۋە بەلاغەتىغە تەئەججۇب قىلدىلەر. دانىشمەندلەر ۋە ھۆكۈمالار تەھنىيەت ئەيتىپ، بەيئەت قىلدىلەر.

بەھرام يەتتە كىشۋەرگە پادىشاھ بولدى. بەس، بىر كىشۋەردە بىر كۈن ئولتۇرۇپ، خەلققە ياخشى ۋەئدەلەر قىلىپ، رۇخسەت بىرۇر ئەردى. بەس، مۇنزەر نوئمانىنى ھازىر قىلدى. ئۇلەرغە چەندان سەرۇپاي، ئاتلار، مال - جەۋاھىرلار بەردىكىم، ھىساب ۋە ئەدەددىن تاشقارى ئەردى. لەشكەرىگە ھەم ئانچە سوغا - تۆھفە ئىبەردىكىم، كۆتەرەلمەدىلەر. مۇنزەرنىڭ ئاتىغە پادىشاھلىق مەنشۇرىنى تازە قىلدىلەر. ئاندىن مەملەكەتدە بەرقەرار بولدىلەر، داد - ئەدل قىلدى، رەئىيەنى مەرفۇئۇلقەلەم قىلدى؛ ھىچ كىمگە تەكەللۇف ۋە دەخل - دەلالەت قىلدۇرمادى. تاكىم ھەمە ئۆيۈن - كۈلكى، ئەيشى تەرەبكە مەشغۇل بولدىلەركىم، يەزدگەردنىڭ زۇلۇم - سىتەمى ئۇنۇتۇلغاي، خەلق چەندان كۈن ئاسايىش كۆرگەي.

بەس، بۇ تەرىقە يەتتە يىل ئۆتتى ئەرسە، شەھەرلەرى قوزغالدى. ئەترافىداقى پادىشاھلار مەملەكەتكە قەسد قىلدىلەر. تۈركىستان ۋىلايەتىدىن ئەفراسياب نەسلىدىن خاقان ئاتلىغ بىر كىمەرسە ئەللىك مىڭ لەشكەر بىرلە

ئەجەم سەرھەددىغە كېلىپ، بىسيار ۋىلايەتلەرنى ۋەيران قىلىپ، پارس ھەددىغە يەتتى ئەرسە، دانىشمەندلەر ۋە ئۇلۇغلار بەھرام قاشىغە باردىلەر؛ ئاڭا مەلامەت ۋە سەرزەنىش قىلدىلەركىم: «لەھۋى تەرەب، سەيد - شىكارغە مەشغۇل بولدۇڭلار. مۈلكنى دۈشمەنگە قويدۇڭ، دۈشمەنلەر كېلىپ، ئەترافداقى مەملەكەتنى ئالىپ، فىسقى - فەسادلار قىلىپدۇر. ئەمدى لەشكەر تارتىپ، دۈشمەنگە تەقابىل بولماق لازىم.» بەھرام ئەيدى: «خۇداي تەئالا كەرىم - رەھىمدۇر، مېنى دۈشمەننىڭ قولىغە قويماس» دەپ، بۇ سۆزلەرنى قوبۇل قىلمادى. بۇلار نەۋمىد بولۇپ چىقتىلەر ۋە ئەيدىلەر: «بۇ ئادەمدە ئەقل يوقدۇر. دۈشمەنگە قويماسلەر دەپ چىقمايدۇر.» بەس، بەھرام لەھۋى تەرەبكە ۋە ئەيشى ئىشرەتكە تۇردى. تۈركلەر ئەسكەر يىغىپ، نىسىف شەھەرلەرنى ئالدى ئەرسە، بەھرام ئىنىسى نەرسىنى ئۆزئورنىندا قويۇپ، ئۆزى ئۈچ يۈز پەھلىۋان بىرلە شىكار قىلىپ، ئازەربەيجان بىرلە ئەرمەنىيەدىن ئۆتۈپ، مەغرىب زەمىنىغە باردى. خەلق ئەيدى: «بەھرام شاھ پادىشاھلىقدىن قاچىپ، مۈلكنى دۈشمەنگە قويدى» دەپ تەدبىرگە تۇردىلەر. خاقانغە ئەلچى ئىبەرگەيلەر ۋە پېشكەش تارتغايلەر، خىراج قوبۇل قىلغايلەر، ئامان تىلەگەيلەركىم، ئەمدى خەراب قىلماغايلەر، جاسۇسلار خەبەر قىلدىكىم: «بەھرام قاچىپدۇر، خەلق بۇ تەدبىردەدۇرلەر.» بەس، خاقان ئەمىن ۋە دىلجەمئ بولۇپ، تۈشكەن يېرىدە بىخەبەر تۇردىلەر. بەھرام ئەرمەنىيەدىن خاقاننىڭ لەشكەرىگە جاسۇس ئىبەرىپ، گاھ يولدا، گاھ يولسىز شىكار قىلىپ، پارس سەرھەددىغە چىقىپ، خاقاننىڭ لەشكەرىگە ياۋۇق يەتتى ئەرسە، ناگاھ بىخەبەر كېلىپ تەگدى. خاقان ھەيران بولۇپ قاچىپ كەتتى. بىسيار لەشكەرىنى ئۆلتۈرۈپ، تاج - تەخت ۋە مال - ئەمۋال قالىپ ئەردى، ئۇلارنى ئالىپ، نەرسىغە ئىبەردى. لەشكەرىدىن ئەللىك كىشى ئۆلگەن ئەردى. قالغان ئىككى يۈز ئەللىك كىشى بىرلەن، پارسدىن خوراسانغا، ئاندىن جەيھۇن لەبىگە قوغلاپ باردى. بەھرامنىڭ تەمام لەشكەرى ئاگاھ بولۇپ، ئاندا باردىلەر. بىر ئۇلۇغ سەردارغە بۇيرۇدىكىم: «لەشكەر بىرلە جەيھۇندىن ئۆتۈپ، تۈركلەر بىرلە جەڭ قىل.» بەس، ئول بارىپ جەڭ قىلدى. ماۋەرا - ئۇننەھرنىڭ ھەددىدىن ئاڭا لەشكەر يىغىلدى. تاكىم تۈركلەر ئامان تىلەدىلەر، بەھرامغە ئىتائەت قىلدىلەر، خىراج ئىبەردىلەر. بەس، ئىرانلەر

بىلە تۈركلەر ئاراسىدا بىر ھەددىنى تەئىن قىلدىلەركىم، تۈركلەر ئاندىن ئۆتمەگەي. ئول ھەد قىلىنغان يەردە ئۇلۇغ مىيل ئەتتىلەر. بەھرام زەفەر تاپىپ، ئۆز مۈلكىغە ياندى. ئول جەۋاھىرلاركىم، خاقاننىڭ تاج ۋە كەمەر بەندىدىن ئالىپ ئەردى. ئازەربەيجان ئاتەشكەدەسىغە ئىبەردى. ئانى ھەم ئاتەشكەدەلەردىن ئەزىز تۇتار ئەردى. بۇرادەرى نەرسىنى سىپاھ ـ لەشكەر بىرلە بەلخغە ئىبەردىلەر، تاكىم تۈركلەرنىڭ ھەددىنى باقىپ، ئاندا تۇرغاي. خاقاننىڭ ئۇلۇغ كۆجى بەھرامغە ئەسىر تۇشۇپ ئەردى، ئانى ھەم ئاتاشكەدەگە خىزمەتكە ئىبەردى. ئاندىن كېيىن، ئەتراف ئالەمگە نامە پىتىپ ئىبەردىكىم، ئۈچ يۈز كىشى بىرلە ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ كىشى زەفەر تاپقان، تاكىم ئالەم خەلقىغە تەنبىھ بولغاي. ھەركىم خەسىم بولسە، بولماغاي. ئاندىن كېيىن، بىركۈنى تەمامى ئۇلۇغلار ۋە دانىشمەندلەرنى يىغىپ، خۇتبە ئوقۇدى، ھەمد ـ سەنا ئەيدى، خەلقغە ياخشى ۋەئدەلەر بەردى. ئەيدى: «سىزلەر گۇمان قىلدىڭلاركىم، مېنى ئەيشى ئىشرەتكە مەشغۇلدۇر. مەن دۇشمەننىڭ، مۈلكىنىڭ تەدبىرىدە ئەردىم. خۇداي تەئالا ماڭا نۇسرەت ـ قۇۋۋەت بەردى، ئاز كىشى بىرلە ئانداغ دۇشمەننىڭ يىلدىزىنى يۇلدۇم. ۋە يەنە ھەق تەئالا بۇ پادىشاھلىقنى لايىقلىق بىرلە كەرامەت قىلدى. سىزلە فاسىد خىيال قىلدىڭىزلار. مېنى قاچتى گۇمان قىلىپ، خاقانغە خىراج قوبۇل قىلدىڭلار. مەن ئۇلارنى كەچۇردۇم. ئەمما، ئەگەر سىزلەردىن بىر بەدھەركەتلىغ ۋاقىئە بولسە، ئاتامدىن زىيادە ئوقۇبەتلەرنى قىلۇرمەن. ئول مۈلايىمەت بىرلە پادىشاھلىق قىلدىم. سىزلەر ھەددىن ئاشتىڭلار، بىئەدەب بولدۇڭلار. ئەمدى بىئەدەبلىك ۋاقىئە بولسە، قاتتىغ ئوقۇبەتلەرنى قىلۇرمەن.» ئاندىن، ئىككى يىل مۈلكدە ئولتۇرۇپ، دەرۋىشلەرگە خەير ـ ئىھسانلار قىلىپ، ئاندىن ئەيدى: «باقىڭلاركىم، خىراجىڭلار قانچە قالىپدۇر.» ئەيدىلەر: «يۈز يەتمىش مىڭغە قويدى.» ئىلگەركى ھىساب دەفتەرىنى كۆيدۇردى. ئول زەفەرنىڭ شۈكرانەسىغە قەياش ۋە قەبىلەسىنىڭ ئاجىز ـ زەئىف، نامرادلارىغە بىسيار مال سەدىقە بەردى. ئەجەمدە نەرسى ئاتلىغ بىر كىمەرسە بار ئەردى ئۇلۇغلاردىن، ئىسفەندىيار روينەتەن نەسلىدىن، ئانىڭدىن ئۇلۇغ كىشى يوق ئەردى. ئانى ۋەزىر قىلدى، تەمامى ئىشلارنى تاپشۇردى؛ ئاتاسى يەزدگەردكە ھەم ۋەزىر ئەردى. خەلق ھەم شاد بولدىلەر. بەس، ئىككى يىل ئۆتتى ئەرسە،

بىركۈنى ۋەزىرىغە ئېيدى: «ماڭا بولادۇركىم، ھىندىستان مېنىڭ مۈلكۈم بولسە، مەن ئەندىشە قىلۇرمەنكىم يالغۇز ھىندۇغە بارسام؛ ئول ھىندۇ پادىشاھىنىڭ شەھەرلەرىنى، سىپاھ - لەشكەرىنى، كۈچ - قۇۋۋەتىنى ۋە رەسىم - ئادەتىنى كۆرۈپ يانسام.» مەقبۇل بولدى ئەرسە، ۋەزىرىنى ئۆز ئورنىدا پادىشاھ قىلىپ، بىر ئاتلىغ بىرلە ھىندغە باردى. ھەركۈن شىكار قىلۇر ئەردى. ئانىڭ شۇجائەت ۋە دىلاۋەرلىكىگە خەلق تەئەججۇب قىلۇر ئەردىلەر. ئەمما تانۇماس ئەردىلەر. ھىند خەلقى ئات چاپماق ۋە ئوق ئاتماقنى بىلمەس ئەردىلەر. بەس، پادىشاھغە خەبەر قىلدىلەركىم، ئەجەمدىن بىر مەردى دىلاۋەر كېلىپدۇركىم بىنەھايەت ياخشى پەرھىزكاردۇر. بەس، پادىشاھ چىرلاتىپ، نەۋازىشلەر قىلدى. تا بىر يىلغا ياۋۇق ئاندا تۇردى. بىركۈنى خەبەر كەلتۇردىلەركىم، پالانى مەرغزاردا، بىر ئۇلۇغ پىل پەيدا بولۇپدۇر، ئانداقى پىللار ئاڭا قوشۇلۇپدۇر، رومنىڭ يوللارى بۇ ۋەجھىدىن تۇتۇلۇپدۇر. ھەر چەندلەشكەر بارىپ، ئانى دەفئ قىلالمادىلەر. ھېچ ئادەم ياۋۇق بارالمايدۇر، دىدىلەر. بەھرام ئېيدى: «ماڭا بىر كىشى ھەمراھ بولسۇن، مەن پىل بىرلە يالغۇز جەڭ قىلۇرمەن.» پادىشاھ بىر كىشى بۇيرۇدى، تاكىم قايسىنى ئۆلتۈرگەي، ئانىڭ خەبەرىنى كەلتۇرگەي. بەس، ئاندا باردىلەر. ئول ئادەم بىر ئىگىزگە چىقتى، تاكى تاماشا قىلغاي. بەس، بەھرام پىلنىڭ ئالدىغە باردى، ئوقنى تىركەشىدىن چىقاردى. پىل نەئرە تارتتى ئەرسە، بەھرامغە يۈگۈردى؛ بەھرام ئوق بىرلە پېشانەسىگە ئۇردى ئەرسە، ئوق غايىب بولدى. پىل ئايلانىپ - چۆپىرۈلۈپ تۇردى. بەھرام شەمشەرىنى ئالىپ باشىنى كەستى، خەرتۇمىدىن تۇتۇپ، سۆرەپ ئالىپ چىقتى. ئول مەرغزار خەلقى ھەيران قالدىلەر. ئول كىشى كېلىپ، پادىشاھغە خەبەر قىلدى. پادىشاھ بەھرامنى چىرلاتىپ، ئىززەت - ئىكرام، ئىھسان - ئىنئام قىلدى. ئېيدى: «ئەي جۇۋانمەرد، سەن كىمسەن؟» ئېيدى: «مەن ئەجەمنىڭ ئۇلۇغلارى ئەۋلادىدۇرمەن. پادىشاھ ماڭا غەزەب قىلىپ ئەردى، مەن قورقۇپ قاچىپ كەلدىم.» بەس، پادىشاھ بەھرامنى خاس مەھرەملەرىدىن قىلدى. ھەريەرگە بارسە ھەمراھ قىلۇر ئەردى. ھەركۈنى تەئەججۇب ئىشلار كۆرۈپ ھەيران قالۇر ئەردى. بەس، ئول پادىشاھغە بىنەھايەت لەشكەر بىرلە ياغى كەلدى. ئول پادىشاھ قورقۇپ، خىراج قوبۇل قىلماقغە قەسد قىلدى ئەرسە، بەھرام

ئەيدى: «مەن تەنها بۇ لەشكەرگە تەقابىل بولۇرمەن.» بەس، پادىشاھ لەشكەر يىغىپ بەردى ئەرسە، بەھرام ئۇل ياغى بىرلە تەقابىل بولدى. ھەر شەمشەركى سالۇر ئەردى، لەشكەرنى پارە - پارە قىلۇر ئەردى. گاھى ئوق، گاھى سول جەۋلان قىلۇر ئەردى. ئاقىبەت بىر تائىفەگە ھەملە قىلدى ئەرسە، ھەمە قاچتىلەر. ھىندۇ پادىشاھى زەفەر تاپىپ ياندى ئەرسە، بەھرامغە قىزىنى بەردى. قەسد قىلدىكىم مۈلكنى ئاڭا تاپشۇرغاي. بەس، بەھرام ئۆزىنى ئاشكارا قىلدى ئەرسە، ئەيدى: «مەن ئەجەم پادىشاھى بەھرامدۇرمەن.» بەس، ھىند پادىشاھى قورقۇپ، مەلال ۋە دەرماندە بولدى. بەھرام ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، نە گۇمان قىلۇرسەنكىم، مېنىڭ سىنىڭ مۈلكۈڭغە ھاجەتىم يوقدۇر. لېكىن، سىنى ۋە شەھەرلەرىڭ، سىپاھ - لەشكەرىڭنى كۆڭلۈم كۆرمەكنى تارتتى. شول سەبەبدىن كېلىپ ئەردىم. ئەمدى كۆردۈم، مۈلكۈمغە يانارمەن.» بەس، پادىشاھى ھىند نەچەند شەھەرلەركىم ئەجەمگە ياۋۇق ئەردى، بەھرامغە بەردى. بەھرام ئەيدى: «سەن بۇ شەھەرلەر ئۈزرە، ئورنۇمدا خەلىفە بول، ماڭا خىراج ئىبەرگىل.» بەس، ھىند پادىشاھىنىڭ قىزىنى ئالىپ، مۈلكىغە ياندى. سەلامەت كېلىپ، تەختدە ئولتۇردى.

ئاندىن، نەرسىنى لەشكەر بىرلە رومغە ئىبەردى، تاكىم رومنىڭ شەھەرلەرىنى ئالغاي، خىراجغە قويغاي. بەس، نەرسىنىڭ شايىستە ۋە ياخشى ئۈچ ئوغلى بار ئەردى. بەھرام ئۇلارنى ۋەزىر قىلدى؛ ھەر قايسىغە بىر ئىش بۇيرۇدى. بىرىنىڭ ئاتى راۋەيدا، بىسيار ئالىم ئەردىكىم ھىچ ئىلىم ئاڭا مۇشكۇل ئەمەس ئىدى، ئانى دانىشمەندلەرنىڭ ئۇلۇغى قىلدى. يەنە بىرىنى باجىشەھن دەر ئەردىلەر، ئۇل ھىسابدان ئەردى، ئانى خەزىنەدار قىلدى، تەمامى خىراج مەملەكەت دىۋانىنى ئاڭا بەردى. يەنە بىرىنى ئىستەمىكان دەرئەردىلەر، ئۇل دىلاۋەر - پەھلىۋان ئەردى، ئانى سىپەھسالارنىڭ ئۇلۇغى قىلدى. بەس، نەرسىنى بىسيار لەشكەر بىرلە رومغە ئىبەردى. روم پادىشاھى قورقۇپ، سۇلۇھغە كەلدى ئەرسە، خىراج قوبۇل قىلدى. نەرسى تەمام سىپاھىنى بەھرامغە ياندۇردى ئەرسە، بىسيار شاد بولۇپ، نەرسىنى ئۇلۇغ قىلدى. تەمامى مەملەكەت بەھرامغا مىنقاد ۋە فەرماندار بولدى ئەرسە، ئەمىن بولۇپ، ئەيشى ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. روم، تۈرك، ھىندىلەرغە خىراج قويدى. ئاندىن، نەرسى رۇخسەت تىلەدىكىم: «پىر بولۇپدۇرمەن، ئاخىرقى

ئۆمرۈمدە ئىبادەتكە مەشغۇل بولسام، فەرزەندلەرىم سىنىڭ دەرگاھىڭدا مۇلازىم بولسە.» بەھرام ھەم رۇخسەت بەردى. نەرسى ئۆز دىيارىغە بارىپ، ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. بەھرام ئون كەنت ئاباد قىلدۇردى؛ كەنتدە چەھار باغلارنى قىلدىلەر، ئەنۋائى دەرەختلەرنى سالدۇردى. ھەركەنتدە بىر ئاتەشكەدەنى ئاباد قىلدى. ئاتەشخانەلەر بىسيار زەۋقلەر قىلۇر ئەردى. تەمامى پادىشاھلاردىن خىراج كېلىپ تۇرار ئەردى. بۇ تەرىقە ئاتمىش ئۈچ يىل پادىشاھ بولدى. بەس، بىر كۈنى شىكارغە چىقتى ئەرسە، بىر قۇلان ئۇچرادى. ئانى قوغلاپ بارۇر ئەردى، ئاتى بىر قۇدۇغقە تۇشتى. سىپاھ ـ لەشكەر ئانچەكى قەسد قىلدىلەر، ئالالمادىلەر. ئول قۇدۇغ بىنەھايەت چۇقۇر ۋە قاراڭغۇ ئەردى، بەھرامنى كۆرمەدىلەر. ھېچكىم تۇشەلمەدىلەر. بىلمەدىلەركىم ئول نە قۇدۇغ ئەردى، بەھرامنىڭ ھالى نە ئەردى. بەس، ئاندىن كېيىن ئوغلى يەزدگەرد تەختغە ئولتۇردى.

# دەستان

## قىسسەئى يەزدگەرد بىننى بەھرام بىننى يەزدگەرد

بەس، يەزدگەرد پادىشاھ بولدى ئەرسە، خەلقغە بىسيار ياخشىلىقلار قىلدى، داد ـ ئەدللەر قىلدى؛ بىسيار ئابادلىقلار قىلدى. ئاتاسى زەمانىداقى پادىشاھلار مۇڭا ھەم خىراج ئىبەردىلەر. نەچەند يىلدىن كېيىن، روم شاھى خىراج بەرمەدى ئەرسە، نەرسىنىڭ مۆھرىنى ئوغلىدىن سىپاھ ـ لەشكەر بىرلە ئىبەرىپ، ئىنائەت قىلدۇردى. ئون سەككىز يىل پادىشاھ بولدى. ئانىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى: ئۇلۇغى فىرۇز، كىچىكى ھورمۇز. فىرۇز ئىشتىپ ھاتىلە لەشكەرىگە باردى.

بەس، يەزدگەرد ئۆلدى ئەرسە، ھورمۇز تەختغە ئولتۇردى. ھاتىلە لەشكەرىگە بىنەھايەت ئىنئام ـ ئىھسانلار قىلىپ ياندۇردى.

# دەستان

# قىسسەئى هورمۇز بىننى يەزدگەرد بىننى بەھرام گور

فىرۇز سەلتەنەت تەختىدە قەرار قىلدى، داد - ئەدل پىشە قىلدى. سەككىز يىل پادشاھ بولدى ئەرسە، يامغۇر ياغماي قەھتلىك بولدى. فىرۇز ئەتراف - جەۋانىبغە نامە ئىبەردىكم: «خەزىنەلەرىڭلاردىن رەخت ۋە تەئاملار ئالىپ بىزگە ئىبەرىڭلار. فەقىر - فۇقرا ۋە دەرۋىشلەرغە خەير - ئىھسان قىلىڭلار. ئەگەر ھەركىم شەھەرىڭلەردە بىرگەدا ئاچلىقغە ئۆلسە، ئورنىغە تەۋانگەرلەرنى ئۆلتۈرۈرمەن.» بەس، خىراجنى تەمام شەھەرلەردىن ئۆتتى. ئۆزىنىڭ خەزىنەلەرىنى ئاچىپ، دەرۋىش - فۇقرالارغە ئىھسان قىلدى. يەتتە يىل مۇنداغ بولدى، ئەمما بىر ئادەم ھىچ شەھەرىدە ئۆلمەدىلەر. فىرۇز ئىلگەرى ستەمكار ۋە زۇلۇم قىلغۇچى ئەردى. زۇلۇم - ستەمگە تەۋبە قىلدى، داد - ئەدل قىلدى. ھەق تەئالا تەۋبەسىنى قوبۇل قىلدى ئەرسە، قەھتلىك كۆتەرىلدى. فىرۇز ۋەقتىدە خىراج دەھيەك ئەردى، ئانى ھەم خەلقدىن ئالماس ئەردى. ھەر يەردەكى ۋەيرانەلىق بار ئەردى، ئاباد قىلدى. ئۈچ شەھەر بىنا قىلدى: بىرى رەي ۋە يەنە بىرى كىركان ۋە يەنە ئازەربەيجان.

# دەستان

# قىسسەئى فىرۇزنىڭ خۇشنەۋاز بىرلە جەڭ قىلغانى

بەس، خۇشنەۋاز بەلخ، بۇخارادا زۇلۇم - ستەمنى ئاشكارا قىلدى. لەۋۋات قىلماقنى ئول پەيدا قىلدى. تولا خەلق ئانىڭ شەھەرىدىن قاچىپ، فىرۇزنىڭ قاشىغە كېلۇر ئەردىلەر. ئانىڭ بەدكارلىقىدىن شكايەت قىلدى ئەرسە، فىرۇز ئەلچى ئىبەردىكم: «سىنىڭ مەندە ھەققىڭ باردۇر. لېكىن خۇداي تەئالانىڭ ھەققى ئەۋلادۇر. ئەگەر ئول بەدكارلىقدىن ئۆزۈڭنى ياندۇرماساڭ، لەشكەر ئىبەرۇرمەن.» بەس، فىرۇز ھەرچەند ئەلچىلەرنى

ئەۋەتىۋەردى، باۋەر قىلمادى ئەرسە، لەشكەر ئىبەردى. بەس، خۇشنەۋاز خەبەر ئالىپ، سەردارلارنى يىغىپ ئەيدى: «بىزگە ئەجەم لەشكەرىگە تاقەت يوقدۇر، نىچۇك تەدبىر قىلۇرمىز؟» بىر پىرى مەرد ئەيدى: «ماڭا ئانچە ئەمۋال بېرىڭلاركىم، نەبرەمدىن نەبرەمگە قالغاي، تاكى مەن ئۆز جانىمدىن كېچىپ، دۈشمەنىڭلارنى ھىلاك قىلغايمەن.» بەس، خۇشنەۋاز ئانچە مال بەردىكىم ئۆزى رىزا بولدى. بەس، ئول پىرى مەرد ئۆزىنىڭ ئىلىك - ئاياغىنى كەستۇردى؛ ئانى فىرۇز لەشكەرىنىڭ يولىدا بىر باياباندە تاشلادىلەر. بەس، لەشكەر كېلىپ، ئانى كۆردىلەر. بىر سەردارى لەشكەر تانۇدى ئەرسە: «ساڭا بۇ نە ۋاقىئەدۇر؟» ئەيدى: «خۇشنەۋازغە پادىشاھنى دەرغەزەب قىلماغىل، مۇبادا كەلسە سىنى ھىلاك قىلۇر دەپ، نەسىھەت قىلدىم ئەرسە، مىنى بۇ ھالدا قىلىپ تاشلادى.» فىرۇز ئەيدى: «غەم يىمەگىل، قانىڭنى ئالغۇمدۇر، لېكىن ھالا خۇشنەۋاز قايدادۇر؟» پىر ئەيدى: «مۇندىن خۇشنەۋازغە يىگىرمە كۈنلۈك يولدۇر. مەن بىر يول بىلۇرمەنكىم، بەش كۈندە يەتكەلى بولۇر.» بەس، فىرۇز بېش ئوزۇق ئالىپ، ئول پىرنى ئالدىغە سالىپ يۈردى ئەرسە، ئول پىر بىردەشتكە باشلادى. ئەللىك - ئاتمىش مىڭ لەشكەر يەتتە - سەككىز كۈن يۈردىلەر، ھېچ ئابادلىقنىڭ ئەسەرىنى كۆرمەدىلەر. ئول پىر ھەركۈنى تاڭلا يىتەرمىز دەرئەردى. ئاخىر ئون بەش كۈن يۈردىلەرئەرسە، بىسيار خەلق ۋە فىرۇز ھەيران بولدى. ئۇلار چارپايلارىنى ئۆلتۇرۇپ يىدىلەر. چۈن، يىگىرمە كۈن بولدى ئەرسە، ئول پىرى مەرد ئۆلدى. فىرۇز ھەيران - دەرماندە بولدى. تەمامى لەشكەرلەر ئۆلۈمنى مۇقەررەر قىلدىلەر. بۇ ھەيرانلىقدا ئۈچ كۈن يۈردىلەر ئەرسە، خۇشنەۋازنىڭ دىيارىدىن بىركەنتكە چىقتىلەر. فىرۇزنىڭ لەشكەرىدىن ئىككى مىڭدىن كەمرەك قالىپ ئەردى. سەردارلارغە ئەيدى: «تەدبىر نەدۇر؟» ئەيدىلەر: «تەدبىر ئولكىم، خۇشنەۋازغە ئۆزرە خاھلىق بىرلە كىشى ئىبەرمەك لازىمدۇر.» بەس، فىرۇز ناچار، خۇشنەۋازغە پەناھ تىلەپ ۋە ئۆزرەلەر ئېتىپ، كىشى ئىبەردىلەر. خۇشنەۋاز ئەيدى: «ئول مىقدار ياخشىلىقكىم مەن قىلىپدۇرمەن. ماڭا مۇنداغ قىلماق مۇناسىب ئەمەس ئېردى. ئەمدى ئۆز گۇناھلارىڭلارغە ئىقرار قىلىپ، پەناھ تىلەپسىزلەر. سىزلەرنى كەچۇردۇم، ئۆز دىيارىڭلارغە ياندۇرۇرمەن. بېشەرتىكى، فىرۇز ئەھد قىلغايكىم، مۇندىن كېيىن ماڭا قەسد قىلماق ۋە

لەشكەر ئىبەرمەككە بىرمىيل ئەتتۇرگەي، ئاندىن لەشكەر ئۆتمەگەي. » بەس، بۇ سۆز بىرلە ئەلچىلەرگە ئىنئام، گۆنەگۇن تەئاملار بىرىپ ياندۇردى. ئاندىن ئول باياباننىڭ كەنارەسىدە بىر مۇنار ئەتتۇردى. نەچەند دانىشمەندلەر بۇيرۇدى تاكىم فىرۇز، تىرىك باردۇر، ئول مىيلدىن ئۆتمەسلىككە ئەھد بەردىلەر. ئاندىن يۇرتىغە ياندۇردى. فىرۇزغە بىنەھايەت ئار بولدى. ئۈچ يىل سەبرە قىلدى. ئاندىن يەنە خۇشنەۋاز بىرلە جەڭگە ئوغرادى. خەلق ئەيدىلەر: «ئەھدنى سىندۇرماق ياخشى ئەرمەسدۇركىم خۇداي تەئالا ساڭا نۇسرەت بەرمەس. » فىرۇز ئەيدى: «ئەھدىمنى سىندۇرماسلىقغە تەدبىر قىلۇرمەن. » بەس، بارىپ ئول مىيلنى يەردىن قومارىپ، فىللارنىڭ ئۆزەسىدە كۆتەرىپ ئالىپ يۇردىلەر. فىرۇز ئەيدى: «مەن بۇ مىيلدىن ئۆتمەي دەپ ئەھد قىلىپ ئەردىم. ھالا ھەم ئۆتمەدىم ۋە ئەھدىمنى سىندۇرمادىم. » بەس، خۇشنەۋاز ئىشىتىپ، بىر مۇنچە لەشكەر ئالىپ، ئول باياباننىڭ ھەدىغە كېلىپ، نەچەند قۇدۇغلارنى قازدۇردى، ئاغزىنى ياغاچلاردا ياپتۇردى، مەئلۇم بولماغۇدەك پۇشىدە قىلدۇردى. قاچانكىم، فىرۇز كېلىپ، بایابان سەر ھەدىغە تۇشتى ئەرسە، خۇشنەۋاز قاچىپ ئۆز شەھەرىگە يۇردى. فىرۇز ئانىڭ قاچغانىدىن خەبەر تاپىپ، ئۆز خالىسلەرىدىن مىڭ كىشى بىرلە ئارقاسىدىن قوغلاپ، ھەمە بىخەبەر قۇدۇغقا تۇشتىلەر. بۇ خەبەرنى خۇشنەۋاز ئىشىتىپ ياندى. فىرۇزنىڭ لەشكەرىدىن بىسيار خەلقنى ئۆلتۇردى ۋە ئەسىر قىلىپ، ئاندىن فىرۇزنى قۇدۇغدىن چىقارىپ، گەنجنامەسىنى ئالىپ، ئاندىن ئۆلتۇردى. ئانىڭ قىزىنى ئالدى.

## دەستان
## قىسسەئى سوفرا ۋە خۇشنەۋاز

بەس، فىرۇز ئۆلدى ئەرسە، ئەجەمدىن سوفرا ئاتلىغ بىر كىمەرسەنى سەردار قىلدىلەر، مۇلك ۋە لەشكەرنى ئاڭا تاپشۇردىلەر. ئول كىمەرسە ئەجەمنىڭ ئۇلۇغلارىدىن ئەردى. بەس، خۇشنەۋازنىڭ فىروزنى مىكرى بىرلە ئۆلتۇرگەنىنى ئاڭلادى ئەرسە، لەشكەر يىغىپ، فىرۇزنىڭ خۇنىنى تەلەب قىلدى. بىنەھايەت لەشكەر بىرلە خۇشنەۋازنىڭ ئۆزەسىگە يۇردى. خۇشنەۋاز

بىلدىكىم بەرابەر كەلمەكىنىڭ ئىمكانى يوقدۇر. بەس، ئالدىغە ئەلچى ئىبەرىپ، سۈلۈھ تەلەب قىلدى ۋە ئەيدى: «فىرۇز ئۆز گۇناھىدا ئۆلدىكىم، ئەھدىنى سىندۇردى ئەرسە، خۇداي تەئالا مۇنداغ گىرىفتار قىلدى.» بەس، سوفرا ئەيدى: «ئانچە ئەسىرلەرنى ۋە ئۆلۈك تەننى، گەنجنامەنى بەرسۇن. سۈلۈھ قىلۇرمەن.» بەس، خۇشنەۋاز ھەممەنى بەردى. سوفرا ئۆز ئورنىغە ياندى. تەمامى ئەجەم خەلقى يىغىلىپ ئەيدىلەر: «سەن بىزگە پادىشاھ بولغىل.» قوبۇل قىلمادى. ئەيدى: «فىرۇزنىڭ فەرزەندلەرىدىن بىرىنى تەختغە ئولتۇرغۇزۇڭلار.» فىرۇزنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى: بىرىنى قۇباد، يەنە بىرىنى يەلاش ئاتار ئەردىلەر. يەلاشنى پادىشاھ قىلدىلەر. ئول تەختغە ئولتۇردى ئەرسە، سوفرانى ئۆز ئورنىدا قويدى، تەمامى مەملەكەت ئىشىنى ئاڭا تاپشۇردى. قۇباد يەلاشدىن قاچىپ خاقان قاشىغە باردى. يولدا بىر كەنتكە يېتىپ، بىر دىھقاننىڭ ئۆيىگە تۈشتى. ئانىڭ بىر خۇشرۇي قىزى بار ئەردى، ئانى ئالدى. ئەرتەسى، ئەنگۇشتەرىنى كۆجىگە بېرىپ، خاقان قاشىغە باردى. ئەيدى: «ئۇلۇغ ئوغۇل مەن ئەردىم، پادىشاھلىق مىنىڭ ھەققىم ئەردى. خەلق يەلاشنى پادىشاھ قىلدىلەر. سەن ماڭا لەشكەر بېرىپ، ياۋەرلىك قىل.» قۇباد خاقاننىڭ قاشىدا تۆرت يىل تۇردى. ئاندىن لەشكەر بېرىپ ياندۇردى. كۆجى ئول كېچە بار ھامىلە بولۇپ ئەردى. بىر ئوغۇل تۇغدى، ئاتىنى نوشىرۋان قويۇپ ئەردى. ئانى قۇبادنىڭ ئالدىغە ئالىپ چىقتى، قۇباد بىسيار شاد بولدى. ئەيدى: «بۇ ئوغۇل ماڭا مۇبارەك ۋە ياخشى فالدۇر.» بەس، كۆجىنى ئالىپ، مەدايىنغە كەلدى ئەرسە، يەلاش ئۆلگەن ئەردى. كېلىپ تەختغە ئولتۇردى. خاقاننىڭ لەشكەرىگە بىسيار تۆھفە - ھەدىيەلەر بېرىپ، شاد - مەسرۇر قىلىپ ياندۇردى.

# دەستان
# قىسسەئى قۇباد بىننى فىرۇز

بەس، قۇباد ئەجەم مۈلكىنى تەسەررۇف قىلدى ئەرسە، سوفرانى ۋەزىر قىلدى. داد - ئەدل بىرلە جەھاننى ئاباد قىلدى. چەندان شەھەرلەرنى بىنا قىلدى. بەش يىل پادىشاھ بولدى ئەرسە، سوفرا تەمامى مەملەكەت ئىشىنى تەسەررۇف قىلدى. قۇبادنىڭ كۆڭلىدە خارلىق، تەڭلىك بار ئەردى. ئەمما سوفراغە ھىچ سۆز دېيەلمەس ئەردى. قۇبادنىڭ بىر سىپەھسالارى بار ئەردى

شافۇر ئاتلىغ، بىسىيار تەدبىرلىك ۋە مەككار ئەردى. بىر كۈنى ئۇل قۇبادنىڭ قاشىغە كىردى ئەرسە، خىلۋەت قىلىپ، سوفرادىن ئاڭا شىكايەت قىلدى. شافۇر ئەيدى: «مەن سوفرادىن مۇلكنى خەلاس قىلغۇمدۇر.» بەس، بىركۈنى، سوفرا قۇباد ئالىدا شافۇر بىرلە جىدەل قىلىشتىلەر. شافۇر قاتتىغ - دۇرۇشت سۆزلەرنى ئەيتتى ئەرسە، سوفرا جەۋاب ياندۇردى. شافۇر كەمەرنى يېزىپ، سوفرانىڭ گەردەنىگە سالىپ تارتتى. سوفرا پىرئەردى، شافۇر نەۋجۇۋان ئەردى. بۇيرۇدىكىم، ئىلتىپ زىندانغە سالدىلەر. ئۇل كېچەسى سوفرانى زىندانىدا ئۆلتۈرۈپ، قۇبادنى سوفرادىن خەلاس قىلدىلەر ئەرسە، تەمامى مەملەكەت ئىشىنى قولىغە ئالدى. شافۇرنى ۋەزىر قىلدى، ھەمە مەملەكەتنى ئاڭا تاپشۇردى. ئۈچ يىلدىن كېيىن خوراسانغە بۇيرۇدى ئەرسە، بارىپ جەڭ قىلىپ، زەفەر تاپىپ، بىسىيار غەنىمەتلەرنى ئالىپ ياندى. قۇبادنىڭ ئون ئوغلى بولدى، ئەمما نوشىرۋاننى ھەمەدىن ئەزىز ۋە ئۇلۇغ تۇتار ئەردى. قۇبادنىڭ دەۋرىدىن ئون يىل ئۆتتى ئەرسە، خوراساننىڭ نەسا دىگەن شەھەرىدىن مەزدەك ئاتلىغ بىر ئادەم پەيغەمبەرلىك دەئۋا قىلىپ، پەيدا بولدى. ئاتەشپەرەست ئەردى. ئاناسى ۋە قىزىنى ئالماقغە بۇيرۇر ئەردى. ئەيتۇر ئەردى: «خۇداي تەئالا بۇ ئالەمنى خەلق ئاراسىدا يەكسان ياراتىپدۇر. بەس، ھەمەئى نەرسەلەر خەلق ئاراسىدا بەرابەر بولغاي. ھىچ مانىئ بولماغاي.» بۇ سۆز دەرۋىش، كاھىل ۋە ناكار خەلقغە خۇش كەلدى. ھەمە ئاڭا تابىئ بولدىلەر. قۇبادغە خەبەر قىلدىلەر، ئاڭا ھەم خۇش كەلدى. ئاڭا تەسدىق قىلىپ، ئىمان كەلتۇردى. ھەر كىمنىڭ كۆڭلى خاھلاسا ئالۇر ئەردى. بۇ مەزدەكنىڭ دىنى ئاشكارا بولدى ئەرسە، ئالىم ۋە دانىشمەندلەر يىغىلىپ، قۇبادغە نەسىھەت قىلدىلەر. قوبۇل قىلمادى. خەلقنى گۇمراھ قىلغالى تۇردى ئەرسە، خەلق ھۇجۇم قىلىپ، قۇبادنىڭ باشىدىن تاجنى ئالىپ، ئانى زىندانغە سالىپ، جاماس ئاتلىغ بىر بۇرادەرى بار ئەردى، ئانى پادىشاھ قىلدىلەر. مەزدەكنى ئۆلتۈرمەككە قەسد قىلدىلەر ئەرسە، تابىئ بولغان خەلقلەر يىغىلىپ، جەڭگە تۇردىلەر. خەلق قورقۇپ، مەزدەكدىن قول يىغدىلەر. قۇبادنى ئۆلتۈرمەككە مەسلەھەت قىلدىلەر. قۇبادنىڭ بىرھەمشىرەسى بار ئەردى، خۇشرۇيلۇقدا بەرابەرى يوق ئەردى. ئانى قۇباد ئالغان ۋە ئانىڭدىن بىر فەرزەند بولغان ئەردى. ئۇل مەزلۇم خىزمەتكارلاردىن

بىر كىشىنى ئالىپ، زىندانغە كەلدى. زىندانبانغە ئەيدى: «مېنى بۇ كېچە قۇبادنىڭ قاشىدا بولغالى رۇخسەت بەرگىل.» زىندانبان رۇخسەت بەردى. ئول كېچە زىنداندا تۇردى. سەھەر ۋەقتىدە قۇبادنى بىر چادىرشەبغە يۆرگەپ، ئول خىزمەتكارغە كۆتەرتىپ، چىقارىپ قويا بەردى. بىر سائەتدىن كېيىن، زىندانبانلار فەرياد سالدىكىم، قۇباد قاچىپدۇر. خەلق يىغىلىپ كېلىپ زىندانبانلانى ئۆلتۈردىلەر. قۇباد قاچىپ، يەنە خاقان قاشىغە بارىپ، لەشكەر ئالىپ كېلىپ، پادىشاھلىقنى قولىــغە ئالدى. مەزدەككە ئانچە قۇۋۋەت بەردىكىم، ئىلگەركىدىن سەد چەندان.

قۇباد قىرىق ئۈچ يىل پادىشاھ بولدى، ئۆمرى ئاخىر بولدى ئەرسە، نوشىرۋاننى ئۆز ئورنىدا قويدى. چۈنكى ھەمە فەرزەندلەرىدىن ئاقىل - خىرەدمەند ئەردى. بەس، قۇباد ئۆلدى.

## دەستان
## قىسسەئى نوشىرۋان

بەس، نوشىرۋان تەختغە ئولتۇردى. ئەجەم پادىشاھلارىدا ئانىــڭدىن ئادىلراق يوق ئەردى. ئانچە سەلتەنەت ۋە پادىشاھلىقكىم ئانىڭدا ئەردى، ئۆزگەدە يوق ئەردى.

مۇھەممەد بىننى جەرىر ئەيتىپدۇرلەر. نوشىرۋان ئاتابسى ۋەقتىدە كەمال ئەقل - فەراسەتىدىن تەمامى مەملەكەت ئىشىنى تەسەررۇف قىلىپ، باشىغە تاج قويغان ئەردى. ئول خەلق ئاراسىدا داد - ئەدل قىلدى. مەزدەكنى ئۆلتۈردى، تەمامى تابىئلارىنى نىــست - نابۇد قىــلدى. ئۇلارنىــڭ تەسەررۇفىداقى مال - ئەمۋاللارنى ئىگەسىگە تاپىپ بەردى. ئىگەسى چىقماغان نەرسەلەرنى دەرۋىش - فۇقرالارغە سەدىقە قىلدى. ئول مەزلۇملەرنىكىم زۇلۇم - سىتەم بىرلە ئېرىدىن ئالىپ ئەردىلەر، ئانى ئېرىگە ياندۇرۇپ بەردى. ھەركىمكى ھۆنەر بىلمەس ئەردى، ئانى مەردكارچىلىقغە بۇيرۇدى. ھەركىم نابىينا ۋە ئاجىز ئەردى، ئاڭا خەزىنەســدىن ۋەزىفە بەردى ۋە ئەيدى:

«خاھلاماسمەنكىم مېنىڭ دىيارىمدا دەرۋىش - نامراد بولغاي.» دېھقانلارغە بۇيرۇدىكىم، ھېچ يەرنى خالى قويمىغايلار؛ ئۆرۈغسىزلارغە ئۆرۈغ بېرۇر ئەردى. ھەركىمكى دەرۋىشلىكدىن ئۆيلەنمەگەن بولسە، خەزىنەسىدىن جابدۇغ بېرىپ ئۆيلەر ئەردى. ھەر مەزلۇمكى مۇجەررەد ئەردى، ئانى كۆيۈگە بېرۇر ئەردى. ئاتاسىنىڭ خاتۇنلارىدىن ئىختىيار قىلغانىنى كۆيۈگە بېرۇر ئەردى. ئىختىيار قىلماسا ئۆيىدە ساقلار ئەردى. سىپاھ - لەشكەرىگە روزانە تەئىن قىلدى؛ سىلاھسىزلەرغە ياراغ بەردى. ئاتەشخانەلەر بىنا قىلدى. ۋەقفلەر قىلدى، جارۇبكەشلەر قويدى. بەش يىلدا تەمامى مەملەكەتنىڭ ئىشى تەمام بولدى. ئەردەشىر بابەكنىڭ تەرىقەسىدە رەسم - ئايىن تۈزدى. ئاندىن كېيىن لەشكەر تارتىپ، شەھەرى ئانتاكىيەگە باردى. ئول شامنىڭ ۋىلايەتىدىن روم پادىشاھىنىڭ تەسەررۇفىدا ئەردى. ئول شەھەرنى ئالىپ ۋەيران قىلدى. ئانىڭ سۆرەتىنى تارتتۇرۇپ ئالىپ، ئۆز دىيارىدا شەھەر قىلدى. ئانداغكىم ھەمە كوي - كوچا، بازارلارى ئانتاكىيەدەك بولدى. ئانتاكىيەنىڭ خەلقىنى كەلتۇرۇپ، ئول شەھەرگە بۇيرۇدى ئەرسە، ھەركىم ئۆزىگە، ئۆز مەھەللەسىگە كىرگەندەك بولدى. ئاندىن لەشكەر ئالىپ ئىسكەندەرىيەگە باردى. ئەۋۋەل ھىرەقلنىڭ شەھەرىنى ئالدى، ئول قاچىپ، قۇستەنتىنىەگە باردى. ئاڭا ئەلچى ئىبەرىپ، سۇلۇھ بىرلە خىراج قوبۇل قىلدۇردى. ئاندىن زەمىنى ھەررانغە باردى. ئاتاسى ۋەقتىدە ئولتۇرۇپ، خەراب قىلغانىنىڭ ئەۋزىگە بۇ ھەم ئولتۇرۇپ، خەراب قىلىپ، ئاندىن يەمەنگە كەلدى. شەھەر ئەدەنگە تۈشتى. يەمەندە ھەمە شەھەرلەرنى خەراب ۋە خەلقىنى ئۆلتۇرگەلى تۇردى ئەرسە، ھەرران ۋە يەمەن پادشاھلارى مۇتىئ - مۇسەخخەر بولۇپ، خىراجنى قوبۇل قىلدىلەر. ئاندىن، ئارزۇ قىلدىلەر بەلخغە بارغاي. ھەياتىلە، تۇخارىستان پادشاھلارىنى ئۆلتۇرگەي. چۇنكى ئۇلار ھەم ئاتاسى فىروزنى ئۆلتۇرگەن ئەردى. بەلخ تۈركلەرگە ياۋۇق، ھەياتىلە پادشاھى بىرلە خاقاننىڭ دوسلۇقى بار ئەردى. ئول خاقانغە بىسيار تۆھفە - ھەدىيەلەر بىرلە قىزىغە ئەلچى ئىبەردى. ئانىڭ قىزىنى ئالدى. خاقان بىرلە ئەھد باغلادىلەر.

بىر يىلدىن كېيىن پادىشاھى ھەياتىلە بىرلە جەڭ قىلماققە خاقاندىن لەشكەر تىلەدى. خاقان تۈركلەردىن بىسيار لەشكەر ئىبەردى. ئانوشىرۋان ئول لەشكەرلەر بىرلە بەلخقە كەلدى. پادىشاھى ھەياتىلەنى ئۆلتۈرۈپ، مال ـ ئەمۋالىنى غارەت قىلىپ، خەراب قىلدى. ئاندىن، تۈركىستانغە باردى. ئاندىن ماۋەرائۇننەھر، فەرغانە بىرلە ئۆز يۇرتىغە ياندى.

ئەرەب پادىشاھى نوئمان بىننى مۇنزەر ئەردى، ئانى بۇ يەرگە قويدى. يەتتە يىلدىن كېين نوئمان ئۆلدى. پادىشاھلىقنى ئوغلىغە بەردى. ئاڭا ئىككى دۈشمەن كەلدى، بىرى مەشرىقدىن ۋە يەنە بىرى مەغرىبدىن؛ ھەر ئىككىسى بىرلە جەڭ قىلىپ، زەفەر تاپتى ئەرسە، ئەرەب ئانى «مۇنزەر زۇلقەرنەين» ئاتادى. بەئزىلەر ئىككى باشى بار ئەردى دەپدۇرلەر. ئول ئۆلدى. ئانوشىرۋان مۇلكنى ئوغلى ئۆمەر بىننى مۇنزەرگە بەردى. ئاناسى ھىندۇ ئەردى، ئەرەب ئانى «ئۆمىرھىند» ئاتار ئەردى، نەسەبدە ئاتاسىدىن ئۇلۇغ ئەردى. بۇ ئەرەب پادىشاھلارى ھەمە كىسرالارنىڭ قولىدا ئەردىلەر، ھەيرەنى پايتەخت قىلۇر ئەردىلەر. مەۋسىـــل، جەزىرە، شام، يەمەندىن بەئزىســـى، بادىيەدىن تا مەھرەسىغەچە بۇلارنىڭ تەسەررۇفىدا ئەردى. زەمىنى ھىجاز كىسرالارنىڭ تەسەررۇفىدا ئەردى. ئاخىر ئانوشىرۋان تەسەررۇف قىلدى. ئاندىن، ئەرەب ھىميەرىيلەرۇ ئىلكىدىن ھەبەشكە تۈشتى. ئەمما تولاراق يەمەن مۇلكى ھىميەر پادىشاھلارى ئىلكىدە ئەردى. ئۇلارنى تا بابىئە دەرئەردىلەر. ئول ۋەقتىدە زەمىنى ھىجاز ئەرەبلەرنىڭ تەسەررۇفىدا ئەردى. مەككەنى تىھامە، مەدىنەنى يەسرىب، بۇ ھەمەسىنى ھىجاز دەرئەردىلەر. زەمىنى بادىيەنى ھەم ھىجاز ئاتار ئەردىلەر. بۇ يەرلەردە پادىشاھلىق يوق ئەردى. لېكىن نوئماننى ۋە ئەرەب پادىشاھلارىنى ئۇلۇغلار ئەردىلەر، خىراج بەرمەس ئەردىلەر. بۇلارغە ھىچ پادىشاھ ئازار بەرمەس ئەردى. چۈنكى دەرۋىش خەلق ئەردىلەر. شام ۋە ھەبەشكە بارىپ، سوداگەرلىك بىرلە مەئاش كەلتۈرۈپ ئولتۇرۇر ئەردىلەر. ھەر پادىشاھلارنىڭ دىيارلارىغە بارسەلەر، ئۇلارغە دوست ـ ئاشنا ئەردىلەر. ئول پادىشاھلار مال ـ ئەمۋال ئەتا قىلۇر ئەردىلەر. مەككەنىڭ ئۇلۇغى

ئابدۇلمۇتتەلىب ئەردى. مەدىنەنى ئەۋس ۋە ھەزرەج تۇتار ئەردى.

## دەستان
## قىسسەئى ھىمیەر ۋە ئانىڭ ھەج قىلغانى ۋە كەئىبەغە ياپۇغ ياپغانى

ۋاقىئەسىنى بىلمەك كېرەككىم، يەمەندە قۇباد ۋە خۇزەيمە ۋەقتىدىن ھەم ئىلگەرى بىر پادىشاھ بار ئەردى. تەبابىئەلەر ئاخىرى ئول ئەردىكىم، ئانى تۇببەئۇلئاخىر ئاتار ئەردىلەر. ئۆتكەن تۇببەئىلەردىن مۇلك ئاڭا قالغان ئەردى. يەمەندە بىنەھايەت سىپاھ - لەشكەر ئاڭا يىغىلغان ئەردى. قەسد قىلدىكىم، يەمەندىن لەشكەر تارتىپ چىقىپ، شام، رۇم، ئەجەم ھەمەنى تەسەررۇف قىلغاي. بەس، بىنەھايەت لەشكەر بىرلە چىقتى ئەرسە، زەمىنى ھىجاز ۋە ئەرەب فەرمان تۇتتىلەر. ئول بۇتپەرەست ئەردى. مەككە ۋە مەدىنە ئول ئەترافداقى ئەرەبلەر ھەمە بۇتپەرەست ئەردىلەر. شامدىن جۇھۇدلار بۇختۇن نەسسەردىن قاچىپ كېلىپ، مەدىنەنىڭ ئەترافىدا كەنتلەر قىلىپ ئولتۇرغان ئەردى. ئانداغكى، خەيبەر، مۇدەك، ئاۋەيۇلقەرى، بەنى نەسىر، يەنبۇئ - بۇ جوھۇدلار ئىنجىل شەرىئەتىنى بىلمەس ئەردىلەر؛ ھەزرەتــــى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرى ۋە ئىنجىلنىڭ ھۆكمى شام، مەغرىب ۋە يەمەندە ئەردى؛ زەمىنى ھىجازغە كىشى كەلگەن ئەمەس ئەردىكىم، خەلقنى ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىغە تەكلىف قىلغاي. بەس، يەمەندىن چىقىپ، مەككەگە كەلدى. شەھەر كۆردىكىم، تاغلارنىڭ ئاراسىدا، سۇ - دەرەختلەر يوق. ئاڭا قەسد قىلمادى. ئۆتۈپ مەدىنەگە كەلدى ئەرسە، كۆردىكىم بىغايەت ئاباد؛ ئاندا ئۆمەر بىننى تەلھە ئاتلىغ بىر كىمەرسە سەردار ئەردى. بەس، بۇ - تۇببەئ ئوغلىنى مەدىنەگە پادىشاھ قويدى. ئۆزى ئۆتۈپ شامغە يۈردى. مەدىنە خەلقى تۇببەئنى يىراقغە ئۇزايتىپ، ئوغلىنى ئۆلتۈردىلەر. بۇ خەبەر تۇببەئغە يەتتى ئەرسە، نىيەت قىلدىكىم يانىشىدا مەدىنەنى خەراب قىلىپ، تەمام خەلقىنى ئۆلتۈرگەي. بەس، قەسد قىلغان يەرلەرىگە بارىپ، ياندى ئەرسە، مەدىنىگە كېلىپ، چۆرەسىنى ئالىپ تۇشتى. نەچەند كۈن مۇھاسىرە قىلدى.

بىر كۈنى، لەشكەرلەردىن بىر كىشى بىر كىمەرسەنىڭ تامىغا چىقىپ خورما ئالدى ئەرسە، تام ئىگەسى ئۇل ئادەمنى ئۆلتۈرۈپ، قۇدۇققا تاشلادى. بۇ ۋاقىئەنى تۇببەئ ئىشىتىپ، جەڭگە تۇردى. بىر ئاي جەڭ قىلدى، ھېچ نىمە قىلالمادى. ھەر كۈنى ئەرتەدىن ئاخشامغا جەڭ قىلۇر ئەردىلەر. كېچەسى مەدىنە خەلقى لەشكەرگاھغا خورمەلەر ئىبەرۇر ئەردىلەر، لەشكەر خەلقى يەر ئەردى. بىركۈنى، لەشكەر تۇببەئغە ئەيدىلەر: «بۇ خەلق بىرلە نېچۈك جەڭ قىلۇرمىزكىم، كۈندۈزى جەڭ قىلىپ، كېچەسى بىزنى مېھمان قىلۇرلەر. تۇببەئ ئەيدى: «راست ئەيتۇرسىزلەر، بۇ خەلق سەخى خەلقدۇر.» بەس، لەشكەر جەڭدىن پەست بولدى ئەرسە، جوھودنىڭ ئالىملارىدىن كەئب ۋە ئەسەد ئاتلىغ ئىككىسى چىقتى. ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، بۇ شەھەرنى خەراب قىلالماسسەن. چۈنكى بۇ شەھەرنى ھەركىم خەراب قىلماقنى خاھلاسا خۇداۋەند ئالەم ئاڭا ئەزاب ئىبەرۇر. قۇرەيشدىن بىر پەيغەمبەر زوھۇر قىلۇركىم، ئاتلەرى مۇھەممەددۇرلەر. ئانى قۇرەيش خەلقى ئۆز دىيارلەرىدىن چىقارۇر. ئۇلەر كېلىپ بۇ شەھەردە بولۇرلەر. خۇداي تەئالا ئول پەيغەمبەرنىڭ ھۆرمەتىدىن بۇ شەھەرنى ساقلار. بىز بۇ ۋاقىئەنى «تەۋرات» دا كۆرگەندۇرمىز.» پادىشاھ ئەيدى: «تەۋرات نەدۇر؟» بۇلار ئەيدىلەر: «تەۋرات خۇداي تەئالانىڭ ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. غە ئىبەرگەن كىتابىدۇر.» بەس، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرىنى، سۈفەتلەرىنى ۋە تەۋراتنىڭ ئەھكام - شەرىئەتلەرىنى بەيان قىلدىلەر ئەرسە، پادىشاھغە پىسەند بولدى، ئىمان كەلتۈردى، بۇتپەرەستلىكدىن ياندى. ھەمە لەشكەرنى تەۋرات شەرىئەتىگە دەلالەت قىلدى. ھەمەسى قوبۇل قىلدىلەر. بەس، ئول ئىككى ئالىمغا ئەيدى: «سىزلەر مېنىڭ بىرلە يەمەنگە بارماق لازىمدۇر، تاكى تەمام خەلقنى بۇدىنغە باشلاغايمىز.» بۇلار ھەم قوبۇل قىلدىلەر. بۇلارغە بىسيار ئىنئام - ئېھسانلار قىلدى. ئەيدى: «سىزلەر نېچۈكدىن مەدىنە خەلقىنى بۇ دىنغە باشلاماسسىزلەر؟» ئەيدىلەر: «بۇلار ئول پەيغەمبەرگە ئۇممەتدۇرلەر، ئول پەيغەمبەرگە ئىمان كەلتۈرۈپ، ئاڭا يارى بېرۇرلەر.» بەس، پادىشاھ بۇ ئىككى ئالىمنى ئالىپ، يەمەنگە ياندىلەر. بەس، مەككەگە كەلدىلەر ئەرسە، ئەرەبدىن بەنى ھۇزەيل قەبىلەسىغە قەسد قىلدىكىم، ئۇلارنى ھىلاك قىلغاي. بەس، ئول تايىفە ئەيدىلەر: «ئەي پادىشاھ، ئەگەر مال - ئەمۋال، دۇررى

گەۋھەرھاي بىشۇمارخاھلاساڭ مەككەدە بىسياردۇر. ئانى ۋەيرانە قىلىپ، خەلقنى ئۆلتۇرگىل، تاكىم بىنەھايەت مال ئالغايسەن.» مەقسۇدلەرى بۇ ئىش بىرلە ھىلاك قىلماق ئەردى. بەس، ئىشارەت ئول ئىككى ئالىمدىن سوردى ئەيدىلەر: «ئەي پادشاھ، بۇ سۆزنى ئىشتمەگىل، بۇ خەلقلەر سىنى ھىلاك بولسۇن دەپدۇرلەر. ئول خۇدانىڭ ئۆيىدۇر، ھىچكىم ئول ئۆيەردە قۇدرەت تاپالماس؛ ھەركىم ئانى ۋەيران قىلماقنى خاھلاسا ھىلاك بولۇر. سەن ئاندا بارىپ، مەككەنى تەۋاف قىلىپ، بىسيار تەئزىم قىلغىل.» بەس، پادشاھ بەنى ھۇزەيللەرنىڭ تىلىنى كېسىپ، ئۆزى مەككەگە بارىپ، تەۋاف قىلىپ، ياپۇغ ياپتى. ئىلگەرى ياپغان ئەمەس ئەردىلەر. ئاندىن يەمەنگە ياندىلەر ئەرسە، يەمەن خەلقى يىغىلىپ، شەھەرگە كىرگەلى قويمادىلەر. سەن بۆلەك دىندا بولۇپسەن، سىنى پادشاھ قىلماسمىز دەپ، جەڭگە تۇردىلەر. يەمەندە زەمىنى سەنئادا بىر تاغ بار ئەردى. ئىككى كىشىنىڭ ئاراسىدا جىدەل - خۇسۇمەت ۋاقىئ بولسە، راستى - ھەقىقەتى مەئلۇم بولماسا، ئول تاغدا بىر غار بار ئەردى، ئانىڭ ئالىدا بارىپ، ئولتۇرۇر ئەردىلەر؛ يالغانچىنى بىر ئوت ئول غاردىن چىقىپ كۆيدۇرۇر ئەردى. بەس، پادشاھ ئەيدى: «جەڭ - جىدەلنى قويۇڭلار، ئول غارغە بارالى. ئەگەر سىزلەرنىڭ دىنىڭلار راست بولسە، مەن سىزلەرنىڭ دىنىڭلارغە يانغايمەن. ئەگەر بۇ دىن ھەق بولسە، سىزلەر بۇ دىنغە كىرگەيسىزلەر.» بەس، ئىتتىفاق بىرلە پادشاھ ئول ئىككى ئالىمغە بۇ سۆزلەرنى ئەيدى. ئۇلار ھەم بۇ ئىتتىفاقغە تۇردىلەر. بەس، يەمەن خەلقى تەمام بۇتلارىنى ئالىپ، ئول ئىككى ئالىم تەۋراتىنىڭ تۆرت سەھىفەسىنى ئالىپ باردىلەر. تەمام خەلايىق ئاندا يىغىلىپ، يەمەنىلەر بۇتلارىنى غارنىڭ ئالىدا قويدىلەر. بۇ ئالىملار تەۋراتنى ئوقۇپ، غارنىڭ ئاغزىدا ئولتۇردىلەر. بەس، ئول غاردىن بىر ئوت چىقىپ، بۇتلارغە تۇتاشتى. تا تۇش ۋەقتىغىچە كۆيدۇردى. دۇدىدىن جەھان قاراڭغۇلۇق بولدى. بەس، ئول ئوت غارغەياندى ئەرسە، ئول ئىككى ئالىم تەۋراتنى ئالىپ، دۇد ئاراسىدىن سەلامەت چىقىپ كەلدىلەر. ئاندىن تەمامى خەلق جوھۇدلارنىڭ دىنىغە كىردىلەر، بۇتپەرەستلىكنى تاشلادىلەر. ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ دىنلەرى ئاشكارا بولدى. ئۇلار بۇتخانەلەرىدىن سۆز ئىشتۇر ئەردى. پادشاھ ئول ئالىملاردىن سوردى. بۇلار ئەيدىلەر: «ئول دىۋدۇركىم، بۇلارنى

فىرىشتە قىلماق ئۈچۈن، بۇتلارنىڭ ئىچىدە سۆزلەر.» بەس، ئۇل بۇتخانەگە بارىپ، تەۋراتنى ئوقۇپ، دۇئا قىلىپ ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، ئۇل دىۋنى بۇ ئۆيدىن يىراق قىلغىل.» بەس، ئاندىن بىر قارا سەگ چىقىپ، فەرياد قىلىپ، يەرگە چۆكۈپ كەتتى. پادىشاھ ئانى ۋەيران قىلدۇردى. ئۇل دىندا ئۆلدى، ئاتى سەئد، كۇنيەتى ئەبۇ ھەرەب، لەقەبى تۇببەئ ئەردى. ئۈچ ئوغلى بارئەردى. بىرى ھۇسسان، يەنە بىرى ئۆمەر، يەنە بىرى زەرئە؛ بۇلار كىچىك ئەردىلەر. پادىشاھ بولمادىلەر. بەنى كەھمەدىن رەبىئە بىننى ئەننەسىر ئاتلىغ بىر كىمەرسە پادىشاھ بولدى. ئۇل جوھۇدنىڭ دىنىدا ئەردى.

## دەستان
## قىسسەئى رەبىئە بىننى ئەننەسىر
## ئەل - لەھمى

قاچانكىم، رەبىئە بىننى ئەننەسىر تەختغە ئولتۇردى ئەرسە، جوھۇدلارنىڭ دىنى تىبخى زىيادە رەۋاجلىغ بولدى. داد - ئەدل بىرلە مۇلكدارلىق قىلدى. رەبىئەنىڭ ھەم فەرزەندلەرى كىچىك ئەردى. سەئدنىڭ ئۈچ ئوغلىنى فەرزەندلەرى بىرلە ئاسرار ئەردى. نەچەند يىل ئۆتتى ئەرسە، بىر كىچە تۇش كۆردى. ھەمە ئالىم ۋە كاھىنلارنى يىغدى. ئەيدى: «مەن نىچۈك تۇش كۆرۈپدۇرمەن، تەئبىرى نەدۇر؟» بۇلار ئەيدىلەر: «بۇ تۇشنىڭ، تەئبىرىنى شەققە، سەتىھ ئاتلىغ ئىككى ئۇستاد كاھىن باردۇر، ئۇلاردىن ئۆزگە بىلمەگەي.» پادىشاھ ئۇل ئىككى كىشىگە كىشى ئىبەردى. ئەۋۋەل سەتىھ كەلدى ئەرسە، ئانىڭدىن سوردى. سەتىھ ئەيدى: «بىر قاراڭغۇلۇقنى كۆردۇڭ. ئاندىن بىر قارا يۇزلۇك چىقىپ كىلىپ يەرگە تۇشتى، ئانىڭدىن ئوت ساچىلىپ يەمەن خەلقىنى كۆيدۇرۇپ كۈل قىلدى.» پادىشاھ ئەيدى: «راست ئەيدىڭ، ئەمدى تەئبىرىنى ئەيغىل.» سەتىھ ئەيدى: «ھەبەشدىن بىر پادىشاھ خۇرۇج قىلىپ، يەمەننىڭ مۇلكىنى ئالىپ، خەلايىقغە قەھر قىلغاي؛ بۇ دىن - ۋە جوھۇدلارنى نابۇد قىلغاي. ھەبەش پادىشاھى ۋە سىپاھلارى بۇ يۇرتغە غالىب بولغاي.» پادىشاھ يەنە

ئەيدى: «ئاندىن كېيىن نە ھادىسە بولۇر؟» سەتھ ئەيدى: «ئاندىن كېيىن سەيف زۇلیەزەن ئاتلىغ بىر كىمەرسە پەيدا بولۇپ، ھەبەشنىڭ مۇلكىنى ئالۇر، ئانى ھەم ئۆلتۈرۈرلەر. ئەرەبدىن بىر پەيغەمبەر زۇھۇر قىلۇرلەر، تازا دىن ـ شەرىئەت كەلتۈرۈرلەر، تەمامى ئەرەب ئول دىندا بولۇرلەر. يەمەندە ھەم ئول دىن قىيامەت باقى قالۇر.» بەس، ئەرتەسى يەنە بىر كاھىن كەلدى، ئانىڭدىن سوردى. ئول ھەم بۇ تەرىقە جەۋاب بەردى. پادىشاھ قورقۇپ، پەرزەندلەرىنى ئىراقغە ئەجەم پادىشاھى شافۇرنىڭ قاشىغە ئىبەردى. بۇ ئۆمەر ئەددىنىڭ ئەۋلادى ئەردى. ئۆزگە ئەۋلادىنى ھەيرەگە ئىبەردى. نەچەند يىلدىن كېين ئۆلدى ئەرسە، ئەۋلادىدىن يەمەند ھىچكىم يوق ئەردى. ئول تۇببەئىنىڭ ئوغلانلارى چوڭ بولۇپ ئەردى، ئۇلۇغى ھۇسسان، ئەھلى يەمەن ئانى پادىشاھ قىلدىلەر.

## دەستان
## قىسسەئى ھۇسسان بىننى تۇببەئ بۇرادەرلەرى بىرلە

قاچانكىم، ھۇسسان تەختغە ئولتۇردى ئەرسە، ئاتاسىنىڭ تەمامى سىپاھ ـ لەشكەرى ئاڭا يىغىلدىلەر. ئانى تۇببەئ ئەسغەر ئاتادىلەر. بەش يىل پادىشاھ بولدى ئەرسە، شام، ھىجاز، ئەرەبكە بارماقنى ئارزۇ قىلدى. سىپاھ ـ لەشكەرى ئانچە مەنئ قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «يەمەننىڭ پادىشاھلىغى قولۇڭدىن كېتەر.» باۋەر قىلمادى. بەس، لەشكەر تارتىپ، بۇرادەرى زەرئەنى يەمەندە قويۇپ، شامغە يۇردى. يەمەن لەشكەرى شام، روم، ئەجەم پادىشاھلارىدىن ۋە ئۇلارنىڭ شۇجائەتلىك لەشكەر ـ سىپاھلارىدىن قورقۇپ، ئەندىشە قىلىپ، ناچار بارۇر ئەردىلەر. بەس، شامغە ياۋۇق زەمىنى جەزىرەگە يەتتىلەر ئەرسە، لەشكەر ئىتتىفاق قىلىپ، ھۇسساننىڭ ئىنىسى ئۆمەرگە ئەيدىلەر: «سەن ھۇسساننى ئۆلتۈرگىل، بىز سېنى پادىشاھ قىلىپ، ھەمەمىز ساڭا بەيئەت قىلالى، يەمەنگە يانالى.» ئۆمەر بۇ سۆز بىرلە ئاغاسىنى ئۆلتۈردى، يانىپ كېلىپ، يەمەن تەختىغە ئولتۇردى. بەس، نەچەند كۈن ئۆتتى ئەرسە،

ئۆيقۇسى قاچىپ، ئاغرىغ بولدى. تەبىبلەر ھەرچەند داۋا قىلدىلەر ياخشى بولمادى. ئۆلۈمالار ئەيدىلەر: «بۇرادەرىنى ئۆلتۈرگەننىڭ جەزاسىغە خۇدانىڭ ئەزابى بۇدۇر.» بەس، ئۆمەر لەشكەردە سۆز ئۆرگەتكەن ۋە مەسلەھەت كۆرسەتكەن سەردارلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى. ئۆزى ھەم ئول ئاغرىغدا ئۆلدى. بەس، ئانىڭ ئەۋلادىدىن خۇنسە ئاتلىغ بىر كىمەرسە، يەمەننىڭ پادىشاھلىقىنى تەسەررۇف قىلدى. نەچەند يىل ئۆتتى ئەرسە، زۇلۇم - ستەم پەيدا قىلدى. لەۋۋات قىلماقنى بۇنياد قىلدى. يەمەندە ھىچ پادىشاھزادە ئوغۇل قالمادىكىم، ئانىڭ بىرلە فەساد قىلدى. ھىچ ئوغۇللار خاتۇن ئالالماس ئەردىلەر، تا ئەۋۋەل ئاڭا ئىلتىپ بارماغۇنچە. بەس، خەلايىق بىسيار تەڭ بولدىلەر. ئانىڭ بىر راۋاقى بار ئەردىكىم، فەساد ئىشلارنى ئاندا قىلۇر ئەردى. قاچانكىم فەساددىن فارىغ بولۇپ، راۋاقدىن باشىنى چىقارىپ، مىسۋاك قىلۇر ئەردى، دەربانلار بىلىپ ئىشىكنى ئاچار ئەردى. بەس، ئاخىر بىر كۇن ئىشتىتىكىم، ھۇسسانىنىڭ زەرئە ئاتلىغ بىنەھايەت خۇشرۇي بۇرادەرى بارئەرمىش. ئاڭا كىشى ئىبەردى ئەرسە، زەرئە بىلدىكىم فەساد قىلغالى ئالىپ بارۇر. بەس، بىر ئىتتىك پىچاقنى ھەمراھ قىلدى. بەس، زەرئەنى ئول راۋاقغە ئالىپ كىرىپ، ئىشىكنى ئەتتىلەر. ئول پادىشاھ زەرئەگە قەسد قىلدى. زەرئە ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، مىنىڭ بىرلە بەدكارلىق قىلماغىلكىم، مىنىڭ ئاتام ۋە ئاغام پادىشاھ ۋە تاجدار ئەردىلەر. سەندىن مەن پادىشاھلىقغە لايىق ۋە سەزاۋاررراق ئەردىم. قولۇمنى يىغدىم، ساڭا رىزا بەردىم. مىنى قويا بەرگىل، مىنىڭ نەسلىم ئۆلۈغدۇر.» باۋەر بولمادى. سىياسەت قىلىپ ئەيدى: «ئەگەر مىنىڭ فەرمانىمنى تۇتماساڭ دەربانلارغە ئەيتۇرمەن، باشىڭنى كىسەرلەر.» بەس، زەرئە پىچاق تارتىپ، پادىشاھنىڭ قۇرساقىنى ياردى، باشىنى كەستى. قولىدىن مىسۋاكنى ئالىپ، دەرىچەدىن باشىنى چىقارىپ، مىسۋاك قىلدى ئەرسە، دەربانلار ئىشىكنى ئاچتىلەر. زەرئە چىقىپ كەتتى. دەربانلاركىرىپ، پادىشاھنى بۇ ھالدا كۆردى، خەلقنى ئاگاھ قىلدىلەر. تەمامى خەلايىق شادلىق قىلىپ، زەرئەنىڭ ئارقاسىدىن يۇگۇردىلەر. ئانى تاپىپ، پادىشاھلىقغە سەن لايىقدۇركىم، بۇ فاسىقدىن سەن خەلاس قىلدىڭ دەپ، ئانى تەختغە ئولتۇرغۇزدىلەر. تەمامى سىپاھ - لەشكەر ئاڭا يىغىلدىلەر. ئول جوھۇد ئەردى، ئانى زى نەۋۋاس دەرئەردىلەر. يەمەن پادىشاھلارىدا ئانىڭدىن

ھەيبەتلىك ۋە جەببار پادشاھ يوق ئەردى. ئۆزىگە يۇسۇف ئات قويىدى. نەچەند يىل ئۆتتى ئەرسە، زەمىنى نەجرانغە لەشكەر تارتىپ باردى. ئۇلار تەرسا ئەردى، جوھۇد دىنىغە كەلتۇردى. بىر قۇدۇغ قازدۇرۇپ، ئانى ئوت قالاپ قىزىتىپ، جوھۇدنىڭ دىنىغە كىرمەگەنلەرنى ئاڭا سالۇر ئەردى. ئەسھابى ئۇخدۇدكىم، ھەق تەئالا قۇرئاندا خەبەر بېرىپدۇر. بۇ زۇنەۋۋاسدۇر.

نەجران مەۋسىل ۋە ئىراقنىڭ ئاراسىدا بىر شەھەردۇركىم، ھەمە بۇتپەرەستدۇرلەر.

# دەستان
# قىسسەئى ئەھلى نەجران

بىلمەك كېرەككىم، نەجران خەلقى ھەمە بۇتپەرەست ئەردىلەر. ئۇلارنىڭ تەرسا بولماقىغە بائىس ئول ئەردىكىم، ئۇلارنىڭ شەھەرلەرىنىڭ تاشىدا بىر خورمە دەرەختلەرى بار ئەردى. ھەر يىل ئىيد قىلۇر بولسەلەر ئول دەرەختنى ئۇلۇغ مەتائلار بىرلە يۆرگەپ، ياساپ، تەمامى بۇتلارنى ئانىڭ تۈبىدە قويۇپ، ھەمە خەلايىق ئاندا يىغىلىپ، ئانى چۆيرۇلۇپ، تەۋاف قىلۇر ئەردىلەر. بىر دېۋ بۇلارغە دەرەخت ئىچىدىن سۆزلەپ، ئەمىر - فەرمان بۇيىرۇر ئەردى. ئانىڭ سۆزىنى - فەرمانىنى ئىشىتىپ يانار ئەردى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. نىڭ ھەۋارىلەرىنىڭ ئەۋلادىدىن ئافىمون ئاتلىغ بىر ھەۋارى ئەرەبكە كەلدى. خەلقنى ئاشكارا دەئۋەت قىلالماس ئەردى. كەنتدىن كەنتكە يۈرۈپ، كۈندۈزى كەسب قىلىپ، ھالال يەپ، كېچە خۇداغە ئىبادەت قىلۇر ئەردى. بىر كۈنى يالغۇز كېتىپ بارۇر ئەردى. جەمئ خەلقلەر يولۇقۇپ «سەن خوجەسىدىن قاچقان قۇل سەن» دەپ تۇتۇپ، نەجرانغە ئالىپ كېلىپ بىر كىمەرسەگە ساتتى. ئول ئادەم ئافىمۇنغە بىر ئۆي بەردى. كۈندۈز ئول ئادەمگە خىزمەت قىلىپ، كېچە خۇداغە تائەت - ئىبادەت قىلۇر ئەردى. بىركۈنى ئول ئادەمنىڭ كۆڭلىگە يەتتىكىم، ئافىمۇن كېچە ئۆيىدە نە ئىش قىلۇر. بەس، كېچە كېلىپ، بىر شىكافدىن قارادى ئەرسە. كۆردىكىم، يارۇغلۇقدۇر، چىراغ گۇمان قىلدى. ئافىمۇن نەماز ئۆتەپ، ئىنجىل ئوقۇپ تۇرادۇر. ئول ئادەم

ئۆينى چىراغسىز يارۇغلۇق كۆرۈپ قورقتى. ئەرتەسى ئەيدى: «ئەي ئافىمۇن كېچە نەماز ئۆتەپ، بىرنەرسە ئوقۇر ئەردىڭ. سەن قايسى دىندادۇرسەن؟» ئەيدى: «ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس-س. نىڭ دىنلەرىدەدۇرمەن، ئىنجىل ئوقۇرمەن.» ئول ئەيدى: «مېنىڭ دىنىمدىن ئوبداندۇرمۇ؟» ئافىمۇن ئەيدى: «سىنىڭ باتىلدۇر. ئول بۇتلار ۋە دەرەخت خۇدا ئەمەسدۇر.» بەس، ئول ئادەم بۇ سۆزنى خەلققە ئەيتتى. خەلق يىغىلىپ كەلدىلەر، ئىمان كەلتۈردىلەر. ئافىمۇن ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس-س. نىڭ شەرىئەتلەرىنى ئەيتۇر ئەردىلەر. ئۇلار قوبۇل قىلۇر ئەردى. ئافىمۇن ئەيدى: «مەن سىزلەرگە ئول دەرەختنى نابۇد قىلىپ، بىز دەلىل كۆرسەتەي.» ئۇلار ئەيدى: «نە خوبدۇركىم، بىزگە تېخى ھەم رەۋشەن زاھىر بولغاي.» بەس، ئافىمۇن ئول دەرەختنىڭ تۆپىگە چىقىپ، دۇئا قىلدى. ھەق تەئالا ئول دەرەختنى يەردىن يۇلۇپ تاشلادى. ئول خەلق بۇتلارىنى ئوشاتىپ، بىتەمام ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس-س. نىڭ دىنلەرىغە كىردىلەر. ئافىمۇننى ئازاد قىلدى. ھەمە نەجران خەلقى تەرسا بولدىلەر. بۇلارىنىڭ ئۇلۇغى سامىن ئاتلىغ ئەردى. ئانىڭ بىر ئوغلى ئابدۇللاھ ئاتلىغ ئەردى. ئانى ئافىمۇنغە شاگىرد بەردى، تاكى ئىنجىل تەئلىم بەرگەي. چەندان يىل ئەرگەشتى. ئافىمۇن ئىسمى ئەئزەمنى بىلۇر ئەردى. ھەرنەۋئ ھاجەتكە دۇئا قىلسە رەۋا بولۇر ئەردى. بەس، ئابدۇللاھ ئافىمۇندىن دەرخاست قىلدىكىم، ئىسمى ئەئزەمنى ئۆرگەتكەي. ئافىمۇن ئەيدى: «سەن كىچىكسەن. قورقارمەنكى نالايىق ئىشغە ئوقۇپ، ھىلاك بولغايسەن. ۋەگەرنە ئىنجىلدا باردۇر.» ئابدۇللاھ نەۋمىد بولدى. ئىشىتكەن ئەردىكىم، ئىسمى ئەئزەم ئوتغە كۆيمەس. بەس، بىر كۈنى يالغۇز ئولتۇرۇپ، ئىنجىلدىن ئىسمى ئاللاھنى تەمام ئالدى ۋە كاغەزگە پۈتۈپ ئوتغە سالدى، ئىسمى ئەئزەم ئوتدا كۆيمەدى ئەرسە، ئالىپ ئافىمۇن قاشىغە كەلدى. ئافىمۇن ئەيدى: «تاپىپسەن. ئەمدى ناپسەند، نالايىق ئىشغە ئوقۇماغىل، ياخشى ساقلاغىل. ھىلاك بولماغايسەن.» بەس، ئابدۇللاھ ئاخىر ئافىمۇننىڭ ئورنىدا بولدى. ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىس-س. نىڭ دىنلەرىنى بەرپا تۇتار ئەردى. ھەربار دۇئا ھاجەت بولسە، ئول دۇئا قىلسە رەۋا بولۇر ئەردى. ئەھلى نەجران دىنى تەرسادا مەھكەم بولدىلەر.

بەس، بىرئادەم ئىككى ئوغلى بىرلە يەمەندىن كەلدى. ئەھلى نەجران

ئانى تۇتۇپ، جوھۇدلۇقدىن ياندۇرماقچى قەسد قىلدىلەر، ئەگەر تەرسا بولماسالىق ئۆلتۈرۈرمەن دەپ تۇردىلەر ئەرسە، ئىككى ئوغلى ئۇنامادى، ئانى ئۆلتۈردىلەر. ئاتاسى تەرسا بولدى، ئانى قويا بەردىلەر. بەس، ئول ئادەم ئىشنى يۈتكەزىپ، يەمەنگە ياندى ئەرسە، تەرسالىقدىن تاندى. بۇ ۋاقىئەنى زۇنەۋۋاسغە ئەيدى ئەرسە، غەزەب قىلىپ، تەۋراتدىن ئاند ئىچتىكىم، لەشكەر تارتىپ نەجرانغە بارىپ، كەلىسا - ئىبادەتخانەلەرىنى بۇزۇپ، ھەركىم تەرسا دىنىدىن يانماسا ئانى كۆيدۇرمەسەم. بەس، ئەللىك سەككىز مىڭ لەشكەر بىرلە نەجرانغە يۈزلەندى. ئول ئەسھابى ئۇخدۇدكى، ھەق تەئالا قۇرئاندا لەئنەت ئىبەرىپدۇر. ئول تايىفە بۇدۇر. بەس، زۇنەۋۋاس نەجرانغە كېلىپ، تەمامى كەلىسا - مەسجىدلەرنى ۋەيران قىلىپ، خەلقنى جوھۇدلۇقغە تەكلىف قىلىپ، قوبۇل قىلماغانلارنى تاغنىڭ باشىدىن تاشلادىلەر. ئابدۇللاھنى ھەم بۇ قاتاردا تاشلادىلەر ئەرسە، سەلامەت قالىپ، زۇنەۋۋاسنىڭ ئالدىغە كېلىپ، تەرسالىقغە ئىندەدى. زۇنەۋۋاس ئانىڭ باشىغە بىر ھەربە سالدى ئەرسە، باشى يارىلىپ ئۆلدى. ئانى دەفن قىلدىلەر. ئاندىن كېيىن، قۇدۇغ قازدۇردى، كەڭ، بىر نەيزە بويى چۇقۇر؛ ئانى ئوتۇنغە توشقازىپ، ئوت قالاپ، جوھۇد بولماغانلارنى ئاڭا سالدۇردى. تا يىگىرمە مىڭ كىشىنى كۆيدۇردى. ئۆزگەلەر ھەمە قاچتىلەر. نەجراندا ھىچ ئادەم قالمادى. زۇنەۋۋاس نەجران شەھەرىنى تەمام ۋەيران قىلىپ، يەمەنگە ياندى. ئول زۇنەۋۋاسدىن يەمەن پادىشاھلىقى ھەبەش پادىشاھلارىغە قالدى.

## دەستان
## قىسسەئى يەمەن مۇلكى ھىميەر پادىشاھلارىدىن ھەبەش پادىشاھلارىغە يۆتكەلگەن ۋاقىئەسى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، زۇنەۋۋاس ئەھلى نەجراننى ئۆلتۈرگەندە، دەۋش ئاتلىغ بىر تەرسانىڭ «سۇئىلۇبان» دەپ بىر ئاتى بار ئەردى. ئاڭا مىنىپ قاچغان ئەردى. ئانى «دەۋش زۇ - سۇئىلۇبان» دەر ئەردىلەر. بەس، زۇنەۋۋاس

يەمەنگە ياندى ئەرسە، دەۋش نەجرانغە كەلدى. قاچغان خەلق ھەمە يىغىلدىلەر. دەۋش ئەيدى: «سىزلەر بۇ مەسجىد كەلىسانى ئاباد قىلىڭلار. مەن تا بۇ كىينەنى ئالماغۇنچە ئارام ئالماسمەن» دەپ، ئاتىغە مىنىپ، كۆيدۇرگەن ئىنجىلنىڭ ئەجزا ۋەرەقلەرىنى ئالىپ، قەيسەرى روم قاشىــــغە باردى. زۇنەۋۋاسنىڭ ئەھلى نەجرانغە قىلغان زۇلۇم - بىدادىنى ۋە نەجراننى خەراب قىلىپ، مەسجىد - كەلىسالارنى ۋەيران قىلغانىنى بىر - بىر بەيان قىلدى؛ ئىنجىلنىڭ ئەجزا ۋەرەقلەرىنى ئالدىدا قويدى ئەرسە، قەيسەرنىڭ تەمامى ئەئزاسىغە ئاتەشى غەزەب تۇتاشتى؛ بىــسيار غەمكىــــن بولدى. ئەيدى: «زۇنەۋۋاس يەمەنگە ياناسىدا كەلمەدىڭ، ۋەگەرنە مەن لەشكەر تارتىپ بارىپ، ئانىڭ دادىنى بىرۇر ئەردىم. ئەمدى نە قىلايكىم، يول يىراق، ئارادا دەشت - باياban تولاراق. ئاندا لەشكەرنىــڭ بارماقىــــى دىشۋاردۇر. مەسلەھەت ئولدۇركىــم، ھەبەش پادشاھىــــى تەرسادۇر. ئاڭا نامە ئىــــبەرگەيمەن، زۇنەۋۋاسنىڭ دادىنىــى ئول بەرگەي.» بەس، نىجاشىــــغە نامە پۇتۇدى، ئىنجىلنىڭ ۋەرەقلەرى بىرلە نامەنى دەۋشغە بەردى. دەۋش نامەنى ئالىپ، ھەبەشكە كەلدى. ئول نامەنى ۋە ئىنجىلنىڭ ۋەرەقلەرىنى نىجاشىنىڭ ئالىدا قويدى. نىجاشى نامەنى ئوقۇپ، ئەھلى نەجراننىڭ ھالىغە يىغلادى. تەمامى ھەبەش خەلقى يىغىلىپ، ماتەمدار بولدىلەر. بەس، لەشكەردىن يەتمىش مىڭ مەردۇجەنگىنى ئىلغاپ، ئاربات ئاتلىغ بىر سەردارىنى ئۇلارغە سىپەھسالار قىلىپ، يەمەنگە بۇيرۇدى.

يەمەننىڭ شەھەرلەرى بىسيار ئەردى. تەمامى جەھاننىڭ ئابادراقى ئول شەھەرلەر ئەردى. ئول شەھەرلەردىن ئەدەن، ھەزەرى مەۋت دەرياننىڭ لەبىدە ئەردى. بەس، لەشكەرلەر ئول دەريادىن ئۆتتىلەر ئەرسە، زۇنەۋۋاس خەبەر تاپىپ، ھەمە يەمەننىڭ پادشاھلارىغە نامە ئىبەردىكىم، دۇشمەنلەر بىنەھايەت غالىب - قەۋىدۇر. ھەر قايىسىڭلار لەشكەر يىغىپ ھازىر بولۇڭلار، ھەر شەھەرگە يۈزلەنسە، ئىــتتىــفاق بىــرلە تەقابىــل بولۇڭلار ۋە ھىــلاك قىلىڭلار.» بەس، تەمامى شەھەرلەردە لەشكەر يىغدىلەر. زۇ نەۋۋاس بەش مىڭ كىشى بىرلە زەمىنى سەنئادا ئولتۇردى؛ يۈز مىڭ ئاچقۇ يىغدۇردى. بەس، ئاربات دەريادىن ئۆتۈپ، شەھەرى ھەزرەتى مەۋتغە كەلدى ئەرسە، زۇنەۋۋاس نامە ئىبەردىكىم: «مەن سىنىڭ بىرلە جەڭ قىلىــپ، يەمەن

خەلقىنىڭ قانىنى تۆكمەسمەن. بىلۈرمەنكىم، پادشاھى ھەبەش مەندىن مۇلك ۋە مال قەسد قىلۇر. ئەگەر مال تەلەب قىلسە، تەمامى خەزىنەلەرنىڭ ئاچقۇسىنى يىغدۇرۇپدۇرمەن، ئانى بەرگەيمەن؛ ئەگەر مەقسۇدى مۇلك بولسە، سىنىڭ ئالدىڭغە بارغايمەن، تەمامى مۇلك ـ سىپاھ ـ لەشكەرنى ساڭا تاپشۇرغايمەن. ئەگەر بۇيرۇساڭ پادشاھى نىجاشىنىڭ خىزمەتىگە بارغايمەن. ئەگەر ئىختىيار قىلساڭ سىنىڭ خىزمەتىڭدە تۇرغايمەن.» ئاربات ئەيدى: «تا پادشاھدىن ئىجازە بولماي، ساڭا ھىچ ئىشنى بۇيرۇماسمەن.» بەس، ئاربات نىجاشىغە بۇ مەزمۇندا نامە ئىبەردى. نجاشى بىسيار شاد بولۇپ، ئارباتغە نامە ئىبەرەدىكىم: «تەمامى مۇلك ـ مالنى تەسەررۇف قىلىپ، ئۆزىنى ماڭا ئىبەرگىل.» بەس، ئاربات زۇنەۋۋاسغە نامە ئىبەرەدىكىم لەشكەر بىرلە پادشاھ سۆزۈڭنى قوبۇل قىلىپدۇر. بەس، زۇنەۋۋاس تەمامى ئاچقۇلارنى يۈكلەپ، ھەزەرى مەۋتغە كەلدى. ئارباتنى سەنئاغە ئالىپ كەلدى. ئاندا ھەرنە خەزىنە ـ ئەمۋال بار ئەردى، ئانى تاپشۇردى. ئەيدى: «ئۆزگە شەھەرلەرگەنج ـ خەزىنەلەرىغە كىشى ئىبەرگىل، تاكىم ھەر شەھەرنىڭ خەزىنەلەرىنى تەسەررۇف قىلىپ، ئۆزى تەختدە ئولتۇرۇپ، مال ـ خىراجنى ساڭا ئىبەرگەي.» بەس، ئاربات شەھەرلەرگە كىشى بۇيرۇدى، لەشكەرى پەراكەندە بولدى ئەرسە، زۇنەۋۋاس تەمامى شەھەرلەرگە نامە ئىبەردىكىم: «ھەر شەھەرگە بارغايلەر ئول شەھەردە ئولتۇرۇڭلار.» بەس، ئاربات لەشكەرىنى شەھەرلەردە جەڭ قىلىپ، ئۆلتۈردىلەر. ئاربات ئاگاھ بولۇپ، قاچىپ نىجاشىنىڭ قاشىغە كەلدى. نىجاشى يەنە يۈزمىڭ لەشكەر يىغىپ، ئەبرەھە ئەسسەباھ ئاتلىغ بىر كىشىنى سەردار قىلىپ ئىبەردى. بۇ لەشكەرلەر دەريادىن ئۆتۈپ، ھەزەرى مەۋتغە كەلدىلەر ئەرسە، زۇنەۋۋاس بىلدىكىم ئەمدى چارە يوقدۇر. بەس، بىر ياخشى ئاتى بار ئەردى، ئاڭا مىنىپ دەرياغە كىردى، ئاندا غەرق بولدى. ئەبرەھە زەمىنى سەنئاغە كىلىپ تۈشتى. ھەمە يەمەن شەھەرلەرىنى ئالىپ، پادشاھلارىغە قەھر قىلىپ، تەمامى ھەبەش خەلقىنىڭ قىساسىنى ئالدى. تەرسالىق دىنىنى ئاشكارا قىلىپ، كەلىسالارنى بىنا قىلدى. جوھۇدلىق دىنىدىن يانماغانلارنى جىزيەگە قويدى. ئىككى يىل يەمەندە تۇردى. نىجاشىغە خىراجنامە ئىبەرمەدى ئەرسە، گۇمان قىلدىكىم، ئەبرەھە ئۆزىچە پادشاھ بولۇپ، مەندىن يۈز ئۆيرۈپدۇر. بەس، نامە ئىبەردىكىم ئەمدى

مۇندا كەلسۇن. ئەبرەھە جاۋاب ئەۋەتتى: «مەن بۇ مۈلكنى سېنىڭ ئۈچۈن بىسيار قاتتىق جەڭ ۋە زەربى شەمشەر بىرلە قولغا كەلتۈردۈم. ئەگەر مەن يانسام بۇ مۈلك قولدىن چىقادۇر. بىر كىشى ئەۋەرگىل، تاكىم ئاڭا تاپشۇرۇپ، دەرگاھىڭغە بارغايمەن.» بەس، نەجاشى تۆرت مىڭ كىشى بىرلە ئارباتنى ئەۋەردى. بەس، ئاربات ھەزەرى مەۋتكە كەلدى ئەرسە، ئەبرەھە ئالدىغە چىقتى ۋە ئەيدى: «نە ئىشقە كەلدىڭ؟» ئەيدى: «سەندىن مۈلكنى ئالىپ، سېنى پادشاھ دەرگاھىغە ئەۋەرگەلى كەلدىم.» ئەبرەھە ئەيدى: «ئەگەر مۈلكنى بەرمەسەم نە قىلۇرسەن؟» ئاربات ئەيدى: «جەڭ قىلۇرمەن، تاكىم بۇ لەشكەرىم بىرلە تەمام ئۆلەرمەن.» ئەبرەھە ئەيدى: «لەشكەرنى ئۆلتۈرمەك ھاجەت ئەمەسدۇر. ئىككۆلە جەڭ قىلالى. ئەگەر سەن مېنى ئۆلتۈرسەڭ مۈلك ساڭا بولسۇن؛ ئەگەر مەن دەست تاپسام، ماڭا بولسۇن.» بۇ قەۋلغە مۇقەررەر قىلىپ، بىر كۈننى قەرار قىلدىلەر. بەس، ۋەئدە گاھلەرى يەتتى ئەرسە، ئەبرەھە بىر قۇلغە ئەيدى: «مەن ئاربات بىرلە جەڭگە تۇرسام، سەن كەمىنگاھدا پىنھان تۇرۇپ، ئانى ئۆلتۈرگىل.» بەس، ئول كۈنى ئىككى تەرەفدىن لەشكەرلەر يىراقدىن نەززارە قىلىپ تۇردىلەر. ئول قۇل پىنھان كەمىنگاھدا ئەردى. بەس، ئاربات ئەبرەھەگە بىر زەرب سالدى، باشىدا دىۋۇلغا بار ئەردى، ئانىڭدىن ئۆتۈپ باشىغە كارگەر بولدى ئەرسە، ئول كۈندىن بارى «ئەبرەھە ئەل - ئەشرەم» ئاتاندى. ئەبرەھە ئارباتقە ھەربە سالدى ئەرسە، ئول قۇل كەمىنگاھدىن چىقىپ، ئارباتنى بىر زەرب بىرلە ئۆلتۈردى. ئارباتنىڭ لەشكەرى پەراكەندە بولدى؛ بەئزى دەرياغە غەرق بولدىلەر ۋە بەئزى سەلامەت ئۆتۈپ نەجاشىغە كەلدىلەر.

دەپدۇرلەر: ئەبرەھە ئول قۇلغە ۋەئدە قىلغان ئەردىكىم: «ئەگەر ئارباتنى ئۆلتۈرسەڭ، ھەرنە تىلەسەڭ بەرگەيمەن.» بەس، ئەبرەھە ئەيدى: «نە تىلەرسەن؟» قۇل ئەيدى: «ھەر قىز بالاكىم كۈيۈگە بېرۇرلەر، ئەۋۋەل ماڭا كەلتۈرگەيلەر.» ئەبرەھە ئەيدى: «بۇ بىغايەت يامان ئىشدۇر، مۇندىن ئۆزگە نەرسەنى تىلەگىل.» ئول ئەيدى: «مۇندىن ئۆزگەنى تىلەمەسمەن.» ئەبرەھە ئەيدى: «مەن سۆزۈڭنى قوبۇل قىلدىم. ئەمما يەمەندە ئەرەنلەر باردۇر، سېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلەرىنى سەندىن خەلاس قىلۇر.» بەس، يەمەندە ھەركىم قىزىنى كۈيۈگە بەرسە، ئەۋۋەل ئاڭا كەلتۈرۈر بولدىلەر، تا بىر يىل بۇ تەرىقەدە ئۆتتى. ئاخىر بىر كىمەرسە ئول قۇلنى ئۆلتۈردى، خەلقنى ئانىڭدىن

قۇتغاردى.

قاچانكىم، ئارباتنىڭ خەبەرى نىجاشىغا يەتتى ئەرسە، ئاندا ئىچتىكىم: «تا ئەبرەھەنىڭ قانىنى تۆكمەگۈنچە ئارام ئالماغايمەن، ئول دىيارنىڭ تۇفراقىغا قەدەم قويماي تىنماغايمەن.» بەس، لەشكەر يىغدى. بۇ خەبەر ئەبرەھەگە يەتتى ئەرسە، بىلدىكىم، ئاڭا بەرابەر بولالماس ۋە يەمەن خەلقى ياۋەرلىك قىلماس. بەس، نىجاشىغا ئەلچى ئىبەردى ۋە ئۆزرەلەر ئەيدىكىم: «مەن ۋە ئاربات بىر پادىشاھنىڭ بەندەسىدۇرمىز. ئول سىنىڭ فەرمانىڭنى يەتكۈردى. مەن ئەيدىم: بىر ئاي ئامان بەرگىل، تا سىپاھ ـ لەشكەرنى ساڭا تاپشۇرۇپ، يول ياراغىمنى قىلدۇرۇپ، پادىشاھنىڭ دەرگاھىغا بارالى، دىسەم، ئامان بەرمەدى ۋە مېنى بىخەبەر چىرلاپ، يۈزۈمگە ھەربە سالدى. بىر قۇلۇم ھەمراھ ئەردى، ئول بىر ھەربە بىرلە ھىلاك قىلدى. ئاڭا رىزا بەرمەدىم. ئەگەر ئىككى بەندە بىرى بىرىگە مىكر قىلسە، ھەق تەئالا مەككارنى نابۇد قىلۇر. ئول بەندەڭدۇرمەنكىم دەرگاھىڭدا ئەردىم. ھەر ۋەقت بەندەئى فەرمانىڭدۇرمەن. لېكىن ھالا بارسام، مۈلك قولۇمدىن چىقادۇر ۋە يەنە قولغا كەلتۈرگەلى بولمايدۇر.» نىجاشى فىكر قىلدىكىم: يەنە لەشكەر ئىبەرمەككە بىسيار مال لازىمدۇر، لەشكەرنى يەمەنگە يەتكۈرمەكدە دەريادا خەتەر كۆپدۇر. بەس، ناچار ئۆزرىنى قوبۇل قىلدى ۋە كىشى ئىبەردى: «مەن ئەبرەھەنىڭ قانىنى تۆكمەككە، ئول دىيارنىڭ تۇفراقىغا قەدەم قويماقىغا ئاندا ئىچىپ ئەردىم.» بەس، ئەبرەھە تومۇرىدىن قان ئالدۇرۇپ، بىر قاچاغا ئالدى ۋە بىرمۇنچە تۇفراق بىرلە نىجاشىغا ئىبەردى. ئەيدى: «بۇ مېنىڭ قانىمدۇر، مۇنى تۆككىل، بۇ تۇفراقىغا قەدەم قويغىل، تاكىم ئاندىغا ۋەفا قىلغان بولغايسەن.» بەس، نىجاشى ئەبرەھەدىن خۇشنۇد بولدى ۋە يەمەننىڭ پادىشاھلىقىنى ئاڭا قويدى.

## دەستان
## ئەبرەھە مەككەنى خەراب قىلغالى فىل ئالىپ بارىپ ئۆزىنىڭ ھىلاك بولغانى

كەلتۈرۈپدۈرلەركىم، قاچانكىم نىجاشى يەمەن مۈلكىنى ئەبرەھەگە تاپشۇردى ئەرسە، بىنەھايەت شاد بولۇپ، شۈكرانەسىگە تەسەددۇقلەر بەردى، ھەرشەھەردە كەلىسالار بىنا قىلدى. ئۆزى شەھەرى سەنئادا ئەردى ئاندا

نېجاشى نامى بىرلە كەلسا ئەتتۇردىكىم، بىنەھايەت ئۇلۇغ؛ ئانى تۆرت يىلدا تەمام قىلدى، ئالى ئەردى، ئول كەلىسانىڭ سۆرەتىنى كاغەزگە تارتىپ، نېجاشىغە نامە ئىبەردىكىم: «مېنىڭ گۇناھىمنى ئۆتۈپ، رەھىم - شەفقەتىڭنىڭ شۇكرانەسىغە ئاتىڭدا بۇ سۆرەتلىك كەلسايى ئالى قىلىپدۇرمەن. ئەرەب خەلقىنىڭ تاشدىن ئەتكەن بىر ئۆيى بارئەرمىش، ئانى خۇدانىڭ ئۆيى دەپ، ھەج - تەۋاف قىلۇر ئەرمىشلەر. بۇ كەلىسا ئانىڭدىن ئوبداندۇر. ئەرەبلەرگە فەرمان قىلسام، ھەج تەۋافنى مۇندا قىلسە، تاكى پادىشاھغە جاۋىدانە فەخر - شارافەت بولغاي.» بەس، بۇ سۆز نېجاشىغە بىسيار خۇش كەلدى. تەمامى تەرسا، جوھۇدلارغە فەرمان قىلدىكىم، ھەج نەمازنى ئاندا قىلغايلەر. بەس، شام، روم، يەمەن ھەر يەردىكىم تەرسا، جوھۇدلار بولسەلەر ئاندا كەلدىلەر، قۇربانلىق قىلىپ، ھەج قىلۇر بولدىلەر. بۇ خەبەر جەھاندا فاش بولدى. قەيسەرى روم ھەم نەزرۇ نىيازلارنى ئىبەرىپ، نېجاشىغە نامە ئىبەردىكىم: «سىنىڭ سىپەھدارىڭ يەمەندە بىر ئىش قىلىپدۇركىم، بارچە نەرسەدىن ساڭا ئول ياخشىدۇر. ھىچ پادىشاھنىڭ مۇنداغ فەخر - شەرافەتى يوقدۇر.» نىجاشى بىسيار شاد - خۇررەم بولدى.

بەس، ئەرەبدىن ئەبرەھە قاشىدا ئىككى بۇرادەرى بار ئەردى، بەنى سەلىمدىن؛ ئۇلۇغى مۇھەممەد بىننى خۇزائى، كىچىكى قەيس بىننى خۇزائى. بۇلار ئەرەبلەرنىڭ ئۇلۇغلارىدىن ئەردىلەر. بۇلارغە ئەرەبدە تەڭلىك ۋە قاتتىغلىق يۈزلەنىپ، ئۆز جەمائەسى بىرلە ئەبرەھەنىڭ قاشىغە كېلىپ ئەردىلەر. ئەبرەھە بۇلارنى ياخشى ئاسراپ، پېش كەلگەن ئەردى. بەس، ئەبرەھە مۇھەممەد بىننى خۇزائىغە بىسيار ئىنئاملار قىلىپ، ئەرەبنىڭ پادىشاھلىقىنى بېرىپ، باشىغە تاج كىيدۇرۇپ، مەككەگە بۇيرۇدى ۋە ئەيدى: «بارىپ، ئەرەب خەلقىغە بۇ كەلىسانى ھەج قىلغالى بۇيرۇغىل، مەككەنىڭ تەۋفىدىن ياندۇرغىل. ئۇلارغە بۇ كەلىسانى تەئرىف - تەۋسىف قىلغىل. ئۇلارنىڭ بۇت بىرلە ئالۇدە قىلغان ئۆيلەرىنى مەزەممەت قىلغىل.» بەس، مۇھەممەد خۇزائى ئىنىسى قەيس بىرلە مەككەگە يۈردى. ئول ۋەقت مەككەنىڭ سەردارى ئابدۇلمۇتتەلىب ئەردى. بەس، مۇھەممەد خۇزائى بەنى كىنانە قەبىلەسىغە كەلدى ئەرسە، ئۇلار غۇررە ئاتلىغ بىر كىمەرسەنى ئالدىغە چىقاردىلەر. ئول مۇھەممەد خۇزائىنى بىر ئوق بىرلە ئۆلتۈردى. قەيس

قاچىپ بارىپ، ئەبرەھەگە خەبەر قىلدى. ئەبرەھە ئەندىشە قىلدىكىم، ئۇل ئۆيلەرىنى ۋەيران قىلسام ۋە بەنى كىنانەنى تەمام ئۆلتۈرسەم، ئۆزگە ئەرەبلەر ئۆزىچە مۇندا كەلگەيلەر. بەس، يەمەننىڭ تەمام لەشكەرىنى يىغدى، تا ئەللىك مىڭ لەشكەر جەمئى بولدى. بۇ خەبەر ئەرەبىستانغە يەتتى ئەرسە، بىركىممەرسەنى يەمەنگە ئىبەردىلەر. ئۇل كىمەرسە ئۇل كەلىساغە كەلدى. دەربانلار ئانى بىگانە كۆرۈپ، كىرگەلى قويمادىلەر. ئۇل ئەيدى: «ئەرەبكە خەبەر كېلىدۇركىم، پادشاھ بىر مەسجىد ئېتىپدۇر، ئانى تاۋاف قىلغالى خەلقنى بۇيرۇپدۇر. مېنى ئىبەردىلەر، تا ئانى كۆرۈپ بارىپ، ئۇلارغە خەبەر قىلغايمەن. ئۇلار ھەم كېلىپ، تەۋاف - ھەج ئەدا قىلغايلەر.» بۇ سۆزنى ئەبرەھەگە ئەيدىلەر. ئەبرەھە بۇيرۇدىكىم، كەلىسانى كۆرسەتتىلەر. ئۇل كىمەرسە ئۇل كەلىساغە كىردى ئەرسە، كۆردىكىم، ئالەمدە ئانداغ نەرسە يوقدۇر. چەندان دۇرر - گەۋھەر، لەئل - جەۋاھىرلار، ئالتۇنلارنى سەرف قىلىپدۇرلاركىم، ھەددى نەھايەتى يوق. ئاندا نەمازغە تۇردى، نالە-تەزەررۇئ قىلدى. رۇخسەت تىلەدىكىم، كېچە ئاندا تۇنەگەي. رۇخسەت بەردىلەر. كېچە ئاندا بولدى ئەرسە، سەھەر ۋەقتىدە تەھارەت سىندۇرۇپ، نەجاسەتىنى كەلىسانىڭ مىھرابىغە سۈۋاپ، قاچىپ كەتتى. قاچانكىم، خەلق نەمازغە كىردىلەر، ئۇل ھالنى ئەبرەھەگە خەبەر قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «ئەرەبلەر ئۇل ئادەمنى بۇ ئىشغە ئىبەرگەن ئىكەنلەر.» بەس، ئەبرەھە ئاند ئىچتىكىم، تا ئەرەبلەرنىڭ ئۆيىنى ۋەيران قىلىپ، ئىچىگە قەباھەت قىلماغۇنچە ئارام ئالماغايمەن.»

نېجاشىنىڭ مەھمۇد ئاتلىغ بىر فىلى بار ئەردىكىم، ھەبەشدە ئاندىن ئۇلۇغ فىل يوقدۇر، ھەمە فىللار ئانىڭدىن قاچار ئەردى. ئۇل فىلنى ھەرجەڭگە ئالىپ بارسەلەر زەفەر تاپار ئەردى. بەس، ئەبرەھە نېجاشىغە بۇ خەبەر - ۋاقىئەلەرنى ئەيتىپ، ئۇل فىلنى تەلەب قىلىپ، كىشى ئىبەردى. نېجاشى ئۇل فىلنى ئىبەردى. بەس، ئەبرەھە لەشكەر تارتىپ مەككەگە يۈردى. قاچانكىم، ھىجازغە كەلدى ئەرسە، ئاندا زۇنەفەر ئاتلىغ بىركىمەرسە بار ئەردى، بىسيار دىلاۋەر، مەردانە ۋە تولا لەشكەرلەر بىرلە جەڭ قىلغان ئەردى يىگانە؛ خەلقلەر ئاڭا فەرماندار ئەردىلەر. ئابدۇلمۇتتەلىبغە دوستلۇقى بار ئەردى. بەس، بۇ - زۇنەفەر ئەرەبدىن ئون مىڭدىن تولاراق لەشكەر بىرلە

ئەبرەھەنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئەبرەھە جەڭ قىلىپ، زۇنەفەرگە شىكەست بېرىپ، بىسيار ئەرەبلەرنى ئۆلتۈردى؛ زۇنەفەرنى ئەسىر قىلدى. زۇنەفەر نالە - فەرياد قىلىپ ئەيدى: «ئەي پادشاھ، مېنى ئۆلتۈرگەندىن ساڭا ھىچ سۇد يوقدۇر. مېنى ساقلاغىل، تا بىر خىزمەتكە ياراغايمەن.» ئەبرەھە ئۆلۈم گۇناھىنى ئۆتۈپ، ئەسىرلىك بىرلە ساقلادى. ئاندىن ئۆتۈپ، مەككەگە ياۋۇق يەتتى ئەرسە، بەنى جەئىم نەفىل ئاتلىغ بىر كىمەرسە ئون مىڭ مەردجەنگى بىرلە ئالدىنى توستى. ئول ئىككى قەبىلە ئەردى. بىرىنى شەھران دەرئەردىلەر، يەنە بىرىنى ھەش ئاتار ئەردىلەر. نەفىل بۇ ئىككى قەبىلەگە سەردار ئەردى. بەس، ئەبرەھە بىرلە جەڭ قىلىپ، شىكەست تاپتى؛ نەفىلنى ھەم ئەسىر قىلدى. نەفىل ھەم ئامان تىلەدى. ئەيدى: «ئەي پادشاھ، ماڭا ئامان بەرگىل، مېنىڭ جەمائەم ئەللىك مىڭ ئۆيلۈك كىشىدۇر. مېنىڭ گۇناھىمنى ئۆتۈپ، ھەمەسىنى ئۆزۈڭگە بەندە قىلغىل، مەككەنىڭ دەشت - باياۋانلارىدا رەھبەر بولغايمىز. يولچىسىز بۇ باياۋانلاردىن ئۆتكەلى بولماس.» ئەبرەھە ئانىڭ ھەم گۇناھىنى ئۆتتى. بەس، ئاندىن ئۆتۈپ، تايىفغە يەتتى. بۇ ئىككى جەڭ خەبەرىنى ئىشىتىپ، ھىچكىم ئالدىغە چىقمادىلەر. تايىف سەردارى مەسئۇد بىننى مۇغەيس ئەردى. ئول تايىف ئۇلۇغلارىنى باشلاپ، ئالدىغا قول باغلاپ چىقتى. ئەبرەھە ئۇلارغا ئىلتىفاتلار قىلىپ، يول باشچى تىلەدى ئەرسە، بىركىمەرسەنى قوشۇپ بەردىلەر. بەس، ئەبرەھە مەككەگە يۈزلەندى ئەرسە، مەككە خەلقى بىسيار قورقتىلەر. تەمامى ئابدۇمۇتتەلىبنىڭ قاشىغە يىغىلدىلەر. تەدبىر - مەسلەھەت سوردىلەر. ئابدۇلمۇتتەلىب ئەيدى: «مېنىڭ بۇ ئادەمگە بەرابەر بولغالى قۇدرەتىم يوقدۇر. قاچانكىم ياۋۇق يەتسە، تاغلارغە چىقىپ كەتكەيمىز. بۇ ئۆي خۇدانىڭدۇر، ئول ھەمەگە غالىب، قۇدرەتلىكدۇر. ئەگەر خاھلاسا ئۆيىنى دۇشمەندىن ساقلار، ئەگەر ئىرادە قىلسە دۇشمەننى غالىب ۋە مۇسەللەت قىلۇر.»

ئەبرەھە تايىفدىن يۈرۈپ، مۇغلىس دىگەن يەرگە تۈشتى ئەرسە، ئەبۇ رىئال ئۆلدى، ئاندا دەفن قىلدىلەر. ھالا ھەركىم ئاندىن ئۆتسە، ئاڭا لەئنەت ئوقۇرلەر ۋە گۆرىغە تاش ئاتارلەركىم، تاشلار تاغدەك تۆدە - تۆدە بولۇپدۇر. بەس، ئەبرەھە مەقسۇد ئاتلىغ بىر كىشىنى ئەللىك مىڭ كىشى بىرلە بۇيرۇدىكىم، تاكىم مەككەگە كىرمەي، ئەتراف - جەۋانىبدىن مال -

چارپايلارنى كەلتۈرگەي. بەس، ئول تەمامى چارپايلارنى كەلتۈردى. ھەر ئادەمكىم يولۇقسە ئەسىر قىلدى. ئاندا ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئىككى يۈز تۆۋەسى بار ئەردى. بەس، ئەبرەھە شىبانلارنىڭ بىرىدىن سورىدى: «مەككىيلەر جەڭ قىلۇرمۇ؟» ئول ئەيدى: «مەككەنىڭ سەردارى ئابدۇلمۇتتەلىبدۇر. ئول ئەيتۇركىم، جەڭ قىلماڭلار، شەھەرلەرنى قويۇڭلار، قايداغ خاھلاسا قىلغاي.» بەس، ئەبرەھە خەببات ئاتلىغ بىركىمەرسەنى مەككەگە ئىبەردى. ئەيدىكىم: «مېنىڭ سىزلەرگە ھېچ ئىشىم يوقدۇر. كەئبەنى ۋەيران قىلماقغە ئاند ئىچىپ ئەردىم، ئول جەھەتدىن كېلىپدۇرمەن. مەندىن ئەمىن بولۇڭلار.» «سەردارىنى ئالىپ كەلگىل، تا كۆرگەيمەن.» بەس، خەببات مەككەگە باردى، ئەبرەھەنىڭ پەيام - پەيغامىنى يەتكۈردى. ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئالىپ ئەبرەھەگە كەلتۈردى. ئول كېچە ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئالىپ، زۇنەفەر ۋە نەفىل قاشىغە تۈشۈردى. ئابدۇلمۇتتەلىب ئەيدى: «ئەي زۇنەفەر، ماڭا ھېچ ياۋەرلىك قىلۇر ئېھتىماللىڭ بارمۇ؟» زۇنەفەر ئەيدى: «نېچۈك قىلايكىم، ئەسىرۇ بەندەدۇرمەن. لېكىن ئول فىلبان بىرلە دوستدۇرمەن. ئاڭا ئەيتسام، سېنىڭ ياخشى سۈفەتىڭنى پادىشاھغە يەتكۈرۈر.» بەس، زۇنەفەر فىلبانغە ئابدۇلمۇتتەلىبنى ستايەش قىلدى، ئانى پادىشاھغە يەتكۈرمەكنى دەرخاست قىلدى ۋە ئەيدى: «ئابدۇلمۇتتەلىب تەمامى ئەرەبنىڭ سەييىدىدۇر. ھەمە ئەرەبلەردىن سەخىدۇر. فىلمەسەل، ئەگەر قاتتىغ شامال چىقسە، بىر تۆۋەنى قۇربانلىق قىلىپ، خەلقغە بېرۇر. ئەگەر ھەۋا گەرمىراق بولسە ھەم تۆۋە قۇربانلىق قىلۇر، خەلقغە بېرۇر. ئۆزى شىكارىدۇركىم، تاغلاردا قۇشلارنى، ۋەھشىلەرنى سەيد قىلىپ، سەگ ۋە دەررەندەلەرگە مەنفەئەت يەتكۈزۈر. ئانى مۇئەززەمۇنناس ۋەس - سەباۋ ئاتارلەر.» بەس، ئول فىلبان ئەرتەسى ئەبرەھەگە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئەۋساف - ئەتۋارىنى بەيان قىلدى. ئەبرەھە بۇيرۇدىكىم، چەشن مەجلىس قىلدىلەر. ئەبرەھەگە تەخت قويدىلەر، ئانىڭدىن ئۆزگە كىشى تەختدە ئولتۇرماس ئەردى. بەس، ئەبرەھە ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئۆزىدىن پەست ئولتۇرماقنى خاھلامادى. ئەگەر تەختدىن تۈشۈپ ئولتۇرسە، سىپاھ - لەشكەرلەر قورقۇپ تەختدىن تۈشتى دىگەيلەر دەپ، بۇ ئەندىشەدە، ئارقەسىدە تەخت قويدۇردى، تەمامى سىپاھ - لەشكەرلەر بىرلە جا - بېجا ئولتۇردى ئەرسە، ئابدۇلمۇتتەلىبنى چىرلادى، ئانى تەختدە ئولتۇرغۇزدى.

ئابدۇلمۇتتەلىب ياخشى سۈرەتلىك ۋە ياخشى قامەتلىك ئەردى. ئانى كۆردى ئەرسە، بىسيار دوست تۇتتى. كۆڭلىدە قەسد قىلدىكىم، خانەئى كەئبەنى ۋەيران قىلماقنى مۇڭا ئۆتۈپ يانغاي. بەس، ئابدۇلمۇتتەلىبغە ئەيدى: «نە. هاجەتىڭ بار؟» ئەيدى: «ئىككى يۈز تىۋەمنى ئالىپدۇرلەر، بۇيرۇساڭ تاكى ياندۇرۇپ بەرگەيلەر.» ئەبرەهە ئەيدى: «دەرىغا! مەن سېنى تەمام ئەقل ـ فەراسەتدە كامىل گۇمان قىلىپ ئەردىم، غەلەتدۇر ئىكەن. مەن خانەئى كەئبەنى ۋەيران قىلغالى كېلىپ ئەردىم. سەندىن لازىم ئەردىكى، مەندىن ئانى تىلەگەي ئەردىڭ، تاكى مەن ساڭا بەخش قىلىپ يانغاي ئەردىم. ساڭا چەندان مال ئەتا قىلۇر ئەردىم. ساڭا، فەرزەندلەرىڭگە تا قىيامەت فەخر بولۇر ئەردى. سەن مېنىڭ ئالدىمدا ئۆز قەدر ـ قىممەتىڭنى سىندۇردۇڭ.» ئابدۇلمۇتتەلىب ئەيدى: «ئول تىۋەلەر مېنىڭدۇركىم، ئانى تىلەمەكىم لازىمدۇر. ئول ئۆينىڭ ئىگەسى باردۇركىم غالىب ۋە تەۋانادۇر. ئەگەر خاهلاسا سەندىن ساقلار.» بەس، ئەبرەهە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ تىۋەلەرىنى بۇيرۇدى. ئول تىۋەلەرىنى ئالىپ مەككەگە ياندى. خەلقغە ئەيدى: «ئۆزۈڭلارنى تاغقە ئالىڭلار، شەهەرنى خالى قىلىڭلار!» ئۆزى جەمائەسىنى ۋە تىۋەلەرىنى ئالىپ، كۇهى هەراغە چىقتى. تەمامى خەلق تاغلارغا تارقادىلەر. خانەئى كەئبە خالى قالدىلەر. ئەبرەهە مەككەگە كېلىپ تۈشتى. ئەرتەسى ئول فىلى مەهمۇدنى باش قىلىپ، هەمە فىللارنى خانەئى كەئبەغە بۇيرۇدى، تاكى فىللار خانەئى كەئبەنى، شەهەر ئۆيلەرىنى ۋەيران قىلغاي. بەس، ئول فىلى مەهمۇد هەرەمگە يەتتى ئەرسە، توختاپ تۇردى؛ تەمامى فىللار هەم تۇردىلەر. هەرچەند تۆمۈر چوماقلار ۋە تاياقلار بىلەن سوقتىلەر، هەرگىز تەبرەمەدىلەر. بەس، هەق تەئالا قۇشلارنى ئىبەردىكىم، قارلۇغاچدەك ئول قۇشلار دەرىيانىڭ لەبىگە بارىپ، ئىككى ئاياغى ۋە تۇمشۇقىدا ئۈچ پارە لاي ئالىپ، هەۋاغە چىقتى. هەق تەئالا دەۋزەخنىڭ قىزىغلىقىنى ئاندا يەتكۈردى ئەرسە، ئول لاي تاش بولدى؛ ئول قۇشلار هەۋادا لەشكەرنىڭ ئۆزەسىگە كېلىپ تۇردى؛ ئول تاشلارنى ئول بىباك ـ ئەۋباشلارنىڭ ئۆزەسىگە سالا باشلادىلەر. هەر تاشكىم ئۇلارنىڭ بىرىگە تەگدى، تەمام ئەئزاسىغە ئوت تۇتاشتى، قاپارىپ خارىش پەيدا بولدى. ئول لەشكەرلەر ئۆز بەدەنىنىڭ مەشغۇللۇقىدا، ئالەمدىن بىخەبەر، يەمەن، شام، مەشرىق تەرەفىگە قاچا

باشلادىلەر. لەشكەرلەر تارقادىلەر ئەرسە، فىللارنى ئالىپ ياندىلەر. ھەركىمگەكى ئول تاش تېگىپدۇر، ئۆلدى. ئول زۇنەفەر ۋە نەفىل ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ، مەككەنىڭ تاغلارىغە چىقتى. ئابدۇلمۇتتەلىبغە ۋە ئەھلى مەككەگە خەبەر قىلدىلەر. ھەمە مەككەگە كەلدىلەر. ئاندىن كېيىن ئابدۇلمۇتتەلىبنى تەمامى ئەۋلادى بىرلە ئىلگەركىدىن ئۇلۇغ بىلدىلەر. ئەيتۇر ئەردىلەر: خۇداي تەئالانىڭ ئۆيىگە كەلگەن لەشكەر ۋە فىللارنى بۇ ياندۇردى؛ ھەركىم بۇلارغە يامان قەسد قىلسە، خۇداي تەئالا ھىلاك قىلۇر.

بۇ رىۋايەت شۇبۇ كىتابنىڭ رىۋايەتىدۇر. ئەمما تەفسىر كىتابلارىدا كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئول تاشكىم ئۇلارغە تەگدى، شول ساعەت ئۆلدىلەر. مال ـ ئەمۋاللارى ئۇلارغە غەنىمەت قالدى ۋە يەنە بىر رىۋايەتدە، نېجاشى ئۆزى كېلىپ ئەردى، ئاتى ئەسۋەد بىننى مەقسۇد ئەردى. ئەھلى ھەبەش ھەر ئۇلۇغ پادشاھنى نېجاشى ئاتار ئەردىلەر. ئول لەشكەرىدە مەھمۇد ئاتلىغ بىر فىل بار ئەردى. ئانداغكى، ھەق تەئالا خەبەر بېرىپدۇر، تەفسىرى بۇدۇر: ئايا، كۆرمەدۈڭمۇ ـ بىلمەدىڭمۇ پەرۋەردىگارىڭ ئەسھابى فىلغە نە قىلدىكىم، ئۇلارنىڭ مىكر ـ تەدبىرىنى ئۆزىگە زىيان قىلمادىمۇ؟ ئۇلارغە جەمئى قۇشلارنى ئىبەرىپ، لاي ۋە پالچىقدىن تاشدەك پىشقان خىشتلارنى ياغدۇردى؛ بەس، ئۇلارنى مال يەپ قىلغان گىيادەك نابۇد قىلدى. بەس، ئەيتىپدۇرلەر: نېجاشى تەمامى ھەبەش لەشكەرى بىرلە كېلىپ ئەردى. ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، ئەبرەھە شەھەرى سەنئادا نېجاشى ئاتىغە ئول كەلىسانى ئەتتۇردى ئەرسە، ئەتراب ـ جانىبدىن خەلايىق كۆرگەلى كېلۇر بولدىلەر. بەس، نەچەند روزگار بۇ تەرىق ئۆتتى ئەرسە، بىر تايىفە سوداگەرلەر كېلىپ، ئوتۇن يىغىپ، ئوت قالادى؛ كېچەسى كۆچۈپ كەتتى ئەرسە، شامال چىقىپ، ئول كەلىساغە ئوت ئالدى. خەلق يىغىلىپ ھەرچەند سەئى قىلدىلەر، ئوتنى پەست قىلالمادىلەر. ئول كەلىسا تەمام كۆيۈپ قالدى. ئەرتەسى، ئەبرەھە ئول كارۋانلارنىڭ ئارقەسىدىن كىشى ئىبەرىپ، ئالىپ كېلىپ، «سىزلەرنى ئەرەبلەر بۇ ئىشغە ئىبەرىپ ئىكەن» دەپ، ئۇلارنى مال ـ ئەمۋاللارى بىرلە كۆيدۇردى. بۇ خەبەر نېجاشىغە يەتتى ئەرسە، ئاند ئىچتىكىم، خانەئى كەئبەنى ۋەيران قىلغاي. بەس، ھەبەشنىڭ لەشكەرىنى ئول فىلى مەھمۇد بىرلە ئالىپ كەلدى. ئەبرەھە ھەم ھەمرا ئەردى. چۇن، مەككەگە كەلدى ئەرسە،

ئابدۇلمۇتتەلىب ئالدىغە چىقىپ، تىۋەلەرىنى تىلەپ ئالىپ، شەھەرنى خالى قىلىپ قويدى. بەنى سەقىفنىڭ مەسئۇد ئاتلىغ بىر ئوغلى نابىنا ئەردى. قىش مەككەدە، ياز تايىفدە ئەردى. ئابدۇلمۇتتەلىبغە دوست ئەردىكىم، ھەربار مەككەگە كەلسە، ئاندا تۇشەر ئەردى. ئول بىسيار ئاقىل ۋە كاردىيدە، تەدبىرلىك، كار ئازمۇدە ئەردى. قاچانكىم، شەھەر تارقادىلەر ئەرسە، ئابدۇلمۇتتەلىب ۋە مەسئۇدەىن ئۆزگە كىشى قالمادى. ئابدۇلمۇتتەلىب مەسئۇدغە ئەيدى: «تەمامى خەلق بۇ شەھەردىن كىتىپدۇر، مەن سىنىڭ ئۇچۇن قالىپدۇرمەن. ئەمدى ئەيغىل، نە قىلۇرمەن؟ ئەگەر تاغقە چىقماقنى مەسلەھەت كۆرسەڭ ئالىپ چىقغايمەن؛ ئەگەر تايىفغە بارۇر بولساڭ، تىۋەگە مىندۇرۇپ، كىشى قوشغايمەن.» مەسئۇدى ئەيدى: «كۇھى ئەبۇ قەيسغە چىقغايمىز، كۆرگەيمىزكىم، ھەق تەئالا بۇلارغە نە ئەزابلارنى ئىبەرۇر؟! كۆڭلۇمگە يىتەدۇركىم، ھەق تەئالا خانەئى كەئبەنى دۇشمەنگە قويماغاي. ئىشتىپدۇرمەنكىم، چەندان پادشاھ ۋە تۇببەئلەر قەسد قىلىپ ھىلاك بولغاندۇر.» بەس، ئىككۆلەن ئەبۇ قەيسغە چىقتىلەر ئەرسە، لەشكەرى ئىبجاشى مەككەگە كىلىپ تۇشتى. بىلدىكىم، شەھەر خالى قالىپدۇر. ئول كۇن توختادى. مەسئۇد تاغنىڭ باشىدا، ئابدۇلمۇتتەلىبغە ئەيدى: «ئەگەر خۇداي تەئالا خانەئى كەئبەنى سەلامەت تۇتسە، يۇز تىۋەنى قۇربانلىق قىلماقغە نىيەت قىلىپ، لەشكەر ئاراسىغە قويا بەرگىل، ئول تىۋەلەرنى ئۆلتۇرگەيلەر، خۇداي تەئالانىڭ ئۇلارغە قەھرى كەلگەي.» بەس، ئابدۇلمۇتتەلىب ئانداغ قىلدى. ئەرتەسى تاغنىڭ باشىدا تاماشاغە تۇردىلەر. مەسئۇد ئەيدى: «ئەي ئابدۇلمۇتتەلىب، باقىپ تۇرغىلكىم نە ۋاقىئ بولۇر.» تۇش ۋەقتى ئەردى. ئابدۇلمۇتتەلىب ئەيدى: «كۆرەرمەنكىم، ھەۋادا بىسيار ئۇششاق قۇشلار پەيدا بولدى.» مەسئۇد ئەيدى: «ياخشى قاراغىلكىم، بۇ دىيارنىڭ قۇشلارىدىنمۇ يا ئەمەسمۇ، قايان بارۇر؟» ئابدۇلمۇتتەلىب ئەيدى: «ئەجەب بىگانە قۇشلاردۇر، دەريا تەرەفىگە بارۇر.» يەنە ئەيدى: «باقىپ تۇرغىل، قايان بارۇر؟» بەس، ئابدۇلمۇتتەلىب بىر سائەت تۇرۇپ ئەيدى: «قۇشلار دەريا لەبىدىن ئۇچۇپ لەشكەرنىڭ تەرەفلەرىگە بارۇر.» مەسئۇد ئەيدى: «ئول قۇشلار ئەمەسدۇركىم، خۇدانىڭ لەشكەرىدۇر. كۆرگىلكىم، نە ئىش قىلۇرلەر.» بەس، ئابدۇلمۇتتەلىب تاماشا قىلىپ تۇردىكىم، ئافتاب سار غاردى ۋە

ئولتۇردى، قاراڭغۇ بولدى. ئول قۇشلار لەشكەرنىڭ ئۆزەسىدە ئۇچار ئەردى.
ئاندىن كېيىن كۆرمەدى. ئول كېچە ئىككۆلەن تاغنىڭ باشىدا قوندىلەر.
تاكىم سۇلتانى ئافتاب فەرراشلارى مۇلك سەھنىدىن يۇلدۇز تاشلارىنى
سۇپۇردى، سىپېھر مەيدانىدا ئالتۇن تانابلىغ چادىرىنى تىكتى، پادشاھى مىھر
نۇر تەختىدە ئولتۇردى ئەرسە، نە ئادەمنىڭ غەۋغاسىنى ۋە نە چھار پاينىڭ
ماجراسىنى ئىشىتتىلەر. مەسئۇد ئەيدى: «باقغىلكىم، نە كۆرەرسەن؟»
ئابدۇلمۇتتەلىب ئەيدى: «ئول قۇشلار كۆرۈنمەس.» مەسئۇد ئەيدى:
«نېچۇكدىن غەۋغا ۋە ماجرا ئىشىتىلمەس؟» ئابدۇلمۇتتەلىب ئەيدى:
«بىلمەسمەن.» مەسئۇد ئەيدى: «لەشكەرگە بارغايمىز، شايەدكى ھەق تەئالا
ھىلاك قىلغاندۇر.» بەس، ئىككۆلە لەشكەرگە كەلدىلەر. كۆردىلەركىم،
ھەمە لەشكەر ۋە لەشكەردەكى چھار پاي، جانۋارلار يەكسان ئۆلۈپدۇر،
قۇرۇپدۇرلەر. ھەر بىرىگە بىرگىلى مىھر تېگىپدۇركىم، ئاتىنى ئاتا
پۇتۇپدۇرلەر. ئابدۇلمۇتتەلىب قەسد قىلدىكىم ئەھلى مەككەگە خەبەر قىلغاي.
مەسئۇد ئەيدى: «ئىشتاب قىلماغىل. باقغىلكىم بۇلارنىڭ مال - ئەمۋاللار،
دىرەم - دىنارلارى قاياندۇر.» بەس، ئابدۇلمۇتتەلىب خەيمە - چادىرلارغە
كىرىپ كۆردىكىم جابېجا تۇرۇپدۇرلەر. مەسئۇد ئەيدى: «ئول ئۆزۈڭنى ۋە
مېنى تەۋانگەر قىل، ئاندىن ئۇلارغە خەبەر قىل.» ئابدۇلمۇتتەلىب ئەيدى: «نە
قىلماق كېرەكدۇر؟» مەسئۇد ئەيدى: «ئىككى تېشە كەلتۇرگىل.» ئەرسە،
بىرىنى ئۆزى ئالدى، بىرىنى ئابدۇلمۇتتەلىبغە بەردى. ئىككۆلەن ئول كۇن
كېچەسى بىرلە بىرەردىن ئورا كاۋلادىلەر. ئاڭا ئالتۇن - كۇمۇشدىن ئۆزگە
نەرسە، يىغمادىلەر. بىرىنى ئابدۇلمۇتتەلىبغە، بىرىنى مەسئۇدغە تەئىن
قىلدىلەر. ئانى كۆمۈپ يۇتۇرۇپ، ئاندىن ئابدۇلمۇتتەلىب تۇۋەگە مىنىپ،
تاغنىڭ تۆپەسىگە چىقىپ، ئەھلى مەككەنى مۇنادى قىلدى. تەمامى ئەھلى
مەككە يىغىلىپ كەلدىلەر. ئول لەشكەرلەر مال - ئەمۋاللارىنى ئالىپ،
تەۋانگەر - دەۋلەتمەند بولدىلەر. يەتتە كۇندىن كېيىن بۇلار ماللارىنى ئاچىپ
ئالدىلەر ئەرسە، يامغۇر ياغىپ، مەككەدەكى پەلىد - مۇردارلارنى ئاقىتىپ،
مەككەنى پاك - پاكىزە قىلدى. تەمامى ئەرەب ۋە ئەھلى مەككە
ئابدۇلمۇتتەلىبدىن قورقتىلەر. تەرس - ھەيبەت پەيدا بولدى، «سۇككانى
بەيتۇللاھ ۋە ئەھلى ھەرەمۇللاھ» ئاتادىلەر. خەلايىقغە ئانچە تەرس ۋە ھەيبەت

پەيدا بولدىكىم، مەككەدىن شام، ھەبەش ۋە يەمەنگە كارۋان بارسە، تىۋەسىگە مەككەنىڭ دەرەختىدىن بىر شاخ يا لىباسىدىن بىر پارچە چەكمەن باغلاسا، ھىچ ئوغرى - قاراقچىلار قەسد قىلماس ئەردى.

قاچانكىم، بۇ خەبەر يەمەنگە يەتتى ئەرسە، ئەبرەھەنىڭ ئىككى ئوغلى بار ئەردى، ئۇلۇغى مەسرۇق كىچىكى يەكسۇم ئەردى. يەكسۇمنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ، سىپاھ - لەشكەرنى ئاڭا تاپشۇرۇپ ئەردى. بەس، يەكسۇم تەختغە ئولتۇردى، ھەمە سىپاھ ئاڭا بەيئەت قىلىپ، ئانىڭدىن كېيىن بۇرادەرى مەسرۇق پادىشاھ بولدى. مۇنىڭدىن سەيف زۇليەزەنگە قالدى. ئاربات يەمەنگە كەلگەن زەماندىن تا مەسرۇقدىن سەيف زۇليەزەن ۋەقتىغە يەتمىش ئىككى يىل كەچتى. بۇ يىللاردا ھەبەشدىن تۆرت پادىشاھ ئۆتتى: بىرى ئارباتكىم تەختدە ئولتۇرماي ئۆلدى، ئىككىنچى ئەبرەھە، ئۈچۈنچى يەكسۇم، تۆرتۈنچى مەسرۇق.

# دەستان
# قىسسەئى سەيف زۇليەزەن

كەلتۈرۈپدۇرلاركىم، زۇليەزەن يەمەندە ھىمىيەر پادىشاھلارىدىن ۋە تۇببەئىنىڭ ئەۋلادىدىن ئەردى، تەخت - دەۋلەتىدىن ئاجراپ، نازۇ نىئمەتىدىن قالىپ، ئازغە قەنائەت قىلىپ يۈرۈر ئەردى. ئەمما ئۇلۇغ پادىشاھلارنىڭ نەسلى دەپ، خەلقلەر تەئزىم قىلۇر ئەردى. ئاتى قىياز، كۇنىيەتى ئەبۇ مەررە، لەقەبى زۇليەزەن. ئانىڭ رەيھانە ئاتلىغ بىر خاتۇنى بار ئەردى، ئىمالقەنىڭ ئۇرۇغىدىن، ئانى «ئەكلۇل مەرۋ» ئاتار ئەردىلەر. بىنەھايەت خۇشرۇي، ئاقىل، پارسا ئەردى؛ يەمەندە ئانىڭدىن خۇشرۇي كىشى يوق ئەردى. زۇليەزەننىڭ ئانىڭدىن ئىككى ياشدا بىر ئوغلى بار ئەردى، ئاتى مەئدىكەرب، لەقەبى سەيف ئەردى. بەس، ئەبرەھەغە رەيھانەنى خەبەر قىلدىلەر ئەرسە، زۇليەزەننى چىرلاپ ئەيدى: «ئەگەر خاتۇنۇڭنى قويماساڭ سېنى ئۆلتۈرۈرمەن.» بەس، زۇليەزەن ناچار خاتۇنىنى تەلاق قىلدى. ئەبرەھە ئالدى، ئانىڭدىن ئىككى ئوغۇل تۇغدى. مەسرۇق ۋە يەكسۇم ئول ئەردى.

بەس، زۇلەيزەن بۇ دەردده يەمەنده تۇرالماي، قەيسەرى روم قاشىغا باردى. نەچچەند مەھەل ئاندا تۇردى. قەيسەرگە نام - نەسەبىنى، پادىشاھى ھىمىيەر ۋە ئەۋلادى تۇببەئ ئىكەنىنى، ھال - ئەھۋالىنى ئەرز قىلدى؛ ئانىڭدىن سىپاھ ۋە ياۋەرلىك تىلەدى، ئاڭا سىپەھسالار بولماق ۋە خىراج بەرمەكنى ئەرز قىلدى. قەيسەر ئەيدى: «مەن ئەبرەھە بىرلە دىنىمىز بىردۇر، بىر - بىرىمىزگە لەشكەر ئىبەرمەسمىز. ئەگەر ساڭا زۇلۇم يەتكەن بولسا، نامە ئىبەرەي، تاكى مىرادىڭدەك بولغاي.» زۇلەيزەن ئەيدى: «ئول سىتەمكى ماڭا يېتىپدۇر، سىنىڭ نامەڭ بىرلە بىر تەرەف بولمايدۇر.» بەس، ئاندىن چىقىپ ئەجەم تەرەفىگە يۈزلەندى. بەس، بىھەيرەگە يەتتى ئەرسە، نوئمان بىننى مۇنزەر پادىشاھ ئەردى، ئەمما ئانوشىرۋانغا تابىئ. ئانىڭ قاشىغا كىردى. ئاڭا نام - نەسەبى، ئەھۋالىنى بەيان قىلدى ئەرسە، ئول ھىمىيەر پادىشاھلارىدىن رەبىئە بىننى نەسرلەھمىنىڭ ئەۋلادىدىن. زۇلەيزەنىنىڭ ئاتا - باباسىنى بىلۇر ئەردى. بەئزىلەر پادىشاھى ئەرەب ئۆمەر بىننى ھىند پادىشاھى ئانوشىرۋانغا تابىئ ئەردى دەپدۇرلەر.

# دەستان

ئەلقىسسە، ئول پادىشاھ زۇلەيزەنگە ئىلتىفاتلار قىلىپ، ھال سورىدى ئەرسە، ھال - ئەھۋالىنى، قەيسەردىن نەۋمىد ياندىغانىنى بەيان قىلدى. ئەيدى: «كىسرانىڭ دەرگاھىغا بارماقنى ئىرادە قىلىپدۇرمەن، سەندىن ھەم ياۋەرلىك تىلەرمەن.» پادىشاھى ئەرەب ئەيدى: «مەن ھەر يىلى كىسرانىڭ قاشىغا بارۇرمەن، بىر ئاي تۇرۇپ يانارمەن. مېنىڭ بىرلە ھەمرا بارغىل.» بەس، بارۇر ۋەقتى يەتتى ئەرسە، ھەمراھ بولۇپ، كىسرانىڭ دەرگاھىغا باردىلەر. ئول پادىشاھ رەسىم خىزمەت ۋە تەئزىم بىجا كەلتۇردى. نەچچەند كۈن زۇلەيزەندىن ھىچ سۆز چىقارمادى. تاكىم قاچانكىم، زۇلەيزەن ئاندا تۇردى. پەردە ۋە ھىجاب كۆتەرىلىپ، تەئام ۋە شەرابدا ئۇنس - ئۇلفەت ئالىشتىلەر ئەرسە، بىركۈنى زۇلەيزەنىنىڭ ۋاقىئەسىنى ئاراغا سالدى. ئانىڭ ئەسلى نەسەبىنى، يەمەندىكى ھال - ھەسبىنى بەيان قىلدى ۋە ئەيدى: «ھالا مېنىڭ بىرلە كېلىپدۇر.» كىسرا بۇيرۇدىكىم، ئاڭا مەجلىس تۇزدىلەر.

ئانوشىرۋانغە ئالتۇن تەخت قويدىلەركىم، تۆرت ئاياغى ياقۇتتىن ئەردى؛ دىبا ۋە زەربافتلار سالدىلەر. ئانوشىرۋاننىڭ تاجى ئانداغ ئەردىكىم، دۇرر - جەۋاھىر، لەئل - گەۋھەرلەر بىرلە مۇرەسسەئ ئەردىكىم. ئاغىرلىقىدىن باشىغە كىيەلمەس ئەردى. لېكىن ئالتۇن زەنجىر بىرلە راۋاقنىڭ تارۇسىغە ئاسىپ قويار ئەردىلەر. ئول زەنجىر خەلقىغە كۆرۈنمەس ئەردى. قاچانكىم مەجلىسدىن قوپسا، تاجى ئاندا قالۇر ئەردى ۋە ئانى پەردە بىرلە ياپىپ قويار ئەردىلەر. بۇ رەسمنى ئانوشىرۋان چىقارىپ ئەردى. بەس، زۇلىيەزەننى مەجلىسكە ئالىپ كىردىلەر ئەرسە، ئول تاج - تەخت، ئەزەمەت - ئۇلۇغلۇق ۋە ھەيبەتنى كۆرۈپ، ھەيران بولدى؛ ئاياغى تىترەپ يىقىلدى. ئەرەب شاھى ئەيدى: «ئانى تۇتتۇڭلاركىم پادشاھنىڭ ھەيبەتىدىن ھەيران بولدى.» ئول تەختغە ياۋۇق ئولتۇرۇپ ئەردى، ئاندىن ئۆزگە تەختكە ياۋۇق كىشى يوق ئەردى. بەس، زۇلىيەزەننــــى ئەرەب پادشاھــــى ئۆزىدىن يۇقارى ئولتۇرغۇزدى ئەرسە، ئانوشىرۋان بىلدىكىم ئۇلۇغ كىشىدۇر. بەس، ياخشى سۆزلەر بىرلە نەۋازىش قىلدى، تەختىغە چىرلادى. ئاندىن ھال سوردى ۋە ئەيدى: «نە ھاجەت ئۈچۈن يىراق يولدىن كېلىپسەن؟» بەس، زۇلىيەزەن تەختدىن تۇشۇپ، پادشاھنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، سەنا - دۇئالار قىلدى، داد - ئەدل ۋە كەرەم - فەزلىدىن ستايەشلەر قىلدى. ئاندىن، نام - نەسەبىنى ئەرز قىلدى ۋە ئەيدى: «بىز ئانداغ ئەردۇككىم، يەمەننىڭ پادشاھلارى خــــزمەتكار ئەردى. بەس، ھەبەشنىڭ لەشكەرى كېلىپ، مۇلكنى بىزدىن ئالىپ، رەئىيە - فۇقرالارغە زۇلۇم - ستەملەر قىلدى. ئەللىك يىلدۇركىم، بۇ خارلىقغە سەبر قىلۇر ئەردم. ئاخىر زۇلۇم ئاڭا يەتتىكىم سەبر قىلالمادىم. سىنىڭ مەجلىسىڭنىڭ ھۆرمەتىدىن شەرم تۇتار ئەردىم، ساڭا بەيان قىلغايمەن. ئەگەر ماڭا يەتكەن زۇلۇمنىڭ تەھقىقىنى ئاڭلاساڭ فەزل - كەرەمىڭدىن مېنىڭ فەريادىمغە يىتەرسەن، مېنى ئول بىدادلار زۇلۇم - ستەمىدىن خەلاس قىلۇرسەن. مەن ئۇمىدى تەمام بىرلە دەرگاھىڭغە كېلىپدۇرمەن. فەريادرەسلىك تىلەرمەن. ئەگەر ئۇلۇغلۇقۇڭ ھۆرمەتىدىن فەريادىمغە يېتىپ، ھاجەتىمنى رەۋا قىلساڭ، لەشكەر ئىبەرىپ، پادشاھلىقىمنى ئالسام، رەئىيەلەرنى زالىملاردىن خەلاس قىلسام، مەملەكەتــــڭ مەشرىقىدىن مەغرىبىغە مۇتتەســــل بولغاي. ئول بىچارەلەرنى بەندەلىكدىن خەلاس قىلىپ، ئەدلىڭدىن ئازاد قىلغان بولۇرسەن.

مېنى ئەۋلادىم بىرلە بەندە قىلۇرسەن.» ئانوشىرۋانغە بۇ سۆزلەر تەئسىر قىلدى، كۆڭلى ئۆرتەنىپ، كۆزىگە ياش ئالدى. زۇلەيزەن پىر ئەردى. پادىشاھ ئەيدى: «ئەي پىر، نە ياخشى سۆزلەدىڭ، كۆڭلۈمنى دەرددىن ئۆرتەدىڭ. مۇقەررەردۇركىم، سىتەمرەسىدە سەن. لېكىن سېنىڭ دىيارىڭ مېنىڭ مەملەكەتىمدىن بىغايەت يىراقدۇر، ئارادا دەشت - بايابان ۋە دەريايى مۇخاتىرە تولاراق. مۇندىن ئاڭا لەشكەر ئىبەرمەك مەھز لەشكەرلەرنى ھىلاك قىلماق بولۇر. فىكر بىسيار قىلماق لازىم بولۇر. مېنىڭ تەمامى پادىشاھلىقىم، خەزىنە ۋە ئەمۋاللارىم سېنىڭدۇركىم، مۇندا تۇرغايسەن. ئاندىن كۆڭۈل ئۈزگەيسەن. ماڭا شىرىك بولغايسەن.» بەس، بۇيرۇدىكىم، زۇلەيزەننى ياخشى يەرگە تۈشۈرۈڭلار دەپ، ئون مىڭ دىرەم بۇيرۇدى. زۇلەيزەن ئول دىرەملەرنى ئالىپ، پادىشاھنىڭ قاشىدىن چىقىپ، دىرەملەرنى چاچتى، خەلقلەر تېرىپ ئالدىلەر، ئۆزىگە قالمادى. ئانوشىرۋانغە ئەيدىلەر: «ئول پادىشاھزادەدۇركىم، ھىممەتى بەلەنددۇر.» بەس، يەنە بىركۈنى زۇلەيزەننى چىرلادى ۋە ئەيدى: «ئەي پىر، مېنىڭ ئەتا ۋە كەرەمىمنى خار كۆرۈپ، خەلققە تاشلادىڭ.» زۇلەيزەن ئەيدى: «مەن خۇداي تەئالاغە شۇكرانە ئۈچۈن فۇقرالارغە ئىيسار قىلدىم. ماڭا پادىشاھ ئىلتىفاتلار قىلدى، مەندىن ھال سوراپ سۆز سۆزلەدى. مېنىڭ دىيارىمدا تاغلار باردۇركىم، ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ كانى ئاندادۇر. مەن ئۆز مۈلكۈمغە يانسام، پادىشاھ ماڭا ياۋەرلىك قىلسا، دەردۇ ھەسرەتىم كام بولسا ياخشى ئەردى.» بەس، پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئۇۋۇرۇدى. ئەيدى: «سەبر قىلغىل، تاكى ھاجەتىڭنى رەۋا قىلىپ، خاھىشىڭدەك دىيارىڭغە ياندۇرۇرمەن.» بەس، زۇلەيزەن بۇ ئۈمىد بىرلە ئون يىل تۇردى، ئاندا ئۆلدى. ئوغلى يەمەندە ئەبرەھەنىڭ قولىدا چوڭۇدى. ئەبرەھە ئۆز فەرزەندىدەك ئاسرار ئەردى؛ سەيف ھەم ئۆز ئاتاسى دەپ بىلۇر ئەردى.

بەس، ئەبرەھە ئۆلدى. يەكسۇم تەختغە ئولتۇردى. بۇرادەرى مەسرۇق بىرلە بەرابەر ئاسرار ئەردى. بەس، تۆرت يىلدىن كېيىن يەكسۇم ئۆلدى، مەسرۇق تەختغە ئولتۇردى. سەيفنى خار كۆردى. بىركۈنى سەيف بىرلە سۆزلەشتىلەر. مەسرۇق ئەيدى: «لەئنەت سېنىڭ ئاتاڭغە.» بەس، سەيف چىقىپ ئاناسى قاشىغە باردى، ئەيدى: «ئاتام كىمدۇر؟» ئول ئەيدى:

«ئەبرەھە.» سەيف ئەيدى: «يالغان ئەيتۇرسەنكم، بۇگۇن مەسرۇق مېنى دەشنام قىلىپ، ئاتاڭغە لەئنەت دەيدۇر. كىشى ئۆز ئاتاسىغە لەئنەت ئىيبەرمەس. راست ئەيغىلكىم، ئاتام كىمدۇر؟ ۋە گەرنە بۇ شەمشەر بىرلە ئۆلتۇرۇرمەن!» دەپ قولىغە شەمشەر ئالدى. بەس، دەرھال ئاناسى شەمشەرنى ئالىپ، ئەبرەھە ئالغاننى ۋە ئاتاسى كىسرانىڭ قاشىدا ئۆلگەننى بەيان قىلدى. سەيف بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، ئاناسى بىرلە خوبلاشىپ، كىسرانىڭ دەرگاھىغە يۈزلەندى. ئەۋۋەل قەيسەرنىڭ قاشىغە باردى. ئاتاسى ۋە بۇرادەرى ئۆلگەننى، يەمەن خەلقىدىن زۇلۇم كۆرگەننى ئەرز قىلدى؛ لەشكەر تىلەدى. قەيسەر ئاتاسىغە ئەيتغان جەۋاپنى بەردى. سەيف ئەيدى: «ئەگەر مەن ئاتامنىڭ كەلگەننىنى بىلسەم ئەردىم، ھەرگىز كەلمەس ئەردىم.» ئاندىن، كىسرانىڭ قاشىغە باردى. بىر يىل ئاندا تۇردى. كىچە ئاتاسى قەبرىدە قونار ئەردى. كۈندۈزى ياساۋۇل ۋە دەربانلار بىرلە ئاشنالىق قىلۇر ئەردى. بەس، ئۇلار بىر ئاشنا بولدى. بىلدىلەركىم، ئول پىر زۇلىيەزەننىڭ ئوغلىدۇر. بەس، بىر كۈنى يىل باشى ئەردى. سەيف پادشاھنىڭ دەرگاھىدا ئولتۇرۇر ئەردى. كىسرا سارايدىن چىقتى ئەرسە، سەيف قوپۇپ تۇرۇپ ئەيدى: «سەلام پادشاھى بۇزۇرگۋارنە شاھزادەئى زەلىل خاردىنكىم، بىچارە ئۇمىدۋارلىق بىرلە بۇ سارايىنىڭ ئىشىكىدەدۇركىم نە ھالنى كىشى سورغاي ۋە نە ئەرزنى پادشاھغە يەتكۈرەلىگەي.» نوشىرۋان ئەيدى: «كىمدۇر؟ سۆزنى ئالىڭلار.» سەيف ئەيدى: «ئەي پادشاھى ئادىل - دادگەر! مېنىڭ سەندە ھەققى مىراسىم باردۇر. فەزلى كەرەمىڭ بىرلە دادىمنى بەرگىل.» بەس، كىسرا سارايغە كىردى، سەيفنى قاشىغە چىرلادى. ئەيدى: «مەندە نىمە ھەققىڭ باردۇر؟» سەيف ئەيدى: «مەن ئول پىر زۇلىيەزەننىڭ ئوغلىدۇرمەن. ئول سەندىن لەشكەر ياۋەرلىك تىلەپ، سىنىڭ ۋەئدەڭدىن كۆز تۇتۇپ، ئون يىل دەرگاھىڭدا سەبىر قىلىپ تۇردى. ھالا ئۆلدى. ئول ۋەئدەڭ ماڭا مىراس قالىپدۇر.» بەس، كىسرانىڭ مۇڭا رەھمى كەلدى. ئەيدى: «ئەي ئوغۇل، ئەگەر راست ئەيتۇرسەن، سىنىڭ ھالىڭنى كۆرەي، ئاندىن ساڭا جەۋاب بېرەي.» بەس، ئون مىڭ دىرەم ئەتا ۋە كەرەم قىلدى. سەيف ئول دىرەملەرنى ئالىپ چىقتى، ھەمىياننىڭ ئاغزىنى يېزىپ، دىرەملەرنى كوچالارغە ساچىپ ئۆيگە كەلدى. ئەرتەسى كىسرا سەيفنى چىرلاپ

ئەيدى: «دىرەملەرنى نېچۈكدىن تۆكتۈڭ؟» سەيف ئەيدى: «سېنىڭ يۈزۈڭنى كۆردۈم، سۆزلەشتىم. ئانىڭ شۈكرانەسىگە تەسەددۇق قىلدىم. ئول دىياركىم مېنىڭدۇر. ھەمە تاش - تۇفراقى زەر - سىيمدۇر. ئەگەر پادىشاھ ماڭا ياۋەرلىك قىلسە، بۇ دىيارنىڭ دەر - دىۋارىنى دىرەم - گەۋھەر قىلۇرمەن.» كىسرا ئەيدى: «گۇۋاھلىق بېرۇرمەنكىم، سەن ئول پىر زۇلىيەزەننىڭ ئوغلىدۇرسەن. سەبر قىل، تا ھاجەتىڭنى رەۋا قىلۇرمەن.» بەس، ئەرتەسى، تەمامى سەردارلارنى يىغدى، ۋەزىر - دانىشمەندلەرنى چىرلادى. ئەيدى: «تەدبىر ئەيتىڭلاركىم، ئول جوۋانمەردكە نە تەرىقە يارى بەرگەيمىز؟ لەشكەرنى مۇنداغ مۇخاتىرەگە ئىبەرمەككە تەدبىردۇركىم، بۇ ئىشنى ئۆددە ئالغاي؟» ھېچكىم جەۋاب بەرمەدى. بىر دانىشمەند ئەيدى: «مەسلەھەت ئولكىم، زىنداندا بىسيار كىشى باردۇركىم، ھەمە ئۆلتۈرمەك ۋاجىب بولغاي خەلقدۇر. ئۇلارنى بۇيرۇغايسەن. ئەگەر زەفەر تاپسا ساڭا بولغاي. ئۇلارنىڭ گۇناھىنى ئۆتكەيسەن.» ئانوشىرۋان ئەيدى: «بىسيار خوبدۇر.» بەس، زىندانلارنى سەرھىساب باردىلەر. سەككىز يۈز ئۆلۈم ۋاجىب بولغان كىشى چىقتى. ھەمەسىنى زىنداندىن چىقارىپ، سەككىز كېمە ئەتتۇرۇپ، ھەركېمەگە يۈز كىشىنى ئولتۇرغۇزدى. لەشكەردىن ھارۇن ئاتلىغ سەكسەن ياشلىغ بىر پەھلىۋان بارئەردى، ئانى سىپەھسالار قىلىپ، ئىھسان - ئىنئام ۋە سىلاھى تەمام بېرىپ، سەيفكە تاپشۇرۇپ، رەۋان قىلدى.

قاچانكىم، دەرياغە ئوترا يول يۈردىلەر ئەرسە، ئىككى كېمە غەرق بولۇپ، ئىككى يۈز كىشى ھىلاك بولدى. ئالتە يۈز كىشى بىرلە سەيف ۋە ھارۇن سەلامەت چىقتىلەر. شەھەرى ئەدەنگە يەتتىلەر ئەرسە، مەسرۇقغە خەبەر يەتتى. ئول جاسۇس ئىبەرىپ، بۇلارنىڭ مىقدارىنى ۋە قۇدرەت - ئىقتىدارىنى خەبەر ئالىپ، تەئەججۇب قىلىپ، ھارۇنغە كىشى ئىبەردىكىم: «سەن غەلەت قىلىپسەن، ئول گۇدەك پادىشاھى ئەجەمگە فىرىب بېرىپدۇر. سەن مەرد پىر ۋە زەئىفسەن. ئەگەر مېنىڭ سىپاھىمنىڭ ئەدەدىنى بىلسەڭ ئەردى، مۇنداغ ئازلەشكەر بىرلە كەلمەس ئەردىڭ. ئەمدى، ئەگەر خاھلاساڭ كەلگەن يولۇڭ بىرلە يانغايسەن. يول ئوزۇقۇڭنى بەرگەيمەن. ئەگەر مۇندا تۇرماقنى ئىختىيار قىلساڭ ياخشى ئاسراغايمەن.» ھارۇن جەۋاب بەردىكىم: «پادىشاھ مېنى بىر ئىشغە فەرمان قىلىپدۇر. بىرگاي زەمان بەرگەيسەن. ئاندىن كېيىن

ساڭا جەۋاب بەرگەيمەن.» بەس، مەسرۇق ئامان بەردى. ئەلەفە ۋە قونالغە ئىبەردى ئەرسە، هارۇن قوبۇل قىلمادى، ئەيدى: «ئەگەر ئەلەفە يەسەڭ جەڭ قىلماق هەرام بولۇر، ئانىڭ هەققىنى ساقلاماق ۋاجىب بولۇر.» سەيفكە ئەيدى: «سىنىڭ ئەۋلادىڭدىن نە مىقدار كىشى جەمئ بولۇر؟» سەيف ئەيدى: «چەندان مەردانە سۇۋار يىغىلۇركىم، هەمەسى سىنىڭ ئىتەكىڭنى تۇتار. ئەگەر زەفەر تاپساڭ هەمەمىز ساڭا سىپاه بولۇرمىز. ئەگەر ئۆلسەڭ هەمەمىز ئۆلەرمىز.» بەس، هارۇن بىسيار شاد بولدى.

بەس، سەيف تەمامى ھىميەرىلەرغە كىشى ئىبەردى، تاكى ئەللىك مىڭ مەردى جەنگى جەمئ بولدى. بەس، بىرئاي تەمام بولدى ئەرسە، مەسرۇق هارۇنغە كىشى ئىبەردى: «قەرار تەمام بولدى، نىچۈك مەسلەهەت قىلدىڭ؟» هارۇن ئەيدى: «مەسلەهەت جەڭدۇر.» بەس، مەسرۇقنىڭ بىر ئوغلى بار ئەردى. ئاڭا ئەيدى: «ئەي ئوغلۇم، مەن ئۇلار بىرلە جەڭ قىلغالى نامۇس قىلۇرمەن، سەن ئۇلارنىڭ دادىنى بەرگەيسەن.» بەس، ئون مىڭ كىشى بۇيرۇدى. ئەيدى: «ئەگەر زەفەر تاپساڭ تەمامى ھىميەرىلەرنى ئۆلتۇرگىل، ئەجەم لەشكەرىنى ئەسىر قىل.» هارۇننىڭ هەم بىر ئوغلى بار ئەردى، ئىككۆ تەقابىل بولدىلار. ئەجەم لەشكەرى تەمامى تىيرانداز ئەردى. يەمەن خەلقى ئوق ئاتالماس ئەردى. بەس، ئەجەم لەشكەرى ئوق ياغدۇردى. يەمەن لەشكەرى قاچغالى تۇردىلەر. بىسيار خەلق ئۆلدى. بەئزىسى يارالىغ بولدى. مەسرۇقنىڭ ئوغلى ئوق تېگىپ ئۆلدى. هارۇننىڭ ئوغلىنى ئات ئالىپ قاچىپ. ھەبەش لەشكەرىگە ئالىپ كىردى، تەمامى لەشكەر يىغىلىپ ئانى هەم ئۆلتۇردىلەر. بەس، مەسرۇق ئوغلىنىڭ دەردىدە ئۆزى جەڭگە ئاتلاندى؛ هارۇن هەم دەردۇ هەسرەتدىن كېمەلەرنى، تەمامى مەتائلارنى كۆيدۇردى، بىر كۈنلۈكدىن زىيادە تەئام ۋە ئوزۇقلارنى دەرياغە قويدى، تەمامى لەشكەرنى يىغدى. ئەيدىكىم: «مەتائىڭلارنى ئول جەهەتدىن كۆيدۇردۇمكى، ئەگەر دۈشمەن بىزگە غالىب بولسە، دۈشمەنگە ھىچ نەرسەمىز قالماغاي، تەئام ۋە ئوزۇقلارنى ئول ۋەجهىدىن دەرياغە قويدۇم، هەركىم بىلگەيكى، بىركۈندىن زىيادە تىرىكلىك يوقدۇر. ئەگەر جەڭ قىلىپ زەفەر تاپساڭلار رىزق روزى، نازى نېئمەت تاپغايسىزلەر.» بەس، تەمامى بەيئەت قىلدىلەر. مەسرۇق يۈزمىڭ لەشكەر بىرلە راست بولۇپ تۇردى. هارۇن هەم

ئۆزلەشكەرىگە بۇيرۇدى، تاكىم سەف راست قىلىپ، ئوقيالارىنى گەزكىرتىپ تۇردىلەر. ھارۇننىڭ ياسىنى كىشى تارتالماس ئەردى. بەس، ھارۇن ئوقياسىنى قولغە ئالدى. قاشى كۆزىنى ياپىپ تۇرار ئەردى. ئەيدى: «ماڭا پادشاھنى كۆرسەتىڭلار!» ئەيدىلەر: «پادشاھ ئول فىلسۇۋاردۇركىم، باشىدا ئالتۇن تاجى باردۇر؛ پېشانەسىدە بىر ياقۇت ئابداردۇركىم ئافتابدەك تابىشى باردۇر.» ھارۇن ياقۇتنى كۆردى. ئەيدى: «سەبر قىلىڭلار، ئاستا ئوق ئاتىڭلار!» بەس، بىر سائەت جەڭ قىلدىلەر ئەرسە، مەسرۇق فىلدىن تۇشۇپ، ئاتىغە مىندى. يەنە ئەيدى: «ئات ياخشى سۇۋارەدۇر.» يەنە بىر زەمان تۇرۇپ ئاتدىن تۇشۇپ خىچىرغە مىندى. ھارۇن ئەيدى: «ئەمدى بەختى ياندى، چۇنكى خىچىر ئېشەك نەسلىدۇر، ئېشەك ئۇلاغنىڭ بىئېتىبارىدۇر. مېنىڭ يايىم قەبزەسىنى ئانىڭ ياقۇتىنىڭ بەرابەرىغە راست قىلىڭلار. مەن بىر ئوق ئاتارمەن. ئەگەر لەشكەر ئورنىدا تۇرسە، بىلىڭلاركىم ئوق خەتا قىلغاندۇر؛ سىزلەر ھەم تەبرەمەڭلەر. ئەگەر لەشكەر قوزغالىپ ئاڭا يىغىلسە، بىلگەيسىزلەر ئوق راست تەككەندۇر. سىزلەر ھەم يەكبارە تىير باران قىلىڭلار.» بەس، ھارۇننىڭ يا قەبزەسىنى ياقۇتنىڭ بەرابەرىگە تۇرغۇزدىلەر ئەرسە، ھارۇن ئوق ئاتتى. ئوق خۇدانىڭ فەرمانى بىرلە مەسرۇقنىڭ پېشانەسىگە تېگىپ، خىچىردىن يىقىلدى، ئەجەم لەشكەرى تىيرباران قىلدىلەر. بىسيار خەلق يارالىغ بولدى. ھەبەش لەشكەرى قاچتىلەر ئەرسە، ئارقەدىن قوغلاپ ئۆلتۇرە باشلادىلەر. سەيف ئەيدى: «ئەي ھارۇن، بۇ لەشكەردە مېنىڭ قەبىلەمدىن پادشاھزادىلەر بىسيار، بۇيرۇغايسەن تاكىم ئۆلارنى ئۆلتۇرمەگەيلەر.» ھارۇن مۇنادى قىلدۇردىكىم: «لەشكەرى ھەبەشدىن ئۆزگەنى ئۆلتۇرمەڭلار!» بەس، ئول كۇن ھەبەش ۋە يەمەن خەلقىدىن ئانچە ئۆلتۇردىلەركىم كىشى قالمادى. قان ئارىقلار بولدى. ئەرتەسى، ھارۇن شەھەرى سەنئاغە كىردى. تەخت ئۇستىدە ئولتۇردى. سەيف ئالدىدا تۇردى. ھەبەشدىن ھەركىمنى تاپتىلەر ئۆلتۇردىلەر. ئاندىن، ئانوشىرۋانغە فەتھنامە ئىبەردىلەر. ئانوشىرۋان جەۋاب ئىبەردىكىم: «مۇلكنى سەيفغە تاپشۇرۇپ ئۆزۇڭ يانغايسەن.» بەس، ھارۇن سەيفنى تەختغە ئولتۇرغۇزدى، باشىغە تاج قويدى؛ ئۆزى باشلاپ رەسمى تەئزىم بىجا كەلتۇردى. ئاندىن ياناقىنىڭ تەدبىرىگە تۇردى. سەيف ھارۇنغە ئىنئام -

ئىھسانلار قىلدىكىم ھارۇن ھەيران قالدى. ئانۇشىرۋانغە بىھىساب ۋە بىئەندازە ھەدىيەلەر، خەزايىنلەر تۆھفە قىلدى. ھارۇن كېيىن بىرلە ئانۇشىرۋاننىڭ دەرگاھىغە ياندى. سەيف شەھەرى سەنئادا بىر راۋاق بار ئەردى، ئاندا قەرار ئالدى. ئول راۋاقنى تۇببەئ ۋە ھىميەر پادىشاھلارى بۇنياد قىلغان، ئابا ۋە ئەجدادى ئاندا ئولتۇرغان ئەردى. بەس، سەيف پادىشاھلىقدا بەرقەرار بولدى ئەرسە، ئەرەب، ھىميەر ۋە يەمەن لەشكەرى ئاڭا يىغىلدى. ۋە گۇرۇھى ھەبەشىلەرنى خادەم - خىزمەتكار قىلدى. ھەمىشە ئالدىدا قول باغلاپ تۇرار ئەردىلەر؛ ئاتلانسە ئالدىدا يۈگۈرۈر ئەردىلەر. ئۇلارغە ئالدىدا يۈگۈرماقدىن ئۆزگە ئىش بۇيرۇماس ئەردى. ئەرەب ۋە ھىميەر لەشكەرىگە ھەرشەھەرلەردە ئەمەل - مەنسەبلەر تەئىن قىلدى. زەمىنى ھىجاز، بادىيەدىن خەلايىق مۇبارەكبادلىقغە كېلىپ، شادلىق قىلۇر ئەردى. ئەرەبلەر گۇرۇھ - گۇرۇھ شېئىرلار ئەيتىپ، مەدھ - ستايەشلەر قىلىپ كېلۇر ئەردى، ھەر شائىرغە ئىنئاملار قىلۇر ئەردى. ئابدۇلمۇتتەلىب قۇرەيش ئۇلۇغلارى بىرلە كېلىپ، مۇبارەكبادلىق قىلدى. ئول ئىلتىفات - ئىھسانلار قىلدى.

قاچانكىم، سەيف زۇلىيەزەن تەختگاھى يەمەندە ئولتۇردى، بىتەمام ھەبەشىلەرنى ئۆلتۇردى، مەگەر پىر، ناتەۋان ۋە نارەسىدە، بىئىمكان ۋە زىنانى بىدەرمانلار قالدى. بەس، نەچەند يىل ئۆتتى ئەرسە، ئانۇشىرۋانغە بىسيار تۆھفە - پېشكەشلەر بىرلە ئەلچى ئىبەردى. ئول نەچەند ھەبەشىلەر دەربان - پاسىبان ئەردىلەر، كېچە- كۇندۇز قۇللۇق - بەندەلىك مەقامىدا قول باغلاپ، خىزمەت بىجا كەلتۇرۇر ئەردىلەر. سەيف ئۇلارغە ئىنئام - ئىھسان قىلۇر ئەردى تاكىم ئۇلاردىن ئەمىن بولدى ئەرسە، بىركۇنى شىكارغە ئاتلاندى. ئول ھەبەشىلەر ئالدىدا پىيادە يۈگۈرۈر ئەردى. ناگاھ بىر سەيد چىقتى، ئول ھەبەشىلەر ئالدىدا سەيدنى قوغلاپ، لەشكەردىن ئاجراب، تەنھا بىر بايابانغە يەتتى ئەرسە، ئول ھەبەشىلەر مەھەل تاپىپ، سەيفكە ئولاشىپ ھىلاك قىلدىلەر؛ ھەر تەرەفكە قاچىشتىلەر. ھەر تەرەفدىن ھەبەشىلەر خۇرۇج قىلىپ، بىر يەرگە يىغىلىپ، سەيفنىڭ ئەۋلادىدىن بىسيار خەلقنى ئۆلتۇردىلەر. نەچەند روزگار ئۆتتى، ھىچكىم تەختكە ئولتۇرمادى؛ كىشى كىشىگە ئىتائەت قىلمادى؛ يەمەندە بىر بىرلەرنى ئۆلتۇرۇشتىلەر. بۇ خەبەر كىسراغە يەتتى ئەرسە، بىنەھايەت دەردى ھەسرەت تارتتى. ھارۇننى تۆرت

مىلىڭ كىشى بىرلە بۆيرۇدى. ئەيدىكىم: «يەمەندە ھەر نەۋئى ھەبەشى بولسە يەكسان ئۆلتۈرگىل، تۇخۇمىنى مۇتلەق قۇرۇتغىل؛ ئاغىربوي مەزلۇملارنىڭ قورساقىنى يارىپ، بالاسىنى چىقارىپ نابۇد قىل؛ ھەركىمكى ھەبەشلەرغە دوست - ئاشنادۇرلەر، ئۆلارنى ھەم ھىلاك قىل؛ ئۆلارنىڭ دوست - يارى ۋە خېش - تەبارىنى قۇرۇتغىل.» بەس، ھارۇن يەمەنگە كەلدى، ئانوشىرۋان ئەمرىنى بىجا كەلتۈردى. ئانوشىرۋانغە نامە ئىبەردىكىم: «ھەرنە فەرمان قىلىپ ئەردىڭ بىجا كەلتۈردۈم.» نوشىرۋان ھارۇنغە مۇلكى يەمەنىنى سپارىش قىلىپ، نامە ئىبەردى. بەس، نوشىرۋان ئۆلدى. ئوغلى ھورمۇز تەختغە ئولتۇردى. ھارۇن ھەم ئۆلدى ئەرسە، ھورمۇز يەمەننى ھارۇننىڭ ئوغلى مەرزبانغە تاپشۇردى. ھارۇن ئانوشىرۋانغە خىراج بىرۇر ئەردى. مەرزبان ھەم ھورمۇزغە خىراج ئىبەردى. نەچەند يىلدىن كېيىن مەرزبان ئۆلدى ئەرسە، ھورمۇز يەمەننى مەرز باننىڭ ئوغلى بۇلخارغە بەردى. بۇلخار ئۆلدى ئەرسە، ئانىڭ ئوغلى خەرخەرە ئولتۇردى. نەچەند يىلدىن كېيىن ھورمۇزغە خەرخەرە ياغى بولدى. ھورمۇز نەسىھەت قىلىپ نامە ئىبەردى، قوبۇل قىلمادى. ئانى بەندكە تارتىپ ئالىپ كەلدىلەر. ھورمۇز ئۆلتۈرگەلى قەسد قىلدى ئەرسە، پارسىنىڭ سەرداردىن بىرىگە نوشىرۋان ئىگىن بەرگەن ئەردى. ئول ئىگىننى كەلتۈرۈپ ياپتىلەر ئەرسە، ھورمۇز ئاتاسىنىڭ ئىگىنىنىڭ ھۆرمەتىدىن ئانى ئۆلتۈرمەدى. زىندانغە سالدۇرۇپ، يەمەنگە پادان بىر كىمەرسەنى پادشاھ قىلىپ ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەمانەلەرىدە ئول پادشاھ ئەردى. ئول ئۆلدى، مۇئاز جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ھاكىم قىلدىلەر. ئۆلەر بارىپ، دىن شەرىئەت ئەھكامىنى تەئلىم قىلدىلەر؛ زەكات - سەدەقات ئالدىلەر.

بۇ ۋاقىئەلەركىم، ئەسھابى فىلدىن تا مەسرۇقنىڭ ھىكايەسىغە، نۇشىرۋان زەمانىدا ئەردى. نوشىرۋان قىرىق سەككىز يىل پادشاھ بولدى. قىرىق ئىككىنچى يىل ھادىسەئى فىل ۋاقىئ بولدى. ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يىلدا ۋۇجۇدغە كەلدىلەر. ۋە يەنە ئۆزگە ھادىسەلەركىم، ئانوشىرۋان ئادىل ۋەقتىدە ۋاقىئ بولدى. ئانوشىرۋان سەيف زۇليەزەننى يەمەنگە پادشاھ قىلدى ئەرسە، تەمامى يەمەن مۇلكى ئانىڭ تەسەررۇفىدە بولدى. ۋە يەنە قەسد قىلدىكىم، روم، شام تا ئىراق زەمىنى

سەرھەدىغە تەسەررۇف قىلغاي. بەس، رومنىڭ پادىشاھى تەھتانۇسغە لەشكەر ئىبەردى ئەرسە، ئول بىسيار ھەدىيە ـ تۆھفەلەر بىرلە ئەلچى ئىبەرىپ سۇلۇھ ـ ئىتائەت قىلدى. روم پادىشاھى شامغە بىر پادىشاھ قويغان ئەردى. زەمىنى ئەرەب، مەۋسىل، بادىيە، بەھرەين، ئوممان، ھىجاز، يەمامە، تايىف — بۇ شەھەرلەرنى مۇنزەرگە بەرگەن ئەردى. بەس، نوشىرۋان تا زەمىنى ئىراقغە تەسەررۇف قىلدى ئەرسە، ئىككى يىل بۇ تەرىقەدە تۇردى. ئاندىن شام پادىشاھى ئۆلدى. پادىشاھى روم شامنى خالىد بىننى ھەيلەگە بەردى. خالىد لەشكەر تارتىپ، بەھرەين ۋە مەۋسىلغە كېلىپ، ئۆلارنى تاراج ـ غارەت، ئەسىر قىلدى. مۇنزەر بۇ ۋەقىئەنى كىسراغە خەبەر قىلدى. تىلەدىكىم، خالىد بىرلە جەڭ قىلغاي. كىسرا غەزەبناك بولۇپ، رومغا نامە ئىبەردىكىم: «شامغە قويغان كىشىلەر ھەددىدىن ئاشىپ، مۇنداغ ۋاقىئەلەر قىلىپدۇر. بىلۇرمەن، سەن بىخەبەرسەن. فەرمان قىل، تاكى ئەسىرلەرنى ئۆز مۇلكىغە ياندۇرسۇن، ئۆلتۇرگەنلەرگە خۇن بەھا بەرسۇن. ۋەگەرنە مەن سۇلۇھنى بۇزارمەن. جەڭگە مۇھەييا بولسۇن.» بەس، نوشىرۋان نامە ئىبەرىپ، ئارقەسىدىن يۈز مىڭ كىشى بىرلە شامغە يۈزلەندى. شام شەھەرلەرى قۇنسەرىن، ئانتاكىيە، نامىيە، ھەمەس — بۇ شەھەرلەرنى ئالىپ، غارەت ـ تاراج قىلىپ، خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، ۋەيران قىلدى ئەرسە، پادىشاھى روم مالھاي بىسيار ۋە تۆھفەھاي بىشۇمار بىرلە ئەلچى ئىبەردىكىم: «مەن نامەڭنى خار كۆرمەدىم، فەرمانىڭدىن چىقمادىم. ئول خالىدكى بىئەدەبلىك قىلىپدۇر، ئاڭا ئىنتىقام تارتتۇرۇپ، ئۆلگەنلەر قىساسى ۋە خۇنىنىڭ بەھاسىنى ئالدۇرۇپ ئىبەرۇرمەن. سەن غەزەب ۋە شىتاب قىلىپسەن. ئەمدى يەنە، ئول سۇلۇھ بىرلە تۇرساڭ.» نوشىرۋان ئەيدى: «قالغان شەھەرلەرنى بىسيار مال ـ خىراج بەرمەگۇنچە ساڭا بەرمەسمەن.» بەس، پادىشاھى روم نوشىرۋان ئالغان شەھەرلەردىن ئۇمىد ئۈزدى. ئۆزگە شەھەرلەرگە بىنەھايەت مال ـ خىراج ئىبەردى ئەرسە، نوشىرۋان مەدايىنغە ياندى. بەس، تەمامى مۇلك نوشىرۋاننىڭ تەسەررۇفىدا بولدى. مۇندىن ئىلگەرى ئەجەم پادىشاھلارىدىن ھىچ قايىسىغە بۇ شەھەرلەر مۇيەسسەر بولغان ئەمەس ئەردى. بەس، يەنە ئارزۇ قىلدىكىم، زەمىن ھىندىدىن بىر مۇنچە شەھەرلەرنى تەسەررۇف قىلغاي. بەس، لەشكەرى بىسيار تەرتىب بېرىپ، بىر ئۇلۇغ سەرھەڭنى سەردار

قىلىپ، سەرەندىبغە بۇيرۇدى. ئۇل پايتەخت ھىندىستان ئەردى. ئەيدى: «ئوممان تەرەفدىن سەرەندىبغە بارىڭلار، پادىشاھى ھىند بىرلە جەڭ قىلىڭلار.» بەس، بۇ لەشكەر سەرەندىبغە يەتتى ئەرسە، پادىشاھى ھىند ئەلچى ئىبەرىپ، سۇلۇھ قىلدى. ئوممانغە ياۋۇق شەھەرلەركىم، بەھرام گۇر بىنا قىلغان ئەردى. كىسراغە بەردى. ئاندىن كىسرانىڭ لەشكەرى ياندى. تەمامى جەھان پادىشاھلىقى ئاڭا مۇسەللەم بولدى. خاقانى چىن بىرلە ھەم سۇلۇھ قىلىپ، ئانىڭ قىزىنى ئالغان ئەردى، ئوغلى ھورمۇز ئانىڭدىن بولغان ئەردى. بەس، تەمامى جەھان، مەشرىقدىن مەغرىبغە، ئانىڭ تەسەررۇفىدا بولدى. ئۇل ھەمىشە مۇلك ئاباد قىلماق ۋە داد ـ ئەدلىگە مەشغۇل بولماق ئەردى. ئاتاسى قۇباد ئىراق ۋە پارس شەھەرلەرىنى دەھيەك، پەنج يەك يا شەش يەككە قويغان ئەردى. بۇ خىراجغە قويدى. ئاتاسى تەمامى يەرلەرنى كېزىپ، مەسافەت قىلىپ، دەرەختلەرنى ساناپ، خىراجغە قويغان ئەردى. نوشىرۋان ھەرباغقە بىردىرەم، ھەر يەرنى بىر پەيمانغە قويدى. ۋەيران بولغان كەنتلەردىن خىراجنى كۆتەردى. ئۆز دىنىدىن بۆلەك تائىفەلەرنى ئالتەدىن تا ئون ئىككى دىرەم ئالبانغە قويدى. مەزلۇم كىشى، نابالىغ بالالاردىن ئالبان ـ خىراج ئالمادى. تەمامى ئۆز تەسەررۇفىداقى شەھەرلەردىن ئۇلۇغلار ۋە ساھىبى ئىختىيارلارغە كىشى ئىبەردى، بىركۈننى قەرار مىيئاد قىلدىكىم، ئۇل كۈن بىتەمام دەرگاھىغە يىغىلغايلەر. قاچانكىم ئۇل قەرارگاھ يەتتى ئەرسە، تەمامى خەلايىق يىغىلدىلەر. ھۆكۇما ۋە ئۆلەمالارنى يىغىپ، ئۆزى تەختدە ئولتۇردى ۋە خۇتبە ئوقۇدى، ئۆتكەن پادىشاھلارنى، ئابا ـ ئەجدادىنى ستايىش قىلدى. ئاندىن ئەيدى: «ھەق تەئالانىڭ نېئمەتى ۋە ماڭا بەرگەن مەملەكەتى ھەمەدىن زىيادەدۇر. ماڭا بۇرۇنقى پادىشاھلاردىن زىيادە داد ـ ئەدل قىلماق لازىم ۋە سىپاھ ـ لەشكەر يىغماق لازىمدۇر. خەلق ئەھۋالىغە نەھايەت ئىھتىيات ۋە شەفقەت بىرلە باقماقىم لازىم. ئەمما ھىچ پادىشاھغە خىراج ئالماي ۋە بەيتۇلمال يىغماي چارە يوقدۇر. چۇنكى مەملەكەتنى، فۇقرا ۋە رەئىيەنى دۇشمەنلەردىن ئاسراماق سىپاھ ـ لەشكەرسىز مۇيەسسەر ئەمەسدۇر. ئاڭا ۋەزىفە ـ خىراج لازىمدۇر. ئىلگەركى پادىشاھلار رەئىيەدىن ھەرىيىل خىراج ئالىپ، بەيتۇلمال يىغىپدۇرلەركىم ئەدل ئەمەسدۇر. مەن ھەر جۇفت ئۆيلۈك يەرگە راستلىغ بىرلە خىراج قىلدىم؛ ھەردەرەختغە ۋەزىفە تەئىن

قىلدىم؛ ئۆز دىنىمغە مۇخالىپلارنى ئەمىن ۋە سالامەت قويۇپ، ئۇلارغە ئالبان ۋە جىزيە مۇقەررە قىلدىم. ھەر شەھەردىن خىراج، ۋەزىپە ۋە جىزيە ئالماقغە راست ئىنسافلىغ، پارسا دىيانەتلىغ ئەمەلدار ۋە كاردارلاردىن تەئىن قىلدىم. خىراجنى ھەر يىل ئۈچ نەۋبەت ئالماقغە بۇيرۇدۇم، تاكى خەلقغە ئاسان بولغاي. بۇ بابدا نە مەسلەھەت كۆرەرسىزلەر ۋە نە جەۋاب بىرۇرسىزلەر.»
بەس، ھەمە خەلايىق خامۇش ئولتۇردىلەر، ھىچكىم جەۋاب بەرمەدى. نوشىرۋان ئەيدى: «مەن بۇ ئىشلارنى سىزلەرنىڭ رىزا - خۇشنۇدلۇقۇڭلار بىرلە قىلۇرمەن. تاكى ئەدل بولغاي. بەس، بىرجەۋاب ئەيتغايسىزلەر!»
بەس، بىركىمەرسە ئەيدى: «ئەي پادشاھ، بۇ رەسىم خىراج باقى ۋە جاۋىدانە قالۇر، خەلايىق دەۋر - بىدەۋر ئۆلۈپ فانى بولۇرلەر. بۇ باقى نەرسەنى فانى نەرسەگە نىچۇك قويارسەنكىم، بىر دىيارغە ئابادلىق ۋەقتىدە خىراج قويارسەن، ئول يەنە بىر ئەسردە خەراب - ۋەيران بولۇر، ئول خىراج ئاشا قالۇر. بۇ نىچۇك ئەدل بولۇر؟!» نوشىرۋان ئەيدى: «ئەي ئادەم، نادانلىق قىلماغىل. ئىشتىمەدىڭمۇكىم، ھەر يىل ھەر دىيار يەرلەرنى سەرھىساب بارىپ، خەراب بولغان يەرلەردىن خىراجنى كۆتەرۇرمەن. يىرى قولدىن چىققان خەلقلەرنىڭ ئاتىنى دەفتەردىن ئۆچۈرۈرمەن.» بەس، بۇ ئادەم قايسى تائىفەدىندۇر، دەپ سوردى. ئەيدىلەركىم: «بۇ نەۋسەندەلەردىندۇر.» نوشىرۋان ئەيدى: «نەۋسەندەلەر خۇدپىسەند بولۇرلەر. ئۇلەرنى دەۋاتى بىرلە باشىغە ئۇرۇپ ئۆلتۇرۇڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. خەلايىق ئەيدىلەر: «ئەي پادشاھ، بىز بۇ سۆزۈڭدىن بىزاردۇرمىز. راستى ۋە داد - ئەدل سىنىڭ مەسلەھەتىڭدۇر. بىز سىنىڭ رەئيىڭغە رازىدۇرمىز.»
بەس، نەچەند كىشىلەرنى چىرلاپ، ھەر شەھەرگە بىرىنى ئەمەلدار تەئىن قىلدى. تاكىم خىراج - ۋەزىفەلەر ۋە جىزيەلەرنى ھەرشەھەردىن راستلىق بىرلە ئالىپ، بەيتۇلمالغە ئىبەرگەي. بۇ رەسىم ئەجەم پادشاھلارىغە قالدى. تاكى ھەزرەتى ئەمىرىلمۇئمىنىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراق زەمىنىنى فەتھ قىلدىلەر ئەرسە، ئۇلەر سەد چەندان زىيادە ئادىل ئەردىلەر. يەرلەرنى مەسافەت قىلماي خىراجغە قويدىلەر، ئول رەسىمنى يوتۇردىلەر ۋە ھالا ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇئەنھۇنىڭ تەرىقەلەرى باقىدۇر.
قاچانكىم، نوشىرۋان خىراج ئىشىنى راست قىلدى ئەرسە، ئەمدى

بەيتۇلمال ئەمۋالىنى سىپاھ ـ لەشكەردىن قايسى تائىفەگە قانچە ۋەزىفە بەرمەك لازىمدۇر، ئانى مەئلۇم قىلغايمىز. بەس، «بىر مۇنشى كەلتۈرۈڭلار!» دەپ بۇيرۇدى. بەس، قەدىم خانەزاد مۇنشىلارنىڭ ئەۋلادىدىن بابەك ئاتلىغ بىر مۇنشى بار ئەردى. ئانى كەلتۈردىلەر ئەرسە، ئاڭا ئەيدى: «ئەي بابەك، مەن بەيتۇلمالنىڭ دەفتەرىنى ساڭا بىرۈرمەن. كىرەككىم، سەن راستلىق بىرلە ھەركىمنىڭ خىزمىتى ۋە جۇرئەتىغە، قەدىر ـ قىممەتىغە باقىپ، روزانە پۈتۈگىل. مېنىڭ سىپاھ ـ لەشكەرىمدە بەئزە ئادەملەر باردۇركىم، يۈز دىرەمگە لايىقدۇر، مىڭ دىرەم ئالۇرلەر. بىر تائىفەلەر تىيرەندازلىقنى بىلمەي قەدەر ئەندازلار ۋەزىفەسىغە قول سالۇر. گۇرۇھى ئەسلا شەمشەر ۋە خەنجەر بازلىقنى كۆرمەي، پەھلىۋان جانبازلارنىڭ ئەلەفەسىغە قول سالۇرلەر. بۇ ھەمە زۇلۇم ـ بىدادلىقدۇركىم رەئىيەگە ستەمدۇر. بۇ ئىشلارنى تەمام ساڭا ھۆكۈم مۇتلەق قىلۇرمەن. سەن بىر بەلەند يەردە ئولتۇرۇپ، تەمامى لەشكەرگە ھۆنەر ـ پېشە قىلدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتىنى ۋە قىلۇر ئىشىنى پۈتۈگەيسەن. ۋە يەنە سىلاھلىغ، زىرىھپۇش ئاتلىغ ۋە دۇۋۇلغاپۇشلار، بىرگۇستۇۋانلىغ نەيزەبازلار، كەمەربەندلىغ شەمشەر گۇدازلار، دىلاۋەر تىيرەندازلار، تۆمۈر چوماقلىغ پىيادە جانبازلارنى ئىلغاپ، ۋەزىفە تەئىن قىلغايسەن. پىيادەلەرگە يۈزدىن، ئاتلىغلارغە مىڭدىن كەم قىلماغاي.» بۇ ئىشلارنى بابەكغە تاپشۇردى، شاھانە خىلئەتلەر كىيدۈردى. ئاندى بىر بەلەند سۇپپا ئەتتۈردى، ئاڭا رەڭگارەڭ بىساتلارنى سالدۇرۇپ ئەيدى: «ئەي بابەك، مۇندا ئولتۇرۇپ، سىپاھ ـ لەشكەرنى كۆرگىل.» ئاندىن، مۇنادى قىلدىلەر: تەمامى سىپاھ ـ لەشكەر ئاندا يىغىلغايلەر. بەس، ئەرتەسى، بابەك ئاندا ئولتۇردى. ئەيدىكىم: «ھەركىم پادىشاھنىڭ خان ئىھسانىدىن ۋەزىفە ۋە روزانە ئالماقنى ۋە ئاتىنى ئەمەل دەفتەرىدە پۈتۈمەكنى خاھلاسا، ئات ۋە ياراغى، سىلاھ ـ ئۇلاغى بىرلە بۇ مەيداندا جەۋلانبازلىق ھۆنەر ـ پېشەسىنى كۆركۈزسۇن. ئۈچ كۈن مۆھلەتدۇركىم، تەمام مۇسەللەھ ۋە مۇكەممەل بولسۇن!» بەس، تۆرتىنچى كۈنى بابەك ئەرزەگاھغە چىقىپ تۇردى. تەمامى سىپاھ ـ لەشكەر ئانىڭ ئەترافىدا كېلىپ تۇردى ئەرسە، ھەمەسىنى ياندۇردى، تاكىم ئەرتە كەلگەيلەر. بۇ ۋاقىئەنى نوشراۋانغە ئەيدىلەر. نوشىرۋان ئەيدى: «لەشكەرلەرنىڭ سەردارلارى كەلمەگەندۇر.» ئەرتەسى بىتەمام لەشكەرنى

يىغدىلەرئەرسە، بابەك ئەيدى: «ئول كىشىكم كەلمەك لازىم ئەردى، كەلگەنى يوق.» بەس، بۇ سۆزنى نوشىرۋانغە يەتكۈردىلەر. ئول بىلمەدىكم نە كىشىدۇر. بەس، بابەك مۇنادى قىلدۇردىكم: «ئەرتە تەمامى سىپاھ - لەشكەر مۇندا يىغىلىڭلار! ئول كىشىكم تاجدار ۋە تەخت نىشىندۇر. ئول ھەم ھازىر بولسۇن، تاكى دىۋان ئەۋۋەلىغە ئانىڭ ئاتىنى[7] پۈتۈگەيمىز. چۇنكى ئول ھەم بۇ لەشكەردىن بىرىدۇركىم، ئاڭا ھەم بەيتۇلمالدىن ۋەزىفە تەئىين قىلغايمەن.» بەس، بۇ خەبەرنى نوشىرۋانغە ئەيدىلەرئەرسە، نوشىرۋان ئەيدى: «ھەق ئەيتىپدۇر.» ئەرتەسى نوشىرۋان مۇسەللەھ ۋە مۇكەممەل بولۇپ، باشىغە دىۋۇلغا كىيىپ، ئەرزەگاھغە كېلىپ، بابەك ئالدىدا تۇردى ئەرسە، بابەك ئورنىدىن قوپۇپ، تەئزىم بىجا كەلتۈرۈپ ئەيدى: «ئەي پادىشاھى ساھىبى تاج ۋە تەخت! ئات يۈگۈرتۈپ، جەۋلان قىلىپ، دىلاۋەر - پەھلىۋانلىغىڭنى ئەرزە قىل.» بەس، نوشىرۋان جەۋلانلار قىلدى. بابەك سىلاھ - ياراغ ۋە دىلاۋەر - پەھلىۋانلىغىدا ھىچ نۇقسان تاپمادى. ئەيدى: «ئەي سۇلتانى تاج - تەخت، ھەرچەند ھۆكۈم - فەرمان سىزنىڭدۇر. ئەمما بۇ مەجلىسدە ساڭا ھەم يۈزكۆرمەك يوقدۇر. سىلاھىڭدا نۇقسان بولماقى پىسەند ئەمەسدۇر.» نوشىرۋان ئەيدى: «نىچۈك نۇقسان كۆردۈڭ؟» بابەك ئەيدى: «دىۋۇلغاڭ خۇدىدىن ئاۋىزە سالغانىڭ يوق.» نوشىرۋان باقتى ئەرسە، راستدۇر. بەس، دەرھال ئاۋىزە كەلتۈرۈپ سالدىلەر. ئاندىن، بابەك دەفتەرنى قولىغە ئالىپ، ئەۋۋەل نوشىرۋاننىڭ ئاتىنى پۈتۈدى ۋە ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، ئەگەرچە تاج - تەخت سىزنىڭدۇر، پەھلىۋان - دىلاۋەرلىك ھۈنەرىڭدۇر. تۆرت مىڭ دىرەمدىن زىيادە پۈتۈمەسمەن. لېكىن پادىشاھلىقىڭنىڭ ھۆرمەتىدىن بىر مۇنچە زىيادە قىلماق لازىمدۇر، قانچە خاھلاساڭ.» نوشىرۋان ئەيدى: «سەن بىلۈرسەن.» بابەك ئەيدى: «بىر دىرەم زىيادە قىلۇرمەن، تاكى پادىشاھلىقىڭنىڭ ھەققى ئەدا بولغاي ۋە بەيتۇلمالغە ھەم نۇقسان بولماغاي.» نوشىرۋان ئەيدى: «قوبۇل قىلدىم. ئاندىن، يانىپ كەتتى ئەرسە، بابەك بىنەھايەت ھەيبەتلىك كۆرۈندى. ئول كۈن بىر مۇنچە خەلقنى پۈتۈدى، ئەرتەسى، نوشىرۋاننىڭ قاشىغە باردى. ئول تەختدە ئولتۇرۇر ئەردى. تەئزىم - زېمىنى بۇس بىجا كەلتۈرۈپ ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، جەھان پەناھ! ئول ئىشنىكى مەن پادىشاھغە قىلدىم، تاكى خەلق

مەندىن ۋەزىفە تەئىن قىلماقدا يۈز كۆرمەكدىن ئۈمىد ئۈزگەيلەر، كەم - زىيادە تەقسىم قىلغانىمغە رىزا ۋە خۇشنۇد كۆركۈزگەيلەر.» كىسرا ئەيدى: «مەن ھەم سىنىڭ غەرەزىڭنى بىلىپ، بۇ ئىشىڭغە پسەند قىلدىم، تاكى تىرىك بارسەن، بۇ مەنسەبنى سەندىن ئالماسمەن.» دەپ، سەرۇپاي بەردى. ئاندىن، بابەك چىقىپ ھەم دۇخۇل ۋە خىراج ئىشىنى تەمام قىلدى.

بەس، نوشىرۋان نەچەند يىل زەمىنى ئەجەمدە تۇرماي، تۇركىستان ۋىلايەتىدە بولدى ئەرسە، ئەئجەمىلەر تۇركىستاندا بىر ئاۋاز قىلىپ ياندىلەر. ئۇلارنىڭ ئاۋازى بىنەھايەت بەلەند، ھەيبەتلىك ئەردى. ئەرتەسى خەلايىق شەھەردىن، كەنتلەردىن چىقىپ، باقتىلەر، ھىچ ئادەم كۆرۈنمەدى. نوشىرۋان ھەم ئىزدەتىپ تاپمادى. بۇ دېۋدۇر، دەپ قورقۇپ، دانىشمەندلەر، ھۆكۈمالارنى يىغدى. ئەيدى: «بۇ نە ئاۋازدۇر؟» بەس، بىر دانىشمەند ئەيدى: «مەن ئانداغ كۆرۈپدۇرمەنكىم، ئەگەر پادىشاھ زۇلۇم - بىداد قىلسە، ئاسماندىن مۇنداغ ئاۋاز كېلۇر، خەلق ئىشتۇر؛ پادىشاھ سىپاھ ۋەرەئىيەگە ھەرنەكى داد - ئەدلدۇر بىجا كەلتۇرۇر. بىلمەسمەنكىم، بۇ نېچۈك ئاۋازدۇر؟ گۇمان قىلۇرمەنكىم، ئەمەلدارلار رەئىيەگە زۇلۇم - بىداد قىلۇرلەر، پادىشاھ بۇيرۇغاندىن زىيادە خىراج ئالۇرلەر.» نوشىرۋان ئەيدى: «تەدبىر نەدۇر؟» دانىشمەند ئەيدى: «ھەر شەھەرلەردە ئالىم - پەرھىزكارلار باردۇر، ئاڭا نامە ئىبەرمەك لازىمدۇركىم، دەفتەر دىۋانىغە باقىپ، ئەمەلدارلارنىڭ ئىشىغە خەبەردار بولۇپ، راستلىق بىرلە ئۇلارنىڭ ئالدۇرماقى لازىمدۇر.» بەس، نوشىرۋان بۇ تەرىقەئى فەرمان قىلدى. مۇنداغ رەسىم - ئايىن تۈزدىلەر.

# ٹوتیں جلد

# دەستان
# زىكرى قىسسەئى مەۋلۇدى ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئەيتىپدۇرلەركىم، «ولدت فى زمين الملك العادل» يەئنى «مەن پادشاھى ئادىلنىڭ ۋەقتىدە ۋۇجۇدغە كەلدىم.»

بەس، ئەيتىپدۇرلەركىم، نوشىرۋاننىڭ پادشاھلىقىدىن قىرىق يىل ئۆتتۈپ ئەردى، ئەبرەھە خانەئى كەئبەگە فىلنى ئالىپ بارغان يىلى ئەردىكىم «عام الفيل» ئاتارلەر. ئول يىل ماھى رەبىئۇل ئەۋۋەلدىن ئون ئىككى كۈن ئۆتكەن ئەردى. خانەئى كەئبەنىڭ ئىشىكىدە ئاتالەرى ئامىنەنىڭ بىر سارايى بار ئەردى. ئاندا ۋۇجۇدغە كەلدىلەر. ئاتالەرى ئامىنە بىنتە ۋەھىب بىننى ئابدۇلئەزىز بىننى زوھرەنىڭ قەبىلەسىدىن؛ ئاتالەرى ئابدۇللاھ بىننى ئابدۇلمۇتتەلىب بىننى ھاشىم بىننى ئابدۇلمەناف. گۇرۇھى ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى رەسۇل سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋۇجۇدلەرىغە كەلمەگەن ئەردىلەر، ئاتالەرى ئابدۇللاھ ئۆلدى؛ ۋە بەئزىلەر ئىككى ياشدا ئەردىلەر دەپدۇرلەر. تاكى مەككە دەرئەردىلەر ئول سارايدا ئەردىلەر. قاچانكىم مەدىنەگە ھىجرەت قىلدىلەر، ئول سارايىنى ئۇقەيل بىننى ئەبۇتالىب قۇرەيشدىن بىر ئادەمگە يىگىرمە ئوقىيەگە ساتتى. قاچانكىم ئۇقىيەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمان بولۇپ، مەدىنەگە باردىلەر، ئول سارايىنى ساتغاننى خەبەر قىلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇل ۋە غەمكىن بولدىلەر. بەس، مەككە فەتھ بولغان كۈنى بىسيار لەشكەر بىرلە مەككەگە كىردىلەر؛ خانەئى كەئبەگە ياۋۇق باردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەر: «يا ئەممە، مەن قايدا تۈشۈرمەن؟» ھەزرەتى

ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئۇل سارايغە تۇشكىلكىم، ئاندا ۋۇجۇدۇڭغە كېلىپ ئەردىڭ.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەيدىلەركىم: «ئۇقەيل ئۇل سارايىنى بىزگە قاچان قويۇپدۇر؟» يەنە بىر رىۋايەتدە، ئۇل ساراي ئۇقەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەردى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەرگەن ئەردىلەر؛ قاچانكىم مەككەدىن كەتتى ئەرسە، ۋەرەسەلەرىنىڭ قولىدا ئەردى. بۇرادەرى مۇھەممەد بىننى يۇسۇفنى ھاكىم قىلدى ئەرسە، مۇھەممەد بىننى يۇسۇف ئۇل سارايىنى ئۇقەيلنىڭ ۋەرەسەلەرىدىن ساتىپ ئالىپ، مەككە مەسجىدىنىڭ ئىچىگە ئالدى. تا ھارۇن رەشىدنىڭ ۋەقتىغىچە ئۇل تەرىقەدە ئەردى. قاچانكىم ھارۇن رەشىد خەلىفە بولدى ئەرسە، ئاناسى مەسجىدى مەككەنى ياساپ ـ سىرلاپ نەقش قىلغالى مال ـ ئەمۇال ئىبەردى. بۇيرۇدىكىم، ئۇل سارايىنى مەسجىدنىڭ تاشىدا قويۇپ ياسادىلەر. ھالاھەم مەسجىدنىڭ يانىدەدۇر.

قاچانكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىڭ ۋۇجۇدلەرىغە كېلۇر ۋەقتلەرى يەتتى ئەرسە، ئانالەرى تۇشىدە كۆردىكىم، بىر كىمەرسە ئاسماندىن تۇشۇپ ئەيدىكىم: «ئەي ئامىنە، ئۇل فەرزەندىكىم قورساقىڭدادۇر، تەمامى ئالەمنىڭ ئۇلۇغىدۇر. قاچانكىم ۋۇجۇدىغە كەلسە، مۇھەممەد ئات قويغىل ۋە ئەيغىلكىم بۇ فەرزەندىمنى ھەر ھاسىدنىڭ شەررىدىن خۇداۋەند يىگانەنىڭ پەناھىغە سىغىنادۇرمەن دىگىل.» ئامىنە بۇ تۇشنى ئابدۇلمۇتتەلىبغە ئەيدى ئەرسە بىسيار شاد بولدى. قاچانكىم ھەزرەتى پەيغەمبەر ۋۇجۇدلەرىغە كەلدىلەر ئەرسە، ئۇلەرغە مۇھەممەد ئات قويدىلەر.

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ئابدۇللاھ ئۇلۇپ تۆرت ئايدىن كېيىن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم[①] ۋۇجۇدلەرىغە كەلدىلەر. ئابدۇلمۇتتەلىب ئوغلىنىڭ مىھرىنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە قىلۇر ئەردى.

ئەرەبنىڭ ئۇلۇغلارىنىڭ رەسمى ئانداغ ئەردىكىم، بەنى سەئدنىڭ قەبىلەسىدىن فەقىر ـ دەرۋىشلەر ھەر يىلى بەھار فەسلىدە كېلىپ، ئەرەبنىڭ ئۇلۇغلارىنىڭ بالالارىنى ئىمىتىپ باقغالى ئىجارەگە ئالىپ بارىپ، پەرۋەرىش قىلۇر ئەردىلەر. تا چوڭۇپ سۇتدىن ئايرىلغاندا كەلتۇرۇپ بېرۇرئەردىلەر.

---

① سەل-ئەل-لەم—«سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم» نىڭ قىسقارتىلمىسى. تۆۋەندە شۇنداق.

ئۇلارنىڭ كېلىۋر ۋەقتى ئەمەس ئەردى. بەس، ئابدۇلمۇتتەلىپ ئۇلار كەلگۈنچە تۆرت ئاي ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نى مەسرۇخ ئاتلىغ بىر مەزلۇمگە ئىمىتتۇردىكىم، ئۆزىنىڭ بالالەرىنى ئىمىتكەن ئەردى. ئاندىن كېيىن، بەنى سەئىد خەلقى كەلدىلەر. ئول يىلى بەنى سەئىددە قەھتلىك ۋە تەڭلىك ئەردى. بەنى سەئىد خەلقى يىلداقى ۋەقتدىن ئىلگەرى كەلدىلەر. تاكىم ئەرەبنىڭ سەردارلارىنىڭ بالالارىنى ئالغايلەر. ئۇلارنىڭ ئاراسىدا ھەلىمە ئاتلىغ بىر مەزلۇم بارئەردىكىم، ھەلىمە بىنتە ئابدۇللاھ بىننى ھارىس. ئول ئابدۇللاھنى ئەبۇ زۇيەب دەرئەردىلەر. ئېرى ھارىس بىننى ئابدۇلئەزى بىننى دەۋاغە— ئول ھەم بەنى سەئىددىن ئەردى. بۇلار فەقىر - نامراد ئەردىلەر. ئىككى قىزى، بىر ئوغلى بار ئەردى؛ دۇنيالىقدىن بىر ئورۇق مادە تىۋەسى بار ئەردى، بىر زەئىف ئېشەكى ۋە نەچەند قويلارى بار ئەردى. ھارىس قويلارىنى ۋە ئول ئىككى قىزىنى،— بىرى ئايسە يەنە بىرى جۇداسە،— ۋەتەنىدە قويۇپ، كۆجى ھەلىمەنى ئېشەككە مىندۇرۇپ، ئوغلىنى ئاناسىنىڭ ئالدىغە ئالدۇرۇپ، ئۆزى تىۋەسگە مىنىپ مەككەگە كېلىۋر بولدىلەر. ئوزۇقلارى يوق ئەردى. ھەر كېچەسى ئول تىۋەنى ساغار ئەردىلەر، ئورۇق ۋە قېرىلىقىدىن سۈتى ئاز چىقارئەردى. ئۆزى بىر مۇنچە ئىچىپ، قالغانىنى كۆجىگە بېرىپ، تەمامى خەلقدىن كېيىن كېلىۋر ئەردىلەر. تاكى بۇلار كەلگۈنچە ھەر مەزلۇم ئەرەبنىڭ ئۇلۇغلارىنىڭ بالالارىنى ئالدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەلە-لەم نى يىتىم - ئاتاسىز دەپ، ھىچ مەزلۇم قەبۇل قىلمادى. قاچانكىم، ھەلىمە مەككەگە كەلدى ئەرسە، ھىچ بالا تاپالمادىلەر. ئابدۇلمۇتتەلىب ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەلە-لەم نى ھەلىمەغە ئەرزە قىلدى ئەرسە، ئەيدى: «ئۆزۈمنىڭ فەقىرلىقى كىفايەت. بۇ يىتىم بالانى ئالىپ، نە ئىلاج قىلۇرمەن؟» ئابدۇلمۇتتەلىب بىسيار ۋەئدەلەر قىلدى، قەبۇل قىلمادى. ئاخىر، ھەلىمە بالا تاپالماي يانۇر بولدى ئەرسە، ئېرىگە ئەيدى: «نامۇس قىلۇرمەنكىم، تەمامى مەزلۇملەر بالا ئالىپ بارۇرلەر، مەن قۇرۇغ يانغايمەن. بەس، ھەرنەۋئ بولسە، ئول يىتىم بالانى ئالىپ بارغايمەن.» دەپ ئېرى بىرلە ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قاشىغە باردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنى ئالدى. ئەرتەسى ئۆز ۋەتەنىگە ياندى ئەرسە، ھەلىمە ئېشەككە مىندى. ئول ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەمنى قۇچاقىغە ئالدى ئەرسە، ئول ئېشەك ھەممە

ئۇلاغلاردىن خۇشرەفتار ۋە يىلدام بارۇر ئەردى. ھەمراھلارى ئەيدىلەر: «بۇ ئىشەكىڭگە نەئىلاج قىلدىڭكىم، مۇنداغ رەھۋار - يىلدام بولۇپدۇر؟!» بەس، ئۇل كېچە مەنزىلگە تۈشتىلەر ئەرسە، ھەلىمەنىڭ بىر ئەمچەكى قوياڭ ئەردى، كۆردىكىم ھەر ئىككى ئەمچەكىگە سۈت تولۇپدۇر. بەس، ئۇل ئەمچەكىنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە بەردى، چەپ ئەمچەكىنى ئوغلىغە ئىمىتتى، ھەر ئىككۆ سىير بولدىلەر. ئېرى تىۋەنى ساغدى ئەرسە، ئانچە سۈت چىقتىكىم، ئىككۆلەن تويدىلەر. ھارىس ئەيدى: «بۇ گۇدەك بىزگە مۇبارەك قەدەمدۇر.» بەس، ئۆيلەرىگە كەلدىلەر ئەرسە، چەندان بەركەت كۆردىلەركىم، قويلارى بىھىساب سۈت بەردى. ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ھەركۈنى بىر ئايلىق چوڭلۇر ئەردىلەر. قاچانكىم، ئىككى ياشغە كىردىلەر ئەرسە، ھەلىمە سۈتدىن ئايرىدى. ئامىنە كىشى ئىبەردىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنى ئىبەرگەي. بەس، ھەلىمە ئۇلەرنىڭ يۈمن - بەرەكەتلەرىدىن ياخشى خۇلق ۋە سەنئەتلەرىگە چىداماي، ئۆزى ئالىپ كەلدى. ئانالەرىغە كۆرسەتىپ ئەيدى: «مەن بۇ فەرزەندكە سەبر - تاقەت قىلالماسمەنكىم، مەككەنىڭ ھەۋاسى ئىسسىغدۇر. قورقارمەنكىم ئاغرىغاي؛ يەنە مېنىڭ بىرلە ياندۇرساڭ» دەپ نالە - زارى قىلدى ئەرسە، ئالىپ بارماقغە ئىجازە بەردى. بەس، ھەلىمە ئۆيىگە ئالىپ كەلدى. بىركۈنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۈھى ھىرەغە ھەلىمەنىڭ فەرزەندلەرى ۋە نەچەند بالالار بىرلە چىقىپ ئەردىلەر. بەئزىلەر: ئۇيقۇلاپ ئەردىلەر دەپدۇرلەر؛ تائىفە ئەيتىپدۇرلەر: بېدار ئەردىلەر. ئاسماندىن نەچە كىشى تۈشۈپ، ئۇلەرنى ياتقۇزۇپ، مۇبارەك سىنەلەرىنى ياردى. بۇ ۋاقىئەنى ئۇل بالالار كۆرۈپ قاچتىلەر، ھەلىمە قاشىغە كېلىپ ئەيدىلەركىم: «قوپغىل، ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمنى ئۆلتۈردىلەر!» ھەلىمە كۈيۈسى بىرلە كۈھى ھىرەغە يۈگۈردى. بەس، ھەزرەتى رەسۇلىللاھ سەل-ئەلە-لەمنى كۆردىلەركىم، مۇبارەك بەشەرەلەرى تەغيىر تاپىپدۇر. دەرھال قۇچاقىغە ئالدى، يۈز - كۆزلەرىگە بوسەلەر قىلدى. ئەيدىكىم: «ساڭا نە ۋاقىئە بولدى؟» ئەيدىلەركىم: «ئۈچ كىشى كەلدى، بىرى ئالتۇن چىلاپچە ۋە ئافتابە كەلتۇردىلەر؛ قورساقىمنى ياردىلەر، ئىچىمدىن تەمامى نەرسەلەرنى چىقارىپ، ئۇل چىلاپچەدە قويۇپ يۇدىلەر ۋە يەنە ئورنىدا قويدىلەر. ماڭا ئەيدىلەر: ئانادىن

پاك تۇغۇلۇپ ئەردىڭ، تېخى ھەم پاكراق بولدۇڭ. ئۇلارنىڭ بىرى قولىنى سالىپ، يۈرەكىمنى چىقارىپ، ئوتراسىنى يارىپ، بىرمۇنچە قارافان ئالىپ تاشلادىلەر. ئەيدىلەركىم: بۇ شەيتاننىڭ نەسىبىسىدۇركىم، تەمامى ئادەمدە باردۇر. سەنىدىن ئانى چىقاردىم. ئاندىن، يۈرەكىمنى ئورنىدا قويۇپ، بىر يۈزۈك بىرلە مۆھرە باستىلەر. يەنە بىرلەرى قورساقىمنى سىلادىلەر ئەرسە، ساقايدى.» بەس، ھارىس ئەيدى: «ئەي ھەلىمە قورقارمەنكىم، بۇ دىۋانە بولغاي، مۇنى بىر كاھىنغە كۆرسەتكەيمىز، بۇ ۋاقىئەنى ئەيغايمىز. ئەگەر دىۋانە بولسە، ئاتاسىغە تاپشۇرغايمىز.» ئەرتەسى ئىككۆلەن كاھىنغە ئالىپ باردىلەر. ئەيدىلەر: «بۇ فەرزەند قۇرەيشدىندۇركىم باقغالى كەلتۇرۇپ ئەردۇك. ئەمدى دېۋلەرمۇئا ئەزاب قىلۇر. باقغىلىكىم، ئەھۋالى نە تەرىقەدۇر؟» ئول كاھىن ئەيدى: «دىۋانەلىك ئەلامەتىنى نە تەرىقە كۆرەرسىزلەر؟» ھەلىمە بۇ ۋاقىئەنى تەمام بەيان قىلدى. ئول كاھىن بۇتپەرەست ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن سوردى، ئۆلەرھەم ئەۋۋەلىدىن ئاخىرىغە بەيان قىلدىلەر ئەرسە، ئۇلەرنى قۇچاقىغە ئالدى، فەريادقىلدىكىم: «ئەي مەئشەرى ئەرەب! بۇ ئول دۇشمەنىڭلاردۇركىم، دىنىڭلارنى ۋەيران قىلۇر، بۇتلارىڭلارنى سەرنىگۇن قىلۇر. مۇنى ئۆلتۇرۇڭلار!» بەس، خەلايىق يىغىلدى ئەرسە، ھەلىمە قولىدىن تارتىپ ئالدى، ئۆيىگە ئالىپ كەلدى. ئېرى ئەيدى: «ئەي ھەلىمە، بۇ گۆدەكنى دۇشمەنلەر ھىلاك قىلماسدا ئاناسىغە سەلامەت تاپشۇرغىل.» ئاندىن ئۇلەرنى ئامىنە قاشىغە ئالىپ كەلدىلەر، ئەيدىلەر: «بۇ فەرزەند چوڭۇدى، ئەمدى پەرۋەرىش قىلماقىغە سەن سەزاۋارسەن.» ئامىنە ئەيدى: «بۇ فەرزەندنى ئاسراماقىغە بىسيار ھەرىس ئەردىڭلار، ئەمدى نە ۋاقىئەلەر كۆردۇڭلار؟» ھەلىمە ئەيدى: «ھىچ ۋاقىئە يوقدۇر.» ئامىنە تەفتىش قىلدى ئەرسە، ھەلىمە ۋاقىئەنى تەمام بەيان قىلدى، ئول كاھىن سۆزىنى ئەيدى ئەرسە، ئامىنە ئەيدى: «قورقماغىلكىم، بۇ فەرزەندنى كىشى ئۆلتۇرەلمەس، دېۋ ئاڭا ياۋۇماس. مەن ئانى تۇشۇمدە كۆرۈپدۇرمەنكىم، ئول تەمامى خالقىنىڭ ئۇلۇغى ۋە ياخشىسىدۇر. قاچانكىم ئانى تۇغدۇم ئەرسە، ئانىڭ نۇرى تابىش قىلدىكىم تەمامى شام راۋاقلارىنى كۆردۇم.» بەس، ھەلىمە ئۆيىگە ياندى.

بەس، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم بەش ياشىغە كەلدىلەرئەر-

سه، ئاناله‌رىنىڭ مه‌دىنه‌ده ئۆرۈغ - تۇغقانلارى بار ئه‌ردى، ئۇلارنى كۆرگه‌لى ئابدۇلمۇتته‌لىبدىن رۇخسه‌ت تىله‌دى، بۇله‌رنى هه‌م ئالىپ بارغالى ئىجازه ئالدى. ئاناله‌رى ئابدۇللاهنىڭ قىزى هه‌م مه‌دىنه‌ده ئه‌ردىكىم، مه‌ككه‌دىن شامغه سوداغه بارغان ئه‌ردى. يانىپ مه‌دىنه‌گه كه‌لگه‌نده ئاغرىپ ئاندا ئۆلگه‌ن ئه‌ردى، ئانى گۆرستانى دارىلتابىئه‌ده قويغان ئه‌ردىله‌ر. به‌س، ئامىنه هه‌زره‌تى ره‌سۇل سه‌ل-ئه‌ل-له‌منى ئالىپ مه‌دىنه‌گه باردى. به‌س، ئامىنه بىر يىل مه‌دىنه‌ده تۇردى ئه‌رسه، ئالته ياشغه كىردىله‌ر. به‌س، مه‌ككه‌گه ئالىپ ياندىله‌ر. يولدا لاتۇ ئاتلىغ بىر يه‌رگه كه‌لگه‌نده ئامىنه ۋه‌فات بولدى. ئۇله‌ركىم—ئانهه‌زره‌ت سه‌ل-ئه‌ل-له‌م دۇررى يه‌تىم يىگانه قالدىله‌ر. كارۋان ئۇله‌رنى ئابدۇلمۇتته‌لىبغه كه‌لتۇردى.

قاچانكىم، ئان سه‌رۋه‌ر هه‌زره‌تى ره‌سۇل سه‌ل-ئه‌ل-له‌م سه‌ككىز ياشغه كىردىله‌رئه‌رسه، ئابدۇلمۇتته‌لىب ئۆلدى. مه‌ككه‌نىڭ سه‌ردارلىقىنى ۋه هه‌زره‌تى په‌يغه‌مبه‌ر سه‌ل-ئه‌ل-له‌منىڭ په‌رۋه‌رىشله‌رىنى ئه‌بۇ تالىبغه تاپشۇردى. ئه‌بۇ تالىپ ياخشى په‌رۋه‌رىش قىلۇر ئه‌ردى. به‌س، بىر يىلدىن كېيىن ئه‌بۇتالىب شامغه بارۇر بولدى ئه‌رسه، هه‌زره‌تى په‌يغه‌مبه‌ر سه‌ل-ئه‌ل-له‌م هه‌مراه بارماقنى خاهلادىله‌ر، قه‌بۇل قىلمادى، ئۇله‌رنى بۇراده‌رى ئه‌بباسغه تاپشۇردى. به‌س، ئه‌بۇ تالىب خه‌لق بىرله خوبلاشىپ تىۋه‌گه مىندى ئه‌رسه، هه‌زره‌تى په‌يغه‌مبه‌ر سه‌ل-ئه‌ل-له‌م: يا ئه‌ممه، مىنى هه‌م ئالىپ بارغىل، ده‌پ يىغلادىله‌ر. ئه‌بۇ تالىب ئۇله‌رنى ئالىپ باردى.

## دەستان
## قىسسەئى بەھىرا راھىب

قاچانكىم، شه‌هه‌رگه يه‌تتىله‌ر ئه‌رسه، ده‌رۋازه ئاللىغه تۇشتىله‌ر. ئاندا به‌هىرا ئاتلىغ بىر زاهىد بار ئه‌ردى. ئول بۇرۇنقى كىتابلارنى ئوقۇپ، هه‌زره‌تى په‌يغه‌مبه‌ر سه‌ل-ئه‌ل-له‌منىڭ سۇفه‌تله‌رىنى بىلگه‌ن ئه‌ردى. به‌س، كارۋان ئه‌رته‌سى تىۋه‌له‌رنى ئوتغه قويۇپ، ئۆزله‌رى ئۇيقۇغه مه‌يل قىلدىله‌ر. هه‌زره‌تى په‌يغه‌مبه‌ر سه‌ل-ئه‌ل-له‌م مه‌تائلارىغه باقىپ ئولتۇرۇرئه‌ردىله‌ر. ئافتاب

قىزىدى ئەرسە، بىر ئاق بۇلۇت كېلىپ، ئانهەزرەتنىڭ باشلەرىغە سايە قىلدى. بەھىرا ئول ۋاقىئەنى كۆرۈپ، سەۋمەئەسىدىن چىقىپ، ئانهەزرەتنى قوچاقىغە ئالدى. خەلق ئويغاندى ئەرسە، ئۇلەرنىڭ ئەسلى نەسەبلەرىنى ۋە ئەھۋالى ھەسبلەرىنى سوردى. ئەبۇ تالىب ھەمە ھالەتلەرىنى ئەۋۋەلىدىن ئاخىرىغە بەيان قىلدى ئەرسە، كىتابلاردا كۆرگەن سۇفەتلەر تەمام مۇۋافىق كەلدى. پەس، دالولەرىنى ئاچىپ، مۆھر نەبۇۋۋەتلەرىنى كۆرۈپ، ئەبۇ تالىبغە ئەيدى: «بۇ ئوغۇل سىزىنىڭ نىمەڭدۇر؟» ئەيدى: «مىنىڭ ئوغلۇمدۇر.» بەھىرا ئەيدى: «قايان ئېلىپ بارۇرسەن؟» ئەيدى: «شامغە.» بەھىرا ئەيدى: «بۇ — خۇدانىڭ پەيغەمبەرى، تەمامى مەخلۇقاتنىڭ مىھتەرى ۋە بىھتەرىدۇر. بۇلەرنىڭ ئاتلەرى، نىشانەلەرى ۋە سۇفەتلەرى كىتابلاردا باردۇر. مەن يەتمىش يىلدۇركىم بۇلەرنىڭ زۇھۇرلەرىغە مۇنتەزىر ئەردىم. مەن ساڭا ئاندىن بېرۇرمەنكىم، شامغە ئالىپ بارماغايسەن. ئەگەر تەرسالار ۋە جوھۇدلار كۆرسەلەر ئەگەرچە ئۆلتۇرەلمەسلەر، ئەمما قورقارمەنكىم ئەيىبناك قىلۇرلەر. پەس، مەككەگە ياندۇرۇپ، بۇ خەتەردىن ئەمىن بولغايسەن.» پەس، ئەبۇ تالىب ئانهەزرەتنى بىر قۇلى بىرلە ياندۇردى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ھەزرەتى بىلالنى قوشتى دەپدۇرلەر، يەنى بىر رىۋايەتدە ئەبۇتالىب ئۆزى ئالىپ ياندى دەپدۇرلەر.

پەس، ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەم يىگىرمە بەش ياشغە كىردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى خەدىچە كۇبرا رەزىيەللاھۇ ئەنهۇنى نىكاھلارىغە ئالدىلەر. قىرىق ياشلەرىدە پەيغەمبەرلىك ۋەھى كەلدى.

ئەمدى، سۆز ئەجەم پادىشاھلارىنىڭ قىسسەسىغە ياندى.

## دەستان
## قىسسەئى ھورمۇز بىننى نوشىرۋان

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋۇجۇدلەرىغە كېلىپ، سەككىز يىلدىن كېيىن نوشىرۋان ئۆلدى. پادىشاھلىق ئوغلى ھورمۇزغە قالدى ئەرسە، ئول ھەم خەلقغە ياخشىلىق، داد ـ ئەدل قىلدى.

ئەمما ئەجەمنىڭ ئۇلۇغى ۋە سەردارلارىنى ساناپ ئۈچ مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردى، ئۇلۇغلارىنى خار كۆردى. بەس، ئەتراپ - جانىب ئىشتىپ مۇنىڭدىن كۆڭلى ساۋۇدى. سۇستلۇق قىلىپ مۇلكنى قويا بەردىلەر. ھەر تەرەفدىن دۇشمەنلەر مۇلكنى ئالا باشلادىلەر. تا ئون بىر يىل ئۆتتى ئەرسە، ئەتراپ - جانىبداقى شەھەرلەرنى ئالدىلەر. ھورمۇزنىڭ لەشكەرى زەئىف بولدى.

بەس، تۈركىستاندىن خاقانى چىننىڭ ئوغلى شايە ئۈچ يۈز مىڭ كىشى بىرلە دەريايى جەيھۇندىن ئۆتۈپ، تەمامى بەلخنى ئالدى. مەغرىب زەمىندىن روم پادىشاھى يۈزمىڭ كىشى بىرلە كېلىپ، شام ۋىلايەتىنى تەسەررۇف قىلدى. ئەرمىنىيەدىن خەرد ئاتلىغ بىر پادىشاھ خۇرۇج قىلىپ، ئول تەرەفكە مۇتەسەددى بولدى، بادىيەدىن ئىككى كىشى پەيدا بولۇپ، بىرى ئىياسىل - ئەھۋال، يەنە بىرى ئۆمەرۇل - ئەزرەق، پارس شەھەرلەرىنى ئۇلار ئىگەلەدى. ھورمۇزنىڭ مەداينىدىن ئۆزگە تەسەررۇفى يۇرمەدى. ھەمە دۇشمەن بولدىلەر ئەرسە، ئۇلۇغلار ۋە سەردارلارىنى يىغىپ، مەسلەھەت سوردى. ھەركىم بىرەر كېڭەش ئەيدىلەر، مەقبۇل كۆرمەدى. بىرئۇلۇغ دانىشمەند بار ئەردى. ئاڭا ئەيدى: «سەن بىر سۆز ئەيغىل.» ئول ئەيدى: «بۇ دۇشمەنلەر ھەمەسىدىن تۈرك پادىشاھى يامانراقدۇر. ئەمما روم پادىشاھى ئۆز ھەققىنى ئالىپدۇر، ئانىڭدىن زور بىرلە مۇلكنى ئالىپ ئەردۇك. بۇ شەھەرلەرنى ئاڭا قويغىل، تاكىم سىنىڭ بىرلە سۇلۇھ قىلۇر. ئەمما ئەرەب خەلقى دەرۋىش ۋە مۇھتاجدۇرلەر، ئۇلارغە مال ۋە تەئام ئىبەرگىل، تاكىم ئۇلار يانىپ كەتكەيلەر. ئەمما خەرد خەلقى ئوغرى ۋە قاراقچىدۇر، بىسيار مال ۋە غەنىمەت ئالغاندۇرلەر. ئول دىيارنىڭ سەردارلارىغە نامە ئىبەرگىل. تاكىم ئۇلار قەسد قىلىسە قاچىپ كەتكەي. ئاندىن تۈركلەر بىرلە جەڭ قىلماقنىڭ تەدبىرىنى قىلغىل. يا ئۆزۈڭ بارغىل، يا بىرئۇلۇغ سەرداردىن ئىبەرگىل.» ھورمۇز ئەيدى: «ئافەرىن، ئافەرىن ساڭا كىم ياخشى تەدبىر ئەيدىڭ.» بەس، بۇ تەدبىر بىرلە ھەمەنى ياندۇردى. ئاندىن ئەيدى: «تۈركلەر بىرلە كىم تەقابىل بولۇر؟» ھەمە ئەيدىلەر: «بەھرام چوبىندىن ئۆزگە كىشى تەقابىل بولالماس، ھىچ ئىلاج يوق.»

## دەستان

# قىسسەئى بەھرام چوبىن

ئەيتىپدۇرلەر، بەھرامنىڭ ئەسلى رەي پادىشاھلارىدىن ئەردى. ئۆز ۋەقتىدە ئانىڭدىن دىلاۋەرراق ۋە پۇرزورراق كىشى يوق ئەردى. بوغداي ئۆڭلۈك، بەلەند قەد، ئورۇق كىشى ئەردى. بۇ ۋەجھىدىن بەھرام چوبىن ئاتار ئەردىلەر. بەس، ھورمۇز بەھرامغە تەكلىفنامە ئىبەردى. بەھرام كەلدى ئەرسە، ئەيدىكىم: «خاقانى چىن تىرىك ئەردى، مېنىڭ قەدرىمنى بىلۇر ئەردى. ئوغلى مېنىڭ خالەمدۇر، ئەمما تۇغقانچىلىق قەدرىنى بىلمەيدۇر. لەشكەر ئىبەرىپ، مېنىڭ شەھەرلەرىمنى تەسەررۇف قىلۇر. بىر كىشى لازىم بولدىكىم ئاڭا تەقابىل بولغاي. مەن سېنى ئىختىيار قىلۇرمەن. مەندىن غەلەت ۋە خەتا گۇمان قىلماغىل.» بەھرام ئەيدى: «مەن ھەم پادىشاھدۇرمەن، لېكىن ساڭا فەرمانبەرداردۇرمەن. ساڭا جان فىدا قىلۇرمەن.» ھورمۇز ئەيدى: «تەمامى خەزىنەلەرىمنى ساڭا مۇتەسەررىف قىلدىم، قانچەكى خاھلايسەن سىپاھ - لەشكەرگە ياراغ لازىمدۇر ئالغىل.» بەس، بەھرام ئون ئىكى مىڭ كىشى ئىلغادى؛ ئۇلارنى بەھرام ئات، سىلاھ، ئالات، شاھانەلىباس، مەتائ، مال - ئەمۋال بىرلە سىرلەدى. ئاندىن رەۋان بولدى.

بۇ خەبەر شايەگە يەتتى ئەرسە، سىپاھ - لەشكەر تارتىپ بەھرامنىڭ ئالدىغە چىقتى، ئۆزى تاغنىڭ تۆپەسىگە ئالتۇن تەخت قويۇپ، ئولتۇردى؛ لەشكەرى ئالدىدا سەف تۇزۇپ تۇردى. ئىككى يۈز فىل ۋە يۈز شىر ئادەمخورنى لەشكەرنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزدى. بەس، بەھرام لەشكەرىگە بۇيرۇدى، تاكىم يەكبارە تىرباران قىلدىلەر ئەرسە، فىللار ۋە شىرلار ھەمەسى يارالىغ بولدى. ئاندىن مىلتىق ئەندازلارغە بۇيرۇدى، تاكىم دارۇ بىرلە فىل ۋە شىرلارغە ئوق ئاتتىلەر ئەرسە، ھەمە ئوت بىرلە لەشكەرنىڭ ئاراسىغە كىردىلەر. تۈركلەرنىڭ لەشكەرى شىكەست تاپتى. ئوتتۇزمىڭ كىشى فىل ۋە شىرلار بىرلە ھەمە ھىلاك بولدىلەر. بەھرام يەكبارە ھەملە قىلدى. بەس، شايە بۇ ھالنى كۆرۈپ قاچغالى ئوغرادى ئەرسە، بەھرام يېتىپ، ئوق بىرلە ئۇچاسىدىن ئۇردى، قورساقىدىن چىقىپ ئۆلدى. بەس، تۈركلەر كۆردىلەر

ئەرسە، يەكسان قاچتىلەر. بەھرام لەشكەرى بىرلە قوغلاپ، ئاخشامغىچە ئۆلتۈردى. بەس، كىچە لەشكەرگاھغە كېلىپ، شايەنىڭ ئالتۇن تەختىنى ۋە لەشكەرىنىڭ مال - ئەمۋال غەنىمەتلەرىنى ئالدىلەر. بىر ئاي مۇندا تۇرۇپ، مال غەنىمەتنى يىغدۇرۇپ، ئانچەكى ھورمۇزغە لايىق ئەردى، ئاڭا ئىبەردى. لەشكەرگە ياراغلىق ئەرسەنى لەشكەرگە بەردى.

بەس، شايە ئوغلى ئاتاسىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغالى كېلۇرمىش دەپ خەبەر كەلدى ئەرسە، بەھرام توختاپ تۇردى. تاكم بەش يۈزمىڭ كىشى بىرلە يېتىپ كەلدى ئەرسە، بەھرام ئالدىغە لەشكەر تارتىپ چىقتى. ئىككى لەشكەر سەف ئارەستە قىلدىلەر. بەھرام لەشكەرىگە ئەيدى: «قورقماڭلار، بۇلار سىزلەردىن شكەست تاپغانلار، بىزگە جۇرئەتى يوقدۇر.» بەس، ئىككى لەشكەر بىرى بىرىگە يەكبارە ھەملە قىلدىلەر ئەرسە، ئول بىر ھەملەدە تۈركلەرنىڭ لەشكەرى قاچتىلەر. پادشاھى يەتتە مىڭ خاسلەرى بىرلە توختاپ جەڭ قىلدىلەر. تاكم سۇلتانى ئافتاب قارا چادىرىغە كىردى ئەرسە، تۈركلەر شاھى ھىسارغە كىردى. ئەرتەسى بەھرامدىن ئامان تىلەدى ۋە ئەلچى ئىبەردىكىم: «مېنى ئەسىرلەر بىرلە ھورمۇز دەرگاھىغە ئىبەرگىل، تاكى ھەرنە خاھلاسا ئول قىلغاي.» بەس، ئانى ئالتە مىڭ ئەسىر بىرلە مەردان شاھ ئاتلىغ بىر سەرداردىن ھورمۇزغە ئىبەردى. ئىبەرگەن غەنىمەت ئۈچ مىڭ تىۋە ئەردى. قاچانكىم، مەداينىغە يەتتى ئەرسە، ھورمۇز خالەمىنىڭ ئوغلى دەپ ئالدىغە چىقتى، بىسيار ئىززەت بىرلە ياخشى يەرگە تۈشۈردى. قىـــرىق كۈن مېھماندارلىق قىلىپ، خىلئەت - ئىنئاملار بېرىپ، سۇلھ ۋە ئەھدلەر قىلىپ، بەھرامغە تەئزىم قىلماقغە سۇلھنامە پۈتۈپ، تۈركىستاننى بېرىپ، ياندۇردى. مەردان شاھغە ئەيتتى: «بەھرامغە ئەيغىل، مۇنى ياخشىلىق بىرلە تۈركىستانغە ياندۇرسۇن.» مەردان شاھ ئەيدى: «ئەۋۋەل بۇ غەنىمەتلەرنى تەسەررۇف قىل.» ھورمۇز ئەيدى: «كەلتۈرگـــل.» بەس، كەلتۈردى ئەرسە، بىھىساب مالدۇر. ۋەزىرلەرغە ئەيدى: «كۆردۈڭلاركىم، مۇنچە مال - غەنىمەت بەھرام ئىبەرىپدۇر.» يەزدان نەجەش ئاتلىغ بىر ۋەزىر بار ئەردى. ئول ئەيدى: «بۇ ھەم بىسياردۇر، لېكىن بەھرامدا باردۇر، ئاڭا نىسبەتەن دەريادىن قەترەدۇر.» بەس، ھورمۇز راست گۇمان قىلىپ، بەھرامغە غەزەبى كەلدى. مەردان شاھدىن بەھرامغە بىر زەنجىر، بىر چەرخ - يىگ ۋە بىر

مۇشت پاختا ئىبەردى. نامە پۈتىدىكىم: «مېنىڭ نېئمەتىمگە ناسىپاسلىق قىلىپ، غەنىمەتىمگە خىيانەت قىلىپ، ماڭا ئاز ئىبەرىپ، ئۆزىگە تولا ئالىپدۇر. ئوغرىلارنىڭ ئەقۇ بەتىكىم بويىنىغە غولدۇر. بۇ غولنى سالغىل. ۋە يەنە خىيانەت قىلماق، نامەردلىك خاتۇنلارنىڭ سۈفەتىدۇر. بۇ چەرخ، يىگ بىرلە پاختەنى ئىگىرگىل.» بەس، بەھرام بۇ نامەنى ئوقۇپ، بۇ ۋاقىئەنى كۆرۈپ، بىسيار پەرىشان بولدى. غولنى بويىنىغە سالدى، چەرخ - يىكنى ئالدىغە ئالدى ئەرسە، سىپاھ - لەشكەر يىغىلىپ كۆردىلەر. ئەيدىلەر: «بۇ نە ۋاقىئەدۇر؟» بەھرام ئەيدى: «ئانچە خىزمەتكى ھورمۇزغە مەن قىلدىم، جەزاسىغە ھورمۇز مۇنى ماڭا سەرۇپاي ئىبەرىپدۇر.» لەشكەر ئەيدىلەر: «ئەگەر ساڭا ئىھسان بۇدۇر، بىزگە سەد چەنداندۇر. بىز ھورمۇزدىن بىزاردۇرمىز.» ھەمە يۈز ئۆيرۈدىلەر، ئەداۋەتىنىڭ فىكرىگە تۇردىلەر. ھورمۇزنىڭ پەرۋىز ئاتلىغ بىر ئوغلى بار ئەردى، ئانى ھەر ئىشىغە ئۆز ئورنىغا بۇيرۇر ئەردى. بەس، بىر - بىرىنگە ئەداۋەت سالماقغە تەدبىر قىلدى. بەس، تەمامى لەشكەرگە بۇيرۇدىكىم تاكى بىزنىڭ پادىشاھىمىز پەرۋىز دىگەي. ۋە يەنە يۈزمىڭ دىرەمگە پەرۋىزنىڭ ئاتىدا مۆھۈر باستۇرۇپ، سوداگەرلەرگە بەردى، تاكى مەدانىيغە بارغايسەن ۋە سودا قىلغايسەن. بۇ ۋاقىئە خەلق ئاراسىدا يايىلدى. ئەرتەسى ھورمۇزغە يەتكۈزدى. ھورمۇز پەرۋىزنى چىرلاپ، ئەيدى: «مەن تىرىك تۇرۇپ، پادىشاھلىقنى تەمەئ قىلۇرسەنمۇكىم بەھرامغە كىشى ئىبەرىپ، ئۆز ئاتىڭغە پۇل سوقتۇرۇپسەن!» پەرۋىز ئەيدى: «ئەي پادىشاھ، بۇ بەھرامىنىڭ مىكرى ۋە كارباردۇركىم مېنى ساڭا يامان قىلغالى بۇ ئىشنى يامان قىلغاندۇر.» بەس، ئول كېچە پەرۋىز قاچىپ، ئازەربېجانغە كەتتى، ئاندا پىــــنھان بولدى. بۇ تۆھمەت مۇقەررەر بولدى، بەھرام، پەرۋىزدىن جەڭگە كېلۇر دەپ قورقار ئەردى. بۇ خەبەرنى ئىشىتتى ئەرسە، بىلدىكىم مىكركارگەر بولۇپدۇر. بەس، پەرۋىز ئەمىن بولۇپ، رەيدىن لەشكەر ئالىپ، مەدايىنغە يۈزلەندى. بەس، بۇ خەبەر ھورمۇزغە يەتتى ئەرسە، بىلدىكىم، خەتا قىلىپدۇرمەن. يەزدان نەجەشنى چىرلاپ ئەيدى: «بۇ فىتنەنى سەن پەيدا قىلدىڭ، ئەمدى ئۆزۈڭ بارىپ، بەھرامغە ئۆزرە ئەيتماق لازىمدۇر. بەھرام مەرد، كەرىمدۇر، ئۆزرەنى قەبۇل قىلۇر.» يەزدان نەجەش بىر ئەمزادەسىنى ھەمراھ قىلىپ، رەۋان بولدى. ئەمزادە بەھرامغە خىزمەت

قىلغان بولغايمەن ۋە ئىنئام ئالغايمەن دەپ، يەزدان نەجەشنى ئۆلتۈردى، باشىنى كېسىپ ئەيدى: «بۇ سېنىڭ بۆھتان قىلغان دۇشمەنىڭنىڭ باشىدۇر. ئۆلتۈرۈپ ئالىپ كەلدىم.» بەھرام ھورمۇز بىلە سۇلۇھ قىلماقنى قەسد قىلدى ئەرسە، ئەمزادە ئەيدى: «سەندىن دەرھال سۇلۇھغە كەلمەك لازىم ئەمەسدۇر.» بەھرام ئەيدى: «مۇنداغ ياخشى، ئۇلۇغ كىشىنى ئۆلتۈرمەككە بۇيرۇپ، ماڭا ئامان تىلەپ، ئۆزرە ئەيتىپ كىشى ئىبەرىپدۇر. قوبۇل قىلماقىم لازىم.» بەس، بۇيرۇدىكىم، ئول ئەمزادەنــــى ئۇرۇپ قوغلاپ چىقاردىلەر.

قاچانكىم، يەزدان نەجەشنىڭ ئۆلگەن خەبەرى مەداينغە يەتتى ئەرسە، تەمامى ئۇلۇغلار يىغىلىپ، ئەيدىلەر: «تاكى بۇ نامەرد تۇركزادەنىڭ قان تۆكمەكىنى كۆتەرۇرمىز.» با ئىتتىفاق ھورمۇزنىڭ ۋاقىئەسىغە باردىلەر. پەرۋىزنى تەختغە ئولتۇرغۇزدىلەر ۋە ئاڭا تەبئىيەت قىلدىلەر.

# دەستان

# قىسسەئى پەرۋىز بىننى ھورمۇز

قاچانكىم، پەرۋىز تەختغە ئولتۇردى، باشىغە تاج قويدى، تەمامى خەلق ستايەش قىلدىلەر. ئول خەلقغە داد ـ ئەدل قىلدى، ياخشىلارغە ئىززەتلەر قىلدى. خەلق تارقادىلەر ئەرسە، ھورمۇزنىڭ قاشىغە باردى؛ باشىنى تۇفراقغە قويۇپ، يىغلادى. ئاندا ئىچتىلەركىم: «مەن بۇ ۋاقىئەلەردىن بىخەبەردۇرمەن، مەن بەھرام بىرلە بىر بولغانىم يالغان ۋە بۆھتاندۇر. مەن بىگۇناھدۇرمەن. ئەمدى بۇ پادىشاھلىقنى قەبۇل قىلماسام بۇ مۇلك بىگانەگە قالغۇسىدۇر.» ھورمۇز بۇ ئۆزرىنى قەبۇل قىلدى ۋە ئەيدى: «راست ئەيتۇرسەن. لېكىن تىلەرمەنكىم، بۇ ئىشنى قىلغانلارنــــى ئۆلتۇرگەيسەن.» پەرۋىز ئەيدى: «فەرمانبەردارمەن، لېكىن دەرھال بىجا كەلتۇرەلمەسمەن، تاكى پادىشاھلىقدا بەرقەرار بولۇپ، ئاندىن ئەيغانىڭنى قىلغايمەن.» بەس، بۇ خەبەر بەھرامغە يەتتى ئەرسە، بىسيار پەرشان بولدى. بۇ ئىشنى پەرۋىز قىلغان گۇمان قىلىپ، نىيەت قىلدىكىم، پەرۋىزدىن مۇلكنى ئالىپ، ھورمۇزغە بەرگەي.

بەس، مەداينغە كەلدى ئەرسە، پەرۋىز ئاگاھ بولۇپ، لەشكەر بىرلە بەھرامنىڭ ئالدىغە چىقتى. ئول كىچە پەرۋىزنىڭ لەشكەرى بەھرامغە قوشۇلدى. پەرۋىز ئۆز خاسلارىدىن ئون كىشى بىرلە روم تەرەفىگە قاچتىلەر. بۇلارنىڭ ئىككىسى پەرۋىزنىڭ خالەسى ئەردى. بۇلار ئەيدى: «بەھرام مەداينغە كىرىپ، ھورمۇزنى تەختغە چىقارىپ، پادشاھى رومغە بۇ ۋاقىئەلەرنى ئەيتىپ، نامە ئىبەرۇر. پادشاھى روم بىزنى يەنە تۇتۇپ ئىبەرۇر. مەسلەھەت ئولكىم، ھورمۇزنى ئۆلتۇرۇپ كەتكەيمىز.» بەس، ئىككىسى يەنە يانىپ بارىپ، ھورمۇزنى ئۆلتۇرۇپ كەلدىلەر، ئاندىن كەتتىلەر. ئۈچ كۈن يۈرۈپ يەمەن سەرھەدىغە بىر سەۋمەئەغە يەتتىلەر، ئاندا تۈشۈپ ياتتىلەر. دەرماندەلىكدىن ئۇيقۇلاپ قالدىلەر.

بەھرام مەداينغە كىردى ئەرسە، ئىشىتتىكىم، ھورمۇزنى ئۆلتۇرۇپدۇرلەر. بىنەھايەت پەرىشان بولدى. سىياۋۇشاننى چىرلاپ، تۆرت مىڭ كىشى قوشۇپ، پەرۋىزنىڭ ئارقەسىدىن يۈبەردى. بەس، بۇلار ئول سەۋمەئەغە يېتىشتىلەر ئەرسە، راھىبنىڭ ئاتى بەندوي ئەردى. ئۇلارنى لەشكەر يەتتى دەپ بىدار قىلدى. پەرۋىز ئويغانىپ ھەيران بولدى. ئول ئەيدى: «مەن تەدبىر قىلاي، سەن خەلاس بولغايسەن، ئەمما مەن ھىلاك بولغايمەن.» پەرۋىز ئەيدى: «بىر تەدبىر قىل، شايەدكى ھىلاك بولماغايسەن. بەس، پەرۋىزغە ئەيدى: «ئەتلىگنى سالىپ ماڭا بەرگىل، سەن مېنى قويۇپ كەتكىل.» بەس، پەرۋىز ئەتلىنى سالىپ تاشلادى، ھەمراھلارى بىرلە يولغە كىردى. بەس، ئول پەرۋىزنىڭ لىباسىنى كىيىپ، سەۋمەئەنىڭ ئۆگزەسىگە چىقىپ تۇردى. تاكى لەشكەر يېتىپ كەلدى، ئانى كۆرۈپ پەرۋىزگۇمان قىلىپ، سەۋمەئەنىڭ چۆگرەسىگە تۈشتىلەر. سىياۋۇشانغە قىچقىرىپ ئەيدى: «بۈگۈن ماڭا ئامان بېرىڭلاركىم مۇندا ئارام ئالىپ، ئۆزۈم تۈشكەيمەن.» بەس، سىياۋۇشان ئەيدى: «رەۋادۇر.» بەس، ئول كۈن سەبر قىلدىلەر، ئەرتەسى سىياۋۇشان ئاۋاز قىلدىكىم: «ئەمدى چىققىل.» ئەيدى: «ئول كېچەدىن ساقلادىڭلار. ئەمدى كېلىپ، باقىڭلار، مەندىن ئۆزگە كىشى يوقدۇر.» بەس، سەۋمەئەغە ئىشىكنى ئاچىپ چىقتى. كۆردىلەركىم، ھىچ ئادەم يوقدۇر. بەس، سىياۋۇشان ھەيران بولدى. بەندوينى ئالىپ، لەشكەر بىرلە بەھرام قاشىغە كەلدى. ئەيدى: «سەن ئەمەسمۇ ئىكىن، ھورمۇزنى

ئۆلتۇرۇپ، ئۇل ھارامزادەنى قوغلاپ چىقاردى. ئەمدى، مەن پەرۋىزنى بىستام بىرلە ئۆلتۈرۈپ، ھەممىنى ئانداغ ئۆلتۈرەيكى، جەھاندا ئىبرەت بولسۇن.» بەس، ئانى سىياۋۇشانغە تاپشۇردى، ئۆيگە ئالىپ بارىپ ياخشى ئاسرادى. بەس، بىر كۈنى بەندوي ئەيدى: «بۇ مۇلك بەھرامدا تۇرماس، چۈنكى زۇلۇم - سىتەمدە ئالىپدۇر.» سىياۋۇشان ئەيدى: «مەن ھەم بىلۇرمەن. خۇداي تەئالا ماڭا قۇدرەت بەرسە، ئانچە كۆڭلۈمدە باردۇر ئىشلار قىلسام.» ئۇل ئەيدى: «نە ئىش كۆڭلۈڭدە باردۇر؟ بىلگەيمەن.» سىياۋۇشان ئەيدى: «بەھرامنى ئۆلتۈرۈپ، مۇلكنى پەرۋىزگە بەرسەم.» بەندوي ئەيدى: «قاچان مۇنداغ قىلۇرسەن؟» ئۇل ئەيدى: «قاچانكى مەھەل تاپسام.» بەس، ئىككۆلەن مەسلەھەت قىلدىلەر: «تاڭلا بەھرام مەيداندا چەۋگەن ئويناردا ئۆلتۈرگەيسەن.» بەس، سىياۋۇشاننىڭ ئۆيىدە بىر مەزلۇم بار ئەردى، بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، بارىپ بەھرامغە خەبەر بەردى. ئەرتەسى، سىياۋۇشان كۆڭلەكىننىڭ ئىچىگە زىرىھ كىيدى. بەندويگە ئات - سىلاھ بەردى. ئۆزى بەھرام بىرلە مەيدانغە باردى. بەھرام ھەركىمنى چىرلاپ، ئۇچاسىغە چەۋگەن بىرلە ئۇردى، تا بىلگەيكىم ئىچىگە زىرىھ كىيىپدۇر، ئۇل تەدبىر راستدۇر. بەس، شەمشەرنى غىلافىدىن تارتىپ ئالىپ باشىنى كەستى. بۇ ۋاقىئەنى بەندوي ئاڭلاپ، ئازەربەيجانغە، پەرۋىز قاشىغە باردى. ئاندىن، مىڭ كىشى بىرلە پەرۋىزنى باشلاپ، پادىشاھى رومنىڭ قاشىغە باردىلەر.

## دەستان
## پادىشاھى روم ۋە پەرۋىز

قاچانكىم، پەرۋىز ئۇل سەۋمەئەدىن ئون كىشى بىرلە ئۈچ كېچە - كۈندۈز يۇردىلەر ئەرسە، هارىپ - ئاچىپ، بىر مەرغزارغە چىقتىلەر، ھىچ نىمەرسە تاپالمادىلەر. بەس، ئاندىن ئۆتۈپ، ئاچلىقغە سۇست ۋە زەئىف بولۇپ بارۇر ئەردىلەركىم، بىر ئەئرابى تىۋەسىگە مىنىپ، كېتىپ بارۇر ئەردى. پەرۋىز ئانى قىچقىرىپ، ئۆزىدىن نىشان بەردى ئەرسە، ئەئرابى تىۋەدىن تۇشۇپ، تەئزىم بىجا كەلتۇردى. پەرۋىز ئەيدى: «ھەمراھلارىم بىرلە ئانچە ئاچدۇركى

ئەيتىپ راستغە كەلمەس. بىزلەرنى مېھمان قىلساڭ.» بەس، ئەئرابىي بىجاندىل قەبۇل قىلدى. ھەي، تەي — ئىككى قەبىلە ئانىڭ ئەردى. ئاندا باشلاپ باردى. ئۈچ كۈن مېھمان قىلدى. ئاندىن ئۆتۈپ، ئۈچ كۈندە رىتەگە يەتتىلەر. ئول رومنىڭ دىيارى ئەردى. دۈشمەندىن ئەمىن بولدىلەر. ئارام ئالدى. بەس، ئاندىن يۈرۈپ، يولدا بىر راھىبنىڭ سەۋمەئەسىغە يېتىپ تۈشتىلەر. ئول راھىب سەۋمەئەنىڭ ئۆگزەسىگە چىقىپ، بۇلارنى كۆردى. ئەيدى: «نە كىشى سىزلەر؟» پەرۋىز ئەيدى: «بىز ئەجەم پادشاھىنىڭ ئەلچىلەرىدۇرمىزكىم، رومغە بارۇرمىز.» راھىب ئەيدى: «سەن ئەلچى ئەمەسسەن، ئەجەم پادشاھىدۇرسەنكىم، بىر سەردارىڭدىن قاچىپ رومغە بارۇرسەن. پادشاھى روم ساڭا لەشكەر بېرىپ، يار - ياۋەر بولۇر.» پەرۋىز ئەيدى: «بىزنىڭ قاشىمىزغە تۈشسەڭ نە زىياندۇر؟» بەس، راھىب تۈشتى. پەرۋىز ئەيدى: «مەئزۇر تۇتغىل، مۇنداغ ئىكەنسەن، بىز تانۇمايدۇرمىز. ئەمدى ماڭا ئەيغىل، قەيسەر بىرلە نە ھال روي بېرۇر؟» ئول ئەيدى: «قەيسەر ساڭا قىزىنى بېرۇر، ئوغلىنى يەتمىش مىڭ كىشى بىرلە لەشكەر ئىبەرۇر. سەن ئۇلار بىرلە بارىپ، مۈلكنى ئالۇرسەن.» پەرۋىز ئەيدى: «مۈلك قولۇمغە كىرسە قاچان كىرەر؟» راھىب ئەيدى: «يەنە ئون يەتتە ئايدا، يا ئون سەككىز ئايدا.» پەرۋىز «قانچە يىل پادشاھ بولۇرمەن؟» راھىب ئەيدى: «ئوتتۇز سەككىز يىل.» پەرۋىز ئەيدى: «بۇلارنى قايدىن بىلۇرسەن؟» راھىب ئەيدى: «ھەزرەتى دانىيال پەيغەمبەرنىڭ كىتابلارىدىن بىلۇرمەنكىم، ئەجەم پادشاھلارىدىن ئاتىنى ۋە سۈفەتىنى، ئۇلارنىڭ پادشاھ بولۇر مۇددەتىنى ئەيتىپدۇرلەر.» يەنە ئەيدى: «مەندىن كىمگە قالۇر؟» ئەيدى: «ئوغلۇڭ شىررۇيىنەگە قالۇر، نەچەند ئايدىن سوڭ، قىزىڭ پادشاھ بولۇر. ئاندىن ئوغلۇڭنىڭ ئوغلى تەختغە ئولتۇرۇر. ئانىڭدىن ئەرەبكە قالۇر، ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھىس. نىڭ ئەۋلادلارى تەختنى ئالۇرلەر، تا قىيامەتغەچە ئۇلارنىڭ تەئاملارى سۈت، خورما، گۆش بولۇر.» پەرۋىز ئەيدى: «مېنىڭ مۈلكۈمنى كىم خەراب قىلۇر؟» سەلام بىستام ئاتلىغ بىر خالەڭ تەباھ قىلۇر. ئۈچ يىل سەن ئاڭا غالىب بولۇرسەن.» پەرۋىز ئەيدى بىستامغە: «ئەي بىستام، راھىب نە دەيدۇر؟» بىستام ئەيدى: «يالغان ئەيتادۇر.» پەرۋىز ئەيدى: «ماڭا فىرىب قىلماسلىقغە ئاند ئىچكىل.» بىستام ئاند ئىچتى. ئاندىن

يۇرۇپ ئانتاكىيەغە باردىلەر. رۇم پادىشاھىنىڭ ئاتى مەۋرۇق ئەردى. نامە پىتتى: «مېنىڭ سەردارلارىمدىن بەھرام چوبىن ئاتلىغ بىرى ماڭا لەشكەر تارتىپ، سىپاھ - لەشكەرىمنى خەراب قىلىپ، مۈلكىنى ئالدى. مەن سەندىن پەناھ تىلەپ، يار - ياۋەر تىلەپ، سىپاھ - لەشكەر كۆز تۇتۇپ كەلدىم. تاكى ئۆي - مۈلكۈمنى ئالغايمەن.» بەس، بىستامنى بىر كىشى بىرلە رومغە ئىبەردى. بەس، بۇلار قۇستانتىنەگە يەتتىلەر ئەرسە، مەۋرۇقغە خەبەر بەردىلەر: ئەجەم پادىشاھلارىنىڭ ئەلچىلەرى كېلىپدۇر. بەس، قەيسەر ئۇلارغە ئىلتىفات قىلىپ، ئولتۇر دىدىلەر. بۇلار ئەيدىلەركىم: «بىز ھاجەتمەندۇرمىز، بىز تا ھاجەتىمىزنى تاپماي ئولتۇرماق رەۋا ئەمەسدۇر. ئەگەر ھاجەتىمىزنى رەۋا قىلساڭ ئولتۇرۇرمىز. بولماسا كېتەرمىز.» بەس، قەيسەر رۇم تىلى بىرلە نەدىملەرىغە ئەيدى: «ئەجەب خىرەدمەند ئىكەنلەر.» ئاندىن نامەنى ئوقۇپ، پەرىشان بولدى ۋە ئەيدى: «ھورمۇز بۇرادەرىم ئەردى، پىرى يېش بۇرادەراندەرمەن. ئاڭا ياۋەرلىك قىلۇرمەن. سىپاھ - لەشكەر ئىبەرىپ، ئالۇرمەن.» بەس، ئۇلار قەيسەرگە دۇئا قىلدىلەر، ئاندىن ئولتۇردىلەر. قەيسەر بۇيرۇدىكىم: «بۇلارنى شاھانە راۋاقلەرگە تۈشۈرۈڭلار.» ئاندىن، چىقتىلەر ئەرسە، سەردارلارىنى يىغدى ۋە ئۇلارغە نامەنى ئوقۇدى ۋە ئەيدى: «نە مەسلەھەت كۆرەرسىزلەر؟» دەۋرۇقغە ئەيدى: «ئەجەمدىن نە زۇلۇم - سىتەملەر كۆردۇككىم، چەندان مەرتەبە لەشكەر ئىبەرىب كەشاكەشلەر قىلدى. ئەمدى ئۆز ھالى بىرلە قالىپدۇركىم، بىز سەلامەتدۇرمىز. سەن ئاڭا نە مۇڭا ياۋەر بولماغايسەنكىم، بۇلار ئۆز ھالىدا بولغايلەر.» ھەممە ئەيدىلەر: «راست ئەيتۇر.» ئۇلۇغ ۋەزىرى خامۇش ئولتۇردى ئەرسە، قەيسەر ئەيدى: «سەن نە دەرسەن؟» ئول ۋەزىر ئەيدى: «پادىشاھغە لايىق ئەمەسدۇركىم، سىتەم رەسىدە فەريادرەس تىلەپ كەلسە، ئانى نەۋمىد ياندۇرماغىل. ئەلھال ئول مۇھتاجدۇر، ھاجەتىنى رەۋا قىلماق لازىمدۇر.» بەس، قەيسەرى رۇم يەتمىش مىڭ كىشى بۇيرۇدى، ئوغلى بەنا تۇسنى سەردار قىلدى. ئاندىن پەرۋىزنى تەكلىف قىلىپ، قىزىنى بەردى. ئول لەشكەرنى تاپشۇردى. سىلاھ - ياراغ مۇكەممەل قىلىپ بەردى. ئول لەشكەرنىڭ ھەر بىرىنى ھەزار مەرد ئاتارلەر. ھەر قايسى مىڭ كىشىگە تەقابىل بولۇر ئەردى.

## دەستان

# قىسسەئى ھىجرەت ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

قاچانكىم، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكلەرى رەۋاج تاپتى ئەتراف - جەۋانىبدىن ئۇلارغە خەلايىق ئىمان كەلتۈرۈپ، بەيئەت قىلدىلەر. كۇفر، بۇتپەرەستلىك بىناسىغە خەراب ۋە شىكەستلىك يۈزلەندى ئەرسە، كۇففار قۇرەيش ئىتتىفاق قىلدىلەركىم: «ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمنى ھىلاك قىلماي، بۇ فىتنەدىن خەلاس بولماسمىز.»

بەس، ئەبۇ جەھىل باشلىغ ئون كىشى قۇرەيش يىگىتلەرىدىن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنى ئۆلتۈرمەككە ئەھد قىلدىلەر. بۇ ۋاقىئەنى ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. خەبەر بەردىلەر. ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەمىرىلمۆئمىنىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەر: «مىنىڭ ئارقامدىن ئۆيگە كەلگىل.» بەس، ئۆيگە كەلدىلەر. ئەيدىلەر: «يا ئەلى، مەن بۇ كېچە بىر يەرگە بارۇرمەن. سەن مېنىڭ ئورنۇمدا ئىگىنىمنى ياپىنىپ ياتغىل، تاكى كافىرلار مېنى گۇمان قىلماغايلەر. ساڭا ھېچ ۋاقىئە بولماغاي. ئەرتەسى، بۇ ئامانەتلەرنى ئىگەسىگە بېرىپ، ئارقامدىن كەلگەيسەن.» بەس، كېچە بولدى ئەرسە، ئەبۇجەھىل ھەمراھلارى بىرلە ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم نىڭ ئىشىكلەرىگە كېلىپ ياتتى. قاچانكىم كېچەدىن بىر ھەسسە ئۆتتى، ئول سۇلتانى ئەبرار ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم قوپۇپ، ئەمىرىلمۆئمىنىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئورۇنلەرىدە ياتقۇزۇپ قويۇپ چىقتىلەر. ئول بەد بەخت كافىرلار تۇيمادىلەر. ئەمىرىلمۆئمىنىن ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە كەلدى. ئۇلەر ئەيدىلەر: «تاغقە بارغايمىز، ئىككى - ئۈچ كۈن ئاندا قەرار ئالغايمىز.» يەنە بىر ئامىر ئاتلىغ ھەبەشى ئازادگەردەلەرى بارئەردى. ئاڭا ئەيدىلەر: «سەن بۇ ئىككى تىۋەنى باقىپ تۇرغىل. قاچانكىم، بىز سېنى چىرلارمىز، ئاندا كەلتۈرگىل.» بەس، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم يۈردىلەر، ئارقالەرىدىن ھەزرەتى ئەبۇ

بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇئەنھۇ يۈردىلەر. ئىككۈلەن بىر تاغقە چىقتىلەر، غارى سەۋرغە كىردىلەر.

بەس، كۇففارى فۇججار سەيد ئەبرار ئورۇنلەرىدە ھەيدەرى كەررارنى كۆردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى مۇھەممەد ئەلەيھ.س. قاياندۇر دەپ ئەيدىلەر؛ ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھە ئەيدىلەر: «بىلمەسمەن.» ھەزرەتى ئەلىنى مەسجىدكە ئالىپ باردى، قۇرەيش يىغىلىپ، بىر مۇنچە تۇرغۇزۇپ قويۇپ ئىبەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشىكلەرىگە باردى. ئۇلارنى ھەم تاپمادى. ئاندىن مۇنادى قىلدۇردىلەر: «ھەركىم ھەزرەتى مۇھەممەدنى كەلتۇرسە ئاڭا يۈز تىۋە بىرۇرمىز!» بەس، تەمامى ھەر تەرەفكە ئۇلارنى ئىزدەپ چىقتىلەر، ھىچ ئەسەر تاپمادىلەر. بەس، ئەسما ھەركىچە ئول سەييىدى ئەنبىياغە تەئام كەلتۇرۇر ئەردى. ئۇچۇنچى كىچەسى ئەبۇبەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «تاڭلا كىچە تولاراق تەئام كەلتۇرگىل، ئامىر تىۋەلەرنى كەلتۇرسۇن ئەيغىل.» بەس، تۆرتۇنچى كىچەسى غاردىن چىقتىلەر، بىرەر تىۋەگە مىندىلەر. بىر يولچى ئالدىلەر، ئول ئادەم يولسۇز باشلاپ مەدىنەگە يەتكۈزدىلەر. بەس، رەسۇلى ئەكرەم سەل.ئەل.لەم ماھى رەبىئۇل ـ ئەۋۋەلنىڭ ئونى — دۇشەنبە كۈنى مەككەدىن چىقتىلەر، ئىككىنچى دۇشەنبە كۈنى كىچەسى مەدىنەدە قۇبا دىگەن خورما تۇپىگە تۇشتىلەر، مەدىنەدىن ئۇن يىتىم يىراق ئەردى.

بەس، مەدىنە خەلقى ئول سەرۋەرنى خەبەر ئالىپ، بىركۈنى ئاندا كەلدىلەر. ئازىنە كۈنى خۇتبە ئوقۇپ، ئاندىن نەماز ئۆتەپ، تىۋەلەرگە مىندىلەر ئەرسە، ھەركىم تىۋەلەرى مىھارىنى تۇتۇپ، ئەيتۇر ئەردىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، قەدەملەرى شەرافەتىنى ئەۋۋەل مىنىڭ كۇلبەمغە يەتكۇرسۇنلەر.» ئۇلەر ئەيتۇرئەردىلەر: «تىۋەنى قويا بىرىڭلار، كىمنىڭ مەنزىلىغە چۆكسە، بىز ئاندا تۇشكەيمىز.» بەس، رەسۇل ئەكرەم سەل.ئەلە.لەمنىڭ تىۋەلەرى خالىد ئەس ـ سەمەدنىڭ ئۆيىگە چۆكتى. ھالا ئول يەر مەسجىدى مەدىنەدۇر. بەس، ئاندا تۇشتىلەر. مەردى ئەيالمەند ۋە فەقىرھاجەتمەند ئەردى. مەكانى ھەم تار ئەردى. ئول يەر سەھلۇ سۇھەيل، ئاناسىز نارەسىدەنىڭ ئەردى. ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل.ئەل.لەم نى ھەركىم تەكلىف قىلۇر ئەردى. ئەيتۇر ئەردىلەر: «كىمەرسەنىڭ مەكانى

ئولدۇركىم ئەگنى ۋە مەتائى ئاندادۇر.» بەس، ئاندىن، ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ئۆيىگە باردىلەرئەرسە، سارايىنى ھەزرەتى سەل-ئەلە-لەمغە ياسادى؛ ئۆزى ئۆگزەدە ياتار ئەردى. بەس، سوردىلەر: «يا ئەييۇب، كېچە نېچۈكدۇرسەن؟» ئەييۇب ئەيدىلەر: «نېچۈك بولغاي! ئۈستۈن پەناھى خۇدا، ئاستىن خۇدا ۋە رەسۇل بولغاي.» بۇيرۇدىلەر: بىر مۇنچە يەر ئالىپ مەسجىد ئەتتىلەر. ئول مەسجىد ئاندا ئەييۇب ئەنسارىنىڭ ھەۋلەسىدە ئەردى. يانىدا بىر ھوجرا بىنا قىلدىلەر. ئانھەزرەت سەل-ئەل-لەم ئاندا بولدىلەر.

## دەستان
## ھىجرەت يىلىدا بولغان ۋاقىئەلەرى زىكرى

ئون يىل ھىجرەتدىن ئىلگەرى كۈلسۇم بىننى ھەدم، ئەسئەب بىننى زەرائ ئۆلگەن ئەردى. ئول يىل ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىرلە ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم بىر ئۆيدە بولدىلەر. ھەزرەتى خەدىچە كىبرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋەفاتلەرىدىن ئىككى يىل كېيىن مەككەدە نىكاھلەرىغە ئالغان ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چىرلاپ ئەيدىلەر: «ئەھلى ئەيالىڭنى كەلتۈرگىل.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلانلەرى ئابدۇللاھنى ئىبەردىلەر، تاكى بارىپ ئانالەرى، ھەمشىرە - بۇرادەرلەرىنى كەلتۈردىلەر. ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ھوجرەئى مۇتەھھەرەلەرىغە ئالىپ چىقتىلەر.

بەس، جوھۇدلەر ئەيدى: بىز مەھكەم تۇرالىكىم مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمغە ھىچكىم ئىمان كەلتۈرگۈدەك ئەرمەس، ئۇلار ئازدۇرلەر. بەس، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئەبۇ بەكر، غەم يېمەگىل، ھەق تەئالا ماڭا ۋەئدە قىلغاندۇركىم، مېنىڭ دىنىم قىيامەتكە باقى قالغۇسىدۇر.» ئول يىلى، ئابدۇللاھ سۇررە نوئمان بىننى سۇررە موختار بىننى ئابدۇللاھ سەئى ۋۇجۇغە كەلدىلەر. مۇسۇلماندىن كۈندىن كۈنگە تولا بولدىلەر ئەرسە، جوھۇدلار يالغانچى بولدىلەر.

رىۋايەتدۇركىم، ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەيدىلەر: «ئۆزگە ئەزۋاجى مۇتەھھەراتدىن مىنىڭ ئۈچ - تۆرت فەزىلەتىم زىيادەدۇر. ئەۋۋەل ئولكىم، مەن ئانھەزرەتنىڭ خىزمەتلەرىگە سىر پۇشىدە مۇشەررەف بولدۇم؛ ئىككىنچى، ۋەھى كەلسە مەن ئىشىتۇرمەن؛ ئۈچۈنچى مۇنافىقلار ماڭا تۆھمەت قىلدىلەر، ھەق تەئالا مىنىڭ پاكلىقىمغە ئايەت ئىبەردى؛ تۆرتىنچىسى، ئانھەزرەت سەل-ئەل-لەم مىنىڭ ئۆيۈمدە ياتىپ ۋەفات بولدىلەر، قەبر مۇنەۋۋەرلەرى مىنىڭ ئۆيۈمدەدۇر. ۋە يەنە ئول يىل نەماز تۆرت ۋەقت بولدى. ئىلگەرى ئىككى ۋەقت ئەردى. ئاندىن كېيىن بەش ۋەقتدە مۇقەررەر بولدى.

تارىخى ئەسلىنىڭ زىكرى. كەلتۈرۈپدۇرلەر: ئىلگەرى ھەركىم ھەر ۋاقىئ بولسە بىتەئىن ۋە بىتارىخ ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئول يىلى تارىخنى ھىجرەتدىن تەئىن قىلدىلەر. ۋە ئەيدىلەر: «ھەرنامە ئىكى بىتارىخ پىتىلسە جايىز ئەمەستۇر. بۇ تارىخ ئىشى ئەرەب. ئەجەمدە قەدىم بار ئەردى. ھەر ھادىسە بۇ دارۇلھەۋادىسدىن ۋاقىئ بولسە، ئاندىن تارىخ ئالۇر ئەردىلەر. ئانداغكى ۋەفاتى ھەزرەتى ئادەم، توفان ۋە نوھ ئەلەيھ-س. ، ۋە يەنە ئىبراھىم ئەلەيھ-س. نى ئوتغە تاشلاغان ۋەقتدىن ھەرقايىسى ئۆز ئۇممەتلەرىغە تارىخ ئەردى؛ ئاندىن خانەئى كەئبەنى بىنا قىلغان قۇسەي بىننى كىلاب ئەۋلادىنىڭ تارىخى ئەردى؛ ئاندىن كېيىن ئەھلى مەككە ۋاقىئەنى فىلدىن تارىخ ئالۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەم ھىجرەت تارىخ تەئىن قىلدىلەر؛ ئاندىن كېيىن گۇرۇھى ۋاقىئە كەربەلادىن ئېئتىبار قىلىپدۇر؛ تائىفە خەۋارىجلار مۇئاۋىيەنىڭ ۋەفاتلەرىدىن تارىخ ئالىپدۇرلەر؛ كەربەلا يەزدگىرد شەھريار ئۆلگەن زەماندىن تارىخ ئىبتىدا قىلىپدۇرلەر.

## غازاتغە فەرمان كەلگەن زىكرى

ئەلقىسسە، قاچانكىم، ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەم مەككەدىن ھىجرەت قىلدىلەر ئەرسە، مەككەدە كافىرلار ئەيدىلەر: بىز مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمدىن خەلاس بولدۇق. بەس، ھەق تەئالا ئابەت ئىبەردىكىم، تەفسىرى بۇدۇر: ۋەقتى شەھرى ھەرام چىقسە، يا مۇھەممەد، كافىرلارنى ھەريەردە تاپىپ ئۆلتۈرگىل، تۇتۇپ ئەسىر قىلغىل، ھەرخاھلاغان يەردە بەند قىلىپ ئولتۇرغۇزغىل. قاچانكىم، بۇئايەت نازىل بولدى. «ھىمىبرانھا»

ئايەتلەر مەنسۇخ بولدى. ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم لەشكەر ئىبەرىپ، كافىرلارنىڭ كارۋاننى ئالىپ، غەنىمەتلەرنى مۇسۇلمانلارغە بەردىلەر. تاكى مەككەگە ياۋۇق بارىپ جەڭ قىلدىلەر. ھىچ تەرەفكە كارۋان بارالمادى.

## فەسلى دەستان
## جەڭگى بەدرىدىن ئىلگەرى بولغان غازاتلار زىكرى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئەۋۋەل لەشكەرى ئىسلام غازاتغە ئاتلاندى ئول ئەردىكىم، ھىجرەتدىن يەتتە ئاي ئۆتۈپ ئەردى. رەمەزاننىڭ يەتتەسى كۈنى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۆزلەرى بىرئاق ئەلەم ئالىپ، ھەمزە بىننى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بەردىلەر. ئوتتۇز سۇۋارە بىرلە، شامدىن كىلەدۇرغان كارۋاننىڭ ئالدىغە ئىبەردىلەر. كارۋان دەريا لەبىگە يىتىپ ئەردى. ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىتىپ باردىلەر. ئول كارۋاننىڭ سەردارى ئەبۇ جەھىل ئەلەيھىل لەئنە ئەردى. كارۋان ئۈچ يۈز سۇۋارە ئەردى. ئول دەريا بويىدا بىر كەنت بار ئەردى، ئۇلۇغى مۇھەممەد بىننى ئامىر ئەل-جۇھەمى ئەردى، ھەم ئەبۇ جەھىلگە ھەم ھەمزەگە دوست ئەردى. بۇ ھەمزە رەزىيەللا ئەنھۇنىڭ ئالدىلەرىغە كەلدى، ئەيدى: «ئەبۇ جەھىل ئۈچ يۈز كىشى بىرلە بۇ كەنتدەدۇر، كەنت خەلقى ئاڭا ياۋەر بولۇر. مەسلەھەت ئولدۇركىم، مىنىڭ خاتىرىمدىن يانغايسەن.» بەس، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھلارىغە ئەيدىلەر: «غەنىمەتدىن سەلامەت ياخشىراقدۇر.» بەس، جەڭ قىلماي ياندىلەر. ئاندىن يەنە، شەۋۋال ئايىدا خەبەر بولدىلەركىم، مەككە كافىرلارى مەدىنەگە لەشكەر ئىبەرۇر. بەس، ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەم ئۇبەيد بىننى ئەلھەرەس بىننى ئابدۇلمۇتتەلىبنى ئاتمىش كىشى بىرلە ئىبەردىلەر. قاچانكىم، ئەبۇ جەھىل مەككەگە كەلدى ئەرسە، ئەيدى: «مۇھەممەد بىزگە جەڭگە كىشى ئىبەرگەن ئىكەن.» بەس، كافىرلار ئىتتىفاق قىلدىلەر مەدىنەگە جەڭگە بارغايلەر، ھەر كىمنى تاپسە ئەسىر قىلغايلەر. بەس، كافىرلار بىر بادىيەدە ئەسا ئاتلىغ قۇدۇغقە كېلىپ تۈشتىلەر. لەشكەرى

ئىسلام ھەم ئاندا يەتتىلەر ئەرسە، كۆردىلەركىم بىر كارۋان تۇشۇپدۇر. بەس، كافىرلار لەشكەرىدە، مەككەدە قالغان ئىككى مۇسۇلمان بار ئەردى. قاچانكىم، لەشكەرى ئىسلامنى كۆرۈپ، قاچىپ ئىسلامغە قوشۇلدىلەر. مۇندىن كافىرلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ پەيدا بولۇپ، جەڭ قىلماي قاچتىلەر. ۋە بەئزىلەر بۇ غازاتنى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلدىلەر دەپدۇرلەر.

ئاندىن كېين، غەزۋەئى جەران ۋاقىئ بولدى. كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، سەئد ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇھاجىر، ئەنساردىن يىگىرمە كىشى بىرلە پىيادە بولدىلەر. ئەلەمنى مۇرادغە بەردىلەر. ئەيدىلەر: «پالانى بادىيەدە جەران ئاتلىغ بىر قۇدۇغ باردۇر، كافىرلار ئاندا كېلۇر، ئۇلارنى مۇندا تۇتۇپ كەلتۇرگىل.» بەس، بۇلار بارغۇنچە كارۋانلار ئۆتۈپ كېتىپدۇر، بارىپ كەلدىلەر.

## فەسلى دەستان
## زىكرى غەزۋەئى ئەبۋا

ئاندىن كېين، مۇھاجىر، ئەنسار بىرلە، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئۆزلەرى چىقتىلەر. سەئد بىننى ئۇبەيدەنى مۇقەددەمەئى لەشكەر قىلدىلەر؛ ئەلەمنى ھەمزەغە بەردىلەر. بەس، ئەبۋا دىگەن يەرگە يەتتىلەر ئەرسە، ئاندا گۇرۇھى ئەرەبدىن ئولتۇرغان ئەردى. ئول كەنتنى ۋەددان، ئول ئەرەبنى بەنۇ ھەمزە ئاتار ئەردىلەر، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغى مۇجەس ئەردى. ئۆمەرنىڭ ئوغلى ئالدىغە چىقتىلەر. ئانىڭ بىرلە سۇلۇھ قىلدىلەر. ئانالەرى ئامىنەنىڭ قىزى ئاندا ئەردى، ئانى زىيارەت قىلىپ، ئون كۈن تۇردىلەر. ئاندىن مەدىنەگە ياندىلەر.

ئاندىن غەزۋەئى ئەبۋاتغە باردىلەر.

## فەسلى دەستان
## غەزۋەئى ئەبۋات

ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، ئۇمەييە بىننى خەلەف يۈز كىشى بىرلە شامدىن كېلەدۇر دەپ، خەبەر كەلدى. ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەم ئىككى يۈز كىشى بىرلە چىقتىلەر. سەرب سەرھەدىغە ئەبۋات دىگەن مەنزىلگە تۈشتىلەر.

كارۋان خەبەر تاپىپ، مەككەگە قاچىپ كەتتى ئەرسە، مەدىنەگە ياندىلەر.

## ۋاقىئەئى زاتىل - ئۈشرە

كەلتۈرۈپدۈرلەر. مەككەدىن بىسيار مال بىرلە كارۋان يەتتى دەپ خەبەر يەتتىكىم، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم جەمىئ مۇھاجىران، ئەنسار بىرلە يەنسۇئ دىگەن كەنتكە باردىلەر. ئەلەم ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدا ئەردى. ئاندا، زاتىل ئۈشرە دىگەن مەنزىلگە بىر دەرەخت تۈپىگە تۈشتىلەركىم زاتىل ساق ئاتارلەر. بەس، كارۋان قىلەجان دىگەن كەنت بىرلە ئۆتۈپ كەتتىلەر ئەرسە، ھىچ خەبەر تاپالمادىلەر. ئول دەرەختنىڭ تۈپىدە قوندىلەر. بىر مەسجىد ئەتتىلەر. ھالا خەلق ئول مەسجىدنى تەۋاف قىلۇرلەر. بەس، ئاندىن سارۇن ئاتلىغ يەنە بىر مەنزىلگە باردىلەر. ئاندا مەيرەت ئاتلىغ بىر قۇدۇغ بار ئەردى. ئانىڭدىن سۇ تارتىپ ئىچىپ، بىر مەككىي ئىزدەدىلەر، كارۋاندىن ھىچ خەبەر تاپمادىلەر ئەرسە، ئاندىن زاتىل ئۈزۋە دىگەن يەرگە كەلدىلەر. ئاندا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى «ئەبۇ تۇرابى» ئاتادىلەر. بائىــــس ئول ئەردىكىم، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناپەيدا بولدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئىزدەپ بىر دەرەختنىڭ سايەسىدە تاپتىلەر؛ يۈزلەرىنى تۇفراقغە قويۇپ ئۇيۇقلاپدۇرلەر. يۈزلەرى خاك ئالۇدە بولۇپدۇر. بەس، «قەمەمە، يا ئەبۇ تۇرابى» دەپ ئويغاتتىلەر ۋە مۇبارەك رىدالەرى بىرلە ھەزرەتى ئەلىنىڭ يۈز - كۆزلەرىنــى ئەرتــــىپ، ئەيتۇر ئەردىلەر: «نە بەدبەخت كىشىدۇركىم، ساڭا زەرب ئۇرغاي، بەدەنىڭدىن قان ئاقغاي، بەس، ئول زەربدە ھىلاك بولغايسەن.» ئول ۋەقت فاتىمە زوھرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانى بەرمەگەن ئەردىلەر. ئاندىن كېيىن، زۇلقەئدە ئايىدا جۇفت قىلدىلەر.

## فەسلى دەستان
## بەدرى غازاتىنىڭ زىكرى

ئەيتىپدۇرلەر. ئول كىمەرسەئىكىم، مەككەدىن مەدىنەگە كەلدى، كورز

بىنىي جابىر ھەمفھرى ئەردىكىم، نەچەند كىشىلەر بىرلە كېلىپ، مەدىنەنىڭ چھارپايلارىنى ئوغۇرلاپ، يولسۇز مەككەگە قاچتى. بىر كۈندىن كېين، ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەم خەبەر تاتىپ، زەيد بىننى ھارىسىنى مەدىنەگە خەلىفە قىلىپ، ئارقاسىدىن باردىلەر. ئەلەم ھەزرەتى ئەلىدە ئەردى. بەس، بىر بادىيەدە قۇدۇغقە يەتتىلەركىم، ئانى بەدر ئاتلىغ بىرئەئرابىي قازغان ئەردىلەر، ئانى بەدر ئاتار ئەردىلەر. ئاندا ئۈچ كۈن تۇردىلەر، ھېچكىمنى تاپمادىلەر ئەرسە، مەدىنەگە ياندىلەر.

## غەزۋەئى بەتەنۇل ـ نەھلە ۋاقىئەسى

ئانداغ كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھىجرەتدىن ئىككىنچى يىل رەجەب ئايىنىڭ ئەۋۋەلى ئەردى. ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەم ئابدۇللاھ بىننى جەھشنى چىرلاپ، ئەنسارىدىن ئون ئىككى كىشىنى بەردىلەر ۋە ئەيدىلەر: «تا ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بارماغۇنچە رۇقئەنى ئوقۇماغىل.» بەس، ئابدۇللاھ ئۈچ كۈندىن كېين نامەنى ئوقۇدى ئەرسە، پۈتۈپدۇرلەر: «ھەمراھلارىڭدىن ھەركىم يانماقنى خاھلاسا ياندۇرغىل. ئۆزۈڭ ـ بەتەنۇل نەھلەگە بارىپ، مەككە كافىرلارىنىڭ خەبەرىنى ئاڭلاغىل. ئەگەر سېنىڭ بىرلە جەڭ قىلۇر بولسە، جەڭ قىلماي، ماڭا خەبەر قىلغىل.» بەس، ئابدۇللاھ ئەيدى: «بۇ سەفەردىن يانماسمىزكىم ئۆلۈمدۇر، لېكىن رەسۇلى خۇدا ئەمرىگە جان فىدا قىلۇرمىز. سىزلەر خاھلاساڭلار يانىڭلار.» ئۇلار ئەيدىلەر: «بىز ھەم يانماسمىز.» بەتەنۇل نەھلەگە بارىپ؛ ئىككى قەۋمنىڭ ئاراسىغە تۈشتىلەر. ھەركىم ئۆتسە شەبىبىر سورار ئەردىلەر. بەس، تايىف تەرەفدىن ئۇلۇغ كارۋان نەمايەن بولدى. ئابدۇللاھ ئەيدى: «نەدبىر نەدۇر. ئەگەر كارۋانغە ئۇچراماساق رەسۇلى خۇدانىڭ فەرمانلەرىنى تۈتماغان بولغايمىز؛ ئەگەر ئۇچراساق مەككەگە ئالىپ بارۇر.» چۈن، كارۋان كېلىپ تۈشتى. بۇلار كېچەسى مەسلەھەت قىلدىلەركىم، «بۇ كارۋان شەھرى ھەرامنى بىلمەسلەر. بىز جەڭ قىلغايمىز.» ئەرتەسى كارۋان يۈك قويدى ئەرسە، ئابدۇللاھ ھەمراھلارى

بىرلە سۈرەن سالىپ يۈگۈردىلەر. كارۋانلار ھەممە قاچتىلەر. بۇ ئىككى كىشىنى ئەسىر قىلىپ، مەدىنەگە كەلتۈردىلەر. كارۋان ھېچكىمنى كۆرمەدى ۋە ئەيدى: «ئەجەبدۇركىم ھەزرەتى مۇھەممەد ماھى رەجەبدە غازات قىلۇرلەر.» بەس، ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەم غەزەب قىلدىلەر: «مەن سېنى جەڭ قىلماغىل دىمەدىممۇ؟» بەس، ئول ئەسىرلەرنى توختاتىپ تۇردىلەر. بۇ خەبەر مەككەگە يەتتى ئەرسە، مەككەدىكى مۇسۇلمانلار نامە ئىبەردىكىم: «قۇرەيش بىزگە مەلامەت قىلۇركىم، ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم ھەرامنى ئۇشاتىپ، جەڭ قىلىپدۇر. ئەمدى ئەسىرلەرنى ئىبەرگەيلەر.» ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم غەمكىن بولدىلەر. ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم، تەفسىرى بۇدۇر: «يا مۇھەممەد، شەھرى ھەرامدا جەڭ قىلماقدىن سەۋال قىلسە، ئەيغىل، شەھرى ھەرامدا جەڭ قىلماق ئۇلۇغ ئىشدۇر. مەسجىدى ھەرامدىن، ھەجدىن مەنئى بولماق خۇداي تەئالاغە نافەرمان بولماق؛ قۇرەيش خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىنى ئەسھابە بىرلە مەككەدىن چىقاردى؛ ھەجدىن مەنئى قىلدى؛ بۇتغە سەجدە قىلىپ خۇداي تەئالاغە كافىر بولدىلەر. بۇ ئىشلار خۇداي تەئالانىڭ دەرگاھىدا جەڭدىن ئۇلۇغدۇر.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ ئايەتكە شاد بولدىلەر. بەس، بۇيرۇدىلەر: بۇ ئايەتنى پىتىپ مەككەگە ئىبەردىلەر؛ ئول ئەسىرلەرنى ساتتىلەر.

## قىبلەنىڭ يۆتكەلگەنى ۋاقىئەسى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، تا ئول ۋەقتغە ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. نىڭ ئۈممەتلەرى ۋە تەمامى مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلەسى بەيتۇل مۇقەددەس ئەردى؛ ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمغە ھەم بەيتۇل - مۇقەددەسكە باقىپ، نەماز ئۆتەمەككە فەرمان كەلدى. بەيتۇل مۇقەددەسنى ھەزرەتى سۇلەيمان ئەلەيھ-س. ئەتكەن ئەردىلەر. ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ سەل-ئەلە-لەم ئارزۇ قىلدىلەركىم، قىبلە خانەئى كەئبە بولغاي ئەردى، چۈنكى ھەزرەتى ئىبراھىم ۋە ھەزرەتى ئىسمائىل ئەلەيھ-س. بىنا قىلغان ئەردىلەر. بەس، دۇئا قىلدىلەر، ئىجابەت بولمادى. تاكىم سوڭقى يىلى جوھۇدلار كەلدىلەر.

ئەيدىلەر: «يا مۇھەممەد، ئەگەر سىنىڭ دىنىڭ بىزنىڭ دىنىمىزدىن بۆلەك بولسە، قىبلەمىزنىڭ بىر بولماقلىقىنىڭ ۋەجھى نىمە؟» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يۈزلەرىنى ئاسمانغە قىلىپ ئەيدىلەركىم: «پەرۋەردىگارا، ماڭا بۆلەك قىبلەنى كۆرسەتكىل» بەس، ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم، تەفسىرى بۇدۇر: «ھەر ئايىنە يۈزۈڭنى ئاسمانغە قىلغانىڭنى كۆردۈم. بەس، ئەلبەتتە خاھىشىڭچە، قىبلەنى ساڭا يۆتكەرمەن. بەس، يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەفىگە ئۆيرۈگىل، ھەر يەردىكى بولساڭلار ئاڭا يۈزۈڭلەرنى ئۆيرۈڭلار.»

# فەسل بۇ بابدا روزەنىڭ فەرز بولغان زىكرى

ۋاقىئەسى مۇنداغ ئەردىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەدىنەگە كەلدىلەر. جوھۇدلارنى كۆردىلەركىم، مۇھەررەم ئايىنىڭ ئونى ئاشۇر كۈنى روزە تۇتارلەر. ئانھەزرەت ئەيدىلەركىم: «بۇ نىچۈك روزەدۇر. قانچە فەزىلەتى باردۇر؟» جوھۇدلار ئەيدىلەر: «ئول كۈندۇركىم، ھەق تەئالا فىرئەۋننى غەرق قىلدى، ھەزرەتى موسا ئەلەيھ-س. ئول كۈن روزە تۇتتىلەر. بىز ھەم روزە تۇتارمىز.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەرغە ئەيدىلەر: «ئۇلاركىم روزە تۇتتىلەر.» ۋە يەنە كۆردىلەركىم، جوھۇدلار ھەر يىلدا ئەللىك كۈن روزە تۇتارلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئارزۇ قىلدىلەركىم، بىزگەمۇ ھەم روزە بولغاي ئەردى. بەس، ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم، تەفسىرى بۇدۇر: «سىزلەرگە روزە فەرز قىلىندى، سىزلەردىن ئىلگەرى پەيغەمبەر ئۇممەتلەرىگە فەرز قىلىنىپ ئەردى.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم تىلەدىلەر ئەرسە، ۋەھى كەلدى: روزەئى ماھى رەمەزانكىم، ئانىڭدا خەلقغە ھىدايەت ۋە راھى راستلىقنىڭ بەيانى، ھەقنى باتىلدىن ئايرىغۇچى قۇرئان ئىبەرىلدى؛ بەس، كىمەرسەئى سىزلەردىن ھازىر بولسە، بەس، روزە تۇتغاي. رەمەزاننىڭ ئايى كەلدى ئەرسە، روزە تۇتتىلەر. ئەيد كۈنى سەدەقەئى فىترنى ئەدا قىلدىلەر. ئاندىن، ئاشۇر كۈنى روزە تۇتماقنى

مەنئ قىلدىلەر. بەئزىلەر تۇتتى، بەئزىلەر تۇتمادى.

# ئىككىنچى بەدر غازاتىنىڭ زىكرى

ئانداغ كەلتۈرۈپدۇرلاركىم، ھىجرەتدىن ئىككىنچى يىل ماھى رەمەزاننىڭ ئەۋۋەلى ئەردى. خەبەر كەلدىكىم، ئەبۇ سۇفيان، ئۆمەر بىننى ئاس ۋە يەنە مەككە ئۇلۇغلارىدىن يەتمىش كىشى شامدىن كارۋان بىرلە كېلۇرلەر دەپ. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەرغە ئەيدىلەر: «غازاتىنىڭ جابدۇغىنى مۇھەييا قىلغايسىزلەر!» بەس، مۇسۇلمانلار گۇمان قىلدىلەر، كارۋان جەڭ - جىدەلسىز ئىمان كەلتۈرۈرلەر. بەس، ھەمەلەرى شىتاب ۋە ئىزتىراب بىرلە باردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم لەباب بىننى مەنزەرنى مەدىنەگە خەلىفە قىلدىلەر. ئۆزلەرى ئۈچ يۈز كىشى بىرلە چىقتىلەر. بۇلاردىن ئون ئۈچى ئاتلىغ، يەتمىش تىۋەلىك ئەردىلەر. ئۆزلەرى غەزەبا دىگەن تىۋەگە مىندىلەر. ھەمەلەرى شىتاب ۋە ئىزتىراب بىرلە چاھى بەدرگە ئىككى مەنزىل ياۋۇق باردىلەر. خەبەر ئالدىلەركىم، ھۇنۇز كارۋانلار ئۆتمەپدۇر. يولدىن يىراق تۇشۇپ، كارۋانغە مۇنتەزىر ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇھەممەد بىننى ئامىر جۇھەمى ۋە ئەدى بىنى رەئباننى تىۋەگە مىندۇرۇپ، خەبەر كەلتۈرگەلى يولغا ئىبەردىلەر. بۇلار ئول قۇدۇغ باشىغە كەلدىلەر. ئەرەبدە ئانداغ رەسم ئەردىكىم، كارۋان كېلۇر بولسە، ئول قۇدۇغ باشىغە تەئام، نان ۋە ئوت - سامان ئالىپ چىقىپ، سودا قىلۇر ئەردىلەر. بەس، كۆردىلەركىم، ئىككى كىشى بىر - بىرلەرىنى تۇتارلەركىم قەرزىمنى بەرگىل. ئول ئەيتۇر: تاڭلا كارۋان كېلۇر، سودا قىلىپ بېرۇرمەن. بەس، بۇلار بۇ سۆزنى ئىشتىپ، سۇ ئالىپ ياندىلەر ئەرسە، ئەبۇ سۇفيان، ئۆمەر بىننى ئاس يىتىپ كەلدى. ئەيدى: «ھەزرەتى مۇھەممەددىن ۋە ئەسھابلاردىن ھىچ خەبەرىڭلار بارمۇ؟» ئول ئادەم بىلمەسمەن دىدى. يەنە ئەيدى: «ھىچ ئادەم مۇندا كەلدىمۇ؟» ئول ئەيدى: «ئىككى تىۋەلىك كىشى كېلىپ، سۇ ئالىپ كەتتى.» ئۆمەر ئەيدى: «تىۋەسىنــــى قايدا چۆككۇردى؟» ئەيدى: «مۇندا چۆككۇردى.» بەس، ئۆمەر بارىپ، تىۋەسىنىڭ ماياقىنى ئالىپ ئۇشاتىپ كۆردى، خورما ياغاچى چىقتى. ئەيدى: «بۇ مەدىنەنىڭ تىۋەسىدۇركىم،

ھەزرەتى مۇھەممەد بىزنىڭ يولىمىزنى توسۇپدۇر.» بەس، يانىپ كارۋانغە باردىلەر. ئەبۇ سۇفيان مەككەگە كىشى ئەبەردىكىم: «ھىچ يەردە ئارام ئالماي، مەككەگە بارىپ، تاغ باشىغە چىقىپ، فەرياد قىلكىم ئەي مەككە خەلقى! ئەبۇ سۇفيان ئەيتۇر: مۇھەممەد يولۇمىزنى توسۇپدۇر، ئەگەر پۇل - مال كېرەك بولسا، تاياق كۆتۈرگۈنچە كىشى قالماي ئالدىمىزغە كەلسۇن، ۋەگەرنە ئەمۋالدىن ئۈمىد ئۈزۈڭلار!» قاچانكىم، ئول كافىر مەككەگە يەتتى ئەرسە، تەمامى مەككە خەلقى سىلاھ - ياراغ بىرلە چىقتىلەر. ئەبباس ئەيدى: «مەن بارىپ خەبەر ئالىپ كېلەي.» ئەبۇ جەھىل ئەيدى: «سەن مۇھەممەد بىرلە كۆڭلۈك بىردۇر. ئەگەر مەن جەڭدىن سەلامەت يانسام بەنى ھاشىمنى مەككەدىن چىقارۇرمەن.» بەس، ئەبباس تىللاپ ئەيدىلەر ۋە ھەمراھ ئالىپ باردىلەر. ئەرتەسى، ئەبۇ جەھىل لەشكەرىنى ساناپ كۆردى، مىڭ يۈز سىلاھ - ياراغلىق كىشى چىقتى ئەرسە شاد بولدى ۋە ئەيدى: «مۇھەممەد بىزنى تايەف كارۋانى گۇمان قىلىپدۇر.»

بەس، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ بۇ ۋاقىئەدىن بىخەبەر، ئول مەنزىللەردە ئەردىلەركىم، «زات القران» ئاتارلەر. بەس، ئۆمەر بىننى ئاس يانىپ كارۋانغە بارىپ، كارۋاننى بەش مەنزىل ئارقاسىغە ياندۇرۇپ، دەريايى جىددە تەرەفىدىن مەككەگە ئالىپ يۈردىلەر، كافىرلارنىڭ لەشكەرى بەدر يولى بىرلە يۈردى. بۇ خەبەرنى لەشكەرى ئىسلام ئىشىتىپ پەرىشان بولدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «بىز كارۋان ئۈچۈن كېلىپ ئەردۇك، جەڭگە كەلمەپ ئەردۇك.» بەس، ھەق تەئالا بۇلارغە ئايەت ئىبەردىكىم، تەفسىرى بۇدۇر: «ھەق تەئالا سىزلەرگە ئىككى تايىفەنىڭ بىرىگە نۇسرەت ۋەئدە قىلدى. سىزلەر خار ۋە بەئىئتىبار دوست تۇتارسىزلەركىم مال - دۇنيادۇر ۋە جەڭدە دەرەجەئى ئاخىرەتدۇر. ھەق تەئالانىڭ ۋەئدەسىنىڭ راست بولماقىنى دۇشمەنلەرگە زەفەر تاپىپ، ھەق زاھىر بولۇپ، ناھەق باتىل بولماقىنى ئىرادە قىلۇر.»

قاچانكىم، ئەبۇ سۇفيان كارۋان بىرلە مەككەگە كەلدى ئەرسە ئەمىن بولدى. ئىككى ئوغلى لەشكەر بىرلە بارغان ئەردى. ئارقەسىدىن كىشى ئىبەردىكىم: سىزلەر مال - ئەمۋال ئۈچۈن بارىپ ئەردىڭلەر، بىز سەلامەت كەلدۇك.» ئەيدى: «جەڭ قىلماي يانىڭلار، جەڭنىڭ ھىچ سۇدى يوقدۇر.» لەشكەر ھەجگە كېتىپ ئەردى، بۇ خەبەر يەتتى ئەرسە، كافىرلار

مۇخالىپ بولدى. بەئزەسى يانغالى تۇردى، بەئزەسى بارغالى راغىب بولدى. بەس، ئىككى يۈز كىشى مەككەگە ياندى، توققۇز يۈز ئەللىك كافىر بەدرگە كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم لەشكەرى ئىسلامدىن مەسلەھەت سوردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇبەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، گەرچە ئۇلار قاياش قەبىلەدۇرلەر، ئەمما بىز ھەرگىز فەرمانىڭدىن چىقماسمىز.» ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەيدىلەر: «بەس، ئولتۇرغىل.» يەنە ئەيدىلەر: «ئەي قەۋم، قايداغ مەسلەھەت كۆرەرسىزلەر؟» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر قوپۇپ ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بىزنىڭ جانىمىز ساڭا فىدا، جان تەنىمىزدە باردۇر جەڭ قىلۇرمىز.» ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەيدىلەر: «ئولتۇرغىل، مەن سېنى مۇنداغ بىلۇرمەن.» بەس، مەئلۇم بولدىكىم، ئەنسارى نە ئىرادە قىلىپدۇرلەر. بەس، سەئد ئىبنى مۇئاز ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بىز ھەم جان-تەنىمىز ۋە قۇدرەتىمىزنىڭ بارىچە ھەزرەتىڭغە نىسار قىلۇرمەن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر شاد بولدىلەر. ئەيدىلەر: «يا سەئد، جەزاكەللاھۇ خەيرەن!»

بەس، لەشكەر ئالىپ چاھى بەدرگە ئىككى فەرسەڭ ياۋۇق بارىپ تۈشتىلەر. كۇففار لەشكەرىگە مۇنتەزىر ئەردىلەر. ئەرتەسى، ئانھەزرەت بىركىشى بىرلە تۆۋەگە مىنىپ، چاھى بەدرگە كەلدىلەر، كۆردىلەركىم، بىركىمەرسە يەنە بىرىگە ئەيتۇر: «لەشكەرى قۇرەيش ۋە كارۋانى مەككەدىن خەبەرىڭ بارمۇ؟» ئول ئەيتۇر: «كارۋان سالامەت مەككەگە بارىپدۇر، لەشكەر ياۋۇق يېتىپدۇر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەيدىلەر: «لەشكەرى ئىسلامدىن خەبەرىڭ بارمۇ؟» ئول ئەيدى: «سىزلەر كىمسىزلەر، ئەيتماغۇنچە خەبەر ئەيتماسمىز.» ئانھەزرەت ئەيدىلەر: «ئىشىتىپدۇرمەن لەشكەرى مۇھەممەد كېلىپدۇر، ئەگەر راست بولسە بۈگۈن زاتىل قەراندادۇر، تاڭلا مۇندا كېلۇر.» بەس، ئانھەزرەت يانىپ، نەمازدىگەر ۋەقتىدە ھەزرەتى سەئد بىننى ۋەققاس، زۇبەير بىننى ئەۋۋامنى ئىبەردىلەر، تاكىم قۇرەيشدىن خەبەر كەلتۈرگەيلەر. بەس، قۇرەيش چاھى بەدرگە ئىككى فەرسەڭ ياۋۇق كېلىپ ئەردى، تۆۋەلەرگە مەشك ئالىپ سۇغە كىشى ئىبەرىپ ئەردى. بەس، بۇلارنى كۆرۈپ، كافىرلار قاچىشتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھنىڭ رىزالەرى ئۈچۈن، ھەزرەتى ئەلى ئارقاسىدىن قوغلاپ، بىرىنى تۇتۇپ ئالدىلەر. ئول

ھەرىس ئاتلىغ قوٗل ئەردى. بەس، ئەيدىلەر: «ئەي قوٗل، قوٗرەيش قايدادوٗر؟» قوٗل ئەيدى: «ئىككى فەرسەڭ ياۋوٗقدوٗر.» بەس، ئانھەزرەت قاشىغە ئالىپ كەلدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «قوٗرەيشدىن خەبەر بەرگىلكىم قانچە كىشىدوٗر؟» قوٗل ئەيدى: «ئەدەدىنى بىلمەسمەن، لېكىن ھەر كوٗنى ئون تىۋە ئوٚلتوٗروٗرلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەيدى: «مىڭچە كىشى باردوٗر.» ۋە يەنە ئەيدىلەركىم: «ئوٗلوٗغلاردىن كىملەر باردوٗر؟» قوٗل ئەيدى: «ئوتبە، شەيبە، ئوٗمەييە بىننى خەلەف، ئوٗقبە بىننى موٗغەيز، ئەبباس بىننى ئابدوٗلموٗتتەلىب، ئوٗقەيل بىننى ئەبى تالىب، ئەبوٗ جەھىل بىننى ھىشام، ئەبوٗلخەير.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەيدىلەركىم: «مەككەنىڭ يوٗرەك - باغرىنى توٚكوٗپدوٗر.» بەس، سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا رەسوٗلوٗللاھ، بىزگە سەۋاب ئولكىم قوٗدوٗغنىڭ لەبىگە بارىپ چوٗشكەيمىز، تاكى كافىرلار سوٗنى ئالالماغاي.» بەس، بارىپ قوٗدوٗغ لەبىگە توٗشتىلەر. ئول كېچە بىر كوٚل قازىپ، سوٗغە توشقاردىلەر. ئەرتەسى ھەزرەتى پەيغەمبەر لەشكەر تارتىپ بارغالى مەشغوٗل بولدىلەر. قوٗرەيش ھەم كېلىپ بەرابەر توٗشتى. ئەبوٗ جەھىلگە لەشكەرى ئىسلام ئاز كوٚروٗندى ئەرسە، ئەيدى: «بوٗ لەشكەرگە مەن كېفايەتدوٗرمەن» ۋە يەنە مەسخەرەلىق قىلىپ ئەيدى: «ئاسماننىڭ خوٗدايى بىرلە جەڭ قىلماق كېرەككىم، موٗھەممەد ئەيتوٗر: ھەركىم مېنىڭ بىرلە جەڭ قىلسە، خوٗدا بىرلە جەڭ قىلغان بولغاي.» بەنى مەھزوٗمدىن بىر كافىر (ئەسۋەد بىننى ئابدوٗلئەسەد) ئەبوٗ جەھىل ئالدىغە كېلىپ ئەيدى: «ئاند ئىچەرمەنكىم، موٗسوٗلمانلارنىڭ كوٚلىدىن سوٗ ئىچمەسەم.» بەس، كوٚلگە يوٗگوٗروٗپ يېتىپ كەلدى ئەرسە ھەزرەتى ھەمزە قىلىچ بىرلە ئاياغىنى كېسىپ تاشلادىلەر. ئول بەد - بەخت سوٚدرەلىپ ئوٚزىنى كوٚلگە سالدى. ھەزرەتى ھەمزە يەنە بىر زەرب بىرلە كوٚلدە ئوٚلتوٗروٗپ تاشلادىلەر. ئول سوٗغە قان ئىلەشتى، كافىرلار ئول سوٗدىن ئىچكەلى يوٗردىلەر. موٗسوٗلمانلار مەنئى قىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەيدى: «مەنئى قىلماڭلار. ھەركىم ئول سوٗدىن ئىچسە ئوٚلگەي.» بەس، ئەرتەسى سەف راست قىلىپ توٗردىلەر. موٗسوٗلمانلارنىڭ خەيمە - چادىرى يوق ئەردى. بەس، سەئد بىننى موٗئاز ياغاچ بىرلە بىر ئالاچوٗق ئەتتىلەر. ئەيدىلەر: «يا رەسوٗلوٗللاھ، ھەزرەتلەرى موٗندا ئولتوٗرسوٗنلەر، تاكى ئافتاب تەئسىر قىلماغاي.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر

كىرىپ مۇبارەك يۈزلەرىنى تۇفراققە قويۇپ ئېيتتىلەر: «پەرۋەردىگارا، ئول ۋەئدەكى ماڭا قىلىپ ئەردىڭ، كۆز تۇتارمەنكىم، ماڭا نۇسرەت بەرگەيسەن.» بەس، ئاندىن چىقىپ، ئىلىكلەرىگە بىر ئەسا ئالىپ، سەفنىڭ ئاراسىدا يۈرۈپ، راست تۇرغۇزدىلەر. بەس، ئول كىشىكى مەيدانغە كىردى، ئوتبە ئەردى، بۇرادەرى شەيبە ۋە ئوغلى ۋەلىد ھەمراھ ئەردى. مۇبارىز تىلەدى ئەرسە، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئەۋف بىننى ھارىسنى بۇيرۇدىلەر. ئوتبە ئېيدى: «سىزلەر كىمسىزلەر؟» بۇلار ئاتلارىنى ئېيتتىلەر. ئوتبە ئېيدى: «مەن سىزلەر بىرلە جەڭ قىلمايمەنكىم، ماڭا بەرابەر ئەمەسسىزلەر.» قىچقىردى: «يا مۇھەممەد، ماڭا ئۆز بەرابەرىمدە مۇبارىز ئىبەرگىل!» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ھەمزە، ئۇبەيدە بىننى ھارىس، ئەلى بىننى ئەبى تالىبنى ئىبەردىلەر. بەس، ئوتبە ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاياغلارىغە بىر زەرب سالدى، ئۇبەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاياغلارى ۋە با ۋۇجۇد زەخمىلەرى بىرلە ئوتبەنى ئۆلتۈردىلەر. ھەزرەتى ئەلى ئانىڭ باشىنى كەستىلەر. ئۇبەيدە پاي شىكەستە لەشكەرگە يانىپ كەلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئېيدىلەر: «يا ئۇبەيدە، ئاگاھ بولغىل، جان تەنىڭدىن جۇدا بولۇپ، قۇش سۇ ئىچكۇچە قالماي بىھىشتكە كىرەرسەن.» ھەزرەتى ھەمزە شەمشەر بىرلە شەيبەنى دەۋزەختغە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى ئەلى ۋەلىدنى دەۋزەخقە ئىبەردىلەر.

بەس، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ خەلقنى غازاتغە تەرغىب قىلۇر ئەردىلەر. بەس، كۇففار لەشكەرىدىن بىر ئوق تېگىپ، ئۆمەر بىننى خەتتابنىڭ ئازادەگەردەلەرى شەھىد بولدى. ئاندىن، ئۇبەيدە شەھىد بولدى. ئاندىن كېيىن بىر ئوق كېلىپ ھارىس بىننى بىيراقە ئەنسارىغە تېگىپ شەھىد بولدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئول كەففەگە كىردىلەر. سەرى سەجدەگە قويۇپ ئېيتتىلەر: «پەرۋەردىگارا، فەريادىمغە يەتكىلكىم سېنىڭ ۋەئدەڭغە كۆز تۇتارمەن!» دەرھال ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. مىڭ فەرىشتە بىرلەر كەلدىلەر، بۇ ئايەتنى ئوقۇدىلەر، تەفسىرى بۇدۇركىم: قاچانكىم پەرۋەردىگارىڭلاردىن فەريادرەس تىلەدىڭلار ئەرسە، ئىجابەت قىلدى. ھەرئايىنە مېنىڭ بىرلە مىڭ فەرىشتەدۇركىم سىزلەرگە مەدەد قىلغۇچىدۇر.» بەس، فەرىشتەلەر كېلىپ تۇردىلەر، ھەرقايسىلارى نۇردىن بىرھەربە ئالىپدۇر،

كافىرلارنى ئۇرار ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىر چاڭگال تۇفراق ئالىپ، كافىرلارغە ئاتتىلەر، ھەق تەئالا شامالغە فەرمان قىلدى، تاكىم ئول تۇفراقنى كافىرلارنىڭ كۆزىگە ئۇردىلەر ئەرسە، كافىرلار ھەممە قاچتىلەر. فەرىشتەلەر قوغلاپ ئۇرار ئەردىلەر. ھەركافىرنىڭ ئەئزاسىغە زەرب تەكسە، ھىچ جەراھەت بولماي قۇرۇر ئەردى ۋە ئات - تىۋەسىدىن يىقىلۇر ئەردى، مۇسۇلمانلار كېلىپ، ئۆلتۈرۈر ئەردىلەر. سەھابەلەر ئەيتىپدۇرلەر: بەدر كۈنى ھەر كافىرغە يىتىپ شەمشەر ھەۋالە قىلماسدا، باشى تەنىدىن جۇدا بولۇر ئەردى. قاچانكىم، كافىرلار قاچتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئەيدىلەركىم: «سىزلەر بەنى ھاشىمنىكىم ئەبباس بىننىنى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئۇقەيل بىننى ئەبى تالىب، ئەبۇلخەير بىننى ھىشام — بۇلارنى قورەيش زور بىرلە ئالىپ كەلگەندۇرلەر، بۇلارنى ئۇچراسا ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلاردىن ماڭا ئازار يەتمەگەندۇر. ئەمما ئەبۇ جەھلنى ھەريەردە تاپساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار.» بەس، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئول كەففەدە نەماز شۇكرانە ئەدا قىلدىلەر. مۇسۇلمانلار كافىرلارنى ئەسىر قىلىپ، بەئزىنى ئۆلتۈرۈپ تۇردىلەر.

بەس، زۇل سەيرا ئاتلىغ بىر كىمەرسە بار ئەردى. ھەزرەتى ئەبباس ئاڭا يولۇقتىلەر ئەرسە، قوللارىنى باغلاپ، سېنى ئۆلتۈرمەككە ئەمر بولمادى دىدىلەر ئەرسە، شاد بولدىلەر، يىگىرمە دىنار بەردىلەر. بەس، ئۇلەرنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاشىغە كەلتۈردىلەر. ئاندىن مۇھەممەد بىننى زىياد ئاتلىغ بىر كىمەرسەگە ئەبۇلخەير يولۇقتى ئەرسە. ئەيدى: «سېنى ئۆلتۈرگەلى فەرمان قىلمادىلەر.» ئەبۇلخەير ئەيدى: «بۇ ھەمراھىمنى ھەم ئۆلتۈرمەگەيسىزلەر.» مەھرەز ئەيدى: «ئۆلتۈرۈرمەن.» بەس، جىدەل بىرلە قالىپ، ئەبۇلخەير ھەمراھى بىرلە ئۆلدى. مەھرەز ھەزرەتى رەسۇلۇللاھغە ئەيدى، پەرىشان بولدىلەر. مەھرەز ئۆزرەلەر ئەيدى. ئاندىن، مۇئاز بىننى جەبەلغە ئەبۇ جەھل ئۇچرادى، ئوغلى ئەكرەمە بىرلە ئاتلانغالى تۇرار ئەردى. بەس، مۇئاز شەمشەر بىرلە چاپتىلەر ئەرسە، ئاتدىن يىقىلدى. ئوغلى ئەكرەمە مۇئازغە شەمشەر سالدى، ئۈشۈنلەرى كېسىلدى ئەرسە، قاچتىلەر، ئەكرەمە ئارقالارىدىن قوغلاپ يۈردى. بۇ ھەھلدە، ئابدۇللاھ بىننى مەسئۇد ئۆتۈپ بارۇر ئەردىلەر. ئەبۇ جەھلنى كۆردىلەركىم تەمامى بەدەنى قان بولۇپدۇر،

تانۇمادىلەر. ئارقەسىغە تۆرۈپ سالىپ تانۇپ، سىنەسىگە مىنىپ، پىچاقلارىنى ئالدىلەر ئەرسە، ئەبۇ جەھىل كۆزىنى ئاچىپ ئەردى. ئابدۇللاھ ئەيدىلەر: «شۈكر، ئول خۇداي تەئالا سېنى مۇنداغ خار قىلدى.» بەس، باشىنى كېسىپ، ئانھەزرەتغە كەلتۈردىلەر ئەرسە، شۈكر بجا كەلتۈردىلەر. بەس، كېچە يۈر بولدى ئەرسە، تەمامى لەشكەر يانىپ كەلدىلەر. ھەزرەتــــى رەسۇلۇللاھ بۇيرۇدىلەركىم، تاكىم كافىرلارنىڭ ئاياغىنى تۇتۇپ سۆدرەپ، بىر قۇدۇغقە تاشلادىلەر. ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئول قۇدۇغنىڭ لەبىــــگە كېلىپ، ئول كافىرلار ئاتىنى بىر - بىر تۇتۇپ قىچقىرىپ ئەيدىلەر: «نە يامان قاياش - قەبىلە ئەردىڭىزلاركىم، ئانچە قىلۇر ئىشنى ماڭا قىلدىڭىزلار. مەن خۇدايىم ۋەئدە قىلغان نەتىھ - نۇسرەت تاپتىم. سىزلەرگە خۇداي تەئالانىڭ ۋەئدەسى ئانەش دەۋزەخ ئەردى، تاپتىڭلار.» سەھابەلەر ئەيدى: «ئۆلۈككە خىتاب ۋە ئىتاب قىلۇرلىرمۇ؟!» ئانھەزرەت ئەيدىلەر: «ئارى، مەن ئانچەكى ئەيتۇرمەن، بىلۇرلەر ۋە ئىــــشــــتۇرلەر. ئەمما جەۋاب بەرمەسلەر.» كافىرلاردىن ئۇمەييەنىڭ مۇردارىنى سايىغان ئەردى، ئۆزەسىگە بىسيار تاش دۆبەلەپ سالدىلەر. جەڭگى بەدردە ئۆلگەن كافىرلاردە خىلافدۇركىم، بەئزەلەر ئەبۇجەھىل ۋە يەنە بەش يۈز ئەردى دەپدۇرلەر. ئەمما شۇ ھەدالاردا خىلاف يوقدۇركىم ئون تۆرت ئەردىلەر. مۇھاجىردىن ئالتە، ئەنساردىن سەككىز شەھىد بولدىلەر. ئەمما غەنىمەت ئىشىدە خىلافدۇر. بەئزەلەر ئەيتىپدۇرلەر: ھەر كىمنىڭ ئالغانى ئۆزىگە بولدى؛ بەئزەلەر ئەيتىپدۇرلەر: تەمامى مالى غەنىمەتنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاشىغە كەلتۈردىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «تۇتۇپ تۇرۇڭلار، تاكى ھەق تەئالا فەرمان ئىبەرگەي.» بەس، ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم تەفسىرى بۇدۇر: سەندىن، يا مۇھەممەد، مالى غەنىمەتدىن سۇئال قىلسەلەر، ئەيغىلكىم مالى غەنىمەت خۇدانىڭ، پەيغەمبەرى خۇدانىڭدۇر، قايداغ خاھلاسا قىلۇر، سىزلەر غەنىــــمەت ئۈچۈن غازات قىلماڭلار.» بەس، بۇيرۇدىلەر: تەمامى مالى غەنىمەتنى يىغدىلەر. ئاڭا ئابدۇللاھ بىننى كەئەب ئاتلىغ بىر كىمەرسەنى مۇئەككەل قىلدىلەر ئەرسە، ئاندىن ئەرتەسى زەيد بىننى ھارىسنى مەدىنەگە خۇش خەبەرگە ئىبەردىلەر. مەدىنەگە يەتتى كۆردىكىم، ئوسمان بىننى ئەففان، مۇئاز جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم جەمىئ خەلق بىرلە گۆرستاندادۇرلەر. ئول كۈنى رۇقىييە خاتۇنكىم

رەزىيەللاھۇ ئەنھاكىم ئانھەزرەت رەسۇلۇللاھنىڭ قىزلىرى ۋە ھەزرەتى ئوسماننىڭ كۆجىلىرى ۋەفات بولدى، ئۇلەرنى دەفن قىلىۋر ئەردىلەر. بەس، زەيد بۇ خەبەرنى يەتكۈردى ئەرسە، كۆڭۈللەرى تەسكىن تاپتى، ھەمە خەلق شاد بولدىلەر.

ئول قاچخان كافىرلاردىن ئەۋۋەل كىمەرسەئىكىم مەككەگە كەلدى، ھۇسسان بىننى جابىر ئەردى. سەفۋان بىننى ئۇمەييە، تالىب بىننى لەھەب، ئەبۇ لەھەب بىننى ئابدۇلمۇتتەلىب ئۇچۆلەن مەسجىددە ئولتۇرۇر ئەردىلەر. ھۇسسان ئالدىلەرىغە يۈگۈردىلەر، ئول ئۆلگەنلەردىن خەبەر بەردى ئەرسە، سەفۋان ئەيدى: «ئەي خەلق، بۇ دىۋانە بولۇپدۇر. ئانىڭدىن سوراڭلاركىم سەفۋاندىن خەبەرىڭ بارمۇ؟» ھۇسسان ئەيدى: «ئەي خەلق، سەفۋان ئالدىمدا ئولتۇرۇپدۇرلەر. ۋەللاھكى، ئاتاسىنى ئۆلتۈردىلەر، بۇرادەرىنى ھەم ئۆلتۈردىلەر.» بەس، ھەمە خەلق بىلدىلەركىم راست ئەيتۇر. كافىرلار فەرياد تۈزدىلەر.

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەرغە ئەيدىلەر: «بۇ ئەسىرلەر ۋە مالى غەنىمەتكى، قايداغ مەسلەھەت كۆرەرسىزلەر؟» ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرمەك ۋە ئەمۋاللارىنى كۆيدۈرمەك لازىمدۇر.» ئانھەزرەتكە بۇ سۆز مەقبۇل بولمادى. ھەر قايسىلەرى بىر نەۋئى تەدبىر ئەيدىلەر. ئاخىر، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسسىددىق رەزىيەللا ئەنھۇ ئەيدىلەر: «بۇ ئەسىرلەر بىزگە قاياش قەبىلەدۇرلەر. ھەق تەئالا بىزگە بۇلار ئۈزرە زەفەر بەردى. بەس، بۇلاردىن فىدىيە ئالماق ۋە مالى غەنىمەتنى تەقسىم قىلماق ئەۋلادۇر.» ئانھەزرەتكە بۇ سۆز مەقبۇل بولدى، ئەيدىلەر: «تاكى ھەق تەئالا فەرمان ئىبەرگەي، ئاڭا باقغايمىز.» بەس، ئايەت كەلدىكىم مەزمۇنى بۇدۇر: ھەمە پەيغەمبەرلەر غەنىمەتلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈپ، يەرگە كۆمەر ئەردىلەر. سىزلەر ئۇلاردىن ئۈمىد تۇتۇپ، دۇنيانى خاھلايسىزلەر. ئاللاھ تەئالا سەۋابى ئاخىرەتنى ئىرادە قىلۇر. ئەگەر سىزلەرنىڭ شەرىئەتىڭىزلاردا غەنىمەت ھەلال بولماقى تەقدىر ئەتمەگەن بولسە ئەردى، ھەر ئايىنە دۇنيانى خاھلاغانىڭلار جەزاسىغە ئەزاب كىلۇر ئەردى.» ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ بۇ ئايەتنى ئوقۇپ ئەيدىلەر: «ئەگەر ئەزاب كەلسە ئۆمەردىن ئۆزگە كىشى خەلاس بولماغاي ئەردى.» ئاندىن كېيىن غەنىمەت ھەلال بولماقىغە

سەربە ئايەت كەلدىكىم: «ھەرنەرسەنى غەنىمەت ئالىپسىزلەر، ھەلال، پاكدۇر، يەڭلار.» بەس، ئەرتەسى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم لەشكەرنى ئالىپ، مەدىنەگە يۈردىلەر. بىر مەنزىلگە كېلىپ تۈشتىلەر. ئاندا ئەسىرلەرنى ساناپ كۆردىلەر ئەرسە، ئوقبەبىننى مۇغەيزنى كەلتۈردىلەر. ئول ھەزرەتى رەسۇلۇللاھغە ئوق ئاتغان ئەردى. ئانى ئۆلتۈرمەككە قەسد قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى ئەلىغە ئەيدىلەر: «يا ئەلى، قوپغىل، پەيغەمبەرنىڭ ۋەئدەسىگە ۋەفا قىلغىل.» ئوقبە ئەيدى: «يا مۇھەممەد، مېنى ئۆلتۈرۈرسەن، بالا-بارقامنى نىمە قىلۇرسەن؟» ئەيدىلەر: «سېنى ۋە ئەھلى ئەيالىڭنى دەۋزەخقە تاپشۇرۇمەن.» ھەزرەتى ئەلى ئانى ئۆلتۈردىلەر. ئاندىن ھارىسەنى ئالىپ كەلدى، ئاسىم بىننى سابىتغە بۇيىرۇدى، ئۆلتۈردىلەر. ئۆزگە ئەسىرلەرنى باغلاپ مەدىنەگە كەلتۈردىلەر. ئەسىرلەر سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىشىكلەرىدىن ئۆتتى ئەرسە، ھەزرەتى سەۋدە ئەيدىلەر: «ئەي خەلايىق، ئۇرۇغ-تۇغقانىڭلاردەك جەڭدە ئۆلگەي ئەردىڭلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، غەزەپ قىلىپ ئەيدىلەر: «ئەي سەۋدە، كافىرلارنى خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرى بىرلە جەڭ قىلماقغە تەرغىب قىلۇرسەنمۇ؟ مەن سېنى تالاق قىلدىم!» بەس، سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پۇشەيمان بولۇپ، ئائىشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قاشلارىغە باردىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «يا ئائىشە، مەن پىرى مەزلۇمدۇرمەنكىم، ئەرھاجەت ئەمەس. ئەمما ئارزۇم ئولدۇركى، قىيامەت كۈنى ئەزۋاج مۇتەھھىرات قاتارىدا مەھشۇر بولسام، مېنىڭ گۇناھىمنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن تىلەگىل. مەن ئۆز نەۋبەتىمنى ساڭا بەردىم.» بەس، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن دەرخاست قىلدىلەرئەرسە، يەنە نىكاھلەرىغە ئالدىلەر.

بەس، ئەسىرلەرنىڭ ھەركىمنىڭ تۇتغانىنى ئۆزىگە بەردىلەر، تاكى مەككەدىن كىشى كېلىپ، ئۆزىدىن ساتىپ ئالغاي. بەس، مەككە خەلقى بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ، ساتىپ ئالغالى كېلۇر بولدىلەرئەرسە، ئەبۇ سۇفيان ئەيدى: «ئىزتىراب قىلماڭلاركىم، ئەسىرلەر بەھاسىنى ئاغىر قىلۇرلەر. مېنىڭ ئوغلۇمنىڭ بىرى ھەنتەلەنى ئۆلتۈرۈپدۇرلەر. ئۆمەر ئۇلارنىڭ قولىدا ئەسىردۇر.» ئول ئەسىرلەر ئاراسىدا سەھىمى ئاتلىغ بىر ئادەم بار ئەردى،

ئاناڭ ئوغلى ئاتاسىغە پايلاماي، ئول بارىپ، ئاتاسىنى ساتىپ ئالدى ئەرسە، ھەممە خەلق بارىب، ئەسىرلەرنى ساتىپ ئالىپ كەلدىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەر: «ئەي ئەممە، ھەممە ئەسىرلەردىن سەن تەۋانگىرسەن، ئەرسە بۇرادەرىڭنى ئۈچ كىشىكىم ئۇقەيل، نەۋفەل، ئۆمەر مۇندا ئەسىردۇرلەر، ئۇلارنى ۋە ئۆزۈڭنى ساتىغىل ۋە ئالغىل.» ئەبباس ئەيدىلەر: «مىنى زۇلۇم بىرلە جەڭگە ئالىپ كەلدىلەر، مەن مۇسۇلمانلىق قىلۇر ئەردىم.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەيدىلەر: «زاھىرىڭ كۇفردۇر.» ئەبباس ئەيدىلەر: «مىنىڭ يىگىرمە دىنارىم مىنى تۇتقان كىشىدەدۇر، ماڭا ئول فىديە بولمادى.» ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئەيدىلەر: «ئول مۇسۇلمانلارنىڭدۇر، ئول فىديە بولماس.» ئەبباس ئەيدى: «ئۆزگە نەرسەم يوقتۇركىم ئۆزۈمنى ساتىپ ئالغايمەن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەگەر قالغان ئەمۋالىڭنى خەبەر قىلسام، ئىمان كەلتۇرۇرمۇسەن؟» ئەبباس ئەيدىلەر: «ئارى.» ھەزرەت پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: ئۆيۈڭدىن چىقاردا، ھەمياندادقى دىنارىڭنى ساناپ، ئۇممۇل فەزلىگە بەردىڭ ۋە ئەيدىڭكىم، ئەگەر بۇ سەفەردە ماڭا بىر ۋاقىئە بولسە فەرزەندلەرىمگە تەقسىم قىلىپ بەرگىل دىدىڭ.» ئەبباس ئەيدىلەر: «گۇۋاھدۇرمەنكىم سەن پەيغەمبەر بەرھەق سەن. ئول ئۆيدە ئۇممۇل فەزلىدىن ئۆزگە كىشى يوق ئەردى.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئەممە، جەبرائىل ئەلەيھ-س. سىنىڭ ئۈچۈن ئايەت ئالىپ كېلىپدۇركىم، ھەق تەئالا ۋەئدە قىلىپدۇر ئانچە مەندىن چىقىپدۇر، ئاندىن زىيادە قىلۇر، سىنى مەغفىرەت قىلۇر.» بەس، ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامدا بىسيار تەۋانگىر بولدىلەر. ئەيتۇر ئەردىلەر: «ھەق تەئالا ماڭا ئىككى نەرسە ۋەئدە قىلىپدۇر، دۇنيادا دەۋلەت، ئاخىرەتدە مەغفىرەت، بۇ دۇنيانىڭ ۋەئدەسىنى بەردى. شايەد ئاخىرەتدە ھەم ۋەفا قىلغاي.» ۋە يەنە ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. كەلدىلەر، ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ئەبباسدا تۆرت خىسلەت باردۇر.» ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئەيدىلەر: «يا ئەممە، ئول تۆرت خىسلەت قايسىدۇر، يا ئەممە، ھەق تەئالا ئانى ياد قىلىپدۇر.» ئەيدىلەر: «كۇفردا ھەرگىز بۇتغە تابىنمادىم، يالغان ئەيتمادىم، زىنا قىلمادىم، ھارام يىمەدىم.» يەنە بىر ۋاقىئە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەككەدىن

ھىجرەت قىلغاندا، ئىككى قىزلىرىنى رۇقىييە، زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۈيۈدە قالىپ ئەردىلەر. ھەر ئىككىسى (كۈيۈلەرى) كافىر ئەردى، بىرى ئۇتبە بىننى لەھەب، بىرى ئەبۇلئاس بىننى رەبىئ. قاچانكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھىجرەت قىلدىلەر ئەرسە، كافىرلار ئەيدى: «مۇھەممەدنىڭ قىزلارىنى قويۇڭلار.» بەس، ئۇتبە رۇقىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى قويدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئۇسمانغە بەردىلەر. ئەبۇلئاس زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە ھەم مېھرىبان ئەردى، جۇدا بولمادى، جەڭگە كېلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم غە ئەسىر بولدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «ئۆزۈڭنى ساتىپ ئالغىل.» ئۇل زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە كىشى ئىبەردىلەر، ئۇلەر ھەم ئەبۇلئاسنى دوست تۇتار ئەردىلەر، ھەزرەتى خەدىچە كۇبرا رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن قالغان گەلۇبەندلەرىنى ئىبەردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئول گەلۇبەندنى كۆرۈپ، مۇبارەك كۆڭۈللەرى ئۆرتەندى ۋە يىغلادىلەر. سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بۇ گىرىيەنىڭ بائىسى نەدۇر؟» ئانھەزرەت ئەيدىلەر: «بۇ گەلۇبەند خەدىچە كۇبرانىڭ ئەردى، شۇنى كۆرۈپ كۆڭلۈم ئۆرتەندى.» سەھابەلەر ئەيدىلەر: «ئەبۇلئاسدىن فىدىيە ئالماسمىز.» گەلۇبەندنى قولىغە بەردىلەر، ئەيدىلەر: «ئەي ئەبۇلئاس، مېنىڭ قىزىم ساڭا ھارامدۇر، سەن كافىر، مۇسۇلمان بولساڭ جايىز ئەردى.» ئەبۇلئاس ئەيدى: «مەن مۇسۇلمان بولماسمەنكىم مەككە خەلقىدە قەرزىم بار.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم زەيد بىننى ھەرىسنى قوشۇپ، مەككەگە ياندۇردىلەر: «زەينەبنى زەيددىن ئىبەرگىل.» بەس، زەيد زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى مەدىنەگە كەلتۇردىلەر ئەرسە، ئاڭا بەردىلەر. بىر يىلدىن كېيىن ئەبۇلئاس مەدىنەگە كەلدى، مۇسۇلمان بولدى ئەرسە، يەنە ئەبۇلئاسغە بەردىلەر. ئانىڭ بىسيار ئەمۋالى غارەت بولۇپ، غەنىمەتكە تۈشكەن ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئول ئەمۋالنىڭ خۇمسى مېنىڭدۇر، مەن ئەبۇلئاسغە بېرۇرمەن.» سەھابەلەر قەبۇل قىلدىلەر، ھەمە ئاڭا بەردىلەر. ۋە يەنە ئەيتىپدۇرلەر: تالىب ئاتلىغ بىر شائىرنى كافىرلار جەڭگى بەدرگە ھەمراھ ئالىپ كەلگەن ئەردى، قاچانكىم، جەڭ تەمام بولدى ئەرسە، باقتىلەركىم، تالىب ھىچ يەردە يوقدۇر، ئۆلۈكلەر ئاراسىدا، نە تىرىك قاتارىداكىم، نە

مەككەگە يانماپدۇر ۋە يەنە مەدىنەگە كەلمەپدۇر؛ ئانىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى بىلەلمەدىلەر.

يەنە بىر ۋاقىئە كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئۆمەير بىننى ۋەھەب ئاتلىغ بىر كىمەرسە بار ئەردى، بىر ئوغلى ئەسىر بولغان ئەردى. بەس، سەفۋان بىننى ئۆمەييە قاشىغە باردى ۋە ئەيدى: «مېنىڭ ئوغلۇم مۇھەممەددە ئەسىردۇر، مېنىڭ ھېچ نەرسەم يوقتۇر ساتىپ ئالغايمەن. بەس، بارىپ مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈرمەن، سەن ئەھلى ئەيالىمنى ئۆھدە ئالغايسەن.» سەفۋان ئەيدى: «ئەھلى ئەيالىڭ ئۆھدەسى ماڭادۇر.» بەس، ئۆمەير بىر شەمشەرى زەھرى ھەلاھىل ئالۇدە ھەمايىل قىلىپ، تىۋەسىگە مىنىپ، كارۋان بولدى ئەرسە، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. كېلىپ، ۋاقىئەنى خەبەر بەردىلەر. بەس، ئۆمەير مەدىنەگە كېلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلەرىغە كىردى. ئەيدىلەر: «يا ئۆمەير، نە ئىشغە كەلدىڭ؟» ئۆمەير ئەيدى: «ئوغلۇم ئۈچۈن كەلدىم، ھېچ نەرسەم يوقدۇر. ماڭا رەھىم قىلىپ ئوغلۇمنى بەرگەيسەن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «شەمشەرىڭنى غىلافىدىن ئالغىل.» بەس، شەمشەرنى ئالدى، كۆردىلەركىم، بىنەھايەت تىزدۇر، زەھر ئالۇدەدۇر. ئەيدىلەر: «يا ئۆمەير، كىشى ئەسىر ئۈچۈن كەلسە، مۇنداغ تىز شەمشەر ئالىپ كەلمەگەي.» ئۆمەير ئەيدى: «لەئنەت بۇ شەمشەرىمغەكىم، بەدر كۈنى ھېچ كارغە كەلمەدى.» ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئەيدىلەر: «ئەگەر كەلگەن ئىشىڭنى ئەيتسام گۇناھىڭنى كەچۈرسەم، كۇفرىدىن يانارسەنمۇ؟» ئەيدى: «ئەيغىل.» ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ ئەيدىلەر: «سەن مەسجىدى مەككە ئىشىكىدە، سەفۋانغە مۇنداغ سۆزلەر ئەيتىپ، ئەھلى ئەيالىڭنى ئاڭا تاپشۇرۇپ، مېنى ئۆلتۈرگەلى كەلمەدىڭمۇ؟» ئۆمەير ئەيدى: «گۇۋاھدۇرمەن، سەن خۇدانىڭ بەرھەق پەيغەمبەرىسەن. مەن سەفۋان بىرلە سۆزلەشكەندە ھېچكىم يوق ئەردى.» بەس، مۇسۇلمان بولدى ئەرسە، ئوغلىنى بېرىپ مەككەگە ياندۇردىلەر. ئەيدىلەر: «مەككەدە مۇسۇلمانلار باردۇركىم، قۇرەيشدىن قورقۇپ كېلەلمەسلەر. سەن ئوغلۇڭ بىرلە يولسۇز مەككەدىن مەدىنەگە يەتكۈزگەيسەن.» بەس، ئۆمەير بارىپ، مۇسۇلمانلارنى مەدىنەگە چىقاردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، جەڭگى بەدرىدىن كېيىن تا جەڭگى ئۆھۇد بولغۇنچە

ئون ئۈچ ئاي ئۆتتى. بۇ ئايلاردا يەتتە مەرتىبە جەڭ ۋاقىئە بولدى. تۆرتىدە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۆزلەرى بار ئەردىلەر؛ ئۈچىدە كىشى ئىبەردىلەر. ئۇلۇغ غازاتلاركىم ئۆزلەرى باردىلەر. غەزۋەئى كەدەرا ئەردى. ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، مەدىنە ئەترافىدا گۇرۇھ - گۇرۇھ جوھۇدلار بار ئەردى، ھەزقايسىنىڭ قورغانلارى ۋە كەنت - باغلارى بارئەردى. ئۇلارنى ئىمانغە تەكلىف قىلۇر ئەردىلەر، قەبۇل قىلماس ئەردىلەر. ئۇلار بىرلە سۇلۇھ قىلىپ ئەردىلەركىم، ھىچ مۇسۇلمانغە ئەداۋەت قىلماغايلەر ۋە ھىچ دۇشمەنگە ياۋەر بولماغايلەر. بەس، جەڭگى بەدرىدىن فەتھ - نۇسرەت بىرلە ياندىلەر ئەرسە، جوھۇدلار غەمگە قالدىلەر. ئەيدىلەر: «قۇرەيشدىن دىلجەمئ بولۇپ، بىزگە قەسد قىلغايلەر.» ئەرەبلەرھەم غەمگە قالدىلەركىم، قۇرەيش بىتەمام ئەرەبلەردە ئۇلۇغلارى ئەردى. بەس، جوھۇدلار ئەرەبلەر بىرلە بىر بولدىلەر. ئەرەبدىن بىر تايىفە قۇرەيش كافىرلارى كىمەسىنى ئالماقغە قەسد قىلدىلەر. بەس، رەمەزاندىن تۆرت كۈن قالىپ ئەردى. ھەزرەتى رەسۇلۇللاھغە خەبەر كەلدىكىم، ئەرەبدىن بەنى سەلەم ۋە بەنى غەتەفان كۇزەر دىگەن سۇنىڭ لەبىدەكى بادىيەدە يىغىلىپدۇرلەركىم مەدىنە شەبىخۇن كەلتۇرگەيلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم روزە چىقارىپ، ئابدۇللاھ بىننىسى ئۇم كۇلسۇم ئاتلىغ، ئەنسارىدىن، بىر نابىينا سەھابەنى مەدىنەگە خەلىفە قىلىپ، ئۆزلەرى كۇزەرگە ئاتلاندىلەر. ئەلەمنى ئەلى بىننى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بەردىلەر. مەدىنەدىن كۇزەرگە ئۈچ كۈنلۈك يول ئەردى. بەس، ئاندا باردىلەر، ھىچكىمنى تاپالمادىلەر. ئۈچ كۈن تۇردىلەر، ھىچكىم كەلمەدى. بەس، مال - مۇلكەتلەرنى ئالىپ، قويچى - شۇبانلارنى ئەسىر قىلىپ، شەۋۋال ئاينىڭ بەشىنچى كۈنى مەدىنەگە كەلدىلە.

ئاندىن، غەزۋەئى قەينىقائ. ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، مەدىنەدە بىر تائىفە جوھۇدلار بار ئەردى. ئۇلار بىرلە ئەھد قىلىشغان ئەردىلەر. بەس، ئول جوھۇدلار قۇرەيشغە مەلامەتلەر قىلدىكىم، قۇرەيش جەڭنى بىلمەسلەر؛ ئەگەر بەدر كۈنى بىز بولساق ئەردى، ئەرەنلىك كۆرسەتۇر ئەردۇك. بەس، بۇ سۆز ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە يەتتى ئەرسە، بىسيار پەرىشان بولدىلەر. ئول ئەھد جەھەتدىن جەڭ قىلالماس ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. ئايەت كەلتۇردىلەركىم، مەزمۇنى بۇدۇر: «ئەگەر بىر قەۋم بىرلە

ئەھد جەھەتىدىن ئۇلارنىڭ خىيانەتىدىن قورقماڭلار، ئەھدىنى ئۆز قويۇپ، ئۇلارنى ئاگاھ قىلغىل.» بەس، بىسيار شاد بولدىلەر. سەھابەلەردىن ئۈچ كىشى بىرلە قەينىقائ تەرەفىدىن باردىلەر. ئول نەۋئى قورغان ئەردى، ئالىدا بىر بازار بار ئەردى. ئانىڭ سەردارىنى چىرلاتىپ ئەيدىلەر: «تەۋراتدا كۆرۈپ بىلۇرسىزلەركىم مەن پەيغەمبەرى بەرھەقدۇرمەن. بەس، ئىمان كەلتۇرۇڭلار، ۋەگەرنە جەڭگە مۇھەييا بولۇڭلار.» ئۇلار ئەيدى: «ئەگەر بىزنى ئازمايىش ئۈچۈن قىلۇر بولساڭ، كۆرەرسەنكىم، جەڭ بىزنىڭ ھۇنەرىمىزدۇر. قۇرەيشلەر جەڭگە ياراماس.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەدىنەگە يانىپ كېلىپ، نامە ئىبەردىلەركىم: «مەن ئەھدىنى سىندۇردۇرم، جەڭگە ئامادە بولۇڭلار.» بەس، شەۋۋال ئايىنىڭ ئون بەشىنچى كۈنى، ئەبۇ ئەلبىيانە بىننى مەنزەرنى مەدىنەگە خەلىفە قىلىپ، لەشكەر چىقاردىلەر. ئەلەمنى ھەزرەتى ھەمزەگە بەردىلەر. جوھۇدلار ھەم جەڭگە مۇھەييا بولۇپ، قورغانلەرىنى بىكىتىپ تۇردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بارىپ، ئون بەش كۈن مۇھاسىرە قىلدىلەر ئەرسە، پەناھ تىلەدىلەر. ئۇلار بەنى خەزرەج خەلىفەلەرىدىن ئەردىلەر. ئۇلارنىڭ ئۇلۇغى ئابدۇللاھ بىننى ئەبى سەلۇل، مۇنافىق ئەردى. بەس، ئۇلار جانلەرىنى تىلەدىلەر، ئۆزگە ئەمۋاللارىنى قايداغ خاھلاسالار ئانداغ قىلغايلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قەبۇل قىلدىلەر ئەرسە، زەئىف ۋە گۇدەكلەردىن بۆلەك يەتتە يۈز كىشى ئەردى. مال - ئەمۋاللارىنى تاشلاپ، زەن - فەرزەندلەرىنى باشلاپ، شامغە كەتتىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇلارنىڭ قورغانلەرىنى ۋەيران قىلىپ، مال - ئەمۋاللارىنى تەسەررۇف قىلىپ، تۇرۇپ ئەردىلەر. ئايەت كەلدىكىم: «ھەر نەرسەكىم غەنىمەت ئالۇرسىزلەر، بەشدىن بىرى خۇدانىڭ پەيغەمبەرىنىڭدۇر.» بەس، ئاندىن كېيىن، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم بەشدىن بىرىنى ئۆزلەرىگە ئالدىلەر؛ بىر ھەسسەنى قاياش قەبىلەلەردىن خاھلاغانغە سەدەقە قىلدىلەر؛ بىر ھەسسەنى يەتىم - فۇقەرالارغە بەردىلەر، بىۋە - مۇسافىرلارغە نەفەقە قىلدىلەر. بەس، مەدىنەگە يانىپ كەلدىلەر.

**غەزۋەئى سەۋىق.** زۇلقەئدەنىڭ ئەۋۋەلىدە، غەزۋەئى سەۋىققە باردىلەر. بۇ غەزۋەگە سەبەب ئول ئەردىكىم، قۇرەيشلەر جەڭگى بەدردە

شكەست تاپتىلەر ئەرسە، ئەبۇ سۇفيان ئەيدى: «مەن بەدردە بولسام ئەردى، سىزلەرگە شۇجائەتلىكنى ۋە دىلاۋەرلىكنــــى ئۆرگەتۇر ئەردىم.» ئۇلار ئەيدىلەر: ھالا ھەم مۇھەممەد مەدىنەدۇرلەر، بارغىل، ناگەھ كۆرگەلى بارغايمىز.» بەس، ئەبۇ سۇفيان ئاند ئىچتــــكم: «تا مەدىنەگە بارىپ، شەبىخۇن قىلماغۇنچە نەئام يىمەگەيمەن، ھەمخانەمغە مەيل قىلماغايمەن.» بەس، ئىككى يۈز كىشى بىرلە باردى. مەدىنەنىڭ دەرۋازەسىگە بارالمادى. مەدىنە سەرھەددىدە بەنى نەزىر دەپ بىر قەبىلە بار ئەردى، بىسيار خەلق ئەردى، ئۇلۇغ قورغانى بار ئەردى؛ سەردارى سەلام ئەردى، ئەبۇ سۇفيانغە دوست ئەردى. ئەبۇ سۇفياننىڭ لەشكەرى ئاندا تۇشتى. ئەللىك كىشىنى بۇيرۇدىكىم مەدىنەگە بارىپ، ھەركىمنى تاپسە ئۆلتۇرگەي. بەس، ئول كافىرلار مەدىنە ئالدىدا، ئەرىز ئاتلىغ كەنتكە باردى. ئاندا ئەنساردىن سەئد بىننى ئۆمەر ئاتلىغ بىر سەھابە بار ئەردى، يەنە بىر كىشى بىرلە زىرائەتگاھلەرىدە ئىنــــش قىلۇرئەردىلەر، بۇلارنى شەھىد قىلدى. نەچەند كىشىلەرنىڭ ئۆيلەرىگە ئوت قويدى. بۇ خەبەر ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە يەتتى ئەرسە، شول كۈنى ئىككى يۈز كىشى بىرلە ئاتلاندىلەر. ئەبۇ سۇفيان خەبەر تاپىپ، كېچەسى قاچىپ كەتتى. ئۈچ كۈن قوغلادىلەر، تاپالمادىلەر. ئول كافىرلار ھەر قايسى تالقاننى ئالىپ بارغان ئەردى، تالقاننى تاشلاپ قاچتى ئەرسە، غەزۋەتۇس - سەۋىق ئاتادىلەر.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يانىپ كېلىپ، تا ماھى سەفەر بولغۇنچە مەدىنەدە بولدىلەر. قاچانكىم، زۇلقەئدە ئايى چىقتى، زۇلھىججە ئاي كىردى ئەرسە، ئەيد قۇربان كۈنى خەلق بىرلە مەدىنەدىن چىقىپ، نەماز ئۆتەدىلەر. خەلقنى قۇربانلىق قىلماقغە بۇيرۇدىلەر. ئۆزلەرى ئىككى قوي قۇربانلىق قىلدىلەر. ئەۋۋەل ئەيد نەمازىنى ئوقۇدىلەر، قۇربانلىق قىلدىلەر. ئاندىن تەمام زۇلھىججەدە مەدىنەدە بولدىلەر. ئول ئايدا، ئەسىرلەردىن فىديە ئالماقغە بۇيرۇمادىلەر. ئاندىن سەفەر ئايىنىڭ ئەۋۋەلىدە، غەزۋەئى زازغە باردىلەر.

ۋاقىئە ئول ئەردىكىم، ئەرەبدىن بەنى سەلىم، بەنى ئەتفان ئەنمار دىگەن يەردە يىغىلىپ، مەدىنەگە شەبىخۇن كەلتۇرۇرلەر دەپ خەبەر كەلدى ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئاتا ئاتلاندىلەر. ئول بەشك كۈنلۈك ئەردى.

ئول كافىرلار خەبەر ئالىپ قاچتىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر ئاندا باردىلەر ئەرسە، ھىچكىم تاپالمادىلەر. ۋادى بەر دىگەن سۇ لەبىدە ماھى سەفەرنى چىقاردىلەر. ھىچكىم كەلمەدى. رەبىئەل ئەۋۋەل ئايىدا قىزلەرى ئۇم كۇلسۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە نىسبەت قىلدىلەر.

## دەستان
## قىسسەئى كەئىب بىننى ئەشرەف

قاچانكىم، قۇرەيش بەدرىدىن يانىپ، مۇسىبەتزىدە بولدى ئەرسە، كەئىب شائىر ئەردى، مەككەگە كېلىپ، تەئزىيەت يەتكۈزۈپ، بىرلە دۇبارە داماد بولدىلەر؛ مەرسىيە دەپ، نەچەند بىمەزە گويلۇق قىلدى. بۇ سۆز مەدىنەگە يەتتى ئەرسە، بىركۈنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم جەمئ سەھابەلەر بىرلە ئولتۇرۇپ ئەردىلەر، كەئىبدىن نىلك سۆز چىقتى. ھەزرەتىپەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەي خەلق، ئول كافىرلار نە ئىش قىلۇرلەر، نە سۆزلەر ئەيتۇرلەر؟! كىمدۇر ئۆزىنى خۇداغە سالغاي، ئانى دەۋزەخدە ـ قىلەرغە قاتغاي؟» بەس، ئەنساردىن مۇھەممەد بىننى سەلەمە ئاتلىغ بىر كىمەرسە ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مەندۇرمەن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم دۇئا قىلدىلەر. سۇلتان بىننى سەلام ئاتلىغ ئاغا ھەمراھ ئەردى، كەئىب بىرلە ئەمىلداش ئەردى. بەس، ئەنساردىن يەتتە كىشى نەماز خۇفتەن بىرلە دەرۋازەگە باردىلەر. سۇلتان بارىپ، دەرۋازە قاقتى. كەئىب ئۆگزەدىن ئەيدى: «بۇ ۋەقت نە تىلەرسەن؟» سۇلتان ئەيدى: «مەن، مەدىنە قەھتدۇر، بۇغداي ئىزدەپ كەلدىم.» كەئىب دەرۋەزەنى ئاچتى. سۇلتان ئەيدى: «ھەمراھلارىم خورمالىقدا، كۇندۇزى تەئام ئىزدەپ كەلمەككە نامۇس قىلۇر.» كەئىب ئەيدى: «قايدادۇرلەر؟» سۇلتان ئارقاسىدىن بارىپ، كەئىبنى تۇتتى، ھەمراھلارى كېلىپ ئۆلتۇردىلەر. بۇلاردىن ئەۋس بىننى ھەرىسىنىڭ باشىغە ياڭىلىپ شەمشەر تەگدى. بۇلار كېلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم غە ئەيدىلەر، شاد بولدىلەر، ئۇلارغە دۇئا قىلدىلەر. ئەۋسىنىڭ باشىغە دەمىدە قىلدىلەر، ساقايدى.

# ۋاقىئەئى غەزۋە فۇرۇد

غەزۋەئى فۇرۇدغە بائىس ئول ئەردىكىم، قۇرەيشلەر ھەمىشە سوداگەرلىكدە، تەمامى مەئىشەتلەرى سوداگەرلىكدىن ئەردى. بەس، بەدردىن يانىپ، ھىچ تەرەفكە بارالمادىلەر، دىشۋارلىقغە قالدىلەر ئەرسە، ئەبۇ سۇفيان ئەيدى: «تەدبىر ئولكىم، يولسۇز كارۋان ئالىپ بارغايمىز، بىر يولچى ئالغايمىز، بىزنى مۇھەممەدكە ئاگاھ قىلماي، يولسۇز ئالىپ بارغاي.» بەس، بۇ تەدبىر بىرلە كارۋان ئالىپ چىقتى. يولچىلەرنى زاتىل ئەرەقغە يەتكۇردى ئەرسە، يول يۇتتۇردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئاگاھ بولۇپ، زەيد بىننى ھارىسىنى لەشكەر بىرلە ئىبەردىلەر. كارۋان سۇ ياقاسىغە تۇشكەن ئەردىلەر. سۇيھى ۋەقتىدە كېلىپ تەگدىلەر. ئەبۇ سۇفيان بىننى ئۇمەييە بىر زەمان توختاپ جەڭ قىلدى. ئاخىر كارۋاننى تاشلاپ قاچتى. زەيد كارۋاننى ئالىپ يولچى بىرلە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نىڭ ئالدىلەرىغە كەلتۇردىلەر ئەرسە، تەقسىم قىلدىلەر. ئول يولچى مۇسۇلمان بولدى. ئەبۇ سۇفيان، سەفۋان قاچىپ مەككەگە كەلدى. مەككە خەلقى ھەيران بولدىلەر. ھەمە نالە - زارى قىلدىلەر. تەمامى ئەرەب قەبىلەلەرىغە كىشى ئىبەردىلەركىم، بىز «مۇھەممەد بىرلە جەڭ قىلۇرمىز.» دەپ. ھەر تەرەفدىن سىلاھ - ياراغ يىغدىلەر.

## دەستان
## سەلام بىننى ئەسفنى ئۆلتۇرگەن قىسسەسى

ۋاقىئە ئول ئەردىكىم، سەلام كەئىب بىننى ئەشرەف بىرلە دوست ئەردى، خەيبەر جوھۇدلارىنىڭ ئۇلۇغى ئەردى؛ ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە نالايىق سۆزلەرنى ئەيتۇر ئەردى. مەدىنە خەلقى ئىككى گۇرۇھ ئەردى، بىرى ئەۋس، يەنە بىرى خەزرەج. بىرى ھەزرەتى پەيغەمبەرغە بىر خىزمەت قىلسە، يەنە بىرى ھەم رەشك قىلىپ، بىر خىزمەت قىلماقنى لازىم تۇتار ئەردىلەر. بەس، ئەۋسدىن يەتتە كىشى بارىب، كەئىب بىننى ئەشرەفنى ئۆلتۇردى ئەرسە، خەزرەج ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، بىز ھەم خەيبەرغە

بارىپ، سەلام بىننى ئەسفنى ئۆلتۈرگەيمىز، تاكى خىــــزمەتدە بەرابەر بولغايمىز.» بەس، سەككىز كىشى بەيئەت قىلدىلەر. ئوتبە بىننى ئابدۇللاھ، ئابدۇللاھ بىننى ئۇۋەيس، يەنە ئالتە كىشى خەيبەرغە باردىلەر. خەيبەرنىڭ قورغانى بىسيار مەھكەم ئەردى. بىرى بىرىنىڭ ئىچىدە تۆمۈردىن يەتتە دەرۋازەسى بار ئەردى، ھەر دەرۋازەسىغە قۇلفى سالىپ، ئاچقۇنى ياندا ئاسىپ قويار ئەردى. ئابدۇللاھ بىننى ئۇۋەيس خەيبەرگە تۈن بارىپ، رەسم ـ ئايىنەنى كۆرۈپ بىلگەن ئەردى. بەس، ئافتاب ئولتۇرغان ۋەقتدە يېتىپ باردىلەر ئەرسە، ئابدۇللاھ بىننى ئۇۋەيس ھەمراھلارىنى پىنھان قىلىــــپ، خەلق ئۆيۈقلاغان ۋەقتدە دەرۋازەگە باردى. ئاچقۇسىنى تاپىپ، دەرۋازەلەرنــــى ئاچىپ، ھەمراھلارىنى قىچقىرىپ، قورغانغە كىردىلەر. سەلام ئۆيىدە ياتار ئەردى، ئانى ئۆلتۈردىلەر. ۋە يەنە يانىپ چىقتىلەر ئەرسە، ئابدۇللاھ يىقىلىپ ئاياغى سىندى. ئانى يۈدۈپ، قورغاندىن چىقتىلەر. سەلامنىڭ ئۆلگەنىدىن ئاگاھ بولۇپ، فەرياد قىلدى، خەلايىق يىغىلدىلەر، كۆردىلەركىم ھىچ كىشى يوقتۇر، دەرۋازەلەر ئوچۇقدۇر. ئەيدىلەركىم «يا، مۇھەممەد شەبىــــخۇن قىلىپدۇر.» بەس، دەرۋازەلەرنى ئاچتىلەر، بۇلار مەدىنەگە كەلدىلەر.

# فەسلى دەستان
## ۋاقىئەئى غەزۋە رەجەئە

ۋاقىئەئى ھىجرەتدىن ئوچۇنچى يىلى ماھى شەئبان ئەردى، بۇ ئايدا ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىــــڭ قىزئەرى ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھلەرىغە ئالدىلەر.

**ئەلقىسسە ۋاقىئەئى غەزۋە رەجەئە.**

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، مەككە ـ مەدىنەنىڭ ئاراسىدا ئىككى قەبىلە بار ئەردى، بىرىنى ئەسەلە، يەنە بىرىنى قارە ئاتار ئەردىلەر. ئەبۇ سۇفيان ئۇلارغە دوست ئەردى. بەس، ئۇلارغە ئەيدى: «ئەگەر مەدىنە خەلقىدىن تاپساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار، يا مەككەگە ئىبەرىڭلار.» بەس، ئول قەبىلەدىن ئىككى كىشى ھەزرەتــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاشلەرىغە كەلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: « يا

رەسۇلۇللاھ، بىزنىڭ قەبىلەمىزدىن بىسيار خەلق مۇسۇلمان بولدى. نەچچەند كىشى ئىبەرسۇنلەر تاكىم ئۇلارغە ئىلمى شەرىئەتنى تەئلىم قىلغايلەر.» بەس، ئالتە كىشىنى ئىلغاپ، بۇ ئىككىسىغە قاتىپ ئىبەردىلەر. بۇلار مەرتەد، ھەبىب، ئاسىم بىننى سابىت، خالىد بىننى بەكىر، زەيد بىننى ئەلى مۇرتەزا، ئابدۇللاھ بىننى تارىق. بەس، بۇلار ئول قەبىلەغە يەتتىلەر. دەرەجەيئە ئاتلىغ بىريەرگە تۈشتىلەر. بەنى ھەندىلدىن جەمئ خەلايىق كېلىپ بۇلارنى تۇتتىلەر ۋە ئەيدىلەر: «سىزلەرنى مەككەگە ئالىپ بارىپ ساتالىمۇ يا مۇندا ئۆلتۈرەلىمۇ؟» بەس، زەيد ۋە ئابدۇللاھ بىننى تارىق چىقىپ ساتىلماقنى ئىختىيار قىلدىلەر. ئۆزگەلەرنى شەھىد قىلدى. ئۇلارنى مەككەگە ئالىپ باردىلەر. جەھ بىننى ۋەھەب ئاتلىغ كافىر ئاناسى جەڭگى بەدردە ئۆلگەن ئەردى، ھەبىبنى ئاناسى قىساسىغە ئۆلتۈردى. ئىككىملەرنى مەككەدىن ئالىپ چىقىپ، بىر گوشەگە تاشلادىلەر. ھەبىبنىڭ تەننى دارغە ئاستىلەر. مەككەدە سەراقە ئاتلىغ بىر كافىر بار ئەردى، ئوغلىنى جەڭگى بەدردە ئاسىم ئۆلتۈرگەن ئەردى. سەراقە ئاسىمنىڭ باشى كاسەسىدە سۇ ئىچمەسەم دەپ، ئاند ئىچىپ ئەردى. بەس، ئاسىمنى ئۆلتۈردى ئەرسە، ھەندىلگە كىشى ئىبەردىكىم، ئاسىمنىڭ باشىنى ئىبەرسەڭلار، بىسيار مال - ئەمۋال ئىبەرەي. بەس، ئول ئادەم بەنى ھەندىلگە يەتتىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا سەل ئىبەردى، تاكى ئاسىمنىڭ باشى ئاقىپ كەتتى.

بەس، بۇ خەبەر ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە يەتتى ئەرسە، بىسيار پەرىشان بولدىلەر. بىلدىلەركىم، بۇ ئىشلار ئەبۇ سۇفياندىندۇر. بەس، ئۆمەر بىننى ئۆمەييەنى چىرلادىلەر. ئول مەردۇ پۇر قۇۋۋەت ئەردى. ئەيدىلەر: «ئەي ئۆمەر، ئۆزۈڭنى خۇدا رىزاسى ئۈچۈن فىدا قىلۇر بولساڭ، بارىپ ئەبۇ سۇفياننى ئۆلتۈرگىل.» ئۆمەر يەنە بىركىشى بىرلە مەككەگە كەلدى. ھەبىب داردا ئەردى، ئالىپ دەفن قىلغالى تۇردى ئەرسە، ناپەيدا بولدى. ئاندىن، فىكر قىلدىكىم، نە تەدبىر بىرلە ئەبۇ سۇفياننىڭ جاننى مالىك دەۋزەخقە تاپشۇرغايمەن. ھەۋا قىزىق ئەردى. ھەمە قۇرەيش ئۇلۇغلارى ساراي قائىدەدە سۇ سېپىپ، ئولتۇرۇر ئەردى. ئۆمەري ئەيدى: «سەبر قىلاي، تاكى ئەبۇ سۇفيان سارايغە بارغاي. ئەۋۋەل ھەج تەۋاف قىلاي» دەپ، كەئبەغە باردى. تەۋافغە مەشغۇل بولغاي ئەرسە، خەلق تانۇپ، تۇتقالى قەسد قىلدىلەر. ئۆمەر

ھەمراھى بىرلە قاچىپ، تاغقە چىقتى، بىر كىچە ـ كۈندۈز ياشۇندى. ئاندىن، مەدىنەگە ياندى ئەرسە، يولدا مەككەنىڭ سەردارلارىدىن نەچەند كىشى ئۇچرادى. ئۇلارنىڭ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزگەسىنى مەدىنەگە كەلتۈردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: بۇ ھەم رەجەب ھىجرەتدىن ئۆرتىنچى يىلى ماھى سەفەردە ئەردى.

# فەسلى دەستان
# غـەزۋەئـى ئوھـۇد

ۋاقىئەئى غەزۋە كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، قاچانكىم ئوھۇد غازاتىغە باردىلەر ئەرسە، ئابدۇللاھ بىننى ئۇبەيكى مۇنافىـقلار سەردارى ئەردى، ھەمراھ ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نىڭ پىيادە لەشكەرى بىرلە ئىككى ئاتلىغ بار ئەردى، بىرى ھەزرەتى پەيغەمبەرنىڭ، يەنە بىرى بىننى جەرەس دەپ بىر ئادەمنىڭ ئەردى. يىرىم فەرسەڭ يول باردىلەر. ئابدۇللاھ بىننى ئۇبەيي يانىپ تۇردى، ئەيدىلەر: «بۇ خەلق سۆزگە كىرمەسلەر، پىر خەلقنىڭ سۆزىنى ئالماسلەر، كىچىك بالالارنىڭ سۆزىنى تۇتارلەر. بىزنى ئۆلتۈرگەلى تۇتۇپ بىرۇرلەر. مەن يانىپ بارۇرمەن» دەپ، ئۈچ يۈز كىشى ياندىلەر. يەتتە يۈز كىشى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم رىكابلەرىدە باردىلەر. دۈشمەنلەرنىڭ لەشكەرى بىسيار ۋە سۇۋارە؛ لەشكەرى ئىسلام ئاز ۋە پىيادە ئەردىلەر. ئانھەزرەت ئەيتۇر ئەردىلەر: «ھەق تەئالانىڭ نۇسرەتى بىزنىڭ بىرلەدۇر.»

بەس، ئوھۇدغە يانىپ، سەف تۈزۈپ جەڭ قىلدىلەر ئەرسە، دۈشمەنلەرگە شىكەست بەردىلەر. قۇرەيشنىڭ خاتۇنلارى ھەم كەلگەن ئەردى، ھەمە تاغقە قاچتىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ رىۋايەت قىلىپدۇرلەركىم، ئول كۈن ئەبۇ سۇفيانىنىڭ كۆجى ھىندىنى كۆردۈم، ئاياغىدا كۈمۈش خەلخالى بار ئەردى؛ ئۇ تاغقە قاچىپ چىقىپ ئەردى. مۇسۇلمانلار يېتىپ شەمشەر ھەۋالە قىلدى ئەرسە، خەلخالىنى تاشلاپ قاچتى. مۇسۇلمانلار غەنىمەت ئالدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يىگىرمە كىشى بىرلە بىر سەردارنى تاغ

ئاراسىدا قويۇپ ئەردىلەر، تاكىم دۈشمەنلەرنىڭ يولىدۇر ساقلاغايلەر؛ بۇلار كۆردىلەركىم، مۇسۇلمانلار غەنىمەت ئالۇرلەر، بۇلار ھەم غەنىمەتكە يۈگۈردىلەر. تاكىم مۇسۇلمانلارنىڭ سەردارلارى ئەيدىلەر: «بارماڭلار، ئانھەزرەتنىڭ فەرمانىدىن چىقماڭلار.» بەئزەلەر باردىلەر، بەئزەلەر تۇردىلەر. بەس، خالىد بىننى ۋەلىد ئىككى يۈز كىشى بىرلە قاچىپ، تاغ ئارقاسىغە ئۆتتى ئەرسە، خالى كۆرۈپ، ئول مۇسۇلمانلارنى شەھىد قىلدى. لەشكەرى ئىسلام ئارقاسىدىن چىقىپ جەڭگە تۇردىلەر. كافىرلار ئەلەمى كۆتەرىلدى ئەرسە، مۇسۇلمانلار قورقۇپ قاچغالى تۇردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم توختاپ تۇرۇپ، خەلقنى قىچقىرىپ تۇردىلەر. سەھابەلەردىن ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يارالىغ بولدىلەر. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەمىئ ئەنسارىلەر بىرلە قاچتىلەر. ھەزرەتى ئەلى بىننى ئەبۇ تالىب سەفدە توختاپ، كافىرلارغە شەمشەر ئۇرار ئەردىلەر. بەس، بىر كافىر شەمشەر سالدى ئەرسە، شەمشەرلەرى سىندى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر. ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، شەمشەرىم سىندى.» بەس، زۇلفىقارنى بەردىلەر. ھەزرەتى ئەلى يەنە جەڭگە تۇردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۆردىلەركىم، ھەزرەتى ئەلى بىر زەمان ئارام - قەرار ئالماي، جەڭ قىلۇرلەر. ئول كۈن ئەيدىلەر، شېئىر:

لافتاالاعلى لاسيف الا زوالفقار،
هربلايى بيش ايد اين بخوان هفتادبار.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۆردىلەركىم، قاشلەرىدە ئوندىن زىيادە كىشى قالماپدۇر. بەس، ئەيدىلەركىم: «بۇ شەمشەرنى مەندىن ئالغاي، كافىرلارنى دەمار ئەز روزگار چىقارغايلەر.» بەس، ئەنسارىدىن سىماك بىننى خەرەشە ئاتلىغ بىر كىمەرسە ئەيدى: «مەن بارغايمەن، يا رەسۇلۇللاھ!» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «بۇ ئانداغ شەمشەردۇركىم، ھېچ مۆئمىننى ئۆلتۈرمەس، ھېچ كافىر بۇ شەمشەرى بار كىشىگە شىكەست قىلالماس.» سىماك شەمشەرنى ئالىپ تاۋۇسى مەستەدەك خىرام قىلدى ئەرسە، ئانھەزرەت ئەيدىلەر: «ھەق

نەئاللا ھەممە ھالدا كىبىرنى دوست تۇتماس، مەگەر جەڭدەدۇر.» بەس، كافىرلار ئەبۇ سۇفيانىنىڭ ئارقىسىدىن كىشى ئىبەردىكىم، خالىد بىننى ۋەلىد مۇسۇلمانلارغا شىكەست بەردى. بەس، ھىند جەمئى كافىر خاتۇنلار بىرلە تاغقا چىقىپ ئەردى. تاغدىن تۈشۈپ، داق چالىپ، غەزەل ۋە شېئىرلار ئوقۇپ، كافىرلارنى جەڭگە قىزىقتۇرۇپ ئەردى. ئېيتىپدۇرلەر: ھىندىنىڭ بىسيار زىۋەر - ئارايىشى بار ئەردى؛ ۋەھشى ئاتلىغ قۇلىغا ئېيدى: «مەن بۇ ئارايىشىمنى ساڭا بىرەي. بەس، ياكى ئەبباسنى، يا ھەمزەنى، يا مۇھەممەدنى ئۆلتۈرۈپ، كۆڭلۈمنى خوش قىل.» ۋەھشى مەيدانغا كەلدى. ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئول كافىرنى ئۆلتۈرۈپ ياندىلەر ئەرسە، ۋەھشى ئارقەلەرىدىن كېلىپ، خەنجەر سالدى، جەراھەتناك بولدى، ھەزرەتى ھەمزە يانىپ قەسد قىلدىلەر ئەرسە، قاچتى، قوغلاپ تاپالمادىلەر؛ ئاخىر ئول جەراھەت زەخمىدىن يىقىلدىلەر. بەس، ۋەھشى يانىغا كېلىپ بىر زەرب بىرلە شەھىد قىلدىلەر. بارىپ ھىندىغا ئېيدى: «مەن ۋەئدەگە ۋەفا قىلدىم، سەن ھەم ۋەئدەگە ۋەفا قىل.» بەس، ھىند ئارايىشىنى بەردى، بارىپ ھەزرەتى ھەمزەنىڭ مۇبارەك قورساقلەرىنى يارىپ بۆرەكىنى ئېلىپ چايناپ تاشلادى. بۇ ۋەجھىدىن ھىندنى «اكلتە الا كياد» ئاتادىلەر. سەئد بىننى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇرادەرى (ئوتبە) بىر تاش ئاتتى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مۇبارەك لەب دەندانلەرىغە تەگدى، قان رەۋان بولدى، يەنە بىر تاش ئاتتى، مۇبارەك لەب دەندانلەرىغە تەگدى، قان رەۋان بولدى، يەنە بىر تاش ئاتتى، مۇبارەك پېشانە نۇرئەفشانلەرىغە تەگدى. ئانھەزرەت قانغا مەشغۇل بولدىلەر، ئابدۇللاھ بىننى قەمىئە ئارقەلەرىدىن كېلىپ، شەمشەر سالدى، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ كىچىملىك ئەردىلەر، كارگەر بولمادى، ئەمما ئاتدىن يىقىلدىلەر. ئاتلەرىنى ئول كافىر جەھەننەمى ئالىپ، مەيدانغا بارىپ قىچقىردىكىم: «مەن مۇھەممەدنى ئۆلتۈردۈم، ئاتلەرىنى كەلتۈردۈم!» بۇ خەبەردىن مۇسۇلمانلارغا بىسيار شىكەست بولدى. ھەزرەتى ئەلى مەيداندا بىخەبەر جەڭ قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم چەپ يانلەرىغە يىقىلىپ ئەردىلەر، زىرىھلەرىنىڭ ئاغىرلىقىدىن قوپالمادىلەر. سەھابەلەر قاچىپ، مەدىنەگە بارىپ، سەئد بىننى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئېيدىلەر: «بۇرادەرىڭ (ئوتبە بىننى ۋەققاس) ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا

سەل-ئەل-لەمنى شەھىد قىلىپدۇر.» بىس، سەئد بۇرادەرىنى ئىزدەپ مەيدانغە كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنى كۆردىكىم ئولتۇرۇرلەر، مۇبارەك يۇزلەرى خۇن ئالۇدە ئەردى. بەس، سەئد تانۇمادىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئاۋاز قىلدىلەركىم «يا سەئد!»، ئەرسە، ئانھەزرەتنىڭ ئاۋازلەرىنى ئىشتىپ قاشلەرىغە يۇگۇردىلەر. كۆردىلەركىم تەنھا ئولتۇرۇپدۇرلەر. ئىككى كافىر ياۋۇقراق تۇرۇپدۇر، بىرى قەتادە، بىرى سۇھەيل بىننى جەنەف ئەردى، ئوق ئاتار ئەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «يا سەئد، بۇ خەلقدىن نە ئۇمىد تۇتارسەنكىم، خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىنى بۇ ھالدا تەنھا قويۇپ، يۇز ئۆيرۇپ قاچارلەر.» بۇ سۆزدە ئەردىلەر، سەئدنىڭ كۆزىگە ئوق تەگدى، كۆزلەرى چىقتى ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۆزلەرىنى ئالىپ ئورنىدا قويدىلەر، تازە بولدى. سەئد ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن بۇرادەرىمنى تاپىپ ئۆلتۇرەي!» ئانھەزرەت ئەيدىلەر: «يا سەئد، مەندىن جۇدا بولماغىل، مۇبادا بىر ۋاقىئ بولسە قاشىمدا تۇرغىل.» تىرەنداز ئەردىلەر، ئوقيالەرى ھەمراھ ئەردى. بەس، قۇرامساقلەرىنى تۆكتى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئوق ئالىپ، سەئدگە بىرۇر ئەردىلەر ۋە ئولتۇرۇر ئەردىلەر: «يا سەئد، كافىرلارنى ئاتغىل!» بەس، ھەر ئوقدا بىر كافىرنى يىقىتۇر ئەردىلەر. ئەبۇ سۇفيان كېلىپ، شەھىدلەرنىڭ قۇلاق - بۇرنىنى كەسەر ئەردى. ئۇبەي بىننى ھەلەف ئول سەگى بىئەدەب ھەركۇنى ئەيتۇر ئەردى: «بىر تىۋە تاپلاپدۇرمەن، تاكى ئانىڭ بىرلە مۇھەممەدنى ئۆلتۇررۇرمەن.» بەس، ئول كۇنى بىر ئاتغە مىنىپ كەلدى ۋە ئەيدى: «يا مۇھەممەد، بۇكۇن سېنى بەندەدىن كىم قۇتغازۇر؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئا مەلئۇن! مېنى ھەق تەئالا ساقلار، مەن سېنى ئۆلتۇررۇرمەن.» بەس، سەئد ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتغالى قەسد قىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «قويغىل، تاكى ياۋۇقراق كەلسۇن.» بەس، ئۇبەي ئات يۇگۇرتۇپ، نەيزە تەڭلەپ كەلدى ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىر نەيزە ياغاچى بىرلە كۆزىگە ئۇردىلەر. ئول سەگى جەھەننەمى يانىپ، لەشكەر ئاراسىدا فەرياد قىلدىكىم: «مەن مۇھەممەدنى ئۆز قولۇم بىرلە ئۆلتۇردۇم.» خەلق ئەيتۇر ئەردىلەر:

«يالغان ئەپتۇرسەن!» ئول مۇنداغ قىچقىرىپ يۇگۈرۈپ، يىقىلىپ ئۆلدىلەر.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قىچقۇرۇر ئەردىلەر: «ئەي خەلق! مۇندا كېلىڭلار، مەن خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرى تىرىكدۇرمەن!» ھىچكىم كەلمەسلەر. مۇسۇلمانلار مەدىنەگە بارىپ، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنى شەھىد قىلدى، دەر ئەردىلەر. ئەنەس بىننى نەزىر مەدىنەدىن كېلۇر ئەردى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق، ئۆمەر بىننى خەتتاب، تەلھە زۇبەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مانى كۆردىلەركىم، بىر تاشنىڭ ئارقاسىدا ئولتۇرۇر ئەردىلەر. «مۇندا نىچۈكدىن ئولتۇردۇڭلار؟» ئەيدىلەركىم: «رەسۇل ئەكرەمنى شەھىد قىلدىلەر.» ئەنەس ئەيدى: «ئەمدى بىزگە تىرىكلىك دەركار ئەمەسدۇر، بارى ئۆلەر دىنلەرىدە ئۆلگەيمىز!» بەس، مۇنداغ مەيدانغە كەلدى كۆردىكىم، ھەزرەتى ئەلى جەڭ قىلۇرلەر. ئەيدى: «يا ئەلى، ئانھەزرەتنى شەھىد قىلىپدۇرلەر.» ئۆلەر ئەيدى: «يا ئەنەس، بىزگە ئەمدى جان كېرەك ئەمەسدۇر.» بەس، ئەنەس جەڭ قىلىپ شەھىد بولدىلەر. بەس، ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تەكبىر ئەيتىپ قىچقىردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئىشىتىپ، ئۆلەرنىڭ قاشىغە كەلدىلەر. مۇبارەك رۇخسارەلەرى خۇن ئالۇدە ئەردى. ئەبباس دەرمەھەل تانۇمادىلەر، كېيىن تانۇپ، يىغلاپ يۈز - كۆزلەرىنى بوسە قىلىپ، ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ھەزرەتىڭنى خەلق شەھىد بولدىلەر دەپ، گۇمان قىلۇرلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئەممە، مۇنادى قىلىڭكىم، خەلق خەبەر ئالىپ يىغىلسۇنلەر، ماڭا تەبرەمەككە مەجال يوقدۇر.» بەس، ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر دۆبەگە چىقىپ، نىدا قىلدىلەركىم: «ئەي خەلق! مۇندا كېلىڭلاركىم، رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ھەياتدۇرلەر!» بەس، خەلايىق ھەزرەتى ئەبباسنىڭ ئاۋازلەرىنى ئىشىتىپ، بىردىن ئىككىدىن، ھەرتاش، ھەردۆبە كەينىدىن يىغىلىپ كەلدىلەر. ھەزرەتى ئەلى ھەم كېلىپ، ھەزرەتى رەسۇلۇللاھنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، بىرجام سۇ كەلتۇرۇپ، مۇبارەك رۇخسارلەرىنى يۇدىلەر. ئاندىن ئەلەمنى كۆتەرىپ قىچقىردىلەركىم: «ئەي مۇسۇلمانلار! كېلىڭلار، ھەزرەتى رەسۇلى خۇدا زىندەدۇرلەر!» بەس، ئەبۇ سۇفيان بۇ ئاۋازنى ئىشىتىپ، تاغ باشىغە چىقتى، ئەلەمنى كۆردى، سەھابەلەرنى كۆردىكىم تۇرۇپدۇرلەر. بەس،

قىچقىردىلەركىم: «ھۇبەلنىڭ ئۇلۇغلۇقىكىم ئول كۈنى ئوغلۇم ھۇزلە ئۆلدى ئەرسە، بۇكۈن ھۇزلە بىننى راھىب ئۆلدى. بەدر كۈنى سىزلەرنىڭ، ئوھۇد كۈنى بىزلەرنىڭ.» ھۇبەل دىگەن كافىرلارنىڭ ئۇلۇغ بۇتى ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قوپۇپ تۇردىلەر ئەرسە، ئەبۇ سۇفيان قىچقىردىكىم: «بىركۈن سىزلەرگە، بىركۈنى بىزلەرگە!» ئانھەزرەت ئۆمەر بىننى خەتتابغە ئەيدىلەر: «ئەيغىلكىم، ئەي مەلئۇن! ئولكى سىــــزلەردىن ئۆلدى قەئرى جەھەننەمدە، ئولكى بىزلەردىن ئۆلدى شەھىد بولدىلەر، بىھىشت ئىچرە نازنەئىمدە.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر جەمىئ سەھابەلەر بىلە تاغ تەرەفىگە يۈردىلەر ئەرسە، ئەبۇ سۇفيان قاچىپ كەتتى. ھەزرەتى سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئوسماننى يوقلادىلەر ئەرسە، خەبەر ئالدىلەركىم، ئىككى كىشى بىرلە تاغ ئارقاسىغە ئۆتۈپدۇرلەر. ئۇلار ئۈچ كۈندىن كېيىن كەلدىلەر.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، بۇ لەشكەرى ئىسلام شىكەست تاپغانى مەدىنەگە يەتتىلەر ئەرسە، خاتۇنلار بىرلە فاتىمە زوھرا شەھەردىن چىقتىلەر، نالە - زارى قىلىپ بارۇر ئەردىلەر. بەنى دىباندىن بىــر مەزلۇم ئەيدى: «ئەي سەييىدۇننىسا، دوختەرى رەسۇلى خۇدا، ھەزرەتىڭ مۇندا تۇرغىل، مەن بارىپ سەييىد ئەنبىيا ۋە ئەلى مۇرتەزا خەبەلەرىنى كەلتۈرەي، تاكى مۇنداغ بارماقلىق ئۇلارغە خۇش كەلمەگەي.» ئول مەزلۇمنىڭ ئاتاسى، بۇرادەرى ۋە ئوغلى جەڭگە بارغان ئەردى. بەس، ئول مەزلۇم مەيدانغە كەلدى ئەرسە، كۆردىكىم، ئاتاسى قانغە بۇلغانىپ ياتىپدۇر، يۈزىنى تۇتتـــى، ئەيدى: «ھەزرەتى رەسۇلۇللاھ، جەماللەرىنى كۆرمەي، ئاتامنىڭ يۈزىنى كۆرمەك ماڭا ھەرامدۇر.» بەس، ئۆتتى ئوغلىنى كۆردى، ئول ھەم بۇ ھالدا ياتىپدۇر؛ ئاڭا ھەم باقمادى. ئاندىن ئۆتۈپ بۇرادەرىنى كۆردى، ئانى ھەم شۇ ھالدا كۆردى؛ ئاڭا ھەم ئەسلا ئىلتىفات قىلمادى. تاكى ھەزرەتى سەل-ئەل-لەمنىڭ تۇرغان يەرلەرىگە باردى، كۆردىكىم ئەترافلەرىدە سەھابەلەر سەف - سەف تۇرۇپدۇرلەر. بەس، يانىپ مەدىنەگە كەلدى، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە خۇش خەبەر ئەيدى. ئاندىن رۇخسەت ئالىپ، شەھىدلەر قاشىغە باردىلەر. ئۇلارنى مەدىنەگە ئالىپ كېلىپ دەفن قىلدىلەر.

دەستان ئىشىتمەك، ئەلقىسسە، ئەبۇ سۇفيان نابىكار كافىران فۇججار تىبخى مەيداندا ئەردى. ئافتاب تەئزىيەت پەردەسىنى يۈزىگە تارتىپ، مۇسىبەت

كۆلپەسغە كىردى. ھەق تەئالا كافىرلارنىڭ كۆڭلىگە ھەراس ۋە ھەيبەت غەلبەسىنى سالدى ئەرسە، ئۇل كېچە كافىرلار قاچىپ كەتتى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەرتەسى شەھىدلەرنى يۇماي دەفن قىلغالى بۇيرۇدىلەر. بەس، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشلىغ شەھىدلەرنى ئاندا دەفن قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەگەر ھەمزەنىڭ ھەمشىرەسى زەئىفە خاتىرىنى ساقلاماسام، ھەمزەنى دەفن قىلماس ئەردىم. تاكى قۇشلار، دەررەندەلەر يىگەي ئەردى؛ ھەق تەئالا قىيامەت كۈنى ئۇلەرنىڭ قورساقلەرىدىن تىرگۇزگەي ئەردى.» قاچانكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەدىنەگە كەلدىلەر، ئابدۇللاھ ئۇبەينى خەلايىققە ئەيدىلەر ۋە ئەيدى: «ئەگەر سىزلەر مېنىڭ سۆزۈمگە كىرسەڭلار مۇنچە خەلايىق ئۆلمەگەي ئەردى.» بەس، ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم مەزمۇنى بۇدۇر: «ئۇلارغە ئەيغىل، يا مۇھەممەد، مۇنداغ ئۆلۈمنى ئۆزۈڭلەردىن ياندۇرغايسىزلەر، كىشى ئۆلۈمدىن قاچىپ قۇتۇلماس.» ئۇل كۈن مەدىنەدە ھەمزەنىڭ ھەمشىرەزادەلەرى ھۇمەيىيە بىنتە جەھىش خەلققە ئۇچرادى ئەرسە، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شەھادەتلەرىنى خەبەر قىلدىلەر. ئاندىن بۇرادەرى ئۆلگەنىنى ئەيدىلەر. ئاندىن كۈيۈسى مۇسئەب بىننى ئۇمەيرەنىڭ شەھىد بولغانىنى زىكر قىلدىلەر ئەرسە، فەرياد - فىغان تۈزدىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەئلۇم بولدىكىم، خاتۇنلارغە ئەردىن مېھرىبانراق نەرسە يوقدۇر.»

ئاندىن كېين، خەبەر كەلدىكىم، قۇرەيش كافىرلارى يولدا جەمئ بولدىلەر، ئەيتۇرلەركىم: «مەدىنەگە بارىپ تاراج قىلۇرمىز دەيدۇر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە بىسيار قاتتىغ كۆرۈندى، ئىشتىلدى. ئەيدىلەر: «مەسلەھەت ئولدۇركىم، بىز دۇشمەنلەرنىڭ ئارقاسىدىن بارغايمىز.» بەئزى سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، مۇنداغ جەراھەت بىرلە نېچۈك بارغايمىز.» ئانھەزرەت ئەيدىلەر: «بىزدىن بارماق لازىمدۇركىم، دۇشمەنلەر زەئىف بولۇپدۇر دىمەگەيلەر.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم شەۋۋال ئايىنىڭ ئون بەشى، شەنبە كۈنى، مەدىنەگە يانىپ ئەردىلەر، دۇشەنبە كۈنى يەنە ئاتلاندىلەر. ئول سەھابەلەركىم، تەبئىيەت قىلدىلەر. ئۇلارغە ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم مەزمۇنى بۇدۇر:

«ئۇلاركىم خۇدا ۋە رەسۇلى خۇدانىڭ سۆزىنى با ۋۇجۇدى جەراھەت - زەخىم بىرلە ئىجابەت قىلدى، ئۇلار نىكۇكارلاردۇركىم، ئۇلارغە ئەجرى ئەزىمدۇر.»

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەككىز مىيل يول باردىلەر، ئەبۇ سۇفيان خەبەر تاپىپ، دەرھال مەككەگە قاچىپ كەتتى. ئۈچ كۈن ئاندا تۇردىلەر، ئاندىن مەدىنەگە ياندىلەر. ئەيتىپدۇرلەر: مەدىنە خاتۇنلارى ھەركۈنى شۇھەدالارنىڭ ئۆيلەرىگە يىغلىپ، ماتەم تۇتۇپ يىغلار ئەردىلەر. بىركۈنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەسجىددە ئەردىلەر. خاتۇنلار يىغلىپ، نالە - فىغان قىلىپ، مەسجىدنىڭ ئالدىدىن ئۆتتىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «بۇ نىچۇك نالەدۇر؟» سەھابەلەر ئەيدىلەر: «شۇ ھەدالارنىڭ ئەھلى ئەيالىدۇركىم، ھەركۈنى بىر ئۆيدە تەئزىيەت تۇتارلەر» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇبارەك كۆزلەرىگە ياش ئالىپ ئەيدىلەر: «ھەركۈنى ھەركىمنىڭ بىر ماتەمدارى باردۇر، ئەمما ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىچ كىشىسى يوقدۇر.» بەس، سەھابەلەر ئۆيلەرىگە بارىپ ئەھلى ئەياللارىغە ئەيدىلەر: «تاڭلا بارىپ ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيلەرىدە ماتەم تۇتۇڭلار.» بەس، ئەرتەسى يىغلىپ كەلدىلەر، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن ئىجازەت تىلەدىلەر، تا ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ماتەم تۇتغايلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ھاجەت ئەمەستۇركىم ئۇممەتلەرىمغە بۇ تەرىقە سۈننەت قالغاي.» بەس، ھەممە ئۆيلەرىغە بارىپ، ھەزرەتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ماتەم تۇتتىلەر. ھالا ھەركىم ماتەمدار بولسە، ئەۋۋەل ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە يىغلارلەر، ئاندىن ئۆزلۈكلەرىغە ماتەم تۇتارلەر. ئوھۇد شۇھەدالارىدا خىلافدۇر. دۇرۇستىراق ئولدۇركىم، يەتمىش كىشى ئەردىلەر.

## غەزۋەئى زاتۇررىقائ

ئەيتىپدۇرلەركىم، خەبەر كەلدىكىم، بەنى غەتەفان، بەنى سەئلىبە بۇ ئىككى قەبىلە مەدىنەگە قەسد قىلىپدۇر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم لەشكەر ئالىپ، زاتۇررىقائ دىگەن يەرگە تۈشتىلەر. ئول كافىرلار سىلاھ - ياراغلىق بىسيار خەلق ئەردى. ھەق تەئالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ سالدى، جۈرئەت بىرلە جەڭگە كەلمەدىلەر، يانىپ ھەم

كەتمەدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يەتتە كېچە - كۈندۈز تۇردىلەر.
ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردى، مەزمۇنى بۇكىم، نەماز خەۋف ئۆتەدىلەر.
ئانداغكى، لەشكەرنى ئىككى بۆلدىلەر، بىر تائىفە بىرلە نەمازغە تۇردىلەر،
بىر ھەسسە مۇسۇلمانلار تەقابىل بولدىلەر؛ بۇلار نەمازدىن فارىغ بولۇپ، بىر
يا ئىككى رەكئەت ئۆتەپ، كافىرلارنىڭ ئالدىغە باردىلەر؛ ئاندىن ئۇلار كېلىپ
نەمازغە تۇردىلەر، بۇلار ھەم ئىككى رەكئەت ئۆتەپ، يەنە باردىلەر ئەرسە،
ئۇلار كېلىپ نەمازنى تەمام قىلدىلەر. ئاخىر، كافىرلارنىڭ كۆڭلىگە ھەق
تەئالا ۋەھم - ھەراسنى غالىپ سالدى. ئاخىر، ھېچ نەرسەلەرنى ئالماي
قاچىپ كەتتىلەر. لەشكەرى ئىسلام بىغايەت غەنىمەتلەر بىرلە مەدىنەگە
ياندىلەر.

## غەزۋەئى بەدرىل مەۋئىد

ئەيتىپدۇرلەركىم، ئول يىل ئەبۇ سۇفيان كۇھى ئوھۇددىن يانىپ،
ئەيتىپ ئەردىكىم، كېلۇر يىل جەڭگە ئارەستە بولۇڭلاركىم، مەن كېلۇرمەن.
بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئول ۋەقت بولدى ئەرسە،
سەھابەلەر بىرلە چاھى بەدرگە باردىلەر. ئەبۇ سۇفيان ھەم مۇنادى قىلدۇردى،
سىپاھ - لەشكەر يىغدۇرۇپ مەككەدىن چىقتى. ئول يىلى مەككە قەھت
ئەردى. ھەمە خەلقلەر لەشكەرگە بارغۇنچە مەجالىمىز يوق دەپ ياندىلەر ئەرسە،
ئەبۇ سۇفيان ھەم ياندى. قاچانكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم چاھى
بەدرگە كەلدىلەر ئەرسە، تەمامى قەبىلە خەلقى ئاندا كەلدىلەر، بازار
قىلدىلەر. ئاندا يەتتە كۈن تۇرۇپ، سەككىزىنچى كۈنى مەدىنەگە ياندىلەر.

## فەسل دەستان
## قىسسەئى بىئرىل مەئنۇي

ھىجرەتدىن تۆرتىنچى يىل، بەنى ئامىردىن ئامىر بىننى مالىك ئاتلىغ

بىر ئادەم مەدىنەگە كەلدى، ئانى ئەبۇلبەرا ھەم ئاتارلەر، لەقەبى مۇلائىبۇل
- ئەللىسە ئەردى. ئەرەبدە ئانىڭدىن مەردانە، دىلاۋەر كىشى يوق ئەردى؛ ھەمە
ئەرەبلەر ئانىڭ فەرمانىنى تۇتار ئەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر
سەل-ئەل-لەمگە ئەيدى: «مەن ھەزرەتلەرىگە بىسيار تۆھفە - سوغا ئالىپ
كېلىپدۇرمەن.» ئانھەزرەت سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن كافىرنىڭ
ھەدىيەسىنى قەبۇل قىلماسمەن.» ئامىر ئەيدى: «ماڭا دىنىڭنى بەيان
قىل.» بەس، ئاڭا دىن شەرىئەتنى بەيان قىلدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «سىنىڭ
دىنىڭ بىنەھايەت نەھجدۇركىم، لېكن خاھلارمەنكىم مىنىڭ قەبىلەمغە كىشى
ئىبەرگەيسەن، ئۇلارغە ئىمان ئەرز قىلغايسەن. بەس، ئاندىن مۇسۇلمان
بولغايمەن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئۇلار قەبۇل
قىلماسلەر.» ئامىر ئەيدى: «مەن قەبۇل قىلدىم، ئۇلار ھەم قەبۇل
قىلغايلەر. ئامىر بىننى تۇفەيلكىم ئول قەبىلەلەر ئەمىرىدۇر، ئاڭا نامە
ئىبەرگىل، ئۆز دىنىڭغە تەكلىف قىلغىل. مەن ھەم نامە ئىبەرەي، تاكى
مۇسۇلمان بولغايلەر.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇھاجىر -
ئەنساردىن قىرىق كىشى بىرلە ئامىر بىننى تۇفەيلغە ئىبەردىلەر. بۇلار جابرۇ
مەئنۇيەگە كېلىپ بارىپ تۇشتىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم
نامەلەرىنى ئەبۇلبەرا نامەسى بىرلە ھەزام بىننى خالىددىن ئامىرغە
ئىبەردىلەر. ئول نامەنى ئوقۇپ، ھەزامنى ئۆلتۇرۇپ، ئىككى يۈز كىشى بىرلە
مەئنۇيەگە كېلىپ، ئول قىرىق تەن سەھابەلەرنى شەھىد قىلدى. بۇلاردىن
ئۆمەر بىننى ئۇمەييە ئەيدى: «ئەي ئەمىر، مەن بۇلاردىن ئەمەسدۇرمەن.»
بەس، ئۆمەرنى قويا بەردىلەر ئەرسە، مەدىنەگە كەلدى. مەدىنەنىڭ سەھراسىدا
ئىككى كافىر يولۇقتى ئەرسە، ئانى ئۆلتۈردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر
سەل-ئەل-لەمغە بۇ ۋاقىئەلەرنى تەمام بەيان قىلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر
سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئول كافىر ئامان تىلەپ كەلگەن ئەردى، ئانى
ئۆلتۈرمەگەي ئەردىڭ.» بەس، ئەبۇلبەرانى چىرلاتىپ، ئامىرنىڭ
قىلغانلارىنى ئەيدىلەر ئەرسە، ئەبۇلبەرا خىجىل بولدى؛ قەبىلەسىگە كىشى
ئىبەردىكىم، تاكى ئامىرنى خەلق بىرلە ئۆلتۈردىلەر. ئول ئىككى كىشى بەنى
نەزىردىن، مۇسۇلمانلار بىرلە ئەھدلىغ ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر
سەل-ئەل-لەم مەدىنەنىڭ ئەترافىدەكى جوھۇدلار بىرلە ئەھد قىلىشقان

ئەردىلەركىم، ھېچ نەۋئ دۈشمەنلەرگە ياۋەر بولماغاي؛ ئول مۇسۇلمانلاردىن
ھەم ئۇلارغە دەخل بولماغاي. بەس، ئۆمەر بىننى ئۇمەييە ئول ئىككى
جوھۇدنى ئۆلتۈردىلەر ئەرسە، بەنى نەزىر ئۇلۇغى سەللام بىننى مۇسەللەم
كىشى ئىبەردىكىم: «بىزنىڭ ئىككى كىشىمىزنى مەدىنەدە ئۆلتۈرۈپدۇرلەر،
بىز ئەھدىمىزدە تۇرۇپدۇرمىز، ئول ئىككى كىشىنىڭ خۇن بەھاسىنى
بەرسۇنلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «راست ئەيتىپدۇر،
بۇخۇن بەھاسىنىڭ نىسفىنى مەدىنە خەلقى بەرسۇن، نىسفىدىن ئۆزگەنى،
قەبىلەلەركىم مەدىنەنىڭ ئەترافىدەدۇر، ئۇلار بەرسۇن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر
سەل-ئەل-لەمنىڭ يەئفۇ ئاتلىغ بىر ئىشەكلەرى بار ئەردى، ئاڭا مىندىلەر.
ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئۆمەر بىننى خەتتاب، ئەلى بىننى ئەبى تالىب
رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمە ئەيىننى ئالىپ، ۋەلىد بىننى ھەسىننى ھەمراھ
قىلىپ، ئول قۇرغانغە باردىلەر ئەرسە، جوھۇدلار ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم
سەل-ئەل-لەمنى كۆرۈپ، دەرۋازەنى ئاچتىلەر، دەرۋازەدە ئولتۇردىلەر.
ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «بىز قورغانغە كىرىپ،
سۆزىمىزنى تۈگەتىپ يانۇرمىز.» بەس، قورغانغە كىردىلەر. جوھۇدلار
مەسلەھەت قىلدىلەركىم: «مۇھەممەدنى بىز مۇنداغ تەنھا تاپماسمىز، مەھەل
بۇدۇركىم، باشىغە ئۆگزەدىن تاش سالىپ ئۆلتۈرگەيمىز.» بەس، ھەزرەتى
جەبرائىل ئەلەيھ-س. بۇ ۋاقىئەنى كېلىپ خەبەر بەردىلەركىم، ھەزرەتى
پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يالغۇز مەدىنەگە ياندىلەر. جوھۇدلار ئۆگزەگە چىقىپ
باقتىكىم، ھەزرەتى سەل-ئەل-لەم يوقدۇرلەر. بەس، ئەيدى: «ئانھەزرەت
قايدادۇر؟» ھەزرەت ئەلى ئەيدىلەر: «بىر ھاجەتكە بارغاندۇرلەر.» بەس،
مەدىنەدىن بىر كىمەرسە كېلىپ، ئەيدى: «مەن مۇھەممەدنى مەدىنە
دەرۋازەسىدە كۆردۈم.» بەس، بۇلار يەئفۇنى ھەيدەپ، مەدىنەگە ياندىلەر.
ئەيدىلەركىم: «يا رەسۇلۇللاھ، نە ۋەجھىدىن بىزنى قويۇپ يالغۇز
كەلدىلەر؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «ھەزرەتى
جەبرائىل ئەلەيھ-س. كېلىپ جوھۇدلارنىڭ مىكرىنى خەبەر بەردىلەر ئەرسە،
ئاندىن ياندىم.» دەپ ئايەت ئوقۇدىلەر. بەس، ئول جوھۇدلارغە كىشى
ئىبەردىلەركىم: «سىزلەر ئەھدىڭىزلارنى سىندۇرۇپ، خىيانەت ئەندىشە
قىلدىڭلار. ئەمدى بۇ ئەترافدىن كېتىڭلار. مەن ھەم ئەھدىمنى بۇزدۇم.»

بەس، ئابدۇللاھ بىننى ئۇبەي كىشى ئىبەردىلەركى: «ئاندىن قوزغالماڭلار، مەن ئىككى مىڭ كىشى بىرلە مۇھەييادۇرمەنكم، سىزلەرگە يارى بېرۇرمەن.» بەس، جوھۇدلار سەردارىغە ئەيدىلەر: «بىزگە بىر تەدبىر ئەيغىل.» ئول ئەيدى: «مۇھەممەد كەلمەس، بىز مال - مۇلكەتىمىزنى ئالىپ مۇندىن كەتكەيمىز.» ئۇلار ئەيدى: «بىز سىنىڭ سۆزۈڭگە كىرمەسمىز، مۇندىن كەتمەسمىز.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كىشى ئىبەردىلەركىم جەڭگە مۇھەييا بولۇڭلار دەپ. جوھۇدلار ئابدۇللاھ ئۇبەيگە كىشى ئىبەردىكىم: «بىزنى قوزغالماڭلار دەپ ئەردىڭ، ئەمدى ياۋەر بولغىل، مۇھەممەد جەڭگە ئامادە بولۇپدۇرلەر.» بەس، ئابدۇللاھ ئۇبەيگە بۇ سۆزنى ئەيدى ئەرسە، ئوغلى ھازىر ئەردى، ئىزتىراب بىرلە قوپتى. ئابدۇللاھ ئەيدى: «ئەي ئوغلۇم قايان بارۇرسەن؟» ئول ئەيدى: «مۇھەممەد جوھۇدلار غەزاتىغە كېلۇرئىمىشلەر، ئاڭا بارۇرمەن.» ئابدۇللاھ ھېچ نىمە دىمەدى. ئول جوھۇدلار ئەرزىنى تەمام قىلماي يانىپ كەلدى. ئەيدى: «ئابدۇللاھ ئوغلىنى بۇيرۇمادى. ئىككى مىڭ كىشىنى قاچان ئىبەرسۇن! ئابدۇللاھنىڭ سۆزىگە فىرىفتە بولۇپ، ئۆزۈڭلەرنى ئۆلۈمگە تىكتىڭلار!»

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ مەھەلدە قورغاننىڭ ئالدىغە تۇشتىلەر. دەرەختلەرنى كەسكەلى بۇيرۇدىلەر. جوھۇدلار ئەيدىلەر: «دەرەختلەرنى كەسمەك لازىم ئەمەسدۇر، زۇلۇم - سىتەم بولۇر، خۇداغە ناپىسەند كېلۇر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «خۇدانىڭ ئىزنى بىرلە خاھلاساق كېسەرمىز، يا قويارمىز.» بەس، جوھۇدلار ئامان تىلەدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر بۇ شەرت بىرلە ئامان بەردىلەر: مۇسۇلمانلاردىن ھەركىم بىر خەرۋار يۈك ئالغايلەر ۋە خاھلاغانچە ئەسىر ئالىپ قالغاننى قويۇپ يانغايلەر. ھەق تەئالا فەرمان ئىبەردىكىم، «يا مۇھەممەد، بۇ غەنىمەت ئەمۋالنى خاس ساڭا بەردىمكى، ئۆزگەلەرگە نەسىب يوقدۇر. تاكى يەنە، خاھلاساڭ قويغىل، ھەركىمگە خاھلاساڭ بەرگىل.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ ئەمۋالنىڭ ھەمەسىنى مۇھاجىرغە بەردىلەركىم ھەمراھ ئەردىلەر.

بۇ ۋاقىئە ھىجرەتدىن تۆرتىنچى يىلى سەفەر ئايىدا ئەردى.

# فەسل دەستان
# زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھلارىغە ئالغانى زىكرى

ۋاقىئە ئول ئەردىكىم، زەيد بىننى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىسەرخان قىلغان ئەردىلەر، خەلق زەيد بىننى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم ئاتار ئەردىلەر. بەس، چوڭ‍ۇدىلەر ئەرسە، زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئالىپ بەردىلەر. ئۇلەر ئۆز ۋەقتلەرىدە، ھۆسن - جەمالدا يىگانە ئەردىلەر. ئاتالەرى جەھىش ئەردى. بەش يىل زەيد بىننى ھارىسە بىرلە روزگار بولدىلەر. بىركۈنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم زەيد بىننى ھارىسەنى ئىزدەپ باردىلەر. ئىشىك قاقتىلەر ئەرسە، ئىشىك ئاچىلىپ كەتتى. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەربەرەھنە ئولتۇرۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يۈزلەرىنى كۆرۈپ ئەيدىلەر: «زەيد قايانۇر؟» زەينەب ئەيدىلەر: «تالاغە چىقىپ ئەردى.» بەس، مۇبارەك كۆزلەرىگە زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا سەر بەرەھنە ئۆز كۆرۈندىلەر، مۇبارەك كۆزلەرى يەنە قاراماقنى خاھلادىلەر ئەرسە، كۆزلەرىنى يۇمۇپ: «سۇبھانەللاھۇلئەزىم سۇبھانەللاھۇل مۇقەللىبۇل قۇلۇب» يەئنى «ھەمە نۇقسان - ئەيىبدىن پاك خۇداۋەندىكىم ئۇلۇغدۇر، كۆڭ‍ۈللەرنى ئۆگۆرگۈچىدۇر.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ياندىلەر ئەرسە، زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدى. زەينەب ئەيدىلەر: «ئانھەزرەت كېلىپ ئىدىلەر، مەن سەربەرەھنە ئەردىم، كىرمەدىلەر. مۇنداغ دەپ ياندىلەر» دىدىلەر. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانھەزرەت كۆڭ‍ۈللەرى مەيىللەرىنى بىلىب ئەيدىلەر: «ئەمدى سىنىڭ بىرلە بولۇپ بولماس.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇللاھ، مەن زەينەبنى تالاق قىلۇرمەن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «كۆڭلۈڭنى غەمدىن ئازاد قىلاي. بارغىل، ئانى ياخشى ئاسراغىل.» ئەمما كۆڭ‍ۈللەرى خوش بولدى، ئىزھار قىلمادىلەر. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بارىپ، زەينەبنى تالاق قىلدىلەر. قاچانكىم ئىددەتلەرى چىقتى ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە كىشى

ئېيەردىلەركىم: «زەيد مېنى ھەزرەتلەرى جەھەننەمدىن تالاق قىلدى، ئەمدى ئىختىيار قىلغايلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەيا ۋە شەرمدىن خاموش بولدىلەر. كۆڭۈللەرىدە خاھىشلەرى بار ئەردى. ھەق تەئالا ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ كۆڭۈللەرىنىڭ خاھىشىغە فەرىشتەلەر ئاراسىدا نىكاھ قىلىپ، ئايەت ئىبەردىكىم: «زەينەبنى ساڭا بەردىم.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىر مەزلۇمەنى ئاڭا خۇشخەبەرگە ئىــــبەردىلەر. ھەزرەتى زەينەب تەمامى سىلاھلارىنى ئول مەزلۇمگە بەردىلەر. بۇ ۋاقىئەدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا غەمكىن بولدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئائىشە، خۇداي تەئالانىــڭ ئەمرىــگە كۆڭلۈڭنــى ئاغرىــتۇرمۇ سەن!» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم زەينەبنىـــــڭ ئۆيلەرىگە باردىلەر، ۋەيەنە نىكاھ قىلدۇردىلەر. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۆڭۈللەرىدە فىكر قىلىپ ئەيدىلەركىم: «مېنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە ھەق تەئالا بەرگەندۇر، ئۆزگە ئىزدەۋاج مۇتەھھەراتنــى ھەزرەتـــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۆزلەرى ئالغاندۇرلەر.»

بۇ ۋاقىئە ھىجرەتدىن بەشىنچى يىل مۇھەررەمدە ئەردى.

## دەستان
## غازاتۇل جەندەل ۋاقىئەسى

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ ۋاقىئەسى ئول ئەردىكىم، بۇ يىل رەبىئۇل ئەۋۋەل ئاينىڭ بىرمۇنچەسىدە ئەردى، خەبەر قىلدىكىم، تائىفە ئەرەب زەمزۇمەل جەندەلدە يىغىلىپدۇر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم لەشكەر ئالىپ باردىلەر ئەرسە، كافىرلار خەبەر تاپىپ قاچتىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھىچكىم تاپمادىلەر. ئىككى كۈن ئاندا تۇردىلەر. بەنى تاختە، بەنى فەرارە ئىككى قەبىلە ئەرەب ئول بادىيەدە ئەردى. ئانىڭ سەردارى ئۆيەنيە بىننى ھىسنــى ئەردى، ئول كېلىـــپ، ھەزرەتـــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن يايلاغ تىلەدى ۋە ئەيدىكىم، «بىزنىڭ دىيارىمىز قۇرۇپ چۆل بولۇپدۇر، بىزگە مەدىنەدە يايلاغ بولسە، بەرسەلەر.» بەس، ھەزرەتـــى

پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىرمۇنچە نەرسە بىرلە سۇلۇھ قىلىپ، يايلاغ بۇيرۇدىلەر. ئاندىن مەدىنەگە ياندىلەر.

## غەزۋەئى خەندەك

ئەلقىسسە ۋاقىئى ئول ئەردىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاچانكىم جوھۇدلارنى نەزىردىن قوغلادىلەرئەرسە، ئەرەبىستانغە تەفرىقە بولدى؛ ھەرشەھەردە بار خەلقدىن ياۋەرلىك تىلەدى. ئەبۇ سۇفيان باشلىغ ھەمە قۇرەيشلەر جوھۇدلار بىرلە ئىتتىفاق قىلدىلەركىم، مەدىنەگە بارغايلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئاگاھ بولۇپ، سەھابەلەر بىرلە مەشۇرەت قىلدىلەر. سەلمان پارىسى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «بىزدىن شەھەرنى بەركىتىپ، ئالدىغە چىقماغان ئۇلادۇر» بەس، بۇ مەسلەھەتكە ئىتتىفاق قىلدىلەر. ھەزرەتى سەلمان پارس ئەيدىلەر: «بىزنىڭ پارس شەھەرىدە لەشكەرنىڭ ئالدىغە چىقالماي، قورغان بەركىتەلەر، چۆگرەسىگە خەندەك قازارلەر، تاكىم ئاتلىغ ئۆتەلمەسلەر. بىزھەم خەندەك قازغايمىز.» بەس، بۇ تەدبىر ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە پىسەند بولدى. بەس، مەدىنە ئەترافىدا خەندەك قازدىلەر. چۇقۇرلۇقى يىگىرمە گەز، كەڭلىكى ھەم يىگرمە گەز ئەردى. ھەركۈنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم باشلارىدا چادىر تىكىپ ئولتۇرۇر ئەردىلەر. سەھابەلەر زەۋق - شەۋق ئىش قىلۇر ئەردىلەر تاكىم بىر ئايدا تەمام بولدى ئەرسە، لەشكەرى كۇفار مەدىنەگە كەلدى. لەشكەرنىڭ تولالىقىدىن مۇسۇلمانلار غەمكىن بولدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتۇر ئەردىلەركىم: «ھەق تەئالا بىزگە نۇسرەت بىرۇر. كافىرلارغە شىكەست بىرۇر.» قاچانكىم، كافىرلار كېلىپ خەندەكنى كۆردىلەر، ھەيران قالدىلەر. ھەرگىز مۇنداق ئىشنى كۆرگەن ئەمەس ئەردىلەر.

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كېچە - كۈندۈز خەندەك لەبىدە تۇرار ئەردىلەر. مۇنافىقلار كېچە ئۆيىگە بارۇر ئەردى ۋە ئەيتۇر ئەردى: «ئەگەر بىر ۋاقىئە بولسە، بىزنىڭ ئۆيدە بولغانىمىز بەھراقدۇر.» بەس، كافىرلار يىگىرمە ئالتە كۈن تۇردى، ھىچ جەڭ بولمادى. ئەمما بىر - بىرلەرىگە ئوق

ئاتمىشۇر ئەردىلەر. كافىرلاردىن ئۈچ كىشىگە ئوق تېگىپ دەۋزەخقە كەتتى. بىركۈنى، قۇرەيشنىڭ ئۇلۇغلاردىن ئالتە كىشى خەندەككە تۈشتى ئەرسە، يانىپ چىقالماي ئاتىدىن يىقىلىپ ئەردى. ھەزرەتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھە خەندەككە تۈشۈپ، ئول كافىرنى قىچقىردىلەر. ئول كافىر ئەيدى: «يا ئەلى، مەن سېنىڭ قولۇڭدا ئۆلمەكلىكنى خاھلاماسمەن.» ھەزرەتى ئەلى ئەيدىلەر: «ئەي بەدبەخت، سەن مېنىڭ قولۇمدا ئۆلەرسەن!» بەس، ئول كافىر ئاچچىغلاپ ھەزرەتى ئەلىغە يۈگۈردى ئەرسە، ھەزرەتى ئەلى بىر زەرب بىرلە يىقىتىپ، باشىنى كەستىلەر. يەنە بىر كۈنى، ئۇلۇغ پەھلىۋارلاردىن ئۆمەر بىننى سەلۇخ ياراغ بىرلە خەندەك لەبىدە ئەردى. بىر جەمىئ خەلق ھەزرەتى ئەلىنى تەئرىف قىلدىلەر. ئۆمەرنىڭ مەھلۇب ئاتلىغ بىر ئاتى بار ئەردى، ئانى توقۇپ كەلگەلى بۇيرۇدى. بىر ئاينە ئەتتۇرۇپ ئەردىكىم، ئاڭا كىشى باقالماس ئەردى. ئانىڭ ئاتىنىڭ پېشانەسىگە باغلاپ، شېئىرلار ئوقۇپ، نەچەند قۇلى بىرلە خەندەك لەبىگە كەلدى. ئاتىنى خەندەككە سەكرەتتى، ئول تەرەفىگە ئۆتەلمەدى، يانىپ چىقتى ئەرسە، ھەزرەتى ئەلىغە ئەيدىلەر: «يا ئەلى! ئۆمەر سېنىڭ بىرلە جەڭ قىلغالى خەندەككە تۈشۈپ ئەردى.» بەس، ھەزرەتى ئەلى خەندەككە تۈشۈپ، يەنە بىر تەرەفدىن چىقتىلەر ئەرسە، ئۆمەر ئات بىرلە ئىدىلەر ۋە ئەيدى: «سەن كىمدۇرسەن؟» بۇلەر ئەيدىلەر: «مەن ئەلىدۇرمەن؟» ئۆمەر ئەيدى: «مەن سېنىڭ بىرلە جەڭ قىلغالى نامۇس قىلۇرمەن.» ھەزرەتى ئەلى ئەيدىلەر: «مەن ناموس قىلماسمەن، ئەگەر جەڭ قىلۇر بولساڭ، سەن ھەم پىيادە بولغىل.» بەس، ئۆمەر ئاتىدىن تۈشۈپ، شەمشەر بىرلە ئاتىنىڭ ئاياغىنى كېسىپ تاشلادى. ئەيدى: «ئەمدى بەھانە قالمادى. مەن ھەممە خەلايىقنى سېنىڭ ئەزابىڭدىن قۇتغازۇرمەن» دەپ كېلىپ، ھەزرەتى ئەلىنى تۇتتى. ئىككۈ ئەرتەدىن نەماز پېشىنغە تۇتۇشتىلەر؛ ئەرەبدە ئانىڭدىن دىلاۋەر، پەھلىۋانراقى يوق ئەردى. ھەر زەربكى ھەزرەتى ئەلى ئۇرار ئەردىلەر، كارگەر بولماس ئەردى. ئاخىر ئەيدىلەر: «ئەي ئۆمەر، جەڭگە يالغۇز كېلۇرمەن دەپ ئىدىڭ، ئوغلۇڭ نېچۈكدىن كېلۇر؟» بەس، ئۆمەر ئارقەسىغە قارالادى ئەرسە، ھەزرەتى ئەلى شەمشەر بىرلە ئىككى يوتاسىنى كېسىپ تاشلادىلەر. ئۆمەر ئەيدى: «يا ئەلى، ماڭا فىرىب بەردىڭ.» ھەزرەتى ئەلى ئەيدىلەر: «جەڭ ھەممە فىرىبدۇر.» ئۆمەر ئاياغسىز

ھەزرەتی ئەلىغە باقىپ، ئولتۇردى. ھەزرەتی ئەلی شەمشەر بىرلە ئىككى پارە قىلدىلەر، يانىپ خەندەكدىن ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارغە قوشۇلدىلەر. كافىرلار ئۆمەرنى بۇ ھالدا كۆرۈپ، پەرشان بولدىلەر.

بەس، كىچەسى بەنى غەتەفاندىن نۇئەيم بىننى مەسئۇد ئاتلىغ بىر سەردارى بار ئەردى. ھەزرەتی پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاشلەرىغە كەلدى، ئىمان ئەيتىپ مۇسۇلمان بولغان ئەردى. ئەيدى: «چەندان ۋەقتدۇركىم ئىمانىمنى پىنھان تۇتار ئەردىم. ئەمدى ماڭا بىر ئىش بۇيرۇغىل.» ھەزرەتی پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەي نۇئەيم، خاھلارمەنكىم، يانىپ بارىپ، كافىرلارنى پەراكەندە قىلغايسەن.» بەس، نۇئەيم ئەبۇ سۇفيان بىرلە دوست، تەمام ئۇلۇغلارى بىرلە ئاشنا ئەردى. ئول كىچە يانىپ بارىپ، تەمامى جوھۇدلارنى يىغدى. ئەيدى: «سىزلەر مىنىڭ دوستلۇقۇمنى بىلۇرسىزلەر. ھەربابدا نەسىھەتىمنى ئىشىتۇرسىزلەر. مەن ئانداغ بىلۇرمەنكىم، ھەمە ئەرەب يىراق يولدىن كېلىپ، كەلگەنلەرىگە پۇشەيمان قىلىپ، چەندان كۇندۇركىم، جەڭ قىلالماس. سىزلەر ئەگەر جەڭ قىلىپ زەفەر تاپساڭلار، بىرەر نەرسە ئالىشقە ھەر قايسى ئۆز قەبىلەسىغە يانارلەر. ئەگەر جەڭ قىلماساڭلار، بىر كىچەدە ئۇلار يانىپ كېتەر، مۇندا قالۇرسىزلەر.» ھەمە جوھۇدلار ئەيدى: «راست ئەيدىڭ.» ئەيدى: «ئەيغىلكىم تەدبىرى نەدۇر؟» نۇئەيم ئەيدى: «مەسلەھەت ئولكىم، بەنى غەتەفان ۋە مەككە ئۇلۇغلارى فەرزەندىنى گۆرۆ ئالماغۇنچە جەڭ قىلماغايسىزلەر.» بەس، ھەمە جوھۇدلار بۇ مەسلەھەتكە ئىتتىفاق قىلدىلەر ئەرسە، نۇئەيم ئاندىن يانىپ، ئەبۇ سۇفياننىڭ قاشىغە كەلدى. ھەمە قۇرەيشنى يىغدى ۋە ئەيدى: «بىلۇرسىزلەركىم، مەن سىزلەرگە دوست قەدىمدۇرمەن. بىر سۆز ئىشىتتىمكى، ئەيتماساڭلار ئەيتۇرمەن. بىلگەيسىزلەر ھەمە جوھۇدلار ھەزرەتی مۇھەممەد بىرلە ئەھدلىغ ئەردىلەر، سىزلەر بىرلە ئىتتىفاق بولدىلەر. ئەمدى، سىزلەر يانغاندا، مۇھەممەد بىزگە قەسد قىلۇر دەپ قورقۇپ، ئۇلاردىن پەناھ تىلەپ كىشى ئىبەرىپدۇرلەر. ئەيتىپدۇرلەر بىز بىر بەھانە بىرلە قۇرەيش ئۇلۇغلارىنىڭ فەرزەندىنى ساڭا تۇتۇپ بېرۇرمىز، تاكىم بىزدىن رىزا ۋە خۇشنۇد بولغايسەن. مەن سىزلەرگە خەبەر قىلدىم، ئەگەر فەرزەندىڭلارنى ئۇلارغە بەرسەڭلار ئۇلارنىڭ خۇنىغە زامىن بولۇرسىزلەر.» بەس، نۇئەيم چىقىپ، بەنى غەتەفانغە ھەم بۇ

سۆزلەرنى ئەيدى. بۇ ۋاقىئە ئازىنە كۈنى ئەردى، ئەرتەسى شەنبە كۈنى بەنى غەتەفان، ئەبۇ سۇفيان جوهۇدلارغە كىشى ئىبەردىكىم: «جەڭگە كەلسۇنلەر، بىز ئوزاق تۇردۇق، ئەمدى جەڭ قىلۇرمىز.» جوهۇدلار ئەيدى: «بىز شەنبە كۈنى نېچۈك جەڭ قىلۇرمىز!» ئەبۇ سۇفيان كىشى ئىبەردىكىم، «ئەگەر بۇگۈن جەڭگە كەلمەسەڭلار مۇندىن زىيادە تۇرماسمىز.» جوهۇدلار بىلدىلەركىم، نۇئەيم راست ئەيتەدۇر. بەس، جەۋاب ئىبەردىكىم: «سىزلەر يىراقدىن كەلگەنسىزلەر، بىز سىزلەردىن ئەمىن ئەمەسمىز. تا فەرزەندىڭلارنى گۆرۆ ئىبەرمەگۈنچە جەڭگە بارماسمىز.» قۇرەيشلەر ئەيدى: «ئەگەر جەڭگە كەلسەلەر خوبدۇر، ئەگەر كەلمەسەڭلار يانىپ كېتەرمىز.» بۇلارغە بۇ تەرىقە خىلاف تۈشتى ئەرسە، كېچەسى هەق تەئالا سائىقە شامالغە فەرمان قىلدىكىم، تاكىم قاتتىغ بوران پەيدا بولدى. كافىرلارنىڭ كۆڭلىگە ۋەهم - هەراس تۈشتى. هەمە قاچماقغە تەدبىر قىلدىلەر. هەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نەماز خۇفتەندىن يانىپ ئەيدىلەر: «هەق تەئالا بۇ كېچە كافىرلارنى تەفرىقە قىلۇركىم. بارىپ خەبەر كەلتۇرگەيسىزلەر.» بۇ سۆزلەرنى ئۈچ مەراتىبە تەكرار قىلدىلەر. هىچكىم جەۋاب بەرمەدى. بەس، خۇزەيفە يەمانى رەزىيەللاهۇ ئەنهۇنى چىرلادىلەر، ئەيدىلەركىم: «سەن بارىپ بىر خەبەر كەلتۇرگىل، هىچ ئىش قىلماغىلكىم بىزگە يامانلىق بولۇر.» خۇزەيفە لەشكەرگە باردىلەر، كۆردىلەركىم، ئەبۇ سۇفيان تەمامى خەلقلەرنى چادىرىغە يىغىپدۇر. بەس، خۇزەيفە كافىرلار بىرلە ئەبۇ سۇفيانىنىڭ خەيمەسىگە كىردىلەر ئەرسە، ئەبۇ سۇفيان ئەيدى: «ئەي خەلق، مەن بىر سۆز ئەيتۇرمەنكىم، هەركىشى ئالدى - ئارقەسىغە باقىپ، خەبەردار بولسۇن.» بەس، خۇزەيفە دەرهال بىر ئادەمنىڭ ئارقەسىغە ياشۇندىلەر ئەرسە، ئەبۇ سۇفيان ئول ئادەمگە ئەيدى: «سەن نە كىشىسەن؟» ئول ئەيدى: «مەن فالانىنىڭ ئوغلىدۇرمەن.» ئاندىن ئەيدى: «ئەي قۇرەيشلەر، بىلىڭلاركىم بىز مۇندا كېلىپ بىسيار رەنج - مۇشەققەتلەر كۆردۇك، جوهۇدلار بىزگە خىلاف قىلدىلەر. ئەگەر بىزنىڭ خىلافىمىزنى مۇهەممەد ئاڭلاسالەر، بۇ بوران سائىقەدە شەبىخۇن كەلتۇرۇر. بىزنىڭ ئەمدى مۇندا تۇرغالى ئىمكانىمىز يوق. چۈنكى ئوت - سامان هەم يوق. بۇكېچە ئەلبەتتە كەتمەك لازىمدۇر. ئەگەر ئەرتەسىغە قالساق بىر ۋاقىئە بولغۇسىدۇر.» بەس، خۇزەيفە خەيمەدىن

چىقتىلەر. كۆردىلەركىم ئەبۇ سۇفيان خەيمەسىدىن چىقتى، بىر تۆگىنى تىزلاپ قويغان ئىكەنلەر. ئاڭا مىندى، ئۇل تۆگىنىڭ تىزىنى مىنىپ تۇرۇپ، شىتاب ۋە ئىزتىراب بىرلە يېزىپ قاچىپ كەتتى. بەس، ئۇل كېچەسى ھېچ نەرسەگە باقمادى، تىز تۈند قاچىپ كەتتىلەر ئەرسە، خۇزەيفە مەدىنەگە كەتتىلەر ئەرسە، سۆرەتى ھالىنى بەيان قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «مەن ئەبۇ سۇفيانىنى ئۆلتۈرۈر ئەردىم، لېكىن ھەزرەتى پەيغەمبەرنىڭ ئەمرلەرىنى تۇتۇپ، ھېچ نىمە قىلمادىم.» قاچانكىم، لەشكەرى كافىر قاچتىلەر ئەرسە، نەچەند كافىرلار ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ۋەئدەلەرى راستلىقىنى بىلىپ، بېرھەقلىقىغە جەزم قىلىپ، مۇسۇلمان بولدىلەر. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. خەبەر كەلتۈردىلەركىم، مەزمۇنى بۇدۇر: «ئەي مۆئمىنلەر، خۇدايىڭلارنىڭ نېئمەتىنى ياد قىلىڭلاركىم. سىزلەرگە لەشكەر كەلدى ئەرسە، شامال لەشكەرىنى ئىبەرىپ، ئۇلارنى تەفرىقە - فەراكەندە قىلدى.»

بۇ ۋاقىئە ھىجرەتدىن بەشىنچى يىلى شەۋۋال ئايىدا ئەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەمدى قۇرەيشلەر بىزنىڭ بىرلە جەڭگە كەلمەس، بىزدىن جەڭگە بارماق لازىم.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم غازات ئەسبابىنى راست قىلىپ، لەشكەر ئالىپ، جوھۇدلارنىڭ قورغانىغە باردىلەر ئەرسە، جوھۇدلار قورغانىنى بەركىتتىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «ئەي خەرىس - نابېكارلار، خۇداي تەئالانىڭ ھۆكمىنى كۆردۈڭلار ۋە بىلدىڭلار!» جوھۇدلار ئەيدىلەر: «ئەي مۇھەممەد، بۇ پەيغەمبەرلەرنىڭ سۆزى ئەمەسدۇر، نېچۈكدىن بىزنى مۇنداغ دېرسەن؟!» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا جوھۇدلارنى مۇنداغ ياد قىلىپدۇر.» بەس، يىگىرمە كۈن ئۇل قورغاننى مۇھاسىرە قىلدىلەر. ئۇلارنىڭ سەردارى كەئىب بىننى ئەسەد ئەردى. ئۇل ئەيدى: «ئەي خەلق، ئۈچ ئىشدىن بىرىنى ئىختىيار قىلىڭلار: يا مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمغە ئىمان كەلتۈرۈڭلار.» جوھۇدلار ئەيدى: «مۇنى ئىختىيار قىلماسمىز، تەۋرات شەرىئەتىدىن چىقماسمىز.» يەنە ئەيدى: «شەمشەر ئالىپ زەن - فەرزەندىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال - ئەمۋاللارنى پىنھان بولغۇدەكنى ياشۇرۇپ، قالغاننى كۆيدۈرۈپ، جەڭگە تۇرغايسىزلەر؛ ئەگەر ئۇل زەفەر تاپسە، زەن - فەرزەندىن دىلجەمئ بولغايسىزلەر؛ ئەگەر زەفەر تاپساڭلار

زەن - فەرزەند، مال - ئەمۋال يەنە تاپخايسىزلەر.» جوھۇدلار ئەيدى: «بىز
تىرىك باقىپ تۇرۇپ، ئەھلى - ئەيالىمىزنى ئۆلتۈرمەسمىز، ئۇلارسىز بىزگە
تىرىكلىك يوقدۇر.» يەنە ئەيدى: «ئەگەر ئانداغ بولسە، شەنبە كېچەسىدۇر،
مۇھەممەد بىزدىن بۇ كېچە ئەمىندۇر، شەبىخۇن كەلتۈرگەيسىزلەر.»
جوھۇدلار ئەيدى: «شەنبە كۈنىنىڭ ھۆرمەتىنى ھەم سىندۇرماسمىز.» كەئىب
ئەيدى: «ئانداغ بولسە، ئۆزۈڭلار بىلىڭلار.» بەس، يىگىرمە بەش كۈن
بولدى. جوھۇدلار بىنەھايەتدۇر، تەڭ بولۇپ ئامان تىلەدىر. ھەزرەتى
پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن سىزلەرگە خۇداي تەئالانىڭ فەرمانى
بولسە ئامان بېرۈرمەن.» جوھۇدلار ئەيدى يەنە: «بىزگە بەنى نەزىرنىڭ
تەرىقەسىدە ئامان بەرگىلكىم، ئۇلار زەن - فەرزەندلەرنى تاشلاپ شامغە
كەتتىلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن خۇداي
تەئالانىڭ ئەمرىدىن تاشقارى ئىش قىلماسمەن.» بەس، ئەبۇ لۇبابە ئاتلىغ بىر
كىمەرسە بار ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئاڭا ئىززەت قىلۇر
ئەردىلەر، ئانى مەدىنەدە قويۇپ كېلىپ ئەردىلەر. ئانىڭ جوھۇدلارنىڭ
قورغانىدا مال - ئەمۋاللارى بار ئەردى. جوھۇدلار ئەيدى: «ئەبۇ لۇبابەنى بىزگە
ئىبەرگىل.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەبۇ لۇبابەنى كەلتۈرۈپ
ئەيدىلەر: «سەن بارىپ، جوھۇدلارغە خۇداي تەئالانىڭ ئەمرىنى ۋە رەسۇلى
خۇدانىڭ نەسىھەتلەرىنى بەيان قىلغىل.» بەس، ئەبۇ لۇبابە قورغان
دەرۋازەسىگە كەلدى ئەرسە، جوھۇدلار ئەيدى: «بىزنى مۇھەممەد قورغاندىن
چىقىڭلار دەپ ھۆكۈم قىلۇر، سەن نە دەرسەن؟» ئەبۇ لۇبابە ھىچ جەۋاب
بەرمەدى. ئەمما بىر قولىدا ساقالىنى تۇتۇپ ۋە بىر قولىدا ھەلقىدىن ئىشارەت
قىلدىلەركىم باشىڭلارنى كېسەرلەر؛ ئاندىن ياندى ئەرسە، ھەزرەتى جەبرائىل
ئەلەيھ-س. كېلىپ، بۇ خىيانەتنى خەبەر قىلدى. ئول مال - ئەمۋالى ئۈچۈن
خىيانەت قىلىپ ئەردى. بەس، جوھۇدلار ناچار قورغاندىن چىقتىلەر ۋە
ئەيدىلەر: «ئەي رەسۇلى خۇدا، بىزگە ئامان بەرگىل، ياخشىلىق قىل.»
ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن ئۇلۇغۇڭلار سەئد مۇئازنىڭ
ھۆكمىنى قەبۇل قىلۇرمەن، ئىختىيار قىلۇرمەن.» سەئد بىننى مۇئازنىڭ
قولىغە زەرب ئۇرغان ئەردى ۋە قان ئاقىپ تۇرار ئەردى. بەس، سەئدنى ئاتىغە
مىندۈرۈپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلەرىغە كەلتۈردىلەر

ئەرسە، سەئد ئەيدى: «ھەمەنى ئۆلتۇرۇپ، مال - ئەمۋالىنى غارەت قىلماق كېرەك.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەي سەئد، خۇداي تەئالانىڭ ھۆكمىغە مۇۋاپىق سۆز ئەيدىڭ.» بەس، جوھۇدلار بۇ سۆزنى ئىشىتىپ قۇدرەت تاپىغانچە دەشت - باياباننغە قاچتىلەر. ئۆلارنىڭ لەشكەرى يۈز كىشى ئەردى. قالغانى مىلڭ، قوللارىنى باغلاپ، پۇل - ماللارىنى ئالىپ، زۇلقەئدەنىڭ ئاخىرىدا مەدىنەگە ياندىلەر. ئۈچ كۇندىن كېيىن بۇيرۇدىلەر تاكى مەدىنە بازارىنىڭ ئورتاسىدا بىر قۇدۇغ قازدىلەر. ھەزرەتــــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئول قۇدۇغنىڭ لەبىدە ئولتۇردىلەر. ھەزرەتى ئەلى، زۇبەيرە بىننى ئەۋام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بۇيرۇدىلەركىم، تەمامى جوھۇدلارنـــى كەلتۇرۇڭلار دەپ. ھەمەسنى بەرابەر ئۆلتۇرۇپ قۇدۇغقە تاشلادىلـەر؛ مەزلۇملەرىنى، نارەسىدە بالالارىنى ئازاد قىلدىلەر. ئول قورغاندىن تاش ئالىپ، مۇسۇلمانلارنى شەھىد قىلغان ئەردىلەر ھەمەسنى ئۆلتۇردىلەر. بەئزەلەرىنى ئۇرۇغ - تۇغقانلارى تىلەپ ئالدىلەر. بەئزەلەرىنى ئۇرۇغ - تۇغقانلارى تىلەپ ئالدىلەر. سەھابەلەردىن سابىت ئاتلىغ بىرلەرى بار ئەردى، ئۆلەر جوھۇدلارنىڭ ئۇلۇغ زەبىر ئاتلىغ بىر جوھۇدغە ئەسىر بولغانلەرىدە بىسيار ئازار بەرگەن ئەردى؛ ئانى سابىت ئەسىر قىلىپ ئەردىلەر. ئول جوھۇد سابىتنىڭ ئەھلى ئەيالىدىن سوردى: «جوھۇد قەۋمىنى نىمە قىلدىلەر؟» ئۆلەر ئەيدىلەر: «ھەمەنى ئۆلتۇردىلەر.» ئول بەدبەخت ئەيدى: «ماڭا بىر ياخشىلىق قىلغىــل، مېنــى ھەم ئۆلارغە قوشغىــل. ماڭا ئۆلارسىــز تىــرىــگلىــك بولماسۇن.» بەس، سابىت كىرىپ، ئانىڭ باشىنى كېسىپ تاشلادىلەر. ئاندىن، جوھۇدلارنىڭ مال - ئەمۋالىنى تەقسىم قىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم خۇمس ئالدىلەر. پىيادەلەرگە بىر ھەسسە، سۇۋارەلىغلارغە ئىككى ھەسسە بەردىلەر. بۇ تەقسىمات تا قىيامەت باقىدۇر.

## فەسلى دەستان
## غەزۋەئى بەنى لىھيان

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، بەنى لىھيان ئىككى قەبىلە ئەردى: بىرى ئەسەل، يەنە بىرى قارە. بۇلار مىكر بىرلە سەھابەلەردىن ئالتە كىشنى ئالىپ،

ئۇچلەرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇچلەرىنى مەككەدە ساتقان ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ خەبەرنى ئىشتىپ، ئول قەبىلەگە باردىلەر. ئۇلار خەبەر تاپىپ تاغقە چىقتىلەر قاچتىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھىچكىمنى تاپالمادىلەر، ياندىلەر.

## غەزۋەئى فۇرۇد

ئەلقىسسە، كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەدىنەگە كەلدىلەر ئەرسە، تىۋەلەرىنى رىياھ ئاتلىغ قۇللەرىدىن يايلاغقە ئىبەردىلەر. بەس، ئۇتبە بىننى ھىسسىن ئەلمىك كىشى بىرلە كېلىپ، تىۋەلەرىن ئالىپ قاچتى ئەرسە، رىياھ مەدىنەگە ياندى. يولدا سەھابەلەردىن سەلەمە ئاتلىغ سەھابەگە ئۇچرادى. بۇ ۋاقىئەنى ئۇلارغە ئەيدى. سەلەمە سەييياد، تىرەنداز ئىدىلەر؛ ئانچە يىلدامكىم كىيىكنى قوغلاپ تۇتار ئەردىلەر. سەلەمە ئول كافىرنىڭ نىشانەسىنى سوراپ، ئارقەسىدىن قوغلاپ يەتتىلەر. ئوق ئاتا باشلادىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ھەمىن سائەت ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يېتەرلەر.» بەس، ئول كافىر تىۋەلەرنى قويۇپ قاچتى ئەرسە، قوغلاپ ئوق ئاتار ئەردىلەر. ئۇتبە بىننى زەيد كافىرلارغە ئۇچراپ ئەيدى: «شەرم تۇتماسمۇسىزلەركىم مۇنچە ئاتلىغ، بىر پىيادە، مۇنچەمۇ قاچارسىزلەرمۇ؟» ئول كافىر يانىپ، سەلەمە بىرلە جەڭگە تۇردىلەر. سەلەمە بىر تاشغە بەركىپ، ئوق ئاتار ئەردىلەر. تۇش ۋەقتى بولدى ئەرسە، سەلەمە قاچتىلەر. كافىرلار تاپالمادى. بۇ ھال ئەردى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يېتىپ كەلدىلەر. كافىرلار قاچتى، تا ئاخشامغە قوغلاپ بارىپ، قۇدۇغ لەبىگە تۇشتىلەركىم، ئانى فۇرۇد ئاتار ئەردىلەر. ئاندا ئوت قالادىلەر. بىر تىۋە ئۆلتۈرۈپ سەھابەلەرغە بەردىلەر. بىر سائەت ئۆتۈپ ئەردى، سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچ ئاتغە كافىرلارنىڭ سىلاھ - ياراغلارىنى يۈكلەپ پەيدا بولدىلەر. يىراقدىن كۆردىلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئولتۇرۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى بىلال كەباب پۇشۇرۇرلەر. بەس، سەلەمە ئات، سىلاھ - ياراغنى كەلتۈردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم دۇئا قىلدىلەر، ياخشى ستايەشلەر قىلدىلەر؛ قاشلەرىدە ئولتۇرغۇزۇپ تەئام يېدۈردىلەر. ئەرتەسى مەدىنەگە ياندىلەر.

# غەزۋەئى بەنى مۇستەلەق

ئەلقىسسە، ئانداغ رىۋايەت قىلىۇرلەركىم، جەمىئ كافىرلار فۇرۇد لەبىدە يىغىلىپدۇرلەر ۋە يەنە جەمىئ كافىرلارغە مۇتتەزىردۇرلەر، ئۇلار بىرلە مەدىنەگە كېلۇرلەر دەپ خەبەر كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كافىرلار يىغىلماسدا دەرھال بارغايمىز دەپ، سەھابەلەر بىرلە باردىلەر. ئۈچ كۈن جەڭ قىلدىلەر. ئاخىر، كافىرلار قاچتىلەر ئەرسە، يەتتە كۈن ئاندا تۇردىلەر. بەس، مۇھاجىردىن بىر كىمەرسە ئەنسارىدىن بىرى بىرلە ئۇرۇشتىلەر. بۇلارنىڭ ئاراسىدا نىزائ شەمشەرى بىرلە جەڭ قىلماقغە ئەنجام تاپتى ئەرسە، ئابدۇللاھ بىننى ئۇبەي ئەنسارىغە ئەيدىلەر: «سىزلەرگە جەزا بۇدۇركىم، مۇھاجىرلارنى ساقلاپ، ئۇلارغە كەلگەن بەلاغە سىپەر بولۇپ، ئاخىر بۇ جەزانى تارتارسىزلەر، ئانداغكى، كىشى بۆرىنى ساقلاپ، ئاخىر ساقلاغان كىشىنى يەيدۇرغان. ئەگەر مەدىنەگە يانساق، مۇھاجىرلارنى چىقارغايلەر. ئەگەر چىقارماسالەر ھەم ھىچ نەرسە بەرمەگەيلەر، ئاچلىق ۋە تەشنالىككە ئۆلگەيلەر.» بۇ سۆزدە سەھابەلەردىن زەيد بىننى ئەرقەم ھازىر ئەردىلەر. بۇ سۆزنى ئەمەكلەرىغە ئەيدىلەر، ئۇلەر ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە يەتكۈردى ئەرسە، بىسيار پەرىشان بولدىلەر. ئۆمەر بىننى خەتتاب ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، نە ۋاقىئدۇركىم ھەزرەتلەرىنى پەرىشان كۆرەرمىز.» ئانھەزرەت ئەيدىلەر: «يا ئۆمەر، ئابدۇللاھ بىننى ئۇبەي مۇنداغ دەپدۇر.» ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ئىجازە بولسە مەن ئۇنى ئۆلتۈرەيكىم، ئانىڭ كۆڭلى كۇفردىن ھەرگىز پاك بولمايدۇر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «راست ئەيتۇرسەن، ئەمما خاھلاماسمەن- كىم، كافىرلار ئۆز سەھابەسىنى ئۆلتۈرۈپدۇر دىگەيلەر.» بەس، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ چىقتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئەندىشە قىلدىلەركىم، ئۆمەر بىر كىشىگە ئەيتىپ، ئابدۇللاھ ئۇبەيىنى ئۆلتۈرگەي. بەس، شول سائەت كۆچۈپ يۈردىلەر؛ بىر كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ، ئابدۇللاھ ئۇبەيگە يەتتىلەر. خەلق ھەيران بولدىلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىۋەقت ئەزىمەت قىلدىلەر. بەس، ئابدۇللاھ ئۇبەي خەلقىنى

يىغىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلىرىغا كەلدىلەر، «بۇ سۆزنى دىمەدىم» دەپ ئاند ئىچتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۆڭۈللىرىگە خۇش كەلدى. كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، سەھابىلەردىن بىرى ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، نېچۈكىدىن مۇنداغ شىتاب بىرلە يۈرىدىلەر. ؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر ئەيدىلەركىم: «ئابدۇللاھ ئۆبەي بۇ تەرىقە سۆزلەرنى ئەيتىپدۇر، ئول سەبەبدىن شىتاب قىلدىم. ئول سەھابە ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئانى مەئزۇر تۇتغىلكىم، خەلق ئانى پادىشاھ قىلىپ، باشىغە تاج قويماقچى ئەردىلەر. ھەزرەتلەرىگە كېلىپ ئاڭلاتمادىلەر. » بەس، خەلق زەيدگە مەلامەت قىلدىلەر. ئەمملەرىغە ئەيدىلەر: «سەن زەيدنىڭ يالغان سۆزىنى نە ۋەجھىدىن ھەزرەتى پەيغەمبەرغە يەتكۈردۈڭكىم، پەرىشان بولدىلەر. » بەس، زەيد بىننى ئەرقەم مۇناجات قىلدىلەركىم: «پەرۋەردىگارا، ھەرقايىسىمىز يالغان ئەيتغان بولساق، ئانى رەسۋا قىل! » بەس، ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم، مەزمۇنى بۇدۇر: «مۇنافىقلار گۇۋاھدۇرمىزكىم، سەن خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىدۇرسەن دەرلەر. ئاللاھ تەئالا بىلۇركىم سەن پەيغەمبەرى بەرھەقسەن؛ ھەق تەئالا ئۇلارنىڭ كۆڭلىدەكىنى خىلافەتكە گۇۋاھلىق بېرۇركىم، ھەر ئايىنە مۇنافىق يالغانچىدۇرلەر. » بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ۋە ئەمملەرىنى ئالدىغە چىرلاپ، ستايەشلەر قىلىپ، مۇبارەك قوللەرى بىرلە قۇلاقلەرىدىن تۇتۇپ ئەيدىلەر: «بۇلار ئول كىشىدۇركىم، خۇدا ۋە رەسۇلغە ۋەفا قىلدى، ھەرنە ئىشىتكەننى راستىچە ئەدا قىلدى. » بەس، مەدىنەگە يەتتىكىم، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنىڭ ئالدىلەرىغە ئابدۇللاھ ئۆبەينىڭ ئوغلى كەلدى، ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئاتامنى ئۆلتۈرۈر بولساڭ ماڭا بۇيرۇغىل، ئانى مەن ئۆلتۈرگەيمەن؛ ۋە ئەگەر يەنە كىشى ئۆلتۈرسە، مەن ئانى ئۆلتۈرۈپ مۆرتەد بولماغايمەن. » ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن ئانى ئۆلتۈرمەسمەن. » ئاندىن ھەزرەتى ئۆمەرگە ئەيدىلەر: «ئەگەر ئابدۇللاھنى ئول قۇدۇغ باشىدا ئۆلتۈرسەم، ھالا بۇ ئادەمدىن شەرم تۇتار ئىدىم. »

# ئايشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە بۆھتان بولغانلىق زىكرى

ئەلقىسسە، ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەربارە غەزاتقە بارسەلەر ئىزۋاج مۇتەھھىراتدىن بىرلەرىنى قۇرئە سالىپ، قايسىلەرىنىڭ ئاتلەرىغە چىقسە، ئۇلەرنى ئالىپ بارۇر ئەردىلەر. بەس، بۇ تەرىقە ئايشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانى بۇ غەزاتقە ھەمراھ قىلىپ، ئالىپ باردىلەر. قاچانكىم غەزاتدىن ياندىلەر، بىر مەنزىلگە تۈشتىلەر. ھەزرەتى ئايشەنى مۇھافەدە پەردە تارتىپ تىۋەگە قويار ئەردىلەر. قاچانكىم مۇھافەدىن چىقسەلەر پەردەنى كۆتەرىپ قويار ئەردىلەر. خەلق بىلۇر ئەردىكىم ھەزرەتى ئايشە چىقىپدۇرلەر. ئەيتىپدۇرلەر: ئول كېچە تۈندىن بىر ھەسسە ئۆتۈپ ئەردى، ھەزرەتى ئايشە تەھارەت ئالغالى باردىلەر. گەلۇبەندلەرىنى ئالىپ قويۇپ ئەردىلەر، فەراموش بولۇپ ئاندا قالدى. كېلىپ مۇھافەگە كىردىلەر. سەھەر ۋەقتى بولدى ئەرسە، خەلق يۈك قويدىلەر. ھەزرەتى ئايشە گەلۇبەندلەرىنى ئىزدەپ بارىپ ئەردىلەر. مۇھافە ياپىنلىغ ئەردى. قاراڭغۇ كېچەدە سەربان كېلىپ كۆردىكىم، مۇھافەگە پەردە سالىپدۇرلەر. گۇمان قىلدىلەركىم ھەزرەتى ئايشە باردۇرلەر. بەس، تىۋەگە يۈك قويۇپ، كۆچۈپ يۈردىلەر. ھەزرەتى ئايشە ئاندا قالدىلەر، يانىپ كېلىپ كۆردىلەركىم كېتىپدۇرلەر، ھىچ چارە تاپالمادىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەفۋان سەلەمى ئاتلىغ بىر سەھابەنى كىيىن قويۇپ، لەشكەرگاھنى باقغالى تەئيىن قىلىپ ئەردىلەر. بەس، كۈندۈز بولدى ئەرسە، سەفۋان لەشكەرگاھغە كەلدى. بىراق چادىر كۆردى، كېلىپ باقتى ئەرسە، ئايشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادۇرلەر. ئەيدى: «نە ۋاقىئەدۇر؟» ھەزرەتى ئايشە ۋاقىئەنى ئەيدىلەر. سەفۋان تىۋەسىگە مىندۇرۇپ، يېتەلەپ ئالىپ كەلدى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىر مەنزىلگە كەلدىلەر، ھەزرەتى ئايشەنى كۆرمەدىلەر. ھەزرەتى ئەلىنى ياندۇردىلەر. بەس، ھەزرەتى ئەلى كېلىپ كۆردىلەركىم سەفۋان ئالىپ كېلۇر. ھەزرەتى ئەيدىلەر: «نە ھالدۇر؟» ھەزرەتى ئايشە ۋاقىئەنى بەيان قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەلى يانىپ، ھەزرەتى

سەل-ئەل-لەمغە خەبەر بەردىلەر. بۇخەبەر لەشكەر ئاراسىدا فاش بولدى ئەرسە، ئابدۇللاھ ئۇبەي ئەيدى: «ئايشە مەئزۇردۇر، چۈنكى سەفۋان مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمدىن ياش ۋە خۇشرۇيدۇر.» ھەركىم بىرنىمە دىدىلەر. قاچانكىم مەدىنەگە كەلدىلەر، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىنىڭ مىستەھ ئاتلىغ بىر خىزمەتكارلەرى بار ئەردى. ئانى خال ئاتار ئەردىلەر، ئاناسىنى خالەدەرلەر. ئول گۇۋاھلىق بەردىكىم: «خىلە مەھەلدىن بارى ئايشە ئاتاسىنىڭ ئۆيىدە سەفۋان بىرلە ئۇلفەتى باردۇر.» زەينەب ھەم ئەيدىلەر: «خىلەمەھەلدۇر، مەن ھەم مۇنداغ بىلۇرمەن.» ۋە يەنە ھەسسان بىننى سابىت شائىر گۇۋاھلىق بەردى. خەلق ئاراسىغە گۇفت - گوي، تەشۋىش تۇشتى. ھەسسان ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاشلەرىغە مىستەھ بىرلە زەينەبنى گۇۋاھلىقغە كەلتۇردىلەر. زەينەب ئەيدىلەر: «مېنىڭ خاھەرىم بىرلە ئىككىسىنى بىر يەردە تولا كۆردۇم.» بۇ سۆز ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە قاتتىغ كەلدى. ئەمما ئايشەغە ئىزھار قىلمادىلەر. لېكىن ھەزرەتى ئايشەنىڭ ئۆيلەرىگە بارسەلەر بىدىماغ ئەردىلەر. ئەيتىپدۇرلەر: بىر كېچە ئايشە مىستەھنىڭ ئاناسى بىرلە ساچلەرىنى تاراغالى بارىپ ئەردىلەر. مىستەھنىڭ ئاناسى توقۇشتى ئەرسە، ئەيدىلەر: «مىستەھدەك يۇرمەگەيسەن.» ھەزرەتى ئايشە ئەيدىلەر: «ئەي مەزلۇم، ئۆزۈڭنىڭ ئوغلىدىن نېچۈكدىن نەفرەت قىلۇرسەن؟» ئول ئەيدى: «مەدىنەدە فاش بولۇپدۇدۇركىم، سېنى سەفۋانغە نىسبەت قىلۇرلەر.» بەس، بۇ سۆزنى ئىشتىپ بىلدىلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ بىدىماغلىقلەرى بۇدۇر. بەس، ئايشە ئۆيگە بارىپ، ئانالەرىغە ئەيدى: «مۇنداغ سۆز شەھەردە شۆھرەت تاپىپدۇر، نەدىن ماڭا ئەيتمادىڭ؟» ئانالەرى ئەيدى: «كۆيۈگۈسى مۇھەببەتلىك بولسە، مۇنداغ يالغان سۆزلەرنى ئىسناد باغلارلەر. ئاڭا غەم يىمەگىل.» بەس، ئايشە ئول كۈن ھېچ تەئام يىمەدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ سۆزنى ئىشتىپدۇر دەپ بۇ غەمدە ئاغرىغ بولدىلەر. بىركۈنى ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن ئاغرىپدۇرمەن، ماڭا ئىجازە بەرگىل، نەچەند كۈن ئانامنىڭ ئۆيىدە بولغايمەن.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئىجازە بەردىلەر ئەرسە، ئانالەرى قاشىغە باردىلەر. ئول تەرىقە ئاغرىغ ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بارمادىلەر. كەنىزەكلەرى ئۇچراسا ئاغرىغى نېچۈكدۇر

دەپ ئەردىلەر. مۇنداغ بەش كۈن ئۆتتى. ئابدۇللاھ ئۇبەي يامان سۆزلەر ئەيتۇر ئەردى. بىركۈنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇنبەرگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەي خەلق، كىمدۇركىم رەسۇلى خۇدانىڭ ئۆيلەرىگە تۆھمەت قىلغاي، مەن ئەھلى ئەيالىمنى ياخشى ۋە پاكلىقدىن ئۆزگە بىلمەسمەن.» ئەۋسىنىڭ ئۇلۇغى ئوسەيد بىننى ھەسسىن قوپۇپ ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئەيغىلكىم، ئول كىمدۇر؟ قەبىلەئى ئەۋسدىن بولسە مەن ئاڭا خەبەر بەرگەيمەن. ئەگەر قەبىلەئى خەزرەجدىن بولسە ئاڭا جەزا بەرگەيمەن. ھەركىم مۇنداغ بۆھتان قىلسە جەزاسى ئۆلتۈرمەكدۇر.» بەس، سەئد بىننى ئۇبادە ئەيدى: «ئەي ئوسەيد يالغان ئەيتتىڭكىم، خەزرەجدىن ھىچكىمنى ئۆلتۈرمەسسەن، ئول كىشى خەزرەجدىندۇر.» ئوسەيد ئەيدى: «سەن ئۇلار بىرلە بۇ بۆھتاندا مۇۋافىقدۇرسەن، بۇلار ئاراسىدا فىتنە پەيدا قىلۇرسەن!» بۇ سۆزدە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇنبەردىن تۈشتىلەر. ئۆيگە كەلدىلەر، ھەزرەتى ئەلى ۋە ئوسام بىننى زەيدكە ئەيدىلەر: «ھەر ئىشكى ئايشەدىن بىلۇرسىزلەر، ماڭا ئەيتىڭلار.» ئوسام ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئۆيلەرىدە چوڭغان پەرۋەردەلەرى ئەردى. ئول ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن ئايشەدىن نە گۇفتار ۋە نە كىردارلەرىدە يامانلىقنى كۆرمەدىم.» دەپ ئاند ئىچتىلەر. ھەزرەت ئەلى ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزۈڭنى بۇ ئاند بەرمەكدىن خەلاس قىل، جەھاندا مەزلۇم بىسياردۇر؛ كۆڭلۈڭدە بۇ تۆھمەتدىن غۇباردۇر، يەنە بىرنى ئىختىيار قىلغىل.» ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ بەرىرە ئاتلىغ بىر كەنىزەكلەرى بار ئەردى، ئانى چىرلادىلەر، ئەيدىلەر: «بەرىرە، ھەرنە ئايشەدىن كۆرۈپ بىلىپسەن، راست ئەيغىل.» بەرىرە ئەيدى: «مەن ھەزرەتى ئايشەدىن ھىچ ئەيب كۆرمەدىم ۋە ئىشىتمەدىم. مەگەركى بىركۈنى نان خىمىر قىلىپ ئەردىم، ئۆيدە قوي بار ئەردى. خىمىر قىلىپ مۇڭا باقسۇنلەر دەپ چىقىپ ئەردىم، ئۇيقۇلاپ خىمىرنى يىدۇرۇپدۇرلەر.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئايشەنىڭ قاشلەرىغە باردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرنى، ھەزرەتى ئايشەنى ئانالەرى بىرلە ئولتۇرغۇزۇپ ئەيدىلەر: «يا ئايشە، بىلۇرسەنكىم، خەلقلەر سېنىڭ ھەققىڭدە نە دەرلەر، بۇ سىرفاش بولۇپدۇر. مەن بىسيار تەڭ بولۇپدۇرمەن. بۇ ئالەمدە گۇناھدىن پاك كىشى يوقدۇر.

ئەگەر سەندىن گۇناھ ئۆتكەن بولسە تەۋبە قىل، ھەق تەئالا ئەفۇ قىلغاي.» بەس، ھەزرەتى ئايشە باشلەرىنى تىزلەرىغە قويۇپ يىغلاپ ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكر ئەيدىلەر: «ئەي قىزىم بۇ يىغىدىن ھىچ فايدا يوقدۇر، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل ـ ئەل ـ لەم سۆز سورارلەر، جەۋاب بەرگىل.» ھەزرەتى ئايشە ئەيدىلەر: «مەن نەدىگىم! مەندىن بۇ سۆزگە تەۋبە ئۆززە لازىم ئەمەسدۇركىم، مەن بىگۇناھدۇرمەن. ھەرچەند ئەيتسام پۇتمەسسىزلەر. مەن سىزلەرگە ئول سۆزلەرنى ئەيتۇرمەنكىم، ھەزرەتى يەئقۇب ئەلەيھ.س. فەرزەندلەرىغە ئەيدىلەركىم: فصبرجميل والله المستعان على ماتصفون (سىزلەرنىڭ ئوي ـ فىكرىڭلاردىن ماڭا ھەق تەئالا ياۋەر بولغايكىم، ياخشى سەبر قىلغايمەن) خۇداي تەئالادىن ئۆزگە ۋاھىر قىلغۇچى يوقدۇر؛ ماڭا ئانچە قۇدرەت يوقدۇركىم، مېنىڭ پاكلىغىمغە ئايەت كەلگەي. ئۇمىد تۇتارمەنكىم، ئىنشائاللاھ، تاكىم تۇشۇگىدە يا ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. سۆزلەرىدە ھەق تەئالا ئانى ئاگاھ قىلغاي.» بەس، بۇ ھالدا ئەردىلەر. ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. ئايەت كەلتۇردىكىم، ۋەھى ئەسەرى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مۇبارەك پېشانەلەرىدە زاھىر بولدى ئەرسە، ھەزرەتى ئايشەنىڭ ئاتا ـ ئانالەرى سارغىرىپ تىترەدىلەركىم، ھەزرەتى ئايشە رەسۋا بولغاي. ئەمما ھەزرەتى ئايشە ئەمىن ئەردىلەر. چۇنكى ھەق تەئالا راستلىقدىن ئۆزگە ۋەھى ئىبەرمەس. ھەزرەتى ئايشە بارەلەرىدە ئون يەتتە ئايەت نازىل بولۇپدۇر. بۇ ئايەتلەردە ھەق تەئالا ھەزرەتى ئايشەنىڭ پاكلىقى ۋە ياخشىلىقى بىرلە ياد قىلىپدۇر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم شاد بولۇپ كۇلدىلەر. ھەزرەتى ئايشەگە خۇش خەبەر كەلدىكىم: «ھەق تەئالا سېنىڭ پاكلىقىڭغە ئايەت ئىبەردى» دىدىلەر. ھەزرەتى ئايشە شاد بولۇپ: ھەمد ئول خۇداۋەندىغەكىم مېنىڭ پاكلىغىمغە ئايەت ئىبەرمەكلىكىنى بىلمەيدۇرمەنكىم، مۇسھەفلەرغە پىتىپ، قارىلەر تاقىيامەتغىچە ئوقۇغايلەر.» ئاندىن سەجدە شۇكرانە قىلدىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالاغە شۇكر قىلۇرمەن، سەنا ساڭا ئەيتماسمەن. چۇنكى ئول يامانلىقنى مەندىن گۇمان قىلدىڭ.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكر ھەزرەتى ئايشەنىڭ ئاغىزلەرىنى تۇتتىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەي ئايشە، بىلۇرسەنمۇكىم، نە دەرسىزلەر!» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم

ئەيدىلەر: «قويغىل، ھەر نەدىگەيكىمەن، ئاڭا زۇلۇم قىلدۇق.» بەس، ھەزرەتى ئايشەغە بۆھتان قىلغانلارغە ھەد سوقماقغە فەرمان كەلدى؛ ئابدۇللاھ ئۇبەيغە ئۇلۇغ ئەزاب قىلماقغە «ئايەت ئۇبەيد» نازىل بولدى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم چىقىپ، ھەسسان بىننى سابىت، مىستەھ ۋە ھۇمەيرەنى دەررە سوقتىلەر. ھەسسان دەررە زەخمىدىن ساقايىپ، سەفۋاننى ھەجۋە قىلدى. سەفۋان ئىشتىپ، قولىغە شەمشەر ئالىپ ئەيدى: «شائىر ئەمەسمەنكىم، ھەجۋە قىلسام، مېنىڭ جەۋابىم شەمشەردۇر.» دەپ سەفۋان شەمشەر سالدى ئەرسە، سابىت بىننى قەيس بۇ ۋاقىئەنى كۆرۈپ، سەفۋاننى تۇتۇپ باغلادىلەر، ئەيدى: «ئەگەر ھەسسان ئۆلسە، سېنى ئۆلتۈرۈرمەن.» بەس، ئابدۇللاھ بىننى ۋەراھە ئۇچرادى، ئەيدى: «ئەي سابىت، سەفۋاننى نېچۈكدىن باغلادىڭ؟» ئەيدى: «سەفۋان ھەسسانغە زەخىم ئۇردىكىم ئۆلەدۇر.» ئابدۇللاھ ئەيدى: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاشلەرىغە ئالىپ بارغىل، ئۇلەرنىڭ ئەمرلەرى بىرلە ئىش قىلغىل.» بەس، سابىت سەفۋان بىرلە ھەسساننى ئالىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر. سەفۋانغە قىساس دەئۋا قىلدى. سەفۋان ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، بىلۇرسەنكىم، مېنى نە يالغان، نە بۆھتانلار بىرلە ھەجۋە قىلىپدۇر. قاچانكىم مۇنى كۆردۇم ئەرسە، ئۆزۈمنى توختاتالماي شەمشەر سالدىم.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «ئەي ھەسسان، مۇڭا ياخشىلىق قىل.» ھەسسان ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، بىلۇرسەنكىم، قىساسنى ساڭا ئۆتتۇم.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئەبۇ تەلھە ئاتلىغ بىر ئادەمدە بىر خورمالىق باغلەرى بار ئەردى. قىساسنى ئۆتكەننىڭ ئەۋزىگە ئول باغنى ھەسسانغە بەردىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە ھەبەش پادشاھى نېجاشىدىن بىسيار تۆھفە، پېشكەش كەلدى. ئول تۆھفەدە شىرىن ئاتلىغ بىر كەنىزەك بار ئەردى، ئول نەھايەتى خۇشرۇي ئەردى. ئانى ھەسسانغە بەردىلەر. مىستەھ بىننى ئەسامەنى ھەزرەتى ئەبۇ بەكر ئىنجارە ئالىپ ئەردىلەر. ئەيدىلەركىم: «چەندان روزگاردۇركىم، مۇنى پەرۋەرىش قىلدىم ئەرسە، ئاخىر فەرزەندىمگە بۆھتان قىلدى. ئەمدى ئانى ساقلاماسمەن.» مىستەھ بارەسىدە ئەفۇ قىلماقغە ئايەت نازىل بولدى ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكر مىستەھنى يەنە ئىنجارىگە ئالدىلەر.

بۇ ۋاقىئە ھىجرەتدىن ئالتىنچى يىلى ماھى رەمەزان ـ شەۋۋال ئايىدا ئەردى. زۇلقەئدە ئايىدا ھۇدەيبىيەگە باردىلەر.

## دەستان
## ۋاقىئەئى سۇلۇھ ھۇدەيبىيە

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نىيەت ھەج قىلىپ، يەتتە يۈز كىشى بىرلە مەككەگە يۈردىلەر، قۇرەيشلەر جەڭگە كەلگەن گۇمان قىلماسۇن دەپ، سىلاھ ـ ياراغنى ئالمادىلەر. تاكى بۇ مەنزىلگە بارىپ تۇشتىلەر ئەرسە، ئۆمەر بىننى خەتتاب ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بىز ئول دۇشمەنلەرنىڭ شەھەرىگە بارۇرمىزكىم، ئۆلاردىن بىسيار خەلقنى ئۆلتۈرگەندۇرمىز. سىلاھ ـ ياراغسىز نېچۈكدىن بارغايمىز؟» بەس، مەدىنەگە كىشى ياندۇرالى دەپ، سىلاھ ـ ياراغلارنى ئالىپ كەلدىلەر. يەتمىش تىۋەنى قۇربانلىقغە ئالدىلەر، ھەرئون كىشگە بىر تىۋەنى تەئىن قىلدىلەر. بىر تىۋەكىم ئەبۇ جەھىلنىڭ ئەردى، جەڭگى بەدردە غەنىمەت ئالىپ ئەردىلەر، ئانى ئۆزلەرىگە تەخسىس قىلىپ ئەردىلەر. قاچانكىم، مەككەگە يەتتىلەر، زەي تەۋي دىگەن يەرگە تۇشتىلەر. مەككە تەۋفىدىن ھېچ كىمنى مەنىئ قىلماق رەسم ئەمەس ئەردى. بەس، مەككە خەلقى سىلاھ ـ ياراغ بىرلە چىقىپ ئەردىلەر. ئۆلار ئەيدىلەر: «سىزلەرنى تەۋف قىلغالى قويماسمىز، ئەگەر جەڭ قىلساڭلار مۇھەييادۇرمىز.» بەس، مەككەدە بىر مۇسۇلمان بار ئەردى، ئول چىقىپ: «تەمامى قۇرەيش جەڭگە مۇھەييادۇر» دەپ خەبەر بەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «تاكىم بۇ كافىرلار مېنىڭ بىرلە جەڭ قىلۇردا چەندان خەلقلەرى ئۆلۈپ ئەردى. ئەگەر ھەمە ئەرەبنى ماڭا قويسەلەر، تەمامى ئەرەب ئۆلسەلەر ھەم ئول مەككە، قۇرەيشلەر سەلامەت قالغاي ئەردى.» كافىرلار خالىد بىننى ۋەلىدنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئالدىغە (ئىككى يۈز سۇۋارى بىرلە) ئىبەردى. ئەكرەمە بىننى ئەبۇ جەھىل ئۈچ نەۋبەت جەڭ قىلىپ، شىكەست تاپىپ ئەردى.
بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەرەبدىن بىر ئادەمگە يول

باشلاتىپ، مەككەگە ياۋۇق ھۇدەيبىيەگە يەتتىلەر ئەرسە، تىۋەلەرى چۆكۈپ ياتتى. ھەر چەند جەھەد قىلدىلەر، قوپمادى. سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بۇ نە ۋاقىئەدۇر؟» ئەيدىلەركىم: «خۇداي تەئالانىڭ ئەمرىدۇر، ئانداغكى فىل ھەبەشكە ۋاقىئ بولدى. بەس. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم تىۋەدىن تۈشتىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «ھەر قايداغ بولسە ھەم مۇندىن سەلامەت يانغايمىز.» قاچانكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھۇدەيبىيەگە تۈشتىلەر ئەرسە، كافىرلار مەككەگە يانىپ كىردى. ئول قۇدۇغنىڭ سۇيى يوق ئەردى. سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بۇ قۇدۇغنىڭ سۇيى يوقدۇر.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىر ئوقلەرىنى بەردىلەر، ئەيدىلەركىم: «بۇ ئوقنى قۇدۇغقە ئاتىڭلار، سۇ چىقغاي.» بەس، بىر سارۋان قۇدۇغقە ئوقنى ئاتتى ئەرسە، دەرھال سۇ چىقتى. ھەركىم سۇ تارتىپ ئالدىلەر، ئول سۇ ھالا ھەم باردۇر. بەس، قۇرەيشلەر سۇنىڭ چىقغانىنى كۆردىلەر. ئىتتىفاق بىرلە بۇدەيل خۇزائى ئاتلىغ بىر كىشىنى ئەلچى ئىبەردىلەر؛ ئەيدىلەر: «سورغىلكىم نە ئىشغە كېلىپدۇر، بىز جەڭگە ئارەستەدۇرمىز.» بۇ دەيل كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن ھەجگە كېلىپ ئەردىم، قۇرەيشغە ئەيغەلكىم، ئۆزگە ئەرەبلەردىن قول يىغسۇنلەر. مەن ئۇلار بىرلە جەڭ قىلغايمەن، سىزلەرگە يامانلىقنى قىلماغايمەن.» بۇدەيل يانىپ كېلىپ ئەيدى: «مۇھەممەد ياخشى سۆز ئەيتۇرلەر.» ئاندىن ئۇرۋە بىننى مەسئۇد سەقەفى ئەيدى: «ئەي خەلق ياخشى سۆز ئەيتاسالەر يەنە نە تىلەرسىزلەر!» قۇرەيشلەر ئەيدى: «سەن بارىپ ياخشى سۆز ئىشىتىپ كەلگەيسەن.» ئۇرۋە تائىفنىڭ ئۇلۇغى ئەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاشلەرىغە كەلدى. كۆردىكىم ئولتۇرۇپدۇرلەر، سەھابەلەر چۇنان تەئزىم بىرلە يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپدۇرلەر. مۇغىيرە بىننى شۇئبە ئالدىلەرىدە شەمشەر تۇتۇپ تۇرۇپدۇرلەر. مۇنى كۆردى ئەرسە، كۆڭلىگە ۋەھم پەيدا بولدى ۋە ئەيدى: «يا مۇھەممەد، تاكى قۇرەيش بىرلە جەڭ قىلۇرسەن، ئۇلۇغلاردىن ھېچ پادشاھ ۋە پەيغەمبەر كۆردۇڭكىم، ئۆز قەۋمىنى مۇنداغ سەئى - كۇشەش بىرلە ھىلاك قىلىپ بىگانەلەردىن نىچۇكدىن ياخشىلىق كۆرەرسەنكىم، ئاخىر سىىنى زىرىدەست قىلىپ، غالىب بولۇر.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكر ئەيدىلەر: «ئەي بەدبەخت! تىلىڭ

كېسىلۇر، خۇدايىڭ لات - مانات ئالدىدا شەرمەندە بولغىل!» ھەزرەتى ئۆمەر بىننى خەتتاب قوپۇپ گەردەنىگە بىر مۇشت ئۇردىلەر؛ مۇسۇلمانلار قوپۇپ ئۆلتۈرگەلى قەسد قىلدىلەر ۋە دەشنام قىلدىلەركىم: «ئەي سەگى بىئەدەب! بىز قاچان كافىرلارغە زىرىدەست بولۇرمىز؟! سېنىڭدەك بەدبەختلەر رەسۇلى خۇدانى يالغانچى قىلۇرسىزلەر؟ ئانىڭ ئۈچۈن جەڭ قىلىپ جان فىدا قىلۇرمىز!» بەس، ئۇرۋە قول سۇنۇپ سۆزلەدى ئەرسە، مۇغىيرە شەمشەر تارتىپ قوپتىلەر. ئەيدىلەركىم: «سەن كىمدۇرسەنكى رەسۇلى خۇدانىڭ ئالدىلەرىدە قول سۇنۇپ سۆزلەگەيسەن!» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەي ئۇرۋە، ھەمە ئەرەبلەرنى ماڭا قويسۇنلەر. ئەگەر مەن ئۇلارغە زەفەر تاپسام ئۆزۈم كېلۇرمەن. ئۇلار زەفەر تاپسا سىزلەرگە يامانلىق قىلۇرلەر.» بەس، ئۇرۋە مەككەگە ياندى ۋە ئەيدى: «ئەي خەلق، بىلۇرسىزلەركىم، مەن ھەبەش، روم، پارس، شام پادشاھلارىنى كۆرگەندۇرمەن. ھەرگىز يالغان ئەيتىپ خىيانەت قىلماغاندۇرمەن؟!» ھەمە ئەيدىلەر: «شۇنداغ!» ئەيدى: «بىلىڭلەركىم، مەن تەمامى ئۆمرۇمدە ھىچ پادشاھنى مۇنداغ ھەيبەت ۋە ئەزىمەت بىرلە كۆرمەگەندۇرمەن. قەۋم - لەشكەرى ئانداغ ئەقىدە ۋە تەۋاززۇئ قىلۇرلەركىم، ئۇلەرنىڭ ئالدىلەرىدە بىر - بىرلەرىگە سۆزلەمەككە تاقەت يوقدۇر. ھەمە ئۇلۇغلار مۇنتەزىر ۋە خامۇشدۇرلەركىم، مۇبارەك ئاغىزلەرىدىن سۆز جارى بولغاي ھەمە ئىتتىفاق بىرلە ئىمان كەلتۈردىلەر. ئول خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىدۇركىم، ئاندىن ئۆزگە خۇدا يوقدۇر؛ ئەگەر ئابى دەھەنلەرى چىقسە، يەرگە تۈشۈرمەي ئالۇرلەر. جان فىدا قىلۇرلەر. مۇندىن كېيىن مىڭدىن بىرىدە ھەم ئانداغ كىشى بولماغاي. سىزلەرگە مەدارادىن ئۆزگە تەدبىر يوقدۇر، بىلمەسمەن؛ ئۇلەر ئەيتۇرلەر: ئۆزگە ئەرەبلەرنى ماڭا قويسۇنلەر، مەن ئۇلار بىرلە جەڭ قىلۇرمەن!» بەس، بۇ سۆزگە ھەمە ئۇرەيشلەر شاد بولدىلەر.

ئەيتىپدۇرلەر: ئاندىن تەمامى مەككە خەلقى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە مەدارا قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى ئۆمەر بىننى خەتتابنى چىرلاپ، ئەيدىلەركىم: «يا ئۆمەر، سەن بارىپ، ئۇلارغە نەسىھەت قىل، ئۇلار بىزدىن ئەمىن بولسۇنلاركىم جەڭ قىلماسمىز.» ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن ئەبۇ سۇفيان بىرلە كىچىكدىن ئەداۋەتلىكدۇرمەن.

مىنىڭ مەككەدە قاياش قەبىلەم يوقدۇر.» ھەزرەتى ئوسمان بىننى ئەففان ئەبۇ سۇفيان بىرلە دوست ئەردىلەر ۋە قاياشلەرى مەككەدە بىسياردۇر. بەس، ھەزرەتى ئوسمانغە ئەيدىلەر: «سەن بارغىل.» بەس، ھەزرەتى ئوسمان مەككەگە باردىلەر. ئەبۇ سۇفيان باشلىغىن ھەمە قۇرەيشلەرنى مەككەدە جەمئ قىلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ پەياملەرىنى يەتكۇزدىلەر. قۇرەيشلەر ئەيدىلەر: «يا ئوسمان، بىز مۇھەممەدنى ھەج تەۋاف قىلغالى ھەرگىز قويماسمىز. قويغىل، سەن بارىپ خانەئى كەئبەنى تەۋاف قىل.» ھەزرەتى ئوسمان ئەيدىلەر: «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھ-س. بولماي تەۋاف قىلماسمەن.» قۇرەيشلەر ئەيدى: «يا ئوسمان، سەن مۇندا بولغىل، ئۇلۇغلاردىن كىشى قالمادى. ئەگەر خاھلاساڭ ئۆز دىنىڭدە بولغىل.» ھەزرەتى ئوسمان ئەيدىلەر: «ماڭا ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ خىزمەتلەرىگە بارماي جارە يوقدۇر.» بەس، ھەزرەتى ئوسماننى «شەھىد قىلدىلەر» دەپ خەبەر كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ساچراپ قوپتىلەر، ئەيدىلەركىم: «بىزگە ۋاجىبدۇركىم، ئەمدى جەڭ قىلغايمىز!» بەس، ھەمە رەسۇلى خۇداغە بەيئەت تازە قىلدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا مۆئمىنلەردىن رىزا ۋە خۇشنۇدلۇقغە ئايەت نازىل بولدى. بەس، بۇ ھالدا، ھەزرەتى ئوسمان يانىپ كەلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇلەرنى كۆرۈپ، تەكبىر ئەيتىلەر ۋە جەڭدىن ياندىلەر. ئەرتەسى، قۇرەيش سۇھەيل بىننى ئەمر ۋە خۇتەب بىننى ئابدۇلئەززىنى سۇلھ قىلماقغە ئەلچى ئىبەردى. ئەيدىلەركىم: «بۇ يىل يانسۇنلەر، تاكى ئەرەبلەر بىزگە زور ۋە كۇچ بىرلە مەككەگە كىرىپدۇر ،دەپ تەئنە ئەيتماغايلار، كېلۇرگە بىز زەن - فەرزەند، مال - ئەمۋالىمىزنى ئالىپ چىقغايمىز، ئۇلار كېلىپ ئۈچ كۈن تەۋەف قىلىپ يانغايلەر؛ بۇ ئىككى يىل جەڭ قىلماغايلەر؛ ھەركىم مەككەدىن مۇسۇلمان بولۇپ بارسا قەبۇل قىلماغايلەر، مەككەگە ياندۇرغايلەر.» بەس، بۇ شەرتلەرنى ئەيدىلەرئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قەبۇل قىلدىلەر. سەھابەلەر مەلۇل بولۇپ، ئەيدىلەركىم: «بۇ سۇلھ بولۇر ئىكەن، بەيئەتنىڭ پايداسى نەدۇر! بىزلەر جان فىدا قىلۇر ئەردۇك، بۇ خارلىقنى كۆتەرمەس ئەردۇك!» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر ھەزرەتى ئەبۇ بەكر سىدىق قاشلەرىغە باردىلەر، ئەيدىلەر: «مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم پەيغەمبەر بەرھەقدۇرلەر،

ئۆلەرغە ئىتائەت ۋاجىبدۇر. لېكىن بىلمەسمەنكىم بىــــۋەجھەدىن مۇنداغ
خارلىقنى كافىرلاردىن كۆتەرۈرلەر!» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىدىق ئەيدىلەر:
«يا ئەبۇ ھىفز، بىزگە فەرمانداردىن ئۆزگە ئىش يوقدۇر، قانداغ قىلسەلەر
ئانداغ بولماق كېرەك.» بەس، ھەزرەتــى پـەيغەمبەر سـەل-ئەل-لـەم
ئەيدىلەركىم: «قۇرەيش ئۇلۇغلاردىن نەچەند كىشى بولغايكىم، ئانىڭ بىرلە
سۇلھ قىلغايمىز.» بەس، قۇرەيشنىڭ ئۇلۇغلارى كەلدى. مۇھاجىر -
ئەنسارىلار يىغىلدىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى ئەلىغە بۇيرۇدىلەركىم «سۇلھنا -
مە پىتكىل!» بەس، ھەزرەتى ئەلى ئەۋۋەل «بىسمىللاھ» بىرلە ئىبتىدا
قىلدىلەر ئەرسە، سۇھەيل قوللەرىنى تۇتتى، ئەيدى: «بىز ئەررەھمانىــر
رەھىمنى بىلمەسمىز. بىز خاھلاغاننى پىتكىــل.» ئاندىن، «مۇھەممەد
رەسۇلۇللاھ»نى پىتدىلەر ئەرسە، سۇھەيل يەنە قوللەرىنى تۇتتى، ئەيدى:
«بىز ئۇلەرنى پەيغەمبەر بىلسەك خانەئى كەئبەنى تەۋاف قىلغالـى قويار
ئەردۇك. ئانداغ پىتكىلكىم، مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ.» ھەزرەتى ئەلى
ئەيدىلەر: «يا رەسۇلىللاھ! ھەرگىز مۇنداغ پىــــتۇيەلمەسمەن، سىنــــى
ھەرگىزكىم ئاتايالماسمەن!» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا
ئەلى! مۇھەممەد رەسۇلۇللاھنى ئۆچۈرگىل.» ھەزرەتى ئەلــى قەسەمياد
قىلدىلەر: «مەن ئاتىڭنى ئۆچۈرەلمەسمەن!» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم
ئەيدىلەر: «يا ئەلى! رەسۇل قايسىدۇر؟» ئەلى كۆرسەتتىلەر ئەرسە، ئۆزلەرى
قەلەم سوقتىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەمدى پىتكىلكىم مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ،
مەن خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرى، ئابدۇللاھنىڭ ئوغلىدۇرمەن.» چۇن،
سۇلھنامەنى تەمام قىلدىلەرئەرسە، ھەمە پىتىپ ئالدىلەر، سەھابەلەر ھەمە
پىتىپ ئالدىلەر. سۇھەيلنىڭ بىر ئوغلى مۇسۇلمان ئەردى، ئانى باغلاپ
ساقلاپ ئەردى. بەس، سۇلھنامەدىن فارىغ بولۇپ ئەردىلەر، كۆردىلەر بەند
- زەنجىر بىلە كېلىپدۇر. سۇھەيل ئەيدى: «يا مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم، ئول
ئەھد بىر بولسۇنكىم، مۇنى ماڭا بەرگىل.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم
ئەيدىلەر: «ئەي ئوغۇل، مەككەگە بارغىل، خۇداي تەئالاغە قۇللۇق قىلغىل،
تاكىم ھەق تەئالا ساڭا شادلىق بەرگەي.» ئول ئەيدى: «يا رەسۇلۇللا! مېنى
كافىرلارنىڭ قولىغە قويارمۇسەنكىم، ماڭا ئەزاب قىلۇرلەر.» ھەزرەتى
پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «بارغىل.» سۇھەيل ئەيدى: «ئانــى

ئۆلتۈرۈڭلار!» ئۇل فەرياد قىلدىكىم: «ئەي مۇسۇلمانلار كافىرلارغە بېرۈرسىزلەرمۇكىم، ئىسلامدىن كۇفرغە ياندۇرزۇرلەر!» تەمامى خەلايىق مۇسۇلمانلار قوپتىلەر، ئەيدىلەر: «بىز تاكى كافىرلارنىڭ خارلىقىنى كۆتەرۈرمىز؟!» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «مەن خۇداي تەئالانىڭ ئەمرى بىرلە ئىش قىلۇرمەن.» بەس، بەئزە مۇنافىقلارنىڭ كۆڭلىگە شەك ۋە گۇمان تۈشتى، مۇنافىق بولدىلەر. چۈنكى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتىپدۇرلەركىم: «مەن تۈشۈمدە كۆردۈمكى، بىز مەككەگە بارىپ خانەئى كەئبەنى تەۋاف قىلۇرمىز.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەمر قىلدىلەركىم: «ساچ سالدۇرۇڭلار، قۇربانلىق قىلغانلار، ھەرامدىن چىقغايلەر.» قەبۇل قىلمادىلەرئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم غەمكىن بولدىلەر.

بۇ سەفەردە ئۇسمۇسەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەمراھ ئەردىلەر. ئۇل خىيمەلەرىگە كىردىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزۈڭ قۇربانلىق قىلىپ، ساچ سالدۇرغىل.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قۇربانلىق قىلدىلەر، ساچ سالدۇردىلەر ئەرسە، ئۆرگەنىپ بەئزەلەر تەبئىيەت قىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالا رەھم قىلغاي ساچنى تۈشۈرگەنلەرگە.» سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ساچ تۈشۈرمەگەنلەرگە ھەم دۇئا قىلغايلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۈچ مەراتىبە شول دۇئانى قىلدىلەر، تۆرتىنچى ساچ سالدۇرماغانلارغە ھەم خۇداي تەئالا رەھم قىلغاي، دىدىلەر.

بەس، مەدىنەگە ياندىلەر ئەرسە، ئەبۇ نەزىر ئاتلىغ بىر ئادەم قۇرەيشدىن قاچىپ، مەدىنەگە كەلدى، مۇسۇلمان بولدى. بەس، قۇرەيش كىشى ئىبەردىكىم: «ئەھدگە تۇرسۇنلەر، ئەبۇ نەزىرنى بىزگە بەرسۇنلەر.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «قۇرەيش بىرلە، ھەركىم مەككەدىن كەلسە ئىبەرمەككە ئەھدىمىز باردۇر، مەن ئەھدنى سىندۇرماسمەن. سەن مەككەگە بارغىل، تا مۇددەتى ئەھد چىقغۇنچە ئىمانىڭنى ساقلاغىل.» بەس، ئەبۇ نەزىر مەككەدىن كەلگەن ئىككى كىشى بىرلە ياندىلەر؛ قاچانكىم مەدىنە سەرھەددىدىن چىقتىلەر ئەرسە، ئۇلارنىڭ بىرىگە ئەيدى: «شەمشەرىڭنى ئالغىل، كۆرەي.» ئۇل شەمشەرنى غىلافىدىن ئالدى،

كۆردىكىم شەمشەر ئابدارىدۇر. قولىدىن ئالىپ، باشىنى كېسىپ تاشلادى؛ ئاندى، يەنە بىرىگە قەسد قىلدى ئەرسە، ئول قاچتى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلەرىغە كەلدى، ئەبۇ نەزىر ھەم كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەبۇ نەزىر، مۇنداغ قىلدىڭ؟» ئول ئەيدى: «مەن مەدىنە ھەددىدىن چىقىپ ئەردىم ۋەگەرنە ئول يۈز بولسە ھەم ھەمەسىنى ئۆلتۈرۈر ئەردىم ياكى ئۆلەر ئەردىم. مېنى مەككەگە ئالىپ بارالماس ئەردىلەر.»

بەس، چىقىپ كەتتى، بارىپ دەريا لەبىدە كارۋاننىڭ غەيز ئاتلىغ گۈزەر گاھىدا ۋەتەن تۇتتى؛ مۇسۇلمانلارنى ئۆزىگە چىرلار ئەردى؛ مەككەدىن ۋە ئەتراف - جەۋانىبدىن مۇسۇلمانلار يىغىلىپ كەلدىلەر، تاكى بەش يۈزگە يەتتى. ھەربار كافىرلار كارۋاننى غازات قىلىپ، مال - ئەمۋال ئالۇر ئەردىلەر. ھېچكىم ئۇلارغە بەرابەر كەلمەس ئەردى. ئاخىر، مەككە خەلقى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە كىشى ئىبەردىلەركىم: ئەبۇ نەزىرنى ھەمراھلارى بىرلە مەدىنەگە چىرلاپ ئالسۇنلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەبۇ نەزىرنى ھەمراھلارى بىرلە مەدىنەگە چىرلاپ ئالدىلەر، ئۇلار مەدىنەدە مۇتەۋەتتىن بولدىلەر.

بۇ يىلدا، پادشاھلارغە ئەلچى ئىبەردىلەر. ئەۋۋەل، خاتەۋ بىننى شەئلەبەنى قىبتى پادشاھىغە ئىبەردىلەر، ئاتى مۇقەۋقىس ئەردى. ئىككىنچى سەجام بىننى ۋەھبنى شامغە ئىبەردىلەركىم، پادشاھى ھەرەس بىننى ھەرەس بىننى ئەبى شەمىر ئەردى. ئۈچۈنچى، مۇسەللىت بىننى ئەمرنى يەمامە سەردارلارىغە بۇيرۇدىلەر، ئاتى ھەۋدە بىننى ئەلى ئەل - ھەفى ئەردى. تۆرتىنچى، ئەمر بىننى ئاسنى ئومان شەھەرىغە ئىبەردىلەر، ۋالىسىنىڭ ئاتى زەنغەر بىننى ئەل - خەلىد ئەردى. بەشىنچى، بەھرەين شاھىغە كىشى بۇيرىدىلەر. ئالتىنچى، ھەبەش سۇلتانىغە ئەمر بىننى ئۇمەييەدىن نامە ئىبەردىلەركىم، ئاتى ئەۋھەم بىننى ئەل - ھىرو ئاتار ئەردىلەر. يەتتىنچى، روم خەلىفەسى ھىرە قىلغە دەھيەتۇ بىننى خەلىفەنى ئىبەردىلەر. سەككىزىنچى، ئەجەم پادشاھى پەرۋىز بىننى كەيخۇسراۋغە ئابدۇللاھ بىننى ھۇزافە سەھمىنى ئىبەردىلەر. ھەرنامەنىڭ ئەۋۋەلىغە «بىسمىللاھ» بىرلە بۇ ئايەتنى ئىبتىدا قىلدىلەر، مەزمۇنى بۇدۇر: «ئەي قەۋملەر، بەتەھقىق مەن

ھەمەڭىزلەرگە ئۇل خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىدۇرمەنكىم، ئاسمان - زەمىنىنىڭ پادىشاھىدۇر. ئاندىن ئۆزگە خۇدا يوقدۇر؛ تىرگۈزگۈچى ۋە ئۆلتۈرگۈچى ئۇلدۇر. بەس، خۇداي تەئالاغە ئىمان كەلتۈرۈڭلار، پەيغەمبەرىڭلارنى بەرھەق بىلىڭلار. ئۇممىيدۇر، يەئنى ئوقۇماق، پىتمەكنى بىلمەسلەر، خۇداي تەئالاغە ۋە كەلامىغە تەسدىق قىلىپدۇر؛ ئانى تەبئىيەت قىلىڭلار، شايەدكى، راست يول تاپارسىزلەر.» نامەنىڭ ئاخىرىغە پىتدىلەركىم: «سەلامەت ۋە رەھمەت ئۇل كىشىگەكىم ئىسلام، ھىدايەتنى تەبئىيەت قىلۇرلەر، قىيامەت كۈنى خۇداي تەئالانىڭ ئەزابىدىن سەلامەت بولۇركىم ھىدايەت بىھىشتى ئۇلدۇر.»

بەس، ئەلچىلەر ھەر تەرەفكە رەۋان بولدىلەر. ئەمما قىبتىلەر شاھى مۇقەۋقىس ياخشى جەۋاپلار، ياخشى تۆھفەلەر، زەرىف مەتائلار ۋە تۆرت كەنىزەك قىبتىلەر ئىبەردى. لېكىن ئىمان كەلتۈرمەدى. ئۇل كەنىزەكلەردىن بىرى مارىيە ئەردى؛ ئانىڭ جەۋاھەرى شىرىن ئەردىكىم ھەسسانغە بەردىلەر.

ئەمما، شام، يەمامە، بەھرەين، ئومان پادىشاھلارى ئىمان كەلتۈرمەدىلەر، جەۋاب ھەم ئىبەرمەدىلەر ۋە ئەيدىلەر: ئۇل بىزدىن مۈلكنى ئالالماس. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ سۆزنى ئىشتىپ ئەيدىلەر: خۇداي تەئالا مۈلكنى ئۇلاردىن ئالىپ مېنىڭ ئۈممەتىمغە بېرۈر. ئەمما، ھەبەش پادىشاھى نېجاشى ئىمان كەلتۈردىلەر؛ ئوغلى رەھانى ھەم مۇسۇلمان قىلىپ، ئۆز قاياشى ۋە قەبىلەسىدىن ئالتە يۈز كىشى ئىبەردىكىم ۋە جەۋاب ئەيتتىكىم، نېجاشىدىن ھەزرەتى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھغە ئەسھەمدىن ئەرز ئۇلكىم: مۇسۇلمان بولدۇم ۋە ئوغلۇمنى نەچەند كىشىلەر بىرلە ئىبەردىم، تاكى ئەھلى ھەبەشلەر بىلمەگەيلەر؛ مېنىڭ تەسەررۇفۇمدە قاياش - قەبىلەمدىن ئۆزگە يوقدۇر، مەن ئەھلى ھەبەشنى ئاھستە ئىمانغە كەلتۈرۈرمەن؛ سېنىڭ دىنىڭ بەرھەقدۇركىم، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھىسسەلام خۇداي تەئالانىڭ بەندەسى ۋە پەيغەمبەرىدۇر ۋە ھەرنەكى دەر، راست ۋە ھەقدۇر؛ ئەگەر مېنى كەلسۇن دەپ فەرمان قىلساڭ بارادۇرمەن. ئاندىن، بىسيار سوغا - تۆھفەلەر بىرلە ئەلچىنى شاد - مەسرۇر ياندۇردى. جەئفەر بىننى ئەبى تالىب ۋە يەنە ئۆزگە مۇسۇلمانلارنى كەلتۈردىلەر.

ئەمما، ھىرەقىل مۇسۇلمان بولمادى، لېكىن ياخشى جەۋابلەر بىرلە ئەلچىنى خوش ۋەقت ياندۇردى. ئەمما پەرۋىز نامەنى يىرتىپ، ئەلچىنىڭ يۈزىگە تاشلادى، ئەيدى: «ئول مېنىڭ تەسەررۇفۇمدەدۇر، ھەددى بولۇرمۇكىم ماڭا مۇنداغ سۆزلەرنى ئىبەرگەيلەر.» بەس، ئول يەمەن پادىشاھى بادانغە نامە ئىبەرىپدۇركىم «ئۆز ھەددى ئەمەسدۇر، سەن ئىككى كىشى ئىبەرگىل، تا كۆرگىلكىم نە ھالدۇر؛ ئەگەر راست بولسە، سەن لەشكەر ئىبەرىپ، ئانى ماڭا تۇتۇپ ئىبەرگىل، ئول دىيارلارنى خەراب قىلغىل، پۇل - ماللارىنى غارەت قىل!» بەس، بادان پەرۋىزنىڭ نامەسىنى ئوقۇپ، بىر دانىشمەندگە چەرچەرە ئاتلىغ بىر كىشىنى قوشۇپ، پەرۋىزنىڭ نامەسىنى ھەزرەتــــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە ئىبەردى. بۇ ئىككىسى بىنەھايەت ئاقىل ئەردى. (ئۇلارغە) ئەيدىكىم: «ئەگەر پەرۋىزنىڭ نامەسىنى كۆرۈپ بارسە خوبدۇر، ۋەگەرنە، لەشكەر بىرلە بارىپ، پەرۋىز بۇيرۇغاندەك قىلــــىپ، ۋەيران قىلۇرمەن.» بەس، بۇ ئىككىسى مەدىنەگە كەلدىلەرئەرسە، مۇنافىقلار شاد بولدىلەر، ئەيدىلەر: «كىسرا قەسد قىلىپدۇركىم ھەزرەتى مۇھەممەدنىــــڭ ئىشلەرى تەمام بولۇر ۋەقتى بولۇپدۇر؛ ئەمدى كېرەككىم ئاڭا بەرابەر بولۇپ، ئانىڭدىن قۇتۇلغايمىز.» ھەزرەتــــى جەبرائىــــل ئەلەيھ-س. دىن خەبەر كەلدىكىم: پەرۋىزنى ئوغلى شېرويە ئۆلتۈردى.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەلچىلەرگە ئەيدىلەر: «شېرويە پەرۋىزنى ئۆلتۈردى.» بۇلار ئەيدى: «ساڭا كىم خەبەر بەردى؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «جەبرائىل ئەلەيھ-س. ئەيدىلەركىــــم، تۈنەكۈن ئۆلتۈرۈپدۇرلەر.» بۇلار ئەيدى: «بۇ سۆزنى پادىشاھغە يەتكۈرەلى، ئول نە دەيدۇر.» ھەزرەتــــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «بادانغە ئەيتىڭلاركىم، ئەگەر ماڭا تەسدىق قىلىپ، ئىمان كەلتۈرسە، مۇسۇلمان بولسە، يەمەن مۇلكىنى ئەجەم پادىشاھلىقىغە — ئاڭا بېرۈرمەن؛ ئەگەر ئىمان كەلتۈرمەسە، يەمەننى ۋە تەمامى ئەجەمنى ھەق تەئالا ماڭا بېرۈر، مېنىڭ دىنىم بۇ شەھەرلەرگە غەلەبە قىلۇر.»

بەس، ئەلچىلەر ئول خەبەر تارىخنى پىتىپ ئالدىلەر. بادان قاشىغە ياندى ئەرسە. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئول دانىشمەندكە سوغا بەردىلەر، قىبتىلەر پادىشاھى مىقەۋقەس كەمەربەند ئىبەرىپ ئەردىلەر، ئانــــى ھەم

بەردىلەر. بەس، بۇلار باداننىڭ قاشىغە كېلىپ، كۆرگەن ـ ئىشىتكەننىنى بەيان قىلدى ئەرسە، ئەيدى: «ئەگەر مۇنداغ بولسە، پەيغەمبەردۇر، ئاڭا ئىمان كەلتۈرمەك لازىمدۇر؛ ئەگەر پەيغەمبەر بولماسا كىسرا سۆزىنى تۇتماق لازىمدۇر.» بەس، نەچەند كۈن ئۆتتى ئەرسە، شىرويە نامە ئىبەردىكىم، پالانى كۈنى پەرۋىزنى ئۆلتۈردىلەر، پادشاھلىق ماڭا بولدى ۋە ماڭا بەيئەت قىل، تەمامى ئەھلى يەمەندىن بەيئەت ئالغىل؛ ئول ھىجازداقى كىشىكىم، پەرۋىز ئاڭا نامە ئىبەرىپ ئەردىكىم ئاڭا ئازار بەرمەگىل. بەس، بادان ھىساب قىلدى ئەرسە، شىرويە تەبئىيەتى بىرلە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ سۆزلەرى راست كەلدى. بەس، بادان ئىككى ئەلچى بىرلە مۇسۇلمانى كامىل بولدى. ئول ئەلچىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئاڭا كەمەربەند بىرىپ ئەردىلەر، ئانىڭ ئەۋلادى يەمەندەدۇركىم تا بۇ ۋەقتىغىچە كەمەر بەندنى فەخر قىلۇرلەر ۋە ئۇلارنى «زۇل ـ مۇئجىزە» ئاتارلەر.

بۇ ۋاقىئە ھىجرەتدىن ئالتىنچى يىلى ئەردى. يەتتىنچى يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ ئاخىرىدا خەيبەرگە باردىلەر.

## غەزۋەئى خەيبەر

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، خەيبەر جوھۇدلارنىڭ قورغانى ئەردىكىم، يەتتە قورغان بىر ـ بىرىنىڭ ئىچىدە ۋە ئەترافى خورمالىق ئەردى. ئەۋۋەل نائىم، ئىككىنچى قەمۇس، ئۈچۈنچى كەنانە — بۇلارنى ھۆسنىل زەفەر ئاتارلەر، تۆرتىنچى شەق، بەشىنچى بەتباھ، ئالتىنچى سەتىھ، يەتتىنچى سۇلالىم. بۇلارنىڭ سەردارى زەئىر بىننى مەئاز ئەردى.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەباﺋ بىننى ئۇربەتنى مەدىنەگە خەلىفە قىلىپ، ئۆزلەرى خەيبەرگە كەلدىلەر؛ ئون بەش كۈن تۇردىلەر. بەنى غەتەفان قەبىلەسى ئىككى فەرسەڭ يىراق ئەردى. غەتەفان جوھۇدلارى بۇلارغە ياۋەر بولغالى چىقىپ، يەنە ھەزرەتـــى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم لەشكەر ئىبەرىپ، بالا ـ بارقەمىزنى ئەسىر قىلۇرلەر دەپ ياندىلەر.

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ باش ئاغرىغلى بار ئەردى. ھەر بارە باشلەرى ئاغرىسا، ئەسلا ئۆيلەرىدىن تالاغە چىقماس ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلەرى ئاغرىپ، خىيمەدىن چىقمادىلەر. بەس،

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ
ئەنھۇنى چىرلاپ ئېيدىلەر: «ئىسلام ئەلەمىنى كۆتەرگىل، مۇسۇلمانلارنى
غەزاتقە چىقارغىل.» بەس، ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئول كۈنى
قورغاننىڭ تاشىدا جەڭ قىلدىلەر. سېپىلدىن بىر تاش كېلىپ، مۇھەممەد
بىننى مەسلەمەنىڭ بىرادەرلەرىگە تېگىپ شەھىد بولدىلەر. يەنە، ھېچ ۋاقىئە
بولمادى. ئەرتەسى ئەلەمنى بىننى خەتتابقە بەردىلەر، ئول كۈنى ھەم ھېچ
ئىش بولمادى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئېيدىلەر: «مەن
ئەلەمنى ئول كىشىگە بېرۇرمەنكىم، خۇدا ۋە رەسۇلنى دوست تۇتار.» بەس،
ئۇلۇغلاردىن ھەر كىم ئۈمىد تۇتتىلەركىم، ئەلەمنى ماڭا بەرگەيلەر. بەس،
ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئېيدىلەركىم: «ئەلى بىننى ئەبى تالىب
قاياندۇر؟» سەھابەلەر ئېيدىلەر: «يا رەسۇلۇللا! كۆزلەرى ئاغرىغ،
خىيمەدەدۇرلەر.» بەس، ئۇلەرنى چىرلاپ، مۇبارەك نەفەسلەرىنى كۆزلەرىگە
دەمىدە قىلدىلەر ئەرسە، ساقايدى. ئەلەمنى بەردىلەر ئەرسە، جەڭگە يۈردىلەر.
ئول كىشىكىم قورغاندىن تاشقارى ئالدىلەرىغە كەلدىلەر، خەيبەر
ئەنۋائىلەرىدىن مەۋجىب ئەردى؛ بەس، ھەزرەتى ئەلى شەمشەر بىرلە ئاياغىغە
سالدىلەر ئەرسە يىقىلدىلەر. مۇھەممەد بىننى جەرىر ئېيتۇرلەر: مەۋجىبنى
مۇھەممەد بىننى مەسلەمە ئۆلتۈردى ۋە ئاياغىنى زۇبەير بىننى ئەۋۋام كەستى؛
ھەزرەتى ئەلى چىقماغان ئەردىلەر. بۇ قەۋل دۇرۇست ئەمەسدۇر،
ئېيتىپدۇرلەركىم، ئەۋۋەلقى قورغاننىڭ تۆمۈر دەرۋازەسى بار ئەردى، تۆرت
كىشى ياپىپ - ئاچار ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئەلى ھەلقەسىنى تۇتۇپ يۇلۇپ
تاشلادىلەر، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. مەدەد بەردىلەر. بۇ كىتابدا
كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، مەۋجەب ھەزرەتى ئەلىنىڭ سىپەرلەرىنى ئىككى پارە
قىلدى. ھەزرەتى ئەلى ئول تۆمۈر دەرۋازەنى يۇلۇپ ئالىپ، سىپەرنىڭ
ئورنىدا نا ئاخشامغىچە كۆتەرىپ يۈردىلەر؛ جەڭدىن فارىغ بولۇپ تاشلادىلەر
ئەرسە، ھەمراھلارىدىن يەتتە كىشى تەبرەتالمادىلەر. بەس، ئەۋۋەلقى قەلئەنى
فەتھ قىلدىلەر ئەرسە، ئۇلۇغلارىنى ئۆلتۈردىلەر. كەنانە بىننى زەئىفكىم بەنى
نەزىرنىڭ سەردارى، ئاندا ئەردى. قەلئەسىنى فەتھ قىلغاندا خەيبەرگە كەلگەن
ئەردى، ئانى كۆچى سەفىييە بىرلە ئەسىر قىلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر
سەل-ئەل-لەمغە ئىبەردىلەر. ئۆزگە ئەسىرلەر ھەزرەتى بىلالنىڭ قاشلەرىدە

ئەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە سەفىيىە ئۇز كۆرۈندى ئەرسە، رېدەلەرنى باشلەرىغە ياپتى ۋە قاشلەرىغە ئولتۇرغۇزدىلەر. خەلق بىلدىلەركىم ئۆزلەرىگە تەخسىس قىلدىلەر. كەنانەنى ئەسىر قاتارىدا تۇرغۇزدىلەر.

ھەزرەتى ئەلى ئۈچۈنچى ھىسارنى فەتھ قىلدىلەر ئەرسە، تۆرتىنچى، بەشىنچى قەلئە خەلقى يىغىلىپ ئامان تىلەدىلەركىم، مال - ئەمۋالللارنى قويۇپ شامغە كەتتىلەر. بەس، ئالتىنچى يەتتىنچى قورغان قالدى، ئول ھەممەدىن مەھكەم ئەردى، خەلقى دەۋلەتمەند ئەردى. بەس، ئول كۈنى كەچ بولدى ئەرسە، ئەرتەسى تەمامى لەشكەر كېلىپ جەڭ قىلدىلەر. كۆشاد بولمادى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم گە بىر كىمەرسە ئەيدى: «كەنانە بەنى نەزىر خەلقىنىڭ خەزىنە - دەفىنەسىنى بىلەدۇر.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم چىرلاتىپ سوردىلەر ئەرسە، تاندى؛ ھەرچەند ئەيدىلەر، ئىقرار بولمادى. بەس، ئەسىرلەردىن بىر جوھۇد كېلىپ ئەيدى: «قورغانىنىڭ ئالدىدا بىر ۋەيرانەنى كەنانە ھەركۈنى كېلىپ چۆيرۈلۈر ئەردى.» بەس، (كەنانەدىن) يەنە سوردىلەر ئەرسە، ئىقرار كەلمەدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەگەر ئول ۋەيرانەدىن گەنج تاپسام سېنى ئۆلتۈرۈرمەن.» ئول ۋەيرانەنى باقتىلەرئەرسە، بىرمۈنچەسىنى تاپتىلەر. قالغانىنى سوردىلەر، ئىقرار كەلمەدى. ئاندىن زۇبەير بىننى ئەۋۋامنى چىرلاپ ئەيدىلەركىم: «مۇنى قىيناپ تاپتۇرغىل!» بەس، زۇبەير ئالىپ چىقىپ، يۈزى - كۆزىگە ئوت قويۇپ قىينادىلەر، ئىقرار كەلمەدى. بەس، ئۆلگۈدەك بولدى ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مۇھەممەد بىننى مەسلەمەگە بەرگىل، بىرادەرىنىڭ ئورنىدا ئۆلتۈرسۈن.» بەس، ئانى مۇھەممەد بىننى مەسلەمەگە بەردىلەر، ئۆلتۈردىلەر.

ئەلقىسسە، ئول قورغان لەبىدە ئۈچ كۈن جەڭ قىلدىلەر. ئاخىر، قورغان خەلقى ئامان تىلەدىلەركىم: «بىز ئۆزدىنىمىزدە بولۇپ، مۇندا ئورتاقچى بولساق، تەمامى ئەمۋالىمىزنى غەنىمەت ئالۇنلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇ سۆزنى سەھابەلەردىن سوردىلەر، بۇلار ئەيدىلەر: «خوبدۇر. بۇ يەر - باغلار مەدىنەگە يىراقدۇر، مۇنى ئالىپ بارماق مۇمكىن

ئەرمەس؛ بىركىشى پەرۋىش قىلماي كۆكەرمەس.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۆلۈمنى ئۆتتىلەر؛ باغ - راغ، يەر - سۇنىڭ نىسفىنى خەزىنىگە قويدىلەر. ئەيدىلەر: «ھەرقانچىكىم سىزلەردىن خىيانەت ۋاقىئە بولسە، سىزلەرنى مۇندىن قوغلارمەن.» جوھۇدلار ھەم قەبۇل قىلدىلەر. ھەرىيىل كىشى ئىبەرىپ، بولغان ھوسۇلدىن نىسفىنى مۇسۇلمانلىرغە ئالىپ، نىسفىنى ئۆزىگە قويۇپ يانارلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەلىغە بۇيرۇدىلەر: «سۇلھنامە پىتكىل.» سۇلھنامە پىتىپ بەردىلەر. ئاندىن مال - ئەمۋالىلارىنى تەقسىم قىلىپ ئالدىلەر؛ ئۆزلەرىگە زەئىفەلەرنى ئالىپ ئازاد قىلدىلەر ۋە يەنە ھىچ نەرسە ئالمادىلەر. زەئىفەلەر مۇسۇلمان بولدىلەر ئەرسە، نىكاھلەرىغە ئالدىلەر.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەفىييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۈزلەرىدە بىر قارا داغ كۆردىلەر ئەرسە بائىسىنى سوردىلەر. ئۇلەر ئەيدىلەر: «ھەزرەتلەرى قورغان ئالدىغە كېلىپ تۈشكەن كېچەسى تۈشۈمدە ئاي ئاسماندىن مېنىڭ قۇچاقىمغە تۈشتى. ئەرتەسى كەنانەگە ئەيدىم ئەرسە، ساڭا پادشاھ ئارزۇ بولادۇرمۇكىم ھەزرەتى پەيغەمبەرنىڭ ئاۋازەسى كېلەدۇر، دەپ يۈزۈمگە تاپانچە ئۇردى ئەرسە، مۇنداغ قاراداغ بولدى.»

## غەزۋەئى فەدەك

ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم غەزۋەئى خەيبەردىن يانماي، لەشكەرنى ياندۇرۇپ، فەدەككە باردىلەر. فەدەك ھەم جوھۇدلارنىڭ قورغانى ئەردىكىم خەيبەردەك، ئەمما باغ - راغلىرى كەمرەك ئەردى.

بەس، فەدەك خەلقى خەيبەرنىڭ ۋاقىئەسىنى كۆرۈپ - ئىشىتىپ ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئالدىلەرىغە پېشىباز چىقىپ، بەنى ھارىسەدىن مۇھىسە ئاتلىغ بىرئادەم ئارادا قويدى، ئەيدى: «بىزگەھەم خەيبەرنىڭ تەرىقەسىدە سۇلھ قىلغايلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قەبۇل قىلدىلەر. فەدەك خاس ئانھەزرەت سەل-ئەل-لەمگە بولدى. چۈنكى ئاندا لەشكەر يوق ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، بەنى نەزىر جوھۇدلارىدىن بىننتە ھەرب ئاتلىغ بىر

مەزلۇم بار ئەردى؛ ئانىڭ ئاتاسى ئۇلۇغ ئەردى؛ غازاتدا ئاتاسى ئۆلۈپ، قەدەككە كەلگەن ئەردى. ئول زەن مەككار ھەزرەتى سەيد ئەبرارغە بىر ئوغلاق كەبابىنى زەھەر ئالۇدە قىلىپ چىقاردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم پايچە گوشتىغە مايىل ئەردىلەر. بەس، ئول پايچە گوشتىغە زەھەرنى غەلىزراق قوشۇپ ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئالدىلەرىدە قويدى. بەس، ئەنسارىدىن بىشىر بىننى بەرا ئاتلىغ بىر سەھابە ھەمراھ ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم پايچە گوشتىدىن ئالىپ بىر لوقمە ئاغىزلەرىغە سالدىلەر. بىشىر ھەم ئالىپ تۇتتى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم چايناپ يۇتالمادىلەر، ئالىپ تاشلاپ ئاتتىلەر. ئول مەككارنى چىرلاپ ئەيدىلەر: «نە ۋەجھەدىن مۇنداغ قىلدىڭ؟» ئەيدى: «ئەگەر خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرى بولسە بىلۇرلەر ۋە خەلقلەرنى ئاگاھ قىلۇرلەر؛ ۋەگەرنە، خەلق مۇنىڭدىن قۇتۇلۇر دەپ، سىنى ئەزمايىش قىلدىم.» ئاڭا ھىچ نىمە دىمەدىلەر. مەدىنەگە يانديلەر. بىشىر بىر لوقمە يىدى ئەرسە ئۆلدى.......
بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىر لوقمە يىدىلەر، ئول زەھەر تەمامى ئەئزالەرىغە ئەسەر قىلدى؛ ھەرىيلى ئول ۋەقتدە دەرد قىلۇر ئەردى. ئاخىر، شول زەھەر ئەسەرىدىن ۋەفات بولدىلەر، تاكى دەرەجەئى شەھادەت ھەم نەسىپ بولدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتۇر ئەردىلەر: «ئول لوقمەكىم خەيبەردە يەپ ئەردىم، ھەرىيل ئول ۋەقتدە دەرد بېرۇر.» ئاخىر، ۋەقتى ۋەفاتدا ھەم ئەيدىلەر: «ئول لوقمەكىم، قەدەكدە يەپ ئەردىم، ئەمدى ھەياتىم شاخىنى ئول سىندۇرۇر.» ئىلگىركى ھەدىسدە خەيبەر دەپ قەدەكنى ئىرادە قىلىپدۇرلەر، چۈنكى ئىككىسى بىر سەفەردە ئەردى.

## دەستان
## غەزۋەئى ۋادەئى قورا

ئەيتىپدۇرلەر: ۋادەئى قورا خەيبەرگە ياۋۇق، جوھۇدلارنىڭ قورغانى ئەردى، مەدىنەدىن لەشكەر ئالىپ كەلدىلەر. ئول قورغاننى بەئزەلەر كەلتۇرۇپدۇر غەزۋەئى قەدەكدىن فارىغ بولۇپ، مەدىنەگە كىشى ئىبەرىپ، لەشكەر ئالىپ كەلدىلەر؛ ئول قورغاننى بىر ھەفتە مۇھاسىرە قىلدىلەر، جەڭ ۋاقىئ بولماي. ئاخىر جوھۇدلار ئامان تىلەدىلەر. يولدا بىر كىچە ئەيدىلەر

كىمدۇركىم «بۇ كېچە ئۇيۇقلاغايمىز، ئول ئۇيۇقلاماي سەھەردە بىزنى ئويغاتقايلەر.» ھەزرەتى بىلال ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بۇ كېچە بېدارلىق قىلالماسلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەر بىرلە ئۇيقۇغە مەيل قىلدىلەر. ھەزرەتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەمازغە تۇردىلەر. سۇبھ ۋەقتى ئەردى، ئۇيقۇ ئىلتىپ ئۇيقۇلاپ قالدىلەر، تاكى ئافتاب چىقىپ تەئسىر قىلدى ئەرسە، ئەۋۋەل ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بېدار بولۇپ، ئەيدىلەر: «يا، بىلال! نە ئىش ئەردىكىم سەن قىلدىڭ؟» ھەزرەتى بىلال ئەيدىلەر: «يا، رەسۇلۇللاھ! مېنى ھەم ئانداغ ئۇيقۇ ئىلتىپدۇركىم سېنى ئىلتىپ ئەردى.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «راست ئەيدىڭ.»

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىر فەرسەڭ يول يۇرۇپ، ئاندىن تۇشۇپ، تەيەممۇم قىلىپ، نەماز قەزاسىنى ئەدا قىلدىلەر. سەھابەلەرغە ھەم ئەيدىلەركىم: «ئەگەر نەمازىڭلار فەۋت بولسە، يادىڭلارغە كەلگەن زەمان ئۇتەڭلەر، چۇنكىم ھەق تەئالا ئەيتىپدۇر: نەمازنى بەرپا قىلىڭلار يادىڭلارغە كەلگەندە.»

بەس، مەدىنەگە كەلدىلەر ئەرسە، ھىجاز بىننى ئەللات سەلما ئاتلىغ بىر سوداگەر بار ئەردى، ئەرەبكە كېلىپ ئىمان كەلتۇردى. ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مېنىڭ مەككەدە ئالغۇم - بەرگۇم باردۇر، بىسياردۇر. مەن تەمامى ئەمۋالىمنى ئالىپ يانسام، ماڭا ئىجازەت بەرسەلەر، مەككەدە ھەرنە دىسەم رىزا بەرسەلەر.» بەس، (ئول مەككەگە بارىپ ئەيدىلەر): ھەزرەتى پەيغەمبەرنى ئەسىر قىلىپ ئۆلتۇرۇپ بولۇر ئەردىلەر، يەنە ئەيدىلەر: مەككەگە ئىبەرگەيمىز، تاكى ئەھلى مەككە ئۆلتۇرگەي دەپ تەئخىر قىلدىلەر؛ پات يېقىندۇركىم ئالىپ كېلۇرلەر. سىزلەر بىلۇرسىزلەركىم مەن مەرد سوداگەردۇرمەن، بۇ خەلقدەكى قەرزىمنى پات ئالىپ بەرسەڭلار، مەن خەيبەرگە يانىپ، ھەزرەتى مۇھەممەددىن ئالغان غەنىمەتلەردىن كەلتۇرۇپ سىزلەرگە ساتغايمەن.» بەس، مەككەنىڭ سەردارلارى خەلقدەكى ئەمۋالىنى ئۈچ كۈندە ئالىپ بەردىلەر ئەرسە، يانىپ كەتتىلەر. ئاندىن كېيىن خەيبەرنىڭ فەتھ بولغان خەبەرى كەلدى ئەرسە، كافىرلار بىزگە پەند بېرىپدۇر دەپ دەرد تارتتىلەر.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇل خورمالىق باغنىڭكىم سۇلھە بىرلە ئۇل جوھۇدلار قولىدا قويغان ئەردىلەر، نىسفىنى ئالۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق ھەم ئالدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر ئالالمادىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە ئەيدىلەر؛ ئانھەزرەت ئەيدىلەر: «ئەرەبدە جوھۇدلاردىن تۇرماس.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر خەيبەر جوھۇدلارىغە ئەيدىلەر: «مۇندىن كېتىڭلار، قايان خاھلاساڭلار بارىڭلار!» بەس، جوھۇدلار ھەزرەتى ئەلى قاشلەرىغە كەلدى ۋە ئۇل ئەھدنامەنى چىقاردى، ئەيدى: «بۇ سىزنىڭ خەتىڭدۇركىم بۇ مەزمۇندا سۇلھە قىلىپ ئەردىڭ، بىز ئۇل سۇلھغە بەرقەراردۇرمىز. ئەمدى ئۆمەر بىزنى خەتتاب بىزنى قوغلارلەر.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەردىن جوھۇدلارنىڭ گۇناھىنى تىلەدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتۇرلەر: مەن ئۇلارغە ھەق تەئالا خاھلاغان ۋەقتغىچە قەرار بېرىپ ئەردىم، ئەمدى خۇداي تەئالا ئۇلارنىڭ كەتمەكىنى ئىرادە قىلىپدۇر، كەتمەي چارە يوقدۇر.» بەس، جوھۇدلار خەيبەردىن كەتتىلەر. بۇ بائىس ئەردىكىم، جوھۇدلار ھەزرەتى ئەلىنى دوست تۇتار ئەردىلەر.

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ماھى سەفەردە خەيبەردىن ياندىلەر، تا زۇلقەئدە ئايىغىچە مەدىنەدە تۇردىلەر. تۆرت مەرتىبە شەبىخۇن قىلغالى ئەرەبكە لەشكەر ئىبەردىلەر ئەرسە، ھىچ كىمەرسە تاپالماي ياندىلەر. ئۇل يىلى مۇنبەر ئەتتۇرۇپ، مۇنبەرگە چىقىپ، خۇتبە ئوقۇدىلەر. ئىلگىرى، مەسجىدنىڭ تۇگرۇكىگە يۆلەنىپ تۇرۇپ، خۇتبە ئوقۇر ئەردىلەر. بۇ ھىجرەتدىن يەتتىنچى يىلى ئەردى.

## دەستان
## زىكرى ئۇمرە ئەل - قەزا

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئۇل يىلى ھەمە مۇسۇلمانلار بىرلە مەككەگە باردىلەر. تەمامى سەھابەلەر ئىھرام باغلادىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم تىۋەگە مىندىلەر، ئابدۇللاھ بىننى رەۋاھە تىۋەلەرىنى يۇتەلەدىلەر. قاچانكىم، مەككەگە يەتتىلەر، تەمامى كافىرلار تاغقە چىقىپ، مەككەنى خالى قىلىپ، تاغ باشىدا تاماشا قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەسجىدى ھەرەمغە كىردىلەر.

ئىشتىپ ئەردىلەركى، قۇرەيشلەر ئەيتۇرلەر: ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەسھابلەرى بىرلە ئاچلىقدىن ئانچە زەئىفدۇرلەركىم كەئبەئى خانەنى چۆيرۇلۇپ تەۋاف قىلالماسلەر. قاچانكىم مەسجىدى ھەرەمغە كىردىلەر، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەرغە ئەيدىلەر: «قۇۋۋەت ۋە جۇرئەت كۆركۈزۈڭلار. شىتاب ۋە ئىزتىراب بىرلە تەۋاف قىلىڭلار!» بەس، تەۋافغە تۇردىلەر ئەرسە، خانەئى كەئبەنى چۆيرۇلۇپ، يۇگۇرشۇپ تەۋاف قىلدىلەر؛ ۋە يەنە سەفا - مەرۋە ئاراسىدا ھەم مۇنداغ سەئىلەر كۆركۈزدىلەر. كافىرلار كۆرۈپ تۇرار ئەردىلەر. بەس، ئۇمرەنى تەمام قىلدىلەر. ئاندىن سەھابەلەر بىرلە بەتھاغە يانىپ تۇشتىلەر. ئاتمىش تىۋە كەلتۇرۇپ ئەردىلەر، قۇربانلىق قىلدىلەر. بۇ تەۋف ئىلگىركى يىلى تەۋاف قىلالماي يانغاننىڭ قەزاسى ئەردى. بۇ ۋەجھەدىن ئۇمرە ئەل - قەزا ئاتار ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇچ كۇن بەتھادا تۇردىلەر. مەككەدەكى ئۇرۇغ - تۇغقانلەرى تەكلىف قىلۇر ئەردىلەر. بۇ لەشكەردە يۈز ئات بار ئەردى. ۋە يەنە ئەيتىپدۇرلەركىم، ئارقەدىن سىلاھ - ياراغ كەلتۇرۇڭلار! بەس، ئارقەدىن تىۋەلەرگە سىلاھ - ياراغ يۈكلەپ كەلتۇردىلەرئەرسە، كافىرلار قورقۇپ ئەيدىلەر: بىز سۇلھ بىرلەردۇرمىزكىم ئۆزۈڭ سۇلھنامە ئىبەرىپ ئەردىڭ، بۇ ئات ۋە ياراغ نە كېرەكدۇر؟» جەۋاب ئىبەردىلەركىم: «ۋەئدەگە ۋەفا قىلساڭلار سىلاھ - ياراغنى مەككەنىڭ تاشىدا قويارمىز ۋەگەرنە ھەمراھ قىلۇرمىز. بەس، قۇرەيشلەر ۋەئدەدە تۇردىلەر ئەرسە، مۇھەممەد بىننى مەسلەمەنى نىگاھبان قىلىپ، سىلاھ - ياراغنى مەككەنىڭ تاشىدا قويدىلەر.

بەس، ئەرتەسى مەيمۇنە بىنتە ھارىسەنى ئالۇر بولدى. ھەزرەتى ئەبباس ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىرلە مەيمۇنەنى نىكاھ قىلدىلەر. ئۇچۇنچى كۇنى قۇرەيش خەۋتەب ئاراسىدا، سۇھەيل بىننى ئەمەرنى ئىبەردى ۋە ئەيدى: «بىز ئەھدگە ۋەفا قىلدۇق، ئەمدى ئۇچ كۇن تەمام بولدى، يانغايلەر.» جەۋاب ئەيدىلەر: «مەن ئەمەمنى ئۆيلەپدۇرمەن، يەنە بىر كۇن مۇھلەت بېرىڭلار، تاكى توي قىلغايمىز، سىزلەر ھەم كەلگەيسىزلەر، ئاب - تەئام يېگەيسىزلەر. ئاندىن يانغايمىز.» كافىرلاز ئەيدى: «بەس، بۇ ئىشلارنى خاھلاماسمىز، ئاب - تەئامىڭنى ھەم يېمەسمىز.»

تۆرتىنچى كۇنى مەيمۇنەنى ئازادكەردەسى رافەھ بىرلە ئالىپ مەككەدىن

چىقتىلەر. بەس، خۇداي تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم، مەزمۇنى بۇدۇر: ھەرئايىنە ئاللاھ تەئالا پەيغەمبەرىنىڭ تۇشىنى راست قىلدىم، مەسجىدى ھەرەمغە ئەمىن ۋە دىلجەمئ كىرىپ تەۋۋف قىلىپ، ساچىڭلارنى سالدۇرغايسىزلەر؛ سىزلەر بىلمەگەننى ئاللاھ تەئالا بىلۇركىم مۇندىن ئىلگىرى ھۇدەيبىيەدىنياندۇرۇپ فەتھ خەيبەرنى نەسىق قىلدى. تاكى ئەھلىـــى خەيبەر قۇرەيشكە ياۋەر بولماغايلاركىم دوست ئەردىلەر. قاچانكىم ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇمرە ئەل - قەزادىن ياندىلەر ئەرسە، تا زۇلھەججە تەمام بولغۇنچە مەدىنەدە بولدىلەر.

بەس، ھىجرەتدىن سەككىزىنچى يىلى بولدى، مۇھەررەم ئايىدا، يەتتە مەراتىبە لەشكەر ئىبەردىلەر. بەئزەلەر زەفەر تاپتىلەر ۋە بەئزەلەر شەھىد بولدىلەر؛ گاھى جەڭ بولماي ياندىلەر.

## دەستان
## غەزۋەئى مۇتە ۋاقىئەسى

ئانداغ ئەردىكىم، جۇمادىيەل ئەۋۋەل ئايىدا خەبەر كەلدىكىم، بىسيار لەشكەر شامدا جەمئ بولۇپدۇر، رومدىن ھەم ئۇلارغە مەدەد بولۇپدۇر. چۇنكى شام ۋىلايەتى روم پادىشاھى تەسەررۇفىدە ئەردى؛ شام خەلقى ھەمە نەرسالار ئەردىلەر.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇچ مىڭ لەشكەر تارتىپ بارىپ، زەيد بىننى ھارىسەنى سەردار قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «سەن ئۆلسەڭ جەئفەر بىننى ئەبى تالىب سەردار بولسۇن، ئەگەر ئول شەھىد بولسە خالىد بىننى ۋەلىد سىپــــەھسالار بولسۇن.» بەس، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! نە ۋاقىئەدۇركىم، زەيدنى ماڭا ھاكىم قىلۇرسەن؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «بارغىلكىم ئىش خۇدا ۋە رەسۇلىنىڭدۇر.»

بەس، شام ھەددىغە باردىلەر، مەغان ئاتلىغ بىر يەرگە تۇشتىلەر. خەبەر ئالدىكىم، روم پادىشاھى ئىككى يۇز مىڭ كىشى بىرلە كېلىپدۇر. بەس،

لەشكەرى ئىسلام ئاندا توختاپ ئەردىلەر، ئەيدىلەر: «ئۈچ مىڭ كىشى ئىككى يۈزمىڭ لەشكەرنىڭ بەرابەرىدە قايداغ قىلۇرمىز. مەسلەھەت ئۇلكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە خەبەر بەرگەيمىز، تاكى ئۇلەرنىڭ ئەمرلەرىگە باقىپ ئىش قىلغايمىز.» ئابدۇللاھ بىننى راھە ئەيدى: «بىزگە ئىككى ئىشدىن بىرى ۋاقىئدۇركىم ئىككىلەسى خوبدۇر: يا زەفگەر تاپماق يا شەھىد بولماق، شەھادەت زەفەردىندۇر. دۇشمەن ئالدىغە بارغايمىز!» بۇ سۆز بىرلە بارىپ، بەلقا ھەددىدە مۇتە دىگەن كەنتكە يەتتىلەر ئەرسە، روم لەشكەرى كەلدى. مۇسۇلمانلار سەف ئارەستە قىلدىلەر. زەيد بىننى ھارىسە ئەدۋ بىننى قۇتبەنى ئوڭغە تەئىن قىلدى، ئىباد بىننى مالىك ئەنسارىنى سولغە مۇقەررەر قىلدىلەر، ئۆزى غولدا تۇردى. جەڭ قىلدىلەر. بەس، زەيد شەھىد بولدى ئەرسە، ئەلەمنى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئالدىلەر ۋە ئەمر قىلدىلەركىم تەمام ئاتدىن تۈشكەيلەر، قەبۇل قىلمادىلەر؛ ئۆزلەرى ئاتدىن تۈشۈپ، ئاتلەرىنىڭ ئاياغىنى كېسىپ تاشلادىلەر ئەرسە، تەمامى لەشكەر پىيادە بولۇپ جەڭگە تۇردىلەر. تاكى ھەزرەتى جەئفەرنىڭ ئوڭ قوللەرى شەھىد بولدى، ئەلەمنى سول قوللەرىغە ئالدىلەر. ئاخىر شەھىد بولدىلەر ئەرسە، ئەلەمنى سابىت بىننى ئەرقەم ئالدى، ئەيدى: «مەن ئەلەمى ھاكىم بولماق ئۈچۈن ئالمادىم، ئىسلام ئەلەمنى يەرگە تۈشمەسۇن دەپ ئالدىم.» ئەلەمنى ئابدۇللاھ بىننى راھەغە ھەم ۋەسىيەت قىلغان ئەردىلەر، ئەرسە ئول ھەم شەھىد بولغان ئەردى.

ئول كۈنى ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. كېلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە بۇ جەڭدىن خەبەر بەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەرغە ئەيدىلەر، بىتەمام مەسجىدكە يىغىلدىلەر. ھەززەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. مەدىنە ۋە روم ئاراسىداقى ھىجابنى كۆتەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئول ۋاقىئەلەرنى كۆرۈپ سەھابەلەرگە خەبەر بەردىلەر. تەمامى سەھابەلەر مەسجىدكە يىغىلىپ، شەھىدلەر ۋە ھەزرەتى جەئفەرنىڭ قوللەرى شەھىد بولغانىغە تەئزىيەت تۇتتىلەر. ئول كۈنى كەچ بولدى ئەرسە، ئەرتەسى خالىد بىننى ۋەلىد جەڭگە تۇردىلەر. تا ئۈچ كۈن جەڭ قىلدىلەر، باقتىلەركىم مۇسۇلمانلار ئاز قالىپدۇرلەر. تەمامى لەشكەرنى ئۆگىتىپ يانغۇنچە ھالا يانغانىمىز بەھىراقدۇر، دەپ ياندىلەر ئەرسە، ھەزرەتى

پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەر بىرلە ئالدىلەرىغە چىقتىلەر. ھەزرەتى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەش ياشدا ئوغلانلەرى بار ئەردى، ئاتلەرىنىڭ ئالدىغە ئالىپ باردىلەر. خالىد بىننى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە تەھسىن قىلىپ، ستايەشلەر قىلدىلەر. ھەزرەتى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئول كۇنى «تەييار» ئاتادىلەر؛ چۇنكى ھەق تەئالا ئىككى قولىلەرىنىڭ ئورنىغە ئىككى قانات بەردى، تاكى فەرىشتەلەر بىرلە ئۇچۇپ يۈردىلەر.

# دەستان
# ۋاقىئەئى فەتھ مەككە

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، جۇمادىيەل ئەۋۋەل ئاخىــرى رەجەب، شەئبان ئۆتتى ئەرسە، رەمەزان ئايىدا مەككە غەزاتىغە باردىلەر.

ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، مەككەدە ئىككى قەبىلە بار ئەردىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىــڭ پەناھلەرىدە ئەردى؛ ئاتا خەلىــــفە قويغان ئەردىلەر. بىرى خۇزائە، بىرى بەنى بەكر. بەنى خۇزائە ئىلگىرى ھەم بەنى ھاشىمغە تابىئ ئەردى؛ بەنى بەكر بەنى ئۇمەييەگە تەئەللۇق ئەردى. قاچانكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىرلە بەنى مەھزەم ۋە تائىــفە قۇرەيش ھۇدەيبىيەدە سۇلھ قىلدىلەر ئەرسە، بەنى خۇزائە ئەيدىلەر: «بىز ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم ئەھدلەرىدەدۇرمىز، ئىلگىرى ھەم ئۇلارغە تابىــئ ئەردۇك.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەم قەبۇل قىلدىلەر. ئەگەرچە كافىر بولسەلەر ھەم مەككە ئۇلارنىڭ پەناھلەرىدە بولماقنى مۇقەررەر قىلدىلەر. بەس، بەنى بەكر بەنى خۇزائەغە خىلاف قىلدىلەر، ئەيدىلەر: «ئىلگىرى ھەم ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم جەددلەرىگە تابىئ ئەمەس ئەردۇك»، دەپ خىلافغە تۇردىلەر. چۇنكى بۇلارنىــڭ ئاراســــدا قەدىم ئەداۋەتلەرى بار ئەردى، جەڭ قىلىشىپ ئۇلتۇرۇشۇر ئەردىلەر. قاچانكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەبئۇس بولدىلەر ئەرسە، تەمامى خەلايىق بۇلارنىڭ گۇفت-گوي ۋە جۇست-جويلارىدا نىزائ ۋە ئەداۋەتلەرى مەمنۇئ بولغاي ئەردى. ۋەقتىكى، ھۇدەيبىيەدە سۇلھ ۋاقىئ بولدى ئەرسە، ئەمىن بولۇپ،

يەنە ئىزائىغە تۇردىلەر. بەنى بەكر ئەبۇ سۇفياندىن ياۋەرلىك تىلەدىلەر. ئەبۇ سۇفيان ئەھد سىنغاي دەپ لەشكەر بېرەلمەدى. ئەمما سىلاھ - ياراغ بىرلە مەدەد بەردى. بۇ تەرىقە بىرلە سۇلھنى بۇزدىلەر. ئاندىن كېيىن، سەفۋان بىننى ئۇمەييە، ئەكرەمە بىننى ئەبۇ جەھل، سۇھەيل بىننى ئەمەر بىركېچە كېلىپ، بەنى خۇزائەدىن بىسيار خەلقنى ئۆلتۇردىلەر. ئەھلـــى خۇزائە سەردارلارى بۇدەيل بىننى ۋەرقارنىڭ ئۆيىگە يىغىلىپ، ئانىڭ پەناھـــــدا قۇتۇلدىلەر. ئاندىن كېيىن، ئەمەر بىننى سالىمدىن ئىلگىرى ھەزرەتـــى جەبرائىل ئەلەيھ.س. خەبەر بېرىپ، فەرمان يەتكۈزۈپ ئەردىلەركـــــم: «مەككەگە غەزاتغە بارغىل، تاكى زەفەر - نۇسرەت ساڭادۇر.» بەس، ئەمەر بىننى سالىم كەلدى، ئول ۋاقىئەلەرنى خەبەر بەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم بىزگە ۋە سىزلەرگە نۇسرەت بېرۇر دىدىلەر، ئەمما بېرۇرمەن يا لەشكەر ئىبەرۇرمەن دىمەدىلەر؛ چۇنكـــى، قۇرەيش ئاگاھ بولغايلەر. ئاندىن، بۇدەيل بىننى ۋەرقار كەلدى، قۇرەيشنىڭ قىلغان ئىشلەرىنى تەمام بەيان قىلدى. قۇرەيش بۇدەيل بىننى ۋەرقارنىڭ مەدىنەگە كەلگەنىدىن خەبەر ئالىپ، پۇشمان بولدىلەر. ئەبۇ سۇفيانغە ئەيدىلەر: «ھەزرەتـى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم جەڭگە كېلۇرلەر، سەن بارىپ، ئۆزرە ئەيتىپ، تازە سۇلھ قىلىپ يانغىل.» بەس، ئەبۇ سۇفيان مەككەدىن چىقتى ئەرسە، ھەق تەئالا ئاگاھ قىلدى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم سەھابەلەرغە ئەيدىلەر: «ئەبۇ سۇفيان ئۆزرەغە كېلۇر.» بەس، ئەبۇ سۇفيان مەدىنەگە كېلىپ، تۇشكەلى يەر تاپالماي، ئاخىر قىزى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەمنىڭ نىكاھلەرىدە ئەردى، ئاندا تۈشتى؛ كىرىپ ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل.ئەل.لەمنىڭ سالىپ ياتادۇرغان بىستەرلەرىدە ئولتۇردىكىم، ئول بىستەر تېرەدىن ئەردى. بەس، ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كىرىپ، بىستەرنى ئاتاسىدىن تارتىپ ئالدىلەر، ئەيدىلەركىم: «بۇ رەسۇلى خۇدانىڭ بىستەرلەرىدۇر، سەن كافــــىردۇرسەن، تا مۇسۇلمان بولماي نېچۈكدىن ئولتۇرۇرسەن!» بەس، ئەبۇ سۇفيان ئاندىن چىقىپ، ئەبۇ بەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە كەلدى. ئەيدى: «بىزدىن مۇنداغ بىئەدەبلىك ئۆتتى، ئەھدىمىز سىندى. ئەمدى سەن مېنى باشلاپ بارساڭ، مەن ھەزرەتى مۇھەممەد سەل.ئەل.لەمغە ئۆزرە ئەيتسام. سەن سۇلھ تازە قىلماقنى دەرخاست

قىلساڭ.» ھەزرەتى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتتىلەر: «ئۆزۈڭ بارغىلىكىم نە جەۋاب ئىشىتتۇرسەن، ئەمما كۆڭۈللەرى ئاغرىپتۇر.» بەس، ئەبۇ سۇفيان ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلەرىغە كەلدى، ئەرزنى يەتكۈردى. ھىچ جەۋاب بەرمەدىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ قاشلەرىغە كەلدى، گۇناھىمىزنى تىلەسۇنلەر دەپ تەلەپ قىلدى. ئۇلەر ئېيتتىلەر: «ئەگەر لەشكەر ھەم چۇمەلى بولسا سىزلەر بىرلە جەڭ قىلۇرمەن.» ئاندىن، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە كەلدى، ئۇلەر ئېيتتىلەر: «مەن بۇ سۆزنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە ئېيتالماسمەن.» ئاندىن، ھەزرەتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە ئېيدى: «سىنىڭ ئاتاڭدۇر، تىلەرسەن، مەقبۇل قىلارسەن.» بۇلەر ئېيتتىلەر: «مەن ھەم بۇ سۆزنى ئەرز قىلالماسمەن.» بەس، ئەبۇ سۇفيان نەۋمىد بولۇپ، مەككەگە ياندى.

ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم خەلقغە بۇيرۇدىلەركىم، سىلاھ - ياراغ جابدۇغايلەر. تەمامى ئەرەب قەبىلەلەرىدەكى مۇسۇلمانلارغە كىشى ئىبەردىلەر. ھەمە مۇسۇلمانلار گۇمان قىلدىلەركىم شامغە بارغايلەر. بەس، تەمامى مۇھاجىر - ئەنسارى، ھەر قەبىلە - دىيارلەردىن مۇسەللەھ - مۇكەممەل كەلگەنلەرنى يىغىپ، مەدىنەدىن چىقارىپ، سىناپ كۆردىلەركىم، بەش مىڭ مۇھاجىر - ئەنسارىدىن، بەش مىڭ ئۆزگە قەبىلەدىن، بۇلار مۇسەللەھ - مۇكەممەل ئەردىلەر. مەدىنەگە كۇلسۇم بىننى ھەسسىننى خەلىفە قىلىپ، ماھى رەمەزاندا، مەدىنەدىن چىقىپ يۈردىلەر ئەرسە، ئەمرى قىلدىلەركىم، خاھ سەۋارە خاھ پىيادە ھىچكىم بۇ سەفەردە بىر - بىرىدىن ئايرىلماسۇن، تاكى قۇرەيش خەبەر تاپماسۇنلەر. بەس، بەش كۈن يول يۈرۈپ، زۇل ھەلىفەگە تۈشتىلەر. بۇ لەشكەردە مەزلۇملار بار ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇيرۇدىلەركىم: «زەئىفەلەر ئوتتۇن تېرىپ، تەئام پۇشۇرۇپ، ئىگىن - ئايانىنى يۇپ، خىزمەت قىلسۇنلەر.» مۇھاجىردىن خاتەب بىننى رەبىئە ئاتلىغ بىر ئادەم ئەھلى مەككەگە نامە پىتىدىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىسيار لەشكەر بىرلە بارۇرلەر، سىزلەرنىڭ تەقابىل بولغالى ھەددىڭلار يوقدۇر، ھەزەر قىلغايسىزلەر. بۇ نامەنى، بەنى ئابدۇلمۇتتەلىبدىن سارە ئاتلىغ بىر مەزلۇم ئوتتۇن تەرگەلى چىقىپ ئەردى، ئاڭا بەردى ۋە ئېيدى: «بۇ نامەنى ئەبۇ سۇفيانغە بەرگىل.» بەس، بۇ مەزلۇم

نامەنى ئالىپ يولغە كىردى ئەرسە، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ.س. كېلىپ، بۇ ۋاقىئەنى بەيان قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم ھەزرەتى ئەلى ۋە زۇبەير بىننى ئەۋۋامنى ئارقاسىدىن بۇيرۇدىلەر. بۇلار قوغلاپ يېتىپ، نامەنى سوردىلەر ئەرسە، تاندى؛ تەمامى ئىگىن - ئاياغىنى باقىپ تاپمادىلەر، ھىچ نەرسە يوق ئىكەن دەپ يانغالى تۇرۇپ ئەردى، ھەزرەتى ئەلى شەمشەر ئالىپ ئەيدىلەر: «قەسەم بېخۇدايكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم يالغاندىن پاكدۇرلەر. راست ئەيغىل! ۋەگەرنە سېنى ئۆلتۇرۇرمەن!» ئول مەزلۇم قورقۇپ ساچىنىڭ ئاراسىدىن ئالىپ بەردى.
ھەزرەتى ئەلى ئول مەزلۇمنى نامە بىرلە ئالىپ كەلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم ھەمە سەھابەلەرنى يىغىپ، نامەنى خاتەبغە ئوقۇتتىلەر. ئەيدىلەر: «ئەي خاتەب! نە ۋەجھەدىن مۇنداغ قىلدىڭ؟» خاتەب ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن كافىر بولمادىم، لېكىن مەككەدە قاياش قەبىلەم بىسياردۇر، ئۇلارغە خەبەر قىلغايمەن، تاكى زەرەر تارتماغايلەر. رەسۇلى خۇداغە ھىچ زەرەر يوقدۇركىم، چۈنكى خۇداي تەئالانىڭ تەقدىرىدىن كەم - زىيادە مۇمكىن ئەمەسدۇر.» ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بۇ كافىر بولۇپدۇر، بۇيرۇغىل تاكىم ئۆلتۇرگەيمەن!» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم ئەيدىلەر: «كافىر ئەمەسدۇر. چۈنكى ھەق تەئالا ماڭا مۇئمىنىن دەپ خەبەر بېرىپدۇر.»
بەس، ئاندىن كۆچۈپ ئەسسان دىگەن مەنزىلگە يەتتىلەر ئەرسە، ھەۋا قىزىدى. مۇسۇلمانلار روزەدار ئەردىلەر، بىسيار تىڭ بولدىلەر ئەرسە، ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم، مەزمۇنى بۇ ئەردى: بەس، سىزلەردىن كىمەرسەكى ماھى رەمەزان كەلسە روزە تۇتسۇن؛ ئول كىشىكىم ئاغرىغ بولسە يا سەفەردە بولسە، ئۆزگە كۈنلەردە قەزاسىنى تۇتسۇن. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم ئاندا تۇشتىلەر ۋە روزەلەرنى سىندۇردىلەر.
ئەمما قۇرەيش قورقۇپ ھەمىشە خەبەر ئىزدەر ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل.ئەل.لەم يوللارنى توسۇپ، ھىچ تەرەفدىن خەبەر بەرمەس ئەردىلەر. ئاخىر، قۇرەيشلەر ئەيدىلەر: بىر جاسوس ئىبەرىپ ھەزرەتى مۇھەممەددىن خەبەر ئالغايمىز. بۇدەيل بىننى ۋەرقار بىرلە ئەبۇ سۇفيان كېچە چىقىپ ئەسسانغە ياۋۇق يەتتى ئەرسە، ئوت كۆردى. ئەبۇ سۇفيان: ئەرەب مۇنچە تولا

ئەرمەس ئەردى، مەئلۇمدۇركىم بۇ لەشكەردۇر. لېكىن ھەزرەتى مۇھەممەدنىڭ لەشكەرلەرى ھەم مۇنچە تولا بولماس. بۇ كىمدۇر؟! ئول كېچە ھەزرەتى ئەبباس ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ شەبھا ئاتلىغ تىۋەلەرىگە مىنىپ، لەشكەرنى چۆيرۈلۈر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر قاراۋۇل بولۇپ لەشكەردىن يىراق ئوت قالاتىپ ئولتۇرۇپ ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى ئەبباس قاراڭغۇلۇقدا ئۇلاردىن ئۆتتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەركىم: باقىڭلار، ئول كىمدۇر؟ ھەمراھلارى ئەيدىلەر: ئەبباسدۇر. بەس، ھەزرەتى ئەبباس ئۆتۈپ يۈردىلەر ئەرسە، ئەبۇ سۇفيان ئۈنلەرىنى تانۇدى. ھەزرەتى ئەبباس بىرلە دوستلۇقى بار ئەردى. ئالدىلەرىغە كەلدى. بەس، بىر - بىرلەرىنى سوراپ تانۇشۇپ كۆرۈشتىلەر. ھەزرەتى ئەبباس ئەيدىلەر: «نەئىشغە كەلدىڭ؟» ئەبۇ سۇفيان ئەيدى: «خەبەر ئالغالى كەلدىم.» ھەزرەتى ئەبباس ئەيدىلەر: «ئەنە، رەسۇلى خۇدا ئون مىڭ لەشكەر بىرلە كەلدىلەر. كەلگىل، مېنىڭ تىۋەمگە مىنگىلكىم ئالىپ بارىپ ئامان تىلەپ بېرەي. ۋەگەرنە ھەزرەتى ئۆمەر كۆرسە ئامان بەرمەي ئۆلتۇرۇرلەر.» چۇنكى ئۆمەر بىــرلە ئەبۇ سۇفيان قەدىم ئەداۋەتلىك ئەردى. بەس، ئەبۇ سۇفيان ھەزرەتى ئەبباسنىــڭ ئارقەلەرىغە مىندى، يىلدام يۈردىلەر ۋە يەنە ھەزرەتى ئۆمەرنىــــڭ ئوتلەرى ئالدىغە كەلدىلەرئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر ئەبۇ سۇفياننى كۆرۈپ تانۇدىلەر، ئەسىر قىــلغان گۇمان قىــــلدىلەر. ئەيدىلەر: «ئەي خۇدانىــــڭ دۇشمەنـــى! ئەلھەمدۇلىللاھكى ھەق تەئالا سېنى مۇسۇلمانلارغە ئەسىر قىلىــپدۇر!» ھەزرەتى ئەبباس ئەيدىلەر: «مەن مۇڭا ئامان بەردىم.» ھەزرەتــى ئۆمەر پەرىشان بولۇپ ئەيدىلەر: «يا، ئەبباس! سەن رەسۇلى خۇدانىڭ ئەممەسى سەن! لايىق ئەمەسكى، رەسۇلى خۇدانىڭ دۇشمەنىگە ئامان بېرىپ، رەسۇلى خۇدانىڭ تىۋەلەرىگە مىندۇرگەيسەن!» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر ھەم قوپۇپ يىلدام يۈردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبباس ھەم يۈردىلەر. ھەر ئىككىلەرى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ خىيمەلەرىگە تەڭ يەتتىلەر. بەس، ئەبۇ سۇفياننى ئىشىكدە قويۇپ ئىككۆلەن كىردىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ھەق تەئالا ئەبۇ سۇفياننى گىرىفتار قىلىــپدۇر. ماڭا بۇيرۇغىل، تا ئامان بەرمەي ئۆلتۇرگەيمەن.» ھەزرەتى ئەبباس ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن ئاڭا ئامان بېرىپ ئەردىم.» ھەزرەتى ئەبباسنىــڭ بۇ

سۆزلەرى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە ئاغىر كەلدى ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر سۆز ئەيتماي دەپ ياندىلەر. ھەزرەتى ئەبباس ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مۇبارەك باشلەرىنى قۇچاقلەرىغە ئالىپ، سۆز ئەيتماق بەھانەسىدە تۇردىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «نە ياخشى ئىش قىلاسەنكىم، خۇدا ۋە رەسۇلىنىڭ دۇشمەنىگە ئۆزۈڭچە ئامان بېرۇرسەن!» ھەزرەتى ئەبباس ئەيدىلەر: «ئەگەر بۇ ئادەم ئۆزۈڭنىڭ قەبىلەسى بەنى ئەدىدىن بولسە ئەردى، ئۆلتۇرگەلى مۇنچە شىتاب قىلماس ئەردىڭ. قەبىلەئى ئەبدۇمەنافدىن ئۈچۈن مۇنچە ئىزتىــرابغە قالدىڭ!» بەس، ھەزرەتـــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مۇنى ساقلاپ ئەرتە كەلتۇرگىل.» بەس، بۇلار يانىپ ئەرتەسى ھەزرەتى ئەبباس ئەبۇ سۇفيانىنى ئالىپ كەلدىلەر ئەرسە، مۇسۇلمان بولدى. ئانى مەككەگە ياندۇرۇر بولدىلەر. ھـەزرەتـــى ئـەبباس ئـەيدىـلـەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ئەبۇ سۇفيان مەككە ئۇلۇغلارىدىندۇر. ئانگا ياخشىلىق قىلماق لازىمدۇر.» ھەزرەتـــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەبۇ سۇفيان مۇسۇلمان بولسە ئەمىندۇر، خەلق ئۇلۇغلۇقىنى كۆرەرلەر.»

ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم لەشكەر ئارەستە قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەبباسغە ئەيدىلەر: «ئەبۇ سۇفيانىنى يول ئۇزەسىدە تۇرغۇزغىل تاكى لەشكەرنى كۆرگەي.» ئەبۇ سۇفيانىنى ئالىپ چىقتىلەر، لەشكەرلەر گۇرۇھ - گۇرۇھ ئۆتەر ئەردىلەر. ئەبۇ سۇفيان ئۇلارنى سەۋال قىلۇر ئەردى، ھەزرەتى ئەبباس جەۋاب بېرۇر ئەردىلەر. تا بەش مىڭ كىشى ئۆتتى ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىرلە يەنە بەش مىڭ مۇبارىز مۇقاتىل، زىرىھ پوش، جەۋشەن پوش كىيىملىك مۇھاجىر، ئەنسارلار كۆك تۆمۈر ئىچىندە ئۆتتىلەركىم كۆزلەر خىيرە بولۇر ئەردى. ئەبۇ سۇفيان ھەيران بولۇپ ئەيدى: «يا ئەبباس، بـــــرادەرزادەڭ بـــــسيار ئۇلۇغ پادىــشاھ بولۇپدۇر.» ھەزرەتى ئەبباس ئەيدىلەر: «بۇ سۆز لايىق ئەمەسدۇركىم پادىشاھ ئەمەس، خۇدانىڭ پەيغەمبەرىدۇرلەر.» ئەبۇ سۇفيان كۆڭلىگە تەرس - ھەراس تۇشتى. بەس، مەككەگە ياندى ئەرسە، ئەھلى مەككە يىغىلىپ كەلدىلەر. ئەبۇسۇفيان ئەيدى: «ھەزرەتى مۇھەممەد ئانچە لەشكەر بىرلە كېلىپدۇركىم ھېچ پادىشاھغە تاقەت يوقتۇركىــم تەقابىــل بولغاي.» ئۇلار ئەيدى: «بىــزنە ئىــلاج قىلۇرمىز؟» ئەبۇ سۇفيان ئەيدى: «ھەزرەتى مۇھەممەد ئەيدىلەر:

ھەركىم ئۆيىدىن چىقماسا ئەمىن بولۇر.» ئۇلار ئېيدى: «تاكى ئۆيدە بولۇرمىز.» بەس، بىسيار قورقتىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەككەگە يەتتىلەر، سوردىلەركىم: «ئەھلى مەككە نە ئىش قىلۇرلەر؟» ئېيدىلەر: «لەشكەرلەرىنى ئەرەفاتغە يىغىپ، دوكانلاردا جۇغلاشىپ تۇرۇپدۇرلەر. سارايلارنىڭ ئىشىكلەرىدە سىلاھ - ياراغلار بىرلە تۇردىلەر. ئېيتۇرلەركىم، ئەگەر جەڭ قىلسە تەيياردۇرمىز.» لەشكەرىغە ئېيتۇرلەر: سىزلەر ئارقەدىن كېلىڭلار، ئەگەر جەڭ قىلسە ئۆلتۈرۈڭلار، جەزاسى ئولدۇر، بەس، ھەزرەتى سەل-ئەل-لەم زۇبەير بىننى ئەۋۋامغە ئېيدىلەر: «سەن ئىلگىرى ئۆز لەشكەرىڭ بىرلە مەككەنىڭ مەشرىق تەرەفىداقى تاغدا ئەلەم تىكىپ تۇرغىل!» ئاندىن، خالىد بىننى ۋەلىدكە ئېيدىلەر: «سەن ئۆز تابىئىڭ بىرلە مەككەنىڭ مەغرىب تەرەفىدە، بەنى بەكر لەشكەرى باردۇر، ئاندا تۇشكىل، جەڭ قىلماغىل.» بەس، زۇبەيرە مەككە دەرۋازەسىگە كەلدى، بۇيۇرغان يەرگە ئەلەم تىكتى ئەرسە، لەشكەرنى كافىرلار كۆرۈپ، تاغدىن يۇگۇرشۇپ تۇشتى. زۇبەير بىخەبەر، لەشكەرى ئىلگىرى - كېيىن ئەردى. ئىككى كىشىنى شەھىد قىلدى. ھەزرەتى خالىد بەنىبەكر تەرەفىگە يۇردىلەر ئەرسە، بەنى بەكر جەڭگە تۇردى. ھەزرەتى خالىد ئۇلارغە شىكەست بېرىپ، باياباندا قوغلاپ ئەلەم تىكتىلەر. ھەزرەتى خالىدنىڭ لەشكەرىدىن ئۈچ كىشى شەھىد بولدىلەر. ئول كۈنى بەش كىشى شەھادەت دەرەجىسىگە يەتتى. ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قالغان لەشكەر بىرلە مەككە ئىشىكىدە ۋادى تەۋى دىگەن يەرگە كېلىپ تۇردىلەر. بەس، لەشكەرنى تەرتىپ بېرىپ، شەھەرگە كىردىلەر، مۇنادى قىلدۇردىلەركىم: ھەر كىشى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ سارايىغە كىرسە، يا ئۆز ئۆيىدىن چىقماسا، ئامان تاپقاي! ئاندىن، لەشكەر بىرلە ئاھستە يۇردىلەر، ئېيدىلەر: «سىزلەر، جەڭ قىلماغۇنچە، ھىچ كىشىنى ئۆلتۈرمەڭلار! مەگەر ئالتە كىشىكىم ھەريەردە تاپساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار: بىرى، ئابدۇللاھ بىننى سەئدكىم ھەزرەتى ئوسمان بىرلە ئېمىلداش ئەردى؛ يەنە بىرى، ئابدۇللاھ خەتتابكىم بەنى تەمىمدىن، شائىر ئەردى، مەدىنەگە كېلىپ مۇسۇلمان بولغان ئەردى، ئانى ئامىلى زەكات قىلىپ ئەردىلەركىم ھەر قەبىلەدىن زەكات ئالۇر ئەردى؛ ئاخىر بىر كىشىنى ئۆلتۈرۈپ مۇرتەد بولۇپ، مەككەگە كېلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر

سەل-ئەل-لەمنى ھەجۋە قىلىپ ئىككى غەزەلخان كەنىزەككە ئۆرگەتىپ ئەردىكىم، ھەريەردە ئول ھەجۋەنى ئوقۇتۇپ ئەرسە، كافىرلار شادلىق قىلىشۇر ئەردى. يەنە بىرى، رەبىئە بىننى ۋەھبىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە ئەداۋەت باغلاپ، ئەكسەر تاش ئاتىپ، مۇبارەك باشلەرىغە ساچار ئەردى. تۆرتىنچى، مۇغەيس بىننى سەيابەكىم، بىرادەرى ھىشام بىننى سەبابە غەزۋەئى مۇستەلەقدە مۇسۇلمان بولغان ئەردى. ئەنسارىدىن بىر كىمەرسە بىرادەرى ھىشامنى كافىر گۇمان قىلىپ ئۆلتۈردى ئەرسە، مۇغەيس مەككەدىن كېلىپ مۇسۇلمان بولۇپ، بىرادەرىنىڭ قىساسىنى تەلەب قىلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم خەتا بىرلە ئۆلتۈرگەنگە قىساس يوق دەپ، خۇن بەھا ئالىپ بەردىلەر. ئاندىن كېيىن مۇغەيس بىرادەرىنىڭ قاتىلىنى ئۆلتۈرۈپ، مەككەگە قاچىپ ئەردى. بەشىنچى، ئىكرىمە بىننى ئەبۇجەھلكىم ئاتاسى كىمردارىغە ياۋۇز ئول ئەردى. ئالتىنچى، سەفۋان بىننى ئۇمەييەكىم ئەبۇ سۇفيانغە لەشكەرى ئاجرابىنى ئول يىغىپ بەرگەن ئەردى. ۋە يەنە مەزلۇملاردىن تۆرتىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇدىلەر: بىرى، ئەبۇ سۇفياننىڭ كۆجى ھىندكىم جەڭگى ئوھۇددە، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇرساقلەرىنى يارىپ، جىگەرلەرىنى چايناپ ئەردى. ئىككىنچى، ئۆمەر بىننى ھاشىمنىڭ ئازادگەردەسى، خاتەب بىننى سەئلەبەنىڭ نامەسىنى مەككەگە ئالىپ قاچقان خاتۇن ئەردى. يەنە ئىككىسى ئابدۇللاھ بىننى ھەنتەلەنىڭ ئىككى دىدەكى: بىرى خەۋىيە، يەنە بىرى قەرىبا، بۇلار ھەجۋە پىتىپ ئالىپ، ھەر مەجلىسدە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ھەجۋەلەرىنى ئوقۇر ئەردى.

ئول كۈنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قارا دەستار كىيىپ، ئالدىلەرىدە ھەزرەتى ئەلىغە ئەلەملەرىنى كۆتەرتىپ باردىلەر. زۇبەيرنى ئەلەم تىككەن يەرگە خىيمەلەرىنى تىككەلى بۇيرۇپ، ئۆزلەرى مەسجىدى ھەرامغە كەلدىلەر. تەمامى ئەھلى مەككە مەسجىدغە كەلدىلەر، يىغىلىپ ئەردى. ئىكرىمە، سەفۋان ئۆلۈمگە بۇيرۇغانلەرىنى ئىشىتىپ قاچىپ ئەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇنداغ ھەيبەت - سەلابەت بىرلە مەسجىد ئىشىكىدە تىۋەدىن تۈشتىلەرئەرسە، بىلدىلەركىم جەڭ قىلمايدۇرلەر. تەمامى خەلق ئۆيدىن چىقىپ مەسجىدكە كەلدى، مەسجىدكە تولدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نەماز ئۆتەپ، تەۋۋف قىلىپ، خانەئى كەئبەنىڭ

ئىشىكىنى ئاچتىلەر. ئەمر قىلدىلەركىم، خانەئى كەئبەدەكى بۇتلارنى چىقارىپ، مەسجىدنىڭ تاشىغە تاشلادىلەر؛ خەلقىنىڭ ئاياغىدا پايمال بولدى. ئاندىن ئۆزلەرى كىرىپ، نەماز ئۆتەپ چىقىپ مەسجىددە ئولتۇردىلەر. كۆردىلەركىم ئەهلى مەككە مەسجىدكە پۇر بولۇپدۇر. بەس، خانەئى كەئبەنىڭ هەلقەسىنى تۇتۇپ ئەيدىلەر: «هەمد ئول خۇداغەكىم، بەندەسىغە زەفەر - نۇسرەت كەرامەت قىلدى. مەككەگە كىرمەك، دۇشمەنلەرگە شىكەست بەرمەككە ۋەئدە بېرىپ ئەردى، راست قىلدى. ئەي ئەهلى مەككە! نە دەرسىزلەر ۋە نېچۇك ئەندىشە قىلۇرسىزلەركىم، مەن سىزلەرگە نە قىلغۇمدۇر!»

سۇهەيل بىننى ئەمر هۇنۇزكافىر ئەردىلەر، قوپۇپ ئەيدىلەركىم: «يا رەسۇلۇللاه، نە دەرمىز ۋە نېچۇك ئەندىشە قىلۇرمىزكىم، بىزنىڭ خوجەمىز ۋە خوجەزادەمىزدۇرسەن. ئۆز قۇت - قۇۋۋەتىڭ بىرلە دۇشمەنلەرگە زەفەر تاپتىڭ. ئۇلۇغلارغە هۆرمەت، كىچىكلەرغە شەفقەت قىلساڭ، مەزلۇم، نارەسىندەلەرنى ئازاد قىلىپ كەچۇرسەڭ جان بىرلە مىننەت تۇتارمىز.» بۇ جەۋابنى ئىشتىپ، هەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇبارەك كۆزلەرىگە ياش ئالىپ يىغلادىلەر؛ تەمامى ئەهلى مەككە زار - زار يىغلادىلەر.

ئاندىن، هەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن سىزلەرگە ئول سۆزنى ئەيتۇرمەنكىم، هەزرەتى يۇسف ئەلەيھ-س. بىرادەرلەرىغە ئەيدىلەر: ئانداغكىم سىزلەرغە هىچ مەلامەت - مۇۋاخەزە يوقتۇر دەپ. هەق تەئالا سىزلەرنى مەغفىرەت قىلۇركىم رەهىمۇرراهىمىندۇر.» ئاندىن، چىقىپ خىيمەلەرىگە كەلدىلەر ئەرسە، گۇرۇه - گۇرۇه كېلىپ ئىمان ئەيتىپ مۇسۇلمان بولدىلەر. ئەرتەسى هەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۇهى سەفاغە چىقىپ ئولتۇردىلەر، هەزرەتى ئۆمەرنى ئالدىلەرىدە ئولتۇرغۇزۇپ ئەردى. ئەهلى مەككە تەمامى ئۇلۇغلارنى ئالىپ، ئاندا كەلدىلەركىم: ئەگەر خاهلاساڭلار ئەسىر - بەندە قىلغايلەر. هەمەسىنى ئازاد قىلدىلەر. ئۈچۈنچى كۇنى ئەيدىلەر: «ئول ئالتە كىشى ۋە تۆرت مەزلۇمنى ئۆلۇمگە بۇيرۇپ ئەردىم، نىمە قىلدىڭلار؟» ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاه! ئابدۇللاه بىننى سەئد هەزرەتى ئوسماننىڭ ئۆيلەرىدەدۇرلەر.» بەس، هەزرەتى ئوسمان ئانى كەلتۇردىلەر، ئانىڭ گۇناهىنى تىلەدىلەر ئەرسە، سەئد بىننى ئىبادە

ئەنسارىلەر بىرلە شەمشەر تۇتۇپ تۇرار ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم باشلەرىنى سالىپ، فىكر ئەندىشە قىلىپ، تەئخىر بىرلە قەبۇل قىلدىلەر. ئابدۇللاھ بىننى سەئد مۇسۇلمان بولدىلەر، ئاندىن ھەزرەتى ئوسمان ئالىپ چىقتىلەر ئەرسە، سەئد بىننى ئىبادە ئەنسارىلەر بىرلە شەمشەر ئالىپ تۇرار ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر ئۇلارغە ئەيدىلەر: «ئانچە تەئخىر قىلىپ ئولتۇردۇم، ئانى ئۆلتۇرگەلى كىشى چىقمادى، بۇ سەبەبدىن خامۇش ئولتۇرۇپ ئەردىم.» سەئد بىننى ئىبادە ئەيدىلەر: «ئىشارەت قىلغاي ئەردىلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەگەر ئىشارەت قىلسام ئوسماننىڭ كۆڭلى ئاغرىغاي ئەردى.»

ئاندىن، ئابدۇللاھ بىننى ھەنتەلەنى بۇردە ئاتلىغ بىر سەھابە ئۆلتۇرۇپ ئەردى. ئول خەبەر بەردى. سەئد بىننى جۇرەيىنى ھەزرەتى ئەلى بىننى ئەبى تالىب ئىزدەپ تاپىپ ئۆلتۇردىلەر. سەفۋان بىننى ئۇمەييە قاچىپ، دەريايى جىددەگە بارىپ ئەردىكىم ئۆتۈپ يەمەنگە بارغاي. مۇسۇلمانلاردىن ئابدۇللاھ بىننى ۋەھىب ئاتا دوست ئەردى. ئول ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، سەفۋان ھەزرەتلەرىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى دەرياغە تاشلاغالى بارىپدۇر، ئاتا ئامان بەرسەلەر، ئامان بەرگەنلەرىگە بىر نىشانە بەرسەلەر تاكى ئول نىشانەلەر بىرلە بارىپ، ئالىپ كەلگەيمىز.» سەفۋان ئابدۇلمۇتتەلىبىنىڭ قىزى ئۇماھانىنىڭ ئوغلى ئەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئول قارا دەستارلەرىنى بەردىلەر، ئەمىن بولۇپ ئاندا بارغايمەن. سەفۋان ئەيدى: «قورقارمەنكىم ماڭا فىرىپ بەرگەيلەر.» ئول ئەيدى: «ئۇلەرىنىڭ دىنلەرىدە مىكر ھەرامدۇركىم مىكردىن يىراق، ھەمە خەلقدىن فازىل ۋە ھەلىمراقدۇرلەر.» بەس، سەفۋان يانىپ كەلدى ئەرسە، ئامان بەردىلەر. ئىمان ئەرز قىلدىلەر، قەبۇل قىلمادى. ئەيدىلەر: «ئەمدى چارە يوقدۇركىم يا شەمشەر يىگەي يا ئىسلامغە كىرگەي.» سەفۋان ئەيدى: «ماڭا بىرئاي مۇھلەت بەرگىل، تا ئىككىنىڭ بىرىنى ئىختىيار قىلغايمەن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «تۆرت ئاي مۇھلەت بەردىم.»

ئەمما، ئىكرىمە سەفۋاندىن ئىلگىرى قاچىپ يەمەنگە بارىپ ئەردى. خاتۇنى ئۇممۇ ھەكىم بىنتە ھارىس ئىككى تۇغقان ئەردى. مۇسۇلمان بولۇپ، ئىكرىمەگە ئامان تىلەدى، ئامان بەردىلەر ئەرسە، بارىپ يەمەندىن ئالىپ

كەلدى. ئۇل مۇسۇلمان بولدى.

ئاندىن، سەفۋاننىڭ كۆجى — ۋەلىد بىننى مۇغەيرىنىڭ قىزىكىم، دۇختەر فاقىمە ئاتار ئەردىلەر، ئۇل مۇسۇلمان قىلدى. ئەمما ئۇل تۆرت خاتۇنكىم، ھىند ئۆيىدە پىنھان بولۇپ ئەردى. ۋە يەنە، سارە — ئۇل ئىككى كەنىزەكنىڭ بىرى، خەۋىيە ئۆلتۈرۈلگەن ئەردى، يەنە قەرىبا قاچىپ ئەردى. تا ھەزرەتى ئوسمان ۋەقتلەرىغىچە ئۆمۈر كۆردى.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۈچ كۈن خەلق بىرلە بەيئەت قىلدىلەر. ھىند، ئۇممۇ ھەكىم، فاقىمە ۋە ئۆزگە ئۇلۇغلارىنىڭ خاتۇنى قورقۇپ، خەلقنىڭ ئارقاسىدا ئولتۇردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۆزلەرىنىڭ ئورۇنلەرىدە ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ قوللەرىنى تۇتتۇرۇر ئەردىلەر. بەس، ئەبۇ سۇفيان كەلتى، ئۆزرەلەر ئەيتىپ، ھىندنى ئەفۇ قىلماقنى تىلەدى ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە ئاغىر كەلدى. ئەيدىلەر: «باقاي، ھەزرەتى ھەق تەئالا نىچۈك فەرمان قىلغايكىم!» بەس، خاتۇن بىرلە بەيئەت قىلماقغە ئايەت نازىل بولدى ئەرسە، بىلدىلەركىم گۇناھى مەغفىرەت تاپار. بەس، ھەمە خاتۇنلارنى چىرلادىلەر. ئۇل خاتۇنلار ھىندنى باشلاپ كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئۆمەر؛ بۇلاردىن مەھر سورغىل!» خاتۇنلار ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، بىز ئىمان كەلتۈرۈپدۇرمىز-كىم، بەيئەت قىلۇرمىز.» بەس، يۈزلەرىنى يايىپ، ياۋۇق كەلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ھەق تەئالاغە ھىچ نەرسەنى شىرىك ۋە ھەمتا بىلمەگەيسىزلەر؛ زەن - فەرزەندىن مۇنەززەھ ۋە ئەيب - نۇقساندىن مۇبەررا مۇمىد بىلگەيسىزلەر!» ئۇلار ئەيدى: «پۈتتۈك، قەبۇل قىلدۇق، بىشەرتىكى خۇداي تەئالا ئەفۇ - مەغفىرەت قىلىپ گۇناھىمىزنى كەچۈرسە.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئوغۇرلۇق قىلماغايسىزلەر.» ھىند ئەيدى: «مەزلۇملار قايداغ ئوغۇرلۇق قىلۇركىم ئەرىنىڭ مالىدىن ئۆزگە نەرسەنى كۆرمەس ۋە بىلمەس. مەن فەرزەندلەرىمغە نەفەقە ئوغۇرلار ئەردىم. چۈنكى ئەبۇ سۇفيان بەدخۇي ۋە بەخىل ئەردى، كىفايەت قىلغۇچە نەفەقە بەرمەس ئەردى.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «ئۇل ئوغۇرلۇق ئەمەسدۇر.» يەنە ئەيدىلەركىم: «زىنا قىلماغايسىزلەر.» ھىند ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئازاد خاتۇن زىنا

قىلۇرمۇ؟» ھەزرەتى ئۆمەر ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە باقىپ تەبەسسۇم قىلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم تەبەسسۇم قىلدىلەر. ئەبۇ سۇفيان، ھىند كۆرمەدى. چۈنكى زەمانى جاھىلىيەتدە ھىند بىرلە ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ ئاراداقى ئەھۋالنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىلۇر ئەردىلەر. ۋە يەنە ئەيدىلەر: «فەرزەندىڭلارنى ئۆلتۈرمەگەيسىزلەر.» چۈنكى ئەرەبدە رەسم ئەردىكىم، قىزلارنى كۈيۈگە بەرمەكدىن ئارىيەت تىرىك كۆمەر ئەردىلەر. ھىند ئەبۇ سوفيانغە ئەيدى: «فەرزەند تۇغدۇم، ھەمەسىنى ئۆلتۈردۇڭ.» يەنە ئەيدىلەر: «كىشى فەرزەندىنى ئەرىڭلەرگە يالغان بۆھتان باغلاماڭلار.» ھىند ئەيدى: «بۇ بىزگە ھەم يامان ئەردى.» يەنە ئەيدىلەر: «ئەمرمەئرۇفدىن چىقىپ ئاسى بولماغايسىزلەر.» ھىند ئەيدى: «بولۇر بولساق مۇندا ئولتۇرماس ئەردۇك.» بەس، بەيئەتنىڭ ئىتمامىغە بىر جامدا سۇ كەلتۇردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇبارەك قوللەرىنى ئول سۇغە سالدىلەر. بۇ تەرىقە بىرلە بەيئەتنى تەمام قىلدىلەر.

رەمەزاننىڭ يىگىرمەسىدە مەككەگە كىلىپ ئەردىلەر. بىر رىۋايەتدە ئون بىركۈن، يەنە بىر رىۋايەتدە ئون سەككىز كۈن تۇردىلەر. ئاندىن، غەزەئى ھۇنەينگە باردىلەر.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، بادىيە، تايىفە ۋە يەنە ئۆزگە قەبىلەئى ئەرەبدىن پەراكەندە بولغان كافىرلار ھۇنەيندە يىغىلىپ ئەردىلەركىم، ئەھلى مەككە ئەگەر مەدەد تىلەسەلەر بارىپ جەڭ قىلغايلەر. قاچانكىم فەتھ مەككەنى خەبەر ئالدىلەر ئەرسە، قەبىلەئى ھەۋازەندىن مالىك بىننى ئەۋف ئاتلىغ بىر ئادەمنى ئۆزلەرىگە ھاكىم قىلدىلەر. مالىك تەمامى قەبىلەلەردىن لەشكەر يىغدى. بەنى ھەشەمدە دۇرەيد بىننى سىممە ئاتلىغ بىر كافىر بارئەردى، يۈز يىگىرمە يىل ئۆمۈر كۆرگەن ۋە بىسيار جەڭلەردە بولۇپ، راي - تەدبىر بىلگەن دۇرەيددىن مالىك ئانچە مىقدار راي - تەدبىر ئۆرگەندى. قەبىلەئى ھەۋازەن قەبىلەئى بەنى سەئد بىرلە تۇغقان ئەردىلەر؛ ئاڭا ياۋەرلىك تىلەپ كىشى ئىبەردى. بەنى سەئد ئەيدىلەر: «بىز ھەزرەتى مۇھەممەد بىرلە ئىمىلداشدۇرمىز. بىزنىڭ ئارامىزدىن ئۇلۇغ بولۇپدۇر. ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلماسمىز.» مالىك ئۇلاردىن ھەم چەندان مىكرلەر بىرلە لەشكەر كەلتۈردى. تا ئوتتۇزمىڭ كىشى يىغىلدىلەر. بەس، مالىك لەشكەرىنى، مەككە يولىدا تايىفنىڭ يانىدا زۇل

نەخل ئاتلىغ بىر يار بار ئەردى، بىر تەرەفى كەڭرۈ باياباں ئەردى، ئانى ۋادى ھۇنەين ئاتار ئەردىلەر، ئاندا كەلتۈردى. تەمامى لەشكەرگە بۇيرۇدىكىم، زەن ـ فەرزەند، مال ـ ئەمۋاللارىنى ئاندا كەلتۈردى. دۇرەيد ئەيدى: «بۇ نە غەۋغادۇر؟» مالىك ئەيدى: «لەشكەرنىڭ ئەھلى ئەيال، مال ـ ئەمۋاللارىنى كەلتۈرۈپدۇرمەن، تاكى ئۇلارنىڭ جەھەتىدىن جان ـ دىل بىرلە جەڭ قىلغايلەر.» دۇرەيد ئەيدى: «ئەھلى ئەيالدىن كۆڭلى فارىغ بولماي جەڭ قىلالماس. مەسلىھەت ئولكىم، ئۇلارنى تايىف قورغانىغە ئىبەرگىل، فارىغ ئالىپ جەڭ قىلغايلەر.» باۋەر بولمادى. «جەڭ كۈنى ھەمە شەمشەرلەرغىلا ـ قىنى تاشلاماي جەڭ قىلۇرلەر، جەڭگە ياراماسسەن! تەدبىرىڭ نىچۈك كارغە كەلگەي!»

بەس، بۇ خەبەر ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە يەتتى ئەرسە، مەككەگە كەلگەن ئون مىڭ كىشىگە يەنە ئىككى مىڭ كىشى ئەھلى مەككەدىن قوشۇپ، ئەبۇ سۇفياننى سەردار قىلدىلەر. بۇ مۇسۇلمانلار ھۇنۇز ئىسلامغە كۆڭۈل باغلاماغان ئەردىلەر. ئۇلارغە ئىنئام بىرۇر بولدىلەر، تاكى كۆڭۈللەرى شاد بولۇپ، دىنى ئىسلامدا مەھكەم بولغايلەر. بۇلارنى «مۇئەللەفە قۇلۇب» ئاتارلەر.

بەس، سەفۋاننىڭ قۇرەيشغە جەڭ ئۈچۈن يىغقان ئالتۇنى بار ئەرمىش دەپ ئىشتىلەر. ئول ئالتۇننى قەرز بەرگىل دىدىلەر. سەفۋان تىخى كافىر ئەردى. ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، غەزەب قىلۇرسەنمۇ؟» ئەيدىلەركىم: «يوق، قەرز ئالۇرمەن، لەشكەردىن يانىپ بىرۇرمەن.» سەفۋان ئالتۇننى كەلتۈرۈپ بەردى. ئاندىن ئىشتىتىكىم، مالىكنىڭ لەشكەرى ئوتتۇزمىڭ ئەرمىش، بۇلارنىڭ لەشكەرى شىكەست تاپار، مىنىڭ ئالتۇنۇم كىتەر، دەپ بۇيۇردىكىم، ئۇلارنىڭ سەردارى كىمدۇر. ئەيدىلەر: مالىك بىننى ئەۋف. سەفۋان ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئىجازە بەرسەڭ ھەمراھ بارغايمەن.» رۇخسەت بەردىلەر، ھەمراھ بولدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بەنى ئەبدۇشەمسدىن ئوقاب ئۇسەيد ئاتلىغ بىر كىشىنى مەككەگە ھاكىم قىلىپ، شەۋۋال ئايىنىڭ يەتتەسى كۈنى چىقىپ يۈردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبباس بىر ئىگىزگە چىقىپ قارادىلەر؛ لەشكەرى ئىسلامنى تولا كۆرۈپ، ئەيدىلەر: «بىزگە ئاز كىشى تەقابۇل بولالماس، ھەرچەند تولا بولسە ھەم ئاڭا غالىب

كېلەلمەس.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئانداغ دىمەگىلكىم، خۇداۋەندى غالىب ۋە دانادىن ئۆزگە نۇسرەت بەرگۈچى يوقدۇر.» بەس، كېتىپ بارۇر ئەردىلەر، سەفۋان بىرادەرىغە ئەيدى: «مەن ئالتۇنۇم ئۈچۈن كەلدىم. ئەگەر ھەزرەتى مۇھەممەد زەفەر تاپسەلەر قولۇمغە تىگەر؛ ئەگەر مالىك زەفەر تاپسە ھەم ئول ئانچە كىشىدۈركىم ئانىڭدىن ئالۇرمەن.» بىرادەرى ئەيدى: «راست ئەيدىڭ.»

بەس، بارىپ كافىرلارغە تەقابۇل بولدىلەر ئەرسە، سەفنى راست قىلدىلەر. ئۆزلەرى سەھابەلەر بىرلە ئىلگەرى تۇردىلەر؛ ئەبۇ سۇفيانىنى ئۆلتۈرغۇزدىلەر. ئەھلى مەككەنى كېيىن قويدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم تىۋەگە مىنىپ چۆيرۈلۈپ يۈرۈر ئەردىلەر. ھارىس بىننى ئابدۇلمۇتتەلىب ئارقەلەرىدە، ھەزرەتى ئەلى ئالدىلەرىدە، شەمشەرنى يالاڭلاپ يۈرۈر ئەردىلەر. مۇھاجىر، ئەنسارلار يىغىلىپ تۇرۇپ ئەردىلەر. مالىك لەشكەرىگە ئەيدى: «يەكبارە ھەملە قىلىڭلار!» ئول كافىرلار ئەھلى ئەيال، مال - ئەمۋالىنى ئارقاسىدا قويۇپ، بىتەمام ھەملە قىلدى ئەرسە، مۇسۇلمانلارغە شىكەست بولدى. بۇ شىكەست ھەزرەتى ئەبباسنىڭ سۆزلەرىدىن ئەردى. بۇھالدا، سەفۋاننىڭ بىرادەرى ئىسلامدىنياندى. قەسد قىلدىكىم «ھەزرەتى مۇھەممەدنى مەن ئۆلتۈرەي، تاكى ئاتامنىڭ قىساسى بولغاي.» بەس، شەمشەر تارتىپ يۈگۈردى ئەرسە، نابىينا بولدى؛ ئاندىن يانىپ، ئەھلى مەككەگە يۈزلەندى ئەرسە، يەنە كۆزى ئاچىلدى. بىلدىكىم، ھىچ نەرسە قىلغالى بولمايدۇر. كېلىپ سەفۋان بىرلە ئەبۇ سۇفيانغە ئەيدى: «ھەزرەتى مۇھەممەدنىڭ جادۇلۇقى بۈگۈن زاھىر بولدى. ئەمدى باتىل بولۇر.» سەفۋان ئەيدى: «خامۇش بولكىم، تىشىڭلار تۆكۈلسۇنكىم، باقىپ تۇرارسىزلەرمۇ! ھەركىم زەفەر تاپسە بىزگە ئۆلۈغ بولۇر. مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمنىڭ سەردارى بولغانى ياخشىدۇركىم، قۇرەيشدىندۇر ھەم سەيدزادە، ۋەگەرنە، مالىك بىننى ئەۋف ھەۋازەن پادەبانلارىدىندۇر، ئەگەر ئەرەبكە سەردار بولسە تەمامى تەھامە ۋە بادىيانى تەسەررۇف قىلۇر.»

بۇ ۋەقتدە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۆردىلەركىم، دۈشمەنلەر غالىب، غەلىبە قىلىپدۇرلەر. ھەزرەتى ئەبباسغە ئەيدىلەر: «يا ئەبباس، ئۇھۇد تاغىدا لەشكەر پەراكەندە بولغاندا، سەن يىغىپ ئەردىڭ، ھالاھەم ئانداغ

قىل!» بەس، ھەزرەتى ئەبباس بەلەند ئاۋاز بىرلە قىچقىردىلەركىم: «يا، مۇھاجىر ـ ئەنسار! يا، ئول مۇسۇلمانلاركىم، سەيىد ئەبرار بىرلە ھۇدەيبىيە كۈنى بەيئەت قىلىپ ئەردىڭلەر، سىزلەرنى چىرلايدۇر!» بەس، لەشكەرى ئىسلامدىن چىقىپ، بۆكۈپ يۈرگەنلەر ھەرتەرەفدىن يىغىلىپ كەلدى. يەكبارە ھەملە قىلىپ، لەشكەرى كۇففارنىڭ بىر تەرەفىگە شىكەست بەردىلەر. بۇ ھالدا ھەق تەئالا فەرىشتەدىن لەشكەر ئىبەردى، كافىرلارنىڭ كۆڭلىگە ھەراس قىلدى، ھەر تەرەفكە قاچىشتىلەر ئەرسە، مۇسۇلمانلار ئۆلتۈرە باشلادىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەم شەمشەر بىرلە قەتل قىلۇر ئەردىلەر. ئەيتۇر ئەردىلەر: «مەندۇرمەن پەيغەمبەرى بەرھەق، ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ ئوغلىدۇرمەن!» ھەقتەئالا! بەس، كافىرلارنى ئانچە ئۆلتۈردىلەركىم، بىركىشى قىرىق ـ ئەللىكنى ئۆلتۈردى. مالىك ئۆز جەمائەسى بىرلە تۇرار ئەردى، ئاللىدا يەتمىش كىشى ئۆلدى، ئەلەمى يىقىلدى. ئوسمان بىننى ئابدۇللاھ ئاتلىغ بىر ئادەمغە ئەلەمنى ئالغالى بۇيرۇدىلەر، ئول ئەلەمنى ئالالمادى ئەرسە، بىلدىكىم، لىۋايى بەخت سەرنىگۇن بولدى. لەشكەرى تەفرىقە بولدى. بەس، ئۆز قەۋمى بىرلە قاچىپ، تايىف تەرەفىگە يۈزلەندى، (ئەيدىلەر:) ھەر قايىسى ئەرەبلەر ئۆزقەبىلەسىغە بارسۇن، بىگانەدىن بىر كىشى بىزنىڭ بىرلە بارماسۇن. بەس، مالىك تايىفنىڭ قورغانىغە كىردى. ئۆزگە ئەرەبلەر ھەر تەرەف ـ بايابانلارغە قاچتى. مۇسۇلمانلار ھەريەردە تاپىپ ئۆلتۈرۈر ئەردىلەر. رەبىئە بىننى رەفىئ ئاتلىغ بىرئادەم دۇرەيد بىننى سىممەنى كۆردىكىم تىۋەگە مىنىپدۇر، بىر ئادەم يۇتەلەپ بارۇر. رەبىئە يېتىپ، ئول ئادەمنى ئۆلتۈردى؛ تىۋەنى چۆكتۈرۈپ، دۇرەيدنىڭ گەردەنىگە بىر شەمشەر سالدى ئەرسە، تىرەسىنى مەھسىل كەستى. چۈنكى كىبلەرنىڭ تىرەسىدەك قاتىپ قالغان ئەردى. دۇرەيد ئەيدى: «سەن كىمسەن؟» ئول ئەيدى: «مەندۇرمەن رەبىئە بىننى رەفىئ!» دۇرەيد ئەيدى: «مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئاتاڭنى ئۆلتۈرگەندەك بولۇرسەنكىم، مەن ئانى يەتمىش مەرتەبە ئەسىرلىكدىن خەلاس قىلغاندۇرمەن.» رەبىئە يەنە شەمشەر بىرلە باشىنى كېسىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە كەلتۈردى. ئاندىن، كافىرلارنى قوغلاپ بارغان مۇسۇلمانلارغە كىشى ئىبەردىلەر. تەمامى مال غەنىمەتنى يىغدۇردىلەر. ئەسىرلەر ئالتە مىڭ ئەردى. بۇ ئەسىرلەر ئاراسىدا، بەنى

سەئىدنىڭ رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنىڭ ئىمتىكەن ئانالىرىنىڭ ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى بار ئەردى؛ ئىملداشلەرى ئەسما بىنتە ھارىس بەنى سەئىدىن بىر ئادەمگە تېگىپ چىرىككە كېلىپ ئەردى. ئانى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قاشلەرىغە كەلتۈردىلەر ئەرسە، تانۇمادىلەر. چۈنكى ئەللىك يىلدىن بارى بىر كۆرمەگەن ئەردىلەر. ئەسما ئېيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن ھەلىمەنىڭ قىزى ئەسمادۇرمەن» دەپ نىشانەلەر بەيان قىلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يىغلاپ، رىدەلەرىنى سالىپ، قولىدىن تۇتۇپ، رىدەلەرىدە ئولتۇرغۇزدىلەر. ئەيدىلەر: «مېنىڭ قاشىمدا تۇرارسەنمۇ ۋە يا ئۆز قەبىلەڭغە يانارسەنمۇ؟» ئەسما ئەيدى: «يانسام.» بەس، بىر قۇل، بىر دىنەلىك، ئىككى-ئۈچ تۆۋە-قوي بېرىپ ياندۇردىلەر.

ئاندىن، غەنىمەتنى تەقسىم قىلۇر بولدىلەر ئەرسە، خەبەر كەلدىكىم، مالىك تايىف قورغانىغە ھەۋازەن، سەقىف خەلقىنى يىغىپدۇر. بەس، تەمامى مال غەنىمەتنى يىغىپ، سەئىد بىننى ئەمرنى مىڭ كىشى بىرلە باقغالى قويۇپ، ئۆزلەرى لەشكەر ئالىپ، تايىفغە ياۋۇق بارىپ، بىر مەنزىلگە تۈشتىلەر. ھەۋازەن، سەقىف خەلقى ھۆنەيىنغە بارغان ئەردى. قورغاندا گۇمان قىلىپ، كىشى كىرگۈردىلەر ئەرسە، خەبەر ئالدىلەركىم ئۇلار شەھەرى ھەۋش بارىپدۇرلەر. بەس، ئون بىر كۈن تايىفنى مۇھاسىرە قىلدىلەر. ئوق، تاش ئېتىشىپ جەڭ قىلدىلەر. بەنى لەيسىدىن بىر ئادەمنى بەنى ھۆزەيلدىن بىر كىشى ئۆلتۈرگەن ئەردى. ئول ئادەمنى قىساسغە ئاندا ئۆلتۈردىلەر. ئول قىساس ھۆكمى ئىسلامدا بۇ ئەردى. مۇسۇلمانلار تايىف قورغانىغە ياۋۇق ئەردىلەر. ئەھلى تايىف سېپىلدىن تاش ئاتىپ، مۇسۇلمانلارنى قوزغادىلەر ئەرسە، بىر باغ، دەرەختلىك ئىمارەتكە تۈشتىلەر. ئول دەرەختلەرنى كەستىلەر، ۋەيران قىلدىلەر. ئول يەر ھالا مەسجىددۇركىم، ئانى مەسجىدى نەبىي ئاتارلەر. ھەركۈن قورغانغە بارىپ، جەڭ قىلۇر ئەردىلەر. تا ھەمە باغلار ۋە ئىمارەتلەرنى ۋەيران قىلدىلەر. تاكى بىر كۈن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىغە ئەيدىلەركىم: «تۈش كۆرۈپدۇرمەنكىم، ئالدىمدا بىر جام كەلتۈرۈپ قويدىلەرئەرسە، خوروس مەسەللىك بىر قۇش كېلىپ، تۈمشۇقىنى سالدى.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ياخشى تۈش كۆرۈپدۇرلەر. مەئلۇم بولادۇركىم، بۇ قورغان بىزنىڭ

قولۇمىزدا فەتھ بولمايدۇر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن ھەم مۇنداغ بىلۇرمەن.» بەس، سەھابەلەر بىرلە مەشۇرەت قىلدىلەر. نەۋفەل بىننى مۇئاۋىيە مۇسەللەمى ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، دۇشمەن قورغاندا ۋەھشىلەردەك مەھبۇسدۇر. ئەگەر يانىپ كەتسەك ھىچ زىيان يوقدۇر.» بەس، ئەرتەسى لەشكەرنى ئالىپ، ئىھتىيات بىرلە ياندىلەر. چۈنكى كافىرلارنىڭ باشىدىن بۆرك تۈشمەي، مۇسۇلمانلاردىن ئون ئىككى كىشى شەھىد بولۇپ ئەردى.

ئاندىن، خەزىنەگە كەلدىلەر. مال - غەنىمەتنى تەقسىم قىلغالى تۇردىلەر ئەرسە، خەبەر كەلدىكىم، ھەۋازەن، سەقىف، بەنى سەئد خەلقى كېلۇر ئەرمىش؛ مالىكقا ئەيتغان ئەرمىشكىم ئەھلى ئەيالىمىز ئەسىردۇر، ئانىڭسىز بىزنىڭ تىرىكلىكىمىز يوقدۇر، بارىپ مۇسۇلمان بولۇرمىز دەپ. بەس، دەرمەھەل بەئزەلەر ئىسلامغە مۇشەررەف بولدىلەر ۋە بەئزەلەر بولمادى، ئەيدىلەركىم: «يا رەسۇلۇللاھ، بىز فالان - فالان يەردىندۇرمىز، مۇسۇلمان بولۇپدۇرمىزكىم، ياخشىلىق قىلغايسەن، تىلەيدۇرمىزكىم بىزنىڭ كىردارىمىزغە باقىپ جەزا بەرمەگەيسەن؛ ئۆزۈڭنىڭ ياخشىلىقىغە لايىق ئىش قىلغايسەن. ساڭا لايىق ئەمەسكىم مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ ئەھلى ئەيالىنى ئەسىر قىلغايسەن!» دەپ بىسيار نالە - زارى قىلدىلەر. بەنى سەئددىن زۇھەير بىننى سەرد ئاتلىغ بىر ئادەم ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنى يۆدۈپ باقغان ئەردى. ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، بىزھەمەمىز ئېمىتكەن ئاناڭغە تۇغقاندۇرمىز. ئەگەر روم، شام پادىشاھىغە سىېنىڭدەك خىزمەت قىلساق، سىېنىڭدەك مەرتەبە تاپقاندا بىزلەرگە ئىھسانلار قىلۇر ئەردىلەر. سەن ھەمە خەلقدىن رەھىم دىل سەن. ساڭا لايىق ئەمەسكىم مۇنداغ قاياشلارىڭنى بىگانەلەرغە بەندە قىلغايسەن.» بۇ سۆزگە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يىغلادىلەر، ئەيدىلەركىم: «مال ئىختىيار قىلۇرسىزلەرمۇ يا ئەھلى ئەيالمۇ؟» ئەيدىلەركىم: «ئەھلى ئەياللەرىمىزنى تىلەرمىز.» ئەيدىلەر: «بۇ ئەسىرلەردىن ھەرنە مېنىڭ تۇغقانلارىمنىڭ نەسىبىدۇر، سىزلەرگە بەردىم. ئەرتە مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇزۇرىدا ھەم تىلەگەيسىزلەر.» ئەرتەسى يەنە تىلەدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «ئولكى مېنىڭ ۋە بەنى ھاشىمنىڭ نەسىبىدۇر سىزلەرگە بەردىم!» مۇسۇلمانلار ئەيدىلەر: «بىز ھەم ئۆز نەسىبەمىزنى

بەردۇق.» ئاندىن، مۇھاجىر - ئەنسارى ھەممە سەھابەئى كىبارلار ھەم بەردىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ھەركىم ئۆز ئەسىرىنى بەخشىش قىلسەلەر ئىــۋەزىگە ئالتە قوي بىرۇرمەن. ئەگەر بەرمەسەلەر ئۆز ھەققىدۇر.» بەس، ئالتە مىڭ بالا ۋە مەزلۇملەرنى بەردىلەر. مالىكنىڭ ئەھلى ئەيالىنى بەرمەدىلەر ئەرسە، بۇلار ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مالىك بىئەدەبلىك تولا قىلغاندىن دەرگاھىڭغە كېلەلمەدى.» ھەزرەتــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «ئەيتىڭلار، كەلسۇن! ئەھلى ئەيال، مال - ئەمۋالىــنــى بىــرۇرمەن؛ ۋە يەنە يۈز تــۋە مال غەنىــمەتدىــن بۇيىرۇرمەن.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر، ھەزرەتى ئوسمان، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىنغە بىرەردىن كەنىزەك بىرىپ ئەردىلەر، ئۇلار ھەم ياندۇرۇپ بەردىلەر. ئاندىن يانىپ بارىپ، مالىككە ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم سۆزلەرىنى يەتكۇردىلەر. مالىك پىنھان كېلىپ، جەمال با كەماللەرىغە مۇشەررەف بولۇپ، ئىمان كەلتۇردىلەر. ئەھلى ئەيالىنــى بەردىلەر؛ تايىفغە ھاكىم قىلدىلەر. ئەھلى سەقىفنى غەزات قىلماقىغە ئەمر قىلدىلەر. بەس، مالىك بارىپ، تايىفداقى مۇسۇلمانلارنى يىغىپ، ئىككى ئاي جەڭ قىلىپ، ئەھلى سەقىفغە ئەزابلار قىلدى ئەرسە، بىچارە بولۇپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلەرىغە كېلىپ، سۇلھ قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، غەنىمەتنى تەقسىم قىل.» ئەيدىلەركىم: «ئارى، ئانداغ قىلسۇنلەر.» ئەھلى سەقىف ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزۈڭ بارغىل» دەپ، بىئەدەبانە مۇبارەك رىدەلەرىنى تۇتتىلەر ئەرسە، ئەيدىلەركىم: «ئەي خەلق، ئەگەر بۇ باياباننىڭ قۇملارى ئەدەدىدە چەھار پاي بولسە خۇمىسكــى ئۆز نەسىبەمدۇر، سىزلەرگە بەخشىش قىلدىم.»

ئاندىن كېيىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەككەدىن كەلگەن ئىككى يۈز كىشىگە غەنىمەتنى تەقسىم قىلدىلەركىم، ئول كىشىگە يۈز تىۋە بۇيىرۇدىلەر. ئەبۇ سۇفيان ۋە ئوغلى مۇئاۋىيە، ھەكىم بىننى ھىــزام، نەسىربىننى ھارىس بىننى ھارىسە، ئەبۇ جەھىلنىڭ بىــرادەرى ھارىس، سەفۋان، سۇھەيل بىننى ئەمەر، قەۋتەب بىننى ئابدۇلئەزى، ئوتبە بىننى ھەسسىن ئەردىلەر. تاكى ئىــسلام خوب كۆرۈنگەي دەپ بۇلارغە زىيادە بۇيىرۇدىلەر. ئاندىن، بىرجەمەئى قۇرەيشغە ئەللىك تىۋە بەردىلەر. ئەببىاس

بىزنى مەرداس سەلىمىگە ئەللىك تىۋە بەردىلەر. چۈنكى ھەزرىتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە قەسىدە ئېيتىپ ئەردى. ھەزرىتى ئەلىگە بۇيرۇپ ئىبەردىلەركىم «مۇنى رازى قىل.» بۇلەر ھەزرىتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئەمرلەرى بىرلە، بالا - بارقەسىنى بېرىپ، يەنە ئەللىك تىۋە بەردىلەر، يانۇر بولدى. ۋە يەنە مەككەدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەرقايسىغە يۈز قوي بەردىلەر. ۋە يەنە بىر ئادەم تايىفەدىن كېلۇردە، تىۋەسىنى ھەزرىتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ تىۋەلەرىگە ياندىشتۇرۇپ يۈردى ئەرسە، ئۆتۈكى مۇبارەك ئاياغلەرىغە تېگىپ ئازار بەردى. رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم «يىراقراق يۈرگىل» دەپ بىر قامچى سوقۇپ ئەردىلەر، ئول ئادەمگە تەقسىمدىن زىيادە يۈز قوي بەردىلەر. بەس، تەقسىم تەمام بولدى. قۇرەيش پىيادەلەرىدىن ھەركىمگە قىرىق تىۋە، قىرىق قوي بەردىلەر. بۇ تەقسىمدىن ئەنسارىلارنىڭ كۆڭلى ئاغرىپ، لەشكەردىن ئايرىلىپ بىر ئالەتقە تۇشتىلەر. بەنى تەمىمدىن بىر ئادەم كېلىپ ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئەدل قىلغىل.» ئەيدىلەر: «ئەگەر مەن ئەدل قىلماسام كىم قىلۇر.» ئەيدى: «بۇ تەقسىمدە بەئزەگە يۈزنى، گۈنى بەردىڭ ۋە بەئزەنى مەھرۇم قىلدىڭ.» ھەزرىتى ئۆمەر ئول ئادەمنى ئۆلتۈرگەلى قەسد قىلدىلەر ئەرسە، رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئۆمەر، قويغىل! بۇ ئول تايىفەدۇركىم، مەندىن كېيىن خۇرۇج قىلۇرلەر؛ پادىشاھلار، ئۆمەرالار سۆزلەرىنى تۇتماسلەر؛ ئوق يادىن چىقغاندەك بىتەئەننى دىندىن چىقاردىلەر. ئۇلارنى خەۋارىج ئاتارلەر. ئاندىن، سەئد بىننى ئىبادە كېلىپ ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ ھەمە ئەنسارلار مەدىنەگە ياناقچى ئىختىيار قىلىپدۇرلەر.» ھەزرىتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتىپدۇرلەركىم: «نە بائىسدۇر؟» ئەيدى: «ئۇلار ئەيتۇرلەر: ھەزرىتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەمدىيارلەرىنى تاپىپ، بىزدىن يۈز ئۆيرۈدىلەر. ئول كۈنكى؛ مەككەدىن چىقتىلەر، بىز مەدىنەگە بارىپ بەيئەت بولۇپ كەلدۇك؛ تەن - جانىمىز، پۇل - مالىمىزنى فىدا قىلدۇق. بۈگۈن ھەمە ئىنئام - ئىھسانىنى ئۇلارغە قىلدىلەر، بىزنى مەھرۇم ۋە بىنەسىب قىلدىلەر. ھۇنەين كۈنى ئەبباس بىننى ئابدۇلمۇتتەلىب، ئەبۇ سۇفيان، سەفۋان ۋە سۇھەيلدىن ئۆزگەلەرنى چىرلامادىلەر.» ھەزرىتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا سەئد، مۇنداغ دىدىلەرمۇ؟» ئەيدىلەر: «ئارى، يا

رەسۇلۇللاھ!» ئەيدىلەر: «ۋەللاھى، ئەگەر مۇنداغ دېيىشلەرىنى بىلسەم ئەردى، شۇنداغ بىرۇر ئەردىم. لېكىن ئۇلارنىڭ كۆڭۈللەرىدە دىن ئىمان قەۋى ۋە مەھكەم، دۇنيانىڭ مۇھەببەتىي زەئىف ۋە كەم گۇمان قىلىپدۇرمەن!» بەس، سەئد بىننى ئىبادە بىرلە ئەنسارىلەرنىڭ قاشىغە باردىلەر، تەمامى ئەنسارىلەر جەمئ بولدىلەرئەرسە، ئەيدىلەر: «ئەي مۇسۇلمانلار بىلىڭلاركىم، مەن سىزلەرنى ئۆزۈمدەك بىلۇرمەن، ئەھلى مەككەنى بىگانە كۆرەرمەن. سىزلەرنىڭ ئىمان - ئىسلامىڭلاردىن ئەمىندۇرمەن. ئول كۈنى سىزلەرگە كەلدىم، ھەق تەئالا مېنىڭ بىرلە سىزلەرگە ھىدايەت بەردى؛ مېنىڭ سىزلەرنىڭ ۋاستەڭلار بىرلە بۇبەلادىن ئەمىن قىلدى. مەن ئول پەيغەمبەردۇرمەنكىم ئۆز قەۋمۇم بىزار بولغاندا سىزلەر ئىمان كەلتۇرۇدۇڭلار؛ ئۇلار قوغلاغاندا سىزلەر چىرلادىڭلار. ئۆز دىيارىمدىن تەنھا ۋە تەئدەست كەلدىم ئەرسە، ھەمە جانىدىل بىرلە مەدەد - ياۋەر بولۇپ، جان فىدا قىلدىڭلار. مەن بۇ ئىشنى ئول جەھەتدىن قىلدىمكى، ئۇلارنىڭ كۆڭۈللەرىدە دىن ئىسلام زەئىف ۋە سۇستدۇر. بۇ دۇنيالىق بىرلە دىنى ئىسلام بىناسىنى كۆڭۈللەرى ئۆرزەسىدە مەھكەم قىلغايمەن. بىلمەدىمكى بۇ دۇنيا جىرگىنتىدىن كۆڭۈللەر ئاينەسىگە غۇبار پەتكەي. ئەي، گۇرۇھ ئەنسارى! بىلىڭلار، ھەركىم بۇ غەزاتدىن ئۆيگە قوي - تىۋە ئالىپ بارۇرسىزلەر؟! خۇداي تەئالانىڭ پەيغەمبەرىنى ئالىپ بارماقنى ئىختىيار قىلىڭلار! ۋەللاھكى، ئەگەر تەمامى ئالەم بۇ يولغە كىرسەلەر مەن ئەنسارىلەر بىرلەدۇرمەن.!» بەس، تەمامى ئەنسارىلەر يىغلادىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قوللەرىنى كۆتەرىپ، كۆزلەرىنى كۆككە تىكىپ ئەيدىلەر: «پەرۋەردەگارا! ھەمە ئەنسارىلەرنى ۋە ئەۋلادلەرىنى مەغفىرەت قىل، كۆڭۈللەرىنى شاد - مەسرۇر قىل!»

بەس، زۇلقەئدەدىن بەش كۈن قالىپ ئەردى، شۇندىن ئىھرام باغلاپ مەككەگە باردىلەر؛ تەۋافنى تەمام قىلىپ، ئىتاب بىننى ئۇسەيدنى مەككەگە ئەمىر قىلىپ، ھەزرەتى مۇئاز بىننى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى دىنى ئايىن تەئلىم بەرگەلى تەئىن قىلىپ، ئەنسارىلەر بىرلە زۇلھەججەدە مەدىنەگە ياندىلەر. مۇسۇلمانلار ئىتاب بىننى ئۇسەيد بىرلە ھەج ئەدا قىلدىلەر.

ئول يىل، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئازادگەردەلەرى ئەبۇ

رافىئ خۇش خەبەر كەلتۇردىكىم، مارىيەدىن ھەزرەتى ئىبراھىم ۋۇجۇدغە كەلدىلەر. بۇ ھىجرەتدىن سەككىزىنچى يىلى ئەردى. توققۇزىنچى يىلى ھەر قەبىلەدىن ئەرەبلەر كېلىپ، ئىسلامغە مۇشەررەف بولدى. بەنى ئەسەددىن كېلىپ ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ئۆزۇمىزچە ئىمان كەلتۇردۇك، بىزگە نەماز بۇيىرۇپ، زەكات تەئىن قىلغايسەن.» بۇلار بارەسىدە ئايەت نازىل بولدىكىم، مەزمۇنى بۇ ئەردى: ئەي مۇھەممەد، ئۇلار مۇسۇلمان بولغانلەرىنى ساڭا مىننەت قىلۇرلەر، سەن ئەيغىلكىم، ئىسلامىڭلارنى مىننەت قىلماڭلار؛ مىننەت خۇدانىڭدۇركىم سىزلەرگە ھىدايەت بەردى.

ئول يىلى رەجەب ئايى، ئۇزۋە بىننى مەسئۇد تائىفە قەۋمىغە سەردار ئەردى؛ كېلىپ ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، تائىف ۋە سەقىف كافىرلارىنى ئىمانغە تەكلىف قىلۇرمەن.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: سىنى ئۆلتۇرۇرلەر. بەس، ئۇزۋە تائىفغە كەلدىلەر؛ ئۇلار ئۇزۋەنىڭ مۇسۇلمان بولغاننى ئاڭلاماغان ئەردىلەر؛ دەرۋازە ئاچتىلەر ئەرسە، ئۇزۋە تاشقارى تۇرۇپ ئىمانغە تەكلىف قىلدى ئەرسە، قورغان ئىچىدىن بىر ئوق چىقىپ تەگدى، ئۆلدى. تائىف بىرلە بەنى سەقىف ھەم بۇ يىل مۇسۇلمان بولدىلەر. ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، مالىك بىننى ئەۋف كېلىپ، قورغاننى مۇھاسىرە قىلىپ، خەلقنى بىسيار تەڭ قىلدى. تاشقارى قالغانلار ھەممە مۇسۇلمان بولدىلەر. ئاخىر ئەھلى تائىف ئەيدىلەر: بىز تاكى بۇ قورغاندا ياتارمىز، ھەمە ئەرەبلەر تەمامى قەۋم مۇسۇلمان بولۇپدۇر، ئەمدى مۇخالىف بولماق ئىمكانى يوقدۇر. بەس، ئەمىرلەرىگە ئەيدىلەر: «سەن بارىپ ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم بىرلە سۇلھ قىل، تاكى مۇسۇلمان بولغايمىز.» ئول ئەيدى: «مەن يالغۇز بارماسمەن، يانىپ كەلسەم ئۇزۋەگە ئوخشا ئۆلتۇرۇرسىزلەر.» بەس، ئۇلۇغلاردىن بەش كىشى ھەمراھ بولدىلەر. ماھى رەمەزان ئەردى، مەدىنەگە كەلدىلەر، مۇغەيرەنىڭ ئۆيىگە تۇشتىلەر. ئول ھەم بەنى سەقىفدىن ئەردىلەر. بەس، مۇغەيرە ئۇلارنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ خىزمەتلەرىگە ئالىپ كەلدىلەر. خالىد بىننى ۋەلىد ئولتۇرۇپ ئەردىلەر، ئۇلارغە دوست ئەردىلەر. بەس، سۇلھ تەلەب قىلدىلەر. بۇ شەرت بىرلەكىم، لاتنىڭ ئۆيىنى بۇزماغايلەر، ئول لات تاشدىن ئەتكەن بۇت ئەردىكىم، خاس ئەھلى تائىفنىڭ ئەردى؛ ۋە يەنە بىر شەرت ئولكىم،

نەماز بۇيرۇماغايلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ھەردىنكى ئانىڭدا نەماز يوقدۇر ياخشىلىق يوقدۇر.» بۇتخانە بولماق كىبەرلەرنىڭ دىنى ئەردى. ئۇلار ئەيدى: «ئانداغ بولسە بۇتلارنى ئۇزۇمىز سىندۇرغايمىز.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مەن ھەم كىشى قوشارمەن، تاكى بۇتلارنى سىندۇرغايسىزلەر» دەپ سۇلھنامە بەردىلەر ئەرسە، بارىپ بۇتلارنى سىندۇردىلەر ۋە مۇسۇلمان بولدىلەر.

## دەستان
## زىكرى غەزۋەئى تەبۇك

خەبەردە كېلىپدۇركىم، ئاندىن غەزۋەئى تەبۇكغە بارۇر بولدىلەر ئەرسە، مۇسۇلمانلارغە ئەيدىلەر: زەردارلار فۇقەرالارغە نەفەقە ۋە ئۇلاغ بىرلە يار بەرسۇنلەر. بەس، ھەركىم ئۇز ھالىغە باقىپ، بىرەر نەرسە بېرىپ يار بېرىشتىلەر. ھەزرەتى ئوسمان ھەممەدىن زىيادە خەير ئىھسان قىلدىلەر. بەس، ھەمە خەلق — تەۋانا - زەئىف، ۋەزىئ - شەرىف، ئاغرىغ ۋە نەھىف، جۇۋان - پىر، تەۋانگەر د فەقىر يەكسان چىقتىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم لەشكەرنى سەرھىساب باردىلەر. بەنى غەتەفاندىن نەچەند كىشى كېلىپ ئۇزرە ئەيتىپ، بارماسلىقغە ئىجازە تىلەدىلەر، رۇخسەت تىلەدىلەر ئەرسە، ئايەت نازىل بولدىكىم، مەزمۇنــــى بۇدۇر: «ئۇزرە ئەيتغانلەرغە رۇخسەت بەرمەگەي ئەردىڭ، تاكى مۇئمىن ۋە مۇنافــــق مەئلۇم بولۇر ئەردىلەر.» ئاندىن، ئابدۇللاھ ئەببى جەمىئ مۇنافىقلار بىرلە كېلىپ، ئاند ئىچتىكىم: قۇدرەت تاپساق بارۇر ئەردۇك، دەپ. بۇلارنىڭ يالغان ئاند ئىچكەنىگە ھەم ئايەت نازىل بولدى.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم لەشكەرلەرنى ئالىپ بىــــر مەنزىلگە تۇشتىلەر ئەرسە، ئابدۇللاھ ئەببى مۇنافىقلار بىــرلە ياندىلەر. مۇسۇلمانلاردىن ئۇچ كىشى بىئۇزرە ياندىلەر: بىرى: كەئب بىننى مالىك ۋە يەنە مىرارە بىننى رەبىئ، ھىلال بىننى ئۇمەييە. ئاندىن كېيىن، زەئىفلەر، ئاغرىقلار ۋە فەقىرلارنىڭ ياناماقىغە ئايەت نازىل بولدى ئەرسە، ھەزرەتى ئەلىغە

ئەيدىلەر: «سەن بۇ زەئىپ، بۇ بىچارەلەرنى ئالىپ يانغىل؛ مەدىنەدە مېنىڭ ئەھلى ئەيالىمغە نىگاھبان بولغىل.» بەس، ھەزرەتى ئەلى ئۇلارنى ئالىپ ياندىلەر. مۇنافىقلار ئەيدى: «ھەزرەتى مۇھەممەد ئەلەيھ-س. ئەلىنى كافىرلار ئۆلتۈرۈر دەپ، ئۆز ئورنىدا قويۇپدۇر.» بەس، ھەزرەتى ئەلى سىلاھ - ياراغ ئالىپ ياندىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مۇنافىقلار يالغان ئەيتۇرلەر، مەن ئۆز ئورنۇمدا سېنى خانىمانىمغە قويدۇم. سەن ماڭا ھەزرەت موسا ئەلەيھ-س. غە ھارۇننىڭ ئورنىدادۇرسەن.» بەس، ھەزرەتى ئەلى ياندىلەر.

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەدىنەگە سۇباغ بىننى ئۇزۇۋە ئۇفارنى ئەمىر قىلدىلەر. ئاندىن، يەنە بىر مەنزىلگە باردىلەر. مۇسۇلمانلاردىن جەيسەمە ئاتلىغ بىر ئادەم قالىپ ئەردى. ئۇچۇنچى كۈنى تۈش ۋەقتى ھەۋا گەرم ئەردى. باغىغە باردى. ئىككى كۆجى بار ئەردى. باغىغە سۇ سېپىپ ئاراستە قىلىپ ئەردى. بارىپ ئولتۇردى ئەرسە، كۆڭلىگە يەتتىكىم: مەن مۇنداغ ئاسايىشدە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئانداغ قىزىغ ئافتاب - تابىشدە، بۇ نېچۇك مۇرۇۋۋەتدۇر؟! دەپ، دەرھال ئارقەلەرىدىن باردى. ئاڭا ياخشى دۇئا قىلدىلەر. ئاندىن، يەنە بىر مەنزىلگە بارىپ تۈشتىلەر. نەچەند مۇنافىقلار ھەمراھ ئەردى، ئەيدى: «مۇندا مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم ھەمراھلەرى بىرلە ھىلاك بولۇركىم، سۇ يوقدۇر.» بەس، ھەق تەئالا يامغۇر ئىبەردى، ئانچە ياغدىكىم ھەممە سىيراب بولدىلەر. ئاندىن، يەنە بىرمەنزىلگە بارىپ تۈشتىلەر. تىۋەلەرىنى يايلاغقە قويدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ تىۋەلەرى يىتتى، ئىزدەپ تاپمادىلەر. مۇنافىقلار ئەيدى: ئەگەر مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم پەيغەمبەر بولسە تىۋەسىنى بىلۇر ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مۇنافىقلار مۇنداغ دەيدۇر، مەن خۇداي تەئالا بىلدۇرمەگۈنچ ھىچ نەرسەنى بىلمەسمەن؛ ئەمدى، بىلۇرەنكىم تىۋەم پالانى باياباندا، بويداسى پالانى باياباندا دەرەختغە چىرماشىپدۇر.» سەھابەلەر ئاندا بارىپ ئالىپ كەلدىلەر. ئەبۇ زەر غىفارى مەدىنەدە قالىپ ئەردىلەر. «ئەبۇ زەرنى خۇدا يەتكۈرۈر» دىدىلەر ئەرسە، پىيادە ئاندا يېتىپ كەلدىلەر. بىر تايىفە مۇنافىقلار ئەيدى: «پادشاھى رومنى ئەرەبلەردەك گۇمان قىلۇرلەر، ئۇلار ئانداغ ئەمەسدۇر.» ھەق تەئالا بۇ سۆزلەرىدىن ھەزرەتى پەيغەمبەر

سەل-ئەل-لەمنى ئاگاھ قىلدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «بۇ سۆزۆڭلەرغە تانماغايسىزلەر!» مۇنافىقلار ئەيدى: «بىز يانىپ كېتەرمىز.»

ئاندىن، يۇرۇپ تەبۇككە يەتتىلەر، ئۇلۇغ شەھەر ئەردى، خەلقى ھەمە تەرسا ئەردىلەر. رومدىن تېخى لەشكەر كەلمەگەن ئەردى. پادىشاھى ئۇزۇە بىننى رۇبدە ئەردى. ئۇلارنىڭ چەھارپاي ماللارى بىسيار ئەردى. تېخى رومنىڭ لەشكەرى كەلمەگەن ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كەلدىلەرئەرسە، بۇلار جىزىيە قەبۇل قىلدىلەر. بۇ سولھ بىرلە تۇرۇپ، دەۋمە ئاتلىغ بىر قورغان بارئەردى، ئانڭا ئەرەبدىن كەيد بىننى ئابدۇلمۇلك ئاتلىغ بىر ئادەم پادشاھ ئەردى. خالىد بىننى ۋەلىدنى ئاندا بۇيرۇدىلەر. ئەيدىلەر: «ئۇلار شىكارىدۇر، شىكارگاھدا تاپارسەن.» بەس، خالىد كېچە ماھتابدا يېتىپ باردىلەر. دەرۋازە ئېتىكلىك ئەردى. قورغاننى بىر چۆيرۇلۇپ، ھېچ ئىلاج تاپماي، بىر يەردە ئولتۇرۇپ ئەردىلەر. نەچەند كىيىكلەر قورغاننىڭ ئاللىدىن ئۆتتى. بالالارىدىن نەچەند كىشىنى تىۋەگە مىندۇرۇپ چىقاردى. خالىد ئۆگزەدە ئويغاق ئەردىلەر. ئۇلار شىكارنى قوغلاپ يۇردى، ئەرسە، ھەزرەتى خالىد تۇتۇپ ئالىپ كەلدىلەر. بەس، ئۇلار ھەم جىزىيە قەبۇل قىلدىلەر.

بەس، يانىپ ئەۋۋەلقى مەنزىلگە يەتتىلەر. ئىككى كىشىنى سۇ تارتىپ تۇرغالى بۇيرۇدىلەر. ئابدۇللاھ ئۇبەي ئاندا ئەردى. بەس، مۇنافىقلار بۇلارنىڭ تاغدىن تۇشۇپ كەلگەنلەرىنى كۆرۇپ، سۇنى تەمام تارتىپ ئالىپ ياشۇردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كېلىپ مۇبارەك قوللەرىنى قۇدۇققە سالدىلەرئەرسە، ئانچە سۇ چىقتىكىم، تەمامى لەشكەر سىيراب بولدىلەر. بەس، مەدىنەگە يەتتىلەر. مۇنافىقلار يىغىلىپ مۇڭداشغالى بىر مەسجىد ئېتىپ ئەردى. ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئاغرىغ - زەئىف، پىر - نەھىفلەرىمىز قاراڭغۇ كېچە يا بوران - يامغۇردا ئۇلۇغ مەسجىدكە بارالماس دەپ، بىر مەسجىد ئېتىپ ئەردۇك. ئەگەر ئاندا ئىككى رەكئەت نەماز ئۆتەسەڭ مۇبارەك قەدەمىڭنىڭ بەركەتىدىن بەرقەرار بولغاي ئەردۇك.» بەس، دەرھال ھەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم، مەزمۇنى بۇ ئەردى: «ئول مۇنافىقلار مەسجىد بەنا قىلدى كۇفر تۇغيان بىنا قىلماق ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاراسىدە جۇدالىق - تەفرىقە سالماق، خۇدا ۋە رەسۇل بىرلە جەڭ قىلماق، جەڭ قىلادۇرغانلارغە

كۆز تۇتۇپ تۇرماق ئۈچۈن؛ ئەگەر ئۆزۈڭ ياخشىلىقنى خاھلاساڭ خىلاپ قىلغايسەن.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نەچچەند سەھابەلەرنى بۇيرۇپ، ئول مەسجىدنى ۋەيران قىلدۇرۇپ، ياغاچلارنى ئوتقە كۆيدۇردىلەر.

ئاندىن، ئول ئۈچ كىشىكىم بىئۆزرە يانىپ ئەردى، ئۇلار كەلدىلەرئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەرغە ئەيدىلەر: «بۇ ئۈچ كىشى بىرلە سۆزلەشمەڭلار.» بەس، ئۇلار ھەيران ۋە سەراسىمە بولۇپ، قىرىق كېچە - كۈندۈز نالە - زارى، تەزەررۇئ قىلدى ئەرسە، تەۋبەلەرى قەبۇل بولدى. ئاندىن كېيىن، چىرلاتىپ كېلىپ گۇناھلارىنى ئۆتتىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەدىنەگە شەۋۋال ئايىدا كەلدىلەر، بەئزەلەر رەجەب ئايىدا ئەردى دەپدۇرلەر.

## دەستان
## ھەزرەتى ئەلىنى بەنى تەيگە ئىبەرگەنلەرىنىڭ زىكرى

ئەلقىسسە، كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئەھلى تايىف بىرلە سۇلھ قىلغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەلىنى بەنى تەيگە بۇيرۇدىلەر. ھاتەم ئۆلۈپ ئوغلى ئەدىگە قالغان ئەردى. ئول قورقۇپ، تىۋەلەرنى تاپلاپ شامغە بارماققە قەسد قىلۇر ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئەلى لەشكەر بىرلە بەنى تەيگە يۇردىلەر ئەرسە، ئەدى خەبەر ئالىپ، بالا - بارقاسىنى تىۋەلەرگە مىندۇرۇپ، شامغە قاچىپ كېتتى. بىرئاقىل، خىرەدمەند، دانىش پىسەند ھەمشىرەسى بار ئەردى؛ خەلق ئانى سەردار قىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتىپ ئەردىلەر: «ھاتەمنىڭ ئوغلى ئەدىنى ئالىپ كەلگىل. ئول مەرد - سەخى، جۇۋانمەرددۇر، خۇداي تەئالا ئاڭا ئىمان نەسىب قىلۇر.» بەس، ھەزرەتى ئەلى ئەدىنى تاپماي، ھەمشىرەسىنى ئەسىر قىلىپ، بۇتخانەلەرنى بۇزۇپ، بۇتلارنى سىندۇرۇپ، بىر بۇتخانەدە تاشدىن ئەتكەن بىر بۇت بار ئەردىكىم، ھاتەم ئاڭا تاپىنۇر ئەردى؛ ئاندىن ئىككى شەمشەر تاپتىلەر، سوردىلەر: «بۇ شەمشەر كىمنىڭدۇر؟» ئۇلار ئەيدى: «بۇ

شەمشەر ئەرەبدە مەشھۇردۇر، بىرىنى «بەيزا»، يەنە بىرىنى «سەجرا» ئاتارلەر؛ ھارىس بىننى شەمشىرنىڭ ئەردى. ئول ئۆلەردە ھاتەمگە ۋەسىيەت قىلغان ئەردىكىم، بۇ شەمشەرلەرنى بۇ بۇتخانەدە قويۇڭلار، ھەرقاچان سىزلەرگە ياغى كەلسە، ئاندا ئىشلەتكەيسىزلەر.» بەس، ھەزرەتى ئەلى شەمشەرلەرنى، ھاتەمنىڭ قىزىنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە ئالىپ كەلدىلەر. ھاتامنىڭ قىزى مەسجىدنىڭ ئالىدا خىيمە تىكىپ تۈشتى. ئاتاسىنىڭ ھۆرمەتىدىن ئانى بەندە قىلمادىلەر. نەچەند ۋەقت تۇردى. بىر كۈنى، رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم مەسجىدكە بارۇر ئەردىلەر. ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن ئەرەبلەردىن بىرىنىڭ قىزى، زەئىف مەزلۇمدۇرمەن. ماڭا فەزل ئىھسانىڭ بىسياردۇر. ئەمدى، بىرادەرىمنىڭ قاشىغە ياندۇرساڭ.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «بىرادەرىڭنىڭ قاشىدا نە قىلۇرسەنكىم، ئول خۇدا ۋە رەسۇلدىن قاچىپدۇر.» ئەرتەسى رۇخسەت تىلەدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «شىتاب قىلماغىل، ھەمراھ تاپغىل.» بەس، نەچەند كۈن سەبىر قىلدى. تا بىر كۈنى نەچەند مەزلۇملەر مەدىنەگە كەلدى. ھاتەمنىڭ قىزى بارئىمىش دەپ ئىشىتكەن ئەردى، كۆرگەلى كەلدى ئەرسە، ئۆلارغە ئەيدى: «ئەگەر يانساڭلار مىنى ھەمراھ قىلغايسىزلەر.» ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە ئەيدى: «ھەمراھ تاپتىم.» بەس، ئاڭا سەرۇپا، تىۋە بېرىپ، شامغە ياندۇردىلەر. بەس، شامغە يەتتى ئەرسە، بىرادەرى ئاللىغە چىقتىلەر. ئاڭا ئەيدى: «سەن بالا - بارقاڭنى ئالىپ يولغە كىردىڭ، مىنى بەندەلىككە قويۇپ كەتتىڭ!» بەس، ئەدى ئۆزرەلەر ئەيتىپ ئەيدى: «ئول كىشىنى نېچۈك كۆردۈڭ ۋە ماڭا نە تەدبىر تاپتىڭ؟» ئەيدى: «مەسلەھەت ئولكىم، دەرھال ئۆزۈڭنى ئول كىشىنىڭ دەرگاھىغە يەتكۈرگەيسەن.» بەس، ئەدى تىۋەسىگە مىنىپ مەدىنەگە كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەر بىرلە مەسجىدە ئولتۇرۇر ئەردىلەر. يىراقدىن تۇرۇپ سەلام دىدى. ئەيدىلەر: «سەن كىمدۇرسەن؟» ئەيدى: «مەن ھاتەمنىڭ ئوغلى ئەدىدۇرمەن.» بەس، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم قوپۇپ، ئانچە تەۋەززۇئ قىلدىلەركىم، ھېچ كىشىگە ئانداغ تەۋەززۇئ قىلماغان ئەردىلەر. قولىدىن تۇتۇپ، ئۆيگە ئالىپ يۈردىلەر. يولدا بىر مەزلۇم ھاجەتكە ئولتۇرۇپ ئەردى، توختاپ تۇردىلەر، ھاجەتىنى رەۋا قىلدىلەر. ئەدى

كۆڭلىدە ئەيدى: «بۇ پەيغەمبەردۇر. ئەگەر پادىشاھ بولسە مۇنداغ تەۋەززۇئ قىلماسلەر.» بەس، ئۆيگە ئالىپ كىردىلەر، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ تېرەدىن تۆشەكلەرى بارئەردى، ئانى سالدىلەر. ئەدى ئەيدى: «بۇ پادىشاھ ئەمەسدۇر.» بەس، ئەيدىلەر: «ئەي، ئەدى! ئانچەكى بۇ ئالەمنىڭ ياخشىلىقىدۇر ھەق تەئالا ساڭا بېرىپدۇر. ئاتاڭنىڭ ياخشىلىقىنىڭ ئېۋازەسىدۇر، جەھاننىڭ ئۇلۇغلۇقى ئەندازەسى ئەرەبنى ئالىپدۇر. ساڭا نە زىيانىدۇركىم بىرئىش قىلساڭ خۇداي تەئالا ئاخىرەتنىڭ ياخشىلىقىنى ھەم بېرۇر.» ئەدى خامۇش ئولتۇردى ئەرسە، ئەيدىلەر: «سەن بۇ دىنغە ئول ۋەجھەدىن رىغبەت قىلماسسەن؛ مۇسۇلمانلار ئاز، دۇشمەن تولادۇر، مۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى كەمدۇر. ئول خۇدايىكى مېنى ياراتىپدۇر. بۇ دىن ئانچە غالىپ بولۇركىم، تەمامى مەشرىق ۋە مەغرىبنى ئالۇر؛ ھەمەئى جەھان خەلقى بۇ ئۆينى تەۋاف قىلغالى كېلۇر. خۇداي تەئالا مۇسۇلمانلارغە بېھىساب ۋە بېئەندازە مال بېرۇر.» ئاندىن، ئىمان ئەرز قىلدىلەر ئەرسە مۇسۇلمان بولدى. نەچەند روزكار مەدىنەدە بولدى. ئاندىن، قەبىلەسىغە ياندى. تەمامى قەبىلە خەلقى مۇسۇلمان بولدى. بۇ خەبەر ئەرەبدە پۇر بولدىكىم، ئەدى بىننى ھاتەم مۇسۇلمان بولۇپدۇر.

بەس، ھەمە ئەرەبلەر ئەيدىلەر: «ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم ئەمدى ئۇلۇغ بولدىلەر!» قالغان قۇرەيشلەر ھەم مۇسۇلمان بولدى. ئونۇنچى يىلى ھەمە ھىجاز، يەمەن مۇسۇلمان بولدى. ھەردىيارغە زەكات ئالغالى ئامىل بۇيرۇدىلەر. ئاندىن كېيىن غەزاتغە باردىلەر.

## ئەرەبنىڭ قەبىلەلەردىن كەلگەن ۋەفد زىكرى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئول ۋەفدكىم، ئەرەب ئۆزرخاھ كەلدى، بەنى تەممەدىن ئەردى. ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، ئەدى بىننى ھاتەم ياندى ئەرسە، بەنى تەمىم سەردارلارىدىن ئوتارىد بىننى ھەرس، رەقا بىننى بۇدەيل، ئۇمەر بىننى ھەشەم، ئەقزەئ بىننى جابىر، ئۇنيە بىننى ھەسسن بۇ يەتتە كىشى

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر. ئەفەرەئ فەتھى مەككە ۋە جەڭگى ھۆنەيندە لەشكەر بىرلە كەلگەن ئەردى، لېكىن كافىر ئەردى. ئاڭا مال غەنىمەتدىن بىسيار ئەمۋال بەرگەن ئەردىڭلەر. بەس، ھەمە بەنى تەمىمدىن ھەمەلەر مۆسۆلمان بولدىلەر.

ۋە يەنە كەلتۈرۈپدۈرلەر، ھىجرەتدىن تۆرتىنچى يىلى بەنى نەزىر خەلقى كەلدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھوجرەدە ئەردىلەر. «يا مۆھەممەد سەل-ئەل-لەم بۆيان چىققىل!» دەپ قىچقىردى ئەرسە، چىقتىلەر. ئۆلارنىڭ بارەسىدە ئايەت ئىنبەردى، مەزمۆنى بۆكىم: «ئول تايىفەلەر ھوجرەنىڭ تاشىدىن سېنى قىچقىردىلەر، ئۆلار ئەكسەرى ناداندۆرلەر.» بەس، ئەيدىلەر: «يا مۆھەممەد سەل-ئەل-لەم بىزگە فەخەرە كۆرسەتكىل، بىزھەم كۆرسەتۆرمىز. ئەگەر ئۆلۆغ بولساڭ ساڭا تابىئ بولۆرمىز.» ئەرەبدە ئانداغ رەسم ئەردىكىم، ئىككى قەبىلەنىڭ خەلقى يىغىلىپ، ئىككى كىشى بىر تەرەفدىن فەساھەت ۋە بەلاغەت بىرلە خۆتبە ۋە شېئىرلار ئوقۆر ئەردىلەر؛ قايىسى تەرەفدىن فەساھەت ۋە بەلاغەتدە زىيادە بولسە، ئانى ئەفزەل كۆرەر ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بېنەھايەت فەسىھ ۋە بەلىغ شېئىرلارنى ئوقۆدىلەر ئەرسە، تەھسىن - ئافەرىنلەر قىلىپ، مۆلزەم بولۆپ، مۆسۆلمان بولدىلەر. ئۆلارغە سەروپاي بېرىپ ياندۆردىلەر.

بۆ يىل ئابدۆللاھ بىننى ئۆبەي دەۋزەخقە كەتتى. ئوغلى رەسۆل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنى نەمازغە ئەيدىكىم: «بىر پىرى تەمىز ئۆلۆپدۆر، ئانىڭ نەمازىنى ئۆتەسەڭ. شايەد، ھەق تەئالا مەغفىرەت قىلغاي.» دەرھال ئايەت كەلدىكىم، مەزمۆنى بۆ ئەردى: «مۆنافىقلاردىن ھېچ بىرىگە نەماز ئۆتەمەگىل، قەبرىدە ھەم تۆرماغىل؛ ھەرئاينە ئۆلار خۆدا ۋە رەسۆلغە كافىردۆرلەر.»

بۆ يىل ماھى رەجەبدە نېجاشى ئالەمدىن كەتتى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئاگاھ بولۆپ، سەھابەلەر بىرلە مەدىنەدە نەمازىنى ئۆتەدىلەر. زۆلقەئدە ئايىدا خەبەر كەلدىكىم، ئەرەبدىن كافىرلار ھەجگە كېلىپ، بىزنىڭ ئارامىزدا ئەھدىمىز بار دىدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كافىرلار ھەج قىلماقىنى گىرىھ كۆرەر ئەردىلەر. بەس، «سۆرەئى بەرائەت» نازىل بولدى مەزمۆنى ئانداغكىم: ھەر كىشىنىڭ ئەھدى بولسە، رەجەب، زۆلقەئدە، زۆلھەججە، مۆھەررەم بۆ تۆرت ئايدا ئەھدىنى سىندۆرغىل ۋە ئەيغىلكىم:

كافىرلاردىن خۇدا ۋە رەسۇل بىزاردۇر. مۇندىن كېيىن ئەھد سۇلھ قىلماغىل؛ يا مۇسۇلمان بولسۇن يا ئۆلتۈرگىل. ۋە يەنە فەرمان كەلدىكىم: ھەج كۈنلەرى ھەمە كافىرلار مەككەگە يىغىلۇر، ئۇلارنى ئاگاھ قىلكىم، ئۇلارنىڭ ئەھدىدىن بىزاردۇر. ۋە يەنە ئەمر بولدىكىم: ھەج ئايلارىدىن كېيىن كافىرلارنى ھەريەردە تاپساڭلار ئۆلتۈرۈڭلار. ۋە يەنە يارلىغ كەلدىكىم: ئەي مۆئمىنلەر! كافىرلار نىجىسدۇر، چىركىندۇرلەر. بۇ تۆرت ئايدىن كېيىن مەسجىدى ھەرامغە ياۋۇتماڭلار! بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى جەمئ سەھابەلەر بىرلە بۇيرۇدىلەركىم: كافىرلار ھەج قىلماسدا بارىپ خەبەر قىلغايلاركىم، كافىرلار مەككەگە كىرمەگەيلەر! سەككىزىنچى يىلدا كافىرلار مۆئمىنلەر بىرلە ئىلەشىپ ھەج قىلۇر ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم «سۈرەئى بەرائەت» دىن ئۈچ ئايەت تەئلىم بەردىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «خەلق ئەرەفاتغە يىغىلسە بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنى خۇداي تەئالانىڭ ئەمرىدىن ئاگاھ قىلكىم، مۇندىن كېيىن ھىچ كافىر مەككەگە كىرمەسۇنلەر.»

بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق مەككەگە يۈردىلەر. ئەرتەسى، ھەزرەتى ئەلىنى ئىبەردىلەركىم: «ئول ئايەتلەرنى سەن ئوقۇغىل.» بەس، ھەزرەتى ئەلى باردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكر سىددىق يانىپ كېلىپ ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، مەندىن بىر گۇناھ ئۆتتىمۇ بىر ئايەت نازىل بولدىمۇ؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ھىچ ئىش ۋاقىئ بولمادى، لېكىن خۇداي تەئالانىڭ ئەمرىنى بەنى ھاشىمدىن ئۆزگە كىشى يەتكۈرمەگەي دەپ سىنى ياندۇردۇم. سەن ھەم بارغىل. ئايەتلەرنى ئەلىغە ئوقۇتغىل، ئۆزۈڭ ھاجىلارغە ئەمىر بولغىل، خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگىل.» بەس، ئۆزلەرى ئۈچۈن يىگىرمە تىۋە قۇربانلىقغە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق بەش تىۋە ئالدىلەر. ئابدۇرەھمان بىننى ئەۋف ھەم تىۋە ئالىپ ھەمراھ بولدىلەر. بەس، مەككەگە باردىلەر، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ھاجىلارغە ئەمىر بولدىلەر؛ ھەزرەتى ئەلى ئايەتلەرنى ئوقۇدىلەر. ئاندىن ياندىلەر.

بۇ يىل، زەكات ئالماقغە ئايەت نازىل بولدى. ھەرقەبىلەغە ئامىل ئىبەردىلەر.

ئون بىرىنچى يىلى بولدى ئەرسە، بەنى تەمىمدىن يەمەننىڭ ئەلچىسى كەلدى. ۋاقىئە ئانداغ ئەردىكىم، يەمەن پادىشاھى بادان ئۆلدى. ئەجەم پادىشاھى زەئىف - پۇست بولدى. ھىمىيەر پادىشاھلارىدىن ھارىس بىننى زەيكىلالئ، زەرئە بىننى زەييەزەن يەمەن مۇلكىدىن بەئزەنى ئالدىلەر. بەس، يەمەن خەلقى ئىتتىفاق بىرلە مالىك بىننى مـــــرارەدىن رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمغە نامە ئىبەردى، ئىمان ۋە ئىسلاملەرىنى ئەرز قىلدىلەر، دىنى شەرىئەتنى ئۆرگەنگەلى كىشى تەلەب قىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر ئۇلارنىڭ ئىمان ئىسلاملەرىنى قەبۇل قىلىپ، نامەلەرىگە جەۋاب ئىبەردىلەركىم نەماز، روزە، ھەج، زەكات بەيانىغە مۇشتەمىل ئەردى. ۋە يەنە ئەيدىلەر: «سىزلەرگە مۇئاز بىننى جەبەلنى ئىبەردىم، تاكى زەكات ۋە سەدەقاتنى ئالىپ ئىبەرگەي؛ ئابدۇللاھ بىننى زەيد، مالىك بىننى ئۇبادەنى بۇيرۇدۇم تاكى سىزلەرگە دىن ئايىن تەئلىم بەرگەي.» بەس، بۇلارنى ئىبەردىلەر.

ئاندىن كېيىن، بەنى سەئددىن سەمسام بىننى تەئلەب كەلدى. ئول ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئىمتكەن ئاناللەرى قەبىلەسىدىن ئەردى. ئۇلارغە دىنى ئىسلام ئۆرگەتىپ ئەردىلەر ئەرسە، ئۆز قەبىلەسىنى مۇسۇلمان قىلدى.

ئاندىن، خالىد بىننى ۋەلىدنى بەھرانغە بەنى ئەل - ھەرەسدىن بەنى كەئب قەبىلەسىغە بۇيرۇدىلەر؛ ئەيدىلەر: «جەڭ قىلماغىلكـــى، ئۇلار مۇسۇلمان بولۇرلەر، دىنى شەرىئەت ئۆرگەتىپ يانغىل.» بەس، ھەزرەتى خالىد بارىپ، ئۈچ ئاي تۇردىلەر؛ ئۇلار مۇسۇلمان بولۇپ دىن ئايىن ئۆرگەندىلەر. ھەزرەتى خالىد بۇلار ھالىنى نامە قىلىپ ئىبەردىلەر. جەۋاب ئىبەردىلەركـــــم. سەردارلارىنى ئالىپ كەلگىل. بەس، ھەزرەتى خالىد سەردارلارىدىن ئالتە كىشىنى ئالىپ كەلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇلارنىــــڭ ئىمانىنى قەبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن قەيس بىننى ھەكىم دىگەن بىرىنى سەردار قىلىپ ياندۇردىلەر.

ئاندىن كېيىن، يەنە ھەزرەتى خالىدنى يەمەن شەھەرىدىن ھەمەدان قەبىلەسىغە ئىبەردىلەر، ئەيدىـــلەر: «بارىــپ جەڭ قىــــلماي مۇسۇلمان قىــلغىل.» بەس، ھەزرەتى خالىد بارىپ، ئالتەئاي يۇردىلەر. دىنى ئىمانغە تەكلىف قىــلدىلەر، قەبۇل قىـــــلمادىلەر ئەرسە، ھەزرەتــــى پەيغەمبەر

سەل-ئەل-لەمگە نامە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەلىغە ئەيدىلەر: «سەن بارىپ خالىدنى ياندۇرغىل، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىل.» بەس، ھەزرەتى ئەلى خالىدنى ياندۇرۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمان قىلىپ ياندىلەر.

ئاندىن، زۇبەيد قەبىلەسىنىڭ ئەلچىسى كەلدى. ئۇلارنىڭ سەردارى ئەمەر بىننى ئەدى ئەردى، كېلىپ مۇسۇلمان بولدى.

ئاندىن، بەنى مۇررەدىن ئەمىرۇل قەيسنىڭ جەمائەسىدىن فەررە بىننى مىسك ئاتلىغ بىر ئادەم پادشاھ ئەۋلادى ئەردى. ئۇز قەۋمىغە غەزەب قىلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە كېلىپ، ئىمان كەلتۇردىلەر. ئاندىن كېيىن، زۇبەيد خەلقى بىتەمام كېلىپ ئىمان كەلتۇردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇلارغە فەررەنى ھاكىم قىلىپ ياندۇردىلەر ئەرسە، ئەمەر بىننى ئەدىنىڭ كۆڭلى ئاغرىدى؛ سەبر قىلىپ يۇرۇر ئەردى. ئاخىرى ۋەفاتى ئانھەزرەتدىن كېين فەررەنى ئۆلتۇرۇپ مۇرتەد بولدى. ۋە يەنە ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق قوللەرىدە مۇسۇلمان بولدى.

ئاندىن، بەنى ئابدۇلقەيسنىڭ ئەلچىسى كەلدى. تەرسا ئەردى. سەردارى ھارۇد بىننى ئەمەر ئۇز قەۋمى بىرلە مۇسۇلمان بولۇپ، كېيىن يەنە ھەمەسى مۇرتەد بولدى.

ئاندىن، بەنى ھەنىفەكىم يەمامە قەۋمىدىن ئون كىشى كەلدى. بۇلارنىڭ بىرى مۇسەيلىمە كەززاب ئەردىكىم، بىنەھايەت فەسىھ ۋە بەلىغ، ياخشى سەجئىلىغ بىرلە سۆزلەر ئەردى. مەدىنەگە بارىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۆرۈپ، كەلام فەسىھلەرىنى ئىشىتكەن ئەردى. بەس، ئول ئەلچىلەر بەقىئۇل ئەرۇقغە تۇشتىلەر. مۇسەيلىمە ئەيدى: «سىزلەر بارىڭلار، مەتائىڭلارنى باقىپ ئولتۇراي.» بەس، ئۇلار باردىلەرئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «مۇسەيلىمە نىچۇكدىن كەلمەدى؟» ئۇلار ئەيدىلەر: «ئول بىزگە خىزمەتكاردۇر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئول سىزلەردىن ئەفزەلدۇر.» بەس، ئۇلارغە دىن شەرىئەتنى تەئلىم بەردىلەر. بەنى ھەنىفە ۋە ئەھلى يەمامەنى ئىمان ئىسلامغە تەكلىف قىلىپ نامە ئىبەردىلەر. بەس، بۇلار يانىپ مۇسەيلىمەنىڭ قاشىغە كېلىپ، بۇ سۆزلەرنى ئەيدىلەرئەرسە، مۇسەيلىمە ئەيدى ھەمرالەرىغە: «سىزلەر كۆرۈپ

بىلدۈرگەنلىكىم ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم مېنىڭ پەزىلەتىمگە ئىقرار قىلدىلەر. مەن ھەم يەر يۈزىنىڭ نىسپىگە پەيغەمبەردۇرمەن. سىزلەر مەندىن ياخشىراق پەيغەمبەر تاپماسسىزلەر. مېنىڭ شەرىئەتىم ئاساندۇر.» بەس، بەنى ھەنىفەگە ئۆزىچە شەرىئەت تەئلىم بەردى، نەمازنى كۆتەردى، زىنا قىلماق ۋە شەراب ئىچمەكنى بۇيرۇدى؛ سەجئ - قاپىيەلەر بىرلە سۆزلەر تەرتىپ بېرىپ، «ماڭا ھەزرەتى مىكائىل ئەلەيھ-س. ۋەھى كەلتۈردى.» ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمگە ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. ۋەھى كەلتۈرۈر ئەردى. قەۋمى تولا بولدى، ئۇلغايدى ئەرسە، ئۆزىگە «رەھمانۇل يەمامە» ئات قويدى. ئاتاسىنىڭ ئاتى ھەبىب ئەردى. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە بەنى ھەنىفە ئىككى كىشىدىن نامە ئىبەردىكىم: «مۇسەيلىمە رەھمانۇل يەمامەدىن ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم بىننى ئابدۇللاھغە. خۇداۋەند نۇسرەت بەرگۈچى ۋە بەرپا تۇتغۇچىنىڭ ئاتى بىرلە ئانداغ مەئلۇم بولسۇنكىم، يەر يۈزىنىڭ نىسفى ساڭا، نىسفى ماڭا. لېكىن سىزلەر - بەنۇ ئابدۇلمۇتتەلىب ئىنساف قىلماسسىزلەر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نامەنى ئوقۇپ ئەيدىلەر: «نىمە دەرسىزلەر؟» ئول ئىككى كىشى ئەيدى: «بىز ھەم بىر يۈزى پەيغەمبەرلىكنىڭ نىسفى ساڭا، نىسفى ئاڭا دەرمىز.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەلچىنى ئۆلتۈرمەك يوق، ۋەگەرنە سىزلەرنى ئۆلتۈرۈر ئەردىم.» ئاندىن، جەۋاب ئىبەردىلەركىم: «ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمدىن مۇسەيلىمە كەززابغە! خۇداۋەند بەخشەندە - بەخشايەندەنىڭ ئاتىدىن كېيىن بىلگىلكى، يەر يۈزى خۇدانىڭدۇر، كىمگە خاھلاسا بېرۈر، ئاخىرەت پەرھىزكارلارنىڭ.» بەس، بۇ ئىككى كىشى نامەنى ئالىپ بارىپ، يەمامە سەردارى كائە بىننى ئەسەدغە دەپ، بىر پەسىھ زەبان ئادەم بار ئەردى، ئاڭا كۆرسەتتى. ئۇلار ئەيدى: «بۇ سۆز پەيغەمبەر سۆزىگە ئوخشايدۇر.» بەس، ئول كەززاب ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋەفاتلەرىدىن كېيىن، «ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. ماڭا كەلدىلەر، تەمامى يەر يۈزىنى ماڭا بەردىلەر» دەپ يۈرۈر ئەردى.

ۋە يەنە ئاندىن كېيىن، بەنى بەھران سەردارلارىدىن ئوسەيد، ئاقىبەتكىم

تەرسا ئەردىلەر، كېلىپ، جىزىيە قەبۇل قىلىپ، سۇلھ بىرلە ياندىلەر.

ئاندىن، بەنى كەندەكىم پادشاھزادىلەردىن ئەردى. ئۇلاردىن ئەشئەس كەندى كېلىپ، مۇسۇلمان بولۇپياندى. ئاندىن، بەنى ئامىردىن ئامىر بىننى تۇفەيلكىم ئۇلارغە سەردار ئەردى. «ئول ئادەم تەمامى جەھاننى ئالدى، ھەمە ئەرەبلەر ئاجىز بولدىلەر. بىز ھەم ئالىلغە (بارماق) لازىمدۇر، شايەدكى قەبۇل قىلغاي.» ئامىر ئەيدى: «مەن بارىپ تەمامى خەلقلەرنى، سىزلەرنى ئانىڭدىن قۇتقازاي.» بەس، بۇ دەيل بىننى قەيس ئاتلىغ بىر قەتتال ئادەمنى ئالدى ۋە ئەيدى: «مەن مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمنى سۆزگە مەشغۇل قىلاي، سەن شەمشەر سالغىل.» بەس، بۇ ئىتتىفاق بىرلە مەدىنەگە كەلدىلەر. ھەزرەتــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۆيدە ئەردىلەر. كىــرىپ قاشلەرىدە ئولتۇرۇپ، ئىمان ئىسلامدىن سۆز ئاراغە سالدى. ھەزرەتــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نەچەند ئايەت ئوقۇدىلەر. ئامىر ئىشارەت قىــلدى، بۇدەيل جۇرئەت قىلالمادى. يانىپ چىقتىلەر. ئامىر ئەيدى: «نېچۇكدىن شەمشەر سالمادىڭ؟» بۇدەيل ئەيدى: «ھەر بارە قەسد قىلدىم ئەرسە، سېنى ئاياغىغە يىقىلغان كۆردۇم» بەس، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. كېلىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەبەر بەردىلەر. ھەزرەتـــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «پەرۋەردىگارا، ئول ئىككىسىنى ھىلاك قىل.» بەس، ئامىر يولىدا بەۋا چىقىپ، تەمامى ئەئزاسى قارا بولۇپ، بەنى سۇلۇكدە بىر مەزلۇمنىڭ ئۆيىدە ئۆلدى. بۇدەيل بەنى ئامىرغە باردى. ئۇلار ئەيدى: «نە سۆزدە كەلدىڭ؟» ئەيدى: «كارغە كەلگۇدەك، ئىشىتكۇدەك سۆزى يوق ئىـــكەن.» بەس، قەبىلەدىن چىقتى ئەرسە بىر سائىقە كېلىپ كۆيدۇردى. ئول قەبىلە ئان ھەزرەت ۋەفاتىدا ھەم كافىر ئەردى.

ئاندىن، بەنى تەيدىن ئەدى بىننى ھاتەم جەمائەسىدىن بىر جەمەئــى كەلدىلەر، ئۇلۇغلەرى زەيد بىننى خەيل ئەردى؛ ئول شۇجائەتلىــك ۋە سەخاۋەتلىك ھەم ھاتەمدەك ئەردى. ئانى ئەرەب زەيدۇل خەير ئاتار ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سۇفەتىنى ئىشىتكەن ئەردىلەر؛ بەس، ئانى

ئىشتىكەنىدەك كۆردىلەر. ئەيدىلەر: «يا زەيد خەيىل سىنى ئىشتىپ ئەردىم، ئاندىن زىيادە ئىكەنسەن.» ئول مۇسۇلمان بولدى، ئاڭا زەيدۇل خەير ئات قويدىلەر؛ بەنى تەيدە نەچەند مۇلكلەرى بار ئەردى، ئاڭا بەردىلەر. زەيد يانىپ جىددىگە بارىپ، ئاندا ئۆلدى. چۇنكى ئەسلى مەكانى ئاندا ئەردى، خاتۇنى ئول يەرنى تەمام كۆيدۇردى.

# دەستان
# مۇسۇلمان بولغان ئەرەب قەبىلەلەرىغە
# هاكىم قويغانى زىكرى

ئەلى بىننى خەزەرنى بەهرەينغە قويدىلەر. هەزرەتى ئەلىنى بەهرانغە ئىبەردىلەر، مۇئاز بىننى جەبەلنى هەم ئىبەرىپ ئەردىلەر. چۇنكى قەبىلەئى بەهران يەمەن هۇدۇدىدىن يىراق ئەردى. مالىك بىننى نەۋفەلنى بەنى هەنتەلەگە ئىبەردىلەر. بەنى تەمىمدىن بەئزەسىگە زەيد بىننى نەئەزنى ۋە بەزەسىگە قەيس بىننى ئاسىمنى تەئىن قىلدىلەر. چۇنكى بەنى تەمىم بىسيار خەلق ئەردى. ئاندىن كېيىن، هىجازدىن تا يەمەن سەرهەددىگە تەمامى ئەرەبلەر مۇسۇلمان بولدىلەر.

بەس، ئونۇنچى يىلى زۇلقەئىدەدىن توققۇز كۇن قالىپ ئەردى. هەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم هەمە مۇهاجىر - ئەنسار ۋە تەمامى قەبىلەئى ئەرەب سەردارلەرى بىرلە ئىهرام باغلادىلەر. ئايشە سىددىق رەزىيەللۇ ئەنهانى هەمراه قىلىپ، بىسيار تىۋە ئالىپ، هەجگە باردىلەر. هەزرەتى ئەلى بەهراندىن كەلدىلەر. ئول يىل ئانچە جەمئىييەت يىغىلدىكىم، هەرگىز ئانداغ جەمئىييەت يىغىلغان ئەمەس ئەردى.

هەزرەتــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەرەفاتدا خۇتبە ئوقۇر ئەردىلەر، ئەركانى هەج ۋە ئەهكامى شەرىئەتنى تەمام بەيان قىلدىلەر. هەق تەئالا ئايەت ئىبەردىكىم، مەزمۇنى بۇ ئەردى: «بىركۇن مەن دىنىڭلارنى بەركەمال ۋە نىئمەتىمنى سىزلەرگە تەمام قىلدىم؛ دىنى ئىسلامىڭلاردىن رىزا ۋە خۇشنۇد بولدۇم.»

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «بۇ ئاخىرىن ھەجدۇركىم، مۇندىن كېيىن مۇنداغ جەمئىيىيەتدە مېنى كۆرمەگەيسىزلەر.» دەپ، خەلق بىرلە ۋىدائ قىلدىلەر. تەمامى خەلايىق يىغلادىلەر. بۇ ھەجنى ھەججۇل ۋىدائ ئاتادىلەر. بۇ ئاخىرى ھەجلەردىن ئەردى.

# دەستان
# غەزات ۋە سەرىيىيەلەرىنىڭ
# زىكرى

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم يىگىرمە يەتتە غەزات قىلدىلەر، ئوتتۇز بەش مەرتەبە لەشكەر ئىبەردىلەر.

ئۆلكى ئۆزلەرى بارغانلەر:

غەزۋەئى ئەبۋا، غەزۋەئى بەۋات، غەزۋەئى ئوشەيرە، غەزۋەئى ئەنبار، غەزۋەئى ئورۇد، غەزۋەئى بەدىيۇل ئەدا، غەزۋەئى بەتنۇل نەخلە، غەزۋەئى بەدرەئىل كىبرا، غەزۋەئى كەدەر، غەزۋەئى سەۋىق، غەزۋەئى ئوھۇد، غەزۋەئى رەجىئ، غەزۋەئى زاتۇل فىرائ، غەزۋەئى بەدرەئىل مەۋئۇد، غەزۋەئى بەنى فۇرەيت، غەزۋەئى خەندەق، غەزۋەئى دۇمە تۇل جەندەل، غەزۋەئى بەنى ئەل ھەننان، غەزۋەئى فۇرۇد، غەزۋەئى بەنى مۇستەلەق، غەزۋەئى ھۇدەيبىيە، غەزۋەئى خەيبەر، غەزۋەئى ئەسا، فەتھى مەككە، غەزۋەئى ھۇنەين، غەزۋەئى تائىف، غەزۋەئى تەبۇك. بۇغەزاتلاردىن يەتتەسىدە جەڭ قىلدىلەركىم، ئوھۇد، خەندەق، فۇرەيت، بەنى مۇستەلەق، فەتھى مەككە، خەيبەر، ھۇنەين، تائىف.

ئۆلكى ئۆزلەرى بارماي لەشكەر ئىبەردىلەر، بەئزەلەر قىرىق يەتتە ۋە بەئزەلەر ئوتتۇز بەش دەپدۇرلەر، سەرىيە ئاتارلەر.

ھەمە ئىتتىفاقدۇركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۈچ مەراتىبە ھەج قىلدىلەركىم، ئىككىسى ھىجرەتتىن ئىلگەرى، يەنە بىرى مەدىنەدىن يانىپ بارىپ ھەج قىلدىلەركىم ھەججۇل ۋىدائ ۋە ھەججۇل بەلاغ ئاتارلەر. تۆرت ئۇمرە قىلدىلەر: بىرى ھىجرەتدىن ئىلگەرى، يەنە بىرى ھۇدەيبىيەدە،

بىرى ئۆمرەل قەزا، بىرى ھەججۇل ۋىدا ئ. ھەزرەتى ئايشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەتدۇركىم، ئىككى ئۆمرە قىلدىلەر: بىرى ھۇدەيبىيە، بىرى ئۆمرەل قەزا.

# فەسلى دەستان
# ئەزۋاج مۇتەھھەراتلار
# زىــكــرى

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئون بەش نىكاھلىغ بولدىلەر. ئون ئۈچنى ئۆيلەرىگە ئالىپ كەلدىلەر؛ ئىككىسىنى كۆرمەي تەلاق قىلدىلەر. گاھى ئون بىر، گاھى ئون، گاھى توققۇزنى جەمئ قىلدىلەر؛ ۋەقتى ۋەفاتلەرىدە توققۇزنى جەمئ قىلدىلەر. ۋەقتى ۋەفاتلەرىدە توققۇز ئەردى.

ئەۋۋەل كۆجلەرى ھەزرەتى خەدىچە كۇبرا بىنتە خۇۋەيلىد بىننى ئەسەد ئەردى. ھەزرەتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەۋۋەل بەنى مەھزۇمدىن ئەتىق بىننى ئامىرغە تۇشۇپ، ئانىڭدىن بىرقىز تۇغۇپ ئەردىلەر. ئەتىق ئۆلدى ئەرسە، ھالە بىننى زەراھگە تۇشتىلەر، ئانىڭدىن ھەم بىرقىز تۇغۇلدى؛ ھالە ئۆلگەندىن كېيىن، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمگە تۇشتىلەر. تۆرت قىز تاپتىلەر: رۇقىيە، ئۇممۇكۇلسۇم، زەينەب، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەجمەئىن. تاكى ھەزرەتى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەيات ئەردىلەر، ئەسلا ئۆيلەنمەدىلەر. ئۇلەر ۋەفات بولغاندىن كېيىن ھەزرەتى ئايشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يەتتە ياشدا ئەردىلەر، نىكاھلەرىغە ئالدىلەر. ئىككى يىلدىن كېين ھىجرەت يىلى ئەردى، ئۆيلەرىگە ئالىپ چىقتىلەر.

ئاندىن، ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ قىزلەرى ھەفىزە رەزىيەللاھۇ ئەنھانــى ئالدىلەر. ئىلگەرى ئابدۇھۇنەيس بىننى ھۇزافە سەھەمىغە تۇشكەن ئەردىلەر.

ئاندىن، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تەزۋىج قىلدىلەر. ئۇلەر ئابدۇللاھ سەلەمىگە تېگىپ ئەردىلەر.

ئاندىن، بەنى مۇستەلەقدىن جۇۋەيرە بىنتە ھارىس بىننى جەررەنــى

نىكاھلەرىغە ئالدىلەر، ئىلگەرى مالىك بىننى سەفۋاندا ئەردىلەر.

ئاندىن، ئەبۇ سۇفىياننىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبەنى ئالدىلەر، ئىلگەرى ھەبەشدىن بىر تەرساغە نىسبەت قىلىپ ئەردىلەر.

ئاندىن، زەينەب بىنتە جەھشنى ئالدىلەر، ئىلگەرى زەيد بىننــى ھارىسەگە تېگىپ ئەردىلەر.

ئاندىن، خەيبەر يىلى، ھۇيىيە بىننى ئەختەبنىڭ قىزى سەفىييەنى جۇفت قىلدىلەر. ئول سەلام بىننى مىسكىنغە تۇشكەن ئەردى.

مەيمۇنە بىنتە ھارىسەنى ئالدىلەر.

توققۇز كۆجلەرىدىن ھەزرەتى خەدىچەدىن ئۆزگەلەرى ھال ۋەفاتلەرىدە نىكاھلەرىدە ئەردىلەر.

ئۇلكى، تالاق قىلغانلەرى: بىر خاتۇننى نىكاھلەرىغە ئالدىلەر، ئەسلا كۆرمەي ئۆلدى. ۋە يەنە بەنى كەلەبدىن ئۇرمە بىنتە جابىرنى ئالدىلەر، ئول خاتۇن مەندىن بىئىجازە قىلىپدۇر دىدى ئەرسە، ئانى ئۇچ تالاق قىلدىلەر. ۋە يەنە بەنى ئامىردىن خۇزەيمەنىڭ قىزى زەينەبنى ئالدىلەر، نەچەند كۇندىن كېيىن ئۆيلەرىدە ئۆلدى. ۋە يەنە خەلىفە كەلەبى بىنتە ھىسەنى ئالدىلەر، ئۆيلەرىدە ئۆلدىلەر. ئايشە بىنتە تىينا بىرلە نەچەندكۇن روزگار بولۇپ، تالاق قىلدىلەر. ۋە يەنە بەلىينە بىنتە قەيس بىننى مۇئىد كەربنى ئالدىلەر، ئانى ھەم كۆرمەي ئۆلدى. ۋە يەنە ھۇزەيىيلكىم بەنى ھارىسدىن ئەردى، بىرمۇنچە خىزمەتلەرىدە بولدى، ئاندىن كېيىن تالاق قىلدىلەر. ۋە يەنە، بەنــى خەزەرەجدىن لەيلى بىنتە خۇتبەكىم ئاتاسى ئۇلۇغ ۋە شۇجائەت، دىلاۋەر، سەخى كىشى ئەردى. ئاتاسى ئۆلگەندىن كېيىن، بىركۇنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەسجىــدە ئولتۇرۇر ئەردىلەر، ئول مەزلۇم ئارقەلەرىدىن كېلىپ ئۆشۇنلەرىدىن تۇتتى. ئەيدىلەركىم: «سەنكىم؟» ئول ئەيدى: «مەن لەيلى، يا رەسۇلۇللاھ، مىنــى نىــكاھىڭغە ئالغايسەن، تاكــى ماڭا فەخــر بولغاي.» بەس، ئانى نىكاھلەرىغە ئالدىلەر. ئول بارىپ قەۋمــــغە ۋە قەبىلەسىغە ئەيدى ئەرسە، ھەمە ئەيدىلەر: «سەن پىرسەن. سېنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۆرسەلەر تالاق قىلۇرلەر.» لەيلى يانىپ كەلدى، ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن پۇشەيمان بولدۇمكــى پــردۇرمەن. مىنــى تالاق قىلساڭ.» بەس، ئانى قويدىلەر. ۋە يەنە بەش مەزلۇمگە خاستكار

بولدىلەر، ئىكاھلەرىغە ئالمادىلەر: بىرى، ئۇممۇھانى بىنتە ئەبۇ تالىپ؛ ۋە يەنە ئاسە بىنتە سەئسەئە ئەردى، ئانى ئوغلىغە ئەيدىلەر، ئوغلى «ئانامدىن سورغايمەن» دىدى، تا ئاناسىدىن سورغۇنچە بىسيار پىردۇر دەپ خەبەر بەردىلەر ئەرسە ئالمادىلەر. ۋە يەنە سەئبە بىنتە ئوسامە ئەردى، ئانى خەيبەردە ئەسىر قىلىپ ئەردىلەر، تاكى ئىكاھلەرىغە ئالغۇنچە كۆيۈسى كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئانىڭدىن سوردىلەر: «مېنى ئىختىيار قىلۇرسەنمۇ ياكى كۆيۈگۈڭنىمۇ؟» ئول ئەيدى: «شەۋھەرىمنى خاھلارمەن.» بەس، ئانى كۆيۈسگە بۇيرۇدىلەر. ۋە يەنە ھۇبەيبە بىنتەئەبباسغە سۆز چىقاردىلەر ئەرسە، ئابدۇللاھ ئەيدىلەر: «ئول سىنىڭ بىرلە ئېمىلداشدۇر.» ۋە يەنە، ھۇمەزە بىنتە هارىس بىننى هارىسەنىڭ ئاتاسىغە سۆز ئەيتتىلەرئەرسە، بەھانە قىلىپ: «ئول پېسەدۇر، خىزمەتىڭگە ياراماس» دىدى. خامۇش بولدىلەر. غەممالەرى ئىككى ئەردى: بىرى رەيھانە، بەنى قۇرەيزەدىن زىيەرقىبتىنىڭ قىزى ئەردى ۋە ئانىڭدىن فەرزەند بولمادى. يەنە بىرى، مارىيەكىم سەمئۇن قىبتىنىڭ قىزى ئەردىكىم پادىشاھ مىقەۋقەس قىبتىلاردىن ئىبەرگەن ئەردى؛ ئانىڭدىن ئىبراھىم ئاتلىغ بىر ئوغۇل ۋۇجۇدغە كەلدى؛ ئول ئىككى ياشدا ۋەفات بولدىلەر.

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئون يەتتە ئازادگەردەلەرى بار ئەردى: بىرى، زەيد بىننى هارىسە، ئوغلى ئوسامە — بۇ ئىككىسىنى ھەزرەتى خەدىچەنىڭ زەمانەلەرىدە ئالىپ، ئازاد قىلىپ ئەردىلەر. ئۈچۈنچى، سەۋبانكىم يەمەندىن ھىميەر پادىشاھلارى نەسلىدىن، ئەسىر بولغان ئەردى، ساتىپ ئالىپ ئازاد قىلدىلەر؛ مۇئاۋىيە بىننى ئەبۇ سۇفيان ۋەقتىــــدە شامدا ئۆلدى. تۆرتىنچى، شەھرانكىم ھەبەشدىن ئەردى، گۇرۇھى ئەيتىپدۇرلەر: ئەزۋاج مۇتەھھەراتدىن بىرلەرىدىن مىراس قالىپ، ئازاد قىلغان ئەردىلەر؛ بەئزەلەر ئەجەم دىھقانلارىدىن ئەرەبكە ئەسىر بولۇپ ئەردى، ئاتى سالىھ ئەردى؛ تايىفە ئەيتىپدۇر: ئابدۇرەھمان بىننى ئەۋفنىڭ بەندەسى ئەردى؛ ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە بەخشىش قىلدى ئەرسە، ئازاد قىلدىلەر. بەشىنچى، ئەبۇ رافىئ ئاتى ئەسلەم، ئەرەبدىن ئەردى ۋە بەئزەلەر ئاتى ئىبراھىم دەپدۇر؛ گۇرۇھى ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بەندەسى ئەردى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە بەردىلەر ئەرسە، ئازاد قىلدىلەر.

ۋە جەمائە ئەيتىپدۇرلەر: جەڭگى بەدردە سەئىد بىننى ئاس ئەسىر قىلىپ ئەردى، خالىد بىننى سەئىد ئۆز ھەسسەسىنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە بەردى ئەرسە، ئازاد قىلدىلار. ئانىڭ ئىككى ئوغلى باركەردى: بىرى رافىئ، بىرى ئابدۇللاھ خۇشرۇي ۋە دانىشمەند ئەردى، ئاتىنى بەلقەمە ئاتار ئەردىلەر. سەئىد بىننى ئاسنى مۇئاۋىيە مەدىنەگە ھاكىم قىلغاندا، ئابدۇللاھغە ئەيدى: «سەن كىمنىڭ ئازادگەردەسى سەن؟» ئول ئەيدى: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ» سەئىد ئەيدى: «مېنىڭ ئازادگەردەم سەن، چۈنكى داداڭنى دادام ئازاد قىلغاندۇر.» ئول ئەيدى: «ئانداغ ئەمەسدۇر.» يەنە سوردى، شول جەۋابنى ئەيدى. ئاڭا غەزەب قىلىپ ئەردى، «سېنىڭ ئازادگەردەڭمەن» دىدى: ئالتىنچى، سەلمان پارس ئەردىلەر، شەھەرى شاپۇردىن، بەئزەلەر: ئەجەمدىن شەھەرى دەپدىن، ئاتلەرى زەفران ئەردى، بىر جوھۇدغە ئەسىر بولۇپ ئەردىلەر، ئول كانىبلىقنى ئۆرگەتىپ ئەردى، ساتىپ ئالىپ ئازاد قىلدىلەر دەپدۇرلەر. يەتتىنچى، سەفىنە، ئۆممۇ سەلەمەنىڭ ئەردى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە بەردىلەر ئەرسە ئازاد قىلدىلەر. سەككىزىنچى، غەتەبە، ئاتاسى ئەجەمدىن، ئاناسى ھەبەشدىن ئەردى، ساتىپ ئالىپ ئازاد قىلدىلەر. توققۇزىنچى، ئەبۇ مەۋھە، موخانەزاد ئەردى، ئازاد قىلدىلەر. ئونۇنچى، فەسالە. ئون بىرىنچى، مۇدغەمكىم، زىمائە بىننى زەيدنىڭ قۇلى ئەردى، بەلىقاغە ھاكىم بولدى ئەرسە ئازاد قىلدىلەر، جەڭگى ۋادىل قۇرادا ئوق تېگىپ ئۆلدى. ئون ئىككىنچى، ئەبۇ ھەمزە، ئەجەمدىن گۇشتاسىبنىڭ ئەۋلادى زاھ بىننى شىرزادەنىڭ ئوغلى ئەردى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە ئەسىر بولدى، ئازاد قىلدىلار؛ ئاندىن كېيىن ئازادنامەسى خەتلەرىنى ئەۋلادىدىن بىرى مەنسۇدا نەقىغە تۇتۇپ، ئەۋلادىدىن ئۈچ يۈز كىشى ئازاد قىلدى. ئون ئۈچۈنچى، راھ ئەردى، ئانى شەھەرى ھىميەرىدىن ئەسىر قىلىپ ئەردىلەر، ئول تىۋەلەرىنى باقار ئەردى، ئەرەب قەبىلەلەرىدىن نەچەند كىشى مەدىنەگە كېلىپ ئەردى، مۇسۇلمان بولۇپ ئاندا ئاغرىدى ئەرسە، راھ بىرلە تىۋەلەرىنىڭ سۈتىنى ساغىپ ئىچىپ ساقايىپ، راھنى ئۆلتۈرۈپ ئەرەبكە قاچتى، ئارقاسىدىن ھەزرەتى ئەلى بارىپ، ئول ئادەملەرنى كەلتۈرۈپ، ئىلىك-ئاياغلارىنى كېسىپ، كۆزلەرىنى ئويۇپ، مەدىنەدە ھەرەم دىگەن بايابانغە تاشلادىلەر، ئافتابدا يۇمالانىپ ياتىپ

ئۆلدى. بۇ ۋاقىئە جان قىساسىغە ئايەت نازىل بولماسدا بولغان ئەردى. ئون تۆرتىنچى، مىھرانغە مارىيە بىرلە بۆھتان قىلدىلەر، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەلىغە ئەيدىلەر: «ئەگەر بۆھتان راست بولسە، مىھراننى ئۆلتۈرگىل.» بەس، ھەزرەتى ئەلى مىھراننى تۇتۇپ سوردىلەر ئەرسە، ئەيدى: «مېنى ئاختە قىلغان، مەن بىخەسىدۇرمەن» دەپ ئاچىپ كۆرسەتتى. بەس، ھەزرەتى ئەلى ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمگە ئەيدىلەر ئەرسە، ئازاد قىلدىلەر. ئۆزگەسى تائىف قورغاننى مۇھاسىرە قىلغاندا، نەچەند راھىبلار بىرلە قورغاندىن چىقتى ئەرسە، ئەبۇ بەكر ئۇلارنى ئەسىر قىلىپ ئەردىلەر، ھەممەسىنى ئازاد قىلدىلەر؛ ھەزرەتى ئەبۇ بەكرنىڭ خىزمەتلەرىدە بولدى؛ ئۆزگەلەر پەراكەندە بولدىلەر.

ۋە يەنە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مۇنشىلەرى بارئەردى: بىرى، ھەزرەتى ئوسمان، يەنە بىرى ھەزرەتى ئەلى، بۇلار كاتىبى ۋەھى ئەردىلەر. ئۈچۈنچى، خالىد بىننى سەئىد. تۆرتىنچى، مۇئاۋىيە بىننى ئەبۇ سۇفيان؛ بەشىنچى، ھەنتەلە ئەسەدى؛ بۇلار زەكات ئەمۋالىنى ساناپ پىتۈر ئەردىلەر. بەئزەلەر زەيد بىننى سابىتنى كاتىبى ۋەھى دەپدۇرلەر.

## دەستان
## چەھارپايلەرىنىڭ زىكرى

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئۈچ ئاتلەرى بار ئەردى. ئەرەبدە رەسىم ئەردىكىم، ھەرئاتنى بىر ئاتدا ئاتار ئەردىلەر. ئەۋۋەل، مەلۇھە، بەنى فەزارەدىن بىر ئەرەبدىن ساتىپ ئالىپ ئەردىلەر، جەڭدە ئول مىنىكلىك ئەردى. يەنە بىرى، زەئىف، رەبىئەبىننى ئەل بەراڭ ئىبەرگەن ئەردى. يەنە بىرى، تەرەب، فەردە بىننى ئەمەرخۇزائى ئىبەرىپ ئەردى. يەنە بىر ئاتنى تەمىم دارى ئىبەرىپ ئەردى. بىر ئاق خېچىرلەرى بارئەردى، ئانى ھەم فەردە بىننى ئەمەر سوغا ئىبەرىپ ئەردى، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بېرىپ ئەردىلەر. ئىككى ئېشەكلەرى بارئەردى: بىرى ئەتەبە، يەنە بىرى يەئفۇر. ئەتەبەنى مۇقەۋقەس نېجاشى ئىبەرىپ ئەردى. ئۈچ مايە تىۋەلەرى بارئەردى، بېنەھايەت يىلدام ئەردى. ئۇلارغە مىنەر ئەردىلەر. بىرى فەزلۇلكىم، ھىجرەت كۈنى غاردىن چىقاردا ھەزرەتى ئەبۇ بەكر سىددىق

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن يەنە بىر تىۋە بىرلە تۆرت يۈز دىرەمگە ساتىپ ئالىپ ئەردىلەر. يەنە بىرى جەزەئاكىم ئىككى قۇلاقى كېسۈك ئەردى. بۇلاردىن بۆلەك يىگىرمە مادە تىۋەلەرى بارئەردى. ھەركۈنى ئۈنىنى ساغدۇرۇر، ئۈننى ئۈتلاتۇر ئەردى. بۇ تىۋەلەرنىڭ ئاتى: ھەيا، سەمۇر، ئەرۇس، سەئد، ھەۋۋەم، سەررە، رەما، ھەمئا، بۇردە، سەقەران؛ خاس ئۆزلەرى ساغدۇرۇپ ئىچەرئەردىلەر. ۋە يەنە، يەتتە ئەچكۈلەرى بار ئەردى: ئۈھرەم، رەمرەم، نەئەما، بەرەكە، ئىتلاف، ئەتراق، ۋەسسە.

## دەستان
## سىلاھ - ياراغلەرىنىڭ زىكرى

يەتتە شەمشەرلەرى بارئەردى: بىرى غەسبىكىم ھىجرەتدە مەككەدىن ئالىپ بارىپ ئەردى، جەڭگى بەدردە ھەم ھەمراھ ئەردى. يەنە بىرى مۇنيە، بەنى ھۇججاجنىڭ، بىنەھايەت مەشھۇر ئەردى. يەنە بىرى زۇلفىقاركىم ئالەمدە ئانىڭ مانەندى يوق ئەردى، يەنە ئىككى شەمشەر، قەينۇقا غەزاتىدا تۇشكەن ئەردى، جۇند ۋە سادۋە. يەنە ئىككى شەمشەر، ھەزرەتى ئەلى بەنى تەي بۇتخانەسىدىن كەلتۇرۇپ ئەردىلەر. بىرى مەخزۇم ۋە يەنە بىرى سەۋب. ئۈچ نەيزەلەرى بارئەردى، بۇلار خەيبەردە غەنىمەت تۇشكەن ئەردى. بىر زىرىھلەرى بارئەردى، ئاتى فازىلە، ئاڭا سۆرەت تارتىغلىغ ئەردى، ئانى يوق قىلدۇرۇپ ئەردىلەر.

## فەسلى دەستان
## ھەزرەتى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ
## ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ
## سىفەتلەرىنىڭ زىكرى

ھەزرەتى ئەمىرۇل مۆمىنىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ سىفەتلەرىنى سەۋال قىلدىلەر. ئانداغ كىشى ئەردىلەركىم، ئۈترا بويلۇغ، ماھى رويلۇغ؛ يۈزلەرى قىزىلغە مايىلراق؛ باشلەرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى مىيانە يۇمۇلاق؛ ساچلەرى مۇجەئئەد ۋە ئەركلىك، ساقاللەرى گىرد ۋە ئىرىك؛ بۇرۇنلەرى بەلەند ۋە نازۇك؛ تىشلەرى كۇشادە؛ ئىكۈك

زۇلفلىرى قارا ۋە ئۆشۈنلەرىگە تىگەر؛ كۆزلىرى قارا، كۆڭۈلنى ئىلتەر؛ بويۇنلىرى ئاق، تەمامى جىنسى ئادەمدىن خۇشرۇيراق؛ ئۇچالىرى تۈزۈك - راست؛ ھەممە ئەئزالىرى ئۆمىي كەم - كاست، دولالىرى ئاراسىدا مىھىر نەبۇۋۋەتلىرى چوڭ پىلچە، ئافتابدەك دەرەخشان؛ سىـــــىنەلـەرىـدىـن تـا كىندىكلەرىگە مويدىن خەت تارتىلغان، ئۆزگە ئەئزالەرىدە يوق ئەردى مويدىن نىشانە، ۋۇجۇدى ئىنساندا زاتلىرى يىگانە؛ ئۇزۇن - قىسقەلىقدە مۆئتەدىل ئىلىك - ئاياغلىرى، كەڭ - تارلىقدا ھەم ئانداغ ھەممە بارماغلىرى؛ مۇبارەك رۇخلەرىدە ئون تالچە ساقاللەرىنىڭ ئاقى بارئەردى. ھاســـــــل، ئانداغ خۇشرۇي، مەلىھ ئەردىلەركىم، ئۇلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرسە، كۆڭۈلدىن مۇتلەق غەم - غۇسسە چىقار ئەردى. ئالەمدە ئۇلەردىن سەخى ۋە دىلاۋەر كىشى يوق ئەردىلەر.

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، بىركۇنى مەدىنەدە بىر ھەيبەتلىك ئاۋاز چىقتى ئەرسە، خەلقلەر قورقۇپ يۇگۇرشۇپ چىقتىلەر. كۆردىلەركىم ئەبۇ تەلھە ئات بىرلە قولىدا شەمشەر تۇتۇپ تۇرۇپدۇر. بەس، خەلقنىڭ ئارقەسىدىن ئاھىستە چىقىپ ئەيدىلەر: «قورقماڭلار، ھىچ ۋاقىئە يوق.» جەڭگى ھۇنەيندە تەمامى مۇسۇلمانلار قاچتىلەر، ھەزرەتـــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم تەنھا قالدىلەر، تۇرغان يەرلەرىدىن ئاياغلەرىنى يۆتكەمەدىلەر.

## ئانھەزرەتنىڭ مۇبارەك ئىسملەرى زىكرى

ھەزرەتـــى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىـــــڭ يەتتە ئاتلىرى بار ئەردى: مۇھەممەد، ئەھمەد، ھامىـــد، ئاقىــب، ھاشــر، بەنىــيۇل لۇھمە، سەئـى (سەئا).

ھىچ پەيغەمبەرلەر ئۇلاردەك غەزات قىلمادىلەر. بەنىيۇل تەۋبە، يەئنى خۇداي تەئالا ئۇممەتلەرىغە تەۋبە كەرامەت قىلدى.

## ۋەفاتنامە ئانھەزرەت

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھــجرەتدىن ئونۇنچى يىلى ھەججۇل ۋىدا قىلىپ مەككەدىن ياندىلەر ئەرسە، كىسەل ئارىز

بولدى. مۇھەررەم ئايى كىرىپ ئون بىرىنچى يىلى بولۇپ، كېسەللەرى قەۋى بولدى.

خەبەر كەلدىكىم، روم لەشكەرى شامدا يىغىلىپدۇر. باۋۇجۇد كېسەل، خەلقلەرنى جەمئ قىلىپ، لەشكەرنى جابدۇدىلەر. ئوسامە بىننى زەيدنى سەردار قىلدىلەر ئەرسە، خەلق ئەيدىلەر: «بىر ئازادگەردەنى مۇھاجىر - ئەنسار ۋە ھەمە ئەرەبلەرگە سەردار قىلدىلەر.» بۇ سۆز ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمغە يەتتى. ئەيدىلەر: «ئوسامە ھاكىملىقغە لايىقدۇر.» ئاتاسى زەيد بىننى ھارىسەنىمۇ لەشكەرىگە ھاكىم قىلدىلەر ئەرسە، بۇ سۆزنى ھەم ئاڭا ئەيدىلەر. ئاندىن ئوسامە قاشلەرىغە كەلدى. باشىنى قۇچاقلەرىغە ئالىپ ئەيدىلەر: «خەلقنىڭ سۆزىگە پەرىشان بولماغىل، ئاتاڭنى ھەم مۇنداغ دىدىلەر، ئەمما ئول لايىق ئەردى. سەن ھەم لايىق ۋە سەزاۋەرسەن.» ئاندىن ئوسامەگە دۇئا قىلدىلەر. ئوسامە چىقتى ئەرسە، بىتەمام لەشكەر جەمئ بولدىلەر.

بۇ ئەسنادا، يەنە خەبەر كەلدىكىم، يەمەندە ئەسۋەد بىننى ئەيسى ئاتلىغ بىر ئادەم خۇرۇج قىلىپ، پەيغەمبەرلىك دەئۋاسى قىلىپدۇر. بەنى ئەسەددە ھەم تۇلەيھە ئاتلىغ بىر ئادەم پەيغەمبەرلىك دەئۋاسى قىلىپدۇر. يەمەن ۋە ئەرەبلەردىن بىسيار خەلق ئاڭا يىغىلىپدۇر؛ ئىسلامدىن يانىپدۇر.

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇسەيلەمەنىڭ ۋاقىئەسىنى ياد قىلىپ، بىسيار پەرىشان بولدىلەر. ئوسامەنى شامغە بارماقدىن مەنئ قىلدىلەر. ئۆلەر ئۆز ئىشلەرىغە مەشغۇل بولدىلەر. ئەسۋەد يەنى مۇدەھھەج ئەجەب شۇئبەدەباز ئەردىكىم، تەئەججۇب ئىشلارنى قىلىپ، خەلقنى ھەيران قىلۇر ئەردى. فەسىھ زەبان سۆزلۈك شۇئبەدەباز ئەردىكىم، يەمەننىڭ سەردارى ئەبھەلە بىننى كەئەب باشلىغ تەمامى ئەھلى مۇدەھھەج ۋە بەھرانىلەر ئاڭا ئىمان كەلتۈردىلەر. يەمەننىڭ پايتەختى سەنئا ئەردى، ئاندا ئولتۈردى. بىسيار ئەھلى سەنئا ھەم ئىمان كەلتۈردىلەر. بەنى ئەسەدنىڭ سەردارى فەردە بىننى مىشك كاردار، ئەمەر بىننى مەئد كەرب باشلىغ تۇلەيھەگە ئىمان كەلتۈرۈپ، زەكاتنى بەرمەدىلەر. تۇلەيھە لەشكەر يىغىپ، سەمرا دىگەن يەرنى لەشكەرگاھ قىلىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە نامە ئىبەردىلەركىم: ئەگەر ئىختىيار قىلساڭ سۇلھ قىلغايمىزكىم، ئەرەب نىسفىسى ماڭا بولغاي؛

ئەگەر خاھلاساڭ جەڭگە مۇھەييادۇرمەن. ...

بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەلچىسگە غەزەب قىلىپ: «خۇداي تەئالا سىنى ھىلاك قىلغاي!» دەپ قوغلاپ چىقاردىلەر. ئاندىن پادىشاھلەرغە نامە ئىبەردىلەركىم: ئەسۋەد يالغانچىدۇر، ئانى يوق ئەتكەيسىزلەر! ۋە يەنە، يەمەن ئەترافىداقى مۇسۇلمانلارغە نامە ئىبەردىلەر: بىر - بىرىڭلەرگە يار بەرگەيسىزلەر. بەس، تەمامى مۇسۇلمانلار يىغىلىپ ئەسۋەدنى ئۆلتۈردىلەر. بۇ خەبەر سەييىدى بەشەر سەل-ئەل-لەمغە يەتتى ئەرسە، بىسيار شاد بولۇپ، مۇبارەك باشلەرىنى تاڭىپ، ئەسالەرىنى يۆلەنىپ، مۇنبەرگە چىقتىلەر؛ خۇتبە بەلىغ ئوقۇپ، شۇكر سەنا خۇداۋەند جەللى ئەلا ئەدا قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «تۇلەيھە مۇسەلەمە ھەم نابۇد بولۇر! كىچە ئانداغ تۇش كۆرۈپدۇرمەنكىم، ئىككى قولۇمدا ئىككى جام بەدبۇي سۇت بار ئەردىكىم، يىگرەنۇر ئەردىم. ھەق تەئالا قولۇمدىن يوق قىلدى. ئول ئىككى كەززابغە تەئبىر بەردىم، شايەدكى ئۆلارنى ھەم يوق قىلغاي.»

ئاندىن يانىپ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيلەرىگە كەلدىلەر. ھەمە ئەزۋاج مۇتەھھەراتلەرنى ئاندا جەمئ قىلىپ، ئىجازە ئالدىلەركىم، ئايشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيلەرىندە بولغايلەر. بەس، بىر قوللەرىنى ھەزرەتى ئەلى، بىرىنى فۇزەيل بىننى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ئۆشۈنلەرىگە قويۇپ چىقتىلەركىم، مۇبارەك ئاياغلەرىنى يەرگە قويالماس ئەردىلەر. تاكى ھەزرەتى ئايشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيلەرىگە كەلدىلەر. ئاندا ئەردىلەر تاكى ماھى سەفەرنىڭ ئاخىرى بولدى، مەسجىدكە چىقمادىلەر. ھەزرەتى ئايشەگە ئەيدىلەر: «جەمائەتلەر مەندىن ئۈمىد تۇتارلەر، مەن چىقالماسمەن. ئەبۇ بەكرغە ئەيغىل، نەمازنى باشلاپ ئۆتەسۇن.» ھەزرەتى ئايشە ئەيدىلەر: «ئاتامىنىڭ كۆڭۈللەرى يۇمشاقدۇر، سىنىڭ ئورنۇڭدا تۇرماقغە تاقەت يوقدۇر. يەنە بىرىنى بۇيرۇغىل.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئايشە، زىلەيخا بىرادەرىم يۇسۇفنى يولدىن چىقارغاندەك، مىنى مىكر قىلۇرمۇسەن؟! ئەيغىل، نەمازنى باشلاپ ئۆتەسۇن.»

بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكر ئىمام بولدىلەر. بىركۈن كىسەللەرى بىرنەۋئ يەنگۈدى. ھەزرەتى ئەلىغە يۆلەنىپ نەماز بامدادغە چىقتىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ئىمام بولۇپ ئەردىلەر. بەس، مەسجىدكە كىردىلەر ئەرسە،

خەلق ھەمە يۇزلەنىپ مۇئمىز قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكر سىددىق كېلىپ، يۆلەپ ئالىپ بارىپ، مــــىھرابغە تۇرغۇزدىلەر. ئۆزلەرى ئۇلۇڭ يانلەرىدە تۇردىلەر. رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم تـۇرالمـاي، ئـولتـۇرۇپ نـەمـاز ئۆتەدىلەر. ئاندىن، ئىككى - ئۇچ كۇن نەۋئى سىھھەت تاپتىلەر ئەرسە، ئۆيدە مەلال بولۇپ، مەۋلائى مۇرھۇمغە يۆلەنىپ، ئاھىستە گۆرىستانى بىقەئغە چىقتىلەر؛ ئانداقى شۇھەدا ۋە مۇسۇلمانلار قەبرى ئاراسىدا تۇرۇپ ئەيدىلەر: «خۇداۋەندىنىڭ رەھمەتى سىزلەرگەدۇركىم، جەھاننىڭ غەم ۋە فىتنەسىدىن فارىغ ۋە ئاسۇدەسىزلەر.» ئاندىن يانىپ ئۆيگە كەلدىلەر. ھەزرەتى ئايىشەنىڭ باشلەرى ئاغرىپ ئۆيدە ياتار ئەردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئول ئاغرىغكى مەندەدۇر، سەندە يوق.» ھەزرەتى ئايىشە ئەيدىلەر: «سەندىن مېنىڭ ئاغرىغىم قاتتىغراقدۇر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئەگەر ئانداغ بولسە، نە ياخشى ئەردىكىم، سېنى ئۆز قولۇم بىرلە دەفن قىلىپ، مەغفىرەت تىلەگەي ئەردىم.» ھەزرەتى ئايىشە ئەيدىلەر: «مېنى گۆردە قويۇپ ھەم يەنە بىرنى ئىختىيار قىلۇرسەنمۇ؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم خامۇش بولدىلەر. ئاندىن كېيىن، ئىسسىتمالەرى كۇندىن - كۇنگە زىيادە بولدى.

رەبىئۇل ئەۋۋەل ئايىدىن بەش بولدى ئەرسە، ھەياتلەرى بەرگىدىن ئۇمىد غۇنچەسىنى ئۈزدىلەر. ھەزرەتى ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە ئەيدىلەر: «ماڭا سۇ سەفكىل، تاكى ئاندەك يەنگۇپ، ئۇممەتلەرىم بىرلە ۋىدا ئ قىلغايمەن.» ھەزرەتى ئايىشە سۇ سەفتىلەر. مەدىنەدە فاش بولدىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەسجىدكە چىقادۇرلەر. تەمامى خەلق مەسجىدكە كەلدىلەر. ئان سەرۋەر سەل-ئەل-لەم مۇبارەك باشلەرىنى تاڭىپ، مەسجىدكە كەلدىلەر. مۇنبەرگە چىقالماي ئولتۇرۇپ خۇتبە ئوقۇپ، خۇداي تەئالاغە ھەمد - سەنا ۋە ھەمەئى پەيغەمبەرلەرگە دۇرۇد نەئت بىجا كەلتۇردىلەر. ئاندىن تەمامى شۇھەدالار، مۇسۇلمانلارغە دۇئا قىلدىلەر. ئاندىن، ئەمر مەئرۇف، نەھى مۇنكىرنى ئەمر قىلىپ، ئەيدىلەر: «ئەي خەلايىق، ھەق تەئالا بەندەلەرىدىن بىرىگە پەيغام ئىبەرىپدۇركىم، دۇنيانى دوست تۇتارسەنمۇ يا ئاخىرەتنىمۇ؟ ئول ئاخىرەتنى ئىختىيار قىلىــپدۇر. ھەق تەئالا خۇشنۇد بولۇپ، ئۆز دەرگاھىغە يەتكۇرمەككە ۋەئدە بېرىپدۇر.» بۇ موھىم سۆزنى ھىچكــىم

ئائلامادى، مەگەر ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىسيار يىغلادىلەر. ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ۋە قان ـ تەنىم ساڭا فىدا بولسۇن! » ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئەبۇ بەكر، جەھاندا يارى غار ئەردىڭ، ئاخىرەتدە ھەم دەراز ھەمراھ سەن بولغايسەن. ئەگەر مەن خۇدادىن ئۆزگەنى دوست تۇتار بولسام ئەبۇ بەكرنى دوست تۇتار ئەردىم. ھىچكىم ئانداغ رەفىق ۋە مۇشفىق بولمادىكىم، ھىچكىم ئەمۋالى ئەبۇ بەكرنىڭ ئەمۋالىدەك سۇد بەرمەدى. ئەي خەلق! ئۆلۇم بۇ دۇنياندا ھەركىمگە تىرىكلىك لىباسى ئارىيەتدۇركىم ئانىڭدىن ئارى بولسە رىگ ۋە تۇفراق بولماي چارە يوقدۇر. چۇنكى، تىرىكلىك ئىبتىداسى، ئارىيەت ئىنتىھاسىدۇر. ئۆلگەندىن كېيىن، بىركۇنى كەلگەيكىم، ئانى دادى قىساس كۇنى دەرلەر. ئول كۇنى ئەھلى ئالەم بىر ـ بىرىدىن قىساس تەلەب قىلۇر، كىچىك چوڭدىن، زەئىف تەۋانادىن، ياخشى ياماندىن قىساس ئالۇر. مەن ھەم سىزلەر بىرلە ئەردىم، چەندان روزگار سىزلەر بىرلە ئۆتكەردىم. ئەگەر كىشىنىڭ مەندە ھەققى بولسە ۋە قىساسى بولسە، بۇ ئالەمدە تەلەب قىلسۇن. ئەگەر قاتتىغ سۆزلەگەن بولسام، ئانداغ سۆزلەسۇن، تاكىم ھەق تەئالانىڭ دەرگاھىدا كىشىنىڭ ھەققى مەندە قالماسۇن.» خەلايىقلار خۇرۇش ـ فىغان قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «يا، رەسۇلۇللاھ! ھەر نەۋئ ھەققىمىز بولسە، بىھىل قىلدۇق. سەندە كىمنىڭ ھەققى بولغاي! بارچەمىزدە سىنىڭ ھەققى ـ ھوققۇڭ تولادۇر! » بەس، ئەككاشە بىننى مەخزەر قەرارى قوپتى، ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، فالان كېچە، فالانى غەزاتدا، فالانى يەردە، ئارقاڭدىن كېلۇر ئەردىم. تىۋەڭگە قامچى سوقتۇڭ ئەرسە، ماڭا تەگدى، بىسيار دەرد بەردى. ئول قىساسكىم باردۇر.» رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا ئەككاشە، تۇرۇپدۇرمەن، ئانداغ قىل.» ئەككاشە ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، ئول قامچى بولغاي ئەردى.» بەس، ئەيدىلەر: «يا بىلال، ئول قامچى ئۆيدەدۇر، ئالىپ كەلگىل، فاتىمەگە ھەرگىز ئەيتماغىلكىم كۆڭلى ئۆرتەنۇر.» بەس، ھەزرەتى بىلال باردىلەر ئەرسە، خەلق ھەزرەتى ئەككاشەغە يۈزلەندىلەر ۋە ئەيدىلەر: «يا، ئەككاشە! شەرم تۇتماسسەنكىم، خۇداي تەئالادىن قورقمايسەنكىم، رەسۇلى خۇدادىن قىساس ئالۇرسەنمۇ؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «قويۇڭلار، ئۆز ھەققىدۇر، ئالسۇن!» ھەزرەتى ئوسمان ئەيدىلەر:

«يا، ئەككاشە! ماڭا بىز قىساسنى يۈز تىۋەگە ساتقىل!» ئەيدى: «ساتماسمەن.» سەھابىلەردىن ھەرقايسىلىرى ھەرنەۋئى سۆز ئەيدىلەر، قەبۇل قىلمادى. بەس، قامچى كەلتۈردىلەر. ھەزرەتى ئەلى ئەيدىلەر: «يا ئەككاشە! رەسۇلى خۇدا زەئىفدۇرلەر، زەربكە قۇۋۋەتلەرى يوقدۇر، مىنى ئۇلەرنىڭ ئورنىدا يۈز قامچى ئۇرغىل!» قەبۇل قىلمادى. بەس، قامچىنى ئالدى ئەرسە، رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەركىم: «قىساس قىلغىل.» ئەككاشە ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، قەسەم بىخۇداكى، مەن ئول كۈنى بەرەھنە ئەردىم، سەن رىدە بىرلەدۇرسەن، قىساس نىچۈك بولۇر؟!» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مۇبارەك رىدەلەرىنى ئالدىلەر ئەرسە، ئەككاشە قامچىنى تاشلاپ ئاياغلەرىغە يىقىلدىلەر؛ يۈزلەرىنى مىھر نەبۇۋۋەتلەرىگە سۈرتۈپ، فەرياد - فىغانلار قىلدىلەر. تەمامى خەلايىق نالەگە كەلدىكىم، يىغى غۇلغۇلەسى ئاسمانغە يەتتى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مۇبارەك كۆزلەرىدىن ياش رەۋان بولدى، ئەيدىلەر: «يا ئەككاشە، نىچۈكدىن نىچۈك مۇنداغ قىلدىڭ؟» ئەككاشە ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ! قورقتۇمكى، مۇندىن كىيىن مۇبارەك ۋۇجۇدى شەرىفلەرىنى تاپالماغايمەن. قەسد قىلدىمكى، بۇ بەھانە بىرلە مۇبارەك مىھر نەبۇۋۋەتلەرىنى كۆرۈپ، يۈزۈمگە سۈرتۈپ ئالغايمەن. تاكى ھەق تەئالا دەۋزەخ ئوتىنى ھەرام قىلغاي.» ئاندىن، بىر كىمەرسە ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ! فالانى كۈنى بىر سايىل شەيئۇللاھ دىدى ئەرسە، سەن ئۈچۈن دىرەم بەرگىل دەپ بۇيرۇدۇلڭ. مەن ئۈچ دىرەم بەردىم. دۇئا قىل، تاكى مىزان ھەسەناتىغە ئاغىر كەلگەي.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئول مىنىڭ سەدىقەمدۇركى مەندە قەرزدۇر.» بەس، فۇزەيل بىننى ئەبباسغە بەرگىل دەپ بۇيرۇدىلەر ئەرسە، بەردىلەر.» سەۋاب ئۈمىد قىلساڭ ئەمدى دەرۋىشكە بەرگىل.» ئاندىن، يەنە بىر ئادەم ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، فالاكى غەزاتدا غەنىمەتدىن ئۈچ دىرەم ئوغۇرلاپ ئەردىم.» بەس، ئەيدىلەر: «يا فۇزەيل، ئول دىرەمنى ئالىپ بەيتۇل مالغە قوشغىل.» يەنە بىر كىشى ئەيدى: «يا رەسۇلۇللاھ، مەن يالغانچى ۋە تىلى ياماندۇرمەن؛ دۇئا قىل، تاكى ھەق تەئالا مەندىن ئول ئەيبنى كۆتەرگەي.» بەس، دۇئا قىلدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر بىننى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئەي ئادەم! ئۆزۈڭنى مۇنداغ ئۇلۇغ مەجلىسدە

رەسۇﺍ قىلدىڭ!» ئۇل ئادەم ئەيدى: «ئاخىرەتدە رەسۇﺍلىقىمدىن بۇ ئالەمدە رەسۇﺍلىقىم بىھرافدۇر.» ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «بۇ ئادەم مۆئمىن سادىقدۇر، مۇنافىق ئەمەس.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «راست ئەيدىڭ.» يەنە ئەيدىلەر: «ئۆمەر ھەممىشە خۇدا بىرلە ۋە خۇدا ئۆمەر بىرلە ھەر يەردە بولسە.»

ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۆيگە كەلدىلەر. ئاندىن كېيىن، مۇبارەك جەماللەرى ئالەم خەلقىغە نەسىب بولدى. ئۈچۈنچى كۈنى ئاغىرراق بولدىلەر. بەس، مۇھاجىر، ئەنسار ئەيدىلەر: «رۇخسەت بولسە بىر كۆرسەك!» ئىجازە بەردىلەر ئەرسە، ھۇجرەئى مۇتەھھەرەگە كىردىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇلارغە باقىپ، كۆزلەرىگە ياش ئالىپ ئەيدىلەر: «يا فۇزەيل، مېنى يۆلەگىل.» بەس، يۆلەپ ئولتۇردىلەر. ئۇلارغە دۇئا قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالا سىزلەرگە يا مەدەتكار بولغاي؛ مۇرادىڭلارغە يەتكۈرۈپ، بېھىشت روزى قىلغاي! سىزلەرگە نەچەند نەسىھەت قىلۇرمەن: خۇداي تەئالادىن قورقغايسىزلەر، كىبىر - فەساد قىلماغايسىزلەر. ھەق تەئالا خەبەر بېرىپدۇر» دەپ بۇ ئايەتنى ئوقۇدى، مەزمۇنى بۇدۇر: بېھىشتنى ئول تايىفەلەرگە ئافەرىدە قىلدىمكى، بۇ ئالەمدە كىبىر - فەساد قىلماغايلەر. دەۋزەخ مۇتەكەببىرلەرنىڭ جايىدۇر. مەن سىزلەرگە خۇداي تەئالانى ۋەكىل قىلۇرمەن، مەن سىزلەرنى خۇداي تەئالادىن قورقۇتغۇچى ۋە بىشارەت بەرگۇچىدۇرمەنكىم، ئاجىز - زەئىفلەرغە ياخشىلىق قىلغايسىزلەر. دىنى ئىسلامنى بەرپا تۇتغايسىزلەر. كافىر - مۇشرىكلەرنى دىيارىڭلاردىن چىقارغايسىزلەر. مەن سىزلەرنى ئىككى ئىشدىن مەنئ قىلدىم. بەس، مەندىن كېيىن ئول ئىشغە قەدەم قويماغايسىزلەر: بىرى ئولكىم خۇدانىڭ پەيغەمبەرىگە تەئزىم - ئىكرامنى تەرك قىلماغايسىزلەر، ئۇلۇغدۇرلەر، ئۇلار مېنىڭ ئەۋلادىمدۇرلەر، ئۇلارنىڭ ئۇلۇغىنىڭ سۆزىدىن چىقماغايسىزلەر؛ مەن ئۇلارغە ئامىرزىش تىلەرمەن.» بەس، بۇ سۆزنى ئەيتىپ، مۇبارەك باشلەرىنى تەكيەگە قويدىلەر. سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، ھەزرەتلەرىنى كىم غۇسل قىلۇر؟» ئەيدىلەر: «كىمكى ماڭا ياۋۇقراقدۇر.» «كىم ئورۇنلەرىغە يەتكۈرۈر؟» ئەيدىلەر: «كىم ياۋۇقراق تۇغقانىمدۇر.» ۋە يەنە سوردىلەر: «نېچۈك نەرسە كەفەن قىلۇرمىز؟» ئەيدىلەر: «بۇ ئىگنىكىم

كىيىكلىكدۇر.» ئۇل ئاق جامەئى مىسر ئەردى ياجامەئى يەمانى. يەنە سوردىلەر: «نەمازىڭىزنى كىم ئۆتەرلەر؟» ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا سىزلەرگە مەغفىرەت قىلغايكىم، ياخشى ئەمىسر كەرامەت قىلغاي، مۇنداغ غەم تارتارسىزلەر. مىنى يۇپ، كەفەنگە ئالىپ قەبرە لەبىدە قويۇڭلار؛ ئۇل جەبرائىل ئۆز تابىئلەرى بىرلە نەماز ئۆتەرلەر. ئاندىن مىكائىل، ئىسرافىل، ئەزرائىل ئەلەيھ-س. نەماز ئەدا قىلۇر. ئاندىن سىزلەر گۇرۇھ - گۇرۇھ نەمازىمنى ئۆتەپ دەفن قىلىڭلار. ماڭا دۇرۇد ئەيتماقدىن فەرامۇش بولماڭلار، تا قىيامەت، ئۇممەتلەرىم دۇرۇد ئەيتسۇنلەر، تاكى سىرات لەبىدە ئۇممەتلەرىمنى تاپارمەن، شەفائەت قىلۇرمەن.»

بەس، سەھابەلەر چىقتىلەر. ئاندىن ئەزۋاج مۇتەھھەرات يىغلىپ كېلىپ ئولتۇردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم خامۇش بولدىلەر. ئۆلار تەببىلىك قىلىپ ئەيدىلەر: «دىماغلەرى قۇرۇپدۇر.» بەس، ياغ كەلتۇرۇپ، ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇبارەك دىماغلەرىغە ياغ تامىزدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۆزلەرىنى ئاچىپ ئەيدىلەر: «بۇ ئىشنى كىم قىلدى؟» «ھەمەمىز قىلدۇق» دىيەلمەدىلەر، «ئەبباس قىلدى» دىدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «يا ئەبباس، نېچۇكدىن مۇنداغ قىلدىڭ؟» ھەزرەتى ئەبباس ئەيدىلەر: «بۇ ئىشدىن خەبەرىم يوقدۇر.» بەس، ئەيدىلەر: «بۇلارنىڭ ھەمەسىنىڭ دىماغىغە ياغ قويۇڭلاركىم، مۇندىن كېيىن ئانداغ قىلماسۇنلەر.» بەس، ھەمەلەرىنىڭ بۇرنىغە ياغ ئىبەردىلەر.

بەس، يەنە ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن، ئىستىمالەرى قىزىغراق بولدى. ئازىنە كۈنى ئەردى، ھەرارەت ۋە ئىستىمانىڭ قىزىغلىقىدىن، ئالدىلەرىدە بىرقاچادا سۇ قۇيۇپ، ھەرزامان يۈزلەرىگە ۋە پېشانەلەرىگە سۇ ئالىپ، سۈرتەر ئەردىلەر. ئەيتۇرئەردىلەر: «خۇداۋەندە ئۆلۈمنىڭ قاتتىغلىقىنى ئاسان قىل!» بەس، شەنبە كۈنى بۇ ھالدا ئەردىلەر؛ يەكشەنبە كۈنى بولدى ئەرسە، ئاغىرراق بولدىلەر. بەس، ھەزرەتى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھۇغە ئۇچرادىلەر، ئەيدىلەر: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇگۈن بىر نەۋئى ياخشىراقدۇرلەر.» ھەزرەتى ئەبباس ئەيدىلەر: «مەن ئابدۇلمۇتتەلىب ئەۋلادىنىڭ ئۆلۈم نىشانەلەرىنى تولا كۆرگەندۇرمەن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ رەھلەتلەرى

ياۋۇقدۇر. سورغىلكىم، قايسى تايىفەدىن خەلىفە بولغاي. ئەگەر بەنى
ھاشىمدىن بولسا، غەيرىنى قويماغايمىز. ئەگەر يەنە گۇرۇھدىن بولسە، ئانى
ھەم بىلگەيمىز.» ھەزرەتى ئەلى ئەيدىلەر: «سورماغايمىز. ئەگەر يەنە بىر
گۇرۇھدىن بولسە، تا قىيامەتغىچە بىزنى قويماسلەر.»

رەبىئۇل ئەۋۋەلدىن ئون ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئەردى، دۈشەنبە كېچەسى
شام ۋە خۇفتەن ئاراسى ئەردى. نەۋئى خەفەتە ھاسىل بولدى، ھۇجرەئى
مۇتەھھەر ئىشىكلەرىنى ئاچتۇرۇپ كۆردىلەركىم، خەلقلەرسەف تۈزۈپ،
ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىمام قىلىپ، نەماز
ئۆتەدىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم شاد بولدىلەر. ئەيدىلەر:
«ھەمد - سىپاس ئول خۇداغەكىم، مەندىن كېيىن سۈننەتىمنى باقى
قىلغۇدەك.» بەس، ھەزرەتى ئايشە گۇمان قىلدىلەركىم، نەۋئى ياخشى
بولۇپدۇرلەر. ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، مىسۋاك قىلۇرسەنمۇ؟» ئەيدىلەر:
«ئارى.» بەس، ھەزرەتى ئايشە مىسۋاكنى ئالىپ ئاغىزلەرىغە سالىپ
يۇمشاتىپ بەردىلەرئەرسە، مىسۋاك قىلدىلەر. مۇبارەك تىشلەرىغە قاتتىغ
سۈردىلەر. ھەزرەتى ئايشە ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ، تىشلەرى جەراھەت
بولۇر.» ئەيدىلەر: «يا ئايشە، ھەزرەتى جەبرائىل ئەلەيھ-س. ھەمىشە
مىسۋاك قىلماق ۋە ھەمسايە ھەققىنى ساقلاماقغە نەسىھەت قىلۇرلەر. مەن
گۇمان قىلۇرمەن ئەردىمكى، ھەمسايەگە مىراس تەككەي. ۋە يەنە بەندە
ھەققىدە نەسىھەت قىلۇرئەردىلەر، مەن گۇمان قىلۇرئەردىمكى، ئۆلگەندىن
كېيىن ئازاد بولغاي.»

بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق نەمازدىن فارىغ بولۇپ ئەردىلەر. خەلق
ئەيدى: «ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم باشلەرىنى كۆتەرىپ بىزگە
قارادىلەر.» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق شاد بولدىلەر. قاشلەرىغە
كىردىلەر، كۆردىلەركىم، مىسۋاك قىلۇرلەر. شاد بولۇپ كۈلدۈرمەك
ئۈچۈن، ھەزرەتى ئايشەگە ئەيدىلەر: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ياخشى
بولۇپدۇرلەر. بۇ كېچە ئەزۋاج مۇتەھھەراتدىن بىرلەرىنىڭ نەۋبەتىگە
بارۇرلەر.» ھەزرەتى ئايشە ئەيدىلەر: «ئاغرىغلەرى ماڭا، ساقلىقلەرى يەنە
بىرگە بولغۇدەك.» بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كۈلدىلەر.
ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيلەرى خېلە يىراق، سۈنھە

دىگەن مەھەللەدە ئەردى؛ چەندان روزگار ئۆتۈپ ئەردى، ئۆيلەرىگە بارماغان ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى ئايشە ئەيدىلەر: «يا پەدەر، خىبلە مەھەلدۇر، ئۆيگە بارمادىلەر، ئەمدى پەيغەمبەرى خۇدا ئاندەك ياخشى بولدىلەر. ئۆيلەرىگە بارىپ كەلسەلەر.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيگە ياندىلەر، ھەمە خەلق تارقادىلەر. مەدىنەدە فاش بولدىكىم ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ياخشى بولۇپدۇرلەر.

ئاندىن كېيىن، ھەزرەتى ئايشە ئارقەلەرىدە ئولتۇرۇپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنى قۇچاقلەرىغە ئالىپ ئولتۇردىلەر ئەرسە، مۇبارەك باشلەرىنى ئۆشۇنلەرىگە قويدىلەر. بىرسائەت ئۆتتى ئەرسە، چاشت ۋەقتى ئەردى، مۇبارەك پېشانەلەرىگە تەر زاھىربولدى. روھى پاكلەرى ئالەمى بالاغە پەرۋاز قىلدى. سەلەۋاتۇللاھۇ ۋە بەركاتەھۇ. ھەمە ئەخبار ئۆلىمالار، ئەھادىس - ئاسار دانالەرى ئىتتىفاقدۇركىم، رەبىئۇل ئەۋۋەلنىڭ ئون ئىككىنچىسى دۇشەنبە كۈنى ئەردى. گۇرۇھى ئەيتىپدۇرلەر: رەبىئۇل ئەۋۋەلدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ ئەردى. بۇقەۋلدىن ئون ئىككىنى دىگەن بولۇر.

بەس، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يىغلاپ چىقتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «يىغلاماغىلكىم مۇنافىقلار ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۆلۈپدۇرلەر دىگەيلەر. ئۇلەر ئۆلمەدىلەر! ھەق تەئالانىڭ دەرگاھىغە باردىلەر. ئانداغكى، ھەزرەتى ئەيسا ئەلەيھ-س. قەۋملەرى ئاراسىدىن كېتىپ ئەردىلەر، يەنە كېلۇرلەر، بۇلەر ھەم كەلگەيلەر. ھەركىم ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل - ئەل - لەمنى ئۆلدى دىسەلەر تىلى كېسىلۇر!» ئاندىن، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەلدىلەر، كۆردىلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مۇبارەك يۈزلەرىنى رىدەلەرى بىرلە ياپىپدۇرلەر. ھەزرەتى ئايشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يىغلاپ ئۆزلەرىنى يەرگە ئۇرار ئەردىلەر؛ يىغلاپ يانىپ چىقتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر سۆزلەرىنى ئىشىتىپ ئەيدىلەر: «يا ئۆمەر، ئانداغ دىمەگىل، ھەق تەئالا ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە ئەيتىپدۇر: سەن ھەم ئۆلەرسەن ۋە ئۇلارھەم ئۆلگۇسىدۇر.» ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «مەن بۇ ئايەتنى ھەرگىز ئوقۇماغاندەك فەراموش بولۇپدۇرمەن.»

ئاندىن كېيىن، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەرگە

چىقىپ، خۇتبە ئوقۇدىلەر. ئەيدىلەر: «ئەي خەلق، ئاگاھ بولۇڭلاركىم، ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم ۋەفات بولدىلەر، ھەق تەئالا ئۇلەرغە ئۆلۈم كەرامەت قىلدى. ھەركىم خۇدا ۋە رەسۇلغە ئىمان كەلتۇرسە بىلۇركىم، خۇداي تەئالادىن ئۆزگە ئۆلەر، خۇداي تەئالا ھەرگىز ئۆلمەس.» خەلق بىلدىلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋەفات بولۇپدۇرلەر دەپ، تەمامى خەلايىق ھوجرەئى مۇتەھەررەگە كەلدىلەر. ئاندىن يانىپ مەسجىدكە جەمئ بولدىلەر. مەردۇكەلان، پىرۇجۇۋان، پۇربەندە ۋە ئازادە ھەمە فەرياد - فىغانلار تۇزدىلەر؛ يەكبارە نالە - زارى كۆركۈزدىلەر. بەئزە خەلق تەدبىرگە مەشغۇل بولدىلەر.

ئول كۈنى مەدىنەدە خىلاف پەيدا بولدى. بىرئادەم كەلدىكىم، ھەمە ئەنسارلار يىغىلىپ، سەئد بىننى ئۇبادەگە بەيئەت قىلدىلەر. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ ئېلىكلەرىنى تۇتۇپ، مەسجىددىن چىقتىلەر. ھەزرەتى ئەلى ۋە ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم مەسجىد ئىشىكىدە تەكفىن ۋە تەجھىز مەسلەھەتىدە ئەردىلەر. ئەبۇ ئۇبەيدە بىننى جەرراھ كەلدىلەر، ئەيدىلەر: «ئەنسارلار بەنى سەئدىنىڭ سارايىدا جەمئ بولۇپدۇرلەر. سەئد بىننى ئۇبادەنى ئۆزلەرىگە ھاكىم قىلىپدۇرلەر. ھەزرەتى رەسۇلى خۇدانىڭ ۋەفاتلەرىدىن ئۇلاردا غەم يوقدۇر. ئەھلى ئەيال، قاياش ۋە قەبىلە مۇھاجىرلار، سىزلەرگە سوز ئولكىم، ئەۋۋەل ئۇلەرنى دەفن قىلىڭلار؛ ئاندىن بىرىڭلارنى ئۆزۈڭلەرگە ھاكىم قىلىڭلار. ئەنسارلار ئەمدى سىزلەرگە فەرمان تۇتماسلەر.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ئەيدىلەر: «تا مەن ئۇلارنى كۆرۈپ سۆزلەرىنى ئىشىتىپ يانماسام يانماسمەن.» بەس، ئەبۇ ئۇبەيدەنى ئالىپ، ھەزرەتى ئۆمەر بىرلە باردىلەر. ئەنسارلار بەنى سەئدىنىڭكىدە سەئد بىننى ئۇبادەنى كەلتۇرۇپ، ھەمە جەمئ ئىدىلەر. بۇلار ئۈچ - ئۆيلەن ئەردىلەر. ئاخىر بىروسى قوپۇپ خۇتبە ئوقۇدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ۋەفاتلەرىنى ئەيدىلەر؛ ھەسرەت - نەدامەتدىن يىغلاشتىلەر. ئاندىن ئەيدىلەر: «ئەي مۇھاجىرلار! سىزلەرنىڭ فەخر - فەزىلەتىڭىزلار بىنە ھايەت بىسياردۇر. بىلۇرسىزلەركىم، بىز سىزلەر ئۈچۈن بىسيار رەنجۇمۇشەققەتلەر تارتىغاندۇرمىز. ئەمدى ئىختىيار قىلىپدۇرمىزكىم، ئارامىزدىن بىرنى ھاكىم قىلساق، سىزلەرھەم ھاكىم قىلساڭلار؛ ھاكىم ئۆز

قەۋمى بىرلە بولسە، گۇفت گوي ئارادىن يىتسە. بەس، ئەنسارلارنىڭ فەزىلەتلەرى زىيادە بولسە.» دەپ سۆزىنى تەمام قىلدى ئەرسە؛ ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە ئوقۇدىلەر، ھەمد - سەنا، دۇرۇدى مۇستەفا ئەدا قىلدىلەر. ئەنسارلار فەزىلەتلەرىدە نازىل بولغان ئايەتلەرنى ئوقۇدىلەر. ئاندىن ئەيدىلەر: «ئەگەر سىزلەر ئەيتغاندەك قىلساق ئىختىلاف ۋاقىئ بولۇر، ئاخىر ئارادا جەڭ - خۇسۇمەت پەيدا بولۇر. سىزلەركىم، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم پىشۋا قۇرەيشدىندۇرلەر، بەس، بۇ ئەمردىن چىقغان بولۇرسىزلەر. كىرەككىم، قۇرەيشدىن بىرىنــــى پىشۋا قىلساق، بارچەمىزنىڭ ئالدىدا ۋە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىــــڭ ئالدىلەرىدە بولغاندەك بولۇرمىز. مەن ئىككى كىشىدىن بىرنى ئىختىيار قىلۇرمەن: يا ئۆمەر ۋە يا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما. بۇلار قۇرەيشنىڭ ئۇلۇغى ۋە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ بەرگۇزىدەلەرىدۇر.»

ئەنسارلار ئەيدىلەر: «بىز ھەزرەتى ئەلىغە بەيئەت قىلۇرمىزكىم، ئەمزادە ۋە پەيغەمبەرى دامادان، سەرۋەرى سەيــــد ھــەم قۇرەيــش ۋە بەنـــــى ھاشــــمدۇرلەر.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر بىلدىلەركىم ئارادا جىدەل بولادۇر. بەس، «لايىق سىزلەردۇرلەر، يا ئەبۇ بەكر! قول سۇنسۇنلەر! مەن سىزلەرگە بەيئەت قىلۇرمەن. چۇنكــــى ھەم قۇرەيشدىن ۋەھەم خەلافەتكە لايــــق سىزلەردۇرلەر!»

ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق ئەيدىلەر: «يوق، سىزلەر سەزاۋاردۇرلەر.» ئاخىر، ھەزرەتى ئۆمەر ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىقنىڭ قوللەرىنى تۇتۇپ، بەيئەت قىلدىلەر. ئاندىن ئەبۇ ئۇبەيدە بەيئەت قىلدىلەر. ئاندىن ئەنسار ئۇياتىپ بىتەمام بەيئەت قىلدىلەر. بۇ خەبەر مەدىنەدە فاش بولدى، تەمامى خەلايىق يىغىلدىلەر. سەئد بىننى ئۇبادەنى پايى كۇب قىلغالى تۇردىلەر. بىر كىمەرسە قىچقىردىكىم: «ئاھىستەرەك ئۆلتۇرۇڭلار!» ھەزرەتــــى ئۆمەر ئەيدىلەر: «ئۆلتۇرۇڭلار ئول مۇنافىقنىكىم ئارادا خىلاف پەيدا قىلدى!» بەئزەلەر سەئد بىننى ئۇبادەنى ئول كۇنى ئۆلدى، دەپدۇرلەر. ئاندىن، ھەزرەتى ئۆمەر قىچقىردىلەركىم: «ئەي خەلق! رەسۇلى خۇدانىڭ خەلىفەلەرىگە كىچە بولماسدا بەيئەت قىلىڭلار! ھەركىــم ئىــمامغە بەيئەت قىــــلماي، كىــچە ئارام ئالالماس!» ئول كىچە ھىچ مۇھاجىر، ئەنساردىن قالمادىلەر، تەمامى بەيئەت

قىلدىلەر. مەگەر ھەزرەتى ئەلى ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەھلى بەيتلەرى بىرلە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ تەئزىيەتلەرىگە مەشغۇل ئەردىلەر. بەس، ئەبۇ سۇفيان ھەزرەتى ئەلىغە ئەيدىلەر: «نىچۈكدىن خەلىفەلىكنى ئەبۇ بەكرغە قويدۇڭلار! ئول بەنى تەمىمدۇر، قۇرەيشدە ئاندىن پەس قەبىلە يوقدۇر. مەن مەككەگە كىشى ئىبەرىپ، ئانچە لەشكەر كەلتۈرەيكىم، خەلق ھەيران قالسۇن! مەن بۇ ئىشنى پىسەند قىلماسمەن! » ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «سەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئاراسىغە ئەداۋەت پەيدا قىلۇرسەنمۇ؟ سەندىن كىشىگە زىياندىن ئۆزگە كەلمەسمۇ؟ ! »

ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق بۇ سۆزنى ئىشتىپ، ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۇلۇغ ئوغلى يەزىدنى شامغە ھاكىم قىلدىلەرئەرسە، ئەبۇ سۇفيان بۇ كىچچە ئىشتىپ كېلىپ بەيئەت قىلدى. ئەرتەسى ھەزرەتى ئۆمەر، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مەسجىدلەرىگە كەلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «بىسيار خەلق بەيئەت قىلماي قالماپدۇر. » بەس، بەيئەتنى تەمام قىلغايلەر.

بەس، ئومۇمى خەلايىق مەسجىدكە جەمئ بولدىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەرگە چىقتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئەي خەلايىق! ھەق تەئالاغە شۈكرسەنا ئەدا قىلغىلاركىم، سىزلەرگە قۇرەيش ھەمەئىزلەرنىڭ ياخشىسى ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى پىشۋا قىلدى. ئانداغ كىشىدۇركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە يارى غار ۋە ھەم ئەسرارلەرىغە رازدار، ھىجرەت - مۇسافىرەتلەرىدە غەمگۇسار بولغان. ھەركىم ئۇلارغە بەيئەت قىلماغان بولسە بەيئەت قىلسۇن! » ئول كۈننى «بەيئەتۇل ئام» ئاتادىلەر.

ئاندىن، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئەي خەلق! مەن سىزلەردىن ئۆزۈمنى ياخشى ۋە لايىق بىلىپ، بەيئەت قىلمادىم. لېكىن جىدەل ۋە خىلاف كوتاھ بولغاي دەپ قەبۇل قىلدىم. ئەگەر خەتايى مەندىن ۋاقىئ بولغان بولسە، ماڭا دەستىگىر بولۇپ، ئاگاھ قىلغايسىزلەر. خۇداي تەئالانىڭ ئەمرىگە مۇۋاپىق ئىش قىلسام تەبئىيەت قىلغايسىزلەر. ئەگەر نامەشرۇئ ئىش بۇيرۇسام فەرمان تۇتماغايسىزلەر. تەبەئىييەتىمگە خۇشنۇد ۋە رىزا بولغايسىزلەر. ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم تەكفىن

- تەھجىزلەرىغە مەشغۇل بولغايمىز! » دەپ مۇنبەردىن تۈشتىلەر.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم دۈشەنبە كۈنى چاشت ۋەقتىدە ۋەفات بولدىلەر. سەھشەنبە كۈنى ندمازدىگەردە غۇسلىغە مەشغۇل بولدىلەر. بەئزەلەر ئەيتىپدۇرلەر: يا پەنجشەنبە كۈنى نەمازدىگەر ۋەقتىدە غۇسل قىلدىلەر دەپدۇرلەر.

بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سەۋال قىلدىلەركىم: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نىچۈك بولغاندۇرلەر؟» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىرىپ، يىلداپ - بۇراپ ئەيدىلەر: «مالصيب حيا وميتا — نە ياخشى بۇيى خۇشدۇر تىرىك ۋە ئۆلۈكلەرىدە! »

بەس، ئاندىن ھەزرەتى ئەلى ۋە ھەزرەتى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغە ئەيدىلەر: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن ئىشىتىپ ئەردىم، مىنى ئەھلى بەيتىم غۇسل قىلۇرلەر دەپ ئەردىلەر. سىزلەر غۇسل قىلغايسىزلەر.» بەس، ھەزرەتى ئەبباسنىڭ ئىككى ئوغلانلەرى فەزلى ۋە قەيشەمنى ئالىپ كىردىلەر؛ ھەزرەتى ئەلى ھەم كىردىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئازادكەردەلەرى شۇقرا ئوسامەنى ھەم ئەيدىلەر: «سىزلەر ھەم كىرىپ ياربەرگەيسىزلەر.» ئۆزلەرى مۇھاجىر-ئەنسار بىرلە مەسجىددە ئولتۇردىلەر.

بەس، ئەنساردىن ئۇۋەيس بىننى خانى ئاتلىغ بىرئادەم ئەيدى: «ئەي خەلىفە! پەيغەمبەرى خۇدا بىزگە تەئنە بولغايكىم، پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ غۇسلىلەرىگە ئەنساردىن ھىچكىم داخىل ئەمەس دەپدۇر، بۇ فەخرنى بىزدىن ئالماغىل؛ ئەنساردىن ھەم بىركىشى بۇيۇرغىل.» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەيدىلەركىم: «سەن كىرگىل! » ئول ھەم كىردى. ئاندىن ھەزرەتى ئەلى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ۋەفاتلەرىدە كىيىكلىك كۆئلەكلەرىنىڭ تاشىدىن غۇسل قىلدىلەر. فەزلى ۋە قەيشەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يۆلەپ، ئوڭ - سول ئۆيرۈپ بەردىلەر. شوقرا ۋە ئوسامە سۇ كەلتۈرۈپ قۇيۇپ بەردىلەر. ھەزرەتى ئەباس ۋە ئوۋەيس قارالاپ تۇردىلەر. غۇسل تەمام بولدى ئەرسە، ئۈچ كەفەنگە يۆرگەدىلەركىم، ئىككىسى ئاق، بىرى بۇردى يەمەنى، ھەمەسى تىكىكسىز ئەردى. ئاندىن،

ئۇل نەرسەئىكىم خۇشبۇيكىم ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ سۇننەتلەرى ئەردى، ئانىڭ بىرلە خۇشبۇي قىلدىلەر. بەس، قەبرلەرى جايىدا كىچىش قىلدىلەركىم، بەئزەلەر مەسجىدده قويغايمىز دىدىلەر ۋە بەئزەلەر گۆرىستانى بىقەئدە دىدىلەر. ئەمىرۇل مۆئمىنىن ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئىشىتىپ ئەردىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل - لەم ئەيدىلەر: «ھەر پەيغەمبەرنىڭ قەبرلەرى ۋەفات بولغان يېرىدۇر.» بەس، ئەبۇ تۇلەھە ئاتلىغ بىر گوركەن بارئەردى، ئانى كەلتۇرۇپ، ھەزرەتى ئايشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھوجرەلەرىكىم مەسجىدنىڭ يانىدا ئەردى، ئۇل ھوجرەدە ياتغان يەرلەرىدە لەھەد قىلدىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنى قەبرلەبىدە قويدىلەر. ئاندىن، تايىفە - تايىفە كىرىپ، نەماز ئۆتەدىلەر. ئاندىن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مىيىتلەرىگە ھىچ كىمنى ئىمام قىلمادىلەر. ئاندىن، مەزلۇملار ۋە نارەسىدەلەر نەماز ئۆتەدىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ سالىپ ياتغان قۇتنە تۆشەكلەرى بارئەردى، ئانى لەھەدلەرىغە سالىپ، ھەزرەتى ئەلى، فەزلى ۋە قەيشەم بىننى ئەبباس، شوقران لەھەددە قويدىلەر؛ ھەزرەتى ئەلى ھەمەدىن كېيىن چىقتىلەر. ئاندىن دەفن قىلدىلەر. ئەمامى سەھابەلەر جەمئ ئەردىلەر. مۇغەير بىننى شەئەبە ئەيدىلەر: «ھەزرەتى پەيعەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ جەماللەرىنى مەندىن كېيىن كۆرگەن كىشى يوقدۇر. چۈنكى لەھەددە قويۇپ، يۈز - كۆزۈمنى سۈرتۈپ، يۈز - كۆزۈمنى قويۇپ چىقىپ ئەردىم، ئانى ئالىپ چىقارماق بەھانەسىدە، كېيىن كىرىپ، مۇبارەك جەماللەرىغە مۇشەررەف بولدۇم.» ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «مۇغەيرە يالغان ئەيتۇرلەركىم ئۇل لەھەددە قويماغان ئەردىلەر.»

رىۋايەت مۇختەلىفدۇركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قانچە ئۆمۈر كۆردىلەر؟ بەئزەلەر يۈز يىل دەپدۇرلەر. تائىفە ھەرنېچۈك دەپدۇر. ۋە بەئزەلەر ئاتمىش ئۈچ يىل دەپدۇر. چۈنكى قىرىق ياشلەرىدە ۋەھى كەلدى؛ ئون ئۈچ يىل مەككەدە دەئۋەت قىلدىلەر، ئون يىل مەدىنەدە بولدىلەر. ھەمە مۇتتەفىقەدۇرلەركىم، دۇشەنبە كۈنى ۋۇجۇدلەرىغە كەلدىلەر، دۇشەنبە كۈنى ھىجرەت قىلدىلەر، دۇشەنبە كۈنى ۋەفات قىلدىلەر.

# قىسسەئى غەزۋەئى ئۇسامە بىننى زەيد

بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىلافەتكە ئولتۇردىلەر. سەئد بىننى ئۇبادە بەيئەت قىلماغان ئەردى. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «سەئدنىڭ ھىچ ئۆزرىنى قەبۇل قىلماغىل، تاكى بەيئەت قىلغاي.» ھەزرەتى ئەبۇ بەركرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئد بىننى ئۇبادەنى بەيئەت قىل دىدىلەر. بىنسيار جىدەل، گۇفت گويدىن كىيىن بەيئەت قىلدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «بۇ بەيئەت ساڭا ناخۇش كەلدى، كەراھەت بىرلە بەيئەت قىلدىڭ. ئەگەر بۇ بەيئەتدىن يانساڭ باشىڭنى كەسمەكىم لازىمدۇر.» گۇرۇھى ئەيتىپدۇر: سەئد بىننى ئۇبادە بەيئەت قىلماي ئۆلدى.

ئول ھۆكمىكى ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن جارى بولدى، ئول ئەردىكىم، خىلافەتدىن ئۇچۇنچى كۇنى مۇنادى قىلدۇردىلەردىكىم، ئۇسامە بىرلە غەزاتغە بارغايلەر. ئانداغكى، رەسۇلى خۇدا ئەمر قىلىپدۇرلەر ئەيدىلەر: «كىبسەللەرى مەنىڭ بولۇپ قالىپ ئەردى. ئول ئەمرىنى بىجا كەلتۇرگەيسىزلەر! بەھانە ۋە كاھىللىق قىلماغايسىزلەر! لەشكەر راست قىلىپ بارغايسىزلەر!» خەلق ئەيدى: «ئەرەبىنىڭ ئەكسەرى تولەيھە ۋە مەسلەمەگە ئىمان كەلتۇرۇپ، مۇرتەد بولغاندۇرلەر. بىز شامغە بارساق، مەدىنەدە مۇسۇلمانلار ئاز قالغايلەر. دۇشمەن قەسد قىلسە، لەشكەر بولماي، مۇندا قالغان ئەھلى ئەيال نىچۇك بولۇر!» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا بىزنى دۇشمەندىن ساقلار! مەن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئەمرلەرىنى بىجا كەلتۇرۇرمەن، ھەرگىز تەجاۋۇز قىلماسمەن.» بەس، خەلق ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ قاشلەرىغە بارىپ، ئەيدىلەر: «سەن بارىپ، بۇ سەفەردىن مەنىڭ قىل. ئەگەر مەئقۇل بولسە، بىزگە يەنە بىر كىشىنى ئەمىر قىلسۇنلەركىم، قۇرەيش ئەشرافلەرى، مۇھاجىر - ئەنسار ئەخيارلەرى ئۇسامە ئازادكەردە ئەلەمى ئاستىدا بارماق ئاردۇر.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر بارىپ ئەيدىلەرئەرسە، ئەيدىلەر: «بارماي چارە يوقدۇر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەمىر قىلغانلەر ھەمەسى

باردۇر. ئەگەر مەدىنەدە يالغۇز قالسام ماڭا رەۋادۇر.» يەنە ئەيدىلەر: «ئەگەر ئانداغ بولسە، ئۇسامەدىن بۆلەك كىشى ئەمىر بولغاي ئەردى دەيدۇرلەر.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسسىددىق ئەيدىلەر: «يا ئۆمەر، سەن دىۋانە بولۇپدۇرسەنمۇكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئەمرلەرىدىن تەجاۋۇز قىلۇرسەنمۇ؟!» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر خەلقغە ئەيدىلەر: «بۇ تەرىقە بىرلە بارماي چارە يوقدۇر.»

بەس، ھەمە خەلق جابدۇنۇپ راست بولدىلەر. لەشكەر يۈرۈر كۈنى ئۇسامە ئاتلانىپ، لەشكەر بىرلە ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەبۇ بەكرىسسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىشىكلەرىگە كەلدىلەر ئەرسە، ئۇلەر چىقىپ پىيادە يۈردىلەر. ئابدۇللاھ ئەۋف ئات كەلتۈردى. ھەمە ئەيدىلەر: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن! ئاتغە مىنسۇنلەر!» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسسىددىق ئەيدىلەر: «قويۇڭلاركىم پىيادە بارغايمەن، خۇداي تەئالانىڭ يولىدا ئاياغىمغە توغ قوندۇرغايمەن. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن ئىشتىپ ئەردىم، ھەركىمنىڭ ئاياغى غەزات يولىدا غۇبارى ئالۇدە بولسە، ئاللاھ تەئالا دەۋزەخ ئوتىنى ھەرام قىلۇر!» بەس، مۇھاجىر، ئەنسار ۋە بىسيار سەھابىھان كىبارلار بىرلە پىيادە باردىلەر. ئۇسامە لەشكەر بىرلە سۇۋارە يۈردىلەر. بىرئاۋازلىق يەرگە بارىپ، ۋىداﺋ قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەۋۋەل نەسىھەتىم سىزلەرگە ئولدۇركىم ئۇسامە سىزلەرگە ئەمىردۇر، ئانىڭ فەرمانىدىن چىقماڭلار ۋە يەنە غەنىمەتكە خىيانەت قىلماڭلار! ئەگەر زەفەر تاپساڭلار مەزلۇم ۋە نارەسىدەلەرنى ئۆلتۈرمەگەيسىزلەر! نەۋرەس - ياش دەرەختلەرنى كەسمەگەيسىزلەر؛ چەھار پايلارنى بىئۆزرە ئۆلتۈرمەگەيسىزلەر! شامدا تەرسالاردىن زاھىد، سەۋمەئەنشىنلار باردۇركىم خەلقدىن ئۈزۈلۈپ ئىبادەتكە مەشغۇلدۇرلەر؛ ئۇلار ھەرب - زەرب جەڭ قىلماسلەر، ئۇلارنى ئۆلتۈرمەگەيسىزلەر!» بەس، بۇ ۋەسىيەتلەرنى تەمام قىلدىلەر ئەرسە، ئۇسامە ئەيدىلەر: «ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمراھ بولسەلەر ياخشى ئەردى.» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسسىددىق بۇيرۇدىلەر ئەرسە، ھەمراھ بولدىلەر. يەنە ئەيدىلەر: «ئەۋۋەل بەنى خۇزاغە شەھەرىگە بارغىلكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئەمرلەرى ئانداغ ئەردى.»

بەس، ئۇسامە بەنى خۇزاغە شەھەرىگە بارىپ، ئەۋۋەل ئانى غارەت

قىلدىلەر. ئاندىن ئەتراپ ـ جەۋانىبداقى مۇرتەدلەرغە كىشى ئەۋەتىپ ئۆلتۈردىلەر. ئاندىن، روم ھەددىگە باردىلەركىم ئاتالەرى ئاندا ئۆلتۈرۈلگەن ئەردىلەر؛ ئاندا فەتھ ـ نۇسرەت تاپىپ، بىسيار ئەسىرلەر، مال ـ غەنىمەتلەر ئالىپ، يىگىرمە تۆرتىنچى كۈنى مەدىنەگە يانىپ كەلدىلەر. مۇسۇلمانلار شاد بولۇپ، ياخشى فال ئالدىلەر وباللەالعصمەوالتوفيق.

## قىسسەئى
## ئەسۋەد كەززاب

بۇ قىسسە ئىجمالەن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ۋەفاتلەرى ۋاقىئەسىدە ئەيتىلىپ ئەردى.

قىسسەئى ئانداغ ئەردىكىم، ئەسۋەد كەززاپ يەمەندىن خۇرۇج قىلىپ ئەردى. يەمەن پادىشاھى بازان مۇسۇلمان ئەردى؛ ئۆلۈپ شۇھەرەگە ئىككى ـ ئۈچ شەھەرنى بەرگەن ئەردىلەر. ئۆزگە شەھەرلەرگە، ھەركىشىگە ئىككى ـ ئۈچ شەھەر بېرىپ، تا توققۇز كىشىنى ھاكىم قىلىپ ئەردىلەر. بۇ توققۇز كىشى ئەدەندىن تا خەزەرمەۋتغىچە ھاكىم ئەردىلەر. شۇھەرە بىننى بازاننى بۇ شەھەرلەرنىڭ ئوتراسىدا قويغان ئەردىلەر. مۇئاز بىننى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەمەسىگە ھاكىم قىلىپ، زاكات ـ سەدەقاتنى ئالىپ، بۇلارغە دىنى شەرىئەتنى ئۆرگەتىپ، ئەمەلدارلارغە خەبەردار بولماق ئۈچۈن قويغان ئەردىلەر. بەس، ئەسۋەدنىڭ خەبەرى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە يەتتى ئەرسە، ئول ئەمىرگە نامە ئىبەردىلەر. شۇھەرە بىننى بازانغە سىپەھسالار قىلىپ، نامە ئىبەردىلەركىم، ئەسۋەد بىرلە جەڭ قىلغايسەن، ھەر يەردەكى ئانىڭ تابىئىدە باردۇر ئۆلتۈرگەيسەن. بەس، شۇھەرە لەشكەر جەمئ قىلىپ، ئەسۋەدنىڭ ئۆزەسىگە باردىلەر. ئەسۋەدنىڭ پىيادەدىن بۆلەك يەتتە يۈزلەشكەرى بارئەردى. بەس، جەڭ قىلدىلەر ئەرسە، ئەسۋەد شۇھەرەنى شەھىد قىلدى، شەھەرى سەنئاغە كەلدى. شۇھەرەنىڭ شەھەرلەرنى تەسەررۇف قىلدى ئەرسە، ئۆزگە شەھەرلەرنىڭ ئۈمەرالەرى پىنھان بولدىلەر. مۇئاز بىننى جەبەل ھەم ياشۇندىلەر. ئۈمەرالەردىن

ئىككىسى ھاكىم ئەردى: خالىد بىننى يەزىدۇل ئاس ۋە ئۆمەر بىننى جەرم ئەردىلەر. مەدىنەگە كەلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم كېسەل ئەردىلەر. بۇ خەبەردىن بىسيار غەمكىن بولدىلەر، ئەسۋەدگە لەئنەت ئوقۇپ ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا ئانى پات يېقىندا ھىلاك قىلغاي.» ئاندىن، ئۇمەرالارغە نامە ئىبەردىلەركىم، مۇسۇلمانلار يىغىلىپ، بىرئىلاج قىلىپ، ئەسۋەدنى ئۆلتۈرگەيسىزلەر. بەس، ئەسۋەد تەمامى خەلايىق سەرھەدىنى ئالدىلەر ئەرسە ئۇلغايدى؛ شۇھەرەنىڭ كۆجىنى ئالدىكىم، ئول مۇسۇلمان ئەردى. ئانىڭدىن قورقۇپ فەرمان تۇتار ئەردىلەر. مۇئاز بىننى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇمەرالەرىغە ئەيدىلەر: «ئاناڭ بىرلە جەڭ قىلالماسىز. كېرەككىم ھىيلە بىرلە ئۆلتۈرگەيمىز.» بەس، ئەسۋەد مەئد كەرىبغە بەنى زەيد، بەنى مۇدەھھەجنىڭ ھاكىملىقىنى بېرىپ، ئۆز قەبىلەسىغە ياندۇرۇپ ئەردى. قەيس بىننى ئابدۇلغەۋس ئاتلىغ بىر ئادەمنى سىپەھسالار قىلىپ ئەردى. شۇ-ھەرەنىڭ ئىككى تۇغقان بىرادەرى بار ئەردى، بىرى ھىردەر، يەنە بىرى راۋەدىيە. ئەسۋەد بۇ ئىككىسىگە ئەجەمنىڭ پادىشاھلىقىنى بېرىپ ئەردى.

بەس، قەيس، پەرۋىز، ئەدۋىيە ئۇچۇلەن ئەسۋەددىن بىزار ئەردىلەر. بەس، بۇلارغە ئەيدىلەر: «سىزلەر خۇدا ۋە رەسۇلنىڭ ئەمرىنى بىجا كەلتۈرۈڭلار، بۇ خىزمەت بىرلە بىھىشت جاۋىدانىغە يېتىڭلار!» بۇ تەرىقە ياخشى نەسىھەتلەر قىلدىلەرئەرسە، بۇلار ئەيدىلەر: «بىزھەم بىزاردۇرمىزكىم، بىلۇرمىزكىم ئەسۋەد يالغانچىدۇر؛ پەيغەمبەرى بەرھەق ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا سەل-ئەل-لەمدۇرلەر. لېكىن ئاڭا قۇدرەت تاپماسمىزكىم لەشكەرى بىسيار، سىلاھ-ياراغ بىزدە يوقدۇر. تەمامى تەسەررۇف ۋە قۇدرەت ئانىڭدادۇر.» پەرۋىز ئەيدى: «مەن بىر تەدبىر قىلاي، مىكرىبىرلە ھىلاك قىلۇرمەن.» بەس، بۇ سۆز بىرلە تارقادىلەر ئەرسە، پەرۋىز شۇھەرەنىڭ كۆجى قاشىغە باردى، ئەيدى: «بىلۇرسەنكىم، بۇ ئەسۋەدكىم كۈيۈگۈڭ شۇھەرەنى ئۆلتۈردى؛ بىزنىڭ قاياش-قەبىلەمىزنى پەراكەندە قىلدى؛ ئەھلى ئەيالىمىزغە زۇلۇم-سىتەم قىلۇر. مەن سېنىڭ قاشىڭغە كېلىپدۇرمەن، تاكىم ماڭا ياۋەر بولساڭ ئەسۋەدنى ئۆلتۈرسەك، ئەگەر ياۋەر بولماساڭ ھەم بارى بۇئەسرارنى فاش قىلماساڭ.» ئول مەزلۇم ئەيدى: «مەن ھەم ھەربار قەسد قىلۇر ئەردىم. بىلۇرمەنكىم، ئەسۋەد

كافىردۇر، نەماز ئۆتەمەس، خــــيانەت ۋە ھەرامدىن ياناماس، خۇدادىن قورقماس. مەن ئانى بىسيار دۈشمەن تۇتادۇرمەن.» پەرۋىز ئەيدى: «تەدبىر نەدۇر؟» ئول مەزلۇم ئەيدى: «بۇ سارايدا مەھەل تاپىلماس. مەن ئانى تاڭلا فالان ئۆيدە ئۆيقۇلاتۇرمەن. خەلقنى ئۆيدىن يىراق قىلۇرمەن. ئارقە تەرەفىدە خالىدۇركىم تامىنى تېشىپ كىرگەيسەن، ئاندا ئۆلتۈرگەيمىز.» بەس، پەرۋىز دۇئالار قىلدى. يانىپ چىقىپ، ھەمراھلارىنى ئاگاھ قىلدىلەر. ئۇلار ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇمەرالەرىگە بۇ خەبەرنى قىــــلدىلەر. بۇ ئەسنادا ئۇمەرالاردىن بىرىكىم ئامىر بىننى شۇھەرە ھەمەدان بىسيار لەشكەر جەمئ قىلدى. مۇئاز بىننى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە نامە ئىبەردىلەركىم: سىزلەر ئاندا پىنھاندۇرسىزلەر. مەن مۇندا لەشكەر جەمئ قىلىپدۇرمەنكىم، شايەد ئەسۋەدنى ھىلاك قىلغايمىز.

بۇ خەبەرنى ئەسۋەد ئىشىتىپ ئەردىكىم، قەيسغە خەبەر قىلدى: بىسيار لەشكەر يىغىپ ئۇلارنىڭ ئۆزەسىگە بارغىل. بەس، ئول كېچە ئەسۋەد ئۆيىدە ياتتى ئەرسە، ئول مەزلۇم مۇنتەزىر ئولتۇرۇر ئەردى. بۇلار ئۇچۇلەن كەلدىلەر، ئۆيىنىڭ ئارقەسىدىن نەقبە قىلىپ تۇردىلەر. پەرۋىز ئەيدى: «مەن كىرىپ كۆرەيكىم، نە ھالدادۇر، ئەسۋەدنىڭ ئوغلى قاياندۇر؟ ئاندىن، شەمشەر ئالىپ كىرىپ ئۆلتۈرگەيمىز.» بەس، ئەسۋەد مەست ئەردى. بۇلەر شەرفەسىنى ئىشىتىپ قوپۇپ ئولتۇرۇپ ئەردى. پەرۋىز كىردى ئەرسە، ئەسۋەدنى كۆرۈپ، ئىزتىراب بىرلە بارىپ، يۈزچە يىقىتىپ، ئىككــــى دالوسىنىڭ ئاراسىغە باسىپ، باشىنى قايىردى ئەرسە بوينى سىندى، ئۆلدى گۇمان قىلىپ، چىقىپ ئەيدى: «ئەسۋەدنــــى ئۆلتۈردۇم!» ھەمراھلەرى ئەيدىلەر: «بۇ ئىش تەمام بولماپدۇر، كىرىپ باشىنى ئالىپ چىقغىل.» بەس، پەرۋىز يەنەكىردى، ئەسۋەد تىرىك ئەردى، باشىنى كەسكەلى تۇردى ئەرسە، ئۆيدە ئايغ مەسەللىك قىچقىردىكىم، ئىشىكدەكى پاسىبانلار ئىشـــك قاقتىلەر: «بۇ نە ئاۋازدۇر؟!» ئول مەزلۇم ئەيدى: «پەيغەمبەر خۇدانىڭ ۋەھى ئاغىرلىقىدىن نالە قىلۇر.» بەس، پاسىبانلار خامۇش بولدىلەر. ئول پەرۋىز ئول مەلئۇننىڭ باشىنى كېسىپ، ئول مەزلۇم بىرلە شىكافدىن چىقىپ، مۇئاز جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر. مۇئاز بىننى جەبەل ئەيدىلەركىم: «ئەمدى پىنھان بولماسمىز.»

بەس، ئەرتە سۈبھ ۋەقتى بولدى ئەرسە، مەسجىدنىڭ ئىشىكىگە باردىلەر. قەيس ئازان ئوقۇدى ئەرسە، خەلق بىخەبەر ئەردى. ئەسۋەدنىڭ تابىئىي مەسجىدكە يىغىلدىلەر. ھەزرەتى مۇئاز ئەيدىلەر: «بەلەند ئاۋاز بىرلە: ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدەن رەسۇلىللاھ دىگىل!» بەس، لەشكەرى ئەسۋەد مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە قەسد قىلدىلەرئەرسە، پەرۋىز ئەسۋەدنىڭ باشىنى تاشلادىلەر. بەس، ئەسۋەدنىڭ باشىنى كۆرۈپ پەراكەندە بولدىلەر. مۇئاز بىننى قەبەل ئول كۈنى نەماز بامداد ئۆتەدىلەر. تەمامى ئومەرا ۋە مۇسۇلمانلار يىغىلىپ ئەيدىلەر. ئامىر بىننى شۇھەرە لەشكەرى بىرلە يېتىپ كەلدى. يەمەندە ئىسلام ئاشكارە بولدى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە خۇشخەبەر ئەيغالى كىشى ئىبەردىلەر.

ئەيتىپدۇرلەركىم، ئەسۋەد خۇرۇج قىلىپ، تا ئۆلگۈنچە ئۈچ ئاي ئۆتتى ۋە ئەسۋەدنىڭ ئۆلگەن خەبەرى يېتىپ، ئون كۈندىن كېيىن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋەفات بولدىلەر. گۇرۇھى ئەيتىپدۇرلەر: ئەسۋەدنىڭ ئۆلگەن خەبەرى ۋەفاتدىن كېيىن، ئوسامە بىننى زەيد غەزاتدىن يانىپ كەلگەن ۋەقتدە مەدىنەگە يەتتى. بەس، ھەمە خەلق، يەمەننىڭ ئومەرالەرى مۇئاز بىننى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆزلەرىگە سەردار قىلىپ، ھەرقايسىلەرى ئۆزئورۇنلارىدا بولدىلەر. ئول فەتھ نۇسرەتكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن مۇسۇلمانلارغە بولدى ئول ئەردى.

ۋە يەنە بۇ يىل ماھى رەمەزاندا فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋەفات بولدىلەر. ئەسما بىنتە ئومەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا غۇسل قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەلى، ھەزرەتى ئەبباس، ھەزرەتى فەزلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىن مەسجىددە قويدىلەر. بىركىم ئوتتۇز ياشدا ئەردىلەر.

## ۋاقىئەئى ئەھلى مۇرتەد

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، تۇلەيھە بەنى ئەسەد خۇرۇج قىلدى ئەرسە، ئەرەب قەبىلەلەرىدىن بىسيار خەلق ئاڭا تابىئ بولدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەر قەبىلەغە ئەلچى ئىبەردىلەركىم، تۇلەيھە بىرلە جەڭ قىلغايلەر. بەس، ئەلچىلەر باردى ئەرسە، رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ۋەفات

بولدىلەر. ئۇلار ۋەفات خەبەرىنى ئىشىتىپ، مۇرتەد بولۇپ تۇرۇپ قالدىلەر. تۇلەيھە ئۇلاردىن نەماز، زەكاتنى كۆتەردى ئەرسە، ئۇلارغە خۇش كەلدى. بەس، تۇلەيھە ئۇلارغە ئەيدى: «ھەزرەتى مۇھەممەد ۋەفات بولۇپدۇرلەر، مەدىنەدە ئۇلەرنىڭ ئورۇنلەرىدە خەلىفەلەرى ئولتۇرۇپدۇرلەر. سىزلەر بارىپ ئەيتغايسىزلەركىم، ئەگەر بىزدىن زەكاتنى كۆتەرسەڭلار دىنىڭلارغە كىرەرمىز.» بەس، ئول ئەلچىلەر كېلىپ، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بۇ سۆزنى ئەيدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «مەن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل ـ ئەل ـ لەمنىڭ قىلغانلەرىدىن ھەرگىز كەم ـ زىيادە قىلماسمەن.»

ئۇسامە شامغە لەشكەر ئالىپ بارغان ۋەقت ئەردى، تا ئۇسامە كەلگۈچە سەبر قىلدىلەر ئەرسە، ھەرقەبىلەدىن ئەلچىلەر كەلدى، ھەمەسى ئەرز قىلدىكىم زەكاتنى كۆتەرگەي. قەبۇل قىلمادىلەر. بەس، ئەلچىلەر ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە كەلدىلەر: «سەن بارىپ مەئقۇل قىلغىل، تاكىم خەلق ھەمەسى دىنغە يانغايلەر، تۇلەيھە ھەم يوق بولغاي، ئاندىن كېيىن زەكات ئالغايلەر.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر كېلىپ ئەيدىلەر، ھەم باۋەر بولمادى. بەس، ئەيدىلەر: «ماڭا ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئانداغ ئەمر قىلىپ ئەردىلەر، مەن خەلق بىرلە جەڭ قىلغايمەن تاكى لائىلاھە ئىللەللاھ مۇھەممەدەن رەسۇلۇللاھ دېگەيلەر، دىنى شەرىئەتكە كىرگەيلەر. بەس، ئاندىن ئۆلتۇرمەك ـ تالاملىق ھەرامدۇر. زەكات دىنى شەرىئەتنىڭ بىر ھەققىدۇر، ئانى بەرمەسلەر ئۇلارنى ئۆلتۇرمەك ۋە تاراج قىلماق ھالالدۇر. يا ئۆمەر، قەسەم بىخۇداكى، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بۇيرۇغاندىن ئۆزگە قىلماسمەن. ئەگەر تىۋەنىڭ بۇيداسى چاغلىق نەرسە بەرمەسەلەر مەن ئۇلار بىرلە جەڭ قىلۇرمەن.» بەس، ئەلچىلەر نەچەند كۈن مەدىنەدە بولدىلەر ئەرسە، مۇنادى قىلدۇردىلەركىم: ھېچ كىمەرسە ئۆيىدە ئولتۇرماسۇن ۋە جەمائەت ـ يىغىندىن كېيىن قالماسۇن! قەسد قىلدىلەركىم، ئەلچىلەر كۆرۈپ، مەدىنەدە ئانچە كىشى يوق دېمەسۇن تاكى ئەرەبلەر قەسد قىلغايلەر. بەس، ئەلچىلەر يانىپ باردى ئەرسە، بەنى ئەسەد ۋە غەتەفان، فەرارە، ھەۋازەن، سەقىف بۇ قەبىلەلەر ھەمە مۇرتەد بولۇپ تۇلەيھەگە يىغىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بەنى فەرارە ۋە غەتەفانغە قويغان زەكاتچى

نەۋفەل بىننى مەئۇبىيە ئەردى. بىرمۇنچە تىۋە، قوي زەكات ئالىپ جەمىئ قىلىپ ئەردىلەر؛ مەدىنەگە ئالىپ كېلۇر بولدىلەرئەرسە، خارجە بىننى ھەسىسىن يولدىن بۇلاپ ئالىپ، بەنى فەرارەگە بەردى. ئۇلار مەدىنەگە كەلدىلەر، ھەمە ئەرەب مۇرتەد بولدىلەر. مۇسۇلمانلار ئەيدىلەر: «ئەمىرۇل مۆئمىنىن ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەتا قىلدىلەر. ھەرقايسى ئەرەبنىڭ ئىلتىماسىنى قەبۇل قىلسەلەر، ئۇلار بىرلە مەدارا قىلسەلەر ياخشى ئەردى.»

بەس، ئەمىرۇل مۆئمىنىن ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ئەيدىلەر: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتىپ ئەردىلەر: مەندىن كېيىن شام، ئەجەم، مەشرىق زەمىنىغىچە فەتھ بولۇر، ئىسلام تا تۈركلەر ھەددىغە يېتەر؛ مەغرىب تەرەفىدىن تا بەۋت سەرھەدىغە يەتكەي، دەپ ئەردىلەر.» بەس، خەلقغە ئەيدىلەر: «ئەي مەدىنە خەلقى! سىزلەر ھەمىشە سىلاھ - ياراغ بىرلە ھازىر بولۇڭلار. مۇبادا كافىرلار شەبىخۇن قىلغايكىم ياۋۇق كېلىپدۇر.»

مەدىنەنىڭ ئۈچ دەرۋازەسى بار ئەردى. بىرىگە ھەزرەتى ئەلىنى، بىرىگە زەھەرە بىننى ئەۋامنى، يەنە بىرىگە تۇلەيھە بىننى ئابدۇللاھنى سىپاھ - لەشكەر بىرلە قويدىلەر. ئەيدىلەر: «كېچە - كۈندۈز مۇندىن تەبرەمەگەيسىزلەر.» بەس، بۇ تەرىقە مەدىنەنى مەھكەم تۇتتىلەر.

بەس، ئەرەبدىن ئىككى قەبىلەكىم بەنۇ ئەيس ۋە بەنۇ دەنياندىن ئازغىنە لەشكەر بىرلە مەدىنەنى چابغالى كۈندۈز كەلدىلەر. ھەزرەتى ئەلى دەرۋازەلەرىگە كەلدىلەر ئەرسە، جەڭ قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق خەبەر تاپىپ، لەشكەر ئىبەردىلەر. ئەرەبلەر پىيادە ئەردى. مۇسۇلمانلار تىۋەلەرنى ئالۇر دەپ قورقۇپ، ھەمەسى مەدىنەگە كەلدىلەر. ھېچكىم شەھىد بولمادىلەر، تىۋەلەرنى ھەم بەرمەدىلەر. ئەرەبلەر ئاندا تۇرۇپ، قەبىلەلەرگە كىشى ئىبەردىلەر. قەبىلەسى بىر فەرسەڭ يىراق ئەردىكىم، زۇلفەزلە ئاتارلەر. قەبىلەلەردىن بىسيار خەلق كەلدى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ئۇل كېچە تا ئەرتەغىچە لەشكەر تەرتىپ بېرىپ، مەيمۇنەگە نوئمان بىننى مۇقەررەننى قويدىلەر، مەيسەرەگە ئابدۇللاھنى بۇيرۇدىلەر. سۇبھ ۋەقتى ئەردى. يەكبارە چىقىپ كافىرلارغە شەمشەر ئۇرا باشلادىلەر؛ تا ئافتاب ئۆرلەگۈنچە بىسيار كافىرلارنى دەۋزەخقە ئىبەردىلەر. ئەرەبلەر يەكبارە قاچا

باشلادىلەر. مۇسۇلمانلار قوغلاپ، تا زۇلفەزلەگە يەتكۇرۇپ، بىسيار خەلقنى ئۆلتۇردىلەر. ئول كۇن ئاندا تۇردىلەر ئەرسە، ئەرەبلەر باياباناارغە تەفرەقە بولدىلەر. نوئمان بىننى مۇقەررەننى جەمىئ مۇبارىزلەر بىرلە ئاندا قويۇپ، كېچەسى مەدىنەگە ياندىلەر. ئاندىن كېيىن ئەرەبلەر زەئىف ۋە خار بولدى؛ مۇسۇلمانلار ئەزىز ۋە ئېئتىبار بولدىلەر. بەنۇ تەمىمدىن ئۈچ تايىفە ئەرەب زەكاتغە قايىل بولدىلەر. ئەۋۋەل گۇرۇھــــى زىبىر قان زەكات كەلدى؛ ئابدۇرەھمان بىننى ئەۋف ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە خەبەر بەردىلەر، ئەرتەسى گۇرۇھى ئەدى بىننى سەفۋان سەدەقاتى يەتتى؛ ئابدۇللاھ بىننى مەسئۇد بىشارەت بەردىلەر. ئاندىن سەفۋان بىننى سەفۋان زەكات ئېبەردى. سەئد بىننى ۋەققاس كەلتۇردىلەر: بۇ ئۈچلەرى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قويغان ئامىللار ئەردىلەر. ئەيدىلەر: ئەھلى مەدىنەگە بىسيار شادلىق بولدى.

ئاندىن ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامدىن غەنىمەت بىسيار، مال بېشۇمار بىرلە كەلدىلەر ئەرسە، مۇسۇلمانلار ئەركىلىك ۋە يۇرەكلىــك بولدىلەر، ھەزرەتى ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنەگە خەلىفە قىلىپ ئەردىلەر. شامغە بارغان لەشكەر بىرلە ئارام ئالىڭلار دەپ، ئۆزلەرى لەشكەر ئالىپ مەدىنەدىن چىقتىلەر ئەرسە، سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن! مەدىنەنى قويۇپ، ئۆزلەرى بارماسۇنلەر؛ بىزدىن ھەرقايسىمىزدىن ئىختىيار قىلسەلەر لەشكەر بىرلە بۇيرۇسۇنلەر!» قەبۇل قىلمادىلەر. ئەرتەسى زۇلفەزلەگە باردىلەر. قاچغان ئەرەبلەر زەيدە ئاتلىغ قۇدۇق لەبىدە يىغىلىپ ئەردىلەر. لەشكەر تەرتىپ بېرىپ، ئول ئەرەبلەرنى تاراج قىلدىلەر؛ قالغان ئەرەبلەر باياباناارغە تەفرىقە بولدىلەر. خۇتبە بىننى ئۇۋەيس شائىر مۇرتەد بولۇپ ئەردى، كافىرلار بىرلە جەڭگە كېلىپ ئەردى، ئانى ئەسىر قىلدىلەر. مەدىنە ئەترافىدىن تا ئون ئىككى كۇنلۇك يەرغىچە كافىرلاردىن پاك قىلدىلەر. بىرھەفتە ئاندا تۇرۇپ، فەتھ - نۇسرەت بىرلە مەدىنەگە ياندىلەر.

ئول ئەرەبلەركىم، تۇلەيھەگە يىغىلغان ئەردى. بەنى ئەسەد سەرھەدىدە سەمرا دىگەن يەردە لەشكەرگاھ قىلىپ ئەردى. قاچانكىم ئەرەبلەر تولا بولدى ئەرسە، ئاندىن مەدىنەگە ياۋۇقراق بارىپ تۇردى. ئەمما مەدىنەگە بارالماس

ئەردى.
بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنەگە ياندىلەرسە، لەشكەر تەرتىپ بېرىپ، ئون بىر ئەلەم راست قىلدىلەر. ھەرقايسىنى بىر سەردارغە بېرىپ، بىر قەبىلەگە بۇيرۇدىلەركىم، ھەرقەبىلەدە مۇرتەد بولسە، جەڭ قىلىپ ئۆلتۇرگەيلەر، يا ئىمان كەلتۇرگەي يا ئەسىر قىلغايلەر. ئەۋۋەل خالىد بىننى ۋەلىدنى بىر ئەلەم بېرىپ تۇلەيھەگە بۇيرۇدىلەر؛ ئەيدىلەر: «ئەگەر زەفەر تاپساڭ مالىك بىننى نۆۋەيرەگە بارغىل. يەنە بىر ئەلەمنى ئەكرەمەگە بېرىپ، يەمامەگە مۇسەيلەمەنىڭ فەتھىغە ئىبەردىلەر. ئۈچۈنچى مۇھاجىر بىننى ئومەييەگە بىر ئەلەم بېرىپ، يەمەنگە، مۇئاز بىننى جەبەل باشلىغ يەمەندىكى سەھابەلەرگە ياۋەر بولغالى ئىبەردىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەسۋەدنىڭ تابىئىنى تاپىپ ئۆلتۇرگەيسىزلەر.» تۆرتىنچى خالىد بىننى ئاسغە بىر ئەلەم بېرىپ، شامغە يۇرۇتتىلەر. بەشىنچى يەنە بىر سەھابەگە بىر ئەلەم بېرىپ، بەنى خۇزاغە ئەمىر قىلدىلەر. ئالتىنچى خۇزەيفە بىننى مۇھسىزغە بىر ئەلەم بېرىپ، ئەھلى زەبباغە رەۋان بولدىلەر. يەتتىنچى ئەرفەجە بىننى ھەرەشمەنى زەمىن شەھەرىگە تەئىن قىلدىلەر. سەككىزىنچى شۇرەھبىل بىننى ھەسەنەنى ئەكرەمەگە ياۋەر قىلىپ، مۇسەيلەمەگە فەرمان قىلدىلەر. توققۇزىنچى مۇقەررەب بىننى ھاجىزەگە بىر ئەلەم بېرىپ، بەنى سەلىمگە مۇقەررە قىلدىلەر. ئونۇنچى سۇۋەيد بىننى مىقرەننى ئەلەمدار قىلىپ، تەھامەگە تەئيىن قىلدىلەر. ئون بىرىنچى ئەلاھەزەر ھەييەنى سەردار قىلىپ، بەھرەينگە نامەزاد قىلدىلەر. ھەركىشىگە لەشكەر ۋە ئەلەم بېرىپ، ئاڭا ئەھدنامە پىتىپ، قىلۇر ئىشىنى ئول نامەگە سالىپ بەردىلەر. ھەر تەرەفكە لەشكەر ئىبەردىلەر، ئەۋۋەل ئول تايىفەگە ياخشى سۆزلەر بىرلە پەندۇ نەسىھەتلەر قىلىپ، نامە ئىبەردىلەر. بۇ ئون بىر تايىفە لەشكەر مۇھاجىر ۋە ئەنساردىن مۇسەللەھ ۋە مۇكەممەل سەككىز مىڭ ئەردىلەر. ھەرگىز ئىسلامدا مۇنداغ لەشكەر جەمئ بولغان ئەرمەس ئەردى. بۇ لەشكەر ئەتراف ۋە جەۋانىبداقى مۇرتەدلەرنىڭ ئۆزەسىگە رەۋان بولدىلەر. ئەمما قۇرەيش مۇرتەد ئەمەس ئەردى. ئۇلارغە ئىتاب بىننى ئەسەدنى ھاكىم قىلدىلەر. سەئىد بىننى ...رنى ئاڭا ياۋەر قوشتىلەر. بۇلار قۇرەيشدىن زەكات ئالىپ مەدىنەگە ...روز ئەردىلەر. بۇ سىپاھ ـ لەشكەرلەر بىر قەبىلەگە باردىلەر، ئەرەبلە

قاچىپ تۇلەيھەگە يېغىلدىلەر. ئاندا بىھېساب ۋە بىئەندازە لەشكەر جەمئ بولدىلەر. ھەرقايسى سەردارلار ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە نامە ئىبەردىلەركىم، تەمامى ئەرەبلەر قاچىپ، تۇلەيھە قاشىغە باردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر قايسىلەرىغە نامە قىلدىلەركىم: ھەربىرىڭلار ئۆز ئورنۇڭلاردا قەرار ئالىڭلار، ئەمما خالىد بىننى ۋەلىدنىڭ ھالىغە ئاگاھ بولۇڭلار، ھەرقايسىڭلارغە ياۋەر تىلەب نامە ئىبەرسە، فەرمان تۇتۇڭلار! ئاندىن، خالىد بىننى ۋەلىدغە نامە ئىبەردىلەركىم: سەن تۇلەيھە بىرلە جەڭ قىل، ھەرقاچان لەشكەر ھاجەت بولسە، ھەرتەرەفكە خاھلاساڭ نامە ئىبەرگىلكىم ساڭا فەرمانبەرداردۇرلەر، ياۋەر بولۇرلەر!

كەلتۈرۈپدۇرلەر: بەنى تەيدە ئىككى قەبىلە بار ئەردىكىم، خۇزەيلە ۋە غەۋس ئاتارئەردىلەر ۋە بۇلار كافىر. مۇسۇلمانلىق زەمانىدا ھاتەم تەيىنىڭ پەناھىدە ئەردىلەر؛ ھاتەمدىن كېيىن ئوغلى ئەدى بۇلارغە سەردار ئەردى؛ ئەدى مەدىنەدە ئەردى، بۇلار ھەم تۇلەيھە قاشىغە بارغان ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالىددىن ئىلگەرى بو ئىككى قەبىلەگە ئەلچى ئىبەرىپ ئەردىلەر. بۇلار ئەدىنىڭ سۆزىنى قەبۇل قىلىپ فەرمان تۇتتى. بەس، ئەدى خالىدنىڭ ئالدىلەرىغە كەلدى ۋە ئەيدى: «جەڭگە شىتاب ۋە ئىزتىراب قىلماغىل، بەنى تەي ئىسلامنى قەبۇل قىلۇر، سېنىڭ ئالدىڭغە كېلۇرلەر.» بەس، خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئول مەنزىلدە توختادىلەر. ئەرتەسى قەبىلەئى غەۋس بەش يۈزكىشى ئەردىلەر، ئۇلار كەلدى. ئاندىن ئەرتەسىگە قەبىلەئى خۇزەيلەدىن مىڭ كىشى كەلدى. بەس، ھەمە بەنى تەي مۇسۇلمان بولدىلەر. بەس، ھەزرەتى خالىد قۇۋۋەت تاپىپ ھەمەئى لەشكەرنى ئالىپ، تۇلەيھەگە يۈزلەندىلەر. بەنى فەرارەدىن ئىككى سەرداركىم ئونەينە بىننى ھىسسىن، يەنە بىرى قۇررە بىننى ھۇبەيرە جەمئ ئەرەبلە بىرلە تۇلەيھەگە قوشۇلدىلەر. تۇلەيھە ئول مەنزىلدىن كۆچۈپ، ھەزرەتى خالىدنىڭ ئالدىغە يۈزلەندى. تا ئانچە ياۋۇق يېتىشتىلەركىم ئارادا بىر فەرسەڭ قالدى. تۇلەيھە بىرادەرىنى سىپەھسالار قىلىپ ئەردى. ئول كېچە خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى ئەككاشەنى ۋە سابىت بىننى ئەقدامنى بۇيرۇدى. يورتاۋۇل چىقىپ ئاچىقارىپ ئەردىلەر، ئول تەرەپدىن مۇسەيلەمە ۋە تۇلەيھە چىقىپ

ئەردى، ئاشىر بىر - بىرلەرىگە يولۇقتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى سابىت مۇسەيلەمە بىرلە، ھەزرەتى ئەككاشە تۇلەيھە بىرلە جەڭگە يۈردىلەر ئەرسە، بۇلارنى ئۇل ئىككىسى شەھىد قىلدى. سۇبھ ۋەقتى ئەردى، تۇلەيھە لەشكەر تارتىپ كەلدى. ھەزرەتى خالىد كۆھى بەنى تەي ئالدىدا سەف راست قىلدىلەر. تۇلەيھە تەراقە ئاتلىغ سۇ لەبىدە سەف تۇزدى. ئۇنەينە بىننى ھىسىسىننى يەتتە يۈز كىشى بىرلە جەڭگە بۇيرۇدى. قۇررە بىننى ھۇنەيرەنى ھەمراھ قىلدى. ئۆزى بىرگىپلەمنى يۆرگەنىپ ياتتى ۋە ئەيدىكىم «سىزلەركىم جەڭ قىلىڭلار، مەن ئۈمىد تۇتارمەنكىم ھەزرەتى جەبرائىــل ئەلەيھ-س. فەرىشتەلەر بىــرلە سىزلەرگە نۇسرەت بەرگەيلەر، كېلۇرمەن، مۇندا تەۋەججۇھ قىلۇرمەن.»

بەس، ھەزرەتى خالىد مۇسۇلمانلار بىرلە جەڭ تۇردىلەر. ئۇل كۇن ئانچە قاتتىغ جەڭگە قىلدىلەركىم ئەرەبىستاندا ھىچ ۋەقتدە ئانداغ جەڭ بولماغاي ئەردى. بەس، تۇلەيھە ئاتىنى توقۇپ ۋە كۆجى نەۋازغە بىر تىۋەنى راست قىلىپ، خىيمەنىڭ ئىشىكىدە قويدى، تاكى شىكەست تاپسە، كۆجى بىرلە قاچغاي. بەس، ئۇنەينە، چاشت ۋەقت ئەردى، تۇلەيھە قاشىغە كەلدى، ئەيدى: «جەبرائىل كەلمەدى.» تۇلەيھە ئەيدى: «كېلۇر ۋەقتــى بولدى.» ئۇنەينە ئەيدى: «خالىدنىــڭ لەشكەرى بىــزگە غالــــب بولماسدا پاتراق چىرلاغىل!» بەس، يەنە جەڭگە يۈزلەندى، تا تۇش ۋەقتى ئەردى، يەنە كەلدى ئەيدى: «جەبرائىل كەلمەدى!» تۇلەيھە ئەيدى: «نە ۋاقىئەدۇر كەلمەدى.» يەنە جەڭگە يۈزلەندى. بەس، لەشكەرى ئىسلام غالىپ بولدى ئەرسە، ئۇنەينە ئۆز خەلقىغە ئەيدى: «تاكىم بۇ ئادەمنىڭ يالغان سۆزىگە فىرىفتە بولۇپ، جەبرائىل ئۈمىدى بىرلە جەڭ قىلۇرمىز» دەپ قاچىپ، ياندى ئەرسە، ھەمە ئەرەب ئانىڭ بىرلە قاچتىلەر. تۇلەيھە خىيمەسىغە يېتىپ ئەيدىلەر: «بىز كەتتۇك، ھەرنە سۆزۈڭ بولسە ئەيغىل!» تۇلەيھە ئەيدى: «قايان بارۇرسىزلەر؟» ئەيدىلەر: «بىزنىڭ مۇندىن زىيادە جەڭگە تاقەتىمىز يوقدۇر!» بەس، تۇلەيھە بىلدىكىم، لەشكەر شىكەست تاپىپ قاچىپدۇر؛ دەرھال ئاتىغە مىندى ۋە كۆجىنى تىۋەگە قويۇپ، شام تەرەفىگە يۈزلەندى. بىر شەھەرگە باردىكىم، ھىچكىم بۇنى تانۇماس ئەردى؛ ئاندا توختادى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنەينەنى قوغلاپ، تا نەمازدىگەرغىچە بىسيار ئەرەبلەرنى ئۆلتۇردىلەر. ئۇنەينەنى، قۇررە بىننى ھۇنەيرەنى ئەسىر قىلدىلەر. نەمازشام ئەردى، لەشكەرگاھــغە يانىــپ

كەلدىلەر. تۇلەيھە لەشكەرگاھىنى تاراج قىلدىلەر، تەمامى مال غەنىمەتنى لەشكەرگە تەقسىم قىلدىلەر. ئۇنەينە، قۇررەنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق ئۇلارغە ئىمان ئەرز قىلدىلەر. ئۇنەينە ئىمان كەلتۇردى. قۇررە ئەيدى: «مەن ئول ۋەقتدىن بارى مۇسۇلماندۇرمەنكىم، رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئۆمەر ئاسنى ئەلچى ئىبەردىلەرئەرسە، مەن ئانى ئۆيۈمگە تۈشۈرۈپ، ئىمان - ئىسلامنى ئاڭا ئەيتىپ ئەردىم.» بەس، بۇلارنىڭ گۇناھىنى كۆچۈرۈپ ئۆز قەبىلەسىغە ياندۇردىلەر. ئەمما خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئول تاغدا تۇردىلەرئەرسە، ئەرەبلە ئەتراف - جەۋانىبدىن كېلىپ، ئىمان تازە قىلۇر ئەردىلەر، تاكىم تەمامى مۇرتەدلەر ھەزرەتى خالىدغە بەيئەت قىلدىلەر. تۇلەيھە تەمامى ئەرەبلەر مۇسۇلمان بولغانىنى ئىشىتتى ئەرسە، بىر يىلدىن كېيىن مۇسۇلمان بولۇپ، قەبىلەئى بەنى كىلابغە كەلدى. ھەزرەتى ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانى چىرلادى، كەلمەدى، ئەمما مۇسۇلمان، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋەقتلەرىدە ئىمان كەلتۇرۇپ، تەمامى ئەھكام دىنى شەرىئەتنى ئۆرگەنىپ ئەردى. بەنى كىلابدا ئول تەرىقە بىرلە دىن ئىسلام ۋەرزىش قىلۇر ئەردى. بەس، ھەج ۋەقتى بولدى ئەرسە ھەجگە كەلدى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشىتىپ ئەيدىلەر: «ئەلھەمدۇلىللاھكى، ھەق تەئالا ئاڭا دىنى ئىسلام كەرامەت قىلىپدۇر.» بەس، تۇلەيھە كاھىن ئەردى، تەۋاف قىلىـــــپ، كاھىنلىقغە تەۋبە قىلىپ، مەككەدە ئۆلدى. تاكى ھەزرەتى ئۆمەر خەلىفە بولدىلەر ئەرسە، ئۇلەرغە بەيئەت قىلدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «يا تۇلەيھە، ئەنساردا ئەككاشە ۋە سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن فازىلراق كىشى يوق ئەردى، ئۇلارنى ئۆلتۈردۈڭ.» تولەيھە ئەيدى: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن! خۇداۋەند ئالەم ئىرادەسىدە، ئۇلارنىڭ شەھادەتى مېنىڭ قولۇمدا ئىكەن. مەن ئول گۇناھـــــمدىـــن قورقۇپ، بىـــــسيار پۇشەيماندۇرمەن.» ئاندىن كېيىن، ئۆز قەبىلەسىكىم بەنى ئەسەد ئەردى، ئاندا بارىــپ ئۆلدى.

# ئەلقىسسە
# تۇلەيھەدىن قالغان مۇرتەدلەرنىڭ ۋاقىئەسى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆھى بەنى تەيدە تۇردىلەر ئەرسە، ئەرەبنىڭ قەبىلەلەرىدىن قەبىلەئى ھەۋاز بەنى سەلىم، بەنى ئامىردىن بىر تايىفە ئەرەبلەر مۇسۇلمان بولماي فەراكەندە بولدى؛ ھەريەردە مۇرتەدلەردىن خەبەر تاپسەلەر كەلتۈرۈپ ئىمانغە تەكلىف قىلىپ، قەبۇل قىلماسا ئۆلتۈرۈر ئەردىلەر. بەنى كىلابدا، بەنى ئامىردىن ئەلقەمە ئاتلىغ بىر مۇرتەد بار ئەردى، تۇلەيھە قاشىدا تۇرماي شامغە بارىپ، تۇلەيھە شىكەست تاپغاندىن كېيىن، ئۆز قەبىلەسىغە كېلىپ، مۇرتەدلىكىنى پىنھان تۇتار ئەردى. بەنى كىلاب مەدىنەگە ياۋۇق ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەلقەمەدىن خەبەر تاپىپ، قەقغاغ ئاتلىغ بىر كىشىنى بۇيرۇدىلەرئەرسە، ئول بارىپ، ئەلقەمەنى تاپىپ، ئامىر خەلقى بىرلە ئالىپ كەلدى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلەرغە غەزەب قىلدىلەر ئەرسە، ئەيدى: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن، ئەگەر ئەلقەمە مۇرتەد بولسە، بارى بىز مۇسۇلماندۇرمىز، ئانىڭ بارىدىن بىخەبەردۇرمىزكىم، بىزدە گۇناھ نەدۇر.» بەنى ئامىر، ھەزرەتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنى ئەفۇ قىلدىلەر ئەرسە، ئۆز قەبىلەسىغە ياندۇردىلەر. ئەلقەمە مۇسۇلمان بولدى. بەنى ئامىر ھەزرەتى ئەبۇ بەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە بارماغان ئەردى. سەردارى قۇررە بىننى ھۇنەيرە ئەردى. يەنە بىر رىۋايەتدە كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى خالىد قۇررەنى ئەسىر قىلماغان ئەردىلەر. ۋەقتىكى، بەنى ئامىر ھەزرەتى خالىدنىڭ قاشلەرىغە كەلمەدى ئەرسە، بىلدىلەركىم مۇسۇلمان بولمايدۇر. بەس، لەشكەر ئىبەرىپ، قۇررە باشلىغ ئۇلارنى جەمئ ئەسىر قىلىپ كەلتۈردىلەر ئەرسە، ئۇلار ئەيدىلەر: «بىز مۇسۇلماندۇرمىز، ئەگەر مۇرتەد بولساق ھەم ئىسلامغە يانىپدۇرمىز.» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ئەگەر مۇسۇلمانسىزلەر تابۇ ۋەقتغىچە نىچۇكدىن

كەلمەدىڭلار؟» بەس، ئۇلاردىن ھەركىمكى مۇسۇلمانلاردىن كىشىنى ئۆلتۈرگەن بولسالەر ئانى ئۆلتۈردىلەر. ئەگەر مۇسۇلمانلارنى تالاپ - تاراج قىلغان بولسە، تۇتتۇرۇپ ئالدىلەر؛ بەئزەنى زىندانغە سالدىلەر؛ ۋە بەئزەنى رەھم قىلدىلەر؛ ۋە بەئزەنى تاغدىن تاشلادىلەر. قۇررەنى باغلاپ مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە نامە ئىبەردىلەركىم: بەنى ئامىرنى ئىسلامدا مەھكەم بولسۇن دەپ، بۇ تەرىقە غەزاتلەرقىلدىم. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەۋاب ئىبەردىلەركىم: «ھەق ۋە راست ئىش قىلىپسەن.» ئاندىن، قۇررە بىننى ھۇنەيرەنى مەدىنەدە ئۆلتۈردىلەر. نەئۇزۇبىللاھ.

## قىسسەئى
## سەلما بىنتەمالىك

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، بەنى غەتەفاندىن سەلما ئاتلىغ بىر مەزلۇم بارئەردىكىم، ئانى «ئۇممۇ ئەزمەل» ئاتار ئەردىلەر. ئاتاسى مالىك بىننى خۇزەيفە ئەردى. بەنى غەتەفاندا ئانىڭدىن ئۇلۇغ ۋە دەۋلەتمەند يوق ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئانى ئەسىر قىلىپ، ھەزرەتى ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغە بىرىپ ئەردىلەر، ئۇلەر ئازاد قويغان ئەردىلەر؛ ئول مۇسۇلمان بولۇپ ئەردى. بىركۈنى سەلما جەمئى خاتۇنلار بىرلە ھەزرەتى ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا قاشلەرىدە ئەردى. رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم كىرىپ ئەيدىلەر: «بۇ مەزلۇملەردىن بىرى خۇدا ۋە رەسۇلغە ئاسى بولۇركىم، ئانىڭدىن جەڭ فىتنەسى قوزغالۇر.» ئول سەلمادۇر.

بەس، سەلما نەچەند مۇددەتدىن كىيىن، ھەزرەتى ئايىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رۇخسەت ئالىپ، ئۆز قەبىلەسىغە يانىپ ئەردى. ئاتاسى ئۆلۈپ، ھەكىمە ئاتلىغ بىر بىرادەرى بار ئەردىكىم، ئونەينە بىننى ھىسىن بىرلە مەدىنەگە بارىپ، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ تىۋەلەرىنى ئوغۇرلاپ قاچقاندا، سولەيمە بىننى رەكۇئ قوغلاپ كېلىپ، ھەكىمەنى ئۆلتۈرۈپ ئەردى. بەس، بۇ سەلما بەنى غەتەفاندا ئەردى، ئەھلى غەتەفان ئانى بىسيار

ئۆلۈغ بىلۈر ئەردىلەر. قاچانكىم تولەيھە خۇرۇج قىلىپ، ھەمە ئەرەب مۇرتەد بولدى ئەرسە، سەلما ھەم مۇرتەد بولدى. تولەيھە شىكەست تاپىپ، شامغە قاچغاندا، سەلما جەمىئ مۇرتەدلەر بىرلەن ھەرەب ئاتلىغ بىر كەنتكە قاچىپ باردى، ئاندا تۇردى ئەرسە، ھەر تەرەفدىن مۇرتەدلەر ئاندا يىغىلدى. سەلما ئەيتۇر ئەردى: «مەن بىرادەرىم ھەكىمەنىڭ خۇنىنى تەلەب قىلىپ، خالىد بىرلە جەڭ قىلۇرمەن.» ھەزرەتى خالىد بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، كۆزلەرىگە ئىلماي، ئۆزگە مۇرتەدلەرگە مەشغۇل ئەردىلەر. ئاخىر، سەلما ئۆلغايدى. ئەرەبدىن بىسيار مۇرتەدلەر ئاڭا يىغىلدى، ئانچە لەشكەر جەمىئ بولدىكىم، ھەزرەتى خالىد ئۆزلەرى بارماي چارە بولمادى. ئاخىر، ئۆزلەرى لەشكەر ئالىپ باردىلەر. سەلما ھەم لەشكەر تارتىپ چىقتى، ئۆزى تىۋەلەرگە ئەمارىي باغلاپ ئولتۇردى؛ ئەترافىدا جەمىئ خەلقنى تۇرغۇزدى. ئانچە قاتتىغ جەڭ قىلدىلەركىم، تولەيھە جەڭىدىن چەندان زىيادە ئەردى. ئاخىر، ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ئول تىۋەنى يىقتىپ، ئول مەزلۇمنى تۇتسە ئەردى، جەڭ پەست بولۇر ئەردى.» بەس، مۇنادى قىلدۇردىلەركىم: «ھەركىشى ئول تىۋەگە شەمشەر سالسا يۈزتىۋە بىرۇرمەن!» چەندان پەھلىۋانلار قەسدىدە بولدىلەر، ئول تىۋەگە ياۋۇق بارالمادىلەر. بەس، ھەزرەتى خالىد ئۆزلەرى ئات سالدىلەر؛ مۇرتەدلەردىن يۈز كىشىنى ئۆلتۇرۇپ، ئاخىر سەلمانىڭ تىۋەسىگە يىتىپ، شەمشەر سالدىلەر ئەرسە يىقىلدى؛ سەلمانى تۇتۇپ ئۆلتۇردىلەر. مۇرتەدلەر پەراكەندە بولدى. بۇ ۋاقىئەنى فەتھنامە قىلىپ، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئىبەردىلەر.

## يەنە ۋاقىئە

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، بەنى غەتەفاندىن ئەياس بىننى ئابدۇللاھ ئاتلىغ بىر ،وزد - قاراقچى بار ئەردىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ۋەقتىلەرىدە، بەنى سەلىم بىرلە مۇسۇلمان بولغان ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن بەنى سەلىم مۇرتەد بولدى ئەرسە، ئەياس ھەم مۇرتەد بولدى، ئانى فۇجئات ئاتار ئەردىلەر. قاچانكىم ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەتراف ئەرەبكە لەشكەر ئىبەردىلەر ئەرسە، بەنى سەلىمگە

مۇئەن بىننى ھاجەزەنى بۇيرۇدىلەر. مۇئەن بەنى سەلىمگە كەلگەندە، بەئزەسى مۇسۇلمان بولدى ۋە بەئزەسى فۇجئات بىرلە قاچىپ ئەردى. فۇجئات ھەريەردە بۆكۆپ يۇرۇر ئەردى. قاچانكىم ھەزرەتى خالىد تولەيھەنىڭ ئۆزەســـگە بارغاندا، مۇئەننى چىرلادىلەر ئەرسە، مۇئەن بىرادەرى تەرىقەنى بەنى سەلىمگە خەلىفە قىلىپ كەلگەن ئەردى. بەس، ئول فۇجئاتنىڭ بەنى سەدىددىن تەھىيە بىننى مەسنا ئاتلىغ بىر ھەمراھى بارئەردىكىم، ئول ھەم دوزد ئەردى. فۇجئات بىركۇنى تەھىيەگە ئەيدى: «بىلۇرمەنكىم بىزنى ئۆلتۇرۇرلەر. بارى، خالىدغە ۋە ئەبۇ بەكرسىددىقغە بىر ئىش قىلغايمىزكىم، ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە دەرد - ھەسرەت قالغاي.» بەس، بۇ ئىتتىفاق بىرلە مەدىنەگە ئىككۆلەن باردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئىمان ئىسلام ئىزھار قىلدىلەر؛ ئەيدىلەركىم: «بىز ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە ئىمان كەلتۇرۇپ ئەردۇك، ھالا ھەم سەلما ۋە تولەيھە جەڭىدە خالىد بىرلە ھەمراھ ئەردۇك. ھەريەردە ئەرەبلەردىن مۇرتەد بولسە، ئانى بىلۇرمىز ۋە تانۇرمىز. ئەمما ئانى تۇتالماسمىزكىم، بىزدە سىلاھ - ياراغ، تىۋە - ئۇلاغ يوقدۇر. بىزگە سىلاھ - ياراغ بەرسەڭ، بىز يۇرۇپ ھەريەردە، خالىد خەبەر تاپماغان مۇرتەدلەر بولسە تۇتساق؛ ئەگەر مۇسۇلمان بولماسا، ئانــى ئۆلتۇرسەك، تاكى گۇناھىمىزغە كەفارەت بولغاي.» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىسيار شاد بولۇپ، ئۇلارغە سىلاھ - ياراغ ۋە ئۆز خاھىشچە ئىنئام ئىھسان قىلدىلەر. بۇ ئىككۆ مەدىنەدىن چىقىپ، بادىيەگە باردى ئەرسە، يەنە ئۆز ئەفئالىغە تۇردى. ھەر قايداكى مۇرتەد بولسە ئۆزىگە يىغدى ۋە ئول مۇرتەدلەر بىرلە مۇسۇلمانلارنى تالان - تاراج قىلغالى تۇردى. ئۇچ ئاي بۇ تەرىقە ئۆتتى ئەرسە، بىسيار مۇرتەدلەر ئاڭا يىغىلدى؛ ئول قۇۋۋەت پەيدا قىلدى.

ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى خالىدغە فۇجئات ۋاقىئەسىنى بىر - بىر ئەيتىپ: «ئەگەر ھەر يەردە بولسە ئۆلتۇرگىل ۋە ئەگەر تىرىگ تۇتساڭ ماڭا تۇتۇپ ئىبەرگىل.» دەپ نامە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى خالىد مۇئەننىڭ بىرادەرى تەرىقەغە نامە ئىبەردىلەركىم. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامە ئىبەردىلەر. خالىد بارىپ فۇجئاتنى تاپتى، جەرزا دىگەن يەردە جەڭ قىلىپ، فۇجئاتنىڭ لەشكەرىگە شىكەست بېرىپ، تەھىيەنى

ئۆلتۇرۇپ، فۇجىئاتنى تۇتۇپ مەدىنەگە كەلتۇردى ئەرسە، ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گۆرىستان بوقەئدەكى نەمازگاھدا ئوتۇن يىغدۇرۇپ، ئۇلۇغ ئوت سالدۇرۇپ، فۇجىئاتنىڭ ئىلىك ـ ئاياغىنى باغلاپ، ئوتغە تاشلادىلەر.

## قىسسەئى
## شۇجائ سەئلەبى

مۇرتەدلەر ئىشى تەمام بولدى ئەرسە، ھەزرەتى خالىد مەدىنەگە يانماقغە رۇخسەت تىلەپ نامە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەۋاب ئىبەردىلەركىم: «شۇندا بولغىل؛ ھەرتەرەفكە بارماق ھاجەت بولسە، شۇندىن بارغىل.» بەس، ھەزرەتى خالىد كۆھى بەنى تەيدە بەرقەرار بولدىلەر ئەرسە، تەمامى ئەرەبلەردە ئىسلام ئاشكارا بولدى. مۇرتەدلەردىن ھىچ بىرى قالمادى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قويغان ئامىللارنىڭ ھەر قايسىنى ئۆز ئورنىغە بۇيرۇدىلەر. مالىك بىننى نوۋەيرەنى بەنى تەمىمغە، ئوغلى ۋەكىئنى بەنى بەربوغقە ياندۇردى.

ھەمە قەبىلەلەر ئاراسىدا ئەداۋەت بار ئەردى. ئەمما ھەزرەتى خالىددىن قورقۇپ، جەڭ قىلالماس ئەردىلەر. ھەززەتى خالىد تەمامى قەبىلەلەردىن باخەبەر ئەردىلەر. مەۋسىلدىن شۇجائ ئاتلىغ بىر مەزلۇم بەنى سەئلەبەگە كەلدى. ئاتاسى ھەرەس بىننى سەۋىد ئەردى. مەۋسىل، جەزىرە، شام سەرھەدىگە پادىشاھ باشلىغ ھەمە تەرسا ئەردى. بەنى سەئلەبە ھەم تەرسا ئەردى. شۇجائ ھەم تەرسا ئەردىكىم، بىسيار فەسىھ ۋە بەلىغ سۆزلۈك شائىر مەزلۇم ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم خەبەرلەرىنى ئىشىتكەن ئەردى. قاچانكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋەفاتلەرىنى، مۇسەيلەمە كەززاب ۋاقىئەسىنى ۋە ئەرەبلەر مۇرتەد بولغان خەبەرىنى ئىشىتىپ، پەيغەمبەرلىك دەئۋاسى قىلدى؛ ئەيدى: «مەن پەيغەمبەردۇرمەن، ماڭا ئاسماندىن ۋەھى كەلتۇرۇپدۇر» دەپ، خەلقنى فەسىھ ـ بەلىغ سۆزلەر بىرلە فىرىفتە قىلدى. بەنى سەئلەبە ئاڭا ئىمان كەلتۇردىلەر ئەرسە، مەۋسىل،

جەزىرە مۇبارىزلەردىن تۆرت يۈزلەشكەر ئالىپ، ھىجازغە كەلدى. سوردىكىم: «ئەرەبدىن قايىسى گۇرۇھلار تولاراقدۇرلەر؟» ئەيدىلەر: «بەنى ھەنىفە.» شۇجائ ئۇلارغە نامە ئىبەردى ۋە ئۆز دىنىغە تەكلىف قىلدى. ئول پەلىدنىڭ دىنى بەئزەن دىنى ئىسلامدىن ئەردى. ئانداغكىم، ھەزرەتى ئەيسانى روھۇللاھ ۋە بەندەئى خۇدا دەرئەردى؛ كېچە - كۇندۇزدە بەش ۋەقت نەماز ئۆتەر ئەردى ۋە ئەلگە بۇيرۇر ئەردى. ئەمما شەراب ئىچمەك، توڭگۇز يىمەك ھەلال دەرئەردى. بەس، تەرسالار كېلىپ، بەنى ھەنىفەگە بۇ دىنىنى ئەرز قىلدى، ئۇلار قەبۇل قىلدى. شۇجائىنىڭ خەلقى بەئزى بەنى سەئلەبەدىن، بەئزەسى بەنى ھۇزەيلدىن ئەردىكىم، بىر-بىرىگە ئەداۋەتلىك ئەردى. بەس، شۇجائ مالىك بىننى نوۋەيرەغە نامە ئىبەردىكىم: «مىنىڭ ھەم ئەسلىم بەنى يەربۇغدىندۇر. ئەگەر مىنىڭ دىنىمغە كىرسەڭ ۋە مىنىڭ شەرىئەتىمگە بۇيرۇساڭ تەمامى بەنى تەمىم ۋە بەنى يەربۇغ ساڭا ۋە ئوغلۇڭ رەكىئغە بولسۇن.» مالىك بىننى نوۋەيرە ئەيدى: «بىزنىڭ بىرلە ئەھد قىلغىلكىم، سىنىڭ ئالدىڭدا مۇخالىفلار بىرلەجەڭ قىلىپ، خەلقىڭ بىسيار بولغاندا، ساڭا بولغايمىز. ئانداغكى، ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم جوھۇد - تەرسالار بىرلە ئانداغ قىلدىلەر.» شۇجائ ئەيدى: «رەۋادۇر.» بەس، بۇ قەۋل بىرلە سۇلھ قىلدىلەر. بەنى يەربۇغ بەنى ھەنىفە بىرلە ئەداۋەتلىك ئەردى، تاكى بۇ بەھانەدە ئۇلار بىرلە جەڭ قىلغايلەر. بەس، مالىك ۋە رەكىئ بۇتەرىقە بولدى ئەرسە، بەنى تەمىم ئاراسىدا خىلاف پەيدا بولدى. مالىك بىننى نوۋەيرە ئەيدى: «بىزگە مۇخالىف تولا بولدى. ئەيغىلكىم ئەۋۋەل قايىسى بىرلە جەڭ قىلۇرمىز؟» شۇجائ ئەيدى: «بەنى تەمىم بەچچە قەبىلەدۇر، زەئىفراقدۇر.» شۇجائ ئەۋۋەل ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلماق لازىم دەپ خاھلادى. ئەرتەسى بۇلارغە ئەيدى: «خۇداي تەئالا ماڭا بىر سۆزە ئىبەردى، ئانداغ فەرمان قىلدىكىم، ئەۋۋەل بەنى تەراب بىرلە جەڭ قىلغايمەن.» بەس، مالىك لەشكەر راست قىلدى، بەنى تەرابغە يۈزلەندى؛ شۇجائ ھەم ئۆزلەشكەرى بىرلە مالىكنىڭ ئارقەسىدىن يۈردى. بەنى تەراب خەلقى ئازراق ئەردى، بەنى ھەنىفەدىن ۋە ئۆزگە قەبىلەلەردىن مەدەد تىلەدىلەر ئەرسە، بەنى تەمىم خەلقى شۇجائغە تەسدىق قىلدى. سەردارلاردىن ئوتارۇد بىننى زەرارە، زەيرەقان بىننى بەدرى تابىئ بولدى. شۇجائ قۇۋۋەت تاپىپ، مۇسەيلەمە قاشىغە بارغالى

ئۇغرادى، تاكى ئىككۆ بىر بولۇپ پەيغەمبەرلىك قىلغايلەر. بەس، شۇجائىغە
بەنى ھۇزەيل ھەمراھ ئەردى. بەنى جەھىمنى تاراج قىلدىلەر ئەرسە، ئۇۋەيس
بەنى ھۇزەيل لەشكەرىدىن بىسال خەلقنى ئۆلتۇرۇپ، ۋە بەئزەنى ئەسىر قىلىپ
ئالدى. بەس، ئۇۋەيس بىرلە سۇلھ قىلدىلەركىم شۇجائ بۆلارغە ئازار
بەرمەگەي، بۆلەك يول بىلە يەمامەگە يەتكەي؛ ئۇۋەيس ھەم ئەسىرلەرنى
ياندۇرۇپ بەرگەي. بەس، ئەسىرلەرنى ئىبەردى ئەرسە، شۇجائىغە ئەيدىلەر:
«بۇ ئەرەبلەر بىزگە قەسد قىلدىلەر، بىز بۇلارغە تەقابىل ئەمەسمىز. مالىك
بىننى نوۋەيرە دۇشمەنلەرىدىن ئاندىنى ئالماق ئۇچۇن سۇلھ قىلىپ ئەردى،
ئول جەڭ قىلىپ مىرادىنى قولىغە ئالىپ، ئۆز قەبىلەسىغە ياندى. بىزگە
بىر تەرەفدىن لەشكەر كەلسە ۋە يا خالىد يۇزلەنسە بىزنى ھىلاك قىلۇر. بىر
تەدبىر قىلىپ ئەمىن بولغايمىز.» شۇجائ ئەيدى: «بىزگە مۇسەيلەمەنىڭ
قاشىغە بارماق ئەۋلادۇر. ئالەمدە ئىككىمىزدىن بۆلەك پەيغەمبەر يوقدۇر.
ئىككۆلەبىر بۆلۇپ، خەلقنى ئۆز دىنىمىزغە باشلاماق لازىمدۇر.» ئۇلەر
ئەيدى: «بىزنى مۇسەيلەمە خاھلاماس، چۇنكىم ئول پەيغەمبەردۇر، ئىككى
پەيغەمبەر بىريەردە قاچان بولغۇسىدۇر؟!» شۇجائ ئەيدى: «خۇداي تەئالا ماڭا
يەمامەگە بارماقغە فەرمان قىلىپ، ئىككى سەۋارە ئىبەرىپدۇر» دەپ نەچەند
سۇفتە ئوقۇپ، ھەمەلەشكەر يەمامە تەرەفىگە يۇزلەندى. بەنى تەمىم
سەردارلارىدىن ئوتارۇد بىننى زەرارە، زەيرەقان بىننى بەدرى، ئۆمەر بىتنى
ئۇلاھىم، ئەيلان بىننى خەرشە ھەمراھ بولدىلەر. بەس، مۇسەيلەمە شۇجائىدىن
خەبەر ئالىپ ھەم پەيدا بولدى. ئەھلى يەمامە بەنى ھەنىفە ھەم قورقتىلەر.
ئول لەشكەرى ئىسلامغە سەرھەيل بىرلە ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ
يەمامەگە ئىبەرىپ ئەردىلەر. ئۇلار شۇجائىنىڭ خەبەرىنى ئىشتىپ، گۇمان
قىلدىلەركىم، مۇسەيلەمە كىشى ئىبەرىپ ئالىپ كەلگەندۇر. بەس، شۇجائ
يەمامەگە ئىككى كۇنلۇك قالدى ئەرسە، بەنى ھەنىفەدىن قىرىق كىشى ئالدىغە
ئىبەردى، نامەپىتدىكىم: «بۇ يەر يۇزىنىڭ پەيغەمبەرلىكى مۇھەممەد مۇستەفا
سەل-ئەل-لەم بىرلە ماڭا بولۇر ئەردى؛ ئۇلەر ۋەفات بولدى ئەرسە، ھەزرەتى
جەبرائىل ئەلەيھ-س. كېلىپ، تەمامى پەيغەمبەرلىكنى ماڭا تاپشۇردى. مەن
قۇرەيشنىڭ نىسفىنى ساڭا بەردىم.» بەس، ئول قىرىق كىشى شۇجائىنىڭ
ئالدىغە كەلدى ۋە مۇسەيلەمەنىڭ سەلام پەيامىنى يەتكۇردى ئەرسە، شۇجائ

ئەيدى: «ماڭا ھەم خۇدادىن ئانداغ كەلدىكىم، بۇ سۆرە نازىل بولۇپدۇر. نىسفىدىن زىيادە تەسەررۇف قىلماغايمەن.» بەس، ئۇل ئەلچىلەرنى كىچە قوندۇردى ئەرسە، ئۇلارغە ئىنئام ئىھسان قىلدى ۋە ئەيدى: «خۇدادىن ماڭا ۋە سىزلەرگە ئەمر فەرماندۇركىم، شەرابنى-ھەلال قىلىپدۇر. مەزلۇمگە قاۋۇشماق ھەلالدۇركىم، فەرزەند ۋە نەسل ئۇچۇندۇر.» بەس، ئۇلارنى ياندۇردى ۋە ئەيدى: «ئىككۆلەن بىر كۆرۇشكەيمىز.» بەس، ئۇل ئەلچىلەر كېلىپ، مۇسەيلەمەگە ئەيدىلەر: «ئۇل ھەم سىنىڭدەك پەيغەمبەردۇركىم، ئاڭا ھەم ئاسماندىن سۆرە كېلۇر،» دەپ شۇجائىنىڭ ئوقۇغان مۇھەممەللەرىنى ئوقۇدى ئەرسە، مۇسەيلەمەگە ۋەھم پەيدا بولدىكىم: «ئەگەر شۇجائ كەلسە ئەھلى يەمامە ئاڭا ئىمان كەلتۇرگەي.» يەنە ئىككى ئەلچى ئىبەردىكىم: «ئەگەر مېنى كۆرمەكنى خاھلاساڭ يالغۇز كەلگىل.» ۋە يەنە، بەنى تەمىم سەردارلارىغە ۋە شۇجائ سىپەھ سەردازلارىغە نامە ئىبەردىكىم: «ماڭا خۇدادىن سىزلەرنىڭ ستايىشلەرىدە سۆرە نازىل بولدى. سىزلەر ئاندا تۇرۇپ، شۇجائنى ماڭا ئىبەرگەيسىزلەر.» دەپ نەچەند مۇھەممەل توقۇپ ئىبەردى. بەس، شۇجائ ئۆز خاسلەرىدىن ئون كىشى بىرلە مۇسەيلەمەنىڭ قاشىغە كەلدى. مۇسەيلەمە لەشكەرى ئىسلامدىن قورقۇپ، يەمامەنىڭ قورغانىغە كىرگەن ئەردى. بۇيرۇدىكىم قورغانىنىڭ تاشىدا خىيمە تىكتىلەر. مۇسەيلەمە چىقىپ، شۇجائ بىرلە خىيمەدە ئولتۇرۇپ سۆزلەشتىلەر ئەرسە، مۇسەيلەمە جۇۋان خۇشرۇي ئەردى. شۇجائ مەيل قىلىپ ئەيدى: «ئاسماندىن مېنىڭ بارىمدا ھىچ سۆز كەلدىمۇ؟» مۇسەيلەمە ئەيدى: «ئارى، ئەرتە بۇسۆرە نازىل بولدى» دەپ، بىرمۇنچە مۇھەممەل ئوقۇدى، مەزمۇنى بۇئەردىكىم: «ئايا بىلمەسمۇ سەنكىم پەرۋەردىگارنىڭ ئاغىربوي مەزلۇملاردىن ھەرسىنىق ئەۋلادلار چىقاردى ۋە مەزلۇملارنى بىرتايىفە خەلق قىلدى، ئەرەكتەلەرنى ئۇلارغە خەفەتە قىلدى» بۇ مەسەللىك نەچەند مۇھەممەل ئوقۇدى ئەرسە، شۇجائ ئەيدى: «گۇۋاھدۇرمەنكىم، سەن پەيغەمبەر بەرھەقدۇرسەن. بۇ سۆز خۇدانىڭ سۆزىدۇر.» بەس، مۇسەيلەمە ئانىڭ مەيلىنى ئاڭلادى ئەرسە، ئەيدى: «بىلۇرسەنكىم، مەن پەيغەمبەردۇرمەن، سەن ھەم پەيغەمبەرسەن؛ نېچۇك بولغايكىم مېنى قوبۇل قىلساڭ، تاكى ئىككىمىزنىڭ قەۋمى بىردىندا بولسە، تەمامى ئەرەبلەرنى زېردەست قىلساق.» شۇجائ ئەيدى: «خوبدۇر، لېكىن

باقايكىم، خۇداي تەئالانىڭ پەرمانى نەدۇر ۋە قايداغ ۋەھى كېلۇركىم، ماڭا ۋە يا ساڭا.» بەس، مۇسەيلىمە خامۇش ئولتۇردى. ئاندىن بىرسائەت ئۆتتى ئەرسە، ئەيدى: «ئەلھال، بۇ سۆرەنى جەبرائىل كەلتۇردى» دەپ نەچەند مۇھەمەل چايىنادى. شۇجائ ئەيدى: «مەن ساڭا ۋە خۇداغە پەرمانبەرداردۇرمەن.» بەس، خىيمەنى خالى قىلدىلەر، ئىككۆلەن روسىيەھلىقغە تۇردىلەر. بەس، شۇجائ ئۈچ كۇندىن كېيىن لەشكەرىگە ياندى ئەرسە، ئەيدىلەر: «نە ئىش قىلدىڭ؟» شۇجائ ئەيدى: «ئول ھەم پەيغەمبەر ئىكەن، مەن ئاڭا تەگدىم، تاكى ئىككىمىز بىر بولۇپ دۇشمەنلەرگە قەھر قىلغايمىز.» ئوتارۇد ئەيدى: «ھېچ مېھر قىلدىڭمۇ؟» شۇجائ ئەيدى: «يوق.» ئوتارۇد ئەيدى: «سەندەك ئۇلۇغ مەزلۇم مېھر ئالماي ئەرگە تەگمەكى ئاردۇر. بارغىل، مېھر تەئىن قىلغىل.» بەس، شۇجائ مۇسەيلەمەنىڭ قاشىغە كەلدى، ئەيدى: «قەۋمىم سەندىن مېھر تەلەب قىلۇرلەر.» مۇسەيلەمە ئەيدى: «ئۇلارغە كېچە - كۇندۇزدە نەچچە ۋەقت نەماز بۇيرۇدۇڭ؟» شۇجائ ئەيدى: «بەش ۋەقت.» مۇسەيلەمە ئەيدى: «سېنىڭ مېھرىڭغە ئۇلاردىن ئىككى ۋەقت ئاغىر نەمازنى كۆتەردىمكى بامداد ۋە خۇفتەن.» شۇجائ بارىپ قەۋمىغە بىشارەت بەردى. ئەيتىپدۇرلەر، بەنى تەمىمدە بەئزە ئادەملەر ئول سۆزبىرلە بامداد ۋە خۇفتەننى ئۆتەمەسلەر. بەس، شۇجائ مۇھمەل تۇزدى ئەرسە، مۇسەيلەمە ئەيدى: «ئەي شۇجائ، مەن سېنى ئەسلا ياندۇرماس ئەردىم، لېكىن سېنىڭ لەشكەرىڭنىڭ ئەكسەرى بەنى تەمىمدۇركى مۇسۇلمانلارغە كۆڭلى ياۋۇقدۇر. قورقارمەنكىم، مۇسۇلمانلار بىرلە بىربولۇپ، سېنى ھېلاك قىلغايلەر. سەن يەمامەنىڭ خىراجىدىن نىسفىنى ئالىپ يانغايسەن. ھەرييل نىسفى خىراج ساڭا يىبەرگەيمەن. ئەگەر مۇسۇلمانلار بىرلە جەڭ قىلۇر بولسام كىشى ئىبەرگەيمەنكىم، ئىككۆلە بىر بولۇپ جەڭ قىلغايمىز.» بەس، شۇجائ نىسفى خىراجىنى ئالىپ ياندى ئەرسە، تەمامى لەشكەرى ياندى. بەس، بەنى تەمىم (شۇجائ) مۇسەيلەمەنىڭ قاشىغە كېلىپ ئەرگە تېگىپ يانغانىدىن نامۇس قىلدىلەر ۋە يەنە بىلدىلەركىم پەيغەمبەر ئەمەسدۇر، پۇشەيمان بولۇپ، ھەرقايىسى ئۆز قەبىلەسىغە ياندى. شۇجائ ئۆزلەرشكەرىگە قوشۇلۇپ، مەۋسىلغە ياندى؛ تا مۇئاۋىيەنىڭ ۋەقتلەرىغىچە ئاندا ئەردى؛ مۇئاۋىيەنىڭ ۋەقتلەرىدە مۇسۇلمان بولۇپ، مۇسۇلمان ئۆلدى.

ئەمما، قاچانكىم، شۇجائىنىڭ بەنى تەمىم بىرلە مۇسەيلەمەگە كەلگەنىنى ئىسلام لەشكەرى ئاڭلادىلەر ئەرسە، يەمامەدىن ياندىلەر. ھەزرەتـــى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى ئەكرەمەگە نامە ئىبەردىلەركىم: «مەھكەم تۇرغىل، تاكى ساڭا لەشكەر ئىبەرۇرمەن.» بەس، ھەزرەتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ھەم نامەئىبەردىلەر: «سەن ھەم ئاندا توختاغىل ۋە ھەرنە ۋاقىئەدۇر خەبەر ئىبەرۇرمەن.» بەس، بۇ تەدبىردە خەبەر كەلدىكىم، شۇجائ ياندى ۋە بەنۇ تەمىم دىنى شۇجائىدىن ياندى، بىسيار شاد بولدىلەر. بەنۇ تەمىم خالىددىن، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىقدىن قورقۇپ بارالمادىلەر. ئاخىر ئىككى كىشىنى ئەلچى ئىبەردىلەركىم، بىرى ئەفرەئ، يەنە بىرى زەيرقان بىنىنى بەدرى ئەردى. ئەيدىلەر: «بىز شۇجائغە تابئ بولغانغە پۇشەيمان تۇرۇپ تەۋبە - ئىستىغفار قىلدۇق. ئەمدى، ھەرگىز يامانلىق قىلماغايمىز. بىـــزگە بەھرەين خىراجىنى بۇيرۇغايسەنكىم، بەنى تەمىم بىسياردۇرلەر، بەئزەسى مۇسۇلمان، بەئزەسى مۇرتەددۇر تاكى بەھرەيننىڭ خىراجىنى ئۇلارغە تەقسىم قىلىپ بەرگەيمىز ۋە ھەمەنى مۇسۇلمان قىلغايمىز.» بەس، ئەفرەئ ۋە زەيرقان مەدىنەگە كەلدى. تولەھە بىننى ئابدۇللاھ ئۇلارغە دوست ئەردى. بەس، تولەھە ئۇلارنى ھەزرەتى ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەبۇ بەكرســـددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە ئالىپ كېلىپ ئەرزلەرىنى يەتكۇردى ۋە بەنى تەمىمنىڭ گۇناھىنى تىلەدىلەر ئەرسە، ھەزرەتـــى ئەبۇ بەكر ســـددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبۇل قىلىپ، بەھرەيننىڭ خىراجىنـــى بۇيرۇدىلەر؛ سەھابەلەرنى گۇۋاھ قىلىپ، نەچەند شەرتلەر بىرلە نامە پىتىدىلەر. ئول خەتنى ھەزرەتى ئۆمەرگە ئىبەردىلەر، تاكى ئۇلەر ھەم گۇۋاھ بولۇپ، ئاتلەرىنى سالغايلەر. بەس، تولەھە خەتنى ئالىپ كەلدى ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر خەتنى يىرتىپ تاشلادىلەر. تولەھە ئاچچىغلاپ چىقىپ، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەر: «يا ئەبۇ بەكر! ئەمىر سەنمۇ ياكى ئۆمەرمۇ؟» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ئەيدىلەر: «ئەمىر مەندۇرمەن، ئەمما ئۆمەرنىڭ رايىدىن چىقماسمەن.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكر سىددىق سەھابەلەرنى يىغدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «بەنى تەمىمنىڭ ئىشىدە نە مەسلەھەت كۆرەرسىزلەر؟» ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «ئول بىر مۇرتەد بولدىلەر، يەنە مۇسۇلمان بولدىلەر ئەرسە، يەنە مۇرتەد بولدىلەر. ئىخى، ھەم ئۇلار گۇناھىنى ئۆتۈپ، ئىنئام ھەم

تېپىۋرسەنمۇ؟! ئەمدى ھەرتەرەپكە لەشكەر ئەۋەرگەيسەن. خالىدغە نامە ئەۋەرگەيسەنكىم، بەنى تەمىمدىن كىمكى مۇسۇلماندۇر ئازاد قىلغاي، مۇرتەدلەرنى ئۆلتۈرگەي تاكى مۇسۇلمانلار خالاس بولغايلەر!» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ئەيدىلەر: «ئانداغ قىلغايمىز!» بەس، ئەفرەد ۋە زەيرقان نەۋمىد بولۇپ ياندى.

ئاندىن كېيىن، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق ھەزرەتى خالىدغە نامە ئەۋەردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى خالىد مالىك بىننى نوۋەيرەگە يۈزلەندىلەر ئەرسە، لەشكەرلەر ئىككى تايىفە بولدىلەر، مۇھاجىرلار ھەمراھ بولدىلەر، ئەنسارلار ئەيدىلەر: «بىز بارماسمىز.» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: مېنى سىزلەرگە ئەمىر قىلىپ ئەردىلەر. ئارى، مەسلەھەت مېنىڭدۇر، مەن ھەرقايان يۈرسەم سىزلەردىن بارماق لازىمدۇر. ئەگەر سىزلەر بارماسالەر، بارى، مەن بارۇرمەن!» بەس، مۇھاجىرلار بىرلەن رەۋان بولدىلەر. ئەرتەسى ئەنسارلار پۇشەيمان بولۇپ ئەيدىلەر: «ئەگەر ئۇلار غەنىمەت ئالسالەر بىز بىنەسىب قالۇرمىز، ئەگەر شىكەست تاپسالەر مەلامەتكە قالۇرمىز.» بەس، ھەمە ئارقەلەرىدىن بارىپ قوشۇلدىلەر.

بەس، مالىك بىننى نوۋەيرە خەبەر تاپىپ، تامامى خەلقنى يىغىپ ئەيدى: «خالىد بىزگە لەشكەر تارتىپ كېلۇر ئەرمىش. بىز نەھايەتى ئۇلۇغ گۇناھ قىلدۇق. ئەگەرچە شۇجائىغە تابى بولمادۇق، ئەمما ئانىڭ بىرلە سۇلھ قىلىپ، ئالدىدا جەڭ قىلدۇق. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق غەزەب قىلىپ، خالىدنى ئەۋەرگەندۇرلەر. ئەمدى بىزگە مەدارادىن ئۆزگە چارە يوقدۇر. ئەگەر خالىد بىزنى جەمى كۆرسەلەر لەشكەر يىغىلغان گۇمان قىلۇرلەر. ھەركىم ئۆز قەبىلەسىغە پەراكەندە بولسۇن. بىلگەيلەركىم بىزمۇسۇلماندۇرمىز، جەڭ قىلماسمىز.» ھەركىم ئۆز قەبىلەسىغە ياندى. مالىك زەكاتنى يىغىپ، ھەزرەتى خالىدنىڭ ئالدىلەرىغە ئەۋەردى. قاچانكىم، ھەزرەتى خالىد كېلىپ كۆردىلەركىم ھىچ جەمئىييەت يوق.» بىلدىلەركىم جەڭ قىلمايدۇرلەر. بەس، ئاندا تۈشۈپ، زەكاتنى ئالىپ، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەۋەردىلەر. مالىكنىڭ ۋاقىئەسىدىن ئاگاھ قىلدىلەر ئەرسە، جەۋاب ئەۋەردىلەركىم: «بەنۇ تەمىمنىڭ قەبىلەلەرىغە نەماز ۋەقتىدە بىر - ئىككى

كىشى ئىبەرگىل؛ ئەگەر ئازان ئوقۇسە، خوب؛ ئەگەر ئازان ئوقۇماسا ۋە ئىشتىمەسەلەر، بىلگىلكىم مۇرتەددۇرلەر. ھەممەسىنى ئۆلتۈرگىل! ھەرقەبىلەدىن زەكات ئالغىل، ئەگەر زەكات بەرمەسە، بىلگىلكىم مۇسۇلمان ئەمەس. ئۇلارنى ھەم ھىلاك قىل!»

بەس، ھەزرەتى خالىد بۇ مەزمۇندا ھەر تەرەفكە كىشى ئىبەردىلەر. مالىك بىننى نوۋەيرە قەبىلەسىغە ئەبۇ قەتادە ئەنسارى بىرلە نەچەند كىشى ئىبەردىلەر. ئەبۇ قەتادە ئەنسارلار ئۇلۇغىدىن ئەردىلەر. بەس، بۇلارغە نەماز ۋەقتىدە يېتىپ باردىلەر. مالىكنى تۇتۇپ ھەزرەتى خالىدنىڭ قاشلەرىغە كەلتۈردىلەر. بەئزەلەر ئازان ئىشتىمەدۇك دىدىلەر ۋە بەئزەلەر ئىشتتۇك دىدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى خالىد مالىكنىڭ قەۋمىنى قويا بەردىلەر. مالىكنى ئۆلتۈرغۇزۇپ ئەيدىلەر: «ئەي مالىك، نېچۈكدىن شۇجائىغە تابىئ بولدۇڭ؟» مالىك ئەيدى: «مەن شۇجائىغە تابىئ بولمادىم. ئەمما سۇلھ قىلدىمكى بەنى ھەنىفە بىرلە ئەداۋەتلىك ئەردىم، ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلمادىم. ئول موسەيلەمەگە باردى، مەن بارمادىم.» بەس، ھەزرەتى خالىد بىرلە بىسيار سۆزلەشتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ سۆزلەرى ئاراغە تۈشتى. مالىك ئەيدى: «ئول كىشى سەن ئەيتغاندەك كىشى ئەردى.» بەس، ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەركىم: «مەن بىلۇرمەنكىم كافىرسەن! ئەي سەگ! ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سىنىڭ كىشىڭ ئەردىلەرمۇ؟! ئۇلەر بىزدەك ئەمەس ئەردىلەر. بېتەھقىق سەن كافىرسەن! شۇجائىنى ئەرەبكە سەن پەيدا قىلدىڭ، ھەممەدىن ئىلگەرى سەن قەبۇل قىلدىڭ. ئانىڭ ئالدىدا چەندان مۇسۇلمانلارنى جەڭ قىلىپ ئۆلتۈردۈڭ. ھەمە بەھانە سەن بولدۇڭ!» بەس، خالىدنىڭ ئالدىلەرىدە بەنى ئەسەددىن زەرارە ئاتلىغ بىر كىمەرسە شەمشەر تۇتۇپ تۇرار ئەردى. ئاڭا ئەيدىلەر: «ئۇرغىل بۇ سەگنى!» بەس، زەرارە باشىنى كېسىپ تاشلادىلەر. ۋە يەنە بىر رىۋايەتدە كەلتۈرۈپدۇرلەر، ھەزرەتى خالىد مالىكنى ئۆز قەۋمى بىرلە قويا بەردىلەر دەپدۇرلەر. ئەمما بىلدىلەركىم مۇرتەددۇرلەر. ئىسلام ئىزھار قىلىپ زەكات بەرمەكلەرى قورقۇنچىدىندۇر. بەس، ئۆلتۈرمەككە قەسد قىلدىلەر. ئۇلارنى تۇتۇپ ھەرقايسىنى بىر كىشىگە بەردىلەر ۋە ئەيدىلەر: «بۇ كېچە بۇلارنى ئىسسىغ يانقۇزۇڭلار» دەپ، ئۆلتۈرمەككە ئىشارەت قىلدىلەر ئەرسە، ھەركىم ئۇلارنى ئۆيگە ئالىپ بارىپ،

ئۆلتۈردى. مالىكنىڭ ئۇممۇ تەمىم ئاتلىغ بىر كۆچى بار ئەردى. بەس، خۇشرۇي ئەردى؛ مالىك ئۆلدى ئەرسە، ھەزرەتى خالىد ئالدىلەر. ئەبۇ قەتادە ئەيدىلەر: «ئەي خالىد، مېنى بۇ خەلققە ئىبەردىڭ، مەن ئۇلاردىن ئازان ئىشىتتىم، زەكات ئالدىم. نېچۈكدىن ئۇلارنى ئۆلتۈردۇڭ؟» خالىد ئەيدى: «بىرى ئازان ئوقۇدى دەيدۇر، بىرى ئوقۇمادى دەيدۇر.» ئەبۇ قەتادە ئەيدىلەر: «ھەزرەتى رەسۇلى خۇدا ئالدىلەرىدە ئىسباتقە گۇۋاھلىق مەقبۇل ئەردى.» بەس، ھەزرەتى خالىد قاتتىغ سۆزلەدىلەر ئەرسە، ئەبۇ قەتادە ئاند ئىچتىكىم: «مۇندىن كېيىن خالىدنىڭ ئەلەمىنىڭ ئاستىدا ھېچ غەزاتقە بارماغايمەن!» بەس، ئاندىن يانىپ مەدىنەگە كەلدىلەر؛ ھەزرەتى ئەبۇبەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە خالىددىن شىكايەت قىلدىلەر ۋە مالىكنى ئۆلتۈرگەننى ئەيدىلەرئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇبەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەزەبلەرى كەلدى. ئاندىن، ئەبۇ قەتادە ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر. مالىك ھەزرەتى ئۆمەر بىرلە بىسيار دوست ئەردىلەر. ئەبۇ قەتادە ھەزرەتى ئۆمەرگە ئەيدىلەر: «خالىد مالىكنى ئۆلتۈردى، كۆچىنى ئالدى ۋە مال - ئەمۋالىنى ئالدىلەر.» ھەزرەتى ئۆمەر بارىپ ئەيدىلەر: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن، خالىد بىگۇناھ كىشىنى ئۆلتۈرۈپدۇر، ھەركىمنى خاھلاسا ئۆلتۈرۈپ، مال - ئەمۋالىنى ئالىپدۇر. مەن بىلۇرمەنكىم، مالىك مۇسۇلمان ئەردىلەر. ئەبۇ قەتادە ھەم گۇۋاھلىق بېرۇرلەركىم مۇسۇلمان ئىكەن، ئانى ئۆلتۈرۈپدۇر؛ كۆچىنى ئالىپدۇر. ئانى كەلتۈرۈپ، خەلقنىڭ دادىنى ئالىپ بەرگەيسەنكىم، مۇنداغ ئىش شەرىئەتدە يوقدۇر.» ھەزرەتى ئەبۇبەكرىسىددىق ئەيدىلەر: «يا ئۆمەر، خالىد خۇداي تەئالانىڭ شەمشەرىدۇركىم، ھەزرەتى رەسۇلى خۇدا مۇنداغ دىگەن ئەردىلەر. مەن خۇداي تەئالانىڭ شەمشەرىنى ھەرگىز كافىرلاردىن ياندۇرماسمەن. ئەبۇ قەتادەنىڭ سۆزىگە باۋەر قىلماسمەن.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر ئەبۇ قەتادەنىڭ بارەسىدە بىسيار سۆزلەرنى ئەيدىلەر، قەبۇل قىلمادىلەر ئەرسە، ئەبۇ قەتادە يانىپ بارىپ، مالىكنىڭ بىرادەرىنى ئىبەردىلەر. ئول كېلىپ، مالىكنىڭ خۇننى تەلەب قىلدى ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى خالىدغە نامە ئىبەردىلەركىم: «لەشكەرنى ئاندا قويۇپ، ئۆزۈڭ تېز تۇند مۇندا كەلگىل.»

بەس، ھەزرەتى خالىد بەش كىشى بىرلە مەدىنەگە كەلدىلەر ۋە بىر مەنزىلگە تۈشۈپ، ياۋۇق يېتىپ، ھەزرەتى بىلالغە كىشى ئىبەردىلەر، تاكى ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇنىڭ قاشلەرىغە ئالىپ كىرگەيلەر. چۈنكى بۇلەر ياساۋۇل ئەردىلەر. ھەزرەتى بىلالغە بىرمۇنچە مال ئىبەردىلەر. ئەيتىپدۇرلەر،...... كى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئاراسىدا بەرمەك ۋە ئالماق ۋاقىئ بولدى، بۇ ئەردى.

ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھ ئەنھۇ ھەرتۈنى نەماز بامداددىن تا ئافتاب ئۆرلەگۈنچە قۇرئان ئوقۇرئەردىلەر. ئول ۋەقتدە ھىچكىم كىرەلمەس ئەردى. بەس، ھەزرەتى بىلال ئەيدىلەر: «خالىد ئەرتە ئافتاب ئۆرلىمەسدە كەلسۇن.» بەس، ھەزرەتى خالىد ئەرتەسى مەدىنەگە كىردىلەر. قىزىل خەفتان كىيىپ، دەستارلەرىغە ئىككى ئوق سانجىدىلەر. چۈنكى ئەرەبدە سىپەھسالارنىڭ رەسمىسى ئول ئەردى. بەس، مەسجىدنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، تىۋەلەرىدىن تۈشتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر سەھابەلەر بىرلە ئولتۇرۇر ئەردىلەر، قوپۇپ ھەزرەتى خالىدنىڭ ياقالەرىدىن تۇتۇپ، تارتىپ مەسجىدكە ئالىپ كىردىلەر، ئوقلەرىنى دەستارلەرىدىن ئالىپ ئوشاتىپ تاشلادىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەي خۇدانىڭ دۈشمەنى سەندۇرمۇسەنكىم، بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۇرۇپ، كۆجىنى ئالغايسەن! قەسەم بىخۇداكى، سېنى بۇگۈن ئۆلتۇرۇرمەن!» ھەزرەتى خالىد خامۇش تۇردىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر سۆدرەپ، ھەزرەتى ئەبۇبەكرىسىددىقنىڭ ئىشىكلەرىگە ئالىپ كەلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى بىلال ئەيدىلەر: «توختاڭلار! تا مەن خەلىفەئى رەسۇلى خۇداغە خەبەر قىلغايمەن.» بەس، ھەزرەتى بىلال كىرىپ ئەيدىلەر: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن، خالىد كېلىپدۇر، ھەزرەتى ئۆمەر بىرلە ئىشىكدە تۇرۇپدۇر.» ھەزرەتى ئەبۇبەكرىسىددىق ئەيدىلەر: «خالىدنى ئالىپ كىرگىل.» بەس، ھەزرەتى بىلال چىقىپ، خالىدنى ئالىپ كىردىلەر، ھەزرەتى ئۆمەر كىرگەلى باردىلەر ئەرسە سىينەلەرىگە قوللەرىنى قويۇپ: «خالىدنى تەنھا ئالىپ كىرمەككە ئەمر بولدى» دىدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر يانىپ كېلىپ، ئورۇنلەرىدە ئولتۇرۇپ تىزلەرىغە سوقۇپ، ئەيدىلەر: «دەرىغ! مالىك بىننى نۇۋەيرەنىڭ خۇنى زايىئ بولدى!» بەس، ھەزرەتى خالىد كىرىپ تۇردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «يا خالىد، بىر مۇسۇلماننى

ناھەق ئۆلتۈرۈپ، خاتۇننى ئالىپسەن!» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن، بىھەققى خۇدا! رەسۇلى خۇدا خالىد يەريۈزىگە خۇداي تەئالانىڭ شەمشەرى دىمەدىلەرمۇ؟! خۇداي تەئالانىڭ شەمشەرى مۇسۇلمانىنىڭ باشىنى كېسەرمۇ؟!» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق ئەيدىلەر: «راست ئەيدىڭ، بارىپ ئۆز ئىشىڭغە مەشغۇل بولغىل.» بەس، خالىد چىقىپ، شەمشەرلەرىنى غىلافىدىن نىسفىنى تارتىپ ئالىپ ئەيدىلەر: «ئۆمەر قېنى، ئەمدى ئۆلتۈرگىل!» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر بىلدىلەركىم، خالىدنىڭ گۇناھىنى ئۆتۈپدۇرلەر. بەس، ھەزرەتى خالىد شول سائەت تىۋەلەرىگە مىنىپ لەشكەرگاھغە كەتتىلەر.

## قىسسەئى
## مۇسەيلەمە كەززاب

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەكرەمە بىننى ئەبۇ جەھىلنى يەمامەگە بۇيرۇدىلەر، ئارقاسىدىن سەرھەيلنى بۇيرۇدىلەر. ئەكرەمە سەرھەيلنىڭ كېلىشىنى ئىشىتىپ، جەڭگە تۇردى. تاكى يەمامەنى يالغۇز فەتھ قىلىپ، نامدار بولغاي. بەس، سەرھەيل بارغۇچە شىكەست تاپىپ، مەدىنەگە ياندى ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇبەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەلامەت قىلىپ ئەيدىلەر: «ئۇستادلىقغە ياراماي شاگىردلىقغە ئۇناماسسەن. نېچۈكدىن سەرھەيل بارغۇچە تەئخىر قىلمادىڭ، شايەد شىكەست تاپماغاي ئەردىڭ! ئەمدى ئۇممانغە بارىپ، خۇدەيقەنىڭ تابىئىدە جەڭ قىل. ئەگەر ئۇلارنىڭ ھاجەتى بولماسا، خەزەر مەۋتغە بارىپ، مەھاجىر بىننى ئۇممىيەگە ياۋەر بولغىل.»

بەس، سەرھەيل يەمامەگە باردى ئەرسە، مۇسەيلەمە قورغانىغە بېركىندى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەبەر ئالدىلەركىم، مۇسەيلەمە قورغانىغە بېركىپدۇر. فىكر قىلدىلەركىم: سەرھەيل يەمامەدە تۇرسە، خالىد لەشكەرى ئىسلام بىرلە مەغرىبدە مەشغۇل بولسە، ئەرەبىستانداقى قالغان مۇرتەدلەر مۇسۇلمانلارغە قاتتىغ بەلا بولغايلەر. بەس، ھەزرەتى خالىدغە نامە

ئىبەردىلەركىم: «يەمامەگە بارغىل، مۇسەيلەمە بىرلە جەڭ قىل، سەرھەيل ئاندادۇر ۋە يەنە مەدىنەدىن لەشكەر ئىبەرۈرمەن.» ئاندىن، سەرھەيلگە نامە ئىبەردىلەركىم: «خالىد بارسا، سەن ئانىڭ فەرمانىدا بولغىل.» ئاندىن، مەدىنەدە مۇنادى قىلدۇردىلەر: ھەركىمنىڭ ياراغ كۆتەرگۈچە قۇدرەتى بولسە، يەمامەگە بارىپ، خالىدغە ياۋەر بولسۇن!

بەس، مۇھاجىر ـ ئەنساردىن بىسيار خەلق ھەزرەتى خالىدغە قوشۇلدىلەر ئەرسە، لەشكەر تەرتىپ بەردىلەر. تايىفەئى مۇھاجىرغە ئەبۇ ھەنىفە بىننى ئۇتبەنى سەردار قىلدىلەر؛ ئەنسارلار سابىت بىننى قەيس بىننى سىماسنى سىپەھسالار قىلدىلەر؛ يەنە بىر جەمئىغە زەيد بىننى خەتتابنى ئەمىر قىلدىلەر؛ يەنە بىرگۇرۇھغە بەررا بىننى مەلىكنى مىھتەر قىلدىلەر. ۋە يەنە ئۆزگە قەبىلەلەردىن مىڭ كىشى ئالىپ، ئابدۇللاھ بىننى خەتتابنى مۇقەددەمەئى لەشكەر تەئىين قىلىپ، ئەلەملەرىنى بەردىلەر. بۇ تەرتىپ بىرلە يەمامەگە لەشكەر تارتىپ باردىلەر. سەرھەيل ئىككى مەنزىل قالغاندا، ئالدىلەرىغە كەلدى. مۇسەيلەمە بىلدىكىم، لەشكەرى ئىسلام يىغىلدىلەر. بەس، ئول ھەم يەمامە بەنى ھەنىفە خەلقىنى يىغدى. يەمامەگە سۆز بىننى ئەياك ھەنەقىنى، ئۆزگەلەرگە بەھارۇل ـ رەجال ئاتلىغ بىر ئادەمنى سەردار قىلدى. ئول بەھارۇل رەجال ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ خىزمەتلەرىگە كېلىپ، دىنى شەرىئەت ئۆرگەنىپ ئەردىلەر. مۇسەيلەمە خۇرۇج قىلغاندا، ئاڭا نامە ئىبەرىپ ئەردىلەر، تاكى خەلقنى دىنى ئىسلامغە باشلاغاي. مۇسۇلمانلارغە نەۋازىشلەر قىلىپ، ياخشى سۆزلەر بىرلە مۇرتەد قىلىپ، ئۆزگە ياۋەر قىلىپ ئەردى. ئول ئەھلى يەمامەگە ئەيتۇر ئەردى: «مۇسەيلەمە ئانداغ كىشىدۇركىم، مۇھەممەد مۇستەفانىڭ پەيغەمبەرلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىپ، مېنى ئىبەردىلەركىم پەيغەمبەرىڭلار بۇدۇر.» بەس، ھەرنەرسەكى بەھارۇل رەجال ئەيتۇر ئەردى، ئەھلى يەمامە قەبۇل قىلۇر ئەردى. ئول مۇسەيلەمەنىڭ مۇئەززىنى ئازاننى «ئەشھەدۇ ئەننە مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە مۇسەيلەمە ئەر ـ رەسۇلۇر رەھمانىل يەمامە» دەپ ئوقۇر ئەردى. بەس، مۇسەيلەمە ئۇلار بىرلە مەسلەھەت قىلدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «قورغاندا تۇرماغايمىز، لەشكەرىمىز كۆپدۇر، خالىدنىڭ ئالدىغە چىقغايمىز.» بەس، مۇسەيلەمە لەشكەر تارتىپ چىقتى. شەھەر ئالدىدا،

ھەدىقە تۇر رەھمان ئاتلىغ بىر باغ بوستان بار ئەردىكىم، ئانى سەرھەيل لەشكەر ـ گاھ قىلىپ، مىلىڭ كىشىنى ئاندا قويغان ئەردى. بەس، مۇسەيلەمە چىقىپ ئاندا تۈشتى. مۇجائەكىم يەمامەنىڭ ھاكىمى ئەردى. بەنى ئامىردىن ئاتمىش كىشى ئۆلارغە ئات سالدى. بۇ مۇسۇلمانلار بەنى ئامىردىن بىر ئادەمىنى ئۆلتۈرۈپ خاتۇنىنى ئەسىر قىلىپ ئەردى. ئول ئادەم قاتىلىنى شەھىد قىلىپ، ئول خاتۇنىنى ئاجراتىپ ئالىپ يانىپ، بىر مەنزىلگە تۈشتى. ھەزرەتى خالىدنى يىراق گۇمان قىلۇرئەردى. بەس، ئول مەنزىلدە قوندى ئەرسە، كېچەسى لەشكەرى ئىسلامنىڭ يورتاۋۇللاردى ئاندا ياتىپ، مۇجائەنى ھەمراھلارى بىرلە تۇتۇپ، ھەزرەتى خالىدنىڭ قاشلەرىغە ئالىپ باردىلەر ئەرسە، گۇمان قىلدىلەركىم يەمامەنىڭ سەردارى ئامان تىلەپ كەلگەندۇر. بەس، ئەيدىلەر: «سەردارلارنى كىم ئىبەردى؟» بەس، مۇسۇلمانلاردىن بىرى ئەيدى: «مەن كەلتۇردۇم.» بەس، ھەزرەتى خالىد مۇجائەنىڭ ھەمراھلارىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزىنى ئوتاغلەرىغە ئىبەردىلەر. كۆجلەر مالىك بىنىنى نوۋەيرەنىڭ كۆجى ئۆممۇ تەمىم ئەردىكىم، مۇجائەغە تۇغقان ئەردى. بەس، ئەرتەسى ھەزرەتى خالىد لەشكەر تارتىپ، سەف ئاراستە قىلدىلەر؛ سەرھەيلنى ھەم مۇقەددەمەئى لەشكەرگە قويدىلەر. مۇسەيلەمە ھەم ئول باغنىڭ ئالدىدا سەف تۈزدى، مۇقەددەمەسىگە مەھكەم بىنىنى تۇفەيلنى قويدىكىم، بىنەھايەت دىلاۋەر ئەردى؛ مەيسەرەگە بەھارۇل رەجالنى تەئىن قىلدى، ئول باغدا تەخت قۇرۇپ ئولتۇردى. قىرىق مىلىڭ كىشىنى جەڭگە بۇيرۇدى.

بەس، ئىككى لەشكەر جەڭگە تۇردىلەر. مۇھاجىرلار جەمئ بولۇپ ئولتۇردىلەر ئەرسە، مۇسەيلەمەنىڭ لەشكەرى يەكبارە ھەملە قىلىپ، مۇھاجىرلارغە شىكەست بەردى. مۇھاجىرلار ئەلەملەرىنى تاشلاپ، ھەزرەتى خالىدنىڭ ئەلەملەرىنىڭ ئاستىغە يىغىلدىلەر. دۇشمەنلەر ھەزرەتى خالىدنىڭ ئوتاغلەرىغە كىرىپ، ئۆممۇ تەمىمنى ئۆلتۈرگەلى قەسد قىلدىلەر ئەرسە، مۇجائە ئەيدى: «بۇ مېنىڭ تۇغقانىمدۇر. ئۆچ كۇندۇركىم مۇندا ئەسىردۇرمەنكىم، ماڭا مۇندىن ئۆزگە مەزلۇم خىزمەتكارلىق قىلمادى» دەپ، تىلەپ ئالدى. كافىرلار مۇجائەنى بىزنىڭ بىرلە يانغىل دىدى ئەرسە، مۇجائە ئەيدى: «مەن ئەسىردۇرمەن، خالىد ھونۇز تەختىدەدۇر، ماڭا مەشغۇل بولماڭلار، جەڭگە مۇقەييەد بولۇڭلار.» بەس، كافىرلار جەڭگە تۇردى.

ھەزرەتى خالىد بۇ ھالنى كۆرۈپ، سالىم بىننى ھۇزەيفەگە مۇھاجىرلارنىڭ ئەلەمىنى ئالدۇردىلەر ۋە ئۆزلەرى ئاتلىنىپ دۈشمەنگە يۈزلەندىلەر ئەرسە، تەمامى لەشكەر يىغىلدىلەر. ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ئەي مۇھاجىرلار! سىزلەردە ھەمىيەت دىننىڭ غەمىدۇركىم، ئول جەڭدىن سىزلەر قاچارسىزلەر! ھەرقەبىلە، ھەر تايىفە بۆلەك جەڭگە تۇرۇڭلار، تا كۆرگەيمەنكىم قايسىڭلار جەھدۇ ئىستىقامەت بىرلە جەڭ قىلۇرسىزلەر!» بەس، مۇھاجىر، ئەنسار، ھەرقايسى قەبىلە ئەرەبدىن كەلگەن لەشكەر ۋە سەردارلار ئايرىلىپ، سەف راست قىلىپ، ئۆزلەرى باشلاپ، گۇرۇھ - گۇرۇھ يەكبارە ھەملە قىلدىلەر. بۇ ھالدا، بىر ئادەم كېلىپ، ھەزرەتى خالىددىن سۆز سوردى ئەرسە، باشىغە بىر قامچىسى ئۇردىلەر: «ماڭا تا دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالماي كىشىگە سۆزلەمەك ھەرامدۇر!» بەس، دۈشمەنلەر ھەزرەتى خالىدنى مۇنداغ كۆرۈپ، ھەمە قاچتىلەر. ھەزرەتى خالىد ئاۋاز قىلدىلەركىم: «ھېچ كىشى دۈشمەنگە رەھىم قىلماسۇن! يەكبارە ئۆلتۈرسۇن!» بەس، شەمشەر ئالىپ، تا مۇسەيلەمە تۇرغان باغقە يەتكۈنچە، مۇسۇلمانلار ئون مىڭ نامدار كافىرلارنى ئۆلتۈردىلەر. مۇسەيلەمە: «باغقە كىرىڭلار!» دەپ قىچقارۇر ئەردى. كافىرلار باغقە كىردىلەر. ئول باغ بىنەھايەت مەھكەم ۋە تاملارى بەلەند ئەردى. بەس، كافىرلار باغدا يىغىلىپ، مۇسەيلەمەگە مەلامەت قىلغالى تۇردى ۋە ئەيدى: «بىزگە خۇدادىن نۇسرەت يار - ياۋەرلىك كېلۇر، دەپ ۋەئدە قىلىپ ئەردىڭ. ئول نۇسرەت قايسىدۇر؟» مۇسەيلەمە ئەيدى: «بىز ھەمەمىز بىرجان - بىر تەندۇرمىز. ئۆز قانىمىز ۋە ئەھلى ئەيالىمىز ئۈچۈن جەڭ قىلغايمىز!» خەلق ئەيدى: «بۇ باغدىن چىقىپ قورغانغە كىرگەيمىزكىم، ئاندا قۇدرەت تاپماسلەر.» مۇسەيلەمە ئەيدى: «خۇدانىڭ پەيغەمبەرى دۈشمەندىن قاچماق رەۋا ئەمەسدۇر. مۇندا تۇرغايمىز.» بەس، سەردارلاردىن ھەرقايسىنى سوردى ئەرسە، ئۆلدى دىدىلەر ئەرسە، ئەيدى: «بىزگە ئۆلارسىز تىرىگلىك كېرەكمەسدۇر!» بەس، ئىككى زىرىھ كىيدى، ئاتىغە مىنىپ، خەلقنى جەڭگە تەرغىب قىلىپ، باغنىڭ ئىشىكىگە يۈردى. لەشكەرى ئىسلام باغنىڭ ئەترافىنى ئالىپ ئەردىلەر. ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەركىم: «بۇ نە يەردۇر؟» ئەيدىلەركىم: «بۇ مۇسەيلەمەنىڭ باغىدۇركىم، مۇسەيلەمە مۇندادۇر.»

بەس، ھەزرەتى خالىد لەشكەرنى يەنە ئاراستە قىلىپ، جەڭگە تۇردىلەر. كاپىرلار ھەم باغنىڭ ئىشىكىدىن جەڭ قىلىۋاتاتتى. مۇسۇلمانلاردىن بەش يۈز كىشى يارىلىنىپ قالدى. ھەزرەتى خالىد ئۆزلىرى جەڭ قىلىپ، بىسيار كاپىرلارنى دوزاخقا ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلار باغنىڭ ئىشىكىنى ئالدىلەر. ھەزرەتى خالىد بەررا بىننى مالىكنى بۇيرۇدىلەر ئەرسە، باغنىڭ تامىدىن تۇشۇپ، ئۆزىنى باغقا ئالدى ئەرسە، كاپىرلار ئانى يوقاتتى. ئول دەرھال باغنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، ئانى كاپىرلار شەھىد قىلدى. مۇسۇلمانلار باغقا كىرىپ، كاپىرلارنى ئۆلتۈرە باشلادىلەر. باغدىن چىققانلارنى تاشقارقى مۇسۇلمانلار ئۆلتۈردىلەر. ھەزرەتى خالىد باغنىڭ ئىشىكىدە تۇرۇپ، ئىشىكدىن چىققانلارنى قەتل قىلۇر ئەردىلەر. تاكىم باغنىڭ قاشىدا كاپىرلاردىن يەتتە مىڭ كىشى ئۆلدى. كاپىرلار قاچىپ قورغانغا يۈردىلەر. مۇسۇلمانلار قوغلاپ، يەتتە مىڭ كىشىنى ئۆلتۈردىلەر. مۇسەيلەمە سەربەرەھنە جەڭ قىلۇر ئەردى، كۆردىكىم مۇسۇلمانلار غالىب بولدىلەر. بەس، ئاتدىن تۇشۇپ، باشىنى ئالىپ لەشكەر ئاراسىغە كىردى، تاكى باغدىن چىقىپ كەتكەي ۋە باغنىڭ ئىشىكىدە ھەزرەتى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شەھىد قىلغان ۋەھشى ھەزرەتى ھەمزەنى چاپقان شەمشەرنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئەردى. بەس، مۇسەيلەمە باغدىن چىقتى ئەرسە، ئەنسارىدىن بىر ئادەم تانۇپ، شەمشەر سالدى ئەرسە يىقىلدى، ئەمما ھىچ كار قىلمادى، جان ۋەھمىدىن قورقۇپ قاچقالى تۇردى. ئول ئەنسار ۋەھشىنى قىچقىردى ئەيدى: «يا ۋەھشى! بۇ مۇسەيلەمەدۇر!» بەس، ۋەھشى ئارقەسىدىن قوغلاپ يېتىپ، ھەربە سالدى ئەرسە، ئىككى قات زىرىھىدىن ئۆتۈپ قورساقىنى تېلىپ، راست ئۇچاسىدىن چىقتى؛ مۇسەيلەمە يىقىلدى. مۇسۇلمانلار قورغاننىڭ ئىشىكىگە يەتتى. ھېچكىم مۇسەيلەمەنىڭ ئۆلگەنىنى بىلمەدىلەر.

بەس، كېچە بولدى ئەرسە، ھەزرەتى خالىد لەشكەرگاھغە يانىپ تۈشتىلەر. ئەمما غەمكىن ئەردىلەركىم، مۇسەيلەمە قورغانغە بېرگىسە، ئۇزاق جەڭ بولغاي، لەشكەر بىسيار خەستە ۋە مەجرۇھ بولغاي ئەردى. بەس، ئەرتەسى خالىد فۇجائەنى ھەمراھ قىلىپ، لەشكەرنى چۆيرۈلدىلەر. تا بىلگەيلەركىم لەشكەردىن كىملەر ئۆلۈپدۇر. فۇجائە ھەزرەتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بۇ پالانى، بۇ پالانى دەپ، بىر - بىر كۆرسەتۇر ئەردى.

بەس، باغنىڭ ئىشىكىگە كەلدىلەرئەرسە، بىركىمەرسە ئۆلۈپدۇركىم، ھەربە قورساقىدىن تىگىپ ئۇچاسىدىن چىقىپدۇر. فۇجائە ئەيدى: «بىزگە ئانچە قىلۇرنى قىلىپدۇركى!» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «بۇ كىمدۇر؟» فۇجائە ئەيدى: «مۇسەيلەمەدۇر.» بەس، ھەزرەتى خالىد شاد ۋە ئەمىن بولدىلەر. تەھقىق ۋە تەفتىش قىلدىلەركىم بۇ مەلئۇننى كىم ئۆلتۈزۈپدۇر. ۋەھشى ئەيدى: «مەن ئۆلتۈردۇم.» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ئەي ۋەھشى، راست بولسە نە ياخشىلىقدۇر ساڭاكىم، ئەگەرچە كافىرلىقىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ زۇبدەسىنى شەھىد قىلدىڭ. لېكىن ئىسلامدا بەھتەرىن خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، مۇسۇلمانلارنى خالاس قىلدىڭ.» بەس، شول سائەت ھەزرەتى ئەبۇبەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بۇ ۋاقىئەدىن خەبەر ئىبەردىلەر. ئاندىن، فۇجائە ئەيدى: «ئەي خالىد، زىنھار مۇسەيلەمەنىڭ ئۆلگەنىگە فىرىفتە بولماغىلكىم، قورغاندا چەندان ئانىڭدىن غالىپ كىشى باردۇر. مۇسەيلەمە ئۇلاردىن زەبۇنراقى ئەردى. ئۇلار قاتتىغ جەڭ قىلۇرلەر، چەندان روزگار ئۆتەركىم بۇ قورغان ئاچىلماس، لەشكەر بىسيار ھىلاك بولۇر. مەسلەھەت ئولكىم، مەن كىرىپ ئۇلارنى سۇلھغە كەلتۈرۈپ ئالىپ چىقايكىم، ئۇلارغە ئامان بېرىپ، مال - ئەمۋاللارىدىن نىسفىغە قەبۇل قىلدۇرغايمەن.» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «باقاي، تاكىم مەسلەھەت نە يەرگە يېتەر.»

بەس، ھەزرەتى خالىد ئول كېچە فىكر ئەندىشە قىلدىلەر: فۇجائە سۆزىنىڭ راست - غەلەتىنى مۇھازەرە قىلماق مۇشكۇلدۇر. ئەرتەسى فۇجائە يەنە ئەيدى: «مېنىڭ مەسلەھەتىمگە كىرگىل، مەن ساڭا فىرىب بەرمەسمەنكىم، سېنىڭ ھەققىڭ مەندە باردۇركىم مېنى ئۆلتۈرمەدىڭ، ماڭا ياخشىلىق قىلدىڭ. ئەگەر سۇلھ قىلۇر بولساڭ ئۇلار ئۆزىنى ئوڭلاماسدا بۈگۈن سۇلھ قىلغىل. ۋەگەرنە كېيىن ئۇناماسلەر.» بەس، ھەزرەتى خالىد راست گۇمان قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئۇلارنىڭ جانلارىنىڭ قالغانىغە مىننەتدار بولسۇنلەر. يەر - سۇ، مۈلۈك - مال بارچەسىنى مۇسۇلمانلارغە بەرسۇنلەر. بۇ شەرت بىرلە سۇلھ قىلغىل.» فۇجائە ئەيدى: «ئۇلار بۇ شەرتغە ئۇناماسلەر. يەر - سۇ، پۇل - مالسىز تىرىكلىك قىلالماسلەر. پۇل - ماللارنىڭ نىسفى بىرلە سۇلھ قىل، يەر - سۇ، مۈلۈك - ئەملاكلەرى ئۆزلەرىگە بولسۇن.» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «قەبۇل قىلماسمەن.»

ئاتلەرىغە مىنىپ، قورغاننىڭ ئەتراپىنى كۆردىلەركىم بېنەھايەت مەھكەمدۇر. فۇجائە يەنە دەلالەت قىلدى ئەرسە، قورغاننىڭ مەھكەملىكىدىن كۆڭۈللەرى يانىپ ئەردى. ئەيدىلەر: «يەمامە كەنتلەرىدىن خاھلاغانىنى مۇسۇلمانلارغە بەرگەيلەر ۋە يەنە شەھەرنىڭ ئىچىدىن خاھلاغانەڭ بىر ھەۋلە بەرسۇنلەر. بۇ شەرت بىرلە سۇلھ قىل.» فۇجائە ئەيدى: «كىرىپ ئۇلاردىن سوراي، نە دەيدۇر.» بەس، ھەزرەتى خالىد رۇخسەت بەردىلەر. بەس، فۇجائە شەھەرگە كىردى، كۆردىكىم، ھەمە خاتۇنلار، بالالار، پىر - زەئىفلەردىن ئۆزگە ھىچ لەشكەر يوقدۇر. ئۇلۇغلاردىن سۇللەمە بىننى سەلامە ئاتلىغ بىر ئادەمدىن ئۆزگە ھىچ كىشى يوق ئەردى. ئول جەڭ كۈنى مۇسەيلەمەگە ھەمراھ ئەردى. مۇسەيلەمە ئۆلگەندە باغدىن چىقىپ كۆردىكىم ئۆلۈپدۇر. بەس، قاچىپ ئۆزىنى شەھەرگە ئالىپ ئەردى. بەس، فۇجائە خاتۇنلارنى يىغىپ، مىڭ خاتۇنغە سىلاھ كىيدۇردى، سىفىلگە چىقاردى ۋە ئەيدى: «مەن چىقغاندىن كېيىن دەرۋازەنى ئېتىپ، سىفىلگە چىقىپ، مېنى ناسەزا ئېتىڭلار. تاكى مەن جانىڭلارغە بىر تەدبىر قىلغايمەن.» بەس، فۇجائە شەھەردىن چىقتى ئەرسە، خاتۇنلار ئانداغ قىلدىلەر. ھەزرەتى خالىد شەھەرگە ياۋۇق ئەردىلەر. ئول خاتۇنلارنى لەشكەر گۇمان قىلدىلەر. فۇجائە كەلدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «ئول لەشكەردۇرمۇ؟» فۇجائە ئەيدى: «ئارى، ئون چەندان ئول شەھەردە باردۇر.» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەركىم: «نە ناسەزا ئېتۇرلەر؟» «بۇ سۇلھنى قەبۇل قىلماي مېنى ناسەزا ئېتۇرلەر. شەھەر ھەم مەھكەم، لەشكەرىمىز ھەد ھىسابىدىن زىيادە، تەئام ۋە زەخىرەمىز فەراۋاندۇر. زىمىستان ياۋۇقدۇركىم خالىد تۇرالماي كېتەر، دەيدۇرلەر.» بەس، ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «تەدبىرى نەدۇر؟» فۇجائە ئەيدى: «مال كەم قىلماق لازىمدۇر.» بەس، ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «تەمامى مال - ئەمۋاللارىدىن تۆرتنىڭ بىرىنى مۇسۇلمانلارغە بەرسۇنلەر، ھەركەنتدىن بىر ھەۋلە بەرسۇنلەر، شەھەردە بىر ھەۋلە ماڭا خاس بەرسۇنلەر. بۇ شەرت بىرلە سۇلھ قىل.» بەس، فۇجائە يەنە كىردى ئەيدى: «تەدبىر ھىلە بىرلە سىزلەرنىڭ جانىڭلارنى قۇتقاردىم، بالا - بارقاڭلارنى ئەسىرلىكدىن قۇتقاردىم. مال - ئەمۋاللارنىڭ تۆرت ھەسسەنىڭ بىرىنى خالىدغە قىلدىم.» تەمامى خەلق فۇجائەدىن مىننەت تۇتتىلەر، مەگەر سۇللەمە قەبۇل قىلمادى ئەرسە، فۇجائە ئەيدى: «مەن

سىنىڭ سۆزۈڭ قويماسمەن، سىنىڭ شۇملۇقۇڭدىن تەمامى قەۋم ھەلاك بولۇرلەر.» بەس، فۇجائەنىڭ سۆزى بىرلە ئەللىك كىشى چىقتىلەر، سۇللەمەنى ھەم ئالىپ چىقتىلەر. بەس، ھەزرەتى خالىد بىرلە سۇلھ قىلدىلەر، تەمامى مۇسۇلمانلارنى گۇۋاھ قىلىپ، سۇلھنامە پىتتىدىلەر. ئەرتەسى شەھەر ئاچىلدى. ھەزرەتى خالىد شەھەرگە كىردىلەر؛ ئەتراف - جانىبنى سەير قىلدىلەر. ھىچ لەشكەر ئەسەرىنى تاپمادىلەر ئەرسە، فۇجائەغە ئەيدىلەر: «ماڭا خىيانەت قىلىپسەنكىم مۇندا لەشكەر يوقدۇر.» فۇجائە ئەيدى: «يا ئەمىر، مۇندا ھەمە قاياش، قەبىلەم ۋە ئەھلى ئەيالىم بار ئەردى، ئۇلارغە چەندان مۇشىبەتلەر يېتىپ ئەردىكىم ئۇلاردىن ھەرگىز فەرامۇش بولماس ئەردىم. ناچار ئۇلار خانىمان ۋە پۇل - مالى بىرلە كۆڭلى خوش بولغاي دەپ، بۇ ئىشنى قىلدىم.» بەس، ھەزرەتى خالىد سۇلھ بۇزالماي خامۇش بولدىلەر. بىر رەۋاق - تاقنى ئۆزلەرىگە ئالدىلەر. بۇ ئەسنادا ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نامەلەرى كەلدىكىم: «قۇدرەتىڭ بارىچە قورغاننى مۇھاسىرە قىلغىل، سۇلھنى قەبۇل قىلماغىل. قاچانكىم قورغاننى فەتھ قىلساڭ خەلقىنى ئۆلتۈرۈپ، بالا - بارقاسىنى ئەسىر قىلغىل؛ يەر - سۇيىنى مۇسۇلمانلارغە تەقسىم قىلغىل!» بەس، ھەزرەتى خالىد نامەنى ئوقۇپ، جەۋاب پىتىدىلەركىم: «قورغانى بىنەھايەت مەھكەم، خەلقى بىسيار، تەئامى - زەخىرەسى بىشۇمار ئىكەن؛ مۇسۇلمانلار خەستە ۋە مەجرۇھ، تاشقارى ئوت، سۇ، تەئام، شەراب تەنقىسلىقدىن سۇلھ قىلماقنى مەسلەھەت كۆرۈپ، نامەلەرى كەلمەسدىن ئۈچ كۈن ئىلگەرى سۇلھ قىلىپ ئەردىم، سۇلھنى بۇزالماي تەڭ بولدۇم.»

بەس، بۇ جەۋاب يەتتى ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر خەتتاب ئەيدىلەر: «خالىد مۇسۇلمانلارغە خىيانەت قىلىپدۇركىم، دۇشمەنلەرنى زەردار قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى تەڭ دەست قىلىپدۇر. ئۆزىگە ئانچە مىقدار ئالىپدۇر. يەنە ئىككى - ئۈچ كۈن تۇرسە ئەردى، مۇسۇلمانلار تەمام غەنىمەت ئالۇر ئەردىلەر. مەن ئەيتمادىمموكىم، ئول مۇنافىقدۇر. ئانى چىرلاپ ئالماق لازىمدۇر!» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىغ سۆز بىرلە «خىيانەت قىلىپسەن» دەپ نامە ئىبەردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى خالىد بىلدىلەركىم، بۇ غەزات قىلغان سەئى - كۆششلەرى بىكار بولۇپدۇر.

ئەيدىلەر: «بۇ ھەزرەتى ئۆمەردىندۇرلەر.» بەس، ھەزرەتى خالىد فۇجائەگە ئەيدىلەر: «مەن يەمامەگە تۇرماقنى نىيەت قىلىپدۇرمەن، قىزىڭنى ماڭا بەرگىل.» فۇجائە ئەيدى: «قىزىمىنىڭ مېھرىنى تاپالماسسەن!» بەس، ھەزرەتى خالىدغە بۇ سۆز ئار بولدى ئەرسە، مىڭ دىرەمگە مېھر باغلاپ، فۇجائەنىڭ قىزىنى ئالدىلەر. مىڭ دىرەمنى ئول كۈن بەردىلەر. يەمامە غەنىمەتىنى ھۇنۇز تەقسىم قىلماغان ئەردىلەر. ھەزرەتى خالىد توي قىلغان كېچەسى لەشكەردە بىسيار خەلق ئاچ ۋە مۇھتاج ئەردىلەر. بۇلارنىڭ ئاراسىدا ھەزرەتى ئۆمەرنىڭ دوستلارىدىن زىياد بىننى ئۇمرۇ بىننى ئەللەبەشى ئاتلىغ بىر شائىر بارئەردى. بۇ ۋاقىئەنى ھەزرەتى ئۆمەرگە نەزم قىلىپ ئىبەردى. ھەزرەتى ئۆمەر ئول خەتنى ئالىپ، ھەزرەتى ئەبۇبەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە كىردىلەر، ئەمما غەزەبدىن تىترەر ۋە ئەيدىلەركىم: «ئەي خەلىفەئى رەسۇلى خۇدا! كۆرگىلكىم خالىد نە ئىشلەر قىلۇر؟! ئول قىلغان فەساد ئىشلەرنى ھېچكىم قىلماغاندۇر، چەندان پادىشاھلار ئۆتكەندۇركىم، مىڭ دىرەم بىرلە خاتۇن ئالماغاندۇرلەر! مىڭ دىرەمنى نەقد قىلماغاندۇرلەر! بۇ ئىشنى نېچۇك ئۆتكەرۇرسەن؟ ۋاي ئاڭا كىم، چەندان مۇسۇلمانلارنىڭ خۇنى ئانىڭ گەردەنىدۇر. ئەرەبدە چەندان مۇسۇلمانلار ئانىڭ بائىسىدىن مۇرتەد بولدىلەركىم ھىسابغە راست كەلمەس. مۇھاجىر - ئەنسار ۋە سەھابەھاي كىباردىن مىڭ ئىككى يۈز كىشى يەمامە جەڭىدە شەھىد بولدىلەر، بىرى مېنىڭ بىرادەرىم ئەردى. ئەگەر ئول كىسرالاردەك تەختدە ئولتۇرماي، ئۆزى باشلاپ جەڭ قىلسە ئەردى، لەشكەر شىكەست تاپماس ئەردى. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خۇنى ئانىڭ گەردەنىدەدۇر. ئانى چىرلاپ ئالىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مالىنى ئالماق لازىمدۇر. مۇندىن كېيىن بەيتۇل - مالغە مۇتەسەددى قىلماغان ئەۋلادۇر!» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەزەبلەرى كەلدى. ئەمما ئەيدىلەركىم:-«تەمامى فەتھ ئانىڭ بىرلەدۇر، ئەگەر ئانى ئۆلتۈرۈپ غەزەب قىلسام، دۈشمەنلەر ئەركىلەنۇر، ئۆزگە كافىرلارغە لەشكەر ئالىپ بارغان ئەمىرلەر مەئيۇس بولۇرلەر.» بەس، ھەزرەتى خالىدغە تەئسىر قىلغۇدەك ۋە خىجالەتدىن تەر ئاقغۇدەك سۆزلەر بىرلە نامە ئىبەردىلەركىم: «ساڭا ئانچە دەۋلەت ۋە فەراغەت يۈزلەنىپدۇركىم، ئالەمدىن بىخەبەر ئۆيلەنىپ ياتىپ، غەنىمەت مالىنى نابۇد

قىلىپسەن. چەندان مىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ قانىنى تۆكۈپسەن!» ھەزرەتى خالىد ئول نامەنى ئوقۇپ، يەمامە سەردارلەرنى يىغىپ ئەيدىلەر: «ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەبۇ بەكرىسسىدىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىزلەردىن بۇ سۇلھنى قەبۇل قىلمايدۇرلەر. ھەزرەتى ئۆمەر بۇ سۇلھنى قەبۇل قىلغالى قويمايدۇرلەر. سىزلەر مەدىنەگە بارىپ، ئۆز ھالىڭلارنى ئەرز قىلماق لازىمدۇر، تا نېچۈك ئەمر قىلۇرلەر ئىشتمەك لازىمدۇر.»

بەس، فۇجائە ۋە سۇللەمە باشلىغ ئون كىشى مەدىنەگە كەلدىلەر. ئەرزى ھاللەرىنى ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسسىدىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەرئەرسە، كۆردىلەركىم، نەھايەتى ئاقىل، ئىمتىيازلىغ ۋە ياخشى سۆزلۈك خەلقدۇر، گۇناھىنى ئۆتتىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر بىلدىلەركىم خالىد ئىبەرىپدۇر، بۇلارنى شەفائەت قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسسىدىق رەزىيەللھۇ ئەنھۇ مۇسەيلەمە كەززابنىڭ بۇلارغە خۇدادىن كەلگەن ئايەت دەپ ئوقۇغان مۇھمەلىنى ئىشتمەكنى خاھلاپ ئەيدىلەر: «سىزلەر مۇنچە ئەقل ھۇش بىرلە يالغان سۆزلەرگە نېچۈك فىرىفتە بولدۇڭلار؟» فۇجائە ئەيدى: «ئەمىرۇل مۆئمىنىن! مۇسەيلەمە سۆزلەر باغلادى بۇ خۇدانىڭ سۆزىدۇر، ماڭا ئاسماندىن كېلىپدۇر دەپ، دەئۋا قىلدى. ئول شەقاۋەت بىزگە پىتىلگەن ئىكەندۇر. ۋەگەرنە بىزگە چەندان يالغان ئىشلار زاھىر بولدى» دەپ مۇسەيلەمە كەززابنىڭ سۆرەلەرىدىن نەچەند سۆرەلەر ئوقۇدى. ۋە يەنە ئەيدىلەر: «بەھارۇل رەجالنى ئەھلى يەمامەگە ئەلچى ئىبەردىلەر، تاكى دىنى شەرىئەت تەئلىم بەرگەي. ئول كېلىپ مۇسەيلەمە بىرلە بىر بولدى. ھەر ئايەتكىم رەسۇل ئەكرەمدىن ئۆرگەنىپ ئىكەن، مۇسەيلەمەگە ئوقۇدى، ئول ئانىڭ تەقابىلىدا بىر مۇھمەل ئوقۇدى. ئانداغكى سۆرەئى ۋەننازىئاتنىڭ ئورنىدا: والمنذرات زرعا، فالحاصدات حصدا، والذيات فتحا، فالطحيات طيحا، ولخاسرات خسرا، والنارزات نذرا ـ بۇ مۇھمەللەرنى چاينادى، ۋە يەنە بۇ تەرىقە ھەر سۆرەنىڭ ئورنىدا بىر مۇھمەلنى خۇدادىن كەلگەن ئايەت دەپ ئوقۇدى. ۋە يەنە ئانداغ يالغان زاھىر بولدىكىم، بەنى ھەنىفەدىن بىرمەزلۇم كېلىپ ئەيدى: «بىزنىڭ قۇدۇغىمىزنىڭ سۈيى كەم بولدى، دۇئا قىل تاكى سىيراب بولغاي.» بەھارۇل رەجال ئەيدى: «مەن ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمدە كۆرۈپ ئەردىمكى، قۇدۇغىمىزنىڭ سۈيى كەم بولدى، دەرەختىمىز مىۋە بولمادى

دىسە، مۇبارەك ئاغىزلەرىغە سۇ ئالىپ، غەر ـ غەرە قىلىپ، ىېرۇر ئەردىلەر.
ئول سۇدىن قۇدۇغقە تامىزسا سىيراب بولۇر ئەردى؛ دەرەختلەرغە ساچسا مىۋەسى بىنەھايەت بولۇر ئەردى. سەن ھەم ئانداغ قىل.» بەس، مۇسەيلەمە ھەم بۇ تەرىقە قىلىپ ئەردى، ئول قۇدۇغقە قۇيدى ئەرسە، مۇتلەق قۇرۇدى.
ۋەيەنە بىر مەرتەبە بەھارۇل رەجال ئەيدى: «مەن ھەزرەتـــى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم قاشلەرىدە ئولتۇرۇپ ئەردىم، بىر مەزلۇم يىگى تۇغقان بالاسىنى ئالىپ كەلدى ئەرسە، مۇبارەك قوللەرى بىرلە باشىنى سىلادىلەر، تىلىنى تۇتتىلەر، دۇئا قىلدىلەر، ئول بالا سۆزگە كەلدى. سەن ھەم ئانداغ قىل.
بەس، مۇسەيلەمە بىر يىگى تۇغقان بالانى كەلتۇرۇپ، ئانداغ قىلدى ئەرسە، ئول بالانىڭ باشى تاز ۋە تىلى گۇڭ بولدى. ۋە يەنە بىركۇنى، بىرئادەم مۇسەيلەمەنىڭ قاشىغە كەلدى، ئول يۇزىنى يۇپ ئاغزىغە سۇ ئالىپ ئولتۇرۇپ ئەردى. بەھارۇل رەجال ئول ئادەمگە ئەيدى: «بۇ سۇدىن ئالىپ زىرائەتىڭغە ساچغىلكىم ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا تەھارەتلەرىنىڭ سۇيىنى ئالىپ بىر كىمەرسە زىرائەتىگە ساچىپ ئەدى، بىھەد ۋە بىھىساب ھوسۇل بولغان ئەردى.
بەس، ئول ئادەم ئول نىجىس سۇدىن ئالىپ زىرائەتگاھغە ساچتى ئەرسە، مۇتلەق قۇرۇپ قالدى. مۇنداغ ۋاقىئەلەر تولا ۋاقىئ بولدى.» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئانىڭ يالغانلىقىغە مۇنداغ ئەلامەتلەر كۆرۇپ، نىچۇك ئىمان كەلتۇردۇڭلار؟» فۇجائە ئەيدى: «بائىس ئولكىم، مۇسەيلەمە بەنى ھەنىفە بەنى رەبىئەنىڭ ئۇرۇغىدىن؛ ھەزرەتـــى مۇھەممەد مۇستەفا سەل-ئەل-لەم قۇرەيش بەنى مۇزەردىن. بەنى رەبىئەدىن تولەيھە ئاتلىغ بىرئادەم مۇسەيلەمەنىڭ قاشىغە كەلدى ئەيدى: «نىچۇك ئادەم سەن؟» ئەيدى: «پەيغەمبەردۇرمەن.» تولەيھە ئەيدى: «ساڭا خۇدادىن فەرىشتە كېلۇرمۇ؟» مۇسەيلەمە ئەيدى: «ئارى، كېلۇر.» تولەيھە ئەيدى: «خۇدا ھەم كېلۇرمۇ؟» مۇسەيلەمە ئەيدى: «خۇدا قاراڭغۇلۇقدا بولماسا ئەردى. كېلۇر ئەردى.» تولەيھە ئەيدى: «بىلۇرمەنكىم تەمام يالغان ئەيتۇرسەن. ئۆز قاياش قەبىلەمدۇرسەن. مۇھەممەد مۇستەفا سەل-ئەل-لەم ھەرچەند راستكويدۇر. لېكىن بەنى مۇزەردىندۇر،» دەپ ئاڭا تابىئ بولدى.
ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «خۇدا گۇمراھ قىلغاننى ھىدايەت بەرگۇچى يوقدۇر.» بەس، ئۇلارنى يەمامەگە ياندۇردىلەر

ئەرسە، ھەزرەتى خالىد غەنىمەتنى تەقسىم قىلىپ بەردىلەر.

## قىسسەئى
## ئەلارىبىننى خىزرۇمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

بۇ — ئەلار بىننى خىزرۇمى ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبەرگەن ئون بىر ئەمىرنىڭ بىرى ئەردىلەر. ئىلگەرى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بەھرەيىننىڭ پادشاھى مۇنزەر بىننى ھىنا ساۋىغە ئەلچى ئىبەرىپ ئەردىلەر. بۇلەر بارىپ مۇنزەرنى ۋە تەمامى ئەھلى بەھرەيىننى مۇسۇلمان قىلىپ، يانىپ ئەردىلەر. قاچانكىم رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم دارىلبەقاغە رىھلەت قىلدىلەر ئەرسە، مۇنزەر ئۆلۈپ، بەھرەيىن ھەددىنىڭ خەلقى مۇرتەد بولۇپ ئەردى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيللاھۇ ئەنھۇ ھەم ئەلارنى لەشكەر بىرلە بەھرەيىنگە بۇيرۇدىلەر. ئول بەھرەيىن ئىككى قەبىلە ئەردى، بىرى بەنى ئابدۇلقەيس، يەنە بىرى بەنى بەكر. بەنى ئابدۇلقەيسدىن جارۇد بىننى ئۇمەر ئاتلىغ بىرئادەم رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنىڭ خىزمەتلەرىگە كېلىپ، بىسيار ئىلمى شەرىئەتنى ئۆرگەنىپ ئەردىلەر؛ ئەھلى ئابدۇلقەيسنى مۇسۇلمان قىلىپ ئەردى؛ بەس، ئۇلار مۇرتەد بولۇپ ئەردىلەر ئەرسە، جارۇد ئەيدى: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋەفات بولدىلەر ئەرسە، بۇ دىندە نېچۈك يامانلىق كۆردۈڭلەر؟» ئۇلار ئەيدىلەر: «ئەگەر پەيغەمبەر بولسا ئەردى ئۆلمەگەي ئەردىلەر.» جارۇد ئەيدى: «مۇندىن ئىلگەرى پەيغەمبەرلەر ئۆتكەنمۇ؟» ئەيدىلەر: «ئارى، ئۆتكەندۇرلەر.» جارۇد ئەيدى: «ئول پەيغەمبەرلەر قايان كەتكەندۇرلەر؟» ئەيدى: «ئۆلگەندۇرلەر.» جارۇد ئەيدى: «بۇلەر ھەم ئول تەرىقەدەدۇرلەر.» بەس، بەنى ئابدۇلقەيس بۇ سۆز بىرلە مۇسۇلمان بولۇپ ئەردىلەر. بەنۇ بەكر مۇرتەد ئەردى. ئۆزىگە بەنى ئابدۇلقەيسدىن ھەتىم بىننى مىنئە ئاتلىغ بىر ئادەمنى سەردار قىلدى. بەنى رەبىئەدىن بەنى بەكر ۋە يەنە بەھرەيىندەكى مۇرتەدلەر ھەتىمغە يىغىلىپ، بەھرەيىننىڭ پايتەختى ھەجر دىگەن شەھەرنى ئالدىلەر. بەنى ئابدۇلقەيس جارۇدغە تابىئ ئەردىلەر، مۇرتەدلەرنى ئىسلامغە تەكلىف قىلۇر ئەردىلەر،

قەبۇل قىلماس ئەردى. ئاخىر، ھەتىم مۇسۇلمانلارغە لەشكەر ئىبەردى ئەرسە، جارۇد باشلاپ بەھرەيىننىڭ ئاۋەر دىگەن قورغانىغە كىردىلەر. ھەتىمنىڭ لەشكەرى ئۇل قورغاننى مۇھاسىرە قىلىپ، مۇسۇلمانلارنى تەڭ قىلىپ ئەردى. ئەلار خىزرۇمى لەشكەرى ئىسلام بىرلە ئۇل قورغانغە يەتتىلەر ئەرسە، يۇر شەھەرلەرگە پەراكەندە بولغان مۇسۇلمانلاردىن قەيس بىننى ئاسىم بىسيار مۇسۇلمانلار بىرلە كېلىپ، لەشكەرى ئىسلامغە قوشۇلدىلەر. ۋە يەنە رۇباب ئاتلىغ ئادەم جەمىئ مۇسۇلمانلار بىرلە كەلدى. ئەلار بىننى خىزرۇمىنىڭ لەشكەرى بىسيار بولدى ئەرسە، ھەتىمنىڭ لەشكەرى قاچىپ كەتتى. ئۇل مۇسۇلمانلار بىسيار شاد بولۇپ، قورغاندىن چىقىپ، ئەلار خىزرۇمىغە قوشۇلدى. ھەمە ئىتتىفاق بولۇپ، ھەتىمغە يۈزلەندىلەر. ئۈچ كۈنلۈك قالىپ ئەردى، باياباندا بىر قۇدۇغ لەبىگە بارىپ تۈشتىلەر. ئۇل قۇدۇغنىڭ سۇيى ئاز ئەردى، لەشكەرگە كىفايەت قىلمادى، تۈگەدى ئەرسە، ئەكسەر خەلقغە ۋە تىۋەلەرگە سۇ يەتمەدى. ھەمە خەلق ئەلار خىزرۇمىغە كەلدىلەر، ئۇلەر دۇئا قىلدىلەر، ئەسەرى ئىجابەت مەئلۇم بولمادى. ئاخىر تۈن يارىمى بولدى ئەرسە، تىۋەلەر ھەر تەرەفكە كەتتى، تاكى بىر تىۋە قالمادى. خەلق تىۋەلەرنىڭ ئارقاسىدىن پەراكەندە بولدىلەر، ھىچكىم تىۋەلەرنى تاپالمادىلەر. سەھەر ۋەقتى ئەردى، خەلق تەشنە ۋە ھەيران بولۇپ يانىپ كەلدىلەر. ئەلار خىزرۇمى ئەيدىلەر: «غەم يىمەڭلاركىم ھەق تەئالا تىۋەلەرنى ھىلاك قىلماس.» ئۇلار ئەيدىلەر: «بىزدە جان غەمىدۇركىم ھەۋا قىزىسا سۇ بولماس. ئىككى كۈندۇر تەشنەدۇرمىزكىم ھەمە ئۆلگەيمىز.» بەس، ئەلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇئا قىلدىلەر، ھەمە مۇسۇلمانلار ئامىن دىدىلەر. بەس، ھەۋا گەرم بولدى. تەمامى مۇسۇلمانلار جاندىن نەۋمىد بولدىلەر ئەرسە، يىراقدىن سىرابدەك بىر نەرسە كۆرۈندى ئەرسە، ھەزرەتى ئەلار بىر ئادەمنى بۇيرۇدىلەر؛ بارىپ كۆردىلەركىم، ساف ۋە سۈزۈك ئاقىن سۇدۇر. مۇسۇلمانلارنى قىچقىردى، ھەمە يۈگۈرۈشۈپ باردىلەر، سىراب بولدىلەر. بۇ ئەسنادا، تىۋەلەر ئەتراف - جەۋانىبدىن بىردىن ئىككىدىن يىغىلىپ كەلدىلەر، سۇ ئىچتى ۋە ھەركىم سۇ ئالدىلەر. ھەرگىز ئاندىن سۇ گۇمان قىلغۇدەك يەر ئەمەس ئەردى.

بەس، ئاندىن كۆچۈپ يۈردىلەر. بۇ خەبەر بەھرەيىندە فاش بولدى ئەرسە،

بەھرەيندەكى مۇرتەدلەر مۇسۇلمان بولدىلەر؛ ئىسلامغە گۇمانى بار خەلق تەسدىق قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەلارنىڭ خىزمەتلەرىگە يۈزلەندىلەر. كافىر - مۇشرىكلەر ھەجردە ھەتىمغە جەمئ بولدىلەر. ھەجرنىڭ سىغىلى يوق ئەردى، ھەتىم چۆگرەسىگە خەندەق قازدۇردى. ھەزرەتى ئەلار كېلىپ خەندەقنىڭ لەبىگە تۈشتىلەر. ھەركۈنى بامداددىن تا ھەۋا قىزىغۇچە، نەمازدىگەردىن تاكى كۆز كۆرگۇچە قەلئ قىلۇر ئەردىلەر. تا بىر ئاي ئۆتتى. بىر كۈنى مۇرتەدلەرنىڭ ئاراسىدا بىر غەۋغا - غۇلغۇلە چىقتى. ئەلار ئەيدىلەر: «بىركىشى خەبەر ئالغاي ئەردىكىم بۇ كېچە كافىرلار قاچتى بولغاي.» ئابدۇللاھ بىننى ھەدەق ئەيدى: «مەن خەبەر ئالايكىم، مېنىڭ بىر خالەم باردۇر.» بەس، ھەزرەتى ئەلار ئەيدىلەر: «بارغىل.» ئابدۇللاھ بارىپ، خالەسى قاشىغە كىردى ئەرسە، ئەيدى: «نە ئىشغە كەلدىڭ؟» ئەيدى: «ئاچلىقدىن ئۆلەر ھالغە يەتتىم، ئۆلار ھەم تەمام بۇ ھالدادۇرلەر.» ئول ئەيدى: «ئەمدى مۇندا بولغىل.» بەس، تەئام كەلتۈردى ئەرسە، تەئام يەپ ئولتۇرۇپ ئەيدى: «بۇ نە غەۋغادۇر؟» ئەيدى: «ھەتىم شاھ تەمامى لەشكەرنى مېھمان قىلۇر، ھەمە شەراب ئىچىپدۇرلەركىم، مەستلىكدىن ماجرا قىلۇرلەر؛ بەس، ئابدۇللاھ چىقىپ، ھەتىمنىڭ لەشكەرگاھىغە كەلدى، كۆردىكىم ھەمە مەست، بىخەبەردۇرلەر. يانىپ ھەزرەتى ئەلارغە ئەيدى: «ھەمە مەست - بىخۇددۇرلەر.»

بەس، ئەلار تەمامى لەشكەر بىرلە ئاتلاندىلەر، ئاھىستە خەندەقدىن ئۆتۈپ، لەشكەرگاھغە يېتىپ، يەكبارە شەمشەر ئۇرا باشلادىلەر؛ كافىرلار ئاتغە مىنەلمەدى ۋە نە كىيەلمەدى، ۋە يەنە ھىچ تەرەفكە قاچالمادى. ھەتىمنىڭ ئاتى ئىگەرلىك ئەردى؛ مەست بارىپ، ئۈزەنگۈچى ئاياغ قويدى ئەرسە، باغى ئۈزۈلۈپ، ھەرچەند جىددۇجەھد قىلدى. مىنەلمەدى؛ قىچقىرۇر ئەردى: «ئەي خەلق مېنى ئاتغە مىندۇرۇڭلار! مەن سىزلەرنى خەلاس قىلۇرمەن!» ھىچكىم تانۇماس ئەردى. ناگاھ مۇسۇلمانلاردىن ئەفىق بىننى ئەل - مۇنزەر ئاتلىغ بىر پەھلىۋان ھەتىم بىرلە دوست ئەردى. ئانىڭ ئاۋازىنى ئىشتىپ كەلدى، شەمشەرى بىرلە تىزىدىن كېسىپ تاشلادى ئەرسە، فەرياد قىلدىكىم: «سەن كىمدۇرسەن؟» ئەيدى: «ئەفىقدۇرمەن.» ھەتىم ئەيدى: «ئىمجان قىلدىڭ، ئەمدى ئەلبەتتە تەمام قىلغىل!» ئەيدى: «ئۆلتۈرمەسمەن، بىلكى

بۇ دەرددە يۈز مىڭ ئەلەم بىرلە ئۆلگەيسەن! » بەس، ھەتتىم ئول كېچە تاڭ ئاتقۇنچە: «مەن ھەتتىمدۇرمەنكىم مېنى ئۆلتۈرۈڭلار! » دەپ فەرياد قىلۇر ئەردى. بەس، سەھەر ۋەقتى ئەردى، قەيس بىننى ئاسىم كېلىپ، مالىنىڭ دەۋزەخقە سىپارىش قىلدى.

بەس، سۇبھ سادىق فەتھ ـ زەفەرگە شادلىقدىن كۈلدى، زەفەر ـ نۇسرەت ئافتابى سۈرۈر ـ نەھجەت ئاسمانىدا خىيمە تىكتى. كۆردىكىم دۈشمەنلەر تەمام ئۆلۈپدۇر. ئەلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەماز بامداد ئۆتەدىلەر. ئاندىن، لەشكەرنى توختاتىپ، شەھەرنى تەسەررۇف قىلدىلەر. قالغان مۇرتەدلەردىن ئىسلامغە كىردىلەر. ئەترىفا ـ جەۋانىبغە قاچغان مۇرتەدلەرنى تاپىپ ئۆلتۈردىلەر. ئول مال غەنىمەتنى لەشكەرگە تەقسىم قىلدىلەر. ئاندا بەرقەرار بولدىلەر. تەمامى بەھرەيننى تەسەررۇف قىلدىلەر.

ئەيتىپدۇرلەر، دەريا لەبىدە دارەين ئاتلىغ بىر شەھەر بارئەردى، قالغان مۇرتەدلەر بىر ـ بىرىن ئاندا يىغىلدىلەر ئەرسە، ئەلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاگاھ بولۇپ، ئاڭا يۈزلەندىلەر. مۇرتەدلەر خەبەر تاپىپ، دەريانىڭ ئول تەرەفىدە بىر كۈنلۈك بىر شەھەر بارئەردى، كېمە بىرلە ئۆتۈپ، كېمەلەرنى كۆيدۈرۈپ، ئول شەھەرگە بارىپ ئەمىن بولدىلەر. ئەھلى شەھەر ھەم تەمامى مۇرتەد ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئەلار كېلىپ كۆردىلەركىم كافىرلار كېمەلەرنى كۆيدۈرۈپ قاچىپدۇر. دەريا لەبىگە تۈشتىلەر، يۈزلەرىنى تۇفراقغە قويۇپ ئەيدىلەر: «پەرۋەردەگارا! سېنىڭ قۇدرەتىڭغە خۇشك ـ دەريا يەكساندۇركىم، بىزنى بۇ دەريادىن ئۆتكەرگىل، تاكى دىن ئىشىدە شەك ۋە گۇمان قالغانلارغە جەزم تەئىن ھاسىل بولسۇن! ». بەس، ئەلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاتغە مىنىپ دەرياغە كىردىلەر، ئاتنىڭ تىزىغە چىقتى، تەمامى لەشكەر ئارقەلەرىدىن كىردىلەرئەرسە، خۇداي تەئالانىڭ فەرمانى بىرلە سەلامەت ئۆتتىلەر. ئول كافىرلار ھەيران بولۇپ غەمكىن بولدىلەر. سىھر ـ جادۇغە ھەملە قىلدىلەر. بەس، ئەلار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەمشەر تارتىپ يەكبار قەتلى ئام قىلدىلەر؛ مال ـ ئەمۋالىنى غەنىمەت ئالىپ، ئول دەريادىن ئۆتتىلەر ئەرسە، پىيادەلەرغە ھەم تىزىدىن ئۇستۇن چىقمادى. بۇ دىنى ئىسلامغە ئۇلۇغ ئەلامەت بولدى. ئاندىن غەنىمەتنى تەقسىم قىلدىلەر. پىيادەلەرگە ۋە سەۋارىلەرگە ئالتە مىڭدىن دىرەم تەگدى. ئاندىن ھەجرگە كەلدىلەر. مەدىنەگە

فەتھنامە ئىبەردىلەر. مۇسۇلمانلار مەدىنەدە شادلىق قىلىپ، ئەيدىلەركى، ئەلھەمدۇلىللاھكـــى، ھەق تەئالا بۇ ئۇممەتكە بىــــركــــمەرسە كەرامەت قىلىپدۇركىـــم، دەريا ئاڭا فەرمان تۇرۇپدۇر. بەس، ھەزرەتـــى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى ئەلارغە جەۋاب ئىبەردىلەركىـــم، بەھرەيندە بەرقەرار بولغىل.

## قىسسەئى
## مۇرتەدان ئۇممان ۋە مەھرە

ئانداغ رىۋايەت قىلىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋەقتلەرىدە، ئۇممان ۋە مەھرە پادىشاھى ھەنىف بىننى جەلەندىگە ھەزرەتى ئۆمەر بىننى ئاسنى ئەلچى ئىبەرىپ ئەردىلەر. ئوممان ۋە مەھرە ھەمە مۇسۇلمان بولۇپ ھەزرەتى ئۆمەر بىننى ئاس يانىدە ئەردىلەر. قاچانكىم ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ۋەفات بولدىلەرئەرسە، ئەكسەر ئەرەب مۇرتەد بولدىلەر. بۇلار ھەم «دىنى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەم باتىل بولۇپدۇر» دەپ، مۇرتەد بولدىلەر. ئەمما ھەنىف دىندىن يانمادىلەر، خەلقنى ئىسلامغە ئىندەر ئەردىلەر. مۇسۇلمان بولماغانلارنى ئۆلتۈرۈر ئەردىلەر. ئۇممانداء لەقىيت بىننى مالىك ئەزۋەرى ئاتلىغ بىرئادەم بار ئەردىكىم، ئاتا - باباسى ئۇممانغە پادشاھ ئەردى؛ ئۇلەرنى كىسرالارنىڭ زەمانىدا «زۇلتاج» ئاتار ئەردىلەر. كېيىن ئۇممانغە ھەنىف پادشاھ بولغان ئەردى. لەقىيت كۆردىكىم، تەمامى ئۇممان ۋە مەھرە خەلقى مۇرتەد بولدىلار ئەرسە، لەقىيت ھەم مۇرتەد بولۇپ، ھەنىف بىرلە جەڭ قىلىپ، مۇلكنى ئالدى. ھەنىف مۇسۇلمانلار بىرلە قاچىپ، بەئزە تاغلاردا پىنھان ۋە بەئزە كېمە بىرلە دەريالاردا ھەرتەرەفى رەۋان بولدىلەر. بەس، ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە يەتتى ئەرسە، خۇزەيفەنى ئۇممانغە بۇيرۇدىلەر؛ ئۇزفەجەنى مەھرەغە ئەمىر قىلدىلەر، ئەيدىلەر: «ئەۋۋەل خۇزەيفەگە ياۋەر بولۇپ، ئۇممانغە بارغىل. ئاندىن كېيىن مەھرەغە بارغىل.» ئەكرەمە بىننى ئەبى جەھىلنى ھەم بۇلارغە ياۋەر بولغالى ئىبەرىپ ئەردىلەر. بەس، بۇلارنـــى ئۇممانغە بۇيرۇدىلەر،

ئەكرەمە كېلىپ قوشۇلدى. بەس، ياۋۇق يەتتىلەر ئەرسە، خۇزەيفە ھەنىفغە خەبەر ئىبەردىلەر. ھەنىف ئۆز لەشكەرى بىرلە ئالدىغە كەلدى. سۇھار دىگەن يەردە ئۇچراشتىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەرئىشنى ھەنىفنىڭ تەدبىرى بىرلە قىلىڭلار دەپ ئەردىلەر. ئاندا مەسلەھەت قىلدىلەر. بەس، ئۇممان سەردارلارىغە نامە ئىبەردىلەر ۋە ئىسلامغە تەكلىف قىلدىلەر. ئۇلار ھەم ھەنىفنى ئارزۇ قىلۇر ئەردى؛ ھەمە چىقىپ ئىسلامغە قوشۇلدىلەر. لەقىيتنىڭ لەشكەرى ئاز قالدى ئەرسە، ھەنىف نامە ئىبەرىپ، ئەھلى ئۇممانىنى تۇنقايلەردەپ قورقۇپ، شەھەردىن چىقىپ، ئۇممانىنىڭ ۋەيا دىگەن بازارىغە تۇشتى ۋە ئاندا لەشكەرگاھ قىلىپ، جەڭگە ئاراستە بولدى؛ تەمامى زەن - فەرزەند ۋە تەئەللۇقاتىنى ئاندا يىغدى. جەڭگە شىتاب قىلۇر ئەردى.

ئۇممانىنىڭ ھۇدۇدىدا بەنى ئابدۇلقەيس گۇرۇھىدىن مۇسۇلمانلار بار ئەردى. ھەنىف ئۇلارغە نامە ئىبەردى. لەقىيت ئىزتىراب قىلىپ، جەڭگە تۇردى ئەرسە، مۇسۇلمانلار شىكەست تاپتى ۋە بىسيار مۇسۇلمانلارنى شەھىد قىلدى. بۇ ئەسنادا، بەنى ئابدۇلقەيسنىڭ لەشكەرى يېتىپ كەلدى. ئىسلام قۇۋۋەت تاپىپ، يانىپ جەڭگە تۇردىلەرئەرسە، لەقىيت قاچتى. مۇسۇلمانلار قوغلاپ، ئون مىڭ كىشىنى ئۆلتۇرۇپ، مال - ئەمۋالىنى تاراج قىلىپ، لەشكەرگە تەقسىم قىلدىلەر. خۇمسىنى ئالىــــپ، ئۇرفەجەدىن مەدىنەگە ئىبەردىلەر. خۇمس ئۆزگە مالدىن بۆلەك سەككىز يۈز بەندە ئەردى. بەس، ئۇرفەجە مەدىنەگە باردى. ئەكرەمەنى خۇزەيفە ۋە ھەنىف ئىتتىفاق بىرلە مۇھرەگە بۇيرۇدىلەر. ھەنىف ئۇممانداقى لەشكەرىنى تەمام ئەكرەمەگە بەردى. بەس، ئەكرەمە مەھرەگە ياۋۇق يەتتىلەر ئەرسە، مەھرەدەكى مۇسۇلمانلار ئەكرەمەنىڭ ئالدىغە چىقتىلەر. ئول مۇرتەدلەر ئىككــى گۇرۇھ ئەردى: بىرىنىڭ سەردارى سەھرىب، يەنە بىرىنىڭ مۇسەيھ ئەردى؛ بۇلار بىر - بىرىگە رەشكلىك ئەردى. بەس، ئەكرەمە سەھرىبغە ئەلچى ئىبەردىلەر، ئىسلامغە تەرغىب قىلدىلەر ئەرسە، قەبۇل قىلىپ، قەۋمى بىرلە ئەكرەمەنىڭ قاشلەرىغە كەلدى. ئاندا مۇسەيھغە ئەلچى ئىبەردىلەر، ئول قەبۇل قىلمادى. لەشكەرىنىڭ تولالىقىغە ئىئتىماد قىلىپ، جەڭگە ئاراستە بولدى. بەس، ئەكرەمە جەڭ قىلىپ مۇسەيھنى ئۆلتۇردىلەر. ئۇمماندىن قاتتىغراق جەڭ بولدى. ۋە يەنە، ئەھلى مەھرەدىن بادىيەنىشىن بىرئادەم بار ئەردىكىم، ئەھلى لۇبان ئاتار

ئەردىلەر. بەس، ئەكرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەھرەنى فەتھ قىلىپ، ئەھلى لۇبانغە كىشى ئىبەردىلەر ئەرسە، ھەمە مۇسۇلمان بولۇپ، قەبۇل قىلدىلەر. زەمىنى مەھرەدە ئىسلام ئاشكارا بولدى. بەس، ھەزرەتى ئەكرەمە غەنىمەت تەقسىم قىلدىلەر، خۇمىسنى ئالىپ، فەتھنامە پىتىپ، سەھرىبدىن مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىسيار شاد بولۇپ، ئەكرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن خۇشنۇد بولۇپ، مەھرەنى ئۇلەرغە بەردىلەر.

## قىسسەئى
## مۇرتەدان تەھامە

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، مەككە ۋە تايىفنى تا ئول ھەددىدىن بول ھەددىگە تا جىددەغىچە تەھامەدەر ئەردىلەر. جىددەنىڭ ئۇيان تەرەفى يەمەن ئەردى. قاچانكىم ئەرەبلەر مۇرتەد بولدىلەر ئەرسە، ئۇلار ھەم مۇرتەد بولدىلەر. دەريايى جىددە بىر تەرەفىنى بىلاد ئەككە ئاتارلەر ئەردى، ئۇلارنى شائىر دەرئەردىلەر، ھەمە مۇرتەد ئەردى. ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى ئاندىندۇرلەر. بەس، يەمەندىن كەلگەن مۇرتەدلەر بىر بولدىلەر. ئەسۋەد كەززابىنىڭ تابىئلەرىدىن ئۇمەر بىننى مەئدىكەرب ئەسۋەدنى ئۇلتۇرگەندىن كىيىن، بەنى زۇبەيد ۋە ئەھلى ئەككە بىر بولۇپ، تەھامە مۇرتەدلەرىگە قوشۇلۇپ، ئاش دىگەن يەردە يىغىلىپ، قاراقچىلىق قىلىپ، فەسادلار ئاشكارا قىلدىلەر. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ سەمسام ئاتلىغ بىر شەمشەرلەرى بار ئەردى، ئانى بىر ئامىللەرىغە بېرىپ، يەمەنگە ئىبەرىپ ئەردىلەر. ئانى يەمەننىڭ يولىدا ئۇمەر مەئدىكەرب ئالدى، خەلقنى ئول شەمشەردىن قورقۇتۇر ئەردى ۋە ئانى فەخر قىلۇر ئەردى.

بەس، ئەككە مۇرتەدلەرى مەھراب بىننى سەلىمنى پادشاھ قىلدى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەبەر ئالدىلەر، ئەمما لەشكەر ئىبەرەلمەدىلەر. بەس، ئوقاب بىننى ئوسەيدكە كىشى ئىبەردىلەر، تاكى ئول مۇرتەدلەرگە لەشكەر ئىبەرگەي. ئوقابىنىڭ بىرادەرى خالىدنى لەشكەر بىرلە ئىبەردىلەر ئەرسە، بىسيار قاتتىغ ۋە ئۇزاق جەڭ قىلىپ، تولاسىنى

ئۆلتۈرۈپ، ئەسىر قىلدى. مەئدىكەرب قاچىپ، تايىف ھەددىغە بارىپ، جەمئى مۇرتەدلەر بىرلە يىغىلىپ، ھۇمەيسە بىننى ھامان ئاتلىغ بىر ئادەمنى ئۆزلەرىگە ئەمىر قىلدىلەر. ھەزرەتى ئەۋ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان بىننى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە نامە ئ.بەردىلەركىم: «تايىفدىن ئول مۇرتەدلەرغە لەشكەر ئىبەرگىل.» بەس، ئوسمان بىننى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوسمان بىننى رەبىئەنى سەردار قىلىپ، لەشكەر ئىبەردىلەر ئەرسە، ھۇمەيسە بىرلە جەڭ قىلىپ، مۇرتەدلەرگە شىكەست بەردىلەر. ھۇمەيسە قاچىپ، يەمەن مۇرتەدلەرىگە قوشۇلدىلەر. بەھران خەلقى تەرسا ئەردى. ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىرلە سۇلھ قىلغان ئەردى. ۋەفاتىدىن كېيىن سۇلھنى سىندۇرۇپ ئەردى. بەس، ئىسلام لەشكەرى تايىف ۋە تەھامەگە كەلدىلەر ئەرسە، ھەمە ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە كېلىپ، سۇلھ تەلەب قىلدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيەمبەر سەل-ئەل-لەم سۇلھلەرىنى تازە قىلدىلەر، تايىف ۋە تەھامە مۇرتەدلەرىن پاك بولدى.

## دەستان
## يەمەن مۇرتەدلەرىنىڭ
## قىسسەسى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئەھلى يەمەن ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم زەمانەلەرىدە ئەسۋەد كەززاب بىرلە مۇرتەد بولۇپ ئەردى. مۇئاز بىننى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندە ئامىل ئەردىلەر، ئۇلەرنى بوھتان قىلىپ ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇرۇرنى لەشكەر بىرلە ئىبەردىلەرئەرسە، سۇرۇر ئەسۋەدنى ئۆلتۈردى. مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تاپىپ ئالدى. ئىسلام يەنە ئاشكارا بولدى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشىتىپ شاد بولدىلەر؛ يەمەننىڭ پادشاھلىقىنى فىرۇزغە بەردىلەر ئەرسە، قەيسكىم ئەسۋەدنىڭ سىپەھسالارى ئەردى؛ بىسيار غەمكىن بولدىلەر، ئاخىر مۇرتەد بولدى. ئۆمەر مەئدىكەرب بىرلە بىر بولۇپ،

ئىتتىفاق قىلدىلەركىم، يەمەن مۇلكىدە ئانچە پادىشاھزادىلەر باردۇر، ئۆلتۈرگەيلەر؛ ئەۋۋەل فىيرۇزنى، ۋەزىر داۋىيەنى ئۆلتۈرگەيلەر؛ قەيس يەمەنگە پادىشاھ بولغاي، ئۆمەر مەئدىكەرىبنى ۋەزىر قىلغاي. بەس، فىيرۇز ۋە داۋىيەنى مىھمان قىلدىلەر. ۋەزىر داۋىيەنى بىر ئۆيگە تەكلىق قىلىپ ئالىپ كىرىپ ئۆلتۈردىلەر. فىيرۇز ھەم كىرگەلى باردى ئەرسە، بىر مەزلۇم ئەيدى: «كىرمەگىلكىم داۋىيەنى ئۆلتۈردىلەر، سىنى ھەم ئۆلتۈرۈرلەر.» بەس، فىيرۇز قاچىپياندى.

ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئون بىر ئەمىرلەرىدىن بىرىكىم مەھاجىر ئەردى، ئول تايىفغە بارىپ، ئوسمان بىننى ئاسخە ياۋەر بولۇپ، ئاندىن ئۆتۈپ، خالىد بىننى ۋەلىدكە ياۋەرلىك قىلىپ، تەمامى تەھامە مۇرتەدلەرىنى يوق قىلىپ، ئاندىن يەمەنگە يۈزلەنىپ ئەردى. فىيرۇزغە قەيس غالىب بولدى ئەرسە، مۇرتەدلىكنى پىنھان تۇتار ئەردى. ئۆمەر مەئدىكەرىبنى ھەمراھ قىلدى. فىيرۇز بىرلە مۇلك تالاشىپ جەڭگە تۇردى. بەس، مەھاجىر ۋە ئەكرەمە يەمەنگە يەتتىلەر ئەرسە، فىيرۇزغە ياۋەر بولدىلەر. قەيس ئاشكارا مۇسۇلمان ئەردى، ئۆمەر مەئدىكەرىب ئاشكارا مۇرتەد ئەردى. بەس، مەھاجىر قەيسنى ۋە ئۆمەر مەئدىكەرىبنى ئەسىر قىلىپ باغلاپ، مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەيسغە ئەيدىلەر: «نىچۈك مۇرتەد بولدۇڭ، ۋەزىر داۋىيەنى نەدىن ئۆلتۈردۈڭ؟» قەيس ئەيدى: «مەن مۇسۇلماندۇرمەن، ۋەزىر داۋىيەنى ئۆلتۈرمەدىم.» بەس، قەيسنى ئۆلتۈردىلەر. ئۆمەر مەئدىكەرىبغە ئەيدىلەر: «تاكى ئىسلامدىن يۈز ئۆگۈرۈپ مۇرتەد بولۇرسەن؟!» ئۆمەر ئەيدى: «مەن مۇسۇلمان بولسام پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بەنى زۇبەيدنىڭ ئەمىرلىكىنى ماڭا بىرۇر ئەردىلەر.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «مەن ھەم بىرۇرمەن، مۇسۇلمان بولغىل.» ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەم ئەيدىلەر: «ئەگەر ئەمىر قىلسەلەر مەن ئىسلامدىن زىيادە ئىشنى قەبۇل قىلۇرمەن.» بەس، ئۆمەر مۇسۇلمان بولدى ۋە ئول قەبىلەغە ئەمىر قىلدىلەر.

بەس، مەھاجىر ۋە ئەكرەمە فىيرۇزنى قۇۋۋەتلىك قىلدىلەر. ئاندىن زەمىنى سەنئاغە بارىپ تۇردىلەر. مەدىنەگە نامە ئىبەردىلەركىم، يەمەندە ئىسلام ئاشكارا بولدى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەۋاب

ئىبەردىلەر: «ھەزەر مەۋتخە بارغايسىزلەر.» ئول ھەزەرمەۋتتە ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم قويغان زىياد بىننى لۇبەيد ئامىل ئەردى. ھەزەرمەۋت خەلقى زەكات بەرمەي، ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلغۇر ئەردىلەر. سەردارى ئەشئەس بىننى قەيس ئەل - كەنەدى ئەردى. ئاخىر، زىياد مۇسۇلمانلار بىرلە ئىتتىفاق قىلىپ، ئەشئەسنى بەنى كەنەد خەلقى بىرلە ھەزەر مەۋتدىن قوغلادىلەر. ئۇلەرنىڭ كەنەددە بىر ھىسارى بار ئەردى، ئاندا ئولتۇردىلەر ئەرسە، مەھاجىر ۋە ئەكرەمە ئاندا باردىلەر، قورغاننى مۇھاسىرە قىلدىلەر. ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇغەيرە بىننى شەئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن نامە ئىبەردىلەركىم: «ئەگەر قورغاننى فەتھ قىلساڭلار مۇرتەدلەرنى تەمام ئۆلتۇرۇپ، بالا - بارقاسىنى ئەسىر قىلىپ، قورغاننى بەنى كەنەدىدىن خالى قىلىڭلار؛ ئەگەر سۇلھ قىلساڭلار تەمامى خانىمانىنى تاشلاماغۇنچە قەبۇل قىلماڭلار!» ئەشئەس رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنىڭ خىزمەتلەرىگە بارغان، مۇسۇلمان بولغان ئەردىكىم، ئاڭا پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم: «قىزىم يا ھەمشىرەم بولسە ئەردى بەرسەم» دەپ ئەردى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەمشىرەلەرى قۇرۋەنى ئالىپ بەرگەن ئەردىلەر. كېيىن مۇرتەد بولۇپ ئەردى. ئەكرەمە بىرلە دوست ئەردى. بەس، ئەشئەس ئەكرەمەگە كىشى چىقاردىكىم: «ماڭا ئەھلى ئەيالىمدىن ئون كىشى بىرلە مەھاجىردىن ئامان تىلەگىل.» بەس، مەھاجىر قەبۇل قىلدىلەر ئەرسە، ئەشئەس چىقتىلەر. مەھاجىر ئەيدىلەر: «ساڭا ئۆز خاھىشىڭچە ئامان بەردىم، ھەركىمنى خاھلاساڭ خەت قىلىپ بەرگىل، تاكى مۇسۇلمانلارنى گۇۋاھ قىلغايمەن.» ئەشئەس بارىپ، ئامانىنامە پىتىدى. يىگىرمە كىشىنى نام بىنام خەتكە سالدى، ئۆزىنى ئۇنۇتۇپ قالدى؛ چىقىپ تەمامى مۇسۇلمانلاردىن گۇۋاھلىق ئالدى ئەرسە، ئەرتەسى قورغان ئاچىلدى. ھەمەئى مۇرتەدلەرنى ئۆلتۇرۇپ، بالا - بارقاسىنى ئەسىر ئالدىلەر. ئاندىن، ئەشئەسغە ئەيدىلەر ئەرسە، ئامانىنامەنى كەلتۇردى، كۆردىلەركىم ئۆزىنى پىتمەپدۇرلەر. ئەيدىلەر: «ئەي خۇدانىڭ دۇشمەنى! سىنىڭ قانىڭنى ماڭا مۇباھ قىلىپدۇركىم، مەن بۇخەت يۇزىدەكىلەرغە ئامان بىرىپ ئەردىم، ئەمدى سىنى ئۆلتۇرۇرمەن!» ئەشئەس ئەيدى: «ئەۋۋەل ئۆزۈمگە ئامان تىلەپ ئەردىم.» مەھاجىر ئەيدىلەر: «راست ئەيتۇرسەن، ھەرگىز كىشى ئۆزىنى ئۇنۇتۇپ،

ئۆزگە كىشىگە ئامان تىلىمەس. لېكىن ھەق تەئالا سېنىڭ ئۆلمەككىنى ئىرادە قىلىپدۇركىم، فەرامۇشلۇق سالىپدۇر.» بەس، ئەشئەسنى ئالىپ قوپتىلەر. ئاندىن، غەنىمەتنى تەقسىم قىلدىلەر، خۇمىسنى مەدىنەگە ئىبەرۇر بولدىلەر ئەرسە، ئەكرەمەگە ئەيدىلەر: «ئەشئەسنى خۇمىس بىرلە ھەزرەتى ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئىبەرسەك، تاكى ئۇلەر بىرنەۋئ ئەمر قىلغايلەر. بەس، ئىتتىفاق بىرلە ئەشئەسنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ئول ئامانىنامەنى ھەم بەردىلەر. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسلەھەت قىلدىلەركىم، ئەشئەسنى نېچۈك قىلماق كېرەك. ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «ئۆلتۈرمەك ياخشى ئەرمەسدۇر. چۈنكى ھەرچەند ئۆزگەنىڭ ئاتىنى سۇلھنامەگە پىتىبدۇر، مەئلۇمدۇركىم ئۆزىگە ھەم ئامان تىلەپدۇر. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەشئەس بىرلە ئول خەلق ئۆلۈمىنى ئۆتتىلەر. بەس، ئەشئەس بىر ئاي تۇردى، ئىسلامدا ئەردى. بىركۈنى ھەزرەتى ئەبۇبەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەرز قىلدىكىم: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن، ماڭا ئۆلۈمدىن ئامان بېرىپ، جانىمغە مىننەت قويدۇڭ. ئەمدى ھەمخانەمنى ھەم كەرامەت قىلغىلكىم، رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم مېنى خاھلاپ بېرىپ ئەردىلەر. ئۇلەر خاھلاغاننى سەن ھەم خاھلاغىل.» بەس، ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمشىرەلەرىنى تازا نىكاھ قىلىپ بەردىلەر.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: بەنى كەنەدەدە، نۇئمان بىننى ھەۋەد ئاتلىغ بىرئادەم ئەشئەس بىرلە رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنىڭ خىزمەتلەرىگە كېلىپ، قىزىنىڭ خۇشرۇيلۇقىنى تەئرىف قىلىپ، ئانھەزرەت سەل-ئەل-لەم نىكاھلەرىغە ئالىپ ئەردىلەر. يەنە ئەيدىكىم: «يارەسۇلۇللاھ، قىزىمنىڭ بىر سۇفەتى باردۇركىم ھەرگىز ئىسسىتما بولغان ئەمەسدۇر.» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ئانىڭ خۇداي تەئالانىڭ دەرگاھىدا ھېچ قۇربەتى يوقدۇر. ۋەگەرنە كېسەل ئارىز بولۇر ئەردى. مەن ئانى تالاق قىلدىم» دىدىلەر. بەس، ئول مەزلۇمنى مەھاجىر بەنى كەنەدەدە تاپتىلەركىم، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رۇخسەت تىلەپ نامە ئىبەردىلەرئەرسە، جەۋاب ئىبەردىلەركىم: «ئانى ئەسىر قىلماسۇنلەر ۋە ھېچ

نىكاھىغا ئالماسۇنكىتىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ نىكاھلىرىدە بىركۈن يا بىر سائەت بولغاندۇر.» بەس، مەھاجىر ئاشا ئەيدىلەر: «قايان خاھلاساڭ بارغىل.» ئەكرەمە ئالغالى قەسد قىلدىلەر، ھەم قويمادىلەر.

يەنە بىر ۋاقىئە: كەنەدە ھىسارىدا بىر مەزلۇمنى تاپتىلەركىم، دەلالىلىق ۋە ئوغۇرلۇق قىلۇر ئەردى. رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەمنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ھەجۋە قىلۇر ئەردى. بەس، ئانىڭ قولىنى كەستىلەر ۋە ئىككى تىشىنى ئوشاتتىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشىتىپ، نامە ئىبەردىلەركىم: «دىنى ئىسلامدا بۇ ئىش ھەرامدۇر، ئەگەر كافىر بولسە ئۆلتۈرمەك لازىمدۇر. ئەگەر مۇسۇلمان بولغان بولسە قىلغان گۇناھلارىنى ئەفۇ قىلۇرمەن. بەئدە مۇنداغ ئىشنى قىلماغىل. ئەگەر مەن ساڭا ھەر نەۋئ ئىشغە ئىجازە بەرمەگەن بولسام بىر ئەدەب بېرۇر ئەردىم. ئەگەر خاھلاساڭ ھەزەر مەۋتدە ياكى سەنئادا تۇرغىل.» بەس، مەھاجىر سەنئانى ئىختىيار قىلىپ، بارىپ سەنئادا تۇردى. فىيرۇز ھەم ئاندا مۇيەسسەر ئەردى. ھەزەر مەۋتغە ئۇبەيد بىننى سەئىد ھاكىم ئەردى، زىياد بىننى لۇبەيد ئامىل ئەردى.

بۇ ۋاقىئەلەر ھىجرەتدىن ئون بىرىنچى يىلى ئەردى، بەس، ئون ئىككىنچى يىلدا ماھى زۇلھەججە كىردى ئەرسە، ئوقابغە نامە ئىبەردىلەركىم، ھەجگە كەلگەي. ئول يىل ئوقاب ئامان ھەج بولدى. بەئزەلەر ئابدۇرەھمان بىننى ئەۋف ئىمام بولدى دەپدۇرلەر. بۇيىل مۇئاز بىننى جەبەلنىڭ ئورۇنلەرىدە ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: تاكى ئامىللارغە خەبەردار بولۇپ، دىنى شەرىئەتنى تەئلىم بەرگەيلەر، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## دەستان
## خالىد بىننى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىراقنى فەتھ قىلغانلەرىنىڭ قىسسەسى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھىجرەتدىن ئىككىنچى يىل ئەردى، ئەجەم پادشاھلارى مۇلكى پەرۋىز، شىرويەدىن كېيىن كىچىك بالالار ۋە مەزلۇم كىشىلەرگە قالىپ ئەردى. بەس، كۇفەدىن مۇسەننى بىننى ھارىسە ساسانى بىننى شەيبان ئۇلۇغلارىدىن ئەردى، مەدىنەگە كەلدى. ئەجەم پادشاھى ھىيرە

ۋەكوفەنى ئەياس بىننى قۇبىسەگە بېرىپ ئەردى. بۇ مۇسەننى ئەياسغە تابىئ بولماقدىن ئارىيەپ، مەدىنەگە بارىپ كېلىپ مۇسۇلمان بولدى، ئەيدى: «كوفە ۋە سەۋادنى ماڭا بۇيرۇغىل، تا ھەر دىيانى فەتھ قىلسام ماڭا بولسۇن.» بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئانچە تەلەبىنى بەردىلەر؛ ياخشى ۋەئدەلەر قىلىپ، لەشكەر ئىبەرۇر بولدىلەر. بەس، مۇسەننى گاھى كوفەگە، گاھى سەۋادغە بارۇر ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاگاھ بولدىلەركىم، مۇسەننى ھېچ شەھەرنى فەتھ قىلالمايدۇر. بەس، خالىد بىننى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە نامە ئىبەردىلەركىم: «ئىراقغە بارغىل، كوفە ۋە ھىيرەدە مۇسەننىغە ياربەرگىل. ئاندىن، مەداينغە يۈزلەنگىل؛ مۇسەننىنى ۋەزىر ۋە ساھىب تەدبىر قىلغىل. مەداينغە بارۇردا ئەبلەگە چىققىل.» ئەسلام ۋە ئەبلە بىر شەھەردۇركىم كوفە - بەسرەنىڭ ئاراسىدا، فەرەجەل ھىند ئاتارلەر. چۇنكى ئاندىن ئۆتۈپ، ئوممانغە بارۇرلەر. ئوممانىنى زەمىنى ھىند دەپدۇرلەر. ئاندىن، مۇسەننىغە نامە ئىبەردىلەركىم: «خالىدغە فەرمان تۇتقىل.»

بەس، ھەزرەتى خالىد يەمامەدىن يۈرۈپ، ھىيرە ۋە كوفەگە يۈزلەندىلەر. يولدا كەتتىلەر، بىسيار خەلقلەر بار ئەردى، ھەمە تەرسا. بەس، ھەزرەتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارغە قەسد قىلدىلەرئەرسە، ئۇلار جىزيە بەرمەككە سۇلھ تىلەدىلەر. بەس، مىڭ دىرەم جىزيەگە سۇلھ قىلىپ، ھېچ ئازار بەرمەي ئۆتتىلەر. ھىيرەگە ياۋۇق يېتىپ، مۇسەننى بىرلە تاپىشتىلەر. ئاندىن ھىيرەنىڭ دەرۋازەسىگە كەلدىلەر ئەرسە، ئەياس ئالدىلەرىغە چىقتى. ئەيدىلەر: «ئەي ئەياس، تازا دىنى ئىسلام قەبۇل قىل، يا جىزيە مۇقەررەر قىل يا جەڭگە تۇرغىلكىم، مېنىڭ لەشكەرىمدە مۇبارىزلەر باردۇركىم، سەن شادلىق ۋە راھەتنى خاھلاغاندەك، ئۇلار غەزات ۋە شەھادەتنى دوست تۇتارلەر.» ئەياس ئەيدى: «مەن جەڭ قىلماسمەن، بۇرناقى دىننى ھەم تاشلاماسمەن. ئەمما جىزيە قەبۇل قىلۇرمەن.» بەس، ئون توققۇز مىڭ دىرەم جىزيەگە قويۇپ، ئاندىن سەۋادغە ۋە ئىراقغە يۈردىلەر. ھىيرەدە ئابدۇلمەسىھ بىننى ئۆمەر ئاتلىغ، ئۈچ يۈزياشلىغ بىر ئادەم بارئەردى. ھەزرەتى خالىد ئانى سوردىلەر ئەرسە، ئالدىلەرىغە چىقتى. ئەيدىلەر: «قايداسەن، ئاتىڭ نىمە؟» يەنە ئەيدىلەر: «قايدىن سەن؟» ئەيدى: «ئاتامنىڭ

پۇشتىدىن.» يەنە سورىدىلەر: «ھەربى سەنمۇ يا سۇلھ؟» ئەيدى: «ھەربى ئەمەسمەن.» ئەيدىلەر: «بۇ قورغاننى نە ئۈچۈن ئەتكەندۇر؟» ئەيدى: «مال ئۈچۈن.» بەس، ئانىڭ بىلەن جىزيىگە سۇلھ قىلدىلەر. ئاندىن يولدا بىر كەنتكە يەتتىلەر، ئانىڭ سەردارى جانان ئاتلىغ، ئەجەم زاتلىغ ئەردى. جىزيە قەبۇل قىلماقنى تەلەب قىلدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «جەڭ قىلۇرمەن.» بەس، مۇسەننىنى بۇيۇرۇپ، ئۇلەرنى ئۆلتۇرۇپ غارەت قىلدىلەر.

ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەئىقائ بىننى ئۇمەر تەمىمنى ھەزرەتى خالىدغە مەدەد قىلغالى ئىبەردىلەر. ئاندىن، ئەببا‌س بىننى ئەمكى بەھرەيندە ئامىل ئەردىلەر، ئاڭا نامە ئىبەردىلەركىم ھەزرەتى خالىدغە يار بولغاي. ئاندىن ئەبدىغەۋس ئاتلىغ بىر پەھلىۋاننى لەشكەر بىرلە بادىيە، ھىجاز ۋە يەمەن تەرەفىگە بۇيۇرۇپ ئەردىلەر، تا ھەريەردە مۇرتەد بولسە ئۆلتۇرگىل، يا ئىسلامغە كەلتۇرگىل. ئول نامە ئىبەرىپ ئەردىكىم، بۇ دىيارلاردا ئەسلا مۇرتەد يوقدۇر. بەس، ئاڭا نامە ئىبەردىلەركىم: «لەشكەرىڭ بىرلە بارىپ، خالىدغە مەدەد بەرگىل.» بەس، بۇ تەرىقە ھەريەردە لەشكەر بولسە ئانى ھەم ئىبەرۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى خالىدغە نامە ئىبەردىلەركىم: «ئىراق زەمىننى ساڭا بەردىم، ھەمە سىپەھسالارنى ساڭا فەرمانبەردار قىلدىم. ھەركىم ئۆز خاھىشىچە بارسا، ئالىپ بارغىل ۋە ھەرنە زۇلۇم بىرلە ئالىپ بارساڭ فەتھ توغرا بولماغاي ۋەسسەلام!»

بەس، ھەزرەتى خالىد ئون مىڭ پەھلىۋان مۇبارىز بىرلە ئىراق زەمىنىگە كىردىلەر.

## فەسل
## قىسسەئى فەتھ ئۇبۇللە

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، قاچانكىم ئول نامە ھەزرەتى خالىدغە يەتتى ئەرسە، كۆردىلەركىم، ئول ھۇدۇدداقى تۆرت ئەمىرنى فەرماندار قىلىپدۇرلەر. بەس، ئۇلارغە كىشى ئىبەردىلەر. بىرى مۇسەننى، بىرى مەررى ئەۋىر، ئۈچۈنچى ھەرىم، تۆرتىنچى سەلەم ئەردى. بۇلار سەككىز مىڭ لەشكەر بىرلە

كەلدىلەر. بەس، ئەۋۋەل ئۇبۇللەگە قەسد قىلدىلەر. پادىشاھى ئەجەمدىن ھورمۇز ئاتلىغ ئەردى. بۇ ئۇبۇللە ئەجەمنىڭ ئەرەب تەرەفىدە كەنارەسى بار ئەردى. ئەجەم پادىشاھى ھورمۇزنى يىگىرمە مىڭ كىشى بىرلە ئاندا قويغان ئەردى. ئەجەم مۇلكى شىرويەگە ئۆتۈپ ئەردى. شىرە ئاتلىغ بىر تىفل شىرەخارەگە قالىپ ئەردى. ئول چوڭقۇپ ھەردىيارغە مۇلكدارلىقغە بىركىشى قويغان ئەردى. بۇ ھورمۇزغە ھىچ تەرەفدىن كىشى جەڭگە كەلمەس ئەردى.

بەس، ھەزرەتى خالىد ھورمۇزغە ئەلچى ئىبەردىلەركىم: «مەن رەسۇلى خۇدانىڭ خەلىفەسىدۇرمەنكىم كېلىپدۇرمەن، يا مۇسۇلمان بولغىل يا جىزيەگە قەبۇل قىلغىل يا جەڭگە راست بولغىل!» بەس، ھورمۇز نامەنى ئوقۇپ ئەردەشىرغە ئىبەردى؛ ئۆزى لەشكەر تارتىپ ئالدىلەرىغە چىقتى، بىر چۆل - باياباندا كېلىپ تۈشتى. ھەزرەتى خالىدنىڭ لەشكەرگاھلەرى ھەم سۇ يوق يەر ئەردى. بەس، كېچە بولدى ئەرسە، ھەق تەئالا بىر بۇلۇتغە فەرمان قىلدىكىم، ئىسلام لەشكەرىگە يامغۇر ياغدى؛ ھەمە چۇقۇرلار تولدى؛ لەشكەرگاھ سۇغە پۇر بولدى. كۇففار لەشكەرىگە بىر قەترە تامىمادى. ئەرتەسى سەف تارتىپ جەڭگە كىردىلەر ئەرسە، ئول ھورمۇز ئۆزى مەيدانغە كەلدى، ھەزرەتى خالىدنى قىچقىردى ۋە ئەيدى: «ئىككۈ جەڭ قىلغايمىز، بىھۇدە قان تۆكۈپ لەشكەرنى ھىلاك قىلماغايمىز.» بەس، ھورمۇز تەناۋەر، بەلەند قەد ئەردى. ھەزرەتى خالىد نازۇك، مىيانەقەد ئەردىلەر. ھورمۇز ئاتدىن تۈشتى. ئىككۆلەن تۇتۇشتىلەر. ھورمۇز بىر زەرب سالدى، كارگەر بولمادى. ھەزرەتى خالىد ھورمۇزنى كۆتەرىپ يەرگە سالدىلەر، سىنەسىگە مىنىپ شەمشەرلەرىنى ئالدىلەر تاكى باشىنى كەسكەيلەر. بەس، ئەجەم لەشكەرى بۇ ھالنى كۆرۈپ، بىيەكبارە ئات سالىپ، ھەزرەتى خالىدنى ئاراغە ئالىپ، ھورمۇزنى قۇتقازدىلەر. قەئقائ ئۆز لەشكەرى بىرلە بارىپ، ھەزرەتى خالىددىن كافىرلارنى قوغلاپ ھورمۇزنى تۇتۇپ باشىنى كېسىپ، لەشكەر ئاراسىغە تاشلادىلەر. ھەزرەتى خالىد ئاتلەرىغە تەكبىر ئەيتتىلەر. ئەجەم لەشكەرى قاچتى ئەرسە، قوغلاپ بىسيار خەلقنى ئەسىر قىلدىلەر. كۈن ئەرۇسى تۈن خىلۋەتخامەسىگە كىيگۈردى ئەرسە، ھەزرەتى خالىد لەشكەرگاھىغە يانىپ تۈشتىلەر. ئەرتەسى ئۇبۇللەگە كىرىپ، ھورمۇزنىڭ خەزىنە - دەفىنەلەرىنى غارەت قىلىپ، ئانچە مال تاپتىلەركىم، زەمانە كۆزى

ئانچە مال كۆرمەگەن ئەردى. سىلاھلەرى بىھىساب ئەردى؛ مۇسۇلمانلارنى بەند قىلغالى بەند زەنجىر قىلغان ئەردى. بىر ئالتۇن تاج چىقتىكىم، دۇررۇ گەۋھەرھايى پۇر بەھا بىرلە ئاراستە ۋە يۈزمىڭ دىرھەمگە ئىزبەس ئەردى. بەس، ھەزرەتى خالىد تەمامى غەنىمەتلەرنى تەقسىم قىلىپ، ھەممەسىنى ئالىپ، ئول تاج بىرلە خەيلنى مەدىنەگە ئىبەردى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئول تاجنى ۋە خەيلنى مەدىنە شەھەرىدە گىردكوشەدە ۋە مەھەللەلەردە خەلقغە كۆرسەتتىلەر. ئول ئەلچىدىن ياندۇردىلەر ۋە تاجنى ھەزرەتى خالىدغە بۇيۇردىلەر.

مۇھەممەد ئىبنى جەرىر بەئزە ئەھلى تارىخلاردىن نەقل قىلىپدۇر، فەتھى ئۇبۇللە ھىجرەتدىن ئون تۆرتىنچى يىلى، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەمانەلەرىدە ئەردى. بۇ قەۋل دۇرۇست ئەمەسدۇركىم، ھەمە ئەخباردا، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوللەرىدە فەتھ بولدى دەپدۇرلەر. بۇ جەڭنى زاتىل سەلاسىل ئاتاپدۇرلەر.

## فەسل
## ۋاقىئاتى مەدار زىكرى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، قاچانكىم ھورمۇز خالىدنىڭ نامەلەرىنى ئەردەشىرغە ئىبەردى ئەرسە، قارۇن ئاتلىغ بىر سىپەھسالار بار ئەردى، ئاڭا نامە ئىبەردىكىم لەشكەر تارتىپ ھورمۇزغە بارغىل. بەس، قارۇن ئەللىك مىڭ لەشكەر بىرلە ئۇبۇللەگە يۈردى. قاچانكىم، ئۇبۇللە سەرھەدىگە يەتتى ئەرسە، قاچقان كافىرلار ئۇچرادى. قارۇن ئۇلارغە مەلامەت قىلىپ، ئۇبۇللەدىن چىقىپ، مەدارغە كېلىپ تۈشتى. ئەجەمدە قارۇندىن نامدارراقى يوق ئەردى. بەس، لەشكەر تارتىپ، باردى. مەيمەنەگە قۇبادنى، مەيسەرەگە شۇجائنى تەئىن قىلدى؛ ئۆزى سەف ئالدىدا تۇرۇپ ئەردى ۋە ئەيتۇر ئەردى: «ئەي خەلق! بۇكۈن پەراكەندە بولساڭلار مەن بەئد يىغىلماسىزلەر.» قۇبادغە ئەيدى: (ئەرەبلەردىن قاچىپ قورقغان ئەردىلەر) «جەڭگە ياراماسلەر!» بەس، «ئۆز مۇبارىزىمىز چىك تۇرغايمىز.»

بەس، قارۇن، قۇباد، شۇجائ مەيدانغە كىردىلەرئەرسە، ھەزرەتى خالىد قۇبادغە ئەدى ئىبنى ھاتەمنى، شۇجائغە ئاسىم ئىبنى ئۆمەر خەتتابنى بۇيرۇدىلەر؛ ئۆزى قارۇنغە تۇردىلەر. ھەزرەتى خالىدنىڭ مەئقۇل ئەئشا ئاتلىغ بىر كىشىلەرى دەۋام نەيزەلەرىنى ئالىپ يۈرۈر ئەردى. بەس، مەئقۇل نەيزەلەرىنى ئالىپ باردى. بۇلار جەڭگە تۇردىلەرئەرسە، مەئقۇل مەھەل تاپىپ، قارۇننىڭ ئارقەسىدىن نەيزە ئۇرۇپ يىقىتتى ئەرسە، ئۆلتۇردىلەر. ئاسىم شۇجائنى ئۆلتۇردى، ئەدى قۇبادنى ئۆلتۇردى. ئەجەمنىڭ لەشكەرى تەفرىقە بولدى ئەرسە، ھەزرەتى خالىد بۇيرۇدىلەركىم: كافىرلارنى تىرىگ قويماڭلار! بەس، تا ئاخشامغەچە ئۆلتۇردىلەر، قالغانى ھىسارغە كىردى. ئەرتەسى، سەرھىساب باردىلەر، كافىرلاردىن ئوتتۇزمىڭ كىشى ئۆلۈپدۇر. مۇسۇلمانلار بىھىساب ۋە بىئەندازە غەنىمەت ئالدىلەركىم، تەقسىم قىلىپ راستىغە كەلمەدى. مىنادى قىلدىلەركىم، ھەركىشىنىڭ ئالغانى ئۆزىنگەدۇر. ئاندىن، خۇمىس ئالىپ، سەئد بىننى نوئماندىن مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ھورمۇزدىن ئالغان غەنىمەتدىن ۋەلىد بىننى ئوقۇبەدىن ئىبەرىپ، ئارقەسىدىن بۇ غەنىمەت يەتتى. ھەزرەتى ئۆمەر ھەمىشە ھەزرەتى خالىدنى ئەزل قىلماقغە دەلالەت قىلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيتۇر ئەردىلەر: «ئانى ئەزل قىلماسمەنكىم، ئانىڭ قولىدا فەتھ ئۇستۇن ۋە فەتھى غەنىمەت ئۇستۇن غەنىمەتدۇر، ھىچكىم ئاڭا غالىب بولالماس ۋە ھەريەرگە بارسا زەفەر تاپار.» بەس، بۇ تەرىقە پەي دەرپەي ھەم غەنىمەت يەتتى ئەرسە، خامۇش بولدىلەر. بۇ فەتھ سەفەر ئايىدا ئەردى.

# قىسسەئى دىلجە

كەلتۇرۇپدۇرلەر: ھەزرەتى خالىد ئۇبۇللە ۋە ئەھۋاز سەھرالارىغە لەشكەر ئىبەردىلەر، ھەر تەرەف قاچخان كافىرلارنى ئىزدەر ئەردىلەر. قارۇننىڭ ئۆلگەنى ئەردەشىرغە يەتتى ئەرسە، ئەندۇز ئەر ئاتلىغ بىر ئادەمنى ئەللىك مىڭ لەشكەر بىرلە يەنە ئىبەردى. ئول دىلجە دىگەن يەرگە كېلىپ تۇشتى. ھەزرەتى خالىدغە ئۈچ كۈنلۈك يىراق ئەردى. ھەزرەتى خالىد خەبەر ئالىپ، يىگىرمە مىڭ كىشى ئىلغادىلەر. ئۆزگەلەرنى ئاندا قويۇپ، بىرىنى سەردار

قىلىپ، ئەيدىلەركىم: «ھازىر بولۇڭلار تاكى دۈشمەنلەر سىزلەرگە زەرەر يەتكۈرمەگەي.» ئاندىن ئۆزلەرى يۈردىلەر. بەس، دۈشمەنگە ياۋۇق يەتىپ، تۆرت مىڭ كىشىنى كەمىنگاھدا ئىككى تەرەفگە قويدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «قاچانكىم ئىككى لەشكەر ئالىشىپ جەڭگە تۇرغاندا، سىزلەر كەمىندىن چىقىپ، شەمشەر ئۇرا باشلاڭلار!» ھەزرەتى خالىد ئىشىتىپ ئەردىلەركىم، مەدايىندىن بىر ئادەم يارئەرمىش، تا لەشكەر مىڭ بولماغۇنچە ھەملە قىلماس ئەرمىش، ئانى «ھەزار سەۋار» ئاتار ئەرمىشلەر. ھەزرەتى خالىد ئانى كۆرمەكنى قەسد قىلۇر ئەردىلەر. نەزر قىلدىلەركىم: «تا ئانى ئۆلتۈرمەگۈنچە تەئام يىمەگەيمەن ۋە يا شەھىد بولغايمەن.!»

قاچانكىم ئىككى لەشكەر بەرابەر تۇردى، ئول ئادەم سەف ئالدىدا يۈرۈيدۇر. بەس، ئانى مۇبارىز تىلەدىلەر ئەرسە، مەيدانغە كىردى. ھەزرەتى خالىد نەيزە بىرلە سىنەسىگە ئۇردىلەر، ئارقەسىدىن چىقتى، كۆتەرىپ يەرگە ئۇردىلەر. يەرگە نەيزەنى قاداپ تۇرۇپ، تەئامغە قىچقىردىلەر؛ تەئام كەلتۈردىلەر، ئات ئۈزەسىدە تۇرۇپ تەئام يىدىلەر. تەمامى ئەرەب ۋە ئەجەم لەشكەرى كۆرۈپ تۇرار ئەردى. ئاندىن، ئىككى لەشكەر يەكبارە جەڭگە تۇردىلەر ئەرسە، كەمىندە تۇرغانلار ئارقەدىن كېلىپ، شەمشەر ئۇرا باشلادىلەر. ئەجەم لەشكەرى سەراسىمە بولۇپ قاچا باشلادىلەر. مۇسۇلمانلار قوغلاپ، مەدار ۋە ئۇبۇللەدە ئۆلتۈرگەندىن زىيادە ئۆلتۈردىلەر. ئەكسەر كافىرلار بايابانگە بەدەر قاچىپ، تەشنەلىكدە ھىلاك بولدى. ئەندۇز ئەر قاچىپ كەتتى. ھەزرەتى خالىد ھىيرەدىن تا سىۋادى ئىراق ھەمەنى ئالدى. ئانداغ ئىمارەتلەر، باغ - بوستانلار ۋە نېئمەت ئەلۋانلار كۆردىلەركىم، ھەرگىز ئانداغ كۆرگەن ۋە ئىشىتكەن ئەمەس ئەردىلەر.

بەس، تەمامى لەشكەرنى يىغىپ خۇتبە ئوقۇدىلەر. مۇنداغ فەتھ - نۇسرەتكە ھەمد - سەنا ۋە شۇكر خۇداۋەندە بىنھەمتا ئەدا قىلدىلەر. خەلقنى جىھاد ۋە غەزاتغە تەرغىب قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا بىزگە غەزاتنى فەرز قىلىپدۇر. مۇنداغ ياخشى مۇلكغە ئەجەمدىن بىز ئەۋلادۇرمىز، كىبرەككىم بىز جەڭدە بولغايمىز!» ئاندىن كېيىن ھەر دىيارغە ئامىل ۋە سەردار ئىبەردىلەر، داد - ئەدلغە بۇيرۇدىلەر.

# قىسسەئى جەڭگى لەبىس

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قارۇننىڭ لەشكەرى ئەھۋازدىن ھەم تەرسا ئەردى؛ ئەرەب قەبىلەسىدىن بەنى بەكر ۋە بەنى ئەزەلدىن ھەم بار ئەردى. ئول ئەرەبلەردىن جەڭدە بىسيار ئۆلگەن ئەردى. بۇ قەبىلەلەر خەلقى يىغىلىپ، ئەردەشىرغە نامە ئىبەردىلەركىم: «بىز ساڭا تابىئدۇرمىز، بىزگە لەشكەر ئىبەرگىل تاكى خالىد بىرلە جەڭ قىلۇرمىز.» بەس، ئەردەشىر بۇ سۆزنى ئىشىتىپ بىسيار شاد بولدى. ئەندۇز ئەرنى ئىبەرگەندە، ئارقەسىدىن قىرىق مىڭ كىشى بىرلە بەھمەن جادۇنى ئىبەرىپ ئەردى. بەھمەن يەتمەسدە، ئەندۇز ئەرنىڭ لەشكەرى شىكەست تاپىپ، زىرۇ زەبەر بولۇپ قاچغانلار بەھمەنگە يەتتى ئەرسە، بەھمەن توختاپ تۇرۇپ، ئەردەشىرگە نامە ئىبەرىپ ئەردى. بەس، تەرسالارنىڭ نامەسى يەتتى ئەرسە، بەھمەنگە جەۋاب ئىبەردىكىم: «بارىپ ئول ئەرەب تەرسالارىغە يارى بەرگىل، دىلاۋەرلەر بىرلە خالىد بىرلە جەڭ قىل.» بەس، بەھمەن جانان ئاتلىغ بىر ئادەمنى لەشكەر بىرلە ئىبەردى ۋە ئەيدى: «ئول ئەرەبلەرنى يىغىپ تۇرغىــل، تا مەن بارماغۇنچە جەڭ قىلماغىل.» ئۆزى يانىپ، مەداينىغە كەلدى، تاكى پادىشاھلار ۋە ئۇلۇغلارنى كۆرۈپ، جاناننى سىپەھسالار قىلغاي. بەس، جانان يۈرۈپ، لەبىس دىگەن يەرگە يەتتىكىم، ئۆزىنىڭ كەنتى ئەردى. ئول تەرسالار خەبەر ئالدىلەركىم، لەشكەر كېلىــپدۇر، ئەمما سەردارى ھەمراھ ئەمەسدۇر. ئول تەرسالار قوزغالدىلەر. ھەزرەتى خالىد ھەم خەبەر ئالدىلەركىم مەسلەھەت قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەۋلا ئولكىم، بەھمەن يەتمەسدە ئۇلارنى چاپغايمىز.»

بەس، ئەرەبلەر ئۇلارغە قوشۇلدى. ھەزرەتى خالىد يىگىرمە مىڭ كىشى بىرلە ئاتلاندىلەر. ئول كۈنى جانان فىرات لەبىدە تەمامى لەشكەرنى مىھمان قىلۇر ئەردى. چاشت ۋەقتى ئەردى، ئالدىغە دەستۇرخان سالىپ قويغان مەھەل ئەردى. مۇقەددەمەئى لەشكەر يەتتى؛ ئۇلار كۆزىگە ئىلمادى. بۇكۈن تۇشۇپ تاڭلا جەڭ قىلۇر، دەپ تەئامغە مەشغۇل بولدىلەر. بەس، ھەزرەتى خالىد يېتىپ ئەيدىلەر: «ئۇلار سىزلەرنى كۆرۈپ قوزغالمادىمۇ؟» ئەيدىلەر:

«يوق!» بەس، «ئاندىن تۇشمەي جەڭگە يۈرۈڭلار!» دىدىلەر ۋە قەسەم ياد قىلدىلەركىم «ئەگەر ھەق تەئالا زەفەر بەرسە ئانچە ئۆلتۈرگەيمەنكىم، قانى دەريايى مۇھىتغە ئاقىپ كىرگەي!» بەس، جەڭگە تۇردىلەر. كافىرلار ھەم تەئامىلارىنى تاشلاپ، جەڭگە يۈزلەندى. ئانچە جەڭ قىلدىلەركىم، ھەمە جەڭلەردىن قاتتىغ ئەردى. بەس، كۇففار لەشكەرى قاچتى ئەرسە، مۇنادى قىلدۇردىلەر: «قاچغانلارنى ئۆلتۈرمەي تۇتۇپ كېلىڭلار!» بەس، قوغلاپ بىھىساب كافىرلارنى تۇتۇپ كەلدىلەر؛ دەريايى فىرات لەبىدە ئۆلتۈرۈپ قانىنى دەرياغە ئاقىتتىلەر، تاكى ئاندلەرى راست بولدى. ئاندىن غەنىمەتنى تەقسىم قىلىپ، خۇمسىنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر.

ئاندا بىسيار كەنتلەر، شەھەرلەر بار ئەردى، خەلقىنى تاپىپ ئۆلتۈرۈپ، شەھەرلەرنى ۋەيران قىلدىلەر؛ ئەمۋاللارىنى غارەت قىلدىلەر.

## فەسل
## ھەزرەتى خالىدنىڭ ھىيرە ۋە سىۋادنى سۇلۇھ بىرلە فەتھقىلغان زىكرى

كەلتۈرۈپدۇرلەر: ئول ۋەيران قىلغان يەرنى مۇغەيسا دەرئەردىلەر. سىۋاددا ئاندىن ئۇلۇغ يەر يوق ئەردى. تەمامى ھىيرە ۋە سىۋادنىڭ زىرائەتگاھى ئول ئەردى. بەس، سىۋادنىڭ دىھقانلارى ھەزرەتى خالىدنىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر، ئەيدىلەركىم: «ئەي خالىد، مۇندا ھەرگىز فەساد بولماس دەپ ئەردىكىم، ئول فەسادلارنىكىم سەن قىلدىڭ، ھېچ پادشاھ قىلماغاندۇر.» بەس، خالىد سۇلھنى بۇزۇپدۇر دەپ، تەدبىرگە تۇردىلەر. ھىيرەدە ئازادىيە ئاتلىغ ئەجەمدىن بىر ئۇلۇغ ئادەم بار ئەردى، ئانى سەردار قىلدىلەر، جەڭگە لەشكەر راست قىلدىلەر. ھەزرەتى خالىد ھەم ھىيرەگە قەسد قىلدىلەر ئەرسە، ئازادىيە بىر ئوغلىنى لەشكەر بىرلە ئالدىلەرىغە ئىبەردى، ئول بارىپ جەڭ قىلىپ ئۆلدى؛ لەشكەرى قاچىپ كەلدى ئەرسە، ئازادىيە بىسيار لەشكەر جەمئ قىلدى. لەشكەرىنى تارتىپ يانىپ جەڭ كېلۇر مەھەل بولدى.

ئەردەشىر ئۆلدى دەپ خەبەر كەلدى. تەمامى ئەجەم خەراب بولدى، پادىشاھ قىلغالى ھېچكىم تاپمادىلەر. ئازادىيە بىر كېچە ھىيرەدىن قاچىپ پىنھان بولدى. ھىيرە ۋە سىۋاد خەلقى خەبەر ئالدىلەركىم ئازادىيە قاچىپدۇر. بەس، ئۆزلەرى ئاندا تۇرۇپ لەشكەر ئىبەردىلەر. مۇسەننا بىننى ھارىسەنى سىپەھسالار قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «قورغاننى مۇھاسىرە قىلىپ بىركۈن ئامان بېرىپ، ئىمانغە تەكلىف قىلىڭلار؛ قەبۇل قىلماسالار جەڭ قىلىڭلار، سۇلھغە تۇرماڭلار.»

بەس، سەككىزمىڭ لەشكەربارىپ، قورغاننى مۇھاسىرە قىلىپ، ئىمانغە تەرغىب قىلدىلەر ئەرسە، قەبۇل قىلمادىلەر، جىزيە قەبۇل قىلماقنى ئەيتتىلەر. مۇسۇلمانلار باۋەر قىلماي، جەڭ قىلىپ، قورغاننى ئالىپ، بىسيار خەلقنى ئۆلتۈردىلەر. راھبانلار بارئەردى، باشلارىغە گېلەم يۆرگەنىپ چىقتىلەر. مۇسۇلمانلارغە ئۇلارنى ئۆلتۈرمەك ھەرام ئەردى. بەس، رەھبانلار مۇسەنناغە ئەيدى: «بىزلەرگە ئامان بەرگىل، تاكى ھەزرەتى خالىد قاشلەرىغە بارىپ، ئەرزھال ئەيتغايمىز.» بەس، مۇسەننا رۇخسەت بەردى ئەرسە، ئۇلاردىن تۆرت سەرداركىم، ئەياس بىننى قەسسە، ئەد بىننى ئەدى، ئابدۇزەگال، ئابدۇلمەسىھ بىننى ئۇمەر. خالىدنىڭ قاشلەرىغە كەلدى. ئەرزھال ئەيتىپ، جىزيە قەبۇل قىلماقنى دەرخاست قىلدىلەر. ھەزرەتى خالىد بۇ سۆزنى قەبۇل قىلىپ، جىزيەگە سۇلھ قىلدىلەر. ئابدۇلمەسىھنىڭ قوللەرىدە كاغەز بار ئەردى. ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ئول نەدۇر؟» ئەيدى: «زەھەردۇر، ئەگەر سۇلھنى قەبۇل قىلماساڭ سىزنىڭ ئالدىڭدا خار - زار بولغۇنچە مۇنى يەپ ئۆلەي دەپ كەلتۈرۈپ ئەردىم.» ھەزرەتى خالىد قولىدىن زەھەرنى ئالىپ: بسم الله الذى لايضىرمع اسمەشئى فى الار ض ولافى السماءدەپ. ئول زەھەرنى يېدىلەر، بىرساەت بىھۇش بولدىلەر. ئاندىن قوپۇپ ئەيدىلەر: لاحول ولا قوةاللا باللهالعلـــى العلطيم؛ يەنە ئەيدىلەر: «ئەي ئابدۇلمەسىھ، بۇ زەھەرنى ئول ۋەجھىدىن يېدىمكى، بىلگەيسەن ھېچ نەرسە خۇداي تەئالانىڭ ئىرادەسى بولماغۇنچە زەرەر قىلماس.» يەنە ئەيدىلەر: «ئەي ئابدۇلمەسىھ، ھىيرەدىن تا دەمشق ۋە شامغەچە نە تەرىقە خاتىرىڭدە باردۇركىم ھالا بادىيەدۇر؟» ئەيدى: «مەن ھەمە باغۇ بوستان ئوبدان بىلۇرمەن.» بەس، راھبانلار ھىيرەگە ياندىلەر. ئابدۇلمەسىھ خەلقىغە ئەيدى: «خالىد رەسم

ئادەمدىن ئەمەسدۇر، بىر كەيف زەھەر ھەلاھىلنى يىدى، زەرەر قىلمادى، ھېچكىم ئاڭا بەرابەر بولماس. ھەرنە دىسە ئانداغ قىلغايسىزلەر.» بەس، ئەھلى ھىيرە يىغىلىپ، جىزيە تەئىن قىلىنىشتىلەر، ھەركىمگە تۆرت دىرەم تەئىن بولدى، تا ئىككى يۈزمىڭ دىرەم جەمئ بولدى. ئاندىن، تۆھفە ـ پېشكەشلەر بىرلە ھەزرەتى خالىدغە كەلتۈردىلەر. بۇ ۋاقىئەنى ئەھلى سىۋاد ئىشتىپ بىلدىلەركىم، ھەزرەتى خالىدغە تەقابۇل بولماق ئېھتىمالى يوقدۇر. ئۇلار ھەم جىزيە جەمئ قىلدىلەر. مىڭ مەرتەبە مىڭ دىرەم جەمئ بولدى، ھەزرەتى خالىدغە بەردىلەر. ھىيرە، سىۋاد بۇ تەرىقە فەتھ بولدى. ھەزرەتى خالىد سەراپەردەنى ھىيرەنىڭ دەرۋازەسى ئالدىدا تىكتىلەر. لەشكەرنى سىۋادى ھىيرە كەنت ـ شەھەرگە تەئىن قىلدىلەر، ھەرشەرگە قويدىلەر.

ئەلقىسسە، كەلتۈرۈپدۇرلەر: ھەزرەتى خالىدنىڭ لەشكەرلەرىدە بىر ئەئرابى بارئەردى، سەكسەن ياشلىغ مۇشەۋۋىل ئاتلىغ ،ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمغە مۇشەررەف بولغان. ئول ئەيدى: «يا ئەمىرۇلمۇئمىنىن، رەسۇلى خۇدانىڭ ئالدىلەرىدە ئولتۇرۇر ئەردىم، ئانداغ ھەدىس ئەيدىلەركىم: زەمىنى سىۋادى ھىيرە ماڭا ۋە ئۇممەتلەرىمگە فەتھ بولۇر. مەن ئېيدىم: يا رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ھىيرە فەتھ بولسە ئابدۇلمەسىھنىڭ قىزى كەرامەنى ماڭا بەرگىل. ئەيدىلەركىم: «بەردىم.» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «بۇ سۆزگە گۇۋاھ بارمۇ؟» ئەيدىلەر: «باردۇر.» بەس، جەمئ مۇھاجىر ـ ئەنسارلار گۇۋاھلىق بەردىلەر. بەس، ھەزرەتى خالىد ئابدۇلمەسىھغە ئەيدىلەر: «مەن بۇ شەرت بىرلە سۇلھ قىلۇرمەنكىم قىزىڭنى مۇڭا بەرگەيسەن.» ئابدۇلمەسىھ ئەيدى: «مېنىڭ قىزىم يۈز يىگىرمە ياشدا زاھىردۇر، ھەرگىز شەۋھەر ئىختىيار قىلماغاندۇر. ئەھلى ھىيرە ئول ئىشغە ئۇناماسلەر. مەن ئۇلارنى ئاگاھ قىلاي.» بەس، ئەھلى ھىيرە بۇ سۆزنى ئىشتىپ بىز كەرامەنى ئەسىر قىلماسمىز، بۇ سۇلھنى قەبۇل قىلماسمىز.» كەرامە ئەيدى: «سىزلەر غەم يىمەڭلەركىم مەن ئۆزۈمنى ئول ئادەمدىن ساتىپ ئالغايمەن.» بەس، كەرامە ھەزرەتى خالىدنىڭ قاشلەرىغە كەلدى ئەرسە، ئول ئەئرابىنى چىرلاپ ئەيدىلەر: «كەرامە بۇدۇركىم، ساڭا بەردىم.» كەرامە ئەيدى: «ئەي ئەئرابى، مېنى ياشلىقىمدا كۆرۈپ ئەردىڭمۇ؟» ئەئرابى ئەيدى: «كۆرگەنىم يوق، ئەمما ئىشىتىپ ئەردىم.» كەرامە ئەيدى: «مەن قېرى پىرى پۇرتۇت

مەزلۇمدۇرمەن. مەندىن نە ئۈمىد تۇتارسەن؟ مېنى ئۆزۈمگە قانچەگە خاھلاساڭ ساتقىل! » ئەئرابى ئەيدى: «مىلڭ دىرەمگە ساتارمەن. » ئول ئەيدى: «ئالدىم. » بەس، كىشى ئىبەرىپ، مىلڭ دىرەم كەلتۇرۇپ بەردى ئەرسە، ئازاد بولدى. ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ئەي مۇشەۋۋىل، نەدىن ئون مىلڭ دىرەم دىمەدىڭكىم ئالۇر ئەردى. » مۇشەۋۋىل ئەيدى: «بىلمەدىم. »

## فەسل
## قىسسەئى فەتھ ئانبار

كەلتۇرۇپدۇرلەر: قاچانكىم ھەزرەتى خالىد ھىيرە، سىۋاد ئىشلەرىنى سەرئەنجام قىلدىلەر. ئەجەمدىن خەبەر ئالدىلەركىم، ئەردەشىر ئۆلۈپدۇر ۋە يەنە ئەجەمگە بىر پادشاھ تىكمەك مەسلەھەتىدەدۇر. ئازادىيە ئاندا دۇركىم خەلقنى جەڭگە تەرغىب قىلۇر.

بەس، ھەزرەتى خالىد ئىككى نامە ئىبەردىلەركىم، بىرى سەردارلارىغە، يەنە بىرى فۇقرا ۋە ئەۋاملەرىغە. بۇ نامەدە ئەيدىلەركىم: ھەق تەئالا سىزلەردىن مەلىك ئالىپدۇر ۋە راست دىن سىزلەرگە زاھىر قىلىپدۇر. سىزلەرگە قەۋل ئولكىم خۇدا ۋە رەسۇلغە يۇتۇپ، مۇسۇلمان بولغايسىزلەر؛ ۋە گەرنە يا جىزيەگە تۇرغايسىزلەر ۋە يا جەڭگە ئاراستە بولغايسىزلەركىم، مېنىڭ لەشكەرىم بۇ سەلتەنەتدىن شەھادەتنى ياخشىراق دوست تۇتارلەر. بەس، ئەلچىلەر نامەنى ئالىپ، ئەجەمگە باردىلەر. كۆردىلەركىم ھەركۈنى بىرونى پادشاھ قىلۇرلەر. بەس، نامەنى ئوقۇپ جەڭگە مۇھەييا بولماقنى مەسلەھەت كۆرۈپ، ئەلچىلەرنى ياندۇردىلەر. ئازادىيە شەھەردىن چىقىپ، جەڭ قىلماقنى مەسلەھەت كۆردى ئەرسە، بەھمەن جادۇنى ئازادىيە بىرلە ئىككى فەرسەڭ يەرگە مۇقەددەمە لەشكەر چىقاردىلەر. ئانباردا ئەرەب خەلقىدىن ئەجەم لەشكەرى بىسيار ئەردى، ھىيرە ۋە سىۋاددىن قاچغان تەرسالار ھەم ئاندا ئەردى، پادشاھى شىرزاد ئەردى. ئول (ئانبار) سىۋاد ۋە مەدايىن ئاراسىدا بۇختۇن نەسسەر ئەتتۇرگەن مەھكەم ۋە ئۇلۇغ شەھەردۇر؛ ۋەيەنە ئەينۇل سەمەر ئاتلىغ بىر شەھەر بارئەردى، ئانىڭ ھاكىمى بەھرام

چوبىن ئەۋلادىدىن مىهران ئەردى؛ ئاندا گۇرۇھى ئەرەبلەر جەمئ بولغان ئەردى. بەس، مىهران شىرزادغە نامە ئىسبەردىلەر: «خالىــــددىن هازىر بولغايسىزلەر. ئەگەر سىزلەرگە كەلسە جەڭ قىلغايسىزلەر.» قاچانكىم، ئەلچىلەر يانىپ هەزرەتى خالىدغە خەبەر بەردى ئەرسە، لەشكەر تارتىپ ئانبارغە يۈزلەندىلەر. هىيرەگە قەئىقائ بىننى ئۇمەرنى هاكىم قىلدىلەر.

بەس، ئانبارغە يەتتىلەر ئەرسە، شىرزاد لەشكەر تارتىپ چىقتى. يەتمىش مىڭ زىرىھ - جەۋشەن پوش لەشكەرى بار ئەردى. هەزرەتــى خالـــد كۆردىلەركىم، تەمامى لەشكەركىم كۆزىدىن ئۆزگە يەرى كۇشادە ئەرمەسدۇر.
بەس، تىيرەندازلەرنى چىرلادىلەر، ئەيدىلەر: «بۇكۇن ئىش سىزلەرگەدۇركىم تىير باراندىن ئۆزگە ئىش كارگەر بولماس.» بەس، تىيرباران قىلدىلەر، ئون مىڭ كىشىنىڭ كۆزىگە ئوق تەگدى. هەمە كافىرلار فەرياد - نالەگە كەلدى ئەرسە، شىرزاد سۇلھغە كەلدى ۋە ئەيدى: «بىزگە ئامان بەرگەيسەن تاكى بۇ تۇرغان ئىگىنىمىز بىرلە مەداينغە كەتكەيمىــز.» بەس، ئامان بەردىلەر ئەرسە، تەمامى ئەمۋالىنى تاشلاپ، مەداينغە كەتتى. هەزرەتى خالىد ئانبارنى ئالدىلەر.

بەس، شىـــرزاد بەهمەن جادۇغە باردى ئەرسە، بەهمەن مەلامەتلەر قىلدىكىم: «نىچۈكدىن سۇلھ قىلدىڭ؟» شىرزاد ئەيدى: «بىر تىيرباراندا ئون مــىڭ كــشــنــى نابۇد قــىلدى، تەمامــى نالە - فەرياد قــىلــىپ، سۇلھ تىلەدىلەر.»

## قىسسەئى
## فەتھى ئەينۇل سەمەر

قاچانكىم، هەزرەتى خالىد ئانبارنى سەرەنجام قىلدىلەر ئەرسە، ئەينۇل سەمەرگە يۈردىلەر. ئاندا ئەجەم لەشكەرى بىسيار ئەردى. تەمامى قەبىلەلەردىن قاچغان ئەرەبلەر هەم بىسيار ئەردى. سەردارى ئوقۇبە ئەردى.
بەس، هەزرەتى خالىد ياۋۇق يەتتىلەر ئەرسە، ئوقەبە ئەيدى: «ئەرەبلەر جەڭنى ئەرەب ياخشى بىلۇر. خالىدنى بىزگە قويغىل. ئەگەر شىرزاد هەم

ئەرەبلەرنى تەقابۇل قىلىسە شىكەست تاپماس ئەردى.» مىھران ئەيدى: «ئەگەر راست ئەيتۇرسەن، ئالدىغە چىققىل.» بەس، ئەرەبلەر بىر مەنزىل ئالدىلەرىغە چىقتى؛ مىھران ئەينۇل سەمەر ئالدىدا تۇردى. ئەرەبلەر سەف راست قىلدىلەر. ئوقۇبە نەھايەتى پەست ئادەم ئەردى. ھەزرەتى خالىد كېلىپ، ئاتلەرىنىڭ ئالدىغە ئالىپ ياندىلەر. لەشكەرگە بۇيرۇدىلەر، تاكى يەكبارە ھەملە قىلدىلەر. بىر ھەملەدە چەندان مىلك دۇشمەننى زىرۇزەبەر قىلدىلەر. قالغان ئەرەبلەر قاچىپ مىھرانغە كەلدى. مۇسۇلمانلار قوغلاپ شەمشەر ئۇرار ئەردىلەر. بەس، مىھران ھەم ئەرەبلەر بىرلە قاچىپ شەھەرگە بەركىدى. ھەزرەتى خالىد كېلىپ مۇھاسىرە قىلدىلەرئەرسە، تۆرتىنچى كۈنى ئامان تىلەدى. ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ھەممەسى ئالدىمىغە قول باغلاپ چىقسۇن!» بەس، ناچار قول باغلاپ چىقتىلەر ئەرسە ھەمەنى ئەسىر قىلدىلەر. ئاندىن شەھەرنى تەسەررۇف قىلدىلەرئەرسە، ئەسىرلەرنىڭ باشلارىنى كەستىلەر.

## ۋاقىئەئى
## فەتھ دۇمەتۇل جەندەل

كەلتۇرۇپدۇرلەر: ھەزرەتى خالىد ئەيازبىننى ئەنەمنى شەھەرى دومەتۇل جەندەلگە ئىبەرىپ ئەردىلەر. ئول ئىراق ۋە بەھرەيىننىڭ ئاراسىدا بىر مەھكەم قورغان ئەردى. ئىككى ھاكىمى بار ئەردى: بىرى ئوكەيد بىننى ئابدۇللاھ، يەنە بىرى جەۋدى بىننى رەبىئە ئەردى. ھەزرەتى خالىد بۇ شەھەرلەرنى فەتھ قىلغۇچە ئەياز ئول قورغاننى مۇھاسىرە قىلىپ ئەردىلەر. ھەركىم بۇ شەھەرلەردىن قاچىپ ئاندا بارۇر ئەردى.

بەس، ھەزرەتى خالىد خەبەر ئالدىلەركىم، ئەياز دەرماندە بولۇپدۇر. بەس، ئەۋنەم ئەسلەما ئاتلىغ بىر ئادەمنى ئەينۇل سەمەرگە ھاكىم قىلىپ، دۇمەتۇل جەندەلگە يۈزلەندىلەر. ئول كافىرلار ھەزرەتى خالىدنىڭ خەبەرلەرىنى ئالىپ، ھەرقايسى ئۆز قەبىلەسىغە كىشى ئىبەرىپ، ئانچە لەشكەر يىغدىكىم، قورغاننىڭ ئىچى - تاشى لەشكەرگە تولدى. ئوكەيد بىننى

ئابدۇللاھ ئەيدى: «بىلۇرسىزلەركىم خالىد زەفەرلىكدۇر. ئەۋلا ئۇلكىم، سۇلھ قىلغايسىزلەر.» جەۋدى ئاچچىغلاپ، بىرمۇنچە لەشكەر بىرلە شام تەرەفىگە يۈزلەندى ئەرسە، ھەزرەتى خالىد لەشكەر ئىبەرىپ تۇتۇپ كەلدىلەر. جەۋدى ئەيدى: «يا ئەمىر، مەن سىنىڭ قاشىڭغە كېلۇر ئەردىم.» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەركىم: «مۇندىن ئىلگەرى نە ئۇچۇن كەلمەدىڭ» دەپ ئۆلۈمگە بۇيرۇدىلەر. بەس، جەۋدىنى لەشكەرى بىرلە ئۆلتۇردىلەر. ئاندىن لەشكەرنى ئىككى بۆلۈپ، نىسفىنى ئەياز بىرلە قورغاننىڭ ئارقەسىغە بۇيرۇدىلەر ۋە نىسفى بىرلە ئۆزلەرى دەرۋازەگە تۇردىلەر ئەرسە، ئوكەيد لەشكەر ئالىپ چىقتى ئەرسە، جەڭ قىلىپ ئوكەيدنى ئەسىر قىلدىلەر؛ لەشكەرى قاچىپ قورغانغە كىردى. ھەزرەتى خالىد ھەم قورغانغە كىردىلەر؛ ئەياز لەشكەرى بىرلە تاشقارى قالدى؛ تا ئاخشامغە قورغاندا جەڭ قىلدىلەر. ئەرتەسى شەھەرنى ئالىپ، تەمامى ئەرەكتەلەرنى ئۆلتۇردىلەر، بالا - بارقەسىنى ئەسىر ىلدىلەر. غەنىمەتنى تەقسىم قىلىپ، خۇمسىنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ئۆزلەرى ئاندا تۇرۇپ، ئەقرائ بىننى جارىسنى خەبەرگە ئىبەردىلەر. زەبىرقان بىننى سابىتنى ئانبارغە ھاكىم قىلىپ ئەردىلەر، نامە ئىبەردىكىم ئەجەملەر سىۋادنىڭ ئۇچ قورغانىغە يىغىلىپدۇرلەر؛ ئىككى سەردارلەرى باردۇر؛ بىرى زەرمىھرە، يەنە بىرى روزبە. قورقارمەنكىم ئانبارغە يۈزلەنگەيلەر.» بەس، ھەزرەتى خالىد قەئقائنى بىرمۇنچە لەشكەرى بىرلە ھىيرەدىن كەلتۇرۇپ، ئورنىغە ئەيازنى ئىبەردىلەر. ئۆزلەرى ئانبارغە يۇردىلەر. قەئقائنى ھەسىيرە قورغانىغە بۇيرۇدىلەر. ئول ئۇچ قورغاننىڭ مەھكەمرەكى ئەردى. ئاندا روزبە سەردار ئەردىكىم، ئانى زەرمىھرە قويغان ئەردى. بەس، قەئقائ ھەسىيرەگە يەتتى ئەرسە، روزبە زەرمىھرەگە نامە ئىبەردىكىم: «لەشكەر ماڭا كەلدى.» بەس، زەرمىھرە مەھۋىدان ئاتلىغ بىر ئادەمنى لەشكەرىگە ئەمىر قىلىپ، ئۆزى روزبەگە كەلدى. قەئقائ بىرلە جەڭ قىلدىلەر ئەرسە، مۇسۇلمانلار زەفەر تاپتىلەر. زەرمىھرە، روزبە ئۆلدى. لەشكەرى جايىسغە باردى، ئول ئۇچ قورغاننىڭ بىرى ئەردى. يەنە بىرى مەسىھ ئەردى. بەس، زەرمىھرە ۋە روزبەنىڭ ئۆلگەنى مەھۋىدانغە يەتتى ئەرسە، مەسىھ قورغانىغە باردى. ھەزرەتى خالىد خەبەر ئالىپ، مەسىھغە باردىلەر. سەھەر ۋەقتىدە يەتتىلەر، كافىرلار بىخەبەر ئۇيقۇلار ئەردى. قورغانغە كىرىپ شەمشەر ئۇرا باشلادىلەر. ئانچە

ئۆلتۈردىلەر، قان ئارىق بولدى ۋە ئاندا بەنى يەمۇددىن ئىككى ئادەم بارئەردى: بىرى جەرىد بىننى ئابدۇللاھ، يەنە بىرى ئابدۇلئەزى بىننى لەبەيد. بۇ ئىككىسى ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاشلەرىغە بارىپ ئىمان كەلتۈرۈپ، نامە ئالىپ ئەردىكىم: «ھەرىيەردە بولساڭلار ساڭا مۇسۇلمانلار دەخل قىلماسۇنلەر.» بەس، بۇ ئىككىسى نامەلەرىنى كۆرسەتتىلەر ئەرسە، قاراڭغۇ ئەردى، ھىچكىم ئوقۇيالمادى؛ ئەمما مۇسۇلمانلار بۇ مۆئمىندىن ئۆتەر ئەردىلەر. ئاخىر ھەزرەتى خالىدغە ئەيدىلەر: ئىككى ئادەم بۇ تەرىقەدەدۇر. ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ئۆلتۈرۈڭلار! ئەگەر مۇسۇلمان بولسا كافىرنىڭ ئاراسىدا بولماس ئەردى.» بەس، ھەر ئىككىسىنى ئۆلتۈردىلەر. ئەدى بىننى ھاتەم ئەيتۇر: ئول كېچە مەن ھەزرەتى خالىدغە ھەمراھ ئەردىم. بەس، بىر باغ بىرلە ئۆتتۈك. بىر ئادەم چىراغياندۇرۇپ، ئالدىدا بىر كاسەدە شەراب قويۇپ، نەجەند - نالەلەر نەغمە قىلىپ ئولتۇرۇپدۇر؛ خەلق ئانىڭدىن باخەبەر ئەمەس، خەلقدىن ئول ئاگاھ ئەمەس. بەس، ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «كىرىپ ئول مەلئۇننى ئەفرادى بىرلە ئۆلتۈرۈپ، شەرابىنى تۆكۈپ چىقغىل.» بەس، ئاتىمدىن تۈشۈپ كىرىپ، ئۆلتۈرۈپ چىقتىم. ئول كېچە مەسىھدە ھىچ ئادەم قالمادى، ئۆلتۈردىلەر. مەھۇددان ئاندا ئۆلدى. ئەرەبلەر سەردارى ھۇزەيل ئەردى، قاچىپ، ئىككى كۈنلۈك يىراق ئىككى شەھەر بار ئەردى، ئاندا باردى. ئول شەھەرلەرنىڭ بىرىنى شەنى، يەنە بىرىنى زەمىيل دەرئەردىلەر؛ بىسيار ئەرەب، ئەجەملەر بارئەردى. شەنىيدە بەنى سەئلەبدىن رەبىئە ئاتلىغ بىرئادەم سەردار ئەردى، زەمىيلگە ئىتاب بىننى ئەسەد مىھتەر ئەردى. بەس، ھەزرەتى خالىد شەنىيغە باردىلەر، كېچە يانىپ قورغاننى ئالىپ، خەلقنى ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن زەمىيلغە كەلدىلەر، ئاندا ھەم تىرىگ ئادەم قويماي ئۆلتۈردىلەر. ھۇزەيلنى ئاندا تاپىپ ئۆلتۈردىلەر. ئاندىن يەنە ئول قورغاننىڭ ئارقەسىدە رەزاب ئاتلىغ بىر شەھەر بار ئەردى؛ ھەزرەتى خالىد ئەينۇل سەمەردە ئۆلتۈرگەن ئوقبەنىڭ ھىلال ئاتلىغ بىر ئوغلى ئاندا ئەردى، بىنەھايەت دىلاۋەر ۋە مۇبارىز ئەردى؛ بىرجەمئ ئەرەبلەر ئاڭا يىغىلىپ ئەردى. بەس، ھەزرەتى خالىد ھىلالنى خەبەر ئالىپ ئاندا باردىلەرئەرسە، ھىلال قاچىپ رومغە كەتتى. ھەزرەتى خالىدنىڭ لەشكەرىگە ئاندا ئوت - سۇ يوق ئەردى. روم تەرەفىدە نەۋا خىرە دىگەن كەنتكە باردىلەر، بىسيار يايلاغ ۋە

سىراب ئەردى. ئاندا تۇشۇپ، غەنىمەتنى تەقسىم قىلىپ، خۇمسىنى ئالىپ، بولغان غەزاتلەر ۋە فەتھلەرنى نامە قىلىپ، نۇئمان بىننى ئەۋف شەيەبان، سەباھ بىننى ئابدۇللاھدىن مەدىنەگە ئىبەردىلەر. مۇسۇلمانلارغە بىسيار شادلىق بولدى. مەسجىدە ئۆلگەن ئابدۇلئەزىزنىڭ ئوغلى، ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىلەرىدە، ئاتاسىنىڭ خۇنىنى دەئۋا قىلدى ۋە ئەيدى: «ئاتام سىزنىڭ قولۇڭدا مۇسۇلمان بولۇپ، ئىسلامغە سەندىن نامە ئالىپ ئەردى. ئانى ئۆلتۇردىلەر.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «خالىد ئىلگەرى مالىك بىننى نوۋەيرەنى ئۆلتۇرۇپ ئەردى، بۇ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۇرۇپدۇر!» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئەگەر مۇسۇلمان بولسا كافىرلارنىڭ ئاراسىدا بولماغاي ئەردى. گۇناھ ئۆزىدەدۇر!» ئابدۇلئەزىزنىڭ خۇن بەھاسىنى بەيتۇل مالدىن بەردىلەر.

بەس، ھەزرەتى خالىد لەشكەر بىرلە نەۋاخىرەدە ئەردىلەر. ماھى رەمازان كەلدى. ئاندا روزە تۇتارلەر. ئول دەريايى فرات لەبىدە خۇش ھەۋا ئەردى. ئاندا تۇردىلەر. قاچانكىم ھىلال قاچىپ رومغە باردى، رومىيلەرغە ئەيدى: «خالىد ئىراق زەمىنىنى فەتھ قىلىپ، رومغە قەسد قىلىپدۇر. ماڭا يارى بەرسەڭلار، ئەرەب، ئەجەم خەلقىنى يىغىپ، ھىلاك قىلسام.» رومىيلەر قەبۇل قىلدىلەر. پادشاھى روم قۇستانتىنىەدىن يۈز مىڭ لەشكەر بۇيرۇدى. ھىلال ئىراق ۋە سىۋادغە كىشى ئىبەردى، تاكى ھەريەردە قاچغان كافىرلار ئاڭا يىغىلدىلەر ئەرسە، ئوتتۇزمىڭغە يەتتى.

ھەزرەتى خالىد سەبىر قىلدىلەر، تاكى ماھى رەمازان چىقتى ئەرسە، يۈزسەكسەن مىڭ لەشكەر كېلىپ، دەريايى فرات لەبىگە تۇشتىلەر. ھەزرەتى خالىدغە كىشى ئىبەردىكىم: دەريادىن بىز ئۆتەرمىزمۇ يا سەنمۇ؟ ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەركىم: «مېنى ئىزدەپ كەلگەن بولساڭ سەندىن ئۆتمەك لازىم.» بەس، ئول كۈن كافىرلاردىن بەئزەسى ئۆتتى. ئەرتەسى، ھەزرەتى خالىد لەشكەر تەرتىب بەردىلەر. كافىرلار ھەم لەشكەر راست قىلدى. ھەۋا قىزىپ ئەردى. ھەزرەت خالىد ئەيدىلەر: «تاكى سەبىر قىلۇرمىزكىم، ئەمدى بۇ جەڭگە تۇرغايمىز!» بەس، يەكبارە ھەملە قىلدىلەر ئەرسە، كافىرلار قاچا باشلادىلەر. مۇسۇلمانلار قوغلاپ شەمشەر ئۇرا باشلادىلەر. قاچغانلار دەريادا غەرق بولدىلەر. تا يۈز مىڭغە ياۋۇق كافىرلار روم ۋە ئەجەمدىن ھىلاك

بولدىلەر. ھىلال قاچتى ئەرسە، تاپمادىلەر. ئانچە غەنىمەت ئالدىلەركىم، ھىسابغە راست كەلمەس ئەردى. بەس، غەنىمەتنى تەقسىم قىلىپ، خۇمىسىنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ئۆزلەرى لەشكەر بىرلە ئاندا تۇردىلەر. تا ماھى شەۋۋال تەمام بولدى، كافىرلاردىن ھىچ خەبەر كەلمەدى. بىلدىلەركىم، كافىرلار تەفرىقە بولۇپدۇر. ئىراق، سىۋاد ئەھلە كافىرلاردىنكىم پاك بولۇپدۇر.

بەس، ھەج تەۋاف قىلماقنى ئارزۇ قىلدىلەر، ئەندىشە قىلدىلەركىم ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىجازە بەرمەس. بەس، لەشكەرنى سىۋاد ۋە ئۇبۇلەگە ئىبەردىلەر. ئەيدىلەر: «مەن ئارقەدىن ھىيرەگە بارۇرمەن.» بەس، زۇلقەئدەدىن يىگىرمە بەش ئۆتتى ئەرسە، بىر يولچى ئالىپ، خالى يول بىرلە مەككەگە يۇردىلەر. مەككەنىڭ ئاراسى ئون ئىككى كۇنلۇك ئەردى. بەس، زۇلھەججەدىن يەتتە كۇن ئۆتۇپ ئەردى، زاتەل ئەرقغە كەلدىلەر. ئاندا ئىھرام باغلاپ، مەككەگە كىردىلەر. ھەج ئەدا قىلىپ ياندىلەر، ھىچ كىشى بىلمەدى. زۇلھەججەدىن بەش قالغاندا چىرىككە كەلدىلەر، ھەمە سىپەھسالارغە نامە ئىبەردىلەر.

بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى خالىدنىڭ ھەجلەرىدىن خەبەر ئالدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر ئەيدىلەر: «لەشكەرنى زايىئ قىلىپدۇر.» ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ساڭا ھەم ھەق تەئالا ھەج ۋە غەزاتنىڭ سەۋابىنى دەرىغ تۇتماس. لەشكەرنى ھەق تەئالا ساقلايدۇر. مۇندىن كېيىن خالىدغە دەلىر بولماغىل.»

بەس، ھەزرەتى خالىد ھىيرەدە ئارام ئالدىلەر. فىكر قىلدىلەركىم مەدايىنغە بارغايلەر. ئەجەم پادشاھىنى يوق قىلغايلەر.

## ھەزرەتى خالىدنىڭ شامغە بارغانلەرىنىڭ زىكرى

كەلتۇرۇپدۇرلەر: ھىجرەتدىن ئون ئۇچۇنچى يىلى ئەردى. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇتبە ئوقۇدىلەر، خەلقنى شام غەزاتىغە بۇيرۇدىلەر. شام رومىيلەرنىڭ قولىدا ئەردى. بەس، ئۇچ ئەمىر بىرلە گۇرۇھ لەشكەرنى شامغە ئىبەردىلەر. ئول ئەمىرلەردىن بىرلەرى خالىد بىننى سەئىد بىننى ئاس، ئىككىنچى ئەبۇ ئۇبەيدە جەرراھ، ئۇچۇنچى سۇرھەيل بىننى ھەسەنە. بۇ ئۇچ ئەمىر يەتتە مىڭ لەشكەر بىرلە شامغە يۇردىلەر.

ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى خالىدنى ستايەشلەر قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەركىم: «ئانىڭ دىلاۋەرلىكىگە ھەمتا يوقدۇر. ئانىڭ قورقۇنچى تەمامى خەلقنىڭ كۆڭلىگە تۈشۈپدۇر. شامغە ئانى بۇيرۇغاي ئەردىلەر.»

بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خالىدغە نامە ئىبەردىلەركىم، بىسيار ستايەشلەر قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا ئانچەكى جىھاد ۋە ھەج ساڭا روزى بولۇر ۋە ئاڭا شۈكر قىلىپدۇر، ياخشى ئەمەلى دىنىڭنى مۇبارەك قىلغاي ۋە ئىسلام سىنىڭ قولۇڭدا ئاشكارا بولدى. بىلۇرسەنكىم، تەمامى شام كافىردۇر. ئاڭا لەشكەر ئىبەرىپدۇرمەن. لېكىن تەدبىر ئۇلكىم، دىنى ھەزرەتى مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمنىڭ نۇسرەتى سەن بارغايسەن. ئىراقدا خاھلاغان لەشكەرنى قويغايسەن. شامغە بارغانلارنى ساڭا فەرمانبەردار قىلىپدۇرمەن. ۋە يەنە مەدىنەدىن بىسيار لەشكەر ئىبەرۇرمەن.»

بەس، ھەزرەتى خالىد نامەنى ئوقۇپ، بىرمۇنچە لەشكەر ئىراقدا قويدىلەر. مۇسەننى بىننى ھارىسەنى ھاكىم قىلدىلەر. ئاندىن شامغە يۈردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنەدىن يەزىد بىننى ئەبۇ سەفيانىنى بىسيار لەشكەر بىرلە ئىبەردىلەر. ۋە يەنە ئۆمەر بىننى ئاس نامدار ئەردى، ئاڭا نامە ئىبەردىلەركىم: «خالىدغە بارغىل.» بۇ تەرىقە، ھەريەردەكى لەشكەر بار ئەردى، ھەزرەتى خالىدغە بۇيرۇدىلەر.

## قىسسەئى
## فەتىھ يەرمۇك

كەلتۈرۈپدۇرلەر: ئول لەشكەركىم شامغە باردىلەر، ھەرقايىسى ئەمىرلەرنى بىر شەھەرگە تەئىن قىلىپ ئىبەردىلەر. ئەبۇ ئۇبەيدەنى رەخسغە، يەزىدنى ۋە سۇرھەيلنى دەمەشقغە، ئۆمەر بىننى ئاسنى فىلەستىنغە. بەس، ھەرقايىسلەرنى ئول شەھەرلەرگە بۇيرۇدىلەر ئەرسە، پادشاھى روم ئاگاھ بولۇپ، ئەللىك مىڭ لەشكەر ئىبەردى، تاكى مۇسۇلمانلار ئالدىغە بارغاي. بەس، بۇ ئەللىك مىڭ لەشكەر مۇسۇلمانلارغە يۈزلەندى. ھەزرەتى خالىد توققۇزمىڭ لەشكەر بىرلە شامغە كەلدىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەركۈنى لەشكەر ئىبەرىپ تۇردىلەر، تا ئوتتۇز ئالتە مىڭغە يەتتى.

بەس، پادىشاھى روم ھەزرەتى خالىدنىڭ خەبەرلەرىنى ئاڭلاپ، ئول ئەللىك مىڭ لەشكەرىگە نامە ئىبەردىكىم: «تا مەن بارماغۇنچە رومنىڭ ھەددىدىن چىقماغايسىزلەر.» بەس، ھىرەقۇل ئىككى يۈز مىڭ لەشكەر بىرلە ھەزرەتى خالىدغە يۈزلەندى. ھەزرەتى خالىد شام ۋە رومنىڭ ئاراسىدا يەرمۈك دېگەن يەردە ئەردىلەر. خەبەر كەلدىكىم، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قانتىغ كېسەلدۇرلەر. مۇسۇلمانلار بۇ خەبەردىن غەمكىن ۋە پەرىشان ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى خالىد تەمامى لەشكەرنى يىغدىلەر، خۇتبە ئوقۇدىلەر، ئەيدىلەر: «بۇ ئانداغ كۆندۈركى، مۇسۇلمانلارغە مۇنداغ كۈن كەلمەگەيكىم، چەندان كافىرلارنىڭ پادىشاھى يۈزلەنىپدۇرلەر. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كېسەللەرىدىن مەلۇل ۋە غەمكىن بولماغايسىزلەر! خۇداي تەئالانىڭ رىزاسىغە ۋە دىنىنىڭ كۆشىشىغە جەڭ قىلغايسىزلەر!» ۋە يەنە ياخشى ۋەئدەلەر قىلدىلەر.

بەس، خەبەر كەلدىكىم، روم لەشكەرى يەرمۈككە يۈزلەنىپدۇر. بەس، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى خالىدغە لەشكەر تەرتىب بەردىلەر. ئۆمەر بىننى ئاسنى ئون مىڭ كىشى بىرلە مەيمەنەگە قويدىلەر. يەزىد بىننى ئەبۇ سەفياننى مەيسەرەگە قويدىلەر. ئۆزلەرى لەشكەر ئوتراسىدا يۈردىلەر. ئەلەمنى ئابدۇللاھ بىننى خالىد كۆتەردىلەر. ئوتتۇز ئالتە مىڭ لەشكەرنى ئوتتۇز ئالتە مىڭ گۇرۇھ قىلدىلەر، ھەرقايسىغە بىر سەردار تەئىن قىلدىلەر. لەشكەرى روم ئىككى يۈز ئەللىك مىڭ ئەردى. سەف راست قىلدىلەر. ھەزرەتى خالىد ئۇلۇغ سەھابەلەرنى «سۈرەئى ئەنفال»نى ئوقۇغالى قويدىلەر. مۇنادى قىلدىلەركىم: «رەسۇلى ئەكرەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم سەھابەلەرىكىم مۇھاجىر - ئەنسارىدىندۇرلەر لەشكەردىن ئايرىلسۇنلەر!» بەس، ئول سەھابەلەرنى سەفنىڭ ئالدىدا تۇرغۇزۇپ، ئەيدىلەر: «پەرۋەردەگارا! بۇ ئول خەلقدۇرلەركىم، ھەبىبىڭغە بۇلار بىرلە نۇسرەت بەردىڭ، بۇلار بىرلە دىنغە ئىززەت بەردىڭ!» بەس، ئۇلۇغ سەھابەلەردىن يۈز كىشىنى ئايرىپ ئەردىلەر. «سىزلەردىن جەڭ ئۈمىد قىلماسمىز. سىزلەر دۇئا ۋە مۇناجاتغە مەشغۇل بولغايسىزلەر!» بەس، بۇلار دۇئا ۋە مۇناجاتغە، بەئزەلەرى تىلاۋەتى قۇرئانغە مەشغۇل بولدىلەر.

بەس، ئاتەشى جەڭ ئۆرلەدى ئەرسە، مەدىنەدىن ئەلچى كەلدىكىم،

ھەزرەتى ئەبۇ بەكر سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەفاتلەرى ۋە ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلافەتلەرى، ئەبۇ ئۇبەيدە جەرراھ سىپەھسالارلىقلەرى خەبەرىنى كەلتۇردىلەر. ھەزرەتى خالىد بىلدىلەركىم، ئەگەر بۇ خەبەر لەشكەرگە يەتسە شىكەست بولغاي. ھەركىم خەبەر سوردى ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سەھتلىك خەبەرىنى كەلتۇرۇپدۇرلەر دىدىلەر؛ سىزلەرگە ئون مىڭ لەشكەر ئىبەردىلەر، مەن ئىلگەرى كەلدىم دىدىلەر. مۇسۇلمانلار شاد بولدىلەر. ئەلچىنى ئارقەلەرىدە ئالىپ يۈردىلەر ۋە ئەيتتىلەر: «خىلافەتكە كىم مۇقەررەر بولدى؟» ئاھىستە ئەيدى: «ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.» ئەيدىلەر: «مەن مەئزۇلدۇرمەن.» ئەلچى ئەيدى: «ئانداغدۇر.» خالىد ئەيدىلەر: «ياخشى ئىش قىلدىڭكىم، خەلقنى ئاگاھ قىلمادىڭ.» بەس، ئاتدىن تۈشتىــــلەر، سەرى سەجدە قويۇپ ئەيدىلەر: «خۇدايا! سەن دەنا ۋە بىيناسەنكىم، بۇ جەڭ - جىھادلارنى دۇنيانىڭ ئىززەتى ۋە نام - ئاۋازەسى ئۇچۇن قىلمادىم. دىنىنىڭ ئىززەتى ۋە نۇسرەتى، سېنىڭ رىزا ۋە خۇشنۇدلىۇقۇڭ ئۇچۇن قىلدىم. بەس، ماڭا نۇسرەت بەرگىل!» دەپ قوپۇپ، ئاتغە مىندىلەر. ئون كىشى بىرلە ئۆزلەرى ھەملە قىــلدىلەر، رومىيلەرنى قوغلاپ، تا ھېرەقۇلنىڭ تەختىنىڭ ئالدىغە يەتكۇردىلەر. ھېرەقۇلنىڭ خارىجە ئاتلىغ بىر سىپەھسالارى بار ئەردى، بۇ ۋاقىئەنى كۆرۈپ، ئاتغە مىندى، يەنە سەفنى راست قىلىپ، سەفنىڭ ئالدىغە ئۆتتــــى، ئەيتتىكىم: «خالىد قايسىدۇر؟» بەس، ھەزرەتى خالىد ئاتلەرىنى ئويناتىپ ئالدىغە كەلدىلەر ئەرسە، خارىجە ئەيدى: «ئەيغىلكىم دىنىڭ قايسىدۇر؟» بۇ - خارىجە بۇرۇنقى كىتابلارنى تولا ئوقۇغان ئەردى. ھەزرەتى خالىد ئىمان ئىسلام ۋە دىنى شەرىئەتنى تەمام بەيان قىلدىلەر. خارىجە ھەزرەتى خالىدنىڭ قاشلەرىغە كەلدى ۋە ئىمان ئەيتىپ مۇسۇلمان بولدى ئەرسە، رومنىــڭ لەشكەرىگە بىسيار شىكەست بولدى. ئاندىن تەمامــى لەشكەر يەنە ھەملە قىلدىلەر، رومىيلەر قاچا باشلادىلەر؛ مۇسۇلمانلار قوغلاپ ئۆلتۇردىلەر. ئەرتەدىن ئاخشامغە يۈز يىگىرمە مىڭ كافىر دەۋزەخقە كەتتى. مۇسۇلمانلاردىن ئۈچ مىڭ كىشى شەھىد بولدىلەر. ئەبۇ سەفيان بۇ غەزاتدا بار ئەردى، كۆزىگە ئوق تېگىپ، نابىينا بولدى. بەس، ھەزرەتى خالىد كېلىپ، رومىيلەرنىڭ لەشكەرگاھىغە تۈشتىلەر. غەنىمەتنى جەمئ قىلدىلەركىم، دىباي رومدىن

مىلىڭ خىيمە ۋە سەراپەردە جەمئى بولدى. بەس، تەقسىم قىلىنۇر بولدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى خىلىد خۇتبە ئوقۇدىلەر، ھەمدۇر سەنادىن كېيىن ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەھمەتىگە ۋاسىل قىلىپدۇر. ئۇلەر ماڭا تەمامى خەلايىقدىن دوستراق ئەردىلەر. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى ھەمە خەلقدىن دۇشمەنرەك تۇتار ئەردىلەر. خىلافەت ئۇلەرغە بەرقەرار بولۇپدۇر. يا، ئەبۇ ئۇبەيدە! تەمامــى خەلقغە فەرمان سۇرگىل.» بەس، خەلايىق ھەزرەتى خالىدغە دۇئا قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەگەر بۇ خەبەرنى فاش قىلساڭ مۇسۇلمانلارغە شىكەست بولۇر ئەردى، دۇشمەنلەر ئەركلەنۇر ئەردى.» ئاندىن، ھەزرەتــى ئەبۇ بەكرســـــددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەفاتلەرىغە نالە ـ زارىلەر قىلىپ، ئەزا تۇتتىلەر. قاسىد ھەزرەتى ئۇمەرنىڭ نامەلەرىنى ئەبۇ ئۇبەيدكە بەردىلەر. نامەدە بۇ ئەردىكىم: «ھەق تەئالا ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بىھىـــشتكە ئېلتتى، ئۇلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلەرىنــى ماڭا تاپشۇردىلەر. ماڭا شام لەشكەرىنىڭ غەمى ھەمەدىن زىيادەدۇر. ھەزرەتى خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانداغ كىشىدۇرلەركىم، مالىك بىننى نوۋەيرەنى ئۆلتۇردى، كېلىپ يالغان گۇۋاھلىق بەردى. بۇ ئىككى گۇناھ ئىش بىرلە كافىر بولدى؛ مۇنداغ كىشىنى مۇسۇلمان ئىشىغە قويۇپ، راست كەلمەس. ئەگەر ئۆزىنىڭ گۇناھىغە ئىقرار قىلسە، مالىكنى ئۆلتۇردۇم دىسە، مۇسۇلمان بولۇر؛ ۋەگەرنە ئەمىرلىكدىن ئەزل قىلماقدۇر. ئەگەر راستغە كەلمەسە ئەبۇ ئۇبەيدەنى ئەمىر قىلدىمكى، خۇمىس غەنىمەت ھىسابىنى خالىددىن ئالغىل، ۋە يەنە ھەرمال ـ ئەمۋالى بولسە، نىسفىنى ئالىپ بەيتۇل مالغە سالغىل!» بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە نامەنى ئوقۇدى ئەرسە، تەمامى لەشكەر غەمكىن بولدىلەر. ئەيدىلەر: «خالىــدنىــڭ لايىقــى بۇ ئەرمەس ئەردى. چەندان جەھد ـ ئىســتىــقامەت ۋە مۇشەققەت كۆردى!» بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە ئەيدىــلەر: «يا خلىـــد، نە مەسـلەھەت كۆرەرسەن؟» ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «بۇ كېچە مۇھلەت بەرگىــل، تا كېڭەش قىلغايمەن.» بەس، مۇھلەت بەردىلەر. ھەزرەتى خالىدنىڭ بىــر ھەمشىرەلەرى بارئەردىكىم فاتىمە ئاتلىغ، ئاقىلە ۋە تەدبىرلىك. ھەزرەتى خالىد بىرلە ھەمراھ ئەردىلەر. ئۇلەر بىرلە مەسلەھەت قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «ئۆزۈمنى يالغانغە نىسبەت قىلىپ، ئەمىرلىكنى ئالايمۇ يا نىسفى ئەمۋالنى

بېرەيمۇ؟» فاتىمە ئەيدىلەر: «ئەي بىرادەر! ھەزرەتى ئۆمەر ساڭا دۈشمەندۇرلەر، سېنى خەلق ئاراسىدا يالغانچى قىلىپ، خۇنى ناھەقغە ئىقرار قىلدۇرۇپ، ئاندىن مالىكنىڭ بىرادەرىنى دەئۋا قىلدۇرۇپ، سېنى قىساس قىلۇرلەر. مەسلەھەت ئۇلدۇركى، ئەمىرلىكنى ۋە نىسفى مالنى بېرىپ، جانىڭنى ئالغايسەن.» بەس، ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «راست ئەيدىڭ.» بەس، تەمامى ئەمۋالـلەرى قىرىق مىڭ دىرەمگە يەتتى، نىسفىنى ئەبۇ ئۇبەيدەگە بەردىلەر. ۋەللاھۇ ئەئلەم!

# مۇسەننى بىننى ھارىسە ئەجەم بىرلە جەڭ قىلغان قىسسەسى

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، قاچانكىم ھەزرەتى خالىد مۇسەننى بىننى ھارىسەنى شامغە ئىبەردىلەر، ئەجەملەر زەئىف ئەردى ۋە ھېچكىم پادىشاھلىقغە قەرار بولماس ئەردى. ئاخىر، ئەردەشىرنىڭ ئوغلى يەزدگەردنى ئىتتىفاق قىلدىلەر. ئاڭا ئەيدىلەر: «بىزگە ئەرەبلەر بىرلە جەڭ قىلماقدىن ئاھەممىراق ئىش يوقدۇركىم، مۇلكىمىزغە كىرىپ، چەندان شەھەرلەرنى ئالدى.»

بەس، يەزدگەرد ئوتتۇزمىڭ لەشكەر ۋە بىسيار پىللار بىرلە، ئەۋزار مەرد جاۋىدان ئاتلىغ بىر ئادەمدىن ئىبەردى. مۇسەننى ئاگاھ بولۇپ، لەشكەر بىرلە ئالدىغە باردىلەر. بابىل ۋە سىۋاد ئاراسىدا قاۋۇشتىلەر. قاتتىغ جەڭلەرنى قىلدىلەر. ئەجەملەر ئىسلام لەشكەرىگە پىل ئىبەردى ئەرسە، مۇسۇلمانلار قاچغالى تۇردىلەر. مۇسەننى ئەيدىلەر: «قاچماڭلار، تىرباران قىلىڭلار!» بەس، مۇسۇلمانلار ئانداغ تىرباران قىلدىلەركىم، پىللار قارۇغۇ بولۇپ، سۇۋىت بولدى. ھەمە ئۆزلەشكەرگاھىغە ياندىلەر، پىللار ئارقەسىدىن قوغلاپ قاتتىغ ھەملە قىلدىلەر، قاچتىلەر؛ مۇسۇلمانلار بېنەھايەت ئۆلتۈردىلەر. قاچغان كافىرلار ئەجەمگە يەتتىلەر ئەرسە، پادىشاھلەرى ئۆلگەن ئەردى. ئەجەم مەزلۇملەر قولىغە قالىپ ئەردى.

بەس، دەريايى دەبجلەنىڭ ئۈيانى مۇسەننىنىڭ تەسەررۇفلەرىدە بولدى. بۇ ئەسنادا، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىسەللەرىنىڭ

خەبەرى كەلدى ئەرسە، لەشكەرگە خەلىفە تەئىن قىلىپ، مەدىنەگە باردىلەر. هەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ هەيات ئەردىلەر. ئەمما هەزرەتى ئۆمەرنى خەلىفە قىلىپ ئەردىلەر. بەس، مۇسەننىنى كۆردىلەر ئەرسە، ياخشى سىتايەشلەر ۋە ئىلتىفاتلارنى قىلدىلەر؛ هەزرەتى ئۆمەرغە ئەيدىلەركىم: «مەن ئۆلگەن كۈنى مۇسەننىنى ئىراقغە ياندۇرغىلكىم ئەجەملەرنىڭ كۆڭلىـــگە بۇلارنىڭ هەيبەتى تۇشۇبدۇر. خالىد شامدىن يانسە، ئانى لەشكەر بىــرلە ئىراقغە ياندۇرغىل.»

بەس، ئول كېچە هەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەفات بولدىلەرئەرسە، هەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسەننىنى ئىـــراقغە ئىبەردىلەر. هەزرەتى خالىدنى مەئزۇل قىلماقغە نامە پىتىلدى.

## فەسل

## هەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىــڭ ۋەفاتلەرى زىــكرى

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، هەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خەيبەرنىڭ ئۇلۇغلارىدىن بىرجوھۇد مېھمان قىلدى. هارىسە بىننى كەلدە كىم ئەرەبدە تەبىب ئەردى، ئاندا هازىر ئەردى. بەس، بىـــركاسەدە گۈرۈنج كەلتۇردى ئەرسە، هەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر لوقمە يېدىلەر. هارىسە ئاغزىغە بىر لوقمە ئالىپ تاشلادى، ئەيدى: «بۇ زەھەر ئالۇدەدۇر، بىر لوقمە يېدىلەر بىـر يىـــلغە قالماسلەر.» بەس، ئانداغ بولدىكىم، ئول لوقمەنى يىل ئەۋۋەلىدە يەپ ئەردىلەر، جۇمادىيەل ئەۋۋەلدە كىسەل بولۇپ، ئون بەش كۈن ياتىپ، جۇمادىيەل ئاخىرنىڭ يەتتەسىدە دۇشەنبە كۈنى ۋەفات بولدىلەر. ئەۋۋەل مەككەدە ئىتاب بىننى ئەسەد قەزا قىلدىلەر.

هەزرەتى ئەبۇ بەكرىســـــددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋام ئۆمۈرلەرىدە سوداگەرچىلىك قىلۇر ئەردىلەر؛ قويلارى بىسيار ئەردى؛ ئەيالمەند ئەردىلەر. قاچانكىم خىلافەتكە ئولتۇردىلەر، تىجارەتلەرىنى قويمادىلەر. مۇسۇلمانلارنىڭ

ئىشى مەئتەل بولدى ئەرسە، خەلقغە ئەيدىلەر: «نەفەقەئى ئەيال ئۈچۈن كەسب قىلماي چارە يوقدۇر؛ مۇسۇلمانلار ئىشى مەئتەل بولۇر، بەس، ماڭا بىر مۇنشى لازىم بولۇر، بەئزە ئىشلارنى خەت بىرلە سەرەنجام قىلغايلەر. ئاڭا بەيتۇل مالدىن مۇزد بەرگەيمەن. بىرقازى لازىمدۇركىم، مۇسۇلمانلارغە دىنى شەرىئەتنى ھۆكم قىلغايلەر.» ھەرىيل ئالتە مىڭ دىرەم قازى ۋە مۇنشىغە بەيتۇل مالدىن ئۇجرە تەئىن قىلدىلەرئەرسە، ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «مەن ساڭا بى مۇزد قازىلىق قىلۇرمەن.» ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «مەن بى ئەجرە مۇنشى بولۇرمەن.» بەس، بۇ تەرىقە ئىككى يىل تۆرت ئاي خەلىفە بولدىلەر. بۇ مۇددەتدە سەككىز مىڭ دىرەم ئەمۋال يىغىلىپ ئەردى. ھالا ۋەفاتلەرىدە ۋەسىيەت قىلدىلەركىم: «مىنىڭ ئەمۋالىمنى بەيتۇل مالغە قوشۇڭلار.» ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىز، ئۈچ كۆجىلەرى قالىپ ئەردى، ئەمۋاللەرىدىن ھىچ نەرسە بەرمەدىلەر:

ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەردىيارغە قويغان ئامىللارىدىن بەئزەسى ھەزرەتـــى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم قويغان ئامىللاردىن ئەردى ۋە بەئزەنى ئۆزلەرى قويغان ئەردىلەر. شامغە ئىبەرگەن سىپەھسالارى ئەبۇ ئۇبەيدە، يەزىد بىننى ئەبۇ سەفيان، سۇرھەيل ۋە خالىد ئەردى. ئاتالەرى ئەبۇ قەھھافە مەككەدە تىرىگ ئەردىلەر، ئاتى ئوسمان ئەردى. ئالتە ئايدىن كېيىن قەزا قىلدىلەر.

ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاتلەرى ئابدۇللاھ ئەردى. نىسبەتلەرى: ئابدۇللاھ بىننى ئوسمان بىننى ئامىر بىننى كەئەب بىننى سەئىد بىننى تەمىم بىننى مەررە. رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئۇلەرنى «ئەتىق» ئاتادىلەر، يەئنى «دەۋزەخدىن ئازاد». ئۇلەرنىڭ بەدەنلەرى ئورۇق، پوستلەرى ئاق؛ ساقاللەرى يۇفقاراق؛ تومۇرلەرى يۈزلەرىدىن زاھىر بولۇر ئەردى. رەڭلەرى سارىغشىن، ساقاللەرى ئاق ئەردى. ئاتمىش ئۈچ ياشدا ۋەفات بولدىلەر. ۋەسىيەت قىلدىلەركىم: «مېنى ھەمخانەم ئەسما بىنتە ئەمىس غۇسل قىلسۇن، ئوغلۇم ئابدۇرەھمان سۇ قۇيسۇنكىم بۇلاردىن بۆلەك كىشى بەرەھنە كۆرمەكنى خاھلاماسمەن. ھەزرەتى رەسۇلى خۇدانىڭ يانلەرىدە دەفن قىلسۇنلەركىم، باشىم مۇبارەك ئاياغلەرىنىڭ بەرابەرىدە بولغاي.» نەمازشام ۋەقتى ئەردى، ۋەفات بولدىلەر. ئول سائەت غۇسل قىلدىلەر. شام

ۋە خۇفتەنىنىڭ ئاراسىدە دەفن قىلدىلەر. جىنازەلەرىنى ھەزرەتى ئۇمەر، ھەزرەتى ئوسمان، ھەزرەتى تەلھە ۋە ئوغلانلەرى ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ئەجمەئىن تەبئىيەت قىلدىلەر.

## فەسلى
## ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلافەتلىرى زىكرى

قاچانكىم، ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىلافەتكە ئولتۇردىلەر، ئۈچ كۈن خۇتبە ئوقۇدىلەر، خەلقنى غەزاتغە تەرغىب قىلدىلەر. خەلق ھەزرەتى خالىدنىڭ جەھەتلەرىدىن مەلۇل ئەردىلەر، غەزاتغە رىغبەت قىلماس ئەردى. تۆرتىنچى كۈنى خۇتبە ئوقۇدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «ئەي خەلق! ئىراقنى تەسەررۇف قىلماساڭلار تەڭلىكدىن ھىلاك بولۇرسىزلەر! چۇنكى تەمامى مەئىشەتىڭلار سودا بىرلەدۇر ۋە تەمامى غەنىمەت ھەم ھىيردىن كېلۇر!» بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە جەرراھ، مەسئۇد سەقەفى قەبۇل قىلدىلەر ۋە يەنە سەھابەلەردىن نەچەند كىشى ئۇلارغە مۇۋافەقەت قىلدىلەر. مۇسەننى ئەيدىلەر: «ئەجەمنىڭ ئىشى ھەمەدىن ئاساندۇركىم، ئۇلار بىزدىن ۋەھىملىغدۇر. ئۇلۇغ شەھەرلەرى بىزنىڭ تەسەررۇفىمىزدەدۇر. دۈشمەننى قورقۇتماق ئۈچۈن يەنە لەشكەر لازىم بولماسا، ئۆزۈمگە كىفايەت قىلغۇنچە لەشكەر باردۇر.» بەس، مىڭ كىشى غەزاتغە رىغبەت قىلدىلەر. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئەي مۇسەننى! مەن ئەبۇ ئۇبەيدەنى ئەمىرلەشكەر قىلدىم، سەن ھەم فەرمان تۇتغىل!» مۇسەننى ئەيدىلەر: «بىزگە سەھابەلەردىن ئەمىر قىلغىل، بىز جان فىدا قىلۇرمىز.» ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «سەھابەلەر ئىلگەرى ئۆزلەرىنى غەزاتغە ئۇرار ئەردىلەر، ئەمدى مەلامەت قىلۇرلەر، دىن ئۈچۈن غەزاتغە ئەۋۋەل ئۇلاردىن قەدەم قويمان لازىم ئەردى.»

بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە ۋە مۇسەننى ئىراقغە يۇزلەندىلەر. ھەزرەتى خالىد شامغە يۈزلەنىپ بارغاندا، ئەجەم قۇۋۋەت تاپىپ ئەردى. رۇستەم فەررۇخنى

سەردار قىلىپ، مەداينىدىن سىۋادقا بىسيار لەشكەر ئىبەردى. ھەزكەنتلەرگە، ھەرشەھەرلەرگە نامە ئىبەردىلەركىم: «ئەمدى ئەرەبكە تابىئ بولماڭلار! خەلىفەسى ۋەفات بولۇپ، خالىد ئەمىرلىكدىن مەئزۇل بولۇپدۇر. ھەمە مۇرتەد بولۇڭلار!» مۇسەنىنىڭ كەلگەنلەرىدىن رۇستەم خەبەر تاپتى ئەرسە، چابانغە نامە ئىبەردىكىم: «لەشكەر جەمىئ قىل، مۇسەننى بىرلە جەڭ قىل! مەن ساڭا ياۋەر بولۇرمەن!» بەس، مىڭ كىشى ئىبەردى.

بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە لەشكەر تارتىپ، نەمارۇق دىگەن يەرگە باردىلەر. جەڭ قىلىپ زەفەر تاپتىلەر. چاباننى بىر ئەرەب ئەسىر قىلدى، چاباننىڭ بىر گەۋھەرى بارئەردى، ئەئرابىغە بېرىپ، ئازاد بولدى؛ پىيادە لەشكەر ئاراسىدا يۇرۇر ئەردى، ۋە يەنە بىرئادەم تۇتۇپ، ئەبۇ ئۇبەيدەنىڭ قاشلەرىغە كەلتۇردىلەر ئەرسە، ۋاقىئەسىنى بەيان قىلدى. بەئزەلەر مۇنى ئۆلتۇرگەن ئەۋلادۇركىم، سىۋادنىڭ پادىشاھى ۋە ئەجەملەرنىڭ كۆڭلى شىكەست تاپىغۇسىدۇر. ئەبۇ ئۇبەيدە ئەيدىلەر: «بىر مۇسۇلمانغە ئىمان بەرگەن كىشىنى نېچۇك ئۆلتۇرگەيمىز!» ئەبۇ ئۇبەيدە يەنە نەچەند ئەجەمنىڭ سەردارلەرى بىرلە تەقابىل بولۇپ ھەمەسى شىكەست تاپتى. غەنىمەتلەرنىڭ خۇمسىنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ئاندىن ياندىلەر. بىرمەنزىلگە تۈشتىلەركىم، ئانى كەشكەر ئاتار ئەردىلەر. يەرلىك خەلقى ئالدىلەرىغە كەلدى، پېشكەشلەر ۋە تەئام كەلتۇردى. ئول يەرنىڭ تاخۇسى تىۋەدەك چوڭ ئەردى. تاخۇ پۇشۇرۇپ كەلدىلەر. ھەمە شۇتۇر مۇرغ گۇمان قىلىپ، يىمەدىلەر. ئەرەبلەر شۇتۇر مۇرغنى يېمەس ئەردىلەر. چۇنكى شۇتۇر مۇرغ بىرلە يېرى باردۇركىم، ئانى ئۆلتۇرسە زەرە يەتكۇرگەي. بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە ئەيدىلەر: «شۇتۇر مۇرغنى نېچۇكدىن كەلتۇردۇڭلار؟» ئۇلار ئەيدىلەر: «بۇ تاخۇدۇر.» ھەمە تەئەججۇب قىلدىلەر. بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە ئەيدىلەر: «بۇ تۇھفەلەرنى تەنھا نېچۇكدىن ماڭا كەلتۇردۇڭلارمۇ يا لەشكەر بىرلەمۇ؟» ئەيدىلەر: «بۇ تۇھفەلەرنى ئەمىرگە كەلتۇردۇك. ئەگەر فەرمان قىلساڭ، لەشكەرگە يەنە زىيافەت قىلۇرمىز.» ئەبۇ ئۇبەيدە ئەيدىلەر: «مەن لەشكەردىن بىرىدۇرمەن، ئۇلارنىڭ شىركەتى يوق نەرسەنى قەبۇل قىلماسمەن.!» دەپ ياندۇرۇپ بەردىلەر. بۇ ۋاقىئەنى ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىشتىپ، خەلق ئاراسىدا تەھسىنلەر قىلىپ، ھەمدۇ سەنا ئوقۇدىلەر. يەنە بىر ۋاقىئە، قاچانكىم ئەبۇ ئۇبەيدە ئەجەم

لەشكەرىگە شىكەست بەردىلەر ئەرسە، ئىران پادشاھى توران دوخت خۇرۇج قىلدى. بەھمەن جادۇ ئاتلىغ بىر سىپەھسالارى بارئەردىكىم دىلاۋەر، ھىلەلىكدە مەشھۇر ئەردى. ئانىڭدىن بىھىساب لەشكەر ئىبەردى. ئەبۇ ئۇبەيدە ھەم ئالدىغە باردىلەر. دەريايى فراتنىڭ لەبىدە بەھمەننىڭ تەقابىلىدا تۇشتىلەر. ئارادا دەريا بارئەردى. بەس، بەھمەن ئەلچى ئىبەردىكىم: «ئارادا دەريا باردۇر، يا سەن بىر مەنزىل كېيىن يانغىل، بىز ئۆتەلى؛ يا بىزيانالى، سەن ئۆتكىل.» ئەبۇ ئۇبەيدە ئەيدىلەر: «بىز ئۆتەرمىز.» مۇسەننى ئەيدىلەر: «مەسلەھەت ئولكىم، ئول ئۆتكەي. چۇنكى، ئەگەر ئول ئۆتسە، بىرى ھەم قۇتۇلماغاي. ئەگەر بىز شىكەست تاپساق قاچغالى يول كۇشادە بولغاي.» ئەبۇ ئۇبەيدە ئەيدىلەر: «مەن خۇداي تەئالانىڭ نۇسرەتىدىن نەۋمىد ئەمەسمەن. ئەلبەتتە دەريادىن ئۆتەرمەن، كېيىن يانماسمەن!» ھەرچەند مەنئ قىلدىلەر، باۋەر بولمادى. ئەرتەسى دەريادىن ئۆتتىلەر. بەھمەن پىرئەردىكىم، قاشى كۆزىنى ياپار ئەردى. قاشىنى ئۆرۈپ، ماڭلايىغە تاڭىپ، ئىسلام لەشكەرىنى سەرھىساب بارىپ، ئەرتەسى سەف راست قىلدى. پىللارغە بەرگۇستۇان سەرباغلاپ، ئالدىغە سالدى، تاكى ئوق لەشكەرگە يەتمەگەي. بەس، ئول ھەملە بىرلە ئىسلام لەشكەرى پەرىشان بولدى، سەفنىڭ تەرتىبى بۇزۇلدى. ئەجەمنىڭ پىل - ئۇلاغى جەۋلانغە كىردى ئەرسە، ئەبۇ ئۇبەيدە پىيادە بولدى، ئەيدىلەر: «بىزنىڭ ئاتلارىمىز پىللاردىن ئۈركۈپ توختاماسلەر. ھەمە پىيادە بولۇڭلار! جەھد قىلىڭلاركىم پىللارنى يارالىغ قىلىڭلار!» بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىلگەرى ئەردىلەر. بىرپىلغە زەخم ئۇرغالى باردىلەرئەرسە، پىل خەرتۇمىغە ئىلىپ، ئاياغىغە باستى. ئەلەملەر يىقىلدى ئەرسە، مۇسۇلمانلار يۇگۇردىلەر، ئەبۇ ئۇبەيدەنى شەھىد تاپتىلەر. ئەلەمنى كۆتەرىپ ياندىلەر ئەرسە، مۇسەننى ئارقەدىن ئاھىستە يۇردىلەر، تا لەشكەر دەريادىن ئۆتكەيلەر. ئابدۇللاھ دەريانىڭ كۆبرۇكىنى بۇزۇپ ئەردى، تاكى لەشكەر قاچىپ ئۆتمەگەي ۋە توختاپ تۇرۇپ جەڭ قىلغايلەر. بەس، لەشكەر قاچىپ دەرياغە كەلدىلەر، ئۆزلەرىنى دەرياغە تاشلادىلەر. بەئزى غەرق بولدىلەر. مۇسەننى ئەيدىلەر: «كۆپرۇكنى كىم بۇزدى؟» ئابدۇللاھ ئەيدى: «مەن بۇزدۇم، تاكى خەلق قاچماي جەڭ قىلغايلەر.» بەس، مۇسەننى ئاڭا ئەدەب بەردىلەر. بەس، نىدا قىلدىلەر: «ئەي خەلق! ئۆزۈڭلارنى غەرق قىلماڭلاركىم دۇشمەن توختاپ

قالىپدۇر!» بەس، كېمەلەر راست قىلىپ، دەرياغا كىرىپ كۆۋرۈكنى ياسادىلەر، تا تەمامى مۇسۇلمانلار دەريادىن سالامەت ئۆتتىلەر. ئاندىن كېمەلەرنى غەرق قىلىپ ئىبەردىلەر. ئەرتەسى لەشكەرنى سەرھىساب باردىلەر ئەرسە، تۆرت مىڭ كىشى ھىلاك بولۇپدۇر. بەس، ئول كېچە بىرمۇنچە خەلق مەدىنەگە قاچىپ ياندىلەر. ئەرتەسى مۇسەننى لەشكەرنى سانادىلەر ئەرسە، ئۈچ مىڭ قالىپدۇر. بەس، ئابدۇللاھ زەيدنى مەدىنەگە بۇيرۇدىلەر، تاكى چۇست بارىپ بۇ ھالنى خەبەر قىلغاي. بەس، ئابدۇللاھ مەدىنەگە يەتتى. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەردە خۇتبە ئوقۇر ئەردىلەر. مۇنبەرگە چىقىپ، بۇخەبەرنى پىنھان ئەيتتىلەر: «جەڭ ئىشى گاھى غەنىمەت، گاھى ھەزىمەتدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامغە جەڭگى بەدرىدە فەتھ زەفەر بولدى؛ ئوھۇد غەزاتىدا شىكەست ۋە خەتەر ئاندىن ئەردىلەر. ئەبۇ ئۇبەيدە، خۇدا رەھىم قىلغايكىم جىھاددا جەددىنى نەھايەتىگە يەتكۈرۈپدۇر.» بەس، مۇنبەردىن تۈشتىلەر، بۇ فىكر ئەندىشەدە ئەردىلەر. مۇسەننى ئول دەريا لەبىدە بەرقەرار ئەردىلەر. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەرىرە بىننى ئابدۇللاھ نەھىلىنى تۆرت مىڭ كىشى بىرلە مۇسەننىغە بۇيۇردىلەر ئەرسە، جەرىرە ئەيدىلەر: «مېنىڭ قەۋمۇم مۇسەننىنىڭ تابىئىدە بولماسلەر.» ھەزرەتى ئۇمەر ئەيدىلەر: «خۇمسىدىن تۆرتىنىڭ بىرىنى تەئىن قىلدىم. مۇنىڭ بىردىن زىيادە بولغاي.» بەس، جەرىزە ئەجەمگە يۈزلەندىلەر. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسەننىگە نامە ئىبەردىلەركىم: «جەرىرە سەھابە كىباردىندۇر، پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمگە ئىمان كەلتۈرگەن؛ ئۇلەر مۇبارەك دۇبۇلغالەرىنى كىيدۇرگەن. بەس، ئاڭا ئىكرام قىلغايسەن.» بەس، جەرىرە مۇسەننىغە قوشۇلدىلەر ئەرسە، بىنەھايەت تەئزىم ۋە ئىكرام بىجا كەلتۈردىلەر. ۋە يەنە، بەھمەن بىرلە جەڭ قىلىپ، بەھمەننى ئۆلتۈرۈپ زەفەر تاپتىلەر. ئەجەمدىن چەندان سەردارلار بىرلە جەڭ قىلدىلەر. ئاندىن، غەنىمەت تەقسىم قىلىپ، خۇمس ئالىپ، تۆرتدىن بىرنى بەردىلەر؛ قالغاننى مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ئاندىن كېيىن جەرىرە مۇسەننىدىن بۆلەك تۈشتىلەر ئەرسە، مۇسەننى ئەيدىلەر: «سىنى ماڭا مەدەتكە ئىبەرىپدۇرلەر، بىريەردە مۇۋافىق بولغاي ئەردۇك؛ ھەرھۆكمى ۋە قەزادا مەشۋەرەت قىلغاي ئەردۇك.» جەرىرە ئەيدىلەر: «مېنى جەڭگە مەدەد قىلغالى ئىبەرىپ ئەردىلەر، ئول كىفايەت

بولدى. ئەمدى ماڭا ھۆكمۈڭ يۈرمەس!» مۇسەننى جەرىرەدىن شىكايەت قىلىپ نامە ئىبەردىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەۋاب ئىبەردىلەر: «جەرىرە سەھابەكىباردۇرلەر، ساڭا تابىئ بولماسا مەئقۇل.» ئاندىن كېيىن، ئىستىخارە قىلىپ، بەشارەت بىرلە سەئد ۋەققاسنى ئەمىرلەشكەر قىلىپ ئىبەردىلەر.

ھەزرەتى سەئد ۋەققاس بارىپ، مۇسەننىنى مەدايىننىڭ باغداد دىگەن مەۋزىئىغە بۇيرۇدىلەركىم، بىر كەنت ئەردى؛ شەھەرى باغداد بىنا تاپماغان ئەردى. ئەجەملەر ئاندا يىغىلىپ، يەتتە كۈن سودا قىلۇر ئەردى. مۇسەننى ئىككى مىڭ ئاتلىغ ئىلغاپ ئالىپ، باغدادغە باردىلەر. دۈشمەنلەرنى ھىلاك قىلىپ، ئول بازارنى تاراج قىلىپ، بىسيار مال غەنىمەت ئالىپ، چۈست يانىپ كەلدىلەر. خۇمىسنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر.

بەس، ئەجەملەر كۆڭلىدە ۋەھم پەيدا بولدى. بۇ ھىكايە پادشاھ ۋە ئۆمەرالارغە تەنبىھدۇركىم، ھىچ ۋەقتدە دۈشمەندىن غافىل بولماغايلار. قاچانكىم، بۇ خەبەر مەدايىنغە يەتتى ئەرسە، ئەھلى مەداين ماتەمدار بولدىلەر؛ دەردۇ ھەسرەتدىن يىغىلىپ، رۇستەم ۋە پرۋىزغە، ئەجەم سەردارلارىغە شەنائەت قىلدىلەر ۋە ئەيدىلەر: «بۇ مەھەلدە ئەجەم مۈلكى زايىئ بولدى. بىز سىزلەرگە ئىتائەت قىلىپدۇرمىز، سىزلەر مۈلكنى بىز مەزلۇمغە قويدىڭىزلار.» بەس، پەرۋىز ۋە شىرويە ئۆلارنى تەجىيس قىلدىلەر ئەرسە، مەئلۇم قىلدىلەركىم، پەرۋىزنىڭ بىر ئوغلىنى شىرويەدىن قاچۇرۇپ، پارىسدا ئىنەگەگە بەرگەن ئەردى. ئاڭا كىشى ئىبەردىلەر. ئاتى يەزدگەرد ئەردى. ئانى كەلتۈرۈپ تەختغە ئولتۇرغۇزدىلەر. بىسيار شادلىق قىلدىلەر. يەزدگەرد رۇستەمنى سىپەھسالار قىلىپ، يۈزمىڭ لەشكەر بۇيرۇدى. رۇستەم لەشكەر تارتىپ بارىپ، مەدايىندىن چىقىپ يۈردى. ئانبارغە كىشى ئىبەردىكىم: «بىر پادشاھى ئەزىم تاپىپ تەختغە ئولتۇرغۇزدۇق، شايەد، ئەمدى مەملەكەت نىزام تاپغاي.» بەس، بۇ خەبەرنى ئىشتىپ، بەئزەلەر ئەجەمگە مەيل قىلدىلەر؛ بەئزەلەر قاچىپ مۇسەننىغە كەلدىلەر. بۇ خەبەر ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە كەلدى ئەرسە، ئۆزلەرى ئەزم قىلىپ، مەدىنەدىن چىقتىلەر. سەھابەلەر ئەيدىلەر: «يا ئەمىرۇل مۇئمىنىن، قايان بارۇرلەر؟!» ئەيدىلەر: «ئەجەملەر پادشاھ تاپىپدۇر، قۇۋۋەت ئالىپدۇر؛ ئەھلى سىۋادلار مۇرتەد

بولۇپدۇر. ئاندا بارۇرمەن!» سەھابەلەر ئەيدىلەر: «ئەگەر ئۆزلەرى بارسەلەر ئەرەبلەر بىزابىت بولۇر. مەسلەھەت ئولكىم، بىركىشىنى ئەمىر قىلىپ ئىبەرىپ، ئاڭا مەدەد بەرگەيلەر. ئۆزلەرى مۇندا تۇرغايلەر. تاكى مۇندا ھىچ خەلەل بولماغاي.»

بەس، بۇ باتىس ئەردىكىم، ئىستىخارە ۋە بەشارەت بىرلە ھەزرەتى سەئد ۋەققاسنى ئىبەرىپ ئەردىلەر. ھەزرەتى سەئد ۋەققاس سەھابەئى كىباردىن ئەردىلەر؛ تىيرەندازلىقدە مانەندلەرى يوق ئەردىلەر، ئانداغكى كۆزدە ئۇنگەن سەپىلگە سوقار ئەردىلەر، كۆزگە ئازار يەتمەس ئەردى. قاراڭغۇ كېچەدە يۈزدەكى خالنى نىشانە قىلۇر ئەردىلەر. جەڭگى ئوھۇددا، ھەزرەتى رەسۇل ئەكرەم سەل-ئەل-لەم ئۇلەرغە ئەيدىلەر: «يا سەئدا، ئاتام - ئانام ساڭا فىدا، ئول كافىرلارنى ئاتغىل!» ئول ۋەقتدە ھەزرەتى سەئد ۋەققاس سەھراندا ھەۋازەن زەكاتىنى يىغار ئەردىلەر. ئول مەشۋەرەت ئەسناسىدا، ھەزرەتى سەئد ۋەققاسدىن نامە كەلدى، ھەۋازەندىن مىڭ كىشى راست قىلدىكىم، مەدىنەگە بارۇرلەر. بەس، ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامە ئىبەردىلەركىم: «ئەجەمگە يۈزلەنسۇنلەر، تەمامى لەشكەرنى سىزلەرگە تاپشۇردۇم ۋە ئەمارەت مۆھرىنى سىزلەر ئاتىڭلەرغە قىلدىم.» بەس، ھەزرەتى سەئد شىتاب - ئىزتىراب بىرلە چىقىپ يۈردىلەر. لەشكەرلەر فەۋج - فەۋج ئارقەلەرىدىن يۈردىلەر. بەس، مۇسەننى ۋە جەرىرە بىننى ئابدۇللاھغە يەتتىلەر. ئۇلار ئون مىڭ لەشكەر بىرلە ئەردىلەر. ھەمە تەئزىم قىلدىلەر. ھەزرەتــى سەئد لەشكەرنى يىگىرمە سەككىزمىڭ سەرھىساب باردىلەر.

يەزدگەرد دېۋ فىتنە ئەنگىز ھازىر ئەردى. ئەرەبدىن ئون مىڭ لەشكەر ئالىپ ئىبەردىلەر. رۇستەم ھەم لەشكەر كەلگەننى خەبەر ئالىپ، ئون مىڭ كىشى يىغدىلەر. ھەزرەتى سەئد قاۋسىيەگە تۈشتىلەر. ھەركۈنى لەشكەرى ئىسلام سىۋادنىڭ كەنتلەرىنى چاپىپ، خەراب قىــلۇر كېلۇر ئەردىلەر. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەجەم پادشاھىنى ئەۋۋەل ئىسلامغە تەكلىف قىلىڭلار دەپ ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى سەئد ئەرەبنىڭ فۇسەھالارىدىن ئون تۆرت كىشىنى ئەلچى ئىبەردىلەر. بۇلار رۇستەمنىڭ لەشكەرىگە يەتتى ئەرسە، رۇستەم ئەيدى: «قايان بارۇرسىزلەر؟» بۇلار ئەيدىلەر: «پادشاغە ئەلچى بارۇرمىز.» رۇستەم مەنئ قىلمادى. بەس، يەزدگەرد قاشىغە باردىلەر،

بۇلار دەستار كىيىپ، شەمشەر ھەمايىل قىلىــــپ ئەردىلەر. يەزدگەرد تەرجىمانغە يەئنى كەلىمەچىگە ئەيدى: «سوركىم، بۇ ئىگىنىلەرىنى نە دەرلەر؟ » بەس، تەرجىمان ئەيدى. ئەجەملەر بۇ سۆزدىن شۇم فال ئالدىلەر. يەنە ئەيدى: «سورغىلكىم نە ئىشغە كېلىپدۇرلەر؟ » بۇلار ئەيدىلەر: «بىــزلەر زەلالەت دەشتىدە ھەيران، گۇمراھلىق ۋادىيەسىدە سەرگەردان خەلق ئەردۇك. ئافەرىدە كارى ئالەم بىزگە رەھىم قىلىپ، پەيغەمبەر ئىبەردى. راست يول تاپتۇق. ھەقنى باتىلدىن، ياخشىنى ياماندىن ئايرىپ بىلدۇك. ھەركىم بۇ دىننى قەبۇل قىلسە، ئىككى ئالەمدە سەئادەتمەندۇر. ئەگەر يۈز ئۆيرەسە شەمشەرى ئابدار بىرلە بۇ يولغە كۆندۇرۇرمىز. سىنى خۇداي ئالەمگە باشلاغالى كېلىپدۇرمىز. ئەگەر قەبۇل قىلساڭ، دۇنيا ۋە ئاخىرەت سىنىڭدۇر. ئەگەر قەبۇل قىلماساڭ جەڭ قىلۇرمىز، تا نۇسرەت كىمگە بولغاي؟ ! » يەزدگەرد ئەيدى: «سىزلەر سەھرادا ئۆتكەن خەلق، سىزلە ھەددىڭلەردىن ئاشىپ، بىسيار مۇلكلەرنى خەراب قىلىپسىزلەر. چۈنكى ئەجەمدە پادشاھ يوق ئەردى. ئەمدى سىزلەرگە خەلقغە قىلغانىڭلارنى قىلۇرمەن! سىزلەر خىراج بەرمەكنى شەرافەت بىلىڭلار. بىھۇدە سۆز بىرلە ئۆزۈڭلارنى ھىلاك قىلماڭلار! » مۇغەير بىننى شەئبە ئەيدىلەر: «پادشاھ راست ئەيتتۇركىم، بىز فەقر - نامرادلىقدا ئەيتغاندىن زىيادە ئەردۇك. خۇداي تەئالا ئەزىزنى خار قىلۇر، خارنى ئەزىز قىلۇر. ئەگەر ھەق دىنغە بويۇن سۇنساڭلار ئارامىزدا سۇلھدۇر. ئەگەر خىلاف قىلساڭلار بىــز دەلىلنــى راست قىــلدۇق. پەرۋەردىــگار ئالەم ئىــرادە قىــلۇر! » يەزدگەرد ئەيدى: «سىزلەردە نەھەد بولغايكىم، ماڭا سۆز ئەيتغايسىزلەر! » ھەزرەتى مۇغەيرە ئەيدىلەركىــــم: «نە جەۋاپ ئالىـــپ بارۇرمىز؟ » يەزدگەرد بۇيرۇدىكىم: «بىرتاغار تۇفراق ئالىپ، بۇلارنىــڭ ئۇلۇغىغە يۈددۇرۇپ ياندۇرۇڭلار. ئەگەر پادشاھلار ئەلچىنــى ئۆلتۇرگەن بولسەلەر ئەردى، مەن بۇلارنــى ئۆلتـۇرۇر ئـەردىم. » بـەس، تـۇفراق كەلتۈردىلەر ئەرسە، ئاس بىــننــى ئۇمــەر ئـەيدى: «مـەن بـۇلارنىـــڭ ئۇلۇغىدۇرمەن. » دەپ تاغارنــى كۆتەرىپ ئەيدىلەر: «مۇندىن پال تۇفراق ئالدىمكى، ئەجەم بىزنىڭ تەسەررۇفىمىزغە كىرگۇسىدۇر. مۇنىڭدىن ياخشى پال ئالىپدۇرمەن. »

بەس، مەداينىدىن چىقىپ يۈردىلەر. بۇلار كەلگۈچە ھەزرەتــى سەئد

ۋەققاس رۇستەم بىرلە قاتتىغ جەڭ قىلدىلەر. ئەجەملەرگە شىكەست بولۇپ ئەردى. ئاخىر، قاۋسىيەنىڭ دەرۋازەسىدە لەشكەرنى جەڭگە قويۇپ، ئۆزلەرى بارگاھ ئۈزەسىدە تاماشا قىلۇر ئەردىلەر. ناگاھ بوران چىقىپ، رۇستەمنىڭ تەختىنىڭ ئۈزەسىدەكى سايىبانىنى ئالىپ تاشلادى. مۇسۇلمانلار كۆرۈپ بىلدىلەركىم غەيبدىن نۇسرەت - زەفەر شامالى بىزگە چىقتى. بەس، ئوتدەك يەكبارە ھەملە قىلدىلەر ئەرسە، ئەجەملەر قاچا باشلادىلەر. رۇستەم تەختدىن تۈشۈپ، بىر يۈكلۈك تىۋەنىڭ سايەسىگە كىردى. مۇسۇلمانلار قوغلاپ، ئەلەم كاۋىيانى، تەختنىڭ ئالدىدا ئەردى، ئانى ئالدىلەر. بۇ ئەسنادا، ھىلال بىننى ئەلىيە ئول تىۋەگە كەلدىلەر. يۈكنى نەقدىنە ۋە جەۋاھىر گۇمان قىلىپ، ئارغامچىسىنى كەستىلەر. رۇستەم تىۋەنىڭ ئاستىغە كىرىپ، جەڭنى كۆرۈپ تۇرار ئەردى؛ تىۋەنىڭ يۈكى ئۈچاسىغە تۈشۈپ، بېلى سىندى ئەرسە، ئۆزىنى دەرياغە تاشلادى. بەس، ھىلال كۆرۈپ بىلدىلەركىم ئەمىرلەشكەردۇر. ئارقەسىدىن تۈشۈپ، تۇتۇپ سۇدىن چىقارىپ، باشىنى كېسىپ نەيزەگە ئالىپ، قىچقىردىلەركىم: «ئەي مۇسۇلمانلار! يۈرەكلىك بولۇڭلار! رۇستەمنى ئۆلتۈردۈم!» بەس، ئەجەم لەشكەرى يەكسان قاچتىلەر، مۇسۇلمانلار قوغلاپ ئۆلتۈردىلەر.

## فەسل دەستان
## ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەمانەلەرىدە شامنىڭ فەتھ قىلىنغانى

ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەمانەلەرىدە، لەشكەرى ئىسلام بىرىيل ئەجەمدە غەزات قىلۇر ئەردىلەر. بەس، ئەجەملەر بىرمۇنچە زەئىف بولدى ئەرسە، شامغە يۈزلەندىلەر. شام ئىچىدە شەھەرلەر رومىيلەر تەسەررۇفىدە ئەردى. بەس، ئەبۇ ئۇبەيدەگە نامە ئىبەردىلەركىم: «ئول شەھەرلەرنى ئىسلامدا خالىس قىل.» ھەزرەتى خالىد بىننى ۋەلىد ئاندا ئەردىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە ھەزرەتى خالىدنى ۋە يەزىد بىننى ئەبۇ سەفيانىنى ئالىپ، خەمىس

دىگەن يەرگە بارىپ تۈشتىلەر. لەشكەرنى ھەرتەرەپ چاپاۋۇلغە بۇيرۇدىلەر. ۋەقتى زىمىستان ئەردى، مۇسۇلمانلار ساۋۇقدا بىسيار مىھنەت تارتتىلەرئەرسە، ئەيىامى بەھار ۋە ئىئتىدالى لەيلى نەھار كەلگۈچە ئەسايىش ئالدىلەر. خەمىس خەلقى بىسيار تەڭ بولدىلەر؛ سۇلھى جىزيە قەبۇل قىلۇر بولدىلەرئەرسە، يەرتەبرەدى، قوزغاننىڭ بىر تامى تەبرەدى ۋە يىقىلدى. مۇسۇلمانلار سىفىل يىقىلغاندىن بىخەبەر ئەردىلەر. دەرھال سۇلھنى قەبۇل قىلدىلەر. ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «سۇلھ قىلماڭلار!» ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە باۋەر قىلماي، سۇلھ قەبۇل قىلىپ، خۇمسنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر.
بەس، ھىرەقل خەمىسنىڭ فەتھ بولغاننى ئاڭلاپ، ئانتاكىيەگە كەلدى. نەچەند شەھەرلەركىم تەسەررۇفىدە ئەردى، بىرى قەيسەرىن ئەردى، ئاڭا لەشكەر قويدى. ئۆزى قۇستەنتىنىەگە ئەزم قىلدى.
ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە ھەزرەتى خالىدنى لەشكەر بىرلە قەيسەرىنغە ئىبەردىلەر. قەيسەرىنغە ياۋۇق بىرقورغان بار ئەردى، ھاسىرىيە ئاتلىغ، ئاڭا يەتتىلەر. ئاندا ميناس ئاتلىغ بىر پەھلىۋاننى قويۇپ ئەردى. مينا ئۆزىگە ئىشىنىپ، قورغاندىن چىقىپ جەڭگە تۇردى. ھەزرەتى خالىد ئول جەڭدە چەندان ئىشلەر ۋە ئەلامەتلەرنى كۆرگۈزدىلەر. ميناسنى ئۆلتۈردىلەر ئەرسە، ئول خەلق سۇلھغە كەلدىلەر، ئامان تىلەدىلەر. ھەزرەتى خالىد ئەيدىلەر: «ئەگەر جەڭدىن ئىلگەرى ئامان تىلەسەڭلار ئامان بېرۇر ئەردىم. ئەمدى سىزلەر بىرلە سۇلھ يوقدۇر!» بەس، جەڭ قىلىپ، قورغاننى كۈچ بىرلە بۇزۇپ، ئەمۋالنى غەنىمەت ئالدىلەر. ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە ھەزرەتى خالىدنى ستايەشلەر قىلىپ، مەدىنەگە نامە ئىبەردىلەرئەرسە، ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى خالىدىن مەئزۇل قىلغانلەرىغە پۇشمان قىلىپ ئەردىلەر. ۋە يەنە ئەبۇ ئۇبەيدە تەقى شەھىد بولغاندا ، مۇسەننى تەدبىر بىرلە لەشكەرنى توختاتتىلەر ئەرسە، مۇسەننىنى مەئزۇل قىلغانلەرىغە پۇشمان بولۇپ ئەردىلەر. بەس، بۇ ئىككى قورغان فەتھ بولدى ئەرسە، ئەبۇ ئۇبەيدە مۇئاۋىيە بىننى ئەبۇ سەفياننى بەش مىڭ لەشكەر بىرلە قەيساغە ئىبەردىلەرئەرسە، ھىرەقل رومنىڭ راھبانلارىدىن ئارتىيون ئاتلىغ بىر ئەمىرىنى بىسيار لەشكەر بىرلە ئىبەردى. ئارتىيون مىكر - ھىيلەدە ئانداغ ئەردىكىم، ئوتنى سۇغە مۇۋافىق قىلۇر ئەردى. بەس، ئەبۇ ئۇبەيدە نامە

ئىبەردىلەركىم، ھىرەقل جەڭگە ئارتىيوننى ئىبەرىپدۇر. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نامەگە جەۋاب ئىبەردىلەركىم: «سەن ھەم ئۆمەر ئاسنى ئىبەرگىلكىم، مىكر - ھىلەدە يۈزمىڭ ئارتىيوندۇر.» بەس، ئارتىيون بەيتۇل مۇقەددەسدە يەلبا دىگەن يەرگە كەلدى. ئۆمەر ئاسغە نامە ئىبەردىلەركىم: «مەن مەردۇ پىردۇرمەنكىم، بۇرۇنقى كىتابلارنى ئوقۇغاندۇرمەن. جەزم بىلۇرمەنكىم، بۇ شەھەرنى سەن فەتھ قىلالماسسەن. بۇ دىيارنى فەتھ قىلادۇرغان كىشى سەن ئەمەسسەن. يانغايسەن، بىھۇدە مىھنەت تارتماغايسەن.» بەس، ئۆمەر بىننى ئاس نامە جەۋاب پىتدىلەر. بىر روم ۋە ئەرەبى تىل بىلەدۇرغان كىشىدىن ئىبەردىلەر، ئەيدىلەر: «روم تىلى بىلمەگەن بولغىل. ئەمما ئاگاھ بولغىلكىم ئارتىيون ئۆز خەلقىغە نە دەيدۇر، ئاڭلاپ كەلگىل.» جەۋابلەرى بۇ ئەردىكىم: «ئەگەر سەن پىرسەن، مەن نارەسىدە ئەمەسمەن. ئەگەر سەن ئىلمى زاھىرىدە بەھرە دۇرسەن، مەن ئىلمى ھەقىقەتدىن باخەبەرمەن. بۇ دىيارنى مىنىڭ قولۇمدا سۇلھ گۇمان قىلۇرسەن.» بەس، ئارتىيون نامەنى ئوقۇدى ئەرسە، خەلقى ئەيدىلەر: «قاندىن بىلۇرسەنكىم بۇ شەھەر ئۆمەر ئاس قولىدا فەتھ بولماغاي؟» ئارتىيون ئەيدى: «كىتابدا كۆرۈپدۇرمەنكىم، يەلبا ئول كىشى قولىدا فەتھ بولۇر، ئاتى ئۈچ ھەرفدۇر. ئۆمەر تۆرت ھەرف بىرلە پىتىلدۇركىم ئۆمەرو ئۆمەرنىڭ ئاراسىدا بۇ «ۋاۋ» فەرقدۇر.» ئەلچى يانىپ بۇ سۆزلەرنى ئۆمەرۇ ئاسغە بەيان قىلدى ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بۇ مەزمۇننى ئىبەردىلەر.

بەس، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزلەرى كەلدىلەر، لەشكەر ئاراستە قىلدىلەر ئەرسە، ئارتىيون خەبەر ئالدى ۋە ئەيدى: «بۇكىشىنىڭ قولىدا فەتھ بولۇركىم ئاتى ئۈچ ھەرفدۇر.» بەس، قاچىپ مىسرغە كەتتى. ئەھلى يەلبا ھەيران بولدىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىزمەتلەرىگە چىقماقدىن ئۆزگە مەسلەھەت تاپمادىلەر. بەس، ئۇلۇغلارىدىن مىڭ كىشى چىقتىلەر. بۇلار چىقماسدا. بىر جوھود كىلىپ، ئەيدىكىم: «ئەي ئۆمەر، ئۆزۈڭگە بارماق ھاجەت ئەرمەسدۇركىم يەلبا فەتھ بولدى.» ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەيدىلەر: «بۇ نە سۆزدۇر؟! يەلبا مىنىڭ قولۇمدا فەتھ بولۇر، دەپ ئەردىڭلار. مۇندىن يەلباغە بەش كۈنلۈك يولدۇر، مىنىڭ قولۇمدا نىچۈك فەتھ بولغان بولاردۇر؟» بۇ سۆزدە ئەردىلەر، ئەھلى يەلبا

كەلدىلەر، يەلبا خەزىنەسىنىڭ ئاچقۇسىنى بەردىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر جوھۇددىن سورادىلەر: «يەلبا مىنىڭ قولۇمدا فەتھ بولماقنى نىچۈك بىلۇرسىزلەر؟» جوھود ئېيدى: «كىتابدا ئوقۇپدۇرمەن، يەلبا ئول كىشىنىڭ قولىدا فەتھ بولۇركىم ئاتى ئۈچ ھەرفدۇر، ئەرەبدە فارۇق ئاتارلەر.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرشەھەرگە نامە ئىبەردىلەركىم: «ھەركىشى ئىسلامغە كىرسە، ئول كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆكمىدەدۇر. ئەگەر جىزىيە قەبۇل قىلسە، ئاڭا كىشى ئازار بەرمەس، كەلىسە - بۇتخانەسىنى خەراب قىلماس. ھەركىم زەن - فەرزەندى بىرلە جەلايى ۋەتەن ئىختىيار قىلسە، كىشى مەنئ قىلماس.» بۇ ئەھدنامەنى كۆرۈپ، تەمامى شەھەرلەر سۇلھغە كەلدىلەر. سۇلھ بىرلە فەتھ بولدى.

ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەرۇ ئاسنى مىسرغە ئىبەردىلەر، تا ئارتىيون بىرلە جەڭ قىلغايلەر. ئۆمەرۇ ئاسنىڭ خەبەرلەرىنى ئالىپ، ئارتىيون قاچتى ئەرسە، ئۆمەرۇ ئاس تەمامى مىسرنى مۇسۇلمان قىلىپ ياندىلەر. ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نۇسرەت بىرلە مەدىنەگە كەلدىلەر.

بەخت بىدارۇ سەئادەت بار، دۇشمەن خاردۇر،
بەس، گۈلى ئۈمىد تازە، زەفەر ھەمراھدۇر!

## ئەلقىسسە

قاچانىكىم، ھىجرەتدىن ئون ئالتىنچى يىلى كىردى ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەئد ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە نامە ئىبەردىلەركىم: «شامنىڭ ۋىلايەتىدىن كۆڭۈل تىندى. ئەمدى مەداينغە ئوغراغايسەن.» بەس، ھەزرەتى سەئد ۋەققاس نامەنى ئوقۇپ، يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىرلە مەداينغە ئەزم قىلدىلەر. ئەتراف مەملەكەتكە خەبەر تۇشتىكىم، ھەزرەتى سەئد ۋەققاس مەداينغە قەسد قىلىپدۇرلەر؛ خەلايىق يەزدگەردنى جەڭ قىلماس دەپدۇر، خەبەر ئالدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى سەئدگە يۈزلەندىلەر، تا ئاتمىش مىڭ لەشكەر يىغىلدى. يەزدگەرد ئۆزىنىڭ زەئىفلىقىنى ۋە لەشكەرى ئىسلامنىڭ قۇۋۋەتلىقىنى مەئلۇم قىلدى ئەرسە، دەرماندە بولدى ۋە ئەركانى

دەۋلەتى بىرلە مەسلەھەت قىلدى. بەس، ئېيدىلەر: «مەداينىنى تاشلاپ، خوراسانغە بارغان ئەۋلادۇر.» بەس، يەزدگەرد ھەرچەند خوراسانغە بارماققە قەسد قىلۇر ئەردى، بارالماي مەرۋە كەتتى. ئانداقى ھالى مۇلۇكى ئەجەم «فەسل ئەجەم» تارىخىنىڭ بەيانىدا ئۆتتى.

ھەزرەتى سەئد ۋەققاس يەزدگەرد قاچغاندىن ئاگاھ بولۇپ، قەئىقائ بىننى ئۇمەرنى ئارقەسىدىن بۇيرۇپ، ئۆزلەرى كىسرالار ئايۋانىغە تۈشتىلەر. سەككىز رەكئەت نەماز، بىرسەلام بىرلە شۇكرانە ئەدا قىلدىلەر. ئاندىن، غەنىمەتنى جەمئ قىلدۇردىلەر. خۇمسىنى ئالىپ، قالغانىنى ئاتمىش مىڭ لەشكەرگە تەقسىم قىلدىلەر، ھەركىمگە ئون ئىككى مىڭ دىرەم - دىنار تەگدى. تەقسىمگە يارامىغان مەتائلارنى مەدىنەگە ئىبەردىلەر.

ئول مەتالاركىم، خۇمسىدىن بۆلەك، مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ئول ئەردىكىم، قەئىقائ قوغلاپ، بىر يۈكلۈك تۆۋەگە يەتتىلەر ئەرسە، ئەجەم ئۇلارغە ھۇجۇم قىلىپ ئەرسە، قەئىقائ جەڭ قىلىپ تۆۋەنى ئالدىلەر. ئانىڭدا ئىككى ساندۇق بارئەردى. ھەزرەتى سەئد ۋەققاسنىڭ قاشلەرىغە ئالىپ كەلدىلەرئەرسە، ئاچتىلەركىم، كىسرانىڭ كۆڭلەكى چىقتى؛ تەمامى قۇچقاچنىڭ تۇخۇمىدەك مەرۋارىد تىزىغلىق ئەردى. بىر گۇشۋارە، يىگىرمە لەئل ياقۇتكىم، ئەنگۇشتەرىكىم، مۇقەييەملەر ئانىڭ قىممەتنى بىلمەدىلەر. بىرتاج مۇرەسسەئ، ئول جامەۋار مەئكىم، ھىچ كۆز ئانداغ كۆرمەگەن بولغاي. بۇ نەرسەلەرنى خۇمسىنىڭ تاشىدا مەدىنەگە ئىبەردىلەر. ئاندىن كېيىن، بىر خەزىنە تاپتىلەركىم، تەمامى زىرىھ، دوبۇلغە، كىسرانىڭ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەزۈكلەرى ئەردى؛ ۋە يەنە ئالتە زىرىھ داۋۇدى، توققۇز شەمشەركىم ھەرقايسىغە بىر پادىشاھنىڭ ئاتى نەقش قىلىغلىغ؛ بىر زىلچەكىم ئەترافى ئاتمىش گەز ۋە تەمام مەرۋارىد بىرلە مۇرەسسەئ ئەردى، ئانى «زىمىستانى» ئاتار ئەردىلەر. چۈنكى قىش كۈنلەرىدە سالىپ ئولتۇرسە، كۆرگەن كىشى گۈلزار ۋە سەبززاردە ئولتۇرۇپدۇر دەپ گۇمان قىلۇر ئەردىلەر. ۋە يەنە بىرخەزىنە تاپتىلەركىم، پۇرئاز كافۇر ئەردى، خەلق تۇز گۇمان قىلىپ ئاشغە سالدىلەرئەرسە، ئاچچىغ بولدى. ھەزرەتى سەئد ئېيدىلەر: «بۇكافۇردۇر.» بۇ نەرسەلەرنى فەتھ نامە بىرلە مەدىنەگە ئىبەردىلەر، ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمەنى مەسجىددە قويدىلەر،

سەھابەلەر جەمئ بولدىلەر ئەرسە، تەقسىم قىلىپ بەردىلەر. ھەزرەتى سەئدگە دۇئا ۋە سىتايەشلەر قىلىپ ئەرسە، سەھابەلەر ئەيدىلەر: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ سۆزلەرى تەھقىق بولدىكىم، ئەيتىپدۇرلەر: كىسرانىڭ خەزىنەلەرى مەدىنەگە كېلۇر. بۇ ھەزرەتى ئۇمەرنىڭ ياخشى ئەقىدەلەرى ۋە سىددىق دىيانەتلەرىندۇر.»

ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئول زىلچەدىن بىر ئىلىك تېگىپ ئەردى، لەئل جەۋاھىرى بىرلە يىگىرمە مىڭ دىرەمگە ساتتىلەر.

بەس، ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىلافەتلەرىدىن ئون يىل ئالتە ئاي ئۆتتى ئەرسە، بىركۇنى مۇغەيرە بىننى شەئبەنىڭ قۇللەرى پەرۋىز، يەئنى ئەبۇ ئەلۇەرە تەرسا ئەردى، بەئزەلەر ئاتەشپەرەست ئەردى دەپدۇرلەر. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە كەلدى، ئەيدى: «ياەمىرۇل مۇئمىنىن! خوجەم مەندىن تولا خىراج ئالۇركىم ھەر ئايدا يۇزدىرەم ئالۇر.» ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەركىم: «نە ئىش قىلۇرسەن؟» ئەيدى: «خەررادلىق، نەققاشلىق، سەببادلىق.» بەس، ئەيدىلەركىم: «مۇنچە ھۇنەرىڭ بىرلە تولا ئەمەسدۇر.» يەنە ئەيدىلەركىم: «ماڭا بىر تۇگۇرمەن ئېتىپ بەرگىل، تەمام ئۇجۇرە ئالغىل، مۇسۇلمانلار ئۇن تارتغايلەر، ساڭا سەۋاب بولغاي.» ئول بەد بەخت ئەيدى: «بىر تۇگۇرمەن ئېتىپ بېرەيكىم، تەمامى مەشرىق ۋە مەغرىب خەلقى تەھسىن قىلغايلەر.» ئەمما تىز - تىز قارالاپ چىقىپ كەتتى. بەس، چەھارشەنبە كۇنى ماھى زۇلھەججەنىڭ تۆرتىنچى كۇنى ئەردى. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدگە باردىلەر. ئەبۇ ئەلۇەرە مەسجىددە ئەردى، بىرھەبەشى پىچاق ھەمراھ قىلىپ ئەردىكىم، ئىككى ئەرەفى تىغ، ئوتراسى دەستەلىك ئەردى. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە پىچاق سالدى. يەتتە - سەككىز كىشىنى شەھىد قىلدى. بەس، ئول مەلئۇننى تۇتتىلەر ئەرسە، ئول پىچاق بىرلە ئۆزىنى بۇغۇزلاپ دەۋزەخقە كەتتى. ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھوجرالەرىغە ئالىپ كەلدىلەر ئەرسە، ئوغلانلەرى ئابدۇللاھغە ئەيدىلەر: «ھەزرەتى ئايشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قاشلەرىغە بارغىل، مەندىن سەلام - پەيام ئەيتغىل. ئەيغىلكىم، ھوجرەئى مۇتەھھەرەدە ئىككى بۇزۇرگۋارەنىڭ

يانلەرىدە مېنى دەفن قىلغايلەر. ئىجازە بەرسەلەر لۇتف كەرەملەرىدىن ئەجەب ئەمەسدۇر.» بەس، ھەزرەتى ئابدۇللاھ بارىپ، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغاملەرىنى يەتكۈردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەيشە بىسيار يىغلادىلەر؛ ئەيدىلەركىم: «ئول يەرنــــى ئۆزۈمگە قويۇپ ئەردىم، ھەزرەتــــى ئۆمەر تىلەبدۇرلەر، بەرمەي بولماس.» بەس، ھەزرەتى ئابدۇللاھ بارىپ ئەيدىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «شۈكر خۇداغەكىم، مىراد - مەقسۇدۇم بۇ ئەردى.»

# فەسل دەستان
# ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇنىڭ
# ۋەفاتــلەرى زىــكرى

نەقل كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىــــڭ ۋەفاتلەرىدىن ئۈچ كۈن ئىلگەرى كەئبۇلئەخبار ئەيدىلەر: «يا ئەمىـــــرۇل مۇئمىنىن! ئۆمۈرلەرىدىن ئۈچ كۈندىن زىيادە قالماپدۇر.» ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «قايدىن بىلۇرسەن؟» ئەيدىلەركىم: «تەۋراتدا سىزلەرنىڭ سىفەتلەرى باردۇركىم، ئاندىن بىلۇرمەن.»

بەس، «ئەبۇ ئەلۇئەرە پىچاق سالدى ئەرسە، كۆرگەلى باردىم، مېنى كۆرۈپ، بۇ بەيتنى ئىنشا قىلدىلەر، نەزم:

ئۆمرۈم ئەدەدىن كەئب ماڭا ۋەئدەگە بەردى،
شەك يوقتۇرۇر ئەسلاكى ئانىڭ سۆزى ھەق ئەردى.

ۋە يەنە كەئبۇلئەخبار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيتىپدۇرلەر: «ئابدۇللاھ بىننى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھازىر ئەردىلەر، ئەيدىلەر: «يا ئەمىرۇل مۆئمىنىن بەشارەت ساڭاكىم، تەمامى قۇرەيش كۇفر - زەلالەتدە ئەردى، سەن ئىمان كەلتۈردۈڭ. رەسۇلــى خۇداغە ھەمە خەلق دۇشمەن ئەردى، سەن ياۋەر بولدۇڭ. بۇكۈن خۇدا دەرگاھىغە شەھادەت دەرەجەسى بىرلە بارۇرسەن.»

ھەزرەتـــى ئۆمەر رەزىـــيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتـــىپتىكـــىم: «بۇ سۆزنـــى يىغـــىشتۇرغىن.» ھەزرەتى ئابدۇللاھ ئىببىن ئۇل سۆزنى يەنە ئېيتتى: «ھەركىم بۇ سۆزگە فىرىفتە بولۇپ، ئەمىن بولسە پەند يەيدۇر، ئەگەر تەمامى ئالەم ئالتۇن - كۈمۈش بولسە، ئانى خۇدانىڭ يولىدا فىدا قىلسام، ئۇل قورقۇنچىم ماڭا كىلىپدۇر بەرابەر بولماس.» بەس، ھەزرەتـــى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ئېيتتى: «ئەي ئابدۇللاھ، قاچانكىم جان تەنىمدە بولسە، ھەزرەتى ئايشەنىڭ قاشلەرىغە يەنە بارغىلكـــىم، مۇبادا مېنىـــڭ سۆزۈمدىن ئىجازە بېرىپ، يەنە پۇشمان بولغايلەر.»

بەس، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھىجرەتدىن يىگىرمە ئۈچۈنچى يىلى ماھى زۇلھەججەنىڭ يىگىرمە ئۈچى، چەھارشەنبە كۈنـــى شەھادەت تاپتىلەر. ئاتمىش ئۈچ ياشدا ئەردىلەر. مۇنشىلەرى زەيد بىننى سابىـــت ئەردىلەر، مۆھرلەرىدە: اولقى بالموت واعطاياعمر نەقش قىلىنغلىغ ئەردى. ھەزرەتى ئابدۇللاھ يەنە بارىپ، ھەزرەتى ئايشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئىجازەت ئالىپ، ھەزرەتى ئايشەنىڭ ھوجرەلەرىدە دەفن قىلدىلەر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

نەزم:

چۇ ياخشى ئات بىلە بىرمۇنچە روزگار ئۆتتى،
قويۇپكى مىھنەتۇغەم بىزگە يادىكار ئۆتتى.

## فەسل
## ئۆمەرخەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسەبلەرى زىكرى

كەلتۈرۈپدۇرلەركى، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسەبلەرى: ئۆمەر بىننى ئەلخەتتاب بىننى سەقىيل بىننى ئابدۇلئەزى بىننى رەياھ بىننى ئابدۇللاھ بىننى قەرەت بىننى ئەدى بىننى كەئب بىننى لەۋى؛ كۈنىيەتى ئەبۇ ھەفىز. ئانالەرى خەمتە بىنتە ھاشىم بىننى ئەل مۇغەيرە بىننى ئابدۇللاھ

بىننى ئۇمەرۇ بىننى مەھزۇم. لەقەبلەرى فارۇق. قىزغۇچ ئاق ئۆڭلۈك، ئېگىز بوي (بەزىلەر ئوتتۇرا بوي دەيدۇ)، تىك قامەتلىك، قورال - ياراغ ئاسىپ يۈرۈدىغان، ئالدى مويلۇق، بۇرۇت - ساقاللىرى ئاق ئەردى. ياشلىرى ئەللىك يەتتە ئەردى، گۈرۈھى ئاتمىش ئۈچ ياش ئالتە ئاي تۆرت كۈن ئۆمر كۆرگەن دەرلەر.

ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەممە ئەياللىرى يەتتە ئەردى، بۇلاردىن ئۈچى جاھىلىيەت زەمانىدا: بىرى زەينەب، ئىككىنچى مەلىكە، ئۈچۈنچى قەرىنە بىنتە ئامەتۇل مەھزۇمى؛ مەدىنەدە تۆرت خاتۇن ئالغان: بىرى ئۇممۇھەكىم، ئىككىنچى جەمىلە، ئۈچۈنچى ئۇممۇكۇلسۇم — ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قىزلىرى ئەردى، تۆرتىنچى ئاتىكە بىنتە زەيد.

سەككىز ئوغۇللىرى بار ئەردى. بىرى ئابدۇللاھ، ئىككىنچى ئۇبەيدۇللاھ مەلىكەدىن تۇغۇلغان، ئابدۇرەھمان نامىدا ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئابدۇرەھمانۇل ئەكبەر — زەينەبدىن بولغان، ئابدۇرەھمانۇل ئەۋسەت — قەرىنەدىن بولغان، ئابدۇرەھمانۇل ئەسغەر — جەمىلەدىن بولغان، سەككىزىنچى ئوغلى ئاسىم، بۇ ھەم جەمىلەدىن بولغان. تۆرت قىزلىرى بارئەردى: بىرى ھەفسە - زەينەبدىن تۇغۇلغان، يەنە رەقىيە — ئۇممۇكۇلسۇمدىن تۇغۇلغان، زەينەب — ئاتىكەدىن تۇغۇلغان.

ھەزرەتى ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى ئەيالغا خاھىش قىلغان: بىرى ئۇممۇ ئايان بىنتە ئەتەبە بىننى شۇھەيبە، يەنە بىرى ئۇممۇ كۇلسۇم بىنتە ئەبى بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ.

يەيدىغان تەئاملار ئارپا نانى، تىۋە گوشتى ئەردى.

[ئەسلەتمە: بۇ فەسلنى نەشرگە تەييارلىغۇچى پارىسچە چاپى نۇسخەدىكى مەزكۇر فەسلنىڭ مەزمۇنى بويىچە ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ قوشۇپ قويغان.]

# فەسلى دەستان
# زىكرى خىلافەت ئەمىرۇل مۆئمىنىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، قاچانكىم ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەفاتلەرى ياۋۇشتى ئەرسە، ھەمە سەھابەلەر ئەيدىلەر: «خىلافەتنى كىمگە بېرۇرسەن؟» ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «بۇ ئۇلۇغ ئىشدۇركىم، مۇنىڭ ئۆھدەسىدىن چىقالماسمەن. ئۆزۈڭلار مەسلەھەت بىرلە بىركىشىگە بەيئەت قىلىڭلار. مەن ئالتە كىشىنى بۇ ئىشغە لايىق بىلۇرمەن: بىرى ھەزرەتى ئوسمان، ئىككىنچى ھەزرەتى ئەلى، ئۈچۈنچى ھەزرەتى تەلھە، تۆرتىنچى زۇبەير، بەشىنچى ئابدۇرەھمان بىننى ئەۋف، ئالتىنچى، ئوغلۇم ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ[1] ئەنھۇم ئەجمەئىن، لېكىن بۇ ئىشنى قەبۇل قىلماسلەر، ئىبادەتنى ھەمەم تۇتارلەر.»

بەس، ھەزرتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەفات بولدىلەر ئەرسە، خىلافەت ئارادا قالدى، فىتنە بولغالى تۇردى ئەرسە، ئابدۇرەھمان بىننى ئەۋف ئەيدىلەر: «مېنىڭ ھەم بۇ ئىشدە نەسىبەم بارئەردى، ئۆز ھەققىمنى ھەزرەتى ئوسمانغە بەردىم، ئۇلەرنى ئۆزۈمدىن ئەفزەل بىلۇرمەن.» دەپ بەيئەت قىلدىلەر. ئاندىن ئۆزگە سەھابەلەر بەيئەت قىلدىلەر ئەرسە، خىلافەت بەرقەرار بولدى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قاچانكىم، ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىلافەتكە ئولتۇردىلەر ئەرسە، مۇنبەرنىڭ ئۈستۈنكى پايەسىگە چىقىپ، خۇتبە ئوقۇدىلەر. ھەمدۇ سەنادىن كېيىن سۆز ئاغاز قىلدىلەر. ئەيدىلەر: «يا، بىلال! ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق ۋە ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما

---

① پارسچە چاپى نۇسخە (1916 ـ يىل) دە: سەئد ۋەققاس دىيىلگەن — ن.

ئالدىلەرىدە دىن ئىشنى راست قىلۇر ئەردىڭ، شەھەرلەرنى فەتھ قىلۇر ئەردىڭلار! مەن بۇ ئىشنىڭ غەمىنى تارتقان ئەمەسدۇرمەن. سىزلەر ماڭا ياخشىلىق قىلىڭلار، مېنى بىزنىڭ ياخشى سۆزىمىز ۋە ياخشىلىقىمىزغە مۇھتاج دىمەڭلار!» بەس، مۇنبەردىن تۈشتىلەر. ئەيتىپدۇرلەر: خۇلەفائى ئەبباسىدىن بەرمەكى ئەبۇلئەناغە ئەيدىلەر: «ئەگەر ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلىفەئى بەرھەق بولسەلەر خەتا قىلماس ئەردىلەركىم، نەچەند خەتا ۋۇجۇدغە كەلدى. بىرى ئولكىم، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرىسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەرنىڭ ئىككىنچى پايەسىگە چىقتىلەر، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلەردىن تۆبەنكى پايەسىگە تۇردىلەر. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ھۆرمەتلەرىنى ساقلاماي، ئۈستۈنكى پايەدە خۇتبە ئوقۇدىلەر. ۋە يەنە ھەكىم بىنىنى ئاسنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم مەككەدىن قوغلاپ ئەردىلەر، ئۇلەر ئالىپ كەلدىلەر. ئۈچۈنچى، ئەبۇ زەرغەففار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنەدىن چىقاردىلەر.» ئەبۇلئەنا ئەيدىلەر: «مۇنبەرنىڭ ئۈستۈن پايەسىگە چىقماقلەرى ئول جەھەتدىن ئەردىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مۇنبەرلەرىنىڭ تۆرت پايەسى باردۇر. ئىككى خەلىفە ئىككى پايەدە تۇردىلەر. ئەگەر ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۈچۈنچى پايەدە تۇرسەلەر، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەردە تۇرماقلەرى لازىم بولۇر ئەردى، ئۇلەرغە رىئايە قىلدىلەر. ھەكىم بىنىنى ئاسنى تايىفدىن ئالىپ كەلمەككە سەبەب ئولكىم، ھەزرەتى ئوسمان ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمدىن ھەكىم بىنىنى ئاسنى تىلەدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «خىلافەت ساڭا يەتكەندە ئالىپ كەلگىل.» بەس، بۇ مۇئجىزە ئىشارەت بىرلە ئالىپ كەلدىلەر؛ ئەمما ئەبۇ زەرغەففار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەھابەلەردىن زاھىد ۋە مۇتتەقىراق ئەردىلەر؛ قاچانكىم شام ئەجەم - ئەرەب ئالىمشىپ تۇردىلەر، ئۇلەر رەسم تەرىقەلەرىنى كۆرۈپ ئىھتىساب قىلغايلەر، ئول خەلق ھۆرمەتلەرىنى كەما يەنبەغى قىلغايلەر. بۇ سەبەبدىن چىقاردىلەر. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەھابەئى

كىباردۇرلەر. ئۇلەر تەئزىملەرنى قىلماق ھەمە خەلققە ۋاجىبدۇر. ئەگەر سەن بۇ گۇماندىن چىقماساڭ بىر كوشەدە بولغىل. بەس، ئول بەسزەگە كەتتى. ئەگەر دۇشمەندىن يامان خەلق مۇنداغ دەيدۇر. مۇنداغ خەتالار خىلافەتكە نۇقسان بەرمەيدۇر. چۇنكى ھەزرەتى ئادەم ئەلەيھ-س. ھەم ئەمردىن تەجاۋۇز قىلىپ خەتا قىلدىلەر، خىلافەتكە خەلەل بەرمەدى.

كەلتۇرۇپدۇرلەر: ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزكارلەرىدە، خوراسان، ماۋەرا ئۇننەھر مۇسۇلمان بولدىلەر. تەمامى شام، مىسرنى خوجە مۇئاۋىيەگە بەردىلەر ئەرسە، ئۇلاردىن مال تەلەب قىلدىلەر؛ ئەھلى شام غەۋغا قىلىپ مەدىنەگە كەلدىلەر. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەھبۇس قىلدىلەر، ئەيدىلەر: «مۇئاۋىيەنى شامدىن مەئزۇل قىل!» بەس، ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبۇل قىلدىلەر ئەرسە، شامغە ياندىلەر. يولدا بىر خەت تاپتىلەركىم، ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۆھرلەرى باسىغلىغ، ئەيتىپدۇرلەركىم: «ئول ھىشامغە سۆز ئولكىم، بۇ خەلق شامغە بارغان زەمان تۇتۇپ ئۆلتۇرگەيسەن.» بەس، يانىپ ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە كەلدىلەر، ئول خەتنى كۆرسەتتىلەر. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خەتدىن خەبەرىم يوق دەپ قەسەم ياد قىلدىلەر. ئەھلى شام ئەيدىلەر: «بۇ باۋەر بولغۇدەك ئىش ئەمەسدۇركىم مۆھرۈڭنى باسغايلەر خەبەرىڭ بولماغاي! بىنامى خۇداۋەندكى ئۆزۈڭنى خىلافەتدىن مەئزۇل قىل.» ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەبۇل قىلمادىلەر ئەرسە، «سىنى ئۆلتۇرۇرمىز» دەپ ئۆلتۇرگەلى قەسد قىلدىلەر. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلقلەرى بىرلە جەڭگە تۇردىلەر. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەنئ قىلدىلەر، ئۆزلەرى قۇرئان ئوقۇماقغە مەشغۇل بولدىلەر. بەس، قۇرئان ئوقۇپ ئۆلتۇرار ئەردىلەر. ئومۇمى خەلايىق كىرىپ، مۇبارەك باشلەرىنى تەنلەرىدىن جۇدا قىلدىلەر. ھىجرەتدىن ئوتتۇز بەشىنچى يىلى ماھى زۇلھەججەنىڭ يىگىرمە ئىككىسى ئەردى. گۆرىستانى بەقەئدە دەفن قىلدىلەر. خىلافەتلەرى ئون بىر يىل توققۇز

ئاي توققۇز كۈن ئەردى. ئۆمۈرلەرى سەكسەن يىل ئەردى. مەككەدە ۋۇجۇدغە كەلگەن ئەردىلەر.

مۇنشىلەرى مەرۋان بىننى ھەكىم ئەردى. ياساۋۇللەرى ئىمران بىننى ئەنان ئەردى. كۈننىيەتلەرى ئەبۇ ئۆمەر ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: بىركۈنى ھەزرەتى ئەلى كەرەمۇللاھۇ ۋەجھە قۇرئان ئوقۇر ئەردىلەر، بۇ ئايەتغە يەتتىلەركىم مەزمۇنى بۇدۇر: «ئەگەر كىشى مۇسۇلماننى قەسد بىرلە ئۆلتۈرسە، جەزاسى دەۋزەخدۇر.» بەس، ھازىر ئولتۇرغانلار ئەيدىلەر: «يا، ئەبا ئەل-ھەسەن! ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سەن ئۆلتۈردۈڭ!» ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «مەن ئۆلتۈرمەدىم، ئۆلتۈرمەككە مەيل ھەم قىلمادىم. ئۆلەرنى ئۆلتۈرگەنلەرگە خۇداي تەئالا لەئنەت قىلغاي! مەن ئانىڭ بىرلەدۇرمەن، مىنى ھەم زۇلم بىرلە ئۆلتۈرگەيلەر.»

ۋە يەنە نەقلى كەلتۈرۈپدۇرلەر: مۇھەممەد بىننى ھاتىب ئەيتۇرلەر: بىركۈنى ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاشلەرىغە كەلدىم، خەلىفەلىك ۋەقتلەرى ئەردى. ئەيدىم: «يا ئەمىرۇل مۇئمىنىن، مەككەگە بارۇرمەن. ئەگەر ئەھلى مەككە ھەزرەتى ئەلىنى سىنىڭ بىرلە نىچۇكدۇرلەر دەپ سورسە، نە تەرىقە جەۋاب بىرەي؟» ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىھرابدا ياتار ئەردىلەر، قوپۇپ ئولتۇرۇپ ئەيدىلەر: «يا، ھاتىب! بىرادەرىم ھەزرەتى ئوسماندىن نە سەۋال قىلۇرسەن؟ بىلگىل، قىيامەت كۈنى بىز ئول تايىفەدىن بولۇرمىزكىم ھەق تەئالا ئۇلاردىن خەبەر بىرۇر، يارلىقار.» مەزمۇنى بۇدۇر. مەن ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىن گىنە - ئەداۋەت ۋە خىيانەتنى چىقاردىمكى بىر - بىرىگە بىرادەر دۇرلەر؛ بىھىشتدە تەختلەر ئۆزرە بىر - بىرلەرىگە بەرابەر ئولتۇرۇرلەر. «ساڭا سۆز ئولكىم، ئەھلى مەككەدىن ھەركىم سورسە، ئەيغىلكىم، بىزنىڭ ئارامىزدا سىددىق - مۇۋاففەقەتدىن ئۆزگە يوقدۇر. قەسەم بىخۇداكى، ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەممەمىزدىن پەرھىزكار، ھەيالىغ ۋە شەرمدار ئەردىلەر» ۋەللاھۇ ئەلەم.

# فەسىل
# ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەسەبلەرى زىكرى

ئوسمان بىننى ئەففان بىننى ئەبى ئاس بىننى ئابدۇلشەمس بىننى ئابدۇمەناف. ئانالەرى ھەكىمە بىنتە ئابدۇلمۇتتەلىب ئەردىلەر. جاھىلىيەت زەمانىدا كۇنىيىيەتلەرى ئەبۇ ئۇمەر ئەردى. مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ قىزلەرى رۇقەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىرلە ئۆيلەندى، ئانىڭدىن ئابدۇللاھ ئاتلىغ بالا بولدى، ئاندىن كېيىن ئەبۇ ئابدۇللاھ دەپ ئاتالدى. رۇقەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋەفات بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئۇممۇكۇلسۇم ئاتلىغ يەنە بىر قىزىنى ھەزرەتى ئوسمانغە بەرگەن ئەردى. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەت ۋە ئىسلام زەمانەلەرىدە سەككىز خاتۇن ئالغان، پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ رۇقەييە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم ئاتلىغ قىزلەرىدىن ئۆزگە، ناجىيە؛ تۆرتىنچى ئۇممۇ ئۇمرۇ بىنتە ھەيدەر؛ بەشىنچى فاتىمە بىنتە ۋەلىد بىننى ئابدۇلشەمس بىننى مۇغەيرە؛ ئالتىنچى ئۇممۇل بەنەين بىنتە ئەتەبە بىننى ھەسسىن؛ يەتتىنچى رەھىلە بىنتە شەيبە بىننى رەبىئە؛ سەككىزىنچى نايىلە بىنتە ئەل ئەرائىلىيە. ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئون ئوغۇللەرى، ئالتە قىزلەرى بارئەردىلەر. ئوغۇللەرى: ئابدۇللاھ، رۇقەييەدىن بولغان؛ ئابدۇلئەسغەر، ناجىيەدىن بولغان؛ زەيد ۋە ئۇمەر، ئۇممۇ ئۇمرۇدىن بولغان؛ خالىد ۋە ئابان، ئۇممۇل بەنەيندىن بولغان؛ ۋەلىد ھەم سەئىد، فاتىمە بىنتە ۋەلىددىن بولغان؛ ئابدۇلمەلىك، ئۇممۇل بەنەيندىن بولغان؛ ئەتەبە، نايىلەدىن بولغان. ئالتە قىزلەرى: مەريەم، ئۇممۇ ئۇمرۇدىن بولغان؛ سويدا، فاتىمەدىن بولغان؛ ئايشە، ئۇممۇ ئۇمرۇدىن بولغان ئۇممۇئابان، راھىلەدىن بولغان؛ ئۇممۇل

بەنەين، نايىلەدىن بولغان.

ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زەمانلەرىدە، فەتھ قىلىنغان دىيارلاردا، قۇرئان قىرائەتلىرىدە تولا ئىختىلافلار بولغان سەبەبدىن، ھۇزەيفە بىننى ئەل - يەمان ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە تەكلىق بەردىلەر: چوھۇد ۋە نىسارالاردەكىدەك كىتاب ئىختىلافى بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، قۇرئاننىڭ مۇسەھھەف نۇسخەسىنى پىتىمەك لازىمدۇر. بەس، ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەمرى بىرلە، زەيد بىننى سابىت، ئابدۇللاھ بىننى زۇبەير، سەئىد بىننى ئاس، ئابدۇرەھمان بىننى هارىس بىننى ھىشام مۇسەھھەف نۇسخەنى جەمئ قىلدىلەر؛ لىساندىكى ئىختىلافلاردىن ساقلانماق ئۈچۈن، زەيد بىننى سابىت قۇرئاننى قۇرەيش لىسانىدە پىتىپ چىقتىلەر. باشقا نۇسخەلەر رەد قىلىنىپ، ھەززەتى ئوسمان نۇسخەسى مۇسەھھەف دەپ تانۇلدىلەر.

ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەمە دىيارلارغا ئامىللار تەئىن قىلدىلەر: مەككەگە ئابدۇللاھ بىننى رەبىئە ئەل - سەقەفا، مىسىرغە ئابدۇللاھ بىننى ئەبى سەئد بىننى سۇرۇج، شامغە مۇئاۋىيە، بەسرەگە ئابدۇللاھ بىننى ئامىر، كوفەگە ئەبۇ مۇسا ئەل - ئەشئەرى، مەدىنەگە زەيد بىننى سابىت، مەككەگە ئەبۇ ھۇرەيرە، خوراسانغە ئەھنەف بىننى قەيس.

[ئەسلەتمە: مەزكۇر فەسل: «ھەزرەتى ئوسماننىڭ نەسەبلەرى» پارسچە چاپى نوسخىغە ئاساسەن، مەزمۇنەن قوشۇپ قويۇلدى. — نەشرگە تەييارلىغۇچى.]

## فەسل دەستان
## زىكر خىلافەت ئەمىرۇل مۇئمىنىن
## ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

ئەيتىپدۇرلەر: ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇنيىيەتلەرى «ئەبا ئەل

- ھەسەن» ئەردى. نەسەبلەرى: ئەلى بىننى ئەبى تالىب بىننى ئابدۇلمۇتتەلىب بىننى ھاشىم بىننى ئابدۇلمەناف؛ ئانالەرى فاتىمە بىنتە ئەسەد بىننى ھاشىم بىننى ئابدۇمەناف.

مۇددەتى خىلافەتلەرى بەش يىل توققۇز ئاي ئەردى①. شەھادەتلەرى ھىجرەتدىن قىرقىنچى يىلى ئەردى. ۋىلادەتلەرى مەككەدە ئەردى ۋە بەئزەلەر خانەئى كەئبەدە دەپدۇرلەر، كۇفەدە دەفن قىلىندىلەر. مۇنشىلەرى سەئىد مەرۋان، ياساۋۇللەرى قەنبەر ئەردى. مۆھرەلەرى نەقشى «الملك لله الداحدالقهار» ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، قاچانكىم خىلافەتكە ئولتۇردىلەر ئەرسە، خوجە مۇئاۋىيەنى شامدىن ئەزل قىلماقنى قەسد قىلدىلەر. سەھابەلەر ئەيتىپدۇرلەر: «يا، ئەمىرۇل مۇئمىنىن! ئانى ئەزل قىلماقغە شىتاب قىلماغىل. چۈنكى ئول مەرد مەككاردۇر، ئۈمەرۇ ئاس بىرلە ئىتتىفاق قىلىپدۇرلەر. قۇۋۋەت تاپىپ سىبنىڭ ھالىڭنى پەرىشان قىلۇرلەر؛ ئاڭا ياخشى ۋەئدەلەر قىلىپ، بەيئەت قىلدۇرغىل. ئاندىن بىر بەھانە بىرلە كەلتۈرۈپ، ئورنىغە كىشى قويغىل.» ھەزرەتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھ ئەيدىلەر: «مەن مىكر قىلماسمەن. ئول ئەجەم رەسۇمىنى ئالىپدۇر، ئانى ئەمارەتكە قويماسمەن.» بەس، ئەزل نامە پىتىپ ئىبەردىلەر ئەرسە، نامەنى ئوقۇپ كۆردى؛ لەشكەر يىغىپ ئەردى ۋە ئەيدىلەر: «ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇنلەرىنىڭ زايىئ بولماقىنى نىچۇك دەۋا كۆرەرسىزلەر!» بەس، ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇن ئالۇدە كۆڭلەكلەرىنى نەيزەگە ئالىپ كۆتەرىپ، بۇ بەھانە بىرلە خىلافەت ۋە نىزائىغە تۇردى. ئانچەكى، ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە يەتتى، ھەزرەتى ئەبباسنىڭ نەسىھەتلەرىنى سەھل تۇتغاندىن ۋە سەھابەلەرنىڭ مەسلەھەتلەرىنى قەبۇل قىلماغاندىن ئەردى. ئول ۋاقىئەلەركىم، ھەزرەتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەنىڭ ۋە سەھابەلەرنىڭ ۋە ئايشە سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئارالەرىدە ۋاقىئ بولدى. تارىخ كىتابلارىدا مەستۇر، خاسۇئام تىلىدا مەزكۇر، ئۇلەرنىڭ ھەققىدە ئىختىلاف ئىئتىقاد مەشھۇردۇر. يەنە مۇندا كەلتۈرمەكنىڭ ۋەجھى يوقدۇر. ھاسىلى مەزھەبدە ئىئتىقاد ئولكىم، سەھابەلەر ھەمەلەرى بابىندا ئىئتىقادنى دۇرۇست قىلماق ۋە تىلنى يىغماق لازىمدۇر. ئانداغكى، شافىئى

① پارىسچە چاپى نۇسخەدە: «تۆرت يىل».

مەتلەبىدىن بۇ ئىككى تەرەپتىن ئۆتكەن ئەھۋالنى سورىدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «بۇ ئانداغ ۋاقىئەدۇركىم، خۇداي تەئالا ئانىڭ ھەققىدىن ھېچ نەرسە بىزگە زاھىر قىلمايدۇر؛ بۇ ئەسراردىن ھېچكىمگە جەزم ۋاقىپ بولمايدۇر.»

ۋەللاھۇ ئەئلەم، نەچچەند ۋاقىئەدۇركىم ھەزرەتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇنىڭ فەزايىللەرىغە مۇشتەمىلدۇر زىكىر قىلىنۇر. ئىنشائاللاھۇ تەئالا!

# فەسل
# زىكرى ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەسبۇ نەسەبلەرى

(نەسەبلەرى يۇقۇرىدا زىكىر قىلىندى. پارسچە چاپى نۇسخەدە مەزكۇر فەسلدە بايان قىلىنغان مەزمۇن بويىچە تۆۋەندىكىلەر قوشۇمچە قىلىندى — نەشرگە تەييارلىغۇچى)

ئەيتىپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سىفەتلەرى: ئەت - ئۆڭى سىرىغراق، بويى ئىگىز ھەم ئەمەس، پاكار ھەم ئەمەس، ئورتا بويي، ئەمما غوللۇقراق، ساغلام بەقۇۋۋەت ئەردى.

ئۆلگەندە ياشلەرى ئاتمىش ئەردى. مۇددەتى ئۆمرلەرىدە ئەۋۋەل فاتىمە بىنتە رەسۇلۇللاھ سەل-ئەل-لەم رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئالدىلەر. ھەزرەتى فاتىمە تىرىكلىكىدە ئۆزگە خاتۇن ئالمادىلەر. ئاندىن كېيىن ھەمەسى بولۇپ ئۈچ خاتۇن ئالدىلەر: ئۇممۇل بەنەين، خورام بىننى رەبىئە بىننى خالىد قىزى؛ ئاندىن ئەسما بىنتە ئەمىيس؛ خولە بىنتە جەئفەر. ۋە يەنە ئۇممۇ ھەبىيبە بىنتە رەبىئە ئەلسەبئەلىيە ۋە بەئزە ئەيتىپدۇرلەركىم ئۇممۇ ھەبىيبە قۇللەرى ئەردى. لەيلى بىنتە مەسئۇد بىننى خالىدنى ھەم ئەياللەرى دەپدۇرلەر.

ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئون ئۈچ ئوغۇللەرى، ئون ئۈچ قىزلەرى بار ئەردى. ھەزرەتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئۈچ ئوغۇل — ھەسەن، ھۇسەين ۋە مۇھسىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم تۇغۇلغان؛ مۇھسىن كىچىكلىكىدە قەزا بولغان. ئەبباس، جەئفەر، ئابدۇللاھ، ئوسمان — بۇلار ئۇممۇل بەنەيندىن تۇغۇلغان؛ جەئفەر، ئوسمان ۋە ئابدۇللاھ بۇ ئۈچ

ئوغۇللىرى ئىمام ھۇسەيندىن ئىلگىرى كەربەلادا شەھىد بولغان؛ ۋە يەنە ئابدۇللاھ، ئەبۇ بەكر لەيلىدىن تۇغۇلغان ۋە ھەر ئىككىسى كەربەلادا شەھىد بولغان؛ يەھيا، ئەۋن بۇ ئىككى ئوغۇللىرى ئەسمادىن بولغان؛ ۋەيەنە ئۇمرۇ ئۇممۇ ھەبىيبەدىن بولغان. ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزلىرى: زەينەب ئەلكىبرا، ئۇممۇ سەئىددىن تۇغۇلغان: رۇقىييە، ئۇممۇ ھەبىيبەدىن بولغان؛ بۇلار ئازادگەردەلەردىن تۇغۇلغان قىزلىرى ئەردىلەر. ئۇن ئۇچ قىزلىرى قايىسى ئانادىن تۇغۇلغانلىقى مەجھۇلدۇر، ئەمما ئاتلىرى مەئرۇفدۇر: بىرىنچى ئۇممۇھانى، ئىككىنچى مەيمۇنە، ئۇچۇنچى زەينەب ئەل سىغەرى، تۆرتىنچى رەمىلە ئەل سىغەرى، بەشىنچى فاتىمە، ئالتىنچى رەمىل ئەل كىبرا، يەتتىنچى ئۇمەييە، سەككىزىنچى خەدىچە، توققۇزىنچى ئۇممۇلكەرامە، ئونىنچى ئۇممۇسەلەمە، ئون بىرىنچى ھۇماتە، ئون ئىككىنچى نەفىر، ئون ئۇچۇنچى ئۇممۇ جەئفەر. ھەزرەتى ئەلــى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىــــڭ ھەمە قىــزلەرىدىن نەسل تۇرۇپ قالغان؛ بەش ئوغۇللەرى ھەسەن، ھۇسەين، مۇھەممەد بىنىنى ئەلھەنىفە، ئەبباس، ئۇمرودىن باشقا ھەمە ئوغۇللەرىدىن نەسل تۇرماغان. ھەمە ئوغۇللەرىدىن ئۇمەر ئۇزۇن ياشاپ، سەكسەن بەش يىل ئۆمر كۆرگەن.

## فەسل دەستان

نەقل كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، بىر كۇنى ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم نەمازدىن فارىغ بولۇپ، ئولتۇرۇپ ئەردىلەر، سەھابەلەر نەۋافىلغە تۇرۇپ ئەردىلەر. بىر سايىل «شەيئۇللاھ» دىدى. ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھە روكۇئدا ئەردىلەر، ئىلىكلەرىدە كۇمۇش ئەنگۇشتەرلەرى بار ئەردى، ئانى ئىشارەت قىلدىلەرئەرسە، سايىلغە ئالىپ بەردىلەر. ھەق تەئالا مۇڭا ئايەت ئىبەردىكىم، مەزمۇنى بۇدۇر: «ھەر ئاينە خۇدا ۋە رەسۇل سىزلەرگە ۋە مۇئمىنلەرگە ئۇلەرنى مۇتەسەددى قىلدىكىم، نەمازنــى بەرپا تۇتارلەر ۋە روكۇئدا تۇرۇپ سەدەقە ئەدا قىلۇرلەر.»

ۋە يەنە بىر نەقلى ئەخبار كىتابلارىدا كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، بىركۇنى

ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھە بىرلە بىر بەلەند يەرگە چىقتىلەر. ئەيدىلەر: «ھەق تەئالا يارلىقاركىم، مەن سىزلەرگە ئۆزۈڭلەردىن، يەئنى جان - تەنىڭلاردىن ئەۋلادۇرمەن. مىنىڭ ئەرۋاھىم سىزلەرنىڭ ئاتاڭلاردۇر.» ئەيدىلەر: «شۇنداغ، يارەسۇلۇللاھ!» بەس، ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھۇنىڭ ئىلىكلەرىنى تۇتۇپ، ئۈچ مەراتىبە بۇ دۇئانى ئوقۇدىلەر: «مەن ئەلىغە دوستدۇرمەن، بەس، ئەلى ماڭا دوستدۇر؛ خۇداۋەندا دوست تۇتغىل ئول كىشىكىم ئەلىنى دوست تۇتۇپدۇر؛ دۈشمەن تۇتغىل ئانىكىم ئەلىنى دۈشمەن تۇتۇپدۇر. ياۋەر بولغىل ئول كىشىگە كىم ئەلىغە يارى بېرىپدۇر؛ جەڭ - جىدەل قىل، ئانىڭ بىرلە جەڭ قىلىپدۇر.» بەس، ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «مۇبارەك بولسۇن، يا، ئەبا ئەل - ھەسەن! سىزنىڭ ۋەھەم بىزنىڭ ھەمە مۇئمىنلەرنىڭ ۋە مۇئمىنەلەرنىڭ دوستى ۋە خوجەسى بولدۇڭ!»

# فەسل دەستان

يەنە بىر نەقلى كەلتۇرۇپدۇلەركىم، قاچانكىم ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم سەھابەلەر بىرلە بىرادەرلىك ئەھدىنى باغلادىلەر ئەرسە، ھەزرەتى ئەبۇ بەكرسىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەر: «كەلگىلكىم ماڭا يارغارسەن.» ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەركىم: «سەن جاھىلىيەتدە ھەم راست ۋە ئىنسافلىغ ئەردىڭ، ئىسلامدا بىرو بارلىق ھەققىنى ئۆتكەرمەدىڭ.» ھەزرەتى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەر: «سەن قىيامەت كۈنى خۇن ئالۇدە كېلۇرسەن. مەن سېنى كىم ئۆلتۇردى دەرمەن؟ سەن فەلانى - فەلانى كىشى دىگەيسەن.» ئابدۇرەھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئەيدىلەر: «سەن ئاسمانلاردا ئەمىنسەن.» بۇ تەرىقە سەھابەلەردىن ھەر قايسىلەرىغە بىر ۋەئدە بىرلە ئەھد باغلادىلەر.

ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كوشەدە مەلۇل ئولتۇرۇر ئەردىلەر، بەس، غەمكىن قوپۇپ يۇردىلەر ئەرسە، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «يا، ئەلى، كەلگىل! بىز ئىككۈلەن بىرادەرلىك ئەھدىنى باغلايلى.» بەس، ئىككۈلەن ئەھد باغلادىلەر.

يەنە بىر نەقلى كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، مەيمۇن نەھران ئەيتۇر: «بىر كۈنى ئابدۇللاھ ئۇمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىرلەن ھەج تەۋاف قىلۇر ئەردۇك. بىر ئوغۇلنى كۆردۇم، باشىنى خانەئى كەئبەنىڭ ئاستا نەسىگە قويۇپ ئەيتۇر: مەن ئەلىدىن بىزاردۇرمەنكىم، ئىسلامدا نە يامان ئىشلارنى قىلدى.» مەن ئول بەد بەختنى ئابدۇللاھ، ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قاشلەرىغە ئالىپ باردىم؛ بۇ ھالنى ئەيدىم ئەرسە، ئاتىنى سوردىلەر، ئەيدى: «مەن مەتتە بىننى خاتەم.» ئول خەۋارىج ئەردى. بەس، ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەيدىلەر: «قانىڭ تۆكۈلسۈنكىم، ئەلىدىن نېچۈك يامان ئىش كۆردۇڭ؟» ئول بەد بەخت ئەيدى: «بىلمەدىڭمۇكىم، ۋەسەفەين كۈنى چەندان مۇئمىنلەرنى شەھىد قىلدى.» ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «مۇنداغ يالغان دەلىل بىرلە شىرى خۇدادىن بىزار بولۇپ، ئۆزۈڭنى دەۋزەخقە گىرىفتار قىلۇرسەنمۇ؟ ھەزرەتى ئەلى ناھەق شەمشەر تارتمادىلەر.» دەلىلگە ئايەت ئوقۇدىلەر. ئول فەزل ۋەئىلمكىم ھەزرەتى ئەلى كەرەمەللاھۇ ۋەجھەدە ئەردىلەر، سەھابەلەردىن ھەر قايسىلەرىدە يوق ئەردى.

يەنە بىر نەقل كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم فەتھ مەككە كۈنى كەئبە خانەدە ئەردىلەر. «يا ئەلى! ئۆشنۇمگە چىقىپ، تامداقى بۇتلارنى ئالىپ تاشلا!» دىدىلەر. ھەزرەتى ئەلى بىر زەررە ئايا قىلىپ تۇرۇپ، ئاخىر تاشلادىلەر. ھەمە بۇتلار يەكبارە يۈز تۈبەن بولدى ئەرسە، زور بىرلە مۇبارەك ئۆشۈنلەرىگە چىقاردىلەر. بەس، ئابدۇللاھ ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ھەزرەتى ئەلىنى مۇئمىن مۇسۇلمان دوست تۇتار، دۇشمەن تۇتماس؛ مەگەر كافىر، مۇنافىق دۇشمەن تۇتار.» مۇھەممەد بىننى ئەۋف نەججارى كەلتۈرۈپدۇلەر: «بىر كىمەرسە سەۋال قىلدىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆشۈنلەرىگە چىقارىپدۇرلەر، ئۆزلەرى چىقماپدۇرلەر، ھىكمەت نە ئەردى؟ مەن ئەيدىم: ئۈچ ھىكمەت باردۇر، ئەۋۋەل ئولكىم، نەبۇۋۋەت - ۋىلايەت بارى كۆتەرەلمەس ئەردى، ئەمما نەبۇۋۋەت ۋىلايەت يۈكىنى كۆتەرۇر ئەردىلەر؛ ئىككىنچى ئولكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتىپدۇرلەر: مەن ئىلم شەھەرىدۇرمەن، ئىلىم ئىشىكىمدۇر. بۇ ھەدىس مەزمۇنى بىرلە ئىشىك شەھەر ئۆزرە بولماقى لازىمدۇر؛ نەئىنكى شەھەر ئىشىكدە بولغاي؛ ئۈچۈنچى

ھكمەت ئولكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ھەزرەتى فاتىمە زوھرا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قاشلىرىغە كىردىلەر. ئۇلەر نان پۇشۇرۇر ئەردىلەر. بەس، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم بىر ناننى ئالىپ، تانۇرغە ياپتىلەر ئەرسە، ئول نان پىشمادى. ھەزرەتى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەيدىلەر: «يا رەسۇلۇللاھ! ھكمەت نەدۇركىم، سەن ياپغان نان پىشماپدۇر؟» ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيدىلەر: «ھەر نەرسەگە مىنىڭ قولۇم تەگسە، ئوت تەئسىر قىلماس.» بەس، بۇ ھكمەت ئەردىكىم، بۇتلارنى ئۆزلەرى ئالمادىلەر. تاكى ھەق تەئالانىڭ ھۆكمى ھەق بولغايكىم، بۇتپەرەستلەرغە خىتاب ئىبەرىپدۇركىم، مەزمۇنى بۇدۇركىم: «ئەي بۇتپەرەستلەر! قىيامەت كۈنى سىنغان بۇتۇڭلار دەۋزەخقە تۇترۇق بولغۇسىدۇر» بەس، بۇ ھكمەت ئەردىكىم، ئۆزلەرى ئالماي، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە ئالدۇردىلەر.»

يەنە بىر ۋاقىئە كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نەھراندا بىسيار خەۋارىجلارنى ئۆلتۇرۇپ ئەردىلەر. بىر كۈنى مەسجىدى كوفەدە خەۋارىجلاردىن ئۈچى جەمئ بولۇپ، ئۆلگەنلەرگە يىغلاشتىلەر. بۇ خەۋارىجنىڭ بىرى ئابدۇرەھمان بىننى مۇلجەم، يەنە بىرى ھەكىم بىننى رەبىئ ئەردىلەر. بۇلار ئىتتىفاق قىلدىلەركىم، ئۆزلەرىنى ئۆلگەنلەرگە فىدا قىلغايلەر؛ ھەر قايسىلەرى بىر كىشىنى ئۆلتۇرۇپ، فىتنەنى پەست قىلغايلەر. بەس، مۇقەررەر قىلدىلەركىم، ھەكىم بىننى رەبىئ مىسىرغە بارىپ، ئۇمەرۇ ئاسنى شەھىد قىلغايلەر؛ ئابدۇللاھ مۇبارەك مۇئاۋىيەگە زەخم ئۇرغاي؛ ئابدۇرەھمان بىننى مۇلجەم ھەزرەتى ئەلىغە تۇرغاي. بەس، ئابدۇرەھمان مەلئۇن كۇفەدە مۇتەەزىر ئەردى. تا رەمەزاننىڭ ئون يەتتەسى بولدى ئەرسە، بىر كىچە مەسجىددە ياتتى؛ سەھەر قوپۇپ ئازان ئوقۇدى. ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدكە كېلىپ، نەمازغە تۇردىلەر ئەرسە، بەد بەخت زەخم ئۇردى ئانداغكى يىقىلدىلەر. ئول مەلئۇن قاچتى، سەھابەلەر تۇتۇپ باغلادىلەر. ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈن ياتتىلەر. ھەزرەتى ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئەيدىلەر: «تەقۋا ۋە پەرھىزكارلىقنى پېشە قىلىڭلار! دۇنيادىن يۈز ئۆيرۇپ، ئاخىرەتكە مەيل قىلىڭلار! سىتەم دىدەلەركە ياۋەر بولۇڭلار! زالىملارنى دۇشمەن

تۇتۇڭلار!» ئاندىن ئېيتتىلەر: «خۇداۋەندا! سېنىڭ كەرەمىڭنىڭ ئالدىدا گۇناھ ھەر چەند بولسە، ئاڭا نە مىقدار ئىنئام ۋە ئېھسانىڭ بەرابەرىدە ئەمەلىنىڭ قەدرى قىممەتى بار. مەن لۇتف كەرەمىڭدىن ئۈمىتۋارمەنكىم، گۇناھىم تودەئى خاشاكنى ئەفۇ - مەغفىرەتىڭ دەرياسىدا ئاقىزغايسەن! ئىنئامىڭنى بۇ ئالەمدىن ئىنتىقال قىلىپ، ئەئمالىمغا بەرابەر قىلمىغايسەن!» بۇ مۇناجاتنى ئېيتىپ، خۇداي نەئالانىڭ رەھمەتىغە ئۇلاندىلەر.

ھەكىم بىننى رەبىئ مىسىرغە باردى ئەرسە، ئۇمەرۇئاس ئول كۈن نەمازغە ئۆزى ئورنىدا ئەمانەتكە كىشى ئىبەرىپ ئەردى؛ ھەكىم تانۇماي، ئاڭا زەخم ئۇردى ئەرسە، ئانى تۇتۇپ ئۆلتۈردىلەر. ئول كۈن ئابدۇللاھ مۇبارەك مۇئاۋىيەگە زەخم ئۇردى ۋە ئانى تۇتتىلەر ئەرسە، ئېيدى: «سىزگە بەشارەت بېرۇرمەنكىم، بۇ كۈن مېنىڭ ھەمراھىم كوفەدە ھەزرەتى ئەلىنى شەھىد قىلدى.» بەس، ئانى مەھبۇس قىلدىلەر. مۇئاۋىيەگە تەبىب كەلتۈردىلەر ئەرسە، ئېيدى: «داغ قويماي بولماس، ئەگەر داغ قويسە، فەرزەند ۋۇجۇدغە كەلمەس.» ئاخىر داغ قويدىلەر ئەرسە، ساقايدىلەر.

# زىكرى خىلافەت ھەزرەتى ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

قاچانكىم، ھەزرەتى ئەلى شەربەتى شەھادەت ئىچتىلەر ئەرسە، رەمەزاننىڭ يىگىرمە بىرى ئەردى، ھەزرەتى ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆردىلەركىم، خەلق پەرىشاندۇر. مۇئاۋىيە مۇلك ئەترافىغە ئەلچى ئىبەرۇر، ئاڭا بەرابەر بولغالى بولمايدۇر. بەس، سۇلھ قىلدىلەر، تەمامى خىلافەت ئۇلەرغە بولدى. مەدىنەگە يانىپ كەلدىلەرى، كۆجلەرى جەئدە بىنتە شەئىس بىننى قەيس[1] زەھەر بەردى. ھىجرەتدىن قىرىق تۆرتىنچى يىلى ۋەفات

[1] پارسچە چاپى نۇسخەدە: مۇئاۋىيە ئىبەرگەن نامە بويىچە، كۆجلەرى ئەسما بىنتە ئەل ئەشئەس بىننى قەيس، ۋە بەئزەلەر كۆجلەرى جەئدە بىنتە مۇھەممەد بىننى ئەل ئەشئەس زەھەر بەردىلەر دەپ قەيت قىلىنغان. — نەشرگە تەييارلىغۇچى.

بولدىلەر؛ قىرىق يەتتە ياشدا ئەردىلەر ۋە بەئزەلەر قىرىق تۆرت دەپدۇرلەر. ئۇلەرنىڭ فەزايىل ۋە خەسايىللەرىنى بەيانغە هاجەت ئەمەسدۇر.

# فەسل دەبستان
# زىكرى خىلافەت مۇئاۋىيە

تارىخ ئەرەبىدە كەلتۇرۇپدۇرلەر: مۇئاۋىيەنىڭ ئانالەرى هىند ئەقەبەنىڭ قىزى ئەردى. ئەبۇ سەفياندىن ئىلگەرى ئەبۇ هىفز بىننى مۇغەيرەگە تۇشۇپ ئەردى. ئەبۇ هىفز سەخاۋەتدە بەركەمال، مىهمان خانەئى بىمىسال ئاراستە قىلىپ ئەردى. بىركۇنى ئەبۇ هىفز سەهرادىن كەلدى ئەرسە، مىهمان خانە خالى ئەردى. ئاندا هىند چىقىپ، ئەبۇ هىفزنىڭ ئارقەسىدە ئۇيۇقلادى. بىر سائەتدىن كېيىن، ئەبۇ هىفز قوپۇپ، هىندنى كۆرمەي، قەزايى هاجەتكە چىقتى ئەرسە، بىر مىهمان كېلىپ هىندنى كۆرۈپ ياندى. ئەبۇ هىفز كېلىپ، هىندنى ئاندا كۆرۈپ، كۆڭلىگە گۇمان تۇشتى. ئانى ئويغاتىپ قاشىڭدىن چىقغان كىم ئەردى دىدى. هىند ئەيدى: «بىلمەسمەن.» ئەبۇ هىفز ئەيدى: «ئاتاڭنى كىراغە بەرگىل!» بەس، هىند بارىپ ئاتاسىغە ئەبۇ هىفز دىگەن شىكايەتنى قىلدى ئەرسە، ئەقەبە كېلىپ،① هىفزغە ئەيدى: «مېنىڭ فەرزەندىمغە بۇهتان قىلىپسەن. مېنىڭ ئەۋلادىمدا مۇنداغ ۋاقىئە بولغان ئەرمەسدۇر. قوپغىل، هاكىم قاشىغە بارالى!» ئول ۋەقتدە ئەرەبدە ئەفئا بەهران هاكىم ئەردى. بەس، ئەبۇ هىفز ئەقەبە ۋە هىند نەچەند مەزلۇمەلەر بىرلە ئەفئاغە بارۇر بولدىلەر ئەرسە، ئەقەبەغە هىند ئەيدى: «مەن بۇ خىيانەتدىن پاكدۇرمەن. سىزلەر بىر كىشىگە بارۇرسىزلەركىم ئول هەم راست ئەيتۇر يا يوق. ئەۋۋەل ئانى ئەزمايىش قىلماق لازىمدۇر.» بەس، بىر ئەركەك قوتۇقنى كەلتۇرۇپ، خورساسىنىڭ تۆشۈكىگە بىردان بۇغداي سالدى. بەس، ئەفئا قاشىغە كىردىلەر. ئەيدىلەر: «بىز ساڭا دادخاه كېلىپدۇرمىز. بىر نەرسە ياشۇرۇپدۇرمىز. ئەۋۋەل ئانى ئەيغىل.» ئەفئا

① پارسچە چاپى نۇسخەدە: هىند بىنتە ئابدۇللاھ بىننى رەبىئە بىننى ئابدۇلشەمس، دەپ قەيت قىلىنغان — نەشرگە تەييارلىغۇچى.

كاھىن ئەردى، سائەتى تەۋەققۇف قىلدى. ئاندىن ئەيدى: «بىر دانە بۇغداي ئېشەكنىڭ خورساسىغە قويۇپسىزلەر.» بەس، مۇنى كۆرۈپ مەزلۇملەر بىر -بىر كەلدىلەر ۋە ھەرقايىسى ئەيدى: «پاك سەن، سەندىن بىر پادشاھ ۋۇجۇدغە كېلۇر. سەن دەئۋاگەر ئەمەسسەن.» ئەبۇ ھىفز كەلدى ئەرسە، ئەيدى: «قويغىل، سەن تۆھمەتدىن قويغىل.» بەس، ئەبۇ ھىفز بۇ سۆزنى ئىشتىپ، ھىندغە ئاۋىزان بولدى. ھىند ئەيدى: «ھەرگىز سېنىڭ بىرلە بولماسمەن، ئول پادشاھ سەندىن بولماقغە رىزا بەرمەسمەن.» ئاندىن، ئەبۇ سەفيانغە تەگدى. تەئنە قىلدىلەركىم، ھىند ئەبۇ ھىفزدىن جۇدا بولماي، ئەبۇ سەفيانغە تەگدى. ئەمما، ئېھتىمالى باركىم، ئەبۇ ھىفزنىڭ ئۇرۇغ - تۇغقانىغە قوشۇلغىل دىگەنى كىنايە بىرلە تالاق بولغاي.

نەقلى كەلتۇرۇپدۇرلەر: ئابدۇمەنافنىڭ ئىككى ئوغلى بولدى، ئىككىسىنىڭ ئۇچاسى بىر - بىرىگە مۇتتەسىل، ھىچ نەۋئ جۇدا قىلالمادىلەر. ئاخىر، ئابدۇمەناف شەمشەر بىرلە جۇدا قىلدى. بىرىگە ھاشىم ئات قويدى، يەنە بىرىنى ئابدۇلشەمس ئاتادى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئاراسىدا جەڭ - خۇسۇمەت باقى قالدى. ھاشىمدىن ئابدۇلمۇتتەلىب ۋۇجۇدغە كەلدى؛ ئابدۇلشەمسدىن ئەبۇ سەفيان تۇغۇلدى. بۇلار جەڭ قىلدىلەر. ئاندىن، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ نەبىرەسى ئەردىلەر، مۇئاۋىيە بىرلە جەڭ قىلدىلەر. ئاندىن، يەزىد پەلىد ھەزرەتى ئىمام ھۇسەين بىرلە ئەداۋەت ئەسلىنى تازە قىلدى. قاچانكىم، ھەزرەتى ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شەربەتى شاھادەت ئىچتىلەر، ئول پەلىد فەخر نازىش بىرلە قەسىدەلەر ئەيتىپ، شاد بولدى. ئول قەسىدەسىدە سەرىھ ۋەھىگە ئىنكار قىلغانى زاھىر بولدى. بۇ ۋەجھەدىن ئۇلەمائى ماۋەرائۇننەھر يەزىدغە لەئنەت ئوقۇر، چۇنكى ۋەھىگە ئىنكار قىلىپ، كافىر بولۇپدۇر، دەپدۇرلەر.

## فەسل دەستان
## زىكر بەيئەت مۇئاۋىيە بىننى ئەبى سەفيان

قاچانكىم، ھەزرەتى ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىلافەتنى تاشلاپ،

مۇئاۋىيە بىرلە سۇلھ قىلدىلەر. ھىجرەتدىن قىرىق بىرىنچى يىلى ئەردى، خەلق ئاڭا بەيئەت قىلدىلەر. ئۇل ئەللىك سەككىز ياشدا ئەردى. توققۇز يىل تۆرت ئاي ئەردى، ئۇمرى تۇگەدى، دەمەشقدە ۋەفات بولدى. مۇنشىسى ئابدۇ بىننى ئۇۋەيس ئەردى.

كەلتۇرۇپدۇرلەر: قاچانكىم ھەزرەتى ئىمام ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۇلھ قىلدىلەر ئەرسە، خەلق ئەيدىلەر: بۇ سۇلھنىڭ بىر ۋەجھى بار بولغاي ئەردى. بەس، ھەزرەتى ئىمام ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنبەرگە چىقتىلەر ۋە خۇتبە ئوقۇدىلەر: «مۇئاۋىيە بىرلە مۇنازەئەت جەھەتى خىلافەتدىندۇر. نەفسۇلئەمردە، يا ئۇل لايىقدۇر يا مەن. ئەگەر ئۇل لايىق بولسە بىجا ئىشدۇر. ئەگەر مەن لايىق بولسام خەلقنىڭ ئارامى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئارايىشى ئۇچۇن مۇئاۋىيەگە قويدۇم.» بەس، ئۇل فىتنە بۇ ئىنسافلەرى بىرلە مۇنقەتىئ بولدى.

مۇھەممەد بىننى ئەتەبە كەلتۇرۇپدۇرلەر: بىركۈن بىر مەجلىسدە، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زىكرلەرى قىلىندى ئەرسە، مۇئاۋىيە ئەيدى: «ھەزرەتى ئەلى لەشكەردە شىرى سەفدەردەك، كۆرمەككە ماھى ئەنۋەردەك ، زاتى زالەئى سەھەردەك.» نەزم:

ئۇل فەترەكى شەبنەم نەسىم سەھەرى،
خۇن قىلدى ۋۇجۇدىغە تۇمەن ھىلەگەرى.
بەس، تامدى جەھان گۇلىغە ئۇل رەشك پەرى،
ئەلھەقكى ھەزار بارە مار كەرىزى.

بەس، ئەھلى مەجلىسلەر سوردىلەر: «سەن فازىلراقمۇ يا ئەلىمۇ؟» مۇئاۋىيە ئەيدى: «ئەلىنىڭ قەدەمىنىڭ تۇفراغى ئەبۇ سەفيانىنىڭ ئەۋلادىدىن ياخشىراقدۇر.» يەنە ئەيدىلەر: «ھەق سىنىڭ تەرەفىڭگەمۇ يا ھەزرەتى ئەلىنىڭمۇ؟» مۇئاۋىيە ئەيدىلەر: «ھەق ئەلى جانىبىدەدۇر.» يەنە ئەيدىلەر: «نىچۇكدىن جەڭ قىلدىڭ؟» مۇئاۋىيە ئەيدىلەر: «مۇلك تالاشادۇرغان نەرسەدۇر.» بۇ سۆزدىن مەئلۇم بولدىكىم، مۇئاۋىيەگە لەئىنەت ئوقۇماق رەۋا ئەمەسدۇر. چۇنكى ھەزرەتى ئەلىغە ياغى بولماق گۇناھ ئىكەنىگە

مۇقەررەردۇر. ھەركىم گۇناھنى گۇناھ بىلىپ قىلسە كافىر بولمايدۇر.

يەنە بىر نەقل كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، بىركۈن ھەزرەتى ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيەنىڭ قاشىغە باردىلەر، ئۇلەر تەكىيەگە يۆلەنىپ ئولتۇرۇپ ئەيدىلەر: «ئەجەب ئىشتىپدۇرمەنكىم، مىنى ھەزرەتى ئايشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا خىلافەتكە سەزاۋەر ئەمەس دەپدۇرلەر!» ھەزرەتى ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «ئەجەبراق ئولكىم، مىنىڭ قاشىمدا تەكىيەگە يۆلەنىپ ئولتۇرۇپسەن!» بەس، مۇئاۋىيە دەرھال قوپۇپ ئولتۇرۇپ، ئۆزرە ئەيتتىلەر ئەرسە، قەبۇل قىلدىلەر.

يەنە بىر ھىكايە كەلتۈرۈپدۇرلەر: مۇئاۋىيەنىڭ زەمانىدا بىر ئادەم خۇرۇج قىلدى. مۇئاۋىيە ئاڭا لەشكەر ئىبەرمەك بولدىلەر. ھەزرەتى ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە نامە ئىبەردىلەركىم: «بۇ لەشكەرنى ئالىپ جەڭ قىلغايلەر.» ھەزرەتى ئىمام ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاۋاب ئىبەردىلەركىم: «مەن مۇسۇلمانلارنىڭ مىننەتى ئۈچۈن جەڭدىن قول يىغىپدۇرمەن. ئەگەر جەڭ قىلۇر بولسام سىنىڭ بىرلە جەڭ قىلۇر ئەردىم. سىنىڭ ئۈچۈن يەنە بىر كىشى بىرلە قاچان جەڭ قىلغۇمدۇر؟!»

يەنە بىر ھىكايە كەلتۈرۈپدۇرلەر: بىركۈن ئەدى بىننى ھاتەم مۇئاۋىيەنىڭ ئالدىدا ئەيدى: «بۇ زەمانەنى نىچۈك كۆرەرسەن؟» ئەيدى: «بۇ زەمانە مۇسۇلمانلارى ئۆتكەن زەمانە مۇنكىرلارىدۇر؟ بۇ زەمانەگە ئىنكار قىلغانلار كېلەدۇرغان زەمانەدە مۇسۇلماندۇرلەر.»

يەنە بىر ھىكايە كەلتۈرۈپدۇرلەر: بىركۈن مۇئاۋىيە ئۆز خاسلەرى بىرلە ئولتۇرۇپ فىكر قىلدىلەركىم: «ھەزرەتى ئەلى بىرلە مۇنازەئەتىمنىڭ ئاقىبەتى نە يەرگە ئەنجام تاپار؟ ئاخىر خىلافەت ئىشى كىمگە مۇقەررەر بولۇر؟ ھەزرەتى ئەلى نە ئەندىشەدەدۇرلەر مەئلۇم بولغاي ئەردى؟» بەس، نەچەند مۇئتەبەر، راسىت گويلارغە ئەيدىلەر: «سىزلەر كوفەغە بىر بارىپ، مۇئاۋىيە ئۆلدى دەپ خەبەر قىلىڭلار.» بەس، ئۇلار كوفەغە بارىپ، يالغان خەبەرنى فاش قىلدىلەر. بىرى ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە بۇ يالغاندىن خەبەر بەردىلەر ئەرسە، ئىلتىفات قىلمادىلەر. ئەرتەسى يەنە بىرى كىرىپ، بۇ يالغان خەبەرنى بىر - بىر تەقرىر قىلدى ئەرسە، «بۇ سۆزنىڭ ئېئتىبارى يوق» دېدىلەر. ئۈچۈنچى كۈنى يەنە بىرى بۇ تەرىقە سۆز ئەيدىلەر: «كوفەلىغلەر

ئەيدىلەر. بۇ خەبەر تەۋاتۇرغە يەتتىكىم، ئەلبەتتە راستدۇر.» ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «بۇ ھىسابغە پۈتمەسمەن.» بەس، بىر قوللەرىدە مۇبارەك ھەلقىلەرىنى ۋە بىر قوللەرىدە ياقالەرىنى تۇتتىلەر. ئىشارەت ئاڭاكىم، مەن ياقامنى خەلقنىڭ خۇنى بىرلە بۇيامىسمەن. ئاندىن كېيىن، مۇئاۋىيەگە مەئلۇم بولدىكىم، خىلافەت ئۆلەرغە قەرار تاپار. بەس، باۋۇجۇد خىلافەتكە بۇلايىق ۋە سازاۋەرلىقلەرىنى بىلىپ، جەڭگە يۈزلەندىلەر. بۇ دۇنيانىڭ ئۇلۇغلۇقى، مۇھەببەتى بۇ يەرگە يەتكۈردىكىم، ئانچە قىلۇر ئىشلارنى قىلدۇردى، ئاقىبەت دۇنيانى قويۇپ كەتتى.

يەنە بىر ھىكايە كەلتۇرۇپدۇرلەر. قاچانكىم، مۇئاۋىيەنىڭ ۋەفاتلەرى ياۋۇق يەتتى ئەرسە، ئوغلانلەرى يەزىد پەلىدكە ۋەسىييەت قىلدىلەركىم: «چەندان قەسرلەرنى بىنا قىلىپدۇرمەن. جەھد قىلكىم، ئانى ۋەيران قىلماقدىن ساقلاغىل. تۆرت كىشى بىرلە مۇنازەئەت قىلماغىل: ئابدۇللاھ ئۇمەركىم مەرد زاھىددۇر، دۇنيادا ھەلىم ۋە ئاغىرلىقنى ئىختىيار قىلىپدۇر؛ ئىككىنچى ئابدۇرەھمان بىننى ئەفۇ بەكركىم ئول مەرد تەجەممۇلنى تۇتار، ئاڭا ئات، سەروپاي ئىبەرىپ، شادقىل؛ ئۈچۈنچى ئابدۇللاھ زۇبەيردۇر، ئانى بەھر نەۋئ ئۇلۇغ قىل؛ تۆرتىنچى ھەزرەتى ئىمام ھۇسەين؛ ئەي يەزىد! ئەگەر ھەزرەتى ئىمام ھۇسەين بولماسا نۇسرەتكە يېتەر ئەردىڭ، زىنھاركى ئول تىرىگ باردۇرمۇ ئاسا تەرىقىنى قويماغىل؛ ئول ئاغاسىغە ئىقتىدار قىلۇر، ساڭا خىلاف ئانىڭدىن ۋاقىئ بولۇر؛ زىنھار ئاڭا يارى بەرمەگىل. يەنە بىر ۋەسىييەت ئۇلكىم، مېنى گورغە ئالىپ بارغاندا ئۇمەرۇ ئاسغە ئەيغىل: ئاتام ۋەسىييەت قىلىپ ئەردىكىم «مېنىڭ ئۇمەرۇ ئاس بىرلە دوستلۇقىمىز بار ئەردى ۋە مېنى قەبرىدە ئول قويسۇن.» ئەگەر قەبرىغە كىرسە شەمشەر تارتغىل. تا بايئەت قىلماغۇنچە چىقارماغىل.»

بەس، مۇئاۋىيە ئۆلدى ئەرسە، يەزىد ئاتاسىنىڭ ۋەسىييەتىنى ئۇمەرۇ ئاسغە ئەيدى ئەرسە، گورغە يىغلاپ كىردى؛ مۇئاۋىيەنى قويۇپ چىقغالى تۇردىلەر؛ يەزىد شەمشەر تارتىپ ئەيدى: «ماڭا بەيئەت قىل! ۋەگەرنە سېنى ئاتام بىرلە دەفن قىلۇرمەن!» بەس، ئۇمەرۇ بىلدىكىم، بۇ ئىش مۇئاۋىيەنىڭ تەدبىرىدۇر. بەس، مۇئاۋىيەگە باقىپ ئەيدى: «بۇ ھالدا ياتىپ ھەم مىكر قىلۇرسەن!» بەس، بەيئەت قىلدى، ئاندىن گوردىن چىقتى. نەزم:

بۆجەھ كىشى ئازارىنى سەن ئىزدەمەگىل،
تاكىم ھەمە خەلق قەسدىدىن غەم يىمەگىل؛
چەندان فىرىب بىرۇر ساڭا مالۇ جەھان،
دۇنيانى ۋەفادار گۇمان ئەيلەمەگىل.

## فەسل دەستان
## زىكر خىلافەت يەزىد بىننى مۇئاۋىيە

ئول بەد بەختىنىڭ كەيفىيەتى بۇ ھالدا ئەردى. ئانى باۋۇجۇد نۇقسان ۋە كەسافەتدىن، بىئەقلدىن يەزىد ئاتادىلەر. چۇنكى مەتائى زۇلۇمنى ئانچە يىغدىكىم، ئىبلىس ئاڭا خەرىدار بولدى ئەرسە، تەخى ھەم زىيادە قىلدى، يەزىد ئاتاندى. ھىجرەتدىن ئاتمىشىنچى يىلى رەجەب ئايىدا ئاڭا بەيئەت قىلدىلەر. ئۈچ يىل تەخت ئانىڭ بىرلە بەد بەخت بولدى. ئاتمىش تۆرتىنچى يىلى دەۋزەخقە كەتتى. ئوتتۇز سەككىز يىل يەتتە ئاي بەش كۈن ئۆمۈر كۆردى. دەمەشقدە كۆمدىلەر. ياساۋۇلى سەفۋان ئەردى. ئانىڭ يامان روزگارىدا سەيد شۇھەدا ھەزرەتى ئىمام ھۆسەين بىننى ئەلى مۇرتەزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شەھىد بولدىلەر. ھىجرەتدىن ئاتمىش بىرىنچى يىلى ماھى مۇھەررەمنىڭ ئونى، دۇشەنبە كۈنى زەرئە بىننى شەرىك ئەلەيھىل لەئنە ھەزرەتى ئىمام ھۇسەيننىڭ مۇبارەك باشلەرىنى ئەزىز تەنلەرىدىن جۇدا قىلدى؛ سىنان بىننى ئۇنسۇل ـ نەجەفى مۇبارەك باشلەرىنى نەيزەگە ئىلدى. ئۆمۈر ئەزىزلەرى ئەللىك ئۈچ يىل ئەردى. ۋىلادەتلەرى مەدىنەدە ھىجرەتدىن تۆرتىنچى يىلى شەئبان ئايىدا ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر. يەزىد ئەلەيھىل لەئنە مەزلۇملەرگە بىنەھايەت مىھرىبان ئەردى. ئاتاسى مۇئاۋىيەنىڭ تىرىگلىكىدە، ئابدۇللاھ زۇبەيرنىڭ كوچىگە ئاشىق بولدى. مۇئاۋىيە ئوغلى بارەسىدە تەدبىر ـ مىكر قىلدى. ئابدۇللاھ زۇبەيرنى چىرلاپ، بىسيار ئىلتىفات ـ ئىنئام ئىھسان قىلدى؛ ئاندىن كىيىن قىزىنى بەرمەككە كىشى قويدى. ئابدۇللاھ زۇبەير تەئزىم ۋە

ئىكرام بىرلە مۇئاۋىيەنىڭ قىزىغە خاستكار بولدى ئەرسە، مۇئاۋىيە ئەيدى: «ماڭا ئالەمدە سىنىڭدەك داماد يوقتۇر. ئەمما، ئىشىتىپدۇرمەن بىسيار خۇشرۇي خاتۇنۇڭ بارئەرمىش، مېنىڭ قىزىم تا ئانى تالاق قىلماغۇنچە بولماس. ئەگەر كوجۇڭنى تالاق قىلساڭ، قىزىمنى بەرسەم ھەرقايىســـى شەھەرنى ئىختىيار قىلساڭ ئاڭا ھاكىم قىلسام.» بەس، ئابدۇللاھ ئەمارەت دائىيەسىنىڭ تەمەئىدە، مۇئاۋىيەنىڭ دامىغە گىرىفتار بولۇپ، ھەمخانەسىدىن ئايرىلدى. بەس، مۇئاۋىيە نىكاھنى بۇكۇن ـ تەڭلە بەھانەسى بىرلە، كوجىنىڭ ئىددەتىنى چىقاردى ئەرسە، يەزىد پەلىد ئەبۇ موسا ئەشئەرىنى نىكاھنىڭ جەھەتىدىن ئۇل خاتۇنغە ئەلچى ئىبەردى. يولدا قەشئەم بىننــى ئەبباس ئۇچرادى، ئەيدى: «ئەي ئەبۇ مۇسا، قايان بارۇرسەن؟» ئەيدى: «ئابدۇللاھ زۇبەيرنىڭ قويغان كوجىنى يەزىدكە نىكاھ قىلغالى بارۇرمەن.» ئەيدى: «ئەگەر ئىھتىمالى بولسە، مەندىن ھەم سۆز ئەيغىل.» ئاندىن ھەزرەتى ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچراپ، ئۇلەر ھەم خاستكار بولدىلەر. بەس، ئەبۇ مۇسا بارىپ، بۇلارنىڭ سۆزلەرىنى ئەيدىلەر ئەرسە، ئۇل مەزلۇم ئەيدى: «نە مەسلەھەت كۆرەرسەن؟» ئەبۇ مۇسا ئەيدى: «ئەگەر دۇنيا خاھلاساڭ يەزىدنى قەبۇل قىل؛ ئاخىرەتدە ھەسب نەسىب ئىختىيار قىلساڭ ھەزرەتى ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە جۇفت بولغىل؛ ئەگەر جەمال ئىستەسەڭ قەشئەمنى دىگىل.» بەس، ئۇل مەزلۇم ھەزرەتى ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغە رىزا بەردى. ئەبۇ مۇسا ئۇلەرغە نىكاھ قىلدىلەر. يەزىد مەلئۇن ئىشىتىپ بىسيار پەرىشان بولدى. ئەيتىپدۇرلەركىم، ئۇل مەلئۇن ئاند ئىچتىكىم، ئەگەر قۇدرەت تاپسام ئىمام ھۇسەيىننى ئۆلتۇرگەيمەن.

## فەسل دەستان
## زىكر ئەبۇ لەيلى بىننى
## مــۇئاۋىـــيە

قاچانكىم، يەزىد پەلىد ئۆلدى ئەرسە، تارىخدىن ئاتمىش تۆرتىنچى يىلى ماھى سەفەرنىڭ توققۇزىنچى كۈنى، ئەبۇ لەيلىغە بەيئەت قىلدىلەر. ئۇل

قىرىق كۈن ھۆكۈمەت سۈردى. مۇنشىسى زىياد بىننى سەلىــم ئەردى. مۆھرىنىڭ نەقشى «انماالدنياغرور» ئەردى. كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئەبۇ لەيلى مەرد زاھىد ۋە خۇداپەرەست ئەردى. قاچانكىم خىلافەتدە قىرىق كۈن ئۆتكەردى ئەرسە، جۇمئە كۈنى خۇتبە ئوقۇدى، ئەيدى: «ئەي قەۋم! مەن بۇ ئىشغە لايىق ئەمەسمەن. ئاتەشى دەۋزەخقە تاقەت كەلتۈرەلمەسمەن. ئەبۇ سافىيانىلەر ئۆز نەۋبەتىنى ئۆتكەرىپدۇر. ئۆزۈمنى ئەزل قىلدىم. ھەركىمنى قويساڭلار خەلىفە قىلىڭلار!» بەس، مۇنبەدىن تۈشتىلەر، ئىبادەتكە مەشغۇل بولدىلەر. قىرىق كۈندىن كېيىن ئۆلدى.

## فەسل دەستان
## زىكر خىلافەت مەرۋان بىننى ھەكىم

تارىخغە ئاتمىش تۆرت جەمادىيەل ئەۋۋەل ئايىنىڭ ئەۋۋەلى ئەردى. ئاڭا بەيئەت قىلدىلەر. بەئزەلەر رەمەزاننىڭ ئەۋۋەلى دەپدۇرلەر. دەمەشقدە ئون تۆرت يىل ھاكىم بولۇپ ئەردى. ۋە بەئزەلەر توققۇزيىل دەپدۇرلەر. مەرۋان مۇئاۋىيەنىڭ زەمانىدا دەمەشقغە كېلىپ ئەردى. ئاندا خەلىفە بولدى ئەرسە، مەرۋان ئاغرىدى. دەمەشقنىڭ ئۇلۇغلارىدىن ئوغلى ئۈچۈن بەيئەت ئالدى. ئول ئاغرىغىدا ئۆلدى ئەرسە، ئوغلى ئابدۇلمۇلك نەمازىنى ئۆتەپ، دەمەشقدە دەفن قىلدى. ياساۋۇلى سۇھەيل ئەردى. مۆھرىدە «اللەمعينى» پىتىكلىك ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر، قاچانكىم مەرۋان خىلافەتكە ئولتۇردى ئەرسە، ئۇمەر بىننى سەئد ئەيدى: «خىلافەتكە مەن ئەۋلادۇرمەنكىم، ئاتام بەنى ئۇمەييەنىڭ سەردارى ئەردى.» ئول ئۇمەر بىننى سەئدنىڭ تۆرت مىڭ قۇلى بار ئەردى، ھەممە دىلاۋەر، پەھلىۋان. بەس، مەرۋان ئانى قەۋى كۆردى ئەرسە، نامە ئىبەردىكىم. «بىزنىڭ تۇغقانغە ھاجەتىمىز يوقدۇر. مەن پىردۇرمەن، ئەگەر سەن فىتنەنى پەست قىلساڭ ئۆز ئورنۇمدا سېنى خەلىفە قىلۇرمەن.» بەس، ئۇمەر سەئد بۇ سۆز بىرلە پەست بولدى. ئابدۇللاھ زۇبەير مەككەدە ئەردى. ئول ئىشىتىپ ئەيدى: «خىلافەتكە مەن سەزاۋەردۇرمەنكىم، ھەزرەتى رەسۇل سەل-ئەل-لەمگە مۇنشى ئەردىم. جەددىم ھەزرەتــى ئەبۇ بەكرىســـددىق

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇرلەر؛ ئانام ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزىدۇر.» بەس، ھىجاز، ئىراق ۋە خوراساننى ئالدىلەر. شام، مىسر، ئەرەبىستان مەرۋانغا قالدى.

ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادلەرى ئىمام مۇھەممەد ھەنەفىيە ئۆزگە بىرادەرلەرى بىرلە گوشەنىشىنلىق ئىختىيار قىلدىلەر. بەس، مەرۋان ئۆلەردە ئوغلى ئابدۇلمۇلكنى خەلىفە قىلدى. ئۆمەر سەككىز ئاي مەھرۇم قالدى.

# فەسل دەستان
# زىكر خىلافەت ئابدۇلمۇلك

بەس، مەرۋان تارىخدىن ئاتمىش تۆرت ماھى رەمەزان ئەردى. ئابدۇلمۇلككە بەيئەت قىلدىلەر. يىگىرمە بىر يىل ئەردى، دەمەشىقدە ئۆلدى. ئوغلى ۋەلىد نەمازىنى ئۆتەپ، دەفن قىلدى. ئاتمىش يىل بىر ئاي ئۆمۈر كۆردى. بىر ئازادگەردەسى ياساۋۇل ئەردى. مۇھرىدە «ئامەنت باللە مۇخلىسا» پىتىكلىك ئەردى.

نەقلى كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ئابدۇلمۇلكنىڭ زەمانىدا، مۇسئەب بىننى زۇبەير قۇۋۋەت تاپىپ، ئىراق ۋە شامنى ئالدى. ئابدۇلمۇلك لەشكەرىگە ئىئتىماد قىلماي، دەمەشقدىن قاچىپ چىقتى. مۇسئەبغە ئەلچى ئىبەرىپ، سۇلھ تەلەب قىلدى. مۇسئەب قەبۇل قىلماي جەڭ قىلدىلەر. ئاخىر مۇسئەب شىكەست تاپىپ قاچتى. ئاقىبەت ئۆلدى. بەس، ئابدۇلمۇلك ئەمىن بولدى. ئابدۇللاھ زۇبەيرنىڭ ئۈزەسىگە لەشكەر ئىبەرمەكنى قەسد قىلدى. ئەرسىنى ھېچكىم قەبۇل قىلمادى. ئەيدىلەر: «خۇداي تەئالانىڭ جەڭگە كىشىلىك ئىبەرەلمەسمىز.» بەس، بىر كۈنى ھىجاج ئابدۇلمۇلكنىڭ قاشىغە كىردى ۋە ئەيدى: «كىچە ئابدۇللاھ زۇبەيرنى سوقۇپ تۈش كۆردۈم.» بەس، ئابدۇلمۇلك ئاڭا ئىككى مىڭ لەشكەر ئىبەردى ئەرسە، ھىجازغە باردى. ھەججاج ھىجازدىن ئەردى. بارىپ ئاندىن ھەم لەشكەر ئالدى. مەككەگە بارىپ بىسيار جەڭ قىلىپ، مەككەنى ئالىپ، ئابدۇللاھ زۇبەيرنى ئۆلتۈردى. ئاندىن مەدىنەگە باردى، ئاندىن ھەم لەشكەر ئالدى. مەدىنەنى ئالىپ، ئاللە تائالا ئاندا

تۆردى. سەھابەلەرنى ماڭا يارى بەرمەدىڭلار دەپ، بىسيار خار كۆردى. بۇ ھالنى ئابدۇلمۇلككە يەتكۈردىلەر ئەرسە، ھىجاجنى ئىراقغە ئىبەردى. ھىجاز، يەمەن، مىسرنى ۋە تەمامى مەغرىب زەمىننى مۇسا بىننى نەسرگە بەردى. ئابدۇلمۇلك بۇ ئىككى ھاكىمى بىرلە مۇلكنى بىھنەھايەت مەھكەم تۇتتى. ئەمما ، مۇسا بىننى نەسرنى خەلىفۇللاھ ئاتار ئەردىلەر؛ ھىجاجنى ئەدۇۋۇللاھ دەر ئەردىلەر. كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ئابدۇللاھ زۇبەير مەككەدە قۇۋۋەت تاپغاندا، يەزىد تىرىگ ئەردى. ئەرەبىنىڭ دىلاۋەر، پەھلىۋانلارىدىن مۇختار بىننى ئەبۇ ئۇبەيدە سەقەفى تايىفدا ئەردى. بەس، ئابدۇللاھ زۇبەيرنى چىرلاپ، ئۆزىگە ياۋەرلىك تىلەدى ئەرسە، مۇختار ئەيدى: «مەن خىزمەتىڭ كەمەرىنى قۇدرەتىم بەلىگە باغلادىم. ھۆكمۇڭ ـ فەرمانىڭ دايىرەسىگە كىردىم. ئەمما ماڭا، بۇ لەشكەرىمگە ئىززەت قىلغايسەن؛ ھەر مەھەلدە ھىچكىم مانىئ بولماي خىزمەتىڭغە كىرگەيمەن. كوفەنىڭ ھاكىملىغىنى ماڭا بەرگەيسەن؛ ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادىغە تەئنە ۋە تەئەررۇز قىلمايسەن.» بەس، ئابدۇللاھ زۇبەير بۇ شەرتلەرنى قەبۇل قىلدى ئەرسە، مۇختار ئابدۇللاھ زۇبەيرنىڭ خىزمەتىدە چەندان ئۇلۇغ ئىشلارنى قىلدى. ئاقىبەت مۇلك ئابدۇللاھ زۇبەيرگە بەرقەرار بولدى ئەرسە، مۇختارغە بىئىلتىفاتلار قىلىپ، قاشىغە كىرگەلى قويمادى. كوفەنى ئابدۇللاھ بىننى زەيدكە بەردى. مۇختار ئابدۇللاھ زۇبەيرنىڭ سىپەھسالارى ئابدۇللاھ مۇتىئغە بۇ ھالدىن شىكايەت قىلدى ئەرسە، ئابدۇللاھ مۇتىئ ئەيدى: «ساڭا بۇ ئىشلار ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادىغە تەئەرزۇز قىلماغىل دىگەنىڭدىندۇر. ۋەگەرنە ساڭا بىسيار ئىلتىفات قىلۇر ئەردى. بەس، ئابدۇللاھ مۇتىئ مۇختارنىڭ سۆزىنى ئابدۇللاھ زۇبەيرغە يەتكۈردى ئەرسە، غەزەب قىلدى. سەمەئىنى، خاسلەرى ئەردى، «مۇختار مۇھەممەد ھەنىفەنىڭ قاشلەرىغە بارۇردا ئاڭا كىشى قويغايمىز، ۋەگەرنە ئاندا تاپسا تۇتۇپ بەندكە تارتغايمىز.» بەس، ئابدللاھ مۇتىئ بۇ سۆزنى ئىشىتتى ئەرسە، قاشلەرىغە بارىپ، ئانى مۇختارغە ئەيدى: «ساڭا قاچماقدىن ئۆزگە مەسلەھەت يوقدۇر. مۇبادا بۇلارنىڭ قولىغە تۈشسەڭ خەلاسلىق ئىھتىمالى يوقدۇر.» بەس، مۇختار ئىمام مۇھەممەد ھەنىفەنىڭ قاشلەرىغە باردى. ئۇلار بىر كەنارەدە ئىبادەتغە مەشغۇل ئەردىلەر. سەۋمەئەلەرىدىن بىۋەقت چىقماس ئەردىلەر. بەس، مۇختار بۇلەرنىڭ قاشلەرىغە

كىرىپ، ھەزرەتى ئىمام ھۈسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ماتەملىرىدىن زار -
زار، خۇن ئەبىر نەۋبەھار يىغلاپ ئەيدى: «ئەگەر ئىجازە بەرسەڭ، ئىراقىغە
بارسام، ئۇلەرنىڭ خۇنلەرىنى ئول زالىملاردىن ئالسام!» بەس، ھەزرەتى
ئىمام مۇھەممەد ھەنىفە ئۆيدىن چىقىپ، بىر سائەتدىن كېيىن، بىر پارە كاغەز
كەلتۈرۈپ بەردىلەر، ئاندا پىتىپدۇرلەركىم: «رۇخسەتدۇر ھەزرەتى ئىمام
ھۈسەيىننىڭ خۇنلەرىنى مۇختار تەلەب قىلسۇن، ئانىڭ دۇشمەنلىرىنى
ئۆلتۈرسۇن.» بەس، ئەيدىلەر: «بارغىل، خۇداي تەئالا بۇ ئىشنى سېنىڭ
قولۇڭدا كۇشاد قىلغۇر.» بەس، مۇختار چىقىپ كەتتى. ئاندىن كېيىن
ئابدۇللاھ زۇبەير ھەزرەتى مۇھەممەد ھەنىفەنى چىرلادى. تەمامى ئەشرافى
ئەرەب ئەردى، بەس، كەلدىلەر ئەرسە، بىسيار تەۋازۇئ قىلىپ، يۇقارى
ئولتۇرغۇزدى. ئەيدى: «مېنىڭ ئەقىدەم ۋە گۇمانىم ئولكى، سەندىن مۇتتەقى
ۋە پەرھىزكار كىشى ئالەمدە يوقدۇر. سېنىڭ نەسەبىڭ ئانداغ
مەشھۇردۇركىم، بەيانغە ھاجەت ئەمەسدۇر. بىلۇرمەنكىم، سەن دۇنيادىن يۈز
ئۆيرۈپسەن. لېكىن شىيئەلەر فىتنە پەيدا قىلۇرلەر. خاھلارمەنكىم، ماڭا
بەيئەت قىلساڭ تاكى ئول فىتنەلەر پەست بولغاي.» ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەد
ھەنىفە ئەيدىلەر: «مېنىڭ كۆڭلۈمدە كىينە - ئەداۋەت يوقدۇر. ھەق تەئالا
كىينە - ئەداۋەتنى بىزنىڭ كۆڭلۈمىزدىن چىقارىپدۇر. ئەگەر مېنىڭ
كۆڭلۈمدە مۈلك - دۇنيا بولسە، زاھىر بولۇر ئەردى. ئولكى ئاتام ۋە
بىرادەرلەرىمغە يەتتى، ئۇلارنىڭ فەزايىل ۋە خەسايىللەرى مەئلۇمدۇر.
باۋۇجۇد مۇنچەلىك بىرلە مەن ئۇزلەت ئىختىيار قىلىپدۇرمەن.» ئابدۇللاھ
زۇبەير ئەيدى: «نېچۈك ئۇزلەتدۇركىم، مەشرىقدىن مەغرىبغە كېلۇرلەر.
ئەگەر مەن ئەمىر بولسام مېنىڭ قاشىمغە كېلۇر ئەردىلەر؛ مېنىڭ ئەھلى
بەيتىمنى دوست تۇتار ئەردىلەر. سەن مۇختارنى ئىمام ھۈسەيىننىڭ خۇنىنى
تەلەب قىلىپ كوفەگە ئىبەرىپسەن!» ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەد ھەنىفە
ئەيدىلەر: «مۇختار سېنىڭ جەفا ۋە بىۋەفالىقىڭدىن قاچىپدۇر.
ئىئتىقادۇرەست يوقدىن ھەزرەتى ئىمام ھۈسەيىننىڭ خۇنلەرىنى تەلەب قىلۇر.
مەندە نە گۇناھدۇر.» بەس، ئابدۇللاھ زۇبەير نەچەند كىشىگە
بۇيرۇدىكىم، مەھرەمخانەسىدە خىيمە تىكىپ، ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەدنى
مەھبۇس قىلدىلەر. ئاندىن مۇختارغە نامە ئىبەردىكىم: «ئەگەر سەن بۇ

ئىشلىتىن يانماسلىق، ئەۋۋەل، ئىمامەتنى باشقىدىن قىلىۋەتمەيمىز. ئاندىن سىپىنى دەپنە
قىلىۋېتەيلى. بەس، مۇختار سىزنىڭ ھالىڭىزنى خەبەرلەپ بولۇپ، ئۈچ مىڭ ئەسىر
ئىنبەرىنى تاكى ھەزرەتى ئىمامنى خەۋارىجلارنىڭ قولىدىن ئالغايلەر؛ ئەگەر
جەڭ قىلسە، جەڭگە تۇرغايلەر. بەس، بۇلار ئاگاھ بولماغاي دەپ، ئاھستە
- ئاھستە بۆلەك - بۆلەك بارىپ، مەككە دەۋازەسىدە جەمئ بولغايلەر.
ئەۋۋەل، ھاتەين بىننى قەيس كىرىپ كەلدى، مۇئەككەللەرغە ئەيدى:
«ھەزرەتى ئىمامنى قويۇپ بېرىڭلار! ۋەگەرنە، ھەمەڭىزلەرنىڭ باشىنى
كېسەرمەن!» بەس، ھەزرەتى ئىمام مۇھەممەد بۇ سۆزنى ئىشتىپ،
ھاتەيننىڭ ئالدىغە چىقتىلەر ئەرسە، ھاتەين ئاياغلەرىغە يىقىلدى ۋە ئەيدى:
«ئەي ئىمام! ئەگەر ئىجازە بەرسەلەر مۇئەككىللەرنى ئۆلتۇرسەك.» ھەزرەتى
ئىمام ئەيدىلەر: «مەئازۇللاھ! بۇ ئەسنادا ئابدۇللاھ زۇبەير ئاگاھ بولۇپ،
ھەمە ئەۋلادىنى يىغىپ ئاتلاندى.» ئەھلى مەككە ئىمام مۇھەممەد ھەنەفەگە
مەدەكە كېلىپدۇر دەپ شاد بولدىلەر. ئابدۇللاھ زۇبەير كېلىپ، «بۇ
مۇھلەتكە قويغانىمنىڭ جەزاسى» دەپ شەمشەر تارتتى. ھەزرەتى ئىمام
ئەيدىلەر: «مەن مۇختارغە ماڭا ئەقىدە قىل، لەشكەر ئىبەرگىل دىمەدىم.»
ئابدۇللاھ زۇبەير ئەيدى: «ئەگەر ئانداغ بولسە، دەرھال بەيئەت قىل! ۋەگەرنە
ئىككى پارە قىلۇرمەن!» ھاتەين ئەيدى: «ھەددىڭنى بىلمەي، تاكى مۇنداغ
بىھۇدە سۆزلەرسەن!» بەس، ئابدۇللاھ ھاتەيننى ئاز كىشى گۇمان قىلىپ،
ئاڭا يۈزلەندى ئەرسە، ئۈمەر تەللاق يۈز كىشى بىرلە كېلىپ، ھەزرەتى
ئىمامغە سەلام قىلىپ تۇردى. بەس، ئىمام ياخشى جەۋاب بېرىپ: «شەمشەرنى
غىلاپقە سالىڭلار!» دىدىلەر. ئاندىن تۇفەيل بىننى ئامىر ئالتە يۈز ئاتلىغ
بىرلە كەلدى. بۇ تەرىقە گۇرۇھ - گۇرۇھ كېلە باشلادىلەر ئەرسە، ئابدۇللاھ
ھەيران بولدى. ھاتەينگە ئەيدى: «مېنىڭ لەشكەرىم ھەر تەرەفكە
بارىپدۇرلەر. ئەگەر خەبەر قىلسام مىڭ جانىڭدىن بىرى سەلامەت قالماغاي!
» ھاتەين ئەيدى: «ئەگەر ئاتام ئىجازە بەرسەلەر سەن ھىچ بىرگە تەگمەس
ئەردىڭ!» بەس، ئابدۇللاھ غەزەب قىلىپ، لەشكەر يىغدى. ئىككى تەرەفدىن
سەف ئاراستە قىلدىلەر. ئەھلى مەككە ئابدۇللاھغە ياۋەر بولمادى ئەرسە،
غەمگىن بولدى. ئابدۇللاھ زۇبەير ۋە ھاتەين بىننى قەيس بىرلە بىر -
بىرلەرىگە شەمشەر تارتىپ تۇرۇپ ئەردىلەر. ناگاھ تەببان بىننى ئۈمەر ئىككى

مىڭ لەشكەر بىرلە تۇغ ـ ئەلەم كۆتەرىپ يېتىپ كەلدى. ئابدۇللاھ زۇبەيرنىڭ
ھۇشى كاللاسىدىن كەتتى.

بەس، ھەزرەتى ئىمام جەڭ قىلغالى قوپمادىلەر. ئابدۇللاھ يانىپ
تۇشتى؛ مەككەنىڭ سەردارلارىنى چىرلاپ ئەيدى: «مەن سىزلەرگە ئىئتىماد
قىلىپ ئەردىم. مۇنداغ ۋەقتدە مېنى تەنها قويدۇڭلار!» ئەھلى مەككە
ئەيدىلەر: «بىز سىنىڭ بەيئەتىڭدەدۇرمىز. ئەمما پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ
فەرزەندلەرى بىرلە نېچۇك جەڭ قىلۇرمىز! ئىمام مۇھەممەد ھەنەفىدە گۇناھ
يوقلۇقىنى تەھقىق بىلۇرمىز!» مەسلەھەت ئۇلكىم، سۇلھ قىلدى ۋە ئۇلارغە
تەئنە ـ تەئەررۇز قىلماسلىقغە ئاند ئىچتى. ھەزرەتى ئىمام لەشكەرنى
ياندۇردىلەر. تاكى نەۋبەت ئابدۇلمۇلككە يەتتى ئەرسە، ھىججاجنى ئىبەرىپ،
ئابدۇللاھنى تەمام قىلىپ، مۇلك تەمام ئاڭا مۇسەللەم بولدى.

ئابدۇلمۇلك مەرۋاندىن نەقل قىلىپ كەلتۇرۇپدۇرلەر، ئەيتىپدۇر: «مەن
مەدىنەدە ئەردىم. يەزىدنىڭ لەشكەرى ئابدۇللاھ زۇبەيرنىڭ ئۆزەسىگە كەلدى
ئەرسە، مەن ئەيدىم: «نە بەدبەخت كىشىدۇركىم دۇنيا ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى
ئۆلتۈرگەيلەر ۋە ئازار بەرگەيلەر! خۇداي تەئالادىن پەناھ تىلەرمەنكىم قىيامەت
كۈنى خۇنى ناھەق گەردەنىمدە بولماغاي! قاچانكىم خەلىفە بولدى ئەرسە
چەندان خۇنى ناھەق، فەسادلار قىلدى. ئاندىن ھەجگە باردى. ھەزرەتى
پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ مەسجىدلەرىگە كىردى؛ ئاندا بەرىدە ئاتلىغ بىر
مەزلۇم بار ئەردى. مۇجاۋىر، زۇھد، تەقۋىدە مەشھۇر ئەردى. ئول ئەيدى:
«ئەۋۋەل نە سۆزدە ئەردىڭ، ئاخىر نە ئىشلارنى قىلدىڭ؟» ئەيدى: «ئەۋۋەل
سەئادەت ئەردى، ئاخىر شەقاۋەتدۇركىم بۇ ئىشلار مەندىن ئۆتتى.»

## فەسل دەستان
## زىكر خىلافەت ۋەلىد بىننى
## ئابدۇلمۇلك

تارىخدىن سەكسەن ئالتىنچى يىلى شەۋۋال ئايىنىڭ يىگرمەسى كۈنى
ۋەلىدغە بەيئەت قىلدىلەر. ئول توققۇز يىل توققۇز ئاي خەلىفە بولدى.

مەدىنەدە تۇغۇلغان ئەردى، قىرىق ئالتە يىل ئۆمۈر كۆردى؛ دەمەشقدە ئۆلدى. ئوغلى ئابدۇلئەزىز نەمازىنى ئۆتەپ دەفن قىلدى. مۆھرىنىڭ نەقشى «انك ميت» ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، بىر كۈنى مۇنەججىملەر ۋەلىدنىڭ قاشىغە كىردى. بىرى ئەيدى: «نۇجۇم ھۆكمى بىرلە سىنىڭ خىلافەتىڭنىڭ مۇددەتى يىگىرمە كۈن قالىپدۇر.» يەنە بىرى ئەيدى: «ماڭا ئانداغ مەئلۇم بولادۇركىم، ئاتمىش يىل بولغاي.» ۋەلىد ئەيدى: «مەن مۇنداغ سۆزۈڭلەرگە فىرىفتە ئەمەسمەن. بەخۇداكى مەن ھەرگىز ئۆلمەسمەن دەپ بۇ گۇماندا ھىرس بىرلە مال جەمئ قىلماسمەن.»

بەس، ۋەلىد ئۆلەر ۋەقتدە خىلافەتنى بىرادەرى سۇلەيمانغە تاپشۇردى.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت سۇلەيمان
# بىننى ئابدۇلمۇلك

تارىخدىن توقسان ئالتىنچى يىلى جەمادىيەل - ئاخىردىن ئون سەككىزىنچى كۈنى سۇلەيمانغە بەيئەت قىلدىلەر. مۇددەتى خىلافەتى بىر يىل توققۇز ئاي ئەردى. دەمەشقدە ئۆلدى. ئۇمەر بىننى ئابدۇلئەزىز نەمازىنى ئۆتەپ، دەفن قىلدى. ياساۋۇلى ئازاد گەردەسى ئەبۇ ئۇبەيدە ئەردى. مۆھرىدە نەقشى «امنت بالله حسبى الله ونعم الوكيل» ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر. قاچانكىم سۇلەيمان خىلافەتكە ئولتۇردى ئەرسە، زۇلۇم ۋە بىيدادلىق خاشاكىنى جەھان مەيدانىدىن سۇپۇرۇپ تاشلادى؛ داد - ئەدل بىساتىنى يايدى. بىرادەرى مۇسلەمەنى بىسيار لەشكەر بىرلە رومغە ئىبەردى، تاكى رومنى فەتھ قىلدى. ئۆزى ئول يىل ھەج قىلىپ ئەردى. ئاندىن رەۋزەئى ئانھەزرەت سەل-ئەل-لەمگە كېلىپ، تەمامى مۇھاجىر، ئەنسارلارغە ئەتا ۋە كەرەملەر قىلدى؛ ئۆلگەن سەھابەلەرنىڭ ئەۋلادىغە ئىنئاملار قىلدى. ھەزرەتى ئىمام ھۇسەيىننىڭ ئەۋلادىغە يۈزمىڭ دىرەم تۆھفە قىلدى. بىرادەرى مۇسلەمە رومدىن مىڭ كافىرنى ئەسىر قىلىپ ئىبەردى

ئەرسە، رەۋزەنىڭ ئالدىدا ھەممەنىڭ باشىنى كەستى. ھەزرەتى ئەلى بىننى ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەيدىلەر: «بىر كافىرنى ماڭا بەرگىل تاكى ئۆلتۈرۈپ سەۋاب تاپغايمەن.» بەس، ئول كافىرلارنىڭ سەردارىنى بەردى ئەرسە، شەمشەر تارتتىلەر. سۇلەيمان ئەيدى: «بوينىـــدا غول باردۇر.» ھەزرەت بوينىغە شەمشەر سالدىلەر، غولنى ئىككى ھەسسە قىلىپ، باشىنى كېسىپ تاشلادىلەر. خەلق تەئەججۇپ قىلدى. سۇلەيمان ئەيدى: «سىزلەردە ھەيدەرى كەررار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇۋۋەتلەرى باردۇر.» تەمامى بەنى ئۇمەييە خەلىفەلەرىدىن دوستراق ئەردى. ئوغلى ئەييۇبنى مەدىنەگە خەلىفە قىلدى ئەرسە، قەبۇل قىلمادى، قاچانكىـــم سۇلەيمان ئۆلدى، ئۇمەر ئابدۇلئەزىز خەلقدىن پىنھان بولدى. خەلق تاپىپ زورىبىرلە بەيئەت قىلدىلەر. خەلقلەر سۇلەيماننى «خەيرۇل - مۇفتاھ» ئاتادىلەر. چۇنكى ئول ۋەقتدە ھىججاج ئۆلدى. ئاخىرىدا ئۆزىدىن ياخشىراق كىشىنى خەلىفە قىلدى.

# فەسل دەستان
# زىكر خىلافەت ئۇمەر ئابدۇلئەزىز

تارىخدىن توقسان يەتتىنچى يىلى سەفەر ئايىنىڭ ئونى، ئازىنە كۈنى بەيئەت قىلدىلەر. مۇددەتى خىلافەتى ئوتتۇز ئاي ئەردى. ئۆز ۋەقتى ئالەمنى ئەدل - ئىنسافغە پۇر قىلدى. بىركام قىرىق ياشدا زەمىن سەمئاندا دۇنيادىن رىھلەت قىلدى. نەمازىنى مۇسلىمە بىننى ئابدۇلمۇلك ئۆتەپ دەفن قىلدى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر. قاچانكىم خىلافەتكە ئولتۇردى ئەرسە، خەلقغە خۇتبە ئوقۇدى، پەند - نەسىھەت قىلدى. خەلق چەندان ئاتلار ئاراستە قىلىپ كەلتۈرۈپدۇرلەر ئەرسە، قەبۇل قىلمادى. ئۆزىنىڭ ئاتىغە مىنىپ ئۆيگە باردى. ياخشى خىسلەتلەر پېشە قىلدى. دۇنيادىن يۈز ئۆيرۈپ، كۈندۈزى ھەمىشە روزە تۇتار ئەردى؛ بازارلاردا پىيادە يۈرۈر ئەردى. بەيتۇلمالغە ھەرگىز قول سۇنماس ئەردى. ئامىر شەئەبىنى كوفەگە ھاكىم قىلدى. رومدا بىسيار قەھت ئەرمىش دەپ خەبەر كەلدى ئەرسە، مىڭ تۇۋەدە شامدىن ئاشلىق ئىبەردى، تاكى مۇھتاجلارغە، مۇسلىمگە سەرف قىلغاي. ئول مەئاش بىرلە

رومداقى مۇسۇلمانلار قەھتدىن خەلاس بولۇپ، بىسيار شادلىق قىلدىلەر. ئەرتەسى خەبەر كەلدىكىم، يىگىرمە مىڭ كىشى ئازەربجاندا يىغىلىپدۇركىم ئالەمنى خەراب قىلغالى قەسد قىلىپدۇر. بەس، ئۇمەر ھاتەمنى تۆرت مىڭ كىشى بىرلە ئاڭا ئىبەردى. ئۇمەر ھاتەم ئەيدى: «تۆرت مىڭ كىشى بىرلە نېچۈك بەرابەر بولۇرمىز؟» ئۇمەر ئابدۇلئەزىز ئەيدى: «قەسسابغە قوينىڭ تولالىقى نېچۈك ئەندىشەدۇر! ئەگەر پادىشاھ ئادىل بولسە، لەشكەرى زەفەرلىغ بۇلۇر.» بەس، ئۇمەر ھاتەم بارىپ، ئەدلىنىڭ بەركەتىدىن شىكەست بېرىپ، فىتنەنى پەست قىلدى.

## فەسل دەستان
## زىكر خىلافەت يەزىد بىننى ئابدۇلمۇلك

قاچانكىم ئۇمەر ئابدۇلئەزىز ۋەفات بولدى، تارىخ يۈز بىرىنچى يىلى رەجەپ ئايىنىڭ يىگىرمە ئۈچۈنچى كۈنى، يەزىد بىننى ئابدۇلمۇلككە بەيئەت قىلدىلەر. تۆرت يىل بىر ئاي پادىشاھلىق قىلدى، بىركام قىرىق يىل ئۆمۈر كۆردى. مۆھرىدە «الا ياخذك الله لومەلائم» ئەردى.

ئەيتىپدۇرلەر. ئۇمەر ئابدۇلئەزىز كېسەل بولدى ئەرسە، يەزىد بىننى ئابدۇلمۇلكنى خەلىفە قىلدى. قاچانكىم تەختغە ئولتۇردى، ئۇمەر ئابدۇلئەزىز ۋەقتىداقى خەلىفەلىك تەربىقەسىنى بۇزدى. رەخنەدىن كۆتەرگەن خىراجىنى تەلەب قىلدى. مۇسلىمە بىننى ئابدۇلمۇلكنى خوراسانغە ئىبەرىپ، ئامىللار قويۇپ، بىسيار ئەمۋال يىغىپ ئالدى. ئابدۇرەھمان زوھاكنى ھىجاز ۋە يەسرىبغە ئىبەرىپ، ئاندا بىسيار مال ـ ئەمۋال يىغدى.

ئابدۇرەھمان ئول ـ سەييىدىننىسا فاتىمە ـ زوھرا بىنتە ئىمام ھەسەن بىننى ئەلى مۇرتەزا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغە خاستكار بولدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «ئوغلۇڭ مېنىڭ كۈيۈگە ئىختىيار قىلۇر ۋەقتىمدە ئۆتۈپدۇر.» بەس، ئۇلەرنىڭ ئۈچ ئوغلانلەرى بار ئەردى. ئابدۇرەھمان ئاچچىغلاپ ئەيدى: «ئوغلۇڭ خەمىر ئىچەرئەرمىش. ئەگەر مېنى قەبۇل قىلماساڭ ئۇلەرنى دەررە سوقارمەن!» بەس، ئول سەييىدە يەزىد بىننى ئابدۇلمۇلككە نامە ئىبەردىلەر

ئەرسە، يەزىد ئېيدى: «ئابدۇرەھمان ھەددىدىن ئاشىپدۇركىم، پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ نەبىرەلەرىنى ئالماقغە قەسد قىلىپدۇر. مەن ئانداغ قىلايكىم، تەمامى ئەۋلادى بىرلە گەدالىق قىلسۇن.» بەس، ئابدۇللاھ ئابدۇلۋاھىدنى ئەمىر قىلدى. بۇيرۇدىكىم: «ئابدۇرەھماننى بەندكە تارتىپ، قىرىق مىڭ دىنار ئالغىل!» بەس، ئابدۇللاھ ئابدۇلۋاھىد فەرمان بىجا كەلتۈردى. تاكى ئابدۇرەھمان ئانداغ بولدىكىم، مەدىنەدە فالاس كىيىپ، ئىفلاسلىق غولىنى بوينىغە سالىپ، گەدالىق قىلدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى يەزىد ۋە مۇسلەمە ۋاقىئەسى

نەقل كەلتۈرۈپدۇرلەر. يەزىدنىڭ پادشاھلىقىدىن بىر يىل ئۆتتى ئەرسە، بىرادەرى مۇسلەمە خوراساندىن خىراج ئىبەرمەدى. يەزىد ئانى ئەزل قىلماقدىن شەرم تۇتۇپ، نامە ئىبەردىكىم: «سىنىڭ مۇندا بولماقىغە مۇھتاجدۇرمەن.» ئۇمەر ھۇنەيرەدىن ئىبەردى ئەرسە، مۇسلەمە ئەيدى: «سەن قايان بارۇرسەن؟» ئۇمەر ئەيدى: «ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئىراق ۋە خوراساننىڭ ئىشلەرىنى ماڭا تاپشۇردى.» مۇسلەمە بىلدىكىم ئەزل قىلىپدۇر. ئەيدى: «ئەرەبدە مەسەلدۇركىم، مۇلكى ئەقىمدۇر، ئەگەر پادشاھلارغە بىر ئىش ناخۇش كەلسە، خەۋش ۋە بىگانە بەرابەردۇر.»

نەقل كەلتۈرۈپدۇرلەر. ئۇمەر بىننى ۋەلىد يەزىدكە ئەيدى: «يا ئەمىرۇلمۇئمىنىن! ئۇمەر ئابدۇلئەزىز ئىككى ئۆيدە جەۋاھىر يىغىپ ئىكەن؛ ئاڭا ھەمىشە قۇفل سالىغلىغدۇر.» بەس، يەزىد ئۆمەر ئابدۇلئەزىزنىڭ كوجى فاتىمەگە نامە ئىبەردىكىم: ئىشىتىپدۇرمەنكىم شوھەرىڭ ئىككى ئۆيدە جەۋاھىر يىغىپ ئىكەن، ئانى ھەمىشە قۇفل سالىپسەن. ئانىڭدىن ماڭا نەسىبە ئىبەرگەيسەن.» فاتىمە ئەيدى: «ئۇمەر دۇنيادىن ئۆتكەندىن بارى ئول ئۆينىڭ مۆھرى بىرلەدۇر. ئەگەر ھەر نەرسە بولسە، كېلىپ ئالغايسەن، بەيتۇلمالغە سالغايسەن.» يەزىد ئۇمەر بىننى ۋەلىدنى ئالىپ، بەنى ئۇمەييە ئەۋلادى بىرلە كېلىپ، ئىشىكنى ئاچتۇردى، كۆردىكىم، بىر بورىيا، تۆرت خىش

قويۇلۇپدۇرلەر ۋە بىر تۆمۈر ئافتابە ئوچاقدا تۇرۇپدۇر. ئۆمەر ۋەلىد بىر ئاھ تارتتى ۋە ئەيغان سۆزىگە پۇشمان بولدى. ئەيدى، يەنە بىر ئۆينى ئاچىپ كۆردىكىم، ئول مەسجىد ئەردىكىم. ئاندا سەنگ رىزە فەرش قىلغان بىر ساندۇق كۆردىلەركىم، بىر لونگى، بىر تەۋق ئاسىغلىغ، كېچە نەماز ئۆتەردە، ئول تەۋقنى بويىنىغە سالۇر ئەردى يىقىلماغاي؛ ساندۇقنى ئاچىپ، بىر فالاسدىن كۆڭلەك تاپتىلەر ئەرسە، ھەمە يىغلادىلەر. ئۆمەر ۋەلىدغە مەلامەت قىلدىلەر. ئاندىن مەن شەمىداغ ئىشتىپ ئەردىم، يالغان سۆزلەرنىڭ شۇملۇغىدىن مۇنداغ ۋەبال ھاسىل بولدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت ھىشام بىننى ئابدۇلمۇلك

تارىخدىن يۈز بەشىنچى يىلى ماھى شەئبان ئەردى، ھىشامغە بەيئەت قىلدىلەر. مۇددەتى خىلافەتى ئون توققۇز يىل ئالتە ئاي ئەردى. ئەللىك تۆرت يىل ئۆمۈر كۆردى. نەمازىنى يەزىد ئۆتەپ، دەفن قىلدى.

قاچانكىم، خىلافەتكە ئولتۇردى ئەرسە، مەشرىق ۋە مەغرىبغە ھەركىم مۇھتاج بولسە، ئوندىن تا ئىككى يۈز دىنارغە يەتكۈرۈپ، ئەتا قىلۇر ئەردى. پېشۋا، ئۇلەما ۋە مۇستەھىقلەردىن مىڭ كىشىنى پىتىپ ئالىپ، ئاڭا ۋەزىفە بېرۇر ئەردى. تاكى تەمامى ئەمۋال ئاڭا سەرف بولدى. ئانىڭ زەمانىدا بىر مۇنچە ھەرامزادەلەر خۇرۇج قىلدى ئەرسە، ئۇلارنىڭ ئىلىك - ئاياغىنى كېسىپ، قورساقىنى يارىپ ئۆلتۇردى. قاچانكىم، ئەمىن بولدى ئەرسە، ھەجگە باردى؛ ئەھلى ھەرەمەينگە بىسيار ئىلتىفاتلار قىلدى. ئەيتىپدۇرلەر، ئول سەفەردە ھەر دىيار خىراجدىن بۆلەك قىرىق مىڭ دىنار سەرف قىلدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت ۋەلىد بىننى ئابدۇلمۇلك

تارىخدىن يۈز يىگىرمە ئالتىنچى يىلى جەمادىيەل ئەۋۋەل ئايىدا، ۋەلىدغە

بەيئەت قىلدىلەر. ئۇل ئىككى كەم قىرىق ياشدا ئەردى. ئانى كوفەدە ئۆلتۈرۈپ دارغە ئاستىلەر. چۇنكى كافىر بولۇپ ئەردىلەر؛ مۆھرىدە «ياولىد حضرالموت» پىتىكلىك ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قاچانكىم تەختكە ئولتۇردى ئەرسە، ئەتراف - جەۋانىبدىن مۇترىب ۋە مۇغەننىلەرنى يىغدى. شەرابغە مەشغۇل بولۇپ، رەئىييەلەرنىڭ ئەھۋالىدىن غافىل بولدى. ئالتە ئايدىن كېيىن، ھەرامنى ھەلال ئەقىدە قىلدى. ئاتاسى - ئاناسى بىر تۇغقانلەرنىڭ مەھرەمىغە قول سۇندى. بىر يىل ئۆتتى ئەرسە، مەزھەبى تەناسۇخغە كىردى. «مەن نايىبى خۇدادۇرمەن، مۇھەممەد سەل-ئەل-لەمدىن ئەفزەلدۇرمەن» دەپ دەئۋا قىلدى. خەلق بىزار بولدىلەر. بەنى ئۇمەييە خۇلەفالەرى ئادەتـــى ئۇل ئەردىكىم، بىر يىل خەلىفە بولغاندىن كېيىن، ھەجغە بارىپ، خەلقغە ئەتا ۋە ئىھسانلار قىلۇر ئەردىلەر. بەس، ۋەلىد بۇ تەرىقە بىرلە ھەجگە ئەزم قىلدى. دەمەشقدىن ئۈچ مەنزىل كېلىپ ئەردى. جەمئ ئەشرافى ئەرەبدىن ئوغلى يەزىدكە ئەيدىلەر: «ساڭا ئاتاڭنىڭ يامان ئەقىدەسى مەئلۇمدۇر، مۇنداغ كىشىگە خىلافەت سەزاۋەر ئەمەسدۇر. ئەگەر ئىتتىفاق قىلساڭ، ئاتاڭنى ئۆلتۈرۈپ، سىنى خەلىفە قىلۇرمىز.» بەس، يەزىد رىزا بېرىپ، دەمەشقغە ياندى. ھىججاجنىڭ ئوغلى ئابدۇلمۇلك دەمەشقدە ھاكىم ئەردى. ئانى تۇتۇپ، بەيتۇل مالنى ئالىپ، ئىككى يۈز مىڭ لەشكەر ئىبەردى. بەس، ۋەلىد خەبەر تاپىپ، خەممەس دىگەن شەھەرگە يۈردى ئەرسە، لەشكەر يېتىپ كەلدى. ۋەلىد خەممەس ۋە دەمەشقنىڭ ئاراسىدا بىر قورغانغە كىردى، ئەيدى: «ئەي مۇسۇلمانلار! مەن سىزلەرگە نېچۈك يامانلىق قىلدىمكى، ماڭا خۇرۇج قىلۇرسىزلەر؟!» ئەيدىلەر: «سەن ھەلالنى ھەرام بىلدىڭ، مەزھەبـــى تەناسۇخغە كىردىڭ!» ۋەلىد ئەيدى: «ماڭا ھەلال ئانچەدۇركىـــم ھەرامغە ئىھتىياجىم يوقدۇر.» ئەيدىلەركىم: «ئاتاڭنىڭ تەرىقەسىنـــى تاشلادىڭ!» بەس، جەڭگە تۇردى ئەرسە، ئاخىر ئۆلدى. ئىككى ئوغلى بار ئەردى، بىرى ئىبراھىم، بىرى ھەكىمكى ئانى يەزىد ئاتادىلەر.

نەقلى كەلتۈرۈپدۇرلەر: ۋەلىدنىڭ بىر مۇغەننى كەنىزەكى بار ئەردى. ئول ئەيتىپدۇر: «بىركۈن ۋەلىد مەست بولۇپ، مېنىڭ بىرلە قاۋۇشۇپ جەنابەتدە ئەردى. ناگاھ مۇئەززىن ئەزان ئوقىدى ئەرسە، ئاند ئىچتىكىم:

بۈگۈن سەندىن ئۆزگەنى ئىمام قىلماسمەن! ئەيدىم: مەست ۋە جۈنۈب، مۇسۇلمانلارغە نېچۇك ئىمام بولۇرمەن؟ بەس، شەمشەر تارتىپ ئەيدى: ئەگەر ئىمام بولماساڭ ئۆلتۈرۈرمەن! ناچار كېلىپ، ئەرەبلەرنىڭ تەرىقەسىدە ئىمام بولدۇم. بۇ ئەھۋالىمغە يىغلارمەن، شايەد خۇداي تەئالا رەھىم قىلغاي! »

# زىكرى خىلافەت يەزىد بىننى ۋەلىد

تارىخدىن يۈز يىگىرمە يەتتىنچى يىلى، جەمادىيەل ئاخىر ئايىدا، ئاڭا بەيئەت قىلدىلەر. ئانى «يەزىد ناقىس» ئاتار ئەردىلەركىم، توكۇز ئەردى. بەش ئاي خەلىفە بولدى. مەككەدە تۇغۇلغان ئەردى. ئاناسى ماھى ئەفرۇز بىنتە كىسرا بىننى يەزىد مىھر شەھرىيار ئەردىكىم، ئەجەم پادشاھلارى ئاخىرىدۇر. بىر جەڭدە لەشكەرى ئىسلامغە ئەسىر بولۇپ، فەتىيە بىننى مۇسلىم ھىججاجغە ئىبەرىپ ئەردى. ھىججاج ئابدۇلمۇلككە بېرىپ ئەردى. ئول ۋەلىدغە قالىپ، ئانىڭدىن يەزىد ۋۇجۇدغە كېلىپ ئەردى. قاچانكىم، يەزىد خىلافەتكە ئولتۇردى ئەرسە، ھىچكىم ئاڭا بەيئەت قىلمادى. ھەمە ئەيدىلەر: «بىرادەرى سەزاۋەردۇر.» بىر جەمئى ئەيدىلەر: «بىرادەرىڭنى ئۆلتۈرگىل، تاكى خىلافەتدە بەرقەرار بولۇرسەن.» يەزىد ئەيدى: «بىگۇناھ نېچۇك ئۆلتۈرگەيمەن؟» قاچانكىم، يەزىد خۇداي تەئالانىڭ رەھمەتىگە ئۇلاندى. ئىبراھىم بىننى ۋەلىد نەمازىنى ئۆتەپ دەفن قىلدى.

# فەسل دەستان

# زىكرى خىلافەت ئىبراھىم بىننى ۋەلىد

ئول يىل ئىبراھىمغە بەيئەت قىلدىلەر. ئول يەتمىش كۈن تەختدە ئولتۇردى. كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، مەرۋان بىننى مۇھەممەد بىننى ھەكىم ئەرمىنىيەگە ھاكىم ئەردى. كۆردىكىم، خەلق ۋەلىدنى گىرىھ كۆرەرلەر. ئەھۋالى پەرىشاندۇر. بەس، ئەللىك مىڭ لەشكەر ئالىپ شامغە يۈزلەندى. ۋەلىد ئۆلۈپ ئەردى. ئىبراھىم بىلدىكىم، بەرابەر بولالمايدۇ. بەس، مۇلكنى

ئاڭا قويدى. تەمامى ئەشراف ئەرەبلەر بىرلە ئاڭا بەيئەت قىلدى.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت مەرۋان بىننى
# مۇھەممەد

تارىخدىن يۈز يىگىرمە يەتتىنچى يىلى سەفەر ئايىدىن تۆرتىنچى كۈنى مەرۋانغە بەيئەت قىلدىلەر. ئاناسى ناھىلە ئاتلىغ كەنىزەك ئەردى. بەنى ئۇمەييە پادشاھلارىنىڭ ئاخىرى ئەردى. بەش يىل ئىككى ئاي پادشاھ بولدى. مىسىردا ئۆلدى، ئاندا دەفن قىلدىلەر. كەلتۈرۈپدۇرلەر: مەرۋان خىلافەتكە ئولتۇردى، ئاندا زەمانە پەرىشان ئەردى. ئەبۇ مۇسلىم خوراساندا خۇرۇج قىلغان ئەردى. بەس، مەرۋان ئەيىد كۈنى قارا ئىگىن كىيىپ ئەردى. مەككەدە ئىبراھىم بىننى ئەلى مۇھەممەد بىننى ئابدۇللاھ بىننى ئەبباس خۇتبە ئوقۇپ، كوفەگە يۈردىلەر. جەمئ قۇرەيشدىن ھەمراھ بولدىلەر. مەرۋان بىر ھەدىس ئىشتىپ ئەردىكىم، ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەم ئەيتىپدۇرلەر: تارىخغە يۈزۈ بىرمۇنچە بولغاندا، دەۋلەت ئەبباسىيەگە يۈزلەنۈر، ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلى سەففاھدۇر. بەس، مەرۋان خەبەر ئالدىكىم، ئەبباس ئەۋلادى دەئۋەت ئاشكارا قىلىپدۇرلەر. بەس، سەففاھنى ئىزدەپ كىشى ئىبەردى. ئول قاسىد ئۇلەرنى تاپىپ «سەففاھ قايسىڭلاردۇر؟» سورىدى ئەرسە، ئىبراھىم ئەيدى: «سەففاھ مەندۇرمەن.» قاسىد ئەيدى: «سىنى چىرلايدۇر.» بەس، ئىبراھىم سەففاھنى ئۆز ئورنىدا سەردار قىلدى. قاسىد ئەيدى: «شىتاب - ئىزتىراب بىرلە كوفەغە بارغايسىزلەر.» بەس، ئۇلار كوفەغە يۈردى. ئىبراھىم مەرۋان قاشىغە كەلدى ئەرسە، مەرۋان سەففاھنىڭ نىشانەلەرىنى ئىبراھىمدە كۆرمەدى ئەرسە، قاسىدغە سىياسەت قىلىپ، ئىبراھىمنى بەندكە تارتتى. قاچانكىم، مەرۋانغە لەشكەر يۈزلەندى ئەرسە، ئىبراھىمنى شەھىد قىلدى. ئاخىرىلئەمىر، ئۆزى ھەم ئۆلۈپ، بەنى ئۇمەييەنىڭ ئافتابى دەۋلەتى پەناھ مەغرىبدە ئولتۇردى. چەندان مىنىڭ خەزايىن مال تافە بەرمەدى؛ ئانچە سەلتەنەتى ھەلال ۋەفا قىلمادى. مۇلكۇبەقا خۇدانىڭدۇر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

# فەسل دەستان
# زىكرى خۇلەفائى ئەبباس

ئەددىكى بۇلارنىڭ ئىسىملارىنىڭ بەتەرىق نەزم تەرتىپ بىرىپدۇر، تەرجىمەسى بۇدۇر. چۇن بەنى ئەبباسدىن ئوتتۇز يەتتە شاھ تاجداركىم، بۇلارنىڭ تىغى دۇشمەن سىينەسىن قىلدى فەگار. ئەۋۋەل سەففاھ، مەنسۇر، ئاندىن مەھدىدۇر. هادى، هارۇن، ئەمىن، مەئمۇن، ئىمام كامكار مۇئتەسىم؛ ئاندىن كېيىن ۋاسىقدۇر. ئاندىن سوڭ مۇتەۋەككىل، مۇنتەسىر (مۇستەنسىر)، مۇستەئىين، بەس، بولدى مۇئتەزى، نامدار مۇهتەدى، مۇئتەمىددۇر. مۇئتەزەد، بەس مۇكتەفا، مۇقتەدەر، بەس قاهىر، رازى، ئىمام روزگار مۇتتەقى، مۇستەكەفى بىللاھ، ئىمامدىن يەنە مۇتىئ، مۇتابىئ، قادىر، قائىم بىللاھ، مۇقتەدى، مۇستەنزىر، مۇستەزىر، مۇقەننەئى لىئەمرۇللاھ، مۇستەجىد، يەنە مۇستەنەفى، ئاندىن ناسىرىددىن، زاهىر بىللاھ، مۇستەنسىرجەمالىددىن، ئاخىرى مۇستەئسىم ئولدى.

چۇن مەھكەم كىردگار ئەسھابى تەۋارىخ ئەخبار ۋە ئەربابى ئەهادىس ۋە ئاسار ئانداغ كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، ھەزرەتى ئەبباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خىلافەتلەرى زەمانىدە، خۇداۋەند ئالەمنىڭ رەھمەتىغە ئۇلاندىلەر. ئابدۇلاھ بىننى ئەبباس رەزىيەللھۇ ئەنھۇما ئابدۇللاھ زۇبەير فىتنەسى دەۋرىدە ۋەفات بولدىلەر. ئەلى بىننى ئابدۇللاھكىم، پەدەرى خۇلەفائى ئەبباس ئەردىلەر. ئۇلەرغە زەھەر بەردىلەر.

كەلتۇرۇپدۇرلەر: قاچانكىم، ئەلى بىننى ئابدۇللاھ ۋۇجۇدغە كەلدىلەر. ھەزرەتى ئەلى بىننى ئەبى تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇبارەكبادلىقغە كەلدىلەر. «ئانداغ ئات قويدۇڭ؟» ئابدۇللاھ ئەبباس ئەيدىلەر: «سىنىڭ مۇبارەك ۋۇجۇدۇڭ قەيدى هاياتىدا تۇرۇپدۇرمەن. نېچۇك قويغايمەن؟» بەس، ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇچاقلەرىغە ئالىپ، مىھرىبانلىق قىلىپ ئەيدىلەر: «ئەي ئابدۇللاھ، بۇ ئوغلۇڭ پادىشاھ ئاتاسى بولغۇسىدۇر. مۇڭا ئات قويدۇم كۇنيەتى ئەبۇلھەسەن بولغاي.» بەس، بۇ خەبەر خوجا مۇئاۋىيەگە يەتتى ئەرسە، ئەيدى: «ئاتى ۋە كۇنيەتى ھەزرەتى ئەلىغە مۇشابىھدۇر. مەن ئانى

ئەبۇ مۇھەممەد ئاتادىم.»

ۋە يەنە كەلتۇرۇپدۇرلەر. بەنى ئۇمەييە ئىشتىكەن ئەردىلەر، ھىجرەتدىن يۈز يىل بولغاندا خىلافەت بەنى ئەبباسغە يەتتىكىم، ئۇلارنىڭ ئەۋۋەلى ھارىسنىڭ قىزىدىن ۋۇجۇدغە كەلگەي. بەس، ھەزرەتى ئەبباسنىڭ ئەۋلادلەرىنى ھارىسنىڭ قىزلەرىدىن ئۆيلەنگەلى قويماس ئەردىلەر. قاچانكىم خىلافەت ئۇمەر ئابدۇلئەزىزغە يەتتى ئەرسە، مۇھەممەد بىننى ئەلى بىننى ئەلھارىسدىن ئۆيلەنمەككە ئىجازە ئالدىلەر. بەتتە بىننى ئابدۇلمەيدان ھارىسەنى ئالدىلەر، ئانىڭدىن ئەبۇل ئەبباس ۋۇجۇدغە كەلدىلەركىم، خۇلەفائى ئەبباسنىڭ ئەۋلادى ئۇلاردۇرلەر. مۇھەممەد بىننى ئەلى ھىجرەتدىن يۈز يىل بولغاندا دەئۋەت ئاغاز قىلدىلەر. ئەبۇل ئەبباس خىلافەتدە تەمام ئولتۇردىلەر.

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، قاچانكىم مەرۋان ئىمام ئىبراھىمنى شەھىد قىلدى ئەرسە، كوفەگە خەبەر يەتتى. ئەبۇ سەلىمە ھىلال بىسيار مۇتەئەللەم بولدى. ئاندىن ئەبۇل ئەبباس بىرادەرلەرى بىرلە كوفەگە يەتتىلەر ئەرسە، ئەبۇ سەلىمە بۇلارنى پىنھان قىلدى. قەسد قىلدىكىم، ھەزرەتى ئەلى بىننى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى خىلافەتكە مۇقەررەر قىلغاي. بەس، نامە پىتىدى ۋە بىر ئىتىمادلىغ كىشىسىدىن مەدىنەگە ئىبەردى. «جەئفەر بىننى مۇھەممەدكە ئىبەرگىل، ئەگەر ئول قەبۇل قىلماسا، ئابدۇللاھغە كۆرسەتكىل. ئەگەر ئاڭا باۋەر بولماسا، ھەزرەتى ئەلى بىننى ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاشلەرىغە ئالىپ بارغىل. جەۋابىنى ماڭا پات يەتكۈرگىل!» بەس، قاسىد مەدىنەگە باردى. ئول كىچە جەئفەر بىننى مۇھەممەدكە نامەنى كۆرسەتتى ئەرسە، ئوقۇپ ھىچ جەۋاب بەرمەدى. قاسىد جەۋاب تىلەدى ئەرسە، «جەۋاب بۇدۇر!» دەپ، نامەنى ئالدىغە تاشلادى. ئاندىن ئابدۇللاھغە نامەنى بەردى. جەۋاب ئەيتىپدۇر ئەردى، ئانى مەنئ قىلىپ؛ ھەزرەتى ئەلى بىننى ھۇسەينغە ئالىپ باردى ئەرسە، ئۇلەرنى ھەم جەئفەر مەنئ قىلىپ ئەيدىكىم: «ئەبۇ سەلىمە مەردى مەككاردۇركىم پات يېقىن ئۆلتۇرۇلۇر. بىزگە فىرىب بېرۈركىم، خىلافەت ئىشى ئەبباسنىڭ ئەۋلادىغە يېتىپدۇر. بىز يېتتىك دەۋەت قىلغايمىز. كېرەك فايدا قىلۇر.» بەس، قاسىد مەقسۇدىغە يەتمەي، يەنە قاسىد كەلگۈچى موساكىم مۇھەممەد ئەۋلادى ئابدۇللاھنىڭ ئەردىلەر، كوفەگە كەلدىلەر. ئەبۇ سەلىمە ئۇلارنى پىنھان

قىلدى. قەھتەبەنى لەشكەر بىرلە ئىراقغە ئىبەردى. ئارقەسىدىن ئۆمەر بىننى
ھۇنەيرە لەشكەر بىرلە ئۆلارنى يوق ئەتمەككە بۇيرۇدى ئەرسە، دەريايى فرات
لەبىدە قاتتىغ جەڭ قىلدىلەر. ئاخىر ئۆمەر بىننى ھۇنەيرە قاچىپ ۋاسىت
قورغانىغە بەركىدى. قەھتەبە دەريادا غەرق بولۇپ ئۆلدى. قەھتەبەنىڭ ئوغلى
ھەمىد لەشكەرنى ئالىپ، كوفەگە كېلىپ، ئەبۇ سەلىمەگە ئەيدى: «ئىمامنى
چىقارغىل، تاكى خەلق بەيئەت قىلغاي!» ئەبۇ سەلىمەگە باۋەر بولمادى.
غەرەزى ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادلەرىنى خەلىفە قىلماق
ئەردى. بەس، بىر ئوغۇل كىرىپ، ئەبۇل ئەبباسغە ھەمىدنىڭ كەلگەنىنى،
ئۆمەر ھۇنەيرەنىڭ قاچغانىنى خەبەر بەردى ئەرسە، ئاڭا ئەيدىلەر: «سەن
بارىپ، ھەمىدغە مېنىڭ سەلامىمنى يەتكۈرگىل ۋە ئەيغىلكىم بىر مۇنچە كىشى
بىرلە كېلىپ، ئەبۇ سەلىمەدىن خەبەرىمىزنى ئالىپ چىقسۇن.» بەس، ئول
ئوغۇل ھەمىدكە بۇ سۆزنى ئەيدى ئەرسە، ھەمىد بىسيار شادمان بولۇپ،
بىرمۇنچە ئاتلىغ بىرلە كېلىپ، ئەبۇ سەلىمەگە ئىززەت قىلىپ سارايغە
تۈشۈردى. ئەبۇ سەلىمە يوق ئەردى. بەس، ئۆزى كىرىپ، ئەبۇل ئەبباسغە
بەيئەت قىلدى؛ قولىغە قىلىچ ئالىپ، ھەركىمكى ئۇرۇغ - تۇققانىدىن
خەلىفەلىككە تەقازا قىلۇر ئەردىلەر، ھەمەنى بەيئەت قىلدۇردى. ئاندىن
مەسجىدكە ئالىپ چىقتى. ئەبۇل ئەبباس مۇنبەرگە چىقىپ، خۇتبە ئوقۇدىلەر.
ئەم زادەلەرى مۇنبەرنىڭ ئاستىن پايەسىدە تۇردى، خەلقنى بەيئەتكە تەكلىف
قىلۇر ئەردىلەر. بەس، ئەبۇ سەلىمە كېلىپ، بۇ ھالغە بىسيار پەرىشان
بولدى. چۈنكى بۇ ئىش ئانىڭدىن بولغاي ئەردى. بەس، ياۋۇق كەلدى ئەرسە،
ھەمىد سىنەگە ئۇرۇپ ئەيدى: «سەن ئىمامنىڭ زۇھۇر قىلۇر ۋەقتى ئەمەس
ئەردى دېمەدىڭمۇ؟» ئەبۇ سەلىمە ئەيدى: «مەرۋان تىرىگ تۇرۇپ، بۇ ئىش
دىشۋارلىق بىرلە بەرقەرار بولۇر. ئانىڭدىن كۆڭۈل فارىغ قىلغۇچە تەئخىر
قىلىپ ئەردىم.» بەس، ئەبۇل ئەبباس ئۆزرە ئەيتتى، قەبۇل قىلدىلەر. ئەمما
كۆڭۈللەرىدە غەزەبلەرى بار ئەردى. خىلافەتدە بەرقەرار بولۇپ ئەردىلەر، ئانى
قوغلادىلەر. ئەبۇ سەلىمەنىڭ ئەقىدەسى ۋە قىلغان خىزمەتلەرى بىر
ھەركەتلىك بىرلە ھەبىتە بولدى.

ئەھلى ئەقىل بىلگەيلەركىم، پادشاھلارنىڭ خىزمەتىدە ھېچ
زەرەرمىكرىدىن يامانراق يوقدۇر. ھېچ خىزمەت خۇلۇسى نىيەتدىن ياخشىراق

ئەمەسدۇر:

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قاچانكىم، خىلافەتكە ئولتۇردىلەر، ھەممىدىنى ۋەزىر قىلدىلەر. ئول مۇرداد ئاتار ئەردى. ئەملەرى ئابدۇللاھنى ئاتمىش مىڭ لەشكەر بىرلە مەرۋاننىڭ ئۈزەسىگە بۇيرۇدىلەر. قاچانكىم، ئابدۇللاھ دەمەشقغە يەتتىلەر. مەرۋان ئەللىك مىڭ كىشى بىرلە ئالدىغە چىقتى. بىسيار جەڭ قىلدىلەر. ئاخىر مەرۋان شىكەست تاپتى. ئانداغكى، مۇددەتى دەۋلەت تەمام بولسە، لەشكەردىن مەنفەئەت يوقدۇر.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قاچانكىم، ئەبۇل ئەبباس سەففاھغە خىلافەت ئىشىكى تەمام ئاچىلدى ئەرسە، ئەندىشە قىلدىكىم، سەيىدلەردىن بىرلەرى خۇرۇج قىلىپ، فىتنە بەرخاستە بولماغاي. بەس، ھەممىد ۋە بىرادەرلەرى مەنسۇر بىرلە مەسلەھەت قىلدىلەر. بۇلەر ئەيدى: «بۇ ئىشنى ئەبۇ مۇسلىم بىرلە مەسلەھەت قىلماي بولماس. چۇنكى ئول خوراساندا دەئۋەت ئاشكارا قىلىپدۇر؛ ئەبۇ سەلىمە ئىراقغە سەئى كۆركۈزۈپدۇر. ئەگەر ئەبۇ مۇسلىم بىرلە ئىتتىفاق قىلماي، ئەبۇ سەلىمەگە سىياسەت قىلساق، ئانىڭ كۆڭلىگە ھەراس پەيدا بولۇر.» بۇ مەسلەھەت سەففاھغە بىغايەت مەئقۇل بولدى. ئەبۇ جەئفەر ئەيدى: «خوراساندا ئەبۇ مۇسلىمدىن ئىلگەرى بىز دەئۋەت ئاشكارا قىلۇر ئەردۇك. ئانىڭ بىرلە مەسلەھەت قىلماق نە ھاجەتدۇر؟!» سەففاھ ئەيدىلەر: «خوراسانغا ئۆزۈڭ بارغىل، ئول دىيار ئەھۋالىنى كۆرگىل. ئەگەر تاپساڭ ئەبۇ سەلىمە ھالىنى ئەبۇ مۇسلىمغە ئەيغىل. تاكى ئول بۇ ئىشنى تەمام قىلۇر. ئەبۇ سەلىمەگە ئۆزگە كىشىسىنى ئىبەرگەندە، سەن يانغىل.» تاكى، ئەبۇ جەئفەر خوراسانغە باردى ئەرسە، ئەبۇ مۇسلىم پىيادە ئالدىغە چىقتى، چەندان خىزمەتكارلىق قىلدىكىم، سىفەتكە راست كەلمەس. بەس، سەففاھنىڭ پەيغاملەرىنى يەتكۈردى ئەرسە، ئەبۇ مۇسلىم ئەيدى: «مەن بەندەدۇرمەنكىم، فەرمان ئەمىرۇل مۇئمىنىنىڭدۇر.» ئەبۇ جەئفەر ئەيدى: «سىنىڭ بۇ ئىشىڭدا بىسيار دەۋلەتنىڭ ئەسەرى باردۇر. بىز ھەممىد قەھتەبەنى قاشىڭدا نايىب قويارمىز.» ئەبۇ مۇسلىم تەئزىم قىلىپ ئەيدى: «ھەركەۋندە ھەممىددىن ياخشى كىشى يوقدۇر، ئەمىرۇل مۇئمىنىن تەربىيەت قىلىپدۇرلەركىم، ئۇلەر ئۆرنىدادۇر.» بەس، جەئفەر مەنسۇر مەرۋەدە ئىككى يىل تۇردى ئەرسە، ئەبۇ مۇسلىم ھەركۈن يۈز مىڭ دىرھەم ئىبەردى. تاكى

يانغۇچە تەمامى خوراسان، تۈركستاننىڭ مالى جەمئ بولدى. بىر ئىئتىمادلىغ كىشىسىنى ئەبۇ سەلىمەگە ئىبەردى. ئاندىن مەنسۇر ياندى ئەرسە، ئون مەنزىل يەرگە كېلىپ رۇخسەت ئالىپ ياندى. بەس، مەنسۇر كوفەگە كېلىپ، ئەبۇ مۇسلىم ئەھۋالىنى بىر - بىر بەيان قىلدى ۋە بەرگەن ئەمۋالىنى تەسلىم قىلدى. سەففاھ بىسيار شاد بولدىلەر. مەنسۇر خوراسانغە بارىپ كەلگۈنچە ئىككى يىل ئۈچ ئاي ئۆتتى. بۇ مەھەلدە ئەبۇ سەلىمە سەففاھنىڭ خىزمەتلەرىدە ئەردى. تاكى ئۇيقۇغە مەيل قىلماغۇنچە ئۆيگە بارماس ئەردى. بىر كېچە ئۆيگە بارغۇنچە ئەبۇ سەلىمەنى كىشى ئۆلتۈردى. قاتىلنى بىلمەدىلەر؛ ئاندىن ئەبۇ مۇسلىم ئىبەرگەن كىشىگە ئىنئاملار قىلىپ ياندۇردىلەر. نامە ئىبەردىلەركىم: «ئەبۇ سەلىمە پۇشمان بولۇپ، كۆڭلىدە ھېچ خىلاف قالماپ ئەردى. ھەمىشە خىزمەتىمدە ئەردى. كوفەلەر ھەسەد قىلىپ، بىر كېچە ئۆيگە بارغۇنچە ئۆلتۈرۈپدۇرلەر.»

نەقلى كەلتۈرۈپدۇرلەر: سەففاھ ئەبۇ جەئفەر مەنسۇرنى ئۆز ئورنىدا خەلىفە قىلدىلەر. ئەملەرى ئابدۇللاھ مەرۋان خەر بىرلە جەڭ قىلغالى بارىپ ئەرىلەر. سەففاھدىن كېيىن خەلىفە بولماقنى ئۇمىد تۇتار ئەردى. بەس، سەففاھ ئەبۇ جەئفەرغە ئەيدىلەر: «خوراسانغە بارىپ، ئەبۇ مۇسلىمدىن بەيئەت ئالماق لازىمدۇر.» بەس، ئەبۇ جەئفەر خوراسانغە باردى ئەرسە، ئەبۇ مۇسلىم ئىلگەركىدەك خىزمەتكارلىق قىلمادى. چۈنكى ئەبۇ مۇسلىمدىن بىمەسلەھەت خەلقدىن بەيئەت ئالىپ ئەردى. ئەبۇ جەئفەر مەدارا قىلىپ ئەردى. بىر كۈنى ئەبۇ مۇسلىم ئەيدى: «ئەگە ئىراقغە يانساڭ ئەمىرۇلمۇئمىنىنىڭ ئەملەرىنى ماڭا بەرمەككە ئىلتىماس قىل.» ئەبۇ جەئفەر بۇ سۆزدىن كۆڭلى ئاغرىپ ياندى ئەرسە، سەففاھغە ئەبۇ مۇسلىمنى ئۆلتۈرگەلى دەلالەت قىلدى. سەففاھ رىزا بەرمەس ئەردىلەر. تاكى ئەبۇ مۇسلىم ھەج تەۋاف قىلغالى ئىراقغە كەلدى، سەككىز مىڭ لەشكەر ھەمراھ ئەردى؛ كۆڭلىدە ھىجازنىڭ ھاكىملىقىنى ئۇمىد تۇتار ئەردى. قاچانكىم، ئەبۇل ئەبباسنىڭ خىزمەتلەرىگە مۇشەررەف بولۇپ، قاشلەرىدە ئولتۇرۇر ئەردى. ئەبۇ جەئفەر كىرىپ ئەرسە، ئەبۇ مۇسلىم ئورنىدىن قوپمادى. سەففاھ ئەيدىلەركىم «ئەبۇ جەئفەرنى تانۇمادىڭمۇكىم ئورنۇڭدىن قوپماسسەن؟!» ئەبۇ مۇسلىم ئەيدى: «يا، سەففاھ ئەمىرۇل مۇئمىنىن، سەندىن ئۆزگەنى تانۇماسمەن.» بەس، ئەبۇ جەئفەرنىڭ

كۆڭلى ئاغرىدى ئەرسە، بىر كۈنى سەففاھغە ئەيدى: «ئەبۇ مۇسلىم يامان نىيەتتە كېلىپدۇركىم، مەككەگە كېلىپ، ھەزرەتى ئەلـــى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادلاردىن بىرىنى خەلىفە قىلۇر. ۋەگەرنە، سەككىز مـــىڭ كىشىنى نە يەرگە ئالىپ بارۇر؟!» سەففاھ ئەيدىلەر: «ئانــى ئۆلتۇرۇپ بولماس. چۇنكى خەلق بىزدىن بىزار بولۇر. ئەگەر غەرەزى مەۋسىلىنىڭ ھاكىملىقىدا بولسە، لەشكەرنى ۋە ھاكىملىقنى ساڭا بېرەي. سەن تۇرۇپ ئانىڭ مەقسۇدى ھاسىل بولماس.» بەس، ئەبۇ جەئفەر ياندى ئەرسە، ئەبۇ مۇسلىم تۇھفە، پېشكەش ئالىپ بارىپ، ئۇزرە ئەيتتى ۋە ئەيدى: «مەۋسىلىنىڭ ھاكىملىقىنى ماڭا تىلەپ بەرگىل.» ئەبۇ جەئفەر قۇلاق سالماي، ئېيدىكىم: «ئەمىرۇلمۇئمىنىن بۇلتۇر ھەج نىيەت قىلىپ ئەردىلەر، سەن كەلدىڭ ئەرسە، ھەمراھ بارغالى تەۋەققۇف قىلدىلەر.» ئەبۇ مۇسلىمنىڭ زىھنــى كايىپ، ھەجگە كەتتى. ئەبۇ جەئفەر ھەم باردى. ھەج تەۋاف قىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىن خەبەر كەلدىكىم، ئەمىرۇل مۇئمىنىن سەففاھ ئاخىرەت سەفەرى قىلدىلەر. ئەبۇ جەئفەر ئىشىتىپ، شىتاب بىرلە ئەبۇ مۇسلىمدىن ئىلگەرى كوفەگە كېلىپ، خەلقدىن بەيئەت ئالىپ، خىلافەتكە ئولتۇردىلەر. ئەبۇل ئەبباس سەففاھنىڭ بەيئەتلەرىگە تارىخدىن يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى يىلى رەبىئەل ئەۋۋەلنىڭ ئونى، ئەزىنە كۈنى ئەردى. ئاتلەرى مۇرتەزا ئەردى. تۆرت يىل سەككىز ئاي خەلىفە بولدىلەر. يىگىرمە تۆرت يـــىل ئۆمۈر كۆردىلەر.

## فەسل دەستان
## زىكر خىلافەت ئەبۇ جەئفەر مەنسۇرى

ئەيتىپدۇرلەركىم، ئەبۇ جەئفەر ئۇلۇغ ۋە ئاقىل كىشى ئەردىلەر، ئەمما دۇنياغە مايىل، بېخىل ئەرىلەر. قاچانكىم خىلافەتكە ئولتۇردى، ئەرتەسى مۇنادى قىلدۇردىكىم، ئەمىرۇل مۇئمىنىن خەلقغە ئەتا قىلۇر تاكى يەتتە ياشداقى بالاغە ھەم خەبەر قىلسۇنلەركىم كېلىپ ئەتا ئالغاي. بەس، تەمامى خەلايىق يىغىلدىلەر ئەرسە، ئەيدى: «ئەي خەلق! شەھەرىڭلار سەھرادۇر.

مۇبادا دۈشمەن كەلسە، غارەت قىلماققا مۇھەييادۇر. ئەترافىغا سېغىل ۋە خەندەك قىلغايسىزلەر!» بەس، ھەركىمدىن قىرىق دىرەم ئالدۇردى. كوفەدە بەسرە ئەترافىغا سېغىل ۋەخەندەك قىلدۇردى. خەلقغە بىسيار جەفا ۋە ئەلەم يەتتى. ئانى بېخىللىقدىن ئەبۇ جەئفەر دەۋانقى ئاتادىلەر.

نەقلى كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، قاچانكىم، ئەبۇ جەئفەر خىلافەتكە ئۆلتۈردى ئەرسە، ئابدۇللاھغە بەيئەت ئالغالى كىشى ئىبەردى. ئابدۇللاھ ئەيدى: «مېنى سەففاھ ئۆز ئورنىدا خەلىفە قىلىپ ئەردى. جەھاننى مەرۋاننىڭ ئۇرۇغىدىن مەن پاك قىلدىم. ئەمىرۇل مۇئمىنىن مەندۇرمەن. سەن ماڭا بەيئەت قىل!» بەس، ئەبۇ جەئفەر غەزەب قىلىپ، ئەبۇ مۇسلىمنى بۇيرۇدى ئەرسە، بارىپ قاتتىغ جەڭ قىلىپ، ئابدۇللاھنى ئەسىر قىلدىلەر. ئەبۇ جەئفەر ئىشتىپ، مۇنشىسى ئەتەبە بىننى ھەمزەنى بۇيرۇدى ئەرسە، بارىپ قاتتىغ جەڭ قىلدى. غەنىمەتنى ھىسابلاپ خەت قىلىپ، نەفىس مەتائلارنى ئەبۇ جەئفەرگە ئالدى ئەرسە، ئەبۇ مۇسلىم ئەيدى: «جاننى ئەلگە بەردى. ئانچەكىم ئالغان مال بىرلە خىلافەتنى تەمام قىلدى.» بەس، ئەبۇ مۇسلىم ئابدۇللاھنى تىۋەلەرى بىرلە كوفەغە ئىبەرىپ، ئۆزى شامغە كەتتى. بەس، ئابدۇللاھ كوفەگە بارىپ، ئەبۇ جەئفەرگە نامە ئىبەردىكىم: «تەمامى مەرۋانلار خەزىنەلەرى ماڭا تۇشۇپ ئەردى. ئەبۇ مۇسلىم ھەمەنى ئالىپ كەتتى. ئانداغكى، تەمام ئۆمرىدە ئالتۇن - كۈمۈش سەرف قىلسە، كىفايەت قىلۇر.» بەس، ئەبۇ جەئفەر دەرھال ئەتەبەنى ئارقەسىدىن خوراسانغە ئىبەردى. نامە ئىبەردىكىم، نامەسى ئول ئەردىكىم: «سەندىن ئۆزگە كىم باردۇركىم سېنىڭ ئورنۇڭدا قويغايمەن. ساڭا مۇخالىئەم يوقدۇر. ئەگەر خوراساننى خاھلاساڭ، ئول سېنىڭدۇركىم، ئورنۇڭدا كىشى قويۇپ كەلگەيسەن، تاكى مىسىر بىرلە شامنى ساڭا بەرگەيمەن. ئەھدى بەيئەتنى تازا قىلغايمەن. ئەگەر كۆڭلۈڭدە گۇمان بولسە، بىر مۇئتەمەد كىشى ئىبەرگەيسەن. تاكى ئاڭا ئەھد قىلىپ بەرگەيمەنكىم، ساڭا ھىچ قەسدىم يوقدۇر.» بەس، ئەتەبە بارىپ، ئەبۇ مۇسلىمنى ھەمەداندا تاپىپ، نامەنى بەردى. بىر ئېتىمادلىغ كىشىسىنى دارۇلخىلافەگە ئىبەردى. ئەبۇ جەئفەر ئاڭا ئاند غەلەت ئىچىپ بەردى ئەرسە، ئەبۇ مۇسلىم كەلدى، ئانى ئۆلتۈردى. بۇ ۋاقىئە ئۆز مەھەللىسىدە كەلگۇسىدۇر. ئىنشائاللاھ تەئالا.

ئەبۇ جەئفەرگە تارىخدىن يۈز ئوتتۇز يەتتىنچى يىلى بەيئەت قىلىپ ئەردىلەر. ئەبۇل ئەبباسدىن ئون سەككىز ياشدا ئۇلۇغ ئەردىكىم، ۋەلىد بىننى ئابدۇلمۇلكنىڭ زەمانىدە تۇغۇلغان ئەردى. ئەيتىپدۇرلەر، مەككە لەبىدە پۇرمەيمۇن دىگەن قۇدۇغ لەبىدە ئاڭا ئاغرىق تەگدى. ئول كېچە ئاسماندىن بىر يۇلدۇز تۈشۈپ، ئانىڭ بەرابەرىدە تۇردى. سۇبھ ۋەقتى ئۆلدى.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت ئەمىرۇل - مۇئمىنىن مەھدى

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قاچانكىم ئەبۇ جەئفەر ئەلەمنى، دۇنيا سەرھەنگىنى يەرگە ئۇردى. دەۋلەت ئەلەمنى مەھدى كۆتەردى. ئەتراف مەملەكەت زەبت ۋە سەرەنجام قىلىپ، ھەج بەيتۇللاھ ۋە زىيارەتى مۇھەممەد رەسۇلۇللاھغە ئەزىمەت قىلدىلەر. يولدا سەدچەندان ئىشلارغە سەئى قىلدى؛ ئانچە مال خەرج قىلدىكىم، ھىسابغە راست كەلمەس ئەردى. بەش يۈز تىۋەگە ئالتۇن يۈكلەپ ئالىپ باردى. ھىچ زەماندا مەككە - مەدىنەدە ئانداغ شادلىق كۆرمەگەن ئەردىلەر. ھەرىيل ھەر خەلىفە خانەئى كەئبەگە ياپۇغ ئىبەرۈر ئەردى. قاچانكىم مەھدى مەككەگە باردىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «خانەئى كەئبەنىڭ تاملارى ئانچە سىيرىلىپدۇركىم، يىقىلماق ئېھتىمالى ياۋۇقدۇر.» بەس، مەھدى بۇيرۇدىلەركىم، تەمامى ياپۇغلارنى فەقىر - مىسكىنلارغە بەردىلەر. خانەئى كەئبەنىڭ تام ۋە تارۇسىنى ئىپار ۋە زەئفەر بىرلە سۇۋادىلەر. ئون قات زەر بافت قىممەت بەھا مەتائلاردىن ياپۇغ ياپتىلەر. ئاندىن مەدىنەگە بارىپ، تەمامى ئۇلۇغلارغە ئىھسانلار قىلدىلەر.

ئەيتىپدۇرلەر: مۇقەننەئ مەھدىنىڭ ۋەقتىدە زۇھۇر قىلدى. ئول مەردىك چەشم ئەردى، لېكىن تىلىسمات ئىلمىدىن بەھرەمەند ئەردى. ھەمىشە نىقاب تارتىپ يۈرۈر ئەردى. ئەيتۇر ئەردى: «ھەزرەتى پەيغەمبەر سەل-ئەل-لەمنىڭ ئەزىز جانلەرى مۇبارەك تەنلەرىدىن چىقىپ، مېنىڭ بەدەنىمگە كىرگەندۇر. مەن ھەم شۇنداغ پەيغەمبەردۇرمەن.»

ئەيتىپدۇرلەر: مەھدى ئۆمەر خوراسانكىم مۇقەننەئنى تۇتغالى ئۆيگە كىشى ئىبەردى ئەرسە، خوراساندىن قاچىپ، كەھشـــــخە بارىپ، ئاندا تىلسىماتلارنى پەيدا قىلدى. بىسيار خەلقلەر ئاڭا تابىئ بولدى. نەچەند يىل مىئاد ئەسلەم ئانى قويماقنىڭ فىكرىدە ئەردى. تاكىم ئانىڭ تىلسىماتلارىنى ئالىپ تاشلادى. ۋە ھالا ھەم زەمىنى ماۋەرائۇننەھردە ئەردى. ئانىڭ قەۋمىدىن باردۇركىم، سەئىدجامە ئاتارلەر. قاچانكىم، ئەمىرۇل مۇئمىنىن مەھدىنىڭ ئىشلەرى تەمام بولدى ئەرسە، ئوغلانلەرى ھادىنى خەلىفە قىلدىلەر. ئاندىن كېيىن يەنە بىر ئوغلانلەرى ھارۇن رەشىد ئۇچۇن خەلقدىن بەيئەت ئالدىلەر. قاچانكىم، ئاغرىدىلەر ئەرسە، ماھى سەندانغە ئالىپ كەلدىلەر، ئاندا ۋەفات بولدىلەر. ئون يىل بىر ئاي پادشاھ بولدى، ئىككى كەم ئەللىك يىل ئۆمۈر كۆردىلەر. ئەيتىپدۇرلەر: ۋەفات بولدىلەر، كەنىزەكلەرى ئون يىل بىر ئاي ئۆمۈر كۆرگەندىن كېيىن ئۆلگۈنچە تەئزىيەت لىباسىنى تاشلامادىلەر.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت ھادى بىننى مەھدى

قاچانكىم، مەھدى ۋەفات بولدىلەر، ھادى كىرماندا تەبەرىستان خەلقى بىرلە جەڭ قىلۇر ئەردىلەر. ھارۇن رەشىد شىتاب بىرلە كىشى ئىبەردىلەر ئەرسە، ئىزتىراب بىرلە باغدادغە كېلىپ، خىلافەتكە ئولتۇردىلەر. ئاندىن مەدىنەگە بارىپ، ئامىللارنى مەنسەبىدىن چىقارىپ، بەيتۇل مالنى تەسەررۇف قىلدى. ئاندىن، ئەيسا بىننى موسا لەشكەرنى مەككەگە سەييىد ھۇسەينگە ئىبەردى. ئۇلەرنى مەككەدىن بىر فەرسەڭ يەردە تاپىپ، قاتتىغ جەڭ قىلدى. ئاخىر سەييىد ھۇسەيننى تۇتۇپ شەھىد قىلىپ، باشلەرىنى خەلــــفەگە ئىبەردى.

بەس، ئىدرىس بىننى ئابدۇللاھ بىننى ھۇسەين بىننى ھەسەن ئەندەلىسغە بارىپ غايىب بولدىلەر. ھەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەۋلادلەرىدىن بىسيار كىشىلەرنى ئۆلتۈردىلەر. قاچانكىم، ھادى خىلافەتكە بەرقەرار بولدى ئەرسە، قەسد قىلدىكىم، ئوغلى ئۇچۇن خەلقدىن بەيئەت ئالغاي. ھەلشىمە

ئېيتۇر: «ھادى ماڭا بىسيار مېھرىبان ئەردى، ھەمىشە ئاڭا ھەمنىشىن ئەردىم. ئول مەردۇ قەتتال ئەردى. بىر كۇنى مېنى چىــــرلاپ ئەيدى: «نەچەند مۇددەتدۇركىم، ئوغلۇم يەھيا ئۇچۇن غەمكىندۇرمەن. چۇنكى ھارۇن ئاڭا خەلىفەلىكنى بەرمەيدۇر. ئەلھال، بارىپ يەھيانى ئاگاھ قىلغايسەنكىم، بۇكۇن كېچە ھارۇننى ئۆلتۇرۇرمەن.» ئەيدىم: «ھەرنەكى مەسلەھەت قىلۇرسەن ھەقدۇر. لېكىن ھارۇن ئەر - رەشىد بىر تۇغقان قەرىنداشىڭدۇر. ساڭا ۋەلى ۋەكىــلدۇر. ئەگەر ئانــى ئۆلتۇرسەڭ خەلقنىــڭ كۆڭلــى ساڭا ساۋۇق بولۇر.» ھادى ئەيدى: «خەلق بىرلە نە ئىشىم بار! يەھرەنەۋ سەن، فەرمان تۇتغىل!» بەس، قاشىدىن چىقتىم، ھەيران ئەردىمكى بۇ ئىش نېچۇك دەفى بولغاي! بەس، بىر سائەتدىن كېيىن، سۇ ئىچىپ يۆتەلدى، تاكىم جانى چىقتى. مۇسۇلمانلار زۇلمىدىن خەلاس بولدى. ئول كېچە بارىپ، يەھياغە خەبەر قىلدىم. ئاندىن كېلىپ، ھارۇن رەشىدغە بەيئەت قىلدىم. تەمامى ئەمۋالنى باغداغە زەبت ۋە سەرەنجام قىلدىم.»

بۇ ھىكايەدىن غافىللارغە ئىشارەتدۇركىم، خۇداۋەند ئالەمنىڭ غەيب پەردەسىدە چەندان ئۆلۇم - ھىكمەتلەرى باردۇر؛ چەندان ئەسرارۇ قۇدرەتلەرى ھەم باردۇركىم، بەندەنىڭ تەدبىرى ۋە خاھىشى بىكاردۇر.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت ھارۇن ئەر - رەشىد

كەلتۇرۇپدۇرلەر: ھادى ئۆلگەن كۇنى ھارۇن ئەر - رەشىدغە بەيئەت قىلدىلەر. ئول كۇن ھارۇن ئەر - رەشىدنىڭ بىر ئوغلى ۋۇجۇدغە كەلدى ئەرسە، ياخشى فال ئالىپ، مەئمۇن ئات قويدىلەر. ئەجەب ۋاقىئەكىم، بىر كۇندە بىر خەلىفە ئۆلدى ۋە بىرى تۇغۇلدى، بىرىگە بەيئەت قىلدىلەر.

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم: قاچانكىم ھارۇن ئەر - رەشىد تەختغە ئولتۇردى ئەرسە، دەريايى دەجلەنىڭ لەبىگە باردىلەر. غەۋۋاسلارنى چىرلاپ ئەيدى: «مېنىڭ بىر ياقۇت ئەنگۇشتەرىم بار ئەردىكىم، ھېچ كىشى قىممەتىنــى بىلمەس ئەردى. بىرادەرىم ھادى خەلىفە بولغاندا مەندىن ئالغالى قەسد قىلدى

ئەرسە، ئانى دەرياغە تاشلاپ ئەردىم.» بەس، غەۋۋاسلار نىشان بەرگەن يەرگە چۆكتىلەر ئەرسە، ئەنگۈشتەرنى تاپىپ چىقتىلەر. مۇندىن ياخشى فال ئالىپ، زەبت مەملەكەتكە تۇردى. يەھيا بىننى خالىد بەرمەكىنى ۋەزىر قىلدى؛ ئول بىنەھايەت سەخى ۋە كەرەم بەخش ئەردى. ئۇلۇغلار ۋە سەييىدلەرنى ئۆز ئامان سايەسىدە ئەمىن قىلدىلەر. ئەمۋالى خۇمسنى بەنى هاشىمگە تەقسىم قىلدىكىم، ئەرەكتەلەرغە مىنگىدىن، مەزلۇملەرغە بەش يۈزدىن دىرەم تەگدى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: هادى ئوغلى ئۇچۇن ئۇلۇغلاردىن بەيئەت ئالغان ئەردى. ئۇلۇغلاردىن بىرى ئابدۇللاھ بىننى مالىك خۇزائى ئەردى، ئاڭا پا بەرەھنە پىيادە ھەج تەۋاف قىلماقدىن ئاند بېرىپ ئەردى. بەس، خىلافەت هارۇن رەشىدغە مۇقەررەر بولدى ئەرسە، هادىنىڭ ئوغلى جەئفەر ئەيدى: «خىلافەتكە ئەممەم هارۇن رەشىد لايىقدۇر. مەن خىلافەتدىن ئۆزۈمنى ئەزل قىلدىم.» بەس، ئابدۇللاھ سەفنى كىنندىنى قىلماق ئۇچۇن ھەجگە ئەزم قىلدى. تەمامى بادىيە ۋە باياباتلارغە ئالدىدا بىساتلار سالىپ يۈردىلەر. تاكى بادىيەلەرنى بۇتەرىقە قەتئ قىلدى. هارۇن بۇ ئىشنى بىنەھايەت پىسەند قىلىپ، مەرتەبەسىنى بەلەند قىلدى. هارۇن رەشىدنىڭ خىلافەتلەرى تارىخىدىن يۈز يەتمىشىنچى يىلى رەبىئەل ئەۋۋەل ئايى ئەزىنە كۈنى ئەردى. ئول كۈن مەئمۇن ۋۇجۇدغە كېلىپ ئەردى. ئالتە ئايدىن كېيىن ماهى شەئبان ئەردى، مۇھەممەد ئەمىن تۇغۇلدى. ئەگەرچە مۇھەممەد ئەمىن ياشغە كىچىك ئەردى، ئەمما قەدردە ئۇلۇغ، چۇنكى جەئفەر مەنسۇرنىڭ قىزى زۇبەيدەدىن ئەردى؛ مەئمۇن كەنىزەك زادە ئەردى، ئەمما پادىشاھلىق ئىشى ۋە مەملەكەت رەۋىشى خۇدانىڭ خاھىشىدۇر. ھەركىشىگەكى تەڭرى تەئالا يار بولۇر، ھەمە ئىشدە كامكار بولۇر.

بەس، مۇھەممەد ئەمىن بەش ياشغە كەلدى ئەرسە، ئانى ئۆز ئورنىدا خەلىفە قىلدى. خەلق ئاڭا بەيئەت قىلماقنى گىرىبە كۆردىلەر. فۇزەيل بىننى يەھيا پەرۋەرىش قىلىپ ئەردى، خوراساننىڭ هاكىملىقىنى كەرەم قىلدى. فۇزەيل خوراسانغە بارىپ، مۇھەممەد ئەمىن ئۇچۇن بەيئەت ئالدى. خوراساندا ھەمشىرەزادەسى ئۇتۇر بىننى ئەتانى قويدى. يۈز يەتمىش ئالتىنچى يىلى يەھيا بىننى ئابدۇللاھ بىننى هۇسەين مەرۋىدە خۇرۇج قىلدى ئەرسە، هارۇن فۇزەيلنى ئەللىك مىڭ مەردۇ جانباز ۋە تىرئەنداز بىرلە ئىبەردى ئەرسە،

يەھيا بىلدىكىم تەقابىل بولۇر ئىمكانى يوق. بەس، فۇزەيلدىن ئامان تىلەدى. فۇزەيل بىننى يەھيا ئەمىرۇل مۇئمىنىندىن ئامان نامە ئالىپ بەردى. يەھيا كېلىپ نەچەند كۈندىن كېيىن، كوجى زەھەر بېرىپ ئۆلتۈردىلەر.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: ئول يىل ھارۇن مەئمۇننى ھەمراھ قىلىپ، ھەجغە باردى. ھەجدىن فارىغ بولۇپ، ئەھلى قافىلەنى يىغىپ، ئىككى خەت پىتدى: بىرى مەئمۇنغە، يەنە بىرى مۇھەممەد ئەمىنگە. مەزمۇنى بۇ ئەردىكىم: «بىر - بىرىڭلەرگە قەسد قىلماڭلار، يەكدىل بولۇڭلار؛ يەكدىگەر ۋە غەممازلارنىڭ سۆزىنى ئىشتىمەڭلار؛ مېنىڭ قىسمەتىمغە رازى بولۇڭلار: ئەقەبە ھۇلۇۋاندىن تا ھەددى مەشرىقغەچە مەئمۇنغە بولسۇن؛ باغداددىن تەمامى رۇم، شام ۋە ئازەربەيجان، ئىراق مۇھەممەد ئەمىنگە بولسۇن؛ مەئمۇن مۇھەممەد ئەمىندىن كېيىن خەلىفە بولسۇن.» بەس، بۇ خەتلەرنى تەمامى ئۇلۇغلارغە گۇۋاھلاپ، خانەئى كەئبەنىڭ ئىشىكىگە ئاستىلەر ئەرسە، خەت ئۆزۈلۈپ تۈشتى. خەلق ئەيدىلەر: «بۇلارنىڭ ئىشى تەمام بولماپدۇر.»

ئەيتىپدۇرلەر: يۈز سەكسەن ئۈچۈنچى يىلى ھارۇن رەشىد ئوغلانلارى ئۈچۈن يەنە بەيئەت تازە قىلدىلەر. مۇھەممەد ئەمىننى باغداددا، مەئمۇننى ھىراتدا ئولتۇرماقنى بۇيرۇدىلەر. قاسىمكى كىچىك ئوغلى ئەردى، ئانى باغدادنىڭ خاتىبى ئابدۇلمۇلك بىننى سالىھ قۇرەيش پەرۋەرىش قىلىپ، ئول قاسىم ئون ئۈچ ياشدا ئەردى. ئابدۇلمۇلك كۆردىكىم مەملەكەتنى ئەمىن ۋە مەئمۇنغە تەقسىم قىلدىلەر. ھارۇنغە خەت تۇتتىكىم، قاسىمنى بىــــكار قويماغايلەر. بەس، ھارۇن خەيبەر، مەۋسىل ۋە ئول دىيارلارنى ھوذۇدى فەۋاسىل بىرلە قاسىمغە بەردىلەر. بۇ ئەتراف مەملەكەتكە نامە ئىبەردىلەركىم: «ئەمىن ۋە مەئمۇندىن كېيىن خەلايىق قاسىمغە بەيئەت قىلغايلەر.»

كەلتۈرۈپدۇرلەر: ھارۇن رەشىدغە ھەق تەئالا ئانچە لۇتف - كەرەملەر قىلدىكى: بىرى ئول ئەردىكىم، يەھيا بىننى خالىد بەرمەكىينى ئاڭا ۋەزىر ۋە ساھىب تەدبىر قىلدى. ئەۋلادى بەرمەكىي ئانداغ ئەردىكىم، ئەقل - فەراسەت، كەرەم - لەتافەت، ئىلمۇ زەرافەتدە ھېچ زەماندا نەزىيرى يوق ئەردى. ھارۇن رەشىدنىڭ كۆڭلى ئانىڭدىن بىر مەلالەت ۋاقىئ بولدى ئەرسە، نەھشۇ نەچەششۇئ تەلەب تەرسا بىر كۈن ھارۇن رەشىدنىڭ قاشىدا ئەردى. ھەزرەتى ئەلپىدىن سەۋال قىلىپ ئولتۇرۇپ ئەردى، يەھيا خالىد كىرىپ

ئولتۇردى ئەرسە، ھارۇن نەجەششۇئىدىن سوردىكىم: «سىزلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە ھەركىم بى ئىجازە كىرىپ ئولتۇرۇرمۇ؟» ئول ئەيدى: «يوق.» ھارۇن ئەيدى: «مېنىڭ ئۆيۈم سىزلەرنىڭ ئۆيۈڭلەردىن كەم بولماغاي ئەردى.» بەس، يەھيا قوپۇپ ئەيدى: «مەن بەندەنى ئەمىرۇل مۇئمىنىنىنىڭ كەرەم ۋە خىلافەتى مۇنداغ شەرافەتكە تەخسىس قىلىپ ئەردى، ئول ۋەجھەدىن مۇنداغ گۇستاخلىق ۋاقىئ بولدى. مەن بەئد مۇنداغ بىئەدەبلىك قىلماغايمەن.» ھارۇن ھىچ نەرسە دىمەدى.

كەلتۇرۇپدۇرلەر: ئول مەلالەت بائىسى ئول ئەردىكىم، ھارۇن جەئفەر بەرمەكىينى بىنەھايەت دوست تۇتار ئەردى، بىرلەھز ئانىڭسىز ئولتۇرماس ئەردى. ئەبباسە ئاتلىغ بىر ھەمشىرەسى بار ئەردى، ئاڭا ھەم بىغايەت مىھرىبان ئەردى. بەس، ھارۇن جەئفەرنى بى ئىبا ۋە بى ۋەھشەت مەھرەم خانەگە كىرسۇن ۋە ئەنسۇل ئۇلفەت مەجلىسدە بولسۇن دەپ، ئەبباسەنى جەئفەرگە بەردى؛ شەرت قىلدىكىم، «ئاراغىزلاردا كۆرۈشمەك ۋە سۆزلەشمەكدىن ئۆزگە پەردەدەرلىك بولماسۇن. ئەيدى: «سىنى بى ئىبا كىرسۇن دەپ بۇ ئىشنى قىلدىم.» ئەمما، جەئفەر خان ساھىب ئەردى، ئەبباسەنى ئاتەشى ئىشق بىقەرار قىلدى؛ ھارۇننىڭ ھەيبەتى پەردەسى يىرتىلدى ئەرسە، جەئفەرگە پەيغام ئىبەردىكىم، نەزم:

«چۇن جەمالىڭ ئىشق ئوتىدىن كۆڭۈلنى ئۆرتەدىم،
كىم ۋىسالىڭ سىبى ئاغزىمدا خۇن ھەلقىمدادۇر.

كەلگىلكىم سائەتى جەمالىڭ بەرگىلدىن ۋىسال مىۋەسىنى ئۇزگەيمەن،
ۋىسالىڭ سىبى بىرلە ئىشق ئوتىنىڭ ئاسىبىدىن كۆڭلۈمگە خەلاسلىق
كۆرگۈزگەيمەن.»
جەئفەر جەۋاب ئىبەردىكىم، نەزم:

جانا مېنىڭ ھالىمنى قىلۇرسەنمۇ بەيان،
ياخۇد ھالىم بەيانىغە سەنمۇ زىيان.
مەن بەندە دانەئى ھەددۇركىم ۋىسالىڭ تەمەننا قىلغايمەن، ئۆزۈمنى

پەرۋانەدەك ئوتغە سالغايمەن.»

ئاخىرىلئەمر، بۇلارنىڭ ئاراسىدا شەرىئەت ھۆكمى بىرلە مانىئ يوق ئەردى. ۋىسال كامى بەرسەبىل كەمالى دەست بەردى. ئەبباسەدىن ئىككى ئوغۇل ۋۇجۇدغە كەلدى. ئۇلارنى مەككەگە ئىبەرىپ، پەرۋەرىشلەر قىلدىلەر. ھارۇندىن بۇ سىرنى پىنھان تۇتتىلەركىم، بەرمەكىيلەردە ئۆي لەتگە ياندى ئەرسە، ھارۇننىڭ بىر كەنىزەكى بىرلە ئانداغ ۋاقىئ بولدى، ئول سىر بۇ كەنىزەكدىن شايىئ بولدى. بۇ جەھەتدىن ھارۇننىڭ كۆڭلىگە كەراھەت ۋە مەلامەت جامىئ بولدى. ۋە يەنە بىر سەتئات ئول ئەردىكىم، كەلتۈرۈپدۇرلەر: يەھيا بىننى ئابدۇللاھ خۇرۇج قىلغاندا، ئانى كەلتۈرۈپ، جەئفەرگە تاپشۇرۇپ ئەردى. بىر كېچە جەئفەرگە ئەيدى: «بارىپ يەھيا بىننى ئابدۇللاھنى تەمام قىلكىم، دۇشمەننىڭ ئۆلگەنى بىھراقدۇر.» بەس، جەئفەر بارىپ، يەھياغە خەبەر قىلدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «بىلۈرسەنكىم، رەسۇلى خۇدا ئەۋلادلەرىدۇرمەن. مېنى بى گۇناھ ئۆلتۈرۈپ، قىيامەت كۈنى نېچۈك جەۋاب بېرۇرسەن؟!» بەس، جەئفەرنىڭ كۆڭلى ئېرىدى ۋە ئۇلەرنى پىنھان خوراسانغە ئىبەردى. ئەلى ھامانغا نامە ئىبەردىكىم: «يەھيا بىننى ئابدۇللاھنى پىنھان ساقلاغىل.» بۇلار ئاراسىدا كىينە ـ ئەداۋەت بار ئەردى. نامەنى ھارۇنغە ئىبەردى ئەرسە، ھارۇن جەۋاب ئىبەردىكىم: «يەھيانى مەھكەم ساقلاغىل، ھەرھۆكمىكى ئىبەرۇرمەن، فەرمان تۇتغىل!» بەس، جەئفەرنىڭ كىينەسى كۆڭلىگە تۈشتى ۋە ئانى تاشلاماقغە قەسد قىلدى. جەئفەردىن سورىدى: «يەھيا بىننى ئابدۇللاھنى نىمە قىلدىڭ؟» جەئفەر ئەيدى: «سېنىڭ فەرمانىڭ بىرلە سىياسەتكە يەتكۇردۇم.» ھارۇن ئەيدى: «سېنىڭ تەنۇ جانىڭ ھۇرمەتى، راست ئەيغىل!» جەئفەر ئەيدى: «يا، ئەمىرۇل مۇئمىنىن! سېنىڭ تەن ـ جانىڭغە يالغان ئاند ئىچمەسمەن. ماڭا مەئلۇمدۇركىم، ئول ئىشدىن ساڭا فىتنە بولۇر ئەردى، ئاڭا ئۆز قولۇڭ بىرلە ئامان نامە بېرىپ ئەردىڭ. مەن ئانى ئەلى ھامانغە ئىبەرىپ ئەردىم.» ھارۇن ئەيدى: «خوب قىلىپسەنكىم، مەن ئول ھۆكمدىن پۇشمان ئەردىم.» بەس، چىقتى ئەرسە، ھارۇن ئەلى ھامانغە نامە ئىبەردىكىم: «سەييىدنى ئۆلتۈرگىل.» ئاندىن ھەجگە ئەزم قىلدى. يەھيا، فۇزەيل، جەئفەر ۋە يەنە تەمامى ئەۋلادى بەرمەكىيلەرنى ھەمراھ قىلدى. ھەجنى تەمام قىلىپ، ئەبباسىيەنىڭ

ئوغلانلىرىنى كەلتۈردى. ۋە ئەگەرچە كۆڭلى ئۆرتەنۈر ئەردى، ئۆلارنى ئۆلتۈردى. ئاندىن بىر بادىيەگە كەلدى، ئاندا ئەفەز دىگەن مەنزىلگە تۈشتىلەر. ئازىنە كۈنى ماھى مۇھەررەمنىڭ ئاخىرى ئەردى. فۈزەيلگە ياخشى سەر - پاي بەردى؛ تەمامى بەرمەكىيلەرگە ئېھسان قىلدىلەر. جەئفەرگە ئەيدى: «مەن كېچە ئىشرەت قىلۇرمەن، سەن ئۆز مەنزىلىڭدە مەجلىس قۇرغىل.» بەس، كېچە بولدى ئەرسە، كىشى ئىبەردىكىم جەئفەر نە ھالدادۇر. جەئفەر خامۇش ئولتۇرۇپ ئەردى. ھارۇن يەنە كىشى ئىبەردىكىم «ئەيشۇ ئىشرەت قىلسۇن!» بەس، جەئفەر شاد بولۇپ مەجلىس تۈزدى، شەراب ئىچكەلى ئولتۇردى. بەس، نىسفى شەب ئەردى. بىر كىشىسىغە ئەيدى: «جەئفەرنىڭ باشىنى كەلتۈرگىل!» دەپ ئەردى. ئول كىشى بارىپ، جەئفەرنىڭ قاشىغە كىردى. جەئفەر قورقۇپ ئەيدىكىم: «ماڭا ئامان بەرگىل، تاكىم ھەرەم سەراغە بارىپ بىر ۋەسىيەت قىلغايمەن.» ئول ئەيدى: «ۋەسىيەت قىلغىل، ئەمما بارماقىغە رۇخسەت يوقدۇر.» جەئفەر ئەيدى: «شايەدكى ئەمىرۇل مۇئمىنىننّ مەست مەھەلدە ھۆكم قىلغاندۇر. ئەيغىل، شايەدكى رەھىم قىلغاي!» ئول يانىپ باردى ئەرسە، ھارۇن كۆرۈپ غەزەب قىلدى. ئول يەنە بارىپ، ئول كامى كەرەم، مۇرۇۋۋەت جەھان رايۇ مەسلەھەتنى نابۇد قىلدى. شول سائەت يەھيا بىننى ئابدۇللاھنى بەش ئوغلى بىرلە شەھىد قىلدى. ئاندىن جەمئى خەۋىش - ئەقرەبا ۋە تەئەللۇقاتلىرىنى ئۆلتۈردىلەر. ھەمە ئەتراف مەملەكەتكە نامە ئىبەردىلەركىم، ھەريەردە بەرمەكىيلەر بولسە ئۆلتۈردىلەر. جەئفەرنىڭ تەنىنى باغدادغە ئىبەردىلەر تاكىم تۆرت پارە قىلىپ يوللاردا دارغە ئاستىلەر؛ باشىنى باغدادنىڭ دەرۋازەسىگە ئاستىلەر. بەرمەكىيلەردىن يەھيانىڭ بىرادەرى مۇھەممەد بىننى خالىددىن ئۆزگەسى قالمادى. ئول تەمكىنلىك، ئاقىل ئەردى، ھىچ ۋەقتدە ھارۇننىڭ لەبىنى تەبرەتمەس ئەردى. شۇنداغ ئەۋلاد - ئەقرەباسىنى ئۆلتۈردى، ھىچ تەئرىز قىلماس ئەردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: ھارۇن بەرمەكىيلەردىن ھەمەنى ئۆلتۈردى ئەرسە، خوراسان تەرەفى بەرھەم يىدى. بەس، پۇشمان بولۇپ، خوراسانغە باردى. ئىلگەرى بەرمەكىيلەرنىڭ ۋەقتىدە ئەلى ئەيسا جەھەتىدىن لەشكەر ئالىپ بارىپ ئەردى. ئەلى ھامانىنىڭ ئالدىغە تۇھفە - پېشكەشلەر ئالىپ كېلىپ، خوراساننى

ئاڭا مۇقەررەر قىلىپ يانغان ئەردى. بۇ دەفئە خوراسان بەرھەم يەپ، بارماقغە سەبەب ئول ئەردىكىم، كەلتۈرۈپدۈرلەر، خوراساندا نەسر سەييار ئەۋلادىدىن رافىئ بىننى ئەل ـ لەبەس ئاتلىغ بىر كىمەرسە بار ئەردى. خوراساننىڭ پەھلىۋانلارىدىن ئەردى. بەس، رافىئ يەھيا بىننى ئەشئەسنىڭ كوجىگە گىرىفتار بولدى. يەھيا ھارۇننىڭ خىزمەتىدە ئەردى. ئول مەزلۇم مىكر قىلىپ، جەمىئى خەلقنىڭ قاشىدا تەرسا بولدى، تاكى يەھياغە ھەرام بولغاي. بەس، ئانى رافىئ ئالدى. بۇ ۋاقىئەنى يەھيا ئىشىتىپ، ھارۇنغە يەتكۈردى ئەرسە، ھارۇن ئەلى ھامانغە نامە ئىبەردىكىم، رافىئنى ھەد سوقغاي. بەس، رافىئنى سەمەر قەندە پادشاھ شەب تۇتۇپ مەھبۇس قىلدى ئەرسە، رافىئ پادشاھ شەبنى ئۆلتۈرۈپ، چىقىپ پادشاھلىق تەختغە ئولتۇردى. خەلق ئەلى بىننى ئەيسانىڭ زۇلمىدىن تەفرىقە بولۇپ ئەردى، ھەمە رافىئغە يىغىلدىلەر. ئەلى ئەيسا ئوغلىنى جەڭگە ئىبەردى ئەرسە، رافىئنىڭ ئوغلى ئانى ئۆلتۈرۈپ، لەشكەرىنى تەفرىقە قىلدى. ئەلى ئەيسا ناچار ھارۇن رەشىدغە ئەرز قىلدى ئەرسە، ھارۇن ھۇزەيمەنى چىرلاپ ئەيدى: «سىنى بىر نازۇك ئىشغە بۇيرۇرمەن، تاكى ئىھتىيات قىلغايسەن. بارىپ رافىئ بىرلە جەڭ قىلۇرمەن، ئەلى ئەيساغە مەدەد بىرۇرمەن دىگەيسەن. ئەگەر مەھەل تاپساڭ ئەلى ئەيسانى تۇتۇپ ئىبەرگەيسەن.» بەس، يىگىرمە مىڭ ئاتلىغ لەشكەر ئىبەردى.

بەس، ھۇزەيمە خوراسانغە باردى ئەرسە، ئەلى ئەيسا ئالدىغە چىقتى. ھۇزەيمە بىرلە ھەمراھ بارۇر ئەردى، بىر كۆبرۈككە كەلدىلەر. ئەلى ئەيسا ئەيدى: «ئىلگەرى ئۆتكىل.» ھۇزەيمە ئەيدى: «مەن سىنىڭ خىزمەتىڭغە ۋە مەدەدىڭغە كېلىپدۈرمەن، نېچۈكدىن ئالدىڭدا يۈرگەيمەن.» بەس، ئەلى ئەيسانىڭ كۆڭلى توختادى. باشلاپ ئالىپ بارىپ، سەراغە تۈشۈردى. سەرانى خالى قىلىپ، ئەلى ئەيسانى بەندكە تارتتى. ئاندىن مەسجىدى جامەئغە چىقىپ، ھاكىملىقغە بەرگەن نامەسىنى ئوقۇدى؛ ئەلى ئەيسانىڭ ئەمۋالىنى سەرەنجام قىلدى؛ ئەلى ئەيسانى ھارۇنغە ئىبەردى. رافىئ بىسيار قۇۋۋەت تاپىپ ئەردى. ھارۇن ئاڭا ئۆزى ئاتلاندى، باۋۇجۇد كېسەل ئەردى. مۇھەممەد ئەمىننى باغدادغە قويدى، ئەيدى: «زىنھار مەئمۇنغە خىلافەت قىلماغىل. مەئمۇننى ھەمراھ قىلدى. ئوتتۇز مىڭ كىشىنى مۇقەددىمە لەشكەر ئىبەردى. يولدا ئەلى ئەيسانى باغلاپ ئالدىغە كەلدىلەر ئەرسە، باغدادغە ئىبەردى. ئۆزى توسغە

باردى. هۇزەيمەنى رافىئ بىرلە جەڭ قىلغالى ماۋەرائۇننەھرغە بۇيرۇدى. هارۇن توسدا ئۆلدى. تارىخدىن يۈز توقسان ئۈچ ئەردى، جەمادىيەل ئەۋۋەل ئايىنىڭ ئۈچى شەنبە كۈنى ئەردى. ياساۋۇلى فۇزەيل رافىئ، مۇنشىسى ئىسمائىل بىننى سالىھ ئەردى. قىرىق بەش يىل ئۆمۈر كۆردى.

## زىكرى خىلافەت
## مۇھەممەد ئەمىن

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قاچانكىم هارۇننىڭ ئاغرىغى مەھكەم بولغانى مۇھەممەد ئەمىنگە يەتتى ئەرسە، بەكر بىننى مۇھەممەدنى ئىبەردى، ئاڭا نەچەند نامە پىتىپ بەردى، ۋە بەئزەنى ئاشكارا ۋە بەئزەنى پىنھان قىلغالى بۇيرۇدى. بەس، بەكر توسغە كېلىپ، ئاشكارا نامەسىنى هارۇنغە بەردى ئەرسە، هارۇن ئەيدى: «يەنە ھەم نامە بولسە بەرگىل!» بەكر تاندى ئەرسە، ئانى قىيناپ نامەنى ئالدىلەر. شول سائەت هارۇن ۋەفات بولدى ئەرسە، فۇزەيل رەبىئ نامەنى ئوقۇدى. مەزمۇنى بۇ ئەردىكىم: «ئەگەر ئەمىرۇل مۇئمىنىن ۋەفات بولسە، خەلقدىن ماڭا بەيئەت ئالغىل.» هارۇن ۋەسىيەت قىلىپ ئەردى: «ئانچەكى سىلاھ ۋە خەزايىن مېنىڭ بىرلەدۇر، مەئمۇننىڭ ھەققىدۇر، ئاڭا تەئرىز قىلماڭلار.» بەس، فۇزەيل بىننى رەبىئ دەرھال تەمامى ئەمۋالىنى سەرەنجام قىلىپ، باغدادغە يۈردى. مەئمۇنغە ئەيدىلەر: «ھەمەنى مۇھەممەد ئەمىن ئۈچۈن باغدادغە ئالىپ كەتتىلەر.» بەس، فۇزەيل بىننى رەبىئ باغدادغە يەتتى ئەرسە، مۇھەممەد ئەمىن ئانى ۋەزىر قىلدى ئەرسە، ئەيدى: «ئەگەر پادىشاھلىقدا بەرقەرار بولماقنى خاھلاساڭ خەلقنىڭ كۆڭۈل قۇشىنى ياخشى خۇلق دامى ۋە ئىھسان دانەسى بىرلە سەيد قىل؛ ئون بىر يىللىق خىراجنى فۇترا ۋە رەئىيەگە ئۆتكىل.»

بەس، مەئمۇن ئانداغ قىلدى، ھەركۈنى مەسجىد - جامەئدە ئۇلەمالار بىرلە ھەمنىشىن ئەردى؛ تەمامى خەلقنىڭ ئەھۋالىدىن باخەبەر ئەردى؛ ھىچ دادخاھغە مانىئ يوق ئەردى. مۇھەممەد ئەمىن باغدادا ئويۇن ۋە بىھۇدەلىككە مەشغۇل ئەردى. فۇزەيل بىننى رەبىئ مەئمۇننى ئەزل قىلماقنى مەسلەھەت

قىلدى ۋە خەلقنى مەئمۇندىن يانماقنى بۇيرۇدى. مۇھەممەد ئەمىننىڭ ئوغلى موساغە بەيئەت قىلدۇردى. فۇزەيلنىڭ مۇنداغ مىكرۇ يامان نىيەتىدىن ئانچەكى بەلالار مۇھەممەد ئەمىنگە يەتتى. ۋەزىر ياخشى ئوشۇلدۇركى ياخشى نىيەت ئىلەكى شاھ دەۋلەتى ياخشىغە رەھنەما بولغاي، ئەگەر ۋەزىر كۆڭۈل مەۋاشىن رەۋا تۇتسەكى، ئول ھەۋادا ھەمە مەملكەت ھەۋا بولغاي.

بەس، مۇھەممەد ئەمىن ئەلى ئەيساغە ئىككى مىڭ دىرھەم ئىنئام قىلىپ، ئەللىك مىڭ لەشكەر بىرلە خوراسانغە بۇيرۇدى. ئەيتىپدۇرلەر: ھىچ مەھەل باغداددىن مۇنداغ مۇسەللەھ ۋە مۇكەممەل لەشكەر چىققان ئەمەس ئەردى.

بەس، بۇ خەبەر مەئمۇنغە يەتتى ئەرسە، فۇزەيل بىننى سۇھەيل بىرلە مەسلەھەت قىلدى. فۇزەيل ئەيدى: «تاھىر بىننى ھەسەننى مۇتەسەددى قىلماق لازىمدۇركى، بۇ ئىشنى ئول كىفايەت قىلۇر.» يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىرلە تاھىرنى بۇيرۇدى ئەرسە، تاھىر شىتاب بىرلە چىقىپ، بىر مەنزىلگە بارىپ تۇشتى. ئەلى ئەيسا خەبەر ئالدىكىم، لەشكەر يىگىرمە مىڭ ۋە سەردار تاھىر ئەرمىش. بەس، سەھل كۆرۈپ ئەندىشە قىلمادى. ئاخىرىلئەمر، ئانداغ جەڭ قىلدىكىم، پەھلىۋان - جانبازلار خۇنى ئەكسىدىن فەلەك لالەرەڭ بولدى. ئاخىر، لەشكەرى باغداد شىكەست تاپتى؛ ئەلى ئەيسانى ئۆلتۇردىلەر ئەرسە، تاھىر نامە پىتدىكىم: «خىزمەتى بەندە قەبۇل شەرەفىنــى تاپغاندىن سوڭ زەمىرى مۇنىرلەرىغە ئانداغ مەئلۇم بولسۇنكىم، بۇ نامەنىــڭ تەھرىرىغە ئەلىنىڭ باشىنىڭ كاسەسىنى دەۋەت، ئىلىك - ئاياغىنى قەلەم قىلدىم؛ ئەنگۇشتەرىنى ئىلكىمگە سالىپ رەقەم قىلدىم. نامە تەمام ۋەسسەلام.» بەس، مەئمۇن بىسيار شاد بولۇپ، تاھىرغە «زۇلمىنەن» لەقەب قويدى ۋە جەۋاب ئىبەردىكىم: «سىنىڭ مەردانە ۋە دىلاۋەرلىكىڭ بىھەمتا ۋە بىنەزىردۇر. ئەمدى باغدادغە بارغايسەن.» ھۆزەيمەنى ئانىڭ مەدەدىگە بۇيرۇدى. فۇزەيل كۆردىكىم، ھۆزەيمە تاھىرغە تابىئ بولمايدۇر. تاھىر ھەلۋان تەرەفىدىن بارىپ، باغدادنى ئاراغە ئالدىلەر؛ يەتتە كۈن جەڭ قىلدىلەر. مۇھەممەد ئەمىننى تەڭ قىلدىلەر. باغدادنىڭ بىر تەرەفىنى ئالىپ خەراب قىلدىلەر. مۇھەممەد ئەمىن ئاناسىنىڭ ئۆيىــدە ئەردى. ئەھلــى باغداد مەسلەھەت قىلدىلەركىم: «تاھىردىن ئامان تىلەگەيمىز ۋە سىنى مەئمۇنغە ئىبەرگەيمىز؛

مەئمۇن ساڭا ئەسبابى دەۋلەت ۋە نېئمەتنى مۇھەييا قىلۇر.» مۇھەممەد ئەمىن ئەيدى: «تاھىرنىڭ قاشىغە چىقماسمەن، چۇنكى ئاڭا بىسيار جەفا قىلغاندۇرمەن. ئەمما ھۇزەيمە ئانامنىڭ بەندەزادەسىدۇر، ئانىڭ ئالدىغە چىقارمەن.» بەس، ھۇزەيمە بۇ سۆزنى ئىشتىپ شاد بولدى، قەرار قىلدىكىم نىسفى شەب بىرلە بارىپ مۇھەممەد ئەمىننى مەككەگە ئالىپ چىققاي. بەس، تاھىر بۇ ھالدىن خەبەر تاپىپ، ئىككى يۈز كىشىنى بۇيرۇدى، تاكىم مۇھەممەد ئەمىننى تۇتۇپ كەلگەي. بەس، ھۇزەيمە كېلىپ، مۇھەممەد ئەمىن بىرلە كېمەگە ئولتۇردى. تاھىر ئاگاھ بولۇپ، كېمە بىرلە دەريادا جەڭ قىلدىلەر؛ مەللاھلارنى، ھۇزەيمەنى دەريادىن ئۆتكەردى. مۇھەممەد ئەمىن ئۆزىنى دەرياغە تاشلادى ئەرسە، تاھىرنىڭ بىر كىشىسى تۇتۇپ كەلتۇردى ئەرسە، تاھىر فىردەۋس ئاتلىغ بىر قۇلىغە بۇيرۇدى، تاكىم باشىنى كەستى. بىر كەم ئوتتۇز ياشدا ئەردى. تۆرت يىل سەككىز ئاي خەلىفە بولدى. ئىككى ئوغلى بار ئەردى، بىرى ئەيساكىم، «ناتىق بىللەھەق» ئاتار ئەردى؛ يەنە بىرىنى «قايىم بىللەھەق» ئاتار ئەردى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مەئمۇن

ئەيتىپدۇرلەر: قاچانكىم، خىلافەت مەئمۇنغە مۇقەررەر بولدى ئەرسە، فۇزەيل بىننى سۇھەيل ئەيدى: «باغدادنى پايتەخت قىلغان ئەۋلادۇر.» مەئمۇن ئەيدى: «ماڭا خوراسان ئەۋلادۇر.» بەس، مەرۋەدە بەرقەرار بولدى. تاھىر باغداددا تۇردى، ئىراقىنىڭ ئىشىنى ھەم پۈتكەرۇر ئەردى. تاكىم نەسىر شەست ئاتلىغ بىر خەۋارىج خۇرۇج قىلىپ، ۋەرقە - مەۋسىلنى ئالدى، جەزىرەغە ھەم غالىب بولدى.

مەئمۇن فۇزەيل بىرلە مەسلەھەت قىلدىكىم: «ئانىڭ دەفئىغە كىمنى مۇقەررەر قىلغايمىز. تاھىر ئاندا بارسە باغداد بىكار قالۇر.» فۇزەيل ئەيدى: «بىرادەرىم ھەسەن باغدادنىڭ ئىشىنى پۈتكەرۇر.» مەئمۇن بىلۇر ئەردىكىم، ئول ھۆكۈمەت ئىشىنى پۈتكەرەلمەس. ئەمما فۇزەيلنىڭ خاتىرىدىن نامە

ئىبەردىكىم: «تاھىر لەشكەرنى ھەسەنگە تاپشۇرۇپ، ئىلگەرى لەشكەرى بىرلە ۋەرقەغە بارغايسەن.» بەس، تاھىر ۋەرقەغە باردى. بىسيار مىھنەت ۋە زەخمەتلەر بىرلە نەسىر شەستكە ئامان بەرمەككە ئاند ئىچىپ، مەئمۇنغە ئىبەردى. ئۆزى ۋەرقەدە ئولتۇردى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قاچانكىم، ھەسەن بىننى سۇھەيل باغداددا تۇردى ئەرسە، قەسد قىلدىكىم، ھۆكۈمەت ئىشىغە تەرتىب بەرگەي. ئەمما قولىدىن كەلمەدى. ئەۋۋەل بىر خەتاسى ئول ئەردىكىم، مەئمۇنغە نامە ئىبەردىكىم: «لەشكەر بىسياردۇر، ئانىڭ خەرجىغە خىراج يېتىشمەيدۇر. ئەگەر فەرمان بولسە، بەئزەنى دەفتەردىن كۆچۈرگەيمەن.» مەئمۇن جەۋاب ئىبەردىكىم: «تەمامى ئىشنى ئۆز رەيىڭغە قويغاندۇرمەن.» بەس، ھەسەن بىر جەمئىنىڭ ئاتىنى دەفتەردىن ئۆچۈردى. ئەبۇ سىرايا كىم ھۆزەيمەنىڭ قۇلى ئەردى. بەيئەتنى سىندۇرۇپ، كوفەگە كەتتى. تەبا تەباكى سەييىدلەردىن ئەردى، ئاڭا بەيئەت قىلىپ، خۇرۇج قىلدۇردى. ھەسەننىڭ كىشىلەرىنى كوفەدىن قوغلاپ چىقاردى. بەس، ھۇسەين فۆزەيلگە بۇ ھالنى بەيان قىلىپ، نامە ئىبەردى ۋە ئەيدى: «بۇ ئىش ھۆزەيمەدىن بىخەبەر ئەمەسدۇر؛ ئەگەر ئول ئىختىيار قىلماسا خۇرۇج قىلالماس ئەردى؛ چۇنكى ئانىڭ قۇلىدۇر.»

ھۆزەيمە بۇ گۇماندىن چىقماق ئۈچۈن خوراسانغە ئەزم قىلدى. مەئمۇن بۇيرۇپ ئەردىكىم، شامنىڭ ھاكىمى ئەردى، ئەمىرۇل مۇئمىنىننىــــڭ خىزمەتىغە بارىپ ئەھدىن تازە قىلغانىم بىھراقدۇر. بەس، مەئمۇن دەرگاھىغە يەتتى ئەرسە، فۆزەيل بىننى سۇھەيل ئەيدى: «ھۆزەيمەنىڭ قولىنى باغلاپ ئالىپ كىرگەيسىزلەر.» ھۆزەيمە ئۆزرە ئەيتغالى تۇردى ئەرسە، فۆزەيل قويمادى؛ ئۇنىڭ گەردەنىگە ئۇرۇپ، ھەيدەپ ئالىپ بارىپ زىندانغە سالدىلەر؛ كېچەسى ئۆلتۈردىلەر. ھەمە ئەترافدا شورىش پەيدا بولدى. سەييىدلەر خۇرۇج قىلدىلەر. ھەسەن سۇھەيل باغداددىن ۋاسىتغە كەلدى. فۆزەيلدىن قورقۇپ، ھېچكىم مەئمۇنغە راستىنى ئەيتالماس ئەردى. بەس، ئول شورىش پەيدا بولدى ئەرسە، فۆزەيل مەئمۇنغە ئەيدى: «مەسلەھەت ئولدۇركىم، سەييىدلەردىن بىرىنى باغدادغە ھاكىم قىل، تاكى بۇ فىتنە پەست بولغاي.» بەس، مەئمۇن ئەلى موسا رىزانى چىرلاپ، ئانى ھاكىم قىلدى ۋە بەيئەت قىلدۇردىكىم، مەئمۇندىن كېيىن ئول خەلىفە بولغاي. ئەلــى موسا ئەيدىلەر: «باغداددا

تەشۋىش بىسياردۇركىم، ئىبراھىم بىننى مەھدىنى خەلىفە قىلىپدۇرلەر. ئۇل ھەسەن سۇھەيل بىرلە جەڭ قىلىپدۇر، تەمامى خەلق ئاڭا يۈزلەنىپدۇر.» مەئمۇن ئەيدى: «فۇزەيل مۇنداغ مەسلەھەت كۆرسەتتى.» ئەلى موسا رىزا ئەيدىلەر: «فۇزەيل سەندىن ھەقنى ياشۇرۇپدۇر. چۇنكى بۇ فىتنە بىرادەرى ھەسەندىن پەيدا بولۇپدۇر. ئەھلى باغدادغە بارھا بۇ ئىلتىماسنى قىلىپدۇركىم، ئەمارەتى باغداد يەنە بىزنىگە بولغاي ئەردى. بۇ سۆزنى ساڭا يەتكۈرمەپدۇر. ھۇزەيمە بۇ مۇھىم ئۈچۈن كېلىپدۇر. فۇزەيل ئاڭا بۆھتان قىلىپ، ئەرزىنى ساڭا يەتكۈرمەي، باۋۇجۇد سىنىڭ بەيئەتىڭدە تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپدۇر.» مەئمۇن ئەيدى: «بۇ ھالنى ماڭا سەندىن ئۆزگە ھېچكىم يەتكۈرمەدى.» ئۇلەر ئەيدىلەر: «بۇ ھالنى سەندىن ئۆزگە ھەممە بىلۇرلەر.»

بەس، مەئمۇن باغدادغە ئۆزى ئەزم قىلدى. پىيادە لەشكەردىن تۆرت كىشىنى بۇيرۇدىكىم: «فۇزەيل ھەممامغە كىرگەندە ئۆلتۈرگەيسىزلەر.» فۇزەيلنىڭ ئالدىدا بىر مۇنەججىم بار ئەردىكىم، ھۆكمى كەم خەتا قىلۇر ئەردى. تالئىنى كۆردىكىم، فالان كۈنى ئوت ۋە سۇ ئاراسىدا قانى تۆكۈلۈر. بەس، فۇزەيل ئول كۈن ھەممامغە باردى ۋە قان ئالدۇردى؛ ئەيدى: «ئوت ئاراسى ھەممامدۇر، ئوت ۋە سۇ ئاراسى قانىم تۆكۈلگەنى بۇدۇر.» بەس، ھەممامدىن چىقىپ ئەردى، ئول تۆرت كىشى كېلىپ ئۆلتۈردىلەر، قاچىپ كەتتىلەر. بەس، مەئمۇن خەبەر ئالىپ، نالە ـ فىغان قىلىپ كەلدى، تاكى بىرادەرى ھەسەن سۇھەيل لەشكەرى بىرلە ئىبراھىم مەھدىگە قوشۇلماغاي. بەس، بىر ئاي سەرخىش تۇرۇپ، ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپىپ، ئۆلتۈرگەلى بۇيرۇدى ئەرسە، ئۇلار ئەيدى: «خۇدادىن قورقمىلىكىم، فۇزەيلنى سىنىڭ ئەمرىڭ بىرلە ئۆلتۈردۇك.» مەئمۇن ئەيدى: «فۇزەيل مېنىڭ ئوڭ قولۇم ئەردى، كىشى ئۆز قولىنى كېسەرمۇ؟!» بەس، ئۇلارنى ئۆلتۈردى. ئاندىن ھەسەن سۇھەيلگە نامە ئىبەردىكىم: «بىر ئاي سەرخىش تۇرۇپ، ئۆلتۈرگەنلەرنى تاپىپ ئۆلتۈردۇم. ۋەزىرلىقنى ساڭا تەئىن قىلدىم.» بەس، ئەنگۇشتەرىنى ئىبەردى، تۇرانىڭ قىزلەرىنى ئىلتىماس قىلدى. قاچانكىم، قاسىد يەتتى ئەرسە، ھەسەن سەركار بولۇپ خەلقنى بەندكە تارتغان دەر ئەردى. بۇ خەبەرنى مەئمۇنغە يەتكۈردىلەر ئەرسە، دەرھال تەبىب ئىبەردى.

ئەيدى: «ھەسەننى زىنھار بەنددىن چىقارماغايلەر.» ئاندىن، توسخە باردى ۋە ئاناسىنىڭ تابۇتىنى زىيارەت قىلدى. ئەلى موسا رىزا ھەمراھ ئەردىلەر. بىركۈنى ئۈزۈم يەپ، ئول سەبەب بولۇپ ئاغرىدىلەر. بەس، روھى پاكلەرى ئالەمى بالاغە پەرۋاز قىلدى. مەئمۇن ئۇلەرنىڭ ۋافاتىغە بىسيار نالە - جەزەئ قىلدى ۋە بەئزە شىيئەلەر ئەيتىپدۇرلەر: ئول ئۈزۈم زەھەر ئالۇدە ئەردى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

بەس، مەئمۇن توسدىن باغدادغە يۈزلەندى ئەرسە، ھەريەردە ئەدل - ئىنساف، كەرەم ۋە ئەلتافلار زاھىر قىلدى. ۋەرقەدىن تاھىرنى كەلتۈرۈپ، باغدادنىڭ ھاكىملىقىنى بەردى ئەرسە، ھەمە ئىشلەر ئۆز ئورنىدا بەرقەرار بولدى. ئەمما ھەرباره تاھىرنى كۆرسە، بىرادەرى مۇھەممەد ئەمىننى ياد قىلىپ يىغلار ئەردى. تاھىر مەئمۇننىڭ ۋەزىرى ئەھمەدكە ئەيتتى: «ئەگەرچە ئەمىرۇل مۇئمىنىنىنىڭ خىزمەتىدە ئىخلاس - ئەقىدە ئىزھار قىلدىم، ئەمما بىلۇرمەنكىم، بىرادەرى ئۈچۈن كۆڭلى مەندىن ناخۇشدۇر. بىر ئىش قىلغىلىكىم، يىراقراق بولغايمەن.» ئەھمەد مەئمۇنغە ئەيدى: «خوراساندا تەشۋىش پەيدا بولۇپدۇر. مۇبادا بىر فىتنە بەرخاستە بولماغاي!» مەئمۇن ئەيدى: «بۇ ئىشغە لايىق كىمدۇر؟» ئەھمەد ئەيدى: «تاھىردىن ياخشىراق كىشى يوقدۇر.» مەئمۇن ئەيدى: «ئول مەككاردۇر. ئەگەر يىراق بولسە، ئىھتىمالى باركىم، يۈز ئۆگۈرگەي.» ئەھمەد ئەيدى: «ئەھد قىلغايمەن، تاكى كۆڭلۈك ئەمىن بولغايكىم، ئانىڭ يامانلىق قىلماقىغە مەن زامىندۇرمەن. ئەگەر يۈز ئۆگۈرسە، ئۆز ئەمۋالىم ۋە لەشكەرىم بىرلە ئانى سەرەنجام قىلغايمەن.» بەس، مەئمۇن قولغە خەت ۋە مۇھر ئالدى. ئاندىن خوراساننىڭ ھاكىملىقىنى ھەلۋاندىن تا مەشرىق زەمىن شەھەرلەرىكىم ۋەرقە، مەۋسىل - شام - ھەمەنى ئاڭا مۇقەررەر قىلدى. تاھىرنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھنى باغدادا قويغالى بۇيرۇدى. ئابدۇللاھ ئىسھاقنى ئۆز ئورنىغە ئىبەردى. تاھىر خوراساننى زەبت ۋە سەرەنجام قىلدى. ئاخىرىلئەمر، ھەرەسىنىڭ ۋەزىرى بائىس بولۇپ، مەئمۇندىن يۈز ئۆگۈرۈپ، تارىخدىن ئىككى يۈز يەتتىنچى يىلى جەمادىيەل ئەۋۋەل ئايىنىڭ ئالتەسى ئازىنە كۈنى ئەردىكىم، قاسىم بىنى ئەلىنىڭ ئاتلەرىغە خۇتبە ئوقۇدى. مەئمۇننىڭ ياخشىلىقىغە كۇفرانى نىئمەت قىلدى ئەرسە، مەئمۇن شول ھەفتە تاھىرنى تۇتۇپ، تۇتۇنلۇك ئۆيگە سولاپ

ئۆلتۈردى. ھەركىم كۇفرانى نىئمەت قىلسە ئانىڭ جەزاسى مۇنداغدۇر.
چۇنانكى ئەيتىپدۇرلەر. نەزم:

كافىرلىقدىن يامانراق ئىش كۇفراندۇر،
ھەم تەڭرى ھەم مۇنئىمىغە ئىسياندۇر.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: ئەمىر ۇل مۇئمىنىن مەئمۇن تارىخدىن ئىككى يۈز ئون سەككىزىنچى يىلى بىرادەرى ئىسھاقنى خەلىفە قىلدى ۋە ئانى مۇئتەسىم ئاتادىلەر؛ ئەتراف ئالەمگە نامە ئىبەرىپ، ئاڭا بەيئەت ئالدى. ۋە يەنە ئول يىل زوم تەرەفىگە لەشكەر ئىبەردى. ئۆزى تەندرون دىگەن دەريا لەبىگە بارىپ تۈشتى. بىر كۈنى دەرياغە ئاياغىنى سالىپ ئولتۇرۇپ ئەردى. «بۇ خۇش ھەۋا يەردە قايسى تەئام گۇۋارادۇر؟» مۇئتەسىم ئەيدى: «ئەمىر ۇل مۇئمىنىنىڭ تەبئى قايداغ خاھلاسا ئول ئەۋلادۇر.» مەئمۇن ئەيدى: «بۇ يەردە باغداد خورماسى مەرغۇب ئەردى.» بۇ سۆزدە ئەردىلەر، قوڭراغۇ ئاۋازى كەلدى. كۆردىلەركىم، بىر تىۋەدە باغداددىن خورما يەتتى. مەئمۇن ئول خورمادىن بىسيار تەناۋۇل قىلدى ئەرسە، بەدەنىدە ئەت پەيدا بولدى. بەس، ئول كىسەلدە ئون يەتتە كۈن ياتتى. ئون سەككىزىنچى كۈنى ۋەفات بولدى. ئىككى كەم ئەللىك ياشدا ئەردى؛ يىگىرمە بەش يىل خەلىفە بولدى. كۇننيەتى ئەبۇل ئەبباس ئەردى. بەس، ئەبباسغە خىلافەت ئەرز قىلدىلەر ئەرسە، ئەيدى: «مەن ئاتامنىڭ ھۆكمىنى تەغيىر بەرمەسمەن.» بەس، خىلافەت مۇئتەسىمغە مۇقەررەر بولدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇئتەسىم

كەلتۈرۈپدۇرلەر: قاچانكىم، مۇئتەسىم خىلافەتكە ئولتۇردى ئەرسە، مەئمۇننى توسغە كەلتۈرۈپ دەفن قىلدى. ئاندىن باغدادغە كەلدى. ئابدۇللاھ بىننى تاھىرغە نامە ئىبەردىكىم: «ياخشى ئوغۇللاردىن تاپىلغانچە قۇل ئالىپ

ئىبەرگەيسەن.» بەس، تاھىر ماۋەرائۇننەھردىن بىسيار قۇللارنى ئالىپ ئىبەردى. مۇئتەسىمغە بۇ قۇللار بىرلە تەمام قۇۋۋەت ھاسىل بولدى. ئەمما ئەھلى باغداد ئول قۇللارنى خاھلاماس ئەردىلەر. بەس، مۇئتەسىم مۇندىن ئاگاھ بولۇپ، شەھەرى سامىرەنى ئاباد قىلدى؛ ئول شەھەر ئەجەم پادىشاھلارى زەمانىدا بىنەھايەت ئاباد بولدى. ئەمما مۇتلەق ۋەيران بولۇپ، ھىچ ئەسەرى يوق ئەردى. ئول خاس لەشكەرىنى ئاندا ئولتۇرغۇزدى.

كەلتۇرۇپدۇرلەر: ئانىڭ زەمانىدا ۋاقىئەلەردىن بۇ ئۇلۇغ ۋاقىئە بابەكنىڭ خۇرۇجى ئەردى. ئول بابەك ئاتاسىز ئەردى، ئاناسى ئازەربەيكان كەنتلەرىدىن بىر كەنتدىن يەك چەشمە مەزلۇم ئەردى. نەبەتياندىن ئول مەزلۇم بىر ئادەم بىرلە زىنا قىلدى ئەرسە، بابەك ئانىڭدىن تۇغۇلۇپ ئەردى. ئول بابەك مەزھەبى زەنادىقەدە ئەردىكىم ھەلال ۋە ھەرامغە قايىل ئەمەس ئەردى. بەس، بابەك بەلاغەتكە يەتتى ئەرسە، بىر ئادەم مال باقغالى ئىجارەگە ئالدى. ئول مالنى بەھرانغە ئالىپ باردى. ئول تەرەفدە بىر تايىفە خەلق بار ئەردى. ئۇلارنىڭ ئىككى سەردارى بار ئەردىكىم، بىرىنىڭ ئاتى جاۋىدان، يەنە بىرىنىڭ ئاتى ئىمران. بۇلار بىر - بىرىگە دۇشمەن ئەردى. بەس، بابەك جاۋىداننىڭ كۆجى بىرلە ئاشنا بولدى. ئاخىر، ئول مەزلۇم ئىبرىنىڭ تەمامى خەزىنە - دەفىنەلەرىنى كۆرسەتتى. قازارا، بىركۈن جاۋىدان ئىمران بىرلە جەڭ قىلدى، ئۆلدى ئەرسە، ئول مەزلۇم خەلقغە ئەيدى: «جاۋىدان ئۆز ئورنىدا بابەكنى سەردار قىلدى، سىزلەرگە فەتھ ۋە زەفەرگە بائىس بۇدۇر.» بەس، بۇ سۆزلەر بىرلە ھەمە بابەكغە ئىتتىفاق قىلدىلەر. بەس، بابەك نەچەند خاس ھەمراھلارىغە سىلاھ بىرىپ، ئەيدى: «كېچەدىن بىر ھەسسە ئۆتكەندە چىقىپ، .بىزگە مۇخالىف بولغانلارنىڭ بالا - بارقەسىنى ئۆلتۇرۇڭلار. ھىچكىم سىزلەرنى بىلمەسۇن.» بەس، بۇلار چىقىپ، سەيد بالالار ۋە مەزلۇملەرنى ئۆلتۇردىلەر ئەرسە، خەلق ھەيران بولدىلەر، خەلقنىڭ كۆڭلىگە قورقۇنچ پەيدا بولدى. نەچەند بەد دىن، يامان خەلق ئاڭا قوشۇلدىلەر، تاكىم سەككىز مىڭ كىشى ئاڭا تابىئ بولدىلەر. بىسيار مۇسۇلمانلار ئاڭا گىرىفتار بولدىلەر؛ مۇسۇلمانلارنى ئوتغە كۆيدۇردى. يىگىرمە يىل بۇ فىتنە ۋاقىئ بولدى.

بەس، مۇئتەسىم ئاتەشىنغە ئىنئام - ئىھسام قىلىپ، تەمامى

ئەمىرلەردىن ئۇلۇغ قىلدى. ھەركۇنى ئون مىڭ دىرەم بۇيرۇدى، بەش مىڭ لەشكەر بىرلە بابەكنىڭ ئۆزەسىگە ئەمر قىلدى. مىڭ - مىڭ دىرەم ئىنئام قىلدى. ئاتەشىن بارىپ، بابەك بىرلە جەڭ قىلدى. قورغانغە بەركىدى. ئاخىر ئەھلى ئەيالى بىرلە قورغاندىن قاچىپ چىقىپ، يەنە ئەرمىنىيەگە يۇردى ئەرسە، سۇھەيل مىسرى ئانى تۇتۇپ ئاتەشىنغە ئىبەردى ئەرسە، ئىككى مىڭ دىرەم بەردى. مۇئتەسىم ئەيتىپ ئەردىكىم: ھەركىشى بابەكنى تىرىگ تۇتۇپ كەلتۇرسە، مىڭ - مىڭ دىرەم بېرۇرمەن؛ ئەگەر باشىنى كەلتۇرسە مىڭ - مىڭ دىرەم بېرۇرمەن.

بەس، ئاتەشىن بابەكنى ئەمىرۇل مۇئمىنىنغە ئىبەردى. مۇئتەسىم بابەكنىڭ ئىلىك - ئاياغىنى كەستىلەر ئەرسە، قانىنى يەرگە تامىتماي ئۆلتۇردى، دەرۋازەگە ئاستى. ئەيتىپدۇرلەر: قاچانكىم بابەكنىڭ ئىلىك - ئاياغىنى كەستىلەر ئەرسە، قانىنى يۇزىگە سۇرتۇپ، ئۆلۇم سەھل نەرسەدۇر دەپ، ئەسلا مۇتەغەييىر بولمادى. ئولكۇن مۇسۇلمانلارغە بىسيار شادلىق بولدى. مۇئتەسىم ئاتەشىنغە تاج مۇرەسسەئ ۋە سەرۇ پاي شاھانە، ئىككى يۇز مىڭ دىرەم ئىبەردى. ئاتەشىن مۇنداغ كەرامەت ۋە ئۇلۇغلۇق كۆرۇپ، ئەسلىنىڭ يامانلىقى زۇھۇر قىلىپ، ئەمىرۇل مۇئمىنىنغە خۇرۇج قىلدى؛ ئەجەم مۇلكىگە پادشاھلىق قىلدى ئەرسە، ئانى تۇتۇپ، ئاسىپ ئۆلتۇردىلەر.

نەقلى كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، بىر جەمئ خەلق شەھەرى چاچدىن مۇئتەسىمگە تۆھفە كەلتۇردىلەر. ئەيدىلەركىم: «بىز سۇنىڭ كەملىكىدىن بىنەھايەت تەڭلىكدەدۇرمىز. ئەگەر فەرمان قىلساڭ، خوراسان ۋە ماۋەرا - ئۇننەھرنىڭ خەلقى بىزگە مەدەد بەرسە، ئارىق - ئۆستەڭ چىقارىپ، سىيراب بولساق، كەرەم - ئىنايەتىڭدىن ئەجەب ئەرمەسدۇر.» بەس، بۇ دىرەمنى خەزىنەسىدىن بۇيرۇدى. ئول خەلق بۇ دىرھەملەرنى ئالىپ، خەرج قىلىپ، ئۆستەڭ چىقارىپ، سىيراب بولدىلەر. ھالا ئول ئۆستەڭ باردۇر. بەس، مۇئتەسىمنىڭ تارىخىدىن ئىككى يۇز يىگىرمە يەتتىنچى يىلى ماھى مۇھەررەم ئەردى. ھىجامەت قىلدۇردى، بۇ بائىس بىرلە كېسەل بولۇپ، ئون سەككىز كۇندىن كېيىن ۋەفات بولدى. قىرىق يەتتە ياشدا ئەردى. يەتتە يىل ئالتە ئاي خەلىفە بولدى. ئول خۇلەفائى ئەبباسدىن سەككىزىنچى خەلىفە ئەردىكىم، مۇسەممەن ئاتار ئەردىلەر.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت ۋاسىق بىللاھ

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، مۇئتەسىمدىن كېيىن خەلق ۋاسىققە بەيئەت قىلدىلەر، ئانىڭ ئاتى ھارۇن ئەردى؛ ئاتا ۋاسىق بىللاھ لەقەب قويدىلەر. مۇھەممەد بىننى ئابدۇلمۇلكنى ۋەزىر قىلدى. ئانىڭ ۋەقتىدە جەمئى ئەرەبلەر خۇرۇج قىلدى. كارۋان ـ قافىلەلەرگە دەخلۇ تەئەررىز يەتكۈردى ئەرسە، ئوغلى بۇغائ كەبىرنى ئىبەرىپ، ئۇلارغا دادىنى ۋە خىراجىنى بەردى. ۋە يەنە، نەسر بىننى مالىك ئۆز تەۋابىئلەرى بىرلە خۇرۇج قىلدىلەر. بىر پەنجشەنبە كېچەسى تەبل ـ نەققارە چالىپ، شەراب ئىچتىلەر. ۋاسىق باغداددا يوق ئەردى. ئوغلى ئىبراھىم ئاندا بارىپ، ئون كىشىنى تۇتۇپ سوردى ئەرسە، ئەيدىلەر: «بىز نەسر بىننى مالىكنىڭ خەلقىدۇرمىز.» بەس، نەسرنى تۇتتىلەر ئەرسە ياندى. ئەلەم ۋە ئەسبابى جەڭ تاپتىلەر. ئانى ۋاسىققە ئىبەردىلەر ئەرسە، ئۆزى ئۆلتۈردى. بەس، ۋاسىق بىللاھ تارىخدىن ئىككى يۈز ئوتتۇز ئىككىنچى يىلى ئىستىسقا ئاغرىغىدا ۋەفات بولدى. مۇددەتى ئۆمۈرى قىرىق سەككىز يىل ئەردى. بەش يىل توققۇز ئاي خەلىفە بولدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇتەۋەككىل بىللاھ

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، ۋاسىق ئوغلى بۇغائ كەبىرنى، بىلدىكىم، خىلافەتكە سەزاۋەر ئەرمەسدۇر. بىرادەرى جەئفەرنى خىلافەتكە تەئىن قىلىپ ئەردى. ئەيتىپدۇرلەر: جەئفەر تۈش كۆرۈپ ئەردىكىم، ئاسماندىن ئەل ـ مۇتەۋەككىل ئەلىيۇللاھ پىتىكلىك نامە تۈشتى. بۇ ۋاقىئەدىن ۋاسىق ئاگاھ بولۇپ، جەئفەرنى مەھبۇس قىلىپ ئەردى. نەچەند مۇددەت مەھبۇس ئەردى. ئاخىر ئانى چىقارىپ، خىلافەتكە ئولتۇرغۇزدى. ئول مۇھەممەد ئابدۇلمۇلك زىيادنى ۋەزىر قىلدى. تەمامى مەملەكەت ئىشىنى زەبت قىلدى.

ئەيتىپدۇرلەر: ئول ھەزرەتى ئەمىرۇل - مۇئمىنىن ئىمام ھۇسەين رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رەۋزەلەرىنى تۇرۇپ، خەلقنى زىيارەت قىلىپ ئاندا مۇجاۋىر بولماقنى مەنئ قىلدى. ئەيدى: «ھەركىم مۇجاۋىر بولسە مەككەدە» رەۋزەئى ئان ھەزرەت سەل-ئەل-لەمىنىڭ مۇبارەك ئەمامەلرىنى بىر سەھابەدە ئەرمىش دەپ ئىشىتتى ئەرسە، ئانى تاپىپ ئالىپ، بىسيار جەۋاھىرلەر بىرلە ئارايىش بېرىپ، ئالتۇندا قاپلاپ، ئالدىدا كۆتەرتىپ يۇردىلەر. خەلقلەر ئەيتۇر ئەردىكىم: «بۇ ئادەمنىڭ ئىشى تەئەججۇبدۇركىم، دەستارغە مۇنداغ قىلۇر، فەرزەندلەرىنى ئانداغ خار كۆرەرلەر.»

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، مۇتەۋەككىلنىــــڭ ئۈچ ئوغلـــى بار ئەردى، ھەمەسىنى ئۆز ئورنىدا خەلىفە قىلدىلەر. ئۇلۇغ ئوغلىنى مۇنتەسىر بىللاھ ـ①ئاتادىلەر؛ ئىراق، ھىجاز، مىسر تا مەغرىب زەمىن سەرھەددىغىچە ئاڭا بەردى. ئوترانچى ئوغلى ئابدۇللاھغە مۇستەئىين بىللاھ لەقەب قويدى؛ رەي، گورگان، تەبەرىستان ۋە ئەھۋازنى ئاڭا تەئىن قىلدى. كىچىك ئوغلـــى ئىبراھىمغە مۇئەببەد بىــــللاھ ئات قويدى، ماۋەرائۇننەھردىن تا ھەددى مەشرىقغەچە ئاڭا تەقسىم قىلدى. بۇلارغە خەلقدىن بەيئەت ئالدى. سامىرەگە ياۋۇق بىر رەۋاق بىنا قىلدى، ئالەمدە ئانىڭ مانەندى يوق ئەردى. ئىككى مىڭ مەرتەبە مىڭ دىرەم سەرف قىلدىلەر. ئانى ئول رەۋاقدا ئۆلتۇردىلەر. ئۆلتۇرمەكدە بائىس ئول ئەردىكىم، بىــركۈن رەۋاقدا مەشغۇل ئەردى. مۇئتەسىمنىڭ قۇللارىنىڭ ئۇلۇغـــى ئاساچ ئۆتۈپ بارۇر ئەردى. ئانـــى كەلتۇرۇپ، رەۋاقغە ئىشلەگەلى سالدىلەر ئەرسە، ئانىڭ قىلادۇرغان ئىشى مەئتەل بولدى. بەس، قەرمەتلەر خۇرۇج قىلماقنى مۇستەنسىردىن گۇمان قىلىپ، ئاڭا بى ئىلتىفات بولدى. ئەيدى: «سەن مۇنتەسىر ئەمەس، مېنىڭ ئۇلمەكىمگە مۇنتەزىرسەن.» بىر كېچە، مۇتەۋەككىل ئول رەۋاقدا مەجلىس تۇزۇپ ئولتۇرۇر ئەردى. بىر جەمئى مۇئتەسىمنىڭ خەلقدىن قۇتىلاردا يىلان - چايانلارنى ئالىپ كىرىپ، قويا بەردىلەر ئەرسە، فەتھى خاقان ئۇلارنى مانئ قىلدى ئەرسە، تۇركلەر ھەمە قىلىچ يالاڭلاپ ھەربدە قىلدىلەر ئەرسە، ئەيدىلەر: «مۇھلىكغە سالماغىل.» خاقان ئەيدى: «ماڭا مۇتەۋەككۇلسىــز

① پارسچە چاپى نۇسخىدا: مۇستەنسىر (بستنصر).

تىرىگلىك يوقدۇر! » بەس، ھەر ئىككىلەسىنى پارە - پارە قىلدىلەر. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## فەسلى دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇنتەسىر

قاچانكىم، مۇتەۋەككۇلنى ئۆلتۈردىلەر ئەرسە، مۇنتەسىر خىلافەتكە ئولتۇردى. تەمامى ئىشلارنى زەبت - سەرەنجام قىلدىكىم، فىتنەنىڭ ئەسلى تۈركلەر ئىجتىمائىدۇر. بەس، ۋەسىفنى لەشكەر بىرلە رومغە ئىبەردىلەر. نامە مۇلتەتبە(؟) ۋە ئىمكان تۇتغايسىز؛ ھەريىل رومدا غەزات قىلغايسىزلەر، تاكى كافىرلارنىڭ كۆڭلى سىزلەردىن ۋەھمى غالىب بولغاي. ئەھمەد بىننى خەزىبنى ۋەزىر قىلدى. ئول تۈركلەر بىرلە مەدارا قىلۇر ئەردى. بىركۈنى خەلقنى يىغدى. تۈركلەرگە ئەيدىلەر: «سىزلەر بىلۇرسىزلەركىم، ئەگەر خەلىفەگە بىر ۋاقىئە بولسە مۇئتەز خىلافەتكە ئولتۇرۇر، سىزلەرنى ئاتاسى قىساسىغە ئۆلتۈرۈر. مەسلەھەت ئولكىم، مۇنتەسىرنى تۇتۇپ، بىرادەرىنى ئەزل قىلدۇرۇپ، ئوغلىنى خەلىفە قىلدۇرغايسىزلەر. بەس، بۇ ئىشنى مۇنتەسىرغە ئەرز قىلدىلەر ئەرسە، ئەيدى: «مۇئازەللاھكى، ئانى ئەزل قىلماسمەن.» بەس، تۈركلەر يىغىلىپ، سىلاھ - ياراغ ئاراستە قىلىپ، ئالدىدا تۇردىلەر. ئەيدىلەر: «بىز ئا بىرادەرىڭنى ئەزل قىلماي رازى بولماسمىز. » بەس، مۇنتەسىر بىرادەرلەرىنى ھازىر قىلدى ۋە سۆرەتى ھالنى زاھىر قىلدى؛ ئۆزرەلەر ئەيدى ئەرسە، مۇئەببەدنى بىتەۋەققۇف ئۆزىنى ئەزل قىلدى. مۇستەئىين بىللاھ قەبۇل قىلمادى. ئاخىر ناچار بولۇپ، ئول ھەم مەئزۇل بولدى. بەس، بۇرادەرلەرىنى خۇش ۋەقت ياندۇردىلەر. بەس، تارىخدىن ئىككى يۈز قىرىق سەككىزىنچى يىلى رەبىئەل ئاخىر ئايى ئەردى. بىر سام ئاغىدا ۋەفات بولدى. ئول پەست قەد، چوڭ كۆزلۈك ئادەم ئەردى. يىگىرمە بەش ياشدا قەزا قىلدى. ئالتە ئاي خەلىفە بولدى.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت مۇستەئىين بىللاھ

قاچانكىم، مۇنتەسىر ۋەفات بولدى ئەرسە، لەشكەر ئەھمەد خەزىبدىن مەسلەھەت سوردىلەركىم: «خىلافەتكە كىمنى مۇقەررەر قىلغايمىز؟» ئەھمەد ئەيدى: «ئەگەر مۇتەۋەككىلنىڭ ئوغلانلەرىنى خەلىفە قىلساڭلار ئاتاسىنىڭ خۇننى تەلەب قىلۇر. مۇئتەسىم سىزلەرنىڭ ئۇلۇغ - كىچىكىڭلارنى پەرۋەرىش قىلىپ، سىزلەرگە ياخشى ئىشلارنى قىلغان ئەردىلەر. ئانىڭ فەرزەندلەرىنىڭ بىرىنى خەلىفە قىلغايسىزلەر.»

بەس، ئەھمەد بىننى مۇھەممەد مۇئتەسىمنى خەلىفە قىلدىلەر، مۇستەئىين بىللاھ ئاتادىلەر. بەس، خەبەر كەلدىكىم، تاھىر ئابدۇللاھ خوراساندا ۋەفات بولدى. مۇستەئىين خوراساننى ئانىڭ ئوغلىغە بەردى. ئول مەھەلدە بۇغائ كەبىر قۇبادنىڭ قولىدا ئەسىر بولدى ئەرسە، مۇستەئىين ئوغلى موسانىڭ قولىغە مۇقەررەر بولدى. ئول يىل تۇركلەر ئەھمەد خەزىبنى ئۆلتۇردىلەر. ئەتراف ئالەمدە شورىشلەر پەيدا بولدى؛ مەملەكەتنىڭ ئىشلەرى سۇست بولدى ئەرسە، مۇستەئىينغە قەسد قىلدىلەر. بەس، مۇستەئىين ئالتە كىشىسى بىرلە كېمەدە ئولتۇرۇپ، تەمامى نەفايىسلەرىنى ۋە جەۋاھىرلەرىنى ئالىپ، دەريا بىرلە باغدادغە كەتتى. تۇركلەر ئەرتەسى جەڭ قىلغالى كەلدىلەر ئەرسە، ھېچ كىشى تاپماي ھەيران بولدىلەر. مۇستەئىيننىڭ سەلام ئاتلىغ قۇللەرىنى تاپىپ، مۇستەئىينغە ئۆزرەلەر ئەيتىپ، سامىرەگە كەلمەكىنى تەلەپ قىلىپ ئىبەردىلەر. سەلام كېلىپ ئەيدى ئەرسە، مۇستەئىين ئەيدى: «سامىرەگە بارۇر ئېھتىمالى يوقدۇر. ئەمما تۇركلەرنىڭ گۇناھىنى ئۆتتۇم. ھەمە باغدادغە كەلسۇنلەر.» بەس، سەلام يانىپ كېلىپ، جەۋابنى ئەيدى ئەرسە، ئەيدىلەر: «بىزنىڭ باغدادغە بارماقىمىز خوب ئەمەسدۇر.» بەس، مۇئتەزگە بەيئەت قىلدىلەر ئەرسە، مۇستەئىين بۇ خەبەرنى ئىشىتىپ، مۇھەممەد بىننى تاھىرنى خوراساندىن كەلتۇرۇپ، سىپەھسالار قىلدىلەر. مۇئتەز بىننى مۇھەممەدنى ۋەزىر قىلدىلەر. لەشكەر يىغىپ، بىرادەرى ئەھمەد مۇتەۋەككىلدىن ئەللىك مىڭ پەھلىۋان ئىراقىلەردىن باغدادغە ئىبەردى.

مۇھەممەد بىننى تاھىر ئۆزلەشكەرى بىرلە ئەردى. ئاخىر جەڭ قىلۇر بولدىلەر ئەرسە، مۇستەئىين ئەيدى: «نېچۈكدىن جەڭ قىلماسسىزلەر؟» مۇھەممەد تاھىر ئەيدى: «ھەمە لەشكەر ئۆزۈمنىڭ لەشكەرىدۇر، ئۇلار بىرلە نېچۈك جەڭ قىلۇرمەن!» بەس، ناچار مۇستەئىين ئۆزىنى ئەزل قىلدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇئتەز

كەلتۇرۇپدۇرلەركىم، تارىخدىن ئىككى يۈز ئەللىك ئۈچ ئەردى، مۇئتەز خىلافەتكە ئولتۇردى. ئەيتىپدۇرلەركىم، بىركۈنى تۈركلەر شۇھرەت تاپماقدا ئۇلۇغ بولماقنى تەلەب قىلدىلەر ئەرسە، ۋەسىف ئەيدى: «ئالتۇندەك گۆدازىش تاپماق ۋە تۇفراقغە كۆمۈلمەكنى ئىختىيار قىلۇرسىزلەرمۇ؟» بەس، تۈركلەر ئاچچىغلاپ ۋەسىفنى ئۆلتۈردىلەر. ئەھمەد بىننى ئىسرافىلكىم مۇئتەزنىڭ ۋەزىرى ئەردى؛ ئانى ناسەزا ئېتىپ ئاڭا قەسد قىلدىلەر. ئەييۇب ساھىبى دىۋان ئەردى، ئانى مۇنشىلەر «ئەمۋالىنى سەندەدۇر» دەپ تۇتتىلەر. غەۋغا ھەددىدىن ئاشتى ئەرسە، مەئىقىر سالىپ ئۆيگە كىردى، تۈركلەرنى تۇتۇپ بىسيار مال ئالدىلەر. ئاندىن، مۇئتەز ئەيدى: «مەن ئاغرىغدۇرمەن.» بەس، كىرىپ مۇئتەزنى تۇتتىلەر ئەرسە، ئەيدى: «غەرەزىڭلار نىمەدۇر؟» ئەيدىلەركىم: «ئۆزۈڭنى ئەزل قىل!» دەرھال مەئزۇل بولدى ئەرسە، ئانىڭدىن بىسيار مال ئالىپ، مەھبۇس قىلدىلەر. تاكىم ئۆلدى. مۇئتەز تۆرت يىل ئالتە ئاي خەلىفە بولدى. []

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇھتەدى بىللاھ

ئەيتىپدۇرلەركىم، مۇھەممەد ۋاسىقنى خەلىفە قىلىپ، ئاتىنى مۇھتەدى بىللاھ ئاتادىلەر. ئول بىنەھايەت زاھىد ۋە پارسا ئەردى؛ ھەمىشە ئۇلەمالار بىرلە ھەمنىشىن ئەردى. ئون بىر ئاي ئون كۈن خەلىفە بولدى. ئاخىرى

ئول ھەم تۈركلەرنىڭ قولىدا شەھىد بولدى. تارىخدىن ئىككى يۈز ئاتمىش بەش ماھى رەجەبىنىڭ ئون تۆرتى ئەردى. ئۆمرى ئىككى كەم قىرىق يىل ئەردى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇئتەمەد بىللاھ

قاچانكىم، مۇھتەدىنى ئۆلتۈردىلەر ئەرسە، ئەھمەد بىننى مۇتەۋەككىلنى خەلىفە قىلىپ، ئاڭا مۇئتەمەد بىللاھ لەقەب قويدىلەر. ئول ئابدۇللاھ بىننى يەھيا خاقاننى ۋەزىر قىلدى؛ بىرادەرى ئەبۇ مۇھەممەدنى مەككەگە ھاكىم قىلدى. تارىخدىن ئىككى يۈز ئاتمىش سەككىزىنچى يىلى ئەردى. ئوغلى جەئفەرنى خەلىفە قىلدى، ئاڭا مەۋقۇق بىللاھ ئات قويدى. تارىخدىن ئىككى يۈز يەتمىش ئۈچۈنچى يىلى يەئقۇب لەيس باغدادغە قەسد قىلىپ ئەردى. ئەبۇ مۇھەممەد لەشكەر بىرلە بارىپ، جەڭ قىلىپ، يەئقۇبغە شىكەست بەردى ئەرسە، ئەھۋازغە كەتتى، ئاندا ۋەفات بولدى. ئۆمەر بىننى لەيس ئانىڭ خەزىنەسىنى تەسەررۇف قىلىپ، تۆھفەلەر ئىبەرىپ، ئەمىرۇل مۇئمىنىندىن پەناھ تىلەدىلەر. مۇئتەمەد خوراسان ۋە باغداد ھاكىملىقىنى ئاڭا بەردى ئەرسە، ئابدۇللاھ تاھىرنى باغدادغە نايىب قويدى. ئاخىر مۇئتەمەدغە گۇناھكار بولۇپ، باغدادنىڭ ھاكىملىقىدىن ئەزل قىلدى ئەرسە، ئۆمەرلەيس پارىس، كېرمان، گۇرگاننى ئالدى. مۇئتەمەد ئۆزى ئۆمەر لەيس بىرلە جەڭ قىلغالى بارىپ، ئاندا ۋەفات بولدى. مۇددەتى خىلافەتى بەش يىل ئەردى. بىرادەرى مەۋقۇف بىللاھ بۇ ھالنى كۆرۈپ، ئۆمەر لەيسنى خوراسان ۋە باغدادنىڭ ھاكىملىقىنى بېرىپ، ئاتىنى خۇتبەگە ئالماقنى قەبۇل قىلىپ، سۇلھ قىلدى. ئول ئاغرىغ ئەردى. قاچانكىم، باغداددىن ياندى ئەرسە، ئاغرىغى زىيادە بولدى. مۇنشىسى ئىسمائىل بىننى ھىلال مۇئتەزەد ئۈچۈن خەلقدىن بەيئەت ئالدى.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت مۇئتەزەد بىللاھ

قاچانكىم، لەشكەر مۇئتەزەدغە بەيئەت قىلدىلەر ئەرسە، ئۆمەر لەيس ئىشتىپ، مۇئتەزەدغە تۇھفە - پىشكەشلەر ئىبەرىپ، خوراسانىنىڭ هاكىملىقىنى تەلەب قىلدى ئەرسە، مۇئتەزەد هەم قەبۇل قىلىپ، ئاڭا بىر ئەلەم ئىبەردى. ئۆمەر ئول ئەلەمنى ئۈچ كۈن ئىشىكىدە تىكىپ قويدى، تاكىم تەمامى خەلق كۆردىلەر.

رافىئ هۇرسىمەنى ئالىپ، ئاندا فەسادلارنى قىلىپ ئەردى. ئۆمەر ئاگاھ بولۇپ، ئەھمەد ئابدۇلئەزىز ئەجلىغە نامە ئىبەرىپ، ئەسفىھاندىن لەشكەر ئالىپ، رافىئنى رەيدىن قوغلادى.

كەلتۈرۈپدۇرلەر: مۇئتەزەد ياخشى ئىئتىقادلىغ ۋە ئادىل ئەردى. ئۇلۇغلارغە تەئزىم - تەۋازۇئ قىلىپ، نەزر- نىياز بېرۇر ئەردى. تەبەرىستاندا هەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەۋلادلەرىدىن بىر ئۇلۇغ سەيىد بار ئەردىكىم، ئۆزىگە دائەمىيۇل هەق ئات قويغان ئەردى. ئول سەيىدنىڭ باغداددا ۋەردان ئاتلىغ بىر دوستى بار ئەردى؛ ئەتتارلار ۋە سوداگەرلەر سەرداردىن ئەردى. هەرىيىل ئول سەيىد ئوتتۇزمىڭ دىنار ئول سوداگەرلەردىن ۋەردان ئاتلىغ ئەتتارغە بەردى، تاكى باغداد، مەككە ۋە مەدىنەدەكى سەيىدلەرغە تەقسىم قىلۇر ئەردى.

بەس، مۇئتەزەد زەمانى ئەردى. تەبەرىستاندىن باغدادغە سوداگەرلەر كەلدى. ئول دىنارلارنى كەلتۈردى ئەرسە، ئەمىرى باغداد بەدران ئاتلىغ مۇئتەزەدنىڭ قۇلى ئەردى. بىر ئادەم ئاڭا بۇ ۋاقىئەنى ئەيتتى. بەس، بەدران ۋەرداننى چىرلاپ ئەيدى ئەرسە، ۋەردان راست گوي، دىيانەتلىك كىشى ئەردى. ئەيدى: «راستدۇركىم، ئول دىنارلار مېنىڭ ئۆيۈمدەدۇر. هەرىيىل ئوتتۇزمىڭ دىنار فۇقەرا ۋە ساداتلارغە كېلۇر.» بەس، بەدران ئول دىنارلارنى ئۆلەرغە بۇيرۇدى ۋە ئەيدى: «مېنىڭ ئەۋلادى هەزرەتى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئىشىم يوقدۇر.» ئاندىن بەدران ئەيتۇر: «بىر كېچە تۇش كۆردۈمكىم،

بىر لەشكەر بىرلە بارغان ئەردىم. لەشكەر بىر كۆبرۈككە يەتتىلەر؛ ئاندا بىر ئادەم نەماز ئۆتەپ تۇرار ئەردى، خەلقنى كۆبرۈكدىن ئۆتكەرمەس ئەردى. تاكى مەن يېتىپ باردىم ئەرسە، نەمازدىن فارىغ بولۇپ، ماڭا قارادى. مەن سەلام قىلدىم ئەرسە، جەۋاب بەردى. ئالىندا بىر پىل تۇرار ئەردى. «بۇ پۇلنى ئالغىل، بۇ يەردىن بىر مۇنچە قازغىل.» مەن نەچچەند يىل چاپتىم ئەرسە، ئەيدى: «مېنى تانۇرمۇسەن؟» ئەيدى: «تانۇماسمەن.» ئەيدى: «مەن ئەلى بىننى ئەبى تالىبدۇرمەن. ساڭا بۇ پۇل چاپقانىڭنىڭ ئەدەدىدە فەرزەند بولۇر. سەن مېنىڭ ئەۋلادىمغە ئازار بەرمەگەيسەن. فەرزەندلەرىڭغە ھەم ۋەسىيەت قىلغايسەنكىم، ئۇلارغە ياخشىلىق قىلغايلەر.» بەس، ماڭا يول بەردىلەر، تاكى كۆبرۈكدىن ئۆتتۈم.»

ئەيتىپدۇرلەر: تارىخدىن ئىككى يۈز سەكسەن ئىككىنچى يىلـــى مۇئتەزەدنىڭ بىر ئوغلى ۋۇجۇدغە كەلدى، ئاڭا جەئفەر ئات قويدى. ئانىڭ ياخشى سىيرەتىدىن بىرى ئولكىم، مىراسنى ئول تەئىن قىلدىكىم، ھەركىم ئۆلسە، مىراسنى زۇلئەرھامغە بېرۈر ئەردى.

تارىخدىن ئىككى يۈز سەكسەن سەككىزىنچى يىلى ئۇمەرلەيس قۇۋۋەت تاپىپ، خوراسان ۋىلايەتىنى تەمام ئالدىلەر ئەرسە، ئىسمائىل ئەھمەد سامانى دەريايى جەيھۇندىن ئۆتۈپ، جەڭ قىلىپ، ئۇمەرلەيسنى تۇتۇپ، مۇئتەزەدغە ئىبەردى ئەرسە، ئانى مەھبۇس قىلدى؛ سافى ئاتلىغ بىر كىشىسىنى ئاڭا مۇئەككىل قىلدى. قاچانكىم، مۇئتەزەد ئاغرىدى ئەرسە، سافىنى چىرلاپ ئەيدى: «ئۇمەر لەيسنى ئۆلتۈرگىل.» بەس، سافى ئۆلتۈردى؛ خەلقغە ئانداغ مەئلۇم قىلدىكىم: «مەن ئەمىرۇل مۇئمىنىنىنىڭ خىزمەتىغە مەشغۇل ئەردىم، ھېچكىم ئۇمەر لەيسكە باقمايدۇر، تاكى ئۆلۈپدۇر.»

مۇئتەزەد ئون يىل توققۇز ئاي خەلىفە بولدى، ئۆلدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇكتەفى بىللاھ

قاچانكىم، مۇئتەزەد ۋەفات بولدى ئەرسە، ئۇلۇغ ئوغلى مۇھەممەدكە

بەيئەت قىلدىلەر، ئانى مۇكتەفى بىللاھ ئاتادىلەر. ئول يىل يامانلار ۋە مۇفسىدلارنى يوق قىلماقغە كوشىش قىلدى. مۇئتەزەدنىڭ قۇلى بەدران رەيگە ھاكىم ئەردى. ئاڭا خەلقدىن بەيئەت ئالماقغە نامە ئىبەردى ئەرسە، خەلقدىن بەيئەت ئالدى. نامە ئىبەردىكىم: «لەشكەرمەندىن ۋەزىفە - مال تەلەب قىلۇرلەر. مەن سىنىڭ خىزمەتىڭغە بارۇرمەن.» قاسىم بىننى ئابدۇللاھ ۋەزىر ئەردى، بەدرانغە ئەداۋەتى بار ئەردى. ئەيدى: «بەدران ساڭا ئىتائەت ئۈچۈن كەلمەس، بەلكى مۇخالىفەت ئۈچۈن كېلۇر. سىنىڭ خىلافەتىڭگە رازى ئەمەسدۇر. چۇنكى ئانىڭدىن بىمەسلەھەت خىلافەتكە ئولتۇردۇڭ.» مۇكتەفى ئەيدى: «تەدبىرى نەدۇر؟» قاسىم ئەيدى: «نامە ئىبەرگىلكىم ئاندا بولغايسەن، تاكى خەلق ئۆزگە بولماغاي.» بەس، مۇكتەفى ئون مىڭ دىرەم ئىبەردى ۋە ئەيدىلىكىم: «ئاندا بولغانىڭ ياخشىراقدۇر.» بەس، بەدران يەنە نامە ئىبەردىكىم: «ئەلبەتتە بارىپ، دەرگاھىڭغە ۋە خاكبوسۇڭغە مۇشەررەف بولۇرمەن.» قاسىم ئەيدى: «يا ئەمىرۇل مۇئمىنىن، مەئلۇم بولدىكىم، ئانىڭ كۆڭلىدە خىلافەت تەمەنناسى باردۇر.»

بەس، مۇكتەفى سىپەھسالاردىن بىرىگە نامە ئىبەردىكىم: «بەدراننى تۇتۇپ ئۆلتۇرگەيسەن.» بەس، بەدراننى تەمام قىلدىلەر ئەرسە، مۇكتەفىنىڭ كۆڭلى تىندى، خىلافەتى بەرقەرار بولدى.

نەقلى كۆلتۇرۇپدۇرلەركىم، مۇكتەفى زەمانىدا كوفە تەرەفىدىن زەكەرويە ئاتلىغ بىر ئادەم خۇرۇج قىلدى، خەلقنى قەرمەتىلەر مەزھەبىگە باشلادى. ئىككى ئوغلى بار ئەردى: يەھيا ۋە ھۇسەين، پىشانەسىدە قارا نىشانەسى بار ئەردى. بەنى كەلابدىن بىر تايىفە ئاڭا تابىئ بولدىلەر. دەمەشقنىڭ خۇمىسىنى ئالدىلەر. بەس، شەھەرى سامىرەگە خەبەر كەلدىكىم، شامنى خەۋارىجلار ئالدى. بەس، مۇكتەفى ئۆزى بۇرقەغە باردى. ئاندا تۇرۇپ، مۇھەممەد سۇلەيماننى يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىرلە ئىبەردى. مۇھەممەد سۇلەيمان ئۈچ مىڭ پاتمان گۇگرۇد ئالدۇردى. قاچانكىم، خەۋارىجلارغە يەتىلەر ئەرسە، سەف راست قىلدىلەر. ئەۋۋەل بىر ھەملەدە مۇھەممەد سۇلەيمان ئارقە بارىپ قاچتى. خەۋارىجلار قوغلاپ، گۇگرۇد قويغان يەرگە يەتتىلەر ئەرسە، گۇگرۇدكە ئوت ياقتىلەر. مۇھەممەد سۇلەيمان لەشكەر بىرلە يانىپ تۇردى. ئوت ئول نابكارلارغە تۇتاشتى. ھەركىم ئوتدىن قۇتۇلۇپ

چىقىسە، شەمشەر ئۇردىلەر. زەكەرويە ئىككى ئوغلى بىرلە ھىلاك بولدى. بۇ ئىسلامغە ئۇلۇغ فەتھ ـ نۇسرەت بولدى.

مۇكتەفى تارىخىدىن ئىككى يۈز توقسان بەش، زۇلقەئدە ئايى ئەردى، ۋەفات بولدى. ئالتە يىل خەلىفە بولدى. ئوتتۇز ئىككى ياشدا ئەردى. نايىبى ئىلىم، ھەيا ۋە ھەلىمدە مانەندى يوق ئەردى.

# فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇقتەدەر بىللاھ

قاچانكىم، مۇكتەفى بىللاھ ۋەفات بولدى، بىرادەرى جەئفەرگە بەيئەت قىلدىلەر. بەس، مۇقتەدەر خىلافەتكە ئولتۇردى، بەيتۇل مالدىن بەش مىڭ دىرەمنى بەنى ھاشىمغە بەردى. ئالەمدە ئەدل ـ ئىنساف بىساتىنى يايدى. ئەھمەد بىننى ئەبباسنى ۋەزىر قىلدى؛ ئەلى بىننى موسانى زەكات ـ خىراجغە مۇتەسەددى قىلدى. ئەلى بىننى ئەيسانى ساھىبى دەفتەر ۋە مۇنشى قىلدى. قاچانكىم، مۇددەتى خىلافەتى ئۇزاقغە تارتتى ئەرسە، ئەبۇ ئابدۇللاھ ئەھمەد، يۇنۇس مۇزەففەر فىتنە بەرخاستە قىلدىلەر. لەشكەر زىيادە ۋەزىفە ۋە مال ئىلتىماس قىلىپ، مەملەكەتكە خەلەل بەردىلەر. ئاخىربىلئەمر، تارىخىدىن ئۈچ يۈز ئون يەتتە ماھى مۇھەررەمنىڭ ئونى پەنجشەنبە كۇنى مۇقتەدەرنى ئەزل قىلىپ، يۇنۇس مۇزەففەرنىڭ ئۆيىدە مەھبۇس قىلدىلەر.

ئاندىن مۇئنەسەد بىننى ئەلمۇئتەزنى خەلىفە قىلىپ، ئاڭا قاھىر بىللاھ لەقەب بەردىلەر. بۇ ئەسنادا، بىر تايىفە پىيادە لەشكەر سارايىنىڭ ئىشىكىگە كېلىپ، غەۋغا سالدى. مۇئنەسەد بۇلارنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلماق ئۈچۈن ئەيدى: «ئەرزىڭلار نە دۇر؟» ئەيدىلەر: «بىزگە ئالتە ئايلىق ۋەزىفە بەرگىل، ۋەزىفەمىزگە دىنار زىيادە قىلغىل.» بازۇل ياساۋۇل ئەردى، ئول ئەيدى: «ئۇلۇغۇڭلارنى ئىبەرىڭلار، تاكى مەن ئەمىرۇل مۇئمىنىنغە ئەرز قىلىپ، مىرادىڭغە يەتكۈرەي.» بەس، نەچەند كىشى راۋاقغە چىقىپ، قاتتىغ سۆزلەر ئەيتتى؛ فىتنە بولماقغە ياۋۇق يەتتى ئەرسە، مۇئنەسەد فىتنە پەست بولسۇن دەپ، قوپۇپ راۋاقنىڭ ئالىدا بىر ئىشىك بار ئەردى، ئاندا باردى. ئول

ئىشنىڭ ئىتتىگلىك ئەردى، كىرەلمەدى ئەرسە، پىيادەلەر كىرىپ بازۇلىنىڭ باشىنى كەستىلەر. ئەبۇل ھەيجاكىم ۋەزىر ئەردى، ئانىڭ ھەم باشىنى كېسىپ، نەيزەگە ئالدىلەر. قاھىرنى مەقھۇر قىلىپ، زىندانغە سالدىلەر. ۋە يەنە مۇقتەدەرنى يۇنۇسنىڭ سارايىدىن چىقارىپ، بەيئەت تازە قىلدىلەر. ئول ھەرچەند دەلالەت قىلدى بەيئەتنى قەبۇل قىلمادى، ئەمما پايدا بەرمەدى. زىيادە ۋەزىفە تەمەئ قىلماسلىقغە ۋە خەلىفەلەرنىڭ ھۆرمەتىنى ساقلاماغلىقغە ئەھد قىلدىلەر. بەس، مۇقتەدەر يەنە تەختىدە ئولتۇردى. خەلق شادمان بولدىلەر؛ ئۇيقۇلاغان بەخت بىدار بولدى. نەزم:

ئىنايەتى ئەزلە ھەركىشىگە يار ئولسە،
سەئادەتى ئەبەدى ئول كىشىگە ھەمدەم كار؛
خۇداي تەقدىرى بۇ نەۋئ كۆركۇزۇر تەئسىر،
كى بەخت تالىئىنىڭ قۇۋۋەتى قىلۇر ئاسار.

كەلتۇرۇپدۇرلەر: مۇقتەدەر ئىككى مەراتىبە مەئزۇل بولدى، يەنە بىرى ئولكىم، مۇھەممەد داۋۇد ھەرراجكىم ۋەزىرى ئەردى. قەسد قىلدىكىم تەمامى خەلقدىن بەيئەت ئالغاي. بۇ ئەسنادا، مۇقتەدەرنى ئەزل قىلىپ، بىننى ئەل مۇئتەزنى خەلىفە قىلىپ ئەردىلەر. مۇقتەدەرنىڭ خاس قۇلىكىم ياساۋۇللارغە سەردار ئەردى. بىننى ئەل مۇئتەز مەجلىس ئام قىلماقغە قەسد قىلىپ ئەردى. بۇ ھالدا ئول قۇل ياساۋۇللار، قۇللار بىرلە خۇرۇج قىلىپ، مۇقتەدەرنى چىقارىپ، خىلافەتكە ئولتۇرغۇزدىلەر ئەرسە، ئەل مۇئتەز قاچىپ كەتتى. بىركۇندىن زىيادە خەلىفە بولمادى.

ئۇلۇغلاردىن بىرى ئەيتىپدۇرلەر: ئول كۇنكى بىننى ئەل مۇئتەزگە بەيئەت قىلدىلەر. مۇھەممەد تەبەرىيكىم ساھىبى تارىخدۇرلەر: ئۇلەرنىڭ قاشلەرىغە كەلدىم ئەرسە، ئەيدى: «خەبەر نە دۇر؟» ئەيدىم: «مۇئتەسەد بىننى ئەل مۇئتەزگە بەيئەت قىلدىلەر.» ئەيدى: «ۋەزىر كىم بولۇر؟» ئەيدىم: «مۇھەممەد داۋۇد ھەرراج.» ئەيدى: «قازى كىمدۇر؟» ئەيدىم: «ھەسەن بىننى ئەل ـ مۇسەننى.» ئەيدىكىم: «بۇ ئىش تەمام بولماس.» ئەيدىمكى: «نىچۇكدىن؟» ئەيدى: «بۇ ھەر ئۇچى بۇ ئىشلەرغە لايىق ئەمەسدۇر. چۇنكى

بۇلار ھەممىشە ئۆز ھۈنەرىگە مەشغۇلدۇر، ھېچكىمنى بىر ئىشقا مۇيرۇيالماسلەر. زەمانە خەلقى بۇ سەۋەبدىن ئۇلەرغە بويۇن سۇنماسلەر.» ئاخىر ئول ئەيتغاندەك بولدى، تاكى ئەھلى ئەقل بىلگەيلەركىم، ھۈنەرمەندلەر بۇ ئىشدىن ھەممىشە مەھرۇمدۇرلەر. مۇنداغ ھەق تەئالا مۇقتەدەرغە بىسەئى خىلافەتنى كەرەم قىلدى، ئاخىر تۈركلەر خۇرۇج قىلىپ، تارىخدىن ئۈچ يۈز يىگرمە ماھى شەۋۋالدىن يىگرمە سەككىز ئەردى، ئۆلتۈردىلەر. قاھىرغە بەيئەت قىلدىلەر. مۇقتەدەرنىڭ ۋەزىرى ئەۋۋەل ئەبباس بىننى ھەسەن، ئاندىن كېيىن ئەبۇلھەسەن ئەلى بىننى ئەلفىرات، ئانىڭدىن قالىپ مۇھەممەد ئابدۇلمۇلك، ئاندىن يەھيا بىننى خاقان، ئاندىن سوڭ ئەلى بىننى ئەيسا، ئاندىن مۇھەممەد بىننى ھامىدى ۋاستى ئەردى. ئەمىرى خوراسان ئەھمەد بىننى ئىسمائىل ئەردى، ئانىڭدىن كېيىن نەسر ئەھمەد ئەردى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت قاھىر بىللاھ

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، مۇقتەدەرنىڭ بىرادەرى ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەد بىننى مۇقتەزەد، لەقەبى قاھىر بىللاھ. ئول مەردۇمىيانە قەد، بۇغداي ئۆڭلۈك.

قاچانكىم، مۇقتەدەر ئۆلدى ئەرسە، تۈركلەر قاھىرغە بەيئەت قىلدىلەر. بەس، قاھىر خىلافەتكە ئولتۇردى، تەمامى ئىشلارنى زەبت قىلدى. يۈنۈس بەدرى ھەرەمىكىم، مۇقتەدەرنىڭ قۇللەرىدىن ئەردى؛ بى ئۆزرە بۇلەرنى ئۆلتۈردى. بىرادەرىنىڭ كۆجىنى ئالدى. مۇقتەدەرنىڭ ئاناسىنى زۇلۇم بىرلە ھەمە ئەمۋالىنى ئالدى ئەرسە، بۇ سەۋەبدىن ھەمە خەلق دۈشمەن تۇتتىلەر. ئاقىبەت تۈركلەر تۇتۇپ، خىلافەتدىن ئەزل قىلىپ، كۆزىگە مەيل تارتتىلەر. ئاخىرى ئۆلدى. مۇددەتى خىلافەت بىر يىل بەش ئاي سەككىز كۈن ئەردى. ئوتتۇز تۆرت ياشدا ئەردى.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت رازى بىللاھ

كەلتۈرۈپدۇرلەر: ئاتى ئەھمەد بىننى مۇقتەدەر، كۇننىيەتــى ئەبۇل ئەبباس ئەردى. ئول ئوترا بويلۇغ، مەرۋارىد رەڭلىك، ئۇزۇن ساقاللىغ ئەردى. قاچانكىم، قاھىرغە قەھر قىلىپ، رازىغە رىزا بەردىلەر ئەرسە، تارىخدىن ئۈچ يۈز يىگرمە ئىككىنچى يىلى ئەردى. ئاڭا بەيئەت قىلدىلەر. ئول مەردۇ ئالىم، فازىل ۋە ئەدەبلىك ئەردى. ياخشى ئىشلارنى بىسيار قىلۇر ئەردى. خالىس كۇمۇشدە دىرەم قىلدۇردى. ئول ئىككى بىرادەر ئەردى، بىرى ئەھمەد، يەنە بىرى ئىبراھىم. قاھىر بۇلارنى مەھبۇس قىلىپ ئەردى. بەس، قاھىرنى تۇتتىلەر ئەرسە، بۇلارنى چىقاردىلەر. بەس، ئەھمەد ئەيدى: «بىز كىچىك بالالاردۇرمىز. ئاتامىزنى ئۆلتۈردۈڭلار. ئەمدى بىزگە نە قىلۇرسىزلەر؟» ئەيدىلەر: «ساڭا بەيئەت قىلۇرمىز، خىلافەت تەختىــــدە ئولتۇرغۇزۇرمىز.» ئەيدى: «بىزنى قويۇڭلار، قانچەكى ئۆمۈر مۇسائىــدە قىلۇر، سەلامەتلىك دەرەختىنىڭ سايەسىدە ئارام ئالغايمىز.» قويمادىلەر. ناچار قەبۇل قىلدى ئەرسە، ئىبراھىم ئەيدى: «مەن ئۇلۇغدۇرمەن، خىلافەت ماڭا تەگمەيدۇرمۇ؟» ئاڭا ئەيدى: «ئەۋۋەل سەن ئاڭا بەيئەت قىل.» بەس، ئىبراھىم بىرادەرىگە بەيئەت قىلدى. خەلق ھەم بىتەمام بەيئەت قىلدىلەر. ئەھمەد ئەبۇ ئەلى مۇقتەدەرنى ۋەزىر قىلدى.

ئەيتىپدۇرلەر: خەلىفە بولغان كۇنى راۋاقنىڭ ئۆگزەسىگە چىقتــى ئەرسە، بىر فەرياد ئاۋاز ئىشىتتى. ئەيدى: «بۇ نە فەرياددۇر؟» ئەيدىلەر: «بۇ دەريانىڭ كۆبرۈكىنىڭ ئول تەرەفىدە ئاۋاز فەرياد قىلۇرلەر، تاكى خەلق بۇ تەرەفدىن كىرىپ، ئوترادا ئىزدھام بولماغاي.» ئەھمەد ئەيدى: «يەنە كۆبرۈك سالىڭلار، تاكى كەلگۇچىلەر بىرىدىن، بارغۇچىلەر يەنە بىرىدىن ئۆتكەيلەر.» تۈركلەر بۇ ئىشغە بىسيار پەسەند قىلدىلەر. جەمئى ئەيدىلەر: «قاھىرنى ئۆلتۈرگىلكىم، ساڭا ۋە ئاناڭغە بىسيار ھەقارەتلەرنى قىلدىلەر.» ئەھمەد ئەيدى: «مەن ھەرگىز ئانى ئۆلتۈرمەككە رىزا بەرمەسمەن.» بەس، بۇ ئىشغە ھۇجۇم قىلدىلەر ئەرسە، ناچار مىيل تارتماقىغە رىزا بەردى.

ئانىڭ ۋەقتىدە بىنەھايەت خۇشلۇق بىرلە ئۆتتى. ئوتتۇز ئىككى ياشدا ئەردى. سەككىز يىل خەلىفە بولدى. ئەبۇ ئەلى مۇقەللىد خىيانەت قىلدى ئەرسە، ۋەزىرلىقىنى ئابدۇرەھمان ئەيسا جەرراھغە بەردىلەر. ئاندىن، مۇھەممەد بىننى ئەل - قاسىمنى ۋەزىر قىلدىلەر. ئۇلەرنىڭ ۋەقتىدە ھەم ئەمىرى خوراسان نەسر بىننى ئەھمەد ئەردى. تارىخدىن ئۈچ يۈز يىگىرمە توققۇز رەبىئەل ئاخىر ئايىنىڭ ئون ئالتەسىدە ئۆلتۈردىلەر.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇتتەقى بىللاھ

قاچانكىم، رازىنى ئۆلتۈردىلەر ئەرسە، بىرادەرى ئىبراھىم بەيئەت قىلدىلەر. ئول ئۈچ يىل ئون بىر ئاي ئالتە كۈن خەلىفە بولدى. ئاقىبەت تۈركلەر ئانىڭ كۆزىگە مىيل تارتتىلەر. ۋەزىرى ئەھمەد بىننى مۇھەممەد بىننى مەيمۇن ئەردى. ئاندىن كېيىن ئەھمەد بىننى ئابدۇللاھ ئەسفىھانى ۋەزىر بولدى. ئەمىرى خوراسان نەسر بىننى ئەھمەد ئەردى. ئاندىن نۇھ بىننى نەسر ئەمىر بولدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇستەكفى بىللاھ

ئول ئەبۇل قاسىم ئابدۇللاھكىم، مەرد مىيانە قەد، خۇشرەڭ ۋە خۇشروي، سۇرمە چەشم، سىياھ موي ئەردى. بەس، مۇتتەقىغە مىيل تارتتىلەر ئەرسە، ئاڭا بەيئەت قىلدىلەر. ئانىڭ زەمانىدا مۇئىززۇددەۋلە ئەبۇلھەسەن دىلەمىيلەر سەردارى ئەردى. ئۈچ ئوغلى بار ئەردى: ئەھمەد، ئەبۇ ئەلى، ئەبۇلۋۇجۇد.

ئەھمەد مەرد - شۇجائ ۋە ئۇلۇغ ئەردى. ئەمما گۇمراھ ئەردى. قاچانكىم تۈركلەر باغدادغە غالىب بولدى، ئەمىرۇل مۇئمىنىنىنىڭ زەئىق بولغانىدىن ئەھمەد ئاگاھ بولدى ئەرسە، ئەھۋازنى ئالدى. لەشكەر يىغدى. بەس،

مۇستەكفى خەۋەر تاپىپ، ئەھمەدكە باغدادنى سىپارىش قىلدى. تۈركلەرنى نابۇد قىلماققا تەرغىب قىلدى ئەرسە، ئەھمەد يىگىرمە مىڭ لەشكەر بىرلە باغدادغە يۈزلەندى. ئۈچ فەرسەڭ باغدادغە ياۋۇق بارىپ تۈشتى ئەرسە، تۈركلەر باغداددىن ئالدىغە چىقتىلەر. ئىككى تەرەفدىن سەف ئاراستە قىلدىلەر. جەمئى ئەھلى باغداد تۈركلەرگە ئەيدىلەر: «ئەگەر فەرمان قىلساڭ، دەريايى دەجلەنى باغلاپ، ئۇلار لەشكەرگاھىغە قويغايمىز، تاكى ناچار قاچىپ كەتكەيلەر.» بەس، رۇخسەت بەردى ئەرسە، بارىپ دەريادىن ئارىقلارنى چىقارىپ، دەريانى باغلاپ قويا بەردىلەر ئەرسە، دىلەمىلەر غەرق بولۇپ قاچتىلەر. بىر يىل بۇ تەرىقە بىرلە ئۆتتى ئەرسە، تۈركلەرنىڭ تەئەددى ۋە ئازارى تەمامى باغدادا پۇر بولدى. شىرزادنىڭ ئوغلىكىم، مۇستەكفاغە ۋەزىر ئەردى. ئۇلار قولىدا قالدى. ئول ئەھمەدكە نامە ئىبەردىكىم: «تۈركلەرنىڭ ئازارى ھەددىدىن ئاشتى. چەندانكى قۇدرەتىڭ باردۇر لەشكەر ئالىپ كەلگەيسەن. مەن باغدادنى ساڭا مۇسەللەم قىلغايمەن.» بەس، ئەھمەد لەشكەر تارتىپ، باغدادغە كەلدى، تۈركلەر بىرلە جەڭ قىلدى. ئەھلى سەۋاد تۈركلەردىن بىزار بولغان ئەردى. تۈركلەرگە شىكەست بەردىلەر. ئەھمەد باغدادنى ئالدى. مۇستەكفا قاشىغە بىسيار تۇھفەلەر ۋە پېشكەشلەرنى كەلتۈردى. مۇستەكفا سەرۇپا پادىشاھانە بېرىپ، باغدادغە ھاكىم قىلدى ئەرسە، تەمامى ئىشلارنى زەبت ۋە سەرەنجام قىلدى. ھەمە سەركەشلەر ئانىڭ ئەمىر فەرمانى خەتىگە باش قويدىلەر. مۇستەكفانىڭ خىلافەتى رەۋاج - رونەق تاپتى. شىرزادنى ئەزل قىلىپ، ئەلى مۇقەللەدنى ۋەزىر قىلدى. تەمامى ئىشلەرى كەمال تاپتى. نەزم:

گەر نەۋبەتى دەۋلەت ئولسە ناگاھ،
دۈشمەن ئىتەر فىغان ئەيلەپ ۋاھ - ۋاھ.

ئەيتىپدۇرلەر: قاچانكىم ئەھمەد شۇجائەت، دىلاۋەرلىكتى بىرلە باغدادغە غالىب بولدى، خىلافەت ئىشى بەرقەرار بولدى. خەلقنىڭ كۆڭلى مۇستەكفاغە راغىب بولدى. تۈركلەر ئىجتىمائى مۇنقەتىئ، ھەمە خەلق ئىتتىفاق مۇجتەمىئ بولدى ئەرسە، ئەتراف - جەۋانىبغە نامەلەر ئىبەرىپ، خەلايىقنى

ئەمىرۇل مۇئمىنىن ئىتائەتىغە ئىندەدى. ھەر تەرەفدىن تۇھفەلەر كەلدى. ئاندىن ماۋەرا ئۇننەھرنىڭ ھاكىمى سەيىد ئابدۇلمۇلك نوھ سامانىغە نامە ئىبەردى، لەشكەر تىلەدى. تاكى ئەھلى شام بىلگەيلەركىم، ئەمىرى خوراسان، ماۋەرائۇننەھر مۇتىئدۇر. بىرادەرىگە نامە ئىبەردىكىم: «بۇخاراغە نامە ئىبەرىپ، باغدادغە ئىلگەرى كېلەدۇر خىراج، زەكاتنى تەلەب قىل.» ۋە يەنە سەيىد ئەمىر ئابدۇلمۇككە نامە ئىبەردىكىم: «ئىلگەرى تۇركلەرنىڭ غەلەبەسىدىن دەرماندە ئەردىم. تايىفە دىلەمىلەر مەدەدىدىن ئۇلارنىڭ فەسادى ئاۋازى مۇنقەتىئ بولدى ئەرسە، دىلەمىلەر فەسادى ھەددىدىن ئاشتى. ئەگەر ئەمىر سەيىد لۇتفى ئىنايەت قىلىپ، لەشكەر بىرلە ئۆزى كەلسە، بۇ جەمات شەررىنى دەفىئ قىلسە، ئەمارەتى باغداد ئاڭا مۇسەللەمدۇر.» بەس، ئەمىر سەيىد بۇ نامەلەرنى ئوقۇپ، ئەندىشە قىلدىكىم، بۇ نامەلەر بىر ـ بىرىگە مۇخالىفدۇر. بەس، ئەھمەدنىڭ ئەلچىسىنى چىرلادى ۋە ئەيدى: «بۇ نامەدە بىر مىكر باردۇر. سىزلەر خىلافەت ھۆرمەتىنى ساقلامايدۇرسىزلەر. مەن لەشكەرى قەرار بىرلە ئارقاڭدىن بارۇرمەن. خىزمەت كەمەرىنى باغلارمەن.» بەس، ئەلچى باغدادغە كەلدى. بۇ نامەلەر خەلەلىنى ئەيدى ئەرسە، بەد گۇمان بولۇپ، ئەمىرۇل مۇئمىنىنغە قەسد قىلدى. ئاخىر، تەختدىن تۇشۇپ، سەرپا بىرەھنە ئۆيگە ئالىپ كېلىپ، مىيل تارتتى ئەرسە، ئۈچ كۈندىن زىيادە تىرىگلىك قىلمادى. تارىخدىن ئۈچ يۈز ئوتتۇز تۆرت جەمادىيەل ئاخىرى ئايىنىڭ ئىككىسى دۈشەنبە كۈنى بەقا ئالەمىغە خىرام قىلدى. مۇستەكەفانىڭ ۋەزىرى ئەبۇل فۇتۇھ بىننى مۇھەممەد ئەلى سامىرى، ئاندىن كېيىن ئەھمەد بىننى فۇزەيل سامىرى ئەردى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇتىئ بىللاھ

قاچانكىم، مۇستەكەفاغە مىيل تارتتىلەر ئەرسە، ئەبۇلقاسىم بىننى فۇزەيل بىننى مۇقتەدەرنى خەلىفە قىلدىلەر. ئول مەرد مىيانە قەد، رەڭگى ئاق، خۇشرۇي ئەردى. يىگرمە توققۇز يىل ئالتە ئاي بەش كۈن خەلىفە بولدى. ئانىڭ دەۋرىدە، مۇئىززۇددەۋلە ۋەفات بولدى. تارىخدىن ئۈچ يۈز

ئەللىك ئالتە ئەردى. ئوغلى بەختىيار بىننى مۇئىززۇددەۋلە ئورنىدا ئولتۇردى. ئول بەختىيار مۇئىززۇددەۋلە سىپەھسالارى سەبۇكتىكىننى ئۆلتۇرۇرگە قەسد قىلدىلەر ئەرسە، ئاگاھ بولۇپ، تۈرك ۋە دىلەم لەشكەرىنى راست قىلدى، تاكى خۇزىستانغە بارىپ، بەختىيار بىرلە جەڭ قىلغاي. بەس، مۇتىئنى سەبۇكتىكىن بىرلە جەڭ قىلماقغە دەلالەت قىلدىلەر ئەرسە، ئۆزىنى ئەزل قىلىپ، خىلافەتنى ئوغلى ئەبۇ بەكر ئەبدۇلكەرىمغە بەردى. ۋەزىر ئەھمەد بىننى شىرزاد ئەردى. خوراساندا نوھ بىننى نەسر ھاكىم ئەردى، ئاندىن ئابدۇلمۆلك نەسر ھاكىم بولدى.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت مۇتابىئ بىللاھ

بەس، تارىخدىن ئۈچ يۈز ئاتمىش ئۈچ ئەردى. مۇتابىئغە بەيئەت قىلدىلەر. ئول ئوترا بويلۇغ، چەقىر كۆزلۈك ئەردى. ئون يەتتە يىل سەككىز ئاي بەش كۈن سوردى. ئانىڭ زەمانىدا مۇئىززۇددەۋلە بىننى سەمائ ئەمزادەسى بەختىيارنى ئۆلتۇرۇپ، باغدادغە ھاكىم قىلدى. ئاقىبەت تابىئ (مۇتابىئ) نى ئالىپ، تەمام ئەمۋالىنى غارەت قىلىپ، بى زابىت قىلدى ئەرسە، تارىخدىن ئۈچ يۈز سەكسەن بىرىنچى يىلى شەئبان ئايى دۈشەنبە كۈنى ئۆزىنى ئەزل قىلدى؛ توقسان ئۈچۈنچى يىلىدا ۋەفات بولدى. خوراساندىن مەنسۇر بىننى نوھ ھاكىم ئەردى. ۋەزىرى مەشھۇر ئەمەسدۇر.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت قادىر بىللاھ

قاچانكىم، تابىئ ئۆزىنى ئەزل قىلدى ئەرسە، ئەبباس بىننى مۇقتەدەرغە بەيئەت قىلدىلەر، ئۇلەرنى قادىر بىللاھ ئاتادىلەر. ئول مىيانەقەد، خۇشرۇي كىشى ئەردى. ئون تۆرت يىل ئۈچ ئاي ئون بەش كۈن شەھريار بولدى. ئۆمرى سەكسەن ئىككى يىل ئەردى. تارىخدىن تۆرت يۈز يىگىرمە ئىككىنچى يىلى زۇلھەججە ئايىنىڭ ئون بىرى دۈشەنبە كۈنى ئالەم باقىغە رىھلەت

قىلدىلەر. خوبتەرىن زەمانەئى خۆلەفائى ئەبباس ئانىڭ دەۋرى ئەردى. خوراسانغە نوھ مەنسۇر ئەمىر ئەردى. سامانىنىڭ ئەۋلادىدىن خوراساننىڭ ھاكىملارى توققۇز كىشى ئەردى، ئۇلارنىڭ ئاتلەرى بۇ رۇبائىدە مەئلۇمدۇرلەر. نەزم:

توققۇز كىشى ئەردى ئال سامانى مەشھۇر،
كىم قىلدى ئۇلار ھۆكمى خوراساندا زۇھۇر؛
ئىبراھىم، ئەھمەد يەنە نەسر، ئىككى نوھ،
ئابدۇلمۆلك ئىككى، يەنە ئىككى مەنسۇر.

كەلتۈرۈپدۇرلەركىم، سەبۇكتىكىن ئابدۇلمۆلك نوھغە مەرۋەدە شىكەست بەردى ئەرسە، خوراسان ئاڭا بولدى. ئارسلان ئەلمۆلك بىننى نەسر بىننى ئەلى ئۆزجەنددىن خوراسانغە كەلدى. غەزنىنكى سامانىلار پايتەختى ئەردى، ئانى ئالدى. سامانىلارنىڭ ھەمەسىنى ئەسىر قىلىپ، ئۆزجەندكە ئىبەردى. خوراساننى مەھمۇد سەبۇكتىكىن زەبت قىلدى. مەھمۇد رەبىئەل ئەۋۋەلنىڭ تۆرتى پەنجشەنبە كۈنى، تارىخغە تۆرت يۈز يىگىرمە بىر ئەردى، ۋەفات بولدى ئەرسە، ئوغلى مۇھەممەد ئورنىدا ئولتۇردى. ئاندىن كېيىن، بىرادەرى مەسئۇد بىننى مەھمۇد كېلىپ، بىرادەرىنىڭ كۆزىگە مىيل تارتىپ، مۈلكنى ئول زەبت قىلدى.

# فەسل دەستان
# زىكرى خىلافەت قايىم بىللاھ

ئاتى ئەبۇ جەئفەر ئابدۇللاھ بىننى قادىردۇر. ئول قىرىق تۆرت يىل خىلافەت تەختىدە ئولتۇردى. ئانىڭ زەمانىدە ئەۋلادى سەلچۇق خۇرۇج قىلدى. موسا سەئۇيىكىم سەلچۇقلەرنىڭ قاياشى ئەردى. بۇ خارادىن ئول خۇرۇج قىلدى. بۇلار ئىتتىفاق بولۇپ، خارەزمگە بارىپ، ئاندىن خوراسانغە

كەلدىلەر. بۇ مەھەلدە خوراسان مەسئۇدنىڭ تەسەررۇفىدە ئەردى. بارھا سەلچۇقلەرغە لەشكەر ئىبەرىپ، شىكەست تاپار ئەردى.

بەس، سۇلتانى مەسئۇد سەلچۇقىلەرنىڭ ئالدىغە چىقىپ، زىندە قان سەرھەددىدە جەڭ قىلدىلەر ئەرسە، شىكەست تاپىپ، خوراساندىن ئۇمىد ئۈزدى. ئۇ مەرائى سەلچۇقىلەر خوراساننى تەقسىم قىلىپ ئالدىلەر. ئەمىر ئالپ ئارسلان ئىراقغە بارىپ، تەختغە ئولتۇردى. سال، ئىراق، خوراساندىن بەئزەسى ئاڭا تابىئ بولدى. تارىخغە تۆرت يۈز ئەللىك ئالتە ئەردى. رومغە غەزاتغە بارىپ، قەيسەرنى ئالدى. يەمەننىڭ لەشكەرىگە كىشى ئىبەرىپ، گۇناھىنى ئۆتۈپ، رومغە بارماقغە رۇخسەت بەردى. ئاندىن سەفەر ئايىدا شەھادەت دەرەجەسىگە يەتتى ئەرسە، سۇلتان مەلىك شاھ ئاتى داۋۇد بىننى مىكائىل بىننى سەلچۇق تەختغە ئولتۇردى. بەئزەن خوراساننى ئول تەسەررۇف قىلدى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇقتەدى بىلاھ

قاچانكىم، قايىمنىڭ دەۋرى ئۆتتى ئەرسە، مۇقتەدى خىلافەتكە ئولتۇردى. ئون توققۇز يىل ئىككى ئاي خەلىفە بولدىلەر. زۇھد تەقۋادا قايىمدەك ئەردىلەر. تارىخدىن تۆرت يۈز سەكسەن ئالتەدە ئالەمدىن باردىلەر. ۋەزىرى مۇھەممەد بىننى ھەمىر ئەردى. خوراسان ۋە باغداد ئانىڭ دەۋرىدە مەلىك شاھ تەسەررۇفىدە ئەردى.

## فەسل دەستان
## زىكرى خىلافەت مۇستەئزىر بىللاھ

قاچانكىم، مۇقتەدى ۋەفات بولدى ئەرسە، ئەبۇل ئەبباس ئەھمەد بىننى مۇقتەدى خىلافەتكە ئولتۇردى. ئانى مۇستەئزىر بىللاھ ئاتادىلەر. ئول مەرد

بەلەند قەد، قىيپاچ كۆزلۈك ئەردى. يىگىرمە ئالتە يىل جەھاندارلىق قىلدى. تارىخدىن بەش يۈز ئون ئىككى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئايىدا ئاخىرەت سەفەرى قىلدى. خوراساندا مەلىك شاھ بار ئەردى. ئەمما فىتنە ۋە تەشۋىش بىسيار بولدى. تاكى سۇلتان مۇھەممەد بىننى مەلىك شاھ خوراساننى تەسەررۇف قىلىپ، تەمامى ئىشلارنى زەبت - سەرەنجام قىلدى. غەزنىندىن تا بەلخقە ئەمىر ھۇسەين سۇلتان سەنجەر بىرلە جەڭ قىلىپ، خوراساننى خالىس قىلدى. سۇلتان سەنقەر تەرمىزى ئەمىر ھۇسەيىننىڭ ئالىغە بارىپ، ئاڭا شىكەست بېرىپ، مۇھەممەد تىكىننى ئۆز ئورنىدا نايىب قويدى، ئاڭا تامغاچ لەقەب بەردى. ماۋەرائۇننەھرنى زەبت قىلدى.

# ئەرەب قەبىلىلىرى[①]

**ئابدۇلقەيس** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقى جەنۇبىي قىسمىدا، دەھنە چۆلىنىڭ شەرقىدە، بەھرەيىنىنىڭ جەنۇبىدا، ئۇممانىنىڭ غەربىدە ياشىغان قەبىلە.

**ئامىر** ئەرەبىستانىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، كىچىك نوتۇد چۆلىنىڭ غەربىدە ياشىغان قەبىلە؛ شىمالىدا غەتەفان، جەنۇبىدا بەنى ھەنىفە قەبىلىلىرى بىلەن خوشنا.

**ئەبس** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى قەبىلە. ئورنى زەرىف، بۇرەيدە دېگەن جايلارنىڭ غەربىگە، قاسىم دېگەن جاينىڭ جەنۇبىغا، رۇممانىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ؛ غەربىدە سەممەل قەبىلىسى بار.

**ئەزد** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، ئەل - ھەسەن چۆلىنىڭ غەربى - جەنۇبىغا جايلاشقان قەبىلە، شەرقىدە كىندە قەبىلىسى بار. «ئازد» مۇ دەيدۇ.

**بەجىلە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا غەربىدە ياشىغان قەبىلە، جەنۇبىدا ھۇزەيل قەبىلىسى بار.

**بەكر** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقى شىمالى چېگىرىسىدا، ئەسەبە، لەينا دېگەن يەرلەرگە جايلاشقان؛ بۇ قەبىلىنىڭ شىمالىدا تەغلىب، جەنۇبىدا تەي قەبىلىسى بار.

**بەنى جەتەندە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تۇمشۇقىدا،

---

① دوكتور ھۇسەيىن دافتىبكىن «گېنېل تارىخ ئاتلاسى» (ئىستانبۇل، 1985 — يىل 1956 4 — نەشرى) گە ئاساسەن ئېلىنىدى. 7 — ئەسىردىكى جايلىشىش ئەھۋالى.

ئۇممان رايونىنىڭ شەرقىدە ياشىغان قەبىلە.

**بەنى ھەنىفە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا، كىچىك نۇتۇد چۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان قەبىلە؛ غەربى تەرەپىدە رىياز، مەنتۇھ، ئەقرەبە دېگەن شەھەر - كەنتلەر بار.

**تەمىم** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالى قىسمىدا، كىچىك نۇتۇد چۆلىنىڭ شەرقى چېتىگە جايلاشقان قەبىلە بولۇپ، مۇزار قەبىلىسى بىلەن يېقىن خوشنا.

**تەي** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالى تەرەپىدە، بەكرى قەبىلىسى بىلەن قەيس قەبىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

**جۇزام** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدا، قىزىل دېڭىز بويىدىكى تاغلاردا ياشىغان قەبىلە، ھىجازنىڭ شىمالىي تەرەپىدە.

**ھەرران** قەدىمكى مىسوپوتامىيەنىڭ غەربى شىمالىدا، فرات دەرياسىنىڭ يۇقۇرقى ئېقىمى بويىدا، سۇرىيەنىڭ شىمالىدىكى شەھەر. «ھەرەنە، ھەررەنۇ»، «جاران، جەرخەس» دەپمۇ ئاتالغان.

**ھەۋازىن** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي ئوتتۇرىسىدا، نەجت رايونىنىڭ غەربىگە ۋە مەدىنەنىڭ شەرقىغە جايلاشقان قەبىلە؛ بۇنىڭ غەربىي جەنۇبىدا سۇلەيم قەبىلىسى بار.

**ھەمەدانىلىقلار** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبى قىسمىدا، ھەزەر مەۋتنىڭ غەربىدە، مەرىب (سانا) نىڭ شەرقىدە، يەنى يەمەندە ياشىغان قەۋملەر.

**ھۇزەيل** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا شەرقىي قىسمىدا، ئەفلەج ۋادىسىنىڭ غەربىدىكى تۇۋەيق تاغلىرىنىڭ غەربى تەرەبىگە جايلاشقان قەبىلە؛ شىمالىدا

ئەزد (ئازد) ، كىندە قەبىلىلىرى، جەنۇبىدا بەجىلە قەبىلىسى بىلەن خوشنا. بۇ قەبىلىنىڭ يەنە بىر قىسمى ئەرەبىستاننىڭ غەربىي دېڭىز بويىدا، ھىجاز بىلەن ئەسىر رايونلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

**ھىلال** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالى ئوتتۇرا قىسمىدىكى نەجت رايونىدا، مىيا ۋادىسىنىڭ شەرقىغە ۋە ئەل - ھەسەننىڭ شىمالىغا جايلاشقان قەبىلە.

**ھىميەرىلەر** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبى تۇمشۇقىدا، يەمەندە ياشىغان قەۋم.

**دۇببە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدا، بەھرەيننىڭ غەربىي شىمالىدا، كىچىك نۇتۇد چۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ياشىغان قەبىلە؛ غەربىي تەرەپى بەنى ھەنىفە قەبىلىسى بىلەن خوشنا.

**رەبىئە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىناڭ شەرقىي شىمالى چېتىدە، رۇمما ۋادىسىنىڭ شەرقىدە ياشىغان قەبىلە؛ شەرقىدە ئەل - ھاسا (ئەھسا) ئارقىلىق بەسرە قولتۇقىغا ياندىشىدۇ؛ غەربىدە غەتەفان، قەيس قەبىلىلىرى بار.

**زۇبيان** شىمالىي ئەرەبىستاندا، نۇتۇد چۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، تەيما دېگەن يەردە ياشىغان قەبىلە.

**شەممەر** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي تەرەپىدىكى قەبىلە؛ شەرقىدە قاسىم، غەربىدە مەدايىن سالىھ (ئەلولە)، شىمالىدا قەتەر، جەنۇبىدا خەيبەر يايلىقى بار.

**غەتەفان** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي شىمال تەرەپىدە، كىچىك نۇتۇد چۆلىنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەبىلە؛ شەرقىدە رەبىئە، شەرقىي جەنۇبىدا مۇزار، جەنۇبىدا ئامىر، غەربىي شىمالىدا قەيس قەبىلىلىرى بىلەن خوشنا.

**قەھتەن** ئەرەبىستاننىڭ جەنۇبىي غەربىي قىسمىدا، چوڭ دەھنە چۆلى (رۇبئۇلھالى چۆلى) نىڭ غەربىدە ياشىغان قەبىلە؛ غەربىي جەنۇبىي مەزھىج قەبىلىسى بىلەن خوشنا.

**قەيس** ئەرەبىستاننىڭ شەرقىي شىمال تەرەپىدە، رومما ۋادىسىنىڭ غەربىدە، قەسرۇلمۇراقىبىنىڭ شەرقىدە ياشىغان قەبىلە.

**قوزائە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالى تومشۇقىدا، دەۋمەتۇل جەندەلنىڭ غەربىدە، ھىسمانىڭ شەرقىدە، تەبۇكنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەبىلە؛ شەرقىي جەنۇبىدا زۇبيان، غەربىي جەنۇبىدا جۇزام قەبىلىلىرى بىلەن خوشنا.

**كەئەب بىننى رەبىئە** ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىي قىسمىدا، چوڭ دەھنە چۆلىنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەبىلە؛ شىمالىدا كىندە، شەرقىدە ئابدۇلقەيس قەبىلىلىرى بىلەن خوشنا.

**كەلب** شام چۆلىدە (ئىراق، ئوردان، سۇرىيە ئوتتۇرىسىدا) ياشىغان قەبىلە؛ غەربىدە قەدىمكى ساسانىلار قەۋمى، شەرقىدە لەھملەر، جەنۇبىدا شەيبان قەبىلىسى بىلەن خوشنا.

**كىندە** ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا، ئەل - ھەسەن چۆلىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان قەبىلە؛ غەربىدە ئەزد (ئازد) قەبىلىسى، غەربىي جەنۇبىدا ھۇزەيل قەبىلىسى، جەنۇبىدا كەئەب بىننى رەبىئە قەبىلىسى بىلەن خوشنا.

**مەزھىج** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا نەجران رايونىنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەبىلە؛ شەرقىي شىمالىدا قەھتەن قەبىلىسى بىلەن خوشنا.

**مەئىنلىقلار** ئەرەبىستان چۆلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىدا سەيھەت چۆلىنىڭ غەربىدە، نەجران رايونىنىڭ جەنۇبىدا ياشىغان قەبىلە؛ جەنۇبىدا ھەمەدانىلەر بىلەن خوشنا.

**مۇرات** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، ئەھقەل چۆلىنىڭ جەنۇبىدا، ھەزرەمەۋتنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەبىلە؛ غەربىدە ھەمەدانىلەر قەۋمى بىلەن خوشنا.

**مۇزار** ئەرەبىستاننىڭ شەرقىي شىمال قىسمىدا، كىچىك نۇتۇد

چۆلىنىڭ شەرقىدە ياشىغان قەبىلە؛ شىمالىدا رەبىئە ۋە غەتەفان قەبىلىلىرى، غەربىدە تەمىم قەبىلىسى بىلەن خوشنا.

## قەبىلىلەر ھەققىدە①

ئەرەب نەسەبشۇناسلىرىدىن ئابدى ئاتىقنىڭ نەزەرىيىسى بويىچە، پۈتۈن ئەرەبلەر ئىبراھىم نەسلىدىن، شىمالىي ئەرەبىستان خەلقى ئىسمائىلدىن، جەنۇبى ئەرەبىستان خەلقى «يەقتان» (توغرىسى «قەھتان») دىن تارالغان دەپ ھىسابلىنىدۇ. بۇ نەزەرىيىگە ئالاقىدار ئىككىنچى بىر نەزەرىيە بويىچە، ھەقىقى ئەرەبلەر (ئەل - ئەئراب، ئەل - ئەربا) ئاد، سامۇد، ئىملىق (ئەمالىقە)غە ئوخشاش يوقۇلۇپ كەتكەن قەبىلە - ئۇرۇغلار ۋە قەھتان قەبىلىسىدىن تارالغان دېيىلىدۇ؛ ئىسمائىللەر (ئىسمايىل ئەۋلادى بولغان قەبىلىلەر) مۇ ئەرەبلەشكەن (ئەل - ئەرەب، ئەل - مۇتەئەررىبە ياكى ئەل - مۇستەئرىبە) دېيىلىدۇ، بەدەۋىلەرنى «ھەقىقى ئەرەب» ھىساپلاپ، «ئەئراب» ياكى «ئۇربان» دېگەندە بەدىۋىلەرنى كۆزدە تۇتۇشىدۇ. ئولتۇراق ئاھالىنى «ئەل - ھەزەر»، دالىدا (بادىيەدە) ياشايدىغانلار «بەدەۋى» دەپ پەرقلەندۈرۈلگەن. شۇڭا، ئۆچكە ۋە تۆگە چۇپۇرلىرىدىن ياسالغان چېدىرلاردا ياشايدىغان خەلقنى «ئەھلى ۋەبەر»، تۇراقلىق ئۆيلەردە ياشايدىغان خەلقنى «ئەھلى مەدەر» دەپ پەرقلەندۈرگەن.

ئەرەبلەر ئادەتتە شىمالىي ئەرەبلەر ۋە جەنۇبىي ئەرەبلەر دەپ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. شىمالىي ئەرەب قەبىلىلىرى «نىزارى» ياكى «مەئەددى»، جەنۇبىي ئەرەب قەبىلىلىرى «يەمەنى» دەپ ئاتالغان. مۇھەممەد پەيغەمبەر زامانىسىدا، «يەمەنى» لەردىن بىرمۇنچىسى شىمال تەرەپكە كۆچۈپ يەرلەشكەن، شۇنىڭدەك «نىزارى» لاردىنمۇ جەنۇپقا بېرىپ جايلاشقان. بۇنىڭ

① «ئىسلام ئانسىكلوپىدىسى» (1978 — يىل ئىستانبۇل 1 — نەشرى) 1 — جىلدىنىكى مەلۇمات بويىچە تۈزۈلگەن.

بىلەن، ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئارىلىشىش يۈز بەرگەن. بۇنىڭدىن ئىلگىرىكى زامانلاردىمۇ قوشنا قەبىلىلەر تەرەپىدىن قوغلىنىش ۋە ياكى تۇرمۇش كۆچۈرۈش تۈپەيلىدىن قەبىلىلەر ھەرياققا كۆچۈپ يۈرۈشەتتى. پەيغەمبەردىن بىر ئەسىر ئىلگىرى، يەمەننىڭ كۈچلۈك تاي قەۋمى نەجدنىڭ شىمالىنى ئىشغال قىلغان، بۇلارنى سىقىندىسى بىلەن، قۇزائە قەبىلىلىرى سۇرىيىنىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىغە كۆچۈپ يەرلەشكەن.

ئەرەبلەرنىڭ شەجەرىلىرىدە، پۈتۈن يەمەنلىكلەر «قەھتان» ۋە «قەھلان» نەسلىدىن ھىساپلىنىدۇ. «قەھتان» جايلاشقان يەرنىڭ جەنۇبىدا «قەھلان» خەلقى ياشايدۇ. يەمەنلىكلەردىن قەھلان گۇرۇپپىسىغا مەنسۇب بولغانلار

1 . تەيلەر. تەخمىنەن ئىككى مىڭ يىلدىن بېرى. «ئەجە» ۋە «سەلما» تاغلىرىدا ياشاپ كەلگەن. سۇرىيە ۋە ئىرانلىقلار پۈتۈن ئەرەبلەرنى «تەي» (تاي) دەپ ئاتايدۇ. بۇلاردىن ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلىگەن بىر قەبىلە ئۆز ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى بىلەن «شەممەر» ئاتالغان.

2 . ھەمەدانىلەر ۋە مەزھىج خەلقى. بۇلارنىڭ كۆپچىلىكى يەمەندە ياشاۋەرگەن. ھازىر تايىپنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا ياشايدىغان «بەل - ھارىسلەر» ۋە ئىراننى فەتھى قىلىشتا (خەلىفە ئۆمەر دەۋرىدە) چوڭ رول ئوينىغان «بەجىلەلەر» مەزكۇر گۇرۇپپىغا مەنسۇبدۇر.

3 . ئامىلە ۋە جۇزاملار (فەلەستىنگە يەرلەشكەن) . فرات دەرياسى بويىدىكى «ھىرە» دۆلىتىنى قۇرغان «لەھمىلەر» ، يەمامەدىكى بەنى ئەسەد قەبىلىسىنى بويسۇندۇرغان كىندەلەر.

4 . ئەزدلەر- كۈچلۈك قەبىلىلەر بىرلەشمىسى (ئومانىنى ئىشغال قىلغان ۋە «سەرات» تاغلىرىدا ياشىغان) . شەرقىي سۇرىيەدە دۆۋلەت قۇرغان «غەسسانىلار» ، مەككىگە بىر زامانلار ھۆكۈمران بولغان «خۇزائىلار» ، يەسرىب (مەدىنە) دە ئولتۇراقلاشقان ئىككى قەبىلە — ئەۋس ۋە ھەزرەج (يەنى «ئەنسار») .

جەنۇپتىكى ئەرەبلەردىن «قەھتان» گۇرۇپپىسىغا مەنسۇپ بولغانلىرى ھىميەرلەر؛ قۇزائە ئىتتىپاقى؛ ئۇزاقتىن بېرى شىمالىي سۇرىيىگە يەرلەشكەن «بەھرە» ۋە «تەنۇھلار» ، ھىجازدا «ۋادى ئىزام»نى ئىگىلىگەن «جۇھەينەلەر» ۋە بۇلارغا خوشنا ھەم قېرىنداش بولغان «ئۇزرالار» ؛ سۇرىيە

چۆلنى ئىشغال قىلغان «كەلبلەر»؛ ھىجازنىڭ شىمالىغا يەرلەشكەن «بەلىئەلەر». (خەلىفە ئۆمەر دەۋرىدە بەلىئەلەر بىلەن جۇھەينەلەردىن چوڭ بىر قىسمى مىسىرغا كۆچۈپ يەرلەشكەن.)

ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى قەبىلىلەر ئۆز ئەجدادلىرىنىڭ نامىغا نىسبەت قىلىپ، «نىزارى» ياكى «مەئەدى» دەپ ئاتىلىدۇ. مەئەدى — قەبىلىلەر ئىتتىپاقىدۇر. ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى شىمالىي قەبىلىلەر «رەبىئە» ۋە «مۇزار» دەپ ئىككى ئىتتىپاققا جۇغلانغان. بۇلاردىن چوڭ بىر قىسمى ئەل - جەزىرەگە كۆچۈپ بېرىپ، دەجلە دەرياسىنىڭ ياقىسىدا بۇلار جايلاشقان يەرلەر شۇلارنىڭ ناملىرى بىلەن «دىيار رەبىئە»، «دىيار مۇزار» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن. كېيىن بۇ جايلارنى تەغلىب ۋە ئامىرلار ئىشغال قىلغان.

ئەنەزە، ئەسەد قەبىلىلىرى (ۋادى رۇممانىڭ شىمالىدا يانمۇ يان ياشايدىغان ۋە بىر - بىرىگە يېقىن ئالاقىسى بولغان قەبىلىلەر) رەبىئە گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

شەرقىي شىمالدىكى سەباللار، غەربىيتىكى رۇئەلەرمۇ شۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ؛ ۋائىللارمۇ بۇلارنىڭ يېقىن قېرىنداش قەبىلىسىدۇر، ۋائىللارغا قارام بولغان كۆلەيبلەر مۇشۇلاردىندۇر. بۇ قەبىلىلەر بەكر ۋە تەغلىب دېيىلىدىغان ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن. بەكرلەر شىمالدا «دىيار بەكر»نى ئىشغال قىلغان (بۇ رايوننىڭ مەركىزى — ئامىد) يەمامىدىكى ھەنىفەلەر ۋە بۇنىڭ خوشنىسى شەيبانلار، بەھرەيندە ياشايدىغان ئابدۇل قەيسلەرمۇ رەبىئە گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ.

مۇزار گۇرۇپپىسىغا قەيسلەر كىرىدۇ. (ئادەتتە يەمەنلىك بولمىغان پۈتۈن ئەرەبلەرنى «قەيسلەر» دەپ ئاتايدۇ. قەيسلەر كېيىن ئايرىم بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلغان)، بۇلارنىڭ شەرقىدە شەممارلارغا قارام «ئەدۋانلار»، جەنۇبى نەجدە، مەدىنە ۋە مەككەنىڭ شەرقىدە ياشايدىغان ھەۋازىنلەر ۋە سۇلەيملەر قەيس گۇرۇپپىسىغا مەنسۇبدۇر. ھەۋانلاردىن بىر قىسمى ۋە بۇلارغا كىرىدىغان ھىلاللار مىسىرغا نىلنى بويلاپ كۆچۈپ، نىل دىلتاسىغا جايلاشقان. كېيىن ئۇ يەردىن شىمالىي ئافرىقىغا كۆچكەن؛ شىمالىي ئافرىقىدىكى ئەرەب بەدەۋىلىرى ئەنە شۇ ئىككى قەبىلىدىن كېلىپ چىققان دېيىلىدۇ. بۇلاردىن بىر قىسمى كىلابلار، قۇسەيرلەر، ئۇقەيل

(ئاغەل)لەر بىلەن بىللە ئامىر بىننى سەئسەئە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىغا كىرگەن.

قەيس گۇرۇپپىسى غەتەفانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇلارنىڭ ئاساسى ئىككى قەبىلىسى ئەبس ۋە زۇبيانىدۇر؛ زۇبيانلارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تارمىقى «فەزارە» دۇر.

نەجدىدىكى زەببە ۋە تەمىملەرمۇ مۇزار گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. تەمىملەر چوڭ قەبىلىدۇر، نەجدىدىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى تەمىملەردىن ھىسابلىنىدۇ. ھىجازنىڭ شەرق تەرەپىدە، مەككە بىلەن مەدىنەنىڭ ئارىسىدىكى يولغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان ھەرب (مۇزەينە)لەر، بۇلارنىڭ شەرقىدىكى (رۇمما ۋادىسى بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان) كۈچلۈك ئوتەيبە قەبىلىسى ۋە بۇلرنىڭ شەرقىدىكى مۇتەيرلەر، يەمامدىنىڭ شەرقىدىكى بەنى خالىدلار مۇزارى گۇرۇپپىسىغا مەنسۇبدۇر.

مەككە ئەتراپىدىكى تاغلاردا ياشايدىغان ھۇزەيللەر، ئىلگىرى جەنۇبى ھىجازدا قۇدرەتلىك بىر گۇرۇپپا تەشكىل قىلغان ۋە قەدىمدىن ئۇستۇن ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن قۇرەيشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەنئانەلەرمۇ مۇزارىلەردىن ھىساپلىنىدۇ. قۇرەيش نامى ھازىر مەككە رايونىدا ياشايدىغان كىچىك بىر چوپان قەبىلىسىنىڭ نامىدۇر، پۈتۈن كۆچمەنلەر ئارىسىدا ھۆرمەتلىك قەۋم سانىلىدۇ.

ھۇتەيملەر (ھىجاز ۋە نەجدە تارقاق ياشايدىغان) ھەقىقى ئەرەبلەردىن سانالمايدۇ، بۇلار ئاۋچىلاردۇر؛ سۇرىيە چۆلىنىڭ غەربى جەنۇبىدىكى تۇگىچى قەبىلە — سەرراتلار، چۆل كىشىلىرى ھىساپلانمايدىغان سۇلەيب (سلاب) لار ھەقىقى بەدەۋىلەردىن ھىساپلانمايدۇ.

مۇھەممەد پەيغەمبەر دەۋرىدە، مەككە ۋە مەدىنە رايونلىرىدىكى ئۇرۇغ-قەبىلىلەر تۆۋەندىكىچە ئىدى :①

**مەككەدە—** قۇرەيش، جۇھەينە، بەنى ئەسەد، ھۇزەيل، نەجار (جەمەتى)، زەمۇرە، بەنى مۇستەلەق، بەنى بەكر، خۇزائە.

**مەدىنەدە—** بەنى قەينۇقا، بەنى قۇرەيزە، بەنى نەزىر، ئەزەل، قارە، بەنى ئامىر، بەنى سەلىم، خەزەرەج، بەنى مۇھارىب، بەنى سەئلەبە.

---

① مەزكۇر «تارىخ تەبەرى» بويىچە

# يەر نامىلىرى

**ئابخاز** كافكازنىڭ غەربى، قارا دېڭىز بويىدىكى رايون. هازىرقى گۈرجىستان (ئىبېرىيە)، يەنى گرۇزىيىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**ئازەربەيجان** خەزەر (كاسپى ياكى ھىرقانىيە) دېڭىزىنىڭ غەربىي بىلەن تۈركىيىنىڭ شەرقىغە توغرا كېلىدىغان رايون، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئازەربەيخان جۇمھۇرىيىتى مەزكۇر رايوندا. قەدىمكى «ئاتروپاتەنە» ۋە «مىدىيە» دۆلەتلىرى مەزكۇر رايوندا ئۆتكەن.

**ئاسۇر** مىسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكىنىڭ شىمالىدىكى بىر ئۆلكە، قەدىمكى ئاسۇر دۆلىتى. يەنە شۇ ناملىق بىر شەھەرمۇ بار، بۇ شەھەرنى «شىرقات قورغىنى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**ئاققات** قەدىمكى بابىلنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، هازىرقى باغداد رايونىغا توغرا كېلىدۇ.

**ئامۇ دەريا** پامىر تاغلىرىدىن باشلىنىپ، پەرغانە، بۇخارا ۋە خارەزىم رايونلىرىدىن ئۆتۈپ، خەزەر (كاسپى) دېڭىزىغا قۇيۇلىدىغان دەريا. بۇ دەريانى قەدىمدە «ئۆكۈز» (ئوكسۇس)، «جەيھۇن» دەپمۇ ئاتايتتى.

**ئامۇل** خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدىكى تەبەرىستان (قەدىمكى ھىرقانىيە) نىڭ غەربىدىكى كەنت، هازىرقى تېھراننىڭ شىمالىي ئۇدۇلىغا توغرا كېلىدۇ.

**ئانبار** ئىراقنىڭ پايتەختى باغدادنىڭ غەربىي جەنۇبىي رايونى بىلەن كەربەلانىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان شەھەر.

**ئانتاكىيە** هازىرقى سۈرىيىنىڭ غەربىدە، قارا دېڭىز بويىغا يېقىن شەھەر.

**ئەبۇزەبى** ئەربىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبى تۇمشۇقىدىكى جەۋاسىم رايونىنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان ئارال.

**ئەبيات** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدا، خەيبەر شەھەرىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغ.

**ئەبۋا** ئەرەبىستاننىڭ غەربىدە ھىجاز رايونىدىكى ئەرەج بىلەن قەدىت ئارىلىقىدىكى جاي.

**ئەجەم** ئەرەبكە نىسبەتەن «غەيرى ئەرەب» يەنى ئەرەبدىن ئۆزگىلەر «ئەجەم» دېيىلگەن. كېيىنچەرەك «ئەجەم» دېگەندە پەقەت ئىرانلىقلار كۆزدە تۇتۇلغان.

**ئەجنادىن** ئىلگىرى سۇرىيە ۋە پەلەستىندە، قۇددۇس (شام) نىڭ شەرقىدە بۇسرا ۋە مۇتە شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر.

**ئەھدەر** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تۇمشۇقىدىكى تاغ.

**ئەھسا** ئەرەبىستاننىڭ شەرقىدە، بەسرە قولتۇقى بويىدىكى رايون، بۇ رايون شىمالدا كۇۋەيت، جەنۇپتا قاتار يېرىم ئارىلىغىچە سوزۇلغان.

**ئەھقاف چۆلى** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، چوڭ دەھنە چۆلى بىلەن ھەزەر مەۋت ئارىلىقىدىكى چۆللۈك. بۇ چۆلنى «بەھر ۇسسەفى» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**ئەھۋاز** پېرسىيىنىڭ غەربىدە، ئىراقنىڭ جەنۇبىدا، پارس قولتۇقىنىڭ شىمالىدا، دەجلە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمىنىڭ شەرقىغە توغرا كېلىدىغان رايون، قەدىمكى بابىلونىيە ۋە سۇسىئانا دۆلەتلىرىنىڭ ئورنى مەزكۇر رايونغا توغرا كېلىدۇ. شەتتۇل ئەرەب دىلتاسى مەزكۇر رايوننىڭ جەنۇبىدا. بۇ رايوندا «ئەھۋاز» دېگەن شەھەرمۇ بار.

**ئەدەن** ئەردبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبى تۇمشۇقىدا، دېڭىز بويىدىكى شەھەر، يەمەننىڭ پايتەختى.

**ئەرەفات** ئەرەبىستاننىڭ غەربىدە، مەككەنىڭ شەرقىدە ۋە تائىفنىڭ

شىمالىدىكى ئىگىز تۈزلەڭلىك.

**ئەردەبىل** ئازەربەيجاندا، خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بويىدىكى شەھەر.

**ئەسىر** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىدە، قىزىل دېڭىز ياقىسىدىكى ئۆزۈنچاق رايون، شىمالىدا ھىجاز، جەنۇبىدا تەھامە بىلەن تۇتىشىدۇ. شەرقىدە سەرات تاغلىرى سوزۇلغان. كونفۇزە، ئەبھە دېگەن شەھەرلىرى بار. «ئاسىر» مۇ دەيدۇ.

**ئەسفىھان** پېرسىيىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى مەركىزىي شەھەرلىرىدىن بىرى. شىمالىدا رەي (تېھران)، جەنۇبىدا شىراز شەھەرلىرى بار. قەدىمكى نامى «گەبەل»

**ئەفلاج ۋادىسى** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا، تۇۋەيق تاغلىرى بىلەن دەھنە چۆلى ئارىلىقىدىكى ئىگىز تۈزلەڭلىك.

**ئەقەبە** ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمالىي ئۇچىدا، قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقىي شىمال قولتۇقىغا جايلاشقان شەھەر.

**ئەلبەيزا** ئەرەبىستاننىڭ غەربىدە، تائىف شەھىرىنىڭ ئۇدۇلىدا، قىزىل دېڭىز بويىدىكى شەھەر.

**ئەلجەر** ئەرەبىستاننىڭ شىمالىغا مايىل غەرب تەرەپىدە، بەدرەنىڭ غەربىي ئۇدۇلىدا، دېڭىز بويىدىكى يەر.

**ئەندۇلۇس** ھازىرقى ئىسپانىيە. بۇ يەردە ئەمەۋى خەلىپىلىكى قۇرۇلغانىدى.

**ئەيلە** ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمالىي چېتىدە، سىنا يېرىم ئارىلىقىغا يېقىن (قىزىل دېڭىزنىڭ شەرقىي شىمالىي قولتۇقىدا)، ئەقەبەنىڭ جەنۇبىدىكى يەر.

**بابىل** (1) دىجلە ۋە فىرات دەريالىرىنىڭ ئارىلىقىدا قۇرۇلغان قەدىمكى دۆلەت (مىلادىدىن ئىلگىركى 2100 — 1800 — يىللاردا). (2) مەزكۇر رايوندا، ئانباز بىلەن ھىللە، مەداين بىلەن كەربەلا ئوتتۇرىسىدىكى شەھەر.

**بايكەنت** ئوتتۇرا ئاسىيادا، جەيھۇن (ئامۇ دەريا) نىڭ شىمالىي ساھىلىدە، بۇخارانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى قەدىمكى شەھەر.

**بەھرەين** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا مايىل ئوتتۇرا شەرقىدىكى رايون. شەرقىدە ھورمۇز قولتۇقى، جەنۇبىدا ئۇمان رايونى، شىمالىدا ھەجەر (مۇمىنىيە)، غەربىدە يەمامە بىلەن تۇتۇشىدۇ. بۇ رايوننىڭ شەرقىدە قاتار يېرىم ئارىلى پارس - بەبرە قولتۇقىغا ئۇسۇپ كىرگەن. يەنە، قاتار يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا بەھرەين ئاراللىرى بار. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدىكى (قاتار يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدىكى) دېڭىز بويى رايونىنى «بەھرەين» دەپ ئاتىغان.

**بەھرۇسسەفى** ئەھقاف چۆلى.

**بەدىر** مەدىنە شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى كەنت بولۇپ، ئەلجەر ئارقىلىق قىزىل دېڭىز بويىغا توغرا كېلىدۇ.

**بەرەنىس** مىسىردا، قىزىل دېڭىزنىڭ غەربىي قىرغىقىدىكى بەنەز تۇمشۇقىدىكى شەھەر.

**بەرقە** ھازىرقى لىبىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، ئوتتۇرا دېڭىز (ئاق دېڭىز) بويىدىكى قەدىمكى «قىرەنە» رايونى. يەنە شۇ نامدا شەھەرمۇ بولغان.

**بەسرە** فىرات ۋە دىجلە دەريالىرىنىڭ قوشۇلغان يېرىگە جايلاشقان شەھەر. بۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىي شەتتۇل ئەرەب دىلتىسىدۇر. بۇ ئىراقنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدىن بىرى، بەسرە ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى. شەتتۇل - ئەرەب دەرياسى (دىجلە - فراتنىڭ قوشىلىشى) نىڭ غەربىي قىرغىقىدا. جەنۇبىدىن پارس قولتۇقىغا 120 ك. م. كېلىدۇ. مىلادى 636 — يىلىدىن باشلاپ تەمىر قىلىنغان، ئاباسىيلار دەۋرىدىلا مەشھۇر مەدەنىيەت ۋە سودا مەركىزى بولۇپ قالغان.

بەلخ قەدىمكى باكتىرىيانانىڭ شەرقىدىكى، ئامۇ دەريا (جەيھۇن) نىڭ جەنۇبىدىكى، خوراساننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى قەدىمكى شەھەر. «بكترا» دەپمۇ ئاتالغان (بۇ شەھەرنىڭ شەرقىدە «تىرمىز» شەھىرى بار). ھازىر ئافغانىستاننىڭ شىمالىدا. مىلادىدىن ئىلگىركى 3 — 2 ئەسىرلەردە «باكتىرىيانا» نىڭ پايتەختى. «ئۇمۇر بىلاد» دەپمۇ ئاتايدۇ.

بەلۇج (بېلۇجىستان) ھازىرقى پاكىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئومان دېڭىز بويىدىكى رايون. قەدىمكى غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ غەربىي جەنۇبى ئۆلكىسى.

بەيتۇل مۇقەددەس قۇددۇس.

بەيھەق خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، دامغان بىلەن بىستام شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر.

بۇخارا ئوتتۇرا ئاسىيادا، ماۋەرائۇننەھر شەھەرلىرىدىن؛ ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا، قەدىمكى بايكەتنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر.

بۇزەھە ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، ۋاشىم شەھەرىنىڭ غەربىي تەرەپىگە توغرا كېلىدىغان كەنت.

بۇسرا شام (دەمەشق) نىڭ جەنۇبىغا، ئەممانىنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدىغان شەھەر. بۇسرا بىلەن شامنىڭ ئارىلىقىدا ھەۋران دېگەن كەنت بار.

بۇۋەيب ئىراقنىڭ جەنۇبىدا، فىرات دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى شەھەر، يەنى بەسرە بىلەن قەدىسىيە شەھەرلىرى ئارىلىقىدا.

بىزانس بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ تراكىيە قىسمى، يەنى شەرقىي جەنۇبىي تۇمشۇقىدا، قارا دېڭىز بىلەن مەرمەر دېڭىزىنى تۇتاشتۇرىدىغان بوسفور بوغۇزىنىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى شەھەر، ھازىرقى ئىستانبۇل. بۇ يەر «كونستانسىيە»، «بىزانسىيون»، «يېڭى روما»، «كونستانتىنوپول» دەپمۇ

ئاتالغان.

**بىستام** خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، نىشاپۇر بىلەن بەيھەق ئارىلىقىدىكى شەھەر.

**بىرۇيە** ھەلەب.

**پالمىرا** سۇرىيىنىڭ شەرقىدە، شام چۆلىنىڭ شىمالىدىكى شەھەر. «تەدمۇر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**تاشكەنت** ئوتتۇرا ئاسىيادا، ھازىرقى ئۆزبېكىستاننىڭ پايتەختى. سىر دەريا (سەيھۇن) نىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شىمالىي ساھىلىغا جايلاشقان قەدىمكى «شاش» شەھەرى، «تەركەن» دەپمۇ ئاتالغان.

**تالقان** (1) ئاففانىستاننىڭ شىمالىدىكى قەدىمكى توخارىستاننىڭ شەھەرى، بۇ بەلخنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. (2) خوراساننىڭ شەرقىي شىمالىدا، بەلخ شەھەرىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى شەھەر. «تالېقان»، «تاياقان» دەپمۇ ئاتالغان.

**تانجا** شىمالىي ئافرىقىدا. ھازىرقى مەراكەشنىڭ شىمالىي قىسمىدا، جەبەلتارىق (سەبتە) بوغۇزىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى شەھەر. «تىنگىس»، «تانگىئېر» دەپمۇ ئاتالغان.

**تايىف** ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرا غەربىدە، ھىجاز رايونىدا، مەككەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى شەھەر.

**تەبەرىستان** خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي ياقىسىدىكى رايون. شەرقىدىن جۇرجان، جەنۇبىدىن خوراسان رايونلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. بۇ رايوننىڭ قۇرۇقلۇق چېگرىسى بويلىرىدا، جۇرجان، دامغان، رەي، قەزۋىن، ئەردەبىل شەھەرلىرى بولغان. قەدىمكى ھىرقانىيە مەزكۇر رايونغا توغرا كېلىدۇ.

**تەبرىز** ئازەربەيجاندا، ئۇرمىيە كۆلىنىڭ شەرقىدىكى شەھەر. «تىبرىز»، «تەۋرىز»، «تەۋرەش» دەپمۇ ئاتالغان.

**تەبۇك** ئەرەبىستاننىڭ غەربىي شىمالىدا، سىناغا ۋە پەلەستىنگە بارىدىغان قەدىمكى يولنىڭ تۈگۈنىدىكى جاي.

**تەدمۇر** پالمىرا.

**تەۋرەش** تەبرىز.

**تەۋرىز** تەبرىز.

**تەپ** مىسىرنىڭ ئوتتۇرا شەرقىدە، نىل دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى شەھەر. جەنۇبىدا قارناق رايونى بار. «تەبەس، تەبەن» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**تەرسۇس** ھازىرقى تۈركىيىنىڭ جەنۇبىدا، قارا دېڭىز بويىدا، ئادانا بىلەن ئىچەل شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر.

**تەنۇھ** ئىراقنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، بەسرە شەھەرىنىڭ غەربىدىكى رايوندا ياشايدىغان قەبىلە ھەم رايون. بۇنىڭ شىمالىدا مۇنتەفىق قەۋمى، جەنۇبىدا تەغلىب قەبىلىسى، غەربىدە شەيبان قەبىلىسى يەرلىرى بىلەن خوشنا.

**تۇر** سىنا يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىي تۇمشۇقىدىكى تاغ؛ «تۇر» ناملىق كەنتمۇ بار.

**تۇس** خوراساننىڭ ئوتتۇرىسىدا، سەرەخس بىلەن نىشاپۇر ئارىلىقىدىكى شەھەر. ساۋە كەنتى مەزكۇر شەھەرنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

**تىھامە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي چېتىدە، يەمەن زېمىنىگە توغرا كېلىدۇ. ئىلگىرى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي قىسمى قىزىل دېڭىز بويى رايونلىرى ھىجاز ۋە تىھامە دەپ ئاتالغان. كېيىن ئارىلىقىدا «ئاسىر» رايونى ۋۇجۇدقا كەلگەن. تىھامە رايونىدا، لۇھەييە، ھۇدەيدە، سەئىدە، ئىمران، سەنا، مەنەھ، تائىز قاتارلىق شەھەرلەر بار.

**تىرمىز** ئامۇ دەريا (جەيھۇن) نىڭ جەنۇبىدا، بەلخنىڭ شەرقىدىكى شەھەر، قەدىمكى تۇخارىستاننىڭ مۇھىم شەھەرلىرىدىن بىرى. تارىختىكى مەشھۇر «تۆمۈر قاپقا» (تۆمۈر قوۋۇق)

مۇشۇ يەرگە توغرا كېلىدۇ.

**تىنگىس** — تانجا.

**جالىپون** — ھەلەب.

**جەررە** — ھەرران.

**جەزىرە** — ئاناتولى يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدە، ئىران بىلەن چېگرىلانغان رايون. دارا، ھەرران، رۇققە، نۇسەيبىن شەھەرلىرى مەزكۇر رايوننىڭ چۆرىسىگە جايلاشقان. بۇ رايون قەدىمدە مىسوپوتامىيە دەپ ئاتالغان.

**جەيھۇن** — ئامۇ دەريا.

**جۇرجان** — خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، قەدىمكى ھىرقانىيە (تەبەرىستان) نىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر. «گۇرگان» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**ھەرران** — مىسوپاتامىيە، يەنى جەزىرە تۈزلەڭلىكىنىڭ غەربىدە، دىيار مۇدار ئۆلكىسىدە، رەققە بىلەن رۇھا (ئۇرفا) شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر، «جەررە»، «جەرەن» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**ھەرىبە** — بەسرە قولتۇقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىرغىقىدا، بەسرە شەھەرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى جاي.

**ھەزەر مەۋت** — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا، دېڭىز بويىدىكى رايون. شىمالىدىن ئارىقات چۆلى (بەھرۇسسەفى) ھەم ۋەبەر چۆلى، شەرقىدىن سىسۇن تۆپىلىكى، غەربىدىن نەجران ۋادىسى، جەنۇبىدىن مەھرە رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ.

**ھەلەب** — سۇرىيىنىڭ شىمالىدا، قەدىمكى فېنىكانىڭ شىمالىدىكى شەھەر، ھازىرقى ئاناتاكىيىنىڭ شەرقىغە توغرا كېلىدۇ. «ھەپلە»، «جالىپون»، «بىرۇيە» دەپمۇ ئاتالغان.

**ھەمەدان** — پېرسىيىنىڭ غەربىدە، قەدىمكى «مېدىيە» نىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر. بۇرۇنقى نامى «ئېكباتانا» «ئاقباتان» ياكى «ئەكباتان». بۇ شەھەرنىڭ جەنۇبىدا نەھاۋەنت، غەربىي

جەنۇبىدا كىرمانشاھ شەھەرلىرى بار.

**ھەۋران** سۇرىيىدە، شام (دەمەشق) بىلەن بوسرانىڭ ئارىلىقىدىكى جاي.

**ھۇدەيدە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا، مەدىنەنىڭ شىمالىدا؛ ئەبيات تېغىنىڭ غەربىدە، خەيبەرنىڭ غەربىدىكى شەھەر.

**ھۇرەيبە** ئەربىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا ھەزەر مەۋت رايونىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شەھەر. بۇ يەردىن سىھر ئارقىلىق ھىندى دېڭىزىغا چىقىدۇ.

**ھۇرمۇز** پېرسىيىنىڭ جەنۇبىدا، ئۇممان قولتۇقى بىلەن ھۇرمۇز قولتۇقى قوشۇلغان دېڭىز بويىدىكى شەھەر. شىمالىدا بەندەر ئاببا‌س (قەدىمكىسى گۇمرۇن) شەھەرى بار. بۇ يەردىن قۇرۇقلۇقتا مىكران، كىرمان، پارس رايونلىرىغا بارىدۇ. قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز قاتناش تۈگۈنلىرىدىن بىرى.

**ھۇمەيمەن** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىي ئۇچىدا، فەلەستىن چېگرىسىدىكى جاي.

**ھۇنەينە** مەككەنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى ئەرەفات تېغىنىڭ شەرقىدە، غەزۋان تېغىنىڭ جەنۇبىدا، ئۇكازنىڭ شىمالىدىكى كەنت.

**ھىجاز** ئەرەبىستاننىڭ غەربىدە، قىزىل دېڭىز بويىدىكى رايون، جەنۇبىي ئاسىر رايونى بىلەن تۇتۇشىدۇ. ئەرەبىستاننىڭ غەربىدىكى شەھەر - كەنتلەرنىڭ تولىسى مەزكۇر رايوندا.

**ھىرە** ھازىرقى ئىراقنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، كۇفە شەھەرىنىڭ جەنۇبىي ۋە قەدسىيەنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدىغان كونا شەھەر.

**ھىرقانىيە** تەبەرىستان.

**ھېرات** خوراساننىڭ شەرقىدىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى، ھىرە دەرياسىنىڭ بويىغا جايلاشقان؛ مەرۋرۇز، مەرۋى شەھەرلىرى بۇ شەھەرنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**خەيبەر** ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي غەربىدىكى شەھەر، ئەبيات تېغىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان.

**خوراسان** پېرسىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى رايون؛ ئورنى خەزەر (كاسپىي) دېڭىزىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، خارەزمىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. شەرقىدىن ئافغانىستان ۋە جەنۇبىدىن ئىراننىڭ كىرمان رايونى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. ھىرات، رەي شەھەرلىرى مەزكۇر رايوندا. قەدىمكى «پارفىيە» (پارتىيە) ۋە «باكتىريانا» دۆلەتلىرى مەزكۇر رايوندا ئىدى.

**خۇزىستان** خۇز مەملىكىتى. قەدىمكى خۇزىستان دىجلە بىلەن فرات دەريالىرى ئارىلىقىدا، مىسوپوتامىيە ۋادىسى ۋە جەنۇبىي زاگروس تاغلىرىغىچە سوزۇلۇپ، ئىران قولتۇقىغا ئېچىلىدۇ. ئىراننىڭ قەدىمكى سۇسىيانا ۋە ئاقباتانا دۆلەتلىرى ئارىلىقىدىكى رايون. قەدىمكى چاغلاردا ئەرەب قەۋملىرىدىن «كەئب» (بەدەۋىلەر تەلەپپۇزىدە «جەلب») ۋە «بەنى لام» كۆچمەنلىرى ياشىغانلىقى ئۈچۈن «ئىراق ئەرەب» دەپمۇ ئاتالغان. شىمالىي زاگروس تاغلىرى، غەربىي كەرىما، شەرقتە كۇردىستان، جەنۇپتا شەتتۇل ئەرەبنىڭ جەرراھى ياكى تاب تارمىقى باشلانغان رايون. ئاساسىي شەھەرلىرى دىزفۇل، ھەۋىزە (سۇك - ئەل ئەھۋاز)، رام - ھورمۇز، مۇھەممەرا، بەھبەھان.

**دامغان** خەزەر (كاسپىي) دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدا، خوراسان ئۆلكىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، رەينىڭ شەرقىدىكى شەھەر. قەدىمكى ھېكا تومپۇلۇس شەھەرى.

**دەماۋەند** خەزەر (كاسپىي) دېڭىزىنىڭ جەنۇبىدا، تەبەرستاننىڭ جەنۇبىدىكى رايون. شەرقىدە دامغان، غەربىدە رەي شەھەرلىرى بار.

**دۇمەتۇل جەندەل** ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي ئۈچىدا، چوڭ نۇتۇد چۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى يەر.

دىجلە دەرياسى تۈركىيىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي قىسمىدىن باشلىنىپ، ئىراقنىڭ موسۇل باغداد شەھەرلىرىدىن ئۆتۈپ، فرات دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ بەسرە قولتۇقىغا قۇيۇلىدۇ. بۇ دەريا «ئارانزاخ»، «مالاس»، «تىگرىس» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قەدىمكى مىسوپوتامىيە تۈزلەڭلىكى دىجلە بىلەن فىرات دەريالىرى ئارىلىقىدا.

رەققە ئاناتولى يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىدە قەدىمكى مىسوپوتامىيە، يەنى جەزىرە رايونىدا، فرات دەرياسىنىڭ شىمالىي تارمىقىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان شەھەر، هەرران شەھەرىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ.

رەي خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي بويىدىكى تەبەرستاننىڭ جەنۇبىدا، قەزۋىن ۋە دامغان شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر. هازىرقى تېھراننىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ. «راگا»، «راغا» دەپمۇ ئاتالغان.

رۇم قەدىمكى دۆلەت. غەربىي رۇم ئىمپېراتورلۇقى ئورنىدا، كېيىن (7 — ئەسىردە) شەرقىي رۇم ئىمپېراتورلۇقى ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇ دۆلەت ۋىزانتىيە (بىزانس) ئىمپېراتورلۇقى دەپمۇ ئاتالغان. ئەرەبىستاندا ئىسلام دىنى تارقىلىپ، مىلادى 630 — يىللىرىغا كەلگەندە، بۇ ئىمپېراتورلۇقنىڭ شەرقتە ئىگىلىگەن يەرلىرى غەربىي ئاناتولى، شام چۆلى، جەنۇپتا سىنا يېرىم ئارىلىغا، ھەتتا ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى مەئان، ھۇمەيمە، ئەقەبە، ئەيلە شەھەرلىرىگىچە يەتكەن. بۇ ئىمپېراتورلۇقنىڭ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىغىچە كېڭەيگەن زىمىنىنىڭ جەنۇبىي بۆلۈكىدە، پەترا، مۇتە، غاززە، ھەبرۇن، قۇددۇس شەھەرلىرى بار ئىدى.

زەبۇلىستان ئافغان، ئىران، پاكىستان چېگرىلىرىغا توغرا كېلىدىغان

رايون، قەدىمكى غەزنەۋىلەر دۆلىتىنىڭ غەربىي شىمالىدىكى رايون. قەندىھار، غەزنە شەھەرلىرى مەزكۇر رايوندا.

**زەفەر** — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدا، ھەزرەمەۋت رايونىنىڭ جەنۇبىدا، كامەر قولتۇقىنىڭ قىرغىقىدىكى شەھەر. «رەيدان» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**سابا** — مارىب.

**ساكىستان** — خوراساننىڭ جەنۇبىدا، مەكراننىڭ شىمالىدىكى رايون. قەدىمكى زەرەنج شەھىرى مەزكۇر رايوندا. «سىجىستان»، «سىيىستان» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**سامەررا** — ئىراقتا، باغداتنىڭ غەربىي شىمالىدا، دىجلە دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى شەھەر.

**ساۋە** — ئىراننىڭ شەرقىي شىمالىدا، خوراسان ئۆلكىسىدە، نىشاپۇرنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر.

**سەرەخس** — مەرۋە شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا، تۇس شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شەھەر، ئورنى خوراساننىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ، جەيھۇن (ئامۇ دەريا) نىڭ ئوتتۇرا ئېقىمىنىڭ شەرقىدە. «سەرەخەس»، «سەرخەس» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**سەنئا (سانا)** — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تۇمشۇقىدا؛ يەمەننىڭ پايتەختى.

**سەيھۇن** — سىر دەريا.

**سىجىستان** — ساكىستان.

**سىر دەريا** — تەڭرى تاغلىرىنىڭ غەربىي بۆلۈكىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن باشلىنىپ، فەرغانە تۈزلەڭلىكىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن ئۆتۈپ، تاشكەنت ئوترار (فاراب) شەھەرلىرىنى بويلاپ، ئارال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. «سەيھۇن»، «ئىنچۇ»، «يەكسارت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**سىففىن** — سۈرىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، ھەلەپ شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شەھەر.

**سىنا** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدا، قىزىل دېڭىزنىڭ شىمالىي بىلەن ئاق دېڭىزنىڭ جەنۇبىي ئارىلىقىدىكى رايون، پەلەستىنىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. تىھ چۆلى مەزكۇر رايوننىڭ ئوتتۇرىسىدا، موسا تېغى جەنۇبىدا، مەشھۇر تۇر تېغى جەنۇبىي تۇمشۇقىدا.

**شاپۇر** پېرسىيىنىڭ كىرمان ئۆلكىسىنىڭ غەربىدە، بەسرە قولتۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىي قىرغىقىدا، ئەۋاز رايونىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر؛ بۇنىڭ شەرقىدە ئىسراز شەھەرى بار.

**شاش** تاشكەنت.

**شام** هازىرقى سۇرىيە پايتەختى دەمەشق شەھەرى. سۇرىيىنىمۇ ئەينى زاماندا «شام» دەپ ئاتايتتى.

**شىراز** ئىراننىڭ غەربىي جەنۇبىدا، پارس رايونىدىكى شەھەر.

**غاززە** كەنئاننىڭ غەربىدە (پەلەستىنىدە)، قارا دېڭىز بويىدىكى قەدىمكى شەھەر.

**غەزنە** قەدىمكى كۇشان ئىمپېراتۇرلۇقىنىڭ زەبۇلىستان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزىي، كابۇلنىڭ غەربىي جەنۇبىي، قەندىهارنىڭ شەرقىي شىمالىغا توغرا كېلىدۇ.

**فارما** سىنا يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىدا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدا، پورت سەئىد شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى شەھەر.

**فارس** ئىراننىڭ جەنۇبىدا، ئىران (پارس) قولتۇقى بويىدىكى رايون. شاپۇر، شىراز، فىرۇز ئاباد، هورمۇز شەھەرلىرى مەزكۇر رايوندا. بۇ جاينى «پېرسىيە»، «پېرسىس» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**فەدەك** مەدىنەنىڭ شىمالىي تەرەپىدىكى كەنت، ۋادىئۇل قۇرانىڭ شەرقىدە.

**فۇستات** مىسىرنىڭ پايتەختى — قاهىرە.

**فېنىكا** قەدىمكى دۆلەت، هازىرقى سۇرىيىنىڭ غەربىي قىسمى، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىرغاق تەرەپىدە. بىلبوس،

ئارۋات، ترابىلۇس، بېيرۇت، سىدون (سەيدا) دېگەن شەھەرلىرى بار ئىدى.

**قارشى** ئوتتۇرا ئاسىيادا، كەشنىڭ غەربىي، بۇخارانىڭ شەرقىي جەنۇبىي، جەيھۇن (ئامۇ دەريا) نىڭ شەرىپىي تەرەپىدىكى شەھەر.

**قەدىسىيە** ئىراقتا، فىرات دەرياسى ۋادىسىنىڭ غەربىدە، كۇفە ۋە ھىرە شەھەرلىرىنىڭ جەنۇبىدا، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي چېگرىسىغا يېقىن شەھەر.

**قەزۋىن** خەزەر (كاسپى) دېڭىزىنىڭ جەنۇبىي بويىدىكى تەبەرىستاننىڭ غەربىي جەنۇبىي تەرەپىگە توغرا كېلىدىغان شەھەر. غەربىي شىمالىدا ئەردەبىل، شەرقىدە رەي، جەنۇبىدا ھەمەدان شەھەرلىرى بار.

**قەندەھار** ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدا، سىكىستان ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي قىسمىدا، غەزنە شەھەرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شەھەر.

**قۇبا** مەدىنەنىڭ جەنۇبىدىكى كەنت. مۇھەممەد پەيغەمبەر مەدىنەگە ھىجرەت قىلغاندا، سالدۇرغان مەسجىد مەزكۇر كەنتتە بولۇپ، «قۇبا مەسجىدى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇردۇر.

**قۇددۇس** پەلەستىندىكى قەدىمكى شەھەر. ئادەتتە «بەيتۇل مۇقەددەس» دېيىلىدۇ. ھازىرقى ئىسرائىلىيىنىڭ پايتەختى «يېرۇسەلىم»گە توغرا كېلىدۇ. قەدىمدە «ئائېليا جاپتولىنا» دەپمۇ ئاتىلاتتى.

**قۇرتۇبە** ئىسپانىيىنىڭ جەنۇبىي قىسمىدا، ۋادىئۇل كەبىر دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى شەھەر. «كوردوبا» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**كابىل** ھازىرقى ئافغانىستاننىڭ پايتەختى. قەدىمكى باكتىرىيە، كۇشان، ئاق ھۇن (ئابدال، ئېفتالىت) ئىمپېراتورلۇقـ لىرىنىڭ موھىم شەھەرلىرىدىن. شەرقىدە كاپىسا، غەربىدە بەمىيان شەھەرلىرى بولغان. «كابۇرا»، «كابۇل» دەپمۇ

ئاتالغان.

**كاشات** پېرسىيىنىڭ غەربىدە، قۇم ۋە ئىسفىھان شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى شەھەر.

**كەربەلا** ئىراقتا، ھازىرقى باغداد ۋە ئانبارنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، فىرات دەرياسىنىڭ غەربىي ۋەدەسىدە، كۇفەنىڭ شىمالىدىكى شەھەر. شام چۆلىنىڭ شەرقىي «كەربەلا چۆلى» دەپمۇ ئاتالغان.

**كەش** (1) مىسوپوتامىيىدە، قەدىمكى بابىل دۆلىتىنىڭ بابىل شەھەرى شەرقىدىكى كەھشى شەھەرى. (2) ئوتتۇرا ئاسىيادا، مەۋارەئۇننەھىردە، سەمەرقەنتنىڭ جەنۇبىدىكى «يېشىل شەھەر».

**كەشمىر** ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدا پەنجاب رايونىنىڭ شىمالىي قىسمى. قارا قۇرۇم، ھىندۇقۇش تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئۆلكە ھەم شەھەر.

**كەھشى** ھازىرقى ئىراقنىڭ جەنۇبىدا، دىجلە دەرياسىنىڭ تۆۋەنكى ئېقىمى بويىدا، ۋاسىت ۋە بەسرە شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدىكى قەدىمكى شەھەر، قەدىمكى بابىل شەھەرلىرىدىن. «كەش» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**كەنئان** ھازىرقى پەلەستىن. كەنئانىلەر مىلادىدىن ئىلگىرىكى — 11 ئەسىرلەردە، شام (سۈرىيە) ۋە ئوردانىيە تەرەپلىرىگىچە كېڭەيگەن.

**كۇھىستان** ئىران چۆلىنىڭ شەرقىدە، خوراسانىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان جاي. بۇ يەرنىڭ جەنۇبىي ساكىستان (سىجىستان) دۇر.

**كۇشان** كۇشان ئىمپېراتورلۇقى (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 75 — يىلىدىن مىلادى 520 — يىلىغىچە) ئەڭ كېڭەيگەن دەۋرىدە زېمىن دائىرىسى شەرقتە لوبنورغىچە، غەرپتە كاسپىي دېڭىزىغىچە، شىمالدا ئىسسىق كۆل ۋە ئارال كۆلىدىن جەنۇپتا ھىندىستاننىڭ كۆجەرەت ئۆلكىسىگىچە بارغان.

| | |
|---|---|
| كۇفە | ئىراقنىڭ جەنۇبىدا، كەربەلا ۋە ھىرە شەھەرلىرىنىڭ ئارىلىقىدا، فرات دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا جايلاشقان شەھەر. |
| كىرمان | پېرسىيىنىڭ جەنۇبىدا، ئىران چۆلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى رايون. شىمالىدىن خوراسان، جەنۇبىدىن مىكران رايونلىرى بىلەن، شەرقىدىن بېلۇجىستان، غەربىدىن پارس رايونلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ. مەركىزى ھورمۇز شەھەرى. |
| كىرمانشاھ | پېرسىيىنىڭ غەربىدە، ھەمەداننىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شەھەر. |
| گەرمسىر | پېرسىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، پارس رايونىنىڭ غەربىدە؛ پارس قولتۇقىنىڭ شىمالىي بويىدىكى غۇر (فىرۇز ئاباد) شەھەرى مەزكۇر رايوندا. |
| گىپلان | خەزەر (كاسپىي) دېڭىزىنىڭ غەربىي جەنۇبىي بويىدىكى قەدىمكى مېدىيەنىڭ شەھەرى. |
| گۇرگان | جۇرجان. |
| لاداق | قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ جەنۇبىدا، كەشمىرنىڭ شەرقىي شىمالىي قىسمىدىكى رايون. |
| لاھۇر | هازىرقى پاكىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا سىند دەرياسىنىڭ شىمالىي تارماقلىرىدىن راۋى دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى شەھەر، «مەھمۇتپۇر» دەپمۇ ئاتالغان. |
| لەيلا | ئەرەبىستاننىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئەفلاج ۋادىسىنىڭ شىمالىي قىسمىدا، تۇۋەيق تاغلىرىنىڭ شەرقىدىكى شەھەر. |
| لىبيە | ئافرىقىنىڭ شىمالىدا، مىسىرنىڭ غەربىي شىمالىدا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي بويىدىكى دۆلەت. ترابلۇس، ترىپولى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. |
| مارىپ | ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، سەنانىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر. «سابا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. |
| مازەندەران | تەبەرىستان رايونى. |

**ماۋرائۇننەھر** ئىنچۇ (سىر دەريا، سەيھۇن) دەرياسى بىلەن ئامۇ دەريا (جەيھۇن، ئۆكۈز) ئارىلىقى، ئىككى دەريا ئوتتۇرىسى. شىمالىدا قىزىل قۇم چۆلى بار.

**مەھرە** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەزەر مەۋت رايونىنىڭ جەنۇبىدا، دېڭىز بويىدىكى رايون.

**مەھمۇتپور** لاھور.

**مەداين** ئىراقنىڭ پايتەختى باغدادنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا مايىل قەدىمكى كتېسفون شەھەرى.

**مەدىنە** ئەرەبىستاننىڭ شىمالىي غەربىگە، ھىجازنىڭ شەرقىغە جايلاشقان شەھەر. پەيغەمبەر مەسجىدى ۋە رەۋزەسى (قەۋرىسى) مەزكۇر شەھەردە. بۇرۇنقى نامى «يەسرىب» ئىدى. مەككە بىلەن مەدىنە شەھەرلىرى «ئىككى ھەرەم» يەنى «ھەرەمەينۇل شەرەفەين» دېيىلىدۇ.

**مەرۋ** ئوتتۇرا ئاسىيادا، خارەزمىنىڭ جەنۇبىدا، ھازىرقى تۈركمەنىستاندىكى قەدىمكى شەھەر. بۇنىڭ شەرقىدە تالقان، غەربىدە تۇس، شىمالىدا قۇشمىھان، جەنۇبىدا مەرۋرۇز شەھەرلىرى بار ئىدى. بۇ جاي «مارغىيانا» ، «ئانتىئوخىيە» دەپمۇ ئاتالغان.

**مەغرىب** ئافرىقىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا، ھازىرقى تۇنىس، جەزايىر (ئالجىرىيە) ، مەراكەش (ماروككو) مەملىكەتلىرى. مەغرىبى ئەقسا (چەت مەغرىب) ماروككونى، مەغرىبى ئەۋسات (ئوتتۇرا مەغرىب) تۇنىس بىلەن جەزايىرنى كۆرسىتىدۇ.

**مەكران** پېرسىيىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى رايون. شىمالىدا كرمان ئۆلكىسى، جەنۇبىدا ئۇمان قولتۇقى بار.

**مەككە** ئەرەبىستاننىڭ غەربىي ئوتتۇرىسىدىكى چوڭ شەھەر. غەربىدىن جىددە ئارقىلىق قىزىل دېڭىزغا چىقىدۇ. بەيتۇللا - خانەئى كەئبە مەزكۇر شەھەردە. ئەرەفات، مۇزدەلىفە، مىنا رايونلىرى (ھەج قىلغاندا بېرىشقا تېگىش-

لىك جايلار) مەزكۇر شەھەرنىڭ شەرقىي ئەتراپىدا.

**مەنسۇرە** ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىدا ھىندۇ دەرياسىنىڭ ئۇممان دېڭىزىغا قۇيۇلۇش ئاغزىغا يېقىن ۋادىدىكى شەھەر. بۇنىڭ جەنۇبىدا، دېڭىز ياقىسىدا قاراشى شەھەرى بار.

**مۇتە** ئوردانىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدىغان قەدىمكى كەنت، ئەرەبىستاننىڭ شىمالىدىكى دۇمەتۇل جەندەل رايونىنىڭ شىمالىدا.

**مۇسۇل** دىجلە دەرياسىنىڭ يۇقۇرى ئېقىمى بويىدا، قەدىمكى مىدىيە بىلەن مىسوپوتامىيە ئارىلىقىدىكى شەھەر. بۇنىڭ غەربىدە سىنجار، جەنۇبىدا ھەترە، شىمالىدا نىنىۋە، شەرقىدە كەربەلا شەھەرلىرى بار.

**مۇلتان** ھىندىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدا، پەنجاب ئۆلكىسىدە، ھىند دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا تارماقلىرى بويىدىكى شەھەر.

**نەجران** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىدا، ئەھقاف چۆلىنىڭ غەربىدە، دېڭىز بويىدىكى ئاسىر ۋە تىھامە رايونلىرىنىڭ شەرقىدىكى رايون ھەم شەھەر؛ جەنۇبىدا سەيھەل چۆلى بار.

**نەھاۋەنت** پېرسىيىنىڭ غەربىدە، ھەمەدانىنىڭ جەنۇبىدىكى شەھەر.

**نىشاپۇر** پېرسىيىنىڭ شەرقىي شىمالىدا، تۇس شەھەرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى شەھەر. خوراسان ئۆلكىسىنىڭ، جۈملىدىن قەدىمكى باكترىيانىڭ مەركىزى شەھەرلىرىدىن بىرى.

**نۇقۇت** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چۆللۈك؛ چوڭ نۇفۇت چۆلى ۋە كىچىك نۇفۇت چۆلى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ، كىچىك نۇقۇت چۆلى شەرقتە ئەل ھاسانىڭ غەربىدە.

**ئۇبۇللە** ئىراقنىڭ جەنۇبىدا، بەسرە قولتۇقىنىڭ بويىدا (بەسرە شەھەرىنىڭ جەنۇبىدا) كى شەھەر.

ئۇھۇد — مەدىنەنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى تاغ، بۇنىڭ غەربىي شىمالىدا خەيبەر، شەرقىدە بوشا شەھەرلىرى بار.

ئۇزجەنت — ئۇزكەنت.

ئۇزكەنت — ئوتتۇرا ئاسىيادا، ھازىرقى ئۆزبېكىستاندا، فەرغانە تۈزلەڭلىكىنىڭ شىمالىدا، ئىسپىجاپنىڭ شەرقىدىكى شەھەر. بۇنى ئەرەبلەر «ئۇزجەند»، پارسلار «ئوزكەنت» دەيدۇ.

ئۇكاز — ئەرەبىستاننىڭ غەربىي قىسمىدا، ھىجاز ئۆلكىسىنىڭ جەنۇبىدا، تايىفنىڭ شەرقىي جەنۇبىدا، سەرات تاغلىرىنىڭ شەرقىي ئېتىكىدىكى شەھەر.

ئۇممان — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي جەنۇبىي تۆمشۇقىدىكى رايون.

ئۆرگەنج — ئوتتۇرا ئاسىيادا خارەزم ئۆلكىسىدە. جەيھۇننىڭ جەنۇبى قىرغىقىدا، خىۋەنىڭ شىمالىدىكى شەھەر.

ئۆكۈز — ئامۇ دەريا.

ئىستەھر — پېرسىيىنىڭ كىرمان ۋىلايىتىنىڭ غەربىدە. شىرازنىڭ شەرقىي شىمالىدىكى شەھەر. «ئىستەرەخ» دەپمۇ ئاتايدۇ.

ئىسكەندەرىيە — مىسىرنىڭ شىمالىدا، نىل دەريا دىلتاسىدا، ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى پورت — شەھەر.

ئېكباتانا — ھەمەدان.

ئىنچۇ ئۆكۈز — سىر دەريا.

يەرمۇك ئېقىنى — ھەۋران چۆلىنىڭ غەربىي شىمالىدىن باشلىنىپ، سۇرىيە، پەلەستىن زېمىنىدە شىمالدىن جەنۇبقا ئېقىپ، قۇددۇسنىڭ جەنۇبىدىكى لۇت كۆلىگە قۇيۇلىدۇ.

يەسرىب — مەدىنە.

يەكسارت — سىر دەريا.

يەمامە — ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايون. شەرقىدىن بەھرەين، شىمالىدىن ھارىق، غەربىدىن ئەل - ھەسەن، جەنۇبىدىن ئەل ئاروز رايونلىرى بىلەن

تۇتۇشىدۇ.

**يەمەن** ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تۇمشۇقىدىكى رايون. غەربىي بابۇلمەندەب بوغۇزى، جەنۇبىي ئادەن قولتۇقى. سانا، سابا (مارىپ)، ھۇدەيدە، ئادەن دېگەن مەركىزىي شەھەرلىرى بار. ھازىر شىمالى يەمەن، جەنۇبىي يەمەن دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن.

**يەنبۇغ** ئەرەبىستاننىڭ غەربىي چېتى قىزىل دېڭىز بويىدىكى شەھەر، مەدىنەنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

# سۆزلۈك

## ئا

**ئابا** — ئاتىلار، ئاتا - بوۋىلار.

**ئابدار** — ① تىنىق، پارقىراق؛ ② سۇلۇق؛ ③ سۆيگۈسىنىڭ لېۋى.

**ئابىد** — ئىبادەت قىلغۇچى.

**ئابى دەھتەن** — ①تەر؛ ② تاھارەت ئالغان سۇ.

**ئاتەشكەدە** — ئوتقا تېۋىنغۇچىلار ئىبادەتخانىسى.

**ئاھەمم** — موھىم، ئەھمىيەتلىك.

**ئاراستە** — ياسانغان، بېزەنگەن.

**ئارايىش** — پەداز، بېزەك.

**ئارىز** — پەيدا بولۇش، يۈز بېرىش.

**ئازمايىش** — سىناش، ئىمتىھان قىلىش.

**ئازمۇدە** — سىناق، ئىمتىھان.

**ئازۇردە** — ئازار چەككەن، رەنجىگەن.

**ئاسا** — ① تىنچىتقۇچى، ئارام بەرگۈچى؛ ② ئوخشاش، كەبى، سىڭرى دىل ئاسا - كۆڭۈلنى تىنجىتىش، كۆڭۈلنى ياساش؛ رەۋان ئاسا - جاندەك، جان سىڭرى.

**ئاسىب** — زىيان، زەرەر؛ مۇسىبەت، ئاپەت، كۈلپەت؛ تىنچسىزلىق.

ئاشۇرا — ھىجرىيە بىرىنچى ئاي (مۇھەررەم) نىڭ بىرىنچى ئون كۈنى.

ئاشۇفتە — ① پەرىشان، چېچىلغان، چۇۋۇلغان؛ ② بېرىلىپ كەتكەن، مەپتۇن، ئاشىق، شەيدا.

ئاغاز — باشلانما، كىرىشىش، ئىبتىدا.

ئافەرىن — ① ياخشى، ياشا، بارىكاللا؛ ② يارانقۇچى، پەيدا قىلغۇچى.

ئافەرىنەندە — ياراتىلماق، ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلمەك.

ئالات — ئەسۋابلار، قورال - ياراغ.

ئالۇدە — بۇلغانغان، مىلانغان، پاسكىنە، ئىرىغسىز، ئىپلاس.

ئام — ئومۇمى، كۆپچىلىك.

ئامادە — تەييار، تەييارلانغلىق؛ تەييارلاش.

ئامىرزىش — گۇناھنى كېچىش، كېچىرىم قىلىش، ئەپۇ قىلىش.

ئامىل — ئەمەل قىلغۇچى، ئىش بېجىرگۈچى؛ ئەمەلدار.

ئاۋىزان — ئېسىلماق، چاپلاشماق.

ئاۋىزە — ① ئېسىغلىق، ئاسما، ئاسقۇ؛ ② ھالقا، سىزغا، زىرە.

ئايات — ①نىشانلار، بەلگىلەر، ئالامەتلەر؛ ② «قۇرئان» جۈملىلىرى.

ئايىن — ① ئادەت، يوسۇن، قىلىق؛ ھال، رەۋىش، تەرتىپ - ئۇسۇل؛ ② ئوخشاش.

## ئە

ئەبرار — ئادىل، توغرا؛ پاك، سادىق.

ئەتەبە — پەلەمپەي، بالداق، سۇپا.

ئەتەس چۈشكۈرمەك، چۈشكۈرۈك.

ئەتۋار پېئىل - ھەركەت، رەۋىش، ھالەت.

ئەجزا بۆلەك، پارچە.

ئەخيار خىللانغانلار، ياخشىلار. ئالدىنقى قاتاردىكىلەر.

ئەدىمۇل ئىستەتائەت قولاق سالمىغان، بويسۇنمىغان.

ئەرەفات ① تونۇماق، تونۇشماق؛ ② مەككەنىڭ شەرقىدىكى ساي - تۈزلەڭلىك، ھەج قىلغاندا بېرىشقا تېگىشلىك جاي.

ئەركان تايانچلار، تۈۋرۈكلەر، ئاساسلار.

ئەزل بوشاتماق، مەنسەپدىن چۈشۈرمەك، خىزمەتتىن قالدۇرۇش.

ئەزم نىيەت قىلماق، بەل باغلاش.

ئەزىيمەت كەتمەك، ماڭماق، يولغا چىقماق.

ئەسەد يولۋاس، بارس.

ئەسناف تۈرلەر، تەبەقەلەر، سىنىپلار، تەۋەلەر.

ئەسب رەھبەر، يولباشچى.

ئەسھەم خازان، سارغايغان.

ئەشراف شەرەپلىك كىشىلەر، كاتتا ئادەملەر، ئۇلۇغلار، مۆتىۋەرلەر.

ئەشرەم بېرىق، كېسىك، تاتۇق.

ئەشغال مەشغۇلات، ئىشلار.

ئەفراد ھەمجىنسلەر، بىرلىكلەر، زاتلار.

ئەفزا سۆز بىرىكمەسىدە «ئاشۇرۇش، ئۇزارتىش، كۆپەيتىش» مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

ئەقرەبا يېقىنلار، تۇققانلار، قېرىنداشلار.

ئەكرەم ئەرەملىك، شەپقەتلىك؛ ھۆرمەتلىك، ئىززەتلىك.

ئەلتاف لۇتفلەر، مەرھەمەتلەر.

ئەلغە ئوت . بوغۇز، يەم - خەشەك، ھەلەپ.

ئەلقەب لەقەب (لەقەم) قويۇلماق، لەقەبلەنمەك.
ئەمارەت ئەمىرلىك. تۆگىگە ئارتىدىغان (ئادەم چۈشۈش ئۈچۈن) پۆلۈق، قۇما، كېشىك.
ئەمامە سەللە، دەستار.
ئەمداد مەدەت بېرىش، قوللاش، يۆلەش.
ئەمرنەھى مەنئى قىلىنغان، چەكلەنگەن، قىلىش توسۇلغان.
ئەمىن ئامەنەتكە خىيانەت قىلمايدىغان، ئىشەنچلىك.
ئەندازە ئۆلچەم، ئەندىز، ئۆلگە؛ مىقدار.
ئەندۇھ قايغۇ، غەم.
ئەنسار ياردەمچىلەر، قوللىغۇچىلار.
ئەنۋائ خىلمۇ خىل، تۈرلۈك - تۈرلۈك.
ئەۋباش بىۋاش، ساياق، بىزارى.
ئەۋزائ پىچىم، يارتىلىش؛ ھەركەت، خۇي - پەيلى.
ئەۋساف سۈپەتلەر؛ ماختاشلار، سۈپەتلەشلەر.
ئەۋلا ياخشى، ئارتۇق.
ئەييام كۈنلەر، چاغلار، زامان، ۋاقىت.
ئەئرابى بەدەۋى ئەرەب، دالىدا ياشىغۇچى ئەرەبلەر.

## ب

باب ① دەرۋازە، ئېشىك، قوۋۇغ؛ ② باپ، كىتاپنىڭ بۆلۈمى.
باتىل بۇزۇلغان، بۇزۇق، بىكار قىلىنغان، بىھۇدە، يوققا چىققان.
باتىن ① ئىچ، ئىچكى؛ ② كۆڭۈل، روھ.
بادىيە سەھرا، دالا، يېزا.
بارھا نەچچە قېتىم، قايتا - قايتا.
بازۇ ① بىلەك، قول. ② قۇۋۋەت، كۈچ.

**بالا** ئېگىز، يۇقۇرى، ئۈست، بەلەند؛ كۆچلۈك، قۇدرەتلىك.

**باۋەر** ئىشەنمەك، ئىشەنچ، قۇبۇل قىلماق.

**باۋۇرچى** ئاشپەز.

**بائىس** سەۋەب، سەۋەبچى.

**بەئەدابىھى ئەجمەئىين** پۈتكۈل ئەدەبلىكلەر، تۈزۈتلۈكلەر كۆپچىلىكى.

**بەتها** قۇرۇق ساي، سايلىق؛ قۇرۇق جىلغا.

**بەھ** ئوبدان، ياخشى. خوب. بەھراق — ئوبدانراق، ياخشىراق.

**بەھرە** ھەسسە، بۆلۈك، قىسمەت، نەسىبە.

**بەخشىش** تارتۇق، ىېرىش، سوغا، ھەدىيە، بېغىشلاش، بەخش ئەتمەك.

**بەدر** تولۇق ئاي.

**بەدرى ھەرەمى** ھەرەم ئۆيىنىڭ تولۇن ئاي؛

**بەدرى مۇنىر** نۇرلۇق ئاي، تولۇن ئايى.

**بەدكار** ئەخلاقسىز، يارىماس، بۇزۇق.

**بەدكەردار** قىلىقى يامان، مىجەزى يامان، ئەسكى.

**بەر** ① ھاسىل، مېۋە، بەھرە؛ ② تەن، بەدەن، كۆكرەك؛ ③ ئېتەك.

**بەرايا** كىشىلەر، ئادەملەر.

**بەرەھنە** يالاڭغاچ، ھەممە يېرى ئوچۇق.

**بەرھەق** چىن، راست، توغرا.

**بەرگۈزىدە** تاللانغان، خىللانغان، ئىلغاپ ئېلىنغان.

**بەرگۇستۋان** ئات زىرىھى. جەڭدە ئوق ئۆتمەسلىك ئۈچۈن ئاتقا ئارتىلىدىغان يوپۇق. «بەرگۇستان» دەپمۇ ئاتايدۇ.

**بەزەكار** جىنايەتچى، جىنايەتكار، گۇناھكار.

**بەقا** ئەبەدىلىك، مەڭگۈلۈك: تىرىكلىك، بارلىق، ھايات. باقىي.

**باقى** ئەبەدى، مەڭگۈ؛ قالدۇق، ئېشىپ قالغان.

بەلاغ — جاكا، بايانات، دوكلات، ئېلان، ئۇقتۇرۇش.
بەلخ (بەل ئەخ) — بەل - بەلكى، ئەخ - قېرىنداش، بۇرادەر.
بەلىد — دۆت، كالۋا، مۆڭ.
بەلىغ — سىلىق، مەنىلىك، تولۇق ئىپادىلىك.
بەۋا — يوغان ئىلان، ئىلاننىڭ بىر خىلى.
بەۋل-شاشە — سۇدۇك-تېزەك، نىجاسەت.
بەيئەت — توختام، كېلىشىم، ۋەدە، ئەھد، ھۆكۈمەتكە بويسۇنۇش توغرىسىدا سۆز بېرىش.
بەيتۇس سۇراھ — تازا ئۆي، پاك ئۆي.
بەيتۇل مال — پادىشالىق خەزىنە، دۆلەت ئىختىيارىغا ئېلىنغان مال - مۈلك.
بەيتۇل مەئمۇر — تۇرالغۇ ئۆي. ئاۋات ئۆي.
بەيتۇل مۇقەددەس — قۇددۇس، ئىراۋسالىم.
بىئەدەد — سانسىز، ئەدەدسىز.
بىئەندازە — ئەندىزەسىز، تولا، ئۆلچىگۈسىز.
بىباك — ① ھېيىقماس، تاتىنماس؛ ② پەرۋاسىز، بىۋاش.
بىتەئەننىي — تېزلا، چاپسانلا (تەئەننىي - ئاستا، ئالدىرىماي، ئېغىرلىق بىلەن).
بىچۇن — مىسلىسىز، ئوخشىمايدىغان.
بىھتەر — ئېسىل، ياخشى، ئوبدان.
بىھەد — ھەددىسىز، چەكسىز.
بىداد — جەۋرە، زۇلۇم.
بىدار — ئويغاق.
بىش — كۆپ، ئاۋۇن، ئارتۇق.
بىشە — ئورمان، جاڭگال، چانقاللىق.
بىشۇمار — نۇرغۇن، جىق.
بۇرھان — ئىسپات، ھۆججەت، دەستەك، دەلىل.
بۇرد — يوللۇق كاتان (رەخت)، يوللۇق يېپىنچا.
بۇقەلەمۇن — تۈرلۈك تۈسكە كىرەلەيدىغان هايۋان، خامېلىئون.

**بۇنياد** ئۇل، ئاساس.

**بىھىل** كېچىنىش، بەھرىدىن ئۆتۈش، كېچىرىم.

**بىدىماغ** كەيپسىز، خۇش ئەمەس.

**بىرسام** كۆكرەك ئاغرىقى، يۈرەك بىلەن بېغىر ئارىلىغىدىكى پەردە ياللۇغى، زاتۇلجەنب.

**بىستەر** ئورۇن-كۆرپە، تۆشەك.

**بىسيار** كۆپ، جىق، بەك

**بىكر** قىز، ياتلىق بولمىغان، تازا.

**بىۋەزەن** تۇل خوتۇن.

## پ

**پادەبان** ① چوپان، مالچى، قويچى. ② پاسبان، قوغدىغۇچى، قاراۋۇل.

**پارسا** ساقلانغۇچى، يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تانقۇچى.

**پايرەھنە** يالاق، يولچى.

**پايى كۇب** ئاياغ ئاستى، چەيلىمەك، دەسسىمەك.

**پەرھىزكار** يامان ئىشلاردىن ساقلانغۇچى، پەرھىز تۇتقۇچى.

**پەردەدەرلىك** پەردە يىرتىۋېتىش، شەرمەندىلىك، سىر - ھەيانى قايرىپ قويۇش.

**پەرسەتىش** قۇللۇق، ئىبادەت، خىزمەتكارلىق.

**پەرۋەردە** پەرۋىش قىلىنغان، تەربىيىلەنگەن.

**پەژمۇردە** غەمكىن، قايغۇلۇق؛ سولغۇن، ھالسىزلانغان.

**پەلىد** ئىپلاس، مەينەت، پاسكىنە، ناپاك، ئىرىغسىز، چىركىن، نىجىس.

**پەنج** بەش. پەنج يەك — بەشدىن بىر (ئۈلۈش).

**پەنجە** قول بارماقلىرى (سەرپەنجە)، پەنجەئى

خۇشىد - كۈننىڭ چېچىلغان نۇرلىرى.

**پەنداشەت** گۇمان، خىيال، ئەندىشە.

**پەيام** خەۋەر، ئۇچۇر، دېرەك.

**پەيرەۋ** ئەگەشكۈچى، ئىزىدىن ماڭغۇچى.

**پەيغام** خەۋەر. پەيغام ئەھلى-ئەلچىلەر، خەۋەرچىلەر.

**پەيمان** ۋەدە، ئەھد.

**پەيمانە** مەي قاچىسى؛ كەمچەن، مەي كەملىگۈچ.

**پەيۋەند** ① باغلانماق، ئۇلانماق. ھەۋەس قىلغۇچى، تاماخور. ② ئۇرۇغ - تۇققان، قېرىنداش.

**پىر** قېرى، بوۋاي؛ كاسىبلارنىڭ پېشۋاسى.

**پىستان** ئەمچەك، ئەمچەك توپچىسى.

**پىسەرخان** ئوغۇل قىلماق، بالا قىلىۋالماق.

**پېش** ئىلگىرى، ئالدى، پېش كەلمەك ئالدىغا كەلمەك. ئالدىغا چىقماق، قارشى ئالماق.

**پېشە** ھۈنەر، كەسپ؛ يوسۇن، ئادەت.

**پېشەۋەر** ھۈنەرۋەن، كاسىب.

**پېشۋا** يولباشچى، رەھبەر، ئاقساقال.

**پۇر** بەك، ناھايىتى، كۆپ، كەڭ.

**پۇست** ئارقا، كېيىن؛ ئارقىغا كەتمەك. تۆۋەنلەش، كۈچسىزلىنىش.

**پوش** كىيگەن، كىيىنگەن.

**پوشىدە** مەخپى، يوشۇرۇن، بېكىنگەن؛ كىيىنگەن. پۈركەنگەن.

## ت

**تاب** ① تاقەت، چىدام، ماغدۇر، كۈچ.
② ئېشىلمەك، ئەشمە، تولغانماق، چىرمالماق،

پۈكۈلمەك، چىگىشلەنمەك. ③ نۇر، ئىسسىقلىق، هارارەت، تاۋ.

**تابان** يارقىن، يالتىراق، پارلاق.

**تابىستان** ياز.

**تابىش** تاۋلىنىش، قىزىش، نۇرلىنىش.

**تاجدار** تاج كىيگەن، پادىشاھ.

**تاجىر** تىجارەتچى، سودىگەر.

**تازيانە** قامچا.

**تازى** ئەرەب ئىتى، چاپقۇر ئات.

**تافە** ئەرزىمىگەن؛ قەدىرسىز، ئەھمىيەتسىز.

**تاق** گۈمبەز؛ ئىشىك ۋە بىنانىڭ ئۈستىدە يېرىم دائىرە شەكلىدە ياسالغان جاي. مىھراب ۋە تەكچىلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئەگىم.

**تالىئ** ①چىققۇچى، كۆرۈنگۈچى (كۈن، ئاي، يۇلتۇز ھەققىدە)؛ ② تەلەي، بەخت.

**تالىھ** يامان، ياۋۇز.

**تامات** بىھۇدە، تايىنى يوق، ئاپقاچتى گەپلەر.

**تانۇغ** تونۇق، گۇۋاھ؛ بەلگە، نىشان.

**تائىن** تەنە قىلغۇچى، سانچىغۇچى، سانچىپ گەپ قىلغۇچى.

**تايىق** تاۋاپ قىلغۇچى، زىيارەت قىلغۇچى، ئەتراپىنى چۆگىلىگۈچى.

**تەباھ** خاراب، بۇزۇلغان، ۋەيران بولغان.

**تەبار** ئۇرۇغ، تۇققان، قېرىنداش.

**تەبەئىييەت** بېقىنىش، قارام بولۇش، تەۋە بولۇش، تەۋەلىك.

**تەبل** چوڭ ناغرا، دومبۇل.

**تەبئىييەت** يۇقتۇرۇۋالماق؛ دورىماق، تەسىر ئالماق.

**تەپانچە** شاپىلاق، تەستەك.

**تەجەممۇل** بېزەك، زىننەت، پەرداز، ياسىنىش. تەجەممۇل

ئەھلى - دۆلەتمەنلەر، ياسانچۇق كىشىلەر، سۆلەتۋازلار.

**تەجھىز** تەييارلىق، ئۆلۈكنى كۆمۈش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش، جاھازلاش.

**تەجسس** سۈرۈشتە قىلماق، تىڭ - تىڭلىماق.

**تەئجىل** ئالدىراش، تىنەش، ھولۇقۇش.

**تەھەللى** ①تاتلىق، شىرىن؛ ② يەشمەك، بوشاتماق، قۇتقازماق.

**تەھسىن** ماقۇللاش، ماختاش، تەقدىرلەش.

**تەھىييەت** ① دۇئا، سالام، ماختاش؛ ②تىرىكلىك بېرىش؛ ③ ھازىرلاش، تەييارلاش.

**تەخسس** ئۆزىگە مەخسۇس قىلىش، ئۆزىگە تەئىن قىلىش، خاسلاش.

**تەدارۈك** ① ئىلاج، چارە؛ ② ئورنىغا كەلتۈرۈش،

**تەئدىب** ئەدەب بېرىش، جازا بېرىش.

**تەراۋەت** يېڭى، تازا، ياش (گىيا - گۈل)

**تەرەب** يېقىملىق، خوشاللىق، شاد؛ نەغمە، ناخشا.

**تەرس** قورقۇش، قورقۇنچ.

**تەرسا** مەسىھا، ئەيسا مەزھەبلىرىدىن بىرى، نىسرانى. ھەممە خىرىستىيانلار تەرسالار (تەرسايان) دۇر.

**تەرىق** ① يول، ئىز؛ ② قائىدە، يوسۇن، ئۇسۇل؛ ③ مەسلەك؛ ④ ۋاستە، سەۋەب.

**تەئرىز** تەگمەك، تاقالماق، قارشىلىق كۆرسەتمەك؛ چېقىلماق، كىنايە بىلەن سۆزلەش.

**تەزەررۇئ** يېلىنماق، يالۋۇرماق.

**تەزۋىج** ئۆيلەنمەك، نىكاھىغا ئالماق.

**تەئزىيەت** تەزىيە بىلدۈرۈش، ماتەم تۇتۇش.

**تەسەررۇف** ئىگىلىك قىلماق، ئىختىيارىغا ئالماق، باشقۇرماق.

**تەسبىھ** مەدھىيە ئوقۇش، دۇرۇد ئوقۇش، ماختاش.

**تەسنىف** ئەسەر يېزىش، كىتاب تۈزۈش.

**تەشەببۇھ** ئوخشاشلىق، ئوخشاپ قالماق.

**تەشبىھ** ئوخشاتماق.

**تەغيىر** ئۆزگىرىپ كەتمەك، غەيرى بولۇپ قالماق.

**تەفاۋۇت** پەرق، ئايرىما.

**تەفرىقە** چېچىلىپ كەتمەك، بۆلۈنمەك؛ پەرىشان بولماق؛ چېچىلاڭغۇ، چاچقۇن.

**تەقرىر** فارار بېرىش، مەقسەدىنى ئاغزىدا ئېيتىش.

**تەقسىرات** كەمچىلىك، يېتەرسىزلىك، ئىشنى ئاخىرىغا يەتكۈزەلمەسلىك.

**تەكفىن** كېپەنلەش.

**تەلەف** يوق بولماق، نابۇت بولماق.

**تەلبىس** ھىيلە، مىكىر، يالغان، نەيرەڭ.

**تەئلىف** ① سازلاش، يارىشىق قىلىش، كېلىشكىدەك قىلىش؛ ②تۈزۈش (كىتاب)، ئەسەر يېزىش.

**تەمەسخۇر** مەسخىرە قىلىش، زاڭلىق قىلىش.

**تەمەللۇق** تازىم قىلماق، خۇشامەت.

**تەناسۇخ** چەتلەش، ئۆزگەرمەك، يېڭىلانماق، ئاينىش، قايتىدىن بولماق.

**تەناۋەر** ساغلام، قاۋۇل، سېمىز، كۆچلۈك، گەۋدىلىك.

**تەناۋۇل** يېمەك، غىزالانماق.

**تەندۇرۇست** تەن تازا، تەن ساغلام، تەن سالامەتلىكى ياخشى.

**تەنقىس** كەم، يېتىشمەسلىك، قىسلىق.

**تەڭدەست** قولى قىسقا، قولى ئۇزۇك، قۇرۇق قول، تەڭلىكتە قالغان.

**تەۋاتۇر** كەينى ـ كەينىدىن تاقالماق، يېپىشماق؛ بىرەر خەۋەر ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ راستىنغا ئايلىنىشى.

تاۋازۇئ ئۆزىنى پەس تۇتۇش، ئەدەبلىك بولۇش، ھۆرمەتچان.

تەۋانە ماغدۇرلۇق، ساغلام، ساق.

تەۋانگەر كۈچلۈك، قۇدرەتلىك؛ باي، دۆلەتمەن.

تەۋھىد «بىرلا»، «يېگانە» دەپ بىلمەك.

تەۋەققۇئ بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىغا كۆز تىكمەك، ئۈمىت كۈتمەك.

تەۋەققۇف توختاش، تىك تۇرماق، تۇرۇپ تۇرماق.

تەۋق ①بويۇن باغ، مارجان بېغى؛ ② بەزى قۇشلارنىڭ بويىنىدىكى ھالقاسىمان سىزىق؛ ③ غول، ئەيىبدارلارنىڭ بوينىغا سالىدىغان چەمبەر، توقا.

تۇراب توپا، لاي.

تۇرابىي توپا - توزانلىق، تۇپىغا بۇلغانغان.

تۇرفە يېڭى، يېڭىلىق، قىزىق، ئاجايىب، تاڭ قالدۇرۇدىغان، كەم ئۇچرايدىغان.

تۇئمە يېمەكلىك، رىزىق؛ تائاملار.

تۇند ① تېز، ئىتتىك؛ ② ئاچچىق، غەزەب، غەزەبلىك؛ ③ سەركەش، بوي بەرمەس.

توقۇشماق تەگمەك، تېگىشمەك، توقۇنۇشماق، دۇچ كەلمەك.

تىفل گۆدەك، كىچىك بالا.

تىيرانداز ئوقچى، ئوق ئاتقۇچى.

تىيرە قاراڭغۇ، قارا؛ بۇلغانغان.

## ج

جابەجا ئۆز جايىدا، ئۆز ئورنىدا، جاي - جايىدا.

جاھىلىييەت جاھىللىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك،

قاراڭغۇلۇق.

**جامە** تون، ئىگىن، كىيىم.

**جامەۋار** ئىگىنلىك، كىيىملىك.

**جاۋىدان** ھەمىشە، دائىم، مەڭگۈ؛ ئاساسلىق، مەھكەم.

**جاۋىدانە** دائىمى رەۋىشتە، داۋاملىق.

**جەببار** جەۋرە قىلغۇچى، غەزەب قىلغۇچى؛ قۇدرەتلىك، ئەزىمەتلىك.

**جەھد** تىرىشماق، سەئى قىلماق، ئەستايىدىل ھەرىكەت قىلماق.

**جەزەئ** تاقەتسىزلىك، پەرياد چەكمەك، قايغۇرماق، ھەسرەتلەنمەك.

**جەلا** ۋەتەنىنى تاشلاپ كەتمەك، ۋەتەندىن ئايرىلماق؛ سۈرۈلۈش، كۆچۈپ كېتىش.

**جەللەجەلالە** بۈيۈك، ئەڭ ئۇلۇغ، يۈكسەك، ئەڭ قەدىرلىك.

**جەنابەت** جۇنۇبلۇق، ناپاكلىق، غۇسلى قىلىشقا تېگىشلىك.

**جەۋشەن** ساۋۇت، زىرىھ (سىمدىن توقۇلغان قەدىمكى ئۇرۇش كىيىملىرىدىن بىر خىلى)

**جەۋانىب** تەرەپلەر، ھەرياق، تۆشمۇتۆش.

**جۇرم** گۇنا، جىنايەت.

**جۇز** ئۆزگە، باشقا.

**جۇستۇجوي** ئىزدەش، ئاختۇرۇش، قىدىرىش.

**جۇغز** ھۇيتقۇش، مۈشۈك ياپىلاق.

**جۇنبىش** قىمىرلاش، ھەرىكەت قىلىش، مىدىرلاش.

**جۇۋانمەرد** مەرد يىگىت، ئەركەك، سېخى.

**جىبە-جىيبە** جىبە، جەۋە (پولات - تۆمۈردىن ياسىلىدىغان قەدىمكى ئۇرۇش كىيىمى).

**جىددۇجەھد** قاتتىق تىرىشماق، چىڭ ئېلىشماق.

**جىزىيە** جان سېلىقى، باشقا دىندىكىلەردىن ئېلىنىدىغان سېلىق.

# چ

چابۇك تېز، چاققان، ئىلدام؛ چەۋەنداز، ئويناق، شوخ.

چابۇكسۇۋار چەۋەنداز، ئات مىنىشقا ئۇستا.

چاھ ①چوڭقۇر، ئويمان، قۇدۇق؛ ② زىندان.

چارسۇ ①تۆت بۇجەكلىك (كاۋادرات شەكىللىك)؛ ② تۆت كوچا، ئىككى كوچا كېسىشىپ ئۆتكەن بازار ۋە ئاۋات مەيدان.

چاشت ئاش ۋاقتى، چۈشكە يېقىن ۋاقىت.

چەرا ئوتلاش؛ ئوتلاق.

چەررەندە ئوتلايدىغان ھەيۋان.

چەرگەر چالغۇچى، ناخشىچى.

چەلىپا سەلىب (پلۇس ئالامىتىگە ئوخشايدىغان جازا)، ئەيسا پەيغەمبەرنى باغلىغان دار.

چەشن تەنتەنىلىك يىغىلىش، بەزمە.

چەۋگەن چۆگەن. پومزەك (گوي) ئۇرىدىغان ئۇچى ئەگمەچ ئۇزۇن تاياق.

چۇ، چۇن ... دەك، كەبى، ئوخشاش، چۈنكى، قاچانكى.

چۇست ① چاپسان، ئىلدام؛ ② تەييار، تەق قىلىپ قويۇلغان؛ ③ چىڭ، مەھكەم.

چۇغۇل چېقىمچى، غەيۋەتچى، ئىغۋاچى.

چۇنان شۇنچە، شۇ قەدەر.

چىللە ① دەرۋىشلەرنىڭ قىرىق كۈنگىچە تالاغا چىقماي ئىبادەت قىلىشى؛ ② قىش ۋە ياز پەسىللىرىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىكى قىرىق كۈن. قىشقى چىللە، يازغى چىللە؛ ③ يا (كامان) نىڭ يىپى.

# ھ

**ھاشا** ① ھېچ، ھېچبىر، ھېچقاچان؛ ② ئەلۋەتتە؛ ③ ساقلىسۇن، ساقلىغاي.

**ھام** يامان، ئوسال؛ تالاشماق، تەگەشمەك.

**ھانىس** قەسەمگە خىلاپلىق، ۋەدەسىدە تۇرماسلىق.

**ھەبتە** ئوڭۇشسىزلىق، يېڭىلىش.

**ھەجەرىل ئەسۋەد** قاراتاش (مەككە ـ بەيتۇللادىكى «قاراتاش»).

**ھەراس** قورقۇنچ، قورقۇش؛ ئەنسىرەش.

**ھەربە** كالتا نەيزە، شەمشەر، نەيزە.

**ھەرەمەين** ئىككى ھەرەم، يەنى مەككە بىلەن مەدىنە.

**ھەرس** بېرىلىپ كەتكەن، ھېرىس؛ تەمەگەر، ئاچكۆز.

**ھەزار** ① مىڭ (سان)؛ ② بۇلبۇل.

**ھەزەرى مەۋت** ئۆلۈم ئالدىدا، ئۆلەر چېغى.

**ھەسب** ھەسسبــــى ھـال-تـۇرمـۇش، كـۇن ئـۆتكـۇزۇش دەرىجىسى؛ ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلىپ پىكىر يۈرگۈزۈش، ئۆز ئەھۋالــــــى تونۇشتۇرۇش، بىلدۈرۈش.

**ھەسەب** داڭق، شۆھرەت، ئابروي، شەرەپ، ئاتاق.

**ھەسەنات** سەدىقە بۇيۇمى، ئېئانە پۇل.

**ھەقگۇزار** راستچىللىق، توغرىلىق، چىن سۆزلۈك.

**ھەلاھىل** تەسىرى ئۆتكۈر، كۈچلۈك، جان ئالــــدىغان. زەھرى ھەلاھىل-ئۆلتۈرگۈچــى زەھەر، ئۆتكۈر زەھەر.

**ھەلق** بوغۇز، كىنكىرتەك، گال.

**ھەمايىل** باغ، قىلىچ ياكى شەمشەر بېغى (مۆرىگە قولتۇق ئارقىلىق ئۆتكۈزۈپ تاقايدىغان باغ.)

**ھەمتا** تەڭداش، ئوخشاش، تەڭ، شېرىك، ھەمجىنس.

| | |
|---|---|
| ھەمد | ماختاش. |
| ھەمدىيار | يۆرتداش، ۋەتەنداش. |
| ھەمزاد | قېرىنداش، بىر تۇققان. |
| ھەمسال | بىرياش، بىر ياشتا، تەڭ. |
| ھەمىن | شۇ، مۇشۇ. |
| ھەمىيەت | ئار - نومۇسىنى ساقلاش. |
| ھەمنىشىن | بىللە ئولتۇرغۇچى، سۆھبەتداش. |
| ھەۋا | ① ئىستەك، تىلەك، ئارزۇ؛ ھەۋەس، خاھىش؛ ② ئىشىق، مۇھەببەت؛ 3. ئۇچۇش، پەرۋاز. |
| ھەۋارى | ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئون ئىككى مۇرىدى، يەنى ئۇشىتگەر (شۇستەگەر) لەردىن. |
| ھەيدەر | شىر، ئارسلان. |
| ھەيل | قۇراللىق كۈچ، زور كۈچ. |
| ھۇرۇفى مۇنەججىم | يۇلتۇزشۇناسلىق ھەرپلىرى، ئاسترونومىيە بەلگىلىرى. |
| ھۇشمەند | ھۇشيار، سەزگۈر. |
| ھۇللە | بېزەكلىك، سۈپەتە ئىگىن، نەپىس يىپەك رەخ. |
| ھىجاب | پەردە، توسۇق؛ ئۇيات، ئۇيالماق. |
| ھىجامەت | قان ئالدۇرماق. |
| ھىمەم | نىيەت، بىرەر ئىشكە ئۇرۇنۇش، ئۆزىنى بېغىشلاش. |

## خ

| | |
|---|---|
| خاب - خور | يىمەك - ئىچمەك ۋە ئۇيقۇ. |
| خاھەر | ھەمشىرە، ئىگىچە - سىڭىل. |
| خارىش | قىچىشقاق. |
| خاست | تىلەك، تەلەپ. |

خاستگار تەلەبكار، خاھلىغۇچى، ئاشنا، ئويناش.

خاكبۇس ① تۇپراق سۆيمەك، يەرنى سۆيۈش. ② قۇللۇق قىلىش، بويسۇنۇش؛ زىيارەت قىلىش.

خاكراھ ئۆزىنى پەست تۇتقۇچى، ئۆزىنى توپا ئورنىدا كۆرگۈچى، كەمتەر.

خال تاغا (ئانانىڭ ئاكا - ئۇكىسى).

خاله تاغاچا

خالىس پاك، ساپ، تازا. ئەركىن، ھۆر، ئازاد.

خان يېيىشلىق داستىخان، ياساغلىق داستىخان.

خەت ① سىزىق، ئىز؛ ② يېزىق، خەت؛ ③ يېڭى چىققان بۇرۇت.

خەرراد ياغاچچى؛ يونۇغۇچى.

خەرۋار بىر ئېشەكلىك يۈك، بىر ئۇلاغلىق يۈك.

خەرىس گاچا، تىلسىز.

خەسايىل خىسلەتلەر.

خەسم دۈشمەن، رەقىب؛ قارشى، مۇقابىل، مۇخالىپ.

خەفەته تىنىم، جىملىق، ئاراملىق؛ ئارام بېرىدىغان، تىنچىتىدىغان.

خەفتان ئۈستىدىن كىيىلىدىغان ھەشەمەتلىك تون؛ زىرىھ ئىچىگە كىيىلىدىغان پاختىلىق چاپان، كەفتان.

خەلەل كەمچىلىك، نۇقسان، كاشىلا، زىيان.

خەلخال ئاياغ (پۇت) ھالقىسى، ئاياغئۈزۈك (ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن).

خەلىفه ئىز باسار، داۋاملاشتۇرغۇچى.

خەمر ئىچكۈلۈك، هاراق - شاراب.

خەۋارىج چىقىپ كەتكەنلەر، يولدىن چەتنىگەنلەر، دىنگە ئاسىيلىق قىلغانلار، ئىسيانكارلار، ھەزرەت ئەلىگە بەيئەت قىلمىغانلار

خەۋىشاۋەند يېقىن تۇغقان، ئۇرۇغ - تۇغقان، ئاتا ياكى ئانا

جەمەت تۇغقان.

خەيمە چېدىر.

خۇتبە نۇتۇق، دوكلات، لېكسىيە، كۆرسەتمە، بايانات، مەدھىيە.

خۇد ئۇچلۇق ـ ھەيۋەتلىك جەز قالپاق.

خۇدپىسەند ھاكاۋۇر، مەنمەنچى، ئۆزىنىلا پىسەنت كۆرگۈچى.

خورد يېمەك ـ ئىچمەك.

خۇررەم ① گۈللەنگەن، ياشنىغان؛ ② شاد، خوشال.

خۇرۇج چىقىش، باش كۆتۈرۈش، مەيدانغا چىقىش.

خورۇس خوراز.

خۇرۇش قىچقىرىش، توۋلاش، ۋاقىراش؛ ھۆڭگىـــرەش، پەرياد؛ غوغا، ۋاڭ ـ چۇڭ.

خۇسۇمەت جىدەل، ماجرا؛ رەقىب، ياۋ؛ رىقابەت.

خۇشرەفتار يۇرۇشلۇك، مېڭىشلىق، يورغا.

خۇشك قۇرۇغلۇق، يەر.

خۇشنۇد خوشلۇق، خوش بولۇش، خۇرسەن.

خۇلۇس پاكلىق، تازا، خالاسلىق.

خۇمىس بەشدىن بىر.

خىرام چىرايلىق مېڭىش؛ يۇرمەك، كەتمەك.

خىرەدمەند ھۇشيار، ئەقىللىق.

خىلئەت ھەشەمەتلىك كىيىم، كاتتا ئىگىن.

خىيرە ① قاراڭغۇلاشقان (كۆز)، خىرە، سۇنۇت؛ ② ھەيران، ھودۇققان.

خېش قېرىنداش، يېقىن.

خېشاۋەند قېرىنداش ــ ئۇرۇغ، يېقىن كىشىلەر.

## د

داد ئادالەت، ئىنساپ

دارۇل ھەۋادىس ھادىسىلەر ئۆيى، دۇنيا، ئالەم.

دارۇلخىلافە خەلىفە تۇرىدىغان جاي، خەلىپە ئوردىسى، پايتەخت.

داماد كۈيوغول.

دامانە چەت، قىرغاق، ئېتەك.

دائىيە تەقەزا، ئارزۇ؛ سەۋەب، بائىس، ۋەج.

دەھ - يەك ئوندىن بىر (دەھ-ئون، يەك-بىر).

دەراز ئۇزۇن.

دەربان دەرۋازىۋەن، ئىشىك باقار.

دەرچە دەرىزە، ئىشىكچە.

دەرەخشان يالتىراق، پارلاق، پارىلدىغان.

دەرخاست ئىلتىماس، سوراش، ئۆتۈنۈچ، تەلەپ.

دەررەندە يىرتقۇچ ھايۋان.

دەرماندە ھەيران، قىيىن ئەھۋالدا قالغان، بىچارە بولماق.

دەرىغ ھەيتەڭ، ئەپسۇس، ئېچىنارلىق.

دەست ① قول؛ ② كەررە، مەتەم (مەرتە)؛ دەست بەرمەك- ئىگە بولماق، ئىلكىگە ئالماق، ئوڭغا تارتماق؛ دەست تاپماق- قولغا كىرگۈزمەك.

دەستار سەللە.

دەستان ① مىكىر، ھىيلە؛ ② كۈيلەش، مۇزىكا، نەغمە؛ ③ شېئىرى ھېكايە، داستان؛ ④ ئادەم نامى، يەنى رۇستەمنىڭ ئاتىسى.

دەستىگىر ياردەمچى، ۋولداش، قوللىغۇچى.

دەۋلە قېتىم، نۆۋەت، قايتا.

دەللر جۇرئەتلىك، يۈرەكلىك، قورقماس، باتۇر، دادىل.

دەمار تار-مار، يوق قىلماق، ھەلاك قىلماق.

دەندان تىش (چىش).

دەۋلەت دۆۋەت، سىياھدان.

دەۋانقى ئابباسىلەردىن خەلىفە مەنسۇرنىڭ لەقىمى. «دانق» ياكى «داڭ» بولۇپ، بىر تەڭگىنىڭ ئالتىدىن بىرى. مەلۇم ھەسسە، مىقدار. خەلىفە مەنسۇر بەيتۇل مالنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالغاچقا، «دەۋانقى» (ئالتىدىن بىر) دەپ لەقەم قويۇلغان.

دەي قەرز، بۇرچ.

دۇبارە ئىككىنچى قېتىم، ئىككى قېتىم، قايتا.

دۇختەر قىزبالا، قىز پەرزەند.

دۇخۇل كىرىش، داخىل بولۇش، كىرىم.

دۇررى يەتىم بىر سەدەفتە يەككە ئۆزى يېتىلگەن چوڭ، داڭلىق دۇر — گۆھەر.

دۇرۇشت قوپال، ئوسال، قاتتىق قول.

دۇشخار قىيىن، مۇشكۇل، ئېغىر، تەس.

دىلاۋەر باتۇر، قەھرىمان، يۈرەكلىك.

دەرھەم تەڭگە، ئەسلى قەدىمكى يۇنان پۇلى «دراخم» سۆزىدىن ئۆزگەرگەن. «دەرەم» مۇ دەيدۇ.

دىلپەزىر كۆڭۈلگە ياقىدىغان، يېقىملىق.

دىلرىش كۆڭلى سۇنۇق، دىلى يارا.

دىلگىر دىلى تەڭ، سىقىلغان، غەم باسقان، ئىچى پۇشقان.

دىيدە كۆز. دىيدەئى بىينا-كۆرەر كۆز. كاردىيدە-ئىشقا كۆزى يېتىدىغان، ئىش بىلەرمەن.

دىبا نىپىز ۋە چىرايلىق نەقىشلىق يىپەك رەخ،

كەشتىلىك تاۋار.

**دېۋانە** ئەقلىدىن ئازغان، ھوش - كاللىسىنى يوقاتقان.

## ر

**راھ** ① يول؛ شاھراھ-چوڭ يول؛ راھ ئاۋەرد-يوللۇق، سوغا. ② شادلىق؛ ③ كۆچمە مەنىسى مەي.

**راھىبان** راھىبلار، خىرستىيان دىنىدىكى تەقۋادارلار، زاھىدلار.

**راز** سىر، مەخپى، يوشۇرۇن.

**رازدار** سىرداش، خەۋەردار، ئىشەنچلىك.

**راغىب** رىغبەتلىك، خاھىشلىق، مايىل.

**رەھۋار** يورغا، مېڭىشلىق.

**رەئدبىين** ئوت چاچىدىغان قورال، ئوت چاچقۇچ.

**رەست** قۇتۇلۇش، نىجاد.

**رەسم** رەسمىي ئادەتلەر، قائىدە - يوسۇنلار.

**رەسۇل** ئەلچى، پەيغەمبەر.

**رىسھان** ئاغامچا، تانا.

**رەئىيە** بىر ھۆكۈمدار قول ئاستىدىكى خەلق.

**روبەرو** يۈزمۇيۈز، مۇقابىل.

**رۇخ** ① يۈز، بەت، مەڭىز. ② رۇخ — ئەپسانىۋى چوڭ قۇش.

**رۇخام** مەرمەر. سەنگى رۇخام — مەرمەر تاش.

**رۇقئە** خەت، پۈتۈك، پارچە قەغەزدىكى يېزىق.

**روزانە** كۈندۈلۈك تەلىمات، يىمەك - ئىچمەك، نەسىبە، تىرىكلىك ۋاستىسى.

**روزگار** تىرىكچىلىك، كۈن كۆچۈرۈش، تۇرمۇش؛ زامان، كۈنلەر.

**روزى** كۆندۈلۈك رىزقى، نەسىبە.

**روسىيەھ** قارايۈز.

**روشەناس** تونۇلغان، ئاتاقلىق، مەشھۇر.

**روي** جەز، برونزا، تۇچ، بىرىنج (قوغۇشۇن ۋە قەلەي ئارىلاش مېتال قېتىشمىسى).

**رىدا** يەلكىگە ئارتىۋالىدىغان چايشەبدەك يېپىنچا؛ دەرۋىشلەرنىڭ ئۈستىدىكى ئىگىنى.

**رىزە - رىزە** ① سۆز بىرىكمىسىدە «تۆككۈچى، تۆكۈلگۈچى، چاچقۇچى، ئاققۇچى، ئاققۇزغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ تۆكۈلمەك، چېچىلماق؛ ② ئۇششاق، ئۇۋاق.

**رىشتە** ① يىپ، تانا؛ ② تېرە ئاستىدا پەيدا بولىدىغان يىپ قۇرۇت كېسىلى.

**رىكاب** ① (كارۋان، لەشكەر) سەپ - قاتار؛ ② ئۈزەڭگە.

## ز

**زابىت** ئىدارە قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى، ئەسكەري ئەمەلدار.

**زامىن** كېپىل بولۇش، كېپىللىك، تونۇق.

**زەبت** قولغا ئالماق، ئىشغال قىلماق، ئىگىلەش، تۇتۇش.

**زەبۇن** ① ئاجىز، بىچارە، كۈچسىز؛ ② مەغلۇب، يېڭىلگەن.

**زەبھ** قۇربانلىق؛ قۇربان قىلماق.

**زەخىر** زاپاس نەرسىلەر، ئېھتىيات قىلىپ ساقلىغان يىمەكلىكلەر.

زەرافەت — نازۇكلۇق، نازۇك پەملىك، زېرەكلىك، نازۇك مەنالىق.

زەرب — ① ئۇرماق؛ ② كۆپەيتىش؛ ③ سوقۇش، قويۇش (پۇل قويۇش)؛ ④ شېئىردا ئىككىنچى مىسرانىڭ ئاخىرقى بوغۇمىدىكى ئۇرغۇ.

زەردار — زەر (ئالتۇن-تىللا) ئىگىسى، پۇلدار، باي.

زەرريىيات — زەررىلەر، تامچىلار.

زەررىيە — چاڭلار، ئاتوم، زەررە.

زەرىف — سۇپتە، نازۇك، ئىنچىكە، لەتاپەتلىك، زېرەك.

زەرى — ھەۋەس، زەۋق؛ خۇي - پەيلى.

زەلىل — پېقىر، تۆۋەن، خار، ھېقىر.

زەمزەمە — يۇمشاق - مەيىن تاۋۇش بىلەن ئوقۇلىدىغان ئاھاڭ - ناخشا.

زەمىن — يەر، مەملىكەت.

زەمىر — ① ئىچ، يۈرەك، كۆڭۈل، دىل؛ ② يوشۇرۇنغان پىكىر، مەزمۇن، ئوي. ③ ئىگىلىك ئالماش خوجەستە زەمىر - پاك يۈرەك.

زەن — خوتۇن، ئايال.

زەنادىقە — ساختا ئىشەنچ، خۇداسىزلىق، كافىرلىق.

زۇبدە — بىر-بىر نەرسىنىڭ ئەڭ ياخشىسى، خىللانغىنىسى، قايمىقى، ئوبدىنى، ياخشى نەتىجىسى.

زۇھد — زاھىد، تائەت بىلەنلا شۇغۇللانغۇچى.

زۇھۇر — مەيدانغا چىقماق، كۆرۈنمەك.

زۇلال — پاك سۇ، تىنىق سۇ.

زۇلئەرھام — ئۇرۇغ - تۇققانلار.

زۇلكىناف — كىشەن ئىگىسى، غولدىچى. كىناف-كىشەن، غولدا.

زۇلمىنەن — ئېھسانلار ئىگىسى، ئېھسانلىق، ياخشىلىق قىلغۇچى.

زىرىھ ① ساۋۇت، ئوق ۋە تىغ ئۆتمەيدىغان ئۇرۇش كىيىمى؛ ② زىرە، ھالقا، سىرغا.

زىندە تىرىك، جانلىق.

زىندىق دىنسىز، ساختا ئېتىقادچى.

زىۋەر بېزەك، يارىشىق، جابدۇق.

زېر ① ئاست، پەست، تەگ (تېگى)؛ ② ئىنچىكە ئاۋاز، نازۇك تاۋۇش (مۇزىكىدا).

زېردەست تەۋەلىك، تەۋە بولماق، قول ئاستىدا بولماق، بېقىنماق.

زىيجان جان ئىگىسى، تىرىك.

## ژ

ژۇلىدە پەرىشان، چېچىلغان، پاخپايغان.

ژون بۇت، سەنەم.

ژىك تامچا، قەترە، يامغۇر تامچىسى.

## س

ساھىر سېھىرچى، جادېگەر، كۆز باغلىغۇچى.

سادات سەيىدلەر.

ساق غول، تەن (دەرەخ غولى).

سالىھ ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى.

سالىم ئامان، ئېسەن، ساق.

سائ ئالتۇن (كۈمۈش) قەدەھ، جام.

سائىقە چاقماق، چېقىن، يېشىن يىلدىرىم.

سايىل ① تىلەمچى، قەلەندەر؛ ② سورىغۇچى، سوئال قويغۇچى، ئىستىگۈچى.

سەبائ يىرتقۇچ ھەيۋانلار.

سەبىادلىق قوپىمچىلىق.

سەبزە مايسا؛ يېشىللىق، يېشىل رەڭ.

سەبىل يول، تەرىقە؛ ئامال، چارە؛ تـوتـاش، قـاتـار؛ يوللىماق، ئاتىماق.

سەتر ياپماق، ئەتمەك، بېكىتمەك.

سەتر ئەۋرەت ئۆياتلىق جايىنى ياپماق.

سەجئ قاپىيىلىك، ۋەزنىلىك، ئاھاڭدار سۆزلەش.

سەھل تۈز، تۈپ - تۈز، تۈزلەڭ؛ ئوڭاي، ئـاسـان، ئەرزىمەس.

سەد يۈز (سان).

سەراپەردە ساراي پەردىسى، چوڭ پەردە؛ پادىشاھ چېدىرى.

سەربان باش قاراۋۇل، باش كۆزەتچى، ساقلىغۇچى.

سەرھەڭ قوشۇن باشلىقى، سـىـپاھلار سەردارى، قوشۇن تاجىدارى؛ قەۋم باشچىسى، كارۋان بېشى.

سەرد سوغۇق.

سەرزەنىش كايىش، تەنبىھ، ھەقارەت.

سەرىنگۈن ① بېشى تۈۋەن، يىقىلغان، ئاستىن - ئۈستۈن؛ ②③ شەرمەندە، باش ئەگمەك.

سەرۋەر يول باشلىغۇچى، يېتەكچى.

سەرىھ ئوچۇق، ئېنىق، روشەن.

سەرىيە قوشۇن، لەشكەر، ئەسكەر ئۈۋەتىش.

سەفدەر سەپنى بۆسكۈچى، سەپنى يېرىپ ئۆتكۈچى.

سەفشىكەن سەپ بۇزغۇچى، باتۇر.

سەگ ئىت.

سەم يۈلغۇچى، تاراشلىغۇچى.

سەنەئ ياساش، يارىتىش؛ قۇدرەت؛ ھۈنەر.

سەنەدىدە دەلىل، ھۆججەت كەلتۈرۈش، تايانچ، ئاساس.

سەنگ تاش. سەنگى تۈر - تۈر تېغىنىڭ تېشى؛ سەنگى رۇخام - مەرمەر تاش.

سەۋارە ئاتلىغ، ئۇلاغلىق.

سەۋمەئە خىرىستىيانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى، خىرىستىيان زاھىدلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان خىلۋەتخانىسى.

سەۋمەئەنىشىن ئىبادەتچى، ئىبادەتخانىدىن چىقماي تىۋىنىغۇچى.

سەۋىق تالقان.

سەيياد ئوۋچى.

سەييىد ① باشلىق، يېتەكچى؛ ② پەيغەمبەر ئەۋلادى.

سۇھەيل ياز ئاخىرىدا كېچىسى چىقىدىغان يورۇغ يۇلتۇز.

سۇخەنۋەر سۆزمەن، گەپچى، بىلىملىك.

سۇد پايدا، نەپ.

سۇر كېپىشنىڭ بىر تۈرى.

سۇلب چىڭ، قاتتىق؛ مەھكەم.

سۇئلۇبان ئەركەك تۈلكە.

سوقىل سەمانەين سەكسەن جاي، سەكسەن تۈتۈن، سەكسەن بازار.

سىپارىش تاپشۇرۇق، ھاۋالە؛ تاپشۇرماق، ھاۋالە قىلماق؛ ھۆرمەت، مېھرىبانلىق.

سىپاس ماختاش، شۈكرى ئېيتىش، مىننەتدارلىق.

سىپەھدار ئەسكەر باشلىقى، قوماندان.

سىپىھرات ئاسمان، فەلەك، ئاسمان گۈمبىزى، دۇنيا، تەبىئەت.

سىپەھسالار باش قوماندان. سىپەھ ـ ئەسكەر، قوشۇن؛ سالار ـ باشلىق (قوشۇن رەھبىرى).

سىتايەش مەدھىيە، ماختاش.

سىتەم دىدە زۇلۇم چەككەنلەر، ئازابلانغانلار، قىينالغانلار.

سىتەم رەسىدە زۇلۇم يەتكەن، جەۋر تارتقان. رەسىدە — يەتكەن، يېتىشكەن، ئېرىشكەن؛ نارەسىدە — ۋايىغە يەتمىگەن.

سىتەمكار زالىم، ئەزگۈچى، ئازابلىغۇچى.

سىرات كۆۋرۈك.

| | |
|---|---|
| سىيم | كۈمۈش، تەڭگە؛ ئاق، كۈمۈش رەڭ. |
| سىينە | كۆكرەك، كۆكسى؛ يۈرەك. |
| سىيەر | تەرجىمەھال، تارىخ، ھالەت. |
| سىيرەت | خۇي - پەيلى، خۇلق، خىسلەت، رەۋش، ئادەت، ھالەت. |
| سېب | ئالما (مېۋە). |
| سېل ئەندۇز | سەلگە ئايلانغۇچى، سەلدەك. ئەشكى سېل ئەندۇز — سەلدەك ئاققان كۆز يېشى. |

## ش

| | |
|---|---|
| شادكام | شاد، خۇرسەن، خوش، مۇرادىغا يەتكەن. |
| شايەد | ئېھتىمال، بەلكى، كاشكى. |
| شايىستە | لايىق، لاياقەتلىك، قاملاشقان. |
| شەب | قاراڭغۇ، تۈن، كېچە؛ قارا. شەب زەبان-قارا تىل، قارا گەپ. |
| شەببىر | ① ئىشارەت، قول ئىشارىتى؛ ② بۇرغا، نىپىر (لىپىر). |
| شەبخۇن | كېچىلىك تۇيۇقسىز ھۇجۇم. |
| شەھادەت | ① شاھىدلىق، گۇۋالىق؛ ② شەھىدلىك، دىن يولىدا ئۆلمەك. |
| شەھرىيار | بۈيۈك پادىشاھ. |
| شەھسۇۋار | ئات مىنىشقا ماھىر، بەيگىچى. |
| شەر | يامانلىق، گۇناھ، شەرۋشۇر — پىتنە - پاسات. |
| شەرە | ئاچكۆز، ھېرىس، نەپسى يامان. |
| شەرم | ئۇيات، ھەيا، ئىزا. |
| شەرىف | ئەزىز، قەدىرلىك، شەرەپلىك. |
| شەست | ① يانىڭ ئوقى؛ قارماق؛ ② ئاتمىش (سان). |

**شەش** ئالتە (سان) . شەش يەك-ئالتىدىن بىر (ئۈلۈش) .

**شەفائەت** ۋاستە بولۇش، ئارىچى بولۇش، ئۆتۈنۈش، سورىۋېلىش.

**شەفىئ** ۋاستىچى، ھىمايىچى.

**شەقاۋەت** بەختسىزلىك، شۇملۇق، يارىماسلىق، تەلەيسىزلىك.

**شەنائەت** ئەيىپلەش، يامانلاش، قارىلاش.

**شەۋھەر** ئەر، كۈيۈ.

**شۇئبەدەباز** رەڭۋاز، نەيرەڭۋاز، كۆز باغلىغۇچى، ئويۇنچى.

**شۇتۇرمۇرغ** تۆگە قۇش.

**شۇھەدا** شەھىدلەر.

**شۇرۇ** كىرىشمەك، باشلاش.

**شورىش** پەرىشانلىق، ھولۇقۇش، غۇلغۇلا.

**شىتاب** ئالدىراش، ئالدىرىماق، تېز.

**شىربان** شىر باققۇچى، شىر كۆندۈرگۈچى.

**شىرويە** ① خىسرو پەرۋىزنىڭ ئوغلى. ② باتۇر، شەۋكەتلىك.

**شىكاف** يېرىق، يوچۇق، چاك.

**شىكەست** سىنىق (كۆڭلى سىنغان) ، يارىلىق، مەجرۇھ، ئاجىز؛ مەغلۇب.

**شىيئە** گۇرۇھ، توپ، پىرقە، مەزھەب.

## غ

**غارەت** تالاڭ قىلىش، بۇلاش، نابۇد قىلىش، ۋەيران قىلىش.

**غەزۋە** غازات، ئۇرۇش، ھۇجۇم.

**غەلىز** قويۇق؛ جىق؛ قوپال.

**غەمما** يېپىق، پەردىلەنگەن.
**غەمماز** چېقىمچى، سىر پاش قىلغۇچى.
**غەمگۇسار** غەمخور، مېھرىبان، قايغۇنى كەتكۈزگۈچى.
**غەۋۋاس** سۇ تېگىگە چۆشكۈچى، شۇڭغىغۇچى.

## ف

**فارىغ** ① تىنچ، خاتىرجەم؛ ② قۇتۇلغان، ئازاد، بوش؛ ③ بىمالال.
**فاسىق** فىسق (بۇزۇقلۇق، قىلمىش، ئەخلاقسىزلىق) ئىشلىرىنى قىلغۇچى، يامان يولغا كىرگۈچى.
**فاش** ئوچۇق، ئاشكارە، ئېچىۋېتىلگەن.
**فانىي** يوق بولغۇچى، يوقالغۇچى، تۈگىگۈچى، تۈگەيدىغان، يوقايدىغان.
**فەخر** غۇرۇر، سۆيۈنۈش.
**فەخەرە** غۇرۇر، ئۆزىنى كۆرسەتمەك، بىر ئەر سۆز - ھەركەت بىلەن كۆز - كۆز قىلماق.
**فەراموش** ئۇنتۇلۇش، ئەستىن چىقىرىش.
**فەرەھ** خوشال، خوش، شاد.
**فەرراخلىق** شادلىق، بەختىيارلىق، قۇتلۇق.
**فەررۇخ** گۈزەل، چىرايلىق؛ ئوچۇق چىراي، يېقىملىق؛ قۇتلۇق، بەختىيار.
**فەرسەڭ** ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى، بىر فەرسەڭ تەخمىنەن 6 كىلومېترلىق مۇسافە.
**فەرمانبەردار** فەرمان بېجىرگۈچى، بۇيرۇق تۇتقۇچى.
**فەرىب** ھىيلە - مىكر، ئالدام، نەيرەڭ.
**فەريادرەس** دادىغا يەتكۈچى، رەھىم قىلغۇچى، دەردكە قۇلاق سالغۇچى.

فەزەئ — ناله - زار، قاخشاش، قايغۇرۇپ ئىچى سىرىلمەك؛ قورقۇنچ، دەھشەت.

فەسىھ — ئېنىق، راۋان، يېقىملىق؛ قائىدىگە مۇۋاپىق سۆزلىگۈچى، چىرايلىق ئۇسلۇبلۇق.

فەغفۇر — ئوغۇل، ئەر، ئاسمان ئوغلى. قەدىمكى ئىرانلىقلار «چىن پادىشاسى»نى شۇنداق ئاتايدۇ.

فەگار — زەخىمدار، زەخىم قىلماق؛ ئازار بەرمەك، ئاغرىتماق.

فەۋت — ئۆتمەك، يوقۇلۇش، يوقىتىش؛ ئۆلۈم، ئۆلمەك.

فەۋج - فەۋج — توپ - توپ، قوشۇن، ئەترەد، سەپ - سەپ بولۇپ.

فۇججار — ئۇياتسىزلار، نومۇسسىزلار، بۇزۇقلار.

فۇجۇر — ئۇياتسىزلىق، بۇزۇقلۇق.

فۇرۇغ — يالتىراش، يورۇق، روشەنلىك.

فۇسۇنگەر — ئەپسۇنچى، ئەۋراقچى؛ نەيرەڭۋاز.

فۇقەرا — فەقىرلەر، كەمبەغەللەر، مۇھتاجلار، بىچارىلەر، دۇنيا نېمەتلىرىدىن كەچكەنلەر، كەمىنلەر

فىتنە ئەنگىز — پىتنە قىلغۇچى، غەۋغا سالغۇچى، ئارىنى بۇزغۇچى.

فىدىيە — تۆلەم، قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن بېرىلىدىغان پۇل - مال.

فىرئەۋن — ① قەدىمكى مىسىر پادىشاھلىرىنىڭ ئۇنۋانى. ② زالىم.

فىرىفتە — ئالدىماق، ئالدانماق؛ مەپتۇن قىلماق، ئۆزگە قاراتماق.

فىرۇزە — كۆكۈش تاش. فىرۇزەتاق — ئاسمان.

فىزا — سۆز بىرىكمىسىدە ئاشۇرغۇچى، ئاۋۇتقۇچى مەنىلىرىدە كېلىدۇ: جانفىزا—جانلاندۇرغۇچى، فەرەھفىزا—شادلاندۇرغۇچى.

## ق

**قاسىد** ① مەقسەد قىلغۇچى، قەست قىلغۇچى، ئىنتىلگۈچى؛ ② خەۋەرچى، چەپەرچى، خەت توشۇغۇچى.

**قافىلە** كارۋان، سەپەرچىلەر توپى.

**قالۇمەقال** گەپ - سۆز، ۋاڭ-چۇڭ.

**قانىئ** قانائەت قىلغۇچى، بىرىنگە رازى بولغۇچى.

**قايىم** ① تۇرغۇچى، تىك تۇرغۇچى، تىك؛ ئۇدۇل، تەڭ؛ ② ئۇخلىمايدىغان. قايىمۇل لەيل — كۈن بويى تىك تۇرغۇچى، بىدار، ئويغاق.

**قەبز** ئالماق، تۇتماق، تۇتاملاش.

**قەبزە** ① دەستە، تۇتقۇچ؛ تۇتام؛ ② چاڭگال.

**قەتتال** ئۆلتۈرگۈچى، قاتىللىق قىلغۇچى.

**قەتل** ئۆلتۈرۈش - ئۆلتۈرگۈچى، قاتىللىق.

**قەئر** تېگى، ئاستى، تۆۋى. چاھ قەئرى-قۇدۇق تىگى.

**قەرار** تىنجىش، ئارام، توختاش، بىر يەردە تۇرۇش، بىر يەرگە كېلىش؛ تاقەت، چىدام.

**قەرمەتى** ئىسلامدا بىر مەزھەب. پىرى ئەبۇزەر قەرمەت.

**قەريە** مەھەللە، كەنت، يېزا.

**قەسەبە** شەھەرچە.

**قەلىلۇل بىزائەت** ئازغىنە مال - مۈلۈك، ئازراق سەرمايە.

**قەمەر** ئاي.

**قەمە** تازىلىماق، ئېرىغدىماق، سۈپۈرمەك.

**قەنەر** قەنە، بادالڭ.

**قەۋل** سۆز، گەپ، پاراڭ.

**قەۋي** كۈچلۈك، قۇۋۋەتلىك. قەۋي دىل — يۈرەكلىك،

روھلۇق.

قەيد — بەنت، باغلاق، كىشەن. قەيدى جىسمانى — تىرىكلىك مەجبۇرىيىتى، تىرىكچىلىك تەشۋىشى.

قەيسەر — بۇرۇنقى روم پادىشاھلىرىنىڭ لەقەبى، ئۇنۋانى.

قۇتنە — پاختا.

قۇرا — مەھەللىلەر، كەنتلەر، يېزىلار.

قۇرئە — چەك تاشلاش، تەلەي سىناش.

قۇرب — يېقىنلىق.

قور — مىلتىق دورىسى (پوروخ)؛ ئىسسىق كۆل.

قوۋغا — ① قوغا، قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان چەم چىلەك؛ ② ئاسماننىڭ ئون ئىككى بۇرجىكىدىن ئون بىرىنچى بۇرج-دەلۋە.

قىسمەت — بۆلۈش، تەقسىم، ئۈلۈش.

قىيماچ — قىيماچ، قىسىق، قىيىق.

## ك

كاھىل — بوش (بېلى بوش)، بوشاڭ، سۇس.

كاھىن — غايىبنى بىلگۈچى، پال باققۇچى، جانۋار ئاۋازىغا قاراپ پال ئاچقۇچى.

كارگەر — ① ئىشچى، خىزمەتچى؛ ② تەسىرلىك، تەسىر قىلىش.

كارگۇزار — ئىش باشقۇرغۇچى.

كام — تىلەك، ئىستەك، مەقسەد؛ بەھرە، بەھرىمەن بولۇش.

كامران — ① ھۆكۈمران، ھاكىم؛ ② ئۆز مەقسىدىگە يەتكەن، بەختلىك.

كاۋيانى — ئۈچ بۇرجەكلىك ۋە زىننەتلىك بايراقچە. بۇنى

«دەرەفش» مۇ دەيدۇ.

كەبىرە چوڭ، يوغان، ئۇلۇغ.

كەج ئەگرى، قىڭغىر.

كەراھەت كۆڭلىگە كېلىش، پەسەند بولماسلىق، نارازىلىق، خوش ياقماسلىق.

كەررار ھۇجۇمچىسى؛ نەرە تارتقۇچىسى؛ قايتا - قايتا ئىشلىگۈچى.

كەر زەرھا كەر-غىق، زەر-ئەھ، ھا-ۋاھ، ۋايجان.

كەرك كەركىدان.

كەشاكەش تەرەپ - تەرەپتىن، كەينى - كەينىدىن ئەلەم قىلىش، پەراكەندە قىلىش.

كەمايەنبەغى ئۆز لايىقىدا، ئۆزىگە مۇناسىب ھالدا، ئۆز يولىدا مۇئامىلە قىلىش.

كەمەند بوغقۇچ، سىرتماق، تۇزاق؛ ئاغامچا، ئارقان.

كەمىن پانالىق، خىلۋەت.

كەمىنگاھ پانا، دالدا، يوشۇرۇنىدىغان جاي.

كەۋن ھالەت، ھال، ئەھۋال، چاغ.

كەۋنى مەكان بارلىق، مەۋجۇدات، ئالەم، دۇنيا.

كەيانىي ئىراننىڭ قەدىمكى كەيان سۇلالىسىدىن بولغان شاھلارنىڭ لەقەبى.

كۇبرا ئەڭ چوڭ، ئەڭ كاتتا.

كۇھ تاغ. كۇھى تەي — تەي تېغى؛ كۇھى قاف — قاف تېغى.

كۇشاد ئوچۇق، ئېچىلغان، بوشىتىلغان.

كۇشتىن چېلىشماق، چېلىشچىلىق.

كۇشتىنگىر چېلىشچى، پەلۋان.

كۇللىھاي ھەممىسى، پۇتۇنلەي، بارچە، ئومۇمىسى.

كۇنىيەت ئىسىم بېشى.

كوس چوڭ ناغرا.

كىبار كاتتىلار، چوڭلار، ئۇلۇغلار.
كىردار قىلىق، رەۋىش، تەرز، تۇرق، كۆرۈنۈش.
كىردىگار ياراتقۇچى.
كىسۋەت ئىگىن - ئاياغ، كىيىم - كېچەك.
كىشۋەر مەملىكەت، ۋىلايەت.
كىينە ئاداۋەت، ئۆچ، گىنە.

## گ

گاۋ ئۇي، ئۆكۈز. گاۋسالەپەرەست— ئۇيپەرەست، ئۇيغا چوقۇنغۇچى.
گەردىش ئايلىنىش، كۆمتۈرۈلۈش، ئۆتۈش؛ چەمبەر؛ تەتۈر پەلەك.
گەرم ① ئىسسىق، قىزىق، قىزغىن؛ ② ئوچۇق چىراي؛ ③ ئاچچىقى تېز؛ ④ چاققان.
گەز ئوقيانىڭ پەرسىز ئوقى؛ گەزكىرتىپ — ئوقلاپ، كىرىچنى بەتلەپ (تارتىپ).
گەلۇبەند بويۇن باغ، بويۇن مونچاق.
گەنج قىممەتلىك مال - دۇنيا (ئالتۇن، كۈمۈش، لەلى - ياقۇت ۋە باشقىلار)، خەزىنە.
گۇدازىش ئېرىمەك، كۆيمەك.
گۇزار ئۆتەش، ئۆتمەك.
گۇزەر ئۆتمەك، كەچمەك، ئۆتەرجاي.
گۇستاخ ھېيىقماس، تارتىنماس، كەپسىز.
گۇشە بۇلۇڭ، خىلۋەت، ياقا؛ نەرسىنىڭ بىر ئۇچى.
گۇشۋەرە سىرغا، زىرە.
گۇنا-گۇن رەڭمۇ رەڭ، تۈرلۈك رەڭدە.
گۇك گاچا، تىلسىز.

**گوفتەگوي** سۆزلەشمەك، گەپ تالاشماق؛ گەپ - سۆز، مۇنازىرە.

**گۇمراھ** يولدىن ئازغان، ئاداشقان.

**گۇۋارا** مەزىلىك، يېيىشلىك، سىڭىشلىق.

**گور** ياۋا ئېشەك، قۇلان؛ بەھرامنىڭ لەقىمى.

**گوركەن** گوركەش، گور قازغۇچى.

**گوشەنىشىن** خىلۋەتكە كىرگۈچى؛ دەرۋىشلىك ھاياتىدىكى كىشى، ئۆزىنى خالىيغا ئالغۇچى.

**گوي** ئات ئۈستىدە تۇرۇپ ئوينايدىغان توپ، ياغاچ پومزەك.

**گىرد** ئەتراپ، چۆرە، ئايلانما، قىرغاق.

**گىرىھ** تۈگۈن، چىگىچ، قىيىن، تەسلىك.

**گىريە** يىغا، قاتتىق يىغلىماق.

**گىسۇ** چاچ، كوكۇل.

**گىلگار** لايچى، سۇۋاقچى، تامچى.

## ل

**لات** ئەرەبلەرنىڭ ئىسلامدىن ئىلگىرى چوقۇنغان بۇتلىرىنىڭ نامى.

**لاجەزەم** چارىسىز، نائىلاج؛ شۈبھىسىز؛ ئەلۋەتتە، شۇنىڭ ئۈچۈن.

**لادە** ئەخمەق، دۆت، ئەقىلسىز.

**لاش** تاپ؛ ئۆلگەن نەرسىنىڭ جەسىدى.

**لاللىق** گاچىلىق، تىلسىزلىق؛ گەپ قىلالماسلىق، گەپ قىلالماي قېلىش، ھەيرانلىق.

**لەھۋە** ئويۇن - تاماشا.

**لەئىن** لەنىتى، لەنەتلەنگەن.

لەرزە — تىترەش، تەۋرەش، قىمىرلاش، مىدىرلاش.
لەزىز — لەززەتلىك، مەزىلىك، تاتلىق.
لەك — يۈز مىڭ (ئون تۈمەن)
لەڭ — ئاقساق، چولاق.
لەۋۋات — بەچچىۋازلىق.
لۆيى — ناھايىتى ئۇستا، چىۋەر، پاراسەتلىك.
لۇتف — ياخشىلىق، رەھىمدىللىق، مەرھەممەت، مۇلايىملىق.
لىسان — تىل. لىسانۇت تەير — قۇشلار تىلى.
لىۋا — تۇغ، بايراق، ئەلەم.

## م

ماھتاب — ئايدىڭ، يورۇق كېچە.
مادە — چىشى، ئۇرغاچى.
مانەند — ئوخشاش، مىسلى، ئوخشاشلىق.
ماندە — ھارغىن، ھارماق، ھالسىزلانماق.
مايە — خۇرۇچ، ئۇل، ئوغۇت؛ ئاساس، دەسمايە؛ ئەسلى ماددىسى.
مەئاش — تىرىكچىلىك، ياشاش، مائاش، تىرىكچىلىك نەرسىلىرى.
مەبنىي — ياسالغان، پەيدا قىلىنغان.
مەبئۇس — ئەۋەتىلگەن. ۋەكىل قىلىنغان.
مەئبۇد — ئىبادەت قىلىنغۇچى، ئىبادەت قوبۇل قىلغۇچى.
مەئتەل — توختاپ قالماق. قاراپ قالماق، ئىش ئاقسىماق.
مەتلۇب — تەلەپ قىلىنغان، ئىستەلگەن.
مەھازىر — مەزە، يىمەك - ئىچمەك.
مەھر — نىكاھ ئالدىدا ئەر تەرەپتىن خوتۇنغا تۆلۈنۈشى

شەرت قىلىنغان پۇل. «مەھر» بىلەن «كابىن» بىر مەنىدە.

**مەھز** پەقەت، چوقۇم؛ نوقۇل، راسا، تازا.

**مەھشۇر** قاتاردا بولماق، چاقىرىلماق، توپلانماق.

**مەھمىل** كاجۋا؛ تۆگە ئۈستىگە ئورنىتىلىپ، ئادەم چۈشىدىغان سېۋەت.

**مەرغزار** ئوتلاق، يايلاق.

**مەرغۇب** لايىق، يېقىملىق، ياقىدىغان، سۆيۈملۈك.

**مەرفۇئ** كۆتۈرۈلگەن، يۈكسەلدۈرۈلگەن.

**مەزەممەت** ئەيىپلىك، يامان؛ خورلاش.

**مەئزۇر** ئۆزرۈلۈك، كېچىرىلگەن، ئەپۇ قىلىنغان، ئۆزرىنى ئۆزرۈلۈك ھېسابلىماق.

**مەئزۇل** ① بوشىتىلغان، ئىشىدىن قالدۇرۇلغان، خىزمەتتىن ئېلىپ تاشلانغان؛ ② يوقىتىلغان يوقالغان، كەتكەن.

**مەساھەت** يەر ئۆلچەش، تاناپلاش؛ كەزمەك.

**مەسافەت** ئارىلىق، ئۇزاقلىق، يول، مۇساپە.

**مەستۇر** يېزىلغان، قۇرلارغا (سەتىرلەرگە) كۆچۈرۈلگەن.

**مەسرۇر** خۇرسەن، خوشال.

**مەئسىيەت** گۇنا، خاتالىق، ئەيىپ.

**مەئشەر** ① كىشىلەر كۆپچۈلۈكى، جامائەت؛ ② يىغىن، يىغىلىش.

**مەشك** تۇلۇم، سوغا.

**مەشۋەرەت** كېڭەش، كېڭىشىش، مەسلىھەت.

**مەغمۇم** غەملىك، غەمكىن.

**مەئقىر** ۋاڭ-چۇڭ، ۋار-ۋۇر.

**مەقھۇر** قەھرى غەزەپكە ئۇچرىماق.

**مەللاھ** قېيىقچى، كېمىچى.

**مەلامەت** مالاللىق، كۆڭلى ئاغرىش، كۆڭلى قالماق،

سىقىلماق.

مەلەكىل مەۋت ئۆلۈم پەرىشتىسى.

مەلۇھە چىرايلىق، كىلىشكەن، خۇش رەپتار.

مەلىھ چىرايلىق، گۈزەل؛ تاتلىق، شىرىن.

مەمنۇئ مەنئى قىلىنغان، تەقىقلەنگەن.

مەنچەنەق سېپىل - قورغان ئىچىگە تاش ئاتقۇچى ياكى ئوتلۇق پومزەك ئاتقۇچى قورال، قەدىمكى زەمبىرەك.

مەنزەر ① كۆرۈنۈش، تۇرق، قىياپەت، سۈرەت؛
② نەزەر تاشلانغان جاي، كۆز چۈشكەن جاي.

مەنسۇخ بىكار قىلىنغان، ئىستېمالدىن قالدۇرۇلغان، رەد قىلىنغان.

مەۋاشى ① ئۆي ھايۋانلىرى، يۈك توشۇيدىغان چار پاي؛
② چېقىمچىلىق، كۆڭلى قارىلىق.

مەۋئىد ۋەدىلەشكەن، كېلىشىپ قويغان.

مەيسەرە سول، جۇۋانغار (قوشۇننىڭ سول قانىتى).

مەيمەنە ئوڭ، ساغ، برانغار (قوشۇننىڭ ئوڭ قانىتى).

مۇئاخەزە ئەيىپلاش، كۆڭلىگە ئېلىش، يامان ئالماق.

مۇئايەنە كۆزدىن كېچۈرۈش، قاراش، نەزەرىدىن ئۆتكۈزۈش.

مۇئەككەل ۋەكىل قىلىنغان (كىشى)، بىرەر ئىش تاپشۇرۇلغان كىشى.

مۇئەييد قوللىغۇچى، قۇۋۋەتلىگۈچى، مەدەت بەرگۈچى.

مۇبارىز يەككىمۇ يەككە ئۇرۇشقۇچى، بىرمۇبىر ئېلىشقۇچى، جەڭگىۋار.

مۇباھ رۇخسەت قىلىنغان، قىلىسىمۇ يا قىلمىسىمۇ بولىدىغان (ئىش - ھەركەت)

مۇبەررا خالى، ئازاد، خالاس قىلماق.

مۇتەئەسسىف باشقىچە قارىغۇچى، بىر تەرەپلىمە قارىغۇچى،

سۆز -چۆچەك قىلغۇچى، ئۆز پىكرىدە تۇرۇۋالغۇچى.

**مۇتەئەللىم** ئەلەم تارتقۇچى، دەرتمەن.

**مۇتەھهەرات** پاك، تازا؛ پاكلانغان، تازىلانغان.

**مۇتەھەييىر** ھەيران بولماق، تاڭ قالماق.

**مۇتەھھەرە** ئاپ-تازا، پاكىزە.

**مۇتەسەددى** باشلامچى، تەشەببۇسكار، باش بولغۇچى. ۋەلى مۇتەسەددى-پادىشاھنىڭ بىرىنچى ۋارىسى، تەخت ئىگىسى.

**مۇتەسەررىف** ئىگىلىك قىلغۇچى؛ بىرەر ئىشنى خالىغانچە بېجىرەلىغۇچى، ئىختىيارىغا ئالغۇچى.

**مۇتتەسىل** تۇتاش، ئۈزلۈكسىز.

**مۇتتەفىق** ئىتتىپاقلاشقان، مۇۋاپىقلاشقان؛ پىكىرداش.

**مۇتتەقى** تەقۋادار، پەرھىزكار، گۇناھ ئىشلاردىن ساقلانغۇچى.

**مۇتەفەررىق** بىر-بىرىدىن پەرق قىلغان؛ چېچىلغان، پارچە-پارچە، تارقاق.

**مۇئتەمەد** ئىشەنچلىك، ئېتىمادلىغ.

**مۇتەۋەتتىن** ۋەتەن تۇتقۇچى، تۇرغۇچى، تۇراقلىق، يەرلەشكەن، جايلاشقان.

**مۇترىب** ① چالغۇچى، سازەندە، ناخشىچى؛ ② ئوخشىتىشتا: زوھرا (ۋېنېرا) يۇلتۇزى.

**مۇتىئ** ئىتائەت قىلغۇچى، بويسۇنغۇچى.

**مۇجادىلە** جىدەللەشمەك، تالاش - تارتىش.

**مۇجاۋىر** تۇرغۇن، تۇراقلىق، ئۆز جايىدا دايىم ياشىغۇچى (مۇساپىرنىڭ تەتۈرسى).

**مۇجەئەد** بۇدرە (چاچ).

**مۇجەررەد** ① يالاڭغاچ، تەنھا، خالى؛ ② ئازاد؛ يەككە،

يالغۇز؛ ③ بويتاق، ئۆيلەنمىگەن.

**مۇجەررەدات** تەنھالىق، يالغۇزلۇق، بويتاقلىق.

**مۇھارىبە** ئۇرۇش، جەڭ.

**مۇھازەرە** سۆزلىمەك، گەپ قىلماق؛ نۇتۇق، دوكلاد، لېكسىيە.

**مۇھەييا** تەييار، تەييارلانغان، ھازىرلانغان.

**مۇھتەسىب** شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرگۈچى (ئىھتىساب ئەتكۈچى)؛ بازاردا جىڭ - تارازۇ، نەرقى - باھانى نازارەت قىلغۇچى.

**مۇھلىك** ھالاك قىلغۇچى، ئۆلتۈرگۈچى.

**مۇھمەل** كېرەكسىز، تاشلاندۇق؛ يارامسىز، مەنىسىز، قاملاشمىغان.

**مۇخاتىرە** خەتەرلىك، قورقۇنچلىق،

**مۇخالەفەت** ئەپلەشمەسلىك، تەتۈرسىچە قىلماق، قارشىلاشماق.

**مۇخالىئە** ئېلىپ تاشلاش، قالدۇرۇش (خىزمەتتىن)، ئورنىغا باشقىنى قويماق.

**مۇخالىف** تەتۈر، تەسكىرى، زىت.

**مۇختەلىف** ھەرخىل، تۈرلۈك - تۈمەن، پەرقلىق، ئىختىلاپلىق.

**مۇدەۋۋەر** يۇمۇلاق، دۈگىلەك.

**مۇردار** تاپ، ئۆزى ئۆلگەن ھايۋاننىڭ جەسىدى، نىجىس.

**مۇرەسسەئ** ① ئېسىل تاشلار، ئۈنچە - مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن، لەئلى - ياقۇتلار قادالغان؛ ② شېئىردا؛ ئىككى مىسرادىكى سۆزلەرنىڭ ھەر جەھەتتىن بىر - بىرىگە ماس ۋە ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى.

**مۇزاھىم** ① زەھمەتلەر، مۇشەققەتلەر؛ ② رەنجىتكۈچى، تىنچسىزلاندۇرغۇچى، تەڭلىككە سالغۇچى.

| | |
|---|---|
| مۇزەللەت | خارلىق، پەقىرلىق، ھەقىرلىق. |
| مۇزد | ئىش ھەققى، خىزمەت ھەققى؛ تۆلەم. |
| مۇسائىدە | ياردەم قىلىش، قولايلىق، ئوڭۇشلۇق. |
| مۇسەببەبۇل-ئەسباب | سەۋەبلەرنىڭ سەۋەبچىسى. مۇسەببەب—سەۋەبچى، ئەسباب—سەۋەبلەر. |
| مۇسەللەھ | قوراللىق، قوراللانغان. |
| مۇسەللەھ | ئوبدان، ياخشى، تەل-تۆكۈس. |
| مۇسەللەت | ئىلكىگە ئالغۇچى، باشقۇرغۇچى، ئۈستۈنلۈك قىلغۇچى، غالىب، ھۆكۈمران. |
| مۇستەجاب | قوبۇل بولغان، تەلىپى قوبۇل قىلىنغان. |
| مۇستەھىق | مۇناسىب، ھەقلىق. |
| مۇسەممەن | سەككىزلىك، سەككىز قىرلىق. |
| مۇسھەف | كىتاب، رىسالىلەر توپلىمى، قۇرئان. |
| مۇشابىھ | ئوخشايدىغان، ئوخشىتىلغان، ئوخشاش، شەكىلداش. |
| مۇشتەمىل | ئۆز ئىچىگە ئالغۇچى، قاپلىغۇچى، دائىر، ھەققىدە. |
| مۇشەررەف | شەرەپلەنگەن، شەرەپلىك، شەرەپكە ئىگە بولغان. بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشكەن. |
| مۇغ | ① مەجۇسى، ئوتپەرەست، ئوتقا چوقۇنغۇچى؛ ② كۆچمە مەنىس؛ مەيپۇرۇش، مەيچى. |
| مۇغەننى | نەغمىچى، ناخشىچى، سازچى. |
| مۇغىل | پايدىلىق، نەپ بېرىدىغان، ئوبدان. |
| مۇفەسسىر | تەپسىر قىلغۇچى، شەرھىلىگۈچى. |
| مۇفسىد | پاساد تېرىغۇچى، بۇزغۇچى، زىيانلىق. |
| مۇقاتىل | جەڭگىۋار، جەڭچى، كۈرەشچى. |
| مۇقەللىد | تەقلىد قىلغۇچى، دورىغۇچى. |
| مۇقەييەد | باغلانغان، بەنت قىلىنغان، تۇتۇش قىلغان، قەيد قىلىنغان. |

مۇقەييىم باھالىغۇچى، بۇدىغۇچى، قىممىتىنى چاغلىغۇچى.

مۇلايىمەت يۇمشاقلىق، مۇلايىملىق؛ مۇۋاپىقلىق.

مۇلزەم يېڭىلگەن، بەسلىشىشتە يېڭىلىپ سۈكۈت قىلغان، خىجالەتتە قالغان، ئىزا تارتقان.

مۇمىد ① مەدەدچى، كۆمەكچى، ياردەمچى؛
② سوزغۇچى، ئۇزارتقۇچى.

مۇنادىي جارچى، بىرەر خەۋەرنى توۋلاپ ئېلان قىلغۇچى.

مۇنازىئەت جاڭجال، نىزائىلاشماق، جىدەل، تالاش ـ تارتىش.

مۇنەززەھ پاك، ساپ، تازا، روشەن.

مۇنەسسىق ئىككىگە بۆلگۈچى، تەڭمۇ تەڭ بۆلگۈچى (قىلغۇچى)، ئىنساپ بىلەن ئايرىغۇچى.

مۇنەۋۋەر نۇرلۇق، روشەن، يورۇق.

مۇنشى ① كاتىب، خاتىرىلىگۈچى، دەپتەرگە يازغۇچى؛
② كۆچمە مەنىسى: ئەتارۇد (مېركۇرىي) يۇلتۇزى.

مۇنىر نۇر بەرگۈچى، يورۇتقۇچى، پارلاق. رەيى مۇنىر —روشەن پىكىر، ئۇچقۇق پىكىر.

مۇنئىم نېئمەت بەرگۈچى، رىزىق بەرگۈچى، تويدۇرغۇچى.

مۇۋائەزە ۋەز ـ نەسىھەت، ئۈگۈت.

مۇۋاخەزە سۈرۈشتۈرۈش، كەينىگە كىرىۋېلىش؛ قىيىن ـ قىستاق، تەڭلىككە سېلىش.

مۇئىززۇددەۋلە دۆلەتنىڭ ئىززىتى، دۆلەتكە (خەلىفىلىككە) ئىززەت كەلتۈرگۈچى.

موي چاچ، تۈك، موي.

مىھار تىزگىن؛ ئاغامچا؛ بۇرۇندۇق.

مىھتەر ① ئۇلۇغ، كاتتا؛ ② ئەلچى؛ ③ سۇنايچىلار باشلىقى.

مىھرگان كۆز ئايلىرىدىن بىرى، كۆز ئوتتۇرىسى؛ كۆزگى ھېيت. ئەرەبچە مىھرجان.

| | |
|---|---|
| مىساس | سىلاش، قولى بىلەن ئىشقىلاش، قولىنى تەككۈزۈش. |
| مىساق | ۋەدە، سۆزىدە تۇرماق. |
| مىسۋاك | چىش تازىلىغۇچ، چىش تازىلايدىغان مەخسۇس ياغاچ. |
| مىنقاد | بويسۇنغۇچى، ئىتائەت قىلغۇچى. |
| مىنۋال | ئۇسۇل، يوسۇن، قائىدە، ھالەت، رەۋىش. |
| مىيئاد | ۋەدىلەشمەك؛ ۋەدە جايى، پەيتى. |
| مىيانە | ئوتتۇرا، ئارا. |
| مىيل | ① تۇرا، بىر مۇساپىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان مۇنارە، لەنگەر؛ ② بايراق ۋە مۇنارە ئۈستىگە ئورنىتىلغان ئۈچلۇق قۇببە. ③ قەۋرىگە قادالغان تۇغ؛ ④ ئۈچلۈق ۋە ئۆتكۈر (نەشتەر-دەك) ئەسۋاب؛ ⑤ كۆزگە سۈرمە تارتىدىغان پەلكۈچ. |

## ن

| | |
|---|---|
| نابىينا | كۆرمەس، كۆرمىگۈچى. |
| نابىكار | ئوسال، ئەسكى، يامان؛ پايدىسى يوق. |
| ناپەيدا | كۆرۈنمەس، ئېنىقسىز، تۇتۇق، مەخپى، يوشۇرۇن. |
| ناتىق | سۆزلىگۈچى، نۇتۇقچى. |
| ناچىز | كەم، كەمتۈك؛ بىچارە. |
| نازىل | چۈشكەن، ئىنگەن. |
| ناسەزا | نالايىق، نامۇناسىپ؛ ناپا؛ كەمسىتمەك. |
| ناسۇفتە | قول تەگمىگەن، پاكىزە، تىشىلمىگەن. |
| ناسپاس | شۇكرسىزلىق، مىننەتدار بولماسلىق. |

**نافه** ئىپار، مۇشك، خۇشبۇيلۇق.

**ناقىس** نۇقسانلىق، كەمچىلىكى بار، چولتا.

**ناكار** يارامسىز، ئىشقا يارىماس، تەسىرسىز.

**نامەشرۇئ** شەرىئەتكە سىغمايدىغان، ناتوغرى، قانۇنسىز.

**نامزەد** بىر كىمگە بېغىشلىغان، ئۇنۇتۇپ قويۇلغان؛ ئالدىن بەلگىلەنگەن.

**نامۇراد** تىلىكىگە يېتەلمىگەن، مەھرۇم؛ ئىلاجىسىز، بىچارە.

**نايىب** ئورنىنى باسقۇچى، ئىز باسار.

**نەبەتىيان** نەبەتىلەر (مىلادىدىن ئىلگىرى ئىران ۋە پەلەستىننىڭ جەنۇبىدا ياشىغان بىر مىللەت.)

**نەبۇۋۋەت** پەيغەمبەرلىك.

**نەجەششۇئ** ئاچكۆز، تويماس.

**نەجەند** غەمكىن، مۇڭلۇق، قايغۇلۇق، سولغىن؛ ئاچچىق.

**نەھار** كۈندۈز؛ ئەتىگەنلىك غىزا.

**نەھجەت** يورۇق، روشەن.

**نەھىق** ئورۇق، ئاۋاق، نىمجان.

**نەدىم** يېقىن خىزمەتكار، ھەمسۆھبەت.

**نەر** ئەركەك (ھايۋاننىڭ ئەركىكى)

**نەززارە** ① قاراش، كۆز سېلىش، نەزەر سېلىش؛ ② تاماشا.

**نەزىير** ئوخشاش، ئوخشايدىغان.

**نەسر** ① تىزىلمىغان، تارقاق؛ چاچما، پىروزا؛ ② قۇرغۇي؛ ③ ياردەم، كۆمەك؛ زەپەر، غەلىبە.

**نەشات** سۆيۈنمەك، خوش بولماق.

**نەقبە** تۆشۈك، لەخمە.

**نەقدىنە** نەق پۇل؛ قىممەتلىك مال.

**نەۋازىش** ياخشىلىق قىلىش، ئىلتىپات، مەرھەممەت

قىلىش؛ ئەركىلەش.

**نەۋاقىل** نورمىدىن تاشقىرى ئىشلار، ئىختىيارى ئۆتىلىدىغان ۋەزىپىلەر.

**نەۋبەر** ياش نوتا، يېڭى كۆكلەۋاتقان دەرەخ - قىيا.

**نەۋرەش** يېڭى ئۆسۈۋاتقان، ياش.

**نەۋئە** خىل، تۈر، ياڭزا.

**نەۋئى** بىر ئاز، ئازراق. ئانچە-مۇنچە.

**نەۋيسەندە** خەت يازغۇچى، كاتىپ.

**نۆجۇم** يۇلتۇزلار.

**نۆكتە** نازۇك مەنىلىك سۆز، مەنىسى چوڭقۇر ۋە چىرايلىق سۆز.

**نىتەئ** چەم سۇپۇرا (كاللىسىنى كېسەر چاغدا گۇناھكار ئولتۇرىدىغان جاي.

**نىدا** قىچقىرىق، چاقىرىق، ئۈندەش.

**نىزائ** تالاش - تارتىش، مۇنازىرە.

**نىسار** پىدا بولماق؛ بېغىشلىماق، جاچماق، چاچقۇ.

**نىست** يوقالغان، يوق، نابۇد.

**نىشات** سۆيۈنۈش، خوش.

**نىشىن** سۆز بىرىكمىسىدە «ئولتۇرغۇچى، ياشىغۇچى» مەنىلىرىدە كېلىدۇ: تەخت نىشىن— تەختتە ئولتۇرغۇچى؛ سەھرا نىشىن— سەھرادا ياشىغۇچى؛ خىلۋەت نىشىن— خىلۋەتتە ئولتۇرغۇچى؛ مەسنەد نىشىن— ئەمەلدار.

**نىگاھبان** قاراۋۇل، كۆزەتچى، ساقلىغۇچى، ئىدارە قىلغۇچى.

**نېك** ياخشى، چىرايلىق.

**نېكۆكار** ياخشى ئىش قىلغۇچى، ئوبدان ئەمەل قىلغۇچى، توغرا ئىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى.

## ۋ

**ۋاجىبات** ۋاجىبلار، بىجىرىلىشى زۆرۈر بولغان ئىش-ئەمەل، ئورۇنلاشقا تېگىشلىك.

**ۋارىد** كەلتۈرۈلگەن، كېلىدىغان، يېتىپ كەلگەن، كېلىشكە تېگىشلىك بولغان.

**ۋالە** مەپتۇن، بېشى ئايلانغان.

**ۋاۋىلە** ۋاقىرىماق، چۇقان سالماق.

**ۋەجەھ** ئۇدۇل، يۈزتۇرا.

**ۋەرزىش** ئادەت، كۆنۈكۈش، مەشق.

**ۋەزىئ** تۇۋەن، پەس؛ ئاددى خەلق.

**ۋەزىفە** مائاش، ئايلىق، نەفەقە.

**ۋەسىئ** كەڭ.

**ۋەسى** ۋەسىيەتنى ئىجرا قىلىشقا بەلگىلەنگەن كىشى، ۋەسىيەتنى ئىجرا قىلغۇچى.

**ۋەفد** ۋەكىللەر ئۆمىكى، ئەلچىلەر ئۆمىكى.

**ۋۇرنا مەئدۇد** سانالغان چرايلىق، ساناقلىق يىگىت، ئالدىنقى قاتاردىكى.

**ۋۇقۇئ** بىرەر ئىش ياكى نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى، پەيدا بولۇش، ۋۇجۇدقا چىقىش.

**ۋىسالە** ۋاستە، سەۋەب؛ ياخشى ئەمەل بىلەن خۇدانى خۇرسەن قىلماق.

## ئۇ

**ئۇجرە** ئىش ھەققى، ئايلىق، ئەجىر.

**ئۇرزە** نىشان، مەقسەد، نىيەت.

**ئۇزلەت** چېكىنىش، كىشىلەردىن چەتلەشمەك،

يالغۇزلۇقنى خاھلاش.

ئۇمەرا — ئەمىرلەر، بەگلەر.

ئۇممي — ئوقۇش - يېزىشنى بىلمىگەن، ساۋاتسىز.

ئۇنس — يېقىنلىق، چىن دوستلۇق، ئۇلپەت.

ئۇقىيە — پۇل بىرلىكى— 12 دىرھەمگە تەڭ، ياكى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى— 37.4 گرام.

## ئى

ئىبا — تارتىنىش، قورۇقۇش.

ئىبتىلا — مۇبتەلالىق، دۇچ كەلمەك، ئۇچراش، بېرىلىش.

ئىتاب — قەھر، غەزەپ، ئاچچىق، قىيناق.

ئىتمام — تاماملاش، تۈگەش، تۈگىتىش، پۈتكۈزۈش.

ئىئتىماد — ئىشەنمەك، تايانماق؛ ئىشەنچ، تايانچ.

ئىجمالەن — ئومۇمەن، ئومۇمەن ئالغاندا، قىسقىچە.

ئىھتىساب — ھىساب ئالماق، تەھقىقلەش، تەكشۈرۈش.

ئىھتىمام — تىرىشماق، غەيرەت قىلماق، ئەھمىيەت بەرمەك.

ئىھرام — چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلماسلىق؛ ھەج قىلغۇچىلار ھەجنى نىيەت قىلىپ (ھەرەمگە كىرىشتىن ئىلگىرى) ئۇچىسىغا ئارتىۋالىدىغان (تىكىلمىگەن) يېپىنچا.

ئىخراج — خارىج قىلىش، چىقىرىش، ھەيدەش، سۈرۈش.

ئىزدىھام — چۆكمەك، يوقاپ كەتمەك.

ئىستىخارە — چۈش ئارقىلىق پال كۆرمەك؛ يەنى كۆڭلىدىكى مەقسەدنىڭ ھاسىل بولۇش ياكى بولماسلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، تۈش كۆرۈشنى نىيەت قىلىپ ئۇخلاش.

ئىستىسقا — ①قېرىنغا سۇ چۈشۈش (سۇ يىغىلىش كېسىلى)؛

② يۆل - يېغىن تىلەش.

ئىستىقامەت تۈرغۇنلۇق، ساقلىق؛ چىدام، چىداملىق.

ئىستىلاھ ئاتالغۇ، تېرمىن.

ئىسناد نىسبەت قىلماق، ئىشەنمەك، تايانماق؛ قىلغان دەپ بىلمەك، يېپ ئۇچى ھېسابلىماق.

ئىقاب كاشىلا، توسۇق، ئاقىبەت.

ئىقتىدام ئەگەشكۈچى، چاقىرىلغۇچى؛ قەدەم يوللىرى، يۈرۈشلىرى.

ئىناد قېيسەرلىق، بويۇن تاۋلىق، گەدەنكەشلىك.

ئىنتىقال كۆچمەك؛ ئۆلمەك، كۆچۈرمەك، يۆتكىمەك.

ئىنقىياد بويسۇنماق، ئىگىلمەك، بېرىلمەك.

ئىيدگاھ ھېيت - بايرام بولىدىغان جاي.

ئىيسار بېغىشلاش، تۇتۇش، بېرىۋەتمەك.

ئىۋەز ئورنىنى باسىدىغان، تەڭ قىممەتلىك، ئەجرى ئۆچۈن، بەدەل.

ئىيال خوتۇن، بالا - چاقا، ئائىلە.

## ي

يارغار ئايرىلماس دوست، ھەمرا.

يارلىقار ئەپۇ قىلماق، كەچۈرمەك.

ياژىندەۋاستا زەرەۇشتىنىڭ مۇقەددەس كىتابى. ئۇ بىر قانچە قىسىم بولغان «گاتاھا» (قىسمەت - تەقدىر توغرىسىدا)، «شامىل سۇرۇدھا» (تىگشلىك ناخشا-قوشاقلار)، «ياسنا يايىسنا» (تەكەللۇپلەر ھەققىدە)، «نەدىدا» (زىدلىق قانۇنلىرى)، «خوردا ئاۋىستا» (مەخسۇس دۇئالار) ۋە باشقىلار. بۇنى «ئاۋىستا»، «ئابىستان»، «ۋۇستا»،